# شەرقىي تۈركىستان
# تارىخى

مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا

محترم غلام الدين پختا اكا غا
تەقدىم
عبد الجليل توران
15-12-1998
استانبول.


ABDULCELİL TURAN
Yenidoğan Mh. 41 Sk. No.7/4
Zeytinburnu - İSTANBUL
Tel. / Fax: 0212.679 03 70



FROM THE LIBRARY OF
EAST TURKISTAN NATL RESEARCH CENTER INC
GULAMETTIN PAHTA



Gulamettin Pahta
1810-17 Front Str
East Meadow
New York - 11554 USA


ياۋروپا ھۇن ئىمپېراتورلۇقى


غەربىي ھۇن ئىمپېراتورلۇقى


بۈيۈك ھۇن ئىمپېراتورلۇقى


ئاۋار ئىمپېراتورلۇقى


كۆكتۈرك ئىمپېراتورلۇقى


ئاق ھۇن ئىمپېراتورلۇقى


قاراخانىلار دۆلىتى


ئۇيغۇر دۆلىتى


ھازار ئىمپېراتورلۇقى


خارەزىمشاھلار دۆلىتى


بۈيۈك سالجۇق ئىمپېراتورلۇقى


غەزنىلار دۆلىتى


شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى


بۈيۈك تۆمۈر ئىمپېراتورلۇقى


ئالتۇن ئوردو دۆلىتى

تارىخ بويىچە قۇرۇلغان مۇستەقىل دۆلەتلىرىمىزنىڭ شەرقىي تۈركىستان ئاسمىنىدا
لەپىلدىگەن شانلىق بايراقلىرى



**مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا**

ئۈرۈمچى، 1948 - يىلى

(رەسىمنى «نيۇيورك تايمىس» گېزىتى مۇخبىرى Frank Robertson تارتقان).

(١٢٧)

# شرقی تورکستان نینگ ملی انقلابی توگادیمو یا دوام قیلماقده مو

بو سوال نینگ جوابیده - شرقی تورکستان اهالیسی نینگ روحیاتی نی تدقیق
اتمگان و بو انقلاب نینگ نتیجه سیده عموماً اهالی نینگ یوراکی ده یرلاشگان
حسیات دین خبر تاپمغان و یا که دنیا ملتلری نینگ تاریخی نی بیلمگان
کشی لر (( توگادی )) دیب جواب بیرادور . چونکه بولر فقط
کوز نی کورونوش ده شرقی تورکستان اهالی نینگ توبیده یراغ یوقلوقی نی
و دشمن نینگ تاپرقوتنی کورمکده دورلر و بو سبب دین اهالی نینگ هیچ
بر حرکتغه قدرتی یوق حالده تقدیرغه بویون اگیب تورغانی نی انقلاب
نینگ توگاگانی دیب حکم قیلماقده دورلر . وحالانکه کونلرده دشمن
نینگ هم یانغان پروپاگنده و هم تاریخ تدهیش لر بیلان اهالی نینگ روحیاتی
نازپرلانگ و ملی استعدادلری نی یوق اتماک اوچون فعالیت ده بولغانی
و ملت نینگ خواهیا اجتماعی و خواه سیاسی حقوقی نی طلب قیلماقیغه
هیچ امکان برمگانی بو دعوانی بر دلیل صورتی ده کورونمکده دور ،
وینه شرقی تورکستان نی تورت طرفی دین دنیا نینگ آتش انگیز تاغلری
و آتش یالین چول لری احاطه قیلغانی و هیچ بر تنگیزغه یا قیس ایماسلیکی
و تورو غدین هم مدنی مملکتلرگه اوزاق توشگانی دین عبارت

(٧٧٦)

رنینگ موجود بولغانی بو یورت وملت نینگ غایت نورانی و سعادتلیک
بیر مستقبل غه قاووشماقی نینگ آچ بیر عاملی دور وبولرنینگ خواهیشا
خارجده وخواهی داخلده ملکی بولغان قدر درست حرکتده بولغانلری
وبو حرکات رعموسی اهالی نینگ یوتاریتی مستحکم ایمانی وحسیاتی غه قوشولوب
غایت نوما و نهایت فایده لیغ بیر انقلاب حرکتی دور
معلوم بولندی که شرقی تورکستان نینگ انقلابی توکامدی وتمار نقلاد
نعمتی حاصل بولغونچه بو انقلاب نینگ توکاملی امکانسیز دور

اولوغ وقادر تنگریمیز دین بو فلاکت زده
بنده لرگه رحمت ونصرت و
دشمنلرگه غضب
و هزیمت
تیلایمیز

آ ح محمد امین

٩ ربیع الاول ١٣٥٩ پنجشنبه - ١٩٤٠ م ١٨ - اپریل -

I

# شەرقىي تۈركىستان تارىخى

مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا

كابۇل، 1940

**شەرقىي تۈركىستان مىللىي ئازاتلىق كۈرىشىنىڭ رەھبەرلىرىدىن**

**مەرھۇم مەھەممەد ئىمىن بۇغرا نىڭ**

**بۇ ئەسەرى، 1987 ـ يىلى ئەنقەرە نەشرىگە ئاساسەن**

**دوختۇر مەھەممەد ياقۇپ بۇغرا تەرىپىدىن**

**ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئىملاسى بىلەن نەشرقىلىنىپ، تارقىتىلدى.**

تىرازى: 2000 ـ 1

1989 ئەنقەرە

# بۇ كىتاب
# يۇرت ۋە مىللەت
# يولىدا جېنىنى ۋە مېلىنى
# ئايىمىغان ۋەتەنپەرۋەر لەرگە
# بېغىشلاندى.

| | |
|---|---|
| بىرىنچى نەشرى | كەشمىر، 1941 - يىلى |
| مىللىي ئىنقىلاب قىسمى | كەشمىر، 1970 - يىلى |
| تولۇقلانغان نەشرى | ئەنقەرە، 1987 - يىلى |
| كىرىل ھەرپلىرى بىلەن كۆچۈرۈلگەن نەشرى | ئالمائاتا، 1991- يىلى |
| ھازىرقى زامان ئۇيغۇرچە نەشرى | ئەنقەرە، 1998 - يىلى |

( مۇئەللىپىنىڭ رۇخسىتىسىز بېسىشقا ۋە تەرجىمە قىلىشقا بولمايدۇ ).

## مۇندەرىجە

مۇئەللىپنىڭ كىرىش سۆزى ............................................ (xiv)
پايدىلانغان مەنبە ئەسەرلەر ..........................................(xx)
تولۇقلانغان نەشرىگە كىرىش سۆز ..........................................(xxii)
مۇئەللىپنىڭ تەرجىمەھالى ............................................. (xxiii).
تەقرىزلار (بېغىشلىما) ............................................ . (xxxiii).
كىرىل ھەرپلىرى بىلەن كۆچۈرگۈچىدىن كىرىش سۆز ......................(xxxvi)
ھازىرقى زامان ئۇيغۇرچە نەشرىگە كىرىش سۆز ..........................(xxxvii)

بىرىنچى باب: **ئومۇمىي تارىخ**

بىرىنچى بۆلۈم :
**ئومۇمىي تارىخنىڭ بىر خۇلاسەسى(1)**
1 ـ پەسىل. **تارىخ ئىلمىنىڭ ماھىيىتى (2)**
2 ـ پەسىل. **ئىنسان ئومۇمىي تارىخىنىڭ باشلىنىشى(3)**
ئىككىنچى بۆلۈم:
**تۈرك ئومۇمىي تارىخىنىڭ بىر خۇلاسەسى**
1 ـ پەسىل. **تۈرك تارىخىنىڭ باشلانغۇچى(8)**
2 ـ پەسىل. **تۈركلەرنىڭ مەدەن دەۋرىدىكى مەدەنىيەتى(10)**
3 ـ پەسىل. **تۈركلەرنىڭ ئومۇمىي كۆچۈش دەۋرى (13)**
4 ـ پەسىل. **كۆچۈش دەۋرىدىن كېيىنكى تۈرك ئانا يۇرتى(16)**
قەدىمكى تۈركلەردە يېزىق، (17) قەدىمكى تۈركلەردە تەشكىلات، (18) قەدىمكى تۈركلەردە ھوقۇق، (58)قەدىمكى تۈركلەردە دىن(60)

ئىككىنچى باب: **شەرقىي تۈركىستاننىڭ خۇسۇسى تارىخى**
**شەرقىي تۈركىستاننىڭ قىسقىچە جۇغراپىيىسى (27)**
بىرىنچى بۆلۈم :
**رىۋايەتلەر ۋە ئەدەبىي ئەسەرلەردە شەرقىي تۈركىستاننىڭ قەدىمكى تارىخى(29)**
ئىران رىۋايەتلىرى، (30) ئاسۇر رىۋايەتلىرى، (31) يۇنان رىۋايەتلىرى، (32) ھىندىستان رىۋايەتلىرى، (34) تۈرك رىۋايەتلىرى، (36) تەنقىت ۋە مۇھاكىمە، (38) خۇلاسە، (42) ئاپراسىياپ مەرسىيەسى (43)

ئىككىنچى بۆلۈم:
**ئىسكەندەر دەۋرىدىن تارتىپ هۇن دەۋرىگىچە شەرقىي تۈركىستان** (49)
ئۈچىنچى بۆلۈم :
**شەرقىي تۈركىستاننىڭ هۇن ئىتتىپاقىغا قوشۇلغاندىن تارتىپ ئىسلامغىچە بولغان دەۋرى** (49)
1 ـ پەسىل. **بۈيۈك هۇن ئىمپېراتورلۇقى** (49)
هۇن دۆلىتىنىڭ كېڭەيگەنلىكى، (50) چىن ئۇرۇشى، (51) ياۋچى ئۇرۇشى، (52) ئوغۇزخان ۋاپات قىلغاندىن كېيىنكى ۋەقەلەر، (53) چىن هۆكۈمىتىنىڭ هۇنلارغا قارشى ئېلىپ بارغان سىياسىتى ۋە هۇن ـ چىن ئۇرۇشى، (53) هۇن دۆلىتىدىكى ئىچكى قالايمىقانچىلىقلەر، (55) هۇن تەڭرىقۇتىنىڭ چىننى مەغلۇپ قىلغانلىقى، (56) هۇن دۆلىتىنىڭ ئىككىگە بۆلۈنگەنلىكى، (57) هۇن دۆلىتىنىڭ ماهىيىتى، (58) هۇنلار دە دىنى ئېتىقاد، (60).
2 ـ پەسىل. **هۇن دۆلىتى دەۋرىدە شەرقىي تۈركىستان** (60)
چىننىڭ شەرقىي تۈركىستانغا بىرىنچى قېتىم تاجاۋۇز قىلغانلىقى ۋە مەغلۇپ بولغانلىقى، (61) چىننىڭ شەرقىي تۈركىستاننى بىرىنچى قېتىم بېسىۋالغانلىقى، (62) شەرقىي تۈركىستاننىڭ چىن ئىستېلاسىدىن قۇتۇلغانلىقى، (62) ئالتە ـ شەهىرخانلىرى ئوتتۇرىسىدا ئىختىلاپ، (62) شەرقىي تۈركىستان بىلەن چىن ئوتتۇرىسىدا 30 يىل داۋام قىلغان ئۇرۇش(63)
3 ـ پەسىل. **قۇشخان (كۇشان) ئىمپېراتورلۇقى**(66)
ئالتە شەهەرنىڭ قۇشخان ئىمپېراتورلۇقىغا قوشۇلغانلىقى، (67) قۇشخانلار دەۋرىدە شەرقىي تۈركىستاندا دىن ۋە مەدەنىيەت، (68) شەرقىي تۈركىستاندا قۇشخانلارنىڭ تەسىرى يوقولۇپ خانلارنىڭ مۇستەقىل بولغانلىقى (70)
4ـ پەسىل. **سيانپى بىرلەشمە دۆلىتى**(70)
چىن ئىستېلاسىدىن سيانپى ئىتتىپاقىغا ئۆتۈش ئارىلىقىدىكى دەۋردە شەرقىي تۈركىستاننىڭ شەرق ۋە شىمال قىسىملىرى، (70) سيانپى تۈركلىرىنىڭ ئىستىقلالى ۋە شەرقىي تۈركىستان، (71) شەرقىي تۈركىستاندىكى خانلىقلارنىڭ ئىستىقلالى (72)
5 ـ پەسىل. **تۇبا تۈرك دۆلىتى** (73)
قۇجۇ ۋە ئالتە شەهەرخانلىقلىرىنىڭ تۇبا ئىمپېراتورلۇقىغا قوشۇلغانلىقى، (74) تۇبا تۈركلىرى مەدەنىيىتى(74)
6 ـ پەسىل. **جۇجان ـ تاتار ئىمپېراتورلۇقى**(74)
تۇلۇن قاغانىنىڭ شەرقىي ۋە غەربىي تۈركىستاننى ئالغانلىقى (75)
7 ـ پەسىل. **يەپتىل(هەفتال) ئىمپېراتورلۇقى**(76)
شەرقىي تۈركىستاننىڭ يەپتىل دۆلىتىگە تەۋە بولغانلىقى(77)
**8 ـ پەسىل. كۆكتۈرك دۆلىتى(77)**
شەرقىي تۈركىستاننىڭ كۆكتۈرك ئىتتىپاقىغا قېتىلغانلىقى، (78) قاغاننىڭ قوشنا دۆلەتلەر بىلەن مۇناسىۋىتى، (79)

كۆكتۈرك دۆلىتىنىڭ ئىككىگە بۆلۈنۈشى، ئىككى كۆكتۈرك دۆلىتى ئارىسىدا چىن بۈزغۇنچىلىقى نەتىجىسىدە يۈز بەرگەن ھادىسىلەر، (81) شەرقىي كۆكتۈرك دۆلىتى ۋە چىن ، (82) شەرقىي كۆكتۈرك دۆلىتىنىڭ يىقىلىشى، (83) غەربىي كۆكتۈرك دۆلىتىدە ئىچكى ئۇرۇش ۋە چىن تاجاۋۇزى، (84) غەربىي كۆكتۈرك قاغانىنىڭ ئىران شاھى يەزدىگەرد بىلەن بىرلىشىپ ئىسلام لەشكەرلىرى بىلەن ئۇرۇشقانلىقى، (85) غەربىي كۆكتۈركلەر نىڭ يېڭىدىن كۈچلەنگەنلىگى، (85) غەربىي كۆكتۈرك دۆلىتىنىڭ يىقىلىشى ۋە تۈركىستانغا چىن تاجاۋۇزى، (86) شەرقىي تۈركىستاننىڭ جەنۇبىي قىسىملىرىغا تىبەتلىكلەرنىڭ تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشى (88)

9 ـ پەسىل. **قۇتلۇق ۋە تۈركەش دۆلەتلىرى (88)**

كۆك تۈرك دۆلىتىنىڭ تىرىلىشى، (88)شەرقتە قۇتلۇق دۆلىتى، (88) غەربتە تۈركەش دۆلىتى، (89) قۇتلۇق ۋە تۈركەش دۆلەتلىرىنىڭ بىرلەشكەنلىكى ۋە تۈركىستاننىڭ چىن ئاسارىتىدىن قۇتۇلغانلىقى، (90) تۈرك قۇتلۇق دۆلىتى بىلەن ئىسلام ئەمىرلىرى ئوتتۇرىسىدا يۈزبەرگەن ۋەقەلەر، (90) قۇتەيبەبىن مۇسلىم، مۇھەللەب بىن ئەبى سەفرە،(91) بىر تارىخىي ھەقىقەت، (95) يەنە بىرتارىخىي ھەقىقەت، (85) شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئىچكىي ۋەقەلىرى، (96) كۆكتۈرك دۆلىتىنىڭ سىياسىي ئىجتىمائىي ئەھۋاللىرى ۋە مەدەنىيەت ئەسەرلىرى، (97) ئىچكىي سىياسەت. (97) دۆلەت تەشكىلاتى، (98) ئۇرپ ـ ئادەت ۋە ئەخلاق، (99) ھۆنەر ـ سانائەت، (100) تىجارەت، (101) دىن، (101) ئۇرخۇن ئابىدەلىرى(102)

10 ـ پەسىل. **شەرقىي تۈركىستاندا ئىككىنچى تۈركەش دۆلىتى(103)**

سۇلۇقاغانىنىڭ ئەرەب ئەسكەرلىرى بىلەن سوقۇشقانلىقى، (104) سۇلۇقاغانىنىڭ ۋاپاتى ۋە تۈركەشلەر دە ئىچكىي ئىختىلاپلار(120)

11 ـ پەسىل. **شەرقىي تۈركىستانغا يەنە چىن ئىستىلاسى(111)**

12 ـ پەسىل. **شەرقىي تۈركىستاننىڭ چىن ئىستىلاسىدىن قۇتۇلغانلىقى ۋە مىڭ يىلغىچە چىن تاجاۋۇزىدىن خاتىرجەم بولغانلىقى(112)**

13 ـ پەسىل. **قارلۇق دۆلىتى (112)**

14 ـ پەسىل. **ئالتى شەھەر ۋە قۇچۇدىكى مۇستەقىل دۆلەتلەر ۋە كىچىك خانلىقلار(114)**

15 ـ پەسىل. **ئالتى شەھەردە تىبەتلىكلەر نىڭ ئىككىنچى قېتىملىق ئىستىلاسى ۋە بۇ ئىستىلادىن قۇتۇلۇشى(115)**

16 ـ پەسىل. **شەرقىي ئۇيغۇر دۆلىتى(115)**

شەرقىي ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ يىقىلىشى، (117) شەرقىي ئۇيغۇر لارنىڭ دىنى، (118) شەرقىي ئۇيغورلارنىڭ مەدەنىيىتى، (119) ئۇيغۇريېزىقى(121)

17 ـ پەسىل. **قەدىمكى زامانلار دىكى تۈرك ۋە چىن سىياسەتلىرى ھەققىدە(124)**

تۈرك سىياسىتى، (124) چىن سىياسىتى127)

تۆرتىنچى بۆلۈم :

**قاراخانىلار دەۋرىدىن موغۇل دەۋرىگىچە شەرقىي تۈركىستان (129)**

1 ـ پەسىل. **قاراخانىلار دۆلىتى (129)**

قۇرۇلىشى، (129) دۆلەتنىڭ كېڭەيگەنلىكى، (130) شەرقىي تۈركىستاندا ئىسلامىيەتنىڭ تارقىلىشى، (131) سۇتۇق بۇغرا خاننىڭ غازاتلىرى، (132) مۇسا بۇغراخان، (133) هارۇن بۇغراخان، (134) غەربىي تۈركىستاننىڭ قاراخانىلار دۆلىتىگە قېتىلغانلىقى، (134) قاراخان يۈسۈپ قېدىرخان، (136) سامانى دۆلىتىنىڭ مۇنقەرىز بولۇشى، (137) ئەلى تېكىن ئىلىكخان بىلەن سامانىلاردىن مۇنتاسىر ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇش، (138) ئىلىكخان بىلەن سۇلتان مەھمۇد ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇش(138) قاراخان يۇسۇپ قېدىرخان بىلەن سۇلتان مەھمۇد ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇش ، (139) توغان ئىلىخان ۋە خىتاي ئۇرۇشى، (141) ئىلىكخان ئاتالغۇسى ئۈستىدە تەتقىق، (142) ئىلىكخانلارنىڭ قاراخانىلارغا ئاسىلىق قىلغانلىقى، (145) قاراخان يۈسۈپ قېدىرخاننىڭ سۇلتان مەھمۇد بىلەن كۆرۈشكەنلىكى، (145) ئەلى تېكىن ئىلىكخاننىڭ ئىككىنچى ئىسيانى، (147) سەلجۇق ئوغۇللىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا تىگىشلىك تارىخچىسى، (149) قاراخان يۈسۈپ قەدىرخان ۋە ئەلى تېكىن ئىلىكخاننىڭ ۋاپاتى، (151) قاراخانىلار دۆلىتىنىڭ ئىككىگە بۆلۈنگەنلىكى، (152) ئىككىنچى هارۇن بۇغرا خاننىڭ قاراخانلىق دەۋرىدىكى ۋەقەلەر ، (153) قاراخانىلار دۆلىتىنىڭ يىقىلىشى، (155) قاراخانىلار دەۋرىدە ئىدارىي ۋە ئەسكىرىي تەشكىلات، (156) قاراخانىلار دەۋرىدە شەرقىي ۋە غەربىي تۈركىستاننىڭ مەدەنىيەت، ئىلىم ـ پەن، سانائەت، تىجارەت، ئاۋاتلىق ۋە تېرىلغۇ ئىشلىرى، (158) قاراخانىلار دەۋرىدە شەرەپ ئۇنۋانلىرى، (163) قاراخانىلار دەۋرىدە تۈركلۈك ۋە تۈرك ئەدەبىياتى، (164) قاراخانىلار دۆلىتىنىڭ زاماندىش باشقا دۆلەتلەر ئارىسىدىكى سىياسىي ئورنى، (166) قاراخانىلار ۋە بۇلار دىن بۇرۇنقى بۈيۈك تۈرك دۆلەتلىرىنىڭ يىقىلىشلىرىدىكى سەۋەپلەر توغرىسىدا قاراش(167)

2 ـ پەسىل. **شەرقىي ۋە غەربىي تۈركىستاندا قاراختاي دۆلىتى(168)**

قاراختايلارنىڭ شەرقىي ۋە غەربىي تۈركىستاننى ئىستېلا قىلغانلىقى، (170) گوبىلىڭ، گۇيىاڭ خاتۇن ۋە تىرىگ خانلار نىڭ گۇرخان بولغانلىقلىرى، (172) ئىدىقۇت ۋە قىلىچخانلارنىڭ چىڭگىزخانغا تەۋە بولىشى(176) قاراختاي دۆلىتىنىڭ يىقىلىشى،(177) كۈچلۈك دىگەن كىم؟ ۋە ئۇنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا كېلىشىنىڭ سەۋەبى، (178) بىر تارىخى ئۇيدۇرما توغرىسىدا، (180) قاراختاي دۆلىتىنىڭ تەشكىلاتى(183)

بەشىنچى بۆلۈم: **شەرقىي تۈركىستاندا موغۇل دەۋرى**

1 ـ پەسىل. **چىڭگىزخاننىڭ شەرقىي تۈركىستاننى ئىستېلاقىلىشى (184)**

شەرقىي تۈركىستاننىڭ چىڭگىزخان دەۋرىدىكى ئەھۋالى، (186) چىڭگىزخان ئۆلگەندىن كېيىنكى شەرقىي تۈركىستان (186)

2 ـ پەسىل. **چاغاتاي خاندانى دۆلىتى(187)**

شەرقىي تۈركىستاندا ئۆكتاي خاندانىنىڭ هۆكۈمرانلىقى، (188) شەرقىي تۈركىستاننىڭ يەنە چاغاتايلارغا تەۋە

بولغانلىقى. (188) مۇستەقىل چاغاتاي دۆلىتىنىڭ قۇرۇلغانلىقى، (191) تۇغلۇق تۆمۈرنىڭ خان بولغانلىقى، (192) تۇغلۇق تۆمۈر خاننىڭ غەربىي تۈركىستاننى ئالغانلىقى، (193) تۆمۈربەگ ئىسيانى، (196) تاشكۆۋرۈك ئۇرۇشى. (197) ئىلياس غوجا ئوغلاننىڭ خان بولغانلىقى، (193) شەرقىي تۈركىستاندا ئىسيان، (200) شەرقىي تۈركىستان هۆكۈمدارلىرى ۋە تۆمۈربەگ ئوتتۇرىسىدا 10 يىل داۋام قىلغان ئۇرۇش، (202) خىزىر غوجا ئوغلاننىڭ خان بولغانلىقى ۋە شەرقىي تۈركىستاندا بىرلىك، (205) قەمرىددىن بەگنىڭ توختامىش خان بىلەن ئىتتىپاق تۈزگەنلىكى، (205) شەرقىي تۈركىستاندا ئىچكىي ئىختىلاپ ۋە قەمرىددىن بەگنىڭ ۋاپاتى، (207) تۆمۈربەگنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا تاجاۋۇزى، (208) خىزىر خوجاخاننىڭ ئىجرا قىلغان ئىشلىرى(209)، تۆمۈر بەگنىڭ ئۆلۈمى (211) شىرمەھەممەد خاننىڭ خان بولغانلىقى، (213) شىرمەھەممەد ۋە ئۇلۇغبەگ مىرزا ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇش. (214) ئۇۋەيسخاننىڭ خان بولغانلىقى، (216) ئۇچىنچى ئەسەن بوغاخان ۋە ئۇنىڭ پەرغانە نى ئالغانلىقى. (219) يۇنۇس خاننىڭ خان بولغانلىقى(221) يۇنۇس خاننىڭ ئېلىپ بارغان ئۇرۇشلىرى ۋە تاشكەنتنى پايتەخت قىلغانلىقى. (223) سۇلتان يۇنۇس خاننىڭ مەدەنىيەت ئۈچۈن قىلغان ئىككى مۇھىم خىزمىتى، (221) مەھمۇد خاننىڭ خان بولغانلىقى، (222) سۇلتان مەھمۇدنىڭ گورگانلار بىلەن ئېلىپ بارغان ئۇرۇشلىرى، (224) مەھەممەد شىبانى خاننىڭ خىيانىتى، (226) سۇلتان مەھمۇدنىڭ بابۇرمىرزا بىلەن مۇناسىۋىتى، (227) قەشقەر ئۇرۇشى ۋە ئابابەكرى مىرزىنىڭ ئۈچىنى ئالغانلىقى، (228) سۇلتان مەھمۇدنىڭ شىبانى خانغا قارشى پائالىيەتلىرى، (229) شىبانى خاننىڭ تاشكەنتنى بېسىۋېلىشى، (230)خانلارنىڭ ئەسىرلىكتىن قۇتۇلغانلىقى، ئالاچەخاننىڭ ۋاپاتى ۋە شەرقىي تۈركىستاندا ئىنقىلاب، (231) سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ شېھىت بولغاندىن كېيىنكى ۋەقەلەر، (232) شەرقىي تۈركىستاندا چاغاتاي دۆلىتىنىڭ يىقىلىشى، (233) چاغاتاي دەۋرىدە شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئىجتىمائىي، ئىداري ۋە تەشكىلى ئەھۋاللىرى (234)

3 ـ پەسىل. **ئالتە شەھەر دۇغلات هۆكۈمدارلىرىنىڭ تارىخچىسى**(239)

سۇلتان ئابابەكرى مىرزانىڭ ئالتە شەھەردە مۇستەقىل دۆلەت قۇرغانلىقى، (242) سۇلتان ئابابەكرى مىرزا نىڭ ئەقلىي نورمالسىزلىقى. (246) شەرقىي تۈركىستان دۇغلات دۆلىتىنىڭ يىقىلىشى، (247) سۇلتان ئابابەكرى مىرزا نىڭ ئىدارىي تەشكىلاتى(250)

4 ـ پەسىل. **ئۆزبېك ۋە قازاق ئاتالغۇلىرىنىڭ كېلىپ چىقىشى**(252)

ئۆزبېك، (252) قازاق (254)

5 ـ پەسىل. **شەرقىي تۈركىستاندا سەئىدىيە دۆلىتى**(255)

سۇلتان سەئىدخاننىڭ تەرجىمەھالى، (255) مەنسۇرخاننىڭ سۇلتان سەئىدخانغا بەيئەت قىلغانلىقى، (259) هىجرى 923 دىن 926 غىچە بولغان ۋەقەلەر، (261) هىجرى 927 دىن 9931 غىچە بولغان ۋەقەلەر، (262) شەرقىي تۈركىستاننىڭ شىمالىي قىسىملىرىنىڭ قولدىن كېتىشى، (263) بىلۇرستان ۋە بەدەخشانغا يۈرۈش، ( 264) ئابدىرىشىت سۇلتاننىڭ ۋەلىئەھد بولغانلىقى ۋە كەشمىر بىلەن تىبەتنىڭ پەتھى، (265) سۇلتان سەئىد خاننىڭ ۋاپاتى، (268) ئابدۇرىشىت خاننىڭ سۇلتان بولغانلىقى (269) هىجرى940 دىن تارتىپ 1038 ـ يىلىغىچە بولغان ۋەقەلەر، (271)

ئابدۇللاخاننىڭ خانلىق دەۋرى، (273) ئابدۇللاخاننىڭ يىقىلىشى، (273) ئىسمائىل خاننىڭ خان بولغانلىقى ۋە ئاپاق خوجانىڭ تۈزكورلىقى، (274) سەئىدىيە مىللىي دۆلىتىنىڭ يىقىلىشى، (275) سەئىدىيە دۆلىتىدە ئىدارىي تەشكىلات، ئەسكىرىي، ئىقتىسادىي، ئىلىم ـ پەن ، مائارىپ ئەدەبىيات ئىشلىرى ۋە ئومۇمىي خەلقنىڭ ئىجتىمائىي ۋە روھىي ھالىتى(276)

6 ـ پەسىل. **شەرقىي تۈركىستاندا قالماق تاجاۋۇزى**(281)

قالماقلار نىڭ قىسقىچە تارىخى، (281 ئاپاق غوجىنىڭ ئەۋلاتلىرى ئارىسىدىكى كۈرەشلەر، (285) ئاپاق غوجا ئەۋلاتلىرى دەۋرىدە شەرقىي تۈركىستان (287)

**ئۈچىنچى باب: چىنىنىڭ شەرقىي تۈركىستانني ئىستىلا قىلىشى ۋە مىللىي ئىنقىلابلاردەۋرى**

بىرىنچى بۆلۈم :

**بىرىنچى قېتىملىق چىن تاجاۋۇزى (290)**

**1 ـ پەسىل. چىن ئىستىلا تارىخىدىن تارتىپ مىلادى 1816 ـ يىلىغىچە ئىستىلاچىلار تەرەپىدىن شەرقىي تۈركىستان مىللىتىگە قىلىنغان زۇلۇم (291)**

2 ـ پەسىل. **شەرقىي تۈركىستاندا چىنغا قارشى تۇنجى قېتىملىق ئومۇمىي ئىنقىلاب (297)**

3 ـ پەسىل. **چىنىنىڭ شەرقىي تۈركىستانني ئىككىنچى قېتىملىق تاجاۋۇزى(298)**

4 ـ پەسىل. **شەرقىي تۈركىستاندا ئىككىنچى قېتىملىق ئومۇمىي ئىنقىلاب (299)**

5 ـ پەسىل. **مىلادى 1815 ـ 1863 يىللىرى ئارىسىدا شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى(301)**

6 ـ پەسىل. **شەرقىي تۈركىستاندا ئۈچىنچى ئومۇمىي ئىنقىلاب (302)**

ئىلى ۋە يەتتەسۇ ئىنقىلابى(305)كۇچا ئىنقىلابى، (309) راشىدىن خوجىنىڭ يەكەن ۋە خوتەن ئىنقىلابچىلىرى بىلەن ئۇرۇشقانلىقى(311) كۇچا ئىنقىلابچىلىرىنىڭ ئاقىۋىتى، (314) خوتەن ئىنقىلابى، (316) خوتەن ئىنقىلابچىلىرىنىڭ ئاقىۋىتى، (318) ھاجى پاشا نىڭ ئىدارىي تەشكىلاتى، (321) قەشقەر ئىنقىلابى ۋە ئاقىۋىتى، (323) يەركەن ئىنقىلابى ۋە ئاقىۋىتى(324)

7 ـ پەسىل. **روسلارنىڭ شەرقىي تۈركىستان چېگرىسىدىكى تۈرك يۇرتلىرىنى بېسىۋالغانلىقى(326)**

8 ـ پەسىل. **ياقۇپ بەگ (328)**

ياقۇپ بەگنىڭ ھۆكۈمدار بولغانلىقى، (329) خوتەنگە يۈرۈشى، (329) كۇچاغا يۈرۈشى، (331) ياقۇپ بەگنىڭ كۈچلەنگەنلىكى، (333) تۇرپان، ئۈرۈمچى ۋە ئىلىنى ئالغانلىقى، (333) ياقۇپ بەگنىڭ مۇستەقىللىق ئېلان قىلىپ، بەدەۋلەت ئۇنۋانى بىلەن ئاتالغانلىقى، (335) ياقۇپ بەگنىڭ چەتئەللەر بىلەن مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقى، (336) ئۈرۈمچى ۋە غۇلجىنىڭ تۇڭگانلار تەرەپىدىن ئىككىنچى قېتىم ئىشغال قىلىنغانلىقى، (237) چىنىنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا تاجاۋۇز قىلغانلىقى، (337) ياقۇپ بەگنىڭ ئۆلۈمى ۋە شەرقىي تۈركىستاندا ئىچكىي قالايمىقانچىلىقلار (338) شەرقىي تۈركىستان ئىستىقلالىنىڭ يىقىلىشى، (340) ياقۇپ بەگنىڭ مۇستەبىتلىكى، (341) ياقۇپ بەگنىڭ

ئىدارىي تەشكىلاتى(343) ياقۇپ بەگنىڭ تارىخ سەھپىسىدىكى ئورنى(344)

ئىككىنچى بۆلۈم :

## شەرقىي تۈركىستانغا تۆتىنچى قېتىملىق چىن ئىستېلاسى (347)

1 ـ پەسىل. **مانجۇ ئىمپېراتورلۇقىنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىدە شەرقىي تۈركىستان (347)**

2 ـ پەسىل. **روسلارنىڭ ئىلى ۋە يەتتە سۇنى بېسىۋالغانلىقى (348)**

3 ـ پەسىل. **چىن ئىمپېراتورلۇق تۈززۈمى مۇنقەرىز بولۇش ئالدىدا شەرقىي تۈركىستان(350)**

چىڭ سۇلالىسى ئىمپېراتورلۇقىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا يۈرگۈزگەن ئىستىبداتلىق پىلانلىرى (351) مانجۇ ئىمپېراتورلۇقىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىقتىسادىي سىياستى، (352) شەرقىي تۈركىستاندا تۇنجى نۇپۇس ئىنقلاش، (355) چىن(مانجۇ) ئىمپېراتورلۇقى دەۋرىدە شەرقىي تۈركىستاندا ھۆكۈمەت تەشكىلاتى(357)

4 ـ پەسىل. **چىن جۇمھۇرىيىتى دەۋرىدە شەرقىي تۈركىستان (358)**

شەرقىي تۈركىستاندا «ئىككى يېرىم ھۆكۈمەت»، (360) قارا سېپەچلەر(گېلاۋخۇي ) جەمئىيى، (362)

5 ـ پەسىل. **شەرقىي تۈركىستاندا مىللىي ئويغۇنۇش (364)**

6 ـ پەسىل. **شەرقىي تۈركىستاندا چىن جۇمھۇرىيەت ھۆكۈمىتىنىڭ تەسىرىنىڭ يوقىلىشى»(369)**

ياڭ زېڭشىنىڭ سىياستى ، (369) شەرقىي تۈركىستاندا سايلام ، (372) شەرقىي تۈركىستاندا فابرىكا ۋە سىمسىز تېلېگراف، (369) يا ڭ زېڭشىنىڭ شەرقىي تۈركىستانىڭ ئىقتىسادىي بايلىقىغا ۋە مەدەنىيىتىگە قىلغان خىيانەتلىرى، (275) ياڭ زېڭشىنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكى(379)

7 ـ پەسىل. **جىن شۇرېن دەۋرى (380)**

## تۆتىنچى باب: شەرقىي تۈركىستاندا تۆتىنچى ئومۇمىي ئىنقلاب

**مۇئەللىپىنىڭ تەھلىلى**(385)

1 ـ پەسىل. قۇمۇل ئىنقىلابى، (387)

2 ـ پەسىل. تۇرپان ئىنقىلابى، (391)

3 ـ پەسىل. خوتەن ئىنقىلابى(399)

4 ـ پەسىل. قارا شەھەر ، كورلا ، كۇچا، ئاقسۇ ۋە قەشقەر ۋەقەلىرى(409)

5 ـ پەسىل. ئالتاي، چۆچەك ۋە غۇلجا ئىنقىلابلىرى(412)

6ـ پەسىل. ئالتە شەھەردە تۇڭگانلارنىڭ يوقۇتۇلغانلىقى ۋە تۆت مۇستەقىل ھۆكۈمەت (413)

7 ـ پەسىل. چىن ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستانىنى ئۈچ قىسمغا بۆلگەنلىكى(415)

8 ـ پەسىل. خوتەن قوۋۋەتلىرى بىلەن تۆمۈر سىجاڭ ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ بوزۇلۇشى(416)

9 ـ پەسىل. غوجىنىياز ھاجىنىڭ ئالتى شەھەرگە كېلىشى، خوتەن ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇنى شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ رەئىسى دەپ رەسمىي تونۇغانلىقى(423)
10 ـ پەسىل. تۆمۈرسىجاڭنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكى(424)
11. پەسىل. ئۆرۈمچىدىكى ھادىسىلەر(426)
12 ـ پەسىل. مىللىي ئىنقىلابچىلىرىنىڭ چەتئەللەر بىلەن مۇناسىۋىتى(430)
13 ـ پەسىل. غوجىنىياز ھاجى ۋە تۇڭگانلار(432)
14 ـ پەسىل. يەنە خوتەن ۋە قەشقەر ۋەقەلىرى(433)
15 ـ پەسىل. غوجىنىيازھاجىنىڭ شەخسىيىتى ھەققىدە بەزى كۆزقاراشلار(436)
16. پەسىل. تۇرپان ۋە ئىلىدىكى تۇڭگانلارنىڭ ئالتى شەھەرگە يىغىلغانلىقى(438)
17 ـ پەسىل. 20 ـ رامىزاندىن زۇلقەدىنىڭ 10 ـ كۈنىگىچە بولغان ۋەقەلەر(440)
18 ـ پەسىل. ماجۇڭيىڭنىڭ قەشقەرگە كەلگەنلىكى(443)
19 ـ پەسىل. ئىنقىلابنىڭ پاجىئەلىك سەھنەلىرى(44)
20 ـ پەسىل. خوتەن ھۆكۈمىتىنىڭ نىڭ يىقىلغانلىقى(452)
21. پەسىل. ئىنقىلابنىڭ ئاخىرقى سەھىپىلىرى(455)
22 ـ پەسىل. شەرقىي تۈركىستان مىللىي ئىنقىلابچىلىرىنىڭ ھەربىي ۋە سىياسىي ئەھۋالى(459)
ئىچكىي سىياسىي ۋەزىيەت، (494) تاشقىي سىياسىي ۋەزىيەت، (463)
23 ـ پەسىل. شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتىنىڭ ماھىيىتى(464)
شېڭ شىسەي دېگەن كىم؟ (466)
ئاخىردا: شەرقىي تۈركىستان مىللىي ئىنقىلابى تۈگىدىمۇ؟ (467)

---

**رەسىملەر**..........................................**(471)**
**خەرىتىلەر**..........................................**(498)**

بۇ كىتابنى تەلەپ قىلىشنى ئارزۇ قىلغانلار ئۇچۇن ئادرىسلار.

مۇئەللىپنىڭ كىرىش سۆزى :

بسم آللە الرحمن الرحيم

## مۇقەددىمە

ئوتتۇرا ئاسىيا غا جايلاشقان بۈيۈك تۈرك يۇرتى، هازىرقى زامان ئىستىلاهىدا غەربىي تۈركىستان ۋە شەرقىي تۈركىستان دەپ ئاتىلىدۇ[1]. بۇ تۈرك يۇرتى هەرجەهەتتە ئىنتايىن ئەهمىيەتكە ئىگە بىر دىيار. بۇيەر تارىخ دەۋرىگە كىرىشتىنمۇ قەدىمكى زاماندىن تارتىپ تۈركلەرنىڭ يېرى ۋە يۇرتى بولۇپ كەلگەن. دۇنياغا ھەممىدىن بۇرۇن ئىنسان ۋە مەدەنىيەت تارقاتقان بىرجايدۇر. قەدىمكى ۋە ئوتتۇرا چاغلاردا بۇ جايلاردا ياشىغان تۈركلەر، ئۆز تارىخىنى ۋە ئىش ئىزلىرىنى مىڭلەرچە سەهىپىگە يېزىپ قالدۇرغان. ئەپسۇسكى، كېيىنكى ئەسىرلەردە شەرقىي تۈركىستان خەلقى پىكىر ئاسارىتى ئاستىدا ئېزىلمەكتە ئىدى. بۇ دەۋردە مىللىتىمىزنىڭ بار ـ يوق ھەرنەرسىسى غەرەزلىكلەرنىڭ مەنپەئەتىگە پىدا بولغىنىدەك، تارىخىمۇ قورقۇنچلۇق بىرخىيانەتكە ئۇچراپ قەدىمكى زاماندىن قالغان تارىخى ئەسەرلىرى يوقالدى. بۇلارنىڭ ئورنىنى غەرەزلىك ئۇيدۇرما ئەپسانىلەر ۋە خۇراپات ئىگەللىدى. شۇ زامانلاردا تۈركىستاندا بۈيۈك ئالىملار، مەشهۇر يازغۇچىلار كۆپ يېتىشىپ چىققان بولسىمۇ زامانىنىڭ ئادىتى ۋە ئەتراپتىكى سىياسى مۇهىتنىڭ تەسىراتىگە بېقىندى بولغانلىق سەۋەبىدىن، ئۆز مىللىي تارىخىغا ئەهمىيەت بەرمەستىن باشقا مەۋزۇلار ئۈستىدە نۇرغۇن كىتابلار يېزىلغان. دوست ياكى دۈشمەن مۇئەللىپلەرنىڭ سۆزلىرىگە هەدەپ ئەگىشىپ، ئۇلار نېمە دېگەن بولسا شۇ پېتى قوبۇل قىلغان. شۇ دەۋردە يېزىلغان «تارىخى رەشىدى» ۋە باشقا تارىخ كىتابلىرىغا قارايدىغان بولساق بۇلار تۈركىستان هەققىدە بەك ئاز ۋە چەكلىك بىرزامانىنىڭ تارىخىي ۋەقەلىرىدىن خەۋەر بەرگەنلىكىنى كۆرىمىز. هەردەۋردە بىزگە دۈشمەن بولۇپ كەلگەن ئىران ۋە چىن قاتارلىق قوشنا مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى تارىخ كىتابلىرىدا تۈركىستان تارىخىغا ئائىت مەلۇماتلارخېلى كۆپ بولسىمۇ، بۇلارنىڭ تولاراق مەزمۇنى قەلەم ئىنتىقامى ۋە بىرتەرەپلىملىك كۆز قاراشتىن ئىبارەت بولۇپ، ئىشەنچىگە لايىق ئەمەس. توغرا بولغانلىرى بەك ئاز. ئىسلام تارىخلىرىدىمۇ ئىسلام دەۋرى ۋە بۇنىڭغا يېقىنراق بولغان دەۋرلەرگە ئائىت بىرقىسىم مەلۇماتلار بار. تۈركىستان ياكى تۈركلەر تارىخىدىن سۆز ئېچىلمىغان.

بۈگۈنكى ئىلىم ۋە پەن ـ تەتقىقات دەۋرىمىزدە ياۋروپا ۋە ئامېرىكا شەرقشۇناسلىرى، تۈركىستاننىڭ تارىخىنى بىر قەدەر ئەتراپلىق تەتقىق قىلدى. گېئولوگىيە (يەرقاتلاملىرى ئىلمى)، ئېتنولوگىيە(ئىنسان گورۇهلىرى ئىلمى)، ئېتنوگرافىيە(مىللەتلەر نەسلىنى تەتقىق ئىلمى)، ئېپىگرافىيە(قەدىمكى يېزىقلارنى ئوقۇش ئىلمى) ۋە ئارخېئولوگىيە(ئاسارە ـ ئەتىقە ئەسەرلىرىنى

[1] ئىستىلاھ ـ تېرمىن، ئاتالغۇ، دېگەن مەنىدە (ن. ش. ھ.).

تونۇش ـ بىكىتىش ئىلمى) قاتارلىق ئىلىم ـ پەنلەردىن پايدىلىنىپ، بۈگۈنگىچە ھېچبىر تارىخچى ئوتتۇرىغا قويمىغان، ھەتتا خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغان نۇرغۇن تارىخى ماتېرىياللىرىمىزنى ئوتتۇرىغا چىقاردى ۋە تۈركىستان مىللىتىنىڭ دۇنيادا ئەڭ قەدىمكى ۋە ئەڭ مەدەنىيەتلىك مىللەت ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. ياۋروپالىق ساياھەتچىلەر ۋە ئارخېئولوگلار نىڭ جاپالىق ئىزدىنىشلىرى ۋە ھەرخىل ئىلمىي تەكشۈرۈشلىرى ئارقىلىق كەشپ قىلىنغان ئەسەرلەر نەتىجىسىدە تۈركىستان ئىلىدە ياشىغان تۈرك مىللىتىنىڭ 10 مىڭ يىلدىن ئوزاقراق بىر زاماندىن تارتىپ داۋام قىلىپ كەلگەن بەكمۇ قەدىمىي ۋە كىشىنى ھەيران قالدۇرغىدەك ئۈستۈن مەدەنىيەت ۋە شەرەپلىك تارىخقا ئىگە بىرمىللەت ئىكەنلىكى دۇنياغا مەلۇم بولدى.

لېكىن، يۇقىرىدا سۆزلەنگەن ماتېرىياللارنىڭ ھەممىسى چەتئەل تىللىرىدا يېزىلغان ئەسەرلەر ئىچىدە بولۇپ بۇلاردىن ھېچبىرى مۇستەقىل ياكى ئومۇمىي سۈرەتتە شەرقىي تۈركىستان تارىخىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ. بەلكى، بۇلارنىڭ ئىچىدىن بىرەر يۈز پارچىسىنى ئوقۇپ چىقسا ئاندىن تۈركىستان ھەققىدە يېتەرلىك مەلۇماتقا ئېرىشكىلى بولىدۇ. مانا بۇ قىيىنچىلىقلار تۈپەيلىدىن بىز تۈركىستان خەلقى ئۆز ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ شانلىق تارىخىدىن ۋە ھەشەمەتلىك خاقانلىق دۆلەتلىرىدىن ۋاقىپ بولالمايمىز. بەزى كىشلەر تۈركىستاننى تېخىچە تارىخى مەلۇم بولمىغان سىرلىق بىر مەملىكەت دەپ گۇمان قىلىدۇ. بەزىلىرى بولسا دۈشمەنلىرىمىزنىڭ غەرەزلىك تەشۋىقلىرىغا ئالدىنىپ، شەرقىي تۈركىستان مىللىتىنى باشقا مىللەتلەردەك ئورۇنغا ئىگە ئەمەس دەپ قارايدۇ.

بىزنى بەكمۇ ئېچىندۇرىدىغان يېرى شۇكى، دۈشمەنلەر ۋە ياكى دۈشمەنلەر تەرىپىدىن پايدىلىنىلىدىغان كىشىلەر ئۆز شەخسىي مەنپەئەتىنى دەپ قەدىمكى ۋە يېڭى تارىخىمىزنى قەستەن بۇرمىلاپ، مىللىتىمىزنى تارىختا ھېچقاچان مۇستەقىل دۆلەت قۇرمىغان، باشقا مىللەتلەرنىڭ قول ئاستىدا ياشاپ كەلگەن ۋە ئارقىدا قالغان بىرمىللەت دەپ كۆرسەتتى ۋەكۆرسىتىپ كەلمەكتە. لېكىن، بۇ غەرەزلىك كىشلەر بىرمىللەتنىڭ تارىخىنى يوشۇرۇش «كۈندوزى كۈننى يوشۇرىمەن» دېگەندەك مۇمكىن بولمايدىغان بىرئىش ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ. مانا بۇسەۋەپلەر بىلەن ئۇلۇغ ۋەتىنىم ۋە ئەزىز مىللىتىمنىڭ تارىخىغا ئائىت توغرا مەلۇماتلارنى توپلاپ، ئەزىزمىللىتىمگە ئۆزىنىڭ تارىختىكى ئورنىنى كۆرسىتىش ۋە نەچچە مىڭ يىللىق ئەزىمەت ۋە ئۇلۇغۋارلىقىنى ئوتتۇرىغا قويۇشنى ئۆزەمگە بىر ۋەزىپە دەپ، بىلىپ كەلمەكتە ئىدىم. مۇساپىرچىلىك ھاياتىدا كابۇل، (ئافغانىستان) دىكى ئىمكانىيەت ۋە ۋاقتىمدىن پايدىلىنىپ، قولغا كەلتۈرۈشكە مۇمكىن بولىدىغان ھازىرقى زامان مەنبەلىرىدىن شەرقى تۈركىستان تارىخىغا ئائىت مەلۇماتلار توپلاپ، بىرقانچە يىل تەتقىق قىلغاندىن كېيىن بۇكىتابنى شەرقىي تۈركىستان شۇنىسى بىلەن ھازىرلاپ، ئەزىز مىللىتىمگە تەقدىم قىلدىم.

بۇ كىتاب، شەرقىي تۈركىستاندا ئەڭ قەدىمكى زامانلاردىن باشلاپ ۋە ئۈزلۈكسىز مەدەنىيەتكە

ئىگە بولۇپ ياشاپ كەلگەن تۈرك قوۋملىرى ئائىلىسىدە، دۇنيامىللەتلىرىنىڭ ئالدىنقى قاتارىدا ئورۇن ئېلىپ كەلگەن بىرمىللەتنىڭ تارىخىنىڭ ئازغىنە بىرقىسمىنىلا بايان قىلىدۇ.

بۇۋاقىتقىچە شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئۆز ئەۋلادىنىڭ قەلىمى بىلەن بۇنداق بىركىتاب يېزىلمىغانلىقى ئۈچۈن، بۇكىتاب بۇندىن كېيىن مىللىتىم ئىچىدىن يېتىشىپ چىقىدىغان ۋەتەنپەرۋەر بىلىم ئىگىلىرىنىڭ تەتقىق قىلىشلىرى ئۈچۈن بىرئۈلگە ۋە تولۇقلاش ئۈچۈن بىر باشلىنىش بولىدۇ دەپ ئۈمىد قىلىمەن. شۇكۈنلەردە ياشاۋاتقان مۇھىتىمنىڭ چەكلىك بىر دائىرە ئىچىدە بولغانلىق سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان كەمچىلىكلەر ۋە ئۆزەمدىن ئۆتۈلگەن سەھۋەن ـ خاتالىقلىرىم ئۈچۈن كىتابخانلاردىن ئۆزرە تىلەيمەن.

كىتابنىڭ ئىسمى توغرىسىدا شۇنى ئەسلىتىشنى خالايمەنكى، بۇئەسەرنىڭ ئاساسى مەزمۇنى بۈگۈن چىن هاكىمىيىتى ئاستىدىكى تۈرك ئىرقىغا مەنسۇپ خەلقلەرگە ئائىت تارىخىي ۋەقەلىكلەردىن ئىبارەت. شۇنداقلا، تېخىمۇ كەڭ زىمىنگە تارقالغان «تۈرك ئانا يۇرتى» دا بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەلەرمۇ خۇلاسە قىلىپ بايان قىلىندى. هەركىتابنىڭ ئىسمى ۋە ئۇنىڭدىكى بۆلۈملەرنىڭ مەۋزۇ باشلىرى، ئۇكىتابنىڭ ئاساسى مەزمۇنىنى ئىپادىلىشى تەبىئي ئەهۋالدۇر. كىتابىمىز نىڭ ئاساسى مەزمۇنىغا تىگىشلىك ئىسىم بۈگۈنكى كۈنلەردە چوڭ تالاش ـ تارتىش ئۈستىدە تۇرماقتا. چىن هۆكۈمەت دائىرىلىرى بۇمەملىكەتنى «شىنجاڭ»، يەني، « يېڭى ئۆلكە» دەپ ئاتايدۇ. خەلقئارا دىپلوماتىيەدە «شىنجاڭ» نىڭ ترانسكرىپسىيەسى بولغان Sinkiang ئاتالغۇسى قوللىنىدۇ. يۇرتىمىزنىڭ ئۆز ئىسمىنى قوللۇنۇشنى خالايدىغان هەم بۈگۈنكى سىياسى ۋەزىيەتنى كۆزدە تۇتىدىغان بەزى يۇرتداشلىرىمىز «چىن تۈركىستان» دەپ ئاتاشنى تەشەببۇس قىلماقتا. بەزىلەر غەربىي تۈركىستان هازىرقى سىياسى قۇرۇلۇشى نەتىجىسدە پارچىلىنىپ باشقا ـ باشقا ئىسىملار بىلەن ئاتالماقتا، شۇنىڭ ئۈچۈن، «شەرقىي» دېگەن سۆزنىڭ كېرىكى يوق يالغۇز«تۈركىستان» دەپ ئاتىساق يېتەرلىك دەپ قارايدىغانلارمۇ بار.

تۈرك ئىرقىغا مەنسۇب قەۋملەرئولتۇراقلاشقان يۇرتلارنىڭ ئەڭ شەرق قىسمىغا جايلاشقان بىر مەملىكەت بولغانلىقىنى كۆزدە تۇتقان ئالىملار، ئۆز ئەسەرلىرىدە بۇ يۇرتنى«شەرقىي تۈركىستان» دەپ ئاتايدۇ. «شىنجاڭ، چىن تۈركىستان» دېگەنگە ئوخشاش ئاتالغۇلار زامانىمىزدىكى ئىچكى ۋە تاشقى سىياسەتلەرنىڭ مەهسۇلى بولۇپ، هېچقانداق تارىخىي ۋە ئىلمىي ئاساسى يوقتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ ئىسىملارنىڭ هېچبىرى، ئىلمىي ئەسەر بولغان كىتابىمىزغا ئىسىم بولۇش سالاهىيتىگە ئىگە ئەمەس. چۈنكى سىياسەت ئۆزگۈرۈشچان خاراكتېرلىك، بىركېلىپ ـ بىركېتىپ تۇرىدىغان هادىسىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. داۋام خاراكتېرلىك، تەرەققى تەبىئەتلىك ۋە ئىلىم ساهاسىدا ئورۇن ئالىدىغان بىرئەسەر هېچبىر زامان سىياسەت زەنجىرى بىلەن باغلىنىشنى قوبۇل قىلمايدۇ.

«شەرقىي تۈركىستان» دېگەن ئاتالغۇ، جۇغراپىيىلىك بىرئىسىم، سىياسەت بىلەن ئالاقىسى يوق، پۈتۈنلەي ئىلمىي بىرئىسىم بولغانلىقىدىن بۇ ئەسەرىمنى «شەرقىي تۈركىستان تارىخى» دەپ ئاتايمەن.

1930 ـ يىلىدىن تارتىپ ئىنقىلابچىلىرىمىزمۇ بۇئىسمنى قوللاندى. شۇنىڭ ئۈچۈن، چىن ھۆكۈمەت دائىرىلىرى بۇئىسمنى سىياسى ئاتالغۇ دەپ قارشى تۇرۇپ كەلمەكتە. بۇ توغرا ئەمەس. بۇ، ئىنقىلابچىلىرىمىز يېگىدىن ئىجات قىلىپ چىققان بىرئىسىم بولماستىن ئۇزۇن زاماندىن بىرى تارىخ ۋە جۇغراپىيە ساھەسىدە قوللۇنۇپ كېلىۋاتقان ئىلمى بىرئىسىم. مىللىي ئىنقىلابچىلىرىمىزبۇ ئىسمنى رەسمىلەشتۈرۈشتىن باشقا بىر ئىش قىلغىنى يوق.

مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا

ھىجرى 1359 ـ يىلى(مىلادى 1940 ـ يىلى، كابۇل).

## كىتابنىڭ ئىككىنچى قېتىم نەشرقىلىنىشىنىڭ سەۋەبى

«شەرقىي تۈركىستان تارىخى» ئاتلىق بۇئەسەرىم يۇرت تېشىدا ئۆتكەن 14 يىللىق مۇساپىرەچىلىق ھاياتىمدىن، كابۇلدىكى ۋاقتىمدا (1934 ـ 1940ـ يىللىرى ئارىسىدا) داۋام قىلغان ئىلمى ئەمگەكلىرىمنىڭ مەھسۇلىدۇر.

بۇكىتابنى باستۇرۇپ نەشرقىلىش ئىشىنى ئۈستىگە ئالغان ھىندىستاندىكى«شەرقىي تۈركىستان بىرلىك جەمئىيتى»، 1941 ـ يىلى بۇئىشقاكىرىشكەن بولسىمۇئىقتىسادىي جەھەتتىن ۋە ئۇچاغدىكى دۇنيا ئۇرۇشى سەۋەبىدىن ئىش توختاپ قېلىپ كىتابنىڭ تولۇق بېسىلىپ چىقىشى 1947ـ يىلى مۇمكىن بولدى.

بۇبېسىلغان نۇسخىدىن قولۇمغا بىردانىسىلا تەگدى. بۇ باسمىدا تۆۋەندىكى كەمچىلىكلەرنى كۆردۈم:

1ـ باسما خاتالىقلىرى ناھايىتى كۆپ.

2 ـ باشتىكى قوشۇمچىلار بېسىلمىغان.

3 ـ كىتابنىڭ ئاياغ قىسمى بولغان 1930 ـ 1934 ئىنقىلابى ۋە شېڭ شىسەي دەۋرىگە ئائىت ۋەقەلەرنى باسماي قالدۇرۇپ قويغان.

4 ـ يۇرتىمىزنىڭ ھەر دەۋردىكى جۇغراپىيىلىك ۋەزىيىتىنى كۆرسىتىدىغان 23 پارچە خەرىتىنى باسمىغان.

5 ـ بېسىلىشى كېرەك بولغان رەسىملەرنى ھېچ باسمىغان.

6 ـ بەزى بىر جۇشەنچىگە قاراپ، بىرنەچچە يەرگە ئۆزگىرىش كىرگۈزۈلگەن.

بۇ كەمچىلىكلەرنىڭ ئۈستىگە بېسىلغان نۇسخىنىڭ بارى 300 دانە بولۇپ يۇرت تېشىدىكى يۇرتداشلارغا ئاران يەتكەن. يۇرتقا كەلگىنى بەك ئاز بولۇپ خەلقىمىز ئومۇميۈزلۈك پايدىلىنالمىدى.

مانا بۇسەۋەبلەر كىتابنى ئىككىنچى قېتىم بېسىشنى زۆرۈر قىلماقتا ئىدى. يەنە بىرسەۋەب، كىتابنى باستۇرۇشقا بەرگەن چاغدىن بۈگۈنگىچە قولۇمغا كەلگەن قەدىمكى ۋە يېڭى ئەسەرلەر تارىخي ماتېرىياللارنى ئەتتىق قىلىشقا داۋام قىلىشىمنىڭ نەتىجىسىدە تۆۋەندىكى يېڭىلىقلار مەيدانغا چىقتى:

1 ـ بىرىنچى باسمىدا يېزىلمىغان كۆپ مەلۇماتلارنىڭ قولۇمغا كېلىشى.

2 ـ كېيىنكى تەكشۈرۈش بىلەن سېزىلگان بەزى خاتالىقلارنى تۈزۈتۈش ئېھتىياجى.

3 ـ بەزى مەزمۇنلارنى ئېنىقلاشنىڭ لازىملىقى.

مانا بۇ سەۋەبلەرگە بىنائەن، كىتابنى، يېڭى مەلۇماتلارنى قوشۇپ، بىرىنچى بېسىلغان نۇسخىسىدىن خېلى كەڭ،كەمچىلىكلىرى مۇمكىن قەدەر تولۇقلانغان ۋە سۈپىتى تېخىمۇ ياخشىراق بىر ھالدا ئىككىنچى قېتىم باستۇرۇشنى قارار قىلدىم [2]. شۇنى ئەسلىتىپ ئۆتۈشنى مۇھىم دەپ ھېساپلايمەنكى، بۇكىتابنى تولۇق بىرشەرقىي تۈركىستان تارىخى دېيىش توغرا ئەمەس. چۈنكى، تۈركىستان ھەققىدە يېزىلغان تارىخي كىتابلار بەك ئاز بولۇپ، بۇلارنىڭ كۆپىنچىسى تېخىچە نەشرمۇ قىلىنمىدى. بۇكىتابنى يازغان ۋاقتىمدا مەن قولغا كەلتۈرەلمىگەن پايدىلىنىشقا تېگىشلىك نۇرغۇن قىممەتلىك ئەسەرلەر بارئىدى. تارىخىمىز نىڭ بىلىنمىگەن تەرەپلىرىنى ئايدىڭلاشتۇرىدىغان ئاسارە ـ ئەتىقلىرىمىزنىڭ 90% ى، ھەتتا بۇنىڭدىنمۇ كۆپرەك قىسمى تۇپراق ئاستىدا ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش ـ تەكشۈرۈشنى كۈتۈپ ياتماقتا . مانا بۇ ئەسەرلەرنىڭ نەشر قىلىنىشى ۋە ئاسارە ـ ئەتىقىلەرنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى بىلەن تارىخىمىز نىڭ دائىرىسى كۈنساناپ كېڭەيگۈسى.

مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا

1948 ، ئۈرۈمچى.

2 1948 ـ يىلى، 6 ـ ئايغىچە بۇ ئەسەرنىڭ 2 ـ نەشرىنىڭ يۈز بەتكەيېقىن قىسمى ئۈرۈمچىدە مەتبەئەدىن چىققانىدى.كىرىش سۆزنىڭ بۇقىسمى، مۇئەللىپ شۇچاغدا يېزىپ ئىلاۋە قىلغان نۇسخىدىن ئېلىندى (ن . ش . ھ .).

## پايدىلانغان ئەسەرلەر

م. شەمسىددىن گۈنئالتاي، « *Müfassal Türk Tarihì* » ،(تۈركچە)، 5 توم، ئىستانبۇل، 1933.
تۈركىيە مائارىپ مىنىستىرلىكى، «*Türk Tarihinin Ana Hatları*»، ئىستانبۇل، 1931.
«*Çin Tarihi*» ئىنگىلىزچىدىن تۈركچە تەرجىمىسى (مۇئەللىپ ۋە تەرجىمانىڭ ئىسمى ئېنىق ئەمەس).
**مۇراد رەمزى** (ۋاپاتى1935)، «**تلفق الاخبار وتلقح الاسرار في احوال قازان وبولغارو ملوك التاتار**» (ئەرەبچە)، 2 توم، ئورنبورگ، 1908.
**Deguigne** ، «**هۇنلارنىڭ، تۈركلەرنىڭ، موغوللارنىڭ ۋەدھا سائىرتاتارلارنىڭ تاريخ عموميسى**»، 1758. جاھىد يالچىن فرانسۇزچىدىن تۈركچىگە تەرجىمە قىلغان، 5 توم، ئىستانبۇل، 1923.
**مۇھەممەد ھەزەري**، «**محاضرات تاريخ الامم اسلامية**»، ئەرەبچە)، قاھىرە، 1936.
**ئۇبۇلغازى باھادۇرخان** (ۋاپاتى1663)، «**شجرة الترك**»، (ئەرەبچە)، رىزانۇر نەشرى، ئىستانبۇل، 1925.
**سىيد زەيىين دەخلان**، «**الفتوحات الاسلاميه**»، (ئەرەبچە).
**Stanley Lanepool**. «**دول الاسلاميه**»، 1889. ئىنگىلىزچىدىن خ. ئەدھەم تۈركچىگە تەرجىمە قىلغان نەشرى، ئىستانبۇل، 1927.
**Stanley Lanepool**، «**طبقات سلاطين**» ، ئىنگلىزچىدىن ئابباس ئىقبالنىڭ پارسچەتەرجىمىسى، (ئىسلام ـ ھۆكۈمدارلىرىنىڭ نەسەبلىرى، تەختكە چىقىش مۇراسىملىرى ۋە تارىخلىرى)، 4 توم، تاھران، 1934.
**مەھمۇد قەشقەرى**، «**ديوان لغات الترك**» (**تۈرك تىللىرى دىۋانى** )، ئىستانبۇل، 1917.
**Edvard Dugini**، « **تۆمۈرلەڭ**» (**ئاقساق تۆمۈر**)، ئىنگىلىزچىدىن ن. تەۋفىق تۈركچىگە تەرجىمە قىلغان، ئىستانبۇل، 1931.
**Namuk Kemal Orhun** *"Eski TürkYazıtlari"* (قەدىمكى تۈرك يېزىقلىرى) ، 3 توم، ئىستانبۇل، 1936.
**موللا مۇسا سايرامى**(كۇچالىق مۇسائاخۇن)، «**تاريخ امينيه**»، (تۈركچە)، قازان، 1904.
**مۇھەممەد فەرىيد ۋەجىيدى**، « **دائرة المعارف القرن الرابع عشرالعشرين**»، (ئەرەبچە)، قاھىرە، 1936.
**مىرخەندە مۇھەممەد خاۋەندشاھ**، «**روضة الصفا في سيرة الانبياء و الملوك والخلفاء**»، (پارسچە)، 7 توم، بومباي، 1804.
**رەشىددىن فەزلىللاھ** (ۋاپاتى 1318)، «**جامع التواريخ**»، (پارسچە)، 2 توم، لوندون، 1911.
**مىرزا ھەيدەر دۇغلات** (ۋاپاتى 1551)، «**تاريخ رشيدى**»، (پارسچە) قولىيازما نۇسخىسى ۋە DensonROSE نىڭ ئىنگىلىزچە تەرجىمە نۇسخىسى، لوندون، 1895.
**جورجى زەيدان**، «**تاريخ تمدن اسلامى**»، (ئەرەبچە)، قاھىرە، 1902.

«**تاريخ سيستان**»، (پارسچە)، مۇئەللىپى مەلۇم ئەمەس . 1732 ـ يىلى تاھراندا يېزىلغان ۋە 1938ـ يىلى نەشىر قىلىنغان.

مىرزا زەھىرىددىن مۇھەممەد بابۇر شاھ (ۋاپاتى 1530)، «**بابۇرنامە**»، (تۈركچە)، لوندون 1905.

ئەزىزىددىن ئىبنۇلئەسىر (ۋاپاتى1231)، «**الكامل في التاريخ**»، (ئەرەبچە)، 13توم. قاھىرە. 1883.

ئەبۇ سەئىد بىن زاھاك ئەلگەردىزى، «**زين الاخبار**»، (پارسچە). 1040 ـ يىلى يېزىلغان . تاھران. 1937.

ئەبۇلفەزل بىن ھۈسەيىن ئەلبەيھەقى(ۋاپاتى1077)، «**تاريخ بەيھيقى**»، (پارسچە).كالكۇتتا 1862.

ئەبۇنەسر ئابدۇلجاببار ئەلئۇتبى(ۋاپاتى 1036)، «**تاريخ يمينى**»، (ئەرەبچە)، 2 توم. 1868 قاھىرە نەشرىدىن، ناسىھ جەنزفارقاتى نىڭ پارسچە تەرجىمىسى، تاھران، 1893.

مۇھەممەد ئەزەم كەشمىرىي، «**تاريخ كشمير**»، (پارسچە)، سىرىنەگەر، 1936.

«**تاريخچەء افغانستان**»، (پارسچە)، ئافغانىستان ئەدەبىيات جەمئىيىتى، كابۇل. 1932.

«**تاريخچەء** آسيا»، ئافغانىستان ئەدەبىيات جەمئىيىتى، كابۇل، 1933.

*Encyclopedia Britanica* ، 14 ـ نەشرى، لوندون، 1929.

بارتولد، «**ايران تاريخى وجۇغرافياسى**»، رۇسچە ئەسەرىدىن پارسچە تەرجىمىسى، 1903.

ئالائىددىن ئاتامەلىك جۇۋەينى (ۋاپاتى 1283) ، «**تاريخ جاهانكشائى**»، (پارسچە)، لوندون،1937.

ئاۋرۇلشتايىن، *Ancient Khotan* «قەدىمكى خوتەن»، (ئىنگلىزچە)، ئوكسفورد،1911 نەشرى.

ئاۋرۇلشتايىن، *Sri India* ، (ئىنگلىزچە) 5 توم، ئوكسفورد،1921 نەشرى.

ئاۋرۇلشتايىن، «*The Inner Asia*» ، (ئىنگلىزچە) 5 توم، ئوكسفورد، 1928 نەشرى.

موللاقاسىم ھىندشاھ، «**تاريخ فرشته**»، (پارسچە)، 2 توم، بومباي، 1831.

ياقۇت ئەلئەماۋىي (ۋاپاتى1229)، «**مجمع البلدان**»، (ئەرەبچە)، 7 توم، 1866 لايپزىك نەشرى، 1906، مىسىر نەشرى، 10 توم.

مۇھەممەد بىن ئەلى ئەلشابانگرائي، «**مجمع الانساب**»، (پارسچە، قولىيازما).

قازى مۇنھاجىددىن ئەبۇئۇمەرئوسمان جۇرجانىي (ۋاپاتى 1288)، «**طابقات ناصرى**»، (ئەرەبچە)، كالكۇتا، 1864.

پەندىت ھەرگوپال، «**تواريخ گلدستەء كشمير**»، (ئوردۇچە)، سىرىنەگەر، 1935.

**H.Geep** «*The Arab Conquest in Central Asia*»ئىنگلىزچەلوندون، 1923

ھۈسەيىن نامۇق ئورھۇن، «**هونلر**»، (تۈركچە) ئەنقەرە، 1935.

## تولۇقلانغان نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن

پاتىمە بۇغرا

ئىيۇن1987. ئەنقەرە.

ئۇلۇغ تەڭرىمگە شۇكۇر! بۇئەسەرنى مۇئەللىپىنىڭ ئارزۇسىغا مۇۋاپىق شەكىلدە نەشرقىلىش. يېزىلىشىدىن 47 يىل ئۆتكەندىن كېيىن، بۇگۈن بىزگە، نېسىپ بولدى. بۇمۇقەددەس ۋەزىپىنى ئورۇنداشتا ماددىي ياردەملىرىنى ئايىمىغان ھەممەتلىك ۋەتەنداشلارغا رەھمەت ئېتىمەن[3].

ئەسەرنىڭ مەتىنى (تېكستى) مۇئەللىپ ئۆزقەلىمى بىلەن يازغان قولىيازما نۇسخىسىدىن رەتلەندى. بۇئەسەر شەرقىي تۈركىستاننىڭ بۇندىن 40 ـ 50 يىل بۇرۇن قوللانغان ئەدەبىي تىلىمىزنىڭ نەمۇنىسى بولغاچقا، بۇئالاھىدىلىككە دەخلى يەتكۈزۈپ قويۇشتىن تارتىندۇق. لېكىن، ياش كىتاپخانلارنىڭ بۇخىل ئىملالارنى ئوقۇشتىكى قىيىنچىلىقلىرىنى كۆزدە تۇتۇپ، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبى تىلى، خەلقئارا ۋە تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى تۈركچىسىنىڭ يېزىق شەكىللىرىنى كۆرسىتىدىغان بىر سېلىشتۇرما جەدۋىلىنى قوشۇپ قويدۇق .كېرەكلىك يەرلەردە ھىجرى يىلنامىلىرىنىڭ يېنىغا ياكى ئورنىغا مىلادى يىلىنىڭ تەڭداشلىرى بېرىلدى.

رەڭلىك خەرىتىلەرنى مۇئەللىپ ئۆزى سىزغان. رەڭسىزخەرىتىلەر، سىزما رەسىملەر ۋە فوتو سۈرەتلەر نەشرگە تەييارلىغۇچى تەرىپىدىن ئورۇنلاشتۇرۇلدى. كىتاپنى مۇنداق زىنەتلەشتە بىزگە بۇئىمكانىنى يارىتىپ بەرگەن تارىخ تەتقىقاتچىلىرىدىن باھائىددىن ئۆگەل، ئەمەل ئېسىن خانىم، ئاندىريۇفوربىس ۋە ئېرىك نايمان قاتارلىق ئالىملاردىن ۋە «يىپەك يولى» نى فىلىمگە ئالغان جۇڭگو ـ ياپۇن ئارخېئولوگىيە ھەيئىتىگە مىننەتدارمىز.

ئەسەرنىڭ كۆپرەك قىسمى (بىرىنچى نەشرى)1941 ـ يىلى كەشمىردە مەرھۇم مەتقاسىم ھاجىم داموللام باشچىلىقىدىكى «شەرقىي تۈركىستان مۇھاجىرلىرى جەمئىيىتى» تەرىپىدىن نەشرقىلىنغان. قالغان قىسمى(شەرقىي تۈركىستان مىللى ئىنقلاب قىسمى ئىسمى بىلەن) مەرھۇم قارىقاش ئىلاجىم (ئەلى رۇزى ئەلخوتەنلى) نىڭ خىراجىتى بىلەن، 1971 ـ يىلى كەشمىردە مەتقاسىم ھاجىم داموللام تەرىپىدىن باستۇرۇلغان. ھەر ئىككى نەشرى 300 تىراژدا بېسىلغان بولۇپ، خەرىتىلەر ۋە رەسىملەر بېسىلماي قالغان. مۇئەللىپ ھاياتىنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىگە قەدەر ۋەتەن تارىخىنى تەتقىق قىلىشنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەندى. ئەسەرنى قايتا كۆزدىن كەچۈرۈپ يېڭىباشتىن يېزىپ چىقىش ئۈچۈن پۇرسەت ئىزدەپ تۇرغىنىدا 1965 ـ يىلى ۋاپات بولىدۇ.

[3] ياردەمدە بولغان ۋەتەنداشلىرىمىزنىڭ تىزىملىگى1987 ـ يىلدىكى نەشرىدە بېرىلدى ( ن. ش. ھ.).

بۇندىن 4 ـ 5 يىل بۇرۇن مۇھتەرەم زۇنۇن ھاجىم، مۇئەللىپنىڭ ئارخىپلىرىدىن پايدىلىنىپ، بۇ ئەسەرنى يېڭىباشتىن رەتلەپ نەشر قىلىشنى تەكلىپ قىلدى.كېرەكلىك خىراجەت بىلەن تەمىنلىدى[4]. بۇتەكلىپكە بىنائەن بىز بىرمەزگىل ئىشلىگەندىن كېيىن يېڭىباشتىن رەتلەشتە، ئەگەر، بىزنىڭ ئۆز ئىپادىمىزدىن بىرنەرسە قوشۇلۇپ قالغان تەقدىردە بۇنىڭ تېكىستكى مۇئەللىپنىڭ شەخسىيىتىدىن كېلىپ چىققان ئالاھىدىلىكنى ساقلاپ قىلىش جەھەتتە تۇغرا بىرھەرىكەت بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، بۇئەسەرنى ئۆز پېتى بىلەن بىرتوم قىلىپ نەشر قىلىشنى شۇنداقلا مۇئەللىپنىڭ ئارزۇسىغا ئەڭ ئۇيغۇن بولغان شەكىلدە نەشرقىلىشنى، ئەسەرگەكېرەكلىك ۋەسىقەلەر، ئىزاھاتلار ۋە قوشۇمچە مەلۇماتلار نى بولسا ئىككىنچى بىر توم قىلىپ نەشرقىلىشنى مۇناسىپ كۆردۇك. ئىككىنچى تومغا كىرىدىغان قوشۇمچىلارنىڭ يېرى بۇنەشىردە ئۇششاق رەقەملەر بىلەن كۆرسىتىلدى.[5]

**نەگۈ ئول تىرىكلىك نەگۈ ئول ئۆلۈم؟**
**قايۇ دىن كىلەر مەن قايۇقا يولۇم؟**
( ھايات نېمە يۇ ـ ئۆلۈم نېمە، قاياقتىن كەلدىم، قاياققا يول ئالدىم )

( يۇسۇپ خاس ھاجىپ 1070 ـ مىلادى.(قۇتادغۇ بىلىگ ، 1135 ـ بەيىت)

[4] بۇخىراجەت ئۈچۈن تەمىن قىلىنغان مىقتار 20.000 دوللار.

[5] قولىڭىزدىكى نەشىردە بۇ ئىشارەتلەر ۋە قوشۇمچە جەدۋەل قويۇلمىدى (ن. ش. ھ.).

# مۇئەللىپنىڭ قىسقىچە
# تەرجىمە ھالى

مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا، 1901- يىلى شەرقىي تۈركىستاننىڭ خوتەن شەھەرىئىچىدىكى خەلىپىلىك ھويلا مەھەللىسىدە ئورتاھال ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن. دادىسى فەرىددىن ھاجىم، خوتەننىڭ مۆتىۋەر دىنىي ئالىملىرىدىن بولۇپ، مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا كىچىك چېغىدىلا ۋاپات بولۇپ كەتكەن. تۆت ئوغۇل، ئىككى قىز قېرىندىشى بىلەن ئانىسى سىكىنە بانۇخانىمنىڭ تەربىيىسىدە چوڭ بولدى[6]. بۇغرا 9 يېشىدا باشلانغۇچ مەكتەپنى، 21 يېشىدا خوتەن ۋە قارىقاشتىكى مەدرىسىلەردە يۈكسەك دىنىي ئىلمىنى ئىسلام بىلىملىرى ساھەسىدە پۈتتۈردى. 1922 - يىلدىن 1933- يىلىغىچە قەدەر خوتەن ۋە قارىقاشتا قۇرئان تەفسىرى ۋە ھەدىس ئىلىملىرىدە باش مۇدەررىسلىك ۋەزىپىلىرىدە بولدى. ئۈستۈن ئىلمىي قابىلىيىتى ۋە يېقىملىق شەخسىيىتى بىلەن قىسقا بىر مۇددەت ئىچىدە ئەتراپتا نام قازانغان مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئاتاقلىق ۋە ھۆرمەتكە سازاۋەر دىنىي زاتلىرىغا بېرىلىدىغان «ھەزرىتىم» ئۇنۋانى بىلەن ئاتالدى. بۈگۈنمۇ شەرقىي تۈركىستان خەلقى مەرھۇمنى «ھەزرىتىم» نامى بىلەن ياد ئەتمەكتە.

مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا ياش چېغىدىن باشلاپلا، ئۇيغۇرچە، ئەرەبچە ۋە پارسچە شېئىرلار يېزىشقا باشلىغان. ئۇنىڭ شېئىرلار توپلىمىدا ئەرەبچە ۋە پارسچە شېئىرلارنى خېلى كۆپ ئۇچرىتىمىز. بۇنىڭ بىلەن بىللە مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا ئۆزىنى ھەر پۇرسەتتە زامانىۋى ئىلىملەر بىلەنمۇ يېتىشتۈرۈشكە تىرىشقان. شۇ دەۋرلەردە تەشەببۇس قىلىنغان «مائارىپتا يېڭىلىققا كۆچۈش» ھەرىكىتىنى قوللاپ - قۇۋۋەتلىگەن. مائارىپتا يۈرگۈزۈلگەن يېڭىلىق ۋە ئىسلاھاتچىلىق تەرەپدارى بولغانلىقى تۈپەيلىدىن شۇ زاماننىڭ مۇتەئەسسىپ كىشىلىرىنىڭ قارشىلىقىغا ۋە چەتكە قېقىشىغا ئۇچرىغان.

مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا قارىقاشتا ياش مۇدەررىس ۋە تالىپلارنى تەشكىللەپ، زالىم مۇستەملىكىچى چىن ھۆكۈمرانلىرىنىڭ دەھشەتلىك زۇلمى، مىللىي تەڭسىزلىكى ۋە ئېزىشلىرىدىن خەلقىمىزنى قانداق قۇتۇلدۇرۇش يولىدا چارە - تەدبىر ئىزلىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئىشنى ئالدى بىلەن ئۆگىنىش، تەكشۈرۈپ - تەتقىق قىلىش بىلەن باشلىغان. مۇھىتىدىكى ناھايىتى يېتەرسىز ۋە ئاز ئىمكانىيەتلەردىن پايدىلىنىشتىن باشقا خوتەندىن ھىندىستانغا بېرىپ - كېلىپ تۇرىدىغان سودىگەرلەر ۋە ئەرەبىستانغا بارغان ھاجىلار بىلەن تاغىسىنىڭ ئۆيىدە ئۆتكۈزۈلگەن سۆھبەتلەرنى قىزىقىپ ئاڭلىغان. بۇ كىشىلەر چەت ئەلدىن ئېلىپ كەلگەن گېزىت - ژۇرناللارنى ئوقۇپ، بىلىمىنى ئاشۇرۇپ دۇنيا ۋەزىيىتىدىن خەۋەردار بولغان. نەتىجىدە كۆڭلىدە، ئۆز ۋەتىنى ۋە باشقا مىللەتلەرنىڭ تارىخىنى تەتقىق قىلىش زوقى تۇغۇلغان. بۇغرا بۇنىڭ بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي 30 - يىلى پۈتۈن شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇھىم

[6] سەكىنە بانۇ خانىم، 1836 - يىلى خوتەن مۇستەقىل خانلىقىنى قۇرغان ئابدۇراھمان پاشانىڭ پەيىنەۋرىسى(ن. ش. ھ.).

شەھەرلىرىنى ئايلىنىپ چىقىپ، بۇ جايلاردىكى چىن ھۆكۈمىتىنىڭ كۈچى ۋە خەلقىنىڭ روھىي ھالىتى قاتارلىق ستراتېگىيىلىك ۋەزىيەتنى ئۆزى بىۋاستە كۆرۈپ ئۆگەنگەن. دىنىي ۋە سىياسىي جەھەتتە مۇتەئەسسىپ ساۋۇت داموللام قاتارلىق زاتلار بىلەن كۆرۈشۈپ پىكىرلەشكەن. نەتىجىدە، **چىن زۇلمىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئۆز ۋەزىيىتىدە قوراللىق مىللىي ئىنقىلابىدىن باشقا چارە يوق،** دېگەن تونۇشقا كەلگەن. شۇنىڭ بىلەن 1930 ـ يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدا خوتەندە مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا رەھبەرلىكىدە بىر يوشۇرۇن «مىللىي ئىنقىلاب كومىتېتى» تەشكىلاتى قۇرۇلدى. بۇغرا قوماندانلىقىدا 1932 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى، قارىقاشتا باشلانغان مىللىي ئازادلىق ئىنقىلابى نەتىجىسىدە، 1934 ـ يىلى7 ـ ئايغا قەدەر غەربتە، يېڭىساردىن تارتىپ شەرقتە، بولغان جايلارچىن مۇستەملىكىچىلەر دىن ئازات قىلىندى ۋە پۈتۈن شەرقىي تۈركىستانغا يېيىلغان مىللىي ئازادلىق ئىنقىلابىغا ماددىي ۋە مەنىۋىي جەھەتتە مۇھىم ياردەملەر قىلىندى. بۇ تارىختىن باشلاپ، مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا خوتەن مۇجاھىدلىرى باش قوماندانى بولۇپ «ئەمىر ھەزرىتىم» ئۇنۋانى بىلەن، جەت ئەلدە بولسا «خوتەن ئەمىرى» دەپ تونۇلدى.

1934 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا مىلتارىست تۇڭگان ماخۇسەننىڭ ھۇجۇملىرىدىن مەغلۇپ بولۇپ ھىندىستانغا ھىجرەت قىلدى. ھىندىستان ۋە ئافغانىستاننىڭ شەرقىي تۈركىستانغا چېگرىداش بولغان پامىر ۋە ۋاخان تاغلىق رايونلىرىدا « قوراللىق يىغىلىش ۋە يۇرتقا قايتىش» پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ باردى. بۇ جەرياندا بىخەتەرلىكنى كۆزدە تۇتۇپ، بۇغرا «ئابدۇللاخان ياركەندى» دېگەن ئىسمنى قوللانغاندى. شۇنىڭ بىلەن ئافغانىستان ۋە كەشمىرنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا تۇتاش بولغان «بۇرۇغىل» جىلغىسىغا ئورۇنلىشىپ، بۇ يەردىن پارتىزانلىق تاكتىكىسى بىلەن بىرقىسىم زېمىن ئىگەللەپ، شەرقىي تۈركىستان مىللىي ئازادلىق ئۇرۇشىنى داۋاملاشتۇرۇشنى قارارقىلدى. لېكىن ئافغانىستاننىڭ چېگرا رايونىدىكى «ۋاخان» قەبىلىلىرىدىن سېتىپ ئالغان قوراللار ۋە ۋەدە قىلىنغان باشقا ياردەملەرقولغا كەلمىدى[7]. غەربىي تۈركىستاننى بېسىۋالغان روسلار ۋە ھىندىستاندا ئەۋج ئېلىۋاتقان مىللىي ئازادلىق ھەرىكەتلىرىدىن قاتتىق ئەندىشىگە چۈشكەن ئىنگلىزلار ئۆز چېگرالىرى ئەتراپىدا بۇمىللىي ئازادلىق ئۇچقۇنلىرىدىن، يەنى، مۇھەممەد ئىمىن بۇغرانىڭ قوراللىق كۆرەشلىرىدىن قاتتىق چۆچۈپ كېتىشى تەبىئىي ئىدى. بىتەرەپلىك سىياسىتى ئىجرا قىلىۋاتقان ئافغانىستان ھۆكۈمىتىمۇ بۇ ھەقتە ئەندىشىلىك ئىدى. نەتىجىدە، مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا بىرييىل داۋام قىلغان چېگرىدىكى ئاكتىپ ھەرىكەتلىرىنى توختىتىپ، ئافغانىستانغا چېكىنىشكە

[7] بۇغرا نىڭ يېقىن سەپداشلىرىدىن شىرئەلىخان ھاجىم، مەتقاسىم ھاجىم داموللام ۋە غاپپارھاجىملارنىڭ سۆزلەپ بېرىشىچە، ئافغان قەبىلىلىرى بىلەن بولغان بۇ كېلىشىم ئەسلى ئافغان بولغان يەكەنلىك قۇربانئىللا دېگەن كىشى ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلغان بولۇپ، قورال ـ ياراقلاردىن باشقا قوراللىق1000 كىشىلىك ئاتلىق بىرئەترەت بىلەن ياردەم بېرىشنى ئۈز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇنىڭغا تەخمىنەن بىرمىليون سەر كۆمۈش تۆلەنگەن ئىكەن. ئەمما، ئافغان قەبىلىلىرىنىڭ كېلىشىمگە خىيانەت قىلىشى بىلەن بۇلار ئەمەلگە ئاشمىغان (ن.ش. ھ.).

مەجبۇر بولدى ۋە 1942 ـ يىلغا قەدەر كابۇل شەھرىدە سىياسىي مېھمان سۈپىتى بىلەن ياشىدى. بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ شەرقىي تۈركىستان تارىخى ھەققىدە ئىلمىي تەتقىقات ئىشلىرىنى ئېلىپ باردى. خەلقئارا دىكى مەشھۇر كىتاپخانىلار ۋە تارىخى تەتقىقات ئورۇنلىرى بىلەن ئالاقىلىشىپ، ماتېرىيال توپلىدى. تۆت يىللىق جاپالىق ئەمگەك نەتىجىسىدە، مىللىتى ئۈچۈن تۈنجى قېتىم ئۆز پەرزەندىنىڭ قەلىمى بىلەن يېزىلغان شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئەتراپلىق بىرتارىخى **«شەرقىي تۈركىستان تارىخى»** كىتابىنى يېزىپ پۈتتۈردى.

مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا نىڭ بۇ ئەسەرنى يازغانلىقىغا يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىت بولغان بولسىمۇ ئالدى بىلەن گومىنداڭچىلار كېيىن،گۇڭسەنداڭچىلار ئۆزىنىڭ مۇستەملىكچى ھاكىمىيتى ئۈچۈن ئەڭ چوڭ خەۋپ دەپ تونۇپ كەلمەكتە. بولۇپمۇ، شەرقىي تۈركىستاندىكى مىللىي ئويغىنىش يالقۇنلانغانسېرى ئۇلارنىڭ بۇ ئەندىشلىرى تېخىمۇ ئاشماقتا. چىن كوممۇنىست پارتىيىسى ئىچىدىكى ئىدېئولوگىيە تەربىيە مۇتەخەسسى بولغان چيەن بۇچۈەننىڭ، 1991 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 23 ـ ۋە 24 ـ كۈنى «شىنجاڭ گېزىتى» دە ئېلان قىلغان «شەرقىي تۈركىستان تارىخىغا رەددىيە» دېگەن ئۇزۇن باياناتىدا مۇنداق دەپ يېزىلغان:

« مۇھەممەت ئىمىن (بۇغرا) بۇ كىتابىدا، يات مىللەتلەرنىڭ (خەنزۇلارنى كۆزدە تۇتىدۇ) تۈركلەرگە قىلغان ئىقتىسادىي ئېكسپىلاتاتسىيىسى ۋە سىياسىي زۇلمىنى پاش قىلىپ، يات دۆلەت (جۇڭگونى دېمەكچى) نىڭ شىنجاڭغا تاجاۋۇز قىلغانلىقى ئۈستىدە شىكايەت قىلىپ، بۇنىڭدىن كېيىن بۇ كىتاب ۋەتەننى سۆيۈش ئېڭىنى ئۆستۈرۈش، مىللىتىمىزنىڭ ئەركىنلىكىنى قوغداپ قېلىشتا بىرلىشىپ كۈچ بولالىسا، بۇ مەن ئۈچۈن ئېپتىخارلىنارلىق ئىش بولاتتى دېگەن. دېمەك، ئۇ بۇيەردە بۇ كىتابنى يېزىشتىكى غەرىزى ـ ئۆزمىللىتىنىڭ ۋەتەننى( مۇستەقىل بولغان شىنجاڭنى دېمەكچى) سۆيۈش، مىللىتىنىڭ ھاياتىنى قوغداش، ئازاتلىقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئاڭلىقلىقىنى ۋە ئاكتىپلىقىنى ئۆستۈرۈش ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان. قىسقىسى، مەھەممەت ئىمىن بۇرۇن قولغا قورال ئېلىپ ئاتاكېغا ئۆتۈپ شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنى بەرپا قىلغان بولسا، قورالنى تاشلاشقا مەجبۇر بولغاندىن كېيىنمۇ قولىغا قەلەم ئېلىپ، ئاتالمىش شەرقىي تۈركىستان تارىخىنى يېزىپ، يەنە ۋەتەن بىرلىكىنى پارچىلاش ئۈچۈن خىزمەت قىلغان.گەرچە شەكلى ئوخشاش بولمىسىمۇ، ماھىيتى تامامەن بىردەك. ئۇ شەرقىي تۈركىستان ئەزەلدىن مۇستەقىل دۆلەت ئىدى دەپ، داۋراڭ سالغان ۋە قەدىمكى ۋەتىنىمىزنى جۇڭگونىڭ بىرقىسمى ئەمەس ئىدى، شەرقىي تۈركىستان ئەزەلدىن مۇستەقىل ئىدى، دېگەن سەپسەتىنى كۆچەپ تەرغىپ قىلغان .... شىنجاڭدا! زىيالىلار ۋە باشقا ياشلارئارىسىدا تۈرك مىللەتچىلىك ئېقىمىنىڭ يامراپ كەتكەنلىكىدە 1932 ـ يىللىرى مەمتىمىن بۇغرا يېتەكچىلىكىدە يۈزبەرگەن شەرقىي تۈركىستان مىللىي ئازاتلىق قوزغۇلىڭىنىڭ قالدۇرغان تەسىرى ۋە كېيىنچە ئۇنىڭ يازغان «شەرقىي تۈركىستان تارىخى» دېگەن كىتاۋى ئاساسىي ئىدېئولوگىيىلىك رول ئوينىماقتا. ... مۇھەممەت ئىمىن بۇ كىتابىدا، شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلابىنىڭ مەقستى جۇڭگونىڭ ئاسارىتىدىن مەڭگۈ قۇتۇلۇپ، دۇنيا دىكى

ئەركىن مىللەتلەرگە ئوخشاش ئەركىن، ئازاد تۇرمۇشتىن بەھرىمەن بولۇش دېگەن. بۇ شىنجاڭدا يېڭىدىن پەيدا بولغان مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ ھەرىكەت نىشانىسى.... شۇنىڭ بىلەن بىللە، بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈش پىكىر ئېقىمى ئەدەپ كەتتى، تارمىللەتچىلىك كەيپىياتى بىرئاز ئۆسۈپ قالدى. ئايرىم مىللىي بۆلگۈنچىلەر قۇتراپ كېتىشتى. مەھەممەت ئىمىننىڭ «شەرقىي تۈركىستان تارىخى» كىتابىنىڭ چوڭقۇر تەسىرى يېڭىباشتىن ئاشكارىلىنىشقا باشلىدى.
..... ھەردەرىجىلىك پارتىيە رەھبىرى ئورگانلىرى بۇخەۋپنىڭ ئېغىرلىقىنى تونۇق مۆلچەرلەپ، بۇنىڭغا قارشى چارە-تەدبىر ئېلىشى لازىم...»

مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا، 1937- يىلى ئۇيغۇرچە، ئەرەبچە ۋە پارسچە يازغان شېئىرلىرىنىڭ بىرقىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان « قصائد وطنيه» (قاسائىدى ۋەتەنىيە) شېئىرلىرى توپلىمىنى بېسىپ تارقاتتى.

مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا شەرقىي تۈركىستان مىللىي ئازاتلىق ئىنقىلابىنىڭ مەغلۇپ بولۇشىدىكى سەۋەپلەردىن بىرسى، ئىنقىلاب قوشۇنىدا زامانىۋى بىلىمگە ئىگە كىشىلەرنىڭ يوق دېگۈدەك ئاز بولغانلىقىنى تونۇپ يەتكەنلىكتىن، مۇھاجىرەتتىكى شەرقىي تۈركىستانلىق ياشلاردىن بىرقانچىسىنى ئافغانىستانغا ئېلىپ كېلىپ، يەنى مەكتەبلەردە ئوقۇتتى ۋە بۇلاردىن بەزىلىرىنى تۈركىيىگە ئەۋەتىپ ھەربىي مەكتەپتە ئوقۇتتى.

2 - دۇنيا ئۇرۇشى جەريانىدا شەرقىي تۈركىستاننىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىدە چوڭ ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى. مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا، بۇ ئۆزگىرىشلەردىن پايدىلىنىش بىلەن ۋەزىيەتكە ماسلىشىپ شەرقىي تۈركىستان مىللىي ئازاتلىق كۈرىشىنى«قەلەم كۈرىشى » يولى بىلەن، يەنى، سىياسىي ۋە ئىدىيىۋى سەپلەردە ئېلىپ بېرىشنىڭ ۋاقتى كەلگەنلىكىنى ھېس قىلدى ۋە چىن ھۆكۈمىتى بىلەن دىئالوگ ئورنىتىشنىڭ يوللىرىنى تەتقىق قىلىشقا باشلىدى.

شۇ پەيتتە(1940 - يىلى) ئەيسا يۈسۈپ ئالپتېكىن چىن مۇسۇلمانلىرى دوستلۇق ھەيئىتىنىڭ باشلىقى بولۇپ ئافغانىستانغا كەلگەندى. مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ چىن ھۆكۈمىتى بىلەن ئالاقە قىلىش يوللىرى ھەققىدە ئەيسا ئالپتېكىن بىلەن ئۇزۇن مۇزاكىرىلەر ئېلىپ بېرىپ، بىر پىكىرگە كېلىشتى. مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا، خاتىرىسىدا بۇ مۇزاكىرىنى مۇنداق دەپ يازىدۇ: « ئەيسا بەگدىن جاڭ كەيشى قاتارلىق چىننىڭ مۇھىم رەھبەرلىرىگە خەت يېزىپ ئەۋەتتىم. بىرمەزگىلدىن كېيىن چىن ھۆكۈمىتىدىن مېنىڭ ھىندىستانغا كېلىپ جۇڭگو - تۈركىستان ئورتاق مەنپەئەتلىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشىمغا قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ جاۋاپ خەت كەلدى....» مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا، پائالىيەتلىرىنى تېخىمۇ ئەركىن ۋە كەڭتاشا ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن، 1942 - يىلى ھىندىستاننىڭ پىشاۋۇر شەھىرىگە كەلدى[8]. بۇقېتىم كالكۇتتىدىكى چىن باش كونسۇلى چىن مەركىزى ھۆكۈمىتىنىڭ

[8] ھازىرقى پاكىستاندا(ن. ش. ھ.).

مۇھەممەد ئىمىن بۇغرانىڭ ھىندىستاندا تۇرۇشىغا قوشۇلمايدىغانلىقنى ۋە چاپسانراق چىنگە كېتىشنى تەلەپ قىلماقتا ئىدى. مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا چىنغا بېرىشنى رەت قىلدۇ. نەتىجىدە، ھىندىستان خەلقىنىڭ مىللىي ئازاتلىق ھەرىكەتلىرىنى باستۇرۇۋاتقان ئىنگلىز دائىرىلىرى، ياپۇن ئۇرۇشىنىڭ ھىندىستانغا يېقىنلىشىپ كېلىۋاتقان بىر مەزگىلدە مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا دەك بىر مىللىي ئازاتلىق رەھبىرىنى «خەتەرلىك ئۇنسۇر» دەپ پىشاۋۇر، مەركىزى تۈرمىسىدا نازارەت ئاستىغا ئالدى. 1943 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى، چىنغا كېتىش شەرتى بىلەن قويۇپ بېرىلدى.

مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا، 1945 ـ يىلغا قەدەرچۇڭچىڭ(چىننىڭ ئۇرۇش مەزگىلدىكى پايتەختى) دا تۇردى. بۇ مەزگىلدە چىن ئىستېلاچىلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىرى بىلەن يۈزمۇ ـ يۈز تۇرۇپ، سىياسىي مىللىي ئىنقىلاب ئېلىپ باردى. سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي تەشكىلاتلاردا شەرقىي تۈركىستاننىڭ مىللىي ئازاتلىق داۋاسىنى ئاڭلاتتى. مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا نىڭ كېلىشىدىن ئىلگىرى چىنغا كېلىپ، ئولتۇراقلاشقان مىللىي مۇجاھىد سەپداشلىرى دوختۇر مەسئۇد سەبرى بايقۇزى، ئەيسا يۇسۇپ ئالپتېكىن، قادىرئەفەندى سامانى ۋە ئىسمائىل ئەفەندى قاتارلىقلار بىلەن «يۇرتداشلار جەمئىيتى» دە سىياسىي ساھادا بىرلىكتە كۆرەش قىلدى. چىن خەلق ئاممىسىغا شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنى تونۇشتۇرۇش، ھۆكۈمەت بېشىدىكى گومىنداڭ پارتىيىسىنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا قارىتا يۈرگۈزۈۋاتقان «چوڭ چىن مىللەتچىلىك » سىياسىتىنى پاش قىلىش ۋە ئۇنىڭغا بىرلىكتە قارشى تۇرۇشنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن چىن نەشرىيات، ئاخبارات ئورگانلىرىدا چىنچە چىقىدىغان گېزىت. ژورناللاردا ماقالىلار يېزىپ ئېلان قىلدى. بۇ ماقالىلارچىن ئەپكار ئاممىسى ئارىسىدا زور تەسىر قوزغىدى

قەلەم كۆرەشلىرى داۋامىدا ئەڭ كۈچلۈك تەسىر پەيدا قىلغان ماقالىلىرىدىن بىرى 1944 ـ يىلى 10ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى. چۇڭچىڭدا چىقىدىغان ھۆكۈمەتنىڭ ئورگان گېزىتى«داگۇڭباۋ» دا ئېلان قىلىنغان «شىنجاڭ ئەمەس شەرقىي تۈركىستان» ۋە « شەرقىي تۈركىستانلىقلار تۈركتۇر» دېگەن ماۋزۇلاردىكى ماقالىلار ئىدى. ئىلمىي بەس ـ مۇنازىرە شەكلىدە داۋام قىلغان بۇماقالىلارمەھەممەد ئىمىن بۇغرانىڭ ئاتاقلىق چىن مىللىيەتچى تارىخ ئالىمى لى دۇڭفاڭنىڭ شەرقىي تۈركىستاننى چىننىڭ بىر پارچىسى، دەپ، ئوتتۇرىغا قويغان «داگۇڭباۋ» دىكى ماقالىسىغا رەددىيە بېرىپ يېزىلغان ماقالىلىرى ئىدى. مۇھەممەد ئىمىن بۇغرانىڭ ئىلمىي ئاساستا ۋە پۈتۈنلەي چىن تارىخى ماتېرىياللىرىنى پاكىت قىلىپ، رەددىيە بەرگەن بۇماقالىلىرى ئالدىدا لى دۇڭفاڭ «جاۋابسىز» قالدى ۋە ئۆزىنىڭ مەغلۇپ بولغانلىقنى ئېتىراپ قىلدى. بۇنىڭغا ئوخشاش ئىلمىي ۋە ئاشكارا مۇنازىرىلەر چىن پارلامېنتىدا، چىننىڭ داھىسى سۇن جۇڭسەننىڭ ئوغلى دوختۇرسۇن باشچىلىقىدىكى بىرتۈركۈم پارلامېنت ئەزالىرىدىن تەركىپ تاپقان شەرقىي تۈركىستان داۋاسىغا ھېسداشلىق قىلىدىغان بىرگۇرۇپپىنىڭ مەيدانغا چىقىشىغا سەۋەپ بولدى. چىننىڭ ئاتاقلىق ئالىملىرىدىن تارىخشۇناس جيەن بۇجەن، تىلشۇناس گومورۇ ۋە ماجۇڭيىڭلار

بۇغرانى يوقلاپ كېلىپ، تەبرىكلىدى ۋە ھېسداشلىق قىلدى. مۇھەممەدئىمىن بۇغرا، 1943 ـ يىلى چىنىنىڭ ئاساسى قانۇن تۈزۈپ چىقىش قۇرۇلتايىغا سەپداشلىرى بىلەن بىرلىكتە شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىرتەكلىپ لايىھەسىنى بەردى. بۇتەكلىپ لايىھەسىنىڭ مۇھىم ماددىلىرىدا «شىنجاڭ» دېگەن سۆز نى «تۈركىستان » دەپ تۈزۈتۈلىشىنى ھەمدە تۈركىستان مىللىتىنىڭ «تۈرك» ئىكەنلىكىنى ئوچۇق ۋە ئېنىق بىرشەكىلدە ئوتتۇرىغا قويۇشنى تەلەپ قىلدى.

1945 ـ يىلى، چىندا يالغۇز بىرپارتىيە ھاكىمىيەت بېشىدا بولغان تۈزۈمدىكى گومىنداڭنىڭ چوڭ قۇرۇلتايىدا چىن دۆلەت باشلىقى شەرقىي تۈركىستانغا قارشى قارار چىقارماقچى بولغاندا. مەجلىستىكى شەرقىي تۈركىستان ۋەكىللىرى بۇنىڭغا نارازىلىق بىلدۈرۈپ مەجلىسنى تاشلاپ چىقىپ كېتىشنى(بويقۇت قىلىشنى) قارار قىلغاندا مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا قىلچە ئىككىلەنمەستىن چىن دۆلەت باشلىقى قاتناشقان قۇرۇلتايىنى نارازىلىق بىلدۈرۈپ، تاشلاپ چىقىپ كەتكەن. بۇ چىنىنىڭ قۇرۇلتايلىرىدا ئىلگىرى كۆرۈلۈپ باقمىغان بىر نارازىلىق ھەرىكىتى ئىدى. مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا، بۇ ھادىسە ھەققىدە خاتىرىسىدە مۇنداق دەپ يازغان: **«مەجلىس باشلاندى. مەن مەجلىس رەئىسى ئولتۇرغان سەھنە ئالدىغا كەلدىم. يىغىن زالىغا بىرقاراپ چىقتىم ۋە ئودۇل ماڭغان پېتىم زالدىن يۈرۈپ، يىغىننى تاشلاپ چىقىپ كەتتىم. پۈتۈن ۋەكىللەر ماڭا ھەيرانلىق بىلەن قاراپ قېلىشتى. بۇ بىر «بويقوت» ئېلان قىلىشقا ئوخشاش ھەرىكەت بولدى. مەندەك يالغۇز بىر كىشىنىڭ مەجلىسنى تەرك ئېتىپ چىقىپ كېتىشىگە باشقىلار ئانچە پەرۋامۇ قىلماس ئىدى. لېكىن، مەن بۇنى ۋەتىنىم ئۈچۈن بىر شەرەپ نامايىشى دەپ بىلىپ، ئاقىۋەتىنىڭ نېمە بولىشىغا ھېچ پەرۋا قىلماستىن بۇ ھەرىكەتنى قىلدىم.»**

مۇھەممەد ئىمىن بۇغرانىڭ يۇقىرىقىدەك پائالىيەتلىرى نەتىجىسىدە، چىن مەركىزى ھۆكۈمىتى شەرقىي تۈركىستان توغرىسىدىكى بەزى مەسىلىلەردە تېخىمۇ راتسىئۇنال بىر سىياسەت ئىجرا قىلىشنىڭ كېرەكلىكىنى سەزدى.

1945 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىلىرىدا مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا شەرقىي تۈركىستانغا كەلدى. شەرقىي تۈركىستاندا ۋەزىيەت بەكمۇ ئېغىر ئىدى.گومىنداڭ مەركىزى ھۆكۈمىتى شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىدە پۈتۈنلەي ئېككى يۈزلىمچىلىك سىياسەت يۈرگۈزمەكتە ئىدى. ئىشلار ئېغىزدا بىرخىل ۋە ئەمەلىيەتتە باشقا بىرخىل ئىجرا قىلىنماقتا ئىدى. ۋەدە قىلىنغان ئىسلاھاتلارنىڭ ھەممىسى قەغەز يۈزىدىلا قالدى. چىن ھاكىمىيتى شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى ئىككىنچى سىنىپ پۇقرا قاتارىدا تۆۋەن كۆرۈپ، ھاقارەتلەپ، مۇئامىلە قىلاتتى. شەرقىي تۈركىستاننىڭ مىللىي بايلىقىنى ئوچۇقتىن ـ ئوچۇق تالان ـ تاراج قىلىپ ئىچكىرىگە توشۇماقتا ئىدى. مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا چىن ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ قىلمىشلىرىغا قارشى پائالىيەت باشلىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئالدى بىلەن مىللىي ئويغىنىش، مىللىي سەۋيىنى يۈكسەلدۈرۈشنى ئاساس قىلغان ئاقارتىش پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ باردى. چىندىن يېڭى قايتىپ كەلگەن

سەپداشلىرى مەسئۇد سەبرى ۋە ئەيسا ئالپتېكىن بىلەن بىرلىكتە، «ئالتاي ژورنىلى» ۋە «ئەرك» كۈنلۈك گېزىتىدە ماقالىلار ئېلان قىلىپ، مىللەتنى ئويغىتىش پائالىيەتلىرىنى تېخىمۇ كەڭ قانات يايدۇردى. بۇ پائالىيەتلەر قىسقا بىرۋاقىت ئىچىدە مېۋە بىرىشكە باشلىدى. بۇ ۋەزىيەتتە مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا شەرقىي تۈركىستاندا بىر سىياسىي پارتىيە قۇرۇشنىڭ پەيتى كەلگەنلىكىنى سەزدى ۋە «شەرقىي تۈركىستان مىللەتچى پارتىيىسى» نى قۇرۇشنىڭ ئالدىنقى باسقۇچىنى تاماملىدى. بۇقېتىم روس كونسۇلى ۋە چىن هۆكومەت دائىرىلىرى بۇنىڭغا قاتتىق نارازىلىق بىلدۈرۈپ قارشى چىقتى. نەتىجىدە، پارتىيە رەسمى پائالىيەتكە ئۆتەلمىدى. چىن مەخپى ساقچىلىرى مۇھەممەد ئىمىن بۇغرانىڭ هەرىكەتلىرىنى كۆزىتىشكە باشلىدى. خوتەندە سايلام ئىشلىرىنى كۆزدىن كۆچۈرۈشكە بارغاندا چىن ساقچى ئىدارىسى تەرىپىدىن پىلانلانغان مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا نى ئۆلتۈرىۋېتىش سۈيقەست پىلانى پاش بولۇپ قالدى. كىرىيىدە مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا نى قارشى ئېلىش ئۈچۈن يىغىلغان خەلق ئۈستىگە چىن ئەسكەرلىرى ئوق چىقىرىپ يەتتە كىشنى ئۆلتۈردى.

مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا، شەرقىي تۈركىستاندا 1947 ـ يىلى قۇرۇلغان ئۆلكىلىك هۆكۈمەت ئەزاسى ۋە تەمىرات نازىرلىقىغا تەيىن قىلىندى. شۇنداقلا «ئەرك» گېزىتىنىڭ باش مۇھەررىرى ۋە ئۇيغۇرئۇيۇشمىسى ئىلمىي هەيئەت رەئىسى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان. ئۈرۈمچى دارىلفۇنۇنىنىڭ پەخرى پروفېسسور ئۇنۋانى بىلەن دەرس بەرگەن ۋە بىرقانچە ئىلمىي كونفرانسلاردا دوكلاتلار بەرگەن. ئۈنىۋېرسىتېت تارىخىدا تۇنجى قېتىم «ئاتوم ئېنېرگىيىسى» ئۈستىدە ئىلمىي لېكسىيە سۆزلەپ، كۆپ تەسىر قوزغىغان. 1948 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى، ئۆلكىلىك هۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە تەيىنلەنگەن.

1949ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى، شەرقىي تۈركىستان چىن كوممۇنىستلىرى تەرەپىدىن ئىستېلا قىلىنغاندا ئائىلىسى ۋە بىرقىسىم سەپداشلىرى بىلەن هىندىستانغا هىجرەت قىلدى ۋە شۇنىڭ بىلەن مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا نىڭ ئىككىنچى مۇھاجىرەت هاياتى باشلاندى. بۇجەرياندا كوممۇنىست دەهشىتىدىن ۋەتەننى ۋە بار ـ يوق هەر نەرسىسنى تاشلاپ چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولغان مىڭلارچە شەرقىي تۈركىستانلىق كەشمىرگە يىغىلغان ئىدى. بۇلار ئۈچۈن دەرهال بىرئىنسانى ياردەم، يەنى، يېمەك ـ ئىچمەك ۋە باشلىرىنى قويۇپ ياتالىغىدەك بىرماكان تېپىش كېرەك ئىدى. غەربىي تىبەتتە يەنە، يۈزلەرچە كىشى پانا تىلەپ، چېگرادىن ئۆتۈش ئۈچۈن توپلانغان ئىدى. ئۇلار ئارقىدىن قوغلاپ كېلىۋاتقان چىن ئەسكەرلىرى ۋە چېگرانى توسۇپ تۇرۇۋاتقان هىندىستان چېگرا قىسملىرى ئوتتۇرىسىدا قىسىلىپ قالغان ئىدى، مانا بۇلارنى دەرهال هەل قىلىش ئۈچۈن چارە تېپىش مۇهاجىرلىرىمىز ئۈچۈن هايات ـ ماماتلىق بىرمەسىلە ئىدى. مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا ئەهۋالغا كۆرە، بەزىدە «شەرقىي تۈركىستان مىللەتچى پارتىيىسى باشلىغى»، «سابىق شەرقىي تۈركىستان ئومۇمىي ۋالى مۇئاۋىنى» ۋە بەزىدە « پانا

هايات ـ ماماتلىق بىرمەسىلە ئىدى. مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا ئەھۋالغا كۆرە، بەزىدە «شەرقىي تۈركىستان مىللەتچى پارتىيىسى باشلىقى»، «سابىق شەرقىي تۈركىستان ئومۇمىي ۋالى مۇئاۋىنى» ۋە بەزىدە « پانا تىلەپ چىققان يۇرتداشلىرىنىڭ ۋەكىلى» سۈپىتىدە كەشمىر ھۆكۈمەت ئەربابلىرى بىلەن ، ھىندىستان ھۆكۈمىتى ۋە تاشقى ئىشلىرى مىنىستىرلىكى بىلەن ئالاقە باغلاپ، مۇزاكىرىلەر ئېلىپ باردى. ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ۋە تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتىگە مۇراجىئەت قىلدى. مۇھەممەد ئىمىن بۇغرانىڭ ئەيسا ئالپتېكىن ۋە باشقا سەپداشلىرى بىلەن بىرلىكتە ئېلىپ بارغان جاپالىق تىرىشچانلىقلىرى قىسقا بىرۋاقىت ئىچىدە نەتىجە بەردى ۋە مۇھاجىرلار ۋاقىتلىق بولسىمۇ ھىندىستان ھۆكۈمىتىنىڭ قولايلىق يارىتىپ بېرىشىگە ئېرىشتى.

تۈركىيە ھۆكۈمىتىگە ئارقا ـ ئارقىدىن ئىلتىماس قىلىپ، مۇھاجىرلىرىمىزنى تۈركىيىگە قوبۇل قىلىشنى تەلەپ قىلدى . 1952ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى تۈركىيە ھۆكۈمىتى مىنىستىرلار كابىنىتى رەسمىي قارارنامە ماقۇللاپ 1850 نەپەر شەرقىي تۈركىستانلىق پانا تەلەپ قىلغۇچىلارنى «ئىسكانلىق (ئولتۇراقلاشقان) كۆچمەن» سۈپىتى بىلەن تۈركىيىگە كېلىپ يەرلىشىشنى قوبۇل قىلدى. شۇنداقلا يۇقىرىقىدەك 1949ـ ۋە 1952 ـ يىللىرى ئارىسىدا سەئۇدى ئەرەبىستانغا بېرىپ تۇرغان يۇرتداشلىرىمىزنىڭ ئىقامەت (ئولتۇراقلىشىش رۇخستى) مەسىلىلىرىنىمۇ يۇقىرىقىدەك تىرىشچانلىقلار بىلەن ھەل قىلدى.

مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا، 1952 ـ يىلى تۈركىيەگە كەلدى ۋە 1955ـ يىلى تۈركىيەجۇمھۇرىيىتى پۇقرالىقىغا ئۆتتى. بۇ، دۇنيادا «سوغۇق ئۇرۇش» نىڭ تازا ئەۋج ئالغان دەۋرى بولۇپ، تۈركىيە «غەرب دۇنيا» سېپىگە مەنسۇپ بولغان ۋە كورىيە(چاۋشەن) ئۇرۇشىغا قاتناشقان ئىدى. بۇغرا بۇ ۋەزىيەتتە، سوۋېت رۇسىيەسى ۋە چىن كوممۇنىستلىرىغا بىرلىكتە قارشى تۇرۇشنىڭ مۇھىملىقىنى تەشەببۇس قىلغان ۋە غەربىي تۈركىستانلىق، كافكاسىيە، ئىدىل ئورال ۋە ئەزەربەيجانلىق مىللىي رەھبەرلەر بىلەن «تۈرك ـ بىرلىكى»، «تۈرك ئورتاق فرونتى» غا ئوخشاش تەشكىلاتلارنى قۇرۇشقا كۈچ چىقىرىپ، 1953 ـ يىلى ئىستامبۇلدا، تۈركچە« Türkistan » ئىسىملىك ئايلىق ژورنال چىقاردى. شۇنداقلا شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ داۋاسىنى ۋە جاپالىق كۈرەشلىرىنى تۈرك خەلقىگە ۋە پۈتۈن دۇنيا جامائەتچىلىكىگە ئاڭلىتىش ئۈچۈن ھارماي ـ تالماي ئىشلىدى. 1956 ـ يىلى تۈركچە ۋە ئىنگلىزچە تىللىرىدا «تۈركىستان ئاۋازى» ئىسىملىك ژورنالنى چىقاردى. ئەرەپ ۋە ئاسىيا دۆلەتلىرىگە بېرىپ، ۋەتەن داۋاسىنى ئاڭلاتتى. ئۇنىڭ «ئازاتلىق رادىئوسى» ۋە « ئامېرىكا ئاۋازى» قاتارلىق رادىئولاردىن سۆزلىگەن تۈركچە، ئەرەبچە ۋە پارسچە نۇتۇقلىرى ئوتتۇرا ۋە يېقىن شەرقتە، پۈتۈن دۇنيادا ۋە شەرقىي تۈركىستاندا ياڭرىدى.

1952 ـ يىلدىن باشلاپ، دۇنيا ئىسلام تەشكىلاتىنىڭ شەرقىي تۈركىستان ۋەكىلى بولدى. بۇ تەشكىلاتنىڭ مەككە، باغدات، كاراچى، تاھران ۋە قاھىرە قاتارلىق يىغىنلىرىغا قاتناشتى. 1958 ـ يىلى

دۇنيا جامائەتچىلىگىنىڭ ۋە بولۇپمۇ، ئىسلام دۇنياسىنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن پەۋقۇلئادە كۈچ سەرپ قىلدى. مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا شۇيىللاردا: *DoğuTürkistan'ninTarihi,Coğrafi ve Şimdiki Durum* (1952 ـ يىلى، ئىستانبۇل) ۋە *DoğuTürkistaninHürriyet Davasi ve Çin siyaseti* (1954 ـ يىلى، ئىستانبۇل) ئەسەرلىرىنى نەشرقىلدى. بۇلاردىن كېيىنكىسى تەيۋەن (گومىنداڭ) ھۆكۈمىتى دۆلەت ئەربابى جۇجياخۇا بىلەن شەرقىي تۈركىستان ھەققىدە ئېلىپ بېرىلغان مۇنازىرىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ بۇ ھەر ئىككى ئەسەرجۇمھۇرىيەت تۈركچىسىدىن، ئىنگلىزچىغىمۇ تەرجىمە قىلىندى.

ئۇندىن باشقا، شۇچاغلاردىكى گومىنداڭنىڭ تۈركىيەدە تۇرۇشلۇق ئەلچىسىنىڭ شەرقىي تۈركىستان ھەققىدىكى يالغان ـ ياۋىداق باياناتلىرىغا قارىتا رەددىيە بېرىپ ماقالىلەر ئېلان قىلدى.

مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا مەيلى ياش تالىپ ياكى مۇدەررىسلىك چاغلىرىدا بولسۇن، مەيلى ئۈرۈمچىدە، چۆگۈچەكتە، مەيلى كەشمىردە، پامىر تاغلىرىدا بولسۇن، ئەنقەرەدە ھاياتىنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىگىچە بولسۇن، ئۇيغۇرچە ـ تۈركچە، ئەرەبچە، فارسچە، مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىنغان ۋە ياكى ئېلان قىلىنمىغان، 1400 مىسراغا يېقىن شېئىرلىرىدا باشتىن ـ ئاخىر قىلچە ئىككىلەنمەستىن ئۆزىنىڭ پاك ۋىجدانىنى، ۋەتەن مىللەت ئۈچۈن بارلىقىنى بېغىشلاشتەك جەسۇر روھىنى ئىپادىلىدى. ئۇنىڭ پامىرتاغلىرىدىكى سەپىرى جەريانىدىكى جاپالىق كەچۈرمىشلىرىنى بايان قىلغان ئېپىك داستانى، «شۇڭقارىم» ناملىق لىرىك شېئىرى، «ۋەتەن بىزنىڭدۇر» قاتارلىق شېئىرلىرى خەلقنىڭ قايغۇسى بىلەن تەڭ قايغۇرۇپ، خەلقنىڭ دەردى بىلەن تەڭ يىغلايدىغان ئىچكى روھىي دۇنياسىنى ئېچىپ بەرسە، «ئويغان مىللەت، سىلكىن، توپلان» قاتارلىق شېئىرلىرى مىللەتنى ھۆرلۈك، ئازاتلىق ۋە ئەركىنلىك ئۈچۈن كۈرەشكە چاقىرغان جەڭگىۋار شېئىرلىرىدۇر.

بۇغرانىڭ تۈرلۈك شەكىلدە يېزىلغان شېئىرلىرى تىلىنىڭ رەڭدارلىقى، ئىستىلىستىك ۋاستىلىرىنىڭ بايلىقى، لىرىك ھېسسىياتىنىڭ كۈچلۈكلىگى ۋە تۇراق، ۋەزىن، قاپىيىلىرىنىڭ مۇكەممەللىگى بىلەن ئۇيغۇر شېرىيىتىدە مەڭگۈ ئۇنتۇلمايدىغان ئەدەبىي قىممىتىنى نامايان قىلماقتا.

مۇھەممەد ئىمىن بۇغرانىڭ پۈتۈن ھاياتى دىن، مىللەت ۋە ۋەتەن يولىدا جاپا ـ مۇشەققەتلىك، تىلارغاگە داستان بولىدىغان، قىلىچى ۋە قەلىمى بىلەن ئېلىپ بارغان كەسكىن كۈرەشلەر بىلەن تولغان. ئۇ شەخسىي ھاياتىدا مۇستەھكەم ئىرادە بىلەن ئاددى ـ ساددى ياشىدى. بۇجەسۇر ئىرادىسىنى چۈك ئۈمىتلەر بىلەن داۋام قىلىۋاتقان بىرچاغدا ئۇنىڭ ھارماس يۈرىكى 1965 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى، چۈش ۋاقتى بىلەن، ئەنقەرەدىكى ئۆيىدە سىلىشتىن توختىدى. مەرھۇمنىڭ جىنازىسى رەسمىي دۆلەت مۇراسىمى بىلەن تۈركىيەجۇمھۇرىيىتىنىڭ ئال بايرىقى ۋە شەرقىي تۈركىستاننىڭ كۆك بايراقلىرىنى يۆپۈق قىلىپ ئەنقەرە دىكى ئەسرى مازارلىقتا دەپنە قىلىندى.

بۈگۈن، بۇغرانىڭ تۇپراق بېشى ئەنقەرەگە يولى چۈشكەن ھەرقانداق بىرشەرقىي تۈركىستانلىقنىڭ چوقۇم زىيارەت قىلىدىغان بىر يېرى بولۇپ قالدى.

ياتقان يېرى جەننەت بولسۇن !

## نەشر قىلىنغان ئەسەرلىرى

**«شەرقىي تۈركىستان تارىخى»** - بىرىنچى نەشرى كەشمىر، 1941 - يىلى. ئىككىنچى نەشرى**(مىللىي ئىنقىلاب قىسمى)** كەشمىر، 1971 - يىلى. **تولۇقلانغان نەشرى** ئەنقەرە، 1987 - يىلى.

**«قصائد وطنيه»** - ( ئۇيغۇرچە، پارسچە، ئەرەبچە شېئىرلىرى توپلىمى) كابۇل، 1942 - يىلى.

**«ۋەتەن قايغۇسى»** - (تولۇقلانغان شېئىرلار توپلىمى) ئەنقەرە، 1990 - يىلى.

**«قەلەم كۆرىشى»** -(ئۇيغۇرچە) بىرىنچى نەشرى ئۈرۈمچى، 1947 - يىلى. ئىككىنچى نەشرى ئەنقەرە، 1990 - يىلى.

**«قۇتلۇق تۈركان ئوپېراسى»**( ئۇيغۇرچە) بىرىنچى نەشرى ئۈرۈمچى، 1948 - يىلى. ئىككىنچى نەشرى ئەنقەرە، 1990 - يىلى.

«Türk Yürtlarında Arab -İslam Futuhatı» (تۈركچە) ئىستانبۇل، 1954 - يىلى.

«Doğu Türkistan'ın,Tarihi Coğrafi ve Şimdiki Durumu» (تۈركچە) ئىستانبۇل، 1952 - يىلى.

« Doğu Türkistan'ın Hürriyet Davası ve Çin Siyaseti» (تۈركچە) ئىستانبۇل، 1954- يىلى.

«Doğu Türkistan Kızıl Muhtariyeti Red eder» (تۈركچە) ئەنقەرە، 1955 - يىلى.

«Taşkent Konferansın'in İç Yüzü ve Kominist MemleketlerdekiYazarların- Durumu» (تۈركچە ۋە ئىنگلىزچە) ئەنقەرە، 1959 - يىلى.

« Tibet ve Doğu Türkistan Hakkında Bilinmeyen Siyasi Konular» (تۈركچە)1959- يىلى.

«Dehli Konferansı ve Tibet» (تۈركچە ۋە ئىنگلىزچە) ئەنقەرە، 1960 - يىلى.

«Doğu Türkistanda Radioaktif Serpintimı ya Kızıl Komplomu?» (تۈركچە) ئەنقەرە، 1961 يىلى.

«Şarki Türkistan ve Hürriyet Savaşları» (تۈركچە)، ئەنقەرە، 1962 - يىلى.

**تەرجىمە ئەسەرى:**

**«تارخ رشيدى»**: مىكرو فىلىمگە ئېلىنغان ئورگىنال قوليازمىسى، پارسچە نۇسخىسى ۋە بىرىنچى تومىنىڭ

جۇمھۇرىيەت تۈركچىسىگە تەرجىمىسى. ( بۇماتېرىياللارنىڭ بىر فوتو كوپىيىسى بۇغرا ئائىلىسى تەرەپىدىن ھاجى نۇرھاجى ئارقىلىق چىن تارىخ پەنلىرى ئاكادېمىيىسىگە بېرىلدى).

**نەشىر قىلىنىشنى كۈتۈپ تۇرغان ئەسەرلىرى:**

شەرقىي تۈركىستان تارىخى 2 ـ توم (ئورگىنال ۋەسىقىلەر ۋە ئىزاھاتلار قىسمى).

خەلقئارا يىغىنلاردا سۆزلەنگەن نۇتۇقلار.

خەلقئارا تەشكىلاتلارغا، ھۆكۈمەتلەرگە يوللىغان مۇختىرا (مېمۇراندۇم) لار ۋە مەكتۇپلىرى.

گېزىتچى ۋە ژورنالىستلارغا بەرگەن باياناتلىرى.

دۆلەت ئەربابلىرى ۋە ئالىملار بىلەن يېزىشقان خەتلىرى.

نوت (شەخسىي قىسقا خاتىرە) لىرى ۋە مەكتۇبلىرى.

بۇغرا ئائىلىسىنىڭ ئالبوملىرىدىن تاللانمىلار (فوتو رەسىملەر) .

:::::::

## تەقرىز (بېغىشلىما) لار

**ميان ھەسەنخان**

كابۇل دارىلمۇئەللىمىن مۇدىرى

**( ئەسلى يەركەنلىك)**

كابۇل، 1940

شەرقىي تۈركىستاننىڭ پىداكار مىللەتچىسى، بۈيۈك مۇجاھىدى تالانتلىق ئالىم مۆھتەرەم مۇھەممەد ئىمىن ھەزرەتلىرىنىڭ ۋۇجۇتقا چىقارغان بۇقىممەتلىك ئەسەرى، ھەقىقەتەن شەرقىي تۈركىستان مىللىتى ئۈچۈن مىسلىسىز ھەدىيە ۋە بىر خوشاللىق بىشارىتىدۇر. شۇنىسى ئېنىقكى، بۇنداق ئەتراپلىق ۋە مۇكەممەل بىرئەسەرنىڭ يالغۇز بىر زات تەرەپىدىن رەتلىنىپ قەلەمگە ئېلىنىشى، بەكمۇ مۇشكۇل مۇشەققەتلىك ئىش بولۇپ، تىنىم تاپماي ئىزدىنىش ۋە كۆرەش قىلىش بىلەنلا مۇمكىن بولىدۇ. ئەجەبا! شۇنچىلىك جاپا مۇشەققەتكە بەرداشلىق بېرىپ، ھارماستىن تىرىشىپ، بۇ قەدەر كۆرەش قىلىشتىكى مەقسەت ۋە تۈيغۇ نېمە؟ ئۆزىنى كۆرستىشمۇ؟ ياكى شۆھرەت قازىنىشمۇ؟ ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس! كۈنلەر، ھەپتىلەر، ئايلار ۋە يىللار مەشغۇل بولۇپ، ئۆتمۈشتە قالغان، ھەتتا، ئىزىدىن ئەسەرمۇ قالمىغان بۇ تارىخى ھادىسىلەرنى ئىككىنچى قېتىم جانلاندۇرۇپ ۋە ئۈنجى قېتىم مىللەتنىڭ تارىخ سەھىپىلىرىنى بۇ پەخىرلىنىشكە لايىق ۋەقەلىكلەر بىلەن زىننەتلەپ جابدۇغان تۈيغۇ ۋە مەقسەت. ھەرقانداق بىر تەمەننا ۋە شۆھرەت قازىنىش ئارزۇسىدىن تامامەن پاك بىر ئالىي غايە ۋە مەپكۇرىدىن

ئىبارەتتۇر. يۈرەككە يەرلەشكەن ۋەتەن ئىشقى ۋە پۈتۈن روھنى قاپلىغان مىللەت قايغۇسىدۇر. بۇ زات چوڭقۇر ئىلمى ۋە ئاساسلىق ھېسسىياتلىرى بىلەن شۇنى چۈشىنىپ يەتكەنكى، تارىخى مەلۇم بولمىغان مىللەتنىڭ ئەسلى - نەسلى ۋە تېگى - تەكتىمۇ مەلۇم بولمايدۇ. بۇخۇددى بىر كىشىنىڭ شەخسى ھاياتىدا، ئۆتمۈشتىكى ھادىسىلەرنى ئەسلىمىگىنىدە، ھېچقانداق بىر ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقالمىغىنىغا ئوخشايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىر مىللەت ئىجتىمائىي ھاياتتا تارىخسىز بىر مىللىي ۋەقەنى ياخشى چۈشىنىپ توغرا تەھلىل قىلالمايدۇ. ئۆتكەن ۋەقەلىكلەر يالغۇز، بولۇپ ئۆتكەنلىكى جەھەتتىلا ئەمەس، بەلكى، ۋەقەلىكلەر نىڭ ھازىرقى ۋە كەلگۈسى ھاياتىمىز ئۈچۈن غايەت زور تەسىرى بولغانلىقى ئۈچۈن ئەھمىيەتلىكتۇر.

بىرمىللەتنىڭ ئويغۇنۇشى ۋە ئۆزىنى تونۇشى، شۇ مىللەت ئىچىدىن چىققان تارىخچىلىرىنىڭ كىشىنى ھەيرەتتە قالدۇرغىدەك چوڭ خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى يەنە، تارىختىن مەلۇمدۇر. ئۆتمۈش تارىخى بولمىغان بىر مىللەتنىڭ ئەھۋالى، بىر تەرەپتىن ئۆتمۈشىنىڭ قاراڭغۇلۇقى يەنە بىرتەرەپتىن كەلگۈسىنىڭ بىلىنمەسلىكىدىن ئىبارەت گۇمانلىق ۋە پەرىشان بىر مەنزىرىدە قالىدۇ. چۈنكى، بىرمىللەتنىڭ ھازىرقى ۋە كەلگۈسىدىكى قىيىن مەسىلىلىرى ئۆتمۈشتىكى ھادىسەلەردىن تەجرىبە - ساۋاق ئېلىش بىلەن ھەل بولىدۇ.

بىرمىللەتنىڭ ئۆتمۈشتىكى ئەنئەنىۋى دەۋرى، قۇرغان ھەشەمەتلىك دۆلەتلىرى، غەيرەتلىك كۆرەشلىرى ۋە ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ شانلىق تارىخى ئۇمىللەتنىڭ روھىي جەھەتتە ۋە مىللىي مەدەنىيەتنىڭ يۈكسىلىشىدە ئەڭ زور تەسىركۆرسەتكۈچى ئامىل بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. بۇ مۆھتەرەم زات مەزكۇر ئەسىرىنى يېزىپ چىقىپ ۋە نەشىرقىلىپ، بۇ ئۇلۇغ غايەلەرنى كۆزدە تۇتۇپ، جاپا مۇشەققەتكە چىداپ مىللى ۋەزىپىسىنىڭ ئەڭ ئۇلۇغىنى ئەمەلگە ئاشۇردى. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ قىممەتلىك ئەسەرنىڭ نەشىر قىلىنىشى مۇناسىۋىتى بىلەن پۈتۈن ۋەتەنداشلىرىمنى تەبرىكلەيمەن. بۇئەسەرنى ئوقۇغان چاغلىرىدا ئۆتمۈشتىكى بىرھېكايىنى ئوقۇپ چىققاندەك ئەمەس، ھەربىر پەسلىنى ھەر بىر بابىنى ئوقۇغاندىن كېيىن بىر ئاز بولسىمۇ مىللەت ۋە ۋەتەن چۈشەنچىسى بىلەنمۇ مەشغۇل بولۇپ قويۇشنى سورايمەن.

**ئسمائل هېكمەت بەگ**

تۆركيەهۆكۆمتى ماائارىپ منىسترلكنىڭ مۇپەتتىشى،
هازىر ئافغانستان مائارىپ منىسترلكى مەسلهەتچىسى.

كابۇل، 1940

مانا بۇ، بىرتۆرك ئوغلىنىڭ قولى بىلەن قۇرۇلغان ئۆلمەس تۆرك ئابدىسى «شەرقي تۆركستان تارىخى». بۆيۆك تۆرك ۋەتىنىنىڭ بۆگۆن كۆپلىگەن تۆركلەر تەرىپىدىن تامامەن دېگۆدەك ئۇنتۇلۇپ كەتكەن بىر بۇلۇڭى بولغان شەرقي تۆركستان، بۆگۆن بۇ قىممەتلىك ئەسەر سايىسىدە خۇددى بۇلوتلار ئارىسىدىن سۆزۆلۆپ چىققان قۇياشتەك كۆز ئالدىمىزدا پارلىماقتا. ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ بۇ ئەزىز پارچىسى ھەققىدە، ھىندىستاندا تۆرك ئىمپېراتورلىغىنى قۇرۇپ چىققان ئۇلۇغ پادىشاھ، بابۇرشاھنىڭ تۇغقىنى بولغان مىرزا ھەيدەر دوغلات بىر بېباھا ئەسەر يېزىپ قالدۇرغان بولسىمۇ، بۇ ئەسەرنى كۆرۆش ھەركىمگە نېسىپ بولمىغان.

ھاياتتا، تارىخنى ياراتقۇچىلار ۋە تارىخنى يازغۇچىلار بولىدۇ. بۇلار ئايرىم - ئايرىم بىرەر خۇسۇسىيەتكە ئىگە. پەقەت، «شەرقي تۆركستان تارىخى» نىڭ مۇئەللىپى، ئەمىر مۇھەممەد ئىمىن ھەزرەتلىرى ھەم تارىخ ياراتقۇچى ھەم تارىخنى يازغۇچى، ئۇ مەسئۇد، بەختلىك، قەھرىمان بىرتۆرك ئوغلىدۇر. تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ۋەتىنىنىڭ ئەمەللىرى بىلەن جانلانغان، ئەلەملىرى بىلەن يىغلىغان. تېخى ئانا قۇچىغىدا ئىكەن، ئانىسىنىڭ ئەللەي ناخشىلىرىدا، ياشلىقىدا قوشاق ۋە ناخشىلاردا، قەھرىمانلىق ھىكايىلىرىدا پەيداكارلىق ئەپسانەلىرىنى ئاڭلىغان ۋە ئاڭلاپلا قالماستىن، بۇلار مېڭىسىگە، يۆرىكىگە نەقىشلىنىپ، سىڭىپ كەتكەن. ۋەتەنىنىڭ دەرت - ئەلەملىرىنى ئۆزىنىڭ دەردىدەك سەزگەن ۋە ھاياتى بويىچە خەلقىنى بۇ ئىزتىراپلاردىن چوقۇم قۇتقۇزۇشقا چىن قەلبىدىن قەسەمىيات قىلغان. ئالدىغا كەلگەن بۇ پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي، قەھرىمان ئەجداتلىرىنىڭ شان ۋە شەرەپ يادىگارى بولغان ئۆتكۆر قىلىچىنى قولىغا ئالغان. ئاتا- بوۋىلىرىنىڭ جان ھەمراسى بولغان ئاتقا ئاتلانغان بۇغرا، ئەجداتلىرىدىن قالغان ئۆچمەس شەرەپ دەستانلىرىنىڭ بىر يېڭىسىنى تارىخ سەھىپىلىرىگە يازدى. ھەرخىل ھادىسىلەرگە كۆكرەك كېرىپ، تاقابىل تۇرۇشتىن ئەسلاچېكىنمىگەن بۇغرا، ئۆزىدىن نەچچە ئون ھەسسە كۆچلۆك دۆشمەن بىلەن ھارماي - تالماي ئېلىشىپ، ئاخىرىدا، ۋەتەنداشلىرى سېغىنغان غەلىبە ۋە مۇستەقىللىقنى قولىغا كەلتۆردى. ئەپسۇسكى، كاج تەلەي ئالدىدا چارىسىز قالدى. مۇبارەك ۋەتىنىنى قېنى ۋە جېنى بىلەن قوغداش ئۆچۆن، كېچە - كۆندۆز تىرىشقان بۇ قەھرىمان، غىلىپىغا سېلىپ قويغان قىلىچى بىلەن قەلىمىنى ئۇشلاپ، ۋەتەن ئۆچۆن يېڭى بىرجەڭگە ئاتلىنىپ، بۇكۆرەشنىڭ غەلىبە ئابدىسىنى تىكلىدى. مانا بۇ ئابدە «شەرقي تۆركستان تارىخى» دۇر.

## كىرىش ھەرپلىرى بىلەن كۆچۈرگۈچىدىن

**باتۇر راشىدىن**

ئالماتا، 1991

خىتاي مۇستەملىكىچىلىرىنى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن بۇ تارىخ، ئۇيغۇر تارىخى بويىچە ئۆز مىللىي تارىخچىمىز يازغان ۋە تۇنجى مۇكەممەل بىرئەسەر بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. شۇڭا بۇ كىتاب، كېيىن يېزىلغان شەرقىي تۈركىستان تارىخلىرىنىڭ ئاتىسى بولۇپ قالماقتا.

بىزگە مەلۇم بولغىنىدەك، تا ھازىرغىچە ئۇيغۇر تارىخىنى يېزىش خىتاي ھەم روسىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ مونوپولىسىدە بولۇپ كەلمەكتە. ئۇلارنىڭ ئۆز مۇستەملىكىلىرىگە تارىخ يېزىپ بېرىش مەقسىدى شۇنىڭدىن ئىبارەت بولۇپ كەلدىكى، بۇ، چارىسىز، خەلقىنىڭ ئۆزلىرىگە شەرتسىز بويسۇنۇش پسىخولوگىيىسىنى ئۇلاردا شەكىللەندۈرۈشتۇر. مۇستەملىكىچىلەر تەرىپىدىن تېڭىلغان ئەشۇ خىل ئەكسىيەتچى، ساختا تارىخچىلارغا كۈچلۈك رەددىيە بەرگەن مەزكۇر شەرقىي تۈركىستان تارىخى، بىز ئۈچۈن ئۆز تارىخىمىزنىڭ ھەقىقەتىنى بىلىشتە ۋە مۇستەملىكىچى تارىخچىلارغا قارشى رەددىيە بېرىشتە كۈچلۈك قورال بولۇپ كەلدى. شۇنى ئالاھىدە تەكىتلەش لازىمكى، مەھەممەت ئىمىن بۇغرا زامانىسىدا، 1920 ـ 1940 ـ يىللىرى تۈركى خەلقلىرىنىڭ تارىخى بىر تۇتاش «تۈركىستان تارىخى» سۈپىتىدە قارىلىپ كەلگەنىدى ۋە بەلكى، بۇ تارىخ ھازىرقىدەك ئۇيغۇر، ئۆزبېك، قازاق ۋە قىرغىز غا ئوخشاش خەلقلەرگە بۆلۈنۈپ قارالمىغان. شۇنداقلا، 1934 ـ يىلى ئۇيغۇر مىللىتى رەسمىي شەرقىي تۈركىستان مىللىتى دەپ قارالغان بولسىمۇ، لېكىن، كونا ئوقۇمۇشلۇق ئۇيغۇر زاتلىرى يەنىلا تۈركچىلىك (تۈرك مىللىتىنىڭ بىرلىك غايىسى) نىڭ پرىنسىپىدا پىكىر يۈرگۈزۈشكەن. شۇڭلاشقا مىللەتنىڭ بۇ خىل تۈركلىك چۈشەنچىسى ئۇنىڭ مەزكۇر ئەمگىكىگە باشتىن ئاياغ سىڭگەنلىكى ئېنىق. ماھىيەتتە، ئۇيغۇرلار (شۇ جۈملىدىن پۈتۈن تۈركى خەلقلەر) تارىخىنى كەڭ ھەم چوڭقۇرچۈشىنىشتە، تۈركلىك چۈشەنچىسى بىلەن تۈركى خەلقلەرنىڭ تارىخىنى بىرتۇتاش قاراش ئۇسۇلى تارىخ ئىلمىدا كام بولسا بولمايدىغان زۆرۈرىيەت دېيىشكە بولىدۇ. ئەنە شۇ مەنىدە، مۇئەللىپ ئۆز ئەمگىكىنى، «شەرقىي تۈركىستان تارىخى» نى ئومۇمىي تۈركى خەلقلىرى تارىخىنىڭ بىر بۆلۈمى ھېساپلايدۇ. ئۇيغۇرىستان، ئۆزبېكىستان، قازاقىستان ۋە قىرغىزىستان قاتارلىق مىللىي ئۆلكىلەرنى «بىرپۈتۈن تۈركىستان» ئىچىدىكى بۆلۈنمىلەر دەپ ۋە بۇ تۈركى خەلقلىرىنى تۈركىستاننىڭ يارىتىلىشىدىن تارتىپ ئىگىلىرى ھېساپلايدۇ. شۇڭا تارىخچى، شەرقىي تۈركىستان تارىخىنىڭ مەسىلىلىرىنى ئومۇمىي تۈرك تارىخ مەسىلىسى دەرىجىسىگە كۆتۈرۈپ، تەھلىل قىلىش ئۇسۇلىنى قوللانغان.

كۆچۈرۈش ئىشىدا شۇنى ئېيتىشقا بولىدۇكى، مۇئەللىپ ئەسلىدە كونا ئۇيغۇرچە (چاغاتاي) ئەدەبىي تىلىنىڭ ئاخىرقى دەۋرى بىلەن يېڭى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ شەكىللىنىش دەۋرىدە ياشىغانلىقى

ئۈچۈن، شۇ ئارىلىق دەۋر تىلىنى بۇ كىتابتا قوللانغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە، كونا خەت ئىملاسىمۇ بۇ كىتابتا هۆكۈم سۈرگەن. بۇھال بىزنى تۆۋەندىكىچە ئىش قىلىشقا مەجبۇرقىلدى:
(1) مۇئەللىپنىڭ تىلى، جۈملە تۈزۈش شەكلى، ئاتالغۇلار بىلەن ئىسىملەرنى قوللىنىشى، يېزىش شەكلى قانداق بولسا شۇنداق بېرىش قائىدىسىگە ئەمەل قىلدۇق. بىراق، هازىرقى يېزىش قائىدىسى شەرت قىلىندى. مەسىلەن، «ھەيبەتلىك» دېگەن سۆز«ھەيۋەتلىك»، «يازىلغان» دېگەن سۆز«يېزىلغان» دەپ ئېلىنغانىغا ئوخشاش(2) ئەرەبچە، پارسچە ۋە باشقا بىرقىسىم ئاتالغۇلار تىرناق ئىچىدە ئىزاھلاندى.
(3) سۆز ئاخىرىداكېلىدىغان «دۇر» ۋە«لار» غا ئوخشاش قوشۇمچىلار ئېلىنمىدى. «ئۇلتۇرماقتا بولغان» دېگەنگە ئوخشاش ئايرىم بىرلەشكەن سۆزلەر«ئولتۇرغان» دەپ ئېلىندى.

:::::::::

## هازىرقى زامان ئۇيغۇرچە نەشرىگە تەييارلىغۇچىدىن

**دوختۇر مەھەممەد ياقۇپ بۇغرا**

ئەنقەرە، 1988

مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا ھاياتى داۋامىدا قىلىچى ۋە قەلىمى بىلەن مىللىي زۇلۇم، تەڭسىزلىك ۋە مۇستەملىكچىلىككە قارشى مىللەتنىڭ بەخت ـ سائادىتى ۋە ئەركىنلىكى ئۈچۈن كۈرەش قىلدى. ئىنقىلابنىڭ قان ۋە ملتىق دۆرىسى پۇراپ تۇرغان مۇھىتلىرىدا چېنىقتى. جەڭ مەيدانلىرىدا ئۆزىدىن قاتمۇقات كۈچلۈك بولغان دۈشمەنگە چوماق، نەيزە ۋە قىلىچ بىلەن كۆكرەك كېرىپ قارشى تۇردى. مۇساپىرچىلىكنىڭ ئېغىر مۇشەققەتلىك كۈنلىرىدە ۋەتەن ۋە مىللەت ھەسرىتىدە كۆيدى. سىياسەت مەيدانلىرىدا ئۆزىنىڭ ئىلمىي قابىلىيىتى ۋە ئۈستۈن ناتىقلىق تالانتى بىلەن ئاشكارە ۋە يوشۇرۇن دۈشمەنلىرى بىلەن تىغمۇ ـ تىغ ئېلىشتى. ئەدەبىيات ساھەسىدە ئىلمىي ماقالىلىرى بىلەن شەرقىي ـ تۈركىستان خەلقىنىڭ تارىخىنى ۋە مەدەنىيىتىنى دۇنياغا تونۇشتۇردى ۋە قوغدىدى. مەيلى چىندە ۋە ياكى چەتئەلدە بولسۇن، تۈركىستان داۋاسى ئۈچۈن مەتبۇئاتلاردا ئېلىپ بېرىلغان مۇنازىرىلەردە قايىل قىلارلىق ماقالىلىرى بىلەن قارشى تەرەپنىمۇ ھەيرانلىقتا قالدۇردى. خەلقئارا سەھنىدە بولسا، ئەرەبچە ۋە پارسچىنى ياخشى بىلگەن بۇغرا، شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە بولغان زۇلۇم، تاجاۋۇز ۋە ئادالەتسىزلىكلەرنى ئاڭلاتتى. شەرقىي تۈركىستاننىڭ كۆمۈلۈپ قالغان دۈشمەنلىرى تەرەپىدىن قەستەن بۇرمىلانغان ئۆتمۈشتىكى تارىخىنى ۋە مەدەنىيىتىنى ھارماي ـ تالماي ئوتتۇرىغا قويدى. پۈتۈن بۇكۈرەشلەرجەريانىدا تەجرىبىلەرنى ماھىرلىق بىلەن يەكۈنلەپ، ئىنقىلابنىڭ زامان ۋە ماكان

مۇناسىۋىتىنى توغرا بىرتەرەپ قىلدى. قوراللىق قوزغىلاڭدىن باشقا چارە قالمىغاندا خەلقىنى باشلاپ. قوزغالدى. چىن ھۆكۈمىتىگە ۋە پارلامېنتىگە كىرىش ۋە سۆزلەش پۇرسىتى كەلگەندە قانۇن ۋە قائىدە ئۈستىدە تۇرۇپ، ۋەتەن ۋە مىللەت ئۈچۈن كۈرەش قىلدى. مانا يۇقىرىقىدەك بوران - چاپقۇنلۇق ھاياتتا چېنىقىپ، يېتىشىپ چىققان مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا، دۇنيادا ئاز ئۇچرايدىغان بىرشەخسىيەت، يەنى، ھەم ئىنقىلاپچى، ھەم دۆلەت ئەربابى، ھەم شائىر ۋە تارىخچى ئىدى. ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە مىللەت ئۈچۈن ئىشلەشتە بىردەم بولسىمۇ بوشاشماي، بۇدۇنيادىن ئۆتكەن بۇغرا، مىللىتىگە، ۋەتىنىگە مىسلىسىز تۆھپە، يەنى، «شەرقىي تۈركىستان تارىخى» نى يېزىپ قالدۇردى. ئۇ مىللەتنىڭ قەلبىدە مەڭگۈ ياشايدۇ.

«شەرقىي تۈركىستان تارىخى» ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا زامانىۋىي تارىخچىلىقنىڭ بىر ئۈلگىسى. ئەسەردىكى مېتود، ئۇسلۇب، ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئارگىنال مەلۇماتلار ۋە پايدىلانغان مەنبە ئەسەرلەردىكى ھەرتەرەپلىمىلىك ھۆججەتلەرگە باي ۋەسىقىلار بۇنى ئىسپاتلايدۇ. ئەسەرنىڭ باشلانغۇچ قىسمى بولسا، ئانا مەنبەنى ئاساس قىلغانلىقتىن كىشىنى چوڭقۇر قايىل قىلىدۇ. شەرقىي تۈركىستان ھازىرقى زامان تارىخى قىسمىغا كەلسەك، بۇ قىسىمدىكى ئاساسى ۋەقەلىكلەرگە مۇئەللىپ ئۆزى بىۋاستە قاتناشقان،كۆرگەن، بىلگەن ۋە تەتقىق قىلغان ھادىسەلەر بولۇپ، ئورگىنال ماتېرىياللاردىن ئىبارەت. شۇڭا بۇ ئەسەر خەلقئارادا شەرقىي تۈركىستان ۋە ئوتتۇرا ئاسىياغا دائىر يېزىلغان ئىلمىي ئەسەرلەرنىڭ پايدىلىنىش ماتېرىياللار تىزىملىكىدە ئاساسلىق يەرئالماقتا.

مۇستەملىكىچىلەرنىڭ چەكلىشى ۋە تەھدىتلىرىگە قارىماستىن ۋەتەنپەرۋەرخەلقىمىز بۇ ئەسەرنى قولدىن - قولغا تارقاتتى. ھاياتىنىڭ خەتەرگە ئۇچرىشىنى بىلىپ تۇرۇپ، «شەرقىي تۈركىستان تارىخى» نى قول بىلەن كۆچۈرۈپ كۆپەيتىپ، يوشۇرۇن تارقاتتى. بەزى زىيالىلىرىمىز ئۆلۈمدىن قورقماي بۇ ئەسەرنى شىفىگىرافتا بېسىپ، يۈزلەرچە نۇسخە ھازىرلاپ، مەكتەپلەر ۋە تەتقىقات ئورۇنلىرىدىكى مىللەتچى زىيالىلار ئارىسىغا تارقىتىۋەتتى. بۇكىتابنى ئوقۇغان ۋە ياكى ساقلىغان نۇرغۇن ۋەتەنپەرۋەرلىرىمىز قولغا ئېلىنىپ، تۈرمىلاردا ئازاپ چەكتى ۋە بەزىلىرى شېھىت بولدى.

بۇئەسەر مەرھۇمنىڭ ئارزۇسىغا ئەڭ ئۇيغۇن ۋە تولۇقلانغان ھالدا قىزى پاتىمە بۇغرا تەرىپىدىن 1987 - يىلى، ئەنقەرەدە نەشر قىلىنىپ، پۈتۈن دۇنياغا تارقىتىلدى. بۇشەرقىي تۈركىستاننىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدا ئىنتايىن زور بىر ئىش بولدى. مىللىتىمىز مىسلىسىز روھىي ئوزۇقفا ئىگە بولۇپ خوشاللىقتا چۆمدى . مۇستەملىكىچىلەرنىڭ ئارىسىدا بولسا خۇددى تارىخچىمىز باتۇر راشىدىن ئېيتقاندەك «زىلزىلە» كەلتۈرۈپ چىقاردى ۋە ئۇلار بۇ ھەقىقەت ئالدىدا پايپېتەك بولۇپ كېتىشتى. شەرقىي تۈركىستان تارىخىنىڭ تولۇقلانغان نەشرى خەلقىمىز بىلەن يۈز كۆرۈشكەندىن كېيىن، دۇنيانىڭ ھەرقايىسى جايلىرىدىكى، بولۇپمو شەرقىي تۈركىستاندىكى يېڭىدىن يېتىشۋاتقان ياشلىرىمىزنىڭ جىددى

تەلەپلىرىگە ئاساسەن مەن بۇ ئەسەرنى 1987- يىلى نەشرىگە ئاساسەن، هازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئىملا ۋە شىۋىسى بىلەن هازىرلاپ، نەشر قىلىپ تارقاتتىم. بۇ ئىشتا، ماڭا هەرجەھەتتە دائىم يار - يۆلەكتە بولغان ئائىلەمدىن مىننەتدارمەن.

هازىرلانغان نۇسخىنى نەشر قىلىش ئالدىدا مۆھتەرەم هاجى ياقۇپ يۇسۇفى ۋە م. كامال، باشتىن - ئاخىرغىچە كۆزدىن كەچۈرۈپ، تۈزۈتۈپ بەردى. ئۇلارغا ئالاھىدە رەھمەت ئېيتىمەن.

تەجرىبىسىزلىك ۋە كومپيۇتېردىكى مەسىلىلەردىن كېلىپ چىققان خاتالىقلارنى كەچۈرۈپ، تۈزۈتۈپ ئوقۇپ كېتىشلىرىنى ئۈمىت قىلىمەن.

ئەسكەرتىش:

(1) مۇئەللىپ بەزى ئاتالغۇ لارنى، بولۇپمۇ چىنچە ئىسىم ۋە ئاتالغۇ لار ترانسكرىپسىيسىنى40 - يىللىرىدا قوللىنىۋاتقان شەكلى بىلەن بەرگەن بولۇپ، مەن بۇلارنى هازىرقى زامان ئۇيغۇرچىدا قوللىنىۋاتقان شەكلى بويىچە ئالدىم. مەسىلەن: هوانگىتى(**خۇاڭدى**) تايسۇڭ (**تاڭ تەيزۇڭ**)، پانچاتو(**بەن چاۋ**)، چاڭكياڭ (**جاڭچيەن**) دېگەنلەرگە ئوخشاش.

(2) هازىرقى زامان ئۇيغۇرچە ئىملا ۋە تەلەپپۇز بىلەن كۆچۈرۈپ چىقىشتا، ئەدەبىياتىمىزدا قوللىنىۋاتقان ئاتالغۇ ۋە باشقا خۇسۇسلار دا، نەشرگە هازىرلىغۇچى( قىسقارتىلمىسى، **ن. ش. ھ.**) نامىدىن ئىزاھات بېرىلدى. بۇ ئىزاھاتلاردا: ئە. بايتۇر نىڭ «**شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر تارىخى**»، ت. ئالماسنىڭ «**ئۇيغۇرلار**»، ھ. نۇرھاجىنىڭ «**قاراخانىلار تارىخى**» ۋە هاجى ياقۇپ يۇسۇپى ئۇيغۇرچەتەرجىمىسىنى ئىشلىگەن سىماچيەنىنىڭ «**تارىخىي خاتىرىلەر**» قاتارلىق كىتابلىرىدىن پايدىلاندىم.

(3) مۇئەللىپ بەزى تارىخلاردا چىنگە هۆكۈمرانلىق قىلغان ئازسانلىق مىللەت هاكىمىيەتلىرىنىمۇ «چىن هاكىمىيتى» دەپ ئالغاندى. مەسىلەن: چىڭ خاندانلىقىنى. بىز كىتاپخالارغا ئېنىق بولسۇن ئۈچۈن بەزىدە خاندانلىقنىڭ ئۆز ئىسمى بىلەن ئالدۇق.

## بىرىنچى باب

# ئـومـۇمـىي تـارىـخ

## بىرىنچى بۆلۈم

## ئومۇمىي تارىخنىڭ بىر
## خۇلاسىسى

شەرقىي تۈركىستان تارىخىنى باشلاشتىن ئىلگىرى تارىخ ئىلمىنىڭ ماھىيىتى ۋە ئومۇمىي ئىنسانلىق تارىخىنىڭ باشلانغۇچى ھەققىدە بىرئاز توختىلىپ ئۆتۈشنى لازىم كۆردۈم. چۈنكى، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ بۇلارنى بىلىش ئېھتىياجى بار دەپ تونۇيمەن.

1 - پەسىل

## تارىخ ئىلمىنىڭ ماھىيىتى

تارىخ ئىلمى ئىنسان جەمئىيەتلىرىنىڭ كەيپىياتىنى، تۇرمۇش ۋە مەدەنىيەت سەۋىيەلىرىنى توغرا سۈرەتتە ئۆگىتىدىغان بىر پەن. تارىخ بىلىملىرى ئىنسان بىلىملىرىنىڭ ئەڭ توغرى بولغىنى ھېساپلىنىدۇ. چۈنكى، بۇ ئىلىم بىلەن ھەركىم ئۆزىنىڭ ئىنسانلار توپلىمى ئىچىدىكى ئورنىنى ۋە ئۆزمىللىتىنىڭ دۇنيا مىللەتلىرى ئارىسىدىكى مەرتىۋىسىنى بىلەلەيدۇ. دۇنيا مىللەتلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىش، سائادەتكە ۋە مەدەنىيەتكە ئېرىشىشىنىڭ سەۋەپ ۋە ئامىللىرىنى ئۆگىتىدىغان، ئۆتمۈشتىكى ئىنسانلارنىڭ باشلىرىدىن ئۆتكەن ھادىسىلەردىن ئىبرەت ئېلىپ ۋە بۇ يوللار بىلەن مىللەتنىڭ ۋە ياكى پۈتۈن ئىنسانلىق ئالەمنىڭ كەلگۈسىدىكى بەخت سائادىتىنى تەمىن قىلىش يوللىرىنى كۆرسىتىدىغان ئىلىم، مانا شۇ تارىخ ئىلمىدۇر .

تارىخ ئىلمى، «ئومۇمىي تارىخ» ۋە « مەخسۇس تارىخ» دەپ ئىككىگە ئايرىلغان. بىرىنچىسى، پۈتۈن دۇنيا مىللەتلىرىنىڭ ۋە ياكى كۆپچىلىك مىللەتلەرنىڭ تارىخىنى بايان قىلىدۇ. ئىككىنچىسى بولسا، بىرمىللەت، بىر قەبىلە، بىر يۇرت، بىرشەھەر، بىركىشى ياكى مۇھىم بىر ۋەقەلىككە ئائىت تارىخىي مەلۇماتلارنى بايان قىلىدۇ.

### تارىخ قايناقلىرى

تارىخىي مەلۇماتلار تۆۋەندىكى قايناق (مەنبە) لاردىن ئېلىنىدۇ:

1 - توغرى رىۋايەتلەر— رىۋايەتلەرنىڭ چىنلىقى(توغرىلىقى) نىڭ ئالامەتلىرى بولسا، بۇلارنىڭ داۋاملىق بىر شەكىلدە مەشھۇر بولغان رىۋايەتلەردىن بولۇشىدۇر. رىۋايەتلەرنىڭ مەتنىدە تولا ئىختىلاپ بولماسلىقى، رىۋايەت قىلغۇچىنىڭ تارىخ ئەھلى بولۇشى ياكى بىتەرەپ كىشى بولۇشى، يالغانچى ئەمەسلىكى باشقا مەسىلىلاردا ئىسپاتلانغان بولۇشى، رىۋايەتلەرنىڭ مەنبەلەرگە مۇۋاپىق بولۇپ، زامان ماكان ئېھتىياجىغا خىلاپ كەلمەسلىكى لازىم. شۇنداقلا، تۆۋەندىكى مەنبەلەرگە ئەڭ يېقىن بولۇشى كېرەك.

2 ـ جۇغراپىيەنىڭ داۋاملىق تارىخقا ياندىشىپ كېلىدىغانلىقى، بىرئاز تارىخ ئوقۇغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسىگە مەلۇم. چۈنكى، بىر ئىنسان جەمئىيىتىنىڭ دۇنيانىڭ قايسى يېرىدە بولغانلىقى، تۇپراق ۋە سۇ ۋەزئىيىتى، ھاۋا كېلىماتى، دېڭىزغا ئۇزاق ـ يېقىنلىقى، ئۆسۈملۈكلىرى، ھايۋان يېتىشتۈرۈش قاتارلىق ئامىللارنىڭ شۇ مىللەتنىڭ تارىخى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتتى بولىدۇ. ۋە يەنە بىرمىللەتنىڭ باشقا مىللەتلەر بىلەن بولغان ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي مۇناسىۋەتلىرىنى بىلىش لازىم. بۇلارنىڭ ھەممىسى جۇغراپىيەدىن مەلۇم بولىدۇ.

3 ــ قەدىمكى زامانلارغا ئائىت دىنى، مىللىي، سىياسىي، ئىجتىمائىي كىتابلار، لۇغات، قامۇس ۋە ئەدەبىيات ئەسەرلىرى.

4 ــ قەدىمكى سەنئەت ئەسەرلىرى.

5 ــ شەھەر ۋە ئاۋات بولغان جايلارنىڭ ئىزلىرى، خارابىلەر، ئابىدەلەر، ھەيكەللەر ۋە كىتابەلەر( يازما يادىكارلىقلار ـ مەڭگۈتاشلار).

قەدىمكى زامانلاردا تارىخ مەنبەلىرى يالغۇز رىۋايەتلەر ۋە ئەپسانىلەر(ئەدەبىي ئەسەرلەر) دىن ئىبارەت ئىدى. كېيىنكى 200 يىلدىن بېرى، تارىخ ئىلمى ناھايىتى تەرەققى قىلدى. رىۋايەت ۋە ئەپسانىلەردە ئۇچرىمىغان توغرا ۋە قىممەتلىك مەلۇماتلار مەيدانغا چىقتى. بەزى توغرا ۋە ئىشەنچلىك دەپ قارىلىپ كەلگەن ۋە تارىخ كىتابلىرىغىمۇ يېزىلغان رىۋايەتلەر تەكشۈرۈلۈپ، بۇلارنىڭ توقۇلما ئەپسانە ۋە قۇرۇق گەپتىن ئىبارەت ئىكەنلىگى ئىسپاتلاندى ۋە تارىخى رىۋايەتلىك سۈپىتىنى يوقاتتى. دۇنيا تارىخ سەھنىسىدە ھېچ تونۇلمىغان بىرقانچە مىللەتنىڭ تارىختا غايەت مۇھىم ئورۇن تۇتقانلىقى ئوتتۇرىغاچىقتى. مانا بۇ يېڭىلىق ۋە تەرەققىياتلارنىڭ سەۋەبى. جۇغراپىيە ئىلمىنىڭ ئادەتتىن تاشقىرى بىر سۈرەتتە تەرەققى قىلغانلىقى ۋە يېڭى كەشپىياتلارنىڭ مەيدانغا چىقىشى: قەدىمكى ئەسەرلەرنىڭ تەتقىق قىلىنىشى،گېئولوگىيە ۋە ئارخېئولوگىيە پەنلىرىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك تەرەققى قىلىشى، ساياھەت ۋە ئىلمىي قېزىش ۋە قېدىرىش پائالىيەتلەر نەتىجىسىدە قولغا كەلگەن قەدىمكى شەھەرقالدۇقلىرى، خارابىلىرىنىڭ كۆندىن ـ كۈنگە كۆپلەپ ئوتتۇرىغا چىقىشلىرىدىن ئىبارەت.

1 ـ پەسىل

## ئىنسان ئومۇمىي تارىخىنىڭ باشلىنىشى

ئىنسان يارىتىلىپ، دۇنيادا ھاياتىنىڭ باشلانغان ۋاقتى ھازىرغىچە ئېنىق بىلىنگىنى يوق. بۇنى بىلىش ئۈچۈن تارىخچىلار ھەرخىل يوللارنى سىناپ كۆرگەن بولسىمۇ قانائەتلەنگۈدەك بىر نەتىجە چىققىنى يوق. ھەممىدىن بۇرۇن يەھۇدىيلار ھەزرىتى ئادەمنىڭ يارىتىلىشىنى تەخمىن قىلىشقان ئىدى. ئۇلارچە، ئىنساننىڭ يارىتىلغانلىقىغا ھىجرىنىڭ 1351 ـ يىلى، 59445 يىل بولغان بولىدۇ. يەھۇدىلەر، بۇ زامانىي

ئىنسان تارىخىنىڭ باشلىنىشى دەپ ھېساپلايدۇ. ئىسلام تارىخچىلىرىدىن بىر قىسمى بۇنى قوبۇل قىلسىمۇ يەنە بىرقىسمى، بۇنى ئىسرائىلىيەتنىڭ ھېچبىر ئاساسى بولمىغان ۋە باشقا ھېچبىر ساماۋىي دىنىدا كۆرسىتىلمىگەن بىر ئەپسانەۋىي ئېتىقادى دەپ، رەد قىلىدۇ ۋە يەنىلا بۇنى ئېنىقلانمىغان مەسىلە دەپ قارايدۇ. ھازىرقى زامانىۋىي تەتقىقاتلار نەتىجىسىدە، ئېتنولوگىيە ئالىملىرى يەريۈزىدە ئىنسانىيەتنىڭ باربولغانلىقى«جاۋا» (ھىندۇنىزىيە) دە كەشىپ قىلىنغان ئەڭ قەدىمكى ئىنسان سۆڭەكلىرىگە قاراپ، بۇ زامانىنى 600 مىڭ يىل دەپ تەخمىن قىلىدۇ. غەربىي تۈركىستاندا، 1938 - يىلى تۆشۈكتاش ۋە ئەمىرتۆمۈر ئۆڭكۈرىدە تېپىلغان ئىنسان سۆڭەكلىرىگە قاراپ، ئوتتۇرا ئاسىيادىمۇ شۇ زامانغا يېقىنراق چاغلاردىن تارتىپ ئىنسانلارنىڭ ياشىغانلىقى ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

ئىنساننىڭ دۇنيا دىكى ھايات دەۋرلىرى - تارىخ دەۋرىگە كىرىشتىن بۇرۇنقى چاغ ۋە تارىخ دەۋرىگە كىرگەندىن كېيىنكى چاغ، دەپ، ئىككىگە ئايرىپ تەتقىق قىلىنىدۇ. تارىخ دەۋرىگە كىرىشتىن بۇرۇنقى چاغ دېگىنىمىز، ئىنسانلار ۋەقە ۋە ئەھۋاللىرىنى خاتىرىلەپ يازغىلى باشلىغاندىن ئەۋۋەلقى زامانىنى كۆرسىتىدۇ. تارىخ دەۋرى بولسا ئىنسانلار ۋەقە ۋە ئەھۋاللىرىنى يازغىلى باشلىغان چاغلاردىن كېيىنكى زامانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇندىن تەخمىنەن 200 يىل ئىلگىرى، تارىخ دەۋرىگە كىرىشتىن بۇرۇنقى ئىنسانلار ھەققىدىكى تارىخ ئىلمىنىڭ مەلۇماتلىرى، قورئان ۋە تەۋراتتا زىكر قىلىنغان پەيغەمبەرلەر قىسسىلىرىدىن ئىبارەت ئىدى. مەلۇمكى، بۇ مەلۇماتلار قەدىمكى ئىنسانلارنىڭ ئازغىنە بىر قىسمىنىڭ دىنى ئەھۋالىدىن خەۋەر بېرىدۇ. يېقىنقى 200 يىلدىن بىرى ئىلمي ۋە پەننىي ئۇسۇللار بىلەن ئېلىپ بېرىلغان يەرئاستى قېزىش، تەكشۈرۈش ۋە تەتقىق قىلىش نەتىجىسىدە، ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان سوقۇش قوراللىرى، ئوۋ(شكار) ئەسۋاپلىرى، قەدىمكى شەھەرلەر، ئاۋات بولۇپ ئۆتكەن يەرلەر ۋە قەدىمكى ئۆي - ئىمارەتلەرنىڭ خارابىلىرى، ئىزلىرى ۋە سەنئەت ئەسەرلىرىدىن تارىخ دەۋرىگە كىرىشتىن بۇرۇنقى ئىنسانلار ھەققىدە خېلى كۆپ مەلۇماتلار قولغا كەلدى ۋە دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ياشىغان قەدىمكى ھايات شەكلى، تۇرمۇش يوللىرى، مەدەنىيەتكە ئۆتۈشتىكى باسقۇچلىرى، مەدەنىيەت سەۋىيەلىرى، سانائەت، ئىلىم - پەن ۋە باشقا ئىجتىمائىي ئەھۋاللىرى توغرىسىدا ناھايىتى ئېنىق مەلۇماتلار قولغا كەلمەكتە. شۇنىڭ بىلەن تارىخ ئىلمى ئۇيدۇرما ئەپسانە ۋە چۆچەكلەر قاراڭغۇلۇقىدىن قۇتۇلدى. بۇ سۈرەتتە تارىخ ئىلمى كۈندىن - كۈنگە رىۋاجلىنىپ، تەرەققى قىلماقتا ۋە نەتىجىدە كۈندىن - كۈنگە يېڭى مەلۇماتلار كەشىپ قىلىنماقتا. خۇلاسە قىلىپ ئېيتقاندا، ھازىرقى زامانىۋىي تارىخ كىتابلىرىدىكى تارىخ دەۋرىگە كىرىشتىن بۇرۇنقى زامانغا ئائىت يېزىلغان مەلۇماتلار ئومۇمەن، بۇخىل يەرئاستىدىن قېزىپ تەكشۈرۈش(گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش) ۋە كەشپىياتلاردىن ئېلىنغان مەلۇماتلاردىن ئىبارەتتۇر. تارىختىن بۇرۇن ياشىغان ئىنسانلارنىڭ يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئەسەرلەردىن ئېلىنغان مەلۇماتلارغا قاراپ تەخمىنەن مەلۇم

بولغان ھايات دەۋرلىرى ـ يونىما تاش دەۋرى، سىلىق تاش دەۋرى ۋە مەدەن دەۋرى دەپ ئۈچ باسقۇچقا ئايرىلىدۇ.

يونما تاش دەۋرىدىكى ئىنسانلار ئىنتايىن ئاددى ھايات كەچۈرگەن. ھايۋانلارنى ئوۋلاپ گۆشىنى يەپ، تېرىسىنى يېپىنچا قىلىپ، ئىسسىق ـ سوغوقتىن ساقلانغان. ئوۋلايدىغان ھايۋانلار كۆپ بولغان جاڭگاللارنى، بېلىق كۆپ بولغان سۇلارنى تاللىشىپ، بىر ـ بىرلىرى بىلەن سوقۇشقان. بۇخىل ھاياتلىرىنى قولايلاشتۇرۇش ئۈچۈن ۋە ئاسان ئوۋ ئوۋلاش ئۈچۈن دۈشمەن بولغان باشقا ئىنسانلار ۋە يىرتقۇچ ھايۋانلاردىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئۆتكۈر قورال لازىملىقىنى چۈشىنىپ تاشنى تاشقا ئۇرۇپ چاقماق، تاشنى توخماقا باغلاپ، تاشچوماق ۋە ئۈچلۈق تاش بىلەن نەيزە قاتارلىق قوراللارنى ياساپ چىققان. ئىنسانلار بۇ خىل ھايات شەكلى بىلەن خېلى ئۇزۇن بىر زامان ياشىدى. بۇ دەۋردە ئىنسانلار ئوت قالاپ ئىسىنىش، كېچىدە تۇرارجايلىرىنى يورۇتۇش، يىرتقۇچ ھايۋانلارنى ئۈركۈتۇش ۋە يېمەكلىرىنى پىشۇرىشنى ئۆگەندى. ھايۋان سۆڭەكلىرىدىن خەنجەر، پىچاق ۋە ھەرخىل زىننەت بۇيۇملىرى ياساپ ئىشلەتتى. بۇ دەۋرنىڭ قاچان باشلانغانلىقى ئېنىق ئەمەس. ئارخېئولوگىيە ۋە گېئولوگىيە ئالىملىرىنىڭ تەخمىن قىلىشلىرىغا قارىغاندا، بۇدەۋرنىڭ باشلىنىشى بۇندىن 50,000 بىلەن 100,000 يىل بۇرۇن بولغان.

سىلىق تاش دەۋرىدە، ئىنسانلار تاشتىن ئەسۋاپ ياشاشتا بارغانسىرى ئۇستىلىشىپ، چاقماق تېشىدىن نازۇك، چىرايلىق نەرسىلەرنى ياساپ چىقىپ، بۇلارنى قۇم تېشىغا سۈرۈپ، سىلىغلاپ ئىشلىتىش ۋە سېتىشقا باشلىدى. تۇرمۇشلىرىدا خېلى كۆپ ئۆزگىرىشلەر مەيدانغا كەلدى. ۋەھشى ھاياتتىن تامامەن ئايرىلغان، يېڭى بىر ياشاش دەرىجىسىگە يەتتى. چۈنكى، بۇ دەۋرگە كەلگەندە، ئىنسانلارنىڭ بىرقىسمى كۆچمەنلىك ھاياتنى تاشلاپ، بىر ئاتا ئەۋلاتلىرى، يەنى، قەبىلە جەمئىيىتى شەكلىدە يەرلىشىپ، ياشىغىلى باشلىغان. بۇنداق ئىجتىمائىي ھاياتنىڭ باشلىنىشىنىڭ ئاساسىدا، ئىنسانلار تېرىقچىلىقنى ئۆگىنىپ، ھايۋانلارنى كۆندۈرۈپ، ئوي ھايۋانلىرى يېتىشتۈرۈپ چىققان ۋە تۇرمۇشلىرىنى دېھقانچىلىق بىلەن قامداپ ئوت ـ چۆپ ۋە ئۇسۇملۇك يىلتىزى يېيىشنى تاشلىغان. ئىنسانلار بۇ دەۋرىگە كىرەر ـ كىرمەس مال مۈلككە ئىگە بولۇشتى، شۇنىڭ بىلەن بۇ مالمۈلكنى قوغداش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش ھەۋىسى تۇغۇلدى. تەبىئكى، بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن ئىنسانلارنىڭ ئۆزئارا ياردەملىشىش ۋە ئورتاق مەنپەئەتلىرىنى ئېتىراپ قىلىپ، ئىجتىمائىي بىر تەشكىل قۇرۇپ چىقىشقا توغرى كەلدى.

بۇ دەۋردە ئىنسانلار تۇرار جاي ۋە قورغان ياسىغىلى باشلىدى. دەسلەپتە بۇلار خېلى مۇستەھكەم ئىدى، بۇلار تاملىرى تاشتىن ۋە ئۈستى ياپىلاق تاشلار بىلەن يېپىلغان كىچىك ھوجرا ئۆيلەردىن ئىبارەت بولۇپ، «دولمان» دەپ ئاتالغان. بۇ دولمانلاردىن بۇزۇلماي زامانىمىزغىچە ساق قالغانلىرى،

جايلاردا ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش ۋە تەكشۈرۈشلەر، دە تۇپراق ئاستىدىن كۆپ ساندا ئوتتۇرىغا چىقتى. قورغانلار بولسا تاشتىن قېلىن تام قىلىپ ياسالدى. بۇخىل ئىمارەت ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى خېلى تېز بولدى. ئىنسانلار تاش پالتىلىرى بىلەن ياغاچلارنى كېسىپ، تۇرارجايلىرىنىڭ ئۈستىنى ياغاچ بىلەن يېپىپ، كەڭ ئازادە ئۆيلەر ۋە قورغانلار ياساپ، كىچىك تېپتىكى شەھەرلەر بىنا قىلدى. بەزى قەبىلىلەر كىچىلىرى باشقىلارنىڭ ھۇجۇم قىلىپ، بۇلاڭ - تالاڭ قىلىشلىرىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئۆي - جايلىرىنى كۆللەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا ياكى سۇ بويلىرىغا يېقىن قىلىپ قوزۇقلار ئۈستىگە بىنا قىلغان. كۈندۈزى قويۇپ، كېچىسى تارتىۋالىدىغان كۆرۈكلەر ياسىغان. بۇ خىل ئىمارەت ۋە قورغانلار شۇ زاماننىڭ ئەڭ مۇستەھكەم قورغانلىرى ئىدى. كېيىنچە، تاش پالتىلىرى بىلەن چوڭ - چوڭ دەرەخلارنى كېسىپ، پۈتۈن بىر قەبىلە سىغقۇدەك چوڭ قورغانلارنى ياساپ چىقتى. بۇنداق قۇرۇلۇشلارنى سېلىش، ئۇ شارائىتلاردا بەكمۇ قىيىن ئىش بولسىمۇ ئىنسانلار نىڭ ھاياتقا بولغان زوق بۇ قېينچىلىقلارنى يەڭگەن. تاش بوقۇسا (ساپان) ۋە ياغاچ كەتمەنگە ئوخشاش تېرىلغۇ ئەسۋاپلىرىنى قوللىنىش، كالا ئۆكۈزلارنى قوشقا قوشۇپ، تېرىلغۇ ،ھايۋانلىرى قىلىپ ئىشلىتىش. ئات، ئېشەك ۋە تۆگە قاتارلىق ھايۋانلارنى كۆندۈرۈپ يۈك ۋە مىنەك ھايۋانلىرى قىلىپ ئىشلىتىش، مانا شۇ دەۋردە ئىجات قىلىنغان ئىدى.

سىلىق تاش دەۋرىگە كەلگەندىمۇ، يەنىلا تاش ئەسۋاپلىرى قوللىنىلغان، ھەتتا، مەدەن دەۋرىگە كەلگەندىمۇ تۆمۈر كەشپ قىلىنغانغا قەدەر بۇ ئىككى خىل تاش ئەسۋاپلىرى قوللىنىلىپ كەلگەن. تارىخچىلار، بۇ دەۋرلەرنى ئېنىق ئايرىش ئۈچۈن، سىلىق تاش سەنئىتى كەشپ بولغان زامانىنى - سىلىق تاش دەۋرى، مەدەن كەشپ بولغان زاماندىن باشلاپ - مەدەن دەۋرى، دەپ ھېساپلايدۇ.

ئىنسانلىق ئالەمنىڭ ھاياتى يوقىرىدا ئېيتىلغىنىدەك، تاش ئەسۋاپ ۋە قوراللار بىلەن ئىنتايىن كۆپ قىينچىلىقلارغا دۇچ كەلمەكتە ئىدى. كېيىنچە، ئىنسانلار باشقا ماددە ئارىلاشمىغان ھالدا يارىتىلغان ئالتۇن ۋە مىس كانلىرىنى ئۇچراتتى. تەجرىبەلەر ئارقىلىق بۇ مەدەنلەرنى ئوتقا سېلىپ، خالىغان شەكىلدە ھەرخىل نەرسىلەر ياسىغىلى بولىدىغانلىقىنى كەشپ قىلدى. ئالتۇن ۋە مىسنى دۇنيادا ھەممىدىن بۇرۇن ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشىغان تۈركلەر كەشپ قىلغان. بۇ كەشپىيات بۈگۈندىن، تەخمىنەن 11,000 يىل ئىلگىرى بولغانلىقى ئىسپاتلاندى.

ئىنسانلار ئالتۇندىن زىننەت ئەسۋاپلىرى، مىستىن قىلىچ، سۈڭگۈ(نەيزە)، دېھقانچىلىق سايمانلىرى ۋە باشقا نەرسىلەرنى ياساپ ئىشلەتكەن. لېكىن، مىس ئانچە چىدامىلىق بولمىغانلىقتىن يەنىلا ۋە سىلىق تاش ئەسۋاپلىرىنى ئىشلىتىشنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن. كېيىنچە تەرەققىيات يولىدا، يەنە بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ئىنسانلار مىسنى قەلەي بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ تۇچنى كەشپ قىلدى. تۇچ مىستىن چىدامىلىق بولغانلىقتىن كىشىلەر قورال - ياراغ ۋە باشقا ئەسۋاپلارنى تۇچتىن ياسىغىلى باشلىدى. مەدەن دەۋرىمۇ

تۆچ سەنئىتىنىڭ تەرەققىي قىلغان زامانىدىن باشلاپ ھېساپلىنىدۇ. قەلەي مىسقا قارىغاندا ئاز ئۇچرايدىغان مەدەن بولغاچقا تۆچ ئىشلەپ چىقىرىش ئاسان ئەمەستى. شۇنىڭ ئۈچۈن تۆچ ئەسۋاپلار ئېھتىياجىنى دېگەندەك قاندۇرالمىغان ۋە تاش ئەسۋاپلارمۇ تامامەن تاشلىۋېتىلمىگەن.

كېيىنچە تۆمۈر كەشپ قىلىندى. بۇ مەدەننى باشقا ماددىلاردىن ئېرىغداپ، ساپ ھالغا كەلتۈرۈش ئانچە ئوڭاي بولمىسىمۇ تۆمۈرنىڭ باشقا مەدەنلەرگە قارىغاندا چىداملىق ۋە ئۆتكۈر بولۇشى، تۆمۈر قورال ـ ئەسۋاپلارنىڭ چىداشلىق بولۇشى بۇ مەدەنگە بولغان تەلەپنى ئاشۇردى. تۆمۈر كانلىرىنىڭ دۇنيادا ھەر جايدا كۆپتاشا بولۇشى تۆمۈر ئىشلەپ چىقىرىشنى تېز رىۋاجلاندۇردى. قورال ـ ياراغ ۋە دېھقانچىلىق سايمانلىرى تۆمۈردىن ياساپ ئىشلىتىلدى ۋە تاش سايمانلارغا ھاجەت قالمىدى.

ئالتۇن،كۈمۈش، مىس ۋە تۆچ قاتارلىق باشقا مەدەنلەر ئۆزىگە مۇناسىپ يەرگە ئىشلىتىلىشكە باشلىدى. زامانىمىزدىكى ئىلمىي تەتقىقاتلار غا ئاساسەن، تۆمۈرنى ھەممىدىن ئەۋۋەل كەشپ قىلغانلارنىڭ تۈركلەر ئىكەنلىكى بىلىنمەكتە. مەدەن دەۋرىنى تارىخچىلار مىس دەۋرى، تۆچ دەۋرى ۋە تۆمۈر دەۋرى دەپ ئۈچكە ئايرىدۇ. تارىخ دەۋرىگە كىرگەن چاغ بولسا، ئىنسانلارنىڭ تاشقا، مەدەندىن ياسالغان نەرسىلەرگە، بىنا(ئىمارەت)، ئابىدە(مەڭگۈتاش) لەرگە يېزىلغان ياكى ئويۇلغان خەت ۋە سىزما رەسىملەر، تاشتىن ۋە مەدەندىن ياسالغان ھەيكەللەر قاتارلىق ئەسەرلەرنىڭ بارلىققا كەلگەن ۋاقتىدىن تارتىپ باشلىنىدۇ. بۇ دەۋر دۇنيادا ئوخشاش بىرۋاقىتتا باشلانمىغان. زامانىمىزدىكى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلەرگە قارىغاندا، بۇلار ھەممىدىن بۇرۇن تۈركلەردىن بولغان «ھىتتىلەر» «سۇمەرلەر» ۋە «ئىلاملار» دا باشلانغان. مىسىرلىقلارنىڭ بۇ دەۋرىگە ئوخشاش زاماندا ياكى بىرئاز كېيىنرەك كىرگەنلىكى مەلۇم. مىسىرلىقلار بۇ ئۇسۇل بىلەن مۇنتىزىم ئىشلەپ ئۆزلۈكسىز رىۋاجلاندۇرغانلىقتىن قالدۇرغان ئەسەرلىرى كۆپ. شۇنىڭ ئۈچۈن، تارىخ ئالىملىرى مىسىرلىقلارنىڭ ئەسەرلەر يېزىپ قالدۇرغان ۋاقتىنى« تارىخ دەۋرىگە كىرىشنىڭ باشلىنىشى» دەپ بىردەك ئېتىراپ قىلىشماقتا. مىسىرلىقلار يېزىپ قالدۇرغان بۇ ئەسەرلەرنىڭ ئەڭ قەدىمقىسى مىلادىتىن بۇرۇنقى 5000 يىلغا ئائىت ئىكەنلىكىنى ئاساس قىلىپ، ئالىملار ئىنسانلارنىڭ تارىخ دەۋرىگە كىرگەن زامانىنى مىلادىتىن 5000 يىل بۇرۇن دەپ بەلگىلىگەن. بۇلار تۆۋەندىكى تۆت دەۋرگە ئايرىلىدۇ:

باشلانغۇچ ئەسىر، مىلاددىن بۇرۇنقى 5000 ـ يىلدىن مىلاددىن كېيىنكى395 ـ يىلغىچە.

ئوتتۇرا ئەسىر، مىلادىنىڭ 395 ـ يىلدىن 1493 ـ يىلغىچە.

ئاخىرقى ئەسىر، مىلادىنىڭ 1493 ـ يىلدىن 1789 ـ يىلغىچە.

ھازىرقى ئەسىر مىلادىنىڭ 1789 ـ يىلدىن باشلاپ ھازىرغىچە.

ئومۇمىي ئىنسان تارىخىنىڭ باشلىنىشى ھەققىدە بۇ كىتابتا شۇنچىلىك بايان قىلدىم. تولۇقراق مەلۇمات ئۈچۈن مۇناسىۋەتلىك تارىخ كىتابلىرىغا قاراشلىرىنى سورايمەن.

## ئىككىنچى بۆلۈم

# ئومۇمىي تۈرك تارىخىنىڭ بىر خۇلاسىسى

I- پەسىل

## تۈرك تارىخىنىڭ باشلىنىشى

شەرق دۇنياسىنىڭ ئەڭ قەدىمكى تارىختا رىۋايەت قىلىنغان چىن، ھىندىستان ۋە ئىراننىڭ تارىخ ۋە دىنى كىتابلىرىدا، شۇنداقلا ئوتتۇرا ئەسىردە يېزىلغان ئەرەب - ئىسلام ئومۇمىي تارىخ كىتابلىرىغا قارىغاندا، بۈگۈنكى ئىستىلاھتا(تېرمىندە) شەرقىي تۈركىستان ۋە غەربىي تۈركىستان دەپ ئاتالغان مەملىكەتلەرنىڭ تارىخى، دۇنيانىڭ ئەڭ قەدىمكى ۋە ئىنتايىن مۇھىم تارىخلىرى دەپ قارىلىدۇ. يەنە، بۇ ئەسەرلەردە ئىتتىپاق بىلەن پىكىر بىرلىككە كېلىنگەن بىر مەسىلە، « **تۈركلەرنىڭ ئانا يۇرتى**»، ئاسىيانىڭ شەرقىدىن غەربىگىچە سوزۇلغان پايانسىزئوتتۇرا ئاسىيا يايلاقلىرى بولۇپ، بۇلار ئاسىيا قىتئەسىنىڭ بەل ئومۇرتقىسىنى تەشكىل قىلىدۇ. بۇ يايلاقلارنىڭ ئوتتۇرا قىسمىنىڭ ئېگىزلىكى ۋە كەڭلىكى ھەيۋەتلىك بىر مەنزىرىگە ئىگە. بۇ ئوتتۇرا قىسىم، ھىمالايا تاغ تىزمىلىرى خەزەر[7](كاسپىي) دېڭىزى ۋە بايقال كۆلى ئارىسىدا بولۇپ، دۇنيا نىڭ ئەڭ ئېگىز ۋە ئەڭ كەڭ مۇنبەت يايلاقلىرىدىن ئىبارەت. ئاسمانغا تاقاشقۇدەك ئېگىز تاغلىرى، بۈك باراقسان ئورمانلىرى، قورقۇنۇچلۇق جاڭگاللىرى ۋە سۇ بويلىرىغا جايلاشقان ياپ - يېشىل ئاۋات شەھەر - كەنتلىرى ئوتتۇرا قىسىم يايلاقلاردا بىر - بىرىگە گىرەلىشىپ كەتكەن. مانا بۇ شەكىلدە تەرىپلەنگەن ئوتتۇرا ئاسىيا ياياقلىرىدىكى شەرقتە قىدىرخان (ھىنگان) تاغلىرىدىن باشلاپ، شىمالدا بايقال ۋادىسى، ئالتاي تاغلىرى، غەربىدە ئىدىل(ۋولگا) دەرياسى، خەزەر دېڭىزى، جەنۇبىدا ھىندۇقۇش، پامىر، قاراقۇرۇم ۋە قاراڭغۇتاغ (كۇئېنلۇن) تىزمىلىرى ۋە سېرىق دەريا(خۇاڭخې) بىلەن قايتىدىن قىدىرخان تاغلىرى بىلەن تۇتىشىدىغان بىر سىزىق ئىچىدىكى بۇ جايلار تۈركلەرنىڭ ئانا يۇرتىدۇر. بۇ مەنتىقە(رايون)، تارىخى بىلىنمىگەن چاغ (تارىخ دەۋرىگە كىرىشتىن بۇرۇنقى زامان) دىن تارتىپ، ھازىرغىچە تۈركلەرنىڭ ماكانى ۋە يۇرتى بولۇپ كەلدى. تۈرك قوۋملىرى بۇ جايلاردىن دۇنيانىڭ ھەرتەرىپىگە ھىجرەت قىلىپ، دۇنيانى ئاۋات قىلغانىدى». تۈرك تارىخىنىڭ باشلىنىشى دېيىشتىكى مەقسىدىم، تۈركلەرنىڭ كىمنىڭ ئەۋلادى ئىكەنلىكى ياكى ئۇلارنىڭ نەسەپ - سىلسىلىسىنى بايان قىلىش ئەمەس.

[7] ھازىرقى ئۇيغۇرچە ئەسەرلەردە، «ھازەر»، «خازەر» دەپمۇ ئېلىنىدۇ( ن. ش. ھ).

ئىسلام تارىخلىرىدا بۇھەقتە بايانلار بولسىمۇ بۇلارنى ھازىرچە توغرا دەپ ئېيتالمايمىز. چۈنكى، بۇلار ئىسرائىلىيەتتىن ۋە موڭغۇل مىللىي ئەپسانە(مىتالوژى) لەردىن ئېلىنغان . مەقسىدىم ئىلمىي تەتقىقاتلار ۋە تارىخىي ۋەسقىلەر ئوتتۇرىغا قويغان پاكىتلارغا ئاساسەن تۈركلەر توغرىسىدا قولغا كەلگەن ئەڭ قەدىمكى مەلۇماتلارنى تەقدىم قىلىشتۇر.

گېئولوگىيە(يەرقاتلاملىرى ئىلمى) ۋە ئارخېئولوگىيە(ئاسارئەتىقە ئىلمى) نىڭ تەتقىقاتلىرى نەتىجىسىدە كەشپ قىلىنغان مەلۇماتلارغا قارىغاندا ھازىرقى زامانىمىزدىن 12,000 يىل بۇرۇن بۇ تۈرك ئانا يۇرتىنىڭ ھالى ھازىرقىدەك چۆللىرى كۆپ، نۇپۇسى ئاز ئەمەستى.

ئۇ چاغلاردا تەڭرى ـ تاغلىرى (تيانشان) پۈتۈنلەي مۇزتاغ بولۇپ، بۇتاغدىن تۆت ئەتراپقا يۈزلەرچە دەريا ئېقىپ، مۇنبەت تۇپراقلارنى سۇغىراتتى. قاراڭغۇتاغ (كۇئىنلۇن) تىزمىلىرىدىنمۇ ھازىرقىدىن نەچچە ھەسسە كۆپ ئېقىنلار ئېقىپ، تەكلىماكان چۆلىنى باشتىن ئاياغىچە سۇبىلەن تەمىنلەيتتى. ئورال ۋە بالقاش كۆللىرىدەك ئىچكىي دېڭىزلىرىمۇ نۇرغۇن ئىدى.

لوپنۇر كۆلىمۇ بۇگۈنكىدىن كۆپ چوڭ بىر ئىچكىي دېڭىز بولغانلىقى ھەممىگە مەلۇم. مانا بۇسەۋەپتىن تەبىئى ئىقلىمدا ھېچبىر قۇملۇق چۆل يوق ئىدى. مۇنبەت تۇپراقلىرى خىلمۇ ـ خىل ئۆسۈملۈكلىرى، سانسىز ياۋايى ھايۋانلىرى ۋە ھەرخىل يەرئاستى بايلىقلىرى بىلەن تولۇپ تاشقانىدى.

ئىقلىم ۋە تەبىئەتتىكى بۇشارائىتنىڭ تەرەققىيات ۋە مەدەنىيەتكە بولغان قولايلىقىدىن، تۈركلەر باشقا ئىنسانلاردىن بالدۇر مەدەنىيەتكە قەدەم قويغان. باشقا يەرلەردىكى ئىنسانلار تېخى ئۆڭكۈرلەردە ۋە دەرەخ كاماللىرىدا ياشاپ، تاش دەۋرىنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈۋاتقان چاغلاردا تۈرك ئانايۇرتىدا بۇ تاش دەۋرى ئاللاقاچان ئاياغلىشىپ مەدەن دەۋرى باشلىنىپ، مىس ۋە تۇچ دەۋرى تەرەققى قىلماقتا ئىدى.

تۈركلەر مەدەنلەرنى كەشپ قىلىپ، قورال ـ ياراغ، تېرىلغۇ سايمانلىرى ۋە ئالتۇندىن زىننەت بۇيۇملىرى ياساپ ئىشلىتىپ، ھەتتا، بۇلارنىڭ تىجارىتىنىمۇ باشلىغان ئىدى. يايلاقلاردىن ياۋا بوغداي، ئارپا قاتارلىق دانلارنىڭ ئۇرۇغىنى تېپىپ كېلىپ، سۇ بويلىرىدا تېرىپ ئۆستۈرۈش بىلەن كەڭ تېرىلغۇ ئېتىزلىرىنى بەرپا قىلغانىدى.

تۇرار جاي ۋە تېرىلغۇ يەرلىرىنىڭ ئەتراپلىرىغا قورغان ياساپ شەھەرلەر بىنا قىلغان، ئات ـ ئېشەك ۋە تۆگىگە ئوخشاش ئۇلاغلىرى، قوي، ئەچكە ۋە كالادىن ئىبارەت چارۋا، ماللىرى ئۇمۇملاشقان، ساپالدىن كۇزا، قاچا قۇمۇچ ياساش سەنئىتى خېلى تەرەققى قىلغانىدى. بۇ ھەقتە كىتابىمىزنىڭ 2 ـ تومى(ئىزاھاتلار قىسمى) دا تەپسىلى بايان قىلىمىز.

2 - پەسىل
## تۈركلەرنىڭ مەدەنىي دەۋرىدىكى مەدەنىيىتى

ھازىرقى چىن تىلىدا «داگوبى»، يەنى، بۈيۈك چۆل دەپ ئاتىلىدىغان موغۇلىستان (موڭغۇلىيە) ۋە شىمالىي چىننىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان قۇملۇق چۆللەردە يەنى، تەكلىماكان، قىزىلقۇم ۋە قارا قۇم چۆللىرىدە بۈگۈن ھېچقانداق بىرجانلىق مەخلۇقاتنىڭ ياشاش ئىمكانىيىتى بولمىغان بۇجايلاردا، دەريا ئېقىنلىرىنىڭ ئىزلىرى، تېرىلغۇيەرلەر، زىرائەت، ئېتىز ئىزلىرى، شەھەر - كەنت خارابىلىرى، تاش، مىس، تۆمۈر، چويۇن ۋە ساپال - كۈزاسايمانلىرى ناھايىتى تولا ئۇچرايدۇ. بۇ يەرلەرنىڭ بىر زامانلار ھەممىسى ئاۋات يۇرتلار ئىكەنلىكى ۋە بۇجايلاردا ياشىغان تۈركلەرنىڭ خېلى يۈكسەك مەدەنىيەتكە ئىگەبولغانلىقىدا ھېچ شەك يوق. بۇجايلاردا تەتقىقات ئېلىپ بارغان ئالىملار بۇ ئىزلارنىڭ ئېغىر قۇرغاقچىلىق ئاپىتىگە ئۇچراپ يەرلىرىنى تاشلاپ كۆچۈپ كەتكەن كىشىلەرنىڭ ياشىغان ماكانلىرىغا ئائىت ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاپ چىققان. بۇلارنىڭ ئەڭ ئاز دېگەندە 9000 يىل بۇرۇنقى ئەسەرلەر ئىكەنلىكى تەخمىن قىلىنماقتا. 1904 - يىلى خەزەر دېڭىزىنىڭ شەرقىدىكى ئاشقابات ۋە مەرۋ شەھەرلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئانۇ قورغىنى» دا ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك تەتقىقات ئىشلىرىغا رەھبەرلىك قىلغان ئالىم R. Pumpelly (رافائىل پومپىللى) بۇ مەدەنىيەت ئەسەرلىرىنىڭ بۈندىن 10000 يىل بۇرۇنقى دەۋرىگە ئائىت ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويىدى ۋە يەنە بۇ بىباھا ئاسارە- ئەتىقىلەرنى بىتەرەپلىك مەيدانىدا تۇرۇپ تەتقىق قىلغان ئامېرىكىلىق ئالىم «بۇ تۈرك ئانا يۇرتىدا مەدەنىچىلىك ۋە سەنئەت مەدەنىيەتىنىڭ مىلادىن بۇرۇنقى 9000 - يىللىرىدا، يەنى، زامانىمىز دىن 10000 يىل بۇرۇن باشلانغان» دېگەن كۆزقاراشنى ئوتتۇرىغا قويىدى. بۇ نەزەرىيە گە ئاساسلانغاندا تۈرك يۇرتلىرىدا كانچىلىق ۋە مەدەنچىلىك باشقا يەرلەردىن 1000 يىل بۇرۇن باشلانغان. ئالتاي تاغلىرى ئېتەكلىرى ۋە جەنۇبىي سىبىرىيىدە كەشىپ قىلىنغان قەدىمكى تۈرك قورغانلىرىدىن تېپىلغان ۋە بۈگۈن موسكۋا ۋە لېنىنگراد مۇزېيلىرىدا ساقلىنىۋاتقان قەدىمكى تۈرك سەنئەت ئەسەرلىرىنىڭ بىر قىسمى تۆمۈر دەۋرىگە ۋە بىرقىسمى تۇچ دەۋرىگە ئائىت. بۇلارنىڭ ئىچىدە قىلىچ (تۇتقۇچى كۆپىنچە ھايۋان بېشى سۈرىتىدە)، ئوق ئۇچى، پىچاق، سۇڭگۇ(نەيزە)، ئوغاق، قايچا، پالتا، كەكە، ئۇشكە، يىڭنە، توقا، ئۈزەڭگە، يۈگەن، قازان - تاۋا، بۇلارنىڭ ھەممىسى تۇچتىن ياسالغان. مۇنچاق، تۈگمە، بىلەيزۈك، ئەينەك قاتارلىق زىنەت بۇيۇملىرىنىڭ بىرقىسمى تۇچتىن ۋە كۆپرەك قىسمى ئالتۇندىن ياسالغان. بۇ نەرسىلەر ئىچىدە كەتمەن، پالتا، ئۇشكە، پىچاق، ئوق ئۇچى، قىلىچ ، سۇڭگۇ، قىپتان (ساۋۇت -

تۆمۈركىيىم)، چاقماق، ئۈزەڭگە، بوقۇسا چىشى، ھەرخىل جوك - كىچىكلىكتىكى كەمەر توقىسى ۋە كەمەر زىننەتلىرى قاتارلىق نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى تۆمۈر. بۇ سەنئەت بۇيۇملىرى ۋە ئەسۋاپ - سايمانلارنى بۇ مۇېيزىلەردا كۆرگەن كىشىنىڭ بۇ نەرسىلەرنىڭ مىلادىتىن بۇرۇن ياسالغانلىقىغا ئىشەنگۈسى كەلمەيدۇ. چۈنكى، بۇ نەرسىلەرنىڭ ياسىلىشىدىكى نازۇكلۇق ۋە ئۇستىلىقنى كۆرۈپ، كىشىلەر بۇلارنى ھازىرقى زامانىمىزدا مەدەنىيەتلىك بىررەر شەھەردە ياسالغان دەپ ئويلاپ قالىدۇ. لوندوندىكى British Muzeum دا تۈرك ئانا يۇرتىدىن تېپىلغان تۆمۈر ۋە تۇچتىن ياسالغان ئەسەرلەرنىڭ بەك ياخشى كوللېكسىئونى(كوللىيگىيسى) ساقلانماقتا. تۈرك ئانا يۇرتلىرىنىڭ بولۇپمۇ ئالتاينىڭ ئۇرغۇن جايلىرىدىن تېپىلغان كان ۋە مەدەن ئېرىتىش ئوچاقلىرى قەدىمكى تۈركلەر نىڭ



ئالتايدىن تېپىلغان، مىلاددىن 3000 يىل بۇرۇنقى دەۋرگە ئائىت تاش، ساپال ۋە ئالتۇندىن ياسالغان ئەسەرلەر

كانچىلىق ۋە مەدەن ئېرىتىش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئارخېئولوگىيىلىك قېزىشلار جەريانىدا مەيدانغا چىققان كان ۋە ئېرىتىش ئوچاقلىرىنىڭ زامانىمىزدىكىلىرىگە ئوخشىشىپ كېتىدىغان مۇكەممەللىككە ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرگىلى بولىدۇ. مانا بۇلارغا قارىغاندا تۈركلەر قەدىمكى مەدەن دەۋرلىرىدە كانچىلىق ۋە كان مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەپ چىقىرىش جەھەتتە خېلى تەرەققى قىلغان. بۇخىل مەدەن كانلىرى ۋە ئېرىتىش ئوچاقلىرىنىڭ ئادەتتىن تاشقىرى كۆپ ساندا تېپىلىشى تۈركلەرنىڭ بۇ دەۋردە مەدەن مەھسۇلاتلىرى بىلەن ئۆز ئېھتىياجلىرىنى قامداپلا قالماستىن باشقا مىللەتلەرگە ساتقان ۋە تاشقى سودا تىجارەتنى كېڭەيتىش ئۈچۈن مەدەن ئىشلەپ چىقىرىش سەنئىتى بىلەن كۆپ شۇغۇللانغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. بۇ ھەقتىكى تەپسىلى مەلۇماتلار ئۈچۈن «مۇپەسسەل تۈرك تارىخى» دېگەن ئەسەرگە قارالسۇن.

ئەپسۇسكى، شەرقىي تۈركىستاندا تارىخ دەۋرىگە كىرىشتىن بۇرۇنقى چاغلارغا ئائىت ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتلار بەك ئاز. شۇنداق بولسىمۇ سەۋەن ھىدىن باشچىلىقىدىكى بىر قىسىم ياۋروپالىق ساياھەتچى ئالىملارنىڭ چوڭ غەيرەت ۋە تىرىشچانلىقلىرى نەتىجىسىدە بەزى مەلۇماتلار قولغا كەلدى.

شەرقىي تۈركىستاندا تېرىلغۇ ـ زىرائەت ئىشلىرىنىڭ كەشپ قىلىنىشى ھايۋانلارنى كۆندۈرۈپ، تېرىلغۇ ئىشلىرىدا ئىشلىتىش بىلەن بوغداي، ئارپا، تېرىق ۋە زىغىرغا ئوخشاش ئاشلىقلارنى ياۋا ئۆسۈملۈكلەردىن ئايرىپ يېتىشتۈرۈپ ئاشلىق دان قىلىپ تېرىش ئىشلىرى باشقا تۈرك يۇرتلىرىدىن بۇرۇن بولدى. ئۇندىن باشقا ياۋا ئات، ئېشەك، كالا ـ ئۆكۈز قاتارلىق ھايۋانلارنى كۆندۈرۈپ ئۆي ھايۋانلىرى يېتىشتۈرۈش ئىشىمۇ تۇنجى قېتىم شەرقىي تۈركىستاندا ئەمەلگە ئاشۇرۇلغان دەپ ئېتالايمىز. چۈنكى ئاشلىق ياكى ئۆي ھايۋانلىرى بولسۇن بۇلارنىڭ ئەسلى ياۋايى بولۇپ، باشلانغۇچ دەۋردىكى ئىنسانلارنىڭ بۇلارنى ئەقلى ئىدراكى ۋە ئەمگەكلىرى بىلەن (تەسادىپ ئۇچرىتىپ،) بۇلارنى ئۆز لىرىگە پايدىلىق قىلىپ ئۆزگەرتىپ ۋە كۆندۈرۈپ ئىشلەتكەنلىكى ئېنىق بىر مەسىلە. ھەر قانداق بىرقەدىمكى نەرسىنىڭ ۋۇجۇدى ۋە ياكى مەۋجۇتلىقى( باربولۇشى)، ۋۇقۇئى (ھادىسىنىڭ يۈزبەرگەنلىكى) غا ئۇنىڭ ھازىر كۆرۈنمەكتە بولغان قالدۇق ئىزلىرىغا قاراپ باھا بېرىش ۋە تەھلىل قىلىش، ئىلىم ساھاسىدا مۇۋاپىق كۆرۈلگەن ئەڭ توغرى كۆزقارشتۇر. شەرقىي تۈركىستان تاغلىرىدا ـ تەڭرىتاغ جىلغىلىرىدا ۋە باغراش كۆلى ئەتراپلىرىدا، ياۋا بوغداي، ئارپا ۋە تېرىق قاتارلىق دانلىقلارنىڭ ياۋا تۈرلىرى ھازىرمۇ تولائۇچرايدۇ. ياۋا ئات، ياۋا ئېشەك (قوتان)، ياۋا تۆگە ۋە ياۋاكالا(ياۋا قوتاز) قاتارلىقلار قاراكۇغۇ تاغ ۋە قارا قۇرۇم تاغلىرىنىڭ يايلاقلىرىدا ھازىرمۇ ئۇۋچىلىرىمىز تەرىپىدىن بىلىنىپ ئوۋلانماقتا. لېكىن، باشقا مەملىكەتلەردە بۇ ئۆسۈملۈك ۋە بۇخىل ھايۋانلارنىڭ ئەسلى ۋە نەسلىدىن ئەسەرى يوق دېگۈدەك ئاز. كان ۋە مەدەن ئىشلىرىغا كەلسەك

يۇقىرىدا بايان قىلىنغىنىدەك كان ياكى مەدەن ئېرىتىش ئوچاقلىرى ئوتتۇرىغا چىقىرىلىپ، چەتئەلدە دۇنيا نىڭ مەشھۇر مۇزېيلىرىغا يۆتكەپ كېتىلگەن ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسى شەرقىي تۈركىستاندىن ئېلىپ كېتىلگەن ئەسەرلەر ئىكەنلىكى ئېنىقلاندى. تەڭرىتاغلىرى، قاراكۇرۇتاغ ۋە ئالتۇن (ئالتاي) تاغ تىزمىلىرىنى بويلاپ ساياھەت قىلغان ئالىملار، قەدىمكى زاماندا ئىشلىتىلىپ تاشلىنىپ قالغان بۇخىل مەدەن ئوچاقلىرىنى كۆپ ئۇچراتقان. تەكلىماكان چۆللى ۋە تۇرپان چۆللىرىدا ھېلىمۇ پات - پات تېپىلىپ، ئوتتۇرىغا چىقىپ تۇرىدىغان مىس، تۇچ، ئالتۇن، چويۇن، تۆمۈر، كۈمۈش ۋە ساپالدىن ياسالغان سەنئەت ۋە ھەرخىل مەدەن خام ماددىسى قاتارلىقلار بۇجايلار قۇرغاقچىلىق ئاپىتىگە ئۇچراشتىن بۇرۇنقى دەۋىردە ئىشلەپ چىقىرىلغان نەرسىلەر بولۇپ، بۇ يۇرتلاردا بۇ نەسىلەرنى ياسالايدىغان ماھىر ئۇستىلارنىڭ كۆپ بولغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. تەكلى ماكان، تۇرپان ۋە قۇمۇل چۆللىرىدە سۇ بويلىرىدىن بىر قانچە كىلومېتىر يىراق يەردە تېپىلغان قەدىمكى شەھەرخارابىلىرىنى يېقىنقى زامانغا ئائىت دېسەكمۇ، بۇ چۆللەرنىڭ ئىچكىي قىسىملىرىدا بۈگۈن ھېچقانداق بىرجانلىقنىڭ ھايات كەچۈرۈشى مۇمكىن بولمايدىغان ھالەتتىكى جايلاردىن تېپىلغان شەھەرخارابىلىرى، ئېرىلغۇ يەر، ئېرىق - ئۆستەڭ (تىم)،گەمە ۋە سېپىل - قورغان ئىزلىرى بۇجايلارنىڭ قۇرغاقچىلىق ئاپىتىگە ئۇچراشتىن بۇرۇنقى ھايات ئىزلىرىدىن دېرەك بېرىدۇ.

3 - پەسىل

## تۈركلەرنىڭ ئومۇمىي كۆچۈش دەۋرى

قەدىمكى زامانلاردىكى تۈرك ئانا يۇرتىنىڭ ئاۋات - باياشات ۋەزىيىتى يۇقىرىدا بايان قىلىندى. بىريۇرتىنىڭ تۇپرىقىنىڭ مۇنبەت، سۈيىنىڭ مول ۋە ھاۋاسىنىڭ گۈزەل بولۇشى قاتارلىق ئامىللىرى خەلقىنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتە تېز يۈكسىلىشى، نوپۇسىنىڭمۇ سۈرئەت بىلەن كۆپىيىشى ئۈچۈن مۇھىم ئاساس بولىدىغانلىقى ھەممىگە ئايان. مانا، بۇسەۋەپلەر بىلەن تۈرك ئانا يۇرتىدا قەدىمكى تۈرك نوپۇسى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، يۇرت - شەھەرلەر گۈللەپ - ياشناپ كەتكەنىدى. يەنە بىر تەرەپتىن يامغۇر - يېشىن ئاز يېغىپ سۇ مەنبەلىرى ئازقالغان. تەڭرىتاغلىرى ۋە قاراكۇرۇتاغلىرىنىڭ ئەسلىدىكى مۇزلىرى ئېرىپ تۈگەپ ئۇنىڭ تارماق ئېقىنلىرى قۇرۇپ كەتكەن. يەنە بىر تەرەپتىن ئىچكى دەريالار ۋە كۆللەر مۇ قۇرۇشقا باشلىغان. نەتىجىدە، يۈزلەرچە دەريا قۇرۇپ كېتىپ، قۇرغاقچىلىق ئاپىتى باشلىغان. نوپۇسنىڭ ھەددىدىن ئارتۇق كۆپىيىشى ۋە قورغاقچىلىق ئاپەتلىرى خەلقنىڭ تىرىكچىلىكىنى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويغان. شۇنىڭ بىلەن ھەرقايسى قەبىلىلەر ئۆز ھاياتلىرىنى ساقلاپ قىلىش ئۈچۈن باشقا بىرىنىڭ ئۈستىگە تاجاۋۇز قىلىپ ۋە مەغلۇپ بولغان تەرەپنى ھەيدەپ چىقىرىپ، يەر

- سۇلىرىنى ئىشغال قىلىشتەك ئىچكىي ئۇرۇش ھەرتەرەپنى قاپلىغان. شۇنىڭ بىلەن بىرقىسىم خەلق ئۆز يېرىنى تاشلاپ تەرەپ - تەرەپكە كۆچۈپ كېتىشكەمەجبۇر بولغان.

ئۆز يەرلىرىنى تاشلاپ چىقىپ كەتكەن كۆچمەنلەر ئاستا - ئاستا دۇنيا نىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىگە تارىلىپ، ئۆز ھاياتلىرىغا مۇناسىپ بىريەر تېپىشقا باشلىدى. تارىخچىلار بۇ دەسلەپكى كۆچ دەۋرىنىڭ ھازىرقى كۈندىن تەخمىنەن 9,000 يىل بۇرۇن يۈز بەرگەنلىكىنى بىردەك ئېتىراپ قىلماقتا. بۇكۆچۈشلەردىن بىرقىسمى خۇددى ئالدىنى توسقىلى بولمايدىغان كەلكۈندەك قەھرى - غەزىپى بىلەن ئىلگىرلەپ، بارغانلا يەردىكى خەلقلەرنى يوقىتىش، ھەيدەپ چىقىرىش ياكى ئۆزلىرىگە بويسۇندۇرۇشتىن ئىبارەت ئىدى. بەزىلىرى بولسا قۇمغا سىڭىپ كەتكەندەك سەزدۇرمەستىن ئەمەلگە ئاشتى. بۇلار بارغان يەردىكى خەلقلەرگە مەدەنىيەت ۋە ئىنسانى ئەخلاق ئۆگىتىپ، ھاكىمىيەت بېشىدىكىلەرگە بويسۇنۇپ، ھەمكارلىشىپ ياشاپ ئۆز ھاياتلىرىنى تەمىنلىدى. بۇكۆچۈشلەر بىر ئەسىردىلا يۈزبەرگەن ئەمەس، بەلكى، مىلاد دىن بۇرۇنقى 7 - 8 مىڭ يىل ئىلگىرىدىن باشلاپ مىلادى 4 - ئەسىردىكى سىيانپى كۆچۈشكە قەدەر داۋام قىلغان. ئۇندىن كېيىن كۆكتۈرك، ئۇيغۇر، ئۇغۇز، سەلجوق، قىتاي ۋە موڭغۇل كۆچۈشلىرى تارىخ ئوقۇغان ھەممەكىشىگە مەلۇمدۇر. بۇئومۇمىي كۆچۈشنىڭ تۈرك ئانا يۇرتىدىن دۇنيانىڭ تۆت تەرىپىگە كەتكەن يوللىرى، باشلىنىش نۇقتىسى ۋە بېرىپ توختىغان جايى بىرىنچى خەرىتىدە كۆرسىتىلدى. تۆۋەندە يالغۇز شەرقىي تۈركىستاندىن چىققان قاپىلە(كارۋان) توغرىسىدا بىرئاز توختىلىپ ئۆتىمىز:

تۇرپان ئۆلكىسىدىن يولغا چىققان كۆچمەنلەر كارۋانىنىڭ بىر تارمىقى توغرا شەرققە قاراپ مېڭىپ، ئوتتۇرا چىن، يەنى، سېرىق دەريا(خۇاڭخې) ۋە كۆك دەريا (ياڭزىجاڭ) ئوتتۇرىسىدىن چىننىڭ ئەڭ مۇنبەت ۋە يېشىللىق بولغان ئۆلكىسىنى ئىگەللەپ يەرلەشتى. لوپ ئۆلكىسىدىن چىققان ئىككى تارماق قافىلىدىن بىرى، شەرقىي جەنۇب تەرەپكە قاراپ يولغا چىقىپ، كۆك دەرياسىنىڭ باش تەرىپىگە، ھازىرقى سىچۇەن ۋە يۈننەن ئۆلكىلىرىدە يەرلەشتى. چىننىڭ بۇجايلاردىكى ئىنسانلىرى تېخىچە تامامەن ۋەھشى ئىدى. تۈرك كۆچمەنلەر بۇلار نى جايلىرىدىن ھەيدەپ چىقاردى. ئۇلار تاغ ۋە چۆل - باياۋانلارغا قېچىپ بېرىپ، شۇ يەردە تۇگۇشۇپ كەتتى. بۇ كاراۋاننىڭ ئىككىنچى تارمىقى جەنۇبقا قاراپ مېڭىپ، كۆك كۆل (كۆكتۇرا) ( ھازىرقى چىڭخەي ئەتراپى) غا بېرىپ، ئۇ يەردىمۇ ئۇزۇن تۇرالماي، ئۈچ تارماققا بۆلۈنۈپ بىرى سىچۇەنگە بىرى ھىندىچىنغا يەنە بىرى ھىندىستانغا بېرىپ يەرلەشتى. تىرىم (تارىم) ۋادىسىدىن، يەنى، بۈگۈنكى ئالتى شەھەر ئۆلكىسىنىڭ ئوتتورا قىسمىدا قۇرغاقچىلىق ئاپىتىگە ئۇچراپ قۇرۇپ كەتكەن تەكلىماكان قىسمىدىن يولغا چىققان كۆچمەنلەر، ئارقا - ئارقىدىن غەربىي تىبەت (لاداخ) ۋە پامىر يوللىرى بىلەن مېڭىپ، ھىندىستانغا توپلاندى. بۇلار ھىندىستاننىڭ ئەڭ مۇنبەت يېرى بولغان سىند ،گانگا ۋە براھما پۇترا دەريالىرى

ۋادىسىغا يەرلىشىپ، يەرلىك خەلقلەرنى جەنۇبقا سۈرۈپ، ئۆزىگە بويسۇندۇرۇپ، بۇجايلاردا ئاۋات شەھەر ۋە ئۆلكىلەر بىنا قىلدى. بۇ تەپسىلاتلار، زامانىمىزدا سىندھ دەرياسى بويىدىكى هاراففا (هاراپپا) ۋە موھەنجۇدارا شەھەرخارابىلىرىنىڭ ئارخېئولوگىيىلىك قېزىپ تەكشۈرۈلۈشى جەريانىدا تېپىلغان ماتېرىياللاردىن ئىسپاتلاندى.

مىلاددىن ئىلگىرى 2500 ـ يىللىرى تارۇلتاي (تارباغاتاي) ۋە ئىلى رايۇنلىرىدىن يولغا چىققان كاراۋانلار ئۇدۇل غەرپكە مېڭىپ، ئورال تاغلىرىنى ئاشقاندىن كېيىن، تۆت قولغا ئايرىلىپ، پۈتۈن شىمالىي ياۋروپا، فرانسىيە، ئەنگلىيە ۋە ئىرلاندىيىگىچە ئىشغال قىلدى. تاغ ئۆڭكۈرلىرىدە ۋە دەرەخ كامالىرىدا تېخىچە ئىپتىدائىي دەۋرى هاياتى ياشاۋاتقان يەرلىك خەلقلەرنى ئۆزىگە بويسۇندۇردى .

قارا ئېرتىش ۋادىسىدىن (هازىرقى ئالتاي ۋىلايىتىدىن) بىرقاپىلە شىمالغا قاراپ يولغا چىقىپ سىبىرىيەنى ئىگەللەپ شىمالىي مۇز دېڭىزىگىچە تارالدى. بۇكاراۋان بولسا مىلادى 4 ـ ئەسىردە شەرقىي تۈركىستان خانلىق دۆلەتلىرىدىن مەغلۇپ بولۇپ، شىمالغا كۆچۈشكە مەجبۇر بولغان سىيانپى ـ تاتار تۈركلىرى بولۇپ. بۇلارنىڭ مەركىزى قارا ئېرتىش ۋە تانۇئۇلا تاغلىرى ئىدى.

شەرقىي تۈركىستاندىن كۆچكەن تۈركلەرنىڭ ئومۇمىي كۆچۈش ئەھۋالى يۇقىرىدا قىسقىچە بايان قىلىندى (1ـ 2 ـ خەرىتىگە قاراڭ). بۇنىڭدىن شەرقىي تۈركىستاندىن كۆچكەنلەرنىڭ ھەممىدىن كۆپ بولۇپ، ئىگەللىگەن يەرلىرىنىڭمۇ مۇھىم جايلار ئىكەنلىكىنى كۆرگىلى بولىدۇ. تۈرك ئانا يۇرتىسىدىن باشقا يەرلىرىدىن كۆچكەنلەرنىڭ تەپسىلى ئەھۋالى كىتابىمىزنىڭ ئىزاھاتلار قىسمى(2 ـ توم)[8] دا بايان قىلىندۇ.

خۇلاسە قىلىپ ئېيتقاندا! دۇنيانىڭ باشقا جايلىرى تېخى مەدەنىيەتتىن خەۋەرسىز قاراڭغۇلۇق بىر دەۋر ئىچىدە ياشاۋاقتا ئىكەن، تۈرك قوۋملىرى ئىلىم ۋە مەدەنىيەت نېمەتلىرىگە ئېرىشىپ، خۇداۋەندكەرىمنىڭ ئۇنىڭغا ئاتا قىلغان، باشقا جايلاردىكى بەندىلىرىنى ئىلىم ۋە مەدەنىيەت نېمەتلىرىگە ئىگەقىلىش ۋە يەر يۈزىنى ئاۋات قىلىشتەك ئۇلۇغ بىر ۋەزىپىنى ئەمەلگە ئاشۇرغان. چۈنكى، تۈركلەر بارغان جايلارغا ئۆزىنىڭ ئىلىم، سەنئەت ۋە مەدەنىيەتلىرىنى ئېلىپ باردى ۋە يەرلىك خەلققە ئۆگەتتى. ئۇيەرنى ئۆز ئانا يۇرتىدەك ئاۋات قىلدى، بۈيۈك شەھەرلەر بىنا قىلدى.

[8] ئىزاھاتلار قىسمى تېخى نەشر قىلىنمىدى. (ن. ش. ھ.).

4 - پەسىل

## كۆچۈش دەۋرىدىن كېيىنكى تۈرك ئانا يۇرتى

كۆچ دەۋرىدە بولسۇن ياكى كۆچتىن كېيىنكى چاغلاردا بولسۇن، مەيلى تۈرك ئانا يۇرتىدا ياكى تۈركلەر كۆچۈپ بېرىپ ئاۋات قىلغان يۇرتلاردا بولسۇن، تۈركلەر يۈكسەك مەدەنىيەتكە ئىگە بىرەرخانلىق يەنى، ھەرخىل نام بىلەن بىرئىدارە بىرلىكلىرىنى قۇرۇپ چىقتى. مەسىلەن: شەرقىي تۈركىستاندا تارىم ۋادىسى بويلىرىدا- ھازىرقى ئالتى شەھەر، تۇرپان رايونى، ئىسسىقكۆل ئەتراپى، يەتتە سۇ، ئىلى ۋادىسى. ھازىرقى شىمالىي موغۇلىستاندا- سېلىنگا ۋە ئورخۇن دەريا بويلىرى، ھازىرقى غەربىي گەنسۇ، دەپ، ئاتالغان قارا دەريا بويلىرى ۋە چۇ دەريا بويىدىكى قەدىمكى زامانلاردا ئارغۇ دەپ ئاتالغان يۇرتلاردا ۋە غەربىي تۈركىستاندا - سىر دەرياسى(ئىنجى دەرياسى) ھاۋزىسى، ئۆگۈز(ئامۇ دەريا) ھاۋزىسى ۋە سۇغۇت (سۇغد) (زەرەپشان) دەريا ھاۋزىسى قاتارلىق جايلاردا ئوخشىمىغان دەۋرلەردە غايەت ئۈستۈن مەدەنىيەتلىك يۇرتلەر بەرپا قىلدى.

شەرقىي تۈركىستاندىكى يۇقىرىدا ئېيتىلغان بۇ يۇرتلارنىڭ ھەممىسى سۇ بويلىرىغا جايلاشقانلىقتىن بۇ يۇرتلەر بىر - بىرىدىن ئارىسىدىكى كەڭ كەتكەن قۇم چۆللىرى ۋە ئېگىز تاغلار پاسىل بولۇشى ئارقىلىق ئايرىلىپ، پەرقلىق ئىسىملار بىلەن ئاتالغان. خەلقلىرىمۇ شۇ يەر ئىسىملىرى بىلەن ئاتالغان. مەسىلەن؛ خوتەننىڭ ئەسلى ئىسمى «ئۇدۇن» بولۇپ خوتەنلىكلەرمۇ ئۇدۇن، دەپ ئاتالغان. قەشقەر خەلقى «كاچغىر»، قاشغىر» دەپ ئاتالغان. بەزى ئالىملار ئىراندىكى «قاچار» دېگەن تۈركلەرنىڭ ئەسلى شۇ قەشقەر تۈركلىرى بولسا كېرەك دەپ قارايدۇ. «كۇچا» دېگەنمۇ شۇجايدىكى يەرلىك خەلقنىڭ ئىسمى ئىكەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ. ئاقسۇ ئۆلكىسىنىڭ كونا ئىسمى «ئۇچ» ئىدى. يېقىنقى زامانلارغىچە بۇ ئىسىم بار ئىدى. رىۋايەتلەرگە قارىغاندا بۇ ئۆلكىدە ئۇچ قەبىلە ياشايدىكەن ۋە بۇلار بىر ھاكىمىيەت ئاستىدا بولغانلىقلىرى ئۈچۈن «ئۇچ» دەپ ئاتىلىپ، خەلقىمۇ «ئۇچ» دېيىلىدىكەن.

كۇنسېرى تەرەققى قىلىپ ئىلىم - پەن، سەنئەت ۋە مەدەنىيەت ساھاسىدا يۈكسەلگەن بۇ ئۆلكىلەرنىڭ ھەر بىرى ئۆز ئالدىغا بىر مۇستەقىل ئىدارە ئاستىدا بولۇپ، رەئىسى«خان» دەپ ئاتالغان. خاننىڭ قول ئاستىدىكى ھۆكۈمدار«بەگ» دەپ ئاتالغان. بۇلارنىڭ ئىدارى تەشكىل تۈزۈمى ياساق ياكى تۈزۈت (قانۇن - تۈزۈم) بىلەن باشقۇرۇلغانلىقى ھەققىدە كۆپلىگەن مەلۇماتلار بار. بىر زامانلاردا شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئالتى شەھەر، ئىسسىقكۆل ۋە چۇ دەريا بويىدىن ئىبارەت غەربىي قىسمىدا 10 مۇستەقىل خانلىق دۆلەت بار ئىدى. قۇچۇ(تۇرپان)، ئىلى، ئېمىل(تارۇتاي)، تارباغاتاي، ئالتاي ۋە

بەشبالىقتىن ئىبارەت شەرقىي قىسمىدا بولسا، توققۇز خانلىق بولغانلىقى رىۋايەت قىلىنىدۇ.

بۇ خانلىقلار نىڭ قاچانغىچە داۋام قىلغانلىقى ھەققىدە ئېنىق مەلۇمات يوق ۋە بۇ دەۋردىكى ھادىسىلار توغرىسىدىمۇ ئىشەنچىلىك ماتېرىياللار يوق. بۇ خانلىقلار ئىچىدە داۋاملىق ئىچكى ئۇرۇشلار يۈز بېرىپ تۇرغانلىدىن باشقا، تاشقىرىدىن كېلىدىغان تاجاۋۇز خەۋپىمۇ ھەر دائىم مەۋجۇد ئىدى. بۇسەۋەپتىن خانلىقلار بىرلىشىپ، بۈيۈك بىردۆلەت تەشكىلاتى ئاستىغا كىردى. بۇنى تۆۋەندە بايان قىلىمىز.

## قەدىمكى تۈركلەردە يېزىق

قەدىمكى تۈركلەر دە يېزىق كۆچ دەۋرىدىن ئىلگىرىمۇ بار ئىدى. يېزىق « پۈتۈك»، دەپ ئاتىلاتتى. يېزىقنىڭ شەكلى قەدىمكى مىسىر يېزىقى ھېرۇغلىف (ھېرۇگلىف) غا ئوخشاپ كېتىدىغان رەسىم ۋە شەكىللەردىن ئىبارەت ئىدى. فىرات ۋە دىجلە دەريالىرى بويىغا كۆچكەن سۇمەر ۋە ئاققاد تۈركلىرى بۇ جايلاردا ئۆزلىرىنىڭ يېزىقىنى ئۇمۇملاشتۇرغان. كىتاۋىمىزدا بۇ يېزىقلار ھەققىدە تەپسىلى توختالمايمىز. (تەپسىلى مەلۇمات ئۈچۈن مۇناسىۋەتلىك ئەسەرلەرگە قاراڭ). بۇ يەردە كۆچ دەۋرى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئەسىردە تۈركلەر ئارىسىدا ئومۇملاشقان يېزىقنى بايان قىلىمىز.

كۆكتۈرك دۆلىتى دەۋرىگە ئائىت ئورخۇن ۋە يەنسەي» دەريا بويلىرىدىن تېپىلغان مەڭگۇ تاشلىرىدا بۇخىل يېزىقلار كۆپ ئۇچرىغانلىقتىن تارىخ ئالىملىرى بۇ يېزىقلارغا «كۆكتۈرك ئېلىپبەسى» ۋە ياكى « ئورخۇن - يەنسەي يېزىقى» دەپ نام بەرگەن. مەن بۇلارنى« قەدىمكى تۈرك ئېلىپبەسى»، دەپ ئاتاش مۇناسىب دەپ ھېساپلايمەن. چۈنكى، بۇ ئېلىپبە بىلەن يېزىلغان ئەسەرلەر باشقا پۈتۈن تۈرك يۇرتلىرىدا ئوتتۇرىغا چىقماقتا.

بۇ ئېلىپبە 38 ئىشارەت، يەنى، ھەرپتىن ئىبارەت بولۇپ، بۇلاردىن تۆتى سوزۇق تاۋۇش قالغىنى ئۈززۈك تاۋۇش ھەرپىدۇر. يازغاندا ئوڭدىن سولغا ياكى يۇقىرىدىن تۆۋەنگە قىلىپ يېزىلىدۇ. قەدىمكى تۈركلەردە بۇلاردىن باشقا بىرقانچە خىل يېزىق شەكىللىرىمۇ بار بولۇپ، بۇلار بىرقەبىلە ۋە بىر يۇرت ئاھالىسى بىلەنلا چەكلىك ئىدى. پۈتۈن تۈرك ئايماقلىرى ئىچىدە ئومۇمىيۈزلۈك قوللىنىپ كەلگەن ئېلىپبە، تۆۋەندە بىز كۆرسەتكەن ئېلىپبە ئىدى. ھەتتا شۇ زامانلاردا ياۋروپادا ھۆكۈم سۈرگەن تۈركلەرمۇ بۇ يېزىقنى قوللانغان. كېيىنچە ئالاھىدە ئېلىپبە ئىشلىتىشكە باشلىغان. ئۇيغۇرلار تاملارغا، ئابىدىلەر (ئىبادەتخانىلار)، مازار تاشلىرىغــــا ۋە باشقا تاش ئويما كىتابەلەردە (يازما يادىكارلىقلاردا) بۇ ئېلىپبەنى قوللانغان.

مىلادى 7 - ئەسىرگە كەلگەندە بىر قانچە تارىخىي سەۋەپلەر بىلەن ئورخۇن يېزىقى ئەمەلدىن قېلىپ، ئۇيغۇر ئېلىپبەسى ئومۇملاشتى. بۇنىڭ تەپسىلاتىنى «ئۇيغۇرلار» دېگەن بابدا بايان قىلىمىز.

# قەدىمكى تۈرك ئېلىپبەسى

| | هەرپلەر | ئوقۇلۇشى | | هەرپلەر | ئوقۇلۇشى |
|---|---|---|---|---|---|
| 1 ـ | 𐰀 | ئا، ئە | 20 ـ | 𐰨 | ئىنچ |
| 2 ـ | 𐰃 | ئي، ئى | 21 ـ | 𐰖 | ي (يۇمشاق تاۋۇشلۇق) |
| 3 ـ | 𐰆 | ئو، ئۇ | 22 ـ | 𐰘 | ي (قاتتىق تاۋۇشلۇق) |
| 4 ـ | 𐰇 𐰈 | ئۆ، ئۈ | 23 ـ | 𐰪 | ي (بەزى شۆيدە «ن») |
| 5 ـ | 𐰴 𐰵 | ق (قاتتىق تاۋۇشلۇق) | 24 ـ | 𐰭 | ڭ |
| 6 ـ | 𐰶 | ق (ئىق تاۋۇشى بىرىدۇ) | 25 ـ | 𐰣 | ن (قاتتىق تاۋۇشلۇق) |
| 7 ـ | 𐰸 | ق (ئوق تاۋۇشنى بىرىدۇ) | 26 ـ | 𐰤 | ن (يۇمشاق تاۋۇشلۇق) |
| 8 ـ | 𐰍 | غ | 27 ـ | 𐰢 | م |
| 9 ـ | 𐰚 | ك | 28 ـ | 𐰼 | ر (يۇمشاق تاۋۇش) |
| 10 ـ | 𐰜 | ك (ئۆ، ئۈ نىڭ ئالدى كېيىندە) | 29 ـ | 𐰺 | ر (قاتتىق تاۋۇشلۇق) |
| 11 ـ | 𐰏 | گ | 30 ـ | 𐰞 | ل ( قاتتىق تاۋۇشلۇق) |
| 12 ـ | 𐱃 | ت (قاتتىق تاۋۇشلۇق) | 31 ـ | 𐰠 | ل (يۇمشاق تاۋۇشلۇق) |
| 13 ـ | 𐱅 𐱆 | ت ( يۇمشاق تاۋۇشلۇق) | 32 ـ | 𐰲 | چ |
| 14 ـ | 𐰑 | د (قاتتىق تاۋۇشلۇق) | 33 ـ | 𐰾 | س |
| 15 ـ | 𐰓 | د(يۇمشاق تاۋۇشلۇق) | 34 | 𐱁 | ش (س) |
| 16 ـ | 𐰯 | پ | 35 ـ | 𐰔 | ز(     ) |
| 17 ـ | 𐰉 | ب(قاتتىق تاۋۇشلۇق) | 36 ـ | 𐰦 | ند |
| 18 ـ | 𐰋 𐰌 | ب (يۇمشاق تاۋۇشلۇق) | 37 ـ | 𐰡 | لەد |
| 19 ـ | 𐰱 | ئىچ | 38 ـ | : | ئايرىش بەلگۈسى |

كۆكتۈرك خاقانى بىلگەخاقاننىڭ قېرىندىشى كۆلتېكىننىڭ قەۋرى تېشىغا مىلادى 732 - يىلى قويغۇزغان، ئۇرخۇن مەڭگۈ تېشى (كۆلتېگىن مەڭگۈتېشى) دىن 8 قۇرلۇق بىر پارچە :-



ئوقۇلۇشى: - تابغاچ بودۇن سابى سۈچىگ ئاغىسى يىمشاق ئەرمىش. سۈچىگ سابىن يىمشاق ئاغىن ئاراپ ئىراق بودۇنوغ ياغۇتىر ئەرمىش. ياغۇرۇ قوندۇقتا كىسرە ئايىغ بىلىگ ئانتا ئۆيۈر ئەرمىش. ئەرگۈ بىلگە كىشىگ ئادگۈ ئالىپ كىشىگ يورتماز ئەرمىش . بىر كىشى ياڭىلسار ئۇگۇشى بولۇنى بىشۈكىڭە تەگى قىدماز ئەرمىش. سۈچىگ سابىڭا يىمشاق ئاغىسىڭا ئارتۇرۇپ ئۆكۈش تۈرۈك بودۇن ئۆلتۈگ.

مەنىسى: - تابغاچ (چىن مىللىتىنىڭ) سۆزى تاتلىق ئىپەك رەخلىرى يۇمشاق ئىكەن. تاتلىق سۆز ۋە يۇمشاق ئىپەكلىرى بىلەن ئالداپ، يىراق بولغان مىللەتلەرنى ئۆزىگە يېقىنلاشتۇرىدىكەن. يېقىنلىشىپ ئورۇنلاشقاندىن كېيىن، يامان چۈشەنچە(پىلان) لىرىنى ئۇ ۋاقىتتا تارقاتقىلى باشلايدىكەن. ياخشى، ئالىم كىشىلەرنى ۋە ياخشى باتۇر كىشىلەرنى ئالغا باستۇرمايدىكەن. بىركىشى ئۆزگىرىش قىلسا ئۇنىڭ خەلقىگە، مىللىتىگە، ھەتتا، بۆشۈكتىكى ئۇرۇق - ئەۋلادىغىچە رەھىم قىلمايدىكەن. تاتلىق سۆزىگە، يۇمشاق ئىپەكلىرىگە ئالدىنىپ، كۆپلىگەن تۈرك مىللىتى ئۆلدۈك.

## قەدىمكى تۈركلەردە دۆلەت تەشكىلاتى
## ۋە ھوقۇق

قەدىمكى تۈركلەر دۆلەتنى «ئىل»، ھاكىمىيەت قۇدرىتىنى «قۇت» دەپ ئاتايتتى. ئومۇمەن تۈركلەر دۆلەت ۋە ياكى ھۆكۈمەت قۇرۇشنىڭ مەقسىدى خەلقنىڭ تىنچ - ئامان ۋە ئادالەت ئىچىدە، باياشات ياشىشىنى تەمىن قىلىشتىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى بىلگەنىدى. بۇ مەقسەتتە ئۇيغۇن بىرقانۇن بىلەن باشقۇرۇلىدىغان، ھاكىمىيەتكە ئىتائەت قىلىدىغان مۇستەقىل توپلۇمنى تۈركلەر «ئىل» (دۆلەت) دەپ تونىغان. بۇ ئىلنىڭ بېشىدىكى كىشى«خان» ئىدى. ئومۇمىي قانۇننى شەرق ۋە شىمالدىكى تۈركلەر ئۆز

شۇلىرىگە قاراپ، «تۆرە» ۋە يا «تۇرە» دەپ ئاتايتتى. ئۇيغۇرلار بولسا «تۈزۈت» ، «تۈزۈك» ۋە «ياساق» دەپ ئاتىغان. بىز شەرقىي تۈركىستاندا هازىرمۇ «تۈزۈت» ئاتالغۇسىنى قوللىنىمىز.

دېمەك، تۈرك خانلىرى ئۆز ئېلىنى تۈزۈت بويىچە باشقۇرۇشقا مەجبۇر ئىدى. تۈزۈت، مىللەتنىڭ رەسمىيەت ۋە ئۆرپ ـ ئادەتلىرىدە قوبۇل قىلىنغان تۇرمۇشتىكى قائىدە ـ يۇسۇنلاردىن ئىبارەت ئىدى. بۇلار ئاساسەن ئۈچ يول بىلەن مەيدانغا كېلەتتى: 1 ـ ئۆرپ ـ ئادەت ياكى دىنىي ئېتىقات شەكلىدە ئاستا ـ ئاستا ئاساس سالغان قائىدەلەر. 2 ـ خاننىڭ مىللەت تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنغان يارلىغ (پەرمان) لىرى. 3 ـ خەلق چوڭ يىغىنى (قۇرۇلتاي) دا ماقۇللانغان قارارلار. خەلقنىڭ چوڭ يىغىنلىرى بۈگۈنكى پارلامېنتلارغا ئوخشاپ كېتىدىغان ئىنتايىن مۇهىم بىر تەشكىل بولغانلىقتىن، بۇنى بىرئاز تەپسىلرەك بايان قىلىمىز:

قەدىمكى تۈركلەردە دۆلەتنىڭ باشقۇرۇش ئىشلىرىدا خەلقنىڭ مۇهىم رولى بار ئىدى. مەسىلەن: خان (خاقان، قاغان) بەلگىلەش، هۆكۈمەت تەشكىلاتىدا ئىسلاهات ئېلىپ بېرىش، ئۇرۇش ئېلان قىلىش ياكى سۈلهى كېلىشىملىرىنى تۈزۈشكە ئوخشاش مۇهىم مەسىلىلەردە بىر ئومۇمىي چوڭ يىغىن ئېچىلاتتى. هەرقانداق بىر ئۇرۇش قورالى كۆتىرەلىگۈدەك قۇۋۋەتتى بولغان هەرقانداق كىشىنىڭ بۇ يىغىنغا قاتنىشىش هەققى بولاتتى. بۇنداق ئومۇمىي يىغىنلار «قۇرۇلتاي» ياكى «ساۋۇن (سورۇن)» دەپمۇ ئاتالغان. مۇهىم ئىشلار بۇنىڭغا ئوخشاش سورۇندا هەل قىلىناتتى. خاننىڭ قول ئاستىدا دۆلەت ئىشلىرىنى قىلىدىغان «بەگ» ۋە بۇلارنىڭ قارمىقىدا شادايىت (ئىل ئۆگىسى)، «تارخان (تارقان)» ۋە «بۇيرۇق» دېگەن، ئەمەلدارلار بارئىدى. قەدىمكى ئوتتۇرا ئاسىيا تۈرك توپلۇلۇقلىرى غايەت توغرا ۋە ئىنسانىيەت تۇرمۇشىغا ئۇيغۇن قانۇنغا ئاساسلانغان جەمئىيەتلەر دىن ئىبارەت ئىدى. مىسال ئۈچۈن بۇلاردىن ئاساسلىق بەزىلىرىنى بايان قىلىمىز:

قەدىمكى تۈركلەردە تۇرمۇش قۇرۇش ئائىلە ئۇسۇلى بىلەن بولغان نىكاهقا باغلىق ئىدى. نىكاه رەسمى مۇراسىملار بىلەن، يەنى، «توي» بىلەن ئىجرا قىلىناتتى. نىكاه ئۈچۈن كېلىننىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ رازىلىقى شەرت ئىدى. كۈيئوغول تەرەپ قانداقلا بولمىسۇن كېلىن تەرەپكە بىر مىقتار مال بېرىشى لازىم بولۇپ، بۇ «قالىق» دەپ ئاتىلاتتى. قالىق ئۈچۈن، بېشى ئات ئايىغى قويغا قەدەر مال بېرىش ئادەت بولغان. ئېرى ئۆلسە مىراس خوتۇنغا قالاتتى. بالىلىرىغا ئانىسى ئىگىدارچىلىق قىلاتتى. كۆكتۈرك خاقانى ئىلتەرىش قاغان ئۆلگەندىن كېيىن بالىلىرىغا ئانىسى بىلگە قاتۇننىڭ ۋەسى بولغانلىقى ئورخۇن ئابىدىلىرىدىكى كىتابە(مەڭگۈ تاشتىكى يازما يادىگارلىق) لەردە يېزىلغان. تۇل قالغان ئاكىسىنىڭ خوتۇننى ئىنىسى ۋە ياكى هاياتتا بار چوڭ ئاكىسى نىكاهىغا ئېلىش تۈركلەرنىڭ قەدىمدىن تارتىپ رىئايە قىلىپ كەلگەن ۋە بەزى تۈرك قەۋملىرى زامانىمىزدىمۇ رىئايە قىلىپ كېلىۋاتقان ئادەتلىرىدىن بىرىدۇر.

خۇسۇسى ئىگىدارچىلىق تۈزۈمى، تۈركلەر دە ئەڭ قەدىمكى زاماندىن تارتىپ بار ئىدى. ھەركىمنىڭ ئۆز ئىگىدارچىلىغىدا تېرىلغۇ يەرلىرى بار ئىدى. بۇ خۇسۇسى ئىگىدارچىلىقتا ھۆرمەت قىلىشنى ھەركىشى ئىنسانلىق ۋەزىپە دەپ بىلەتتى. ھايۋانلارغا تامغا بېسىش مۈلكىيەت (ئىگىلىك) ئالامىتى ھېساپلىناتتى. ئايماقلار ياكى شەخىسلەر ئارىسىدا يەر، يايلاق ۋە باشقا مال ـ مۈلكلەر ھەققىدە ئىجرا قىلىنىدىغان كېلىشىم يېزىلاتتى. بۇ كېلىشىم ئانت (قەسەم) بېرىش بىلەن كۈچكە ئىگە بولاتتى. بۇلارنىڭ خەلق ئىچىدىكىلىرى، «پىچغاس»، خانلەر ۋە ھۆكۈمدارلار ئوتتۇرىسىدا تۈزۈلگەن بىتىمنامەلار «پىچىغ» دەپ ئاتىلاتتى.

قەدىمكى تۈرك دۆلەتلىرى ئىنتايىن كۈچلۈك بىر ئاساسقا قۇرۇلغانلىقتىن، يۇرتتا تىنچلىق ـ ئامانلىق ۋە تەرتىپ ئىنتىزام ئورنىتىلغانىدى. مۇنداق تەرتىپ ـ ئىنتىزامنىڭ مەۋجۇد بولۇشى، ماقۇل ۋە ئادالەتلىك جازا قانۇنلىرىنىڭ بولۇشىغا باغلىق ئىدى. ئومۇمەن، سۈچ (جىنايەت) ئېغىر ۋە يېنىك دەپ ئىككىگە ئايرىلغان. ئېغىرجىنايەتنىڭ جازاسى ئۆلۈم بولۇپ، بۇنىڭغا، يۇرت ۋە ئەلگە خىيانەت قىلغانلار، زىنا قىلغانلار، قاتىللار، جەڭدە قورقۇپ قاچقانلار، ئەلچىلىك ۋەزىپىسىدە خاتالىق ئۆتكۈزگەنلەر، ھۆكۈمەت بېشىغا چىقىۋالغان قابىلىيەتسىزلەر، ئۆز ھۆكۈمىتىگە قارشى چىققانلار ۋە باغلاغلىق ئاتنى ئوغۇرلىغانلار كىرەتتى. يېنىك جىنايەتلەرغىمۇ مۇۋاپىق جازا ھۆكۈملىرى بارئىدى. بۇلارغا قارىغاندا قەدىمكى تۈرك دۆلەتلىرىنىڭ، ئىنتىزامنى قوغداش ئۈچۈن ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەنلىكلىرى كۆرنۈپ تۇرىدۇ.

## قەدىمكى تۈركلەردە دىن

قەدىمكى تۈركلەرنىڭ تارىختا بىلىنگەن دىنى «شامان» (قام) دىنى ئىكەنلىكى مەلۇم. قەدىمدىن تارتىپ تۈركلەرنىڭ قان قېرىنداش قوۋملىرى، قوشنا بولغان باشقا مىللەتلەرمۇ شامان دىنىغا ئېتىقات قىلغان. «شامان» دېگەن سۆز ئەسلىدە «قام» نىڭ باشقىلار تەرىپىدىن بۇزۇپ ئېيتىلىشىدۇر. بۇ دىننىڭ رۇھانىلىرى (شېيخلىرى) «تويىن» ۋە «قام» دەپ ئىككىگە ئايرىلغان. تويىنلەر ـــ خەلققە دىننىڭ ھۆكۈملىرىنى ئاگلىتىش، قۇربانلىق قىلىش قاتارلىق دىني مۇراسىملارغا رەھبەرلىك قىلاتتى. كېچەللەرنى داۋالاپ ۋە ئىبادەتخانىلاردا تۇرۇپ، زاھىتلىق قىلىپ، ئىبادەت ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىناتتى. بۇلار خەلققە ئارىلاشماي ئىلىم ۋە ئەمەل بىلەنلا بولىدىغان ھەقىقى دىني پېشۋالار ئىدى. تويىنلارنىڭ چوڭلىرى «تەڭرىگەن» يەنى، خۇدانىڭ ئالىملىرى دەپمۇ ئاتالغان. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن بۇ دىننى بەزىلەر «تويىن دىنى» دەپ ئاتايدۇ. قاملار ـــ تۈركلەرنىڭ دىنى زاتلىرى بولۇپ خەلققە ئارىلىشىپ يۈرۈپ سېھىر ـ جادۇ قىلىش، دەم سېلىش، تۇمار يېزىپ بېرىش، بالا تۇغدۇرۇش ۋە پىرە ئوينىتىشتەك ئىشلارنى قىلاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ دىننى «قام دىنى» دېگۈچىلارمۇ بار. كېيىنچە، بۇ دىندا ئىلىملىك ئازىيىپ، خۇراپىيلىق كۆپىيىشكە باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن قاملارنىڭ تەسىرى كۈچلىنىپ

تويىنلار ئازايدى ۋە تارىختا بۇلار«قام دىنى» دېگەن ئىسىم بىلەن ئاتالدى. بۇ دىنىنىڭ ماھىيىتى تارىختا تۆۋەندىكىچە تەرىپلىنىدۇ:

يەر ۋە كۆكنى يوقتىن بارقىلغان بىرتەڭرى بار. بۇ تەڭرىنىڭ ئىسمى «قاراخان تەڭرى». قاراخان تەڭرى سەككىزىنچى قات ئاسماندا ئولتۇرىدۇ. دۇنيانى باشقۇرۇش ئىشىنى قىلمايدۇ. يورۇقلۇق ئاتا قىلىش، رىزىق بېرىش، بەركەت بېرىش، بارقىلىش (يارىتىش - تۇغدۇرۇش)، ئۆستۈرۈش - ئۈندۈرۈش قاتارلىق ياخشى ئىشلارنى ئىدارە قىلىدىغان ئىككىنچى دەرىجىلىك يەنە بىر تەڭرى بولۇپ، ئۇنىڭ ئىسمى«ئۈلكەن». ئۇ بىرىنچى قات ئاسماندا ئولتۇرۇپ، يۇقىرىقى ئىشلارغا مۇئەككەل بولغان باشقا كىچىك تەڭرىلەرنى نازارەت قىلىدۇ.

قاراڭغۇلۇق، ئۆلۈم، ئاپەت، ئاچارچىلىق، قۇرغاقچىلىق، بوران، ئوت، سەل ۋە كېسەللىك قاتارلىق ھەرخىل يامانلىقلارنى باشقۇرىدىغان تەڭرىنىڭ ئىسمى «يەرلىكخان». بۇ يەتتە قات يەرنىڭ تېگىدە قاراڭغۇلۇقتا ئولتۇرۇپ، پۈتۈن يامانلىقلارنى باشقۇرىدۇ. يەر يۈزىدىكى ھەممە يامانلىق ئەرۋاھلىرىمۇ بۇنىڭغا قارايدۇ. يەر ۋە سۇ تەڭرىسى، ۋە تۇغۇت تەڭرىچىسى « قاقىن ۋە ياكى ئۇماي قاتۇن» قاتارلىقلار قەدىمكى تۈركلەرنىڭ ئەڭ مۆتىۋەر بىلىپ، چوقۇنىدىغان كىچىك تەڭرىلىرى ئىدى. يىلنىڭ بەلگىلىك چاغلىرىدا، بۇ تەڭرىلەرگە ئاتاپ ئايرىم - ئايرىم يەرلەردە قۇربانلىق قىلىپ، ئىبادەت قىلىش مۇراسىملىرى بار ئىدى. قۇربانلىقنىڭ ئەڭ ئەلاسى. قارا قاشقا ئات قۇربانلىق قىلىش بولۇپ، ئەرتە يازنىڭ باشلىنىش كۈنىدە، ئېگىز بىر يەرگە ئېلىپ چىقىپ بوغۇزلاپ قۇربانلىق قىلىناتتى. شامان دىنىنىڭ باشقا ئەقىدە ۋە ئىبادەت شەكىللىرى، مۇراسىملىرى، تويىن، قاملارنىڭ ۋەزىپىلىرى، دەرىجىلىرى ۋە خەلق بىلەن تەڭرى ئارىسىدا ئوينايدىغان رولى ھەققىدە پىزىلغان مەخسۇس ئەسەرلەر بار. شامان دىنىنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە مۇنداق ئىككى خىل كۆزقاراش بار:1 - ئىسلام ئالىملىرىدىن قەدىمكى تۈرك دىنلىرىنى تەتقىق قىلغۇچىلار[9]. شامان دىنىنى ئەسلى ساماۋى بىردىن بولۇپ تۈرك پەيغەمبەرلىرى ئارقىلىق تارقالغان تەۋھىد(بىر تەڭرىگە ئىشىنىش) دىنىدۇر. كېيىنچە بۇ دىنىنىڭ ئاساسىغا

9 «شرح اسامي المسلمين» دىن ئېلىنغان رىۋايەتكە كۆرە 25 تۈرك پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىسىملىرى شۇ لار:

(1) ئامان (2) ئەمىيت(ھايات دېگەن مەنىدە) (3) ئوميت (4) بىراخ ياكى بۇراق (5) تاھىن(تامۇ دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئەسلى ئىسمى تابۇدى (6)گۇسسان (ئەرەپ تارىخچىلىرى جەسسام دەپ يازىدۇ. بۇ زات تەۋراتتىمۇ زىكىر قىلىنىدۇ، تۈركلەر ئۇنى گۇلدۇچ دېگەن لەقەم بىلەن ئاتايدۇ) (7) ھەركىل (ئەسلى ئىسمى ئەركىل) (8) سايۇس(ساۋان، ساۋاس دەپمۇ ئاتىلىدۇ) (9) سۇقۇن (قەدىمكى تۈركچىدە، ئۆمىدلەنمەك دېگەن مەنىدە) (10) دويۇل (بۇكىشى تۈرك بىن ئامۇر نىڭ دادىسى) (11) سا لاق (12) تاپقىر (ئابىد مەنىسىدە) (13) ئانۇق(ئاگلاش دېگەن مەنىدە) (14) غەددات، (15) قېتىن (16) گەدۇك (17) لايچۇر(ئەزىز دېگەن مەنىدە) (18) نارۇن (19) قامۇن (20) قىچاق (21) قىپچىل (22) قىمدۇن (23) ياسان (24) يەۋەك (ياۋرۇق دەپمۇ ئاتىلىدۇ) (25) ياقۇر - تۈرك بىن يافەسنىڭ ئوغلى (مۇئەللىپنىڭ ئىزاھاتى) .

ھەرخىل خۇراپىلىق ئارىلىشىپ، بىرخىل بۇتپەرەستلىك ياكى تەبىئەتپەرەستلىك دىنىغا ئايلىنىپ كېتىپ شامان دىنىغا ئۆزگەرگەن، دەپ، قارايدۇ. 2 ـ ياۋروپالىق تارىخ ئالىملىرى، قەدىمكى ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ ھەممىسىدە دىنلار، ئىنسانلىقنىڭ بەدەن، پىكىر، يەر ۋە ھاۋا شارائىتى ۋە تۇرمۇش ـ ھايات شەكىللىرىنىڭ تولۇقلىنىش باسقۇچلىرىغا ئەگىشىپ تەرەققى قىلغان ئىشىنىشلىرى دىن كېلىپ چىققان دەپ قارايدۇ. مەسىلەن: ئىپتىدائىي ئىنسانلار جەمئىيىتىدە ـ «توتەمىزىم» يەنى، ياخشى كۆرگەن ياكى قورققان بىر ھايۋان، بىردەرەخ، بىرچوقا تاش ۋە يا بىر تاغقا ئوخشاش نەرسىلەرنى تەڭرى دەپ بىلىپ ئۇنىڭغا چوقۇنۇش، يەنى، ئىبادەت قىلىش كېلىپ چىققان. ئىككىنچى باسقۇچتا ـ «ئانىمىزىم» روھقا چوقۇنۇش ( ئۆلگەن دادىسى ياكى بىركاتتا كىشىنىڭ روھىغا ئىبادەت قىلىش) كېلىپ چىقتى. ئۈچىنچى باسقۇچتا ـ «ناتۇرىزىم» تەبىئەتكە، يەنى، تۇپراق، سۇ، ئوت، تۆمۈر ۋە شۇنىڭغا ئوخشىغان نەرسىلەرگە ئىبادەت قىلىش ئوتتۇرىغا چىقتى. تۆتىنچى باسقۇچتا ـ «كۆك ناتۇرىزىمى» يەنى، ئاسمانغا، كۈنگە ئايغا ۋە يۇلتۇزلارغا چوقۇنۇش كېلىپ چىققان. ئۇندىن كېيىن ئەقىللىرى تەرەققى قىلغانسىرى خۇداغا ئىشىنىش پەيدا بولدى. بۇ كۆز قاراش، بۈگۈن ئىلمىي كۆز قاراش، دەپ، قوبۇل قىلىنغان بولسىمۇ، بىرىنچى كۆزقاراشنى تامامەن ئىنكار قىلىدىغان كۈچكە ئىگە ئەمەس. شامان دىنىنى تەتقىق قىلىپ كۆرگىنىمىزدە، بۇ دىندا «ساماۋىيلىك » نىڭ ئىزلىرىنىمۇ بايقايمىز. شۇنىڭدەك، قەدىمكى تۈركلەرنىڭ ئېتىقات ۋە ئىبادەتلىرىدە توتېزىم، ئانىمىزىم، ناتۇرىزىم ۋەكۆك (ئاسمان) ناتۇرىزىمىنىڭ ئىزلىرى خېلى كۆپ ئۇچرايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن شامان دىنىنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە، قەتئىي بىر ھۆكۈم چىقىرىش مىنىڭچە توغرا بولمىسا كېرەك. تۈرك پەيغەمبەرلىرى دەپ تونۇلغان 25 كىشىنىڭ ئىسىملىرىنى «ئويدۇرما» دەپ كۆرسىتىش مۇمكىن بولمىغىنىدەك، «دىۋانى لۇغا تىت تۈرك » تە ئىسمى ۋە بىرقەدەر ئەھۋالى تونۇشتۇرۇلغان «قۇلباق» دېگەن زاتنى پەيغەمبەردېگۈچىلارمۇ بار.

ئىككىنچى باب

# شەرقىي تۈركىستاننىڭ
# خۇسۇسىي تارىخى

تارىخىي مەلۇماتلارنى باشلاشتىن بۇرۇن، شەرقىي تۈركىستانىنىڭ جۇغراپىيىسىنى قىسقىچە كۆزدىن كەچۈرۈشنى پايدىلىق كۆردۈم. چۈنكى تارىخنىڭ قىلاۋۇزى (يول كۆرسەتكۈچىسى) جۇغراپىيەدۇر.

## شەرقىي تۈركىستانىنىڭ قىسقىچە جۇغراپىيىسى

شەرقىي تۈركىستان ئاسىيا قىتئەسىنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان كەڭرى بىر ئۆلكە. دۇنياخەرىتىسىدىكى ئورنى: 34 دەرىجە ـ 25 مىنۇت ۋە 49 دەرىجە 30 مىنۇت شىمال. 73 دەرىجە ـ 25 مىنۇت ۋە 96 دەرىجە ـ 46 مىنۇت شەرقتە بولۇپ، شەرق تەرەپتە چىن ۋە موغۇلىستان، شىمالدا سىبىرىيە؛ قازاقىستان، قىرغىزىستان جۇمھۇرىيەتلىرى غەربدە ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتى ۋە ئافغانىستان. جەنۇبدا كەشمىر ۋە تىبەتكە تۇتىشىدۇ.

## يەر كۆلىمى

1.640.000 كۋادرات كىلومېتر بولۇپ بۇنىڭ ئىچىدە:

تەكلى ماكان چۆلى ــــــــــ 445.000 كۋادرات كىلومېتر

قۇمۇل چۆلى ــــــــــ 50.000 كۋادرات كىلومېتر

ئالتاي چۆلى ــــــــــ 56.000 كۋادرات كىلومېتر

ئالتى شەھەردىكى پارچە چۆللەر ـ 550.000 كۋادرات كىلومېتر

يالاڭاچ ۋە مۇز تاغلار ــــــــــ 155.000 كۋادرات كىلومېتر

بۇجەمئى 761.000 كۋادرات كىلومېتر يەر ئىنسان ياكى ھايۋان ياشاش مۇمكىن بولمىغانلىقتىن، ئىقتىسادىي جەھەتتە پايدىسىز بىر قىسىم ھېساپلىنىدۇ. قالغان 879.000 كۋادرات كىلومېترقىسمىنىڭ 17.062.651 مو (1.066.416 ھېكتار) تېرىلغۇ يەر، 867.775 كۋادرات كىلومېتر يايلاق ۋە ئورمانلىقتۇر.

## نوپۇس

شەرقىي تۈركىستاندا بۈگۈنگىچە ئىلمىي ئۇسۇل بىلەن بىرنوپۇس ساناش ئىشى ئېلىپ بېرىلغىنى يوق. 1945 ـ يىلى ساقچى ئىدارىسى ئومۇمىي نوپۇسنى 4.010.925 كىشى دەپ ئېلان قىلغان. 1946 ـ يىلى بۇنى 4.879.708 دەپ كۆرسەتكەن. بۇ سانلىق مەلۇماتلارنىڭ ھېچبىرى تولۇق بىر ئىستاتىستىك قىممەتكە ئىگە ئەمەس. ئەمەلىيەتتەنوپۇسنىڭ بۇساندىن قات ـ قات ئارتۇق ئىكەنلىكىدە شۈبھە يوق.

1946 ـ يىلىدىكى سانغا ئاساسەن تۈرك ئايماقلىرى ئومۇمىي سانىنىڭ %90 نى، ختاي %4.40 ، تۇنگان 2.06، موڭغۇل%1.31، شىۋە، سولان، مانجۇ ۋە رۇس بۇ تۆت مىللەت %1.23 نى تەشكىل قىلىدۇ. ھەر

10كۋادرات كىلومېترگە 14 كىشى توغرا كېلىدۇ.

## تاغلار

پامىرتاغلىرى - يۇرتىنىڭ غەربىي چېگرىسىدا بولۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيا تاغلىرىنىڭ ئانىسى ھېساپلىنىدۇ. ئەڭ ئېگىز يېرى تاغدۇمباش دېڭىز يۈزىدىن 6218 مېتر يۈكسەكلىكتە.

قاراقورام تاغلىرى - پامىردىن باشلىنىپ، يۇرتىنىڭ غەربىي جەنۇب چېگرىسىنى قاپلايدۇ. ئەڭ ئېگىز يېرى ئېغىل دەپسەڭ، دېڭىز يۈزىدىن 8548 مېتر ئېگىزلىكتە بولۇپ، دۇنيا بويىچە ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. (ئېۋىرىست چوققىسىدىن229 مېتر تۆۋەن).

قاراكۇرۇم تاغ - پامىردىن باشلىنىپ يۇرتىنىڭ جەنۇبىي چېگرىسىنى قاپلايدۇ. ئەڭ ئېگىز چوققىسى تاغ ئاتا، 7371 مېتر.

ئالتۇن تاغ - قاراكۇرۇم تاغدىن 82 دەرىجە شەرقىي - شىمالغا سوزۇلۇپ، ئىچكىي چىنگە كىرىپ كېتىدۇ. ئەڭ ئېگىز چوققىسى قىقىرتاغ، 4068 مېتر.

تەڭرىتاغلىرى - پامىردىن باشلىنىپ، غەرب ۋە غەربىي شىمالدا غەربىي تۈركىستان ۋە قىرغىزىستان ئارىسىدا چېگرالىق خىزمەتتە بولۇپ خان تەڭرى چوققىسىدىن تارتىپ يۇرتنى جەنۇب ۋە شىمال ئىككى قىسىمغا بۆلۈپ، توغرا شەرققە قاراپ ئۇزاپ كېتىدۇ. ئەڭ ئېگىز چوققىسى خان تەڭرى، 7137 مېتر.

قۇرۇق تاغ - تەڭرىتاغلىرىدىن باش ئەگمەي ئايرىلىپ، شەرق - جەنۇب تەرەپكە سىلجىپ كېتىدۇ. ئەڭ ئېگىز چوققىسى ئەلسىن تاغ ، 2554 مېتر.

جۇڭغارىيە ئالاتاغ - غولجا ۋىلايىتىنىڭ شىمالىدا بولۇپ، شەرقىي تۈركىستان ۋە قازاقىستان چېگراسىدۇر. ئەڭ ئېگىز يېرى كۆك ئاتان، 2800 مېتر.

تارباغاتاي تاغلىرى - چۆچەك ۋىلايىتىنىڭ شىمالىدا بولۇپ قازاقىستان چېگراسىدۇر. ئەڭ ئېگىز چوققىسى ساۋۇر مۇزتېغى، 3662 مېتر.

ئالتاي تاغلىرى - ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ شىمال ۋە شەرقىدە بولۇپ، شەرقىي تۈركىستان، قازاقىستان ۋە موغۇلىستان ئارىسىدا چېگرا تەشكىل قىلىدۇ. ئەڭ ئېگىز چوققىسى بيەلۇكا، 4540 مېتر.

## مۇھىم دەريالىرى

تېرىم دەرياسى - (بەزىلەر بۇزۇپ «تارىم» دەپ ئاتايدۇ) تۈركىستاننىڭ ئەڭ ئۇزۇن دەرياسى بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 910 كىلومېتر. قاراقورام تاغلىرىدىن باشلىنىپ، تېرىم (لوپ) كۆلىگە تۆكۈلىدۇ.

خوتەن دەرياسى، ئاقسۇ دەرياسى، چەرچەن دەرياسى ۋە كۆنچىي دەرياسى - بۇلار ئالتىي

شەھەرداشىرىسىدىكى دەريالار بولۇپ، تېرىم دەرياسىنىڭ باش تارماقلىرىدىن ئىبارەتتۇر.
ئىلا دەرياسى(بۇنى زامانىمىزدا «ئىلى دەرياسى» دەپ ئاتاش ئادەت بولغان) ـ تەڭرىتاغلىرىدىن باشلىنىپ، بالقاش كۆلىگە تۆكۈلىدۇ. سۇيىنىڭ كۆپلىكى بىلەن بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ.
ئېرتىش دەرياسى ـ ئالتاي تاغلىرىدىن باشلىنىپ، شىمالىي مۇز دېڭىزىغا تۆكۈلىدۇ. شەرقىي تۈركىستاندا بۇلاردىن باشقا چوڭ ـ كىچىك ئېقىن سۇلارمۇ خېلى كۆپ.

## هاۋا كېلىماتى

ئاساسەن مۆتىدىل بولۇپ، جەنۇبىدىكى تۈز يەرلەردە ئەڭ يۇقىرى ئىسسىق 38C ، شىمالدىكى تۈز يەرلەردە 33C ، دېڭىز يۈزىدىن تۆۋەن بولغان تۇرپان ئويمانلىقىدا 44C نىڭمۇ ئۈستىگە چىقىدۇ. تاغ ئېتەكلىرىدىكى ئىسسىقلىق دەرىجىسى تېخىمۇ تۆۋەندۇر. يۇقىرى جايلاردىكى ئىسسىقلىقنىڭ نۆلدىن دىن تۆۋەنگە چۈشۈشى بەك ئاز كۆرۈلىدۇ.

## يېغىن

قار، يامغۇر جەنۇبىدىكى تۈز يەرلەردە بەك ئاز ياغىدۇ. ھەتتا، يىل بويى ھېچ يېغىن ياغمايدىغان يەرلەر مۇبار. ئامما شىمالىي ۋىلايەتلەردە ۋە تاغلىق جايلاردا يېتەرلىك يېغىن ياغىدۇ. ئومۇمەن، يىلدىن يىلغا قۇرغاقچىلىق ئارتماقتا.

## ئىقتىسادىي ۋەزىيەت

شەرقىي تۈركىستان باشقا ئاسىيا مەملىكەتلىرىدەك زىرائەت مەملىكىتىدۇر. مۇھىم مەھسۇلاتلىرى بۇغداي، ئارپا، گۈرۈچ، قوناق ۋە باشقا ھەرخىل ئاشلىق ۋە ياغلىق دانلىرىدۇر. مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ ھەرخىل يېمىشلىرىدىن ئۈزۈم، ئالما، ئانار، ئەنجۈر، ئۆرۈك، شاپتۇل، نەشپۈت، ئامۇت، ياڭاق، كاۋا، قاپاق، بادام، قوغۇن، تاۋۇز، ھەرخىل ئۆتياش ئېھتىياجىغا يەتكۈدەك چىقىدۇ. ئىقتىسادىي زىرائەتلىرى بولسا پاختا، كەندىر ۋە چىگە قاتارلىقلاردىن ئىبارەتتۇر. ئىككىنچى ئىقتىسادىي مەنبىئى چارۋىچىلىق بولۇپ، ئات، كالا، قوي، ئۆچكە، تۆگە، قېچىر ۋە ئېشەكلەردىن 18 مىليون چارۋا مال بار. بۇلاردىن ئېلىنىدىغان تېرە ۋە يۇڭمۇ مۇھىم ئىقتىسادىي مەنبە ھېساپلىنىدۇ.

## كان

ئالتۇن، كۈمۈش، تۆمۈر، مىس، قوغۇشۇن، ۋولفرام، مولىبدېن، ئارسىنك، گۈڭگۈرت ۋە گىرافىت قاتارلىق مەدەنلەر مول بولۇپ بۇلاردىن بەزىلىرى ھازىر غىچەكونا ئۇسۇللار بىلەن قېزىپ چىقىرىلىدۇ. بۇلاردىن كۆپراقى تېخىچە يەرئاستىدا كۆمۈلۈپ ياتماقتا.

## هۈنەر ـ سانائەت

شەرقىي تۈركىستاندا ھەرخىل خام ئەشيا ئىنتايىن كۆپ بولسىمۇ، بۈگۈنگىچە ماشىنالاشقان سانائەت قۇرۇلغىنى يوق. ئاساسەن قول سانائەت ياكى يېرىم ماشىنالاشقان ئۇسۇل بىلەن يىپەكچىلىك، توقۇمىچىلىق، تېرىچىلىك، زىلچە ـ گىلەمچىلىك، زەرگەرچىلىك ۋە باشقا ئاددى سانائەتتىن ئىبارەتتۇر.

## تىجارەت

تاشقى تىجارەت چىن، سوۋېت، پاكىستان ۋە ھىندىستان بىلەن بولۇپ، تاۋارلار يىپەك، پاختا، يۇڭ، تېرە، تىرىك مال (ھايۋان) گىلەم ۋە قۇرۇق يېمىشتىن ئىبارەت. ئالىدىغان ماللار بولسا ھەرخىل ماشىنا، ئاۋتوموبىل، كىيىملىك رەخ ، دورا، بوياق، چاي، زىننەت بۇيۇملىرى ۋە باشقا پىششىق ماللاردۇر.

ئىچكى تىجارەت، جەنۇبىنىڭ قول سانائەت مەھسۇلاتلىرىنى شىمالغا يۆتكەپ سېتىشتىن ئىبارەت بولۇپ،كۆپ ئەھمىيتى بار.



ھۇنلارنىڭ دىنى مۇراسىملىرىدا قۇربانلىق ئۈچۈن جابدۇپ ھازىرلانغان «قارا قاشقا» ئاتلار.

## شەرقىي تۈركىستاننىڭ تارىخىي
## دەۋرلىرى

شەرقىي تۈركىستاننىڭ مىلاددىن ئىلگىرى 2000 ـ يىلىدا، تۆمۈر ۋە مىس دەۋرىنىڭ زامانىسىغا لايىق ئەڭ يۇقىرى باسقۇچىغا يېتىپ كەلگەنلىكىنى ۋە قوشنا دۆلەتلەرگە تۆمۈر ۋە قۇيۇچ (پولات) تىن نەرسە كېرەكلەر ياساپ ساتقانلىقىنى بىلىمىز. شەرقىي تۈركىستاننىڭ تارىخ دەۋرىگە كىرىشىنى، ئەنە شۇ چاغلاردىن باشلانغان بولۇشى مۇمكىن دەپ تونۇساقمۇ، ئەپسۇسكى، بۇلارنى توغرىلايدىغان ۋەسىقىلەر تېخىچە ئوتتۇرىغا چىقمىدى. شۇنداقلا، شەرقىي تۈركىستان تارىخى ھەققىدە ئاساسىدىل بىر ئىلمىي تەكشۈرۈشمۇ باشلانغىنى يوق. شۇڭا، بۈگۈنكى تارىخىي ماتېرىياللارغا قاراپ، شەرقىي تۈركىستاننىڭ تارىخ دەۋرىگە كىرىش زامانىنى، مىلاددىن ئىلگىرىكى 7ـ ئەسىردىن بۇرۇن باشلانغان دەپ، تەخمىن قىلىمىز ۋە تۆۋەندىكىچە بەش دەۋرگە بۆلۈپ كۆزدىن كەچۈرىمىز:

1 ـ رىۋايەتلەر ۋە ئەدەبىي ئەسەرلەرگە كۆرە قەدىمكى تارىخ دەۋرى

2 ـ ھۇن بىرلەشمە دۆلىتىگە قوشۇلۇشتىن ئىلگىرىكى دەۋرى

3 ـ ھۇن بىرلەشمە دۆلىتىگە قوشۇلغاندىن تارتىپ، ئىسلام دەۋرىگىچە بولغان ئارىلىقتىكى دەۋرى

4 ـ شەرقىي تۈركىستان خانلىرىنىڭ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىنكى دەۋرى

5 ـ مانجۇ ئىستېلاسىدىن شېڭ شىسەي ھاكىمىيىتىگىچە ئۆتكەن دەۋرى

———— :::::::::: ————

بىرىنچى بۆلۈم

## رىۋايەتلەر ۋە ئەدەبىي ئەسەرلەرگە كۆرە شەرقىي تۈركىستاننىڭ
## قەدىمكى تارىخى

تۈركىستاندا مىلادىدىن بىرقانچە ئەسىر ئىلگىرىكى زامانلاردا بۈيۈك دۆلەتلەرنىڭ قۇرۇلغانلىقى رىۋايەتلەر، ئەدەبىي ئەسەرلەر ۋە زامانىۋى تەتقىقاتلار بىلەن ئىسپاتلانغان. پەقەت بۇ دۆلەتلەرنىڭ ئىسىملىرى ياكى سانى، قانداق قۇرۇلغانلىقى ھەققىدىكى رىۋايەتلەر ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ماتېرىياللار بەك ئاز. ھەمدە، بۇلار بىر ـ بىرىگە زىت كېلىدۇ. بۇ دەۋرلەرگە ئائىت ئاساس مەنبە بولغان ئارخېئولوگىيەلىك تەتقىقاتلار تۈرك يۇرتلىرىدا بولۇپمۇ شەرقىي تۈركىستاندا بەك ئاز ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، قولغا كەلگەن ماتېرىياللار ئۈستىدە دېگەندەك ئىلمىي تەتقىقاتلار ئېلىپ

بىرىلمىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، قەدىمكى تارىخىمىزھەققىدىكى مەلۇماتلار ئىلىم ساھاسىدا ئۆزىگە يارىشا ئورۇنغا ئىرىشكىنى يوق. شۇنداق بولسىمۇ، تۈركىستاننىڭ ئۇ دەۋرىگە ئائىت ھازىر بار ماتېرىياللاردىن ئېلىنغان مەلۇماتلارنىڭ قىممىتى ئىراننىڭ «پىشدادىيان» ئەپسانەلىرىدىن، ھىندىستاننىڭ «ۋىدا» لىرىدىن، چىننىڭ «بەش ئىمپېراتورلۇق ، ئۈچ سۇلالە ھىكايە» لىرىدىن، روما ۋە يۇنان ئەپسانەلىرىدىن كۆپ ئۈستۈن تۇرىدۇ. چۈنكى، بۇ مەملىكەتلەرنىڭ باشلانغۇچ تارىخىي ۋەقەلىرى ئېقىلغا توغرا كەلمەيدىغان خۇراپات ۋە ئەپسانەلەر، تەبىئەت قانۇنىغا ئۇيغۇن بولمىغان مۇبالىغە ۋە خىيالىي تەسەۋۋۇرلار بىلەن تولغانلىقىنى كۆرىمىز. ۋاھالەنكى، تۈركىستاننىڭ ئەڭ قەدىمكى دەۋرلىرىگە ئائىت بولغان تارىخىي مەلۇماتلاردا ئۇنداق مۇبالىغە ئۇچرىمايدۇ. بۇ ھەقتە قولىمىزغا كەلگەن ئەدەبىي رىۋايەتلەر ۋە باشقا ۋەسىقەلەردىن مۆھتەرەم كىتابخانلارغا قىسقىچە مەلۇمات بېرىمەن.

## ئىران رىۋايەتلىرى

ئىراننىڭ تارىخىي رىۋايەتلىرىگە قارىغاندا، مىلاددىن ئىككى مىڭ نەچچە يۈز يىل ئىلگىرى تۈركىستاندا **تۇران** دېگەن چوڭ بىر دۆلەت بار ئىدى. ئىران بىلەن بۇ دۆلەت ئارىسىدا يىللارچە داۋام قىلغان ئۇرۇشلاردىن كېيىن، تۇران دۆلىتى ئىران ۋە غەربىي ئاسىيانى ئۆزىگە قوشۇۋالغان بولسىمۇ. كېيىنچە مەغلۇپ بولۇپ چېكىنىپ چىقىپ كەتكەن. ئىران شاھلىرىدىن فەرىدۇن ۋە مۇنۇچەھرە بىلەن تۇران خاقانى ئاپراسىياپ ئوتتۇرىسىدا داۋاملىق ئۇرۇش بولۇپ تۇراتتى. ئىران شاھى نوزەرنىڭ زامانىسىدا، ئاپراسىياپ 40,000 كىشىلىك بىر قوشۇن بىلەن ئىرانغا بېسىپ كىرىپ، نوزەر نى ئۆلتۈرۈپ، ئىراننى قولغا كىرگۈزدى ۋە 12 يىل ھۆكۈم سۈردى. ئىراندا يۈز بەرگەن ئېغىر قۇرغاقچىلىق ئاپتى ۋە ئارقىسىدىن كەلگەن ئاچارچىلىق سەۋەبىدىن ئىراننى تاشلاپ چىقىپ كەتكەن. زاپ ۋە كەيقۇباد قاتارلىق ئىران شاھلىرىمۇ، ئاپراسىياپ بىلەن بىر قانچە قېتىم ئۇرۇشۇپ، ئاپراسىياپنى چېكىندۈرگەن. كەيكاۋۇس، دەسلەپتە ئاپراسىياپقا بويسۇنۇپ، باج تۆلەپ، دوستلۇق بىلەن ئۆتكەن بولسىمۇ، كېيىن ئارىلىرى بۇزۇلۇپ كۆپ قان تۆكۈلدى. كەيكاۋۇسنىڭ ئوغلى سىياۋۇشنى، ئاپراسىياپ دەسلەپتە ئۆزىگە كېيوغول قىلىۋالغان بولسىمۇ كېيىن ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. سىياۋۇشتىن كېيىنكى ئىران شاھى بىلەن ئاپراسىياپ ئوتتۇرىسىدا بىرقانچە چوڭ ئۇرۇشلار بولدى. ئىران ئاپراسىياپتىن ئۇرۇش مەيدانىدا ئىنتىقام ئالالماي، مەخپىي ئادەم يوللاپ، سىياۋۇشنىڭ تۈركىستاندا تۇغۇلغان ئوغلى كەيخۇسراۋنى ئېلىپ قاچتى. كەيخۇسراۋ ئىران تەختىگە چىققاندىن كېيىن، دادىسىنىڭ ئۆچىنى ئېلىش ئۈچۈن مىلاددىن بۇرۇنقى 530 - يىلى، ئاپراسىياپقا قارشى ئۇرۇش ئېلان قىلدى ۋە بۇ ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولدى. مىلاددىن بۇرۇنقى 529 نچى يىلى، ئىرانلىقلار ئاپراسىياپنى بىر يوشۇرۇن سۇيىقەست بىلەن ئۆلتۈردى ۋە شۇنىڭ بىلەن كەيخۇسراۋ تۈركىستاننىڭ غەربىي قىسمىنى «

تۆرە تەپە» گىچە بېسىۋالدى. يۇنان كىتابلىرىدا بۇ جايىنى«كىروپولىس» دەپ ئاتايدو. بۇ ھادىسە نەتىجىسىدە، تۈركلەرنىڭ ئىتتىپاقى بۇزۇلدى. لېكىن، تۈركلەر پۇرسەت تاپسىلا، كەيخۇسراۋ بېسىۋالغان جايلارغا ھۇجۇم قىلىشنى داۋاملاشتۇرۇپ تۇردى. لەھراسىپ زامانىسىغا كەلگەندە؛ تۈركلەر يەنە بىرلىشىپ، ئىرانلىقلارنى ئۆگۈز(ئامۇ) دەرياسىنىڭ غەرب ياقىسىغا قەدەر ھەيدەپ چىقاردى. لەھراسىپ پۈتۈن ھاياتى بويىچە (رىۋايەتلەرگە قارىغاندا 120 يىل) تۈركلەر دىن مۇداپىئە قىلىش ئۈچۈن بەلخ شەھىرىدە تۇرغان. كېيىنچە، تۈرك خاقانى «ئەرجاسىپ» ئىرانغا ھۇجۇم قىلدى ۋە بۇ ئۇرۇشتا لەھراسىپ ئۆلدى. ئۇرنىغا تەختكە چىققان گىشتاسىپ، ئەرجاسىپقا باج - سېلىق تۆلەپ، ئۇنىڭ قول ئاستىدا ئىرانىي ئىدارە قىلىدى. بۇ جەرياندا ئىراندىكى ئوتقا چوقۇنىدىغان «ئاتەشپەرەست» لىكنىڭ ئىجادچىسى «زەردۇشت» نىڭ تەشۋىقى بىلەن، گىشتاسىپ ئەرجاسىپنى بۇ دىنغا دەۋەت قىلدۇ. بۇنىڭغا غەزەپلەنگەن ئەرجاسىپ، ئۇرۇش ئېلان قىلدۇ ۋە ئۇزۇن داۋام قىلغان ئۇرۇشلاردىن كېيىن گىشتاسىپ مەغلۇپ بولدۇ. ئەرجاسىپ ئۇنىڭ قىزلىرىنى گۆرۈ ئېلىپ، تۈركىستانغا ئېلىپ كېتىدۇ. ئاخىردا، گىشتاسىپنىڭ ئوغلى «ئىسپەندىيار» بىر سۈيىقەست بىلەن ئەرجاسىپ ۋە دۆلەت كاتتالىرىنى ئۆلتۈرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، تۈركلەر تا ئىسكەندەرنىڭ ئىرانىي بېسىۋالغانلىقىغا قەدەر، ئىرانغا ھۇجۇم قىلالىغۇدەك بىر كۈچلۈك دۆلەت قۇرالمىدى. يۇقىرىقى ئەھۋاللەردىن بىز، بۇ 2000 يىللىق زامان ئىچىدىكى تۈركىستان خاقانىنىڭ «ئاپراسىياپ» دېگەن ئىسىم بىلەن ئاتىلىپ كەلگەنلىكىنى كۆرىمىز. يەنە شۇنىمۇ ئالاھىدە كۆرسىتىپ ئۆتۈش لازىمكى، ئىران رىۋايەتلىرىگە قارىغاندا بۇ «ئافراسىياپ» دېگەن كىشىنىڭ بىر كىشى ئىكەنلىكى ئېنىق. لېكىن،كەيخۇسراۋ زامانىسىدىكى خارەزىم ئۇرۇشىدا بۆكتۈرمە(يوشۇرۇن سۈيىقەست) بىلەن ئۆلتۈرۈلگەن تۈرك خاقانىنىڭ ئىسمىنىڭ ئىرانلىقلار ئېتقاندەك «ئاپراسىياپ» ئىكەنلىكى باشقا مەنبەلەردىنمۇ ئىسپاتلىنىدۇ. بۇنىڭدىن ئىلگىرىكى تۈرك خاقانلىرىنى «ئاپراسىياپ» دەپ ئاتاش، رىۋايەتچىلەرنىڭ خاتاسى بولسا كېرەك.

## ئاسۇر رىۋايەتلىرى

ئاسۇرلاردىن قالغان قەدىمكى يادىكار كىتابەلەرگە قارىغاندا «ئاسارھادۇن» (مىلاددىن بۇرۇنقى 669 - 680 - يىللىرى) دەۋرىدە، قاراڭغۇلۇق دەرياسىدىن چىققان كىمىرلار قافقاس(كافكاسىيە) تاغلىرىدىن ئۆتۈپ، ھېچبىر توسالغۇغا ئۇچرىماستىن ئانادولۇ يېرىم ئارىلىنى ئىشغال قىلدى. ئۇندىن كېيىن، ئىشغۇزاي (يۇنانلارچە ئىسكىت ) لەر قافقاسنىڭ شەرقىگە يۈرۈش قىلىپ، غەربىي ئىرانىي ۋە ئاسۇر(ئىراق) نىڭ كۆپ يەرلىرىنى ئىشغال قىلدى ۋە بىرقىسىم يەرلىرىنى ۋەيران قىلىۋەتتى. ئاسۇر پادىشاھى ئۇرۇشتا ئىسكىتلەرنىڭ باشلىقى ئىشياكايا نى ئۆلتۈردى .

## يۇنان رىۋايەتلىرى

يۇنان رىۋايەتلىرىدە، مەشھۇر يۇنان تارىخچىسى ھىرودوت (Herodotos مىلاددىن ـ بۇرۇنقى 385 ـ 425 ـ يىللىرى) نىڭ يازغانلىرىغا قارىغاندا، غەربتە تۇنا دەرياسىدىن، شەرقتە تۈركىستاننىڭ ئىچكى قىسىملىرىغىچە سوزۇلغان كەڭ يەرلەردە ئىسكىت دۆلىتى بار ئىدى. بۇ دۆلەتنىڭ خاقانى پروتاسىينىڭ ئوغلى مادىياس(ئاپراسىياپ) مىلاددىن 603 يىل ئىلگىرى ئىرانغا يۈرۈش قىلدى ۋە شۇ چاغدىكى ئىران شاھى كىياخەسرانى بويسۇندۇرۇپ، ئىران ۋە غەربىي ئاسىياغا 28 يىل ھۆكۈمرانلىق قىلدى. كىياخەسرا(كىياكسارىس) مادىياسقا ئىتائەت قىلىپ جان باقماقتا ئىدى. مىلاددىن بۇرۇنقى 625 ـ يىلى كىياخەسرا، بىر زىياپەتتە سۇيىقەست پىلانلاپ، مادىياس ۋە ئۇنىڭ قوماندانلىرىنى مەس قىلىپ ئۆلتۈرۈۋەتتى. باشلىقلىرىدىن ئايرىلىپ قالغان ئىسكىتلار كىياخەسرانىڭ ھۇجۇملىرىغا قەيسەرلىك بىلەن قارشى تۇرغان بولسىمۇ ئاخىرى مەغلۇپ بولۇپ، ئىسكىت مەملىكىتىگە چېكىنىپ كەتتى.

ئىران شاھى دارا II(مىلاد بىدىن ئىلگىرىكى (485 ـــ 825 ـ يىللىرى) نىڭ دوختۇرى (تېۋىپى) بولغان يۇنانلىق تارىخچى كىتاسىياس (Ctesis) نىڭ رىۋايىتىگە كۆرە، قىرۇش(كەيكاۋۇس) ئىراننىڭ شەرقىي چېگراسىدىكى جەڭگىۋار قەھرىمان خەلقنى بويسۇندۇرۇش ئۈچۈن، چوڭ بىر قوشۇن بىلەن شەرققە يۈرۈش قىلدى، 5 ـ 6 يىل شىددەتلىك ئۇرۇشلار داۋام قىلدى. دەسلەپتە، قىرۇش باختىريا (باكترىيە) ئۆلكىسى(بۈگۈنكى ئافغانىستاننىڭ بەلخ، مەيمەنە ۋە قەتىغەن دېگەن جايلىرى) گە ھۇجۇم قىلدى. بۇ يەردىكى خەلق يۇنانچە «داخى» دەپ ئاتىلاتتى. بۇخەلق، دەسلەپتە قاتتىق تۇرۇپ ئۇرۇشۇپ يۇرتنى قوغدىغان بولسىمۇ، كېيىن، قىرۇشنىڭ مەدەد پادىشاسى ئىستاغ (ئىستاگ) نىڭ نەۋرىسى ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىر ئىرقتىن ئىكەنلىكىنى ئۇقۇپ، ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلدى. (داخىلار بولسا بۇرۇنقى تۇرانلار دىن ئىدى). ئۇنىڭدىن كېيىن، مارگىيانا(خۇراسان)، ۋارىزمىيە(خارەزىم) ۋە سوغدىيانا(سەمەرقەنت) لارنى ئالدى. ئىران قوشۇنلىرى ياكسارت (سىر دەرياسى) بويلىرىغا يېقىنلاشتى. ئوتتۇرا ئاسىيادىن كېلىدىغان ھۇجۇمنى توسوش ئۈچۈن، بىرقانچە قورغانلار ياساتتى. بۇلار دىن ئەڭ چوڭى، ياكسارتنىڭ مۇھىم كېچىكلىرىدىن بىرىنىڭ ئالدىغا سېلىنغان «قىرۇشخانە» (يۇنانچە ـ كىروپولىس) بۈگۈنكى ئۆرەتېپە قورغىنى ئىدى. بۇھادىسە مىلاددىن بۇرۇنقى 546 ـــ 539 ـ يىللىرى ئارىسىدا يۈزبەرگەن. مەشھۇر يۇنان پەيلاسوپى سوقرات نىڭ شاگىرتلىرىدىن، خىنوفانس(مىلادىدىن ئىلگىرىكى 380 ـــ 320 ـ يىللىرى) نىڭ رىۋايەتلىرىگە كۆرە، شۇنىڭدىن كېيىن، قىرۇش(كەيكاۋۇس) شەرقتىكى، يەنى، بۈگۈنكى شەرقىي تۈركىستاندىكى قەدىمكى تۇرانلاردىن بولغان قەھرىمان ساقا لارغا ھۇجۇم قىلدى. بۇ ئۇرۇشتا ساقالارنىڭ خاقانى ئامۇرگىز قىرۇشنىڭ قولىغا ئەسىرچۈشتى[10].

[10] ھازىرقى ئۇيغۇرچە ئەسەرلەردە ساقا «ساك»، ئامۇرگىز«ئامۇرغى» دەپ ئېلىنماقتا. ت. ئالماس، 56 ـ 57 ـ 58 ـ بەت (ن. ش. ھ.).

بۇنىڭ بىلەن قىرۇش ساقالار مەملىكەتىنى قولغا كەلتۈردۈم دەپ خىيال قىلغان بولسىمۇ، ئامۇرگىزنىڭ ئايالى سىياراتىرا قالغان ساقا ئەسكەرلىرىنى يىغىپ،300,000 ئەر ۋە 200,000 ئايالدىن تەركىپ تاپقان 500,000 كىشىلىك بىرقوشۇن تەشكىللەپ قىرۇشقا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇنىڭ نۇرغۇن ئەسكىرىنى ئۆلتۈردى ۋە ئەسىرئالدى. قىرۇش سۆلھى قىلىپ چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى. سىياراتىرا ئەسىر ئىران ئەسكەرلىرىنى قايتۇرۇپ بېرىپ، ئېرى خاقان ئامۇرگىزنى قۇتقازدى. قىرۇش باج - سېلىق تۆلەشكە ۋە ئۇرۇشتا ئەسكەر چىقىرىپ ياردەم قىلىشقا ماقۇل بولۇپ، يۇنۇشتى.

ھىرودوتىس(ھىرودوت) نىڭ يەنە بىر رىۋايىتىگە قارىغانداقىرۇش. ياكسارت (سىر دەرياسى) نىڭ شەرقىدىكى ماساجىتلارنىڭ ئايال خانى مەلىكە «تومرىس» (يۇنانچە ئاتىلىشى تۇمارىس) بىلەن ئۆيلىنىشنى تەلەپ قىلغان. تومرىس بۇتەلەپنى رەد قىلغان. قىرۇش بۇنى بىر ھاقارەت دەپ بىلىپ ماساجىتلارنىڭ يۇرتىغا ھۇجۇم قىلغان. ئۇرۇشتا، مەلىكە تومىرىسنىڭ باشقوماندان ھەم ۋەلىئەھدى بولغان ئوغلى سىيارغاس ياربدار بولۇپ ئەسىرچۈشكەن. سىيارغارىس. ئەسىرلىكنى نۇمۇس دەپ بىلىپ سىيارغاس ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋالىدۇ. ئوغلىنىڭ ئۆلۈمىدىن ناھايىتى قاتتىق غەزەبلەنگەن ئايال خان تومرىس، چوڭ بىر قوشۇن بىلەن قىرۇشقا ھۇجۇم قىلدى. ھىرودوتىسنىڭ رىۋايىتىگە قارىغاندا ئۇزامانغا قەدەر ھېچبىر مىسلى كۆرۈلمىگەن ئۇزۇن ۋە قانلىق ئۇرۇش خېلى بىر مۇددەتكىچە بەراۋەرلىكتە داۋام قىلىپ ئاخىرى، ماساجىتلار غەلىبە قىلىپ. ئىران قوشۇنلىرىنىڭ بۈيۈك بىرقىسمى ئۆلۈپ ئازراق بىرقىسمى قېچىپ قۇتۇلغان مەلىكە تومرىس، ئۆلگەنلەر ئارىسىدىن قىرۇش(كەيكاۋۇس) نىڭ جەسىدىنى تاپقۇزۇپ. بېشىنى كېسىپ، قان بىلەن تولدۇرۇلغان بىر تۇلۇمغا سېلىپ ئېسىپ قويۇپ، «مەن غەلىبە قىلدىم ۋە ياشاۋاتىمەن. سەن ئوغلۇمنى ھىيلە بىلەن مەندىن ئايرىدىڭ، قانغا تويمىغان قانخور ئەندى مەن سېنى قانغا تويغۇزىمەن!» دەپ ئۆچىنى ئالغانمىش. (بۇ ۋەقە مىلاددىن ئىلگىرىكى 520 - يىلى بولغان)

كتاسىياسنىڭ رىۋايىتىگە كۆرە، دارا I ، 800,000 ئەسكىرى بىلەن ئانادولىغا بېسىپ كىرىپ، ئۇيەردىن ئىستانبۇل بوغىزىغا كۆۋرۈك سالدۇرۇپ ئۆتۈپ، بالقان يولى بىلەن تۇنا ۋە دون دەرياسى بويلىرىدىكى غەربىي ئىسكىت لارغا ھۇجۇم قىلدى. لېكىن ئىسكىتلەر پۈتۈن تېرىلغۇلىرىنى ، يايلاقلىرىنى ۋە مال - مۈلكلىرىنى كۆيدۈرۈپ ھەتتا، قۇدۇقلىرىنىمۇ تىندۇرۇۋېتىپ پايانسىز يۇرتلىرىنى بىرچۆلگە ئايلاندۇرۇپ قويۇپ، ئۆزلىرى يىراقلارغا چېكىنىپ كەتكەن. شۇنىڭ بىلەن دارا نىڭ ئەسكەرلىرى ئاچلىق، سۇسىزلىق ۋە يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر دەستىدىن نۇرغۇنلىرى ئۆلۈپ كەتكەن.

دارا بۇ ئۇرۇشتا ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ قايتىپ كەتكەن. لېكىن، دارانىڭ قەبرى بېشىغا قويۇلغان «نىستۇن (ھېستىيۇن)» يازما يادىكارلىقلىرىدا بۇ ئۇرۇشتىن سۆز ئاچماستىن، تۈركىستاندا. ساقالارغا قارشى ئېلىپ بارغان ئۇرۇشتا ئۇلارنى بويسۇندۇرغانلىقلا يېزىلغان.

ھىرودوتىنىڭ يەنە بىر رىۋايىتىدە ئىران ئىمپېراتورلۇقىنىڭ ئەڭ كۈچلەنگەن دەۋرى بولغان داراI -

نىڭ شاھلىق زامانىسدا(مىلاددىن ئىلگىرىكى 521 ـ 485 يىللىرى)، غەربدە مىسىر، يۇنان، سۇرىيە ۋە ئانادول قاتارلىق جايلار ئىران ئىمپېراتورلۇقىنىڭ تەۋەسىدە بولۇپ، شەرقتە ياكسارتقا (سىردەريا) چېگرىداش ئىكەنلىكى يېزىلغان. بۇنىڭغا قارىغاندا، ئىرانلىقلار ۋە يۇنانلار«ساقا»، دەپ، ئاتىغان تۈركىستان خەلقلىرىنىڭ يۇرتىنىڭ ـ غەربىي قىسمى ئىران چاڭگىلىغا چۈشۈپ قالغان بولسىمۇ، شەرقىي قىسمى مۇستەقىل ئىدى.

خىنوفاس بىر رىۋايىتىدە: ئىران شاھى ئەردىشىر ئۆلگەندىن كېيىن، پارس ئىمپېراتورلوقىنىڭ ئىسكەندەر تەرىپىدىن مۇنقەرىز قىلىنىشىغا قەدەر(مىلاددىن ئىلگىرىكى 359 ـ 330 ـ يىللىرى)، ساقالار ئىران ئىمپېراتورلوقىنىڭ تەۋەلىكىدە بولمىغان مۇستەقىل ۋە دوست بىرخانلىق ئىدى.

مىلادى بىرىنچى ئەسىردە ياشىغان يۇنان تارىخچىسى Diodor نىڭ رىۋايىتىگە قارىغاندا، دارا III تەختكە چىققاندا، ئىراننىڭ شەرقىي چېگراسى ئاكسۇس (ئامۇ) دەرياسى ئىدى. يەنى، بۇ، ساقالار مۇستەقىل ئىدى، دېگەنلىك بولىدۇ. ماكېدونىيىلىك بۈيۈك جاھانگىر ئىسكەندەر ئىراننى ئالغاندىن كېيىن. ساقا مەملىكىتى (تۈركىستان) گە يۈرۈش قىلغان بولسىمۇ، ساقالار ئۆز يۇرتىنى ناھايىتى قەھرىمانلىق بىلەن قوغدىدى. نەتىجىدە، ساقالارنى زورلۇق بىلەن بويسۇندۇرۇشتىن، ئۇلارنى دوست ۋە ياردەمچى ھالغا كەلتۈرۈشنىڭ تېخىمۇ پايدىلىق ئىكەنلىكىنى سەزگەن ئىسكەندەر، سۇغدىيانا(بۇخارا ۋە سەمەرقەند) خاقانى ئوقسىيارنىڭ قىزى مەشھۇر روكسانا(روشىنىك) بىلەن ئۆيلەندى. شۇنىڭ بىلەن ئىسكەندەر سىر دەرياسى بويلىرىغا قەدەر ئىلگىرلەپ كىروپولىس (ئۆرەتېپە) نى ئاخىرقى ئىستىھكام قىلىپ ياساپ قايتتى. قايتىشتا، قەھرىمان ۋە ئۇستا ئوقچى ساقالار دىن بىر ئاتلىق قوشۇن تەشكىللەپ. ئۆزىنىڭ ئەسكىرى قىسمىغا قوشتى. خىنوفاسنىڭ بۇ رىۋايىتىدە، ئىسكەندەرنىڭ سىردەريا بويىدىن قايتىشتىكى سەۋەبلەردىن سۆز ئاچمىغان. «دىۋان لۇغاتىت تۈرك» تە ئىسكەندەرنىڭ قايتىش سەۋىبى تەپسىلى بايان قىلىنغان. بۇلارنى يېرى كەلگەندە بايان قىلىمىز.

## ھىندىستان رىۋايەتلىرى

ھىندىلارنىڭ مۇقەددەس دىنىي كىتابلىرىدا ساكادۇپا (ئىسكىت مەملىكىتى) دا تۈرۈشكا ئىسىملىك خەلقلەر ياشايدۇ دەپ، يېزىلغان. ھىندىستاننىڭ مىلاددىن بۇرۇنقى زامانىغا ئائىت تەزكىرىلىرىدە تۈرۈشكا لارنىڭ تۇران خاقانى فىرىدۇننىڭ ئەۋلادى ۋە ئۇلارنىڭ خاقانى بولغان ئاپراسىياپنىڭ ھىندىستانغا ھۆكۈمران بولۇپ، كېيىنچە سەمەــرقەنتتە ۋاپات قىلغانلىقى قاتارلىقلار يېزىلغان. ھىندىستاننىڭ ئۇدەيپــۇر راجالىرىنىڭ ئائىلە تارىخنامىلىرىدا، ئۇلارنىڭ ئەڭ قەدىمكى ئەجدادى تۈرۈشكا دىن بولغان «باپا» ئىسىملىك بىر قەھرىمان ئىكەنلىكى يېزىلغان[11]. باپا ئۇدەيپۇرغا كېلىپ،

11 راجا ـ ھىندىستاننىڭ كىچىك يەرلىك ھۆكۈمدارلىرى، كىنەزلىرىنى كۆرسىتىدۇ. (ن. ش. ھ. ) .

دۆلەت قۇرغاندىن كېيىن، ئورنىغا ئوغلى قۇمان نى قويۇپ، يۇرتىغا قايتىپ كەتكەنمىش. هازىرغىچە داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان ئۇدەيپۇر راجالىقىنىڭ راجا لىرى، ئۆزلىرىنى قۇماننىڭ ئەۋلادى دەپ هېساپلاپ، قۇماننىڭ بۇزۇپ ئېيتىلىشى بولغان «هۇمان» دېگەن لەقەمنى قوللىنىپ كەلمەكتە. ئاۋرۇلشتايىن نەشر قىلغان «رايانارىنگان» دېگەن، كەشمىرنىڭ قەدىمكى تارىخنامىسىدا، هىندىستاندا ئۆتكەن پادىشالاردىن كۇشكا، هۇشكا ۋە كانىشكا لارنىڭ تۇرۇشكا لاردىن ئىكەنلىكى ئوچۇق كۆرسىتىلدۇ. تۇرۇشكا نى چىن تارىخچىلىرى «يۆچى»، هىندىستان تارىخچىلىرى بولسا «ساقا» دەپ ئاتايدۇ ۋە مىلادى 1 - ئەسىردە دۆلەت قۇرغانلىقلىرىنى يازىدۇ.

10 - ئەسىردە ئۆتكەن ئەڭ ئۇلۇغ تارىخ، جۇغراپىيە ۋە فىزىك ئالىمى ئەبۇ رەيھان بىرۇنى مەشهۇر كانىشكا ئۇستىدە توختالغاندا ئۇنىڭ ئىسمىنى «قانىق» دەپ، ئالىدۇ. دېمەك بۇ هۆكۈمدارنىڭ ئەسلى ئىسمى تۈركلەردە قەدىمدىن تارتىپ مەخسۇس ئىسىم ۋە ياكى بىر ئايماق ئىسمى سۈپىتىدە قوللىنىپ كەلگەن «قانىق»، دېگەن ئاتالغۇنىڭ دەل ئۆزى ئىكەنلىكى ئېنىق. ئاسىيا تىللىرى ئىچىدە ئالاهىدە بىرخۇسۇسىيەتكە ئىگە قەدىمكى هىند تىلى بولغان سانسكرىت ترانسكرىپسىسى بۇيىچە «قانىق»كانىشكا دەپ، تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. بۇخۇددى بىزنىڭ تىلىمىز بىلەن چىن تىلىنىڭ سۆز قۇرۇلۇشى ئايرىم بولغانلىقتىن چىنلىقلار تىلىمىزكەلىمەلىرىنىڭ هېچبىرىنى بۇزماي تەلەپپۇز قىلالمىغانلىقىغا ئوخشايدۇ. مەسلەن، چىنلىقلارنىڭ مۇهەممەد نى «موخامەيدى»، تۇرسۇننى «تۇئەرسۇڭ» ... دېگەنلىرىگە ئوخشاش.

ئەبۇ رەيهان بىرۇنىنىڭ بۇئاتالغۇنىڭ ئەسلى تەلەپپۇزىنى كۆرسىتىپ بېرىشى، بىزنىڭ قەدىمكى هىند تارىخىي ئەسەرلىرىدىكى بىر قانچە ئاتالغۇلارنىڭ ئەسلى شەكلىنى ئېنىقلاپ چىقىشىمىزغا يول ئېچىپ بەردى. بىز بۇ يول بىلەن مېڭىپ، «تۇرۇشكا» سۆزىنىڭ ئەسلىنى «تۈرك »، هۇشكا» سۆزىنىڭ ئەسلىنى «ئۇيۇك ۋە ياكى هۆيۈك» ۋە «كۇشكا» سۆزىنىڭ ئەسلىنى بولسا «كۈيۈك» دەپ، جۈرئەتلىك ئېيتالايمىز. يەنە ئەبۇرەيهان بىرۇنى، ئافغانىستاننىڭ ناگىرگۇت قەلئەسىدىن كابۇلدا ئۆتكەن تۈرك پادىشالىرىنىڭ بىرىپەك تۇمارغا يېزىلغان نەسەب شەجەرىسى تېپىلغانلىقىنى ۋە بۇنىڭدا ئاتمىشقا يېقىن(مىلاددىن بۇرۇنقى10 - يىلدىن تارتىپ مىلادىي 1030 - يىلىغا قەدەر ئۆتكەن) هۆكۈمدارلارنىڭ شەجەرىسى يېزىلغانلىقىنى رىۋايەت قىلىدۇ. بۇيەردە شۇنى ئەسلىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، مەيلى قەدىمكى تارىخچىلىرى بولسۇن مەيلى، هازىرقى زامان تارىخچىلىر بولسۇن، هەممىسى بىردەك بۇ شەجەرىدە ئىسمى يېزىلغان كابۇل پادىشاه لىرىنىڭ «ساقا» لاردىن ئىكەنلىكىنى تەئىيد قىلماقتا. بەزى تارىخچىلار بولسا ئۇلارنى، بىزيۇقىرىدا بىرئاز سۆزلەپ ئۆتكەن (تۆۋەندە تەپسىلى بايان قىلىمىز)، كانىشكا يەنى قانىقلارغا مەنسۇب قۇشخان (كۇشان) لارنىڭ ئەۋلادى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئافغانىستاندا يېزىلغان « تارىخچەء آسيا» دېگەن ئەسەردە «ئىران تارىخلىرىدا ئاپراسىياپ، دەپ، ئاتىغان تۈرك خاقانىنىڭ

تۈركچە ئىسمى **بۇقاخان** بولۇپ، ئافغانىستان ۋە ئىرانني ئىشغال قىلغان، بىرقانچە يىل هۆكۈم سۈرگەن، كېيىنچە، چېكىنىپ تۈركىستانغا قايتىپ كەتكەنلىكى يېزىلغان.

## تۈرك رىۋايەتلىرى

تۈرك شەجەرەسىنىڭ يازغۇچىسى ئەبۇلغازى باهادىرخاننىڭ رىۋايىتىگە قارىغاندا، ئەڭ قەدىمكى چاغلاردا تۈركلەر 19 ئايرىم دۆلەت بولۇپ ياشىغان. بۇلاردىن ئونى غەربدە بولۇپ غەربىي شىمال ۋە جەنۇبدىكى ئېگىز مۇزتاغلار ۋە شەرقتىكى پايانسىز قۇملۇق چۆللەر بىلەن چېگرالانغان ناهايىتى كەڭ بىرزىمىنگە ئىگە بولغانىكەن. توققۇزى بولسا چۆلنىڭ شەرقىي قىسمىدا بولۇپ، تېخىمۇ كەڭ يۇرتقا ئىگە ئىكەن. بىر زامانغا كەلگەندە غەربدىكى ئون دۆلەتنىڭ هۆكۈمدارلىرى بىر يەرگە كېلىپ، كۈچلۈك بىر دۆلەت قۇرۇشقا قارارقىلىشىپتۇ. ئارىلىرىدىن بىرىنى بۇ بىرلەشكەن دۆلەتكە خان قىلىپ بەلگىلەپ ئۇنىڭغا«ئەل ئىلتەر» دېگەن ئۇنۋان بېرىپتۇ ۋە بۇ دۆلەتنى «ئون ئۇيغۇرلار» دەپ ئاتاپتۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن، شەرقتىكى توققۇز دۆلەتمۇ بىرلىشىپ بىردۆلەت قۇرغان. بۇلارنىڭ خانى «كۆل ئەركىن» دەپ ئاتىلىپ، دۆلىتىگە « توققۇز ئۇيغۇرلار» دەپ نام بەرگەن. بۇ ئىككى دۆلەت ئۇزۇن يىللار داۋام قىلىپ، كېيىنچە، بۇ ئىككى دۆلەت بىرلىشىپ، دۇنيا بويىچە ئەڭ چوڭ كۈچلۈك دۆلەت هالىغا كەلگەن. بۈيۈك دۆلەتنىڭ هۆكۈمدارى «قاراخان» ئۇنۋانىنى ئالغان. مەشهۇر ئاپراسىياپ بۇ قاراخانلاردىن بىرى ئىدى. بۇ دۆلەتنىڭ قاچان يىقىلغانلىقى هەققىدە مەلۇماتىمىز يوق. ئۇستادىم مۇراد رەمزى ئەفەندىنىڭ «تلفيق الاخبار» دېگەن ئەسەرىدە، بەزى زامانىۋى تارىخ كىتابلىرىدا ئۇيغۇرلارنىڭ مەيدانغا چىقىشىنى ئوغۇزخان زامانىسىغا يەنى مىلاددىن بۇرۇنقى 2850 يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ؛ دەپ. كۆرسەتكەنلىكىنى يازغان.

« تۈركى تىللار دىۋانى» دا، مەهمۇد قەشقىرى مۇنداق دەپ رىۋايەت قىلغان: [12] « ئاپراسىياپنىڭ ئۇنۋانى خاقان ئىدى. بۇ ئۇنۋان بىلەن ئاتالغانلىقى هەققىدە ئۇزۇن هېكايىلەر بار. «خان» ئۇنۋانى بولسا، ئاپراسىياپ جەمەتىدىن بولغان ئەرلەرگە بېرىلەتتى. ئاياللىرى «قاتۇن (خاتۇن)» ياكى « تىرىم» دېگەن ئۇنۋان بىلەن ئاتىلاتتى. ئاپراسىياپ قەشقەرنىڭ هاۋاسىنى ياخشى كۆرۈپ، قەشقەردە تۇراتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن قەشقەر ئوردا كەند(پايىتەخت) دەپمۇ ئاتالغان. بارچۇق ئاپراسىياپ زامانىسىدىكى بىر شەهەرنىڭ ئىسمى بولۇپ، بەختنەسىر(نابۇقۇن ئاسۇر 7 ـ ئەسىردە ئۆتكەن ئاسۇر پادىشاسى) نىڭ ئوغلى بىتزىن نى بۇ شەهەردە قاماقتا ئالغان. ئىراندىكى قەزۋىن شەهىرىنى ئاپراسىياپنىڭ قىزى «قازقاتۇن» بىنا قىلغانمىش. بەزىلەر ئىراندىكى قەزۋىن ۋە قۇم شەهىرلىرىنى شۇچاغدىكى تۈرك يۇرتلىرى چېگراسى ئىچىدە ئىدى، دەپ، قارايدۇ. «قۇم» دېگەن تۈركچە سۆز. قاز قاتۇن قۇم شەهىرىنى ياخشى

[12] «تۈركى تىللار دىۋانى»1ـ توم 122ـ بەت، 3ـ توم 656ـ بەت، بېسىم ئاتالاي «دىۋانى لۇغاتت تۈركنىڭ تۈركچەتەرجىمىسى» 90 ـ بەت، 3ـ توم 416ـ بەتلەرگە قاراڭ (ن. ش. ھ. ).

كۆرگەنلىكتىن داۋاملىق بۇ شەھەردە تۇراتتى ۋە ئوغا چىقاتتى. ئالىپ ئەرتۇڭا(ئاپراسىياپ) مەرۋ شەھىرىنى بىنا قىلغان. بۇخارا نىڭ يېنىدا «يېڭى كەند» (يېڭى كەنت) دېگەن بىر شەھەر بارئىدى. ئىرانلىقلار بۇ شەھەرنى«روبىندوژ»، يەنى، تۇچتىن ياسالغان قورغان دەپ ئاتايدۇ. چۈنكى، بەك مۇستەھكەم بىر قورغان ئىدى. ئاپراسىياپ، قىزى قازقاتۇننىڭ ئېرى سىياۋۇشنى (ئىران شاھزادىسى) بۇ شەھەردە ئۆلتۈرگەن. ئىلدىكى قاز(قاش) دەريا سىنىڭ بۇ ئىسىم بىلەن ئاتىلىشى، قاز قاتۇننىڭ بۇ دەريا بويىدا ئېگىز بىر قورغان ياساتقانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر. بارمان ۋە بارسغان شەھەرلىرىنى ئاپراسىياپنىڭ «بارمان» ۋە «بارسغان» ئىسىملىك ئىككى ئوغلى بىنا قىلىپ، شەھەرگە ئۆز ئاتلىرىنى قويغان. مېنىڭ دادام (مەھمۇد قەشقىرى ئۆزىنىڭ دادىسىنى دېمەكچى) ئۇشبۇ شەھەردىن» . مەھمۇد قەشقىرى ئۇز ئەسەرىدە يەنە، ئىسكەندەرنىڭ تۈركىستانغا بېسىپ كىرگەنلىكى ۋە ئاخىردا مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ سۈلھى قىلىپ چېكىنىپ چىقىپ كەتكەن جەريانىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەپ يازىدۇ: «ئىسكەندەر سەمەرقەنتنى ئىگەللەپ بولۇپ، تۈركىستانغا تېخمۇ ئىلگىرلەپ يۈرۈش باشلىغاندا تۈركىستاننىڭ خانى «شۇ» ئىسىملىك ياش بىركىشى بولۇپ، ئۇنىڭ قۇدرەتلىك بىر قوشۇنى بار ئىدى. خاقان «شۇ» ئۆزخەلقىگە ۋە ئەسكەرلىرىگە ھېچ تۈيغۇزماستىن، باشقوماندان مۇھاپىزەتچىلىرىدىن 40 كىشىنى تاللاپ، خوجەند دەرياسى بويىغا يوشۇرۇنچە يوللايدۇ. بۇلارغا، ئىسكەندەرنىڭ سىر دەريادىن ئۆتۈشىنى ۋە شەرققە قاراپ يۈرۈش يولىنى بايقاپ، دەرھال خاقانغا خەۋەر قىلىش ۋەزىپىسىنى تاپشۇرغان. بىركۈنى دۆلەتنىڭ كاتتىلىرى خاقاندىن «ئىسكەندەر يېقىنلىشىپ قالدى، ئۇنىڭ بىلەن ئۇرىشىمىزمۇ ياكى باشقا بۇيرۇقىڭىز بارمۇ ؟ » دەپ سورايدۇ. خاقان بۇلارغا پەرۋا قىلماستىن. سارايىدىكى كۈمۈش كۆلچەكتە ئۈزۈپ ئويناپ يۈرگەن غاز ـ ئۆردەكلەرنى كۆرسىتىپ، «بۇلارنى تاماشا قىلىڭلار» دەپ، جاۋاب بېرىدۇ. ئۇلار تازا خاپا بولۇشۇپ. خاقاننىڭ ئۇرۇش قىلىش ياكى چېكىنىش پىلانى يوقكەن، دېگەن تونۇشقا كېلىدۇ. لېكىن، خاقان خاتىرجەم ئىدى. چۈنكى، خەۋەرچىلەرنىڭ مەلۇماتىغا قاراپ ئۆزىنىڭ يولغا قويىدىغان بىرپىلانى بار ئىدى. بىركېچە، خەۋەرچىلەر قايتىپ كېلىپ ئىسكەندەرنىڭ دەريادىن ئۆتكەنلىكىنى خەۋەر قىلدى. خاقان دەرھال يۈرۈش دۇمبىقىنى چالدۇرۇپ كېچىلەپ ئەسكەرلىرىنى ئېلىپ شەرققە قاراپ مېڭىپ كەتتى. بۇنداق، تۈيۈقسىز قاچقاندەك يۈرۈپ كېتىشىدىن ئەنسىرىگەن خەلقمۇ، قولىغا ئۇچرىغانىنى ئېلىپ ئۇلاغلىرىغا يۈكلەپ، خاقاننىڭ ئارقىسىدىن شەرققە قاراپ قاچتى. ئەرتىسى يۇرتتا ھېچكىم قالمىدى. يۇرت ئادەمسىز بىرچۆلگە ئايلاندى. ئۇچاغدا بۇمەملىكەت خەلقى چېدىرلاردا ياشايتتى. بالاساغۇن ۋە ئىسپىجاپ قاتارلىق شەھەرلىرى تېخى بىنا قىلىنمىغاندى. خاقان شۇ ئەسكەر ۋە خەلقىنى باشلاپ، ئاستا ـ ئاستا شەرققە قاراپ كېتىۋاتاتتى. ئىسكەندەر خاقاننى قاچتى دەپ بىلىپ، ئارقىسىدىن قوغلاپ شۇ ماڭغىنىچە پۈتۈن چىننى ئالىمەن دەپ خىيال قىلغانىدى. خاقان ئۇزۇن يول مېڭىپ ئۇيغۇرلار يۇرتىغا

يېقىنلاشقاندا، تۇيۇقسىز ئارقىسىغا قايتتى. 4000 جەڭگىۋار يېگىتنى تاللاپ ئۇلارغا بىر ئۆگە(تەجرىبىلىك ياشانغان سەركەردە) نى باشلىق قىلىپ، ئىسكەندەرنىڭ ئۈستىگە باسقۇن قىلىشقا ئەۋەتتى. بۇ ئەسكەرلەرنىڭ بېشىغا كىيگەن قالپاقلىرىنىڭ ئىككى تەرىپىدە لاچىننىڭ قانىتىغا ئوخشاش قانات بار ئىدى. ئۇلار ئالدىغا ئوق ئېتىپ نىشانغا نەق تەككۈزگەندەك ئارقىچىلاپمۇ دەل نىشانغا تەككۈزەلەيدىغان بەكمۇ ئۇستا نىشانچىلار ئىدى. ئىسكەندەر بۇلارنى كۆرۈپ ھەيران قالغانمىش. بۇ تۈرك ئەسكەرلىرى، بىر كېچە ئىسكەندەرنىڭ ئەسكەرلىرىگە ئۇشتۇمتۇت باسقۇن قىلدى ۋە قاتتىق زەربە بېرىپ، پەرىشان قىلىۋەتتى. مەھمۇد قەشقىرى، بۇ ئۇرۇشتا يۈزبەرگەن بىر تارىخي ۋەقەنى بايان قىلىپ، مۇنداق دەپ يازىدۇ: «بىر تۈرك ئەسكىرى ئىسكەندەرنىڭ ئەسكەرلىرىدىن بىرىنى قىلىچ بىلەن چېپىپ،كىندىكىگىچە ئوتتۇرىدىن ئىككىگە بۆلىۋەتكەن. بۇ ئەسكەرنىڭ بېلىدا بىرخالتا تىللا بارئىكەن. قىلىچ بۇ خالتىنىمۇ پارچىلىغان. قانغا بۇلانغان ئالتۇن تىللالار يەرگە تۆكۈلۈپ ھەرتەرەپكە چېچىلىپ كەتكەن. ئەرتىسى تۈرك ئەسكەرلىرى قانغا بۇلانغان ئالتۇن تىللالارنى كۆرۈپ ھەيرانلىقتا، بۇلار نېمە؟ دەپ سورىغاندا، ئەسكەرلەردىن بىرى «ئالتۇن قانغۇ!» دەپ جاۋاب بەرگەن. شۇنىڭ بىلەن يەردىكى كىچىك بىرتاغنىڭ ئىسمى «ئالتۇن» تاغ بولۇپ قالغان. بۈگۈنمۇ (مەھمۇد قەشقىرىنىڭ زامانىسىدا) ئۇيغۇر يۇرتىغا يېقىن جايدىكى بىر تاغ تۆپىسى ئالتۇن قان دەپ ئاتىلىدۇ. ئەتراپتىكى چارۋىچىلار بۇ يەرگەكېلىپ ماللىرىنى ئوتلىتىدۇ. بۇ ئۇرۇشتا ئىسكەندەر يېڭىلىپ خاقان شۇ بىلەن سۈلھى تۈزۈپ قايتىپ كەتكەن . خاقان شۇ ئىسكەندەرنىڭ ئارقىسىدىن كېلىپ، بالاساغۇنغا يېقىن جايدا بىر شەھەر بىنا قىلىپ، بۇ شەھەرگە«شۇ» دەپ نام بەرگەن». شۇ قەدىمكى «چۇ» بولسا كېرەك. بۇ شەھەردىن ھېچ ئەسەر يوق. ئەمما، يېقىندىكى بىردەريا چۇ دەرياسى دەپ ئاتىلىدۇ[13] .

## تەنقىد ۋە مۇھاكىمە

يۇقىرىقى رىۋايەتلەر ئىچىدە ئىران رىۋايەتلىرى، خۇراپاتلىق ئارىلاش ھېكايىلار ئارىسىدىن سۈزۈپ ئېلىشقا مۇمكىن بولغان ۋە ئېقىلغا مۇۋاپىق پارچىلارنىڭ قىسقىچە مەزمۇنىدىن ئىبارەت. بۇلارنىڭ

[13] خاقان «شۇ» نىڭ بۇ ھەرىكىتى، قېچىش بولماستىن بەكمۇ ئۇستىلىق بىلەن ئېلىپ بېرىلغان بىر ئۇرۇش تاكتىكىسى ئىدى. چۈنكى، پۈتۈن دۇنيا دۆلەتلىرىنى يېڭىپ، يۇناندىن ئوتتۇرا ئاسىياغىچە بېسىپ كەلگەن بۈيۈك «جاھانگىرئىسكەندەر» نى سىر دەريا بويىدا توساپ، ئۇرۇشۇش خاقانغا مەغلۇبىيەتتىن باشقا نەتىجە بەرمەيتتى. ئىسكەندەرنى سىر دەريا بويىدىن تارتىپ ئۇرۇمچىنىڭ يېقىنلىرىغا قەدەر مىڭلارچە كىلومېتىر ئىنسانسىز ۋە سۇسىز چۆللەردە سۆرەپ يۈرۈپ، تازا ھارغۇزۇپ، كۈچىنى ئاجىزلاشتۇرغاندىن كېيىن، قىستاپ ئۇنى ھازىرلىقسىز بىر پەيتتە ئۇرۇشقا مەجبۇرقىلىش «بۈيۈك ئىسكەندەر» نى يېڭىشنىڭ ئەڭ ياخشى چارىسى ئىدى.
(مۇئەللىپنىڭ ئىزاھاتى)

يېزىلغان ۋاقتى، ئۇبۇلقاسىم مەنسۇر فىردەۋسى(ھىجرى 329 ـ 411 يىللىرى) نىڭ «شاھنامە» سى بىلەن باشلىنىدۇ. فىردەۋسى بۇلارنى، ئىران خەلقىنىڭ ئېغىز ئەدەبىياتىدىن ياكى شۇ چاغلاردا تېپىلغان قەدىمكى ئەسەرلەردىن ئالغان بولسا كېرەك. شۇنىڭ ئۈچۈن بەزى ھازىرقى زامان تارىخچىلىرى «شاھنامە» نى خەلق ھېكايىلىرى دەپ قارايدۇ. بۇنىڭغا قاراپلا ئىران رىۋايەتلىرىنىڭ بىرقىسمىغا ئىشەنچ قىلغىلى بولمايدۇ دەپ، قاراش توغرا ئەمەس. چۈنكى، بۇ رىۋايەتلەرنىڭ بىرقىسمىنى ئىشەنچلىك مەنبەلەر ئىسپاتلايدۇ. مەسلەن:

(1) ئىراننىڭ مىلادىدىن ئىلگىرىكى 10 ـ ئەسىردە يېزىلغان دىنىي كىتابلىرىدىن ئويىستا(ئاۋېستا) نىڭ باش قىسمىدىكى «زائوسترا» دېگەن بابدا، يۇقىرىقى رىۋايەتلەرنى تەستىقلەپ تۇران خاقانلىرىدىن «پىران» ۋە «تىران» دېگەنلەر ھەققىدە ئۇچۇق مەلۇمات بېرىدۇ.

(2) دۇنيادا ئەڭ قەدىمىي كلاسسىك تارىخ كىتابلىرى دەپ ھېساپلانغان يۇنان مەنبەلىرىدىن ئېلىنغان يۇقىرىقى رىۋايەتلەرنىمۇ، ئىران رىۋايەتلىرى تەستىقلايدۇ.

(3) ھىندىستاندا مىلادىدىن ئىلگىرى يېزىلغان ۋە بۈگۈنگىچە ساقلىنىپ كېلىۋاتقان ھىندۇ دىنىنىڭ مۇقەددەس كىتابلىرى ۋە تەزكىرە نامىلىرىدىكى ۋەسىقىلەرمۇ يەنە، بۇ رىۋايەتلەرنى تەستىقلايدۇ.

يۇنان رىۋايەتلىرى بولسا، ئىلىم دۇنياسىدا تارىخىي ھۆججەت دەپ ئېتىراپ قىلىنغان كلاسسىك تارىخ كىتابلاردىن ئېلىنغان. رىۋايەت قىلغۇچىلار(ھېرودوت، كتىياسىياس ۋە خىنۇماس قاتارلىقلار) مىلادىدىن بىرقانچە ئەسىر بۇرۇن ئۆتكەن مەشھۇر ئالىملار بولۇپ، يازغان ئەسەرلىرى ئىلمىي قىممەتكە ئىگە ھۆججەت بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىران رىۋايەتلىرىدىن ئېلىنغان پارچىلارمۇ ئىلمىي قىممەتكە ئىگە ھۆججەتتۇر. بۇلارغا يەنە، قوشۇمچە بەزى رىۋايەتلەرمۇ بار. مەسلەن: ئەڭ قەدىمكى يۇنان مەنبەلىرىدىن مىلادىدىن ئىلگىرىكى 850 ـ يىللىرىدە ئۆتكەن، ھومېرۇسنىڭ «ئىليادا ۋە ئودىسا» دېگەن ئەسەرلىرىدە مىلادىدىن بۇرۇنقى 9 ـ ئەسىردە ياشىغان «ھوسىود» بىلەن مىلادىدىن بۇرۇنقى 5 ـ ئەسىردە ياشىغان «ئىشىل» ئىسىملىك يۇنان شائىرلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدە، ئىسكىتلارنى ئەڭ ئۈستۈن مەدەنىيەتكە ئىگە بىر مىللەت دەپ تەرىپلەيدۇ. ھېرودوت قاتارلىق مەشھۇر يۇنان تارىخچىلىرىمۇ، ئىسكىتلارنى شۇ چاغدىكى مىللەتلەر ئىچىدە ئەڭ باتۇر، مەدەنىيەت ۋە سەنئەتتە ئۈستۈن بىر مىللەت دەپ يازىدۇ. بۇ تارىخچىلار يەنە، يۇنان پادىشا (قەيسەر) لىرى بالىلىرىنى ئوقۇتۇش ئۈچۈن ئىسكىتلاردىن ئوقۇتقۇچى ئېلىپ كەلگەن، دەپ، يازىدۇ.

ئودىسا، كيېف (كېۋ)، موسكۋا ۋە لېنىنگراد مۇزېيلىرىدا ئىسكىتلارنىڭ ئۈستۈن مەدەنىيەتىنى كۆرسىتىدىغان قىممەتلىك ئارخېئولوگىيىلىك ھۆججەتلەر تولۇپ تاشىدۇ. كېيىنكى چاغلاردا ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك قېزىشلارجەريانىدا ئوتتۇرىغا چىققان پاكىتلارمۇ ئىسكىت مەدەنىيەت تارىخىنىڭ مىلادىدىن مىڭلارچە يىل ئىلگىرى باشلانغانلىقىنى ئىسپاتلىماقتا.

دۇنيادا ئەڭ قەدىمىي جۇغراپىيە كىتابى دەپ تونۇلغان «بتلامىيۇس جۇغراپىيەسى[14]» دە، ئىسكىت مەملىكىتىنىڭ غەربىدە تۇنا دەرياسى ۋە شەرقتە ئىماۋۇس تاغلىرى بىلەن چېگرالانغانلىقى كۆرسىتىلىدۇ. بۇلارنى تۆۋەندە ئايرىم بايان قىلىمىز.

ھىندىستان رىۋايەتلىرىنىڭ قىممىتى، يۇنان رىۋايەتلىرىدىن تۆۋەن ئەمەس. چۈنكى، بۇ رىۋايەتلەر ئارخېئولوگىيىلىك ۋەسىقە ماھىيىتىدەدۇر. بولۇپمۇ مىلادىدىن ئىلگىرى يېزىلغان دىنىي كىتابلار، ئۇدىپۇر راجالىرىنىڭ شەجەرىسى ۋە كەشمىر تەزكىرىسى قاتارلىق قولىيازما ئەسەرلەردە «ئىسكىت»، «ساقا» ۋە «قۇشخان» (كۇشان) دەپ ئاتالغان خەلقلەرنىڭ ھەممىسى بىر «تۇرۇشكا» (تۈرك) ئىرقىدىن ئىكەنلىكىنى كۆرسەتكەنلىكى ئىلىم دۇنياسىغا يېڭىلمەس بىر دەلىل قولغا كەلتۈرۈپ بەرگەنلىكىدۇر.

بىرۇنىنىڭ «كانىشكا» سۆزىنىڭ ئەسلى تەلەپپۇزى، «قانىق» ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىشى ئىلىم دۇنياسىدە چوڭ بىرخاتا نىڭ تۈزۈتىلىشىدە ئاچقۇچلۇق ماھىيەتكە ئىگە دەپ ئېتىراپ قىلىنىدۇ. بىرۇنىنىڭ بۇ ئىپادىسى، يالغۇز بۇنىڭ بىلەنلا قالماستىن يەنە، سانسكرىتچىدە «شكا» بىلەن ئاياغلاشقان پۈتۈن تۇرانچە ئىسىملىكلەردىكى «شكا» نىڭ ئەسلى تەلەپپۇزى «ق» ياكى بۇنىڭغا ئەڭ يېقىن بولغان «ك» ھەرپى ئىكەنلىكىنى ئىنقىلاب بېرىدۇ.

ئافغانىستاندا نەشر قىلىنغان «تارىخچەء آسىيا» دا، ئاپراسىياپنىڭ ئەسلى ئىسمىنى «بۇقاخان» دەپ كۆرسەتكەنلىكىمۇ تارىخ ساھاسىدا كۆپ ئەھمىيەتكە ئىگە. چۈنكى، بەزى تارىخچىلار ئاپراسىياپ دېگەن ئاتالغۇ مەدچە يەنى، قەدىمكى ئىرانچە سۆز بولۇپ تۇرانچە(تۈركچە) ئەمەس دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاپراسىياپنى تۈرك خاقانى ئەمەس بەلكى، بىرئىران شاھى دېگەننى ئىسپاتلىماقچى بولىدۇ. «تارىخچەء آسىيا» غا كۆرە، بۇ بۈيۈك تۈرك خاقانىنىڭ ئىسمى «بۇقاخان» بولۇپ، ئۇ ئىرانىي ئىستېلا قىلغاندا مەد تىلىدا «ئەڭ بۈيۈك» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان «ئاپراسىياپ» دېگەن ئۇنۋاننى ئالغان. مەدچە تەزكىرىلەردە ۋە ئىران تارىخلىرىدا داۋاملىق بۇ ئۇنۋان بىلەن ئاتىلىپ كەلگەنلىكتىن ئەسلى ئىسمى تاشلىنىپ قالغان بولۇشى مۇمكىن.

مەھمۇد قەشقىرى بىلدۈرگەن، ئاپراسىياپ مەرسىيىسىگە قارىغاندا، تۈركىستاندىمۇ ئاپراسىياپ ئەسلى ئىسمى بىلەن ئەمەس، بەلكى، ئۇنىڭ قەھرىمانلىقىنى مەدھىلەيدىغان «ئالىپ ئەرتوڭا» ۋە ئەڭ ئالىي ھۆكۈمدار دېگەن مەنىدىكى«بەگلەر بېگى» دېگەن ئۇنۋان بىلەن ئاتالغانلىقىنى كۆرىمىز.

ئۇبۇلغازى باھادىرخاننىڭ رىۋايەتلىرى بولسا، ئەنئەنىۋى رىۋايەت ماھىيىتىدە بولۇپ ئېنىق تارىخىي سۈپىتى يوق. شۇنداقتىمۇ، تۈركلەرنىڭ ئەڭ قەدىمكى چاغلاردا بۈيۈك خانلىقلار قۇرغانلىقلىرى ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى كۈچلەندۈرىدۇ. «تلفيق الاخبار» نىڭ رىۋايەتلىرىنى زامانىۋىي مەنبە ئەسەرلەردىن ئالغانلىقىنى يازغان بولسىمۇ، پايدىلانغان ئەسەرلەركۆرسىتىلمىگەنلىكىدىن ھازىرچە

[14] بتلامىيۇس ـ بەزى ئەسەرلەردە پتولېمايۇس دەپ، ئېلىنماقتا. ت. ئالماس 80، ـ بەت (ن. ش. ھ.).

بۇلارغا باھا بەرگىلى بولمايدۇ. «دىۋانۇلۇغاتت تۈرك» نىڭ رىۋايەتلىرىگە كەلسەك، ئاپراسياپنى، ئۇنىڭ ئائىلىسىنى، مۇھىم تۈرك شەھەرلىرىنى، ئىسكەندەرنىڭ ھۇجۇمىغا قارشى تۈرك خاقانىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك مۇداپىئە قىلغانلىقىنى ناھايىتى جانلىق ۋە ئېنىق سۈرەتتە بايان قىلغان. ئىران، يۇنان، ھىندىستان ۋە باشقا مەنبەلەردىن ئاڭلىغان شەرەپلىك تارىخىمىزنى «دىۋانۇلۇغاتت تۈرك»، تۈرك مىللىي ئۇسلۇپ بىلەن زىننەتلەپ، ئۇ رىۋايەتلەردىن قولغا كەلگەن مەلۇماتلارنى تولۇقلايدۇ. ئاپراسياپنىڭ «خاقان، ئالپ ئەر تۇڭا ۋە بەگلەربېگى» دېگەنگە ئوخشاش ساپ تۈركچە ئۇنۋانلىرىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئاپراسياپنىڭ قىزىنىڭ ئىسمىنى ئىرانلىقلار«فرەنكس» دەپ يازغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ تۈركچە ئىسمىنىڭ «قازخاتۇن» ئىكەنلىكىنى دىۋاندىن بىلدۇق. بۇلاردىن باشقا يەنە، بىرقانچە مەسىلىلەرنىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇپ بېرىدۇ. مەسىلەن، ئىسكەندەرنىڭ تۈركىستاندىن قايتىپ كېتىشىنىڭ سەۋەبى ئىران، يۇنان ۋە باشقا مەنبەلەردە ئوچۇق كۆرسىتىلمىگەن. بۇنداق ئاچكۆز ۋە پۈتۈن دۇنياغا ھاكىم بولىمەن دەپ بارغانلا جايدا غەلىبە قىلىپ، كېلىۋاتقان جاھانگىر «بۈيۈك ئىسكەندەر» نىڭ ئېقىلغا ماقۇل كېلىدىغان بىرسەۋەپ بولماي تۇرۇپ، چېكىنىپ كېتىشى مەنتىقىغە ھېچ توغرا كەلمەيدىغان بىرئىش. ئەلبەتتە. ئىسكەندەرنىڭ چېكىنىشىدە مۇھىم بىر سەۋەپ بارلىقىنى لېكىن، تارىختا ئىسكەندەرنىڭ ۋەقەنۇۋىسلىرىنىڭ بۇسەۋەپنى بىلىپ تۇرۇپ، قەستەن يازمىغانلىقى، ھەرقانداق بىر تارىخچىنى چوڭقۇر ئويغا سالىدۇ. بەلكى، بۇ چېكىنىشىنىڭ سەۋەبى چوڭ بىر يېڭىلىش بولۇشى مۇمكىن. ئۇنداق بولغاندا بۇنى يېزىش ئىسكەندەرنىڭ غەزىپىنى كەلتۈرۈپ قويىدۇ. چۈنكى، بۇ شەكىلدىكى بىرمەغلۇبىيەت، ئىسكەندەرنىڭ شەرەپى ئۈچۈن، غۇرۇرى ئۈچۈن بىر نۇمۇس ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ۋەقەنۇۋىسلار بۇ ۋەقەنى يېزىشقا جۈرئەت قىلالمىغان بولۇشلىرى مۇمكىن. مانا، تارىخچىلارنىڭ دىققەت ئېتىۋارىنى جەلب قىلىۋاتقان بۇ مەجھۇل سەۋەپنى بىزگە دىۋان ناھايىتى ئېنىق كۆرسىتىپ بەردى. يەنى خاقان شۇ ئىنتايىن ئۇستىلىق بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرغان بىر ئۇرۇش تاكتىكىسى بىلەن ئىسكەندەرنى ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچراتقانلىقىنى ۋە ئىسكەندەرنىڭ ئەسكەرلىرىنى پۈتۈنلەي قىرىلىپ تۈگەپ كېتىشتىن ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئۇرۇشنى توختىتىپ، سۈلھى قىلىش ۋە چاپسان قايتىپ كېتىشتىن باشقا چارە تاپالمىغانلىقىنى دىۋاندىن ئاڭلىدۇق. بۇ پاكىتلارغا ئاساسەن، دىۋاننىڭ رىۋايەتلىرىنى ئىلمىي قىممەتكە ئىگە ھۆججەت دەپ باھا بېرىمىز. دىۋان رىۋايەتلىرىنىڭ بىرلا كەمچىلىكى، بۇ رىۋايەتلەرنىڭ قىسقا بولىشىدۇر. چۈنكى، دىۋان بىر تارىخ كىتابى ئەمەس، لۇغات كىتابى بولغانلىقىدىن بىرسۆزنىڭ مەنىسىنى چۈشەندۈرۈش مەقسىدى بىلەن مىسال كەلتۈرگەن ۋەقەلىكنى مۇمكىن قەدەر قىسقىچە سۆزلەپ ئۆتكەن. دىۋاندىكى ئاپراسياپ مەرسىيەسى، ئاپراسياپنىڭ تۈرك تارىخىدا قانچىلىك بۈيۈك بىر شەخسىيەت ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭ پاجىئەلىك ئۆلۈمى تۈرك مىللىتىنىڭ ھەرقايسى قاتلاملىرىدا ئىنتايىن چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغانلىقىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدۇ(ئافراسياپ مەرسىيىسىگە قاراڭ).

## خۇلاسە

خۇلاسە قىلىپ ئېيتقاندا يۇقىرىدىكى رىۋايەتلەر ۋە ماتېرىياللاردىن ئىسپاتلانغان ھەقىقەت شۇكى، مىلادىدىن نەچچە ئەسىر ئىلگىرىدىن تارتىپ، شەرقىي تۈركىستان مۇھىم مەركەز قىلىنغان ھالدا تۈرك يۇرتلىرىدا بىر ياكى بىرقانچە چوڭ دۆلەتلەر بارلىققا كەلگەن. بۇ دۆلەتلەرنىڭ قۇرغۇچىلىرى تۇران، ساقا (ساك) ۋە ماساجىت (ماساگىت) دېگەنلەرگە ئوخشاش ئىسىملەر بىلەن ئاتالغانلىقىنى ئىران، يۇنان ۋە ھىندىستاننىڭ قەدىمكى رىۋايەتلىرى ۋە تارىخىي ۋەسىقىلىرى كۆرسەتكەن بولسىمۇ، كەشمىر ۋە ھىندىستان مەنبەلىرىدە بۇ دۆلەتلەرنىڭ ھەرقايسى زامان ۋە ماكاندىكى قۇرغۇچىلىرى بولغان خەلقلەرنىڭ ئېتنوگرافىيىلىك ئىسمىنىڭ «تۈرك» ئىكەنلىكى ئەڭ كۈچلۈك پاكىتلار بىلەن ئىسپاتلانماقتا. بۇ دۆلەتلەرنىڭ دەسلەپ قۇرۇلغان ۋاقتىنى بۇ رىۋايەتلەردىن بىلگىلى بولمىسىمۇ، ئىران ۋە يۇنان مەنبەلىرىدە تۈرك دۆلەتلىرىنىڭ مىلادىدىن 2000 يىل بۇرۇن، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئەڭ چوڭ دۆلەتلەر دىن بولۇپ، تازا روناق تاپقانلىقىنى يازىدۇ. شۇ چاغلاردا تۈرك مىللىتىگە ۋە ئۇنىڭ دۆلىتىگە قارشى تۇرغان دۆلەت ئىران ۋە بىتەرەپ تۇرغان دۆلەت يۇنان ئىدى. بىتەرەپ مەنبەلەرنىڭ ئىلمىلىك جەھەتتە ئەڭ ئادىل ھۆججەتلەر ئىكەنلىكى ھەممىگە مەلۇمدۇر. دۈشمەننىڭ قارشى تەرەپنىڭ پايدىسىغا بەرگەن گۇۋاھلىقى ھەممە كىشنى قايىل قىلىدىغان دەلىلدۇر. بۇ ھۆججەت ۋە دەلىللەرگە بىتەرەپ بولغان ھىندىستان مەنبەلىرىنىڭ، تېخىمۇ ئايدىڭلاتقۇچى ۋەسىقىلەرنى قاتقانلىقىنى يۇقىرىدا كۆزدىن كەچۈردۇك.

شۇنداقلا «تارىخچەء آسيا»، ئۇبۇلغازى باھادىرخان ۋە مەھمۇد قەشقىرىنىڭ قوشۇمچە ئىزاھاتلىرى يۇقىرىدىكى بەس ـ مۇنازىرە ۋە دەلىل ـ ئىسپاتلارنى تېخىمۇ كۈچلەندۈرۈپ بېرىدۇ. شۇنى ئالاھىدە كۆرسىتىپ ئۆتۈش لازىمكى: بۈگۈنگىچە يۇقىرىدىكى پاكىتلارنى رەد قىلىدىغان ياكى يالغان دەپ ئىسپاتلىيالايدىغان ھېچقانداق بىر رىۋايەت ياكى ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىيال ئوتتۇرىغا چىققىنى يوق. ئەكسىچە، بۈگۈنگىچە ئوتتۇرىغا چىقىرىلىپ، موسكۋا، لېنىنگىراد، لوندون، بېرلىن ۋە دېھلى مۇزېيلىرىغا قويۇلغان نۇرغۇن ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللار بۇ رىۋايەتلەرنى ئىسپاتلايدۇ.

يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتۈلگەن پاكىتلارغا قاراپ، تارىختا ئەڭ قەدىمكى بۈيۈك دۆلەتلەرنى ئوتتۇرا ئاسىيادا ھەممىدىن بۇرۇن تۈركلەرنىڭ قۇرغانلىقىنى قەتئىي ئىشەنچ بىلەن ئېيتالايمىز. بۇ دۆلەتلەرنىڭ بېشىدا ئەجدا دلىرىمىز دىن ئاپراسياپ ( بۇقاخان ـ ئالپ ئەرتۇڭا ـ بەگلەر بېگى)، پىران، تىرايانا، پروتاسيە، مادايىس، ئامۇرگىز ۋە خاقان شۇ قاتارلىق خاقانلىرىمىز ۋە بۈيۈك جاھانگىرلارنى يەڭگەن قەھرىمان تومرىس(تومارىس) خاتۇن ۋە سىياتىرا(سىماتىرا) خاتۇن قاتارلىق قىرالىچە لىرىمىزنىڭ بولغانلىقىدىن خەۋەر تاپتۇق[15]. بىراق، بۇ ھەقىقەتلەرنىڭ كۆپ قىسمىنى ئەجنەبىلەر يازغان

15 «قىرالىچە ياكى كىرالىچە» ئەسلى سلاۋيانچە، ئايال پادىشا (ئۇيغۇرچە «خانىش») دېگەن مەنىدە (ن. ش. ھ.).

ئەسەرلەردىن ۋە يات مەنبەلەردىن ئۆگىنىۋاتىمىز. ۋەھالەنكى، بۇلار بىزنىڭ تولۇق تارىخىمىزنى يېزىش ۋەزىپىسى بولالمىغانلار. تۈركلەردە ئۆز مىللىي تارىخىنى يېزىپ قالدۇرۇش ئادىتى قەدىمكى زامانلاردا يوقمىدى؟ بولىسىمۇ بۇلارنىڭ ئىزى يوقاپ كەتتىمۇ؟ ئەپسۇسكى، بۈگۈنگىچە ئىلىم دۇنياسىدا قەدىمكى تارىخىمىز ھەققىدە يېزىلغان بىرمۇ مىللىي ئەسەر ئوتتۇرىغا چىقمىدى. بار - يوق ھۆججەتلىرىمىز ئەجنەبىلەرنىڭ رىۋايەتلىرى ۋە ئازغىنا بىرقىسىم ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللاردىن ئىبارەت. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئەڭ قەدىمكى چاغلاردىكى بۈيۈك تۈرك دۆلەتلىرى، غايەت پارلاق نۇرچېچىپ تۇرغان ھەيبەتلىك بىر ھەيكەلدەك، ئىلىم دۇنياسىدا ئۆزىنى كۆرسىتىپ تۇرسىمۇ. ئۇنىڭ تەپسىلىي تارىخىي ئەھۋالىنى ئىلمىي يول بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇش مۇمكىن بولمايۋاتىدۇ. كەلگۈسىدىكى ئىلمىي تەكشۈرۈش - تەدقىقاتلار ۋە ئارخېئولوگىيىلىك قېزىشلاردىكى كەشپىياتلار بىلەن بۇ جەھەتلەردە كۆپ مەلۇماتلار مەيدانغا چىقىدۇ ۋە تارىخىمىزدا بۈگۈنگىچە قالغان بوشلۇقنى تولۇقلايدۇ دەپ ئىشىنىمەن.

## ئافراسىياپ مەرسىيەسى

(1)
ئالپ ئەرتوڭا ئۆلدىمۇ
ئىسسىز ئاژۇن قالدىمۇ
ئۆزلەك ئۆچىن ئالدىمۇ
ئەمدى يۈرەك يىرتىلۇر

(2)
بەگلەر ئاتىن ئارغۇزۇپ
قازغۇئانى تۇرغۇزۇپ
مەڭزى يۈزى سارغارىپ
كۆركۈم ئاڭا تۇرتۇلۇر

(3)
ئاۋلىشىپ ئەرەن بۆرلەيۇ
يىرتىپ ياقا ئۆر لەيۇ
سىقرىپ ئۈنى يۇرلايۇ
سىغتاپ كۆزى ئۆرتۈلۈر

(4)
ئۆزلەك ياراغ كۆزەتتى
ئوغرى تۇزاق ئۇزاتتى
بەگلەر بېگىن ئازىتتى
قاچسا قالى قۇرتۇلۇر

(5)
كۆڭلۈم ئىچىن ئۆرتەدى
يەتمىش ياشىغ قارتادى
كەچمىش ئوزۇگ ئەرتەدى
تۈن كۈن كىچىپ ئەرتەلۇر

(6)
ئۆزلەك قاموغ گۆرەدى
يۇنچىغ ياۋۇز تەپرەدى
ئەردەم ئارىغ ساۋرەدى
ئاژۇن بىگى چەرتەلۇر

(7)
بىلگە بۆگۈ يۇنچىدى
ئاژۇن ئانى يەنچىدى
ئەردەم ئاتى تىنجىدى
يەرگە تىگىپ سۇرتۇلۇر

(8)
ئۆزلەك كۈنى تەپرەتۇر
يالڭۇق كۈچىن گۆرەتۇر
ئەردىن ئاژۇن ساۋرەتۇر
قاچسا تەقى ئەرتەلۇر

(9)
ئاتسا ئوقىن گەزگىرىپ
كىم تۇر ئانى يېغدىچى
تاغىق ئاتىپ ئوغراسا
ئۆزى قويى يىرتىلۇر

(10)

ياغى ئۆتىن ئۆچجۇرگەن
تويدىن ئانى كۆچجۇرگەن
ئىشلار ئۈزۈپ كەچجۇرگەن
تەگدى ئوقى ئۆلدۈرۈ

(11)

تۈرغان ئۆلۈق ئىشلاقا
تەرگى ئاۋرۇپ ئاشلاقا
تومليۇق قەدىر قىشلاقا
قودتى ئەرىگ ئۇمدۇرۇر

**هازىرقى زامان ئۇيغۇرچىدا نەسرى يەشمىسى:**

قەھرىمان يولۋاس ئۆلدىمۇ؟ يامان دۇنيا بىزگە قالدىمۇ؟ پەلەك (زامان) ئۇنىڭدىن ۋە بىزدىن ئۆچىنى ئالدىمۇ؟ ئەمدى بۇ مۇسىبەتتىن يۈرەكلىرىمىز پارە ـ پارە بولماقتا. بۇ ئېغىر مۇسىبەتتە، بەگلەر ئاتلىرىنى ھەرتەرەپكە چاپتۇرۇپ هارغۇزدى. قايغۇدىن ئورۇقلاپ، يادائغۇلىشىپ كەتتى. يۈزلىرى ۋە كۆزلىرى زەپەر سۇرۇپ قويغاندەك ساغىرىپ كەتتى. ئۇلار ئاپراسىياپقا ماتەم تۇتۇپ يىغلاپ، بۆرىدەك هۇلاشتى. ئاھ ئۇرۇپ ياقىلىرىنى يىرتتى. دەرت بىلەن مۇڭلۇق نەغمە ئاۋازىدا ئۇن سېلىپ پەرياد قىلىشتى. كۆپ يىغلاشتىن ئۈنلىرى پۈتۈپ قالدى. تولا يىغلاپ كۆزلىرى كۆرمەس بولۇپ قالدى. پەلەك ئۇزۇن زاماندىن بىرى ئاپراسىياپقا دۈشمەن بولۇپ كەلگەن بولسىمۇ كۈچى يەتمەي، پۇرسەت كۈتۈپ تۇرغاندى. تۇزاق قۇرۇپ ، بەگلەر بېگىنى ئالداپ، تۇزاققا چۈشۈردى. پەلەكنىڭ بۇنداق ئالدامچىلىقى ۋە سۇيىقەستىدىن قانداق قېچىپ قۇتۇلغىلى بولسۇن؟ ئاپراسىياپنىڭ ئۆلۈمى يۈرىكىمىزنى ئىچىدىن كۆيدۈردى. ساقايغان جاراھەتنى تاتىلاپ قاناتتى. كۆڭلۈم ئۆتكەن ياخشى چاغلارنى ھەسرەت بىلەن ئەسلەيدۇ. كېچىلەر ۋە كۈندۈزلەر ئۆتكەنسىرى، كۈنلەرنى ھەسرەت بىلەن ئەسلەيمەن. زامان پۈتۈنلەي ئاجىز بىرھالغا كېلىپ قالدى. تۆۋەندىكى بىلىمسىز سىنىپلار ۋە يامانلار قوزغالدى. پەزىلەت ياكى ئىلىم ـ ئەخلاق قالمىدى. بۇنىڭ سەۋەبى، دۇنيا ھۆكۈمدارى ئاپراسىياپنىڭ ۋاپات قىلغانلىقىدۇر. ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن، ئالىملار ۋە ھۆكۈمالارنىڭ هالى يامان بولدى. دۇنيا ئۇلارنى ئەزدى. پەزىلەتنىڭ نامى سېسىدى، سېسىق ئەتكە ئوخشاش خارلاندى ۋە نەپرەتكە ئۇچرىدى. خۇددى يەرگە چۈشۈپ سۆرۈلۈپ قالغىنىدەك. پەلەك كۈنلىرىنى ھەرىكەتلەندۈرىدۇ ۋە ياخشى ئىنسانلارنىڭ كۈچى ئازقالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن دۇنيادا ئەرلەر(باتۇرلار) ۋە ياراملىق كىشىلەر قالمايدۇ. پەلەك، قارشى تۇرغانلارغا تېخىمۇ بېسىم ئىشلىتىپ، ئۇلارنى يوقاتماي قالمايدۇ. پەلەك ئوقنى نىشانغا بەتلەپ ئاتسا، ئۇنى كىم توسالايدۇ؟ ئەگەر ئوق بىلەن تاغنى ئېتىپ يوق ئېتىشنى كۆزلىگەن بولسا تاغ چوققىسىنى پارچىلاپ، جىلغىنى تىندۇرۇۋېتىدۇ. پەلەكنىڭ ئادىتى شۇنداق. بۇنىڭدىن باشقا يەنە، چوقۇم ھەرخىل باھانە ۋە بۆھتانلىرى بار. ئەگەر، قەستلەپ ئاتسا، تاغ چوققىسىمۇ توزۇپ كېتىدۇ. ئۇ دۈشمەننىڭ ئوتىنى ئۆچجۇرگەن ۋە لەشكەرگاھلىرىدىن قوغلاپ چىقارغانىدى. بېشىدىن نۇرغۇن ئىشلار ئۆتتى. شۇنداق بولسىمۇ ئەجەل ئوقى تېگىپ ئۆلدى.

## ئىككىنچى بۆلۈم
## ئىسكەندەر دەۋرىدىن هۇن دەۋرىگىچە
## شەرقىي تۈركىستان

بۈيۈك جاهانگىر ئىسكەندەرنىڭ مىلادىدىن بۇرۇن 327 ـ يىلى شەرقىي تۈركىستاندا يېڭىلىپ، چېكىنىپ قايتىپ كەتكەنلىكى يۇقىرىدا بايان قىلىندى. شۇنىڭدىن باشلاپ شەرقىي تۈركىستانىنىڭ هۇن دۆلىتىگە قوشۇلغان زامانغا قەدەربولغان ئارىلىق، يەنى، 120 يىللىق بىرمەزگىل، تارىخ سەهنىسىدە ئەڭ قاراڭغۇلۇقتا قالغان دەۋرى بولۇپ هېساپلىنىدۇ. چۈنكى، بۇ دەۋرىگە ئائىت هېچقانداق بىر يازما ئەسەر ۋە ياكى ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىيال تېپىلمىدى. پەقەت، مىلادى 150 ـ يىلى يېزىلغان ۋە دۇنيا ئىلىم ساهاسىدا دەسلەپكى يېزىلغان ئىلمىي قىممەتكە ئىگە جۇغراپىيەكىتابى دەپ تونۇلغان «بىتلامىيۇس ـ پتولېمايۇس» (*Ptolemis*) جۇغراپىيىسىدا، تۆۋەندىكى مەلۇماتلارنى كۆرىمىز:

غەربدە (ۋلغا) ۋولگا دەرياسى، شەرقتە بۈيۈك دېڭىز بىلەن چېگرالانغان مەملىكەت ئومۇمەن «ئىسكىتا» دەپ ئاتىلىدۇ. ئىسكىتانى، ئىماۋۇس تاغلىرى ئوتتۇرىدىن، غەرب ۋە شەرق ئىككى قىسمىغا ئايرىپ تۇرىدۇ. جەنۇبىدا بولسا، ئىمۇئۇيىل تاغلىرى شەرقتىن غەربكە قاراپ سوزۇلغان. بۇكەڭ مەملىكەتنى ئىماۋۇس تاغلىرى غەرب تەرەپتە تۆۋەندىكى مەملىكەتلەرگە بۆلىدۇ:

1 ـ ۋولگا دەرياسىدىن باشلاپ تەخمىنەن ئالتايغىچەــ ئاسىيا سارماتىياسى
2 ـ جەنۇبداخەزەر(كاسپىي) دېڭىزى، هىندۇقۇش تاغلىرى ۋە ئامۇ دەرياسى ئوتتۇرىسىدا۔ باكترىيانا
3 ـ ئوكسۇس(ئامۇ) ۋە ياكسارت (سىر) دەرياسى ئوتتۇرىسىداــ سۇغدىيانا
4 ـ سۇغدىيانانىڭ شەرقىدىن ئىماۋۇسقىچە سوزۇلغان جاي ساقارۇم (ساقا) يۇرتى [16]
5 ـ ئىماۋسنىڭ شەرقىدىكى مەملىكەت ـ ئىسكىتيا سىرىكا دۇر.

پتولېمايۇسنىڭ بۇ مەلۇماتلىرى كۆرۈنۈشتە، تەبىئىي جۇغراپىيە ۋەزىيىتىنى كۆرسەتسىمۇ، دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغان يېرى شۇكى، ئۇنىڭدا «ئىسكىتيا» يەنى، ئىسكىتلار مەملىكىتىنىڭ چېگراسى دەپ كۆرسىتىلگەن چېگرا، هۇن دۆلىتىنىڭ چېگراسىنىڭ دەل ئۆزى. چۈنكى، پۈتۈن تارىخچىلارنىڭ بىرلىككە كەلگەن پىكرىچە، «مىلادىدىن بۇرۇنقى 2 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا هۇن دۆلىتىنىڭ

[16] بىتلامىيۇستا كۆرسىتىلگەن بۇ جايلارنى هازىرقى زامانىۋى جۇغراپىيىگە سېلىشتۇرۇپ كۆرگىنىمىزدە: «ئىماۋۇس تاغلىرى» ئالتاي تاغلىرىغا توغرا كېلىدۇ. بۈگۈنكى قاراڭغۇ تاغ، قاراقۇرۇم، پامىر ۋە هىندۇقۇش تاغلىرىدىن ئىبارەت ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئومۇرتقا سۆڭىكىنى پتولېمايۇس «ئىمۇئۇيىل» دېگەن بىرئىسىم بىلەن ئاتايدۇ. بۈگۈنكى شەرقىي تۈركىستاننى بولسا، «ساقارۇم» يەنى، «ساقا مەملىكىتى» دېگەن ئىسىم بىلەن ئاتىغان (مۇئەللىپنىڭ ئىزاهاتى).

تېرىتورىيىسى غەربتە، ۋولگا دەرياسى، خەزەر دېڭىزى. جەنۇبىدا ھىندۇ قۇش، پامىر، قاراقۇرۇم، قاراكۇغۇ تاغ (كۇئىنلۇن)، ئالتۇن تاغلار ۋە سېرىق دەريا. شەرقتە كورىيە ۋە ياپۇن دېڭىزى، شىمالدا سىبىرىيە يايلاقلىرىدىن ئىبارەت ئىدى.

يۇقىرىقىلارغا ئاساسەن بىز شۇنى ئېيتالايمىزكى، بۈيۈك ھۇن خاقانى باغاتۇر (باتۇر- چىنچە تەلەپپۇزقىلىنىشى مۇتا، مۇدۇ ياكى بۇدۇ) ئۆز تېرىتورىيىسىنى تۆت ئەتراپقا كېڭەيتكەندە، غەربىدىكى ئىسكىت دۆلىتىنى ئاغدۇرۇپ، ۋولگا غىچە بولغان پۈتۈن ئىسكىت مەملىكىتىنى ھۇن دۆلىتىگە قوشقان. غەرب ئالىملىرى بۇ ھادىسىنى بىر ئىسكىت دۆلىتىنىڭ مۇنقەرىز بولۇشى ئەمەس، بەلكى، يېڭى بىر ئىسكىت ئائىلىسىنىڭ تېخىمۇ كۈچلىنىپ، يېڭىدىن ئوتتۇرىغا چىقىشى دەپ ھېساپلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن «ئىسكىت» دېگەن بۇ ئاتالغۇنىڭ غايەت كەڭ بىر زېمىنگە يەرلەشكەن ــ سامارات، باكتىر، سوغد، ساقا ۋە سىرىك قاتارلىق قوۋملارنىڭ ئورتاق ئېتنوگرافىيىلىك ئىسمى بولغانلىقىنى، ھەمدە پتولېمايۇس جۇغراپىيەسىدە سىرىكلەر يۇرتى دەپ كۆرسەتكەن «ئىسكىتياسىرىكا» ئاھالىسىدىن بولغان ھۇنلارنىڭ ئىسكىتلار تويلىمىنىڭ بىر پارچىسى ئىكەنلىكى بىلىنمەكتە.

چىن مەنبەلىرىدا، شەرقىي تۈركىستانغا ئائىت مەلۇماتلار مىلاددىن ئىلگىرىكى138- 115 - يىللىرى ئارىسىدا شەرقىي تۈركىستانغا ساياھەت قىلغان جاڭ چيەننىڭ بەرگەن مەلۇماتلىرى بىلەن باشلايدۇ. ئۇندىن بۇرۇنقى پۈتۈن چىن مەنبەلىك مەلۇماتلارنىڭ ھەممىسى، تەخمىنىي ۋە ئەسلىسىز خۇراپى سۆزلەردىن ئىبارەت بولۇپ ئېتىبارقىلىشقا ئەرزىمەيدۇ. دېمەك، چىن مەنبەلىرىدىكى مەلۇماتلار ھۇن خاقانلىقىنىڭ تۈركىستاندىكى ھاكىمىيىتىنىڭ 91 - يىلىدىن باشلايدۇ. يەنە، بۇمەلۇماتلارغا قارىغاندا ھۇنلار دەۋرىدە، ھۇن دۆلىتىگە تەۋە 30 دىن ئۇششۇق يەرلىك بەگلىك - خانلىقلار بارئىدى.(بۇلارنى «ھۇن دۆلىتى » دېگەن بابدا تەپسىلى بايان قىلىمىز). بۇلاردىن شۇنى كۆرىمىزكى، تۈركىستاندا مىلاددىن بۇرۇن بىر قانچە ئەسىردىن باشلاپ بىرفېئوداللىق (يەرلىك خان) سىستېمى ھۆكۈم سۈرمەكتە ئىدى. بۇخىل ئىدارىي سىستېمى بىلەن بۆلۈنگەن تارقاق ھالدىكى دۆلەتلەر داۋاملىق بىر - بىرلىرى بىلەن بوغۇشۇپ بىرلىك ۋە كۈچ - قۇدرەتتىن مەھرۇم قالماقتا ئىدى. قىسقىسى، 120 يىللىق بىر دەۋرنىڭ ئومۇمىي مەنزىرىسى مانا، بۇلاردىن ئىبارەت ئىدى.

تۈرك ئىرقىغا مەنسۇپ ئەڭ قەدىمكى دۆلەتلەر، ئۆز تەۋەلىكىدىكى يەرلىك خان ۋە بەگلەرنى ئۆز چېگرالىرى ئىچىدە (ئىچكى جەھەتتە) مۇستەقىل دەپ ئېتىراپ قىلاتتى. ئۇلارنىڭ مەركەزدىكى خاقانغا ھەر يىلى بەلگىلەنگەن مىقداردا باج - سېلىق تۆلەش، كېرەك بولغاندا ئەسكەر چىقىرىپ، خاقان بىلەن بىرسەپتە ئۇرۇشقا كىرىش ۋە خاقان ئوردىسىدا بىردىن ۋەكىل تۇرغۇزۇش مەجبۇرىيىتى بارئىدى. ئىچكىي ئىشلىرىدا تامامەن مۇستەقىل ئىدى. ھەتتا قوشنا خانلىقلار بىلەن ئۇرۇش قىلىش ياكى سۈلھى قىلىشتا ئەركىن ئىدى. ئىتائەت قىلىشىدا گۇمانلانلىق بولغان ياكى ئىسيانى باستۇرۇلغان يەرلىك

خانلارنىڭ باللىرى ۋە ياكى ئىنلىرى خاقان ئوردىسىدا گۆرۈدە تۇتۇلاتتى.

دېمەك، بۈيۈك تۈرك خاقانلىقى يۇقىرىدا بايان قىلىنغىنىدەك، يەرلىك خان ۋە بەگلەرنى بىر ئومۇمىي يۈكسەك ئىدارە ئاستىدا بىرلەشتۈرگەن، كونفېدراتسىيون (بىرلەشمە) دۆلىتىدىن ئىبارەت ئىدى. بۇ دۆلەتنىڭ بېشىدىكى خاقان سىياسىي ۋە ھەربىي جەھەتتە قابىلىيەتلىك، داۋاملىق دۆلەت ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولىدىغان، شەخسىي مەنپەئەت ۋە راھەتكە بېرىلمەيدىغان ئالىجاناب كىشىلەر دىن بولۇپ، دۆلەتنىڭ بەل ئومۇرتقىسى ئورنىدا ئىدى.

ھەرقانداق بىردۆلەت يېڭى قۇرۇلغىنىدا، مۇنداق پەزىلەتلىك، كۈچلۈك ۋە قابىلىيەتلىك رەھبەرلەر يېتىشىدۇ. بۇلارنىڭ كۈچى بىلەن دۆلەت قۇدرەت ۋە روناق تاپىدۇ. لېكىن، ئىبنى خالدۇننىڭ ئېيتقىنىدەك، زامان ئۆتكەنسىرى دۆلەت قېرىغىلى باشلايدۇ. دۆلەت تەختىگە لاياقەتسىز، ئىش بىلمەيدىغان راھەتپەرەست ۋە بېپەرۋا شاھزادىلار چىقىدۇ. يەنە بىرتەرەپتىن ئۆزئارا تەخت تالىشىپ. ئىچكى ئۇرۇشلار داۋاملىق بولۇپ تۇرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ھەرخىل قوراللىق گۇرۇھلار مەيدانغا چىقىپ خانلىقنىڭ مەركىزى كۈچى ئاجىزلىشىدۇ.

بۇخىل ئەھۋاللار تۈرك خانلىقلاردا ناھايىتى كۆپ يۈزبەرگەن. خاقانلاردىن كېيىن تەختكە لاياقەتسىز ۋە راھەتپەرەست شاھزادىلارچىقىدۇ. بۇ لارنىڭ ئەتراپىدىكى يامان نىيەتلىك كىشىلەر قۇتراتقۇلۇق قىلىپ، داۋاملىق تەخت تالىشىش ئۇرۇشى چىقىرىپ دۆلەتنىڭ كۈچىنى ئاجىزلاشتۇرىدۇ. بۇ پۇرسەتتىن پايدىلانغان يەرلىك خان ۋە بەگلەر ئىتائەتتىن چىقىپ، مۇستەقىل بولۇۋالىدۇ. بارا ـ بارا خاقانلىق كىچىك بىرخانلىق دەرىجىسىگە چۈشۈپ قېلىپ، شۇنىڭ بىلەن تۈركىستاندا بىرقانچە مۇستەقىل دۆلەت بارلىققا كەلگەن. بۇ دۆلەتلەر ئارىسىدا يۈز بەرگەن ئۆزلۈكسىز سوقۇش جەريانىدا كۈچلۈكلەرنىڭ غالىبىيىتى بىلەن شەرقىي تۈركىستاندا بىر زامانلار 8 ـ 10 دۆلەتنىڭ مەيدانغا كەلگەنلىكىنى كۆرىمىز. يەنە بەزى چاغلاردا بۇ دۆلەتلەرنىڭ پارچىلىنىپ، 30 دىن كۆپ ئۇششاق دۆلەتلەرگە ئايرىلغانلىقىنى كۆرىمىز. تارىخچى دوگېنى، مىلاددىن ئىلگىرىكى ئەسىرلەردە شەرقىي تۈركىستاندا تۆۋەندىكى خانلىقلارنىڭ بارلىقىنى يازىدۇ.

(1) قۇمۇل خانلىقى ــ بۈگۈنكى قۇمۇل ۋىلايىتى. تەۋەسىدە جەمئىي يەتتە شەھەر بارئىدى.

(2) لاۋلان (روران) خانلىقى ــ بۈگۈنكى لوپ كۆلىنىڭ شىمالىدا بولۇپ يەتتە شەھىرى بارئىدى.

(3) ئۇدۇن خانلىقى ـ بۈگۈنكى خوتەن. تەۋەلىكىدە ئون شەھەر، شەرقتە ۋە تاغدا بەش بەگلىكى بار ئىدى.

(4) ياركەند خانلىقى ــ بۈگۈنكى يەركەن تەۋەسىدە، تاشقورغان بەگلىكى ۋە تاغدا باشقائىككى بەگلىك بارئىدى.

(5) كاشغەر خانلىقى ــ بۈگۈنكى قەشقەر ۋىلايىتى ۋە ئەتراپىدىكى جايلار. تەۋەلىكىدە ئون چوڭ ۋە

ئۇن كىچىك شەھەر بارئىدى. پتولېمايۇس جۇغراپىيىسىدە، بۇ شەھەرنى «كاسىيا» دەپ پايتەختى ئوردۇكەند (ئوردا كەنت) دەپ يازغان.
(6) كۇچار(كۇچا) خانلىقى ـ ئالتى شەھەرنىڭ ئەڭ مۇھىم خانلىقلىرىدىن بولۇپ، تەۋەلىكىدە، قۇما (بۇگۈنكى باي ۋە ئەتراپى) ۋە ئۈرۈكسۇ(چىنلىقلار بۇنى بوزۇپ، ۋىنسۇ دەپ، تەلەپپۇز قىلىدۇ) بۇگۈنكى ئاقسۇ ۋە ئەتراپىدىكى جايلار.
(7) يەنجۇ خانلىقى ـ تۈركىستاندا ئەڭ كۆپ ئىسمى ئۆزگەرگەن يەردىكى خانلىق. قەدىمكى ئىسمى يەنچۇ بولۇپ، كېيىنچە كىنگىت، سالاق، چالىش ۋە ئەڭ ئاخىردا قارا شەھەر بولغان. پايتەختى يۇلدۇز كۆلى(باغراش كۆلى) نىڭ ئەتراپىدىكى كىنگىت شەھىرى ئىدى. تەۋەلىكىدىكىبەگلىكلەر سىڭگىر خانلىقى(قۇرۇق تاغدا)، ئۇيىسۇ بەگلىكى (بۇگۈنكى ئۇششاقتال ۋە ئەتراپى)، بۇگۇر، ئۇلا(كورلا)، چۇلۇي (كورلىنىڭ غەربىي ـ جەنۇبىدا) ۋە چەرچەن.
(8) قۇچۇخانلىقى ـ ئۈچ ناھىيىسى ۋە بۇگۈنكى تۇرپاندا قۇرۇلغان. تەۋەلىكىدىكى شەھەرلەر، قۇچۇ (بۇگۈنكى تۇرپاننىڭ جەنۇبىدىكى خارابىلىق، لاچىن (چىنلىقلار بۇنى لياۋچىڭ دەپ ئاتايدۇ. بۇ بىزەكلىك بولسا كېرەك) ۋە بۇگۈنكى قارا قۇچۇ قاتارلىقلار. تەۋەلىكىدىكى بەگلىكلەر، قۇتۇ(بۇگۈنكى توقسۇن بولسا كېرەك. بەزى چىن تارىخچىلىرى ھازىرقى لۈكچۈننى قۇتۇ دەپ يازىدۇ) ۋە قولۇي (چىنلار بۇنى «شىدۇۋي خانلىقى» دەپ، ئاتايدۇ.
(9) بەشبالىق خانلىقى ـ بۇگۈنكى ئۈرۈمچى ۋە ئەتراپى. چوڭ بىرخانلىق بولۇپ، جەنۇبىدا قوچۇ خانلىقى، شىمالدا ھۇن دۆلىتى، غەربىدە ئۇسۇن (ئۇيسۇن) خانلىقى بىلەن تۇتىشىدۇ. تەۋەلىكىدە، چەمى(بۇگۈنكى قۇتۇبى)، چوگبالىق(بۇگۈنكى گۇچېڭ ۋە ئەتراپى)، ئىپىرگول (ماناس ۋە ئەتراپى)، چۇ (ئۈرۈمچى ۋە پۇكاڭ ئوتتۇرىسىدىكى جايلار) ۋە بەيلو(پۇكاڭ، يىلىش، جىمسار ۋە ئەتراپى)
(10) ئۇسۇن خانلىقى ـ شەرقتە ئىرتىش دەرياسى، غەربىدە تاشكەنت خانلىقى، جەنۇبىدا تەڭرىتاغلىرى، شىمالدا سىبىرىيەگىچە سوزۇلغان كەڭ بىر يەرگە جايلاشقان چوڭ بىرخانلىق. چىن مەنبەلىرىدە «ئۇسۇن» ۋە ياكى «ئۇيسۇن» دەپ يازىدۇ. يۇنان مەنبەلىرىدە «ماساجىت ۋە ياكى ماساگىت» دېگەنلەر، مۇشۇلار بولسا كېرەك. بىتلامىيۇس بۇلارنى «ئابى ۋە ئايپۇكازى ئىسكىتلىرى» دەپ ئاتايدۇ. پايتەختى چەقۇ شەھىرى بولۇپ، ئىلى دەرياسى بويىدا ئىدى.
(11) ھۇن خانلىقى ـ شەرقتە مانجۇرىيە، غەربىدە ئىرتىش دەرياسى، قۇمۇل ۋە بەشبالىق خانلىقلىرىغا چېگرىداش ئىدى.

دېمەك، بۇگۈنكى شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئالتاي ۋىلايىتى ۋە قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ ئازراق بىر قىسمىلا ھۇن خاقانلىقىغا تەۋە ئىدى.

# ئۈچىنچى بۆلۈم
# شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھۇن ئىتتىپاقىغا قوشۇلىشىدىن تارتىپ ئىسلامغىچە بولغان دەۋرى

شەرقىي تۈركىستان فېئودالىلىق دەۋرىدەتۇرۇۋاتقان مەزگىلدە، موغۇلىستاندا قەدىمدىن تارتىپ ھۆكۈم سۈرۈپ كېلىۋاتقان ھۇنلار كۈچلىنىپ، مىلادىدىن بۇرۇنقى 300 ـ يىللاردىن تارتىپ ئەتراپىدىكى تۈرك خانلىقلارنى ئۆز بايرىقى ئاستىغا يىغىپ، تەسىرداىرىسىنى كېڭەيتىشكە باشلىغان.[18]

مىلادىدىن بۇرۇنقى 206 ـ 180 ـ يىللىرى، پۈتۈن شەرقىي تۈركىستان خانلىرى ۋە ئاسىيادىكى باشقا تۈرك قوۋملىرىنىڭ كۆپ قىسمى ھۇن ھاكىمىيىتى ئاستىغا كىرىپ، غايەت چوڭ بىرتورك كونفېدراتسىيون (بىرلەشمە) دۆلىتى مەيدانغا كەلگەندى. ئەڭ قەدىمكى تارىخىمىزدا ۋە يېقىنقى زامان تارىخىمىزدىكى تۈرك تارىخىدا ناھايىتى زور ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان ۋە دۈشمەنلىرى تەرىپىدىن ھەرخىل يالغان بۆھتانغا ئۇچراپ كەلگەن بۇ، ئېسىل تۈرك ئىمپېراتورلۇقىنىڭ تارىخىي ۋەقەلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، بۇ دۆلەتنىڭ مەزكۇر بۆھتانلاردىن پاك ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويۇشنى لازىم كۆرىمەن.

## 1 ـ پەسىل
## بۈيۈك ھۇن ئىمپېراتورلۇقى

چىننىڭ شىمالىدىن موغۇلىستان (موڭغۇلىيە) نىڭ شىمالىدىكى ئورخۇن دەرياسى بويلىرى ۋە تاننۇئولا(چوغاي) تاغلىرى ئېتەكلىرىدە ياشىغان تۈركلەرنى چىن مەنبەلىرىدە «ھيۇڭنۇ» (شوڭنۇ) ياۋروپا مەنبەلىرىدە« ھۇن» دەپ ئاتايدۇ. لېكىن، بۇ تۈركلەر ئۆزلىرىنى قايسى نام بىلەن ئاتىغانلىقلىرى تارىختا مەلۇم ئەمەس. بىز ئۇلارنى «ھۇن» دېگەن نام بىلەن زىكىر قىلىمىز.

ھۇن دۆلىتىنىڭ تارىخى مىلادىدىن بۇرۇنقى 1500 يىل بۇرۇنقى چاغدىن باشلايدۇ. بۇ مەجھۇل دەۋرنىڭ ئەھۋالى بىزگە قاراڭغۇ. چىننىڭ تارىخىي مەنبەلىرىدە ھۇنلارغا ئائىت تارىخىي مەلۇمات (گەرچە بۇلارنىڭ تولىسى ئىشەنچسىز، بۇرمىلانغان بولىسىمۇ) مىلادىدىن ئىلگىرىكى 300 ـ يىلدىن باشلايدۇ. بۇ تارىختىن باشلاپ، چىن ھۆكۈمدارلىرى، ھۇنلار بىلەن چىنلىقلار ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش

[18] موڭغۇل ـ چاغاتايچە، پارسچە ۋە ئەرەبچىدە«موغۇل»، موڭغۇلىيە ـ «موغۇلىستان» دېيىلىدۇ. ئە. يتۇر 750k ـ بەت.(ن. ش. ھ.).

باشلىغان. چىن ھۆكۈمدارلىرى ھۇنلارنىڭ ھۇجۇمىنى توسوش ئۈچۈن، ھەريەردە ئىستىھكام ۋە قەلئە(سېپىل) لەرنى سالغىلى باشلىغان. ئاخىرى، مىلادىدىن بۇرۇنقى 249 - يىلى پۈتۈن چىننى ھاكىمىيتى ئاستىغا كىرگۈزۈپ بولغان ئىمپېراتور شى خۇاڭدى بۇ سېپىللەرنى بىر - بىرىگە ئۇلاپ پىچلى دېڭىزىدىن گەنسۇ غىچە 3000 كىلومېتىر يەنى، تەخمىنەن 600 پوتەي ئۇزۇنلۇغىدا بىر ئىستېھكام ياساپ چىقتى. مانا بۇ تارىختىكى داڭلىق «سەددى چىن» سېپىلى بولۇپ بۈگۈن دۇنيادىكى ئاجايىپ ئاسارە ئەتىقەلەردىن بىرىدۇر. (بۇسېپىل ھەققىدە «قەدىمكى زاماندا تۈركلەر ۋە چىنلىقلار ئوتتۇرىسىدىكى سىياسەتلەر توغرىسىدا» دېگەن بابدا تەپسىلى بايان قىلىمىز)

خۇاڭدى بۇ سېپىلدىن ياخشى پايدىلاندى. ھۇنلار ھۇجۇم قىلىپ كەلگەندە چىنلىقلار بۇ سېپىل ئۈستىدە تۇرۇپ مۇداپىئە قىلىپ، ھۇنلارنىڭ ھۇجۇملىرىنى چېكىندۇرگەن. خۇاڭدى ئۆلگىچە ھۇنلار سەددىچىندىن ئۆتەلمىدى. چۈنكى، خۇاڭدى زامانىسىدا چىننىڭ بىر مىليون ئەسكىرى بۇسېپىلدە داۋاملىق تۇرغۇزۇلغان. خۇاڭدى، مىلادىدىن بۇرۇنقى 211 - يىلى ئۆلدى.

## ھۇن دۆلىتىنىڭ كېڭەيگەنلىكى

ھۇن ھۆكۈمدارى، «تەڭرىقۇت» يەنى، «تەڭرىنىڭ بەرىكىتى» دەپ ئاتىلاتتى. دەسلەپكى تەڭرىقۇتلارنىڭ ئىسمى مەلۇم ئەمەس. پەقەت، شى خۇاڭدى (يىن جىن) بىلەن زامانداش بولغان تەڭرىقۇتنىڭ ئىسمى «تۈمان خان» (تۈمەنخان) ئىدى. تۈمان خان چىنلىقلار بىلەن ئۇرۇشۇشنى قويۇپ ئىچكى جەھەتتە كۈچىنى ئاشۇرۇشقا كىرىشتى. ئورخۇن ۋە سېلىنگا دەريا بويلىرىدىكى ئۇيغۇر خانلىقلىرى ۋە باشقا چوڭ - كىچىك بىر قانچە خانلىقلارنى ئۆزىگە تەۋە قىلىپ، خېلى كۈچلۈك بىرئەسكىرىي قۇۋۋەتكە ئىگە بولدى. چىن ئىمپېراتورى خۇاڭدى ئۆلگەندىن كېيىن، ئەۋلادلىرى ئارىسىدا تەخت تالىشىش كۈرىشى باشلاندى ۋە چىننىڭ ھەر تەرىپىدە ئىسيانلار باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن سەددىچىن سېپىلىدىكى ئەسكىرىي كۈچ ئازالدى. تەڭرىقۇت تۈمانخان بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، مىلادىدىن بۇرۇنقى209 - يىلى چىنگە ھۇجۇم قىلدى. سەددىچىندىن ئۆتۈپ، شەنشى ۋە سەنشى قاتارلىق ۋىلايەتلىرىنى ئىشغال قىلدى. تۈمانخاننىڭ ئۆلۈمى بىلەن ھۇنلارنىڭ بۇ يۈرۈشلىرى توختاپ قالدى.

تۈمانخان ئۆلگەندىن كېيىن، ئوغلى مىتەخان ( مىلادىدىن ئىلگىرىكى 274 - 209 يىللىرى) تەڭرىقۇت بولدى . تۈركلەر بۇ زاتنى «ئوغۇزخان» دېگەن مەشھۇر ئۇنۋانى بىلەن ئاتايدۇ[19]. ئوغۇزخان چىن بىلەن ئۇرۇشنى توختىتىپ، پۈتۈن تۈرك خان ۋە بەگلەرنى بىرلەشتۈرۈپ، قۇدرەتلىك بىر تۈرك بىرلەشمە دۆلىتى قۇرۇش يولىغا ماڭدى. ئالدى بىلەن غەربىدىكى تۈرك خانلىقلىرىنى ئۆزىگە تەۋە قىلدى. موغۇلىستان ۋە ئەتراپىتىكى تۈرك خانلىرىنىڭ بەزىلىرى ئۆزئىختىيارى بىلەن، بەزىلىرى قورقۇپ،

[19] مىتە - چىن مەنبەلىرىدە «مۇدۇ» ۋە ئوغۇزخان «مۇدۇچەنيۇ» دەپ، ئېلىنىدۇ. ئە. بايتۇر، 153 - بەت (ن. ش. ھ.).

ئوغۇزخانغا بويسۇندى. مانجۇرىيەدىكى قەدىرخان (ھىنگان) تاغلىرى ئېتەكلىرىدە ئولتۇرۇشلۇق تۈرك خانلىقلىرى يەنى، سىيانپى، ۋۇخۋان، تۇپا ۋە جۇجان (گۇجان) لار بولسا، بوي ئەگمەي مۇستەقىل قالدى. (بۇلارنى موغۇل تارىخچىلىرى تاتار دەپ يازىدۇ). ئۇندىن باشقا ئىلىدىكى ۋۇسۇن (ئۇيسۇن) خانلىقى،گەنسۇ ۋە ياۋچى تۈركلىرىنىڭ خانلىرىمۇ ئوغۇزخانغا ئىتائەت قىلمىدى .

ئوغۇزخان مىلادىدىن بۇرۇنقى 209 ـ يىلى ئۇيسۇن خانلىقىغا يۈرۈش قىلدى. ئۇرۇشتا ئۇيسۇن خانى ئېغىر ھالدا مەغلۇپ بولۇپ، ئۆلتۈرۈلدى. ئورنىغا قەبىلىسىدىن بىركىشىنى خان قىلىپ تەيىن قىلدى. بۇھادىسىدىن قورقۇپ كەتكەن باشقا تۈرك خانلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن تەسلىم بولدى. شۇنىڭ بىلەن قەشقەر، خوتەن (ئۇدۇن)، يەركەن، ئۈچ، كوچا ، لولان (روران) ۋە قۇچۇ قاتارلىق 36 خانلىق ئوغۇزخانغا تەۋە بولۇپ، ئىچكى جەھەتتە ئۆز مۇستەقىللىقلىرىنى ساقلاپ قالدى. كېيىنچە غەربىدىكى پۈتۈن تۈرك خانلىرىمۇ بىر ـ بىرلەپ ئوغۇزخانغا تەۋە بولدى. شۇنىڭ بىلەن خەزەر دېڭىزى ۋە ئېتىل دەريا بويلىرىغىچە بولغان جايلار ئۇنىڭ قول ئاستىغا كىردى. مىلادىدىن بۇرۇنقى 200 ـ يىلىغا كەلگەندە بۈيۈك ھۇن دۆلىتىنىڭ تېررىتورىيىسى، غەربىدە ھازەر دېڭىزى ۋە ئېتىل دەرياسى، شەرقتە ھىنگان تاغلىرىغىچە كېڭىيىپ كىچىك خانلاردىن باشقا 26 چوڭ كىچىك خانلىق ۋە بەگلىكلەر ئوغۇزخانغا تەۋە بولدى (3 ـ خەرىتىگە قاراڭ).

## چىن ئۇرۇشى

ھۇن تەڭرىقۇتلىرى ئۆزلىرىنى چىن ئىمپېراتورلىرىدىن، مەرتىۋە جەھەتتە ئۈستۈن تۇتاتتى. تەڭرىقۇتنىڭ ئىمپېراتورغا يازغان خەتلىرىدە بۇنى ئوچۇق كۆرگىلى بولىدۇ. بۇخەتلەر مۇنداق باشلىناتتى: **«كۆك ۋە يەر تۇغۇپ، قۇياش بىلەن ئاي تەختكە ئولتۇرغۇزغان، تۈركلەرنىڭ ئۇلۇغ تەڭرىقۇتى، تابغاچ خاندىن شۇنى ئارزۇقىلىدۇكى ....»**[20]

تۈرك خەلقلىرىمۇ ئۆزىنى چىنلىقلاردىن ئۈستۈن كۆرەتتى. ئۇلارنى« تابغاچ» دەپ ئاتايتتى(«تەۋەمىزدىكى» دېگەن مەنىدە). چىڭسىخواڭ ئۆلگەندىن كېيىن، چىننىڭ ھەر تەرىپىدە ئىسيان چىقتى. ئاخىردا ئىسيانچىلاردىن ئەسلى ئىسمى «لىۇباڭ» ئۇنۋانى «گاۋجۇ» [21] دېگەن بىرسى ئىمپېراتور بولدى. بۇمەشھۇر «هان» سۇلالىسىنىڭ قۇرغۇچىسىدۇر. («هان» ياۋروپا تارىخچىلىرىنىڭ تەلەپپۇزى. توغرىسى«خەن» بولۇشى كېرەك. خەن سۇلالىسى چىنلىقلارنىڭ ئەڭ پارلاق سەلتەنەتلىك دەۋرى ئىدى. شۇڭا ھازىرمۇ چىنلىقلار ئۆزلىرىنى «خەنزۇ رېن» يەنى، خەن نەسلىگە مەنسۇپ كىشى دەپ ئاتايدۇ.)

لىۇباڭ، ھۇنلاردىن شەنشى ۋە سەنشى قاتارلىق جايلارنى قايتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن مىلادىدىن بۇرۇنقى 199 ـ يىلى شەنشىگە ھۇجۇم قىلىپ، بىر ئىككى شەھەرنى قايتۇرۇپ ئالدى. بۇنى ئاڭلىغان تەڭرىقۇت

[20] ئوغۇزخاننىڭ ئىمپېراتور خەن ۋېندىگە مىلادىدىن يىل176 بۇرۇن يازغان خېتى. ت. ئالماس، 116 ـ بەت(ن. ش. ھ.)

[21] چىن مەنبەلىرىدە، خەن گاۋزۇ دەپ ئېلىنغان «تارىخي خاتىرىلەر»95 ـ بەت (ن . ش. ھ.).

ئوغۇزخان 30,000 كىشىلىك بىر قوشۇننى باشلاپ، شەنشىگە كەلدى. بىر مەيدان ئۇرۇشتىن كېيىن، خۋاڭدى لىيۇباڭ ئېغىر ھالدا مەغلۇپ بولدى ۋە ساق قالغان ئازغىنە ئەسكەرلىرى بىلەن چاڭئەن (بۈگۈنكى شىئەنفۇ) شەھىرىگە يېقىن بىر تاغدىكى سېپىل ئىچىدە مۇھاسىرىگە ئېلىندى. لىيۇباڭ ئەسكەرلىرىنىڭ پۈتۈنلەي قىرىلىپ، ئۆزىنىڭ ئەسىرگە چۈشۈپ قېلىشىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، تەگرىقۇت بىلەن سۇلھى قىلىپ، ھەريىلى بەلگىلىك مىقداردا بىلج تاپشۇرۇش كېلىشىمى تۈزۈشكە مەجبۇر بولدى. شۇنىڭ بىلەن چىن ئىمپېراتورلۇقى ھۇن تەگرىقۇتلۇقىغا تەۋە بولدى. كېيىنچە، ئوغۇزخان چىن ئىمپېراتورىنىڭ قىزىنى نىكاھىغا ئالدى. ئوغۇزخان ۋاپات بولغاندىن كېيىنمۇ تەگرىقۇتلارنىڭ چىن ئىمپېراتورلىرىنىڭ قىزلىرىنى ئېلىش رەسمى داۋام قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرئەسىرگە يېقىن بىرزامان ئىچىدە ئۆز ئارا دوستلۇق مۇناسىۋەت داۋام قىلدى .

## ياۋچى ئۇرۇشى

ئوغۇزخاننىڭ كۈچ ـ قۇدرىتى شۇنچە ئاشقان بولسىمۇ ياۋچىلارخانى ئۇنىڭغا بويۇن ئەگمىدى. ئاخىرى ئوغۇزخان ئوغلى باغادىرخاننى نۇرغۇن ئەسكىرىي كۈچ بىلەن ياۋچىلار ئۈستىگە يوللىدى. شىددەتلىك ئۇرۇشتىن كېيىن، باغادىرخان مەغلۇپ بولۇپ، پۈتۈن ئەسكەرلىرىنى يوقىتىپ ئۆزى ئاران جېنىنى قۇتقۇزۇپ قېچىپ كەلدى. ئۇندىن كېيىن، يەنە بىر قانچە ئۇرۇشلار بولدى. مىلادىدىن بۇرۇنقى 175 ـ يىلى بولغان ئۇرۇشتا ياۋچىلارخانى ئۆلدى. ئەسكەرلىرى قىرىلىپ كېتىپ، ياۋچىلار پاراكەندە بولۇپ يۇرتلىرىنى تاشلاپ، ھەر تەرەپكە قېچىپ كەتتى. غەرب تەرەپكە قاچقانلار، لوپنۇر كۆلى ئەتراپىغا يەرلەشكەن بولسىمۇ شەرقتىن ھۇنلار، غەربىي شىمالدىن روران، قۇچۇ ۋە خوتەن خانلىرىنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىدى. شۇنىڭ بىلەن بۇلار ئىككى قولغا بۆلۈنۈپ، بىرى تىبەتكە كەتتى. بۇلار «كىچىك ياۋچىلار» دەپ ئاتىلدۇ. ھازىرقى تىبەت خەلقىنىڭ تېگى مانا بۇلاردىن بولۇش ئېھتىمالى كۈچلۈك. يەنە بىرقولى غەربىي شىمالغا مېڭىپ، ئىلىغا ھۇجۇم قىلدى. ئىلىدىكى ئۇيسۇن خانى نانتۇمى(نانڈۇبەك) قاتتىق تۇرۇپ مۇداپىئە قىلغان بولسىمۇئەسكىرى ياۋچىلارغا قارىغاندا بەك ئاز بولغانلىقى ئۈچۈن ئېغىر مەغلۇپ بولدى. تارىخ كىتابلىرىغا كۆرە، ئومۇمىي نوپۇسى بىر مىليۇنغا يېقىن بولغان ياۋچىلارنىڭ ئىچىدە قولىغا قورال ئالالىغانلارنىڭ سانى 5 ـ 6 يۈزمىڭ ئەتراپىدا ئىدى. مانا، بۇ سەۋەپتىن ئۇيسۇنلار مەغلۇپ بولۇپ، نانڈۇبەك ئۆلتۈرۈلگەن. بۇ ھادىسىدىن كېيىن، ياۋچىلار ئىلىدا يەرلىشمەكچى بولۇپ تۇرغاندا، ئوغۇزخان كېلىپ، ياۋچىلارنى غەربكە ھەيدەپ چىقاردى. ياۋچىلار ئىسسىقكۆلنىڭ شىمال تەرىپىدىن ئۆتۈپ، ئىنجە(سىر) دەريا بويىدا(ھازىرقى تاشكەنت ئەتراپىدا) يەرلەشتى. لېكىن، ياۋچىلار بۇ يەردىمۇ ئۇزاق تۇرالمىدى. نانڈۇبەگنىڭ كۆيىنماۋ ئىسىملىك بىر نارسىدە ئوغلى تىرىك قالغانىدى. ئوغۇزخان ئۇنى تەربىيىلەپ دادىسىنىڭ ئورنىغا ئۇيسۇن خانى قىلىپ

تەيىنلەيدۇ. كۈيىنماۋ مىلادىدىن بۇرۇنقى 165 ـ يىلى ئوغۇزخاننىڭ نەۋرەسى كىيۈكخان تەڭرىقۇتتىن ياردەم ئېلىپ ياۋچىلارغا ھۇجۇم قىلدى ۋە ئۇلارنى سىر دەريا بويىلىرىدىن قوغلىۋەتتى. ياۋچىلار قېچىپ ئامۇ دەريا بويىغا يەرلەشتى.

## ئوغۇز خاننىڭ ۋاپاتىدىن كېيىنكى ۋەقەلەر

ئوغۇزخان تەڭرىقۇت مىلادىدىن بۇرۇنقى 174 ـ يىلى ۋاپات بولدى. ئورنىغا ئوغلى باغدىرخان تەڭرىقۇت بولدى. ئۇنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، ئوغلى كىيۈكخان (كۈنخان) تەڭرىقۇت بولدى . بۇنىڭ زامانىسىدىكى ۋەقەلەردە، ياۋچىلارنى ئىنجە دەريا بويىلىرىدىن قوغلاپ چىقىرىلغانلىقتىن باشقا بىر مۇھىم ۋەقە يوق. تەڭرىقۇت كۈنخان مىلادىدىن بۇرۇنقى160 ـ يىلى ئۆلدى. ئۇنىڭدىن كېيىنكى تەڭرىقۇتلارنىڭ ئىسمى ۋە سانلىرى ھەققىدە مەلۇماتىمىز يوق. ئەمما، شۇ تەرىپى ئېنىقكى، چىن ئىمپېراتورلىرىنىڭ يۇقىرىقىدەك سەۋەپلەر بىلەن ھۇن تەڭرىقۇتلىرىغا قىز بېرىپ، باج تۆلەپ، دوستلۇق بىلەن ئۆتۈش مەجبۇرىيىتى، تەخمىنەن مىلادىدىن بۇرۇنقى 130 ـ يىلىغىچە داۋام قىلغان.

ئۆگۈز(ئامۇ) دەريا بويىدىكى ياۋچى خانلىرى ۋە باكتىر(بەلخ، شىمالىي ئافغانىستان) دىن تارتىپ خەزەر(كاسپى) دېڭىزىغىچە بولغان يەرلەردە ئولتۇراقلاشقان ساكا(ساقا) تۈرك خانلىرى ۋە ئۇنىڭدىن باشقا پۈتۈن تۈرك خانلىقلىرىنىڭ ھەممىسى ھۇن تەڭرىقۇتىغا ئىتائەت قىلغان. بۇ پايانسىز كەڭ تېرىتورىيە ئىچىدىكى تۈرك دۆلەتلىرىدە تىنچ ـ ئامانلىق ۋە باياشاتلىق ھۆكۈم سۈرگەن. سىيانپى، ۋۇخۇەن، جۇجان ۋە توپالاردىن ئىبارەت مانجۇرىيەدە ياشاۋاتقان تۈرك قوۋملىرىنىڭ ھەممىسى ھۇن تەڭرىقۇتىغا بويسۇنغان بولۇپ، بۇ ئۇلۇغ دۆلەتنىڭ چېگراسى ياپۇن دېڭىزىغىچە كېڭەيگەن. (3ـ خەرىتىگە قاراڭ)

## چىن ئىمپېراتورلۇقنىڭ ھۇن خاقانلىقىغا قارشى يۈرگۈزگەن سىياسى خىيانەتلىرى ۋە ھۇن ـ چىن ئۇرۇشلىرى

چىن ئىمپېراتورلۇقى، مىلادىدىن بۇرۇنقى 190 ـ يىلدىن تارتىپ، ھۇن تەڭرىقۇتلىرىغا داۋاملىق باج تۆلەپ ئىتائەت قىلىپ، تۇرغان بولسىمۇ، ھەردائىم بۇ ۋەزىيەتتىن قۇتۇلۇشنىڭ يولىنى ئىزدەپ تۇرماقتا ئىدى. بۈيۈك ھۇن ئىتتىپاقىنىڭ قۇدرەتلىك كۈچى ئالدىدا بۇنىڭغا جۈرئەت قىلالماي، بۇخورلۇقنى كۆتۈرۈشكە مەجبۇر ئىدى. ئاخىرى چىن ئىمپېراتورى بۇ ئەھۋالدىن قۇتۇلۇشنىڭ تۆۋەندىكى يوللار دىن باشقا چارىسى يوقلىقىنى چۈشەندى.

(1) ھۇن ئىتتىپاقى ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت پەيدا قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئىتتىپاقىنى بۇزۇپ، پارچىلاش ۋە

ئاجىزلاشتۇرۇش.

(2) تەگرىقۇت ئوردىسىدىكى چىنلىق مەلىكە ـ خېنىملار، شاھزادىلار ۋە ئۇلارنىڭ چىندىن بىرلىكتە ئېلىپ كەلگەن خىزمەتكارلىرى ئارقىلىق تەگرىقۇت جەمەتى ئىچىدىكى تېكىن(شاھزادە) لەر ئوتتۇرىسىغا بۆلگۈنچىلىك سېلىپ، ھۇن دۆلىتىنىڭ مەركەزچىلىك تۈزۈمىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ ھۇن ـ ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش.

بىرىنچى خىيانەت پىلانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن چىن ئىمپېراتورى ۋۇدى جاڭ چيەن ئىسىملىك بىر ئادىمىنى ساياھەتچى نىقابى بىلەن تۈرك يۇرتىغا يوللىدى. ئۇنىڭغا تاپشۇرۇلغان ۋەزىپە، تۈركىستاندىكى ئەڭ كۈچلۈك ھۆكۈمدارلاردىن ئۈيسۇن ۋە ياۋچىلارخانلىرىنى ھۇن تەگرىقۇتىغا قارشى باش كۆتۈرۈشكە قۇترىتىشتىن ئىبارەت ئىدى. جاڭ چيەن قارا قۇرۇم شەھرى (ھۇنلارنىڭ پايتەختى) گە كەلگەندە تەگرىقۇت ئۇنىڭ سۈيىقەستچىلىك ئەپتىنى سىزىپ قېلىپ، ئۇنى قاماققا ئالدى. جاڭ چيەن مىلادىدىن بۇرۇنقى139 ـ يىلدىن 129 ـ يىلغا قەدەر قاماقتا قالدى. كېيىنچە، ھۇن تەگرىقۇت ئوردىسىدىكى مەلىكىلەرنىڭ ياردىمى بىلەن بولسا كېرەك، قاماقتىن چىقىپ، ئۆز يولىنى داۋام قىلدى. پەرغانە ۋە سەمەرقەنت يولى بىلەن مىلادىدىن بۇرۇنقى 125- يىلى ئوتگۈز بويىدىكى ياۋچىلارنىڭ پايتەختىگە كەلدى. ئۇلارنى ھۇن تەگرىقۇتىغا قارشى ئىسيانغا تەشۋىق قىلىپ، چىن ئىمپېراتورىنىڭ ياردىمى بىلەن ئەسلى يۇرتلىرى بولغان كۆكنۇر(گەنسۇ) غا قايتىپ كېتىشكە قۇتراتتى. لېكىن، ھۇشيار ياۋچىلارجاڭ چيەنگە ئالدىنىپ، دۈشمەنگە قولچۇماق بولۇشنى قەتئىي رەت قىلدى. ۋە ئۇنى يۇرتلىرىدىن قوغلاپ چىقاردى.

جاڭ چيەن مەخپىي ھالدا شەرقىي تۈركىستاننىڭ جەنۇبى قىسمىغا ئۆتۈپ، ئۇ يەردىن چىنگە قايتىپ كەتتى. مىلادىدىن بۇرۇنقى 115- يىلى يەنە بىرقېتىم تۈركىستانغا كەلدى. بۇ قېتىم ئىلىغا بېرىپ، ئۈيسۇن خانى بىلەن كۆرۈشتى. قۇتراتقۇلۇق قىلىپ، «سىز باشقا پۈتۈن تۈرك خانلىرىدىن قۇدرەتلىك تۇرسىڭىز، ھۇن تەگرىقۇتىغا بويسۇنۇش نۇمۇس ئەمەسمۇ» دەپ، ھۇن دۆلىتىگە قارشى ئىسيانغا دەۋەت قىلدى. ھۇن دۆلىتىدىن ئايرىلىپ چىقسا، چىن ئىمپېراتورىنىڭ ھىمايىسىگە ئىگە بولىدىغانلىقىغا ۋەدە قىلدى. شۇنىڭغا ئوخشاش نۇرغۇن تەشۋىق ۋە ئىغۋالار نەتىجىسىدە ئۈيسۇن خانى تەگرىقۇتتىن يۈز ئۆرۈپ ئۆزئالدىغا مۇستەقىللىق ئېلان قىلدى. بۇنى ئاڭلىغان تەگرىقۇت دەرھال نۇرغۇن ئەسكەر يوللاپ ئۈيسۇن خانىنىڭ ئەدىۋىنى بېرىپ، ئۇنى ئىتائەت قىلدۇردى.

جاڭ چيەننىڭ يۇقىرىقىدەك ھىيلە ـ مىكىرلىرى ھېچبىر نەتىجە بەرمەي چىنگە قايتىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۇ بۇسەپەرلىرىدە تۈرك يۇرتلىرىدا كەڭ مىقياستا چارلاش ئىشلىرىنى ئېلىپ بېرىپ سىياسى، تەشكىلىي ۋە ئىقتىسادىي جەھەتلەردە نۇرغۇن ئاخبارات توپلاپ، چىن ئىمپېراتورىغا مەلۇم قىلدى ۋە ھۇن ئىتتىپاقىدىكى خانلار كۆرۈنۈشتە تەگرىقۇتقا تەۋە بولسىمۇئەمەلىيەتتە ئايرىم بىرەر كىچىك

مۇستەقىل دۆلەتلەر ئىكەنلىكىنى، بۇ خانلىقلاردا تەڭرىقۇتنىڭ ئەسكىرى يوقلىقىنى، پەقەت ھەر قايسى خان ئوردىسىدا تەڭرىقۇتنىڭ بىرقانچە كىشىدىن ئىبارەت ۋەكىللىرى بارلىقىنى، مانا بۇ ئەھۋاللاردىن پايدىلىنىپ، بۇ كىچىك خانلار ئارىسىدا ئىختىلاپ پەيدا قىلىپ، پارچىلاش بىلەن ئۇلارنى چىن كونترولى ئاستىغا كىرگۈزۈشنىڭ ئوڭاي ئىكەنلىكىنى ئاڭلاتتى. شۇنىڭ بىلەن ئىمپېراتور ۋۇدى تۈركىستاننى ئىستىلاقىلىش كويىغا چۈشتى. لېكىن، كۆچى يەتمەيدىغانلىقىنى بىلەتتى.

چىن ئىمپېراتورىنىڭ جاڭ چيەن ئارقىلىق ئېلىپ بارغان بۇ بۇزغۇنچىلىقلىرى نەتىجىسىدە، ئىككى دۆلەتنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت بۇزۇلدى ۋە ئۇزۇنغا سوزۇلغان قانلىق ئۇرۇشلار باشلاندى. مىلادىدىن بۇرۇنقى 119 ـ يىلى، خوجۇبىڭ قوماندانلىقىدىكى چىن قوشۇنلىرى بىلەن بولغان گەنسۇ يېقىنلىرىدىكى بىر ئۇرۇشتا ھۇنلار مەغلۇپ بولۇپ،گەنسۇ چىنلىقلارنىڭ قولىغا ئۆتتى. بىر يىل ئۆتكەندىن كېيىن، چىن ئەسكەرلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا ھۇجۇملىرى باشلاندى (بۇلارنىڭ تەپسىلاتى ئۈچۈن «ھۇن دۆلىتى دەۋرىدە شەرقىي تۈركىستان» دېگەن بابقا قاراڭ).

ھۇن ـ چىن سوقۇشى، ئىمپېراتور ۋۇدى ئۆلگىچە توختىماستىن داۋام قىلدى. بەزىدە چىنلىقلار غالىب بولسا، بەزىدە ھۇنلار غالىب بولغان. چىن تارىخلىرىدا ئۇ دەۋرگە ئائىت بايانلارنىڭ خۇلاسىسى يۇقىرىقىدەك بولۇپ، ۋەقەلىكلەرنىڭ تەپسىلاتلىرى ئىشەنچلىك ئەمەس.

مىلادىدىن بۇرۇنقى 74ـ يىلى، چىندە ئىمپېراتورغا قارشى ئىسيان باشلاندى. ئىسيانچىلار تەڭرىقۇتتىن ياردەم تەلەپ قىلدى ۋە تەڭرىقۇتنىڭ ياردىمى بىلەن غەلىبە قازاندى. خەن ۋۇدى ئۆلدى. شۇنىڭ بىلەن خەن سۇلالىسى ئىمپېراتورلۇقى غەربىي ۋە شەرقىي خەن سۇلالىسى دەپ ئىككىگە بۆلۈنۈپ كەتتى. نەتىجىدە، چىن ئىمپېراتورلۇقى ئاجىزلىشىپ، شەرقىي ۋە غەربىي تۈركىستاندىكى بۇرۇن چىنلىقلار بېسىۋالغان خانلىقلار ھۇنلارنىڭ ياردىمى بىلەن ئۆز يۇرتلىرىدىن چىنلىقلارنى قوغلاپ چىقىرىپ، قايتىدىن ھۇن ئىتتىپاقىغا قېتىلدى. بۇلارنى تۆۋەندە تەپسىلى بايان قىلىمىز.

## ھۇن دۆلىتىدىكى ئىچكى قالايمىقانچىلىقلار

ئوغۇزخان زامانىسىدا قېچىپ مانجۇرىيەنىڭ شىمالىدا يەرلەشكەن ۋۇخۇەن ۋە سيانپىلارنى چىن ئىمپېراتورى داۋاملىق يۇشۇرۇن ھالدا ھۇن تەڭرىقۇتىغا قارشى كۈشكۈرتۈپ تۇراتتى. مىلادىدىن بۇرۇنقى 70 ـ يىلى سيانپى ۋە ۋۇخۇەنلار بىلەن ھۇنلار ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش باشلاندى. بىرقېتىملىق ئۇرۇشتا ھۇنلار مەغلۇپ بولۇپ سيانپىلار ھۇن پايتەختى قاراقورۇمنى بېسىۋالدى ۋە بۇشەھەرنى ۋەيران قىلىۋەتتى. ھەتتا، ئوغۇزخان قاتارلىق ھۇن تەڭرىقۇتلارنىڭ مازارلىرىنىمۇ چېقىپ تاشلىدى. مىلادىدىن بۇرۇنقى 54 ـ يىلغا كەلگەندە، تەڭرىقۇت ئۇلارنى مەغلۇپ قىلىپ، پۈتۈنلەي يوقاتتى. قالغانلىرى ئۆز يۇرتىغا قاچتى. كېيىن، تەڭرىقۇت پۈتۈن مانجۇرىيەنى قول ئاستىغا ئېلىپ، دۆلەت

تېررىتورىيىسىنى ياپۇن دېڭىزىغا قەدەر كېڭەيتتى (3 خەرىتىگە قاراڭ).
مىلادىدىن ئىلگىرىكى 60 - يىلى هۇن تېكىن لىرىدىن چىچى خان ۋە خۇجانسى(قوغشارخان) خانلار ئۆزئارا تەخت تالىشىپ، ئۇرۇش باشلاندى . بۇ تەخت تالىشىش ئۇرۇشى، مىلادىدىن ئىلگىرىكى 51 - يىلغا قەدەر داۋام قىلدى. ئاخىرى خۇجانسى خان چىندىن ياردەم تەلەپ قىلدى ۋە چىن ياردىمى بىلەن چىچى خاننى مەغلۇپ قىلدى. چىچى خان يېقىن ئادەملىرىنى ئېلىپ، غەرب تەرەپكە قاچتى. ئىلدىكى ئۇيسۇن خاننى مەغلۇپ قىلىپ، تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدا قۇدرەتلىك بىردۆلەت قۇردى. كېيىنچە، سۇغد(بۇخارا ۋە سەمەرقەنت) خانلىرىنىمۇ ئۆزىگە تەۋە قىلىپ، پايىتەختىنى سۇغدغا يۆتكىدى. سوغد يېقىنلىرىدا يېڭىدىن چوڭ بىرشەهەر بىنا قىلىپ يەرلەشتى. تەڭرىقۇت خۇجانسى خان بىر تەرەپتىن چىچى خان ۋە يەنە بىرتەرەپتىن سىيانپى، ۋۇخۇەن لارنىڭ دۈشمەنلىك پائالىيەتلىرى ئوتتۇرىسىدا قالدى. ئۆزرۇندىن بېرى مۇنداق بىر پۇرسەتتىنى ماراپ ياتقان چىن ئىمپېراتورى، چاڭ كى(جىڭجى) ئىسىملىك قوماندان باشچىلىقىدا چوڭ بىر قوشۇن بىلەن شەرقىي تۈركىستانغا يۈرۈش قىلدى، (بۇلارنى «شەرقىي تۈركىستانغا بىرىنچى قېتىملىق چىن ئىستىلاسى » دېگەن بابدا تەپسىلى بايان قىلىمىز). چىن ئىمپېراتورى شەرقىي تۈركىستاننى ئىستىلا قىلغاندىن كېيىن، سوغد دىكى چىچىخانغا ئەلچى يوللاپ، ئۇنى چىنگە بويسۇنۇشنى تەلەپ قىلدى. بۇنىڭغا چىچى خان چىن ئەلچىسىنى ئۆلتۈرۈپ جاۋاپ بەردى. بۇنى ئاڭلىغان جىڭجى سۇغدغا هۇجۇم قىلدى. بۇ ئۇرۇش ئۇزۇنغىچە داۋام قىلىپ ئاخىرى چىچى خان بىر قېتىملىق ئۇرۇشتا ئۆلدى. جىڭجى ئۇنىڭ كاللىسىنى كېسىپ ئىمپېراتورغا يوللىدى. شۇنىڭ بىلەن سۇغد( هازىرقىي غەربىي تۈركىستان) چىنگە تەۋە بولۇپ باج - سېلىق تۆلەشكە مەجبۇر بولدى. شۇنداق قىلىپ، چىن ئىمپېراتورى، تۈركلەرنىڭ ئۆز ئىچىدىكى ئىختىلاپتىن تازا پايدىلىنىپ تۈركىستاننى بېسىۋالدى.

## هۇن تەڭرىقۇتنىڭ چىننى مەغلۇپ قىلغانلىقى

هۇن ۋە چىن دۆلەتلىرى ئارىسىدىكى دۈشمەنلىك ۋە ئۇرۇشلار توختىماستىن داۋام قىلماقتا ئىدى. مىلادىدىن بۇرۇنقى 25 - يىلغا كەلگەندە هۇنلارچىنلىقلارنى ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچراتتى. شەرقىي ۋە غەربىي تۈركىستاندىكى چىننىڭ هەربىي ۋە مەمۇرىي كۈچىنى ئۇزۇل كېسىل يوقاتتى ۋە بۇ جايلاردىكى تۈركلەرنى چىن ئاسارىتىدىن قۇتقازدى. تۈرك خانلىرىنىڭ هەممىسى هۇن تەڭرىقۇتى ئەتراپىدا بىرلەشتى. مىلادىدىن بۇرۇنقى 10 - يىلى گەنسۇنىمۇ چىنلىقلاردىن قايتۇرۇۋالدى.

## ھۇن دۆلىتىنىڭ ئىككىگە بۆلۈنگەنلىكى

بۈيۈك ھۇن دۆلىتى شاھزادىلىرىدىن خۇجانسى(قوغشار) خانىنىڭ بىرئوغلى، مىلادى 48 ـ يىلى قۇملۇق چۆلىنىڭ جەنۇبىدا بىر ھۆكۈمەت قۇرۇپ، مۇستەقىللىق ئېلان قىلدى. ھازىرقى ئىچكى موغۇلىستاننى كېيىنچە شەنشى ۋە گەنسۇ ئۆلكىلىرىنىمۇ ئىگىلىدى. بۇ تارىختىن باشلاپ، يېڭى قۇرۇلغان بۇ ھۇن دۆلىتى «جەنۇبىي ھۇن دۆلىتى»، بۇرۇنقىسى (قۇملۇق چۆلىنىڭ شىمالىدىكى) ھۇن دۆلىتى «شىمالى ھۇن دۆلىتى» دەپ ئاتالدى، (3 ـ خەرىتىگە قاراڭ).

بۇ چوڭ بۆلۈنۈشنىڭ سەۋەبىنى چىن تارىخچىلىرى شۇچاغدا يۈز بەرگەن ئاچارچىلىق دەپ كۆرسىتىدۇ. ئەمما، بىتەرەپ تارىخچىلار، بۇ بۆلۈنۈشنىڭ سەۋەبى، چىن ئىمپېراتورىنىڭ تەگرىقۇت ئوردىسىدىكى چىنلىق مەلىكىلەر ۋە ئۇلارنىڭ چىندىن بىرلىكتە ئېلىپ كەلگەن خىزمەتچى خادىملىرى ۋاستىسى بىلەن يۈرگۈزگەن سۇيىقەستلىك پىلانلارنىڭ نەتىجىسى ئىدى، دەپ باھا بېرىدۇ. لېكىن، چىن ئىمپېراتورى بۇنىڭدىن دەرھال پايدىلىنالمىدى. چۈنكى، ئۇچاغلاردا ھۇنلار قىسقىغىنە بىرمۇددەت ئىچىدە كۈچلىنىپ، تۈركىستاندىكى باشقا پۈتۈن خانلىقلارنى ئۆزىگە تەۋە قىلىۋالغانىدى. چىن تارىخچىلىرى، «مۇنداق بىر ۋەزىيەت ئاستىدا چىن ئىمپېراتورى، ھۇن تەگرىقۇتىغا بويۇن ئېگىپ، مادارا قىلىپ تۇرۇش سىياستى قوللىنىشقا مەجبۇر ئىدى» دەپ يازىدۇ. جەنۇبىي ھۇن دۆلىتى چىن بىلەن ئىتتىپاقداش بولسىمۇ چىن ئۇيۇزىغا پىسەن قىلمايتتى. چىن تارىخچىلىرىنىڭ «جەنۇبىي ھۇن دۆلىتى، چىن دۆلىتىگە ئەل بولغانىدى» دېگەنلىكلىرى بۇ ۋەقەدىن 55 يىل ئۆتكەندىن كېيىنكى ھادىسىدۇر. بۇلارنى نۆۋىتى كەلگەندە بايان قىلىمىز.

## شىمالىي ھۇن تەگرىقۇتلىقىنىڭ يىقىلىشى

شىمالىي ھۇن دۆلىتىگە دۈشمەن بولغان جەنۇبىي ھۇن تەگرىقۇتى سىيانپى ۋە ۋۇخۇەن خانلىرى شىمالىي تەگرىقۇتنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە قۇدرەت تېپىپ، كۈچلىنىۋاتقانلىقىدىن ئەندىشە قىلماقتا ئىدى. چىن ئىمپېراتورى كۆرۈنۈشتە چەتتە قاراپ تۇرغان بولسىمۇ، ھەرداىم پۇرسەت كۈتۈپ تۇراتتى. ئاخىرى مىلادى 70 ـ يىلى چىن ئىمپېراتورى خەن مىڭدى(مىندى) جەنۇبىي ھۇن تەگرىقۇتى، سىيانپى ۋە ۋۇخۇەنلار بىلەن بىر ئىتتىپاق تەشكىل قىلىپ، شىمالىي ھۇن تەگرىقۇتىغا ھۇجۇم قىلدى. 23 يىل داۋام قىلغان بۇ شىددەتلىك ئۇرۇشلاردا شىمالىي تەگرىقۇتى بۇ بىرلەشمە دۈشمەن كۈچلىرىنى بىرقانچە قېتىم مەغلۇپ قىلدى. ئاخىرى بۇ ئۈچ بىرلەشمە كۈچ «چۇخەيەن» ئىسىملىك چىن قوماندانىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، مىلادى 93 ـ يىلى شىمالىي ھۇن تەگرىقۇتلىقىغا شىددەتلىك ھۇجۇم قىلىپ، پايتەختى قاراقۇرۇم شەھىرىنى بېسىۋالدى ۋە شەھەر نى تامامەن ۋەيران قىلىۋەتتى. تەگرىقۇت ئۆز ئادەملىرىنى

ئېلىپ غەربىي موغۇلىستانغا چېكىندى. ئارقىسىدىن قوغلاپ كەلگەن دۈشمەنلەر بىلەن تاننۇئۇلاتاغ ئېتەكلىرىدە قاتتىق تۇرۇپ ئۇرۇشقان بولسىمۇ مەغلۇپ بولدى ۋە ھېچ يەردە تۇرالماستىن ئاخىرى ئورال تاغلىرى ۋە خەزەر دېڭىزى ئارىسىدىكى جايغا يەرلەشتى. كېيىنچە، بۇلار ياۋروپانىڭ 3/4 قىسمىنى ئىگىلەپ، غايەت چوڭ بىر دۆلەت قۇرۇپ چىقتى. تارىختا «غەربىي ھۇنلار» دەپ ئاتالغانلار مانا، شۇ مۇھاجىرلاردىن ئىبارەت. (تەپسىلى مەلۇمات ئۈچۈن «ئومۇمىي تارىخ » قا قاراڭ)

## جەنۇبىي ھۇن تەڭرىقۇتىنىڭ ئاقىۋىتى

شىمالىي ھۇن تەڭرىقۇتلۇقى يىقىلىپ، غەربكە كەتمىگەنلەردىن بەزىلىرى ئۆز جايىدا قالدى ۋە سىيانپىلارغا قېتىلىپ كەتتى. بىرقىسمى جەنۇبقا كۆچۈپ بېرىپ جەنۇبىي ھۇنلارغا قېتىلدى. شىمالىي ھۇن تەڭرىقۇتلۇقى يىقىلغاندىن كېيىن، چىن ئىمپېراتورلۇقىنىڭ ئالدىدا يالغۇز قالغان جەنۇبىي ھۇن تەڭرىقۇتى، چىن ھىمايىسىغا كىرىپ، خىراج تۆلەپ بويسۇنۇپ جان بېقىشقا مەجبۇر بولدى. بۇ ۋەزىيەت 230 يىل داۋام قىلدى. كېيىنچە كۈچلىنىپ، مىلادى 304 ـ 308 ـ يىلى چىنگە ھۇجۇم قىلدى. چىن ئىمپېراتورىنى مەغلۇپ قىلىپ، ئۇنى ئەسىرئالدى. ئۆزىنى چىن ئىمپېراتورى ئېلان قىلىپ، لىنفەن (ھازىرقى پىڭياڭ) نى پايتەخت قىلدى. بۇ دۆلەت چىن تارىخىدا«لياۋ» خانلىقى دەپ ئاتىلدۇ. كېيىنچە توپالاڭ كېلىپ بۇ دۆلەتنى يوقاتتى. شۇنىڭ بىلەن ئاسىيا قىتئەسىدە ھەرخىل نام ۋە شەكىللەر بىلەن 2000 يىل ھۆكۈم سۈرگەن بۈيۈك ھۇن تەڭرىقۇت دۆلىتى يىقىلدى.

## ھۇن دۆلىتىنىڭ ماھىيىتى

بۇ بۈيۈك تۈرك دۆلىتى، بىرقانچە ئايرىم تۈرك خانلىق ۋە بەگلىكلەرنىڭ بىر چوڭ دۆلەت باشلىقىنىڭ رەھبەرلىكىدە بىر ئىتتىپاق، يەنى، كونفېدراتسىيون (قەدىمكى ئۇيغۇر ئىتتىپاقىغا ئوخشاش) بىرلەشمە دۆلەت شەكلىدىكى بىر ئىمپېراتورلۇق دۆلىتى ئىدى. مۇھىم ۋە چوڭ ئىشلاردا، بولۇپمۇ چەت دۆلەت بىلەن ئۇرۇشقا كىرىش مەسىلىسىدە دۆلەت باشلىقىغا قەتئىي ئىتائەت قىلىش شەرت ئىدى. باشقا كىچىك ئىشلاردە، مەسىلەن، خانلىق ۋە بەگلىكنىڭ ئىچكى ئىشلىرىدا ئۇلار ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل ئىدى. ھەتتا قوشنا خانلىقلار بىلەن ئۇرۇشۇش ۋە ياكى يارىشىشتا پۈتۈنلەي ئەركىن ئىدى. بۇخانلىق ۋە بەگلىكلەردە تەڭرىقۇت ئەسكەر تۇرغۇزمايتتى. ھەرقايسى خانلىقلاردا تەڭرىقۇتنىڭ بىر ۋەكىلى، ئۇنىڭ كاتىپى ۋە خىزمەتچىلەردىن تەركىپ تاپقان دائىمىي ھەيئىتى تۇراتتى. تەڭرىقۇت چەت ئەللەرگە قارشى ئۇرۇشقا كىرىشكەندە ئىتتىپاق ئىچىدىكى خانلىقلاركۈچىگە قاراپ، بىر قىسىم ئەسكەرلىرىنى ئېلىپ، تەڭرىقۇت بىلەن ئۇرۇشقا كىرەتتى. بۇلار دىن باشقا يەنە خانلىقلارنىڭ ھەريىلى تەڭرىقۇت خەزىنىسىگە مەلۇم مىقداردا تارتىق (ماددىي ياردەم) تاپشۇرۇش مەجبۇرىيىتى بارئىدى.

چىن، ئىران ۋە بەزى ياۋروپا تارىخلىرىدا ھۇنلارنى بولاك ـ تالاڭ بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ۋەھشى بىر قوۋم دەپ كۆرسىتىپ كەلمەكتە. بۇ سۆزلەرنىڭ ھەممىسى ھەقىقەتكە ئۇيغۇن بولمىغان تۆھمەتتۇر. بۇ، قىلىچ بىلەن تاقابىل تۇرۇشقا كۈچى يەتمىگەن دۈشمەننىڭ، قەلەم بىلەن ئىنتىقام ئېلىشقا ئۇرۇنۇشىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن، ھۇنلارنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى، شانلىق تارىخىنى ۋە يۈكسەك مەدەنىيىتىنى بىرئاز بولسىمۇ ئوتتۇرىغا قويۇپ ئايدىڭلاشتۇرۇش بىر تارىخچىنىڭ ۋەزىپىسى دەپ ھېساپلايمەن. لېكىن، بۇھەقتە، يەنە، چىن مەنبەلىرىدىن پايدىلىنىشقا مەجبۇرمىز. بۇ مەنبەلەردە ھۇنلار ۋە باشقا تۈرك خەلقلىرىنى كۆچمەنلىك بىرىچە يامان كۆرسىتىشكە ئۇرۇنغان بولسىمۇ، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇلارنىڭ ئۈستۈن مەدەنىيەتى، ئىنسانى ـ ئەخلاق پەزىلەتلىرى ۋە دۆلەت تەشكىلى جەھەتتىكى ئارتۇقچىلىقلىرى ھەققىدىمۇ مەلۇمات بىرىشكە مەجبۇر بولغان.

قەدىمكى چىن تارىخلىرىدىكى، ھۇنلارغا ئائىت مەلۇماتلارغا كۆرە، ھۇنلار ناھايىتى چوڭ ۋە مۇنتىزىم بىردۆلەت تەشكىلىنى قۇرۇپ چىققان. يۇرتتا تەرتىپ ـ ئىنتىزام ۋە ئامانلىق تۇرغۇزۇلغاندى. ئەدلىيە ۋە قانۇن تۈزۈملىرى مۇكەممەل بولۇپ، ئەدلىيە مەھكىمىسى، سوت ۋە تۈرمە قاتارلىق تەشكىلى ئورگانلار قۇرۇلغان. دۆلەت تەشكىلاتى، مەركەز ۋە يەرلىك، دەپ ئايرىلغان. دۆلەت ئىچىدە ھەرخىل ئىجتىمائىي خەلق تەشكىلاتلىرى بولۇپ، خەلقنىڭ پىكرى بىلەن «تۈزۈت» يەنى قانۇن تۈزۈپ چىقىش ۋە دۆلەتنىڭ مۇھىم مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىش تۈزۈمى يولغا قويۇلغان. ھەربىي جەھەتتە بولسا، ھۇن دۆلىتىدە مۇنتىزىم 30,000 كىشىلىكتىن كۆپرەك قوشۇن ھەردائىم ھازىر ئىدى. پۈتۈن پۇقرالارنىڭ ھەربىي ئىنتىزام ۋە تۈزۈمگە رىئايە قىلىش مەجبۇرىيىتى بار ئىدى. يەنى، ھەر بىر تۈرك بىر ئەسكەر ئىدى. ئىگىلىك جەھەتتە ھەربىركىشى، مەلۇم مىقداردىن تېرىلغۇ يەر ۋە ياكى يايلاق (ئوتلاق) قا ئىگە ئىدى. كانچىلىق، سانائەت ۋە سودا ـ تىجارەت ئىشلىرى پۈتۈن يۇرتتا تازا تەرەققى قىلغان. چىنلار ھۇن مەدەنىيىتىدىن كۆپ پايدىلانغان [22]. ھۇن دۆلىتى، ھەربىي تەشكىلاتنى ئاساس قىلغان ھالدا ئوڭ، سول ۋە ئوتتۇرا«قول» لارغا ئايرىلغان. ئوتتۇرا قولنىڭ ھەربىي ئىشلىرى بىۋاستە تەڭرىقۇتقا قارايتتى. سول قول، يەنى شەرق تەرەپ «بارانغار» دەپ ئاتىلىپ، ۋەلىئەھدگە ۋە ئوڭ قول يەنى غەرب تەرەپ «جۇنغار» دەپ ئاتىلىپ بۇ تەرەپنىڭ ھەربىي ئىشلىرى تەڭرىقۇت ئائىلىسىدىن بىر تېكىن(شاھزادە)گە قاراشلىق ئىدى. ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، يۇرتنىڭ شەرقى يەنى، كۈن چىقىش تەرىپى مۇقەددەس ھېساپلىناتتى. ھۇن تەڭرىقۇتلىرى ئۆزلىرىنى دائىم چىن ئىمپېراتورىدىن ئۈستۈن تۇتاتتى.

[22] بەزى تارىخچىلار خەن سۇلالىسى دەۋرىدە ھۇنلار كەشپ قىلغان 12 ھايۋانلىق كالىندارنىڭ چىنچىگە تەرجىمە قىلىنىپ پايدىلىنىلغانلىقىنى يازىدۇ. ھازىرمۇ شەرقىي تۈركىستاندا قوللىنىۋاتقان، ساچقان بىلەن باشلىنىپ تۇي بىلەن ئاخىرلىشىدىغان، 12 ئاينىڭ نامى بىلەن تۈزۈلگەن كالىندارمانا، چىنلىقلارنىڭ قەدىمكى تەقۋىم دېگەنلىرىنىڭ دەل ئۆزى(مۇئەللىپنىڭ ئىزاھاتى).

مانا يوقىرىدىكىلەر، بىزگە دۈشمەن تەرەپنىڭ تارىخچىلىرى يەنى، چىن تارىخچىلىرىنىڭ گۇۋاھلىق بېرىشى بىلەن ئىسپاتلانغان پاكىتلار بولۇپ، بۇلار شۇ زامانىنىڭ ئەڭ يۈكسەك دەپ سانالغان مەدەنىيەتىدۇر. بىر ئاز تارىخ ئوقۇغان كىشىگە مەلۇم بىر ھەقىقەتتۇر.

## ھۇنلاردا دىنىي ئېتىقادى

يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ھۇنلارنىڭ دەسلەپكى دىنى «تويىن دىنى» ئىدى. كېيىنچە، ئۇلاردا «كۆپ تەڭرىچىلىك» ئېتىقادى راۋاجلاندى. بو دىنىنىڭ ئېتىقادىغا كۆرە، دۇنيانى بىرلا تەڭرى ئىدارە قىلمايدۇ. ھەربىر ئىش ئۈچۈن ئايرىم تەڭرىلەر مۇئەككەل بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەربىرى ئۆزئالدىغا بىر تەڭرىدۇر. مەسىلەن، قوياش، ئاي ۋە ئاسمان دۇنيانى يارىتىدىغان ۋە يوقىتىدىغان تەڭرىلەردەپ، ئېتىقاد قىلىنىدۇ. بۇ تەڭرىلەرنىڭ ھەربىرى ئۈچۈن ئالاھىدە ئىبادەت ۋە قۇربانلىق قىلىش مۇراسىملىرى بارئىدى. يەرنى ئىنسانىنىڭ جىسمانى قوغدىغۇچىسى دەپ ئۇنىڭغا ئاتاپ باشقا قۇربانلىق قىلىناتتى. تەڭرىلەر ئۈچۈن ئايرىم يەرلەردە(كۆپرەك ئات) قۇربانلىق قىلىناتتى.

2 ـ پەسىل

## ھـــۇن دۆلــتى دەۋرىـــدە شەرقىي تۈركىستان

مىلادىدىن بۇرۇنقى 206 ـ يىللىرى، شەرقىي تۈركىستاندىكى 36 خانلىق يۇقىرىدا بايان قىلىنغان سەۋەپلەر بىلەن ھۇن ئىتتىپاقىغا قېتىلغانىدى. بۇتارىختىن تارتىپ 100 يىلغا يېقىن بىر مەزگىل، شەرقىي تۈركىستان ئاھالىسى پۈتۈنلەي تىنچ بىردەۋر دە ياشىدى. بۇ تىنچلىق ۋە خاتىرجەملىك نەتىجىسىدە شەرقىي تۈركىستاندا تېرىلغۇ ـ زىرائەت، مال ـ چارۋىچىلىق، سودا تىجارەت ۋە سانائەت راسا ئىلگىرلەپ، مەدەنىيەتمۇ ناھايىتى تىز تەرەققى قىلغانىدى. خانلىقلاردا تەڭرىقۇتنىڭ ئەسكىرىي يوقتى. ھەرقايسى خان ئۆز ردىسدا، داۋاملىق تەڭرىقۇتنىڭ بىر دىن ۋەكىلى باشلىق بىر قانچەكىشىلىك ھەيئەت تۇراتتى. خانلارنىڭ ھەرىيلى بەلگىلەنگەن مىقداردا باج تۆلەش ۋە تاشقى دۈشمەنلەرگە قارشى ئۇرۇشقا ئەسكەرچىقىرىپ، تەڭرىقۇت بىلەن جەڭگە قاتنىشش مەجبۇرىيىتى بارئىدى. دېمەك، ئومۇمىي جەھەتتە خانلار تەڭرىقۇتقا بويسۇنۇپ ئىچكى جەھەتتە ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل ئىدىلەر. خان ئۆلگەندىن كېيىن ئورنىغا ئوغلى ياكى خانداندىن بىركىشى ياكى خەلق تەرىپىدىن سايلانغان ۋە تەڭرىقۇت تەرەپىدىن تەستىقلانغان بىرى خان بولاتتى. بۇ دەۋر مىلادىدىن بۇرۇنقى 108 ـ يىلغىچە داۋام قىلدى. بۇ مەزگىلدە، خانلىقلار بىلەن چىن ۋە باشقا يات دۆلەتلەربىلەن ھېچقانداق دوستلۇق مۇناسىۋەت ياكى ئاداۋەت يوقتى.

## چىننىڭ شەرقىي تۈركىستانغا بىرىنچى قېتىملىق تاجاۋۇزى ۋە مەغلۇپ بولۇشى

مىلادىدىن بۇرۇنقى 119 ـ يىلى گەنسۇ ئۇرۇشىدا هۇنلارمەغلۇپ بولۇپ،گەنسۇ(كەڭسۇ) چىننىڭ قولىغا ئۆتتى. شۇنىڭ بىلەن ئىمپىراتور ۋۇدى غالىجىرلىشىپ، تاجاۋۇزچىلىق قولىنى شەرقىي تۈركىستانغا ئۇزاتقىلى باشلىدى. گەنسۇغا چېگراداش بولغان لولان (روران) ۋە قوچۇ خانلىرى چىننىڭ تاجاۋۇزىغا قاتتىق، تۇرۇپ قارشى تۇرغان بولسىمۇ، ئاخىرى چىن ئىمپىراتورى، چاۋپونۇ نىڭ قوماندانلىقىدا غايەت زور بىر قوشۇن بىلەن لولان خانلىقىغا هۇجۇم قىلدى. شىددەتلىك ئۇرۇشلاردىن كېيىن، لولان خانى مەغلۇپ بولۇپ ئەسىرگە چۈشتى. ئارقىدىن قوچۇخانىمۇمەغلۇپ بولدى. شۇنىڭ بىلەن شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئىككى كۈچلۈك خانلىقى چىننىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتتى. مىلادىدىن بۇرۇنقى 115 ـ يىلى، ئىمپىراتور ۋۇدى شەرقىي تۈركىستاندىكى ئەڭ چوڭ خانلىق بولغان ئۈيسۇن خانلىقىغا جاڭ چيەن نى ئەلچى قىلىپ يوللىدى. جاڭ چيەن ئۇسۇن خانى بىلەن دوستلۇق كېلىشىمى تۈزدى. ئىمپىراتور قىزىنى ئۈيسۇن خانىغا ياتلىق قىلدى. شۇنىڭدىن باشلاپ، ئالتى شەهەر ۋە ئىسسىقكۆل ئەتراپىدىكى خانلىقلار چىن هاكىمىيتىنى تونۇشقا مەجبۇر بولدى.

چىن ئىمپىراتورى، غەربىي تۈركىستاننىمۇ ئۆزىگە بويسۇندۇرۇش ئۈچۈن، پەرغانە خانى ئالدىغا ئەلچى يوللىدى. پەرغانەخانى بۇنىڭغا چىن ئەلچىسىنى ئۆلتۈرۈپ جاۋاپ بەردى. ئىمپىراتور مىلادىدىن بۇرۇنقى 104ـ يىلى نۇرغۇن ئەسكەر يوللاپ، پەرغانىغا هۇجۇم قىلدى. پەرغانە خانى چىننىڭ بۇ هۇجۇمىنى چېكىندۈرۈپ چىن ئەسكەرلىرىنى قاتتىق مەغلۇپ قىلدى. بۇئېغىرمەغلۇبىيەتنىڭ ئىنتىقامىنى ئېلىش ئۈچۈن مىلادىدىن بۇرۇنقى102 ـ يىلى، ۋۇدى پەرغانىغا 60,000 كىشىلىك قوشۇن بىلەن هۇجۇم قىلدى. بىرقانچە قېتىملىق قانلىق ئۇرۇشلارنىڭ بىرىدە پەرغانە خانى ئۆلدى ۋە پەرغانە چىنلىقلارنىڭ قولىغا ئۆتتى.چىنلىقلار بىر پەرغانىلىقنى خان قىلىپ قويدى. شۇنىڭ بىلەن غەربىي تۈركىستانمۇ چىن ئىستىلاسى ئاستىدا قالدى. ئەمما، بۇ ئىستىلا ئۇزۇنغا بارمىدى. بۇلارنى يەنە چىن مەنبەلىرىدە كۆرىمىز. چىن تارىخ كىتابلىرىدا بۇ ۋەقەلەرنى مۇنداق دەپ يازىدۇ: «ئىمپىراتورنىڭ هاكىمىيتى بۇ جايلاردا( غەربىي تۈركىستاننى دېمەكچى) ئۇزۇن داۋام قىلمىدى. چۈنكى، خانلار پۇرسەت تاپسىلا چىنگە قارشى ئىسيان كۆتۈرۈپ، چىنلىقلارنى هەيدەپ چىقىراتتى. ئارقىسىدىن چىن ئەسكەرلىرى كېلىپ قاتتىق ئۇرۇشلاردىن كېيىن، بىرقانچە شەهەرنى قايتۇرۇپ ئالسىمۇ، هۇنلار كېلىپ، يەنە چىنلىقلارنى چىقارسا، چىنلىقلار يەنە كېلىپ ئۇلارنى هەيدەپ چىقىراتتى.» شۇنداق قىلىپ تۈركىستان تۇپراقلىرى، تۈركىستان ۋە چىن ئەسكەرلىرى ئوتتۇرىسىدا جەڭ مەيدانىغا ئايلانغان ئۇرۇشلار 22 يىل داۋام قىلدى.

مىلادىدىن بۇرۇنقى 68 ـ يىلىغا كەلگەندە، چىندە ئىمپىراتور غا قارشى ئىسيان كۆتۈرۈلدى ۋە

ۋۇدى ئۆلتۈرۈلدى. شۇنىڭ بىلەن شەرقىي تۈركىستاندىكى پۈتۈن خانلىقلار ھۇن تەڭرىقۇتىنىڭ ياردىمى بىلەن يۇرتلىرىدىن چىن ئەسكەرلىرىنى ھەيدەپ چىقىرىپ ھۇن ئىتتىپاقىغا قوشۇلدى. شەرقىي تۈركىستاندىكى خانلار ھۇنلار بىلەن بىرلىشىپ، 37 يىل بىر مۇددەت ئىچىدە تىنچ ئامان ياشىدى.

## شەرقىي تۈركىستاندا بىرىنچى قېتىملىق چىن ئىستىلاسى

(مىلادىدىن بۇرۇنقى 59 ـ10 ـ يىللىرى)

مىلادىدىن بۇرۇنقى 60 ـ يىلى، ھۇن شاھزادىلىرىدىن چىچى خان ۋە قۇغشار(خۇجانسى) خان ئوتتۇرىسىدا يۈزبەرگەن ئىچكى ئۇرۇشلار ۋە سىيانپىلارنىڭ ھۇنلارغا قارشى ھۇجۇملىرىنى پۇرسەت بىلگەن چىن ئىمپىراتورى، «جېڭجى» ئىسىملىك قوماندان باشچىلىقىدا چوڭ بىر قوشۇننى شەرقىي تۈركىستانغا يوللىدى. جېڭجى مىلادىدىن بۇرۇنقى 95 ـ يىلى لولان ۋە قوچۇ خانلىرىنى مەغلۇپ قىلىپ بۇجايلارنى بېسىۋالدى. ئۇندىن كېيىن كىنگىت، (ھازىرقى قارا شەھەر) كوچا، يەركەن، قەشقەر ۋە ئۇدۇن[23] قاتارلىق 36 خانلىق ئارقا ـ ئارقىدىن مەغلۇپ بولۇپ، چىنگە بويسۇنۇشقا مەجبۇر بولدى.

ئىمپىراتۇر ئىستېلا ۋەزىپىسىنى ئۇرونداپ بولغان جېڭجىنى، شەرقىي تۈركىستانغا ئومۇمىي ۋالى قىلىپ تەيىنلىدى. جېڭجى لوپنور كۆلى يېنىدا ۋولى دېگەن جاينى مەركەز قىلىپ تۇردى. (ھازىر بۇ جايدىن ھېچ ئەسەر قالمىغان) چىن تارىخلىرىغا قارىغاندا بۇ ئىستىلا 49 يىل داۋام قىلغانمىش.

## شەرقىي تۈركىستاننىڭ چىن ئىستىلاسىدىن قۇتۇلۇشى

مىلادىدىن بۇرۇنقى 10 ـ يىلى، ھۇن تەڭرىقۇتى شەرقىي تۈركىستانغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن، قوشۇن يوللىدى. بۇ قوشۇننىڭ يېتىپ كېلىشى بىلەن ھەر قايسى خانلار ئۆز يۇرتلىرىدىكى چىنلىقلارنى يوقاتتى ۋە ھۇن تەڭرىقۇتىنىڭ ھىمايىسى ئاستىغا كىردى. لېكىن، جەنۇبتا ئۇدۇن، يەركەن، ئۈچ ۋە كۇچا خانلىرى ھۇن دۆلىتىگە قوشالماي دوست بولۇپ، ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل قالغان. بۇخانلىقلار ئىچىدەيەركەن خانلىقى ھەممىسىدىن كۈچلۈك ئىدى.

### شەرقىي تۈركىستان خانلىرى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتلەر

مىلادىنىڭ 40 ـ يىلى، يەركەن خانى پۈتۈن شەرقىي تۈركىستاننى ئۆزىگە بويسۇندۇرۇپ شەرقىي تۈركىستاندا ئۆز رەھبەرلىگىدە بىر تۈرك دۆلىتى قۇرۇش يولىدا، ئالدى بىلەن ئۇدون خانى ئىپارخان

[23] بۇ دەۋردە خوتەن، « ئۇدۇن» دەپ ئاتىلاتتى(ن. ش. ھ .).

بىلەن ئۇرۇش باشلىدى. قىسقا بىر ۋاقىت ئىچىدە ئىپارخاننى مەغلۇپ قىلىپ ئۇنى ئۆلتۈردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇدۇن ۋە ئۇندىن كېيىن قەشقەرمۇ يەركەننىڭ ھاكىمىيىتى ئاستىغا كىردى. مىلادى 41 - يىلى كۈچانىمۇ ئالدى ۋە ئوغلىنى كۈچاغا ھاكىم قىلىپ تەيىنلىدى. ئۇندىن كېيىن يەركەن خانى كىنگىت، لولان ۋە قوچۇ خانلىقلىرىنىمۇ ئۆزىگە تەۋە قىلىشقا ئۇرۇنغان بولسىمۇ، ئۇلارنى ھۇن تەڭرىقۇتى ھمايە قىلىپ تۇرغانلىقتىن بۇنى ئەمەلگە ئاشۇرالمىدى.

مىلادىنىڭ 48 - يىلى ھۇن دۆلىتى ئىككىگە بۆلۈنگەندىن كېيىن، شەرقىي تۈركىستاندا ھۇن دۆلىتىنىڭ تەسىرى قالمىدى. ئامما، بۇ ۋەزىيەت ئۇززۇن داۋام قىلمىدى. چۈنكى، شىمالىي ھۇن تەڭرىقۇتلۇقى كۈچلىنىپ قوچۇ، لولان، كىنگىت ۋە شىمالدىكى باشقا خانلىقلارنىمۇ ئۆزىگە تەۋە قىلدى. كۈچا مۇ يەركەن خانلىقىدىن قۇتۇلۇپ تەڭرىقۇتقا قېتىلدى. يەركەن خانلىقىنىڭ ئۇدۇن، قەشقەر ۋە ئۈچ قاتارلىق جايلاردىكى ھاكىمىيىتى مىلادىنىڭ 60 - يىللىرىغىچە داۋام قىلدى. بۇجەرياندا شىمالىي ھۇن تەڭرىقۇتلۇقى بىلەن دوستانە ۋە ياخشى مۇناسىۋەتتە ئۆتتى. بۇرۇن يەركەن خانلىقى تەرەپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن ئۇدۇن خانى ئىپارخاننىڭ جىيەنى كۈنتۇغدى خان مىلادىنىڭ 60 - يىللىرى ئارىسىدا يەركەن خانىغا قارشى ئىسيان كۆتۈرۈپ چىقىپ ئۇدۇننى قولىغا ئالدى. ئىچىمۇ ئىلگىرلەپ، قەشقەر، ۋە ئۈچ نىمۇ ئېلىپ يەركەن خانلىقىنىڭ ئورنىغا كۈچلۈك بىرخانلىق قۇرۇپ چىقتى. كۈن تۇغدى خان بىلەن شىمالىي ھۇن تەڭرىقۇتلۇقى ئارىسىدا دوستانە مۇناسىۋەت ئورنىتىلغان بولۇپ، تەڭرىقۇتنىڭ بىر دائىمىي ئەلچىسى ئۇدۇن (خوتەن) دە تۇراتتى.

## شەرقىي تۈركىستان بىلەن چىن ئوتتۇرىسىدىكى
## 30 يىللىق ئۇرۇش

يۇقىرىدا بايان قىلغىنىمىزدەك، شەرقىي تۈركىستاننىڭ شەرقىي شىمالىدىكى خانلىقلار ھۇن تەڭرىقۇتلۇقىنىڭ ھمايىسى ئاستىدا ۋە غەربىدىكى(ئۇدۇن، قەشقەر ۋە ئۈچ) خانلىقلار كۈن تۇغدىخاننىڭ قول ئاستىدا ياشىماقتا ئىدى. مىلادى 73 - يىلى چىن ئىمپېراتورى مىڭتى(مىڭدى) شەرقىي تۈركىستاننى ئىستىلا قىلىش ئۈچۈن، بەن چاۋ نىڭ قوماندانلىقىدا چوڭ بىر قوشۇن يوللىدى. بۇ دۈشمەننىڭ ھۇجۇمىنى توسۇش ئۈچۈن، تەڭرىقۇت ۋە شەرقىي تۈركىستان خانلىقلىرىنىڭ بىرلەشمە قوشۇنى بارىكۆل ئەتراپىدا يىغىلدى. بەن چاۋ بارىكۆلگە ھۇجۇم قىلدى. ناھايىتى شىددەتلىك ئۇرۇشلاردىن كېيىن، تەڭرىقۇت ۋە خانلارنىڭ قوشۇنى مەغلۇپ بولدى. بەن چاۋ، بارىكۆل ۋە قۇمۇل خانلىقلىرىنى بېسىۋالدى. بۇغەلىبىدىن كۆرەڭلەپ كەتكەن چىن ئىمپېراتورى، بەن چاۋغا نۇرغۇن ئەسكىرىي ياردەم يوللاپ، شەرقىي تۈركىستاننىڭ قالغان جايلىرىنىمۇ قولغا چۈشۈرۈشكە بۇيرۇق بەردى.

بەن چاۋ مىلادىنىڭ 75 ـ يىلى لولانغا ھۇجۇم قىلدى. بىرقانچە قېتىملىق ئۇرۇشلاردىن كېيىن، لولاننى بېسىۋالدى. لولان خانىنى ھۇن ئەلچىسى قاتارلىق لولاندا تۇرۇشلۇق ھۇن ئەمەلدارلىرىنى ئۆلتۈرۈپ، چىن ئىمپېراتورىغا سادىق بولىمەن دەپ قەسەمياد قىلىشقا مەجبۇرقىلدى. ئۇندىن كېيىن، بەن چاۋ جەنۇبقا يۈرۈش قىلىپ چەرچەننى بېسىۋالدى . 77. يىلى خوتەنگە ھۇجۇم قىلدى. كۆن تۇغدىخان ئۇزۇن داۋام قىلغان ئۇرۇشلار دىن كېيىن سۈلھى قىلىشقا مەجبۇر بولدى. بەن چاۋ خوتەن ئوردىسىدىكى ھۇن تەكرىقۇت ۋەكىلىنى ئۆلتۈرۈپ، چىنگە بويسۇنۇش شەرتى ئاستىدا كۆن تۇغدى خان بىلەن پۈتۈشتى. خان بۇ كېلىشمگە ئەمەل قىلىپ ھۇن ئەلچىسىنى ئۆلتۈردى ۋە چىن ھىمايىسىنى قوبۇل قىلدى. شۇنىڭ بىلەن يەركەن، قەشقەر ۋە ئۈچ خانلىرىمۇ چىنغا بويسۇندى.

بۇ ۋەقەلەردىن كېيىن، كۇچا خانى ھۇن تەكرىقۇتىدىن ياردەم ئېلىپ، قەشقەر ۋە ئۈچنى بەن چاۋ ۋە كۆن تۇغدى خاندىن تارتىۋالدى. بىر يىل ئۆتكەندىن كېيىن، بەن چاۋ قەشقەرنى تارتىۋالغان بولسىمۇ ئۈچنى ئالالمىدى. چىن ئىمپېراتورى شەرقىي تۈركىستانغا بىر ئومۇمىي ۋالى تەيىن قىلىپ بەن چاۋنى چىن ئەسكەرلىرىنىڭ باش قوماندانى قىلىپ بەلگىلىدى. ئىچكى ئىشلىرىغا مەسئۇل قىلىپ بۇرۇنقى قەشقەر خانىنىڭ ئوغلىنى قورچاق خان قىلىپ تەيىنلىدى.

مىلادىنىڭ 80 ـ يىلى كوچا، كىنگىت ۋە ئۈچ خانلىرى كۆنخان بىلەن بىرلىشىپ قەشقەرگە ھۇجۇم قىلدى ۋە چىن ئەسكەرلىرىنى ئېغىر ھالدا مەغلۇپ قىلىپ تامامەن دېگۈدەك يوقاتتى. چىن ئومۇمىي ۋالىسىنى كىنگىت ئەسكەرلىرى تۇتۇپ ئۆلتۈردى. بەن چاۋ ئازغىنە ئەسكەرلىرى بىلەن خوتەنگە قاچتى. بۇ ئېغىر مەغلۇبىيەتتىن كېيىن چىن ئىمپېراتورى مىڭتى، بەن چاۋنى قالغان ئەسكەرلىرىنى ئېلىپ چىنغا قايتىشنى بۇيرۇدى. بەن چاۋ قايتىشقا ھازىرلىنىپ تۇرغىنىدا، كۆن تۇغدى خان كېلىپ، ئۇنى قايتىشتىن توساپ قالدى. چۈنكى، ئۇ كوچا ۋە كىنگىت خانلىرىنىڭ ئىنتىقام ئېلىشىدىن قورقاتتى. بۇنى ئاڭلىغان چىن ئىمپېراتورى، بەن چاۋغا بىر مىقدار ئەسكەر يوللاپ، ئۇنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشىنى داۋاملاشتۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بەن چاۋ، كۆچ توپلاپ مىلادى 85. يىلى قەشقەرنى قايتا بېسىۋالدى.

ئۈچ، كوچا ۋە كىنگىت خانلىرى بىلەن بەن چاۋ ئوتتۇرىسىدا داۋاملىق ئۇرۇش بولۇپ تۇردى. مىلادىنىڭ 90 ـ يىلى باختىر(باكترىيە) ۋە ھىندىستاننىڭ پادىشاسى بولغان ۋىما كادفايىسىز (كادىپىس) 70.000 كىشىلىك زور بىر قوشۇننى تۈركلەرگە ياردەم بېرىش ئۈچۈن، بەن چاۋ نىڭ ئۈستىگە يوللىدى. ئۇزۇن ۋە تاغلىق يوللاردىن مېڭىپ قاتتىق ھېرىپ كەتكەن بۇ ئەسكەرلەر ئۇرۇشتا قاتتىق مەغلۇپ بولدى. قوماندانى ئۆلدى ۋە ساق قالغان ئازراق ئەسكەرلىرى قايتىپ كەتتى (بۇنى تۆۋەندە تەپسىلى بايان قىلىمىز).

بۇ ھادىسە، چىننىڭ ئاچكۆز ۋە تاجاۋۇزچىلىق ھەۋىسىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇۋەتتى ۋە چىن

ئەسكەرلىرى تۈركۈملەپ ئارقا ـ ئارقىدىن كەلگىلى باشلىدى. مىلادى 91 ـ يىلى بەن چاۋ كۇچانى ۋە ئۈچىنى بېسىۋالدى. لېكىن، قانچە قىلسىمۇ كىنگىت خانلىقىنى بويسۇندۇرالمىدى ۋە ئۇرۇش داۋام قىلىۋەردى. ئىلىدىكى ئۇيسۇن خانى مۇستەقىل بولسىمۇ، چىن ئىمپېراتورى بىلەن مۇناسىۋىتى يېقىن ئىدى. بەزى رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، كۈيشوغلى ھەم ياردەمچىسى ئىدى. دېمەك، چىنلىقلارغا بويۇن ئەگمەي قىلىچ كۈچى بىلەن تاقابىل تۇرۇپ، مۇستەقىللىقىنى ساقلاپ تۇرغان، بىرلا قاراشەھەر خانلىقى ئىدى. بەن چاۋ كۇچانى مەركەز قىلىپ، چىن ئاسارىتىدە قالغان خانلار ئۈستىدە ھۆكۈمرانلىقىنى يۈرگۈزۈپ ئومۇمىي ۋالى سۈپىتى بىلەن مىلادىنىڭ 102 ـ يىلىغىچە شەرقىي تۈركىستاننىڭ كۆپ قىسمىنى ئىشغال قىلىپ تۇردى. ئامما، بۇ چاغلاردا كىنگىت بىلەن ئۇرۇش داۋام قىلماقتا ئىدى. بەن چاۋ 103 ـ مىلادىدا چىنگە قايتتى. ئورنىغا ئوغلى بەن يۇڭ ئومۇمىي ۋالى بولدى.

بەن چاۋ كەتكەندىن كېيىن، خوتەن (ئۇدۇن) ۋە يەركەن خانلىرى مۇستەقىللىق ئېلان قىلدى. بۇ نىڭ بىلەن بەن يۇڭنىڭ قولىدا، يالغۇز قەشقەر، ئۈچ. روران، قوچۇ ۋە كۇچا قاتارلىق جايلار قالدى. بەن يۇڭنىڭ كۈچى كۈندىن ـ كۈنگە ئاجىز لاشماقتا ئىدى.چىن تارىخلىرىغا كۆرە، بۇخانلىقلارنىڭ بىر قىسمى ئۆز كۈچلىرى بىلەن بىر قىسمى ھۇن تەڭرىقۇتىنىڭ ياردىمى بىلەن چىن ھاكىمىيىتىدىن قۇتۇلۇپ مۇستەقىللىق ئېلان قىلغان. يەنە چىن تارىخلىرىدا، بۇ جەرياندا چىننىڭ غەرب بىلەن بولغان تاشقى سودا ـ تىجارىتىگە دەخلى يەتمىگەن. يەنى، مۇستەقىل بولغان بۇ خانلار چىننىڭ تىجارەت ماللىرىنى ئۆتكۈزۈشكە رۇخسەت قىلغانلىقىنى تىلغا ئالغان.

يۇقىرىقى ھادىسەلەردىن مىلادىنىڭ 73 ـ ۋە 103 ـ يىللىرى ئارىسىدا شەرقىي تۈركىستاننىڭ بىر ئۇرۇش مەيدانىغا ئايلانغانلىقىنى كۆرىمىز. بۇ جەرياندا چىن ئىستىلاسى ھېچبىر زامان ئۇزۇن مۇددەت يۇت تېرەپ تۇرالمىغان. بەن چاۋ خوتەن خانى بىلەن كۇچا خانى ۋە باشقا خانلارنىڭ ئۆز ئارىسىدىكى زىددىيىتىدىن پايدىلىنىپ، ئۇلارنى بىر ـ بىرىگە ئۇرۇشقا سېلىپ قويىدى. شۇنىڭ بىلەن شەرقىي ـ تۈركىستاندا 30 يىل داۋام قىلغان بۇ قانلىق ئۇرۇشلارنى ئېلىپ بېرىپ، شەرقىي تۈركىستاننىڭ بىرقىسىم جايلىرىنى قىسقا بىر مەزگىل ئىشغال قىلغان بولسىمۇ بەن چاۋ قايتىپ كەتكەندىن كېيىن. مىلادى 103 ـ يىلىدىن باشلاپ، بۇ ئىستىلانىڭ ئۆمرى تۈگىگەن. بىز بۇ 30 يىللىق مەزگىلنى «شەرقىي تۈركىستان بىلەن چىن ئوتتۇرىسىدىكى 30 يىللىق ئۇرۇش» دەپ ئېيتىمىز. شۇنداقلا بەزى تارىخ كىتابلىرىدا تەپسىلى جەريانىنى سۆزلىمەي «بۇ مەزگىل ئىچىدە شەرقىي تۈركىستان چىن ئىستىلاسى ئاستىدا ئىدى» دەپ يازغانلىقىغا ئېتىبار قىلمايمىز. ئافغانىستان تارىخىدا، ۋايىما كادىپىسىنىڭ بۇ ئېغىر مەغلۇبىيىتىدىن كېيىن، ياۋچى پادىشالىرى چىن ئىمپېراتورىغا مىلادى 103 ـ يىلىغىچە خىراج (باج ـ سېلىق) تۆلەشكە مەجبۇر بولغان. شۇ تارىختا كانىشكاي (كانىشكا) چىن ئەسكەرلىرىنى مەغلۇپ قىلىپ، شەرقىي تۈركىستاننى ئالغان دەپ، بايان قىلىنغان. ئەمما، چىن تارىخلىرىدا بۇسۆز يوق. لېكىن زامانىمىزدىكى

تارىخ كىتابلىرىنىڭ بىرلىككە كەلگەن پىكىرلىرىدە، مىلادى 130 ـ يىلىدىن بۇرۇن شەرقىي تۈركىستاندا كۈچلۈك بىر چىن نۇپۇزى پەيدا بولغانلىقى، ھەتتا، پەرغانە ۋە سۇغد ئۆلكىلىرىگە قەدەر چىن ئەسكەرلىرى كىرگەنلىكىنى مۇجمەل بىر سۈرەتتە بايان قىلىدۇ. ئەمما، تەپسىلى ئەھۋاللەر مەلۇم ئەمەس.

3 ـ پەسىل

## قوشخان ئىمپېراتورلۇقى

يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك ياۋچىلار باكترىيە، يەنى بەلخ، تاخارىستان (بەدەخشان ۋە قەتەغەن) ۋە سوغد(سەمەرقەنت ۋە بۇخارا) قاتارلىق جايلارنى ئىشغال قىلىپ، ئۇيەردىكى ساكا(ساقا) تۈركلىرىنى ھەيدەپ چىقىرىپ، بۇئۆلكىلەردە بەش مۇستەقىل خانلىق قۇرۇپ چىقتى. ھۇن تەگرىقۇتى كۈچلۈك بولغان چاغلاردا ئۇنىڭ ھىمايىسى ئاستىغا كىردى. تەخمىنەن مىلادىنىڭ 40 ـ يىلى ياۋچىلارنىڭ باكترىيەدىكى قوشخان قەبىلىسىنىڭ خانى كادپىسىس (كادفايسىز) باشقا پۈتۈن ياۋچىلارنى بويسۇندۇرۇپ، شىمالىي ئافغانىستاندا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان يۇنانلىقلارنى يوقىتىپ، چېگرىسى ھىندۇقۇش تاغلىرىغىچە كېڭەيگەن قوشخان ئىمپېراتورلۇقىنى قۇرۇپ چىقتى. باكتىر(بەلخ) شەھىرىنى مەركەز قىلدى. ياۋرۇپا ۋە چىن تارىخلىرىدا بۇ ئىمپېراتورلۇق «كۇشان ئىمپېراتورلۇقى» دەپ ئاتىلىدۇ. كادپىسىس مىلادىنىڭ 50 ـ يىلى كاپىسا(قەدىمكى كابۇل) قەندىھارنى ئۇنىڭدىن كېيىن، ھېرات ۋە سىستان قاتارلىق شەھەرلەرنى ئىگەللىدى. ھىندىستانغا يۈرۈش قىلىپ جېھلىم دەرياسىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى جايلارنى بېسىۋالدى. كادپىسىس مىلادى 78 دە ئۆلدى. ئوغلى«كادپىسىس II » ئۇنىڭ ئورنىغا تەختكە چىقتى ۋە ھاكىمىيىتىنى سىند دەرياسى بويىغا قەدەر كېڭەيتتى. بۇ جايلاردىكى پۈتۈن ساقالارنى ئۆزىگە تەۋە قىلدى. شەرقىي تۈركىستان بىلەن چىن ئوتتۇرىسىدىكى 30 يىللىق ئۇرۇش مەزگىلى ۋايىما II ـ كادپىسىس زامانىسىغا توغرا كېلىدۇ. چىن ئىمپېراتورىنىڭ تۈرك خانلىرىغا قارشى ئېلىپ بارغان تاجاۋۇزچىلىق ھەرىكەتلىرى ۋە بىرقانچە خانلىقلارنى بېسىۋالغانلىقى كادپىسىسنى ئەندىشىگە سېلىپ قويدى.

كادپىسىس ئۆزىنى چىن ئىمپېراتورى بىلەن تەڭ كۆرەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، مىلادىنىڭ 90 ـ يىلى چىنغا بىرئەلچى ئەۋەتتى. ئۇنىڭدىن ئىمپېراتورغا خەت يېزىپ، تۈرك خانلىرىغا قىلىۋاتقان تاجاۋۇزچىلىقىنى دەرھال توختىتىش ۋە چىن ئىمپېراتورلىرىنىڭ تۈرك خاقانلىرىغا قىز تارتۇق قىلىش ئەنئەنىسىگە بىنائەن ئىمپېراتور قىزىنى بېرىشىنى، تەلەپ قىلدى. ئەلچى قەشقەرگە كەلگەندە بەن چاۋ ئۇنى تۇتۇپ قاماپ قويدى. كېيىنچە قويۇپ بېرىپ، چىنگە بارغۇزماي باكترىيىگە ھەيدىۋەتتى. بۇنى ئاڭلىغان كادپىسىس دەرھال «سى» ئىسىملىك قوماندانىنى 70,000 كىشىلىك بىر قوشۇن بىلەن بەنچاۋنىڭ ئۈستىگە يوللىدى. بۇ قوشۇن ھازىرقى ۋاخان ۋە تاشقورغاننىڭ يامان تاغلىق يوللىرى بىلەن يۈرۈپ، مىڭبىر مۇشەققەتتە

قەشقەرگە كەلدى. ئەسكەرلەر ئۇزۇن ۋە مۇشەققەتلىك يولدا قاتتىق چارچاپ كەتكەنلىكتىن بەنچاۋنىڭ ئەسكەرلىرىدىن قاتتىق زەربە يەپ مەغلۇپ بولدى. قوماندان ئۆلدى. 70,000 كىشىدىن ئازراق كىشى ساق قۇتۇلۇپ، قېچىپ كەتتى. بۇ ئېغىر يېڭىلىش نەتىجىسىدە كادپىسىس چىن تاجاۋۇزىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن سۇلھى قىلىپ چىنگە باج تۆلەشكە مەجبۇر بولدى. بۇنداق باج بېرىپ تۇرۇش مەجبۇرىيىتى كانىشكانىڭ زامانىسىغىچە داۋام قىلدى. يۇقىرىدىكى ۋەقەلەر ئافغانىستان تارىخلىرىدا تەپسىلى بايان قىلىنغان بولسىمۇ، چىن مەنبەلىرىدە بۇ ھەقتە مەلۇمات يوق.

مىلادى 110 ـ يىلى ۋايماكادپىسىس ئۆلدى. ئورنىغا ئوغلى بەزى رىۋايەتلەرگە قارىغاندا نوغقىنى كانىشكا تەختكە چىقتى.كانىشكا تازا سىياسەتچى ۋە جاھانگىرتەبىئەتلىك بىرئادەم ئىدى. تەختكە چىقىش بىلەن تەڭ چىنگە بېرىدىغان سېلىقنى توختاتتى. ھىندىستانغا يۈرۈش قىلىپ، گانگى دەرياسىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى يەرلەرنى ئىشغال قىلدى. ھىندىستاندىكى بىرقانچە يەرلىك خانلىقلارنى يوقىتىپ كەشمىرنىمۇ ئىگەللىدى ۋە باكتىردە بىرسىنى ۋالى تەيىن قىلىپ، قويۇپ پايتەختى پۇرۇشپۇر(ھازىرقى پىشاۋۇر) غا قايتىپ كەتتى(تەپسىلى مەلۇماتلار ئۈچۈن ھىندىستان ۋە ئافغانىستان تارىخلىرىغا قاراڭ).

## ئالتى شەھەرنىڭ قۇشخان دۆلىتىگە تەۋە بولغانلىقى

مىلادى 150ـ يىلىغا قەدەر بولغان ئارىلىقتا يۈزبەرگەن ۋەقەلىكلەر ھەققىدە قولىمىزدا تولۇق مەلۇمات يوق. لېكىن، 2 ـ ئەسىرنىڭ ئەڭ قۇدرەتلىك تۈرك ئىمپېراتورى بولغان قۇشخان (كۇشان) لارنىڭ مەشھۇر پادىشاسى كانىشكا شەرقىي تۈركىستانغا يۈرۈش قىلىپ، ئالتى شەھەرنى قول ئاستىغا كىرگۈزگەنلىكى سىياسى جەھەتتە مۇھىم بىرھادىسە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى، شەرقىي تۈركىستاننىڭ تارىخىدا بىر بۇرۇلۇش دەۋرى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. چۈنكى، بۇ دەۋردە شەرقىي تۈركىستاندا دىن ۋە مەدەنىيەت ساھاسىدا زور ئىنقىلاب مەيدانغا كەلدى. بۇلارنىڭ مۇھىملىرىدىن بىرئاز سۆزلەپ ئۆتىمىز.

كانىشكا مىلادى 130 ـ يىلىدىن باشلاپ ئۆگۈز نىڭ شىمالى تەرىپىدىن بېسىپ كىرىپ، چىن ئەسكەرلىرى بىلەن توقۇنۇش باشلاندى. مىلادى 150 ـ يىلىغا كەلگەندە، قۇدرەتلىك بىر قوشۇن تەشكىللەپ، شەرقىي تۈركىستانغا ھۇجۇم قىلدى. ۋاخان يولى بىلەن مېڭىپ، تاغدۇمباش ئارت (ۋاغجىر داۋانى) دىن ئېشىپ، سىرىق قولنى ئىگەللىدى. ئۇندىن كېيىن، قەشقەرگە ھۇجۇم قىلىپ، ئۇ يەردىكى چىن ئەسكەرلىرىنى پۈتۈنلەي تار ـ مار قىلىپ قەشقەر، يەركەن، خوتەن ۋە ئۈچ قاتارلىق خانلىقلارنى ئۆزىگە تەۋە قىلدى. بۇ خانلىقلارنى كېيىنچە يۈز ئۆرۈپ ئاسى بولۇپ كەتمىسۇن دەپ، بۇلارنىڭ بىردىن ئوغۇللىرىنى ئۆزى بىلەن گۆرۈ ئېلىپ، پايتەختى پىشاۋۇرغا قايتتى.

كانىشكا گۆرۈ ئالغان بۇخانزادىلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىپ پادىشالارغا لايىق كۈتۈۋالدى. بۇلارنى يازدا كاپىسا(هازىرقى كابۇل) دا، قىشتا بولسا قەندىھاردا ساقلىدى.

مەن بۇ يەردە قۇشخان ئىمپېراتورلۇقىنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا تىگىشلىك قىسىملىرى ئۈستىدە، ۋەقەلىكلەرنى ئافغانىستان ۋە چىن تارىخلىرىدىن ئېلىپ مۇھتەرەم كىتابخانلارغا تەقدىم قىلمەن (قۇشخان دۆلىتىنىڭ كانىشكا دەۋرىدىكى كېڭەيگەن دۆلەت تېرىتورىيەسى 4 ـ خەرىتىدە كۆرسىتىلدى).

## قۇشخانلار دەۋرىدە شەرقىي تۈركىستاندا دىن ۋە مەدەنىيەت

شەرقىي ۋە غەربىي تۈركىستاندا، ياۋچى ۋە ساقا تۈركلىرى ئىچىدە كانىشكا دەۋرىگىچە قەدىمكى تۈرك دىنى تويىن دىنى راۋاج تاپقان. باكترىيە ئۇ دەۋردە ياۋچىلارنىڭ سىياسى مەركىزى بولۇپلا قالماستىن، ئەينى زاماندا دىنى مەركىزى ھېساپلىناتتى. باكترىيە دىكى«نوبار» دەپ، ئاتالغان ئىبادەتخانە تويىن دىنىنىڭ ئەڭ مۇقەددەس مەئبىدى ئىدى. ئىران تارىخلىرىدا بۇ ئىبادەتخانە «نەۋباھار» دېگەن نام بىلەن مەشھۇردۇر. بۇ ئىبادەتخانە يەفتىللەر(ئېفتالىتلار) نىڭ مۇنقەرىز بولۇشىغا قەدەر تويىن، شامان ۋە بۇددا دىنلىرى ئۈچۈن، بىردىن ئايرىم بۆلۈملىرى بولغان بىرچوڭ ئىبادەتخانە ئىدى. يەفتىللەر مۇنقەرىز بولغاندىن كېيىن، نوشىرۋان بۇ ئىبادەتخانىنى مەجۇسىلەرنىڭ «ئاتەشگىدىسى» (ئوتقا چوقۇنىدىغان ئىبادەتخانىسى) قىلغان. ئىسلام دەۋرىگە كەلگەندىمۇ، مەجۇسىلارنىڭ ئەڭ مۇقەددەس جايى بولۇپ ھېساپلىناتتى. ھىجرى 4 ـ ئەسىردە يىقىلدى. كانىشكا ھىندىستاننىڭ «پەتنە» دېگەن جايىنى ئالغان چاغدا، بۇجايدىكى بۇددا دىنىنىڭ مەشھۇر پېشۋاسى ئاسۇگۇشا نىڭ تەشەببۇسى بىلەن بۇددا دىنىنى قوبۇل قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۆزىگە تەۋە بولغان پۈتۈن يۇرتلاردا بۇدىنىنىڭ تارقىلىشى ۋە راۋاجلىنىشى ئۈچۈن كۆپ كۈچ چىقاردى. نەتىجىدە، بۇددا دىنى رەسمىي دۆلەت دىنىغا ئايلىنىپ ئافغانىستان، باكترىيە، سوغد ۋە تاخارىستان قاتارلىق جايلاردا تازا راۋاج تاپتى. شەرقىي تۈركىستاندا بۇددا دىنىنىڭ تەرەققى قىلىشى شۇنچىلىك چاپسان بولدىكى، قىسقىغىنە بىر ۋاقىت ئىچىدە بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغۇچىلارنىڭ سانى تويىن دىنىغا ئېتىقاد قىلغۇچىلاردىن كۆپ ئېشىپ كەتتى. بۇددا دىنىنىڭ مۇھىم مۇقەددەس كىتابلىرى شەرقىي تۈركىستان مۇھەررىرلىرى تەرەپىدىن تۈركچىگە تەرجىمە قىلىندى ۋە ئۇيغۇرھەرپى بىلەن يېزىلىپ نەشر قىلىندى.كانىشكا نىڭ تەكلىپى بىلەن، بۇددا راھىپلىرى شەرقىي تۈركىستانغا كېلىپ

دىن تارقىتىش پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ باردى.«ئافغانىستان تارىخى» غا كۆرە، «ئۇدۇن بۇددا دىنىنىڭ مەركىزى بولغان. ئۇدۇندا 100گە يېقىن بۇددا ئىبادەتخانىلىرى بولۇپ بۇلاردا 5000 بۇددا راھىپلىرى بارئىدى». يەنە بىر چىن سەيياھىمۇ ئۆز ساياھاتنامىسىدا يۇقىرىقىغا ئوخشاش ئەھۋالنى بايان قىلىدۇ.[24]

چىن تارىخلىرىغا كۆرە، كانىشكانىڭ دەۋرىتى بىلەن شەرقىي تۈركىستانغا كەلگەن بۇددا راھىپلىرىنىڭ ئاتاغلىقراق بولغىنى كۇماراجىۋا ئىدى. رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، بۇ راھىپ كۇچادا ئولتۇرغان ۋەكۇچا خانىنىڭ قىزى بىلەن ئۆيلەنگەن ئىكەن. يەنە چىن رىۋايەتلىرىگە قارىغاندا، شەرقىي تۈركىستان شۇ چاغلاردا، ھىندىستاندىن قالسا بۇددا دىنىنىڭ ئىككىنچى مەركىزى ئورنىدا ئىدى. بۇددا دىنىنى تارقىتىش ئۈچۈن، ئۇدۇن، قەشقەر ۋە كۇچا دىن نۇرغۇن راھىپلار شۇ چاغدىكى چىن پايتەختى بولغان لوياڭ (ھازىرقى خېنەندە) غا بارغان ۋە بۇ جايلاردا كۆپلىگەن بۇددا ئىبادەتخانىلىرىنى بىنا قىلغان. كېيىنچە، قوجۇ(تۇرپان) بۇددا دىنىنىڭ تازا راۋاج تاپقان يەرلىرىدىن بىرى بولدى. شەرقىي تۈركىستان راھىپلىرىنىڭ شەرقتىكى مەملىكەتلەرگە بېرىپ تەبلىغ قىلىشلىرى بىلەن ئورخۇن ۋە سېلىنگا دەرياسى بويلىرىدىكى ئۇيغۇرلارمۇ بۇددا دىنىنى قوبۇل قىلدى.

دىنىي ئېتىقاد جەھەتتە بۇ باغلىنىشلار سايىسىدە ھىندىستان، ئافغانىستان ۋە چىن خەلقلىرى ئوتتۇرىسىدا بىر يېقىنلىق پەيدا بولدى. نەتىجىدە، بۇ يېقىنلىق يالغۇز دىن بىلەنلاچەكلىنىپ قالماي بەلكى بۇ مەملىكەتلەرنىڭ مەدەنىيەت، سەنئەت ۋە سانائەت قاتارلىق جەھەتلىرىدە بىر - بىرگە كۆپ تەسىر كۆرسەتتى. ھىندىستاندىن كۆپلىگەن سەنئەت ئەربابلىرى شەرقىي تۈركىستانغا كەلگىلى باشلىدى. بۇ ئەھۋال شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئۆز سانائىتىنى راۋاجلاندۇردى ۋە ھىندىستان سەنئىتىنىمۇ بۇ يەرلەردە تەرەققى قىلدى.

خوتەن خەلقى ھىندىستانغا ئەڭ يېقىن قاتناش يولىنى كەشپ قىلدى. بۇنىڭ بىلەن ھىندىستانغا بېرىش - كېلىش كۆپەيدى ۋە سودا- تىجارەت كارۋانلىرى قاتناشقا باشلىدى. بۇ ھەر ئىككى تەرەپنىڭ تىجارەت تەرەققىياتىنى ئالغا سۈردى. شەرقىي تۈركىستاندىن چىنگە بارغانلار، بىدە ئۇرۇقى ۋە تال كۆچەتلىرىنى ئېلىپ بېرىپ، چىنلىقلارغا بىدە تېرىشنى ئۈزۈملۈك باغ يېتىشتۈرۈشنى ئۆگەتتى. شەرقىي تۈركىستاندىن چىنگە باغان رورانلىق «شايلۇن» ئىسىملىك بىر كىشى، چىندىن قەغەزچىلىك سەنئىتىنى ئۆگىنىپ كېلىپ، شەرقىي تۈركىستاندا قەغەزچىلىك سەنئىتىنى يايدى. ھازىرخوتەن ۋە يەركەندە راۋاجلانغان قەغەزچىلىك، مانا شۇ زاماندىن قالغان قەدىمكى سەنئەتنىڭ ئۆزىدۇر. چىن تارىخلىرىغا قارىغاندا روراندا، قەغەزچىلىك مىلادىنىڭ 105 ۋە 150 - يىللىرى تازا تەرەققى قىلغان ئىكەن.

24 چىننىڭ ئاتاغلىق بۇددا راھىبى فاشيەن ساياھەت قىلىپ، ئۇدۇنغا(خوتەنگە)كەلگەن. قايتىشتا كەشمىر يولى بىلەن ھىندىستانغا كەتكەن. ئۇ ساياھەت خاتىرىسىدە مۇنداق دەپ يازىدۇ : «ئۇ چاغلاردا ئۇدۇن بۇددا دىنىنىڭ جەننىتى ئىدى. غايەت چوڭ ۋە زىننەتلەنگەن ئىبادەتخانىلار بولۇپ، بۇلاردىن بىرىدە 5000 راھىپ بار ئىدى( مۇئەللىپنىڭ ئىزاھاتى).

شۇنداق قىلىپ، دىنىي ئېتىقاد بىرلىكى نەتىجىسىدە ئۆزئارا، زىيارەتلەر ۋە بېرىش - كېلىشلار كۆپىيىپ، شەرقىي تۈركىستاندىن ھىندىستان ۋە چىن قاتارلىق جايلارغا بارغانلار ئۇيەرلەردە تۈركىستان مەدەنىيىتىنى تارقاتتى ۋە ئۇلاردىكى سانائەت، ئىلىم ۋە باشقا مەدەنىيەت ئامىللىرىنى ئېلىپ كەلدى. مانا، بۇ ئەھۋال يۇرتىنىڭ مەدەنىيىتىدە مۇھىم ئۆزگىرىشنى ۋە يېڭىلىقنى، يەنى، بىر ئىنقىلابنى مەيدانغا كەلتۈردى.

## شەرقىي تۈركىستاندا قۇشخانلارنىڭ تەسىرى يوقىلىپ، يەرلىك خانلارنىڭ مۇستەقىل بولغانلىقى

كانىشكا مىلادى 140 - يىلى ۋاپات بولدى. ئورنىغا ئوغلى ھۇشكا (ھۇۋىسكا) پادىشا بولدى. بۇنىڭ زامانىسىدا شەرقىي تۈركىستاندا ھېچقانداق بىر ئۆزگىرىش بولمىدى. ھۇۋىسكا تەخمىنەن مىلادى 172 - يىلى ئۆلگەندىن كېيىن، ئورنىغا ۋاسودېۋا دېگەن زات پادىشا بولدى. ۋاسودېۋا بىلەن ئىران شاھلىرى(ساسانىلار) ئوتتۇرىسىدا داۋاملىق ئۇرۇش بولۇپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھىندىستاندىكى بەزى راجالار ئىسيان كۆتۈرۈپ مۇستەقىللىق ئېلان قىلدى. نەتىجىدە، قۇشخان دۆلىتى ئاجىزلاشقىلى تۇردى. ئەمما، ئالتە شەھەردىكى قۇشخانلار ھاكىمىيتى يەنىلا كۈچىنى يوقاتمىغانىدى. ۋاسودېۋا نىڭ مىلادى 220 - يىلى ۋاپات بولۇشى بىلەن ئالتە شەھەر خانلىرىمۇ مۇستەقىللىق ئېلان قىلدى. ئالتە شەھەر خانلىقلىرىنىڭ بۇ مۇستەقىللىقى، ھېچقانداق بىرباشقا ھاكىمىيەتنىڭ تەسىرى ئاستىغا كىرمەستىن، تاكى ئۇلارنىڭ سىيانپى ئىتتىپاقىغا كىرىشىگە قەدەر 140 يىل داۋام قىلدى.

4 - پەسىل

# سىيانپى بىرلەشمە دۆلىتى

## چىن ئىستىلاسىدىن سىيانپى ئىتتىپاقىغا ئۆتۈش ئارىلىقىدىكى دەۋردە شەرقىي تۈركىستاننىڭ شەرق ۋە شىمال قىسىملىرى

يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك، مەشھۇرچىن قوماندانلىرىدىن بەن چاۋ شەرقىي تۈركىستاننىڭ شەرقىنى ئىستىلا قىلغان تارىختىن باشلاپ، قوچۇ، بارىكۆل، روران ۋەكىنگىت قاتارلىق جايلار ھەققىدە ئېنىقلىق مەلۇمات يوق. ئۇ تارىختىن باشلاپ مىلادىنىڭ 220 - يىلىغىچە بولغان زامان، خەن سۇلالىسىنىڭ ئەڭ كۈچلەنگەن دەۋرى بولۇپ، موغۇلىستان ۋە ئالتايدىكى تۈرك خانلىقلىرى چىنگە باج - سېلىق تۆلەپ تەۋەلىك ۋەزىيەتتە ئىدى. مانا بۇنىڭغا قاراپ، شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئۇ قىسىملىرىنىڭمۇ چىن ئىستىلاسى ئاستىدا بولۇشى كېرەك دەپ، گۇمان قىلىنىدۇ. ئىلى، ئىسسىقكۆل ۋە يەتتەسۇ خانلىقلىرىنىڭ مۇستەقىل ئىكەنلىك ئېھتىمالى كۈچلۈك. ئىمىل (تارۇتاي) ۋە ئىككى -

ئۆگۈز(هازىرقى ئالتاي) خانلىقلىرى چىن ئىمپېراتورلۇقىنىڭ ھىمايىسى ئاستىدا، موغۇلىستاندا دۆلەت قۇرغان سىيانپى تۈركلىرىگە تەۋە ئىدى.

ملادى 220 ـ يىلى، خەن خاندانى يىقىلىپ چىندىكى ئىككى تۈرك ۋە بىر چىن دۆلەتلىرىنىڭ ئىچكى ئۇرۇشلىرى نەتىجىسىدە شەرقىي تۈركىستاننىڭ بۇ قىسمى تامامەن مۇستەقىل بولدى. بۇلارغا قارىغاندا ئالتى شەھەرخانلىقلىرىنىڭ قۇشخانلار نۇپۇزىدىن قۇتۇلۇشى ۋە شەرقىي تۈركىستاننىڭ شەرقىي قىسمىدىكى خانلىقلارنىڭ چىن نۇپۇزىدىن قۇتۇلۇشى تەخمىنەن بىرلا ۋاقىتتا بولغان. بۇلار 140 يىلغا يېقىن مۇستەقىل ياشىدى.

## سىيانپى تۈركلىرىنىڭ مۇستەقىللىقى ۋە شەرقىي تۈركىستان

شىمالىي هۇن دۆلىتى يىقىلغاندىن كېيىن، سىيانپى تۈركلىرىنىڭ ئالتاي ۋە تانىئۇئۇلا تاغلىرى ئارىسىدا يەرلەشكەنلىكىنى يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتتۇق. موغۇل تارىخلىرىدا، مانجۇرىيە ۋە شەرقىي موغۇلىستاندىكى تۈركلەرنى ئومۇمەن «تاتار» دەپ ئاتايدۇ. چىن تارىخچىلىرى بۇلارنى «تونگوز» (تۇڭگۇس) دەپ ئاتايدۇ. لېكىن، بۇلار ئەسلىدە تۈركلەر جۈملىسىدىن بولۇپ، يۇرتى قەدىرخان تاغلىرىنىڭ سىيانپى جىلغىسىدا بولغانلىقتىن بۇلار تارىختا «سىيانپىلار» دەپ ئاتالدى. هازىرقى تارىخ كىتابلىرىدىمۇ« سىيانپى تۈركلىرى» دەپ، زىكىر قىلىنماقتا. سىيانپىلار ئالتاي تاغلىرىغا كەلگەندىن باشلاپ، چىن ئىمپېراتورلۇقىنىڭ ھىمايىسى ئاستىدا دۆلەت قۇرۇپ، بارا ـ بارا يۇرتلىرىنى كېڭەيتىپ، شىمالى هۇن دۆلىتىگە تەۋە جايلارنىڭ كۆپ قىسمىنى ئىگەللىدى.

خەن ئىمپېراتورلۇقىنىڭ مۇنقەرىز بولۇشى بىلەن تەڭ چىندە ئىسيان كۆتۈرۈلۈپ، قالايمىقانچىلىق يۈزبەرگەندە بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، سىيانپى خانى شىمالىي موغۇلىستاننى بېسىۋالدى. ملادىنىڭ 225 ـ يىلى مۇستەقىللىق ئېلان قىلىپ، ئۆزىنى «تەڭرىقۇت» ئېلان قىلدى. لېكىن بۇ چاغدا جەنۇبىي هۇنلارمۇ مۇستەقىللىق ئېلان قىلىپ، شىمالىي چىننى ۋە كۆك دەريا (چاڭجياڭ) نىڭ شىمالىنىمۇ ئۆز تەۋەلىكىگە ئېلىپ، لياۋ خانلىقىنى قۇرغانىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، سىيانپىلار شەرق ۋە جەنۇپقا كېڭىيەلمەي، يەتتەسۇ ۋە ئىلىنى ئىگەللەپ تۇردى. بۇ هال 100 يىلدىن كۆپرەك داۋام قىلدى. ملادىنىڭ 350 ـ يىلى مانجۇرىيەدىكى توپا تۈركلىرى لياۋ خانلىقىنى مۇنقەرىز قىلدى. كېيىنچە توپالارنىڭ ئىچكى قىسمىدا ماجرالار تۇغۇلۇپ، ئۆز ئارا جىدەل باشلىدى. بۇ قالايمىقانچىلىقتىن پايدىلانغان سىيانپى خانى فۇخان (چىنلىقلار بۇنى بوزۇپ «فوكېئىن» دەپ تەلەپپۇز قىلىدۇ) ملادى 351 ـ يىلى،گەنسۇ ۋە شەنشى ئۆلكىلىرىگە هۇجۇم قىلىپ، بېسىۋالدى ۋە ئۆزىنى چىن ئىمپېراتورى ئېلان قىلدى. توپالار بىلەن ئۇرۇشۇپ، ئۇلارنى بويسۇندۇردى. تېرىتورىيەسى ملادى 381 ـ يىلغا كەلگەندە

شەرقتە ياپۇن دېڭىزى، جەنۇبدا كۆك دەريا، غەربدە ئىنجە(سىر) دەرياسى ۋە پامىر تاغلىرىغىچە يېتىپ بارغان. بەزى رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، ئۆگۈز دەرياسى ۋە ئورال كۆلىگىچە ئىدى (5 - خەرىتىگە قاراڭ).

تەڭرىقۇت فۇخان مىلادى 351 دە گەنسۇنى ئېلىپ، چاڭئەن (ھازىرقى شىئەنفۇ) نى پايتەختت قىلغاندىن كېيىن، قوجۇ ۋە روران خانلىرى تەڭرىقۇت فۇخانغا بويسۇنۇپ ئۇنىڭ ھۇجۇملىرىدىن ساقلىنىشقا مەجبۇر بولدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، مىلادى 360 - يىللىرى ئەتراپىدا بۇ ئىككى خان چاڭئەنگە بېرىپ، تەڭرىقۇتنى زىيارەت قىلدى ۋە ئۇنىڭغا بويسۇندىغانلىقلىرىنى بىلدۈردى. تەڭرىقۇت بۇ ئىشتىن كۆپ خوش بولۇپ ئالتى شەھەردىكى باشقاخانلارنىمۇ ئىتائەت قىلدۇرۇش ئۈچۈن، لوخان (چىنچە - لوگۇۋاڭ دەپ تەرجىمە قىلىندۇ) دېگەن بىر سىنىڭ قوماندانلىقىدا شەرقىي تۈركىستانغا ئەسكەر يوللىدى. ئالتى شەھەرخانلىرى، مەغلۇپ بولۇپمۇ ياكى ئۆز ئىختىيارى بىلەنمۇ، بۇلار تازا ئېنىق ئەمەس، سىيانپىلارگە بويسۇندى. شۇنىڭ بىلەن شەرقىي تۈركىستان سىيانپى تەڭرىقۇتىنىڭ ئىتائىتى ئاستىغا كىردى. لوخان، سىيانپى تەڭرىقۇتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا تۇرۇشلۇق ئومۇمىي ۋالىسى بولدى.

## شەرقىي تۈركىستاندىكى خانلىقلارنىڭ مۇستەقىللىقى

تەڭرىقۇت فۇخان مىلادى 383 - يىلى جەنۇبىي چىننى ئالىمەن دەپ، جەنۇبىي چىن دۆلىتى بىلەن ئۇرۇشقا كىرىشتى ۋە قاتىق مەغلۇپ بولدى. نەتىجىدە، قول ئاستىدىكى شىمالى چىندە ئىسيان كۆتۈرۈلۈپ بۇ يەرلەرمۇ قولىدىن كەتتى ۋە سىيانپى دۆلىتى تامامەن كۆچىنى يوقىتىپ، كونا يۇرتى بولغان ئالتاي تاغلىرىغا چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى. بۇ ۋەزىيەتتىن سىيانپىلار قول ئاستىدىكى خانلار تازا پايدىلاندى ۋە سىيانپى تەڭرىقۇتلۇقىغا قارشى ئۇرۇش ئېلان قىلدى. ئاخىرى، مىلادى 390 - يىلغا كەلگەندە شەرقىي تۈركىستان خانلىرى سىيانپىلارنى ئالتايدىن شىمالىي سىبىرىيىگەكۆچۈپ كېتىشكە مەجبۇرقىلدى. شۇ نىڭ بىلەن ئۇ ئۇلۇغ تۈرك دۆلىتى ، سەل ئېقىتىپ كەتكەندەك يوق بولۇپ كەتتى. شەرقىي تۈركىستانغا سىيانپىلارنىڭ ئومۇمىي ۋالىيسى قىلىپ قويغان لوخان بىرقىسىم ئادەملىرى بىلەن كۇكۇ(كۆككۆل) غا قېچىپ بېرىپ شۇ يەردە كىچىك بىر دۆلەت قۇردى. 14 يىل ياشىغان بۇ دۆلەتنى، چىن تارىخلىرىدا «خوۋلياڭ» (كېيىنكى لياڭ) خانلىقى دەپ يازىدۇ. مانا، شۇنداق قىلىپ، شەرقىي تۈركىستان خانلىقلىرى مىلادى 386 - دە ھەربىرى ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل بولۇۋېلىپ، بۆلۈنمە خانلىقلار شەكلىدە ھۆكۈمرانلىقلىرىنى داۋام قىلدى. بۇ ۋەزىيەت مىلادى 448- يىلغىچە داۋام قىلدى. يەنى، شەرقىي تۈركىستان خانلىرىنىڭ توپا ئىمپېراتورلۇقىغا تەۋە بولۇشلىرىغا قەدەر داۋام قىلدى.

5 ـ پەسىل

## توپا تۈرك دۆلىتى

شەرقىي تۈركىستاننىڭ توپا(توبا) ئىمپېراتورلۇقىغا تەۋە بولۇپ تۇرغان ۋاقتى ئانچە ئۇزۇن ئەمەس. ئەمما، بۇ دۆلەتنىڭ تۈرك تارىخىدا قەدىمكى مەدەنىيەتلەر جەھەتتە زور ئەھمىيىتى بار. شۇنىڭ ئۈچۈن قىسقا بولسىمۇ بىرئاز سۆزلەپ ئۆتىمىز[25]:

هۇنلار دەۋرىدىن تارتىپ، هۇن تەگرىقۇتىغا بويسۇنماي قەدىرخان تاغلىرىنىڭ شىمالىدا مۇستەقىل ياشاپ كەلگەن بىر قىسىم تاتارلار «توپالار» دەپ ئاتالغان (6 ـ خەرىتىگە قاراڭ).

هۇن دۆلىتى يىقىلغاندىن كېيىن، توپالار ئاستا ـ ئاستا جەنۇبقا كۆچۈپ شەرقىي موغۇلىستانغا كېلىپ، يەرلەشتى. كېيىنچە تېخىمۇ تۆۋەنگە قاراپ مېڭىپ، سەددى چىندىن ئۆتۈپ، شەنشى ئۆلكىسىنى ئىگەللەپ،كىچىك بىر بەگلىك قۇردى ۋە بارغانسىرى كۈچلەندى. تەخمىنەن مىلادىنىڭ 300 ـ يىلى توپالارخانى ئىلۇ جەنۇبىي هۇن دۆلىتى بىلەن دۈشمەنلىشىپ، 311 ۋە 315 ـ يىللىرى ئارىدا قاتتىق ئۇرۇشلار بولدى. ئىلۇ ئۆلگەندىن كېيىن ئورنىغا خان بولغان يۇلۇ موغۇلىستان دىكى تۈرك خانلىرى ۋە سيانپىي تەگرىقۇتى بىلەن ئۇرۇشۇپ تېررىتورىيەسىنى ئالتاي تاغلىرىغىچە كېڭەيتتى (6 ـ خەرىتىگە قاراڭ). ئۇندىن كېيىن توپالارغا خان بولغان بىرزات (چىنلىقلارئۇنى «مايۇك» دەپ ئاتايدۇ) مىلادى 350ـ دە جەنۇبىي هۇن تەگرىقۇتى شايمان بىلەن ئۇرۇشۇپ، ئۇنى مەغلۇپ قىلدى ۋە شايمان ئەسىر ئېلىنىپ، ئۆلتۈرۈلدى. شۇنىڭ بىلەن جەنۇبىي هۇن تەگرىقۇتلۇقى تامامەن مۇنقەرىز بولدى. لېكىن، ئۇندىن كېيىن، توپالارنىڭ ئىچكى ئىختىلاپلىرى نەتىجىسىدە دۆلەت پارچىلاندى. مايۇكنىڭ بۇ ئاجىزلاشقان هالىدىن پايدىلىنىپ، سيانپىي تەگرىقۇتى فوخان، ئۇنى مەغلۇپ قىلىپ بويسۇندۇردى.

يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك، سيانپىلار جەنۇبىي چىن بىلەن بولغان ئۇرۇشتا مىلادى 383 ـ يىلى مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، توپالارخانى كۇيىي مۇستەقىللىق ئېلان قىلدى ۋە مىلادى 386 ـ يىلىغا كەلگەندە، سيانپىلارنى جەنۇبىي چىندىن تامامەن هەيدەپ چىقاردى ۋە ئۆزىنى شىمالىي چىن ئىمپېراتورى ئېلان قىلىپ، «ۋېي» ئۇنۋانىنى ئالدى. دۆلىتى، چىن تارىخىدا ۋېي ئىمپېراتورلۇقى دەپ نام ئالدى. سيانپىلار ئاجىزلاشقاندا، چىننىڭ پېچىلى ئەتراپىدا مۇستەقىللىق ئېلان قىلىپ، بىر دۆلەت قۇرغان ۋۇخۇۋەن يەنە بىرئىسمى «يەن» بولغان تۈرك دۆلىتىنىمۇ، ۋېي خانى مەغلۇپ قىلىپ بويسۇندۇردى. ئۇندىن كېيىن، ۋېي خانلىرى خۇنەن، شەنشى، گەنسۇ ۋە شىمالىي چىننىڭ باشقا جايلىرىنىمۇ ئىشغال قىلىپ توپا دۆلىتىنى كۆك دەرياغىچە كېڭەيتتى(6 ـ خەرىتىگە قاراڭ).

25 بەزى تەتقىقاتچىلار سيانپىي ۋە توپالارنى هۇنلار توپلۇمىدىكى «غەيرى تۈرك» كاتېگورىيەسىدە كۆرسىتىدۇ. (ن. ش. هـ.).

## قۇجۇ ۋە ئالتى شەھەرخانلىقلىرىنىڭ
## توپا ئىمپېراتورلۇقىغا قوشۇلۇشى

چىن تارىخىدىكى رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، جۇجان ئىمپېراتورلۇقى مىلادىنىڭ 429 ـ يىلى موغۇلىستاننىڭ شىمالىدىكى قىرغىزلار ۋە ئورخۇن دەرياسى بويىدىكى ئۇيغۇرلار بىلەن بىرلىشىپ، پۈتۈن موغۇلىستان، ئالتاي، غەربىي گەنسۇ ۋە كۆككۆل ئۆلكىلىرىنى ئىگەللىدى. مىلادىنىڭ 435 ـ ۋە 437 ـ يىللىرى ئارىسىدا، شەرقىي تۈركىستان خانلىرى جۇجان ئىستىلاسىدىن قورقۇپ، ئۆز ئىختىيارى بىلەن توپا ئىمپېراتورلۇقىغا قېتىلدى. تۈركچە «ئۇمۇمىي تارىخ» دېگەن ئەسەرنىڭ بەرگەن مەلۇماتلىرىغا قارىغاندا، مىلادى 448 ـ يىلى توپا(ۋېي) ئىمپېراتورلۇقى شەرقىي تۈركىستانغا ئەسكەر يوللاپ، قوچۇ ۋە ئالتە شەھەر خانلىرىنى ئۆزىگە بويسۇنۇشقا مەجبۇرقىلغان (6 ـ خەرىتىگە قاراڭ). ئەمما، بۇ قوشۇلۇش ئۇزۇن داۋام قىلمىدى. چۈنكى، ئۇ چاغلاردا تۈرك يۇرتلىرىدا ناھايىتى تېز كۈچلىنىپ، ھۆكۈمرانلىق قۇرغان جۇجان دۆلىتى، مىلادى 460 ـ يىلىغا كەلگەندە توپا ھاكىمىيىتىنى يوقاتتى.

## توپا تۈرك مەدەنىيىتى

مىلادى 5 ـ ئەسىردە شىمالىي چىندە ئىلغار بىرمەدەنىيەت ۋە تەرەققىيات دەۋرى باشلاندى. مانا، بۇ مەدەنىيەت ۋە تەرەققىيات توپا تۈركلىرىنىڭ ئەسەرى ئىدى . چىندە بۇ دەۋردە ھەربىي، سىياسىي ئىقتىسادى ۋە بىناكارلىق ـ قۇرۇلۇش ۋە باشقا مەدەنىي جەھەتلەردە ناھايىتى زور تەرەققىياتلار مەيدانغا كەلگەندى. شۇ چاغلاردا شەرقىي تۈركىستاننىڭ بىر پارچىسى بولغان ۋە ھازىرقى گەنسۇنىڭ بىرقىسمى بولۇپ قالغان دۇڭخۇاڭ دىكى تاغدىن ئويۇپ ياسالغان ئىبادەتخانىلارنىڭ مىمارلىق، ھەيكەلتاراشلىق، رەسساملىق ۋە نەققاشلىق سەنئەت ئەسەرلىرى، توپا مەدەنىيىتىنىڭ شىمالىي چىندىن ھالقىپ ئۆتۈپ، شەرقىي تۈركىستانغىمۇ يېتىپ كەلگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. چىن ۋە ياۋروپا مۇزېيلىرىدا توپالارغا ئائىت سەنئەت ئەسەرلىرى بەك تولا.

6 ـ پەسىل

## جۇجان ـ تاتار ئىمپېراتورلۇقى

جۇجان تاتارلىرى ئەسلىدە شەرقىي موغۇلىستان ۋە مانجۇرىيىدە يەرلەشكەن «تاتار» دەپ تونۇلغان تۈركلەرنىڭ بىر قەبىلىسى بولۇپ، قەدىمكى تۈرك رىۋايەتلىرىدە«گۇجان» دەپ ئاتالغان ۋە توغرىسىمۇ شۇ بولۇشى مۇمكىن. «جۇەنجۇ» ۋە «چەچەن» دېگەن ئاتالغۇلار بولسا، يازغۇچىلارنىڭ تەلەپپۇزنى بۇزۇپ يېزىشلىرىدىن بولۇش ئېھتىمالى كۈچلۈك. چىنلىقلار بۇلارنى «پوپەن» دەپمۇ يازىدۇ. بەزى ياۋروپالىق تارىخچىلار بۇلار «ئاۋار تۈركلىرى» دەپ ئاتايدۇ. بۇ ئاپئاشكارا خاتا. چۈنكى، ئاۋارلار

بۇتارىختىن خېلىلا بۇرۇن ياۋروپادا شانلىق بىرتۈرك دۆلىتى قۇرۇپ چىققان ئىدى. بىز بۇيەردە ئۇلارنى تارىختا مەشھۇر بولغان «جۇجان» ئىسمى بىلەن ئاتايمىز. مىلادى 310 ـ يىلى كىچىك بىر خانلىق شەكلىدە قۇرۇلغان بۇ دۆلەت، بارغانسىرى كۈچلىنىپ، شەرققە ۋە غەربكە قاراپ سىلجىپ، قاراقۇرۇم شەھىرىنىڭ شىمالىنى(قاختا بولۇشى كېرەك) پايىتەخت قىلدى.كېيىنچە، پۈتۈن ئالتاي ۋە ئەتراپىنى ئىگەلىگەن خاندىن تارتىپ، ئۆزىنى تەڭرىقۇت دەپ ئېلان قىلىپ، «قاغان» ئۇنۋانىنى قوللاندى. مىلادى 402 ـ يىلى تولۇن قاغان تەڭرىقۇت بولدى. مىلادى 424 ـ يىلدىن تارتىپ توپالار بىلەن ئۇرۇشقىلى باشلىدى. مىلادى 440ـ يىلى، تولۇن قاغان غەربكە يۈرۈش قىلىپ، ئىلى، يەتتەسۇ ۋە ئىسسىقكۆل ئەتراپىدىكى جايلارنى ئۆزىگە قاراتتى. بارغانسىرى ئىلگىرلەپ، ئاخىرىدا خەزەر دېڭىزى ۋە يايىق (ئورال) غىچە بولغان ئارىلىقتىكى پۈتۈن تۈرك يۇرتلىرىنى ئۆز ھاكىمىيتى ئاستىغا ئالدى.

## تولۇن قاغاننىڭ شەرقىي ۋە غەربىي تۈركىستاننى ئالغانلىقى

تولۇن قاغان، غەرپ ۋە شەرقتىكى غەلىبىلىك ئىلگىرىلەشلەردىن كېيىن، مىلادى 460 ـ يىلى جەنۇبقا يۈرۈش قىلىپ، قوچۇ ۋە ئالتە شەھەر ئۆلكىلىرىنى توپالاردىن تارتىۋېلىپ ئۆز ھاكىمىيتى ئاستىغا ئالدى. ئۇندىن كېيىن، پەرغانە ۋە سوغدىكى تۈرك خانلىرىنى ئۆزىگە تەۋە قىلدى. ئۆگۈز(ئامۇ) دەرياسىدىن ئۆتۈپ، باكتىرىدىكى قۇشخانلارنىڭ قالدۇقلىرىنى مەغلۇپ قىلىپ، ئۇلارنى كابۇل تەرەپكە چېكىنىشكە مەجبۇرقىلدى. شۇنىڭ بىلەن جۇجان ئىمپېرتورلۇقىنىڭ تېررىتورىيەسى ھۇن ئىمپېراتورلۇقىنىڭكى بىلەن تەڭلەشتى (7 ـ خەرىتىگە قاراڭ).

جۇجان ئىمپېراتورلۇقى كۈندىن كۈنگە كۈچلىنىپ، راسا كېڭىيىۋاتقان بىر پەيتتە، تولۇنخان قاغان ۋاپات بولدى. قاغانلىق جەمەتى ئىچىدە تەخت تالىشىش جېدەللىرى چىقىپ، ئىچكى ئۇرۇش باشلىنىپ كەتتى. دۆلەتنىڭ بۇرۇنقى قۇدرەت ۋە ھەيۋىتى قالمىدى. تۇخارىستان (ھازىرقى بەدەخشان ۋە قەتەغەن) دە يېڭىدىن كىچىك بىر دۆلەت قۇرۇپ چىققان يەفتىل تۈركلىرى بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ باكترىيە، سوغد ۋە پەرغانە قاتارلىق جايلارنى بېسىۋالدى.

كېيىنچە، جۇجانلار ئىچكى ئىختىلاپلىرىنى تۈگىتىپ، كۈچلەندى ۋە مىلادى 550 ـ يىلى شەرقىي تۈركىستانغا يۈرۈش قىلىپ، يەفتىللەرنى مەغلۇپ قىلىپ، شەرقىي تۈركىستاندىكى خانلىقلارنى بويسۇندۇردى ۋە بىر مەزگىل تىنىچ ياشىدى. مىلادى 555 ـ يىلى بۇ دۆلەت يىقىلىپ، ئورنىغا قۇرۇلغان كۆكتۈرك دۆلىتى شەرقىي تۈركىستاندا ھۆكۈم سۈرگىلى باشلىدى. جۇجان تاتارلىرى، توپا ۋە قۇشخان (كۇشان) لارغا قارىغاندا ئارقىدا قالغاندەك كۆرۈنسىمۇ، شۇ چاغدىكى باشقا مىللەتلەرگە سېلىشتۇرغاندا خېلى ئۈستۈن مەدەنىيەتكە ئىگە ئىدى. بولۇپمۇ ھەربىي جەھەتتە، ناھايىتى تەرتىپ ـ ئىنتىزاملىق ئىدى.

بىز باشتا سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك، تولۇنخان قاغان ھەربىي، مەمۇرىي ۋە ئىقتىسادىي ساھادا ناھايىتى داھىيانە قانۇن ۋە تەرتىپ - ئىنتىزام تۈزۈملىرىنى ئورناتقان. پۈتۈن دۆلەت خادىملىرى ئەسكەرلەر ۋە ئومۇمىي خەلقنىڭ ھەممىسى بۇ قانۇن - ئىنتىزامغا رىئايە قىلىشقا مەجبۇرئىدى. جۇجان قاغانلىرىنىڭ، شىمالىي چىندىكى ۋېي (توپا) ۋە جەنۇبىي چىندىكى چۇ ئىمپېراتورلۇقلىرى ۋە ئىراننىڭ ساسانى شاھلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرى چىن، ھىندىستان ۋە ياۋرۇپا تارىخلىرىدا تىلغا ئېلىنغان.

7 - پەسىل

## يەفتىل ئىمپېراتورلۇقى

يەفتىللەر سەددى چىننىڭ شىمالىدا ئولتوراقلاشقان چوڭ بىر تۈرك قەبىلىسى ئىدى. بۇلارنى چىن تارىخ مەنبەلىرىدا«خۇ» ۋە بەزى يەردە «يەنتا» دەپ ئاتايدۇ. مىلادى 424 - يىلى، يۇرتلىرىنى تاشلاپ غەربكە يۈرۈپ، دەسلەپتە سىر دەرياسى بويىغا يەرلەشتى، ئۇ يەردىن كۆچۈپ ئۆگۈز دەرياسىنىڭ باش تەرەپىگە ۋە ئۇندىن كېيىن، مىلادى 450 - يىلى ئەتراپىدا ھازىرقى بەدەخشاننىڭ يەفتىل (بەزى مەنبەلەردە ھەفتىل) دېگەن جايىنى پايتەخت قىلىپ يەرلەشتى. شۇنىڭ بىلەن بۇ تۈركلەر«يەفتىللەر» دەپ، ئاتالغان. ھىندىستان تارىخىدا بۇلارنى ئافتال ۋە ياكى ئافتالىت دەپ ئاتايدۇ. ئەرەب تارىخچىلىرى بولسا بۇلارنى «ھىياطلە» ۋە ياكى «ھىتال» دەپ يازىدۇ. ياۋرۇپا تارىخلىرىدا «ئېفتالىتلار» ۋە مەشھۇر«ئاق ھۇنلار» دەپ ئاتالغان تۈرك دۆلىتى مانا شۇلار.

يەفتىللەر دۆلەت قۇرۇپ، تۇخارىستاندا ھۆكۈمرانلىقنى ئىگەللىگەن چاغدا جۇجانلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىچكى ئىختىلاپ تازا ئۇچىغا چىققان زامان ئىدى. ئافغانىستاندىكى قۇشخانلار دۆلىتى پارچىلىنىپ، مۆنقەرىز بولۇشقا يۈز تۇتقان، پەنجاب (ھىندىستاندىكى) راجالىرى ئىچكى ئۇرۇش باشلىغان بىر زامانغا توغرا كەلدى. بۇنداق پۇرسەتتىن ناھايىتى تېزلىك بىلەن پايدىلانغان يەفتىللەر، قىسقىغىنا بىر ۋاقىت ئىچىدە ئىنتايىن كۈچلىنىپ كەتتى. پۈتۈن ئافغانىستاننى، غەربىي تۈركىستاننى ۋە شەرقىي تۈركىستاننىڭ جەنۇبىي قىسمىنى بېسىۋالدى. بۇنىڭ بىلەنلا قالماي، ھىندىستانغا ھۇجۇم قىلىپ پەنجاب ۋە سىند قاتارلىق ئۆلكىلىرىنى ئىشغال قىلدى. مىلادىنىڭ 470 ۋە 480 - يىللىرىغا كەلگەندە قۇدرەتلىك بىرئىمپېراتورلۇق قۇرۇپ چىقتى(8 - خەرىتىگە قاراڭ). ئاز بىر زامان ئۆتكەندىن كېيىن، يەفتىللەر ئىككىگە بۆلۈنۈپ كەتتى. بىرى شىمالىي يەفتىل دۆلىتى بولۇپ، پايتەختى قەتەغەندىكى قۇندۇز شەھرىگە يېقىن تۆۋەنكى يەفتىل ئىدى. يەنە بىرى جەنۇبىي يەفتىل دۆلىتى بولۇپ، بۇنىڭ پايتەختى، پەنجابدىكى ساكلا شەھرى ئىدى. مىلادى 522 - يىللىرىدا، شىمالىي يەفتىلنىڭ خانى ئاق شۇڭقار ۋە جەنۇبىي يەفتىلنىڭ خانى تۇرامان دېگەن زاتلار ئىدى. جەنۇبىدىكى خان شىمالدىكى خاننىڭ قول ئاستىدا بولغانلىقى ھەققىدە مەلۇماتلار بار.

## شەرقىي تۈركىستاننىڭ يەفتىل دۆلىتىگە تەۋە بولغانلىقى

(مىلادى 470 - 500)

مىلادى 470 - يىلى، جۇجانلارنىڭ ئىچكى قالايمىقانچىلىقىدىن پايدىلانغان يەفتىللەر غەربىي تۈركىستاننى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، قەشقەرگە ھۇجۇم قىلدى ۋە نەتىجىدە قەشقەر، ياركەند(يەركەن)، خوتەن، كۇچا تاكى قوچۇ غىچە بولغان شەرقىي جەنۇبىي تۈركىستاننىڭ ھەممىسى يەفتىل دۆلىتىنىڭ ھاكىمىيىتى ئاستىغا كىردى (8 - خەرىتىگە قاراڭ).

يەفتىل دۆلىتىنىڭ بۇ جايلاردىكى ھاكىمىيىتى تەخمىنەن، مىلادى 500 - يىللىرىغىچە داۋام قىلدى. شۇ تارىختا، جۇجانلارنىڭ يەفتىللەرنىمۇ مەغلۇپ قىلىشى بىلەن شەرقىي تۈركىستاندىكى يەفتىل دۆلىتىنىڭ ھاكىمىيىتى ئاياغلاشتى.

8 - پەسىل

## كۆكتۈرك دۆلىتى

ھۇن دۆلىتى يىقىلغاندىن كېيىن، بىرقىسىم تۈركلەر قېچىپ، ئالتاي تاغلىرىنىڭ كىرىش - چىقىش قىيىن بولغان جىلغىلىرىدىن بىرىسىگە كىرىپ يەرلەشكەن. قەدىمكى تۈرك ئەپسانىلىرىدىن مەشھۇر«ئەرگىنەقۇن» نامىنى ئالغان بۇجىلغىدا تۈركلەر600 يىل ياشىدى. يايلاقلىرى مۇنبەت، سۇيى مول بولغان بۇجايدا، ئۇلارنىڭ چارۋامالىلىرى كۆپەيدى. نۇپۇسىمۇ تازا ئارتتى ۋە تۆمۈر كانىنى كەشپ قىلدى. تۆمۈر سانائىتىنى راۋاجلاندۇردى. بۇ باياشات تۇرمۇشلىرى بىلەن بىرگە مەدەنىيەتتىمۇ يۈكسىلىش بارلىققا كەلدى. جۇجان تۈركلىرى دۆلەت قۇرۇپ، باشقا تۈرك قوۋملىرىنى ئۆزىگە بويسۇندۇرۇشقا باشلىغاندا بۇ ئەرگىنەقۇن تۈركلىرىنىمۇ ھاكىمىيىتى ئاستىغا ئالدى. ئەمما، بۇلارمۇ باشقا خانلىقلارغا ئوخشاش قاغانغا تەۋە بىرخانلىق بولۇپ، ئىچكى ئىشلىرىدا مۇستەقىل ئىدى.

ئەرگىنەقۇن تۈركلىرىنىڭ خانى قەھرىمان «بۇمىن خان» مىلادىنىڭ 552 - يىلى جۇجانلارغا قارشى ئىسيان كۆتۈرۈپ، جۇجان ئەسكەرلىرىنى مەغلۇپ قىلدى. ئۆتۈكەن تاغلىق مەنتىقىسىدىكى ئۆتۈكەن (ئۆتۈكەن) شەھرىنى پايتەخت قىلىپ، يېڭى بىر دۆلەت قۇرۇپ چىقتى ۋە بۇ دۆلەتكە «كۆكتۈرك خانلىقى» دەپ نام بەردى. شۇنىڭ بىلەن تەۋەلىكىدىكى پۈتۈن تۈركلەرنىڭ «تۈرك» دېگەن ئىسمىنى دۆلەت نامىدىن ئېلان قىلدى. ئۇ كۈندىن باشلاپ بۇرۇن تارىخ سەھنىسىدە ھەرخىل ئىسىملار بىلەن ئوتتۇرىغا چىققان تۈرك قوۋملىرى ئۆزلىرىنىڭ ئەسلى ئىسىملىرى بىلەن مەيدانغا چىقتى. «تۈرك» ئىسمى ئۇكۈندىن تارتىپ، زامانىمىزغىچە ئۇمۇمىيلىقىنى ساقلاپ كەلمەكتە. يەنى، كۆكتۈرك دەۋرىگىچە تارىخ سەھنىسىدە كېلىپ - كەتكەن تۈركلەر ئىچىدە تۈرك ئىسمى بىلەن ئاتالغانلار يوقتى. ئۇلار

ئۇيغۇر، ھۇن، سىيانپى، جۇجان، تۇپا ۋە باشقا ئىسىملار بىلەن تونۇلغانىدى. كۆكتۈرك دۆلىتىنىڭ قۇرۇلۇشى بىلەن پۈتۈن تۈرك قوۋملىرى بۇئەسلى ۋە ئومۇمىي ئىسىملىرى ئاستىدا بىرلەشتى.

بۇمىن خان، جۇجانلارنى مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن، «ئىلخان» دېگەن ئۇنۋانىنى ئالدى.(بۇقاغاندىن بىر دەرىجە تۆۋەن تۇرىدىغان ئۇنۋان) ئىلخان بۇمىن بايراق ئۈستىگە «بوز بۆرە بېشى» نىڭ رەسىمىنى قويدى . چۈنكى ئوغۇز تۈرك ئەپسانەلىرىدىكى «ئالانقوۋا» ھېكايەسىگە كۆرە، ئوغۇز تۈركلىرى بوز بۆرىنى مۇقەددەس دەپ، ئېتىقاد قىلاتتى.كۆكتۈركلەر بولسا بوز بۆرىنى ئۇلۇغلاپ مەئبۇدلۇق (ئىلاھلىق) دەرىجىسىگە كۆتۈرۈپ ئېتىقاد قىلاتتى. بوزبۆرە توغرىسىدا ئەرگىنەقۇن ئەپسانىسى ۋە موغۇل (موڭغۇل) ھېكايىسى ئالانقوۋادا بۇمەشھۇر رىۋايەتلەر زىكىر قىلىنىدۇ. ئىلخان بۇمىن 2 ـ 3 يىلدەك قىسقا بىر زامان ئىچىدە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى پۈتۈن تۈرك خانلىقلىرىنى « بوزبۆرە باشلىق بايراق » ئاستىدا بىرلەشتۈردى.

## شەرقىي تۈركىستاننىڭ كۆكتۈرك ئىتتىپاقىغا قېتىلغانلىقى

ئىلخان بۇمىن، ئۆزىنى «قاغان» ئېلان قىلىپ، جەنۇبقا قاچقان جۇجانلارنى يوقاتماق ئۈچۈن، ئوغلى مۇقان خاننى نۇرغۇن ئەسكەر بىلەن يوللىدى. مۇقان خان، جۇجانلارنى قوغلاپ يوقىتىپ، مىلادى 555ـ يىلى پۈتۈن شەرقىي تۈركىستاننى ۋە غەربىي تۈركىستاننىڭ بىرقىسمىنى ئىشغال قىلدى.

بۇنىڭ بىلەن شەرقتەكورىيە، غەربدە خەزەر دېڭىزىغىچە سوزۇلغان پۈتۈن تۈرك خانلىقلىرىنى كۆكتۈرك ھاكىمىيىتى ئاستىغا ئالدى. شۇنىڭ بىلەن كۆكتۈرك دۆلىتى ناھايىتى كۈچلۈك بىر ئىمپېراتورلۇق بولۇپ قالدى. چىن تارىخلىرىدا ۋە چىن تارىخلىرىنى مەنبە قىلىپ، يېزىلغان زامانىۋى تارىخلاردا بۇ دۆلەتنى تۇجۇېي ۋەيا تۇچۆ دەپ يازىدۇ. بۇ، ئۆز تىلىدىن باشقا تىللەردىكى سۆزلەرنى بۇزماستىن تەلەپپۇز قىلالمايدىغان چىنلىقلارنىڭ ئەسلى تەلەپپۇزنى بۇزۇپ ئېيتىشىدىن ئىبارەتتۇر.

بۇمىن قاغان، ئىنىسى ئىستەمى(ئىستېمى) خاننى غەرپ تەرەپتىكى خانلىقلارغا ئومۇمىي ۋالىي قىلدى ۋە «يابغۇ» ئۇنۋانىنى بەردى . بۇ ئۇنۋان قەدىمكى تۈركلەردە قاغاندىن قالسا ئۈچىنچى دەرىجىدىكى ئۇنۋان بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. يابغۇنىڭ مەركىزى تالاس شەھرىدە ئىدى. دۆلەت ئىككى قىسىمغا بۆلۈنگەن بولۇپ، شەرق قىسمى بىۋاستە قاغانغا قارايتتى. غەرب قىسمى بولسا يابغۇنىڭ قارىمىغىدا ئىدى. شەرقىي تۈركىستاننىڭ قۇمۇل ۋە بارىكۆل خانلىقلىرى شەرقىي قىسىمغا تەۋە بولۇپ، باشقا جايلىرى غەربكە قارايتتى.

## مۇقان قاغاننىڭ قوشنا دۆلەتلەر بىلەن مۇناسىۋىتى

بۇمىن قاغان ۋاپات قىلغاندىن كېيىن ئورنىغا ئىنىسى قاغان بولدى. لېكىن، بىر يىل ئۆتمەي ۋاپات بولدى. ئۇنىڭ ئورنىغا بۇمىن قاغاننىڭ ئوغلى مۇقان خان قاغانلىق تەختىگە چىقتى. مۇقانخاننى چىن تارىخلىرىدا «مۇخو» دەپ يازىدۇ. شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش لازىمكى، مۇقان خاننى بەزى زامانىۋى تارىخ كىتابلىرىدا «دىزابول» دەپ ئاتايدۇ ۋە ئەرەب تارىخچىلىرى «سەيجىبۇر» دەپ يازىدۇ. بۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى توغرا ئەمەس. ھەقىقەت شۇكى، بۇ ئىككى ئاتالغۇ غەرب يابغۇسى ئىستەمى خاننىڭ ئىسمىنىڭ بۇزۇپ ئېيتىلىشىدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، «يابغۇئىستەمى خان» دېمەكتۇر، مۇقان خان ئەمەس. ئىستەمى خان داۋاملىق غەربدە تۇرغانلىقتىن، ئۇنىڭ شۆھرىتى غەربىي ئاسىيا ۋە ياۋروپا غا تونۇلغانىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇ زاماندىكى ياۋروپا ۋە ئىران تارىخچىلىرىنىڭ بىرقىسمى، ئىستەمى خاننى كۆكتۈرك قاغانى(دىزابۇل ۋە يا سەيجىبۇر) دەپ خاتا خىيال قىلغان. بۇلارغا ئەگىشىپ، يەنە بەزىلىرى بۇئىككى ئىسمنى مۇقان خاننىڭ ئىسمى دەپ ئىككىنچى بىرخاتاغا چۈشمەكتە.

كۆكتۈرك دەۋرىدە، شىمالىي چىندە توپا(ۋېي) جەنۇبىي چىندە جوۋ ئىمپېراتورلۇقى بارئىدى. مۇقان خان قاغانلىق تەختىگە چىققاندا، بۇ ئىككى دۆلەت بىرلىشىپ، كۆكتۈرك دۆلىتىگە قارشى ئۇرۇش ئېلان قىلدى. مۇقانخان بۇ ئىككىسىنىمۇ مەغلۇپ قىلدى. ئۇلار باج ـ سېلىق تۆلەش شەرتى بىلەن كۆكتۈرك دۆلىتىگە بويسۇندى. ئىمپېراتورنىڭ قىزىنى مۇقانخان نىكاھىغا ئالدى. شۇنىڭ بىلەن قاغانلىقنىڭ شەرق تەرىپىدە تىنچلىق ئورنىتىلدى.

مىلادىنىڭ 563 ـ يىلى ئىران شاھى نوشىرۋان مۇقانخان قاغانىغا ئەلچى يوللاپ. يەفتالىلەرگە قارشى ئىتتىپاق تۈزۈشنى تەكلىپ قىلدى ۋە بىتىمنامە ئىمزالاشتى . بۇ بىتىمنامىگە ئاساسەن قاغاننىڭ بۇيرۇقى بىلەن يابغۇ ئىستەمى خان مىلادى 565 ـ يىلى شەرقتىن، نوشىرۋان غەربىدىن يەفتالىلەرگە قارشى ھۇجۇم باشلىدى. مىلادى 567 ـ يىلى يەفتالىلەرخانى، ئىستەمى خان تەرەپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. شۇنىڭ بىلەن شىمالىي يەفتىل دۆلىتى يىقىلدى. يەفتالىلەرنىڭ كۆپ قىسمى ياۋروپا تەرەپلىرىگە قاچتى. ئىستەمى خان بىلەن نوشىرۋان يەفتالىلەرنىڭ تۇپراقلىرىنى ئۆز ئىچىدە تەقسىم قىلىشىۋالدى. ئۆگۈز(ئامۇ) دەرياسى ئوتتۇرىدا چېگرا قىلىپ بەلگىلەندى. كېيىنچە، مۇقانخان قاغان بىلەن نوشىرۋاننىڭ دوستلۇق مۇناسىۋەتلىرى بۇزۇلدى. نوشىرۋاننىڭ رىم ئىمپېراتورى بىلەن داۋاملىق يۈز بېرىپ كەلگەن توقۇنۇشلىرىدىن پايدىلانغان مۇقان قاغان، يابغۇ ئىستەمى خاننىڭ قوماندانلىقىدا ئىرانغا چوڭ بىر قوشۇن بىلەن ھۇجۇم قىلدى. ئىستەمى خان ئۆگۈزدەرياسىدىن ئۆتۈپ نوشىرۋاننىڭ ئەسكەرلىرىنى ئېغىرمەغلۇبىيەتكە ئۇچراتتى. باكتىر(بەلخ)، تاخارىستان (قەتەغەن ۋە بەدەخشان) قاتارلىق جايلارنى ئىشغال قىلدى. ۋولگا دىن قىرىم يېرىم ئارىلىغىچە سوزۇلغان يەرلەرنى قولغا كىرگۈزدى. شۇنىڭ بىلەن

كۆكتۈرك دۆلىتى، مىلادىنىڭ 6 ـ ئەسىرىنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا ئاسىيادا ئەڭ چوڭ ئەسكىرىي ۋە سىياسىي كۈچكە ئىگە بىر دۆلەت بولۇپ ئوتتۇرىغا چىقتى. (9 ـ خەرىتىگە قاراڭ)

كېيىنچە، نۇشىرۋان بىلەن مۇناسىۋەت ياخشىلىنىپ، ئىستىمى خاننىڭ قىزى بىلەن نۇشىرۋان ئۆيلەندى. بۇ تۇغقانچىلىقنى نۇشىرۋان ئۆزىگە چوڭ بىر شەرەپ دەپ ھېساپلىغانلىقى ئىران تارىخلىرىدا رىۋايەت قىلىندۇ.

مىلادى 568 ـ يىلى مۇقان قاغان نامىدىن يابغۇ ئىستىمى خان رىم (بىزانس ـ بىزانتىيە) ئىمپېراتورى جوستىنيانۇس (جۇستىنۇس) قا مانئاق تەرخان نى ئەلچى قىلىپ يوللىدى ۋە ئۆز ئارا تىجارەت كېلىشىملىرىنى ئىمزالىدى. رىم ئىمپېراتورى جۇستىنۇس زىمارك (زىمارخ) دېگەن ئەلچىسىنى مۇقانخان ھۇزۇرىغا ئەۋەتتى.

مىلادى 570 ـ يىلى مۇقانخاننىڭ ھۇزۇرىدا ئۆتكۈزۈلگەن كېلىشىم ئىمزالاش مۇراسىمىغا رۇم، ئىران ۋە چىن ئەلچىلىرىنىڭ ھازىر بولغانلىقى ھەققىدە مەلۇماتلار بار. كېيىچە مۇقان قاغان تاغما تەرخاننى رىم ئىمپېراتورلۇقىدا تۇرۇشلۇق ئەلچى قىلىپ ئەۋەتكەن. نۇشىرۋاننىڭ مۇقان قاغاننىڭ ئەلچىلىرىنى زەھەرلەپ ئۆلتۈرگەنلىك ۋەقە يۈز بېرىپ، مۇناسىۋەت بۇزۇلدى ۋە ئوتتۇرىدا ئۇرۇش باشلاندى. نەتىجىدە، كۆكتۈركلەر باكتىر ۋە ئاخارىستاننى تارتىۋالدى.

پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇغۇلغانلىرى مىلادى 570 ـ يىلى بولۇپ، بۇ مۇقان خان زامانىسىغا توغرا كېلىدۇ.

مۇقان قاغان مىلادى 572 ـ يىلى ۋاپات بولدى. ئورنىغا ئىنىسى دۇپۇخان قاغان بولدى. بۇنىڭ زامانىسىدىكى مۇھىم ۋەقەلەر دىن بىرى رىم ئىمپېراتورلۇقى بىلەن بولغان ئۇرۇش ئىدى. رۇم ئىمپېراتورلۇقىغا تۇتاش بولغان شەرقىي ياۋروپاغا يەرلەشكەن ئاۋارا تۈركلىرى كۆكتۈرك دۆلىتىگە قېتىلماي ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل بولۇپ، كۆكتۈركلەرىبىلەن دۈشمەنلىك مەيدانىدا تۇراتتى. رىم ئىمپېراتورى ئاۋارا لار بىلەن سودا تىجارەت كېلىشىمى ئىمزالىدى. بۇنى كۆكتۈركلەر، تۈرك ـ رىم دوستلۇق كېلىشىمىگە خىلاپ دەپ تونۇپ، رىملارغا قارشى ئۇرۇش ئېلان قىلدى. بوقاخان قوماندانلىقىدىكى تۈرك قوشۇنلىرى مىلادىنىڭ 575 ـ يىلى ئىتىل دەرياسىدىن ئۆتۈپ، قىرىمغا ھۇجۇم قىلدى. رىم ئەسكەرلىرىنى مەغلۇپ قىلىپ، قىرىم يېرىم ئارىلى ۋە بوسفۇر قەلئەسىنى ئېلىپ خەرسۇن شەھىرىنى مۇھاسىرىگە ئالدى. شۇنىڭ بىلەن دۇپۇ قاغان زامانىسىدا كۆكتۈرك قاغانلىقىنىڭ تېررىتورىيىسى تېخىمۇ كېڭەيدى (9 ـ خەرىتىگە قاراڭ).

## كۆكتۈرك دۆلىتىنىڭ ئىككىگە بۆلۈنگەنلىكى

مىلادى581 ـ يىلى، دۇپۇقاغان ۋاپات قىلىپ، ئورنىغا ئىشپاراخ (ئىشبارا) ئىسىملىك بىر شاھزادە قاغان بولدى. ئىشبارا قاغان ئىلگىرىكى قاغانلاردەك قابىلىيەتلىك ئەمەستى. بۇ ئارىدا ئىستەمى يابغۇمۇ ئالەمدىن ئۆتتى ۋە ئورنىغا ئوغلى تاردۇخان (تاردۇشخان) يابغۇ بولدى. قاغاننىڭ لىياقەتسىزلىكىدىن يابغۇ بىلەن قاغان ئوتتۇرىسىدا ئىختىلاپ پەيدا بولۇپ، يابغۇ مۇستەقىللىق ئېلان قىلدى. شۇنىڭ بىلەن مىلادى 582 ـ يىلىدە غەربىي ۋە شەرقىي قاغانلىقتىن ئىبارەت ئىككى قاغانلىق كېلىپ چىقتى.

## كۆكتۈرك دۆلىتىدە چىن خىيانەتكارلىقى نەتىجىسىدە يۈزبەرگەن ھادىسىلەر

چىن ئىمپېراتورى ئىچكى زىددىيەتلىرى تۈپەيلىدىن ئاجىزلاشقان، تۈرك دۆلەتلىرىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش مەقسىتى بىلەن مەخپىي ھالدا ئاغدۇرمىچىلىق ھەرىكەتلىرى ئېلىپ بېرىشقا باشلىدى. بۇ خىل ئاغدۇرمىچىلىق ۋە سۇيىقەست ھەرىكەتلىرىدىن مۇھىملىرىنى چىن مەنبەلىرىدىن ئېلىپ ئاڭلىتىمىز:

(1) چىن ئىمپېراتورىنىڭ ئاغدۇرمىچىلىق ۋە سۇيىقەستكە ئىنتايىن ئۇستا فىگۇ (فېي جۇ) ئىسىملىك بىر ۋەزىرى بار ئىدى. بۇ ۋەزىر ئالدى بىلەن ھەرئىككى قاغان بىلەن ناھايىتى سەمىمىي مۇناسىۋەت ئورناتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن، بۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىغا پىتنە ـ ئىغۋا تېرىپ جىددىي ئىتتىپاقسىزلىق پەيدا قىلدى. نەتىجىدە بۇ ئىككى قاغان ئوتتۇرىسىدا قاتتىق ئۇرۇشلار بولدى. ئەمما، كېيىنچە ئىتتىپاقلاشتى ۋە چىننىڭ مەقسىدى ئەمەلگە ئاشمىدى. (2 ) فېي جۇ يەنە جىم تۇرماستىن ھەرئىككى قاغانلىققا تەۋە بولغان كۈچلۈك قەبىلىلەر ئارىسىغا كىرىپ، ئۇلارنى ئازدۇرۇپ، ھەدەپ قاغانغا قارشى ئىسيان كۆتۈرۈشكە كۈشكۈرتكەن. ئاخىرى غەربىي كۆكتۈرك قاغانلىقىغا تەۋە «تۇلۇ» قەبىلىسى تاردۇش قاغانغا قارشى ئىسيان كۆتەردى. بۇ قەبىلە ئېھتىمال، ھازىرقى قالماقلارنىڭ نەسلى بولۇشى كېرەك. بۇلار شۇچاغلاردىكى كۆچمەن تۈرك قەبىلىلەرئارىسىدا ئەڭ كۈچلۈكلىرى بولغىنى ئىدى. تاردۇش قاغان بۇ ئىسياننى باستۇرۇش ئۈچۈن قاتتىق ئۇرۇشتى. لېكىن مىلادى 603 ـ يىلى ئېغىرمەغلۇپ بولۇپ قېچىپ، ھېچ يەردە تۇرالماي، تىبەت خانى يېنىدا پانا تاپتى. شۇنىڭ بىلەن غەربىي كۆكتۈرك دۆلىتى بىرقانچە يىل قاغانسىز قېلىپ، ئېغىر پاراكەندىچىلىك تارتىپ تولا قان تۆكۈلدى. مىلادى 610 ـ يىلى غەربىي كۆكتۈرك جەمەتىدىن شىخۇي (شەكۇي) ئىسىملىك بىر زات قاغانلىق تەختىگە چىقىپ، ئىسيانچىلارنى تامامەن بېسىقتۇردى. يۇرتنى تىنجىتىپ، غەربىي كۆكتۈرك دۆلىتىنى مىلادى 623 ـ يىلىغىچە، تىنچ ۋە قۇدرەتلىك بىر ۋەزىيەتتە ئىدارە قىلدى.

## شەرقىي كۆكتۈرك دۆلىتى ۋە چىن

كۆكتۈرك دۆلىتىنىڭ ئىككىگە بۆلۈنگەنلىكىنى، بۇ دۆلەتنى يوقىتىش ئۈچۈن ياخشى بىر پۇرسەت دەپ بىلگەن چىن ئىمپېراتورى، قاغانلار ئوردىسىدىكى چىنلىق مەلىكە خېنىملار ۋە ئۇلارنىڭ چىنلىق خىزمەتكارلىرى ۋاستىسى بىلەن، مۇمكىن بولغان ھەرخىل ئاغدۇرمىچىلىق ۋە پىتنە - پاسات تېرىشقا ئوخشاش خىيانەتكارلىق پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ باردى. بۇ خىل خىيانەتكارلىقنىڭ ئاساسى، قاغانلىقتىكى شاھزادىلار ئوتتۇرىسىدا ئاداۋەت پەيدا قىلىپ، بىر - بىرىگە قارشى تۇرغۇزۇش ۋە قاغانلىق تەۋەسىدىكى باشقا كۈچلۈك خانلىقلارنى ۋە قەبىلىلەرنى قاغانغا قارشى ئىسيانغا كۈشكۈرتۈشتىن ئىبارەت ئىدى. نەتىجىدە بۇ ئىككى تۈرك دۆلىتى داۋاملىق ئىچكى قالايمىقانچىلىقنى بېسىقتۇرۇش بىلەن ئاۋارە بولغانلىقتىن چىن ئىمپېراتورى بۇلارنى ئەمدى ئاجىزلاشتى دەپ ئويلىدى ۋە ئىمپېراتور سۇي - ياڭدى مىلادى 615 - يىلى، شەرقىي كۆكتۈرك قاغانلىقىنىڭ قولىدىكى شەنشى ئۆلكىسىگە ھۇجۇم قىلدى. ئەمما، ئۇلار تېخى خېلى كۈچلۈك ئىدى ۋە سۇي ياڭدىنىڭ ئەسكەرلىرى شەنشىگە كىرەر - كىرمەس ئالدىدىن توسۇپ، قاتتىق زەربە بېرىپ، مەغلۇپ قىلدى. سۇي ياڭدى قىلىچتىن ئېشىپ قالغان ئاز غىنەئەسكىرى بىلەن بىر سېپىلگە كىرىپ ساقلاندى. تۈركلەر بۇ سېپىلنى مۇھاسىرىگە ئالدى. سۇي ياڭدى ئىككى ئاي مۇھاسىرىدە قالدى. ئاخىرى بىر ھىلە- مىكىر ئىشلىتىپ قېچىپ قۇتۇلدى. شۇ قاچقان پېتى ھېچ يەردە توختىماي، جېنىنى قۇتقۇزۇپ، كۆك دەريا بويىدىكى ياڭجۇ شەھىرىگە كەتتى. شۇنىڭ بىلەن شىمالىي چىن ئىمپېراتورلۇقىنىڭ كۆك دەرياسىغىچە بولغان يېرى شەرقىي كۆكتۈرك دۆلىتىنىڭ ھاكىمىيىتى ئاستىغا كىردى. شەرقىي كۆكتۈرك قاغانى، شۇ چاغدىكى شەنشى ۋالىيسى بولغان لى يوئاننى شىمالىي چىنگە ئىمپېراتور قىلىپ، چاڭئەن شەھرىدە ئولتۇرغۇزۇپ قويدى[26]. لى يوئان داھى بىر ئادەم ئىدى. ئۇ شىمالىي چىننى تولۇق ئىنتىزامغا كىرگۈزۈپ، جەنۇبىي چىننىڭ ئاجىزلىشىپ قالغان ئىمپېراتورى جوۋ سۇلالىسىغا قارشى ھۇجۇم قىلىشقا باشلىدى. بىرقانچە يىل ئىچىدە جەنۇبىي چىن ئىمپېراتورلۇقىنى يوقىتىپ، پۈتۈن چىنگە ئۆزىنى ئىمپېراتور ئېلان قىلدى. خانىدانىغا «تاڭ - سۇلالىسى» دېگەن نامنى بەردى. لى يۈن يۇقىرىقىدەك شان - شەۋكەتكە ئىگە بولغان بولسىمۇ، يەنىلا شەرقىي كۆكتۈرك دۆلىتىگە باج - سېلىقنى كام قىلماي، ۋاقتىدا تۆلەپ تۇرغاندى. مىلادى 620 - يىلىغا كەلگەندە لى يۈن كۈچىگە ئىشىنىپ، شەرقىي كۆكتۈرك قاغانلىقىغا ئۇرۇش ئېلان قىلدى. قاغان دەرھال چىنگە قايتۇرما ھۇجۇم قىلىپ، لى يۈنگە بىرقانچە قېتىم ئېغىر زەربە بەردى. ئاخىرى لى يۈن مەغلۇپ بولدى، ئاۋالقىدەك تەۋە بولۇپ باج سېلىقنى ۋاقتىدا تۆلەپ، قاغانغا ۋاپادار بولۇشقا ۋەدە قىلىپ، جېنىنى ۋە يۇرتىنى قۇتقۇزۇپ قالدى. شۇ يىلى شەرقىي كۆكتۈرك قاغانى ۋاپات بولۇپ، ئۇنىڭ

26 ئۇيغۇرچە ئەسەرلەردە، لى يوئەن «لى يەن» (ت. ئالماس 204 - بەت)، «لى يۈن» (بايتۇر 30 - بەت) دەپ ئېلىنماقتا.

ئۇرنىغا ھەلى (ئىل ياكى ئىلىگ) ئىسىملىك بىر شاھزادە قاغان بولدى. بۇنىڭ زامانىسىدا دۆلەت تازا كۈچلەندى. لى يۈەن مىلادى 624 ـ يىلى ئۆلدى ۋە ئورنىغا ئوغلى «تاڭ تەيزۇڭ» ئىمپېراتور بولۇپ، دەرھال مۇستەقىللىق ئېلان قىلدى ۋە قاغانغا بېرىدىغان باج ـ سېلىقنى توختاتتى . نەتىجىدە، تۈرك ۋە چىن دۆلەتلىرى ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش باشلاندى. ئىل قاغان نۇرغۇن ئەسكەر باشلاپ، چىنگە ھۇجۇم قىلدى. چىن ئەسكەرلىرى ئېغىر ھالدا مەغلۇپ بولدى. تۈركلەر چاڭئەننى مۇھاسىرىگە ئالدى. تاڭ تەيزۇڭ، بۇرۇنقىدىن بىرقانچە ھەسسە كۆپ باج ـ سېلىق ۋە قاغانغا داۋاملىق بويسۇنىدىغانلىقىغا ۋەدە قىلىپ، سۈلھى قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۆزىنىڭ ھاياتىنى ۋە ئەسكەرلىرىنىڭ تامامەن قىرىلىپ تۈگەپ كېتىشتىنى ساقلاپ قالدى.

## غەربىي ئاسىيادا يېڭى بىر دەۋرنىڭ باشلانغانلىقى

تۈرك ۋە چىن يۇرتلىرىدا، يەنى، ئوتتۇرا ۋە شەرقىي ئاسىيادا يۇقىرىقى ۋەقەلەر بولۇپ تۇرغان مەزگىلدە غەربىي ئاسىيا (ئەرەبىستان) دا، پۈتۈن دۇنياغا ئىسلام نۇرىنىڭ يېيىلىش دەۋرى باشلانغانىدى. يەنى، مىلادى 610 ـ يىلى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر بولۇپ، ۋەھيى نازىل بولدى ۋە مىلادى 622 ـ يىلى 22 ـ سىنتەبىر كۈنى مەدىنىگە ھىجرەت قىلدى. شۇنىڭ بىلەن دۇنيادا يېڭى بىر تارىخ، يەنى، ھىجرى تارىخى دەۋرى باشلاندى. بىز بۇندىن كېيىن مەۋزۇلىرىمىزدا ھازىر شەرقىي تۈركىستاندا ئۇلۇغلىنىپ، ئىشلىتىلىۋاتقان بۇ «قەمەرى ھىجرى» تارىخىنى بىرلىكتە يازىمىز.

## شەرقىي كۆكتۈرك دۆلىتىنىڭ يىقىلىشى

چىن ئىمپېراتورى تاڭ تەيزۇڭ، مىلادى 622 ـ يىلدىكى مەغلۇبىيەتتىن كېيىن، تۈركلەر بىلەن ئاشكارا قوراللىق كۈرەش قىلىش سىياستىنى تاشلاپ، چىننىڭ بۇرۇنقى سىياستى بولغان مۇناپىقلىق ۋە يوشۇرۇن ئاغدۇرمىچىلىق سىياستىنى يولغا قويدى. پىتنە ـ ئىغۋا تارقىتىپ، قاغان شاھزادىلىرىنى بىر ـ بىرىگە دۈشمەن قىلدى ۋە قاغانغا تەۋە بولغان بەزى قەبىلىلەرنى قاغانغا قارشى ئىسيان كۆتۈرۈشكە قۇتراتتى. نەتىجىدە، تۆلۈ قەبىلىسى ئىسيان كۆتەردى. ئىل (ئىلىگ) قاغان باشقا بىر قەبىلىنىڭ باشلىقى بولغان تولىخان (تولىش خان) نى بۇ ئىسيانىنى باستۇرۇشقا ئەۋەتتى. تولىش خان ئىسيانچىلار بىلەن بولغان ئۇرۇشتا قاتتىق مەغلۇپ بولۇپ قايتىپ كەلسە، قاغان ئۇنى خائىنلىق قىلدى دەپ گۇمان قىلىپ، جازالىدى. بۇنى ئاڭلىغان تاڭ تەيزۇڭ، ھىيلە ـ نەيرەڭ ئىشلىتىپ، تولىش خاننى قاغانغا قارشى قوزغىتىشقا باشلىدى. ئاخىرى بۇلار تەسىر قىلىپ، تولىش خان قاغانغا قارشى ئىسيان كۆتەردى ۋە تاڭ تەيزۇڭدىن ياردەم تەلەپ قىلدى. پۇرسەتنى غەنىمەت دەپ بىلگەن تاڭ تەيزۇڭ، كۈچىنىڭ يېتىشىچە كۆپ چىن ئەسكىرى توپلاپ، تولىش خان ۋە تۆلۈ قەبىلىسىدەك ئاسىلار بىلەن بىرلىشىپ، ئۆزى

قوماندان بولۇپ، تۈرك يۇرتىغا ھۇجۇم قىلدى. ھىجرىنىڭ 9 ـ ( مىلاى 630 ـ) يىلى دۈشمەن قوشۇنلىرى شەرقىي كۆكتۈرك دۆلىتىنىڭ پايتەختى بولغان قاراقۇرۇم شەھىرىنى ئىشغال قىلدى. ئىلىگ قاغان ئەسىر ئېلىندى. شۇنىڭ بىلەن شەرقىي كۆكتۈرك دۆلىتى يىقىلدى. چىنگە ياردەمچى بولغان يۇقىرىقى خائىنلارمۇ چىن خىزمەتكارى ۋە ئەركىنلىكى بولمىغان رەزىل قۇللاردىن بولۇپ ياشىدى.

## غەربىي كۆكتۈرك دۆلىتىدە ئىچكى ئۇرۇش ۋە چىن تاجاۋۇزى

شەرقىي كۆكتۈرك دۆلىتى يىقىلغاندىن كېيىن، چىنلىقلارغەربىي كۆكتۈرك دۆلىتىدىمۇ پىتنە ـ پاسات تېرىش ۋە تۈرك دۆلىتىنى ئاغدۇرۇش ھەرىكەتلىرىنى باشلىدى. ھىجرىنىڭ 12 ـ (مىلادى 633 ـ) يىلى غەربىي كۆكتۈرك خانى كۇنخان ۋاپات بولدى ۋە ئوغۇللىرى ئارىسىدا تەخت تالىشىش ماجىرالىرى باشلىدى. ئىككى ئوغلىدىن بىرسى ئىسسىقكۆلنىڭ غەربىدىكى بەش تۈرك قەبىلىسى بىلەن بىرلىشىپ، تالاس شەھىرىنى پايىتەخت قىلىپ، ئۆزىنى قاغان ئېلان قىلدى. يەنە بىر ئوغلى ئىسسىقكۆلنىڭ شەرقىدىن بارىكۆلگىچە بولغان بەش تۈرك قەبىلىسى بىلەن بىرلىشىپ، ئۇ يەرلەردە قاغانلىق دەۋاسى قىلغىلى باشلىدى. بۇ پىتنە ـ پاساتلارجەريانىدا شەرقىي تۈركىستاننىڭ جەنۇبىدىكى قوجۇ، كىنگىت ۋە ئالتى شەھەر خانلىقلىرى قاتارلىقلار بىتەرەپ بولۇپ، ھېچقايسىسى قاغانغا تەۋە بولمىغانىدى. بۇ ۋەزىيەت ھىجرى 19 ـ(مىلادى 640 ـ) يىلغىچە داۋام قىلدى. چىن ئىمپىراتورى تاڭ تەيزۇڭ، غەربدە بۇ پىتنە- پاساتلار نى تېخىمۇ ئۇلغايتىش ئۈچۈن مۇمكىن بولغان پۈتۈن چارە ـ تەدبىرلىرىنى ئىشقا سالماقتا ئىدى. تۈرك شاھزادىلارغا ۋە يۇرتنىڭ كاتتىلىرىغا يۇشۇرۇنچە سوغا ـ سالام يوللاپ، ئۇلارغا ياردەم قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، ئىتتىپاقسىزلىقنىڭ ئۇرۇقىنى چاچماقتا ئىدى. ئاخىرى تاڭ تەيزۇڭ مەركەزنىڭ ئاجىزلاشقانلىقىدىن پايدىلىنىپ، شەرقىي تۈركىستانغا ئەسكەر يوللىغىلى باشلىدى. چىنگە چېگرىداش بولغان قوجۇخانى قاتتىق تۇرۇپ، مۇداپىئە قىلغان بولسىمۇ، ھىجرىنىڭ 19 ـ(مىلادىنىڭ 640 ـ) يىلى قوجۇخانى مەغلۇپ بولۇپ، بۇ ئۆلكە چىنلىقلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتتى. چىنلىقلار تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ كىنگىت خانلىقىغا ھۇجۇم قىلدى. كىنگىت (قاراشەھەر) خانى تۆت يىل قاتتىق قارشى تۇرغان بولسىمۇ چىنلىقلار ئاخىرى ھىجرى 24 ـ (مىلادى 644 ـ) يىلى كىنگىتنى ئىشغال قىلدى. ئۇندىن كېيىن، نوۋەت كۇچاغا كەلدى.كۇچا خانىمۇ ئۇدا تۆت يىل ئۇرۇشۇپ، ھىجرى 28 ـ يىلى مەغلۇپ بولدى ۋە كۇچامۇ چىنلىقلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتتى.

## غەربىي كۆكتۈرك قاغانىنىڭ ئىران شاھى يەزدىگەرد كەياردەم قىلىپ ئىسلام ئەرەب ئەسكەرلىرى بىلەن ئۇرۇشقانلىقى

بۇ ۋاقىتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولۇپ، ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ خەلىپىلىك دەۋرىدە مۇسۇلمانلار ئىراننىڭ خېلى كۆپ جايلىرىنى پەتھى قىلغان ئىدى[27]. ھىجرىنىڭ 23 ـ (مىلادى 644) ـ يىلى ئىران ساسانى شاھلىرىنىڭ ئاخىرقىسى بولغان يەزدىگەرد مۇسۇلمانلاردىن مەغلۇپ بولۇپ، قېچىپ ئامۇ دەرياسىدىن ئۆتۈپ، تالاستىكى كۆكتۈرك قاغانىدىن پانا تىلىدى ۋە ئۇنىڭدىن ياردەم تەلەپ قىلدى. قاغان ئۇنىڭغا نۇرغۇن ئەسكەر بىلەن ياردەم قىلىپ، يولغا سالدى.

يەزدىگەرد قاغانىنىڭ تۈرك ئەسكەرلىرى بىلەن كۆچلىنىپ، ئىسلام ئەسكەرلىرى بىلەن توختىماستىن ئۇرۇشتى. ئاخىرى، مەرۋە شەھرىگىچە قەدەر بولغان ئۆلكىلەرنى قايتۇرۇۋالدى. مەرۋە شەھرى يېنىدا ئىسلام ئەمىرى ئەھنەف بىن قەيسنىڭ رەھبەرلىكىدىكى ئىسلامنىڭ ئەڭ قۇدرەتلىك قوشۇنى بىلەن ئىنتايىن شىددەتلىك ئۇرۇش بولدى. ئۇرۇش تازا قىزىۋاتقان بىرچاغدا، چىننىڭ كىنگىتنى ئىشغال قىلغانلىق خەۋىرى كېلىپ، قاغاندىن تۈرك ئەسكەرلىرىنىڭ دەرھال قايتىشىغا بۇيرۇق كەلدى ۋە بۇ بۇيرۇققا بىنائەن تۈرك ئەسكەرلىرى ئەھنەف بىن قەيس بىلەن ئۇرۇشماي قايتىپ كەتتى. ئىسلام تارىخىدا بۇ ھادىسىنى «جانابى ئاللە نىڭ مۇسۇلمانلارغا ئاتا قىلغان بىر نۇسرىتى» دەپ، تونۇيمىز» دەپ يازىدۇ. بۇ ئەرەب ۋە غەربىي كۆكتۈركلەر ئوتتۇرىسىدىكى بىرىنچى قېتىملىق ئۇرۇش بولۇپ ھېساپلىنىدۇ.

## غەربىي كۆكتۈركلەرنىڭ يېڭىدىن كۈچلەنگەنلىكى

ھىجرىنىڭ 28 ـ (مىلادى 649 ـ) يىلى تون خان قاغانىنىڭ ئوغۇللىرىدىن قۇلاخان ئۆزىگە قارشى چىققان پۈتۈن كۈچلەرنى مەغلۇپ قىلىپ، غەربىي كۆكتۈرك دۆلىتىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ ئۆزىنى قاغان دەپ ئېلان قىلدى ۋە تۈركىستاندىكى پۈتۈن چوڭ ـ كىچىك خان ۋە بەگلەرنى ئۆز بايرىقى ئاستىدا بىرلەشتۈردى. كۈچا، كىنگىت ۋە قوجۇ دىكى ئىشغالىيەتچى چىن قوشۇنلىرىنى تامامەن يوقىتىپ، بۇ جايلارنى ئاسارەتتىن قۇتقازدى. شۇنىڭ بىلەن مىلادى 650 ـ يىلىدا، غەربىي كۆكتۈرك دۆلىتى يېڭىباشتىن كۈچلەندى.

[27] پەتھى كەلىمىسى، جىھاد كەلىمىسىگە ئوخشاش مۇسۇلمانلارنىڭ غەيرى مۇسۇلمانلاردىن يەرقولىغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان ئۇرۇشلىرىنىڭ غەلىبىسىنى، تارىختىكى ۋە زامانىمىزدىكى ئىستىلا ۋە بېسىۋېلىش ئۇرۇشلىرىدىن پەرقلەندۈرۈش مەقسىتىدە ئىشلىتىلىدۇ. ئىبنى مەنزۇر، فتح، 536 ـ 549ـ بەتكە قاراڭ ( ن. ش. ھ.).

## غەربىي كۆكتۈرك دۆلىتىنىڭ يىقىلىشى ۋە تۈركىستاندا چىن ئىستىلاسى

غەربىي كۆكتۈرك قاغانى قۇلاخاننىڭ پۈتۈن تۈرك خانلىرىنى بىرلەشتۈرگەنلىكىدىن چىن ئىمپېراتورى قاتتىق قورقۇپ كەتتى. تۈركلەرنىڭ كۈچلىنىپ كېتىشىنى توسۇش ئۈچۈن مىڭبىر چارىلارنى ئىشقا سالغان بولسىمۇ، مۇۋەپپەق بولالمىدى. ئاخىرىدا، چىن دۆلىتى پۈتۈن كۈچى بىلەن تۈرك دۆلىتىگە ھۇجۇم قىلىپ، ئۇنى يوقۇتۇش ياكى ھېچ بولمىغاندا كۈچلىنىپ قۇدرەت تېپىشىنى توسۇشنى قولغا كەلتۈرۈشكە قارارقىلدى.

ھىجرىنىڭ 35 - (مىلادى 656 -) يىلى چىننىڭ ئايال ئىمپېراتورى ۋۇزېتيەن غەربىي كۆكتۈرك دۆلىتىگەناھايىتى چوڭ بىرقوشۇن بىلەن ئۈچ قولدىن ھۇجۇم باشلىدى. بىرىنچى قولدىن، ئالتايغا ھۇجۇم قىلىپ، ئىرتىش دەرياسى بويىدىكى قارلۇق قاتارلىق تۈرك قەبىلىلەر بىلەن بىرقانچە قېتىملىق ئۇرۇشلاردىن كېيىن قارلۇقلار مەغلۇپ بولدى. ئىككىنچى قولدىن ھۇجۇم باشلىغان چىن ئەسكەرلىرى ئىمىل (بۇگۇنكى چۆچەك) كە ھۇجۇم قىلىپ، تارۇتاي تاغلىرى ئېتەكلىرىگە يىغىلغان تۈرك ئەسكەرلىرىنى مەغلۇپ قىلدى. ئۈچىنچى قولدىن ھۇجۇمغا ئۆتكەن چىن قوشۇنلىرى، قۇجۇنى بېسىۋالدى.كىنگىت (قاراشەھەر) يېقىنلىرىدا بىر يىل داۋام قىلغان شىددەتلىك ئۇرۇشلاردىن كېيىن تۈركلەر ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى. ھىجرىنىڭ 37 - (مىلادى 657 -) يىلى قۇلاخان ئەسىر ئېلىندى ۋە چىن پايتەختى چاڭئەنگە ئېلىپ كېتىلدى. بۇنىڭ بىلەنمۇ، چىنلىقلار تۈركىستاننى تولۇق ئىشغال قىلىپ كېتەلمىدى. تۈركلەر رەھبەرسىز قالسىمۇ، ئىككى يىل قاتتىق تۇرۇپ، مۇداپىئە قىلدى. نەتىجىدە، چىن ئەسكەرلىرى بەك چارچاپ ئامالسىز ھالەتكە چۈشۈپ قالدى. مانا بۇ چاغدا چىنلىقلار يەنە تۈركلەر ئوتتۇرىسىغا بۆلگۈنچىلىك سېلىپ، پارچىلاش كويىغا چۈشتى. تۈرك شاھزادىلىرىدىن بەزىلىرىگە «قاغانلىق» ۋەدە قىلىپ، سوغاسالام يوللاپ، ئۆزىگە تارتتى. شۇنىڭ بىلەن قاغانلىق تەختىگە چىقىشنى تەمە قىلىپ، بۇ ئەخمەق شاھزادىلار مۇداپىئە قىلىشتىن ۋازكەچتى. بەزىلەر ۋەنپەرۋەرلەر گە قارشى سەپكە ئۆتتى. يەنە بىرقىسىم يۇرت كاتتىلىرى ۋە قەبىلە باشلىقلىرىمۇ تەمە خورلۇق ۋە ھەسەتخورلۇق قىلىپ چىنلىقلارنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشۈپ، ئۆز مىللىتى ۋە دۆلىتىگە خىيانەت قىلدى. نەتىجىدە، تۈركلەر پارچىلىنىپ كۈچى ئاجىزلىشىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن، مىلادى 659 - يىلى چىنلىقلار پۈتۈن تۈركىستاننى ئىشغال قىلدى ۋە 107 يىل ھۆكۈم سۈرگەن بۇ بۈيۈك دۆلەت يىقىلدى. ئەمما، بۇ يىقىلىش ۋاقىتلىق بولۇپ، 23 يىل ئۆتكەندىن كېيىن، غايەت قۇدرەتلىك ۋە ئەزەمەتلىك بىر شەكىلدە يەنە قايتا تىرىلدى. بۇلارنى «قۇتلۇق تۈركەش دۆلىتى» بابىدا بايان قىلىمىز.

چىنلىقلار تۈركىستاننى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، يۇقىرىقى خائىنلاردىن بىرىنى «غەربىي تۈركلەر ھاكىمى» قىلىپ، ئىچكى ئىشلارنى باشقۇرۇشقا تەيىن قىلدى. مانا، بۇ سۈرەتتە شەرقىي تۈركىستان،

فەرغانە، سوغد(سوغدىيانا، يەنى، سەمەرقەنت ۋە بۇخارا) ئۆلكىلىرىدىكى يەرلىك خانلار چىنگە ھەرىيلى نۇرغۇن مىقتاردا باج ـ سېلىق تۆلەپ تەۋە بولۇپ جېنىنى ساقلاپ تۇرۇشنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇرىبولدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ لار، شەرقتىن كېلىدىغان دۈشمەندىن خاتىرجەم بولۇپ، كۆچىنى غەربىدىن ھۇجۇم قىلىۋاتقان ئىسلام ئەرەب قوشۇنلىرىدىن مۇداپىئەلىنىشكە قاراتتى.

ئۇندىن كېيىن، چىن ئەسكەرلىرى بەدەخشان يولى بىلەن ئافغانىستاننىڭ جەنۇبىدىكى بىلۇرىستان (ھازىرقى چەترال ۋە نۇرىستان) جىلغىلىرىغا قاراپ يۈرۈش قىلىپ، پىشاۋۇر يېقىنلىرىغا قەدەر ئىستىلا قىلدى. ئەمما، بۇجايلاردىكى ئىستىلالىرى ئۇزۇن پۇت تىرەپ تۇرالمىدى. چىن تارىخلىرىدىكى«بىز شىمالىي ھىندىستاننىمۇ ئىستىلا قىلغاندۇق» دېگەنلىرى مانا شۇ قىسقا مۇددەتلىك بىلۇرىستان ئىستىلاسىدىن ئىبارەتتۇر.

## شەرقىي تۈركىستاننىڭ جەنۇبىي قىسمىلىرىغا تىبەتلىكلەرنىڭ تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشى

مىلادى 7 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا (630 ـ703) تىبەتتە كۈچلۈك بىر دۆلەت قۇرۇلغانىدى. بۇ دۆلەتنىڭ ھۆكۈمدارى گەنبو مىلادى 663 ـ يىلى كۇكۇ(ھازىرقى كۆكنۇر يەنى چىڭخەي) ئۆلكىسىدىكى تىنگۇت (تۇيۇھۇن ـ تانغۇت) ئىسىملىك تۈرك قەبىلىسىگە ھۇجۇم قىلىپ، بىرقانچە قېتىملىق قاتتىق ئۇرۇشلاردىن كېيىن تانغۇت خانى مەغلۇپ بولدى[28]. گەنبۇ بۇنىڭغا قانائەت قىلماي، شەرقىي تۈركىستاننىمۇ ئىشغال قىلىشقا ئۇرۇندى.

شۇنىڭ بىلەن چىن ئىمپېراتورى گەنبۇغا قارشى ئۇرۇش ئېلان قىلدى ۋە بۇ ئۇرۇشلار جەريانىدا، ھىجرىنىڭ 50 ـ (مىلادى 670 ـ) يىلى چىن ئەسكەرلىرى ئېغىر ھالدا مەغلۇپ بولۇپ، پەرىشانلىق ئىچىدە قاچتى. شۇنىڭ بىلەن گەنبۇ، كۇكۇدىن يۈرۈپ، ئالدى بىلەن چەرچەننى، ئۇندىن كېيىن ئۇدۇن (خوتەن)، يەركەن ۋە قەشقەرنى ئىشغال قىلدى. شۇنىڭ بىلەن چىن ئىمپېراتورلۇقى ئالدىغا تۈركىستان مەسىلىسىدە، ئەرەبلەردىن باشقا يېڭى بىر رەقابەتچى دۆلەت ئوتتۇرىغا چىقتى. تىبەتلىكلەر قەشقەرنى پايىتەخت قىلىپ، مىلادى 692 ـ يىلىغىچــــە داۋام قىلغــان بۇ ئىستىلا جەريانىدا چىنلىقلار بىرقانچە قېتىم كېلىپ ئۇرۇشقان بولسىمۇ، نەتىجە ئالالمىدى. چۈنكى، سىياسى جەھەتتە تۈركىستان ئاھالىسى تىبەتلىكلەرنى چىنلىقلاردىن ياخشى كۆرۈپ، دايىم تىبەتلىكلەرگە ياردەم قىلاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن چىنلىقلار ھەربىر ھۇجۇملىرىدا ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچرايتتى. ئاخىرى مىلادىنىڭ 692 ـ يىلىغا كەلگەندە، چىنلىقلار غالىپ كېلىپ خوتەن، يەركەن ۋە قەشقەرنى تارتىۋالدى.

28 بەزى تەتقىقاتچىلەر تانغۇتلارنىمۇ غەيرى تۈرك كاتېگورىيىدە كۆرسىتىدۇ(ن. ش. ھ.).

9. پەسىل

## قۇتلۇق، تۈركەش دۆلەتلىرى ۋە كۆكتۈرك دۆلىتىنىڭ تىرىلىشى

كۆكتۈرك دۆلىتى يىقىلىپ، چىن ئاسارىتىدە قالغان تۈركلەرگە بۇ ئاسارەت بەك ئېغىر كەلگەن. چىن ئىمپېراتورىدىن مەنسەپ ۋە سوغا ـ سالام ئالغان بەزى خائىن خانلار ۋە ئەمەلدارلار بۇ ۋەزىيەتتىن خوش بولسىمۇ، مىللەتپەرۋەرخەلق، چىندىن كەلگەن ھەر قانداق بىر نەرسىنى نەپرەت كۆزى بىلەن قاراپ قارشى چىقىپ، ئۆز مىللىي ئورپ ـ ئادەتكە ۋە شەرەپلىك ئەنئەنىلىرىگە قەتئىي سادىق ئىدى. چىن ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ھەر زامان پۇرسەت كۈتۈپ تۇرغان ۋە پۇرسەت كەلگەن ھامان چىنلىقلارغا قارشى چىقىپ، مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن قولىرىدىن كەلگىنىچە تىرىشماقتا ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، تۈرك يۇرتلىرىدا ھەر دائىم ئۇيەر ـ بۇيەردە ئىسيانلار كۆتۈرۈلۈپلا تۇراتتى. ئاخىرى، تۆۋەندە بايان قىلىنىدىغان ئىككى قېتىملىق ئىنقىلاب مۇۋەپپەقىيەت قازىنىپ، تۈركلەر چىن ئاسارىتىدىن قۇتۇلدى ۋە كۆكتۈرك دۆلىتى يېڭىباشتىن تىرىلدى.

### شەرقتە قۇتلۇق دۆلىتى

مىلادى 680 ـ 742 ، (ھىجرى 60 ـ 125)

ئورخون ئابىدىلىرىدىن(كۆلتېكىن ۋە تونيۇقۇق ئابىدە» لىرىدە يېزىلغىنىغا كۆرە،كۆكتۈرك ھۆكۈمدارلىرىنىڭ ئەۋلادلىرىدىن ئېتمىش بەگ ئىسىملىك بىر ھۆكۈمدار بولۇپ، ئۇ كىشى ئۆتۈكەن شەھىرى ۋە ئەتراپىدىكى تۈركلەرگە، چىن ئىمپېراتورىغا تەۋە سۈپىتى بىلەن ھۆكۈمرانلىق قىلاتتى. ئېتمىش بەگنىڭ ئوغلى ئېلتەرىش بەگ يېنىغا 17 كىشىلىك بىر قۇۋۋەت توپلاپ، ھىجرىنىڭ 60 ـ (مىلادى 680 ـ) يىلى تۇيۇقسىز ئۆتۈكەن شەھىرىگە ھۇجۇم قىلىپ، شەھەردىكى چىنلىقلارنى تامامەن يوقىتىپ ئوتتۇرىغا چىقتى ۋە ئۇنىڭغا قوشۇلغانلار شۇكۈنىلا 70 ئاتلىق كىشىگە يەتتى. قىسقىغىنا بىر ۋاقت ئىچىدە 700 ئاتلىق ئەسكەرگە ئىگە بولۇپ، بۇ قەھرىمان، چىنلىقلارغا قارشى ئۇرۇش ئېلان قىلدى ۋە پۈتۈن تۈرك مىللىتىنى چىنگە قارشى ئىنقىلابقا قاتنىششقا چاقىردى. بۇنىڭ بىلەن شىمالىي موغۇلىستاندىكى پۈتۈن تۈركلەر، ئېلتەرىش بەگنىڭ مۇستەقىللىق بايرىقى ئاستىدا بىرلەشتى ۋە ئېلتەرىش بەگكە «ئىدات شات» دېگەن ئۇنۇۋانىنى بەردىلەر .(بۇ شاھزادىلارغا بېرىلىدىغان ئەڭ يۇقىرى ئۇنۇۋان ئىدى) مىلادى 682 ـ يىلى ئېلتەرىش بەگ ئىدات شات، پۈتۈن موغۇلىستاندىكى چىن ئەسكەرلىرىنى ھەيدەپ چىقىرىپ تۈرك ئىستىقلالىنى ئېلان قىلدى. مىللەت ئېلتەرىش بەگ ئىداتشاتنى قاغان سايلىدى. چىن تارىخلىرىغا قارىغاندا بۇقاغاننىڭ ئۇنۇۋانى «قوتلۇق» ئىكەن. بۇ مۇبارەك پادىشا دېگەنلىكتۇر . لېكىن، ئورخۇن مەڭگۈ تاشقا يېزىلغان خەتلەردە بۇ ئۇنۇۋان زىكىرقىلىنماي، ئىسمى

ئېلتەرىش قاغان ۋە دۆلىتى، تۈرك دۆلىتى دەپ يېزىلغان. مانا شۇنىڭ بىلەن، شەرقىي كۆكتۈرك دۆلىتى قايتا تىرىلدى. ئېلتەرىش قاغان (قۇتلۇق قاغان) ھىجرى 72- (مىلادى691) - يىلى ۋاپات قىلىپ ئورنىغا ئىنىسى قاپاغان خان قاغانلىق تەختىگە چىقتى. چىن تارىخچىلىرى بۇقاغاننىڭ ئىسمىنى موچۇ(بوگۇچۇر) دەپ يازىدۇ. قاپاغان قاغان شەرقتە مۇھىم غەلىبىلەرنى قولغاكەلتۈرۈپ، مانجۇرىيە ۋە كورىيە قاتارلىق يۇرتلارنى ئىشغال قىلدى. (10 - خەرىتىگە قاراڭ)

## غەربدە تۈركەش دۆلىتى

ھىجرى 71 - 122 (مىلادى 690 - 739)

چىنلىقلار خاتا تەلەپپۇز قىلىپ، «تۇكىشى» دەپ ئاتايدىغان تۈركەشلەر، تەڭرى تاغنىڭ شىمالىدا كۆكتۈرك ئىتتىپاقىنى تەشكىل قىلغان، ئون چوڭ قەبىلىدىن بىرى ئىدى. بۇلار مىلادى 7 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، تۇبۇل ۋە ئېرتىش دەريالىرى بويىدىكى يايلاقلاردا ياشىغان. كېيىنچە، ئۇ يەردىن كۆچۈپ، ئىسسىقكۆلنىڭ شەرقىگە يەرلەشتى. (11 - خەرىتىگە قاراڭ) كۆكتۈرك دۆلىتى يىقىلغاندىن كېيىن، بۇ ئون قەبىلە، ئۆز ئىچىدە داۋاملىق تىركىشىپ - توقۇنۇشۇپ تۇراتتى. نەتىجىدە، چىننىڭ بۇ جايلاردىكى ئىشغالىيىتى كۆپۈنچە قىسقا سۈرگەن. ئاخىرى تۈركەش قەبىلىسىدىن ئىسمى ئۆچئالا[29] ئۆنئۆانى «باغاتەرقان» بولغان خانى بارغانسېرى كۈچلىنىپ، ئەتراپىدا چوڭ نۇپۇز پەيدا قىلدى ۋە ھىجرى 71 - (مىلادى 690 -) يىلى، پۈتۈن ئون قەبىلىگە ھۆكۈمرانلىق قىلغىلى باشلىدى. «چىن ئىمپېراتورىنىڭ ياردەمچىسى» دېگەن ئۇنۋان بىلەن غەربدىكى تۈركلەرگە ھۆكۈمران بولغان قوشالۇ (بۇ نى چىن تارىخلىرىدا، «ئاشناھىن»، «ئاشنا» دەپ ئاتايدۇ) نى مەغلۇپ قىلىپ چىنگە ھەيدىۋەتتى.

ئۆچئالا باغاتەرقاننىڭ پايتەختى ئىككى جايدا بولۇپ، بىرى بەش قەبىلىنىڭ مەركىزى بولغان توقماق شەھىرى، يەنە بىرى ئىلىنىڭ شىمالىدىكى يەتتە سۇ ئىدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۆچئالا باغاتەرقان، غەربدە ئىنجە دەرياسى، جەنۇبدا تەڭرىتاغلىرى، شەرقتە بارىكۆل ۋە شىمالدا، قىرغىز يايلاقلىرى ئارىسىدىكى كەڭ زېمىندە، بىر تۈرك دۆلىتى قۇرۇپ چىقىپ، غەربىي كۆكتۈرك دۆلىتىنى تىرىلدۈردى. بۇ چاغدا، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى جايلاردىن، قۇجۇ، روران، كىنگىت، كوچا ۋە ئۇچ قاتارلىق جايلار چىن ئىشغالىيىتى ئاستىدا قەشقەر، يەركەن ۋە ئۇدۇن، تىبەتلىكلەرنىڭ ئىشغالىيىتى ئاستىدا قالغانىدى. فەرغانە ۋە سوغد خانلىقلىرى بولسا، چىنگە باج تۆلەپ، ئۆزئالدىغا مۇستەقىل ياشىماقتا ئىدى. ( 11 - خەرىتىگە قاراڭ) ئۆچئالا باغاتارقان، جەنۇبدىكى بۇ تۈرك يۇرتلىرىدىن ئالدى بىلەن چىن ۋە ئۇندىن كېيىن تىبەت ئىستىلاسىنى يوقىتىپ، غەربىي كۆكتۈرك دۆلىتىنىڭ بۇرۇنقى تېررىتورىيىسى ئىچىدىكى بارلىق جايلارنى بىر تۈرك بايرىقى ئاستىدا بىرلەشتۈرۈشنى مەقسەد قىلغان بىر سىياسى پىلان

[29] ھازىرقى ئۇيغۇرچە ئەسەرلەردە «ئۆچەلا باغاتارقان» دەپ ئېلىنىدۇ. ئە - بايتۇر، 361 - بەت ( ن. ش. ھ.).

تۇزۇپ چىقتى. بۇ پىلان بويىچە، ئالدى بىلەن غەربىدىكى ئىسلام ئەسكەرلىرى ۋە جەنۇبىدىكى تىبەتلىكلەربىلەن بىرلىشىپ، چىنلىقلارنى پۈتۈنلەي ھەيدەپ چىقارماق، ئۇندىن كېيىن ئەرەبلەرنى تۈرك يۇرتىدىن ئۇزاقلاشتۇرۇشنى مەقسەت قىلاتتى. ئۆچئالا باغاتەرقان بۇ جەھەتتە ناھايىتى كۆپ تىرىشىپ، ئىسلام ئەسكەر لىرى ۋە تىبەتلىكلەر بىلەن بىرلىشىپ، چىنگە قارشى ئۇرۇش باشلىدى. لېكىن، بۇ غەيرەت ۋە كۈچ بىرلىكى بىلەنمۇ ئۇچاغدىكى چىننىڭ زوركۈچىنى يېڭەلمىدى. شۇنداقتىمۇ، بۇ ئۈچ كۈچ ، ئوتتۇرىسىدا قالغان چىن ئۆز تەۋەسىنى ئاران قوغداپ تۈركەش، ئەرەب ۋە تىبەتلىكلەرگە تاجاۋۇز قىلىشقا جۈرئەت قىلالمىدى.

## قۇتلۇق ۋە تۈركەش دۆلەتلىرىنىڭ بىرلەشكەنلىكى ۋە تۈركىستاننىڭ چىن ئاسارىتىدىن قۇتۇلغانلىقى

يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، تۈركەش دۆلىتى قۇرۇلغاندىن تارتىپ، غەربىدىن ئەرەب ـ ئىسلام ئەسكەرلىرى، شەرقتىن چىنلار ۋە جەنۇبىدىن تىبەتلىكلەرنىڭ داۋاملىق تەھدىتىگە ئۇچراپ تۇرغاندى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، شەرقىي تۈرك يۇرتلىرىدىكى ئېلتەرىش قاغاننىڭ ئورنىغا تەختكە چىققان قاپاغان قاغان، تۈركەش ۋە باشقا غەربىي تۈركلەرگە تەۋە بولغان پۈتۈن تۈركلەرنى قول ئاستىغا ئېلىشقا تىرىشماقتا ئىدى. ئاخىرى ھىجرىنىڭ 79 ـ(مىلادى699) ـ يىلى قاپاغان قاغان تۈركەش دۆلىتىنى بېسىۋالدى ۋە چىن ئەسكەرلىرىنى يوقىتىپ، شەرقىي ۋە غەربىي تۈركىستاننى ئۆز بايرىقى ئاستىغا يىغىپ قەدىمكى تۈرك دۆلىتىگە ئوخشاش بىر دۆلەت شەكلى بىلەن ھاكىمىيەت باشلىدى. غەربىي تۈرك خانلىرىغا ئوغلىنى «يابغۇ» قىلىپ تەيىنلىدى. ئۆچئالاباغاتارقان، قاپاغان قاغاننىڭ ئالى ھۆكۈمرانلىقىنى ئېتىراپ قىلىپ، بويسۇنۇپ، ئىچكى جەھەتتە مۇستەقىللىقىنى ساقلاپ قالدى.(10 ـ خەرىتىگە قاراڭ)

بۇلاردىن بىر يىل بۇرۇن (مىلادى 698 ـ يىلى) قاپاغان قاغان چىنگە ھۇجۇم قىلىپ، پىچىلى ۋە شەنشى قاتارلىق جايلارنى ئىشغال قىلىپ چىن ئىمپېراتورىنى باج ـ سېلىق تۆلەپ، قۇتلۇق دۆلىتىگە تەۋە بولۇشقا مەجبۇر قىلغانىدى. مىلادى 700 ـ يىلى قاپاغان قاغان ئېلتەرىش قاغاننىڭ ئوغلى «كۈلتېگىن» نى پەرغانە ۋە سۇغد ۋە تاخارىستان (قەتەغەن ۋە بەدەخشان) دىكى تۈرك خانلىرىنى باشقۇرۇش ئۈچۈن ماۋەرائۇننەھرىگە ئەۋەتتى. كۈلتېگىن بۇجايلارنى ئۆز بايرىقى ئاستىغا ئېلىپ، ئومۇمىي ۋالىي سۈپىتى بىلەن غەربىي تۈركىستاندا يەرلىشىپ، ئەرەب ـ ئىسلام ئەسكەرلىرىدىن مۇداپىئە قىلىشقا ھازىرلاندى.

## تۈرك قۇتلۇق دۆلىتى بىلەن ئىسلام ئەمىرلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ۋەقەلەر

بۇ پەسىلمىزدە ئەرەب ئىسلام ئەسكەرلىرىنىڭ تۈرك يۇرتلىرىدىكى غەلىبىلىرى ۋە بۇ ئارىدىكى

ئۇرۇشلارنىڭ قىسقىچە تارىخىنى بايان قىلىمىز:

دەسلەپتە، ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ خەلىپىلىك زامانىسىدا ئىران شاھىنى«نىھاۋەند» ئۇرۇشىدا مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن، خوراسان ئەتراپىدىكى تۈركلەر ئۈستىدە ئەرەب ھۆكۈمرانلىقى باشلىدى[30]. ھەزرىتى ئۇسماننىڭ خەلىپىلىك دەۋرىدە، كۆپچىلىك ئاھالىسى مۇسۇلمان بولغان خوراسان، ئەرەب ئىسلام ئەسكەرلىرىنىڭ قولىغا ئۆتتى. ھىجرى 32 ـ (مىلادى653 ـ) يىلى، خوراسان ۋالىسى ئەھنەف بىن قەيس باشچىلىقىدىكى ئەرەب ئىسلام قوشۇنى، شەرققە قاراپ يۈرۈش باشلىدى. ۋە بەلخ شەھىرىنى پەتھى قىلدى. ئۇندىن كېيىن، تۆۋەن تاخارىستان (قەتەغەن) ۋە يۇقىرى تاخارىستان (بەدەخشان) دىكى تۈرك خانلىقلىرى ئۈستىگە ھۇجۇم قىلدى. بۇ جايدىكى تۈركلەر قاتتىق تۇرۇپ قارشىلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ ئاخىرى مەغلۇپ بولدى. «جىزيە» بەرمەك شەرتى بىلەن بويسۇنۇپ، ئىچكى مۇستەقىللىقىنى ساقلاپ قېلىش شەرتى بىلەن سۈلھى قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن، ئەھنەف ئەسكەرلىرىنى ئېلىپ قايتىپ كەتتى. كېيىن، ئەھنەف يەنە، خارەزمدىكى تۈرك خانلىقلىرىغا ھۇجۇم قىلغان بولسىمۇ غەلىبە قىلالمىدى. مانا شۇنىڭ بىلەن ھەزرىتى ئوسمان زامانىسىدا، ئىسلام ئەرەب ئەسكەرلىرى ئۆگۈز دەريا بويىغا كېلىپ توختىغان. ھىجرىنىڭ 80 ـ يىلىغىچە ئەرەب ۋە تۈركلەر ئوتتۇرىسىدا چوڭ ئۇرۇش يۈز بەرمىدى. تاخارىستان خانلىرى مۇستەقىل بولۇپ ياشىدى. تۆۋەندە ئابدۇلمەلىك زامانىسىدىن باشلاپ تۈرك يۇرتلىرىدا ئېلىپ بېرىلغان غازاتلار ۋە مەشھۇر ئەرەب قوماندانلىرىنىڭ ۋەقەلىرىنى بايان قىلىمىز.

## مۇھەللەب بىن ئەبى سۇفرە ۋە قۇتەيبەبىن مۇسلىم

ئابدۇلمەلىكنىڭ ئىراقتىكى ۋالىيسى مەشھۇر«ھۇججاج زالىم» ئەينى زاماندا خوراساننىڭمۇ ۋالىيسى ئىدى. ھۇججاجنىڭ قوماندانلىرىدىن بىرى بولغان مۇھەللەب بىن ئەبى سۇفرە، ئىسلام ئەسكەرلىرىنىڭ ئاتاغلىق قوماندانلىرىدىن بىرى بولۇپ، ھۇججاج ئۇنى خۇراسانغا ۋالىي تەيىنلەپ تاخارىستان ۋە سوغد دىكى تۈرك خانلىرى ئۈستىگە غازات يۈرۈشى قىلىشقا بۇيرۇق بەردى. مۇھەللەب ئەسكەرلىرىنى باشلاپ ھىجرىنىڭ 80 ـ يىلى بەلخكە كېلىپ ، ئامۇ دەرياسىدىن ئۆتتى ۋە دەريا بويىدىكى كەش قەلئەسىنى پەتھى قىلدى. ئارقىسىدىن سوغد ئۆلكىسىدىكى بۇخاراخانى ۋە خىتلان (قاراتېكىن) خانى بىلەن ئىككى يىل ئۇرۇشۇپ، نەتىجە ئالالمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەتراپتىكى تۈركلەر ھەر تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىپ، ئەرەبلەرنى تازا قىستاققا ئالدى. خەتەرلىك بىرئەھۋالدا قالغان مۇھەللەب پۈتۈن

[30] نىھاۋەند ئۇرۇشى، ھىجرىنىڭ 22 ـ (مىلادى 643 ـ642 ـ) يىلى. تولۇق مەلۇمات ئۈچۈن مۇئەللىپنىڭ تۈركچە ئەسەرى Tűrk Yurdlarında Arab - İslam Futuhatları sayfa 21 گە قاراڭ (ن. ش. ھ).

ئەسكەرلىرىنى ئېلىپ، مەرۋىگە قايتىپ كەتتى ۋە ئۇزۇن ئۆتمەي ۋاپات بولدى. ئورنىغا ئوغلى يەزىدىبىن مۇھەللەب ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن، مۇپەسسەل بىن مۇھەللەب خوراسان ۋالىسى بولدى. بۇلارمۇ ئۇزۇنغا سوزۇلغان ئۇرۇشلار قىلغان بولسىمۇ، ھېچ قانداق فۇتۇھات (پەتھلار) قولغا كەلتۈرەلمىدى. ھىجرىنىڭ 86 - يىلى ھۇججاج خوراسانغا قۇتەيبەبىن مۇسلىم ئىسىملىك قوماندانىنى ۋالىي قىلدى. قۇتەيبە، خوراساننىڭ مەركىزى مەرۋىگە كېلىپلا تاخارىستانغا يۈرۈش قىلدى. تۆۋەن تاخارىستاندىكى بىرخانلىقنىڭ پايتەختى بولغان تالقان شەھرىنى ئالدى. ئۇچاغدا، تاخارىستاندا بىر- بىرىگە دۈشمەن بولغان تۆت خانلىق بار ئىدى. قۇتەيبە بۇلارنىڭ ئىچكى ئاداۋىتىدىن پايدىلىنىپ، بۇلاردىن ساغنىيان (ھازىرقى شغنان) خانىنى ئۇرۇشمايلا بويسۇندۇردى. قالغان ئۈچ خانىنى، ئارقا - ئارقىدىن مەغلۇپ قىلىپ، جىزيە[31] بەرمەك شەرتى بىلەن ئىتائەت قىلىشقا مەجبۇر قىلدى. قۇتەيبە، تاخارىستاندا يېتەرلىك ساندا ئەسكەر قويۇپ، مەرۋىگە قايتتى. ھىجرىنىڭ 87 - يىلى قۇتەيبە بەلخ شەھرىگە كەلدى ۋە ئۆگۈز دەرياسىدىن ئۆتۈپ بايكەند شەھرىگە ھۇجۇم قىلدى. تۈركلەر قاتتىق تۇرۇپ مۇداپىئە قىلدى. ھەتتا قۇتەيبە باشلىق پۈتۈن ئىسلام ئەسكەرلىرىنى ئىككى ئاي مۇھاسىرىگە ئالدى. ھۇججاج بىلەن قۇتەيبە ئارىسىدىكى ئالاقىمۇ ئۈزۈلدى. شۇنداق بىر پەيتتە بىركېچە ئەرەبلەر مۇھاسىرىنى يېرىپ چىقىپ، تۈركلەرگە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلدى. خەۋەرسىز ھالدا غاپىل يانقان تۈركلەر بۇ زەربىدىن مەغلۇپ بولۇپ، شەھەرگە كىرىۋالماق ئۈچۈن، ئارقىغا ياندى. لېكىن، بىر بۆلۈك ئىسلام ئەسكەرلىرى، تۈركلەر بىلەن شەھەر ئوتتۇرىسىدىكى يولنى توسۇۋالغانلىقتىن، شەھەرگە كىرەلمەي پاراكەندە بولۇپ ھەرتەرەپكە قېچىپ كەتتى. ئازراق قىسمى شەھەرگەكىرىۋالالىغان بولسىمۇ، مۇسۇلمانلار سېپىلنىڭ بەزى يەرلىرىنى يىقتى. شۇنىڭ بىلەن تۈركلەرمەغلۇپ، بولۇشلىرىنى بىلىپ، قۇتەيبە بىلەن سۈلھى قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويدى. قۇتەيبە تەسلىم بولۇش شەرتى بىلەن تۈركلەرنىڭ جېنى ۋە مېلىغا تەگمەسلىككە ماقۇل بولۇپ سۈلھى قىلدى. ۋە مۇسۇلمانلاردىن بىرىنى بايكەنتكە ۋالىي قىلىپ، ئۆزى مەرۋىگە قايتتى. قۇتەيبە كەتكەندىن كېيىن، شەھەردە ئىسيان چىقتى. ھاكىم ئۆلتۈرۈلدى. بۇنى ئاڭلىغان قۇتەيبە كېلىپ، ھادىسىنىڭ سەۋەبىنى ۋە جاۋابكارلارنى سۈرۈشتۈرمەستىن، بايكەنت خەلقىنى قەتلىئام قىلدى. خەلقنىڭ پۈتۈن نەرسەكېرەكلىرىنى ئولجىغا ئېلىپ، شەھەرگە ئوت قويۇپ تامامەن ۋەيران قىلىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن سوغد خانلىقىنىڭ ئەڭ ئاۋات، باي ۋە چىرايلىق شەھەرى بايكەنت يوق بولدى . قۇتلۇق كۆكتۈرك قاغانى قاپاغان قاغان، غەربىدىكى تۈرك يۇرتلىرىغا ئومۇمىي ۋالىي قىلىپ ئەۋەتكەن كۆلتېگىن، بۇچاغقىچە مۇھەللەب ۋە قۇتەيبەدىن مۇداپىئە قىلىش ئۇرۇشلىرىغا بىۋاستە ئارىلاشماي، تاخارىستان ۋە سوغد خانلىرى ئۆزلىرى مۇداپىئە قىلماقتا ئىدى. بايكەنتتىكى دەھشەتلىك قەتلىئام ۋە شەھەرنىڭ ۋەيران قىلىنىشىدىن كېيىن، كۆلتېگىن ئەرەبلەرگە قارشى مۇداپىئە

[31] جىزيە، مۇسۇلمان بولمىغان يۇقرالاردىن ئېلىنىدىغان مەخسۇس باج (ن. ش. ھ.).

ئۇرۇشنىڭ قوماندانلىقىنى ئۆز ئۈستىگە ئالدى. پەرغانە ۋە سوغدىكى پۈتۈن تۈرك كۈچلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ قۇتەيبە، ئىشغال قىلغان پۈتۈن جايلارنى قايتۇرۇۋالدى ۋە ئامۇ دەرياسى بويىدىكى تەرمىز نى مەركەز قىلىپ، يەرلەشتى. ھىجرىنىڭ 88 ـ (مىلادى707 ـ) يىلى قۇتەيبە پۈتۈن كۈچىنى يىغىپ، سوغدغا ھۇجۇم قىلدى. كۆلتېگىن بىلەن تەرمىز يېقىنلىرىدا قاتتىق تۇتۇشتى. نەتىجىدە، مەغلۇپ بولغان قۇتەيبە بەلختىمۇ تۇرالماي قالغان ئەسكەرلىرىنى ئېلىپ، مەرۋىگە كەتتى. ھىجرىنىڭ 89 ـ يىلى يەنە بىرقېتىم تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلغان بولسىمۇ، مەغلۇپ بولدى. بۇ ئىككى قېتىملىق مەغلۇبىيەتتىن كېيىن، قۇتەيبە ماۋەرائۇننەھىردىن ئۈمىدىنى ئۈزدى ۋە ھۇججاجغا تۈركلەرنىڭ قەھرىمانلىقى ۋە جەڭگىۋارلىقى ھەققىدە ئۇزۇن خەت يازدى. ماۋەرائۇننەھرنىڭ خەرىتىسىنى يوللاپ: «ئەگەر بىز يەنىلا، تۈركلەر بىلەن ئۇرۇشنى داۋاملاشتۇرىدىغان بولساق، ئەرەب ئەسكەرلىرى تامامەن يوق بولىدۇ» دەپ يازدى. بۇنى كۆرگەن ھۇججاج قۇتەيبىگە مالامەت قىلىپ، يەنە بىرتەرەپتىن ئۇنى غەيرەتلەندۇرۇپ خەت يازدى ۋە نۇرغۇن ئەسكىرىي كۈچ ياردەمگە ئەۋەتتى. ئىراندىكى يېڭى مۇسۇلمان بولغانلارنى جىھاتقا دەۋەت قىلىپ، ئۇلارنىڭ ياردىمىگە ئېرىشتى. بۇقۇۋۋەت بىلەن قۇتەيبە، ھىجرىنىڭ 90 ـ (مىلادى 709ـ) يىلى بۇخارا غا يۈرۈش قىلدى. كۆلتېگىن بۇنى ئاڭلاپ، ئۆز ئەسكەر لىرىنى ۋە پەرغانە بىلەن سوغد ئەسكەرلىرىنى ئېلىپ؛ سەمەرقەنتتىن بۇخاراغا يۈرۈش قىلدى. قۇتەيبە بۇرۇن كېلىپ، بۇخارانى مۇھاسىرىگە ئالغان ئىكەن. كۆلتېگىن كېلىپ، مۇسۇلمانلارغا قاتتىق ھۇجۇم قىلدى. دەھشەتلىك ئۇرۇشدىن كېيىن مۇسۇلمانلار مۇھاسىرىنى تاشلاپ، چېكىنىشكە مەجبۇربولدى. ئۇرۇش ئاخشامغىچە داۋام قىلدى. تۈركلەر، مۇسۇلمانلارنى بۇخارادىن خېلى ئۇزاقلاشتۇردى. مۇسۇلمانلار بىر ئېقىندىن ئۆتۈپ توختىدى. كۆلتېگىنمۇ ئىگىز بىريەرگە چۈشتى. كېچىسى قۇتەيبە، تۈركلەر ئۈستىگە باسقۇن قىلىشقا بۇيرۇغان بولسىمۇ، بۇنىڭغا ھېچكىم جۈرئەت قىلالمىدى.

ئاخىرى مۇسۇلمانلارنىڭ ئاتلىق ئەسكەرلىرىنىڭ قوماندانى ۋەكىئ بىرقىسىم ئەسكەرلىرىنى ئېلىپ ئېقىندىن ئۆتۈپ، تۈركلەرنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈشكە مۇۋەپپەق بولدى. غاپىل ھالدا ئۇخلاۋاتقان تۈرك ئەسكەرلىرىنىڭ ئارقىسىدىن ھۇجۇم قىلدى. تۇيۇقسىز كەلگەن بۇ زەربىدىن ئالاقزادە بولۇپ كەتكەن تۈرك ئەسكەر لىرى، پاراكەندە ھالدا قاچتى. مۇھاپىزەتچىلىرى بىلەن يالغۇز قالغان كۆلتېگىن جىددى تۇرۇپ ئۇرۇشقان بولسىمۇ، يارالاندى ۋە فەرغانىغا قاچتى. بۇ مەغلۇبىيەتتىن كېيىن، قۇتەيبەنىڭ ئالدىدا يالغۇز قالغان بۇخارا، سەمەرقەنت، سوغد ۋە خىتلان خانلىرى جىزيە تۆلەش، ئۆز ئىچكى ئىشلىرىدا مۇستەقىل بولۇش شەرتى بىلەن سۈلھى قىلىشنى تەلەپ قىلدى. قۇتەيبە بۇنى ئۆزى ئۈچۈن چوڭ ئۇتۇق دەپ بىلىپ، دەرھال ماقۇل بولدى. بۇ جايلاردىن جىزيە يىغىش ۋە خانلارغا نازارەت قىلىش ئۈچۈن، بۇخارا دا بىر ۋالىي ۋە يېتەرلىك ئەسكەرى كۈچ قالدۇرۇپ قۇتەيبە مەرۋىگە قايتتى.

بۇ ئارىدا شەرقتە توققۇز ئۇيغۇر ۋە خىتاي ئىسيانلىرى يۈز بەردى. چىندىمۇ ئىسيان كۆتۈرۈلدى.

شۇنىڭ ئۈچۈن قاپاغان قاغان، كۆلتېگىننى پايتەخت قاراقۇرۇمغا قايتۇرۇپ كەتتى.

ھىجرىنىڭ 93 ـ (مىلادى 712ـ) يىلى قۇتەيبە، خارەزمگە ھۇجۇم قىلدى. پۈتۈن خارەزم خانلىرى بىرلىشىپ، قارشى تۇرغان بولسىمۇ، ئاخىرى مەغلۇپ بولدى. جىزيە بېرىپ بويسۇنۇشقا مەجبۇربولدى. قۇتەيبە بۇندىن ئىلگىرىكى بىر ئۇرۇشتا ئىنىسى ئابدۇراھماننى ئەسىرئالغان تۈرك ئەسكىرىي قىسمىنىڭ 4000 ئەسكىرىنى زالىملارچە قەتلئام قىلىپ، قىرىپ تاشلىدى.

سەمەرقەنت خانى قۇتەيبە دىن يۈز ئۆرۈپ ئىسيان كۆتەردى ۋە مۇستەقىللىق ئېلان قىلدى. ئەمما، مىلادى 712 ـ 713 ـ يىللىرى قۇتەيبە سەمەرقەنتكە ھۇجۇم قىلىپ، قايتا بېسىۋالدى. شەھەر ئىچىدە چوڭ بىرجامە مەسجىد بىنا قىلدى. ئىسلام تارىخىغا كۆرە، قۇتەيبەنىڭ بۇ قېتىمقى غەلىبە قازىنىشىدا، بۇخارا ۋە خارەزمدىكى مۇسۇلمان بولغان تۈركلەر مۇھىم رول ئوينىغان. ئابدۇللا ئىسىملىك بىرىنى سەمەرقەنتكە ۋالىي قىلىپ قويۇپ، قۇتەيبە ئۆزى مەرۋىگە قايتتى.

ھىجرىنىڭ 83 ـ ( مىلادى 713ـ) يىلى قۇتەيبە، يەنە نۇرغۇن كۈچ بىلەن كېلىپ، فەرغانىغا ھۇجۇم قىلدى. خوجەنت خانىنى مەغلۇپ قىلىپ، تېخىمۇ شەرققە قاراپ مېڭىپ، (كاسان» شەھىرىنى پەتھى قىلدى. تاشكەنت خانى ئۇرۇشماستىن تەسلىم بولدى.

مانا، يۇقىرىقىلار داڭلىق ئىسلام ئەرەب قوماندانى «قۇتەيبە بىن مۇسلىم» نىڭ تۈرك يۇرتلىرىدا ئېلىپ بارغان شانلىق پەتھىلىرى. قۇتەيبە بۇ ئاخىرقى غەلىبىسىدىن باشقا بىر غەلىبە قازىنالمىدى. ھىجرى 96 ـ يىلىدا، بىر رىۋايەتتە 97 ـ(مىلادى 715ـ) يىلىدا ئۆز ئەسكەرلىرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى.

## بىر تارىخىي ھەقىقەت

شۇنى ئالاھىدە كۆرسىتىپ ئۆتۈش لازىمكى، ئىسلام تارىخلىرىنىڭ بەزىلىرىدە«قۇتەيبە ھىجرىنىڭ 96 ـ يىلى قەشقەرنى پەتھى قىلغان. ئۇچاغدا بۇ يۇرتلار چىن ئىمپېراتورلۇقىغا تەۋە ئىدى ۋە قۇتەيبە چىن ئىمپېراتورى بىلەن سۈلھى تۈزدى ......» دېگەنلەرگە ئوخشاش ئۇززۇن ـ ئۇززۇن رىۋايەتلەر بار. بۇلارنىڭ ھەممىسى يالغان، ھېچ يۈزبەرمىگەن ۋە ئويدۇرما رىۋايەتلەردىن ئىبارەت. ھەقىقەت شۇكى، ئۇ چاغلاردا شەرقىي تۈركىستان «قۇتلۇق تۈرك» قاغانى قاپاغان قاغان ھۆكۈمرانلىقىدا مۇستەقىل خانلىق بولۇپ، چىن بىلەن ھېچقانداق ئالاقىسى يوقتى. قۇتەيبەنىڭ قەشقەرنى ئېلىشى ئۇياقتا تۇرسۇن، غەربىي تۈركىستاننىڭ ھەممىسىنى پەتھى قىلالمىغانلىقى تارىخىي تەتقىقاتلار بىلەن ئىسپاتلانغان بىر مەسىلە. قۇتەيبەنىڭ مەرۋە شەھرىدە، ھىجرىنىڭ 96 ـ يىلى ئۆلتۈرۈلگەنلىكى ھەققىدە كۈچلۈك دەلىللەر بار. ئەگەر، ئىسلام ئەسكەرلىرىنىڭ يۇرتىمىزغا بالدۇرراق كېلىپ، ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنى بۇرۇنراق ئىسلام دىنى بىلەن شەرەپلەندۈرگەنلىكى راست بولسا ئىدى، بۇ بىز ئۈچۈن بىر پەخىر دەسمايىسى بولغان بولاتتى. لېكىن، تارىختا يۈز بەرمىگەن مۇنداق يالغان رىۋايەتلەرگە ئالدىنىپ، ئاساسسىز بۇ پەخىرنى

قوبۇل قىلىش ئەيىپ بىر ئىشتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، ھادىسىنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى ئوتتۇرىغا قويدۇق.

## يەنە بىر تارىخىي ھەقىقەت

ئىسلام تارىخلىرىنىڭ كۆپچىلىگىدە، قۇتەيبە بىن مۇسلىمنى «ئىسلامنىڭ بۈيۈك فاتىھى»، ئىسلامغا چوڭ خىزمەت قىلغان، ئىسلامنىڭ ئۇلۇغ خادىمى» دەپ، كۆرسەتكەن. لېكىن، ئىسلام تارىخچىلىرىنىڭ ھەققانىيەت تەرەپتارلىرى ۋە بىتەرەپ تارىخچىلار بولسا، قۇتەيبە بىن مۇسلىمنىڭ ئىسلام فاتىھلىرى(ئىسلام ئۈچۈن جىھاد قىلىپ غەلىبە قىلغان قوماندانلىرى) ئىچىدە ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغانلىقى توغرا. چۈنكى، ئەھنەف بىن قەيس ۋە مۇھەللەب بىن ئەبۇسۇفرە قاتارلىق ئىسلامنىڭ ئاتاغلىق قوماندانلىرى قولغا كەلتۈرەلمىگەن غەلىبىنى، قۇتەيبە قولغا كەلتۈردى. تاخارىستان ۋە ماۋەرائۇننەھردىكى ئىنتايىن كۈچلۈك ۋە جەڭگىۋار تۈرك خانلىرىنى مەغلۇپ قىلىپ، بۇيەرلەردە ئىسلامنىڭ بايرىقىنى تىكلىدى. ئەمما، بۇنىڭ بىلەن قۇتەيبەنى، مۇقەددەس ۋە ئۇلۇغ بىركىشى دېيىش جايىز ئەمەس. چۈنكى، قۇتەيبە ئىسلام دۇنياسىدا مىسلىسىز زالىملىقى بىلەن داڭقى چىققان مەشھۇر «ھۇججاج زالىم» نىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك ئادىمى. زالىملىقتا، ناھەق قان تۆكۈشتە ھۇججاجدىن ھېچ كام قالمىغان دەپ قارايدۇ. ھەقىقەتەنمۇ، ئۇ، تۈرك يۇرتلىرىدا تەسلىم بولغان تۈركلەرنى، باشقىلارنى قورقۇتۇش ئۈچۈن ۋە ئىبرەت بولسۇن دەپ، دەھشەتلىك ئۇسۇللار بىلەن قەتلىئام قىلىپ، بىگۇنا كىشلەرنى بىرىنىمۇ ساق قويماي ئۆلتۈرگەن. شەھەرلەرنى بولاپ ـ تالاپ ئوت، قويۇپ ۋەيران قىلغان ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش خەلقنىڭ ئىسلامدىن نەپرەتلىنىشىگە سەۋەپ بولىدىغان، ۋەھشىلەرچە قىلمىشلىرى ئىنتايىن كۆپ ئىدى. ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئەڭ باي ۋە تەرەققىي قىلغان شەھەرلىرىدىن بىرى بولغان، بايكەنت شەھرىنى ئەرزىمەس بىر باھانە بىلەن ۋەيران قىلىۋەتتى. تاخارىستاننى پەتھى قىلغاندا، تالقان شەھرىنىڭ پۈتۈن ئاھالىسىنى قەتلىئام قىلدى. ياراغلىرىنى تاشلاپ، تەسلىم بولغان مىڭلارچە ئىنساننى شەھەر ئەتراپىدىكى دەرەخلەرگە تىرىك تۇرغۇزۇپ ئېسىپ قويۇپ، ئۆلتۈردى. قۇتەيبىنىڭ بۇنىڭغا ئوخشاش زۇلۇم ۋە قەتلىئام قىلغانلىقىنىڭ كۆپلىگەن مىساللىرى تارىخ كىتابلىرىدا تەپسىلى يېزىلغان. ئۇنىڭ ئىسلام شەرىئىتى ۋە ئىنسانىيەت قانۇنلىرىدا مەنئى قىلىنغان تەسلىم بولغانلارنى ئۆلتۈرۈش، خەلقنى ئەسىرگە ئېلىش، شەھەرنى بۇلاپ تالاش، ئوت قويۇپ ۋەيران قىلىشتەك قەبىھ قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن تۈركلەردە ئىسلامغا قارشى بىر نەپرەت ھىسسىياتى تۇغۇلغان. بۇ زۇلۇم ۋە ھەقسىزلىك ئىچىدە، مۇسۇلمانلاردىن نەپرەت قىلىپ، ھەردايىم ئۇلاردىن ئىنتىقام ئېلىشقا پۇرسەت كۈتۈپ تۇرغان تۈركلەر قۇتەيبەنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى ئاڭلىغان ھامان (ھىجرىنىڭ 96 ـ مىلادىنىڭ 714 ـ يىلى) ئىسيان كۆتۈرۈپ، مۇستەقىللىق ئېلان قىلدى. پەقەت سەمەرقەنت ۋە بۇخارا شەھەرلىرىدە ئەرەب ئەسكەرلىرى كۆپ بولغانلىقىدىن ۋە ئاھالىسىنىڭ كۆپچىلىگى مۇسۇلمان بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ ئىككى شەھەرلا

ئىسلام دۆلىتى تەۋەلىكىدە قالدى. ئىسلام ئەسكەرلىرى بىلەن تۈركلەر ئوتتۇرىسىدىكى باشقا ماجىرالارنى نوۋەتتى كەلگەندە بايان قىلىمىز.

## شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئىچكى ۋەقەلىرى

قاپاغان قاغان، 24 يىل ھۆكۈم سۈرۈپ، ئاسىيادا كۆكتۈرك دۆلىتىنى يېڭىدىن تىرىلدۈردى. مىلادى 709 ـ يىلى كۆلتېگىن بۇخارا سۇغۇشىدىن يارىدار بولۇپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، قاپاغان قاغان ئەرەبلەر بىلەن ئۇرۇش قىلمىدى. بۇنىڭ سەۋەبى، بىرتەرەپتىن چىن بىلەن ئۇرۇش باشلىغانىدى. يەنە بىرتەرەپتىن موغۇلىستاننىڭ غەربىدىكى توققۇز ئوغۇز ۋە مانجۇرىيىنىڭ جەنۇبىدىكى ختاي قەبىلىسى ئىسيان كۆتەرگەن ۋە قاغان بۇلارنى بېسىقتۇرۇش بىلەن مەشغۇل ئىدى. ھىجرى86 ـ يىلى ھۇججاج خوراسانغا قوماندان قۇتەيبە بىن مۇسلىمنى ۋالىي قىلدى. قاپاغان قاغان، ھىجرى 97 (مىلادى716 ـ) يىلى ۋاپات بولۇپ، ئورنىغا قۇتلۇق قاغاننىڭ چوڭ ئوغلى بىلگەخان قاغان بولدى. بىلگە قاغاننىڭ زامانىسىدا، بىزيۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئىنىسى كۆلتېگىن تۈرك ئەسكەرلىرىنىڭ باش قوماندانى ئىدى. بىلگەخان، مىلادى 734 ـ يىلى ۋاپات بولۇپ ئورنىغا ئوغلى ئىچىن(ئىرەن) خان قاغان بولدى. ئىچىن خان مىلادى 739 ـ يىلى ۋاپات بولۇپ، ئورنىغا قۇتلۇق بىلگەخان قاغان بولدى. بۇ قاغان مىلادى 742 دە ۋاپات بولدى. بۇنىڭ زامانىسىدا چىن دۆلىتى كۈچلىنىپ، شەرقتە نۇرغۇن جايلارنى تارتىۋالدى. ئىچكى تەرەپتىن باسمىل ۋە قارلۇق قەبىلىلىرى ئىسيان كۆتۈرۈپ، پاراكەندىچىلىك تۇغدۇردى. قۇتلۇق بىلگە قاغاندىن كېيىن، ئورنىغا ئۆزمىش تېگىن قاغان بولدى. بۇقاغاننىڭ زامانىسىدا چىننىڭ ھۇجۇملىرى ۋە ئىچكى ئىسيانلار كۆپىيىپ، دۆلەت تازا ئاجىزلىدى. ھىجرىنىڭ 126 ـ (مىلادى 744ـ) يىلى ئۇيغۇر باسمىل ۋە قارلۇقلار بىرلىشىپ، ھۇجۇم قىلدى ۋە پايتەخت قاراقورۇم شەھرىنى تارتىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن 65 يىل ھۆكۈم سۈرگەن قۇتلۇق تۈرك دۆلىتى يىقىلدى.

تۈركەش دۆلىتى خانى ئۆچئالا باغاتەرقاننىڭ، قۇتلۇق دۆلىتىنىڭ قاغانى قاپاغان قاغانغا بويسۇنغانلىقىنى يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتتۇق. بۇ ۋەزىيەت ئۆچئالا باغاتەرقاننىڭ ۋاپاتىغا قەدەر داۋام قىلدى. ئۇنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، ئوغلى سۇئوقو(ساقال)خان، تەختكە چىقتى. لېكىن، ئىنىسى چانۇخان بىلەن تەخت تالىشىپ، ئۇرۇش باشلاندى. ئۇزۇن داۋام قىلغان بۇ ئۇرۇشلار نەتىجىسىدە، يۇرتتا ئېغىرھالدا تىنچسىزلىق ۋە ۋەيرانچىلىق يۈز بەردى. قاپاغان قاغان بۇ ئىككى ئاكا- ئوكىنى ئۆلتۈرۈپ ئۆلتۈردى. بۇنىڭ بىلەن ئۆچئالاباغاتەرقان جەمەتىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى يىقىلدى. بۇلارنى «تۈركەش دۆلىتىنىڭ ئىككىنچى قېتىم قۇرۇلۇشى» دېگەن بابتا تەپسىلى بايان قىلىمىز.

ھىجرىنىڭ 80 ـ (مىلادى699 ـ) يىلى قاپاغان قاغانىنىڭ چىنلىقلارنى ھەيدەپ چىقارغاندىن كېيىن، شەرقىي تۈركىستاندىكى پۈتۈن يەرلىك خانلار قاپاغان قاغانغا تەۋە بولغان ۋە بۇ ۋەزىيەت ئۇنىڭ ۋاپاتىغا قەدەر داۋام قىلدى. بۇ ئارىدا چىنلىقلار شەرقىي تۈركىستانغا ھۇجۇم باشلىغان بولسىمۇ، مىلادى 714 ـ يىلى مۇستەقىللىق ئېلان قىلغان سۇلۇقاغانىنىڭ غەيرىتى بىلەن چىنلىقلار مەغلۇپ بولۇپ، قاچتى. شۇ تارىختىن باشلاپ، تاكى مىلادى 739 ـ يىلىغىچە شەرقىي تۈركىستان خانلىرى تۈركەش قاغانىنىڭ ھىمايىسى ئاستىدا مۇستەقىل ياشىدى.

## كۆكتۈرك دۆلىتىنىڭ سىياسى ، ئىجتىمائىي ئەھۋالى ۋە مەدەنىيەت ئەسەرلىرى

كۆكتۈرك دۆلىتى، ئاسىيانىڭ ئومۇمىي مەدەنىيەت تارىخىدا مۇھىم ئورۇننى ئىگەللەيدۇ. شەرقىي كۆكتۈرك دۆلىتىنىڭ ئىككىنچى خاندانى بولغان قۇتلۇق قاغانلىقى دەۋرىدىن، بۈگۈن بىزگىچە يېتىپ كەلگەن، «ئورخۇن ئابىدىلىرى» دەپ، ئاتالغان مەشھۇر قەدىمكى تۈرك كىتابەلىرىنى بىزگە مىراس قالدۇرۇپ، قەدىمكى تۈرك مەدەنىيەت تارىخىغا غايەت چوڭ بىرخىزمەت كۆرسەتكەن[32] (بۇنى تۆۋەندە تەپسىلى بايان قىلىمەن).

غەربىي كۆكتۈرك دۆلىتى ئۆزىنىڭ جۇغراپىيەلىك ئورنىنىڭ مۇھىملىگى سەۋەبى بىلەن ئومۇمىي تارىختا تېخىمۇچوڭ ئورۇندا تۇرىدۇ. بۇ دۆلەت يالغۇزچىن بىلەنلا ئەمەس، بەلكى، ئىران (ساسانى) دۆلىتى. روما (بىزانس، رىم) ئىمپېراتورلۇقى قاتارلىق چوڭ دۆلەتلەر بىلەن سىياسى ۋە ئىقتىسادىي مۇناسىۋەت ئورناتقان. بۇ دۆلەتلەرگە دائىمىي تۇرۇشلۇق ئەلچىلەر ئەۋەتكەن ۋە ئۇ دۆلەتلەرنىڭمۇ ئەلچىلىرى كۆكتۈرك ئوردىسىدا تۇرغان. كۆكتۈرك دۆلەتلىرى مىلادى 6 ـ ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا يالغۇز چىن ئىمپېراتورلۇقىنى دەھشەتكە سېلىپلا قالمىدى، شۇنداقلا، ساسانى ۋە ئەمەلىيەتتە بىزانسنىمۇ تىترەتكەن قۇدرەتكە ئىگە ئىدى.

### ئىچكى سىياسەت

يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، كۈچ قۇدرەت تاپقان كۆكتۈرك دۆلىتى. بىر ئەسىردەك مۇددەت ئىچىدە ھىنگان تاغلىرىدىن ۋولگا(ئىدىل) دەرياسىغىچە ۋە ئالتاي تاغلىرىدىن ھىندىستان چېگرىسىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى پۈتۈن تۈرك قوۋملىرىنى ئۆز ھاكىمىيىتى ئاستىدا بىرلەشتۈرۈپ، ئىدارە قىلدى. بۇ جايلاردىكى تىنچلىق ۋە ئامانلىقنى ساقلاپ، تەرتىپ ـ ئىنتىزام ئورناتتى. بۇ تىنچ

[32] كىتابە ـ قەدىمكى زاماندىن قالغان تاشقا ئويۇپ يېزىلغان يازما يادىكارلىق. تاش پۈتۈك (ن. ش. ھ.).

پاراۋانلىق ۋە تەرتىپ ئىنتىزاملار نەتىجىسىدە، ئەتراپتىكى دۆلەتلەردىن چىن، ئىران، ھىندىستان ۋە رۇم قاتارلىق دۆلەتلەر بىلەن ئۆز ئارا سودا ـ تىجارەت ئىشلىرىنى جانلاندۇردى. بىر ـ بىرلىرى بىلەن سانائەت ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش پائالىيەتلىرىنى خاتىرجەم ئېلىپ بېرىپ، بۇجەھەتلەردە ئۆزئارا پايدىلىنىشقا ياخشى ئىمكانىيەتلەر تۇغۇلدى. ئىران ۋە رۇم (رىم) نىڭ مەدەنىي مەھسۇلاتلىرىنى، تىجارەت ماللىرىنى تۇشۇغان چوڭ ـ چوڭ كارۋانلار تۈرك يۇرتىنىڭ ئىچىدىن ئۆزلۈكسىز بىخىراماں ئۆتۈپ، تاكى چىن ۋە ياپونىيىگىچە قاتناپ تۇردى ۋە ئۇ يەرنىڭ ماللىرى غەرب دۇنياسى بازارلىرىغىچە يېتىپ باردى. بۇ ئۆز ئارا ئالماشتۇرۇش، يالغۇز سودا ـ سانائەت بىلەنلاچە كلىنىپ قالمىدى. بىرمۇنچە ئىدىيە ۋە دىنىي ئېتىقاتلارمۇ مىللەتلەر ئارىسىدا بىر ـ بىرلىرىگە تەسىر كۆرسەتتى. بۇ مەزگىلدە، ئىراندا راۋاج تاپقان مانى دىنى ۋە ھىندىستاندىكى بۇددا دىنى ئوتتۇرا ئاسىياغا كىرىپ، تەرەققىي قىلدى. ۋە چىنغا تارقالدى. بۇ تەرەققىياتلارنىڭ يۈز بېرىشىدىكى ئاساسى سەۋەپ، تۈرك يۇرتلىرىدىكى تىنچلىق ۋە ئامانلىقنىڭ مۇستەھكەم ئورنىتىلغانلىقى، جەمئىيەتتىكى تەرتىپ ئىنتىزامنىڭ مۇكەممەللىكى ۋە ساياھەت ـ تىجارەت ئەركىنلىكىنىڭ بولغانلىقىدىندۇر.

## دۆلەت تەشكىلاتى

كۆكتۈرك دۆلىتىنىڭ تەشكىلاتى ھۇنلارنىڭ دۆلەت تەشكىلاتلىرىغا ناھايىتى ئوخشايتتى. كۆكتۈرك دۆلىتى، يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكەن باشقا تۈرك دۆلەتلىرىگە ئوخشاش، خانلىقلار ۋە بەگلىكلەر ئومۇمىي ئىشلاردا بىر رەئىسنىڭ بايرىقى ئاستىدا بىرلەشتۈرۈلگەن بىرلەشمە (كونفېدراتسىئون) دۆلەت بولۇپ، ھازىرقى دۆلەتلەردەك مەركەزلەشتۈرۈلگەن دۆلەت تۈزۈمى ئەمەستى. تۈرك خانلىرى ۋە بەگلىرىنىڭ كۆكتۈرك قاغانىغا تۆۋەندىكى ئىشلاردا بويى سۇنۇش مەجبۇرىيىتى بار ئىدى:

1 ـ يات دۆلەتلەربىللەن ئۇرۇش قىلغاندا، ھەر بىرخان ۋە بەگ ئۆز ئەسكەرلىرىنى ئېلىپ، قاغاننىڭ رەھبەرلىكىدە ئۇرۇشقا قاتنىشاتتى.

2 ـ يۇرتنىڭ ئومۇمىي تىنچلىقىنى قوغداش جەھەتتە قاغاننىڭ ئەمرى قاتتىق بولۇپ، بۇيرۇققا ئىتائەت قىلىشلىرى لازىم ئىدى.

3 ـ خانلار ۋە بەگلەر قاغان خەزىنىسىگە ھەرىيلى بەلگۈلەنگەن مىقداردىكى تارتۇق (باج ـ سېلىق) نى ئۆز ۋاقتىدا يوللاپ بېرىشى كېرەك ئىدى.

4 ـ قاغاننىڭ تەستىقى بولماستىن، يات ئەللەربىلەن دوستلۇق مۇناسىۋەت ئورنىتىشقا رۇخسەت قىلىنمايتتى.

ئۇندىن باشقا پۈتۈن ئىچكى ئىشلاردا ھەر بىرخان ۋە بەگ ئۆز تەسىر دائىرىسى ئىچىدىكى يەرلەردە مۇستەقىل ئىدى. قوشنا خانلىق ۋە بەگلىك بىلەن كېلىشىم تۈزۈش ياكى سوقۇش قىلىش

ئۇلارنىڭ ئۆز ئىختىيارىغا باغلىق ئىدى. مەنسەپ ئەۋلاتقا مىراس قالاتتى.

كۆكتۈرك دەۋرىدە، ئىلخان، يابغۇ، تېگىن، شاد (شات)، ئابىتشات، تەرخان (تارقان)، بۇيرۇق ۋە چور دېگەنگە ئوخشاش شەرەپ ئۇنۋانلار بارئىدى. قاغان جەمەتىگە مەنسۇپ شاھزادىلار«تېگىن، شات ياكى ئابىتشات» دېگەن ئۇنۋان بىلەن ئاتىلاتتى. ئورخۇن ئابىدىلىرىدىكى تاش پۈتۈكلەردە يېزىلغان مەزمۇنلارغا قارىغاندا: «تېگىن» مۇتلەق شاھزادە دېگەنلىك بولىدۇ. تېگىنلەردىن بىرەر ۋىلايەتكە ۋالىي يا قەبىلىگە باشلىق بولغانلىرى «شات»، بىر قانچە ۋىلايەتكە ئومۇمىي ۋالىي ياكى بىر قانچە قەبىلىگە باشلىق بولغانلىرى «ئابىتشات» ياكى «ئىدىتشات» دەپ ئاتىلىدۇ. « يابغۇ» بولسا، مەملىكەتنىڭ بىر بۆلۈمىنى ئىدارە قىلىدىغان قاغاننىڭ ئورۇنباسارى دەرىجىدىكى شاھزادىلارغا مەخسۇس بېرىلىدىغان ئۇنۋان ئىدى. دۆلەتنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرى «بۇيرۇق» ۋە «بەگ» دېگەن مەنسەپلەرگە بۆلۈنگەنىدى. قاغان جەمەتىدىن بولمىغان ئەمما، يۇرتتا يۈز - ئابرويى ۋە چوڭ ئىناۋىتى بولغان مەشھۇر زاتلار«ئىلخان» دېگەن ئۇنۋان بىلەن ئاتىلاتتى. ئىلخاندىن كېيىن كېلىدىغان مەرتىۋىدىكى ئۇنۋانلار بولسا، تارقان، باغاتارخان (قان)، چور (قەبىلە بېگى) قاتارلىقلار دىن ئىبارەت ئىدى. غەربىي كۆكتۈرك دۆلىتىدە، ھۆكۈمەتنىڭ كاتىبات ۋە ھېسابات ئىشلىرىغا مەسئۇل بولغان ئەمەلدار«تامغىچى» دەپ ئاتىلاتتى. مانا بۇ مەلۇماتلاردىن كۆكتۈرك دۆلىتىنىڭ ناھايىتى مۇنتىزىم ئىنتىزاملىق بىر ئىدارى تەشكىلاتقا ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالايمىز.

## ئۆرپ - ئادەت ۋە ئەخلاق

كۆكتۈركلەر ھازىرقى موغۇلىستان ۋە ئالتايدا ياشىغان. ئاھالىسىنىڭ بىرقىسمى كۆچمەن ھالدا چارۋامال بېقىپ، ئوۋ ئوۋلاپ ھايات كەچۈرگەن. بۇلار تېرىدىن ياسالغان چېدىرلاردا ئولتۇرۇپ، يايلاقتىن يايلاققا كۆچۈپ، يۈرگەن. بۇلارنىڭ بىرقىسمى، شەھەر - كەنتلەردە ياشاپ دېھقانچىلىق، باغۋەنچىلىق ۋە ئورمانچىلىق بىلەن تىرىكچىلىك قىلىپ، يازدا يايلاققا چىقاتتى. «كۆكتۈركلەر دەۋرىدە موغۇلىستان ۋە ئالتايدا شەھەر يوقتى» دېگەن رىۋايەتلەر يالغان. چۈنكى، ئورخۇن، سېلىنگا، ئونۇن، كىرولىن، ئىنفرا(ئانگارا)، ياما (يەنسەي) ئىرتىش ۋە باشقا ئېقىن بويلىرىدا يۈزلەرچە چوڭ - كىچىك شەھەرلەر ۋە ئاۋات جايلار بار ئىدى. ھازىرقى زامانىمىزدا بۇلارنىڭ خارابىلىرى ئوتتۇرىغا چىقماقتا.

شەھەرخەلقىنىڭ كۆپىنچىسى سودا - سانائەت بىلەن شۇغۇللانغان، كارۋانچىلىق قىلىپ، ئۇزاقلارغا بېرىپ تىجارەت قىلىدىغانلارمۇ ئاز ئەمەستى. زىرائەت ۋە باغلارنى سۇغۇرۇش ئۈچۈن، ئېرىق ئۆستەڭ ۋە ئازما(توسما) قاتارلىق سۇ قۇرۇلۇشلارنى ياسايدىغان ماھىر ئۇستىلارمۇ كۆپ ئىدى. ئۇ چاغدا تۈركلەرنىڭ كىيىم - كېچەكلىرى چىنلىقلار نىڭكىگە بىر ئاز ئوخشاپ قالاتتى. ئەمما، چىنلىقلار ئەكسىچە، تۈركلەر، پەشلىرىنى ئوڭدىن سولغا قىلىپ يۆگەيتتى. چاچلىرىنى چۈشۈرمەي ئۇزۇن

قويۇۋېتەتتى. ھەممە كىشى ئاتقا مىنىشكە ۋە ئوقيا ئېتىشقا ماھىر ئىدى. تۈركلەرنىڭ كەسكىن قىلىچلىرى، ھايۋان مۈڭگۈزىدىن ياسىغان ئوقيالىرى ۋە ئىسقىرتقاندەك ئاۋاز چىقىرىدىغان ئوقلىرىنىڭ داڭقى ھەرتەرەپكە تارقالغان ئىدى. ئالتۇن ـ كۈمۈش ۋە قىممەتباھالىق تاشلار بىلەن زىننەتلەنگەن زىرە، مونچاق قوللىناتتى. قىمىز ۋە ئارپا ھارىقى ئىچەتتى.

كۆكتۈركلەر، جەڭگىۋار تەبىئەتلىك بولۇشى بىلەن تەڭ، ئىنسانپەرۋەر ۋە رەھىمدىل ئىدى. شۇ چاغلاردىكى «ئاسۇر» ۋە «كىلدان» دېگەن مىللەتلەرنىڭ زەپەر ئابىدىلىرىدە يېزىلغان، خاتىرىلىرىدىن ئۆزلىرىنىڭ ۋەھشىلەرچە يۇرگۇزگەن قەتلىئام، بۇلاڭ ـ تالاڭ ۋە بۇزۇش، يوقىتىش، قاتارلىق ھەرىكەتلىرىنى پەخىرلەنگەن ھالدا يېزىپ قالدۇرغانلىقىنى كۆرىمىز. لېكىن، تۈركلەرنىڭ زەپەر ئابىدىلىرىدە بۇنداق نەرسىلەر ھېچ ئۇچرىمايدۇ. ئۆزىنى تەڭدىشى يوق مەدەنىي بىرمىللەت دەپ ئاتىۋالغان چىنلىقلارنىڭ تارىخىغا بىر قارايدىغان بولساق، مەيلى ئۆز جايلىرىدا بولسۇن، مەيلى تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن جايلاردا بولسۇن ئېلىپ بارغان قەتلىئاملىرى، بۇزۇش، يوقىتىش قاتارلىق ۋەھشى قىلمىشلىرىنىڭ مىساللىرى بىلەن تولۇپ تاشقان.

## ھۆنەر ـ سانائەت

كۆكتۈركلەر ئەرگەنەقۇن دىكى چاغلىرىدا، كاندىن تۆمۈرجەۋھىرى (رودىسى) چىقىرىپ، تۆمۈردىن ھەرخىل ھەربىي قورال، ئەسۋاپ ـ سەرەمجانلارنى ئىشلەپ چىقىرىشتا تازا ۋايىغا يەتكەنىدى. چىن تارىخلىرىغا كۆرە كېيىنچە، كۆكتۈركلەرنىڭ تەۋەلىكىدىكى جۇجان تاتارلىرى ئۇلاردىن ئۆگىنىپ، بۇ سانائەتتىن بەك پايدىلانغان ئىكەن. كۆكتۈركلەر قاغانلىق قۇرغاندىن كېيىن، بۇ سانائەتنى تېخىمۇ راۋاجلاندۇرغانىكەن. بۇ قاغانلىق دەۋرىدە، موغۇلستان ۋە ئالتاي خەلقى ئالتۇن ـ كۈمۈش قاتارلىق مەدەنلەرنى كەشپ قىلىپ، پىششقلاپ ئىشلەپ ھەرخىل زىننەت بۇيۇملىرى ياساپ، باشقا مىللەتلەرگە سېتىشقا باشلىغان. شۇچاغدىكى تۈرك سەنئىتىنىڭ تەرەققىياتى ھەققىدە، مىلادى 669 ـ يىلى رىم ئىمپېراتورى جۇستىنىيان (جۇستىنۇس) تەرىپىدىن غەرب يابغۇسى ئىستىمى خاننىڭ ھۇزۇرىغا ئەۋەتىلگەن ئەلچى زىمارك (زىمارخ) نىڭ قاغان ئوردىسىدا كۆرگەنلىرىدىن يازغان خاتىرىسى بۇلارنى ئىسپاتلاشقا يېتەرلىكتۇر. ئۇخاتىرىسىدا مۇنداق دەپ يازغان: «.... تۈرك يۇرتلىرىدىكى ئالتۇندىن ياسالغان نەرسىلەرنىڭ نازۇكلىقى، چىرايلىقلىقى ۋە سەنئەتتىكى ئۇستىلىقى، رىم ئىمپېراتورلۇقىدا ياسالغانلىرىدىن ھېچ قېلىشمايدۇ. مەن ئىستىمى خاننىڭ، بىر قانچە ئوردىسىدىكى ئالتۇن بۇيۇملارنىڭ كۆپلىكىگە ھەيران قالدىم. مېنى ئىستىمى خان، تەنتەنىلىك بىر مۇراسىم بىلەن ھۇزۇرىغا قوبۇل قىلدى. ئوردىسى پۈتۈنلەي يىپەك زىلچە، يىپەك كۆرپە ـ ياستۇق ۋە يىپەك پەردىلەر بىلەن زىننەتلەنگەن. ئىستىمى خان ، مېنى بۇ ئوردىدا، ئالتۇن تەختىدە ئولتۇرۇپ، قوبۇل قىلدى.

ئوردىنىڭ ھەشەمەتلىك بىزىلىشى، رىم ئىمپېراتور سارايلىرىنىڭكىدىن قېلىشمايتتى. بۇ يەردە بىرنەچچە قۇمغان (ئاپتۇۋا) كۆردۈم. بۇ قومغانلارنىڭ ئۈستىگە ناھايىتى چىرايلىق نەقىش ۋە رەسىملەر بەكمۇ ئۇستىلىق بىلەن ئويۇلغان. ئوردىنىڭ تۈۋرۈكلىرىنىڭ ھەممىسى ئالتۇن بىلەن قاپلانغان. ئوتتۇرىدا تۆرت ئالتۇن توز قوش ئۈستىگە ئورنىتىلغان غايەت ھەشەمەتلىك بىر ئالتۇن تەخت تۇرىدۇ. ئوردىدىكى ئالتۇن قاچا ـ قۇمۇشلارنى، قىممەت باھالىق بىسات ـ سەرەمجانلارنى ۋە ئالتۇن كۆمۈشتىن ياسالغان.ھايۋان سۈرەتلىرىنى ھەيرانلىق بىلەن تاماشا قىلدىم. تۈركلەرنىڭ بۇخىل مەدەن مەھسۇلاتلىرىدىن ياسىغان ھەرخىل ئەسۋاپ، قورال ـ ياراغ ۋە باشقا جابدۇقلارنى تۈرك يۇرتلىرىنىڭ باشقا جايلىرىدىمۇ كۆپ ئۇچراتتىم».

## تىجارەت

كۆكتۈرك زامانىسىدا تۈركلەرنىڭ تىجارەت ئىشلىرى ئەڭ تەرەققى قىلغان دەۋر ئىدى. بىزانتىيە(رىم)، ئىران، ھىندىستان ۋە چىن قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ ئۆزئارا تىجارىتى شۇ دەۋرنىڭ ئەڭ چوڭ سودىگەرلىرى بولغان شەرقىي ۋە غەربىي تۈركىستانلىق تىجارەتچىلەرنىڭ قولىدا ئىدى. بولۇپمۇ، چىننىڭ يىپەك رەخلىرى، تاۋار، دۇردۇن ۋە كىمخاپ قاتارلىق يىپەك توقۇلمىلىرىنى يالغۇز تۈركىستان سودىگەرلىرى، قۇرۇغلۇقتىكى كارۋان يولى بىلەن رىم، ئىران ۋە ھىندىستانغا ئاپىرىپ سېتىپ، ئۇ يۇرتنىڭ ماللىرىنى ئېلىپ كېلىپ، تۈركىستان ۋە چىن بازارلىرىدا ساتاتتى. تۈركلەرنىڭ تاشقى سودىدىكى بۇ تەرەققىيات بۇ مەملىكەتلەردىكى مىللەتلەر ئارىسىدا ئۆز ئارا ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت جەھەتلەردە زور تەسىر كۆرسەتكەنلىكىگە ئائىت تارىخىي ئەسەرلەر ھازىر شۇمەملىكەتلەرنىڭ مۇزېيلىرىدا كۆرگەزمە قىلىنماقتا. ياپونىيەنىڭ «ھارىيۇجى» بۇتخانا مۇزېيىدا، ساسانى ھۆكۈمدارى زامانىسىدا ئېلىپ كېلىنگەن بىرمۇنچە قاچا ـ قۇچىلار ساقلانماقتا.

## دىن

بۇ دەۋردە تۈركلەر، قەدىمكى تۈركلەر ۋە ھۇنلارنىڭ دىنى بولغان «تويىن» ۋە شامان (قامان) دىنىغا ئېتىقاد قىلاتتى. كۆكتۈركلەر، ئۈستىدىكى ئاسماننى ۋە ئاستىدىكى يەر نى مۇقەددەس دەپ بىلىپ چوقۇناتتى. ئۇلارغا ئاتاپ قۇربانلىق قىلاتتى. يىلدا بىر قېتىم ئۆتكۈزۈلىدىغان دىنىي مۇراسىمدا كۆككە(ئاسمانغا) ئىبادەت قىلاتتى. ئورخۇن مەڭگۈ تاشلىرىدا يېزىلغىنىغا قارىغاندا، تەڭرىنىڭ ئىسمى «تۈرك تەڭرىسى» دەپ ئاتالغان ۋە قاغىن ئوماي ئىسىملىك تەڭرىچىنىڭ بۇۋاق ۋە كىچىك بالىلارنى تەربىيەت قىلىدىغانلىقى يېزىلغان. دېمەك، كۆكتۈرك قاغانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشىدىن ئىلگىرى چىندە راۋاج تاپقان بۇددا ۋە مانى دىنلىرى تېخى بۇ يەردە تارقالمىغانىدى.

كۆكتۈركلەردە ئۆلۈم ـ يېتىمدە دەپنە مۇراسىمى ۋە ئايىن (دۇئا تەلەپ) لار«يوغ» دەپ ئاتىلاتتى.

ۋاپات بولغان كىشى نەپەس ئۈزگەن ئۆيدە ياتقۇزۇلۇپ، پۈتۈن ئۇرۇق - تۇغقانلار كېلىپ، بىرەر ئات، كالا ۋە ياكى بىرقوي چاغلىق ھايۋان قۇربانلىق قىلاتتى. ئۇندىن كېيىن، مېيىت ياتقۇزۇلغان ئۆينىڭ ئەتراپىغا يېغىلىپ، ئولتۇرۇپ يىغى - زارە قىلىشقا باشلايتتى. بىردەمدىن كېيىن، ھەممىسى قوپۇپ ئاتلىرىغا مىنىشىپ، ئۆينىڭ ئەتراپىنى يەتتە قېتىم ئايلىنىپ كېلىپ، ھەرقېتىم ئىشىك ئالدىغا كەلگەندە ئۈن سېلىپ يىغلىغىلى باشلايتتى. ۋە پىشانىلىرىنى پىچاق بىلەن تىلىپ، قان چىقىرىپ، ئاققان قاننى ياشلىرى بىلەن يۈز - كۆزلىرىگە سۈرتۈپ ماتەم بىلدۈرەتتى. دەپنە قىلىش، ئۇلارنىڭ ئېتىقادى بويىچە مۇبارەك دەپ ھېساپلىنىدىغان كۈنگىچە ساقلاپ، بىرقانچە كۈن ئارقىغا سوزۇلاتتى. بەزىدە كۈزدە ئۆلگەن كىشىنىڭ ئەرتىيازدا دەپنە قىلىنغانلىقى رىۋايەت قىلىنىدۇ. دەپنە قىلىش كۈنى كەلگەندە، ئالدى بىلەن مەرھۇمنىڭ ياخشى كۆرگەن ئېتىنى كۆيدۈرۈپ كۈلىنى ۋە باشقا ياخشى كۆرگەن نەرسە كېرەك ۋە قوراللىنى بىرگە دەپنى قىلىش ئادەتكە ئايلانغان. دەپنە مۇراسىمى ئاياغلاشقاندىن كېيىن، مۇراسىمغا ھازىر بولغانلار توپلىشىپ، قەبرە ئەتراپىدا يەتتە ياكى توققۇز ئايلىنىپ، قوربانلىق قىلىش بىلەن مۇراسىم ئاخىرلىشاتتى. مەرھۇم ھاياتىدا قانچە دۈشمەن ئۆلتۈرگەن بولسا، شۇنچە تاش ۋە ياكى «بالبال» دەپ ئاتالغان بېشى يوق ئادەم ھەيكىلىنى قەبرە ئەتراپىغا تىزىپ قوياتتى.

## ئورخۇن ئابىدىلىرى

كۆكتۈركلەر زامانىسىدا، شەرق (موغۇلىستان) تۈركلىرى، ئۆز تارىخى ھادىسىلىرىنى تاشقا، مۇنارغا ۋە تاش تاملارغا ئويۇپ يېزىپ، يادىكار قىلىپ قويۇش ئادىتى ئەۋج ئالغانىدى. بۇ يادىكارلىقلار ئابىدىلەر(مەڭگۈتاشلار)، كۆكتۈركلەرنىڭ تارىخىنى بىزگە يەتكۈزگەندىن باشقا شۇ چاغدىكى تۈرك تىلىنىڭ تەرەققى قىلىپ، ناھايىتى ئۈستۈن بىر ئەدەبىي سەۋىيىگە يەتكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

بۇ مەڭگۈ تاشلارنىڭ بۈگۈنگىچە تېپىلغانلىرىدىن مۇھىمراق بولغانلىرى، شىمالىي موغۇلىستاندىكى ئورخۇن دەرياسىنىڭ كونا ئېقىنى بويىدىكى خوشۇت - سايدام يېنىدا، بىر كىلومېتىر ئارىلىقتا تېپىلغان ئىككى مەشھۇر مەڭگۈ تاشتۇر. بۇلاردىن بىرى، مىلادى 732 - يىلى ۋاپات بولغان مەشھۇر كۆل تېكىن مەڭگۈتېشى بولۇپ، مىلادى 732 - يىلى تىكلەنگەن. ئىككىنچىسى، مىلادى 734 - يىلى ۋاپات بولغان بىلگە قاغان مەڭگۈتېشى بولۇپ، مىلادى 735 - يىلى تىكلەنگەن. بۇ مەڭگۈتاشلارنىڭ تۆت تېمىغا، ھازىر «ئورخۇن ئېلىپبەسى» دەپ نام بېرىلگەن قەدىمكى تۈرك ئېلىپبەسى بىلەن تۈركچە خاتىرىلەر تاشقا ئويۇپ، يېزىلغان. بۇ يازما يادىكارلىقلار نىڭ كۆپرەكى قاغاننىڭ ئۆز ئاغزىدىن يېزىلغان بولسىمۇ بىرقىسمى، قاغان جەمەتىدىن بولغان ئۇلۇغ (يوللىغ) تېگىننىڭ ئاغزىدىن يېزىلغانلىقى بىلىنمەكتە. بۇ

يازما يادىكارلىقلاردا شەرقىي كۆكتۈرك دۆلىتىنىڭ چىنلىقلار تەرەپىدىن كېيىنكى ئىستىلا دەۋردە، چىنلىقلارنىڭ زۇلۇم ۋە كەمسىتىشلىرى، شۇچاغدىكى بەزى تۈرك بەگلىرى ۋە بايلارنىڭ ئومۇمىي تۈرك مىللىتىگە قىلغان خىيانەتكارلىقلىرى ۋە ئۇندىن كېيىن، ئىلتىرىش[33] قاغاننىڭ قانداق قىلىپ بۇ دۆلەتنى قۇتقۇزۇپ، يېڭىدىن قۇرۇپ چىققانلىقى غايەت جانلىق ۋە تەسىرلىك ئىبارىلەر بىلەن يېزىپ قالدۇرۇلغان.

بۇلاردىن بىرقىسمى چىنچە يېزىلغان. بۇ چىنچە قىسمى شۇ چاغدا كۆكتۈرك قاغانلىقىغا باج ـ سېلىق تۆلەپ، تەۋە بولۇپ تۇرغان چىن ئىمپېراتورى شۈەنزۇڭ نىڭ ئاغزىدىن يېزىلغان تەزىيە نامە ۋە مەدھىيەلەردىن ئىبارەت. شىمال تەرەپتىكى مەڭگۈتاشلاردىن ئىككىسىگە يېزىلغىنى بولسا، ئىلتىرىش قاغان، بىلگە قاغان ۋە قاپاغان قاغانغا ۋەزىر بولغان تونيۇقۇق بەگنىڭ ئاغزىدىن يېزىلغان. بۇلاردىن باشقا يەنە بىرقانچە مەڭگۈ تاشلارمۇ تېپىلدى.

بۇلارنىڭ ھەممىسى ئالىملار تەرىپىدىن ئوقۇپ يېشىپ چىقىلدى. بۇ يازما يادىكارلىقلارنىڭ تارىخىي قىممىتىدىن ئەدەبىي قىممىتى تېخىمۇ چوڭراق. بۇ مەڭگۈ تاشلاردىكى خەتلەرنىڭ بەزىلىرى بۇزۇلۇپ ئۆچۈپ كەتكەن بولسىمۇ، كۆپ قىسمى ئۆز پېتىچە ساقلىنىپ قالغان. بۇلاردىن ئىككى پارچىسىنى، ئەسلى تۈرك بولغان فىنلاندىيەلىك ساياھەتچى ئالىم ئۆز يۇرتىغا ئېلىپ كېتىپ، ھېلسىنكى شەھىرىدىكى مىللىي مۇزېيىگە قويغان. بۇلاردىن بىرقانچە نۇسخىسىنى تاپتىم، ئىنشائالالا ئۆز لەھجىمىز بىلەن نەشرقىلىمەن.

10 ـ پەسىل

## شەرقىي تۈركىستاندا ئىككىنچى تۈركەش دۆلىتى

(ھىجرىنىڭ 97 ـ 122، مىلادىنىڭ 716 ـ 739 ـ يىللىرى)

يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك، قۇتلۇق كۆكتۈرك قاغانى قاپاغان قاغان، مىلادى 711 ـ يىلى تۈركەش جەمەتى دۆلىتىنى يىقىتقاندىن كېيىن، بۇ دۆلەت قارىمىقىدىكى باشقا ھەرقايسى قەبىلىلەر ئايرىلىپ، توپ ـ توغرا قاغاننىڭ ئالىي ھاكىمىيىتىگە تەۋە بولدى. بۇئۇتتۇرىدا، تۈركەش قەبىلىسىگە سۇلۇخان قەبىلە باشلىقى بولدى. سۇلۇخان قابىلىيەتلىك قەھرىمان بىر كىشى بولۇپ، قاغانغا سادىق كۆرۈنۈپ، ئاستا ـ ئاستا ئەتراپىدىكى بۇرۇنقى تۈركەش دۆلىتىگە تەۋە بولۇپ تۇرغان قەبىلىلەرنى ئۆزىگە قاراتتى ۋە قىسقىغىنە زامان ئىچىدە تەسىر دائىرىسىنى كېڭەيتتى. بۇ ۋەزىيەت قاپاغان قاغاننىڭ

[33] ئىلتىرىش قاغانى، ئېلتىرىش قاغان (ت. ئالماس،217 ـ بەت)، ئېلتەرىس قاغان، (ئە. بايتۇر 481 ـ بەت) دەپ ئالدۇ.

ۋاپاتىغا توغرا كەلدى ۋە 716 ـ يىلى قاپاغان قاغان ۋاپات بولغاندىن كېيىن، سۇلۇخان مۇستەقىللىق ئېلان قىلدى. بۇچاغلاردا قوچۇ(قۇچۇ) ۋە ئالتە شەھەرگە ھۇجۇم قىلىۋاتقان چىنلىقلارنى مەغلۇپ قىلىپ، بۇ جايلاردىكى خەلقنى چىن ئاسارىتى خەۋپىدىن ساقلاپ قالدى. بىلگە قاغان ۋە كۆلتېگىن، سۇلۇ قاغاننى ئۆزىگە بويسۇندۇرۇش ئۈچۈن ئۆزئارا مۇددەت ئۇرۇش قىلغان بولسىمۇ، مۇۋەپپەق بولالمىدى. ھىجرى 97 ـ (مىلادى 715ـ) يىلى سۇلۇ قاغان ، ئەرەبلەر بىلەن ئۇرۇشماسلىق كېلىشىمى ئىمزالىدى. تىبەتلىكلەر بىلەنمۇ چىنگە بىرلىكتە قارشى تۇرۇش ھەققىدە كېلىشىم ئىمزالىدى. شۇنىڭ بىلەن سۇلۇقاغان چىنلىقلارنىڭ قورقىدىغان دۈشمىنى بولۇپ قالدى. چىن دۆلىتى بولسا، ھەر پۇرسەتتە سۇلۇقا غانغا دوستلۇق ئىزھار قىلىپ تۇراتتى. سۇلۇقاغان، بۇنىڭ بىر سەممىي دوستلۇق ئىپادىسى بولماستىن، مەجبۇرىيەت ئاساسىدا قىلىنىۋاتقان مۇناپىقلىق ئىكەنلىكىنى بىلىپ، كۆرۈنۈشتە دوستلۇق كۆرسىتىپ، پەردە ئارقىسىدا چىنلىقلارغا ھەردائىم قىيىنچىلىق پەيدا قىلىشتىن ھېچ تارتىنمايتتى.

## سۇلۇ قاغاننىڭ ئەرەپ ئەسكەرلىرى بىلەن ئۇرۇشقانلىقى

قۇتەيبەبىن مۇسلىم ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، يەزىد بىن مۇھەللەب خوراسان ۋالىيسى بولدى. سۇلەيمان بىن ئابدۇلمەلىكنىڭ خەلىپىلىك زامانىسىدا يالغۇز سوغدىيانا ئۆلكىسى مۇسۇلمانلارنىڭ قولىدا بولۇپ، تاخارىستان، فەرغانە ۋە تاشكەنت قاتارلىق جايلارنىڭ خانلىرى ھەممىسى سۇلۇ قاغاننىڭ ئالىي ھاكىمىيىتىگە قارايتتى. سۇلۇقاغاننى ئىسلام تارىخلىرىدا «خاقان الترك» يەنى، تۈركلەرنىڭ خاقانى دەپ ئاتايدۇ. يەزىد بىن مۇھەللەب تۈركلەر بىلەن ئۇرۇشماسلىق بىتىمنامىسى ئىمزالىغان . شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇنىڭ زامانىسىدا تۈركلەر بىلەن ئۇرۇش بولمىدى. ئۇچاغلاردا مۇسۇلمانلار كافكاز تەرىپىدىكى «خازار» دېگەن تۈرك قەبىلىسى بىلەن ئۇرۇشماقتا ئىدى. ھىجرى 99ـ (مىلادى 718 ـ) يىلى، سۇلەيمان بىن ئابدۇلمەلىكنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، ئۇنىڭ ئورنىغا ئۆمەر بىن ئابدۇلئەزىز خەلىپە بولدى. بۇ زاتنىڭ زامانىسىدىمۇ ئەرەپ ۋە تۈركلەر ئوتتۇرىسىدا مۇھىم بىر ۋەقە بولمىدى.

پەقەت، سەمەرقەنتلىكلەر ، ئۆمەربىن ئابدۇلئەزىزنىڭ ئالدىغا بىر ھەيئەت يوللاپ « قۇتەيبە بىزگە غەدىر(ھەقسىزلىق) قىلىپ، بىز تەسلىم بولۇپ، ئىتائەت قىلغاندىن كېيىنمۇ سۆزىدە تۇرماي بىزنى قەتلىئام قىلىپ ئۆلتۈردى، شەھەرلىرىمىزنى كۆيدۈرۈپ، ۋەيران قىلدى، يەرلىرىمىزنى تارتىۋالدى، بىز تارتىۋالغان ھەق ۋە ھوقۇقىمىزنى تەلەپ قىلىمىز !» دەپ ئەرز قىلدى. ئۆمەربىن ئابدۇلئەزىز بۇنى ئاڭلاپ سەمەرقەنت ۋالىيسى سۇلەيمان بىن ئەلسۇرھەگە مۇنداق دەپ بۇيرۇق يازدى: « سەمەرقەنت خەلقى قۇتەيبەبىن مۇسلىمنىڭ زۇلمى ۋە خەلقنى يېرىدىن ھەيدەپ چىقارغانلىقى توغرىسىدا ماڭا

شىكايەت قىلدى. مىنىڭ بۇ خېتىمنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن، دەرھال قازىنى بۇلارنىڭ شىكايەتلىرىنى ئاڭلاپ، ھەق قايسى تەرەپكە بولسا(كىمنىڭ دېگىنى توغرا بولسا) شۇ تەرەپنىڭ پايدىسىغا ھۆكۈم قىلىشقا ئەمر قىلىسەن. ئەگەر سەمەرقەنتلىكلەرنىڭ دېگىنى توغرا بولسا قۇتەيبە بىن مۇسلىم غەلىبە قىلىشتىن ئىلگىرىكى يەرلىرىنى قايتۇرۇپ بېرىپ، ئۆز ئەسكەرلىرىنى تۇرغۇزۇڭلار. سىلەرمۇ دەرھال شۇ چاغدىكى ئەسكەرگاھىڭلارغا چېكىنىپ چىقىڭلار». بۇيرۇق يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، ۋالىي سەمەرقەنت قازىسىنى بۇ بۇيرۇقنى ئىجرا قىلىشقا تەيىنلىدى. قازى «سەمەرقەنتلىكلەرمۇ ئەرەبلەرمۇ ئارىلىرىدىكى پۈتۈن سۈلھى كېلىشىملىرىنى بىكار قىلسۇن ۋە بۇرۇنقى ئەسكەرگاھلىرىغا چېكىنسۇن. ئۇندىن كېيىن سۈلھى قىلسۇن ياكى ئۇرۇش قىلسۇن» دەپ ھۆكۈم قىلدى. سەمەرقەنت ۋە پۈتۈن سوغدىيانا ئۆلكىسىنىڭ كاتتىلىرى، بۇنداق قىلغاندا چوقۇم ئۇرۇش بولىدۇ ۋە ئۇرۇشنىڭ نەتىجىسىنىڭ نېمە بولۇشىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ. ئەگەر، ئەرەبلەرغالىپ بولسا، بىزگە يېڭىدىن دۈشمەنلىك قىلىشقا باشلايدۇ. بېشىمىزغا تېخىمۇ چوڭراق بالايى - ئاپەت كېلىدۇ دېگەن چۈشەنچىگە كېلىپ شىكايەتلىرىدىن ۋاز كەچتى ۋە تالاش - تارتىشنى توختاتتى. ئىسلام تارىخچىلىرى ئۆمەربىن ئابدۇلئەزىزنىڭ بۇ ئادالەتلىك ھۆكۈمىنى، دۇنيادا مىسلى كۆرۈلمىگەن بىر ئادالەت دەپ باھا بېرىدۇ. ھەقىقەتەن شۇنداق بولسىمۇ، سوغدىيانا تۈركلىرىگە بۇ ئادالەتنىڭ بىر پايدىسى بولمىدى. ئۆمەر بىن ئابدۇلئەزىز ۋاپات بولغاندىن كېيىن، (ھىجرى 101 - مىلادى 719 - يىلى) تۈركلەر ئەرەبلەرگە بويسۇنۇشنى تاشلاپ، پۈتۈن سوغدىكى ئەرەب ئەسكەرلىرىنى ھەيدەپ چىقاردى. بۇنى ئاڭلىغان خوراسان ۋالىيسى سىيد ئەلخەرىشى ناھايىتى چوڭ بىر قوشۇن بىلەن كېلىپ، تۈركلەرنى مەغلۇپ قىلدى. قەتلئام ئېلىپ بېرىپ، شەھەرلەرگە ئوت قويۇپ، ۋەيران قىلىۋەتتى. سوغد خەلقى تۆگەپ كېتىشكە ئاز قالدى. بىر قىسمى شەرقىي تۈركىستانغا قاچتى.

سۇلۇ قاغان، سوغدىيانا تۈركلىرىنىڭ بېشىغا كەلگەن بۇ ھادىسىنى ئاڭلاپ، ئۇلارغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن ھىجرىنىڭ 103 - (مىلادى 721 -) يىلى سەمەرقەنتكە ھۇجوم قىلدى. ئەرەبلەر بىلەن بىرقانچە قېتىم ئۇرۇش قىلغان بولسىمۇ مەغلۇپ بولۇپ قايتتى. ھىجرى 106 - (مىلادى 725 -) يىلى مۇسلىم بىن سەئىد قوماندانلىقىدىكى ئەرەب ئەسكەرلىرى پەرغانىغا ھۇجۇم قىلىپ، خوجەند شەھىرىنى ئالدى. بۇنى ئاڭلىغان سۇلۇقاغان، تالاستىن يۈرۈش قىلىپ، مۇسلىم بىن سەئىدنى مەغلۇپ قىلدى ۋە خوجەندنى تارتىۋالدى. خوجەند ئەتراپىدا بولغان ئۇرۇشتا، سۇلۇقاغاننىڭ ئەسكەرلىرى مۇسلىم بىن سەئىدنى ئەسكەرلىرى بىلەن قورشاۋغا ئالغان. ئەرەبلەر ئۆلەر- تىرىلىشىگە قارىماي، قايتارما ھۇجۇم قىلىپ، قورشاۋنى يېرىپ قاچتى. ھىجرىنىڭ 108 - يىلى خوراسان ۋالىيسى ئەسئەد بىن ئابدۇللا- ئەلقەسرى، ئامۇ دەرىيادىن ئۆتۈپ، ماۋەرائۇننەھرىدە چوڭ بىر ئەسكىرىي ھەرىكەت باشلىماقچى بولدى. بۇنىڭغا قارشى سۇلۇقاغان يېتىپ كېلىپ، ئەسئەتكە قاتتىق زەربە بەردى ۋە ئەرەبلەر ئارقىغا چېكىندى. قاغانمۇ

قايتىپ كەتتى. شۇئارىدا، ئەسئەد بىن ئابدۇللا ۋالىيلىقتىن ئېلىپ تاشلاندى ۋە ئۇنىڭ ئورنىغا ئەشرەس بىن ئابدۇللا ۋالىي بولدى.

ئەشرەس ۋالىي بولغاندىن كېيىن، «ئەبۇسەيد ئەسلەھ بىن تەرىف» ئىسىملىك مەشھۇر دىنى ئالىمنى ماۋەرائۇننەھرىگە تۈركلەرنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىش ئۈچۈن ئەۋەتتى. ئەسلەھ بىن تەرىف، خەلققە ئىسلامنىڭ ھەقىقىتىنى ئۈچۈرۇق بايانلار بىلەن چۈشەندۈرۈپ تەبلىغ قىلدى. بۇ دەۋەت نەتىجىسىدە تۈركلەر ئىسلام دىنىنىڭ ھەق بىردىن ئىكەنلىكىنى، ئىنسانىيەتكە بەخت سائادەت ۋە كامالەتكە يېتىشنىڭ يولىنى تولۇق كۆرسىتىپ بېرىدىغان دىن ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ، ئىنتايىن زوق - شوق بىلەن مۇسۇلمان بولغىلى باشلىدى. ھەر يەردە مەسجىدلەر سېلىندى، قۇرئان ئوقۇش ۋە شەرىئەت ھۆكۈملىرىنى ئۆگىنىش باشلاندى. ئىككى يىل ئىچىدە سوغدىيانا خەلقىنىڭ كۆپچىلىكى مۇسۇلمان بولدى. شەرىئەتكە ئاساسەن، مۇسۇلمان بولغانلاردىن جىزيە ئېلىنمىدى. نەتىجىدە، خەلىپىلىك مەركىزى(شامدىكى) خەزىنىسىنىڭ كىرىمى بىردىن ئازلاپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن خەلىپىلىكنىڭ مالىيە ئىدارىلىرىدىكىلەر قاتتىق ئەندىشىگە چۈشتى ۋە ۋالىي ئەشرەسگە مۇنداق دەپ بۇيرۇق يوللىدى: «مالىيەنىڭ كىرىمى ئازلاپ كەتتى. مۇسۇلمانلارنىڭ كۈچى ئىقتىساتقا باغلىق. ئاڭلىشىمىزچە، سوغدىيان ۋە باشقا يۇرتلاردىكى جىزيە تۆلەش مەجبۇرىيىتى بولغانلار(مۇسۇلمان بولمىغان پۇقرالار) ئۆز قىزغىنلىقى بىلەن مۇسۇلمان بولماي، پەقەت جىزيە بېرىشتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن مۇسۇلمان بولغانمىش. سىز بۇلارنى تەكشۈرۈپ چىقىپ، خەتنە قىلغان، پۈتۈن پەرز لەرنى ئادا قىلغان ۋە قۇرئاننى ياد ئالغان كىشىلەردىن جىزيە ئالماڭ. ئۇندىن باشقىلاردىن، بىز مۇسۇلمان دېگىنىگە قارىماي ھەممىسىدىن جىزيە ئېلىڭ». بۇ بۇيرۇقنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن ئەمەلدارلار تۈرك مۇسۇلمانلاردىن جىزيە تەلەپ قىلغىلى باشلىدى. تۈرك مۇسۇلمانلار بولسا جىزيە بېرىشنى رەت قىلدى. ئەسلەھ بىن تەرىف ئوتتۇرىغا چۈشۈپ، مۇسۇلمانلاردىن جىزيە ئالماق شەرىئەتكە خىلاپ دەپ ئېلان قىلدى. ئەمەلدارلار بۇنىڭغا پەرۋا قىلماستىن زورلۇق بىلەن جىزيە ئېلىشتا چىڭ تۇردى. شۇنىڭ بىلەن ئەسلەھ بىن تەرىف، ھەقىقەت تەرەپتارلىرى بىرقىسىم ئەرەبلەر ۋە مۇسۇلمان تۈركلەر بىرلىشىپ، ھۆكۈمەتكە قارشى ئىسيان كۆتەردى. ۋالىينىڭ سەمەرقەنتتىكى ۋەكىلى ھىيلە- مىكىر ئىشلىتىپ، ئەسلەھ بىن تەرىف ۋە ئۇنىڭغا ئەگەشكەن ئەرەب ۋە تۈركلەرنىڭ كاتتىلىرىنى تۇتۇپ قامىدى. بۇ ناھەقچىلىق ۋە زۇلۇمغا تاقەت قىلالمىغان پۈتۈن سوغدىيانادىكى تۈرك مۇسۇلمان ۋە غەيرى مۇسلىم تۈركلەر بىرلىشىپ، سۇلۇ قاغاندىن ياردەم تەلەپ قىلدى. ھىجرىنىڭ 110- (مىلادى 728-) يىلى سۇلۇ قاغان ناھايىتى چوڭ بىر قوشۇن بىلەن غەربىي تۈركىستانغا كېلىپ، پەرغانە، تاشكەنت قاتارلىق سوغدىيان تۈركلىرىنى ئۆز بايرىقى ئاستىدا بىرلەشتۈرۈپ، ئەرەبلەرگە قارشى ئۇرۇش ئېلان قىلدى ۋە پۈتۈن سوغدىيانا ئۆلكىلىرىنى ئىشغال قىلىپ، ئەرەبلەرنى ھەيدەپ چىقاردى. بۇنى ئاڭلىغان ئەشرەس،

مەرۋىدىن يۈرۈش قىلىپ، ئامىل شەھىرى يېنىدا ئامۇ دەرياسىدىن ئۆتتى. سۇلۇ قاغانمۇ يېتىپ كېلىپ، ئۇرۇش باشلاندى. ئەشرەسنىڭ ئەسكەرلىرى مەغلۇپ بولۇپ، چېكىندى. يەنە كۈچ توپلاپ، قايتا هۇجۇم قىلىپ، بۇ قېتىم قاغاننى مەغلۇپ قىلىپ، بايكەنت شەھىرىنى ئىشغال قىلدى. تۈركلەر ئەشرەسنى بايكەنتتە مۇھاسىرىگە ئالدى ۋە شەھەرگە كىرىدىغان سۇنى توختىتىۋالدى. ئەرەب ئەسكەرلىرى سۇسىزلىقتىن ئۆلگىلى باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئەرەبلەر ئۆلۈمنى باشلىرىغا ئېلىپ، قاتتىق ھۇجۇم بىلەن مۇھاسىرىدىن چىقىپ سۇنى قولغا چۈشۈردى ۋە تۈركلەرنى شەھەر ئەتراپىدىن ئۇزاقلاشتۇردى. سۇلۇقاغان ئەرەبلەرنى غەربىي تۈركىستاندىن چىقىرىش ئۈچۈن، بايكەنت ۋە سەمەرقەنتنى ئۆز ھالىغا قويۇپ، باشقا يول بىلەن خوراسانغا هۇجۇم قىلىپ، خوراساننىڭ ئەڭ چوڭ شەھىرى بولغان كەمەرچە شەھىرىنى مۇھاسىرە قىلدى. شەھەردىكى مۇسۇلمان تۈركلەر بىلەن ئەرەبلەر قاتتىق تۇرۇپ مۇداپىئە قىلدى. ئاخىرى، قاغان مۇسۇلمانلارنىڭ شەھەرنى تاشلاپ، چىقىپ كېتىشىگە ماقۇل بولدى. ياردەمسىز قالغان مۇسۇلمانلار شەھەرنى تاشلاپ چىقىپ كەتتى. ئۇندىن كېيىن ئەشرەس يەنە كېلىپ، كەمەرچىنى قايتۇرۇپ ئېلىشقا ئۇرۇنغان بولسىمۇ مۇۋەپپەق بولالمىدى. كەمەرچە شەھىرىنى بىتەرەپ شەھەر دەپ ئېلان قىلىپ، ئەسىرلەرنى ئالماشتۇرۇپ، ھەرئىككى تەرەپ ئۆز مەركەزلىرىگە قايتتى. شۇنىڭ بىلەن يالغۇز بۇخارا ۋە سەمەرقەنت شەھەرلىرىلا مۇسۇلمانلارنىڭ قولىدا قېلىپ، پەرغانە، قارا تېگىن، تاخارىستان ۋە سوغدىيانانىڭ كۆپ قىسمى سۇلۇقاغان ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا قالدى. ھىجرىنىڭ 111 ـ (مىلادى729 ـ) يىلى ئەشرەس ۋالىيلىقتىن ئېلىپ تاشلاندى ۋە ئورنىغا جۇنەيد بىن ئابدۇراھمان ۋالىي بولدى. جۇنەيد، ھىجرى 111 ـ يىلى تاخارىستان (تۇخارىستان) غا غازات يۈرۈشى باشلىدى. سۇلۇ قاغان بۇنى ئاڭلاپ، دەرھال مۇسۇلمانلارنىڭ قولىدىكى سەمەرقەنتكە هۇجۇم قىلىپ، قورشاۋغا ئالدى. سەمەرقەنت ئەمىرى «سەۋرە بىن ئەلھەرقان» تۈركلەرگە كۈچى يەتمەسلىكىنى چاغلاپ، جۇنەيددىن تېز ياردەم تەلەپ قىلىپ، قاناتلىق خەت ئەۋەتتى. جۇنەيد، بۇخەۋەرنى ئاڭلاپ توخارىستانغا يۈرۈش قىلىشنى قويۇپ، سەمەرقەنتكە قاراپ ماڭدى. سەمەرقەنتكە تۆت فەرسەخ يول قالغاندا ئىككى تەرەپ قوشۇنلىرى ئۇچرىشىپ، ئۇرۇش باشلاندى ۋە جۇنەيد ئەسكەرلىرى بىلەن مۇھاسىرىگە چۈشتى. جۇنەيد، سەمەقەنت شەھىرى ئىچىدە مۇھاسىرىدە قالغان سەۋرە بىن ئەلھەرگە تۈركلەرنىڭ ئارقا تەرىپىدىن(شەھەردىن) تۇيۇقسىز چىقىپ، هۇجۇم قىلىشقا ئەمر قىلدى. سەۋرە، بىر كېچە 10,000 كىشىلىك قوشۇنى بىلەن تۇيۇقسىز مۇھاسىرىنى بۆسۈپ چىقىپ، تۈركلەرگە ئارقا تەرەپتىن هۇجۇم قىلدى. تۈركلەر ئاساسى كۈچىنى ئارقىدىن كەلگەن بۇ هۇجۇمغا قاراتقانلىق پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، جۇنەيد مۇھاسىرىدىن قۇتۇلدى. ئەمما، سەۋرە بىن ئەلھەرقان،10,000 ئەسكىرى بىلەن بۇ ئۇرۇشتا شېھىت بولدى. مۇھاسىرىدىن قۇتۇلغان جۇنەيد، سەمەرقەنتكە كىرىپ، كۈچىنى توپلاپ مۇداپىئەدە تۇردى. بۇ ۋەزىيەتتە سۇلۇ قاغان سەمەرقەنتنى قويۇپ، بۇخاراغا هۇجۇم

قىلىپ ئىشغال قىلدى. جۇنەيد، سەمەرقەنتنى تاشلاپ، ئۆزى ساق سالامەت چىقىپ كېتەلىشى ئۈچۈنمۇ ۋە ياكى سەمەرقەنتتە تۇرۇپ، قاغانغا قارشى مۇداپىئە ئۇرۇشى قىلىشتىمۇ تۈركلەرگە كۈچى يەتمەي پۈتۈنلەي تۈگىشىپ كېتىدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، خوراسانغا ئارقىمۇ - ئارقا ئادەم ئەۋەتىپ ياردەم تەلەپ قىلدى. بۇ ياردەم كەلگەندىن كېيىن جۇنەيد، سەمەرقەنتتىن چىقىپ، ئۇرۇشۇپ تۇرۇپ چېكىنىش تاكتىكىسىنى قوللىنىپ، خوراسانغا قاراپ ماڭدى. قاغان ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ زەربە بېرىش ئۈچۈن تۈرك خانلىرىدىن بىرىنىڭ قوماندانلىقىدا زور بىر قوشۇن يوللىدى. ھەرئىككى تەرەپ قوشۇنلىرى تار بىر جىلغىدا ئۇچرىشىپ شىددەتلىك توقۇنۇشتى . ئۇرۇشتا تۈركلەرنىڭ قوماندانى ئۆلگەنلىكتىن تۈركلەر پاراكەندە بولۇپ مەغلۇپ بولدى. شۇنىڭ بىلەن جۇنەيد خوراسانغا قېچىش ئۈياقتا تۇرسۇن، ئارقىسىغا يېنىپ ھۇجۇم قىلىپ، بۇخارانى تارتىۋالدى. سۇلۇ قاغان تالاسقا قايتىپ كەتتى. خوراساندىكى ئەرەبلەر، تۈركەش قاغانى ۋە جۇنەيد ئوتتۇرىسىدىكى بۇ ئۇرۇشتا غالىب بولغانلىرىدىن پەخىرلىنىپ بۇ ئۇرۇشنى(يوم الشعب » مۇھارىبىسى دەپ ئاتىدى.

ئەرەب تارىخچىلىرى بۇ ئۇرۇشتا قاغاننىڭ بىرئوغلى ئەسىرگە ئېلىنغان، جۇنەيد ئۇنى خەلىپەھۇششامغا يوللاپ بەرگەن دەپ يازىدۇ . بۇ ئۇرۇشتىن كېيىن، خوراساندا ئىچكى قالايمىقانچىلىقلارچىقىپ، ئۆز ئىشى بىلەن بولۇپ قالغان ئەرەبلەر ماۋەرائۇننەھرىگە تاجاۋۇز قىلالمىدى. سۇلۇ قاغانمۇ ئالتە يىلغا قەدەر تىنچ ئۆتتى. ھىجرىنىڭ 118 -(مىلادى 736) - يىلى خوراسان ۋالىسى ئەسئەد بىن ئابدۇللا ئەلقەسرى، قاراتېگىن ئۆلكىسىگە ھۇجۇم قىلىپ، بىرقانچە قەلئەنى ئىگەللىۋالدى. سۇلۇقاغان دەرھال يېتىپ كېلىپ، ئەسئەدنى قاتتىق مەغلۇپ قىلدى. ئەسەد قىلىچتىن ئېشىپ قالغان بىرقىسىم ئىسلام ئەسكەرلىرى بىلەن قاچتى ۋە ئامۇ دەرياسىدىن ئۆتۈپ، بەلخ شەھرىدە توختىدى. سۇلۇقاغان ئەسئەدنى قوغلاپ، ئامۇ دەرياسىدىن ئۆتتى ۋە بەلخ شەھرى يېقىنلىرىدىكى ئىككى قېتىملىق ئۇرۇشتا ئىسلام ئەسكەرلىرىگە ئېغىر زەربە بەردى. كېيىنچە، قاغان ئامۇ دەرياسى بويىدا مۇداپىئە قىسملىرىنى قويۇپ ئۆزى تالاسقا قايتتى.

بۇ ئۇرۇشلار نەتىجىسىدە بۇخارا ۋە سەمەرقەنت شەھەرلىرى ئەرەبلەرنىڭ قولىدىن چىقىپ كەتتى. بۇنىڭ بىلەن پۈتۈن ماۋەرائۇننەھر ۋە توخارىستان (بەدەخشان ۋە قەتەغەن) دىن ئىبارەت تۈرك يۇرتلىرى سۇلۇ قاغاننىڭ ھاكىمىيىتىگە تەۋە بولدى. مانا بۇ تۈركەش دۆلىتىنىڭ ئەڭ كېڭەيگەن ۋە گۈللەنگەن دەۋرى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ . (11 - خەرىتىگە قاراڭ)

## سۇلۇقاغاننىڭ ۋاپاتى ۋە تۈركەشلەر ئىچىدىكى ئىچكىي قالايمىقانچىلىقلار

يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك، تۈركەش دۆلىتى، 10 قەبىلىنىڭ بىرلەشمىسىدىن ئىبارەت بىر ئىتتىپاقداش دۆلىتى ئىدى. غەرب تەرەپتىكى بەش قەبىلە، بىۋاسىتە قاغانغا قاراشلىق بولۇپ «قاراتۈركەش» يەنى، غەربىي تۈركەش دەپ، ئاتىلاتتى. ئىسسىقكۆلنىڭ شەرقىدىكى (ئىلى، ئالتاي بەشبالىق، باركۆل ۋە ئىمىلدىكى) بەش قەبىلە بولسا، «باغاتارقان» ئۇنۋانلىق بىر ئومۇمىي ۋالىينىڭ قارىمىقىدا بولۇپ قاغاننىڭ ئالىي ھاكىمىيىتىگە تەۋە ئىدى. بۇلار «سېرىق تۈركەش»، يەنى، شەرقىي تۈركەش دەپ ئاتىلاتتى. سۇلۇ قاغان، مىلادى 736 ـ يىلى ماۋەرائۇننەھر ئۇرۇشلىرى بىلەن بولۇپ، قاغانلىق مەركىزىدىن ئۇزاقلاشقان كۈنلەردە سېرىق تۈركەشلەرنىڭ ئومۇمىي ۋالىيسى كۆلچۇر باغاتارقان خېلى نۇپۇز پەيدا قىلىپ، قاغانلىق تەختىنى قولغا ئېلىش ھەۋىسىگە چۈشتى ۋە مەخپىي ھالدا سېرىق تۈركەشلەرنى ئەتراپىغا يىغىشقا باشلىغانىدى.

ھىجرىنىڭ 121 ـ (مىلادى 738 ـ) يىلى سۇلۇ قاغان ماۋەرائۇننەھر ئۇرۇشىدىن غەلىبىلىك بىلەن پۈتۈن غەربىي تۈركىستاننى ئىشغال قىلىپ، قايتىپ كەلگەندە، كۆلچۇر باغاتارقان كۆرۈنۈشتە قاغاننى زىيارەت قىلىش مەقسىدىدە، لېكىن، پۇرسەت تاپسىلا قاغاننى يوقىتىش نىيىتى بىلەن، يېنىغا ئىشەنچلىك ئەسكەرلىرىنى ئېلىپ، توخماق شەھىرىگە كەلدى ۋە قاغاننى زىيارەت قىلدى. بىرقانچە كۈننى ئۆتكۈزۈۋېتىپ، بىركېچە ئۆز ئادەملىرى بىلەن تۇيۇقسىز باسقۇن قىلىپ، قاغاننى ئۆلتۈردى. ئىسلام تارىخلىرىدا، خوراسان ۋالىيسى ئەسئەد، سۇلۇ قاغاننىڭ ئۆلتۈرۈلۈشىدىن ئىبارەت ئەرەبلەر ئۈچۈن ناھايىتى مۇھىم بولغان بۇ ۋەقەنى دەرھال خەلىپە ھۇششامغا مەلۇم قىلغاندا، خەلىپە بۇ كۈچلۈك دۈشمەندىن قۇتۇلغانلىقىغا خوش بولۇپ، شۈكران سەجدىسى قىلغانلىقنى يازىدۇ.

سۇلۇقاغان ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، قارا تۈركەشلەر كۆلچۇرغا قارشى ئۇرۇش ئېلان قىلدى. شۇنىڭ بىلەن قارا ۋە سېرىق تۈركەشلەر ئوتتۇرىسىدا شىددەتلىك ئۇرۇش باشلاندى. بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، چىنلىقلار كۆلچۇرگە ياردەم بېرىش باھانىسى بىلەن شەرقىي تۈركىستانغا نۇرغۇن ئەسكەر كىرگۈزدى. چىن ياردىمى بىلەن كۆلچۇر باغاتارقان، قارا تۈركەشلەرنى مەغلۇپ قىلىپ، بويسۇندۇردى ۋە مىلادى 739 ـ يىلى ئۆزىنى تۈركەش قاغانى ئېلان قىلدى.

سۇلۇ قاغاننىڭ ئۆلۈمى بىلەن تۈركەشلەر ئىچىدە چىققان قالايمىقانچىلىقنى پۇرسەت دەپ بىلگەن خوراسان ۋالىيسى ئەسەد بىن ئابدۇللا مىلادى 737 ـ (ھىجرى119ـ) يىلى قاراتېكىن ئۆلكىسىگە ھۇجۇم قىلىپ. بىرقانچە قەلئەنى قولغا چۈشۈردى. نەتىجىدە قاراتېكىننىڭ ئەسكەرلىرى مەغلۇپ بولۇپ، قاچتى. ئەرەب ئەسكەرلىرى ئالدىغا ئۇچرىغان ھەر ئىنساننى ئەسىر ئېلىپ، كۆزى كۆرگەن ھەرنەرسىنى

ئولجا ئېلىپ ماڭدى. كۆپلىگەن خەلق شەرقىي تۈركىستانغا قاچتى. بۇ ۋەقەدىن كېيىن، ئەسئەد ۋالىيلىقتىن ئېلىپ تاشلاندى. ئورنىغا «نەسرىبىن سەييار» ئىسىملىك كىشى ۋالىي بولدى. نەسىر بىن سەييار توخارىستان ۋە ماۋەرائۇننەھرخانلىرى بىلەن كۆپ ئۇرۇشتى ۋە بۇلارنىڭ ھەممىسىدە غالىب بولدى. مىلادى 743- ( ھىجرى 125 -) يىلىغىچە پۈتۈن تاخارىستان، سوغدىيان، قاراتېگىن، پەرغانە ۋە تاشكەنتتىكى تۈرك خانلىقلىرىنى ئەرەب ئىسلام دۆلىتىگە جىزيە بېرىش شەرتى بىلەن بويسۇندۇردى.

نەسىر بىن سەييار، خوراسانغا ۋالىي بولۇپ، تۈرك يۇرتلىرىغا بېسىپ كىرگەن ئەرەب ۋالىيلىرىنىڭ ئارىسىدا، ئىنساپلىق ۋە دىندارراق بولغان بىركىشى ئىدى. غەربىي تۈركىستان خانلىرىنىڭ جىزيە تۆلەپ بويسۇنۇشلىرىغا قانائەت قىلىپ، ئۇلارنىڭ باشقا مال - مۈلكلىرىگە قول ئۇزاتمىدى ۋە تۈركلەرنى ئۆزىگە دوست قىلدى. بۇنىڭ زامانىسىدا، ئىسلام ئالىملىرى ماۋەرائۇننەھرىگە كۆپلەپ كېلىپ، تۈركلەرنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇتقان يوللىرىغا مۇۋاپىق ياخشى تەبلىغ ۋە ئىلمىي يول بىلەن تەربىيە بېرىپ، ئىسلامنى چۈشەندۈردى ۋە ئىسلامغا دەۋەت قىلدى. نەتىجىدە تۈركلەرنىڭ كۆپ قىسمى مۇسۇلمان بولدى.

11 - پەسىل

## شەرقىي تۈركىستانغا يەنە چىن ئىستىلاسى

چىنلىقلار كۆلچۇر باغاتارقانغا ياردەم قىلىش باھانىسىدا، سېرىق تۈركەشلەرنىڭ شەرقىي تەرىپى(ئىمىل ۋە ئالتاي) دا يەرلەشكەن قارلۇق، ياغما ۋە توخسى قاتارلىق قەبىلىلەر ئارىسىغا كۆپلىگەن ئەسكەر كىرگۈزۈپ، ئۇلارنىڭ يەرلىرىنى ئىشغال قىلىشقا باشلىدى. بۇ قەبىلىلەر قەھرىمانلارچە ئۆز ئىستىقلالىنى مۇداپىئە قىلغان بولسىمۇ، ئاخىرى مەغلۇپ بولۇپ، بويسۇنۇشقا مەجبۇر بولدى. شۇنىڭ بىلەن چىن ۋە كۆلچۇر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت بۇزۇلدى ۋە ئۇرۇش باشلىدى. ئۈچ يىل داۋام قىلغان ئۇرۇش نەتىجىسىدە، كۆلچۇر مەغلۇپ بولدى ۋەچىن ئەسكەرلىرى تەرىپىدىن ئەسىرئېلىندى. مىلادى 744 - يىلى ئۆلتۈرۈلدى. شۇنىڭ بىلەن قارا ۋە سېرىق تۈركەشلەر چىن ئىستىلاسى ئاستىدا قالدى. سىر دەريا ۋادىسىغىچە ۋە ئارال كۆلى، خەزەردېڭىزى بويلىرىغىچە تارقالغان پۈتۈن تۈرك قوۋملىرى چىن ئىستىلاسى ئاستىدا قالدى. قۇچۇ ۋە ئالتى شەھەردىكى خانلىقلارمۇچىن ھاكىمىيىتىگە بويسۇنۇشقا مەجبۇر بولدى.

چىننىڭ بۇ ئىستىلاچى قوشۇنىنىڭ قوماندىنى ئەسلى كورىيە(چاۋشەن) لىك بولغان گاۋشەنجى ئىدى. ئىستىلا ئەمەلگە ئېشىپ بولغاندىن كېيىن، گاۋشەنجى پۈتۈن تۈرك يۇرتىغا ئومۇمىي ۋالىي بولۇپ تەيىنلەندى. گاۋشەنجى كۈرۈنۈشتە مەركىزى ھۆكۈمەتكە قارايدىغان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۆز

ئالدىغا بىر دىكتاتۇردەك ھۆكۈم سۈردى. پامىر تاغلىرىدىكى كانجۇت تىبەتلىكلەرنىمۇ بويسۇندۇردى.
تۈركلەرنىڭ بۇ پالاكەتكە ئۇچرىغانلىق ئەھۋالىدىن ئەرەب ئىسلام ئەمىرلىرى پۇرسەت بىلىپ، پۈتۈن غەربىي تۈركىستاننى بېسىۋالغاندى (بۇلارنى تۆۋەندە بايان قىلىمىز). ئۇچاغدا شەرقىي تۈركىستان ھېساپلىنىدىغان تاشكەنت خانى، چىن ئىستىلاسىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن جىزيە بېرىش شەرتى ئاستىدا ئىسلام دۆلىتىنىڭ ھىمايىسىگە كىرگەندى. خەلىپە تەرىپىدىن خوراسانغا ئومۇمىي ۋالىي بولۇپ تەيىنلەنگەن نەسىر بىن سەييار ،گاۋشەنجى بىلەن ئۇرۇشماسلىق توختامنامىسى ئىمزالىغان. مىلادى 737 ـ يىلى خوراساندا مەشھۇر«ئابامۇسلىم خوراسانى» نىڭ رەھبەرلىكىدە ئىنقىلاب كۆتۈرۈلدى. نەتىجىدە، نەسىر بىن سەييارمەغلۇپ بولۇپ، 739 ـ يىلى تاشكەنت ۋە غەربىي تۈركىستان ئابامۇسلىمنىڭ قولىغا ئۆتتى.گاۋشەنجى بۇ ۋەزىيەتتىن پايدىلىنىپ، مىلادى 748 ـ(ھىجرى 131 ـ) يىلى تاشكەنتكە ھۇجۇم قىلىپ ئىشغال قىلدى. خاننى ئەسىرئېلىپ، خەلقنى بۇلاپ ـ تالاپ دەھشەتلىك قەتلىئام قىلىپ، توخماقتا قايتتى. تاشكەنت خانى چىنگە ئەۋەتىلدى ۋە ئۇ يەردە ئۆلتۈرۈلدى. خاننىڭ ئوغلى خوراسانغا قېچىپ بېرىپ. ئابامۇسلىمدىن ياردەم تەلەپ قىلدى.

12 ـ پەسىل

## شەرقىي تۈركىستاننىڭ چىن ئىستىلاسىدىن قۇتۇلغانلىقى ۋە مىڭ يىلغىچە چىن تاجاۋۇزىدىن خاتىرجەم بولغانلىقى

گاۋشەنجىنىڭ يۇقىرىقى قىلمىشلىرىنى ئابا مۇسلىم ئاڭلىغان ھامان، ھىجرى 134ـ (مىلادى 751ـ) يىلى زىياد بىن سالىھ قوماندانلىقىدا چوڭ بىر قوشۇننى گاۋشەنجى ئۈستىگە يوللىدى. گاۋشەنجى قارلۇق قاتارلىق تۈرك قەبىلىلىرىدىن نۇرغۇن ئەسكەر ئېلىپ، زىياد بىن سالىھ بىلەن ئۇرۇشۇشقا يولغا چىقتى. تالاس شەھىرى يېقىنلىرىدا ئىككى دۈشمەن قوشۇنلىرى ئۇچرىشىپ، ئۇرۇش باشلاندى. سەككىز يىلدىن بېرى چىن ئىستىلاسىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن پۇرسەت كۈتۈپ تۇرغان تۈركلەر بىرلىشىپ، چىن ئەسكەرلىرىنىڭ ئۈستىگە قاتتىق ھۇجۇم قىلدى.گاۋشەنجى ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ، جېنىنى ئېلىپ قاچتى. قالغان ئەسكەرلىرى تۈرك قىلىچى ئاستىدا جان بەردى.گاۋشەنجى شۇ قاچقانچە ھېچ يەردە توختىماي چىن چېگراسى ئىچىگە كىرىپ جېنىنى قۇتقازدى.كېيىنچە ئىمپېراتور تەرىپىدىن ئۆلۈم جازاسىغا مەھكۇم بولدى.گاۋشەنجىنى مەغلۇپ قىلغان تۈرك ئەسكەرلىرىنىڭ تولاراقى، قارلۇق قەبىلىسىگە مەنسۇپ ئىدى. چىنلىقلار بۇ مەغلۇبىيەتتىن كېيىن 1000 يىلدىن كۆپرەك بىر زامانغىچە تۈركىستانغا تاجاۋۇز قىلىشقا پېتىنالمىدى. شۇنىڭ بىلەن ھىجرى 1172ـ (مىلادى 1759 ـ) يىلىغىچە تۈركىستان خەلقى چىن ھۇجۇمىدىن قۇتۇلۇپ خاتىرجەم ياشىدى.

13 - پەسىل

## شەرقىي تۈركىستاندا قۇرۇلغان مۇستەقىل دۆلەتلەر

يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك، گاۋشەنجى قاچقاندىن كېيىن شەرقىي تۈركىستان خانلىرى ئۆزىچە مۇستەقىل بولۇپ قالدى. بەشبالىق، ئىمىل ۋە ئالتاي ئۆلكىلىرىدىكى قارلۇق قەبىلىسى بۇجايلاردا بىر دۆلەت قۇردى. قۇچۇ، قۇمۇل، بارىكۆل ۋە ئالتى شەھەردىكى خانلارمۇ ئۆزئالدىلىرىغا مۇستەقىل بىرەر دۆلەت قۇرۇۋالدى. ئالتى شەھەرخانلىرىمۇ ھەربىرى ئۆز ئۆلكىسىدە مۇستەقىل بولدى. بۇ دۆلەتلەر ئىچىدە تارىخى ئەھمىيتى جەھەتتىن قارىغاندا قارلۇق دۆلىتى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، قارلۇق دۆلىتىنىڭ تارىخىنى بىرئاز تەپسىلى بايان قىلىمىز.

### قارلۇق دۆلىتى

قارلۇق قەبىلىسى، غەربىي ۋە شەرقىي كۆكتۈرك دۆلەتلىرى ئىچىدە ئەڭ كۆپ ۋە ئىنتايىن مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغان بىر تۈرك قەبىلىسى ئىدى[34]. بۇلارنىڭ بىرقىسمى ئۆتۆكەن تاغلىرىدا ئولتۇراقلىق بولۇپ، شەرقىي كۆكتۈرك دۆلىتىگە تەۋە ئىدى. يەنە بىرقىسمى، بەشبالىق، ئىمىل ۋە ئالتاينىڭ غەرب تەرىپىگە يەرلەشكەن بولۇپ، غەربىي كۆكتۈرك دۆلىتىگە تەۋە ئىدى. چىن ئىستىلاسى دەۋرىدە. چىن ئىشغالىيىتى ئاستىدا قالغان. چىنلىقلار ئاجىزلىشىپ، تۈركەشلەرنىڭ چىنگە قارشى ئۇرۇشلىرى باشلانغاندا تۈركەشلەر تەرىپىگە ئۆتۈپ، چىننى مەغلۇپ قىلغان. نەتىجىدە، ئىسسىقكۆلنىڭ جەنۇب ۋە غەربىدىكى جايلارغا كۆپ ساندا قارلۇقلار كۆچۈپ كەلگەن. قۇتلۇق كۆكتۈرك دۆلىتى دەۋرىدە پۈتۈن قارلۇقلار بۇ دۆلەتنىڭ ھاكىمىيتى ئاستىدا ئىدى. سۇلۇ قاغان زامانىسىدا، ئۆتۆكەن رايونىدىن باشقا جايلاردىكى قارلۇق قەبىلىسىنىڭ ھەممىسى سۇلۇ قاغانىغا تەۋە بولۇپ، «سىرىق تۈركەشلەر» دەپ ئاتالغان بەش قەبىلە بىرلەشمىسى ئىچىدىكى قەبىلىلەردىن بىرى بولۇپ تەشكىللەنگەن. سۇلۇقاغان ۋاپات بولغاندىن كېيىن، قارلۇقلار چىن نۇپۇزى ئاستىغا كىرىپ قالدى. چىنلىقلار بىلەن ياخشى مۇناسىۋەتتەبولغانلىقتىن قارلۇقلارنىڭ تولىسى گاۋشەنجىگە ئەسكەر بولغان.

ھىجرى 134 - (مىلادى751-) يىلى زىياد بىن سالىھ بىلەن گاۋشەنجى ئوتتۇرىسىدىكى تالاس ئۇرۇشىدا چىنگە قارشى تۇرغان ۋە چىن ئەسكەرلىرىنى تامامەن يوقىتىپ، شۇ يىلى بەشبالىق، ئىمىل ۋە غەربىي ئالتايدا بىر قارلۇق دۆلىتى قۇرۇپ چىققان. ئۆتۆكەن تاغلىرى ئېتەكلىرىدىكى قارلۇق قەبىلىسى بولسا، موغۇلستاندا دۆلەت قۇرۇپ چىققان شەرقىي ئۇيغۇرلارنىڭ ھاكىمىيتى ئاستىدا ئىدى[35].

[34] چىن تارىخىدا بۇلارنى«كۇكۇ» ئورخۇن ئابىدىلىرىدە بولسا بۇلارنى «ئۈچ قارلۇقلار» دەپ ئاتايدۇ(مۇئەللىپتىن).

هىجرى 140ـ(مىلادى757ـ) يىلىدىن تارتىپ، قارلۇق ۋە ئۇيغۇر دۆلەتلىرى ئوتتۇرىسىدا توقۇنۇش باشلىدى. نەتىجىدە ئۆتۈكەندىن قارلۇقلار ئالتاي ئەتراپىغا كۆپلەپ كۆچۈپ كېلىشكە مەجبۇر بولدى. شۇنىڭ بىلەن قارلۇق دۆلىتى چوڭ بىر كۈچكە ئىگە بولۇپ قالدى. هىجرى149 ـ (مىلادى 766ـ) يىلى قارلۇقلار غەربكە يۈرۈش قىلىپ، ئىسسىقكۆل ئەتراپىدىكى خانلىق ۋە بەگلىكلەرنى ئۆزىگە تەۋە قىلىپ، شىمالدا ئالتاي، يەتتەسۇ، كۆكچە دېڭىز(بالقاش كۆلى) غەربىدە سىر دەرياسى ۋە جەنۇبىدا تەگرى تاغلىرى ئارىسىدىكى تۈرك يۇرتلىرىنى ئىشغال قىلدى (12ـ خەرىتىگە قاراڭ).

مانا شۇنداق قىلىپ، تەشكىللەنگەن قارلۇق دۆلىتى قاراخانلار[36] دۆلىتى قۇرۇلغىچە ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل ياشىدى. قاراخانلاردۆلىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، يابغۇلۇق دەرىجىسى بىلەن قاراخانلارغا تەۋە بولدى. دېمەك، هىجرى 247 ـ (مىلادى 861 ـ) يىلىغىچە تولۇق مۇستەقىل قالدى.

قارلۇقلار، خەلىپە هارۇن رەشىد زامانىسىدا(مىلادى 793ـ يىلى) پەرغانىنى ئالدى. لېكىن، كېيىنچە ئىسلام ئەسكەرلىرى غالىپ كېلىپ، قارلۇقلار پەرغانىنى تاشلاپ، چېقىپ كەتتى. هىجرى 189 ـ (مىلادى 804)ـ يىلغا كەلگەندە قارلۇق خانى، ئۇيغۇرخانى ۋە جەنۇبىي تۈركىستاننى ئىستىلا قىلغان تىبەت خانى بىرلىشىپ، ئەرەب ئىسلام هاكىمىيىتىگە قارشى ئۇرۇش ئېلان قىلدى. بىرقانچە قېتىملىق ئۇرۇشلار دىن كېيىن، شۇ چاغدا خوراسان ۋالىسى بولۇپ تۇرغان هارۇن رەشىدنىڭ ئوغلى (مامۇن) تۈركلەر بىلەن ياخشى مۇناسىۋەتتە بولۇش سىياسىتىنى ئىجرا قىلغانلىقتىن تىنچلىق ئورنۇتۇشنى تەكلىپ قىلدى ۋە ئوتتۇرىدا سۈلھى بولۇپ پۈتتۈشتى. ئۇندىن كېيىن، قارلۇقلار ئارىسىدا ئىسلام دىنى تارقىلىشقا باشلىدى. غەربىي تۈركىستاندىكى تۈرك سامانى ئىسلام دۆلىتى ۋە قارلۇق دۆلەتلىرى ئارىسىدا ئۇزۇن ئۇرۇشلار يۈز بەرگەن بولسىمۇ، بىر ـ بىرىگە يېقىن قوشنا بولغان بۇ ئىككى دۆلەت بىرمۇددەت تىنچ بىرگە ياشىدى. بۇ ئەھۋالمۇ قارلۇقلار ئارىسىدا ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىشىدا مۇهىم ئامىل بولدى.

قارلۇق دۆلىتىنىڭ هىجرى 267 ـ (مىلادى 880ـ) يىلى قاراخانلار دۆلىتىگە قوشۇلۇشى. قاراخانلارنىڭ قۇدرەت تېپىپ، بىر تۈرك ئىمپېراتورلۇقى بولۇپ، مەيدانغا چىقىشىدا مۇهىم رول ئوينىغان. قارلۇقلار قاراخانلارغا تەۋە بولغاندىن كېيىن، ئىلى دەريا ۋادىسى دىن تارتىپ ئىرتىش دەرياسى ۋادىسىغىچە سوزۇلغان يەتتەسۇ ئۆلكىسىدە، ئىچكىي جەھەتتە مۇستەقىل هالدا ياشىدى. بۇلارنىڭ خانلىرى «يابغۇ» ئۇنۋانى بىلەن ئاتالدى. بۇ ۋەزىيەت چىڭگىزخان زامانىسىغىچە داۋام قىلدى. يەتتە سۇنى هازىر رۇسلار «سىمىرچېنسكى» دەپ ئاتايدۇ.

[35] بەزى مەنبەلەرگە كۆرە، قارلۇقلار 8 ـ ئەسىرنىڭ بېرىمىدا چۇ دەرياسى ۋادىسىدا ئوتتۇرىغا چىققان (مۇئەللىپتىن).

[36] هازىرقى ئۇيغۇرچە ئەسەرلەردە قاراخانىلار دەپ ئېلىنىدۇ. (ن. ش. ھ.).

## 14 ـ پەسىل
# ئالتى شەھەر ۋە قۇچۇدىكى مۇستەقىل كىچىك خانلىقلار

بۇ تارىخلاردا شەرقىي تۈركىستاندا جەمئىي قانچە مۇستەقىل دۆلەت بولغانلىقى ھەققىدە ئېنىق بىر مەلۇمات بولمىسىمۇ، چىن تارىخلىرى خوتەن، يەركەن، قەشقەر، كۇچا، روران،كىنگىت ۋە قۇچۇدا مۇستەقىل خانلىقلارنىڭ بارلىقىنى خەۋەر بېرىدۇ. تۆۋەندىكىلەردىن بۇلارنىڭ سىياسى ئۇرنى ۋە كۈچىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ (12 ـ خەرىتىگە قاراڭ).

گاۋشەنجى قاچقاندىن كېيىن، بۇ مۇستەقىل خانلىقلار بىر بىرلىرى بىلەن دوستانە مۇناسىۋەتتە بولۇپ تىنچ ياشىماقتا ئىدى. شەرقىي شىمالدىكى، يەنى، موغۇلىستاندىكى ئۇيغۇر دۆلىتى بىلەنمۇ كېيىنكى چاغلارغىچە مۇناسىۋەتلىرى ياخشى ئىدى. چىن ئىمپېراتورلۇقىنىڭ بۇتارىختا تۈركلەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلالىغىدەك كۈچى يوقتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، چىقىشىپ تۇرۇش سىياسىتىنى ئىجرا قىلىپ، ئۇيغۇرقاغانلىقى، قارلۇق، كۇچا ۋە خوتەن قاتارلىق خانلىقلارنىڭ ھۆكۈمدارلىرىغا داۋاملىق سوغا ـ سالام يوللاپ، بۇلارنى ئۆزىگە دوست قىلىشقا تىرىشماقتا ئىدى.

ھىجرى 138 ـ (مىلادى 755ـ) يىلى ئۆگلۈك خان (چىنچە «ئەن لۇشەن» دەپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ) ئىسىملىك بىرتۈرك قوماندان چىن ئىمپېراتورىغا قارشى ئىسيان كۆتۈرۈپ، چىننىڭ شەرقى ۋە شىمالدىكى ئۆلكىلىرىنى ئىشغال قىلدى ۋە ئىككى يىل ئۆتكەندىن كېيىن، پايتەخت چاڭئەنگە يۈرۈش قىلدى. ئىمپېراتور شۈەنزۇڭ ئۇيغۇر، قارلۇق ۋە باشقا تۈرك ھۆكۈمدارلىرىدىن ياردەم سوراپ يالۋۇردى. ئۇيغۇرخاقانى ئۆز ئوغلىنىڭ قوماندانلىقىدا زور بىرقوشۇننى ئۆگلۈك ئىسيانىنى باستۇرۇش ئۈچۈن چىن ئىمپېراتورىنىڭ ياردىمىگە ئەۋەتتى. قارلۇق خانىمۇ ئەسكەر يوللىدى. ئالتى شەھەرنىڭ ئەڭ كۈچلۈك خانى بولغان خوتەن خانى ئۆزى ئۇرغۇن ئەسكەرلىرىنى باشلاپ، جەڭگە ياردەمگە كەلدى. بۇ تۈرك قوشۇنلىرى غەربىي ۋە شىمالىي چىندىن ئىچكىرلەپ كىرىپ ئۆگلۈك خان بىلەن ئۇرۇشۇپ ئۇنى سۈرگەنچە چاڭئەنگە يېتىپ باردى. بۇئارىدا ئىمپېراتور شۈەنزۇڭ ئۆلۈپ ئورنىغا ئوغلى سۇزۇڭ ئىمپېراتور بولدى. سۇزۇڭ چاڭئەننى تاشلاپ قېچىپ كېتىپ، ئۆگلۈك خان چاڭئەننى ئىشغال قىلغان ئىدى. تۈرك ئەسكەرلىرى چاڭئەننى ئېلىپ، قېچىپ كەتكەن ئىمپېراتور سۇزۇڭنى تېپىپ كېلىپ، تەختكە ئولتۇرغۇزۇپ قويدى. تۈرك قوشۇنلىرى ھىجرى 146ـ (مىلادى 763ـ) يىلىغىچە چىندە تۇرۇپ تىنچلىق ئورناتتى. ئۇيغۇر قاغانى بۆگۈك (بۆگۈ) قاغان شەنشى يولى بىلەن بېسىپ كىرىپ ئۆگلۈك خاننىڭ پايتەختى بولغان لوياڭغا ھۇجۇم قىلىپ، ئىشغال قىلدى ۋە ئۇ يەردە بىر يىل

تۈردى. ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ جەنۇبىي يابغۇسىغا چىن ئىمپىراتورى قىزىنى ياتلىق قىلدى. ئۇيغۇر دۆلىتى ۋە باشقا چىنگە ياردەم قىلغان تۈرك دۆلەتلىرىگە چىن ئىمپىراتورى ئالاھىدە سوغا ـ سالام تەقدىم قىلدى ۋە داۋاملىق باج ـ سېلىق بېرىدىغان بولدى. ياردەمگە كەلگەن تۈرك ئەسكەرلىرى قايتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇزۇن بىر زامانغىچە چىن، بۇ چوڭ ـ كىچىك تۈرك دۆلەتلىرىگە باج تۆلەپ، ئۇلارنىڭ ئورتاق نۇپۇزى ئاستىدا ياشىدى.

15 ـ پەسىل

## ئالتى شەھەرگە تىبەتلىكلەرنىڭ ئىككىنچى ئىستىلاسى ۋە بۇ ئىستىلادىن قۇتۇلغانلىقى

تىبەت دۆلىتى ھىجرى 150ـ (مىلادى 767ـ) يىلىدىن باشلاپ تازا كۈچلەنگەنىدى. مىلادى 765ـ يىلى چىنگە يۈرۈش قىلىپ، ھەتتا چاڭئەننى بىر مەزگىل مۇھاسىرىدە تۇتۇپ قايتقانىدى. ھىندىستان تەرەپلىرىگىمۇ يۈرۈش قىلىپ، قۇنۇج شەھىرىنى ئالغانلىقى رىۋايەت قىلىنىدۇ. بۇ قەدەر كۈچلەنگەن تىبەتلىكلەر، ھىجرى 183 ـ (مىلادى 800 ـ) يىللىرى ئەتراپىدا شەرقىي تۈركىستانغا ھۇجۇم قىلىپ، چەرچەن، خوتەن ۋە يەركەن قاتارلىق جايلارنى ئىشغال قىلدى. كېيىنچە، قەشقەرنىمۇ ئالدى. ئۇچ، كۇچا ۋە كىنگىت خانلىرىمۇ تىبەتلىكلەرگە باج تۆلەپ، بويسۇنۇشقا مەجبۇر بولغان. بۇ ئىستىلا تەخمىنەن 21 يىل داۋام قىلدى. بۇ زامان ئىچىدە شەرقىي تۈركىستاندا يۈز بەرگەن ۋەقەلەر توغرىسىدا ئىشەنچلىك مەلۇمات يوق. تىبەتلىكلەر ھىجرى 206ـ (مىلادى 821 ـ) يىلى چىنلىقلار تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنغاندىن باشلاپ، ئاجىزلاشتى ۋە بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئالتى شەھەرخانلىرى بىرلىشىپ، تىبەتلىكلەرنى ھەيدەپ چىقاردى.

تىبەتلىكلەرنى ھەيدەپ چىقارغاندىن كېيىن، خوتەن، يەركەن، قەشقەر، ئۇچ، كىنگىت ۋە چەرچەن خانلىرى بۇرۇنقىدەك مۇستەقىل بولدى.كېيىنچە قەشقەرخانى كۈچىيىپ، خوتەن، يەركەن ۋە ئۇچ قاتارلىق خانلىقلارنىمۇ ئۆزىگە تەۋە قىلغانلىقى مەلۇم. يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك، بۇ دەۋرىگە ئائىت تەپسىلى مەلۇماتىمىز يوق. ھىجرى 226 ـ ( مىلادى 840 ـ) يىلى شەرقىي ئۇيغۇرلارنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا كۆچۈپ كېلىشى سەۋەبى بىلەن يۈز بەرگەن ھادىسىلەرنى تۆۋەندە بايان قىلىمىز.

16 ـ پەسىل

## شەرقىي ئۇيغۇر دۆلىتى

ئالدىنقى پەسىللەردىن بىرىدە سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك، بۈگۈنكى شىمالىي موغۇلىستاندا ياشىغان دۆلەت قۇرغان، «ئۇيغۇر» دېگەن ئىسىم بىلەن تونۇلغان، بىر تۈرك تارمىقىنى تارىخ كىتابلىرىدا ئۇيغۇر قەبىلىسى دەپ ئاتايدۇ. بۇ بۆلۈمدە، بايان قىلىنىدىغان «ئۇيغۇر دۆلىتى» مانا، شۇ ئۇيغۇرلارنىڭ مىلادى

8 ـ ئەسىردە قۇرغان يېڭى دۆلىتىدۇر. بىز بۇلارنى «شەرقىي ئۇيغۇرلار» دەپ زىكىرقىلىمىز. شەرقىي ئۇيغۇرلارشەرقىي تۈركىستان تارىخىدا مۇھىم ئورۇننى ئىگە.

شەرقىي ئۇيغۇرلار ھۇن دۆلىتى دەۋرىدە، ھۇنلارغا تەۋە بىرخانلىق بولۇپ ياشىغانىدى. ھۇن دۆلىتى يىقىلغاندىن كېيىنكى دەۋرىگە ئائىت مەلۇماتىمىز يوق[37]. كۆكتۈركلەر دەۋرىدە ئۇلارنىڭ تەۋەلىكىدىكى ئەڭ كۈچلۈك خانلىق ئىدى. كۆكتۈرك دۆلىتىنىڭ ئۈنجى قېتىم يىقىلىشى بىلەن چىن ئىشغالىيىتىئاستىدا قالغان. ئىلتىرىش قاغان كۆكتۈرك دۆلىتىنى قايتا تىرىلدۈرگەندە شەرقىي ئۇيغۇرلار ئۇنىڭغا تەۋە بولدى. قاپاغان قاغان ۋاپات بولغاندىن كېيىن، شەرقىي ئۇيغۇرلار قۇتلۇق كۆكتۈرك دۆلىتىگە قارشى باش كۆتۈرۈپ چىقىپ، مۇستەقىللىق ئېلان قىلدى ۋە بىردىن تارىخ سەھنىسىدە ئوتتۇرىغا چىقتى. ھىجرى 226 ـ ( مىلادى 840 ـ) يىلى شەرقىي ئۇيغۇرلار، بايقال كۆلى ئەتراپىدا ئولتۇراقلاشقان باسمىل ۋە ئۆتۈكەن تاغلىرىدىكى بىر قىسىم قارلۇق قاتارلىق باشقا تۈرك قەبىلىلىرىنى ئۆزىگە بويسۇندۇرغاندىن كېيىن، ئۆزمىش قاغانغا قارشى ئۇرۇش ئېلان قىلدى ۋە بىر قانچە قېتىم ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچراتتى. مىلادى 744 ـ يىلى شەرقىي ئۇيغۇرلار ئۆزمىش قاغاننى يوقىتىپ، قۇتلۇق كۆكتۈرك دۆلىتىنى مۇنقەرىز قىلدى. قارا قۇرۇمنى ئىشغال قىلغان بولسىمۇ، ئۇجاينى پايتەخت قىلماي، ئورخۇن دەرياسىنىڭ غەربىي تەرەپىدىكى قارابالغاسۇن شەھىرىنى پايتەخت قىلدى. شەرقىي ئۇيغۇرخانى«قاغان» ئۇنۋانى بىلەن ئاتالدى. ھازىرقى موغۇلىستان ۋە پۈتۈن سىبىرىيىدىكى تۈرك قوۋملىرىنى قول ئاستىغا كىرگۈزدى. شۇنىڭ بىلەن غەربتە ئالتايغىچە، جەنۇبدا گەنسۇ ۋە شەنشىگىچەبولغان تۈرك يۇرتىرىنى ئۆزئىچىگە ئالغان كەڭرى زېمىندا«شەرقىي ئۇيغۇر قاغانلىقى» قۇرۇلدى (13 خەرىتىگە قاراڭ).

شەرقىي ئۇيغۇر قاغانلىقىنىڭ چىندىكى «ئۆگلۈك خان ئىسيانى» نى باستۇرغانلىقىنى. بۆگۈ قاغاننىڭ مىلادى 762 دە لوياڭ شەھىرىنى ئىشغال قىلغانلىقىنى ۋە بۇ ۋەزىيەت ئاستىدا، باشقا تۈرك دۆلەتلىرى بىلەن سىياسى جەھەتتە بىرلىككە كېلىپ، چىن دۆلىتىنى بىر «بىرلەشكەن تۈرك دۆلەتلىرى» ھىمايىسى ئاستىغا ئالغانلىقىنى يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتتۇلدى. مىلادى 765 ـ يىلى تىبەتلىكلەر چىنگە ھۇجۇم قىلىپ، چاڭئەننى مۇھاسىرىگە ئالغاندا ئىمپىراتور (تاڭ) سوزۇڭ، بۆگۈ قاغاندىن ياردەم تەلەپ قىلغان. قاغان دەرھال چوڭ بىرقوشۇن بىلەن ياردەمگە كېلىپ، تىبەتلىكلەرنى قوغلىۋەتتى. شەرقىي ئۇيغۇرلار بۇ دۆلەتنى قۇرۇپ چىقىشتىن بۇرۇنمۇ خېلى يۇكسەك مەدەنىيەتكە ئىگە ئىدى. ئورخۇن ۋە سىلىنگا دەريا بويلىرىدا ئىنتايىن كۆركەملىك، ئاۋات ۋە چىرايلىق شەھەرلىرى بارئىدى. ھۇن دۆلىتى دەۋرىدە، كۆكتۈركلەر دەۋرىدە، باشقا تەڭرىقۇتلۇق ۋە قاغانلىق دۆلەتلىرى دەۋرلىرىدە پۈتۈن مالىيەـ ھېساۋات ئىشلىرى ۋە دۆلەتنىڭ كاتىبلىق ئىشلىرى بۇشەرقىي ئۇيغۇر لارنىڭ قولىدا ئىدى. ئوغۇزخان (مىتەـ

37 ئورخۇن ئابىدىلىرىدە بۇلارنى «ئون ئۇيغۇرلار» دەپ يازىدۇ (مۇئەللىپنىڭ ئىزاھاتى).

باتۇر تەگرىقۇت) نىڭ ۋەزىرى ئۇيغۇر ئىدى، دېگەن رىۋايەتلەرخېلى مەشھۇر[38]. شەرقىي ئۇيغۇرلار، كۆكتۈرك دۆلىتىنى يىقىتىپ، قاغانلىقنى قولغا ئالغاندىن كېيىن، بۇلاردىكى مەدەنىيەت ئېخىمۇ تېز يۈكسەلدى. موغۇلىستان ۋە گەنسۇ تۈزلەڭلىرىدە، شەرقىي ئۇيغۇرلىرىنىڭ شۇ چاغدىكى ئىلىم، مەدەنىيەت ۋە سانائەت ئەسەرلىرىنىڭ ئىزلىرى ناھايىتى كۆپ ئۇچرايدۇ. شەرقىي تۈركىستاننىڭ شەرقىي قىسمىدىكى تۇپراقلاردىن زامانىمىزدا قېزىپ چىقىرىلغان شەرقىي ئۇيغۇرلارغا ئائىت ئاسارە-ئەتىقە ئەسەرلەركىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ. بۇلارنى تۆۋەندە بايان قىلىمىز

## شەرقىي ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ يىقىلىشى

شەرقىي ئۇيغۇر دۆلىتىگە تەۋە تۈرك قوۋملىرى پات - پاتلا ئىسيان چىقىرىپ تۇراتتى. بۇ ئىسيانلارنى باستۇرۇش ئۈچۈن قاغانلىقنىڭ مۇھىم كۈچىنى سەرپ قىلىشقا مەجبۇر بولاتتى. بۇ ئىسيانلار داۋام قىلىپ، ئۇيغۇر دۆلىتى ئاجىزلىشىپ قالدى. بۇ ئىسيانكار قوۋملەر ئىچىدە ئەڭ كۈچلۈكى يەنسەي دەرياسى بويىدىكى قىرغىزلارئىدى. قىرغىزلار ھىجرى 226 - (مىلادى 840 -) يىلى قارابالغاسۇن شەھىرىگە ھۇجۇم قىلىپ ئىشغال قىلدى. مەغلۇپ بولغان ئۇيغۇر لار 1000 يىلدىن بېرى ياشاپ كەلگەن يۇرتلىرىدىن كۆچۈپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى. شەرقىي ئۇيغۇرلار بۇ ھادىسە نەتىجىسىدە ئىككى قولغا ئايرىلىپ، ئازبىرقىسمى گەنسۇنىڭ شىمالىغا بېرىپ يەرلەشتى. چىنلىقلار بۇلارنى چىنفەن ۋە ياكى«ۋەھشى ئۇيغۇرلار» دەپ ئاتايدۇ[39]. يەنە بىرچوڭراق قولى شەرقىي تۈركىستانغا قاراپ مېڭىپ، ئۈچ ئەل (ھازىرقى غەربىي گەنسۇ)، قۇمۇل، قۇچۇ، بەشبالىق، ئىلى، كىنگىت ۋە روران قاتارلىق ئۆلكىلىرىدە يەرلەشتى. ئۆزۈنغا قالماي كۆچۈپ كەلگەن ئۇيغۇرلار ئەسلى (يەرلىك) تۈرك قېرىنداشلىرى بىلەن ئارىلىشىپ كەتتى. ھەتتا ئۇلارنى باشقۇرۇپ ھاكىمىيەتنە باشقا چىقتى ۋە بۇجايلارنىڭ خانلىرى بۇ ئۇيغۇرلاردىن بولدى. كېيىنچە ھەممىسى بىرلىشىپ، بىرخاننىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى قوبۇل قىلدى. بۇ بىرلەشكەن خانلىقنىڭ چوڭى «ئىدىقۇت» دەپ ئاتالدى. بۇ ئۇيغۇرچىدا «دۆلەت ئىگىسى» دېگەنلىك بولىدۇ. ئىدىقۇت دۆلىتىنىڭ قاراخانىلار دۆلىتى قۇرۇلغىچە تولۇق مۇستەقىل بولۇپ تەسىر دائىرىسىنى، كىنگىت ۋە كۇچاغىچە كېڭەيتكەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ. شەرقتە ئۇۋېي(ھازىرقى لىياڭجوۋ) شەھىرىنىڭ شەرقىدىكى ۋۇئەرشى ئېغىنچە بولغان جايلارنى ئىشغال قىلدى. ئۇندىن 200 يىل ئۆتكەندىن كېيىن ختاي(قىتان) دۆلىتى بۇلارنى سەددىچىننىڭ ئىچكى قىسمىدىن سۈرۈپ چىقاردى. قاراخانىلار دۆلىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، قاراخانىلارغا تەۋە بولۇپ، ئىچكى ئىشلىرىدا مۇستەقىللىقنى ساقلاپ قالدى. قاراخانىلارغا تەۋە بولغاندىن تارتىپ، ئۇيغۇرلار باش

[38] «تارىخىي شەجەرەئى تۈرك»، 26 - 27 - بەتلەر(ن. ش. ھ.).

[39] ت. ئالماس 286 - بەت « چۆل تۈركلىرى»، ئە. بايتۇر471- بەت «چەۋۆك» دەپ، ئالغان (ن. ش. ھ.).

ئەرگۈن (ئەگىم) ۋە قۇزۇق تاغنىڭ ئۇ تەرىپىدە يەرلەشكەن ۋە قۇرۇقتاغ تىزمىسىنى چېگرا قىلىپ، «سېگگىر» دەپ ئاتىغان. (سىگگىر ۋە ياكى سىنىر تۈركچە چېگرا دېگەنلىك بولىدۇ. بۇ ئىسىم ھازىرمۇ قوللىنىدۇ) قاراخانىلار دەۋرىدە تۇرپان، قۇمۇل، ئىلى، ئالتاي، ئىمىل، غەربىي گەنسۇ ۋە كىنگىت (قاراشەھەر) قاتارلىق جايلار«ئۇيغۇر يۇرتى» ۋە خەلقلىرى «ئۇيغۇرلار» دەپ ئاتىلاتتى.

قاراخانىلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، ئىدىقۇت باشلىق ئۇيغۇرلار قاراخانىلارغا قارشى ئىسيان كۆتەردى ۋە ئوتتۇرىدا ئۇرغۇن ئۇرۇشلاربولدى. ئەمما، ئاخىردا ئۇيغۇرلار يەنە قاراخانىلارغا بويسۇندى. لېكىن ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلمىدى. ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچكى مۇستەقىللىقى ھىجرى 800 ـ (مىلادى 1397ـ) يىلىغىچە داۋام قىلدى. ئىدىقۇت پايتەختى دەسلەپتە قۇچۇ ئۆلكىسىنىڭ قۇچۇ شەھىرى ئىدى. بۇ شەھەرنىڭ خارابىسى ھازىر خەلق ئىچىدە «دەقيانۇس شەھىرى» دېگەن نام بىلەن مەشھۇر. بۇ نىڭ ئەتراپىدىكى كەنت ھازىر قاراغوجا(قاراقۇچۇ) دەپ ئاتىلىدۇ. ئىدىقۇت خانلىقى قاراخانىلاردىن يۈز ئۆرۈگەندىن كېيىن، پايتەختىنى بەشبالىققا يۆتكىگەن. «بەشبالىق» بەش قەلئە ۋە ياكى بەش شەھەر دېگەنلىكتۇر[40]. بەش بالىق ھازىرقى ئۈرۈمچى شەھىرى بولۇپ، چىن ئىستىلاسىدىن كېيىن، چىنلىقلار بۇنى چىنچەلەشتۈرۈپ «ئۇلۇمۇچى» دەپ ئاتاشقا باشلىدى.

## شەرقىي ئۇيغۇرلارنىڭ دىنى

قەدىمكى زاماندا ئۇيغۇرلار «توين» دىنىدا ئىدى. مىلادى 150 ـ يىلى شەرقىي تۈركىستاندا بۇددا دىنى راۋاج تاپقاندىن كېيىن، شەرقىي تۈركستانلىق بۇددا راھىپلىرى موغۇلىستانغا بېرىپ، ئۇ يەردىكى ئۇيغۇرلارنى بۇ دىنغا كىرگۈزگەن. شۇنىڭدىن باشلاپ، شەرقىي ئۇيغۇرخانلىرى ۋە يۇرت كاتتالىرىنىڭ ھەممىسى بۇددا دىنىغا كىرگەن بولۇپ، بۇ دىن شەرقىي ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئەڭ كۈچلۈك دىن ئىدى. شەرقىي ئۇيغۇر قاغانى بۆگۈقاغان ھىجرى 145ـ (مىلادى 762 ـ) يىلى چىنگە بېرىپ، لوياڭ شەھىرىنى ئىشغال قىلىپ، بىرمەزگىل تۇرغان چاغدا، مانى دىنىنىڭ راھىپلىرىدىن تۆت كىشى بىلەن تونۇشتى ۋە بۇلارنى بىرگە قارا بالغاسۇنغا ئېلىپ كەلدى. بۆگۈ قاغان، بۇ راھىپلارنىڭ تەشەببۇس قىلىشى بىلەن مانى دىنىغا كىردى ۋە بۇددىنىنىڭ ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تارقىلىشىغا كۆپ كۈچ چىقاردى. بۆگۈن قارا بالغاسۇننىڭ خارابىلىرى ئاستىدىن تېپىلغان ئۇيغۇر ئابىدىلىرى (يازما يادىگارلىقلىرى) بۇلارنى ئىسپاتلايدۇ. شەرقىي ئۇيغۇرلار شەرقىي تۈركستانغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا مانى دىنى بىر ئاز راۋاج تاپقان بولسىمۇ، بۇددا دىنىدا يەنىلابۇددا دىنى ئاساسى ئورۇندا ئىدى. شەرقىي

[40] شۇنى ئالاھىدە ئەسكەرتىپ ئۆتۈش كېرەككى، شەرقىي ۋە غەربىي تۈركستان خەلقى شەھەرنى«كەنت» دەپ ئاتايتتى. ياركەنت، ئۆزكەنت، ئۇرداكەنت، يېڭى كەنت، سېمىزكەنت (سەمەرقەنت) قاتارلىقلار مانا بۇ سۆز دىن كېلىپ چىققان. موغۇلىستان ئەتراپىدىكى تۈركلەر شەھەرنى بالىق دەيتتى. بەشبالىق، چوڭبالىق ۋە ئىلىبالىق دېگەنلەرگە ئوخشاش. چىڭگىزخان زامانىسىدا قاراقورۇم شەھىرى «خانبالىق» دەپ ئاتالغان. قۇبىلاي خان زامانىسىداپېيجىڭ «خانبالىق» دەپ ئاتالدى. ( مۇئەللىپتىن).

تۈركىستانلىقلار ئارىسىدا مانى دىنى ئانچە راۋاج تاپالمىدى. مىلادى 981 ـ يىلى شەرقىي تۈركىستاندا ساياھەت قىلغان بىرچىنلىق سەيياھ ئۆزخاتىرىسىدە، ئىدىقۇت پايتەختى بولغان قوچو شەھىرىدە 50 بۇددا ئىبادەتخانىسى ۋە بىر مانى ئىبادەتخانىسى بار دەپ يازغان. (5 ـ ئىزاھاتقا قاراڭ) ئۇيغۇرلار ئارىسىدا مانى دىنى بارغانسېرى ئازىيىپ كېيىنچە پۈتۈنلەي يوقالدى. بۇددا دىنى ھىجرى 800 ـ(مىلادى1397 ـ) يىلىغىچە تۇرپان، بەشبالىقتىكى ئۇيغۇرلارنىڭ دىنى ئىدى. بۇتارىختىن كېيىن، پۈتۈن ئۇيغۇرلار مۇسۇلمان بولدى. (بۇلارنى«خىزىرغوجاخان» بابىدا تەپسىلى بايان قىلىمەن). مىلادى 14 ـ (ھىجرى 8 ـ) ئەسىردە بەشبالىق شەھىرىدە ياشىغان بىرئۇيغۇر يازغۇچى تەرجىمان چىن تىلىدا يېزىلغان بۇددا كىتابى«سۇترا» نى ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن تۈركچىگە تەرجىمە قىلغان. «ئالتۇن يارۇق» يەنى، ئالتۇن ھىدايەت، دەپ نام بېرىلگەن بۇكىتاب ھازىر ياۋروپا مۇزېيلىرىدا ساقلانماقتا.

## شەرقىي ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيىتى

شەرقىي ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسى مەۋقەسى يالغۇز بىر ئەسىرلىك زامان بىلەن چەكلىنىپ قالغان ۋە ئىگەللىگەن يەرلىرى، پەقەت، ھازىرقى موغۇلىستان ۋە سىبىرىيىدىن ئىبارەت تۈرك يۇرتلىرىنىڭ ئازراق بىر قىسمى بولغانلىقتىن، سىياسى ئېتىبارى جەھەتتىكى ئەھمىيىتى بۈيۈكلىقى تۈرك ئىمپېراتورلۇقلىرىغا يەتمىسىمۇ، مەدەنىيەت، ئىلىم ـ پەن ۋە سانائەت جەھەتتە شەرقىي ئۇيغۇرلار نىڭ مەرتىۋىسى موغۇلىستان ۋە مانجۇرىيە ئۆلكىلىرىدىكى پۈتۈن تۈرك قوۋملىرىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقى ھازىرقى ئەسىرىمىزدە ئىلمىي تەتقىقات ۋە ئارخېئولوگىيىلىك باھالاش نەتىجىسىدە ئىسپاتلىنىپ، ئۇيغۇرمەدەنىيىتى دۇنيا مەدەنىيەت تارىخىدا مۇھىم بىر ئورۇنغا ئىگە، دەپ، تونۇلماقتا. قارابالغاسۇن شەھىرىنىڭ خارابىلىرى ئاستىدىن ۋە موغۇلىستاننىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن قېزىپ چىقىرىلغان كىتابەلەر، يازما يادىكارلىقلار ۋە سەنئەت ئەسەرلىرى ناھايىتى كۆپ. شەرقىي ئۇيغۇرلار يەرلەشكەن ساھالىرىدا كۆپلىگەن شەھەر ۋە كەنتلەر قۇرۇپ ئاۋات قىلدى. ۋەيران بولغان بەشبالىق شەھىرىنى ئۇيغۇرلار يېڭىدىن بىنا قىلىپ چىقتى. شۇنداقلا، بەشبالىقنىڭ شەرقىدە ناھايىتى چوڭ ۋە چىرايلىق بىرشەھەر بىنا قىلىپ ئۇنىڭغا «چوگبالىق» دەپ ئات قويدى. بۇشەھەر ھازىرمۇ بار. بۇنى چىنلىقلار قەدىمكى شەھەر مەنىدىكى «گوچېڭ» دېگەن ئىسىم بىلەن ئاتايدۇ. ئۇندىن باشقا ئىلىدا «ئىلىبالىق» ۋە «مىڭلاق» دېگەن شەھەرلەرنى بىناقىلدى. بۇگۈنكى ئالتاي ۋىلايىتىدە «سۇمىي تالاس» ۋە لوپ كۆلى يېقىنلىرىدا «ئۈشمىي»، «تېرىم»، «سۇلمىي» دېگەن شەھەرلارنىمۇ بۇ ئۇيغۇرلار بىنا قىلغان دەپ رىۋايەت قىلىنىدۇ. دېمەك، بۇلارنىڭ بىنا قىلغان ۋە ئاۋات قىلغان شەھەر ـ كەنتلىرى كۆپ. ئۇندىن باشقا، دۇڭخۇاڭ

(دۇخان) دىن لىياڭجوۋغىچە، سۇجوۋ ۋەگۇاڭجوۋ ئەتراپلىرىدا، ئۇيغۇرلار ياسىغان سېپىل ۋە ئاۋات قىلغان شەھەر نىڭ خارابىلىرى 15تىن ئاشىدۇ[41]. شەرقىي ئۇيغۇرلار نىڭ مىمارلىق سەنئىتىدە، ئىمارەتلەرنى ناھايىتى مۇستەھكەم ۋە كۆركەم پۇختا ياساش ماھارىتى ئالاھىدە كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. شەھەر ئەتراپىنى چۆرىدەپ ئېگىزلىكى 20 قېرى[42] كەڭلىكى 5 قېرى تام (سېپىل) بار ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ، ئۇيغۇرلارنىڭ بىنا قىلغان شەھەر، ئىمارەتلىرى، سېپىللىرى ۋە تام، تورۇسلىرى بۇگۈنگىچە ساق قېلىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيىتىنى دۇنياغا نامايان قىلماقتا. ھازىر تۇرپاندىكى خارابىلار ۋە مەۋجۇد بولغان ئىمارەتلەرنىڭ تولاراقى مانى ئىبادەتخانىلىرىدۇر. شۇنداقلا، بۇددا ۋە مانى دىنلىرىغا مەنسۇپ ئەپسانىلارنى تەسۋىرلەيدىغان رەسىملەر، ھۆكۈمدارلار ۋە راھىپلارنىڭ سۈرەتلىرىدىن ئىبارەت تامغا سىزىلغان رەسىملەر، ھەرخىل تۈرك ئېلىپبەسى بىلەن يېزىلغان يازما يادىكارلىقلار (كىتابەلەر) دىن ئىبارەت. تۇرپاندىن ھازىرقى ئەسىرىمىزدە گېرمانىيىلىك، شۋېتسارىيىلىك ۋە ئىنگلىز سايائەتچى ئالىملىرى ئەرپىدىن كۆپ ساندا تاختا پۈتۈكلەر (خەت ئويۇپ يېزىلغان تاختىلار) ئىنتايىن نەپىس يېپەك توقۇلما رەخلەر ۋە ھەرخىل زىننەت بويۇملىرى قاتارلىقلار كەشپ قىلىندى. بۇلاردىن بىرقىسمىنى بۇ سايائەتچىلەر ئۆز يۇرتلىرىغا ئېلىپ كېتىپ، مۇزېيلىرىدا قويغان بولسىمۇ، يەنە تولاراقى ئۆز يېرىدە تۇرماقتا. يەنە، قۇچۇنىڭ شىمالىدا مۇرتۇق دېگەن جايدىكى ئىبادەتخانىدا، بۇددانىڭ پۈتۈن ھاياتىنى تەسۋىرلەپ تامغا سىزىلغان رەسىملەر بار. بېزەكلىكتىكى ئىبادەتخانىدا ئۇستىلىق بىلەن سىزىلغان رەڭلىك رەسىملەر بار. قارا شەھەرگە يېقىن جايدا بىر ئۇيغۇر ئىبادەتخانىسىدىن بۇددانىڭ رەسىملىرى تېپىلدى. دۇخان (دۇڭخۇاڭ) نىڭ سەككىز مىل شەرقىي جەنۇبىدا بىر تاغدا گەمە شەكلىدە ئويۇپ ياسالغان تۆت ئىبادەتخانە بولۇپ، بۇلار بىر ـ بىرلىرىدىن 500 قېرى ئۈزاقلىقتا جايلاشقان. بۇيەردىن ھەرخىل ھەيكەللەر، مۇجەسسەملەر، كىتابخانە ۋە تامامەن ئۇيغۇر مەدەنىيىتىگە ئائىت تارىخىي ئەسەرلەر تېپىلدى. ئەنشى شەھىرىنىڭ 24 مىل جەنۇبىدا بىرتاغدىكى گەمىدە ئۇيغۇرلارغا ئائىت بولغان نۇرغۇن ئەسەر ئوتتۇرىغا چىقتى. بۇلارنىڭ ئىچىدە، ياۋچىلار ۋە توپالارغا ئائىت ئەسەرلەر كۆپ. بۇگەمىنى چىنلىقلار ئۇيغۇرگەمىسى دەپ ئاتايدۇ. بۇجايلاردىن تېپىلغان، ئۇيغۇرلارغا ئائىت ئەسەرلەر ئىچىدە مۇھىملىرى، مىڭلارچە دىنى ۋە ئەپسانىۋى كىتابلار ۋە بىرقانچە ياغاچ مەتبە تاختىسى ۋە مەتبەگە كىرەكلىك سەرەمجانلاربولۇپ، بۇ ياغاچ مەتبەدە خەتلەر ئۇيغۇر ھەرپلىرى بىلەن ياغاچ تاختىغا ئويۇلغان ۋە بۇ تاختىلار نى ھەرىكەتلىنىدىغان چاقاغا ۋە پۇزە ئارىسىغا يەرلەشتۈرۈلگەن بۇ ياغاچ مەتبەلەردە كىتابلار بېسىلغان. بۇلارغا قارىغاندا ئۇچاغلاردا چىنلىقلاردا بولغان مەتبەچىلىك سەنئىتى،

41 غەربىي گەنسۇدا ئۇيغۇرلار بىنا قىلغان شەھەرلەردىن ۋەيران بولمىغانلىرى ھازىرمۇ بار.چىنلىقلاربۇ شەھەرلەرنىڭ ئىسمىغا چىنچە «ئۇيغۇر» دېگەن مەنىدىكى «چىڭ» دېگەن سۆزنى قوشۇپ ئېيتىدۇ. (مۇئەللىپتىن)

42 ئەدىمكى ئۇزۇنلۇق ئۆلچىمى. بىر قېرى ـــ 4 قېرىچ، 10 قېرى ـــ بىرتاناپ (ن. ش. ھ.).

ئۇيغۇرلاردىمۇ بار ئىدى. يۇقىرىقىلارنىڭ ھەممىسى، ئۇيغۇرلارنىڭ غايەت يۇكسەك بىر مەدەنىيەتكە ئىگە بولغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. بۇ ئەسەرلەر ھەققىدە ،گېرمانىيەلىك ئالىم مۇنداق دەپ باھا بېرىدۇ: «ئىنگلىيە، گېرمانىيە ۋە فرانسىيە دە مۇنداق نەرسىلەر ھېچ يوق، تۈركلەر، بۇنداق گۈزەل ۋە بۈيۈك مەدەنىيەت ئىگىسى ئاتا- بوۋىلىرى بىلەن پەخىرلىنىشكە ھەقلىقدۇر»

## ئۇيغۇر ئېلىپبەسى

ئومۇمىي تۈرك قوۋملىرى ئارىسىدا ئىشلىتىلگەن قەدىمكى تۈرك ئېلىپبەسى(ئورخۇن ئېلىپبەسى) دىن باشقا، شەرقىي ۋە غەربىي تۈركىستاندا ئىككى خىل يېزىقنىمۇ قوللىناتتى. بۇلاردىن بىرى ئون تۆت ھەرپلىك «سوغد» ئېلىپبەسى بولۇپ سوغد (زەرەپشان) ۋادىسىدىكى تۈركلەرنىڭ پۈتۈكى ئىدى. يەنە بىرى، ئۇيغۇر ئېلىپبەسى بولۇپ، سوغد ئېلىپبەسىگە يەنە باشقا ئون تۆت ھەرپ قوشۇلغان جەمى، يىگىرمە ئالتە ھەرپلىك ئېلىپبە ئىدى. ئېلىپبەسىنىڭ ئون تۆت ھەرپى سوغد يېزىقىغا ئوخشىغانلىقى ئۈچۈن، بەزى تارىخچىلار ئۇيغۇر ئېلىپبەسىنى سوغد ئېلىپبەسىدىن ئېلىنغان دەپ تەخمىن قىلىشىدۇ.

بۇئۇيغۇر ئېلىپبەسى، قەدىمكى ئۇيغۇرلار زامانىسىدىن باشلاپ، شەرقىي تۈركىستانىنىڭ مىللىي يېزىقى بولۇپ، مىلادى 7 ـ ئەسىرگىچە پەقەت ئۇيغۇرلار ئارىسىدا قوللىنىلىپ كەلگەن بولسىمۇ، مىلادى 7 ـ ئەسىردىن باشلاپ، پۈتۈن تۈرك قوۋملىرى ئۇيغۇر يېزىقىنى قوللانغان ۋە ئورخۇن يېزىقى قىپقالغان. قاراخانىلار دەۋرىدە، (11 ـ 12ـ ئەسىر ئارىسىدا) بۇنىڭ ئورنىنى ئەرەب ئېلىپبەسى (ھازىر ئىشلىتىۋاتقان يېزىقىمىز) ئىگەللىدى. شۇنداق بولسىمۇ، ئۇيغۇر يېزىقى، بۇخاقانىيە يېزىقى دەپ نام بېرىلگەن يېزىق بىلەن بەزىدە بىرلىكتە (ياندىشىپ) ياكى بەزىدە ئايرىم ھالدا 15 ـ ئەسىرگىچە ئىشلىتىلىپ كەلگەن. بىراق شەرقىي تۈركىستاندا 18 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىمۇ ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ قوللىنىلغانلىقىنى كۆرسىتىدىغان ۋەسىقىلەرنى كۆردۈم.

ئۇيغۇر ئېلىپبەسىنىڭ ئون سەككىزى، ئەسلى ۋە سەككىزى، قوشۇمچە ھەرپلەر. قوشۇمچە ھەرپلەر بەزى ئەسلى ھەرپلەرگە چېكىت قويۇپ شەكىللەندۈرۈلگەن. بۈگۈن دۇنيانىڭ چوڭ ـ چوڭ كىتابخانىلىرىدا بولۇپمۇ چىن، ھىندىستان، ئىران ، رۇسىيە ۋە تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئارخىپلىرىدا ئۇيغۇر ئېلىپبەسى بىلەن يېزىلغان تارىخىي ۋەسىقىلەر ناھايىتى كۆپ. بۇلاردىن بىرقىسمى ئوقۇلغان بولسىمۇ بىرقىسمى تېخى ئوقۇپ چىقىلمىدى. بۇلار ئۇيغۇر تۈركلىرىنىڭ تارىخىنى تەكشۈرگۈچىلەرنى كۈتۈپ تۇرماقتا.

«دىۋانۇلۇغاتت تۈرك» دىكى مەلۇماتلاردىن ۋە «قۇتاد غۇبىلىگ» نىڭ ئۇيغۇرچە قولىيازمىسىدىن پايدىلىنىپ، ئۇيغۇر ئېلىپبەسىنى تۆۋەندىكىچە رەتلەپ چىقتىم:




قوشۇپ يېزىلىش شەكىلدىن بىرقانچە مىساللار:

تۆۋەندە نامىسىز بىرشائىرنىڭ يازغان بېيىتى:



ئوقۇلۇشى:

كەلسە قالاى قاتىقلىق، ئۆتەر دەيۇ سەرەنگىل

ئاۋيەلەك ئىشىن بىلىپ تۇر، ئانچە ئاڭا تىرىنگىل

هازىرقى ئۇيغۇرچىدا نەسرى يەشمىسى:

ھەرقانداق قاتتىقلىق(قىينچىلىق) يۈز بەرسىمۇ، بۇمۇ ئۆتۈپ كېتىدۇ دەپ، ئۆزەڭگە تەسەللى بەرگىن.

زامان (پەلەك) نىڭ ئادىتىنى بىلىپ تۇرغىن ۋە ئۇنىڭغا ئانچە ئىشىنىپمۇ كەتمە.

تۆۋەندىكى ۋەسىقە، سۇلتان ئەبۇسەئىدخاننىڭ ھىجرىنىڭ 832 ـ (مىلادى 1428 ـ يىلى) رەبىئۇلئەۋۋەلدە ساچقان يىلى، «ئۇزۇن ھەسەن» گە يازغان يارلىقى(خېتى) نىڭ بىرقىسمى بولۇپ، ئىستانبۇل توپ قاپى سارايى» مۇزېيى ئارخىپىدا ساقلانماقتا. بۇخەتتە ئۈستىدىكى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن ئاستىدىكى خاقانىيە يېزىقى ياندىشىپ يېزىلغان:

ئىستانبۇل توپ قاپى سارايى» مۇزېيى ئارخىپىدا ساقلانماقتا. بۇخەتتە ئۇستىدىكى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن ئاستىدىكى خاقانىيە يېزىقى ياندىشىپ يېزىلغان:



قەدىمدىن تارتىپ ئۇيغۇرلار ساپ، كەڭ ۋە باي بىر ئەدەبىي تىلغا ئىگە بولۇپ، يات سۆزلەرنى قوللىنىشتىن قاچىدىغانلىقى بىلىنمەكتە. چۈنكى، ئۇ دەۋردىكى مۇئەللىپلەر چەت ئەلدىن كەلگەن ھەرنەرسىنىڭ ئۆز يېرىدىكى نامى بىلەن يازماي، ئۇنىڭغا بىر تۈركچە ئات قويۇپ يازغان.

مەسىلەن، ھىندىستاندىن كېلىدىغان زەپىرانىنى «كۆركۆم»، رەڭنى «چۇۋۇت»، زۇرۇنباد دېگەن دارىنى، «بوزۇغا» (بۇ بوز دورا دېگەن بولىدۇ)، پىلنى «ياغان»، چىندىن كېلىدىغان يىپەك توقۇما رەختنى«چۇز» دەپ يازغان. ئۇندىن باشقا ئەڭ قىيىن پىكىرلەرنى ئىپادىلەشكە توغرا كەلگەندە ئۇنى تۈركچە سۆزلەر بىلەن ئىزاھلىغان. تەڭرىنىڭ ئىسىم ۋە سۈپەتلىرى ، ئاخىرەت مەپكۇرىسى، ئىلىم ۋە پەلسەپەدىكى ئاتالغۇ، تېرمىن، ھۆكۈمدارلار ۋە ئالىملارغا ھۆكۈمالار ۋە دىنىي پېشۋا لارغا بېرىلگەن لەقەم ۋە ئۇنۋانىنى ئۇ دەۋرنىڭ خەلق ئەدەبىياتلىرىدا، كىتابە لىرىداكۆرگەن كىشى، ئەدەبىي تىلدىكى ساپلىق ماھارىتگە ھەيران قالىدۇ.

17- پەسىل
## قەدىمكى زامانلاردىكى تۈرك ۋە چىن سىياسەتلىرى ھەققىدە

قەدىمكى زامان تۈرك ۋە چىن ئارىسىدىكى سىياسىي ۋە تارىخىي مۇناسىۋەتلەر، يۇقىرىدا بايان قىلىنغان «شەرقىي ئۇيغۇرلارنىڭ ئورخۇن بويىدىكى دۆلىتى يىقىلغاندىن كېيىن ئۈزۈلدى. چۈنكى، ئۇندىن كېيىن، چىڭگىزخان دەۋرىگىچە تۈرك ۋە چىنلىقلار ئوتتۇرىسىدا مۇھىم ئىراق بىرەر ھادىسە يۈز بەرمىگەن. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن، قەدىمكى زاماندىكى تۈرك ۋە چىن سىياسەتلىرى ھەققىدە تارىخىي كىتابلاردا يېزىلغان، تۈركلەر ھەققىدىكى يالغان بۆھتانلار ۋە چىن توغرىسىدىكى رىياكارلىقلارنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى مۆھتەرەم كىتابخانلارغا تەقدىم قىلىش مەقسىتى بىلەن، چىن تارىخچىلىرىنىڭ ئۆز ئىقرارلىرىدىن تۆۋەندىكى خۇلاسىنى چىقىرىمىز:

چىن تارىخلىرىدا ۋە ئۇنى مەنبە قىلىپ ئالغان زامانىۋى تارىخ كىتاپلىرىدا قەدىمكى تۈركلەرنى«ۋەھشى»، «سوقۇشقاق»، «قان ئاقتۇرىدىغان» ۋە«بۇلاڭچى » دەپ يازىدۇ. يەنە شۇ چىن تارىخچىلىرى، تارىخچىلىق ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىش مەجبۇرىيىتىنى ھىس قىلىشىپ، بەزىدە تۈركلەر ھەققىدىكى ئۇ سۆزلىرىنىڭ پەقەت، قەلەم ئىنتىقامىدىن ئىبارەت بۆھتان ئىكەنلىكىنىمۇ ئىقرار قىلىدۇ. شۇنداقلا، تۈرك سىياسىتىنىڭ تىنچلىقپەرۋەر، ئىنسانىيەتچىل توغرا، كۆكۈل ۋە ئالىجاناپ ئىززەت - نەپسى ئۈستىگە قۇرۇلغان سىياسەتىن باشقا نەرسە ئەمەسلىكىنى ئېتىراپ قىلماقتا. يەنە، چىن تارىخچىلىرى چىن مەدەنىيىتىنى ۋە سەنئىتىنى دائىم ماختاپ يازغان بولسىمۇ، چىننىڭ سىياسىتىنى ئىستىلاچى، ئىنسانىيەتسىزلىك ۋە ھىلىگەرلىكتىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنىمۇ ئېتىراپ قىلىشقا، بەزى يەردە مەجبۇر بولماقتا. بۇلارنى تۆۋەندىكى ئىككى بۆلۈمدە بايان قىلىمىز.

### تۈرك سىياسىتى تىنچلىقپەرۋەر، ئىنسانىيەتچىل، توغرا كۆكۈل ۋە ئالىجاناپ ئىززەت نەپسىدىن ئىبارەت

ھۇن، جۇجان، كۆكتۈرك ۋە باشقا تۈرك - ئىمپېراتورلىرى بىلەن چىنلىقلار ئوتتۇرىسىدىكى پۈتۈن ئۇرۇش ۋە تىنچلىق كېلىشىم ۋەقەلىرىنى تارىخچىلارنىڭ ھەممىسى چىن تارىخلىرىدىن ئالغان. پۈتۈن بۇ تارىخىي كىتاپلاردا، تەپسىلى رىۋايەت قىلىنغان ۋەقەلەردە، ھۇنلارنىڭ، جۇجانلارنىڭ ياكى كۆكتۈركلەرنىڭ چىنگە قىلغان ھۇجۇملىرى دائىما، چىننىڭ زالىملارچە تاجاۋۇز لىرىدىن مۇداپىئە

قىلىش ياكى ئۇنىڭ ئىنتىقامىنى ئېلىش ئۈچۈن، يۈز بەرگەنلىكى پىكىر بىرلىكى بىلەن قەلەمگە ئېلىنغانلىقى مەلۇم بولىدۇ. چىن «سەددى چىن سېپىلى» نى تۈركلەر نىڭ باسقۇن ۋە تالانلىرىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن سېلىشقا مەجبۇر بولغان دېگەن سۆزمۇ تۈركلەرگە قىلىنغان بوھتاندۇر. سەددى چىن سېپىلىنى سېلىشلىرىدىكى سەۋەپ، شۇچاغدىكى چىن ئىمپىراتورى چىنشىخۇاڭ هۇن دۆلىتىنىڭ مۇدھىش سۈرەتتە يۈكسىلىشىدىن قاتتىق قورقۇپ كەتكەن ۋە هۇنلاردىن ئەسكىرىي كۈچ بىلەن قوغدىنىشىنىڭ ئىمكانسىز ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ، تۈرك ۋە چىن ئۆلكىلىرى ئۇتتۇرىسىغا «ئېشىپ ئۆتكىلى بولمايدىغان» بىر توسالغۇ سېلىش مالىخۇلىياسىغا مۇپتىلا بولغان[43]. چىنشىخۇاڭ پەقەت، بۇ قورقۇ ۋە ۋەسۋەسىنىڭ تەسىرى ئاستىدا، بۇ سېپىلنى سالدۇرغانىدى. تۈركلەر، ئەگەر چىن تارىخچىلىرىنىڭ دېگەنلىرىدەك، ۋەھشى ۋە باش ـ باشتاق ئىنتىزامسىز بىر تالانچى خەلق بولغان بولسا، چىندەك نوپۇسى كۆپ، قورال ـ جابدۇقلىرى تولا ۋە مۇكەممەل ئەسكىرىي كۈچى بولغان بىر دۆلەت، ئۆزىنى ئۇلاردىن ناهايىتى ئاسان مۇداپىئە قىلالايتتى ۋە سېپىل سېلىش ئۈچۈن، مىليۇنلارچە ئىنساننى، يىللارچە مۇشەققەتلىك ئىشقا سېلىشنىڭ هېچ هاجىتى يوقتى. ۋەهالەنكى، بۇ سېپىلنى سېلىش جەريانىدا، يېرىم مىليۇن ئادەمنىڭ ئىنتايىن مۇشەققەتلىك ئەمگەك ئاستىدا ئۆلگەنلىكى چىن تارىخلىرىدا رىۋايەت قىلىنىدۇ. چىنشىخۇاڭ هايات ۋاقتىدا، بۇسېپىل مۇكەممەل بىر ئىستىهكاملىق ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىپ، ئۈستىدە داۋاملىق تۈرغۇزۇلغان بىرمىليۇندىن ئۇشۇقراق چىن ئەسكىرىي كۈچى، هۇنلاردىن مۇداپىئەلىنىشنى ئاسانلاشتۇرغان بولسىمۇ، چىن ئىمپىراتورى خىيال قىلغىنىدەك، پەۋقۇلئاددە بىر توسالغۇمۇ بولالمىدى. چۈنكى، كېيىنچە، هۇن ئەسكەرلىرى بۇ سېپىلنى هېچ كۆزگە ئىلماي، بۆسۈپ كىرىۋەردى. بىر ياۋروپالىق ساياهەتچى ئۆزىنىڭ سەددى چىن سېپىلى هەققىدە يازغان كۆز قاراشلىرىدا مۇنداق دەپ يازىدۇ: «سەددى چىن سېپىلىنى سېلىشنىڭ سەۋەبى، تارىخچىلارنىڭ گۇمان قىلغىنىدەك تۈركلەردىن مۇداپىئە قىلىش ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى، بۇنىڭ ئەسلى سەۋەبى شۇ زاماندىكى شەهەر لەرنى سېپىل بىلەن ئىھاتە قىلىپ (چۆرىدەپ) سېلىش ۋە مەملىكەتنىڭ چېگرىسىغا سېپىل ۋە قەلئە سېلىش ئادەتلىرىدىن كېلىپ چىققان بىر ئىشتۇر. چۈنكى، بۇنداق سېپىللار ئۇ زاماندا دۇنيانىڭ هەھەممىلايېرىدە سېلىنىۋاتقان بىرچاغ ئىدى. چىننىڭ باشقا جايلىرىغا سېلىنغان بۇنداق سېپىللار زامان ئۆتكەنسېرى تامامەن يوق بولدى، بەزىلىرىنىڭ ئاز ـ تولا يۇچۇغى قالدى. ئەمما، شىمالىي چىننىڭ تۈپرىغى ئىنتايىن قاتتىق بولغاچقا سەددى چىن سېپىلى، هازىرغىچە يىقىلماي ساق قالغان».

تۈركلەر، غەلىبە قىلغان چاغلىرىدا، پۈتۈن چىننى قول ئاستىغا ئېلىپ، چىننىڭ چەكسىز بايلىقىنى ئىگەللەپ ئېلىشلىرىغا هېچ بىر توسالغۇ قالمىغان چاغلاردىمۇ، چىننى ئۆزىنىڭ بىر مۇستەملىكىسى قىلمىدى. چىن ئىمپىراتورىنىڭ تاجاۋۇزچىلىق كۈچىنى ئاجىزلاشتۇرۇش بىلەنلا قانائەت قىلدى،

43 مالىخۇلىيا ـ بىرخىل ئەسەبىي كېسەللىك ( ن. ش. ھ. ).

مۇستەقىللىقنى قولىدىن ئالمىدى. مەغلۇپ بولغان، ئەسىرلىك ھالىتىگە چۈشۈپ، پۈتۈن ئەسكەرلىرى پاراكەندە چېچىلىپ كەتكەن چىن ئىمپېراتورى، سۈلھى تەلەپ قىلسا، تۈرك ھۆكۈمدارلىرى دەرھال كېلىشىم تۈزۈپ سۈلھىگە ماقۇل بولاتتى.

چىننىڭ ئەسكىرىي كۈچى ئاجىزلىشىپ، ھەربىي يۈرۈش قىلىش ئىمكانىيىتى قالمىغان چاغلاردا، تۈركلەر زور ئەسكىرىي كۈچ ۋە ھەرىكەت قابىلىيىتىگە ئىگە بولسىمۇ، چىننىڭ ئاجىزلاشقان پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، ئۇلارغا ھۇجۇم قىلىپ، ئىستىلاقىلىشنى قەستلىمىگەندى. بەلكى، بۇنى ئىككى خوشنا مىللەت ئوتتۇرىسىدا تىنچلىق ۋە باياشات ياش ئۈچۈن مۇھىم بىر پۇرسەت دەپ بىلىپ، چىنگە دوستلۇق قولىنى ئۇزاتقان ۋە ئىچكىي ئامانلىقنى ساقلاش ئۈچۈن مۇھىم ياردەملەرنى قىلغانىدى.

بۇھەقتىكى مىساللارچىن تارىخلىرىدا تولا ئۇچرايدۇ. چىندە يۈز بەرگەن بىرقانچە قېتىملىق ئىچكىي ئىسيان ۋە قان تۆكۈلۈشلەرنى بېسىقتۇرۇش ئۈچۈن، چىن ئىمپېراتورلىرىغا تۈرك ھۆكۈمدارلىرى كېلىپ ياردەم قىلغان، ئامانلىق ۋە تەرتىپ ـ ئىنتىزام ساقلانغاندىن كېيىن، يۇرتىنى ئۆز ئەھلىگە قويۇپ بېرىپ قايتىپ چىققان. بۇنداق پۇرسەتلەردىن پايدىلىنىپ، تۈركلەرنىڭ چىننى ئىستىلا قىلىش نىيەتلىرى بولمىغانلىقى تارىخنى ئوقۇغان ھەرقانداق كىشىنىڭ كۆز ئالدىدا قايتا ـ قايتا نامايان بولىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسنى چىن تارىخلىرىدا ياكى چىن تارىخلىرىنى مەنبە قىلىپ، يېزىلغان زامانىۋي ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسىدە ئۇچرىتىشىمىز مۇمكىن.

چىن تارىخچىلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدە چىن ۋە تۈركلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇشلاردا تۈركلەر غالىب بولغاندىن كېيىن، قولغا چۈشۈرگەن چىن تۇپراقلىرىدا چىن ئاھالىسىنى قىرغىن قىلغان ياكى شەھەرلىرىنى ۋەيران قىلغانلىقلىرىغا دائىر ئىشەنچ قىلغۇدەك ھېچبىر رىۋايەت يوق.

تۈرك ئىمپېراتورلىرى چىندىن مەغلۇپ بولۇپ،كۈچسىز ھالغا چۈشۈپ قالغان چاغلىرىدىمۇ، ھېچبىر زامان چىنگە بويسۇنۇشنى، باج ـ سېلىق تۆلەپ، قول ئاستىدا تۇرۇشنى قوبۇل قىلمىغان. قۇل بولۇپ ياشاشتىن، جاسارەت بىلەن ئېلىشىپ، شەرەپلىك ھالدا ئۆلگەن. بىر مەزگىل ۋاقىتلىق چىنلىقلارغا بويسۇنۇپ، ئىتائەت قىلغانلاربولسا، بەزى كىچىك خانلار ياكى تۈرك ئىمپېراتورىغا خىيانەت قىلغان بەزى ئىسيانچىلار ئىدى. ئەمما، تۈرك ئىمپېراتورلىرىدىن ھېچبىرىنىڭ ھەققىدە مۇنداق بىر رىۋايەت چىن تارىخلىرىدىمۇ ئۇچرىمايدۇ.

## چىن سىياستى
## ئىستىلاچىلىق، ئىنسانىيەتسىزلىك ۋە ھىلىگەرلىك

تۈركلەرنىڭ مۇداپىئە كۈچى ئاجىزلىشىپ قالسا چىن ئىمپېراتورلىرى دەرھال پۈتۈن تىنچلىق كېلىشىملىرىنى يىرتىپ تاشلاپ، ئىككى مىللەت خەلقىنىڭ ئامانلىقى ۋە راھىتىنى ئويلاپمۇ قويماي تۈرك يۇرتلىرىغا ھۇجۇم باشلايتتى. چىنلىقلارنىڭ بېسىپ كىرگەن جايلاردا قەتلىئام قىلىغان، شەھەرلەرنى ۋەيران قىلغان، قەتلىئامدىن ساق قالغان بىگۇناھ خەلقلەرنى ئۆز يۇرتلىرىدىن ھەيدەپ چىقىرىپ؛ چۆل - باياۋانلاردا ئاچلىقتىن ئۆلۈشكە مەھكۇم قىلغان. چىننىڭ يىراق - يۇلۇڭلىرىغا سۈرگۈن قىلىپ؛ ئۇلارنى زورلۇق بىلەن چىنلاشتۇرغانغا ئوخشاش قەبىھ قىلمىشلىرى كۆپ. بۇ خىل ۋەھشىلەرچە زۇلۇم سىياسەتلىرىنى چىننىڭ مۇتەئەسسىپ ۋە ئىنتىقامچى تارىخچىلىرى پەخىرلىنىپ يېزىشىپ، خوشاللىنىپ كېتىشىدۇ. موغۇلىستاندا چىننىڭ ئارقا - ئارقىدىن ئېلىپ بارغان بىرقانچە قېتىملىق قەتلىئاملىرى نەتىجىسىدە، بۇ ئۆلكىنىڭ ۋەيران بولغانلىقىنى يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتتۇق. شەرقىي تۈركىستاندا قۇمۇل، بارىكۆل، قۇجۇ، روران قاتارلىق ئۆلكىلەر، بىر قانچە قېتىم چىن ئەسكەرلىرى تەرىپىدىن خاراب قىلىنغان ۋە خەلقلىرى قەتلىئامغا ئۇچرىغانلىقى مەلۇم. بۇ ئۆلكىلەر ئىچىدە 20 گە يېقىن شەھىرى بولغان روران ئۆلكىسى، چىننىڭ قەتلىئام ۋە بۇزۇپ - چېقىشى بىلەن پۈتۈنلەي ۋەيران بولۇپ، بىرچۆللۈككە ئايلاندى[44]. مىلادىنىڭ 1757- يىلى(ھىجرىنىڭ 1172- يىلى) چىن ئەسكەرلىرى پۈتۈن بەشبالىق ۋە ئىلى ئۆلكىسىنىڭ ئاھالىسىنى قىرىپ تاشلىغاندىن كېيىن، ساق قالغانلارنى چىنگە ھەيدەپ ئېلىپ كەتكەن. نەتىجىدە، بۇ ئۆلكىلەر بىرقانچە يىل ئادەمسىز بىر چۆللۈككە ئايلىنىپ قالغان. كېيىنچە، ئالتى شەھەر ۋە تۇرپاندىن كۆچۈپ كەلگەن تارانچى(دېھقان) لارنىڭ بۇ ئۆلكىلەرنى يېڭىباشتىن ئاۋات قىلغانلىقىنى شەرقىي تۈركىستاندا ھەممەكىشى بىلىدۇ. چىن تارىخچىلىرى ئۆز ئەسەرلىرىدە بۇ پاجىئەلىك قىرغىنچىلىقلىرىدىن لەززەتلەنگەن ھالدا مەغرۇرلىنىپ، بايان قىلىدۇ.

چىن دۆلىتى ئاجىزلاشقان ياكى تۈركلەرنىڭ كۈچى ئاشقان چاغلاردا، چىن ئىمپېراتورلىرىنىڭ تۈركلەرگە قىلغان خوشامەتلىرى ۋە تۈرك ھۆكۈمدارلىرىغا، شاھزادىلىرىغا، ھەتتا كىچىك خانلارغا قىزلىرىنى بېرىپ، چىننىڭ ئېسىل ۋە نەپىس ماللىرىنى سوغات قىلىپ، بۇ دۇرۇست، كۆڭلى تۈز قەھرىمان خەلقنى ئۆزىگە دوست قىلىپ، بۇلارنىڭ يۇرۇشلىرىدىن(بېسىپ كېلىشلىرىدىن) ساقلىنىش ياكى ئۇلارنىڭ كۈچىدىن پايدىلىنىش نىيىتىدە بولغانلىقلىرىغا دائىر مەسىلىلەرنى، چىن تارىخلىرىدىن نەقىل كەلتۈرۈپ، يۇقىرىدا تولا سۆزلەپ ئۆتتۇك. ئەمما، چىنلىقلارنىڭ بۇ ھەرىكەتلەردىن مەقسەتلىرى، تىنچلىق ۋە خەۋپسىزلىك بولماستىن بەلكى قۇدرەتلىك ئىتتىپاقى ۋە كۈچلۈك ئەسكىرىي كۈچى بىلەن

[44] "Bilinmiyen İç Asya'da" دېگەن ئەسەرنىڭ Bezeklik Mabedi قىسمىغا قاراڭ (ن. ش. ھ.).

جەھەتتە، چىنلىقلاردىن ئۈستۈن تۈركلەرنىڭ ئارىسىغا ئىتىپاقسىزلىقنىڭ، پىتنە - پاساتنىڭ ئۇرۇقىنى چېچىشنى مەقسەت قىلىشتىن ئىبارەت بولۇپ، تۈركلەرنىڭ كۈچىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ، دۆلىتىنى يىقىتىپ، يۇرتلىرىنى مۇنقەرىز قىلىشنى مەقسەت قىلغان. تىنچلىقپەرۋەر ۋە كۆڭلى تۈز تۈركلەر، چىنلىقلارنىڭ بۇنداق ھىيلە - مىكىر توزاقلىرىغا خېلى كۆپ چۈشتى. بۇ ۋەقەلەرنى، كۈلتېگىن مەڭگۈتېشى دا بىلگە قاغان ئىنتايىن چۇڭقۇر، چۈشۈنۈشلۈك ۋە تەسىرلىك ئىبارىلەر بىلەن بايان قىلغان. چىن دۆلىتى، مەيلى كۈچلۈك ۋاقىتلىرىدا بولسۇن ياكى كۈچى ئاجىزلاشقان چاغلىرىدا بولسۇن، تۈرك مىللىتىنى ئۆزىنىڭ جان دۈشمىنى دەپ بىلگەن. مەيلى تىنچلىق دەۋرلىرىدە بولسۇن ياكى ئۇرۇش زامانلىرىدا بولسۇن، ھېچقاچان ئىنسانىيەتچىل ياكى دوست بولمىغانلىقى، تارىخ سەھىپىلىرىدىكى ئىنكار قىلىپ بولمايدىغان ھەقىقەتتۇر. مانا بۇلار، چىن تارىخىنىڭ بەرگەن مەخسۇس مەلۇماتلىرىدىن ئېلىنغان نەتىجىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىنساپ بىلەن قارايدىغان ھەر بىر كىشىنىڭ نەزىرىدە ئوپئوچۇق ئىسپاتلانغان بىر داۋا دىن ئىبارەتتۇر.



يۇقىرىدا ــ مىلادى 732 - يىلى ۋاپات بولغان، كۆكتۈرك قەھرىمانى كۈلتېكىننىڭ ھەيكىلىنىڭ باش قىسمى. ئۆتۈكەندىن تېپىلغان. ھازىر گىرمانىيەدە لايپىزىك مۇزېيىسدە.

# تۆتىنچى بۆلۈم
# قاراخانىلار دەۋرىدىن موغۇللار دەۋرىگىچە شەرقىي تۈركىستان

## 1- پەسىل
## قاراخانىلار دۆلىتى

قاراخانىلار دۆلىتىنى قۇرغۇچىلىرىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قايسى تۈرك قوۋملىرىغا مەنسۇپ ئىكەنلىكلىرى توغرىسىدا ئوخشىمىغان كۆز قاراشلار بار. جىن تارىخلىرىدا بۇلارنى قارلۇق قەبىلىسىگە مەنسۇپ دەپ تەخمىن قىلىنىدۇ. بەزى مەنبەلەردە بۇلارنى ئۇيغۇرلاردىن دەپ كۆرسەتكەن بولسىمۇ، شەرقىي ئۇيغۇرلاردىنمۇ، ياكى قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەۋلاد لىرىدىنمۇ. بۇ تازا ئېنىق ئەمەس دېيىشىدۇ. ئەمما، بۇلار دەلىلسىز تەخمىنلەر دىن ئىبارەت بولۇپ، تارىخىي نوقتىينەزىرىدە ئېتىبارغا ئالغۇدەك يېرى يوق.

قاراخانىلار دەۋرىدە يېزىلغان كىتابلارغا، تارىخىي ۋە ئەدەبىي ۋەسىقىلەرگە قارىغاندا بۇلارنىڭ ئەسلى، قەدىمدىن تارتىپ ئۈززۈلمەي داۋاملىق سۈرەتتە قەشقەرگە خان بولۇپ كەلگەن بىرخاندان (جەمەت) ئىكەنلىكى بىلىنمەكتە. بۇ قەشقەرخانلىق خاندانى ئۆزلىرىنى قاراخانىلاردىن مەشھۇر بوقاخان «ئاپراسياپ» نىڭ ئەۋلادى دەپ داۋا قىلاتتى. مانا بۇئېتىبار بىلەن ئۇلار ئۆزلىرىنى باشقا تۈرك خانلىرىدىن ئۈستۈن كۆرەتتى.

شەرقىي تۈركىستان خانلىرى، ھىجرى 206 ـ (مىلادى 821 ـ) يىلى تىبەتلىكلەرنى ھەيدەپ چىقىرىپ، مۇستەقىل بولغاندىن كېيىن، قەشقەرخانى بارغانسىرى قۇۋۋەت تېپىپ، يەركەن، خوتەن، ئۈچ قاتارلىق ئۆلكىلەردە نۇپۇزىنى(تەسىرداۋىرىسىنى) يېيىشقا مۇۋەپپەق بولدى. كېيىنچە، كۇچانىمۇ ئىتائەت قىلىشقا مەجبۇرقىلدى. شۇنىڭ بىلەن قەشقەرخانى پۈتۈن ئالتە شەھەرنى ئۆزئىچىگە ئالغان قۇدرەتلىك بىر تۈرك دۆلىتى قۇرۇپ چىقتى.

تەڭرىتاغلىرىنىڭ شىمالىدىكى قارلۇق دۆلىتى ۋە بالقاش كۆلى ئەتراپىدىكى ياغما، توخسى، ئوغراق، چىگىل قاتارلىق مۇستەقىل قەبىلىلەر غەرب تەرەپتىن، ماۋەرائۇننەھردىكى مۇسۇلمان سامانىلار دۆلىتى ۋە شەرقتىن ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ ھۇجۇملىرىغا ئۇچراپ، خەۋپ ئاستىدا قالغانىدى. تەخمىنەن ھىجرى 256 ـ (مىلادى 870ـ) يىلى قارلۇق دۆلىتى ۋە يۇقىرىقى مۇستەقىل قەبىلىلەرنىڭ خانلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن قەشقەردىكى ئالتە شەھەر خانىغا بويسۇنۇدىغانلىقلىرىنى بىلدۈرۈپ، ئۇنىڭ ھىمايىسىغا كىرگەن. شۇنىڭ بىلەن قەشقەرخانى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇب ۋە شىمالىدىكى ئوندىن كۆپرەك تۈرك

خانلىقنى ئۆز بايرىقى ئاستىدا بىرلەشتۈرۈپ بىر بىرلەشمە تۈرك ئىمپېراتورلۇقىنى قۇرۇپ چىقتى. قەدىمكى ئاتا- بوۋىلىرىنىڭ ئۇنۋانى بولغان «قاراخان» دېگەن ئۇنۋاننى ئالدى. ئەرەب تارىخچىلىرى بۇنىڭدىن بۇرۇنقى قاغانلارنى ئاتىغاندەك، بۇلارنىمۇ «خاقانىتۈرك» دەپ يازىدۇ.

## دۆلەتنىڭ كېڭەيگەنلىكى

ھىجرى 267 ـ (مىلادى 880ـ) يىلى قاراخانلىق تەختىگە كۆل بىلگە قاراخان (بوقاخان) چىقتى ۋە ئۇزۇنغا قالماي شەرقتە قۇرۇق تاغ تىزمىسىنىڭ جەنۇبىدىكى لوپ، چەرچەن، ئابدال ۋە مىران قاتارلىق جايلارنى ئىگەللىدى. بۇجايلار ئەسلىدە، ئۇيغۇر ئىدىقۇتلۇقىغا تەۋە يەرلەر ئىدى. بۇنىڭ بىلەن قاراخانلاردۆلىتى ۋە ئۇيغۇر دۆلىتى ئارىسىدا قۇرۇق تاغ تىزمىسى چېگرا بولۇپ قالدى.

كۆل بىلگە قاراخان (بوقاخان) شەرقتىكى بۇ مەملىكەتلەرنى ئالغاندىن كېيىن، شىمالدىكى قارلۇق ۋە باشقا خانلارنى ئۆزىگە بويسۇندۇرۇش ئۈچۈن، ئۇ تەرەپلەرنىمۇ قولغاكەلتۈرۈشنى مەقسەت قىلىپ، ھازىرقى توخماق شەھىرىگە يېقىن بالاساغۇن شەھىرىنى پايتەخت قىلدى. ئىنجە(سىر) دەرياسىنىڭ شەرق ياقىسى بىلەن ئورالغىچە ۋە ئورالدىن شەرققە قاراپ، كۆكچە دېڭىزىنىڭ شىمالىدىكى سۇرۇق تاغلىرى (ھازىرقى سىمى پىلاتىنىسكى) قوشۇلۇپ ئىرتىش، دەرياسىغىچە سوزۇلغان پۈتۈن تۈرك يۇرتلىرىنى ئۆز ھاكىمىيىتى ئاستىغا ئالدى. ئۇندىن كېيىن، ئۇيغۇر ئىدىقۇتىمۇ كۆل بىلگە قاراخانغا تەۋە بولۇشنى قوبۇل قىلدى. بۇنىڭ بىلەن قاراخانلار دۆلىتىنىڭ تېرىتورىيىسى غەربدە پامىر تاغلىرى، سىر دەرياسى ۋە ئورال كۆلى، شىمالدا قىرغىز يايلاقلىرى ۋە ئالتاي تاغلىرى، شەرقتە ئالتاي تاغلىرى ۋە لىياڭجوۋنىڭ شەرقىدىكى ۋۇشى تېغى، جەنۇبدا تاڭغۇت (كۇكۇ) خانلىقى، قاراڭغۇتاغ (كۇئىنلۇن) قاراقورۇم تىزمىسىغىچە كېڭەيدى (14 ـ خەرىتىگە قاراڭ).

كۆل بىلگە قاراخاندىن باشلاپ، قاراخانلارنىڭ پايتەختى ئىككى يەردە بولۇپ، قاراخان يازدا بالاساغۇندا، قىشتا قەشقەردە تۇراتتى. ئەمما، ھەقىقىي پايتەختى قەشقەر ئىدى. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن قەشقەر ئورداكەند(كەنت) يەنى، پايتەخت شەھەر دەپ ئاتالغان. كۆل بىلگە قاراخانىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، ئۇنىڭ ئورنىغا قاراخان بولغانلار توغرىسىدا سۇتۇق بۇغراخانغىچە بولغان ئارىلىقتىكى ۋەقەلەر دىن مەلۇماتىمىز يوق.

سۇتۇق بۇغراخانىنىڭ دادىسى قاراخان بارخان (بازىرخان ) « بۇغراخان»، ھىجرى 302 ـ يىلى ۋاپات بولدى. ئوغلى سۇتۇق تېخى كىچىك نارىسىدە بولغانلىقى ئۈچۈن، ئىنىسى ئەسەن بۇغراخاننى ئۆز ئورنىغا ۋەلىئەھەد قىلىپ، ئەسەن بۇغراخانىنىڭ ۋەلىئەھەد سۇتۇق تېكىن بولىدۇ، دەپ، ۋەسىيەت قىلغان[45].

بەزى مەنبەلەردە بۇ قاراخاننى «ئارسلان خان» ئۇنۋانى بىلەن بازىرخان، ئەسەن (ئەپىسەن)خاننى«ئوغۇلچاق خان» دەپ ئالغان.

ت. ئالماس، 430 ـ بەت ( ن. ش. ھ. ).

ئېسەن بۇغراخان، قاراخانلىق تەختىگە چىقىپ، ئاكىسىنىڭ ۋەسىيىتىگە ئەمەل قىلىپ سۇتۇق تېكىننى ۋەلىئەھد قىلدى ۋە قەدىمكى تۈرك ئەنئەنىسىگە مۇۋاپىق سۇتۇق تېكىننىڭ ئانىسىنى نىكاھىغا ئالدى. لېكىن، ئەسەن بۇغراخان سۇتۇق تېكىننى ۋەلىئەھدلىكتىن ئېلىپ تاشلاپ، ئورنىغا ئۆز ئوغلىنى ۋەلىئەھد قىلىش كويىغا چۈشتى. سۇتۇق تېكىن ئىنتايىن ھۇشيار ۋە ئەقىللىق بىر شاھزادە ئىدى. 20 ياشقا كىرگەندە ئۇ مەخپىي ھالدا مۇسۇلمان بولدى.

## شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئىسلام
## تارىخى

قاراخانلار دۆلىتى قۇرۇلماستىن بۇرۇن غەربىي تۈركىستان تۈركلىرى تامامەن مۇسۇلمان بولغانىدى. قەدىمدىن تارتىپ، مەۋجۇد بولغان شەرقىي ۋە غەربىي تۈركىستان خەلقى ئوتتۇرىسىدىكى مىللىي بىرلىك ۋە ئىقتىسادىي ئالاقە ناھايىتى كۈچلۈك ئىدى. تۇغقانچىلىق ۋە تىجارەت مۇناسىۋەتلىرى بىلەن بۇ ئىككى تۈركىستان خەلقى ئوتتۇرىسىدىكى بېرىش - كېلىش ئىنتايىن قويۇق ئىدى. مانا، بۇ ۋاستىلار بىلەن ھىجرى 3 - ئەسىرئىچىدە ئىسلام دىنى شەرقىي تۈركىستاندا خېلى تارقالغانىدى. لېكىن، قاراخان جەمەتى ۋە يۇرت كاتتىلىرى مۇسۇلمان بولمىغان. قەشقەر ۋە بالاساغۇن تەرەپلىرىدە خەلقنىڭ يېرىمىدىن تولىسىنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقى رىۋايەت قىلىنىدۇ.

ھىجرى 320 - (مىلادى 932 -) يىلى بۇخارادىكى سامانى خاندانىغا مەنسۇپ، «ئەبۇنەسرسامانى» دېگەن ئالىم، سودىگەر قىياپىتى بىلەن بىركارۋاننى باشلاپ ئۆزكەنت - تورغات يولى بىلەن ئاتۇشقا كەلگەن. ئەبۇ نەسر سامانى، يولدا ھەمرالىرى بىلەن جامائەت بولۇپ ناماز ئوقۇۋاتقان پەيتتە. ئوۋغا چىققان سۇتۇق تېكىن ئۇ يەرگە كېلىپ قالىدۇ ۋە بۇلارنىڭ مۇسۇلمان ئىكەنلىكىنى ئۇقۇپ. ئۇلار ناماز ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، سۇتۇق تېكىن ئەبۇنەسر ساماندىن ئىسلامنىڭ ھەقىقىتىنى سورايدۇ. مۇنەۋۋەر ۋە ھەقپەرەست شاھزادە بولغان سۇتۇق تېكىن. ئىسلام توغرىسىدا ئەبۇنەسرنىڭ سۆزلەپ بەرگەنلىرىدىن بەك تەسىرلەنگەن ۋە ئەبۇ نەسرنى ئاتۇشتا بىرقانچە كۈن تۇرۇشقا تەكلىپ قىلىدۇ. ئالدى بىلەن ئۆزى يالغۇز مەخپىي ھالدا مۇسۇلمان بولىدۇ. ئۇندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ ئىشەنچلىك مۇھاپىزەتچىلىرىنى ۋە يېقىنلىرىنى ئىسلامغا كىرگۈزۈپ، ئاستا - ئاستا باشقا مۇسۇلمانلارنى ئۆزىگە تارتىشقا باشلايدۇ. 5 - 6 ئاي ئىچىدە سۇتۇق تېكىن باشچىلىقىدا 5 - 6 يۈز كىشىلىك ياش مۇسۇلمانلار تەشكىلاتى بارلىققا كېلىدۇ. سۇتۇق تېكىن بۇلارنى تولۇق قوراللاندۇرۇپ، گۇرۇپپىلارغا ئايرىپ، مەخپىي ھالدا قەشقەر شەھىرىگە كىرگۈزىدۇ. بۇلارنى ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئەسكىرىي ئورۇنلارغا، ھۆكۈمەت سارايىغا ياكى دۆلەت كاتتىلىرىنىڭ ئۈستىگە كېچىدە ۋاقتىدا تۇيۇقسىز باسقۇن قىلىشقا بەلگىلىلەيدۇ. بۇپىلان بويىچە ئالدى بىلەن سۇتۇق تېكىن 40 مۇھاپىزەتچىسىنى ئېلىپ، قەشقەرگە كىرىپ

ئۆگەي دادىسى ئەسەن (ئوغۇلچاق) بۇغراخانغا مېهمان بولۇپ ئوردىغا چۈشىدۇ.

پىلان قىلىنغان هۇجۇم سائىتى كەلگەندە سۇتۇق تېكىن 40 مۇهاپىزەتچىسى بىلەن قاراخان ئۇخلاۋاتقان ئۆيگە بېسىپ كىرىپ، ئۇنى ۋە ئوردىدىكى بەزى تېكىن ۋە مەنسەپدارلارنى ئەسىر ئالدى ۋە ئۆلتۈرىدۇ. باشقا جايلارغا باسقۇن قىلىشقا تەيىنلىگەن قىسىملارمۇ ۋەزىپىلىرىنى مۇۋەپپەقىيەت بىلەن تاماملايدۇ. شۇنداق قىلىپ، سۇتۇق تېكىن بىر كېچە ئىچىدە قەشقەر شەهىرىنى قولغا كەلتۈرىدۇ. شەهەر ئەتراپىدىكى تەڭرى تولىسى مۇسۇلمان بولغان قەشقەرخەلقى تەرەپ - تەرەپتىن سۇتۇق تېكىننىڭ ياردىمىگە كېلىدۇ ۋە سۇتۇق تېكىن 2 - 3 كۈن ئىچىدە پېتەرلىك كۈچكە ئىگەبولىدۇ. پۈتۈن قەشقەرسۇتۇق تېكىننىڭ هاكىمىيتىنى قوبۇل قىلىدۇ.

سۇتۇق تېكىن، هاكىمىيتىنى مۇستەهكەملەپ، بولۇپ ئۆزىنى «قاراخان» ئېلان قىلدى ۋە قەهرىمان مەنىسىنى ئىپادىلەيدىغان «بۇغرا» ئۇنۋانىنى ئالدى [46]. مۇسۇلمان بولمىغان خەلقلەرنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىپ. غازات يۈرۈشلىرىنى باشلىدى. قەشقەر، يەركەن، ئۈچ ، بالاساغۇن ۋە بارسغان (ئىسسىقكۆلنىڭ شەرقى) ئۆلكىلىرىدە ۋە قارلۇق دۆلىتىدە ئىسلام دىنى هېچقانداق توسالغۇسىز راۋاج تاپتى. غەربىي تۈركىستاندىكى ساماني ئىسلام دۆلىتى شەرقىي تۈركىستاندا ئىسلام دىنىنىڭ ۋە ئىسلام ئىلىملىرىنىڭ تارقىلىشىدا، قاراخان سۇتۇق بۇغراخانغا كۆپ ياردەم قىلدى. تەفسىر، هەدىس ۋە فىقھى ئالىملىرى غەربىي تۈركىستاندىن قەشقەر ۋە بالاساغۇنغا ئۆزلۈكىدىن كېلىپ تۇردى. سۇتۇق بۇغراخان مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن، ئىسلام ئالىملىرى ئۇنىڭغا «ئابدۇلكەرىم» دېگەن نامنى بەرگەنلىكى مەلۇم. سۇتۇق بۇغراخان قويدۇرغان تىللا لىرىدا(مىلادى 920 - يىلىدىن 956 - يىلىغىچە) «قاراخان سۇتۇق ئابدۇلكەرىم» دېگەن ئىبارىلەر بار. بۇ تىللالار دىن پېتىرسبۇرگ (لېنىنگراد) مۇزېيىدا ساقلانماقتا.

## قاراخان سۇتۇق بۇغرا خاننىڭ غازاتلىرى

قاراخان سۇتۇق بۇغرا خان مۇسۇلمان بولۇپ قاراخانلىق تەختىگە چىققاندىن كېيىن، ئۇ ۋاقىتقىچە ئىسلامغا هېچ كىرمىگەن ۋە بۇددا دىنىنىڭ مەركىزى بولغان خوتەن، كۇچا، سېرىق ئۇيغۇرخانلىرى ۋە ئۇيغۇر ئىدىقۇت دۆلىتى قاراخان دۆلىتىدىن يۈز ئۆرۈپ مۇستەقىللىق ئېلان قىلدى. شىمالدىكى ئوغراق، يىغما ۋە توخسى قەبىلىلىرىمۇ ئىسيان كۆتەردى. قاراخان سۇتۇق بۇغراخان، بۇلارنى بېسىقتۇرۇش ئۈچۈن، بۇخانلىق ۋە قەبىلىلەر ئۈستىگە يۈرۈش قىلدى. خوتەن خانى قاتتىق تۇرۇپ قارشىلىق

46 ئۇيغۇرلار قەدىمدىن تارتىپ هازىرغىچە تۆگىنىڭ ئەركىكىنى «بۇغرا»، شىرنى « ئارسلان» دەيدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ قاغانلىرىنى ۋە قاراخانلىرىنى «بۇغراخان» ۋە «ئارسلان خان» دەپ ئاتىشى، ئۇلارغا كۈچلۈك، باتۇرلۇق سۈپەتلىرىنى بەرگەنلىكىدۇر .

ب . ئالماس، 426 - بەت [illegible]

كۆرسەتتى. قاراخان سۇتۇق بۇغراخان ئۆزى خوتەنگە يۈرۈش قىلىپ، ئۇزۇن داۋام قىلغان ئۇرۇشتىن كېيىن، خوتەن خانى مەغلۇپ بولۇپ شەھەردە مۇھاسىرە ئىچىدە قالدى. ئۇزۇن داۋام قىلغان قورشاۋ نەتىجىسىدىمۇ شەھەر ئېلىنمىدى. ئاخىرى شەھەر ئىچىدىكى بەگلەردىن بىرى مۇسۇلمان بولۇپ ئىسيان كۆتۈرۈپ چىققاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ياردىمى بىلەن شەھەر پەتھى بولدى. ئۇندىن كېيىن، قاراخان سۇتۇق بۇغراخان كۇچانى پەتھى قىلدى. لېكىن، كۇچا خەلقىنىڭ بىر قىسمى مۇسۇلمان بولمىدى ۋە قەدىمكى دىنى بۇددا دىنىدە قالدى. ئۇيغۇر ئىدىقۇتى ئۈستىگە قارا شەھەر ۋە ئىلى نەرەپتىن ئىككى يولدىن ئۇرغۇن ئەسكەر يوللىدى. قاتتىق ئۇرۇشلاردىن كېيىن، ئىدىقۇت مەغلۇپ بولدى ۋە بۇرۇنقىدەك قاراخانلىق مەركىزىگە تەۋە ئىچكىي ئىشلىرىدا ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل بولۇش ۋە قەدىمكى ئۆز دىنلىرىنى ساقلاپ قېلىش شەرتى بىلەن سۈلھى تۈزدى.

شىمالدىكى ياغما، توخسى ۋە ئوغراق قەبىلىلىرى ئۈستىگىمۇ تولا غازات يۈرۈشلىرى ئېلىپ بېرىلدى. يۇقىرىقى غازاتلارنىڭ ھەممىسىدە ئەبۇنەسرسامانىنىڭ ئوغلى ئابدۇلپەتتاھ قەھرىمانلىق كۆرسىتىپ، شۆھرەت قازاندى. قاراخان سۇتۇق بۇغراخان ئۇنىڭغا «ئالپ تېكىن غازى» دېگەن ئۇنۋانىنى بەردى.

## قاراخان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ۋاپاتى ۋە مۇسا بۇغراخان

قاراخان سۇتۇق بۇغراخان 22 يىل قاراخان بولغاندىن كېيىن، ھىجرى 344 ـ (مىلادى 955 ـ) يىلى ۋاپات بولدى. ئورنىغا ئوغلى مۇسا بۇغراخان قاراخان بولدى.

سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ۋاپات بولغانلىق خەۋەرى تارقالغاندىن كېيىن، خوتەن ۋە باشقا ئۇيغۇرخانلىرى ئىسيان كۆتەردى. مۇسا بۇغراخان ئالدى بىلەن خوتەنگە يۈرۈش قىلىپ، ئىسيانچىلارنى بويسۇندۇردى ۋە ئۇندىن كېيىن، ئالپ تېكىن غازىنى ئىلىدىكى ئۇيغۇرلارنى تىنجىتىشقا يوللاپ، ئىلى دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى «مىڭلاق» (ھازىرقى غولجا شەھىرى) نى پەتھى قىلىپ، ئۇيەردىكى بۇتخانىلارنى چېقىپ تاشلىدى ۋە بۇددىست ئۇيغۇرلارنى مىڭلاقتىن ھەيدەپ چىقىرىپ، ئۇلارنىڭ يېرىگە مۇسۇلمان تۈركلەرنى يەرلەشتۈردى. 2 ـ 3 يىل ئۆتكەندىن كېيىن، مۇسا بۇغرا قاراخان، ئالپتېكىن غازىنى كىنگىت ( قاراشەھەر ) يولى بىلەن ئۇيغۇر ئىدىقۇتى ئۈستىگە يوللىدى. ئالپتېكىن غازى، كىنگىتنى پەتھى قىلىپ، قوچۇغا يۈرۈش قىلدى. دەھشەتلىك ئۇرۇشلاردىن كېيىن، ئۇيغۇر ئىدىقۇتى مەغلۇپ بولۇپ، قوچۇنى تاشلاپ، تەڭرىتاغلىرىنىڭ شىمالىدىكى بەشبالىق شەھىرىگە يەرلىشىپ، ئۇ يەرنى پايتەخت قىلدى. ئالپتېكىن غازى، قوچۇنى ئالغاندىن كېيىن، بەشبالىققا قاراپ يۈرۈش قىلدى. ئىدىقۇت بەشبالىقنىڭ شىمالىدىكى تاغ يوللىرىنى ئىستىھكام قىلىپ چوڭ بىر قوشۇن

يىغىپ تۇرغانلىقتىن، ئىككى ئارىدا قاتتىق ئۇرۇش بولدى. بەشبالىق يېقىنلىرىدىكى بىرتاغ (چىنلىقلار هازىر بۇتاغنى نەنسەن يەنى جەنۇبىي تاغ دەپ ئاتايدۇ) ئېتىكىدىكى بىر قېتىملىق قاتتىق ئۇرۇشتا ئالپتېكىن غازى شېهىت بولدى. نەتىجىدە، ئۇنىڭ ئەسكەرلىرى پاراكەندە بولۇپ قاتتىق مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى. ئۇيغۇرلار قۇچۇ ۋە كىنگىتنى قايتۇرۇۋالدى. ئالپتېكىن غازىنىڭ مازىرى هازىرمۇ نەنسەن تېغى ئېتىكىدە. بۇ مازار، خەلق ئىچىدە «ئەلپەتتا خوجام مازىرى » دەپ ئاتىلىدۇ.

## هارۇن بۇغراخان

مۇسا بۇغرا خان هىجرى 372 ـ (مىلادى 982 ـ) يىلى ۋاپات بولدى. ئورنىغا ئىنىسى هارۇن خان قاراخانلىق تەختىگە چىقىپ، ئۇمۇ «بۇغرا» ئۇنۋانىنى ئالدى. هارۇن بۇغرا قاراخان ناهايىتى تەدبىرلىك بىر سىياسەتچى ئىدى. ئۇ قاراخانلار تەختىگە چىقىپ، ئۇززۇنغا قالماستىن ئۇيغۇر ئىدىقۇتىنى قەتئىي سۇرەتتە بويسۇندۇردى ۋە باشقا پۇتۇن خانلار ۋە قەبىلە بەگلىرىنىمۇ ئىتائەت قىلدۇردى. شۇنىڭ بىلەن قاراخانلار مەملىكىتىدە تىنچلىق ـ ئامانلىق ئورنىتىلدى. هارۇن بۇغرا قاراخان ئۆز تەۋەسىدىكى مۇسۇلمان ۋە مۇسۇلمان بولمىغان تۈركلەردىن تەركىپ تاپقان ئىنتايىن كۈچلۈك ۋە مۇنتىزىم بىر قوشۇن تەييارلىدى. بۇنىڭ بىلەن دۆلەتنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتى پەۋقۇلئاددە يۈكسىلىپ، مەملىكەتنى كېڭەيتىشنىڭ ۋاقتى يېتىپ كەلگەنىدى.

## غەربىي تۈركىستاننىڭ قاراخانلار دۆلىتىگە
## قوشۇلغانلىقى

بۇ ئارىدا غەربىي تۈركىستان، ئافغانىستان ۋە ئىرانغا هۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان سامانى تۈرك دۆلىتى ئاجىزلاپ، مۇنقەرىز بولۇش باسقۇچىدا ئىدى. تەۋەسىدىكى ۋالىي ۋە قوماندانلار سامانى دۆلىتى مەركىزىگە بويسۇنماستىن، ئۆز يەرلىرىدە مۇستەقىل سۇرەتتە هۆكۈمرانلىق قىلىشقا باشلىغان. شۇنىڭ بىلەن مەملىكەت پارچىلىنىشقا يۈز تۇتقان. بۇلاردىن غەزنە ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى ئەمىر ساۋۇق تېكىن(سۇبۇق تېكىن) ئافغانىستاننىڭ كۆپ قىسمىنى ئىگەللەپ كۈچ توپلاپ هىندىستانغا يۈرۈش قىلىپ، سامانى دۆلىتىنىڭ مەركىزى بولغان بۇخارانىڭ ئىچكىي ئىشلىرىگىمۇ ئارىلاشقىلى باشلىغانىدى.

هارۇن بۇغراقاراخان، مۇنقەرىز بولۇش ئالدىدىكى بۇدۆلەتكە ئىگە بولۇشنى كۆزلەپ، هىجرى 383 ـ ۋە ياكى 384 ـ(مىلادى994 ـ) يىلى فەرغانىغا هۇجۇم قىلىپ قولغا ئالغاندىن كېيىن، سەمەرقەنتنىمۇ قولغا چۈشۈردى. بۇخاراغا هۇجۇم قىلىپ، سامانى هۆكۈمدارى ئەمىرنۇھ نى مەغلۇپ قىلدى ۋە بۇخارانى مۇهاسىرىگە ئالدى. ئەمىرنۇھ بۇخارادىن مەخپىي هالدا قېچىپ، ئۆگۈز دەرياسىدىن ئۆتۈپ ئىمىل شەهىرىگە كەتتى ۋە ئۇ جاينى پايتەخت قىلىپ تۇردى. قاراخان، بۇخارانى

ئۇرۇشماستىن قولغا چۈشۈردى. سەمەرقەنتنى غەربىي تۈركىستاننىڭ پايتەختى قىلىپ ئولتۇرۇپ، ماۋەرائۇننەھردىكى پۈتۈن ئۆلكىلەرنى ئارقا ـ ئارقىدىن ھاكىمىيىتى ئاستىغا كىرگۈزدى.

ھارۇن بۇغراقاراخان سەمەرقەنتتە 3 يىل تۇردى. ئاغرىپ قېلىپ، بۇ كېسەلدىن ساقىيالماسلىقنى سېزىپ قەشقەرگە قايتتى ۋە يولدا (ھىجرى387 ـ يىلى) ۋاپات بولدى.

ھارۇن بۇغراقاراخان قايتىش ۋاقتىدا، قېرىندىشى (مۇسا بۇغراخان) نىڭ ئوغلى ئەلى تېكىننى غەربىي تۈركىستانغا ئومۇمىي ۋالىي قىلىپ تەيىنلىدى ۋە ئۇنىڭغا «ئىلىكخان» ئۇنۋانىنى بەردى. ئىلىكخان قەدىمكى تۈركچىدىكى «ئىلخان» مەنىسىدە بولۇپ شاھ، مەلىك ۋە ياكى خان دېگەنلىكتۇر. بۇقاخان زامانىسىدىن تارتىپ تەڭرى تاغلىرىنىڭ شىمالىدىكى ئۆلكىلەرنى ئىدارە قىلىش ئۈچۈن قاراخان جەمەتىدىن بىر تېكىن(شاھزادە) ئومۇمىي ۋالىي بولۇپ تەيىنلىنەتتى ۋە ئۇ تېكىنگە «ئىلىكخان» دېگەن ئۇنۋان بېرىلەتتى. غەربىي تۈركىستانغا بىر ئىلىك خان تەيىن قىلىنىشى بىلەن قاراخانىلار دۆلىتىدە غەرب ئىلىكخانى ۋە شىمال ئىلىكخانى دەپ ئىككى ئىلىكخان بارلىققا كەلگەن.

سامانى ھۆكۈمدارى ئەمىرنۇھ ، بۇخارادىن قاچقان كۈنىدىن تارتىپ، سۇبۇق تېكىن ۋە باشقا ۋالىيلاردىن ياردەم تەلەپ قىلىپ، كۈچ توپلاشنىڭ كويىغا چۈشكەن ئىدى. سىر دەرياسىنىڭ ئاياق تەرەپىدىكى جەند ئۆلكىسنى ئىگەللەپ تۇرغان سەلجۇق قەبىلىسىنىڭ خانى سەلجۇق سۇباشى دىنمۇ ياردەم سورىغان بولسىمۇ، بۇلار ئۆز ئىچكى جېدەل ـ ماجىرالىرى تۈپەيلىدىن، ھەمدە قاراخانىنىڭ كۈچىدىن قورقۇپ، ئەمىر نۇھقا ياردەم بەرمىگەن. قاراخانىنىڭ ۋاپات بولغان خەۋىرى تارقالغاندىن كېيىن، ئەمىر نۇھ پۈتۈن كۈچىنى يىغىپ، بۇخاراغا ھۇجۇم قىلىشقا ھازىرلاندى.

سۇباشى سەلچۇق ئوغلى ئارسلان قوماندانلىقىدا بىرئەسكىرىي قوشۇنى ياردەمگە ئەۋەتتى. ئەمىر بۇ كۈچ بىلەن بۇخاراغا ھۇجۇم قىلىپ، ئىلىكخان ئەلى تېكىننى مەغلۇپ قىلدى ۋە بۇخارانى ئالدى. ئۇ بۇرۇنقىدەك بۇخارانى پايتەخت قىلىپ، ھۆكۈمرانلىقنى باشلىدى. ئىلىكخان بوخاراغا قايتارما ھۇجۇم قىلىشقا تەييارلاندى. بۇنى ئاڭلىغان ئەمىر نۇھ، سۇبۇق تېكىندىن ياردەم تەلەپ قىلدى. سۇبۇق تېكىن نۇرغۇن ئەسكىرى بىلەن بۇخارا يېقىنلىرىغا كەلگەندە، سۇبۇق تېكىننىڭ ئۇنىڭغا خىيانەت قىلىشىدىن قورقۇپ، ۋەزىرى ئابدۇللاھ بىن مۇھەممەد بىن ئەزىزنى ئىلىكخانىنىڭ قېشىغا ئەۋەتىپ ئۇنىڭ بىلەن كېلىشىم تۈزۈپ سۈلھى قىلدى. بۇ ئەھۋالنى سۇبۇق تېكىنگە مەلۇم قىلدى ۋە ئىلىكخان بىلەن ئۇرۇش بولمايدىغانلىقنى ۋە سۇبۇق تېكىننى غەزنىگە قايتىپ، كېتىشىنى بىلدۈردى. سۇبۇق تېكىننىڭ غەزنىگە قايتتى. بۇ كېلىشىمگە ئاساسەن بۇخارا ۋە سەمەرقەنت ئوتتۇرىسىدىكى «قەتۋان چۆلى» چېگرا بولۇپ، غەرب تەرەپ ئەمىرنۇھقا شەرق تەرەپى بولسا ئىلىكخانغا قالدى.

## قاراخان يۈسۈپ قىدىرخان

ھارۇن بۇغرا قاراخان ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ۋەلىئەھەدى بولغان ئوغلى يۈسۈپ تېكىن قاراخانلىق تەختىگە چىقتى ۋە «قىدىرخان» ئۇنۋانىنى ئالدى[47] .

يۈسۈپ قىدىرخان قاراخانلىق تەختىگە چىقىپ ئاز كۈندە(ھىجرى 387 ـ، مىلادى997ـ يىلىنىڭ ئاياغلىرىدا) ئەمىرنۇھ ۋاپات قىلىپ ئورنىغا ئوغلى مەنسۇر پادىشا بولدى. شۇ كۈنلەردە، بەلخ يېقىنلىرىدا سۇبۇق تېكىنمۇ ئالەمدىن ئۆتۈپ، ئوغۇللىرى ئىسمائىل ۋە مەھمۇد (داڭلىق سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋى) ئۆز ئارىلىرىدا تەخت تالىشىپ، ئۇرۇشۇۋاتاتتى. دەسلەپتە، مەنسۇر بىلەن ئىلىكخاننىڭ مۇناسىۋىتى ياخشى ئىدى (دوستلۇق كېلىشىمگە بىنائەن). لېكىن، مەنسۇر ھۆكۈمدارلىق لىياقىتى يوق غاپىل بىرشاھزادە بولغانلىقى ئۈچۈن، يۇرت كاتتىلىرى ئۇنىڭدىن يۈزئۆرۈدى ۋە ئۇنىڭ ۋەزىرلىرى ئابدۇللاھ بىن مۇھەممەد بىن ئەزىز ۋە قوماندانى فائىقلار بىرلىشىپ، ئەبۇ مەنسۇرئىسپىجاپ نىڭ باشچىلىقىدا قاراخان يۈسۈپ قىدىرخان ھۇزۇرىغا بىرئەلچى ھەيئىتى ئەۋەتىپ، قاراخانغا بويسۇنىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. شۇنداقلار قاراخاندىن، بۇخارانى مەنسۇردىن قۇتقۇزۇشنى ئىلتىماس قىلدى. قاراخان سەمەرقەنتتىكى ئەلى تېكىن ئىلىكخانغا بۇخاراغا يۈرۈش قىلىشقا بۇيرۇق قىلدى. ئەلى تېكىن ئىلىكخان بۇخاراغا ھۇجۇم قىلىشقا تەييارلىنىۋاتقان بىر پەيتتە، يۇقىرىقى ۋەزىر ئابدۇللاھ، قوماندان فائىق ۋە ئەلچى ئەبۇمەنسۇرلار قېچىپ، ئەلى تېكىننىڭ قېشىغا كېلىۋالدى. ئەلى تېكىن، بۇلاردىن گۇمانلىنىپ، قاماپ قويدى. پەقەت فائىقنى 300 ئەسكەربىلەن ئالدىغا سېلىپ، قاراۋۇل قىلىپ ماڭدۇرۇپ ئۆزى ئارقىسىدىن ماڭدى. بۇنى ئاڭلىغان ھامان ئەمىر مەنسۇر بۇخارانى تاشلاپ، قاچتى ۋە ئۆگۈز دەرياسىدىن ئۆتۈپ توختىدى. فائىق بۇخاراغا كىرىپلا، ئىلىكخاندىن يۈز ئۆرۈپ، بۇخارا خەلقى بىلەن بىرلىشىپ، قارشى سەپكە ئۆتۈۋالدى ۋە ئەمىرمەنسۇرغا ئەلچى ئەۋەتىپ، ئۇنىڭ بىلەن پادىشالىق ئىسمى مەنسۇردا ۋە ھوقۇق فائىقتا بولۇش شەرتى بىلەن پۈتۈشتى. شۇنىڭ بىلەن ئەمىر مەنسۇر بۇخاراغا قايتىپ كەلدى. بۇ ۋەزىيەت ئاستىدا ئىلىكخان سەمەرقەنتكە قايتىپ كەتتى. ئەمىر مەنسۇر ۋە فائىق، سۇبۇق تېكىننىڭ ئوغۇللىرى ئارىسىدىكى جېدەل ـ ماجىرادىن پايدىلىنىپ، خوراسانىي سۇبۇق تېكىننىڭ ئەۋلادلىرىدىن تارتىۋېلىش ئۈچۈن، بەگ تۇزۇن ئىسىملىك بىرسىنىڭ قوماندانلىقىدا يۈرۈش باشلىدى. لېكىن، بەگتۇزۇن بۇ ئىشتا بىرنەتىجىگە ئېرىشەمەي تۇرۇپ، سۇبۇق تېكىننىڭ چوڭ ئوغلى مەھمۇد غەلىبە قىلىپ، دادىسىنىڭ تەختىنى قولغا كەلتۈردى ۋە ئۆزىنى «سۇلتان» دەپ ئېلان قىلدى. سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋى كۈچ توپلاپ، بەگتۇزۇن بىلەن ئۇرۇش باشلىدى. ئەمىر مەنسۇر ۋە

47 «قىدىرخان» قەدىمكى تۈركچىدە كۈچلۈك، ۋە نۇپۇزلۇق ھۆكۈمدار، دېگەنلىك. بەزى تارىخچىلارنىڭ ئويلىغىنىدەك ئەرەبچە«قۇدرەت» سۆزىدىن تۈرەلگەن «قادىر» كەلىمىسى ئەمەس. «دىۋانى لۇغاتىتتۈرك» كە قاراڭ (مۇئەللىپتىن).

فائىق نۇرغۇن ئەسكەرلىرى بىلەن خوراسانغا كېلىپ، سۇلتان مەھمۇدنى مەغلۇپ قىلدى ۋە خوراساننى ئالدى. كېيىنچە، فائىق بىلەن بەگتۇزۇن ئەمىر مەنسۇردىن گۇمانلىنىپ، ئۇنى تەختتىن چۈشۈرۈپ، قاماقتا ئالدى ئۇنىڭ ئورنىغا ئىنىسى ئابدۇلمەلىك بىن نۇھنى تەختكە چىقىرىپ، بەلخ شەھىرىنى مەركەز قىلدى. ئۇنىدىن كېيىن، سۇلتان مەھمۇد غەزنىۋى ئەمىر ئابدۇلمەلىك بىن ۋە فائىق بىلەن ئۇرۇشۇپ ئۇلارنى مەغلۇپ قىلىپ، خوراساننى ئىگىلىدى. بۇخاراغا قاچقان فائىق ئۆلدى. ئابدۇلمەلىك تېخى نارىسىدە بولغانلىقتىن بۇخارا ھاكىمىيتى قالايمىقانلىشىپ، خەلق ئىچىدە تىنچسىزلىق باشلىدى. ئەلى تېكىن، ئۇزۇندىن بېرى بۇخارانى قولغا چۈشۈرۈش ئۈچۈن، مۇنداق بىر پۇرسەتنى كۈتۈپ تۇرغانىدى. مانا، بۇ پۇرسەت كەلگەنلىكتىن ئىلىكخان نۇرغۇن ئەسكىرىي كۈچ بىلەن بۇخاراغا يۈرۈش قىلدى.

## سامانى دۆلىتىنىڭ يىقىلىشى

ئىلىكخان بۇخاراغا يېقىن كەلگەندە بەگتۇزۇن، بىرمىقدار ئەسكەر بىلەن ئىلىكخاننى توساش ئۈچۈن ئالدىغا چىقتى. ئەمما، مەغلۇپ بولدى ۋە بىرقانچە سامانى دۆلەت كاتتىلىرى بىلەن ئەسىر ئېلىندى. ھىجرىنىڭ 389 ـ يىلى 10 ـ زۇلھەج كۈنى، يەنى، قۇربان ھېيتىنىڭ بىرىنچى كۈنى ئىلىكخان ھېچقانداق قارشىلىققا ئۇچرىماستىن بۇخاراغا كىردى ۋە پادىشالىق سارايىغا يەرلىشىپ، ئەلنى تىنچىتتى. ئەمىر ئابدۇلمەلىكنى قېچىپ، يوشۇرۇنۇپ ياتقان يېرىدىن تۇتۇپ كېلىپ، ئۆزكەنت شەھىرىدە نەزەربەنت قىلدى. شۇنىڭ بىلەن 128 يىل ھۆكۈم سۈرگەن سامانى دۆلىتى مۇنقەرىز بولدى. سامانى دۆلىتى ئىسلامغا ۋە ئىلىمگە بەك كۆپ خىزمەت قىلغان بىرتۈرك دۆلىتى ئىدى. ئۇنىدىن كېيىن ئىلىكخان پۈتۈن ماۋارائۇننەھرىنى ئىگەللىدى. سۇلتان مەھمۇد بىلەن مۇناسىۋەتنى ياخشىلىدى. بۇ ئىككى ھۆكۈمدارنىڭ مەملىكەتلىرى ئوتتۇرىسىدا ئۆگۈز دەرياسى چېگرا ئىدى. (14 ـ خەرىتىگە قاراڭ)

ھىجرى 390 ـ (مىلادى 998 ـ) يىلى قاراخان يۈسۈپ قېدىرخان، سۇلتان مەھمۇدقا ئەلچى ئەۋەتىپ، ئۇنىڭ يېڭى قۇرغان دۆلىتىنى تەبرىكلىدى ۋە ئۆز ئارا بىر دوستلۇق ئەھدىنامىسى تۈزۈپ چىقىشنى ئوتتۇرىغا قويدى. سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋى بۇ تەكلىپنى خوشاللىق بىلەن قوبۇل قىلدى ۋە قاراخان جەمەتىدىن ئۆيلىنىشنى ئارزۇ قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. قاراخان يۈسۈپ قېدىرخان ئىلىكخاننىڭ قىزى چىگىل خاتۇننى سۇلتان مەھمۇتقا ياتلىق قىلدى. ئۆزكەنتتە تويى مۇراسىمىنى ئۆتكۈزۈپ، چىگىل خاتۇننى غەزنىگە ئۇزاتتى [48].

[48] چىگىل خاتۇن، ئەلى خان ئىلىكخاننىڭ قىزى ئەمەس. شىمال ئىلىكخانى توغان خاننىڭ قىزى (مۇئەللىپنىڭ ئىزاھى)

## ئەلى تېكىن ئىلىكخان بىلەن سامانى خانىدانىدىن مۇنتەسىر ئارىسىدىكى ئۇرۇش

ئەمىرنوھنىڭ ئىسمى، ئەبۇ ئىبراھىم ۋە لەقىمى «مۇنتەسىر» بولغان ئوغلى ئىلىكخاننىڭ تۈرمىسىدىن قېچىپ، خارەزمگە كەلدى ۋە ئۇ يەردە ئۆزىگە تەرەپتار توپلاپ، ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ دۆلىتىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، تىرىشچانلىق باشلىدى. مۇنتەسىر ھىجرى 391 ـ يىلى بىر كېچىدە تۇيۇقسىز بۇخاراغا ھۇجۇم قىلدى. لېكىن، ئىلىكخان سەمەرقەنتتىن ئەسكەر يوللاپ، مۇنتەسىرنى قوغلىۋەتتى. مۇنتەسىر ئۇيەردىن خوراسانغا ئۆتۈپ، سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ ئىنىسى نەسىر بىلەن ئېلىشتى ۋە ئېغىر ھالدا مەغلۇپ بولۇپ، قاچتى. ھىجرى 939 ـ يىلى سەلجۇق قەبىلىسى بىلەن بىرلىشىپ، ئۇلارنىڭ ياردىمى بىلەن سەمەرقەنت ئەتراپلىرىغا كېلىپ، پاراكەندىچىلىك سالغىلى باشلىدى. لېكىن، مۇۋەپپەق بولالماي قاچتى. ئۇنىڭدىن كېيىن، تاكتىكىسىنى ئۆزگەرتىپ، بۇخارادا مەخپىي ھالدا سامانى خانىدانىغا مەنسۇپ كىشىلەرنى ئەتراپىغا توپلىدى. سەلجۇق قەبىلىسى ۋە شەھەر ئىچىدىكى تەرەپتارلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن بىر كېچە تۇيۇقسىز ھۇجۇم بىلەن بۇخارانى ئىشغال قىلدى. بۇنى ئاڭلىغان ئىلىكخان، سەمەرقەنتتىن يۈرۈش قىلدى. سەلجۇقلار ئىلىكخاندىن قورقۇپ، مۇنتەسىرنى تاشلاپ جەندگە قايتىپ كەتتى. مۇنتەسىرنىڭ قوماندانلىرىدىن ئەبۇلھەسەن ئەتتاق 5000 ئەسكىرى بىلەن ئىلىكخان تەرىپىگە ئۆتۈپ كەتتى. ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغان سامانىلاردىن كۆپى ئەسىرگە ئېلىندى. مۇنتەسىر ئازراق ئادىمى بىلەن ئۆگۈز دەريا دىن ئۆتۈپ، قاچتى. ئۇنىڭدىن كېيىن، مۇنتەسىر پۇرسەت تاپسىلا، سۇلتان مەھمۇد غەزنىۋى ۋەيا ئىلىكخاننى ئاۋارە قىلىپ تۇرغاندى. سۇلتان مەھمۇد غەزنىۋى، مۇنتەسىرنى تامامەن يوقۇتۇپ، خاتىرجەم بولۇشقا قارار قىلدى. مۇنتەسىرنى ھەريەردە قوغلاپ يۈرۈپ، ئاخىرى بىرقانچە ئادەملىرى بىلەن قورشاۋغا ئالدى. ئەمما، مۇنتەسىر يالغۇز قېچىپ قۇتۇلدى ۋە سەرگەردان ھالدا قاراقۇمدىكى كۆچمەنچى قەبىلىسىنىڭ رەئىسى ئىبنى بەھىج نىڭ قېشىدا پانا تاپتى. مۇنتەسىر ھىجرى 395 ـ (مىلادى 1004ـ) يىلى ئىبنى بەھىج تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى.

## ئەلى تېكىن ئىلىكخان بىلەن سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋى ئارىسىدىكى ئۇرۇش

ھىجرى 397 ـ (مىلادى 1005 ـ) يىلى بۇ ئىككى دۆلەتنىڭ ئۆگۈز بويىدىكى چېگرا مۇھاپىزەتچىلىرى ئوتتۇرىسىدا بىر قوراللىق توقۇنۇش يۈز بەردى. ئۇچاغدا سۇلتان مەھمۇد ھىندىستاندا «غازات» قىلىۋاتقان ئىدى. غەزنىدە ئۇنىڭ ئورنىغا ئارسلان جازىپ ئىسىملىك بىر قوماندان ۋەكىللىك قىلاتتى. بۇ ۋەقە ھەققىدە ئىلىكخان ۋە ئارسلان جازىپ ئارىسىدا يېزىشقان خەتلەردە قاتتىق سۆز

ئىبارىلەر قوللانغانلىقتىن ئوتتۇرىدا سوغۇقلۇق پەيدا بولدى. نەتىجىدە، ئۇرۇش باشلاندى ۋە ئىلىكخان، سۇلتان مەھمۇدنىڭ يۇرتىغا ئىككى قولدىن ئەسكەر يوللىدى. بۇلاردىن بىرقولى ئىلىكخاننىڭ ئىنىسى چاغرى تېكىننىڭ قوماندانلىقىدا بەلخقە، يەنە بىرى قاراخانى جەمەتىدىن بولغان سۇباشى تېكىننىڭ قوماندانلىقىدا خوراسانغا يۈرۈش قىلدى . چاغرى تېكىن ئۆگۈزدىن ئۆتۈپ، پۈتۈن بەلخنى ۋە ھىندىقۇش تاغلىرىغىچە ئىشغال قىلدى. سۇبىشى تېكىن بولسا مەرۋە، ھرات ۋە خوراسان قاتارلىق شەھەرلەرنى ئالدى. ئارسلان جازىپ ۋە سۇلتان مەھمۇد نىڭ ۋەزىرى ئەبۇئىلياس فەزل بىن ئەھمەد پۈتۈن كۈچلىرىنى توپلاپ بەلخ يوللىرىنى مۇداپىئە قىلدى ۋە سۇلتان مەھمۇد قا خەۋەر يوللىدى. سۇلتان مەھمۇد ھىندىستاندىكى ئىشلىرنى چالا قويۇپ غەزنىگە قايتىپ كەلدى. ئافغانلارنىڭ «قابائىل» قەبىلىسىدىن زور بىرقوشۇن توپلاپ، كابۇلغا كەلدى ۋە ھىندىقۇش تاغلىرىنى ئېشىپ بەلخ شەھرىگە ھۇجۇم قىلدى. چاغرى تېكىن بۇ دەھشەتلىك كۈچكە تاقابىل تۇرالماي بەلخ شەھرىنى تاشلاپ قاچتى ۋە ئۆگۈزدىن ئۆتۈپ تېرمىزگە كېلىپ توختىدى. سۇلتان مەھمۇدنىڭ قوماندانلىرىدىنئارسلان جازىپ 10000 كىشىلىك بىرقوشۇن بىلەن خوراسانغا كېلىپ، سۇباشى تېكىن ئېغىرمەغلۇبىيەتكە ئۇچراتتى ۋە سۇباشى تېكىننىڭ ئىنىسى بىلەن 700 ئەسكىرىنى ئەسىرگە ئالدى.

سۇباشى تېكىن قالغان ئەسكەرلىرى بىلەن بۇخارا غا قايتىپ كەلدى. بۇنى ئاڭلىغان ئىلىكخان، سۇباشى تېكىنگە 10000كىشىلىك بىرقوشۇننى ياردەمگە ئەۋەتتى. بۇنىڭ بىلەن ئۇ دەرھال ئۆگۈزدىن ئۆتۈپ، سۇلتان مەھمۇدنى مەغلۇپ قىلدى. سۇباشى تېكىن بەلخنى ئەمدى قولغا چۈشۈرۈپ تۇرغىنىدا ئارسلان تېكىن، غايەت زور بىركۈچ بىلەن سۇلتان مەھمۇدنىڭ ياردىمىگە يېتىشىپ كېلىپ، قىسقا بىر توقۇنۇشتىن كېيىن، چاغرى تېكىن مەغلۇب بولدى ۋە بەلخ قايتىدىن سۇلتان مەھمۇدنىڭ قولىغا ئۆتتى. چاغرى تېكىن ئەسكەرلىرىنى ئىنتىزام بىلەن ئۆگۈزدىن ئۆتكۈزۈپ، تىرمىزگە كېلىپ توختىدى. شۇنىڭ بىلەن بۇقېتىمقى ئۇرۇش ئاياغلاشقان بولدى.

## قاراخان يۈسۈپ قېدىرخان بىلەن سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋى ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇش

يۇقىرىقى ئۇرۇشتىن كېيىن، سۇلتان مەھمۇد غەزنىۋى ھەدەپ چېگرا غا ئەسكەر توپلىغىلى باشلىدى. بۇنىڭدىن ئەندىشەلەنگەن قاراخان يۈسۈپ قېدىرخان، سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋى بىلەن ئۇرۇشۇش قارارىغا كەلدى. ھىجرى 398 ـ (مىلادى 1007 ـ) يىلى يۈسۈپ قېدىرخان زور بىرقوشۇن بىلەن قەشقەردىن يۈرۈش قىلدى ۋە شىمال ئىلىكخانى تۇغان ئىلىكخانىنى دەرھال ئۆز قوشۇنلىرىنى ئېلىپ، سەمەرقەنتكە بېرىشقا بۇيرۇدى. قاراخان يۈسۈپ قېدىرخان، تۇغان ئىلىكخان ۋە ئەلى ئىلىكخانلار سەمەرقەنتتە ئۇچرىشىپ، 50 مىڭ كىشىلىك غايەت ھەشەمەتلىك بىرقوشۇن بولۇپ تەشكىللەندى ۋە

ئۆگۈزدىن ئۆتۈپ بەلخنى ئىشغال قىلدى. بۇ ۋەزىيەتتە سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋىمۇ 500 پىلنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىنتايىن ھەيۋەتلىك قوشۇن بىلەن كېلىپ بەلختىن 8 مىل ئۇزاقلىقتىكى كەتەر دېگەن سايدا توختىدى[51]. شۇنىڭ بىلەن قاراخان يۈسۈپ قېدىرخان ۋە سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋىنىڭ ئەسكەرلىرى بىر بىرىگە قارشى كەتەر سېيىدا سەپ تارتىشتى. قاراخانلار قوشۇنىنىڭ قەلب (قول) قىسمىداقاراخان يۈسۈپ قېدىرخان ، مەيمەنە(ئوڭ) دا ئەلى تېكىن ئىلىكخان، مەيسەرە(سول) دا چاغرى تېكىن سەپ تارتتى. سۇلتان مەھمود، ئىنىسى نەسرنى ۋە جۇرجان ۋالىيسى ئەبۇنەسرنى قولغا، ئالتۇنتاشنى ئوڭغا ۋە ئارسلان جازىپنى سولغا يەرلەشتۈردى ۋە سەپنىڭ ئالدىغا 500 پىلنى قاتار تۇرغۇزۇپ، ئىستىھكام قىلدى. مانا ، بۇ پىلان بىلەن ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئىككى دەھشەتلىك قوشۇن ئوتتۇرىسىدا ھىجرى 398۔ (مىلادى 1008 ۔) يىلى 22 ۔ رەبىئىسسانى كۈنى ئۇرۇش باشلاندى. سۇلتان مەھمۇدنىڭ پىللىرى قاراخانلارغا خېلى زىيان يەتكۈزگەن بولسىمۇ ئەلى ئىلىكخان 500 ئەسكىرى بىلەن پىللەرگە ھۇجۇم قىلىپ پىللەرنى قاچۇردى ۋە سۇلتان مەھمۇد نىڭ ئەسكەرلىرى چېكىندى. كەچتە سۇلتان مەھمۇد پۈتۈن ئەسكەرلىرىنى توپلاپ، پىللەرنى ئالدىغا سېلىپ، قاراخانلار قوشۇنىنىڭ «قول» قىسمىغا ھۇجۇم قىلدى. پىللەر ئالدىنقى قاتاردىكى ئەلەمدار لاردىن بىرقانچىسىنى يىقتتى. سەپنىڭ ئارقىسىدا، ئېھتىيات قىسملىرىنىڭ قوماندانى بولغان تۇغان ئىلىكخان بۇنى كۆرۈپ، ئەسكەرلىرىنى ئېلىپ ئارقىغا قاراپ قاچتى. بۇنى كۆرگەن تۈرك ئەسكەرلىرى بىردىن قالايمىقانلىشىپ، ئىنتىزامسىزلىق يۈز بەردى. بۇ پايدىسىز ۋەزىيەتنى كۆرگەن قاراخان، ئەسكەرلىرىنى بەلخقە چېكىنىشكە بۇيرۇق قىلدى. ئۆزى كەچتە ئۇرۇش پەسەيگەندە بەلخگە قايتتى ۋە ئەسكەرلەرنى توپلاپ، ئىنتىزام بىلەن چېكىنىپ، ئۆگۈزدىن ئۆتتى. تارىخچىلاربىردەك، بۇ قېتىمقى مەغلۇبىيەتنىڭ بىردىن ـ بىرسەۋەبى تۇغان ئىلىكخاننىڭ سەۋەپسىز قېچىشى دەپ قارايدۇ. يەنە بەزى تارىخچىلار، توغان خان بىلەن سۇلتان مەھمۇد مەخپى ئالاقىلىشىپ پۈتۈشكەن ۋە ئۇرۇش مەيدانىنى سەۋەپسىز تاشلاپ قاچقان دەپ رىۋايەت قىلىشىدۇ. سۇلتان مەھمۇد مۇشۇنچىلىك غەلىبىدىن خوشاللىنىپ، قاراخاننىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ ماڭىسا، ئۆزىنىڭ ئېغىر بىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچرايدىغانلىقىنى سېزىپ، قاراخان ئۆگۈزدىن ئۆتۈپ بولغىچە كەتەر سېيىدا مىدىرلىماي جىم تۇرغان.

## قاراخان يۈسۈپ قېدىرخان بىلەن سۇلتان مەھمۇد ئارىسىدا كېلىشىم

يۇقىرىقى ئۇرۇشتىن كېيىن سۇلتان مەھمۇد، يۈسۈپ قېدىرخاننىڭ يەنەبىر ھۇجۇمىنىڭ ئاقىبىتىدىن قاتتىق قورقۇپ، قاراخان يۈسۈپ قېدىرخانغا، ئەلى ئىلىكخان ئىلىكخانغا ۋە توغان ئىلىكخانغا باشقا ـ

[51] 8 مىل دېگىنىمىز 12 كىلومېترغا تەڭ ( ن. ش. ھ. ).

باشقا خەت يېزىپ، ئەلچىلەر ئەۋەتكەن ۋە ئۇلار بىلەن سۈلھى قىلىپ، تېنچلىق ئورنۇتۇشنى تەلەپ قىلغان. يۇسۇپ قېدىرخان بۇنى رەد قىلغان بولسىمۇ، ئۇ، ئۇرۇشتىن سۈلھىنى ياخشى كۆرەتتى. ئەلى ئىلىكخان ئۇرۇش تەرەپدارى ئىدى. توغان ئىلىكخان سۇلتان مەھمۇدنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىپ، ئۆزئالدىغا پۈتۈشتى ۋە ھىجرى 400 (مىلادى 109) ـ يىلى سۇلتان مەھمۇد قا بىۋاستە ئەلچى ئەۋەتىپ، مۇناسىۋەت باغلىدى. يۇسۇپ قېدىرخان ئۆتكەنكى ئۇرۇشتا قاراخانىلارنىڭ مەغلۇپ بولىشىغا سەۋەبچى بولغانلىقىدىن، تۇغان ئىلىكخاندىن قاتتىق نارازى ئىدى. بۇقېتىم مۇستەقىل ھۆكۈمداردەك ئۆزئالدىغا ئىش قىلىپ، سۇلتان مەھمۇد بىلەن پۈتۈشكەنلىكىگە تېخىمۇ غەزەپلىنىپ، ئۇنىڭ جاجىسىنى بېرىش ئۈچۈن، ئاكىسى ئەلى ئىلىكخاننى (ھىجرى 401 ـ يىلى قىشتا) سەمەرقەنتتىن بالاساغۇنغا يوللىدى.

قاتتىق سوغۇق ۋە قار ياغقانلىقتىن، ئەلى تېكىن ئۆزكەنتتىن ئۆتەلمەي تۇرۇپ قالدى. بۇ يۈرۈشتىن خەۋەر تاپقان سۇلتان مەھمود دەرھال يۇسۇپ قېدىرخانغا ئەلچى ئەۋەتىپ، ئۇنىڭغا ماقۇل كېلىدىغان مۇۋاپىق شەرتلەر ئاساسىدا سۈلھى قىلىشنى تەكلىپ قىلدى ۋە تۇغان خاننىڭ خاتالىقىنى ئەپۇ قىلىشنى سورىدى. يۇسۇپ قېدىرخان بۇ شەرتلەرنى ئۆزىگە پايدىلىق ۋە مۇۋاپىق دەپ بىلىپ، قوبۇل قىلدى. ئەلى ئىلىكخان تېكىننى سەمەرقەنتكە قايتىشنى بۇيرۇپ، ئۆزىمۇ ئۆزكەنتتىن سەمەرقەنتكە قايتتى. بۇندىن كېيىن، يۇسۇپ قېدىرخان ۋە سۇلتان مەھمۇد ئوتتۇرىسىدا ھەمدە بۇلاردىن كېيىنكى ئەۋلادلىرى ئوتتۇرىسىدىمۇ بۇ دوستلۇق مۇناسىۋەت داۋام قىلدى.

## تۇغان ئىلىكخان ۋە ختاي ئۇرۇشى

ھىجرى 408 ـ ( مىلادى 1018) ـ يىلى ختاي[52] ئىسىملىك تۈرك قەبىلىسى (بۇلار ھەققىدە مۇناسىۋەتلىك بۆلۈمدە تەپسىلى توختىلىمەن) يۈزمىڭ ئاتلىق قوشۇن بىلەن ئالتاي تاغلىرىنى ئېشىپ، شەرقىي تۈركىستانغا ھۇجۇم قىلدى. «ئىككى ئۆگۈز» (ھازىرقى ئالتاي ۋىلايىتى) ۋە ئىمىل قاتارلىق جايلارنى ئىشغال قىلىپ ئىلىغا قاراپ، ئىلگىرىلەپ ئىلى دەرياسى بويىغا يېقىنلاشتى . تۇغان ئىلىكخان ئۇ كۈنلەردە قاتتىق كېسەل بولغانلىقتىن، ختايلارنىڭ ئالدىنى توساش ئۈچۈن يوللىغان ئەسكەرلىرىنىڭ مەغلۇبىيىتىنى ئاڭلاپ، كۆپ، غەمكىن بولغان ۋە خۇداغا يىغلاپ ئۆزىگە شىپا تىلىگەن. بىر كېچىدە تۇغان خان شىپا تېپىپ، قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ماغدۇرىغا كەلدى. قاراخانىدىن ۋە باشقا تەرەپلەردىن بالاساغۇنغا كەلگەن ياردەملەر بىلەن كۈچىنى ئاشۇرۇپ، ختايلارنىڭ ئۈستىگە يۈردى ۋە ئۇلارنىڭ

52 بەزى تارىخ تەتقىقاتچىلىرىغا كۆرە «قىتان»، «قىتاي» ۋە «ختاي» دېگەنلەر بىرئىسىم بولۇپ، تارىختا تەلەپپۇزى ئۆزگىرىپ كەلگەن، ھازىرختاي دېيىش ئومۇملاشقان. قىتان، قىتاي ياكى ختايلار ھۇنلار تويلۇمىدىكى غەيرى تۈركلەر كاتېگورىيەسىدە كۆرسىتىلىدۇ. ئە. بايتۇر ،721 ـ بەت، ھ . نۇر ھاجى 172 ـ بەت(ن . ش . ھ .).

كۆپ قىسمىنى ئۆلتۈرۈپ، قاچقانلىرىنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ ئىملىغا باردى. 10 مىڭدىن كۆپرەك خىتايىنى ئەسىرئالدى. قالغانلىرىنى قوغلاپ ئالتاي تاغلىرىدىن ئۆتكۈزۈۋېتىپ قايتتى. بۇقېتىمقى ئۇرۇشتا ھېساپسىز چارۋا مال غەنىمەت ئېلىنغانلىقى رىۋايەت قىلىندۇ.

بۇ غالىبىيەتتىن ئاز ۋاقىت ئۆتۈپ، تۇغان ئىلىكخان ۋاپات بولدى. ئورنىغا ئىنىسى ئارسلان خان شىمالىي تۈركىستانغا ئىلىكخان بولدى. بۇ زاتنى ئەرەب تارىخچىلىرى «ئارسلان ئەلئاسىم» دەپ يازىدۇ. بىر رىۋايەتتە، يۇقىرىقى خىتاي ئۇرۇشى مانا شۇ ئارسلانخان زامانىسىدا يۈزبەرگەن دېيىلىدۇ. لېكىن، تارىخچىلارنىڭ كۆپچىلىگى يۇقىرىقى رىۋايەتنى تەستىقلىماقتا. بۇمەغلۇبىيەتتىن كېيىن، خىتاي دۆلىتى قاراخانغا باج ـ سېلىق تۆلەش شەرتى بىلەن نەۋە بولۇپ تۇرغان.

## ئىلىكخان دېگەن ئاتالغۇ توغرىسىدا

تولاراق ئىسلام تارىخ كىتابلىرىدا قاراخانلار دۆلىتىنى، ئىلىكخانلار دۆلىتى دەپ ئاتاپ، بۇ دۆلەتنى «ئۆز زامانىسىنىڭ ئەڭ مۇھىم ۋە كۈچلۈك ئىسلام دۆلىتى» دەپ تەرىپلەيدۇ. ئىلىكخانلارنىڭ ۋەقەلىرىنى بەزىدە تەپسىلى بايان قىلىسىمۇ بەزىدە ناھايىتى مۇجمەل سۆزلەپ ئۆتۈپ كېتىدۇ. لېكىن«ئىلىكخان»لارنىڭ ئۇنۋانى (مەرتىبىسى) نىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى، بۇ ئۇنۋان بىلەن ئاتالغان زاتلارنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ بىرقانچە مەركەزلەردە ھۆكۈمرانلىق قىلغانلىقلىرىنى، ھەرخىل زامانلاردا ئۆتكەن بىرقانچە زاتنىڭ بىر كىشىمۇ ياكى باشقا ـ باشقا كىشىلەرمۇ ئىكەنلىكىنى ۋە بىر دۆلەت خاندانى مۇئەسسىسى ئىكەنلىكىنى ئىسلام تارىخچىلىرىنىڭ تولىسى بىلمەيدۇ. نەتىجىدە كۆپ جايدا بۇ ھەقتە ئېغىر گۇمان بەيدا قىلىپ قويىدۇ. تۆۋەندە بۇ تارىخچىلارنىڭ سۆزلىرىدىن نەقىل كەلتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدىغان تەرەپلىرىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەندىن كېيىن، ئۆزەمنىڭ تەتقىق قىلىپ، ھاسىل قىلغان نەتىجەمنى ئۆتتۈرىغا قويۇمەن.

« ئىلىكخان ھىجرى 407 ـ (مىلادى 1016 ـ) يىلى ماۋەرائۇننەھرنىڭ بەزى مەنتىقەلىرىدە ھۆكۈمرانلىق قىلاتتى (بەيھەقى، 744 ـ بەت).

«ئىلىكخان ھىجرى 403 ـ(مىلادى1012 ـ) يىلى ۋاپات بولدى» (ئۇتبى، 291 ـ بەت)

«ئىلىكخان ھىجرى 407 ـ يىلىغىچە ھايات ئىدى» (موسيۇساچىۇ ، خارەزىم تارىخى، 2 ـ توم 120ـ بەت).

«ئىلىكخان» دېگەن كەلىمە، تۈركىستان خاقانى تەرىپىدىن سەمەرقەنت ۋە بۇخاراغا ۋالىي بولغان كىشىنىڭ لەقىمى ئىدى. بەزىلەرگۇمان قىلغاندەك ئىلىكخان خاقان ئەمەس» (رەۋزەتۇسسەفا ، 777 ـ بەت).

رەۋزەتۇسسەفانىڭ يەنە بىر يېرىدە «تارىخلاردا مەشھۇربولغان ئىلىكخانىنىڭ ئىسمى ئەلى تېكىن ئىدى» دەپ يېزىلغان.

ستانلېي لېنپول ئۆزىنىڭ «ئىسلام ھۆكۈمدارلىرى شەجەرىسى» دېگەن ئەسەرىنىڭ «ئىلىكخانلار دۆلىتى» دېگەن بۆلۈمىدە قاراخانلارنى، غەرب ئىلىكخانلىرىنى، ۋە شىمال ئىلىكخانلىرىنى بىر - بىرىدىن ئايرىماستىن ئارىلاشتۇرۇپ، بىر سۈرەتتە ئۇلارنىڭ ئىسىملىرىنى، تەختكە چىققان ۋە ۋاپات بولغان تارىخلىرىنى يازغان. بۇنىڭدا ئەينى زاماندا بىرقانچە ئىلىكخانلارنىڭ بارلىقىنى كۆرىمىز.

«ئەلى تېكىن بۇخاراغا ھۆكۈمران بولغان ئىلىكخانلاردىن ئىدى. ئۇ تۇغان خاننىڭ ئىنىسى، بۇغراخاننىڭ بۇرادەر زادىسى(جىيەنى) ۋە سۇلتان مەھمۇد غەزنىۋى ۋە قاراخان يۈسۈپ قېدىرخانلارنىڭ زامانداشى ئىدى» (بىرتانىيە ئىسلام ئانسىكلوپېدىيىسى،297 - بەت).

«ئەلى تېكىن، قېدىرخاننىڭ دادىسىنىڭ بۇرادەرزادىسى(جىيەنى) ئىدى» ( مەجمەئەل ئەنساب، 297 - بەت).

« ھىجرى 462 - يىلى سۇلتان مەسئۇدنىڭ ھوزۇرىغا ئىلىكخاننىڭ ئەلچىسى كەلدى. مەن (بەيھەقى) ئۇ مەجلىستە ھازىر ئىدىم. سۇلتان مەسئۇد ئەلچىدىن، بۇرادىرىم ئىلىكخاننىڭ ئەھۋالى قانداق؟ دەپ، سورىدى. بۇ ئىلىكخان مەقسۇد ئەننىڭ ئوغلى ئىدى» (بەيھەقى، 431 - بەت).

«ئەلى تېكىن بۇخارايى نىڭ ئىنىسى تۇغانخان. قېدىرخان بىلەن ئىلىكخاننىڭ تەختىنى تالىشىپ، ھىجرى 414 - يىلى ئۇرۇشتى ۋە تۇغان خان غەلىبە قىلىپ. ئىلىكخاننىڭ پايتەختى بالاساغۇننى ئىگىلىۋالدى» (بەيھەقى، 655 - بەت).

« ئىلىكخان ھىجرى 403 - يىلى ئۆلدى. ئورنىغا ئىنىسى ئەھمەد تۇغانخان چىقتى. ئەھمەد توغانخان ھىجرى 408 - يىلى ۋاپات بولۇپ، ئورنىغا ئىنىسى ئەبۇ مەنسۇرئارسلانخان تەختكە چىقتى ۋە قىزىنى سۇلتان مەھمۇدنىڭ ئوغلى مەسئۇتقا بەردى. ھىجرىنىڭ 414 - يىلى ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇنىڭ تەختىنى تالىشىپ قېدىرخان ۋە ئەلى تېكىن بۇخارائى نىڭ ئىنىسى توغانخان ئۇرۇشتى. نەتىجىدە، تۇغانخان غەلىبە قىلىپ مەرھۇم ئارسلانخاننىڭ پايتەختى بالاساغۇننى ئىگەللىدى.» (ئىبنۇلئەسىر، 2 - توم، 210 - بەت).

ئۇتبىمۇ ئوز ئەسەرىنىڭ 293 - 294 - بەتلىرىدە ئىبنۇلئەسىرگە ئوخشاش زىكىرقىلىدۇ. مانا بۇلار بىرقىسىم قەدىمكى ۋە ھازىرقى زامان ئىسلام تارىخلىرىدىكى كىشىنى شۈبھىلەندۈرىدىغان بايانلار. ۋە يەنە بىرقانچە ئىسلام تارىخلىرىدا «ئىلىكخان» دېگەن سۆزنى بىرتۈرك پادىشاسىنىڭ ئىسمى دەپ كۆرسىتىدۇ ۋە بۇلارغا ئائىت ۋەقەلىكلەرنى ئىنتايىن تۇراقسىز ۋەئىشەنچسىز بايان قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ كىتابلاردىكى بايانلارنى بۇيەردە يېزىپ ئولتۇرمىدۇق.

يۇقىرىقى تارىخچىلارنىڭ شۈبھە تۇغدۇرىدىغان بۇ بايانلىرى ئۇلارنىڭ ، قاراخانلارنىڭ دۆلەت قۇرۇلۇشى، ماھىيىتى ۋە دۆلەت تەشكىلاتى ھەققىدە تولۇق مەلۇماتلىرى بولمىغانلىقلىرىدىن كېلىپ چىققان . چۈنكى، ئۇلارنىڭ كۆپچىلىگى تۈركىستاننىڭ ئەسلى ھۆكۈمدارلىرىنىڭ قەشقەردىكى «قاراخان» لار ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ ھۆكۈمەت شەكلىدىكى ئۆزلىرىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرى ۋە «ئىلىكخان» ئۇنۋانلىق كىشلەرنىڭ مەزكۇر قاراخان تەرىپىدىن مەملىكەتنىڭ شىمال ۋە غەرب قىسمىغا

تەيىنلىنىپ كەلگە ئومۇمىي ۋالىيلىرى ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ. قاراخانلار دۆلىتىنىڭ دۆلەت تەشكىلاتىغا ئۇيغۇن ئىلىكخانلار ئالاھىدە ھوقۇق ۋە سالاھىيەتكە ئىگە بولغان ۋالىيلىرى ئىكەنلىكىنى بىلمىگەنلىكتىن، ئۇلارنى ئۆزئالدىغا مۇستەقىل بىر ھۆكۈمداردەپ گۇمان قىلىشقان. مەن بۇ ھەقتە ئۇزۇن مۇددەت تەكشىرىپ ـ تەتقىق قىلىشنى ئېلىپ بېرىپ بۇخاتالىقنى تۈزىتىش ئۈچۈن، ئاز بولسىمۇ ھەقىقىي ماھىيەتنى بىلىشكە مۇۋەپپەق بولدۇم. بۇلارنى مۆھتەرەم كىتابخانلارغا تۆۋەندە قىسقىچە ئوتتۇرىغا قويىمەن؛

قاراخانلار دۆلىتى كۈچلىنىپ، تېررىتورىيەسى كېڭەيگەندىن كېيىن. ئىككى يەردە مەركەز قۇرۇلدى. بىر مەركىزى، ئەسلى پايتەختى قەشقەر شەھەرى ئىدى ۋە قاراخان تولاراق بۇ يەردە تۇرۇپ، ئالتى شەھەر خانلىقلىرىنى ئۆزى بىۋاستە باشقۇراتتى. ئىككىنچى مەركىزى بالاساغۇن ئىدى. ئۇ يەردە قاراخان خانىدانىدىن بىر تېكىن قاراخاننىڭ نايىبى يەنى، ياردەمچىسى بولۇپ، ئومۇمىي ۋالىيلىق سۈپىتى بىلەن تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدىكى تۈرك خانلىقلىرىنى ئىدارە قىلاتتى. بۇلار «ئىلىكخان» دەپ ئاتىلاتتى.

ھارۇن بۇغراخان غەربىي تۈركىستاننى ئىگىلىگەن چاغدا، ئۇجايلارنى ئىدارە قىلىش ئۈچۈن قېرىندىشىنىڭ ئوغلى ئەلىنى ئومۇمىي ۋالىي قىلىپ تەيىنلىدى ۋە ئۇنىڭغىمۇ «ئىلىكخان» دېگەن ئۇنۋانىنى بەردى. بۇنىڭ بىلەن ئىككى ئىلىكخان مەيدانغا چىقتى. بۇلاردىن بىرى شىمال ئىلىكخان ئىدى. بۇنىڭ مەركىزى بالاساغۇن بولۇپ، تەڭرى تاغلىرىنىڭ شىمالى ۋە ئىنجە (سىر) دەرياسىنىڭ شەرقىدىكى ئۆلكىلەرنى قاراخانغا ۋاكالىتەن باشقۇراتتى. يەنە بىرى غەرب ئىلىكخانى ئىدى. بۇنىڭ مەركىزى سەمەرقەنت بولۇپ، ئىنجە ۋە ئۆگۈز ئارىسىدىكى، ئەرەبلەر«ماۋەرائۇننەھر» دەپ ئاتايدىغان يەرلەرنى قاراخانغا ۋاكالىتەن ئىدارە قىلاتتى. يۇقىرىدىكى تارىخچىلاردىن ئۇتبى، ئىبنۇلئەسىر ۋە ساچۇنىڭ رىۋايەتلىرى ۋە بەيھەقىنىڭ 1ـ ۋە 3 ـ رىۋايەتلىرى شىمال ئىلىكخانلىرىغا تېگىشلىكتۇر. «رەۋزە تۇسسەفا»، «ئىسلام ئانسىكلوپېدىيەسى» ۋە «مەجمەئەلئەنساب» رىۋايەتلىرى ۋە بەيھەقىنىڭ 2 ـ رىۋايىتى غەرب ئىلىكخانلىرىغا ئائىتتۇر. غەرپ ئىلىكخانلىرىنىڭ بىرىنچىسى ئەلى تېكىن ئىلىكخان بولۇپ، سامانى دۆلىتىنى يىقىتقان، سۇلتان مەھمۇد غەزنىۋى بىلەن مۇناسىۋەت باغلىغان ۋە كېيىنچە سۇلتان مەھمۇد بىلەن ئۇرۇشقان ، مانا شۇ ئەلى ئىلىكخان. شۇنداقلا، تۆۋەندە بايان قىلىنىدىغان سەۋەپلەر بىلەن يۈسۈپ قېدىرخانغا ئاسىلىق قىلىپ، سولتان مەھمۇد ۋە يۈسۈپ قېدىرخانلارنىڭ بىرلەشكەن كۈچىنىڭ ھۇجۇمىدىن قېچىپ. سەلچۇق ئوغۇللىرى بىلەن بەزىدە بىرلىشىپ، بەزىدە دۈشمەنلىشىپ تۇرغانمۇ شو ئەلى ئىلىكخان. كېيىنچە غەربىي تۈركىستاننى قايتا ئىشغال قىلىۋالغاندىن كېيىن، سۇلتان مەھمۇد ۋە يۈسۈپ قېدىرخاننىڭ بىرلىكتە قوشۇن يوللىغانلىقىنى ئاڭلاپ، قورقۇپ يۈسۈپ قېدىرخاندىن ئەپۇ سوراپ، قايتىدىن ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلغان ئەلى ئىلىكخانمۇ ئەنە شۇئەلى ئىلىكخان. بەزى ئىسلام

تارىخچىلىرى بۇ ئەلى ئىلىكخاننى باشقا بىركىشى دەپ گۇمان قىلىشىدۇ. بەزىلىرى ئەلى ئىلىكخاننى بۇخارالىق بىركىشى ۋە ساماني دۆلىتىنىڭ ئادەملىرىدىن بىرسى ئىدى دەپ تېخىمۇ زور بىرخاتا چۈشەنچىدە بولغان. بۇ خىل چۈشەنچىنىڭ مەنبەئى، ئەلى ئىلىكخان يۈسۈپ قېدىرخانغا ئاسىلىق قىلىپ تۇرغان چاغلىرىدا، قاراخان دۆلەت ئەربابلىرى ۋە ۋەقە نوۋىسلەر ئۇنى «ئەلى تېكىن» دەپ ئۇنىڭ ئىسمىغا ئىلىكخان دېگەن سۆزنى قوشمايدىغان بولغان. سۇلتان مەھمۇدمۇ ئۇنىڭ يۈسۈپ قېدىرخانغا ئاسى بولغانلىقىدىن ئۇنى ئىلى خان دەپلا ئاتايتتى. خەلق ئىچىدىمۇ ئەلى ئىلىكخان ھەققىدە ئۇنى ئاسىلىق بىلەن ئەيىبلەيدىغان تەشۋىقات تارالغانىدى. ھەقىقىي ئەھۋالنى بىلمىگەن بەزى تارىخچىلار بۇ ئەلىخاننى، ئەلى تېكىن ئىلىكخاندىن باشقا بىركىشى دەپ ئويلىغان ۋە يۇقىرىقىدەك خاتا چۈشەنچىلەر ئېغىزدىن ئېغىزغا تارقىلىپ يۈرگەن.

## ئىلىكخانلارنىڭ قاراخانلىققا ئاسىلىق قىلغانلىقى

ھىجرى 414ـ ( مىلادى1023ـ) يىلى شىمال ئىلىكخانى ئەبۇ مەنسۇرئارسلانخان ۋاپات بولۇپ، ئورنىغا قاراخان خاندانىدىن «تۇغان خان» ئىسىملىك بىرتېكىن ئىلىكخان بولدى. لېكىن، بۇكىشى ئىلىكخان بولغان كۈنىدىن باشلاپ، قاراخان يۈسۈپ قېدىرخاننىڭ بۇيرۇقلىرىغا بويسۇنماي ئىتائەتسىزلىق قىغىلى باشلىدى. يۈسۈپ قېدىرخان بۇنىڭ ئەدىپىنى بېرىش ئۈچۈن، قەشقەردىن بالاساغۇنغا يۈرۈش قىلدى. تۇغان خان قاتتىق تۇرۇپ، قارشىلىق كۆرسەتكەنلىكى نەتىجىسىدە يۈسۈپخان مەغلۇپ بولدى ۋە بالاساغۇننى تاشلاپ، قەشقەرگە يېنىپ كەلدى.

غەرب ئىلىكخانى ئەلى ئىلىكخان، يۈسۈپ قېدىرخاننىڭ مەغلۇب بولغانلىقىنى كۆرۈپ، يۈسۈپ قېدىرخاننى يىقىتىپ، ئۇرنىغا قاراخان بولۇش خىيالىغا چۈشتى ۋە جۇند ۋىلايىتىدىكى سەلجۇق قەبىلىسىنىڭ باشلىقى ئارسلان يابغۇ بىلەن بىرلىشىپ، قاراخان يۈسۈپ قېدىرخانغا قارشى ئىسيان كۆتەردى. يۈسۈپ قېدىرخان ئۇنى جازالىماق ئۈچۈن ئەسكەر يوللىغان بولسىمۇ بۇ ئەسكەرلەر مەغلۇب بولۇپ قايتىپ كەلدى. بۇ ۋەقەلەر ھىجرى 514 ـ( مىلادى 1120 ـ) يىلىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا يۈزبەرگەن.

## قاراخان يۈسۈپ قېدىرخان بىلەن سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋىنىڭ كۆرۈشكەنلىكى

ئەلى ئىلىكخان قاچقاندىن كېيىن سۇلتان مەھمۇد ۋە يۈسۈپ قېدىرخان سەمەرقەنتكە كېلىپ، كۆرۈشۈشكە قارارقىلىشتى. سۇلتان مەھمۇد سەمەرقەنتكە بۇرۇنراق كەلدى. يۈسۈپ قېدىرخان

ھىجرى 416، سەپەرئېيىنىڭ 29 ـ كۈنى( مىلادى 1025 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى) سەمەرقەنتكە كىردى. بۇ ئىككى بۈيۈك شەۋكەتلىك تۈرك ئىسلام ھۆكۈمدارلىرى تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن بىر دەبدەبىلىك مۇراسىم بىلەن كۆرۈشتى. تارىخچىلاردىن بەيھەقى ۋە گەردىزى ئۆز كىتابلىرىدا بۇ كۆرۈشۈشنى تەرىپلەپ، مۇراسىمنىڭ سەلتەنەتلىكلىكىنى، ئۆز ئارا تەقدىم قىلىشقان سوغاتلار نىڭ كۆپلىكى، نەفىسلىكىنى ۋە نەچچە خەزىنىنى تولدۇرغىدەك قىممەت باھالىق ئىكەنلىكىنى تەپسىلاتى بىلەن يازغان. تەپسىلى مەلۇمات ئۈچۈن يۇقىرىقى ئىككى ئەسەردىن باشقا بارتولدنىڭ « ئىران تارىخى ۋە جۇغراپىيەسى» دېگەن ئەسىرىگە قاراڭ.

بۇ تارىخىي كۆرۈشۈش بىرقانچە كۈن داۋام قىلدى. بۇ جەرياندا ئىككى دۆلەت ھۆكۈمدارلىرى ئىككى مۇھىم بىتىمنامىگە قول قويۇشتى. بۇلاردىن بىرى لازىم بولغاندا بىر ـ بىرلىرىگە ئەسكىرىي ياردەمدە بولۇش ۋە قوللاش. يەنە بىرسى، تۈركىستان ۋە خوراسان بۇ ئىككى دۆلەتنىڭ خەۋپسىزلىكىگە تەھدىت سېلىۋاتقان سەلچۇق ئوغۇللىرىنىڭ كۆچىنى يوقىتىش. بۇنىڭ ئۈچۈن، ئىككى دۆلەت بىرلىكتە ئۇلارنى تەۋەلىرى بىلەن قوشۇپ ئىران، تۈركىستان ۋە خوراساننىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا تارقىتىۋېتىشنى قارارقىلدى. ئۇندىن باشقا بۇ دوستلۇق مۇناسىۋەتلىرىنى تۇغقانلىق رىشتىسى بىلەن تېخىمۇ مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، غايەت ھەشەمەتلىك ئىككى توي مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى. بۇلاردىن بىرى يۈسۈپ قېدىرخاننىڭ ئوغلى مەھمۇد ياغان تېكىنگە سۇلتان مەھمۇدنىڭ قىزى زەينەپ خاتۇننى نىكاھ قىلدى. يەنەبىرى سۇلتان مەھمۇدنىڭ ئوغلى شاھزادە مۇھەممەدگە يۈسۈپ قېدىرخاننىڭ قىزىنى نىكاھ قىلدى. بۇ مۇھىم ئىشلىرنى تۈگىتىپ، سۇلتان مەھمۇد غەزنىگە قايتتى. بۇ ئاردا تۇغان خان يۈسۈپ قېدىرخاندىن ئەپۇ تىلەپ، بويسۇندى.

## شەرقىي تۈركىستاندا
## ئىسيان

قاراخان يۈسۈپ قېدىرخاننىڭ سەمەرقەنتكە يۈرۈش قىلىشى بىلەن شەرقىي تۈركىستاندىكى ئەسكىرىي كۈچىنىڭ تولاراقى غەربىي تۈركىستانغا يۆتكەپ كېتىلگەندى. بۇ ۋەزىيەتنى پۇرسەت دەپ بىلگەن خوتەن خانى ۋە ئۇيغۇر ئىدىقۇتى ئىسيان كۆتەردى. ئۇچاغدا خوتەندە مۇسۇلمان بولمىغانلارنىڭ سانى كۆپ ئىدى. خوتەن ئىسيانچىلىرى قاراخاننىڭ خوتەندىكى مەمۇرىي ۋە ھەربىي ئادەملىرنى يوقىتىپ، تاقىۋېتىلگەن «بۇرخان ئۆي» يەنى، بۇددا بۇتخانىلىرنى يېڭىباشتىن ئېچىپ، بۇددا ۋە شامان دىنىنىڭ ئىبادەتلىرنى باشلىۋەتتى. يەنە بىرتەرەپتىن ئۇيغۇر ئىدىقۇتى مۇستەقىللىق ئېلان قىلدى ۋە ھىجرى 417ـ (مىلادى 1026 ـ) يىلى سۇلتان مەھمۇتقا ئەلچى ئەۋەتىپ، قاراخان يۈسۈپ قېدىرخانغا قارشى بىركېلىشىم تۈزۈشنى تەلەپ قىلغان بولسىمۇ سۇلتان مەھمۇد بۇنى رەت قىلدى.

گەردىزى ئۆزىنىڭ «زەينۇل ئەخبار» ئىسىملىك تارىخ كىتابىدا، يۇقىرىدا بايان قىلىنغان تارىختا «خىتاي خانىمۇئىدىقۇتنىڭ ئەلچىسى بىلەن بىرئەلچى ئەۋەتىپ سۇلتان مەھمۇد نى قاراخان يۈسۈپ قېدىرخانغا قارشى كۈشكۈرتمەكچى بولغاندا سۇلتان مەھمۇد بۇنى قەتئىي رەت قىلغان» دەپ يازىدۇ.

شەرقىي تۈركىستاندا بۇ ھادىسىلەر يۈزبەرگەن چاغدا، قاراخان يۈسۈپ قېدىرخان تېخى سەمەرقەنتتە ئىدى. بۇخارا ۋە سەمەرقەنت خەلقى ئىچىدە ئىسلام ئۈچۈن، غازاتقا چاقىرىق قىلىپ، تەخمىنەن 20,000 كىشىلىك قوشۇن توپلاپ بىرقىسىم دىنى ئالىملار ۋە سېيدلەرنىڭ رەھبەرلىكىدە شەرقىي تۈركىستانغاچوڭ بىرغازات قوشۇنى يوللىدى. (بەزى مۇھىم ئىشلىرى سەۋەبىدىن ئۆزى سەمەرقەنتدە قالغان) بۇ قوشۇن قەشقەرگە كېلىپ، ھىجرى 416(مىلادى 1025)- يىلى رەبىئۇسسانى ۋە ياكى جامادىل ئاخىرئايىدا خوتەنگە ماڭدى. شەھەر ئىچىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ياردىمى بىلەن شەھەر ئۆگاي پەنھى بولغان بولسىمۇ مۇسۇلمان بولمىغان بۇددىست خوتەنلىكلەر شەھەرنى تاشلاپ، قېچىپ تاغلىق رايونلارغا بېرىپ توپلاندى ۋە قارشىلىق كۆرسىتىشكە باشلىدى. مۇسۇلمانلار قوشۇنى ئۇلارنى تاغ ئارىلىرىدا قوغلاپ يۈرۈپ ئۈرۈشتى. ئەمما، بۇددىستلار بۇلارنى تاغ جىلغىلىرى ئارىسىدا ئېزىقتۇرۇپ يۈرۈپ، قوشۇننى پارچىلاپ ھۇجۇم قىلىپ، ھەممىسىنى شېھىت قىلىپ تۈگەتتى. خوتەندىكى « تۆت ئىمام زەبھۇللاھ» ھېكايىسىنىڭ ئەسلى مانا بۇ ۋەقەلىكتىن ئىبارەت. بۇ ۋەقەلەر يۈزبەرگەن كۈنلىرى (يەنى شابان ئايىدا) يۈسۈپ قېدىرخان، قەشقەرگەكېلىپلا خوتەنگە يۈرۈش قىلدى. ئىسيانچىلارنى پۈتۈنلەي يوقاتتى. خوتەن خانى مۇسۇلمان بولۇپ، تولۇق ئىتائەتكە كىردى. ئىدىقۇت دۆلىتى خىتايلارنىڭ ياردىمى بىلەن بىرمەزگىل قارشىلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ ئاخىرى ھىجرى 416 - يىلىنىڭ ئاياغلىرىدا قەتئىي سۈرەتتە مەغلۇب بولۇپ، باج تۆلەپ، قارخانغا تەۋە بولۇش شەرتى بىلەن ئىچكى جەھەتتىكى مۇستەقىللىقىنى ساقلاپ قالدى.

گەردىزىنىڭ «زەينۇل ئەخبا»ر دېگەن تارىخ كىتابىدا، ئۇيغۇر ئىدىقۇتى بىلەن خىتاي خانى سۇلتان مەھمودقا ئەلچى ئەۋەتىپ، قاراخان يۈسۈپ قېدىرخانغا قارشى ئىتتىپاق تۈزمەكچى بولغانلىقى ۋە سۇلتان مەھمۇدنىڭ بۇنى رەت قىلغانلىقى ھەققىدىكى بايانلىرى مانا شۇ چاغلاردا يۈزبەرگەن ئەھۋالنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

## ئەلى تېكىن ئىلىكخاننىڭ
## ئىككىنچى ئىسيانى

يۈسۈپ قېدىرخان سەمەرقەنتتىن كۆپرەك ئەسكىرىي كۈچىنى ئېلىپ، خوتەندىكى ئىسياننى بېسىقتۇرۇش بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتقان بىرچاغدا ئەلى تېكىن بۇنى پۇرسەت بىلىپ، سەلچۇق ئوغۇللىرى بىلەن بىرلىكتە كۈچ توپلاپ، قولدىن كەتكەن ئىلىكخانلىقنى قولغاكەلتۈرۈش خىيالىغا

چۈشتى. سەلجۇق ئوغۇللىرىدىن تۇغرۇلبەگ ۋە چاغرى بەگلەرئەلى تېكىننىڭ بۇ تەكلىپىنى قوبۇل قىلمىدى. ئەمما، سەلجۇق ئوغۇللىرى نىڭ نەۋرىسى يۈسۈپبەگ ئۆز تەۋەسى بىلەن ئەلى ئىلىكخان تەرەپىگە ئۆتتى. شۇنىڭ بىلەن ئەلى ئىلىكخان سەمەرقەنتكە يۈرۈش قىلىپ، ئۇ يەردىكى ئىلىكخان كۈچلىرىنى مەغلۇپ قىلدى ۋە سەمەرقەنت بىلەن بۇخارانى ئىشغال قىلىپ، مۇستەقىل ھۆكۈمرانلىق قىلغىلى باشلىدى. يۈسۈپ قېدىرخان ئەلى ئىلىكخانغا قارشى ئەسكەر يوللىغان بولسىمۇ ئۇلار مەغلۇپ بولۇپ قايتتى. نەتىجىدە ئەلى ئىلىكخان كۈندىن - كۈنگە كۈچلەندى. ھىجرى 416 - يىلىنىڭ ئاياغلىرىدا قېدىرخان ئوغلى مەھمۇد ياغان تېكىننىڭ رەھبەرلىكىدە سۇلتان مەھمۇتقا ئەلچى ئەۋەتىپ ئەلى ئىلىكخان ۋە يۈسۈپبەگلەرگە قارشى ئەسكىرىي ياردەم تەلەپ قىلدى. ياغان تېكىن غەزنىگە كەلگۈچە سۇلتان مەھمۇد ھىندىستاندىكى مەشھۇر«سومنات» جېڭىدا غازات بىلەن مەشغۇل ئىدى. سۇلتان مەھمۇد ھىندىستاندىن قايتقاندىن كېيىن ياردەمگە ئەسكەر ئەۋەتىشكە ۋەدە قىلدى ۋە ياغان تېكىن قايتىپ كەلدى. يۈسۈپ قېدىرخانمۇ ئۆكۈنلەردە ئۇيغۇر ئىدىقۇتىنىڭ ئىسيانىنى بېسىقتۇرۇش ئۇرۇشى بىلەن بولۇۋاتقانلىقتىن ئەلى تېكىننىڭ ئەدىبىنى بېرىش ئىشىنى سۇلتان مەھمۇد نىڭ ۋەدىسىگە قاراپ كېچىكتۈردى. بۇئارىدا ئەلى ئىلىكخان بىلەن يۈسۈپبەگنىڭ ئارىسى بوزۇلۇپ يۈسۈپبەگنى ئۆلتۈردى ۋە قالغان سەلجۇق ئوغۇللىرىنىمۇ مەغلۇپ قىلىپ، شەرقىي تۈركىستانغا ھەيدىۋەتتى. (بۇ ۋەقەنى تۆۋەندە بايان قىلىمىز) نەتىجىدە، ھەر قېتىم ئىسيان چىقارغىنىدا ياردەم بېرىدىغان سەلجۇق ئوغۇللىرىمۇ ئەلى ئىلىكخاندىن ئايرىلىپ كەتتى ۋە ئۇ يالغۇز قالدى. ھىجرى 418 -( مىلادى 1027 -) يىلىنىڭ باشلىرىدا يۈسۈپ قېدىرخان ئوغلى ياغان تېكىن باشچىلىقىدا زور بىرقوشۇننى ئەلى ئىلىكخاننىڭ ئۈستىگە يوللىدى. سۇلتان مەھمۇدمۇ «ئەبۇبەكرى ھەسىرىي» ئىسىملىك قوماندىنىنى ياردەمگە ئەۋەتتى. بۇنى ئاڭلىغان ئەلى ئىلىكخان قورقۇپ كېتىپ، دەرھال يۈسۈپ قېدىرخاندىن ئەپۇ تىلىدى. غەرب ئىلىكخانلىقىنىڭ پۈتۈن شەرتلىرىگە بويسۇنۇدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، قاراخانلىق مەركىزىگە مەڭگۈ سادىق قالىدىغانلىقىغا ۋەدە قىلدى. قاراخان يۈسۈپ قېدىرخان ئەلى ئىلىكخاننىڭ بۇ سۆزلىرىنى قوبۇل قىلىپ، ياغان تېكىن ۋە ئەبۇبەكرى ھەسىرىينى سەمەرقەنتكە ھۇجۇم قىلماي قايتىپ كېلىشكە بۇيرۇدى. ئۇ تارىختىن باشلاپ ئەلى ئىلىكخان ئىلىكخان ۋاپاتىغا قەدەر قاراخانلىق مەركىزىگە ۋاپادار بولۇپ، قەتئىي بويسۇنۇپ كەلدى.

شىمال ئىلىكخانى ئىككىنچى تۇغانخان ۋاپات قىلغاندىن كېيىن، قاراخان بۇئىلىكخانلىقنى ئۆزىگە باغلاپ (مەركەزگە قوشۇپ) ئوغلى II - ئارسلانخاننى شىمال ئىلىكخانى قىلىپ تەيىنلەپ، ئۇنىڭغا «شەرەفى دەۋلە» يەنى، «دۆلەتنىڭ شان - شەرىپى» دېگەن ئۇنۋانىنى بەردى.

## سەلچۇق ۋە ئوغۇللىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا ئائىت قىسقا تارىخى

ئىسلام تارىخلىرىدا غايەت مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغان «سەلچۇق» خاندانى دۆلىتىنى قۇرۇپ چىققانلارنىڭ ئەسلى شەرقىي تۈركىستان تۈركلىرىدىن ئىدى. قاراخانلار ۋە ئىلىكخانلار بىلەن ئارىلىرىدا يۈزبەرگەن ۋەقەلىكلەر شەرقىي تۈركىستان تارىخىدىكى مۇھىم سىياسى ھادىسىلەرنى تەشكىل قىلىدۇ. شۇنىڭ، ئۈچۈن بۇ يەردە سەلچۇق خاندانىنىڭ ئەسلى ۋە بىرقىسىم ۋەقەلىكلەرنىڭ قىسقىچە تارىخىنى بايان قىلىشنى پايدىلىق دەپ ھېساپلايمەن.

سەلچۇق خاندانىنىڭ ئەسلى تاقاغ بەگنىڭ ئوغلى سۇلچۇك سۈباشى نىڭ ئەۋلادلىرىدۇر[53]. تاقاغ بەگ قارلۇق قەبىلىسى ئىچىدىكى «قانىق» ئەشرەت (ئايماق) ىنىڭ بېگى ئىدى. قارلۇق يابغۇسى تاقاغ بەگنى بەك ياخشى كۆرەتتى. تاقاغ بەگ ئۆلگەندىن كېيىن، ئورنىغا ئۇغلى سەلچۇق (سۇلچۇك) بەگ بولدى. سەلچۇق بەگ ناھايىتى جەسۇر ۋە قابىلىيەتلىك كىشى ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن قارلۇق يابغۇسى سەلچۇق بەگنى يېنىغا تارتىپ، ئۇنى ئەسكەر لىرىگە قوماندان قىلدى ۋە «سۈباشى» يەنى، باش قوماندان دېگەن ئۇنۋانىنى بەردى. بارغانسىرى سەلچۇق بەگنىڭ ئەسكەرلەرئىچىدە ئىناۋىتى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، ئەسكىرىي ھوقۇق قولىغا ئۆتتى. خەلقمۇ سەلچۇق بەگنى ياخشى كۆرۈپ، ئۇنى بەك ھىمايە قىلاتتى. بۇ سەۋەپلەر بىلەن يابغۇ سەلچۇق بەگنىڭ يۈز ئۆرۈپ، ئىسيان كۆتۈرۈشىدىن قورقۇپ قالدى ۋە سەلچۇق بەگنى يوقىتىشنىڭ كۆيىغا چۈشتى. بۇنى بىلىپ قالغان سەلچۇق سۈباشى ئۆز قەبىلىسىدىن نۇرغۇن كىشىنى ئەگەشتۈرۈپ، يەتتەسۇدىن قېچىپ، سىر دەرياسىنىڭ ئاياغ قىسمى ۋە شەرقىي قىرغاقلىرىدىكى جەند ئۆلكىسىگە كېلىپ، جايلاشتى. جۇندنىڭ يەرلىك خەلقى مۇسۇلمان ئىدى. سەلچۇق سۈباشى بۇلارنىڭ تەسرى بىلەن ئىسلامنى قوبۇل قىلدى ۋە ئەتراپىدىكى مۇشرىك تۈرك قەبىلىلەر ئۈستىگە غازات يۈرۈشى ئېلىپ بېرىپ، خېلى كۈچلىنىپ قالدى.

ھىجرى 374 (مىلادى 997 ـ) يىلى سەلچۇقسۈباشى ئوغلىئارسلان بەگنىڭ قوماندىلىقىدا زور بىرقوشۇن تەشكىللەپ، ئەمىر نوھنىڭ ئىلىكخانغا قارشى ئۇرۇشىغا ياردەم بەردى ۋە ئىلىكخاننى مەغلۇپ قىلىپ بۇخارانى تارتىۋالدى. شۇنىڭدىن تارتىپ سامانى خاندانى ۋە سەلچۇق سۇ باشى ئارىسىدا دۇستلۇق مۇناسىۋەت ئورنىتىلدى. ھىجرى 393 ۋە 394 ـ يىللىرى سەلچۇق سۈباشى مۇنتەسىرگە ئىككى قېتىم ئەسكەرچىقىرىپ ئىلىكخانغا قارشى ئۇرۇشتا ياردەم قىلدى.

سەلچۇق سۇ باشى ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئوغۇللىرىئارسلان بەگ، مىكائىل بەگ ۋە مۇسا

[53] «سۇلچۇك» دېگەن بۇ ئىسىم ھازىر بۇزۇلۇپ، سەلجۇق، سەلچۇق دەپ ئېلىنماقتا. بىزمۇ ئادەت بولۇپ قالغان بۇ تەلەپپۇزنى قوللىنىمىز. «سۈباشى» ئەسكەر بېشى دېگەنلىك «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» I ـ توم 478 ـ بەتكەقاراڭ (مۇئەللىپتىن)

بەگلەر سەلچۇق قەبىلىسىنى باشقۇردى. مىكائىل بەگ بىر غازاتتا شېھىت بولدى ۋە ئۇزۇن ئۆتمەي مۇسابەگمۇ ئالەمدىن ئۆتتى. شۇنىڭ بىلەن خەلىققە رەھبەرلىك ۋە باشقا پۈتۈن ھوقۇقلارئارسلان بەگنىڭ قولىغا ئۆتتى. ئارسلان بەگ ئۆزىنى «يابغۇ» ئېلان قىلدى.

ئەلى ئىلىكخان، ئىلىكخان قاراخانلىق مەركىزىدىن يىراق ئۆرۈپ بىرىنچى، قېتىم ئىسيان كۆتەرگەندە، ئارسلان يابغۇ پۈتۈن كۈچى بىلەن ئۇنىڭغا ياردەم قىلدى. ئەمما، مەغلۇپ بولۇپ، قىزىل قۇم چۆلىگە قاچتى. يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتۈلگىنىدەك، سۇلتان مەھمۇد غەزنىۋى ۋە قاراخان يۈسۈپ قېدىرخانلارنىڭ مەشھۇر ئۇچرىشىشى جەريانىدا بىتىمنامىگە بىنائەن سەلچۇق ئايمىقىنى تۈركىستان ۋە خوراسان ئۆلكىلىرىگە تارقىتىۋېتىپ، بۇلارنىڭ كۈچىنى يوقىتىش قارارلاشتۇرۇلغانىدى. سۇلتان مەھمۇدئارسلان يابغۇنى تەۋەلىرى بىلەن غەزنىگە چاقىرىپ، ئۇنىڭغا ياخشى مۇئامىلە قىلىپ ئوبدان ۋەدىلەرنى بەردى.ئارسلان يابغۇ ئازراق ئادەملىرى بىلەن كېلىپ، قېرىنداش ئوغۇللىرى تۇغرۇل بەگ، مەھمۇد بەگ، چاغرى بەگ ۋە يۈسۈپبەگلەر قەبىلىنىڭ چوڭ بىرقىسمى بىلەن جۇند دە قالدى. ئارسلان بەگ غەزنىگە كەلگەن ھامان سۇلتان مەھمۇد ئۇنى قولغا ئېلىپ، ھىندىستاندىكى«كالىنجىر» قەلئەسىدىكى زىندانغا تاشلىدى. ئۆزجايلىرىدا قالغان تۇغرۇل بەگ، مەھمۇدبەگ، چاغرى بەگ ۋە يۈسۈپ بەگلەر سۇلتان مەھمۇدنىڭ خوراساندىكى ۋالىيسى ئالتۇنتاشتىن قورقۇپ، جۇند دىن ھىجرەت قىلىپ، بۇخاراغا تەۋە نۇرئاتا يايلاقلىرىغا كېلىپ يەرلەشتى. يۈسۈپ قېدىرخان بۇلارنى شەرقىي تۈركىستانغا كېلىپ يەرلىشىشكە دەۋەت قىلغان بولسىمۇ، ئۇلار ئارسلان يابغۇغا ئوخشاش بىر ئاقىۋەتكە ئۇچراپ قېلىشتىن قورقۇپ، شەرقىي تۈركىستانغا بارماي، نۇرئاتا يايلاقلىرىدا قاراخانغا تەۋە بولۇپ تۇرۇشنى ئىلتىماس قىلىپ، شۇ جايدا قالدى.

شۇجەريانىدا ئەلى ئىلىكخاننىڭ 2 ـ قېتىملىق ئىسيانى يۈزبەردى. بۇنىڭغا يۈسۈپبەگ ئۆز تەۋەلىكلىرى بىلەن كېلىپ ياردەم قىلدى. ئەلى ئىلىكخان، يۈسۈپبەگنى ناھايىتى ھۆرمەتلەپ ئۇنىڭغا «ئىنانچ يابغۇ» دېگەن ئۇنۋانىنى بەردى. ئەلى ئىلىكخان بۇئارىدا، تۇغرۇل بەگ، چاغرى بەگ ۋە مەھمۇد بەگلەرنى ئۆزىگە تەۋە قىلىشقا مۇۋەپپەق بولالمىغاندىن كېيىن، يۈسۈپبەگنى بۇلارنىڭ ئۈستىگە ھۇجۇم قىلىشقا بۇيرۇدى. لېكىن، يۈسۈپ بەگ بۇ بۇيرۇققا ئىتائەت قىلمىدى ۋە ئۇلار بىلەن مەخپىي ھالدا بىرلىشىۋالدى. بۇنى ئاڭلىغان ئەلى تېكىن «ئالپ قارا» ئىسىملىك قوماندانىنى يۈسۈپبەگنى يوقىتىشقا ئەۋەتتى. ئالپ قارا كېلىپ، يۈسۈپبەگنى ۋە نۇرغۇن يېقىنلىرىنى ئۆلتۈردى. توغرۇل بەگ، چاغرى بەگ ۋە مەھمۇد بەگلەر يۈسۈپبەگنىڭ ئىنتىقامىنى ئېلىش ئۈچۈن، ئەلى ئىلىكخاننىڭ قوشۇنلىرىغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ، ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچراتتى. ئالپ قارانى 100 ئادىمى بىلەن تۇتۇۋېلىپ كۆزلىرىنى ئويۇپ تاشلاپ، بوغۇزلىۋەتتى. ئەلى ئىلىكخان بۇلارنى ئارقىسىدىن قوغلاپ قىلتىتىق زەربە بېرىپ مەغلۇپ قىلدى ۋە ماۋەرائۇننەھرنى تاشلاپ قېچىشقا مەجبۇر قىلدى.

تۇغرۇل بەگ بىلەن چاغرى بەگ قېچىپ، شەرقىي تۈركىستان چېگراسىغا كىردى ۋە قاراخان يۈسۈپ قېدىرخانغا يېڭىباشتىن بويسۇنۇشنى تىلەپ، يەرلىشىشكە جاي كۆرسىتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. يۈسۈپ قېدىرخان بۇلارغا قەشقەرگە يېقىن بىرجاينى كۆرسىتىپ بەردى. بۇلار يەنىلا يۈسۈپ قېدىرخاندىن قورقۇپ تۇراتتى. بۇلارنى قاراخان ھۇزۇرىغا چاقىرسا، بىر باھانە سەۋەپ كۆرسىتىپ ھېچ بىر زامان ئىككىسى بىرلىكتە كەلمەيتتى. ئاخىرى، يۈسۈپ قېدىرخان بىرئامال قىلىپ تۇغرۇل بەگنى تۇتۇپ ئېلىپ قالدى. چاغرى بەگ بۇنى ئاڭلاپ، دەرھال قەشقەردىن قاچتى. قېچىپ كېتىۋېتىپ، يولدا قاراخان خانىدانىدىن ئوۋ دىن قايتىپ كېلىۋاتقان بىرقانچە تېكىن( شاھزادە) لەرنى تۇتۇۋېلىپ بىرگە ئېلىپ قاچتى. يۈسۈپ قېدىرخان ئەسىر گە ئېلىنغان تېكىنلەرنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن، تۇغرۇل بەگنى قويۇپ بىرىشتىن باشقا چارە يوقلۇقنى سىزىپ، ئۇنى تۈرمىدىن چىقاردى ۋە بىرمىقدار ئىنئام ۋە ھەدىيەلەر بىلەن ئەسىرلەرنى ياندۇرۇپ ئەۋەتىشكە ۋەدە ئېلىپ، يولغا سالدى. چاغرى بەگ شۇ قاچقانچە جۇندگە بېرىپ توختىدى. تۇغرۇل بەگ ئارقىسىدىن يېتىپ بېرىپ تۇتۇۋالغان تېكىنلەرنى ياندۇرۇپ بەردى. بۇ ۋەقە، تەخمىنەن ھىجرى 419 ـ (مىلادى 1028) ـ يىلى يۈز بەرگەن. بۇندىن كېيىن، سەلچۇق ئوغۇللىرى ئۈچۈن، جۇندە تۇرۇش خەتەرلىك بولۇپ قالدى. چۈنكى جۇند ئۆلكىسى، شىمال ئىلىكخانى II ـ ئارسلان خاننىڭ تەۋەلىكىدە بولۇپ، يۈسۈپ قېدىرخاننىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى يەرئىدى. تۇغرۇل بەگ ۋە چاغرى بەگلەر باشقا جايغا كۆچۈپ كېتىشكە مەجبۇر بولۇپ، خارەزم ۋالىيسى ھارۇن بىن ئالتۇنتاشتىن يەرتىلىدى. ھارۇن بۇلارغا خارەزم يايلاقلىرىدىن يېتەرلىك يەركۆرسىتىپ بەردى ۋە سەلچۇق ئوغۇللىرى بۇيەرگە كۆچۈپ كەلدى. كېيىنچە، ئەلى ئىلىكخاندىن يازكۈنلىرى نۇرئاتادا تۇرۇشقا رۇخسەت ئالدى ۋە قىشتا خارەزم ۋە يازدا نۇرئاتا يايلاقلىرىدا كۆچۈپ يۈرۈپ مال بېقىپ، ياشىدى. ھىجرى 426ـ (مىلادى 1034) ـ يىلى ئەلى ئىلىكخان، ئىلىكخاننىڭ ئوغلى نەسرئىلىكخان، سەلچۇق ئوغۇللىرىنى ماۋەرائۇننەھردىن پۈتۈنلەي ھەيدەپ چىقاردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار خارەزم ۋە خوراسان ئەتراپلىرىدا ياشاشقا مەجبۇر بولدى. سەلچۇق ئوغۇللىرىنىڭ بىزنىڭ تارىخىمىزغا تىگىشلىك يېرى يۇقىرىقىلاردىن ئىبارەت. بۇلارنىڭ ئۇنىڭدىن تارىخىي ۋەقەلىرى توغرىسىدا تەپسىلى مەلۇماتلار ئۈچۈن ئىسلام تارىخلىرىغا قاراڭ.

## قاراخان يۈسۈپ قېدىرخان ۋە ئەلى ئىلىكخاننىڭ ۋاپاتى

ھىجرى421 ـ (مىلادى 1030ـ) يىلى سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋى ۋاپات بولۇپ، ئورنىغا ئوغلى مەسئۇد سۇلتان بولدى. بۇ قاراخان يۈسۈپ قېدىرخاننىڭ كۈيئوغلى ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتى بەك ياخشى ئىدى. لېكىن، ھىجرى 423 ـ(مىلادى 1032 ـ) يىلى سۇلتان مەھمۇدنىڭ خوراساندىكى ۋالىيسى ئالتۇنتاش بىلەن ئەلى ئىلىكخان ئوتتۇرىسىدا بىرچېگرا مەسىلىسىدىن توقۇنۇش

يۈزبەردى. بۇ ئۇرۇشتا ئالتۇنتاش ئۆلتۈرۈلدى، يەنى، ئەلى ئىلىكخان مەسىلىنى قىلىچ كۈچى بىلەن ھەل قىلدى. ھىجرى 423 -( مىلادى 1032-) يىلى قاراخان يۈسۈپ قىدىرخان ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇرنىغا چوڭ ئوغلى مەھمۇد ياغان تېكىن قاراخانلىق تەختىگە چىقتى ۋە «بۇغراخان» ئۇنۋانىنى ئالدى. مەھمۇد بۇغراخان، تەجرىبىلىك سىياسەتچى ۋە قابىلىيەتلىك بىر ئىدارىچى ئىدى. ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىق دەۋرىدە قاراخانلار دۆلىتى بەكمۇ تىنچ ۋە پاراۋان بىردەۋىر ياشىدى. مەيلى غەرب ۋە شىمال ئىلىكخانلىرى بولسۇن، مەيلى ئۇيغۇرئىدىقۇتى ۋە قارلۇق يابغۇسى بولسۇن بۇلارنىڭ ھەممىسى بۈيۈك قاراخانلىق مەركىزىگە چەكسىز سادىق بولۇپ، دۆلەتنىڭ بىرلىكى مۇستەھكەملەنگەنىدى. شۇنداق قىلىپ، مەھمۇد بۇغراخاننىڭ بىرەر تاشقى دۈشمەن بىلەن مۇھىمراق ئۇرۇش قىلغانلىقى ياكى ئىچكى جەھەتتە بىرەر ئىسيان يۈز بەرگەنلىكى توغرىسىدا رىۋايەت قىلىنمايدۇ. ھىجرى 426 - (مىلادى 1035-) يىلى ئەلى ئىلىكخان ۋاپات بولدى. ئورنىغا مەھمود بۇغرا قاراخاننىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئەلى ئىلىكخاننىڭ ئوغلى ئۇبۇلھەسەن ناسىر ئىلىكخان بولدى. ناسىرئىلىكخان قاراخانلىق مەركىزىگە سەممىيەتلىك بىلەن ئىتائەت قىلماقتا ئىدى. ئۇ سەلچۇق ئوغۇللىرىنى قاراخانلىق ئۇچۇن ئاقىۋەتتە بىرخەۋپ كەلتۈرۈشى مۇمكىن دەپ، ئۇلارنى ماۋەرائۇننەھردىن پۈتۈنلەي سۈرۈپ چىقاردى. نەسىر ئىلىكخان بىلەن سۇلتان مەسئۇد نىڭ مۇناسىۋىتى بەك ياخشى بولۇپ، سۇلتان مەسئۇد، نەسىر ئىلىكخاننى بۇرادىرىم، دەيتتى. مەھمۇد بۇغرا قاراخان ھىجرى 439 - (مىلادى 1047 -) يىلى ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇرنىغا ئىنىسى تۇغرۇل تېكىن قاراخان بولدى ۋە ئۇمۇ بۇغراخان ئۇنۋانىنى ئالدى. تۇغرۇل بۇغرا قاراخان، دادىسى ۋە ئاكىسىدەك قابىلىيەتلىك بىرسى ئەمەستى. راھەتپەرەست بىركىشى بولغانلىقىدىن ئۇنىڭ دەۋرىدە قاراخانلىق مەركىزىنىڭ كۈچى ئاجىزلاشتى.

## قاراخانلار دۆلىتىنىڭ ئىككىگە بۆلۈنگەنلىكى

تۇغرۇل بۇغراخان تەختكە چىقىپ ئىككى يىلدىن كېيىن ھىجرى، 440 - (مىلادى 1048-) يىلى ناسىرئىلىكخان ۋاپات بولدى. ئۇرنىغا ئوغلى « ئەبۇل مۇزەففەر - ئاماددىدەۋلە» ئىبراھىم تېكىن ئىلىكخان بولدى. شۇ يىلى مۇستەقىللىق ئېلان قىلىپ، غەربىي تۈركىستان قاراخانلىقتىن رەسمىي ئايرىلدى ۋە ئۆزىگە «تاۋغاچ قاراخان» يەنى، ئىككىنچى دەرىجىدىكى قاراخانلىق مەرتىۋىسىنى ئىپادىلەيدىغان ئۇنۋانىنى ئالدى. ئەمما، يەنە قاراخانلىقىمۇ ھۆرمەت قىلاتتى. بۇنىڭ بىلەن پامىر ۋە ئالاي تاغلىرى، ئىنجە دەرياسى ئوتتۇرىسىدا چېگرا بولغان ئىككى دۆلەت مەيدانغا چىقتى. تۈركىستاننىڭ بىرىنچى قېتىم «شەرقىي» ۋە «غەربىي » دەپ ئىككىگە ئايرىلىشى مانا، شۇنىڭدىن باشلانغان. تۇغرۇل بۇغراخان قابىلىيەتسىز ۋە راھەتكە بېرىلگەن بىركىشى بولغانلىقىدىن ئىبراھىم تېكىننىڭ بۇ ھەرىكىتىگە جىددى ۋە ئەمەلى بىر قارشىلىق كۆرسەتمىدى. ئۆزىگە ھۆرمەت قىلغانلىقىغا قانائەت قىلدى. (بۇ2 دۆلەتنىڭ

چىگرىسى 14ـ خەرىتىدە كۆرسىتىلدى) بۇ جەريانىدا سەلچۇق ئوغۇللىرى (ھىجرى 439 - يىلى) غەزنىۋى دۆلىتىنى مۇنقەرىز قىلىپ، خوراسان ۋە ئىراننىڭ بىرقىسىم جايلىرىنى ئىشغال قىلدى ۋە تۇغرۇل بەگ باشچىلىقىدا مەشھۇر سەلچۇق دۆلىتىنى قۇردى.

## II ـ ھارۇن بۇغراخاننىڭ قاراخانىلىق دەۋرىدىكى ۋەقەلەر

تۇغرۇل بۇغرا قاراخان ھىجرى 455ـ (مىلادى 1063 ـ) يىلى ۋاپات بولدى. ئۇرنىغا ئىنىسى ھارۇن تېكىن قاراخان بولدى ۋە ئىككىنچى ھارۇن بۇغرا قاراخان دەپ ئاتالدى. شۇيىلى ئالپ ئارسلان سەلچۇق دۆلىتىگەسۇلتان بولدى. II ـ ھارۇن بۇغرا قاراخان بىلەن سۇلتان ئالپ ئارسلاننىڭ مۇناسىۋىتى دوستانە بولۇپ، بىر ـ بىرلىرىنىڭ ئوردىلىرىدا ئەلچى تۇرغۇزغانىدى. كېيىنچە، سۇلتان ئالپ ئارسلاننىڭ ۋەلىئەھدى مەلىكشاھ II ـ ھارۇن بۇغرا قارا خاننىڭ قىزى تۈركان خاتۇن بىلەن ناھايىتى كاتتا بىرتوي مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپ ئۆيلەندى. مەلىكشاھنىڭ ئورنىغا سۇلتان بولغان سۇلتان مەھمۇد مانا شۇ تۈركان خاتۇننىڭ ئوغلى. (بۇھەقتىكى تەپسىلى مەلۇماتلار ئۈچۈن ئىسلام تارىخلىرىغا قاراڭ).

لېكىن، غەربىي قاراخانىلىق ھۆكۈمدارى ئىبراھىم تاۋغاچ قاراخان بىلەن سۇلتان ئالپ ئارسلاننىڭ ئارىسى ياخشى ئەمەستى. ئاخىرى، بۇ يامان مۇناسىۋەت، ھەرئىككىسىنىڭ ئۆلۈمى بىلەن ئاخىرلاشتى. ھىجرى 465 ـ(مىلادى 1072 ـ) يىلى سۇلتان ئالپ ئارسلان بىلەن تاۋغاچ ئىبراھىم قاراخان ئارىسىدا خارەزم چېگرىسىدا بىرتوقۇنۇش يۈز بېرىپ، سوقۇشتا ئىبراھىم تاۋغاچ قاراخان شېھىت بولدى. ئەسكەرلىرى چېچىلىپ كەتتى. ئالپ ئارسلان ئىلگىرلەپ، ئۆگۈز دەرياسىدىن ئۆتتى. دەريا بويىدا تاۋغاچ قاراخاننىڭ چېگرا مۇداپىئە قىسىملىرى قوماندانى خارەزملىك يۇسۇپبەگ قاتتىق تۇرۇپ ئۇرۇشتى. ئاخىرى مەغلۇپ بولۇپ ئەسىرگە ئېلىنىپ، سۇلتاننىڭ ئالدىغا ئېلىپ كىرگەندە سۇلتان ئۇنى تۆت قوزۇققا تارتىپ ئۆلتۈرۈشكە ھۆكۈم قىلدى. يۇسۇپبەگ « مەندەك بىرقەھرىمانغا بۇنداق مۇئامىلە قىلىشىڭ توغرىمۇ ؟ دەپ، سۇلتانغا ياندى. ئاچچىغى كەلگەن سۇلتان يۇسۇپبەگكە قارىتىپ ئوق ئاتتى. ئەمما، ئوق يۇسۇپبەگكە تەگمىدى. يۇسۇپبەگ، « ئالدىڭدىكى بىرئەسىرگە ئوق ئېتىپ تەككۈزەلمىسەڭ بۇ نامەرتلىكىڭ بىلەن بىزنىڭ يۇرتىمىزنى ئالماقچىمۇ دەپ كەلدىڭمۇ ؟» دېگەن. ئالپ ئارسلان بۇ ھاقارەتكە غەزەپلىنىپ قىلىچىنى سۇغۇرۇپ، يۇسۇپبەگكە ئېتىلغانىدا، ئايىغى تېيىلىپ يىقىلىپ چۈشىدۇ. يۇسۇپبەگ چاقماق تېزلىكىدە ئالپ ئارسلاننىڭ ئۈستىگە ئۆزىنى ئېتىپ يېنىدا يوشۇرۇۋالغان خەنجەر بىلەن ئالپ ئارسلاننىڭ قارنىنى يېرىپ تاشلايدۇ. مۇھاپىزەتچىلەر يۇسۇپبەگنى قىيما ـ چىيما قىلىۋېتىدۇ. ئەمما، سۇلتان ئالپ ئارسلانمۇ ئۆلىدۇ. شۇنداق قىلىپ، بىر ھەسەد نىڭ نەتىجىسىدە ئىككى چوڭ ئىسلام ھۆكۈمدارى ئۆلتۈرۈلۈپ، مىڭلارچە بىگۇناھ ئىنسان قېنى تۆكۈلىدۇ.

تاۋغاچ قاراخانىلىق تەختىگە، ئىبراھىمنىڭ ئوغلى شەمسۇلمۇلۇك II ـ نەسرچىقىدۇ. بۇ زات

ھىجرى 472 ـ يىلى ۋاپات بولۇپ، ئورنىغا ئەلى ئىلىكخاننىڭ ئوغلى ئەبۇئەلى ھەسەن تېكىن تاۋغاچ قاراخان بولدى ۋە بۇغراخان ئۇنۋانىنى ئالدى. بۇ ئىككى ھۆكۈمدارنىڭ دەۋرىدىكى ۋەقەلەر ھەققىدە مەلۇماتىمىزيوق. ھەسەن تاۋغاچ قاراخان ھىجرى 474 ـ يىلى ئەتراپلىرىدا ئالەمدىن ئۆتتى ئورنىغا II ـ نەسىر تاۋغاچ قاراخاننىڭ ئوغلى تەختكە چىقتى. بۇتاۋغاچ خاننىڭ ئىسمى مەلۇم ئەمەس. بۇ كىشى ئۇزۇن ئۆتمەي ۋاپات بولدى ۋە ئورنىغا ئوغلى ئەھمەد تېكىن تاۋغاچ قاراخان بولدى. ئەھمەد تاۋغاچ قاراخان دەۋرىدە قاراخانىلىق مەملىكىتى سەلجۇق سۇلتانلىقىنىڭ ھاكىمىيىتى ئاستىغا كىرىپ قالدى ۋە بەش يىل ۋاقىتلىق بىرمەزگىل مۇستەقىللىقىنى يوقاتتى. بۇلارنى تۆۋەندە بايان قىلىمەن.

ھىجرى 481 ـ (مىلادى 1088 ـ) يىلى سەلجۇق سۇلتانى مەلىكشاھ غەربىي تۈركىستانغا يۈرۈش قىلدى. ئەھمەد تاۋغاچ قاراخان بىرقانچە قېتىملىق ئۇرۇشتىن كېيىن مەغلۇپ بولۇپ، مەلىكشاھ تەرىپىدىن ئەسىر ئېلىندى. كېيىنچە، مەلىكشاھ ئەھمەد تاۋغاچ قاراخاننى ئۆزىگە تەۋە بولۇپ، ھاكىمىيىتىنى قوبۇل قىلىش شەرتى بىلەن ئۇنى غەربىي تۈركىستان ھۆكۈمدارى قىلىپ قويۇپ، قايتىپ كەتتى. لېكىن ئۆزكەنتنىڭ خانى مەلىكشاھنىڭ ھاكىمىيىتىنى قوبۇل قىلماي مۇستەقىللىق ئېلان قىلدى. مەلىكشاھ ھىجرى 482 ـ يىلى غەربىي تۈركىستانغا يەنە كېلىپ، ئۆزكەنت خانى بىلەن ئۇرۇشۇپ، بويسۇندۇردى. مەلىكشاھنىڭ بۇ مۇھىم ئىككى قېتىملىق يۈرۈش بىلەن قولغا كەلتۈرگەن ھاكىمىيىتى ئاران بەش يىل داۋام قىلدى. مەلىكشاھ ھىجرى 485 ـ يىلى ۋاپات بولۇپ، ئوغۇللىرى مەھمۇد ۋە بەركىيارۇق ئوتتۇرىسىدا سۇلتانلىق تالىشىش ئۇرۇشى چىقتى. بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئەھمەد تاۋغاچ قاراخان مۇستەقىللىق ئېلان قىلىپ مەلىكشاھنىڭ ھەربىي ۋە مەمۇرىي كىشىلىرىنى قوغلىۋەتتى. ئەھمەد تاۋغاچ قاراخان، ھىجرى 488 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتتى. ئورنىغا خانداندىن مەھمۇد تېكىن تاۋغاچ قاراخان بولدى ۋە 490 ـ يىلى ۋاپات بولۇپ، ئورنىغا نەۋرىسى، قىدىرخان بىن ئۆمەرخان بىن ئەھمەد تاۋغاچ قاراخانلىق تەختىگەچىقتى. بۇ كىشى ھىجرى 495 ـ يىلى ۋاپات بولدى. دىمەك، II ـ ھارۇن بۇغراخان دەۋرىگە ئائىت مەلۇماتىمىز شۇنچىلىك. 41 يىل ھۆكۈم سۈرگەن بۇ بۈيۈك دۆلەتنىڭ ئىچكىي ۋە تاشقىي جەھەتتە تارىخىي ۋەقەلىرىنىڭ كۆپ بولۇشى تەبىئى. ئەپسۇسكى، بۇ ئۇزۇن بىر دەۋرگە تېگىشلىك تارىخىي رىۋايەتلەر بەك قىسقا ۋە مۇجمەل بايان قىلىنغان.

بۇدەۋردىكى شىمال ئىلىكخانلىق ھەققىدىكى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، شىمال ئىلىكخانلىقى يۈسۈپ قىدىرخان زامانىسىدىن تارتىپ، 2. ئارسلانخاننىڭ قولىدا ئىدى. بۇ ئىلىكخانلاردائىملىق قاراخانلىق مەركىزىگە ۋاپادار بولۇپ، ئىتائەت قىلىپ كەلگەن. بۇ ئىلىكخانلار تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

بىز يۇقىرىدا يۈسۈپ قىدىرخان ئۆز ئوغلى «شەرەفۇددەۋلەئەبۇشۇجا» تېكىننى شىمال ئىلىكخانى قىلىپ تەيىن قىلغانلىقىنى سۆزلەپ ئۆتكەن ئىدۇك. بۇ زات ھىجرى 424 ـ يىلى ۋاپات بولۇپ، ئورنىغا چاغرى (چىغرى) تېكىن ئىلىكخان بولدى. چاغرى تېكىن ھىجرى 440 ـ يىلى ۋاپات بولۇپ، ئۇرنىغا

ئىنسى، رۇكنۇدەۋلە مەھمۇد تېكىن ئىلىكخان بولدى. بۇنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، مەھمۇد ئىلىكخاننىڭ 3- ئوغلى ئىككىنچى ئارسلانخان ئىلىكخان بولدى. بۇندىن كېيىنكىلەر ھەققىدە تەپسىلى مەلۇمات تاپالمىدىم. ئەمما، ھىجرى 528 - يىلىغىچە شىمال ئىلىكخانلىقى II - ئارسلانخاننىڭ ئەۋلادلىرى بىلەن داۋام قىلغانلىقى ۋە بۇئىلىكخانلارنىڭ ئاخىرغىچە قاراخان دۆلىتىنىڭ سادىق ۋە مۇھىم بىر پارچىسى بولۇپ كەلگەنلىكى توغرىسىدا رىۋايەتلەر بار.

## قاراخانلار دۆلىتىنىڭ يىقىلىشى

II - ھارۇن بۇغراخان ھىجرى 496- (مىلادى 1103 -) يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن. بۇندىن كېيىنكى ۋەقەلەر ھەققىدە تولۇق مەلۇماتىمىز يوق. لېكىن، بۇ دۆلەتنىڭ ھىجرى 530 - (مىلادى 1136 -) يىلىغا قەدەر داۋام قىلغانلىقى ھەققىدە تارىخىي رىۋايەتلەر ۋە ئارخېئولوگىيىلىك باھالاشلار بىلەن پىكىر بىرلىكىگە كەلگەنلىكى مۇقىملاشتى.

ھىجرى 530 - يىلى قاراختاي خانى نوسى گۇرخان پۈتۈن شەرقىي تۈركىستاننى ئىشغال قىلىپ، قاراخانلار دۆلىتىنى يىقىتتى[54]. (بۇلارنى تۆۋەندە قاراختاي دۆلىتى دېگەن پەسىلدە بايان قىلىمەن) شۇنىڭ بىلەن 280 يىل داۋام قىلغان شەرقىي ۋە غەربىي تۈركىستان يۇرتلىرىنى ئىلىم ۋە مەدەنىيەتنىڭ ئەڭ يۈكسەك مەرتىۋىسىگە يەتكۈزگەن ئۇلۇغ تۈرك قاراخانلىرى (قاغانلىرى) دۆلىتى يىقىلدى.

ئەمما، غەربىي تۈركىستاندىكى غەربىي قاراخان دۆلىتى، كۈچسىزلىكىنىڭ ھەرخىل پالاكەتلىرىنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ، ھىجرى 619 (مىلادى 1222) - يىلىغىچە ياشىدى. «تاۋغاچ قاراخان» قېدىرخان 495 - يىلى ۋاپات بولۇپ، ئوغلى قىلىچ خان تەختكە چىقتى ۋەبۇغراخان ئۇنۋانىنى ئالدى. بۇ زاتنىڭ زامانىسىدا، يەنى، ھىجرى 520 - يىلى ئەتراپىدا، سەلچۇق سۇلتانى سەنجەر غەربىي تۈركىستانغا ھۇجۇم قىلدى. قىلىچ خان بۇ ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولۇپ، سەنجەرگە بويسۇنۇشقا مەجبۇر بولدى. ھىجرى 531 - يىلى قاراختاي گۇرخانى نۇسى غەربىي تۈركىستانغا ھۇجۇم قىلىپ، قىلىچ بۇغراخاننى ئۆزىگە تەۋەقىلدى. قىلىچ بۇغراقاراخان ھىجرى 558 - يىلى ۋاپات بولۇپ، ئورنىغا ئوغلى جالالىددىن ئەلى كورگان قاراخان بولدى. بۇنىڭدىن كېيىنكى قاراخانلار توغرىسىدا مەلۇماتىمىز يوق. لېكىن، قارا ختايلارنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدە غەربىي تۈركىستاننىڭ قاراخانى، سۇلتان ئوسمان ئىكەنلىكى بىلىنمەكتە. بۇ كىشى ھىجرى 606 - يىللىرى خارەزىم شاھغا تەۋە بولۇپ، ھىجرى 619 - يىلى مەھەممەد خارەزىم شاھ قولىدا شېھىت بولدى. شۇنىڭ بىلەن غەربىي قاراخانلىقى تامامەن يىقىلدى. دېمەك، غەربىي قاراخانلىقى ھىجرى 520 - يىلىدىن باشلاپ، دەسلەپتە سۇلتان سەنجەرگە ئۇندىن كېيىن قاراختاي دۆلىتىگە ۋە ئاخىرىدا خارەزىم شاھغا تەۋە بولۇپ، ئىچكى مۇستەقىللىقىنى ساقلاپ ياشىغان ئىدى.

[54] ھازىرقى ئۇيغۇرچەئەسەرلەردە، بۇ قاراختاي گورخانىنى «يېلۇداشى» دەپ ئالغان. ت. ئالماس، 570 - بەت (ن . ش. ھ.).

(قاراختاي دۆلىتى بابىدا بۇلارنى بىرئاز تەپسىلىراق بايان قىلىمەن)

## قاراخانىلارنىڭ ئىدارى تەشكىلاتى

قاراخانىلار دۆلىتىدە، قەدىمكى تۈرك ئەنئەنىسى ساقلاپ قېلىنغان بولۇپ، دۆلەتنىڭ بېشىدىكى خانىدانىنىڭ ئەڭ چوڭى بولغان زاتقا «قاراخان» دېگەن ئۇنۇۋان بېرىلەتتى. قاراخانىنىڭ قول ئاستىدىكى ھۆكۈمدارلار ئومۇمەن مۇنداق ئىككى دەرىجىگە بۆلۈنگەندى:

بىرىنچى دەرىجە- ئىلىكخانلىق دەرىجىسى ئىدى. ئىلىكخانىلاردۆلەت مەركىزىدىن ئۇزاقتىكى مەملىكەتنىڭ چوڭ بىرقىسمىدا قاراخانىنىڭ نائىبى( ئورۇنباسارى) سۈپىتى بىلەن ئۆزىگە تەۋە بولغان مىنتىقە(رايون) دا ناھايىتى زور ئىمتىيازغا ئىگە بولۇپ، ئۇجايىلارنى نىسبەتەن مۇستەقىل بىر سۈرەتتە ئىدارە قىلاتتى. ئۆز ئىسمىدا پۇل چىقىرىش، چېگرىداش بولغان يات دۆلەتلەر بىلەن ئۇرۇش ياكى سۈلھى قىلىش، ئۇ دۆلەتلەر بىلەن ئۆزئارا ئەلچى ئەۋەتىش قاتارلىق چوڭ ئىشلاردا ئۆز ئالدىغا تولۇق ھوقۇقلۇق ئىدى. مانا شۇ سەۋەپتىن تولاراق ئىسلام تارىخچىلىرى ئىلىكخانىلارنى مۇستەقىل ھۆكۈمدارلاردەپ گۇمان قىلىشقان.

ئىككىنچى دەرىجە- قاراخان دۆلىتىگە تەۋە بولۇپ، ئىچكىي مۇستەقىللىقىغا (مۇختارىيەتكە) ئىگە يەرلىك خان ۋە بەگلىك دەرىجىسى ئىدى. قاراخانلىق بۇلارنىڭ ئىچكى ئىستىقلالىغا ھۆرمەت قىلاتتى. بۇلار ئۆز تەۋەلىرى ئىچىدە دىن، ئۆرپ ئادەت ۋە ئۆزلىرىگە خاس ئىدارىي شەكىللەردە ئەركىن ئىدى. خان، بەگ ۋە باشقا يەرلىك مەنسەپ ئەۋلادلىرىغا مىراس قالاتتى. قاراخانىلار دۆلىتى بۇنداق ئىشلارغا ئارىلاشمايتتى. بۇ لاردىن مۇھىملىرى شۇلار: قۇجۇ، بەشبالىق، ئىمىل(چۆچەك)، ئىككى - ئۆگۈز(ئالتاي)، قۇمۇل، بارىكۆل ۋە ئۈچ ئىل(غەربىي گەنسۇ) بۇجايلار ئۇيغۇرئىدىقۇت خانلىقىنىڭ ئىدارىسىدە ئىدى. خوتەن، «قىلىچ خان » ئۇنۇۋانلىق بىر يەرلىك خانىنىڭ باشقۇرۇشىدا ئىدى. ئىلى دەرياسىنىڭ شەرقىدىن باشلىنىپ، ئىرتىش دەرياسىغىچە سوزۇلغان يەتتەسۇ ئۆلكىسى قارلۇق خانىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولۇپ، قارلۇق خانىنىڭ ئۇنۇۋانى «يابغۇ» ئىدى. تىرىم، يەنى، تارىم ( ھازىرقى لوپنۇر) ۋە چەرچەندىكى سىرىق ئۇيغۇرلارنى بىريەرلىك خان ئىدارەقىلاتتى. كۆكچەدېڭىزى (بالقاش كۆلى) نىڭ شىمالىدا يەرلەشكەن ياغما، توخسى ۋە ئوغراق قەبىلىلىرى بىرەرخان ياكى بەگنىڭ باشقۇرىشىدا ئىدى. بۇخان ۋە بەگلەرنىڭ ئۆزئالدىغا پۇل چىقىرىش ۋە يات ئەللەر بىلەن مۇناسىۋەت باغلاش ھوقۇقى يوقتى. قاراخان ياكى ئىلىكخانلار تەرىپىدىن تەيىن قىلىنىدىغان ئەسكىرىي، مەمۇرىي، دىنى(قازى) ۋە مالىيە مەنسەپدار لىرىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئىشىغا ياردەملىششىكە مەجبۇر بولۇپ، بۇ ئىشلاردا بىۋاستە قاراخانغا ياكى ئىلىكخانغا باغلىق ئىدى. مالىي كىرىملىرىدىن بەلگىلەنگەن قىسمىنى مەركەزگە تاپشۇرۇش ۋە مەلۇم ساندا ئەسكەر بېرىشى شەرت ئىدى.

غەرب ئىلىكخانىنىڭ ئىدارىي تەشكىلى قاراخانىلىقنىڭ باشقا جايلىرىدىكىدىن پەرقلىنەتتى. ماۋەرائۇننەھردىكى ئۆلكىلەر ئۇزۇن زاماندىن تارتىپ، ئىسلام ھۆكۈمەتلىرىنىڭ قول ئاستىدا قالغانلىقتىن، ئۇلاردا مۇستەقىل خان ۋە بەگ يوقتى. ھەرقايسى جايلار ۋالىي، ھاكىم ۋە باشقا مەمۇرلارنى مەركەزدىن تەيىنلەش ئۇسۇلى بىلەن باشقۇرۇلغانىدى. بۇ ئۆلكىلەر قاراخانىلارنىڭ قولىغا ئۆتكەندىن كېيىنمۇ، ئىلىكخانىلار ياكى كېيىنكى تاۋغاچ قاراخانىلارمۇ شۇ ئۇسۇل بىلەن ئىدارە قىلىپ كەلدى. ئومۇمىي ئىدارە قىلىش ئىشلىرىنى، ئەسكىرىي ۋە مالىيە ئىشلىرىنى قارارلىق ۋە تەرتىپ ـ ئىنتىزام بىلەن كۆزىتىپ تۇرۇش ئۈچۈن ۋە يەرلىك خان ۋە بەگلەرنى ئىتائەت قىلىشتا چىڭ تۇتۇش ئۈچۈن، مەملىكەت بىرقانچە ۋىلايەتلەرگە تەقسىم قىلىنغان. ھەربىر ۋىلايەتتە قاراخان ياكى ئىلىكخان تەرىپىدىن ۋەكىللەر، ئەسكىرىي ئەمەلدارلار، قازىلار، مالىيە ئەمەلدارلىرى ۋە يېتەرلىك ساندا ئەسكەر تۇرغۇزۇلغان بولۇپ، ۋىلايەتلەر «ئىل» دەپ ئاتىلاتتى (14 ـ خەرىتىگە قاراڭ).

ئومۇمەن پۈتۈن دۆلەت ئىچىدە بىر ئالاقە ـ خەۋەرلىشىش خىزمىتى(پوچتا) ئورنىتىلغانىدى. يەنە مۇھىم ھادىسىنى مەركەزگە ياكى مەركەزدىن ئۇزاقتىكى جايلارغا ئۆز ۋاقتىدا تېزلىك بىلەن يەتكۈزۈش ئۈچۈن، قەشقەر ـ بالاساغۇن ئارىسىدا ۋە پۈتۈن چېگرا بويىلاپ مۇنتىزىم بىر سىزىق ئۈستىدە قاتارقىلىپ مۇنارلار سېلىنغانىدى. مۇھىم خەۋەرلەرنى بۇ مۇنار ئۈستىدە داۋاملىق تۇرغۇزۇلغان كىشىلەر كۈندۈزى بايراق ھەرىكىتى بىلەن كېچىسى ئوت يېقىپ، ئىشارەت بېرىش ئۇسۇلى بىلەن ئۇيىر مۇناردىكى ئادەمگە خەۋەر قىلىش ئارقىلىق تېگىشلىك يەرگە يەتكۈزەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئەڭ يىراق چېگرىدا يۈز بەرگەن بىر ۋەقەنىڭ خەۋىرى بۇ يول بىلەن بىر ئىككى كۈن ئىچىدىلا پايتەختكە يېتىپ كېلەتتى. مانا بۇ ئۇسۇل ھازىرقى زامانىمىزدىكى تېلېگرافنىڭ خىزمىتىنى بېجىرگەن. بۇمۇنار لاردىن ساق قالغانلىرى ھازىرمۇ بار. بۇ مۇنارلارنى جەنۇبىدىكى ئۆلكىلەردە «تىم» شىمال ۋە شەرقتىكى جايلاردا بۇلارنى «تۇر» ۋە ياكى «تۇرا» دەپ ئاتايتتى.

## ھەربىي تەشكىلات

قاراخانىلار ئۆزىگە تەۋە بولۇشنى قوبۇل قىلغان تۈرك قوۋملىرىدىن مالىي مەبلەغ ۋە ئەسكەرگە ئېلىش تۈزۈمىنى بىكىتكەن. بۇتۈزۈمدە مۇسۇلمان ياكى مۇسۇلمان بولمىغانلار دەپ ئايرىماستىن ھەممىگە بىردەك مۇئامىلە قىلىناتتى. بۇنداق بىر ئومۇمىي سىياسەت نەتىجىسىدە، دۆلەت خەزىنىسىنىڭ كىرىمى ئارتقان. شۇنداقلا، جەڭگىۋار ۋە شىجائەتلىك ئەسكەرلەر كۆپىنچە، مۇسۇلمان بولمىغان ۋە جەڭگىۋار قەبىلىلەردىن كېلەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن قاراخانىلار قوشۇنى مۇسۇلمان ۋە مۇسۇلمان بولمىغان تۈركلەردىن تەركىب تاپقان مۇرەككەپ ۋە ئىنتايىن قۇۋۋەتلىك، ئىنتىزاملىق ئەسكىرىي كۈچتىن تەركىب تاپقانىدى. قوشۇن مۇكەممەل بىر تەشكىلاتقا ئىگە بولۇپ، شۇ تۆت قىسمىغا بۆلۈنەتتى:

1- ھۆججۆمچى قول (قىسىم).

2 - كېچىدە دۈشمەنگە تۇيۇقسىز باسقۇن قىلىپ، قاراۋۇللىرىنى تۇتۇپ كېلىدىغان مەخسۇس قىسىم.

3 - كېچە كۈندۈز ئەسكەرلەرنى دۈشمەننىڭ ھۇجۇمىدىن ساقلايدىغان كۆزەتچى قىسىم.

4 - ئەسكەرلەرنىڭ سانى، ئوزۇق - تولۇك كىرىم چىقىم ۋە ھېسابات ئىشلىرىنى ئىنتايىن مۇنتىزىم بىرسۇرەتتە باشقۇرىدىغان ئارقا سەپ تەمىنات قىسىم.

قاراخانلارنىڭ بايرىقى ئال رەڭ شايىدىن ھازىرلانغان توققۇز دانە بايراقتىن ئىبارەت ئىدى. قاراخان بېشى ئۈستىدە ھال رەڭ شايىدىن ياسالغان بىر كۈنلۈك تۇتۇلغان، تۆت ئەتراپىدا توققۇز دانە ھال رەڭ شايىدىن تىكىلگەن بايراق كۆتۈرۈلگەن ھالدا ماڭاتتى. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن قاراخاننى « توققۇز تۇغلۇق خان» دەپمۇ ئاتايتتى. (9 سانىنى بەخت كەلتۈرىدۇ دەپ مۇبارەك بىلىدىغان بۇ مىللىي ئەنئەنىمىز ھازىرمۇ خەلقىمىز ئارىسىدا داۋام قىلماقتا) قاراخاندىن تۆۋەن دەرىجىدىكىلەرنىڭ بايرىقىمۇ ھال رەڭ بولۇپ سانى توققۇز دىن ئاز بولاتتى.

ئەسكىرىي قىسىملاردا مارش مۇزىكىسى بارئىدى. ھازىرقى ناغرا، كاناي، دۇمباق ۋە سۇنايلىرىمىز قاراخانلارنىڭ ئەسكىرىي مۇزىكىلىرىنىڭ زامانىمىزغىچە يېتىپ كەلگەن نەمۇنەلىرى ھېساپلىنىدۇ. ئۇرۇش جەريانىدا ئالدىنقى سەپ ۋە مەركەز ئارىسىدا پوچتا ئالاقە سىستېمىسى بار ئىدى.

## قاراخانلار دەۋرىدە شەرقىي ۋە غەربىي تۈركىستاننىڭ مەدەنىيىتى

قاراخانلار دەۋرىدە غەربىي تۈركىستاندا مەدەنىيەتنىڭ ناھايىتى ئۈستۈن بىر سەۋىيەدە راۋاجلانغانلىقى تارىخ كىتابلىرىدا تازا ئوچۇق كۆرسىتىلگەن. سەمەرقەنت، بۇخارا، مەرغىنان، ئۆزكەنت قاتارلىق شەھەرلەر ئۇ زاماننىڭ ئەڭ داڭلىق ئىلىم ۋە مەدەنىيەت مەركەزلىرى ئىدى. بۇ ئۆلكىلەردە قاراخانلارنىڭ بىنا قىلغان جامە، مەدرىسە، ھۆكۈمەت بىنالىرى، سارايلار، لەنگەر - ئۆتەڭلەر، يول، كۆرۈك، مازار ۋەگۈمبەزلەر بەك كۆپ ئىدى. بۇلاردىن بەزىلىرىنىڭ خارابىلىرى ۋە ئىز - ئەسەرلىرى ھازىرمۇ مەۋجۇد. ئەمما، شەرقىي تۈركىستاننىڭ شۇچاغدىكى مەدەنىيىتى ۋە ئاۋاتلىقى توغرىسىدا ئىسلام تارىخچىلىرى بەك قىسقا، ئېنىقسىز ۋە ئۇزاقتىن ئاڭلىغان مەلۇماتلارنى بېرىدۇ. شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئۆز ئاھالىسىدىن بولغان ۋە ئۆزكۆزى بىلەن كۆرگەنلەرنىڭ رىۋايەتلىرى ۋە بۇ ئەسىرىمىزدە كۆرسىتىلگەن، يېڭىدىن تېپىلغان ئارخېئولوگىيىلىك ئەسەرلەرگە قارىغاندا، قاراخانلار دەۋرىدە شەرقىي تۈركىستان مەدەنىيەت ۋە تەرەققىيات جەھەتتە ئالتۇن دەۋرىنى ياشىغانلىقى ئىسپاتلانماقتا. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ پارلاق مەنزىرە لەرنى ئايرىم - ئايرىم ماۋزۇ قىلىپ، بايان قىلىمەن.

## ئىلىم

قاراخانىلار ئاچقان مەدرىسىلەردىن پەلسەپە، ئىجتىمائىي ئىلىملەر ۋە ئىسلام ئىلىملىرىدە يېتىشكەن نۇرغۇن ئالىملار چىققانىدى. گەرچە، تارىخ كىتابلىرى ئۇ زاماندا يېتىشكەن ئالىملارنىڭ ئىسمى ۋە تەرجىمەھاللىرىدىن بەك ئاز سۆز قىلغان بولسىمۇ، بىزگە ئىسمى، تەرجىمەھاللىرى ۋە ئەسەرلىرى مەلۇم بولغان شەرقىي تۈركىستانلىق پەيلاسوپ، ئەدىپ ۋە ئالىملىرىمىز ئاز بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئىسلام دۇنياسىدا مىسلى كۆرۈلمىگەن كىشىلەردىن بولغانلىقى ـ ئۇ زاماندا شەرقىي تۈركىستاندا ئالىملارنىڭ كۆپ يېتىشكەنلىكىنىڭ، ئىلىم ۋە مەدەنىيەتنىڭ ئەڭ يۇكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلغانلىقىنىڭ ئەڭ قۇۋۋەتلىك دەلىلى.

ئىسلام پەيلاسوپلىرىنىڭ ئەڭ چوڭى دەپ ھېساپلانغان ۋە ئۇنىڭ ئىلمىي دەرىجىسىگە ھېچكىم يېتىشەلمىگەن بۈيۈك ئالىم، ئەبۇنەسر مەھەممەد فارابى شەرقىي تۈركىستانلىقتۇر. بۇ زات (فارابى) بالاساغۇن يېقىنلىرىدىكى تالاس ئىلىگە تەۋە فاراب شەھىرىدە دۇنياغا كەلگەن بولۇپ، «تارخان» ئۇنۋانلىق بىر قارلۇق ئېمىلزادىسىنىڭ ئوغلى. ئۇ ئوقۇشىنى تالاس، بالاساغۇن ۋە قەشقەردە پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ئىسلام دۇنياسىنى ساياھەت قىلىپ چىققان. ئۇنىڭ بىلىمىگە باغدات، شام ۋە مىسىر پەيلاسوپلىرى ھەيران قالغان. ئىسلام پەيلاسوپلىرى ئۇنىڭغا «II ـ ئارىستۇ» دېگەن ئۇنۋانىنى بەرگەن. ئۇنىڭ مەنتىق ئىلمىدا يازغان، «احصاالعلوم و التعرف باغراضها» دېگەن ئانسىكلوپېدىيىسى ۋە «السياسة المدنيه» گە ئوخشاش بىرقانچە ئەسەرى زامانىمىزغىچە يېتىپ، كەلگەن[55]. مەشھۇر ئىسلام ھېكىمى بۇخارا تۈركلىرىدىن ئەبۇئەلى ئىبنى سىنا، ئىلمىنى فارابىنىڭ كىتابلىرىدىن يىغىۋالغان (ئۆگەنگەن) لىقىنى يازىدۇ. پەيلاسوپ فارابى ھەر ئىلىمدە تەڭداشسىز بولغىنىدەك، مۇسىقى ئىلمىدىمۇ مىسلىسىز بىر ماھىر ئىجاتكار ئىدى. مۇسىقى ئالىملىرى تېخىچە سىرىنى بىلەلمىگەن، تىڭشىغۇچىنى كۈلدۈرىدىغان، يىغلىتىدىغان ۋە ئۇخلىتىدىغان سازنى فارابى ئىجاد قىلغان. ساز چالغۇلىرىدىن «قالۇن» نى فارابى ياساپ چىققان دېگەن رىۋايەت بار. فارابى 70 تىن ئوشۇق تىل بىلەتتى. شۇنچىلىك بىلىم ۋە ئارتۇقچىلىقلىرى بار تۇرۇپ، ھېچبىر مەنسەپ ياكى ئۇنۋانىنى قوبۇل قىلمىغان. ھەتتا ئۆيىمۇ تۇتماي زاھىدلىق بىلەن دۇنيادىن ئۆتكەن. ئۇ كۆپچىلىك بار جايدىن قېچىپ، يالغۇز سۇبويىدا، دەرەخلەر ئارىسىدا ئولتۇرۇپ، پىكىر يۈرگۈزەتتى ۋە كىتاب يازاتتى. ئۆمرىنىڭ تولاراقىنى باغدات، شام ۋە مىسىردا ئۆتكۈزگەن بولسىمۇ تۈرك دۇنياسى بىلەن دايىم چوڭقۇر مۇناسىۋەتتە بولغان. ھاياتى بويىچە تۈركچە كىيىم كىيگەن. 80 يېشىدا شامدا ۋاپات بولغان.

[55] احصاالعلوم و التعرف وباغراضها۔ ئىلىملەرنىڭ تۈرى، تەئرىپى ۋە غايەلىرى. السياسة المدنية ـ شەھەر سىياسىتى (ن. ش. ھ.)

تەفسىر، ھەدىس ۋە فىقھى ئىلىملىرىدا «ئىمام» ئۇنۋانى ئالغانلارمۇ خېلى كۆپ. ئىمام مۇھەممەد فىقھى بالاساغۇنى ۋە ئىمام ئالائىددىن خوتەنى بۇلار دىن بەزىلىرى.

ئەدەبىياتقا كەلسەك، تۈرك يۇرتلىرىنى ساياھەت قىلىپ، تۈرك لۇغىتىنى ۋە خەلق ئەدەبىياتىنى توپلاپ «دىۋانى لۇغاتىت تۈرك» ئىسىملىك بىرقامۇس يېزىپ چىققان مەھمۇد بىن مۇھەممەد قەشقەرى، قەشقەرلىق بۈيۈك ئالىم ۋە ئەدىب ئىدى. بۇ قامۇسنىڭ ئۆز زامانىسىدا مىسلى كۆرۈلمىگەن ۋە تامامەن يېڭىدىن ئىجاد قىلىش سۈرىتى بىلەن يېزىلغان بىركىتاب ئىكەنلىكى تارىخ ئوقۇغان ھەركىشىگە مەلۇم.

شېئىر ۋە ئەدەبىيات ساھاسىدا، تۈرك لۇغىتىنى يىغىشتا ۋە تۈركلەرنىڭ ئىجتىمائىي مەرتىبىسىگە تىلماچلىق قىلىشتا تەڭداشسىز بولغان «قۇتادغۇبىلىك» ئىسىملىك نەزمە شەكلىدىكى كىتابنىمۇ بالاساغۇنلۇق يۈسۈپ تايانغۇ يېزىپ چىققان.

## ئاۋاتلىق

قاراخانىلار دەۋرىدە شەرقىي تۈركىستان ھازىرقىدىن نەچچە ھەسسە ئاۋات بىر مەملىكەت ئىدى. ئۇچاغدىكى شەھەرلەردىن تۆلىسى ھازىر يوق. بۇشەھەرلەرنىڭ بەزىلىرىنىڭ خارابىلىرى بار ۋە ئىسىملىرى بىلىنسىمۇ، بەزىلىرىنىڭ ئىزىمۇ قالمىغان ۋە ئىسمىمۇ ئۇنتۇلۇپ كەتكەن. شۇنداقلا تارىخ كىتابلىرىدا ئىسمى تىلغا ئېلىنغان بىرقانچە شەھەرلەرنىڭ ھازىر خارابىلىرىمۇ قالمىغان.

«تارىخىي رەشىدى» نىڭ مۇئەللىپى، ئۆزىنىڭ خوتەن ساياھىتى جەريانىدا كۆرگەن شەھەر خارابىلىرى، مۇنارلار، گۈمبەزلەر، جامەلەر ۋە مەدرىسىلەرنىڭ خارابىلىرى توغرىسىدا ئۇزۇن ـ ئۇزۇن توختىلىپ، تەپسىلى بايان قىلغان. بۇشەھەرلەردىن تارىختا ئىسمى تىلغا ئېلىنغان، تەتقىقات جەريانىدا ئىسپاتلانغان ياكى تەخمىن قىلىنغانلىرى 14 ـ خەرىتىدە كۆرسىتىلدى.

قاراخانىلار دەۋرىدە يول، ئېرىق ـ ئۆستەڭ، سۇ قۇرۇلۇشلىرى، ئىمارەت، جامە، مەدرىسە ۋە مۇنارلار كۆپ ياسالغان. بولۇپمۇ، قەشقەر، خوتەن، كۇچا، بالاساغۇن ۋە بارسغان شەھەرلىرى چوڭ ۋە مۇكەممەل ئاۋاتلىق ۋە تەرەققىياتنىڭ ئۈلگىسى ئىدى. قۇچۇ، بەشبالىق، چوڭبالىق، ئىلبالىق ۋەكىنگىت شەھەرلىرى، قاراخانىلار دەۋرىنىڭ ئەڭ چىرايلىق ۋە ئاۋات مەنزىرىسىنى بۈگۈنمۇ نامايان قىلماقتا. ئۆز زامانىسىدا 20 دىن ئۇشۇق شەھىرى بولغان خوتەننىڭ ھازىر 6 شەھىرى قالغان.

## ھۆنەر ـ سانائەت

قەدىمدىن تارتىپ، ھۆنەر ـ سانائەتتە ناھايىتى ئۇستا بولغان شەرقىي تۈركىستانلىقلار قاراخانىلاردەۋرىدە تېخىمۇ تەرەققى قىلغان. پىلە قۇرۇتى بېقىپ، يىپەك ئىشلەپ چىقىرىپ شايى، ئەتلەس ۋە بەقەسەم توقۇش قاراخانىلار زامانىسىدا راۋاجلانغان. مىمارلىق نەققاشلىق سانائىتى قاراخانىلار دەۋرىدە كامالىغا يەتكەن دېيىش، ئېيتالايمىز. چۈنكى، ئۇچاغدا بىنا قىلىنغان جامە، مەدرىسە، مۇنار،

گۈمبەز ۋە هاممام ۋە باشقا ئىمارەتلىرىنىڭ خارابىلىرىدىكى ئۇستا هۈنەر ئىزلىرى بۇنى ئىسپاتلايدۇ. بۇ بىناكارلىق ئەسەرلىرىنىڭ بۈگۈنگىچە ئۆز هالى بىلەن ساق قالمىغانلىقىنىڭ مۇنداق ئىككى سەۋەبى بار: (1) قۇرۇلۇشتا بۇئىمارەتلەرگە تاش ماتېرىيال ئىشلەتمەي، ياغاچ ۋە كېسەك ئىشلىتىلگەنلىكى(2) قاراخانىلاردىن كېيىن شەرقىي تۈركىستانغا ناهايىتى مۇتەئەسسىپ، هەر نەرسىنى كۆيدۈرۈپ، بۇزۇپ، ۋەيران قىلىدىغان بۇلاڭچىلارنىڭ ئارقا۔ ئارقىدىن تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشىدۇر. خوتەن، كېرىيە، چەرچەن، قەشقەر، ئۈچتۇرپان، كۇچا، قاراشەهەر، تۇرپان، قۇمۇل، ئۈچئەل (دۇڭخۇاڭ) ئەتراپلىرىدىن تېپىلغان يىپەك، يۇڭ ۋە بۆز كىيىم ـ كېچەك پارچىلىرى خوسۇسەن يۇسۇپ قېدىرخان زامانىسىدا خوتەندە شېهىت بولغان ئىسلام ئەسكەرلىرىنىڭ كېپەنلىكلىرىگە قاراپ. تۈركلەرنىڭ قاراخانىلاردەۋرىدىكى توقۇمىچىلىق ماهارىتىنى تەقدىرلەشكە ئەرزىيدۇ. ئۇ دەۋردە ياسالغانلىقى ئىسپاتلانغان هەرخىل ئالتۇن كۈمۈش. مىس ۋە تۆچ زىننەت بۇيۇملىرى. قورال ـ ياراق، ئۆي سەرەمجانلىرى ۋە دېهقانچىلىق سايمانلىرى. بولۇپمۇ قاشتېشى بىلەيزۈك. ئۈزۈك. كەمەر توقىسى، ئاياق، تەخسە ۋە پىيالە قاتارلىق سەنئەت بۇيۇملىرىنىڭ تېپىلىشى بۇنى ياسىغان سەنئەتكارلارنىڭ ئۆز هۈنىرىدە قانچىلىك تەرەققى قىلغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. مەدەنچىلىكتىكى ئىشلەپچىقىرىش مەهسۇلاتى ئۆز ئېهتىياجلىرىدىن ئېشىپ تۇرغانلىقتىن شەرقىي تۈركىستاندىن ئۇ دەۋردە يات مەملىكەتلەرگە ئالتۇن. مىس ۋە قاشتېشى چىقىرىپ ساتقانلىقى مەلۇم. قاراخانىلار ۋە ئىلىكخانىلارنىڭ نامىدا چىقىرىلغان ئالتۇن،كۈمۈش ۋە مىس يارماقلار هازىر پېتىرىسبورگ. بېرلىن ۋە لوندۇن مۇزېيلىرىدا كۆرگەزمە قىلىنماقتا. تارىخچى ستانلىپول، قاراخانىلارنىڭ ۋە ئىلىكخانىلارنىڭ ئىسمىنى. تەختكە چىققان ۋاختىنى ۋە ۋاپات بولغان تارىخلىرىنى مانا بۇ مۇزېيلاردىكى يارماق (پۇل) لاردىن ئالغانلىقىنى بايان قىلىدۇ.

## تېرىلغۇ، تىجارەت ۋە ئىقتىسادىي بايلىقى

شەرقىي تۈركىسانىنىڭ ئالتى شەهەر ۋە تۇرپان ئۆلكىلىرىنى كۆرگەن هەرقانداق كىشى بىرقاراپلا بۇيەرلەرنىڭ هەممىسىنى ئېرىق ـ ئۆستەڭ چېپىپ سۇغۇرۇپ، تېرىلغۇ قىلىدىغان ئېتىزلار بەرپا قىلىپ ئاۋات قىلغانلىقىنى بايقايدۇ ۋە بۇنىڭسىز بۇيەرلەرنىڭ ئاۋات بولۇشىنىڭ مۇمكىن بولمايدىغانلىقىنى كۆرىدۇ. بۇلارنىڭ هەممىسى بۇ يۇرت خەلقىنىڭ نەچچە مىڭ يىللاردىن بېرى كەنت هاياتى (شەهەرلەردە ئولتۇراقلاشقان) ياشىغان ۋە تېرىلغۇ، تىجارەت ۋە هۈنەر ـ سانائەت بىلەن شۇغۇللانغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

هازىرقى ئاۋات جايلاردىكى ئېرىق ـ ئۆستەڭ ۋە تۇغان(ئازما) قاتارلىق سۇ قۇرۇلۇشلىرىنىڭ تولىسى قاراخانىلار دەۋرىدە ياسالغانلىقى مەلۇم. بۈگۈن ۋەيرانە هالىتىدە تۇرغان ئەمما، قاراخانىلار دەۋرىنىڭ

ئاۋات يۇرتلىرىدىكى ئېرىق - ئۆستەڭ ۋە ئازمالارنىڭ ئىزلىرىنىڭ كۆپلىكى، شۇچاغلاردا يەر سۇغۇرۇش ئىنشائاتلىرىنىڭ ناھايىتى ئىلگىرىلىگەنلىكىنى ۋە تېرىلغۇ يەرلىرىنىڭمۇ ناھايىتى كۆپ ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. سۇسىز يەرلەرنى سۇغىرىش ئۈچۈن تاغنى تېشىپ سۇئۆتكۈزۈش ۋە«كارىز»كولاپ سۇنى يىراق تاغ باغرىدىن ئېتىزغا باشلاشقا ئوخشاش سۇ قۇرۇلۇشلىرى قاراخانىلار زامانىسىدا بەك راۋاجلانغان. بۇ تاغ تەشمەلىرى ۋە كارىزلاردىن زامانىمىزغا قەدەر يېتىپ كەلگەنلىرىمۇ تولا. تېرىلغۇدا دانلىق زىرائەتتىن باشقا كېۋەز(پاختا)، ھەرخىل ئوتياش(سەبزاۋات)، بەدە،كەندىر ۋە ياغلىق دان قاتارلىقلارنى كۆپ تېرىغان. شۇنداقلا باغۋەنچىلىكمۇ ناھايىتى تەرەققى قىلغان.

ئىچكىي تىجارەتتە، شەرقىي تۈركىستاننىڭ جەنۇبىدىن ھەرخىل مەھسۇلاتلارنى شىمالغا ئېلىپ كېلىپ، ھايۋان ۋە مەدەن مەھسۇلاتلىرىغا ئالماشتۇرۇش تىجارىتى كەڭ راۋاج تاپقان. شۇنىڭغا ئوخشاش كارۋان تىجارەتلىرى ۋە ئولتۇراقلاشقان تىجارەت يەنى، دۇكاندارچىلىق تازا راۋاجلانغان ئىدى. كارۋانچى سودىگەرلەر«ئارقىش»، دۇكاندارلار «كىبەتچى» دەپ ئاتالغان. تاشقى تىجارەتتە شەرقىي - تۈركىستانلىق كارۋان سودىگەرلەرچىن، تىبەت، غەربىي تۈركىستان، ئىران ۋە ھىندىستانغا قاتناپ. شەرقىي تۈركىستاندىن سانائەت مەھسۇلاتلىرىنى ۋە مەدەن مەھسۇلاتلىرىنى ئاپىرىپ ساتاتتى. قايتىشتا چىندىن يىپەك تۇقۇلما ماللار، يىپەك كىيىم - كېچەك، چىنە قاچا، ھىندىستاندىن دورا - دەرمان ۋە رەڭ ئېلىپ كېلەتتى. ھىندىستان ۋە تىبەتتكە بولغان تىجارەت خوتەنلىك سودىگەرلەرنىڭ قولىدا ئىدى.

دېمەك، قاراخانىلار دەۋرىدىكى جەمئىيەت تەرتىپ - ئىنتىزامىنىڭ تۇراقلىقلىقى ۋە تىنچ ئامان - باياشات ۋەزىيىتى سايىسىدە ئىچكى ۋە تاشقى تىجارەت تازا تەرەققى قىلىپ، ئاسىيانىڭ شەرقىي ۋە غەربىي ئارىسىدىكى سودا - تىجارەتنى شەرقىي تۈركىستانلىق تىجارەتچىلەر قولغا ئالغانىدى. قاراخانىلار ھۆكۈمىتى ساياھەت ۋە تىجارەت سەپەرلىرىنى ئاسانلاشتۇرۇش ۋە بىخەتەرلىكىنى ساقلاش ئۈچۈن يول ئۈستىدە قۇدۇق كولاپ، ئۆتەڭ - لەنگەر ۋەكارۋان سارايلىرى بىنا قىلغان. يولۇچىلارنىڭ دەم ئېلىشى يېمەك - ئىچمەك بىلەن تەمىنلىنىشى ۋە ئات - ئۇلاغلىرىنىڭ يەم - خەشەكلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇشقا ھەربىرچۇشكۇدە مەخسۇس «لەنگەرچى» تەيىن قىلىنغان. بۇلارنىڭ كىرىم - چىقىملىرىنى قامداش ئۈچۈن ۋەقپىلەرنى قۇرۇپ چىققان. بۇ لەنگەر ۋە ۋەقپىلەردىن زامانىمىزغىچە قالغانلىرىمۇخېلى بار. چۆللەردە سەپەر قىلغان يولۇچىلارنىڭ ئېزىقىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن يول بويىغا ياغاچ تۇۋرۇك تىكلەپ ئىشارەت قويۇلغان. بۇ ئىشارەت تۇۋرۇكلىرى ئۇ زاماندا «ئۇلا» ياكى «ئىلا» دەپ ئاتالغان.

قاراخانىلار دەۋرىدە شەخسلەرنىڭ ياساتقان ئۆي - ئىمارەتلىرىنىڭ خارابىلىرىدا كۆرۈلگەن ئالتۇندىن ھەل بىرىلگەن ۋە نەقىشلەر، جاۋاھىرات كۆز قويۇلغان ئالتۇن ۋەكۈمۈش ئۆي

سەرەمجانلىرى، ئالتۇن ـ كۈمۈش يامبۇلار ۋە جاۋاھىرات بىلەن زىننەتلەنگەن كىيىم ـ كېچەكلەرگە قارىغاندا شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ قاراخانىلاردەۋرىدە تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە باي بولغانلىقى مەلۇم بولىدۇ.

## قاراخانىلار دەۋرىدە شەرەپ ئۇنۋانلىرى

قاراخانىلارنىڭ ھەرخىل ئۇنۋانلىرى بارئىدى. قەھرىمانلىقى ۋە جاسارەتلىكى بىلەن مەشھۇر بولغان قاراخان « بۇغراخان»، «قارا بۇغراخان» ياكى «تۇڭگاخان» (قاپلان خان) قاتارلىق ئۇنۋانلار بىلەن ئاتىلاتتى.

دۆلەتنىڭ مەركىزى ھاكىمىيىتىنى كۈچلەندۈرگەن ۋە دولەتلەرئارا قاراخانىلىقنىڭ سىياسى ئورنىنى يۇقىرى پەللىگە چىقىرىشقا مۇۋەپپەق بولغان قاراخانىلار«قېدىرخان» ( ئۇيپۇزى كۈچلۈك دېمەكتۇر) ئۇنۋانىنى ئالاتتى.

قارارقىلىشتا قەتئىي ۋە ئۆتكۈر بولغانلىقى ئۈچۈن «قىلىچ خان» ئۇنۋانى بېرىلگەن قاراخانىلارمۇ ئاز ئەمەس ئىدى. ئىلىم ـ بىلىمدە شۆھرىتى چىققان قاراخان «كۆل بىلگەخان ـ دېڭىزدەك چەكسىز بىلىملىك» دەپ ئاتالغان.

قاراخانىلار جەمەتىدىن بولغان شاھزادىلار ئومۇمەن «تېكىن» دەپ ئاتالغان. قىسمەنلىرى «تېرىم» دەپمۇ ئاتالغان. يۈرەكلىكلىكى بىلەن تونۇلغان شاھزادىلار« تۇڭگا تېكىن» ( قاپلاندەك باتۇرشاھزادە)، ئالپ تېكىن (پەھلىۋان شاھزادە)، ياغان تېكىن (پىلدەك قۇۋۋەتلىك شاھزادە) دېگەنگە ئوخشاش ئۇنۋانلاربىلەن شەرەپلەندۈرۈلگەن. قاراخان خانىدانىدىن بولمىسىمۇ دۆلەتكە پەۋقۇلئاددە ھەربىي خىزمەت كۆرسەتكەن ئېسىلزادىلەرگىمۇ «ئالپ تېكىن» ئۇنۋانى بېرىلەتتى. دۆلەت ئەربابلىرىدىن ۋەزىرنى «يۇغرۇش » دەپ ئاتايتتى. ئىشىك ئاغاسىنى «دەربار ۋەزىرنى» «تايانغۇ » دەپ ئاتايتتى. بۇ قاراخان بىلەن يۇقرالار ئوتتۇرىسىدا ئالاقە قىلىشتا ئىشەنچلىك كىشى دېمەكتۇر.

مەملىكەتنىڭ بۆيۈك بىرقىسمىدا، قاراخاننىڭ مۇئاۋىنى بار بولۇپ، تۇرغان تېكىن « ئىلىكخان» دەپ ئاتالغان. ئىچكى ئەركىنلىكگە ئىگە يەرلىك خانلاردىن بىرىنچى دەرىجىدىكىلىرىگە«چۇۋەي» (جۇۋي)، ئىككىنچى دەرىجىدىكىلىرىگە «يابغۇ»، ئۈچىنچى دەرىجىدىكىلىرىگە «توقسىن»، تۆتىنچى دەرىجىدىكىلىرىگە « باشقان، بۇشقان ياكى بۇشقا» ئۇنۋانى بېرىلەتتى. پەقەت، يەرلىك خانلاردىن ئۇيغۇر ئىدىقۇتى « ئىدىقۇت» ئۇنۋانىنى ساقلاپ قالغان.

قاراخانىلارنىڭ خۇسۇسى كاتىپلىرى «ئىلىمغا» دەپ ئاتىلاتتى. ئەسكىرىي مەنسەپدارلار ئومۇمەن «باشقان» دەپ ئاتالغان. «سۇباشى» يالغۇز باش قوماندانغا مەنسۇپ بىر ئۇنۋان ئىدى. قەھرىمانلىقتا 1ـ دەرىجىدە داڭقى چىققان ئەسكەرگە«ئالپ» ۋە 2 ـ دەرىجىدىكىگە «سۇقمان» ئۇنۋانى بېرىلەتتى (ھەر ئىككىسى پەھلىۋان دېگەن مەنىدە).

يۇرتىنىڭ ئىسىلزادىلىرىگە 1 ـ دەرىجىدە «تارخان»، 2 ـ دەرىجىدە «بەگ» ۋە 3 ـ دەرىجىدە «باي» دېگەن ئۇنۋان بېرىلەتتى.

## قاراخانىلار دەۋرىدە تۈرك تىلى ۋە ئەدەبىياتى

قاراخانىلار دەۋرىدە تۈركچىلىك ۋە تۈرك ئەنئەنىلىرىگە تولۇق سادىق قېلىش بىلەن بىللە تۈركچە تىلمۇ ناھايىتى ياخشى مۇھاپىزەت قىلىنغانىدى. دۆلەتنىڭ رەسمى تىلى خاس تۈركچە ئىدى. شەرقىي تۈركىستان يازغۇچىلىرى تەبىئىي ھالدا ئەسەرلىرىدە يات كەلىمىلەرنى ئىشلىتىشتىن ساقلىنىپ، چەتتىن كىرگەن نەرسىلەرگە تۈركچە ئات قويىغان ۋە ئەڭ ئىنچىكە پىكىرلىرىنى ئىپادىلەش ئۈچۈنمۇ تۈركچە كەلىمە ئىجاد قىلىشقا بەك تىرىشقان. ئەدەبىياتمۇ قاراخانىلار دەۋرىدە تازا تەرەققىي قىلغان. خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن باشقا مەكتەپ ۋە تەئلىف (يازىش - تەھرىر) ئەدەبىياتىمۇ مەۋجۇد بولغان . خاس تۈركچە تىلدا كۆپلىگەن دىنىي، ئەدەبىي، نەزمىي ۋە نەسرىي كىتابلار يېزىلغان. مانا بۇ شەكىلدە ساپ تۈركچە ئەدەبىي تىل سۈپىتىدە راۋاجلانغان.

پۈتۈن رەسمى يېزىشمىلار، ھېساۋات دەپتەرلىرى، خەلق ئىچىدىكى ۋەسىقىلەر، مۇئامىلە دەپتەرلىرى ۋە خاتىرىلەرنىڭ ھەممىسى تۈركچە بولۇپ، ئۇيغۇرئېلىپبەسى بىلەن يېزىلاتتى. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇكى، ئۇ دەۋردە ئەرەپ ئېلىپبەسى رەسمى سۈرەتتە ھەم خەلق ئىچىدىمۇ ئومۇمىي رەۋىشتە قوبۇل قىلىنمىغان. ئۇدەۋردە يېزىلغان كىتابلارنىڭ تولىسى دىنىي كىتابلار بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر ئېلىپبەسى بىلەن يېزىلغان. بەزى ئۆلىمالار پارسچە ئەسەرلىرىنى ئەرەپ ھەرپلىرى بىلەن يازغان. قاراخانىلارنىڭ ئاخىرقى دەۋرىگە كەلگەندە، ئەرەپ ھەرپلىرىنى قوللىنىش ئومۇملاشقان. لېكىن، تەركىپ جەھەتتە ئەرەپچە قائىدە بويىچە يېزىش قوبۇل قىلىنمىغان. بەلكى ئۇيغۇرچە ئىملا قائىدىسىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇلغان. مەسىلەن: ئەرەب ئېلىپبەسىدىكى ئىشارەتلەر دىن«زەبەر» نىڭ ئورنىغا «ا»، «پېش» نىڭ ئورنىغا « و» ۋە « زىر» نىڭ ئورنىغا «ي» نى يېزىشنى قائىدە قىلغان. بۇ قائىدە زامانىمىزدىمۇ كۈچقا ئىگە [56]. مىسال قىلىپ ئالغاندا، «بەرگەن، تورسون، قىلدىم» دېگەن سۆزلارنى نوقۇل ئەرەب ئېلىپبەسى بىلەن يازغاندا ـ « بَرگَنَ، ترُسُن، قِلدِم » شەكىلدە يېزىلاتتى. دېمەك، قاراخانىلار دەۋرىدە ئەرەبچە رەسمى سۈرەتتە ھېچ قوبۇل قىلىنمىغان ۋە قاراخانىلىقنىڭ ئاخىرقى دەۋرىگىچە رەسمى يېزىق داۋاملىق ئۇيغۇر ھەرپلىرى ئىدى.

قاراخانىلار دەۋرىدە ساپ تۈركچە تىلدا نەسر ۋە نەزم ئەسەرلەركۆپ يېزىلغانلىقى مەلۇم. ئەمما بۇلاردىن بىزگىچە تۆۋەندىكى ئىككىسى يېتىپ كەلگەن:

1. قۇتادغۇبىلىك ( بەخت سائادەتكە يەتكۈزگۈچى بىلىم) — 6545 بېيت، 13290 مىسرادىن تەركىپ تاپقان باشتىن ئاياغ نەزمىدىن ئىبارەت چوڭ ھەجىملىك بىركىتاپ بولۇپ، خاس ۋە پاك

56 مۇئەللىپ بۇ يەردە، 30 ـ يىللىرىدىكى ئۇيغۇر ئىملاسىنى كۆزدە تۇتىدۇ (ن. ش. ھ.).

تۈركچە تىلدا يېزىلغان. كىتابدىكى ئەرەبچە كەلىمىلەر 100 دىن ئاشمايدۇ. ھەرخىل مەسىلە توغرىسىدا ناھايىتى قىممەتلىك پەلسەپەۋى ۋە ئىجتىمائىي چۈشەنچىلەر، پىكىرلاردىن ئىبارەت بولغان بۇ كىتاب. ئۇ دەۋردە شەرقىي تۈركىستاندىكى مۇسۇلمان تۈركلىرى جەمئىيىتىنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتە ناھايىتى تەرەققى قىلغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. مۇئەللىپ، ئەسلى بالاساغۇنلۇق بولۇپ، قەشقەردە قاراخانىنىڭ «تايانغۇ» سى يەنى، «خاس ھاجىپ» ياكى «ئىشىك ئاغىسى» بولغان يۈسۈپ خاس ھاجىپتۇر. يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئەسىرىنى ھىجرى 462 ـ(مىلادى 1069 ـ) يىلى يېزىپ تۈگەتكەن ۋە شۇ تارىختىن كېيىن، كىتابىنى غەرب «تاۋغاچ قاراخان»ى ئەبۇئەلى ھەسەن تاۋغاچ قاراخانغا ھەدىيە قىلغان. قۇتادغۇبىلىك تامامەن ئۇيغۇر ئېلىپبەسىدە يېزىلغان بولۇپ، ھازىر بېسىلغان نۇسخىسى ئەنە شۇ ئەسلى نۇسخىسىغا ئاساسەن بېسىلغان.

2 ـ «دىۋانى لۇغاتىت تۈرك» بۇ كىتاب، قەشقەر ئالىملىرىدىن بولغان مەھمۇد بىن مۇھەممەد نىڭ تۈرك تىلى ۋە ئەدەبىياتىنى توپلاش ئۈچۈن، پۈتۈن تۈرك يۇرتلىرىنى بىرقانچە يىل ساياھەت قىلىپ، توپلىغان تۈركچەسۆز بايلىقىنى بىرىكتۈرگەن ئۈچ توملۇق مىسلىسىز بىرقامۇس. دۇنيادا ئۇچاغدا تېخى باشقا بىر مىسالى بولمىغان ئۇسۇل ۋە تەرتىپ بىلەن ئىشلەنگەن بۇ سۆزلۈك، تۈركىستانلىق مۇئەللىپلارنىڭ ئۈستۈن يازۇچىلىق قابىلىيىتىنى نامايان قىلماقتا . بۇقامۇستا، بىرتۈركچە لۇغاتنى ئەرەبچىگە تەرجىمە قىلىشتا، تۈركچە بىر بېيىت بىلەن ياكى بىر مەسەلنى مىسال كەلتۈرۈپ، يېشىپ چۈشەندۈرۈش ئۇسۇلىنى قوللانغان. دېمەك، «دىۋانى لۇغاتىت تۈرك» قەدىمكى تۈرك لۇغىتىنى ۋە قەدىمكى تۈرك خەلق ئەدەبىياتىنى بىريەرگە يىغىپ،كۆرسەتكەن پەۋقۇلئاددە قىممەتلىك بىر كىتاب. مۇئەللىپنىڭ بۇئەسىرنى ئەرەبچە چۈشەندۈرۈپ يېزىشىنىڭ سەۋەبى، ئۇ زاماندا ئاباسى خەلىپىلىكىنىڭ دۆلەت ئەربابلىرى ۋە يۇكسەك ئەسكىرىي ۋە مەمۇرىي خادىملىرىنىڭ كۆپچىلىكى تۈركلەردىن بولۇپ، خەلىپىنىڭ تۈركچە بىلىشگە ناھايىتى ئېھتىياجى بار ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، مەھمۇد بىن مۇھەممەد بۇ ئەسەرىنى تۈركچە ـ ئەرەبچە لۇغات شەكلىدە يېزىپ، شۇ زامانىنىڭ خەلىپىسى ئەلمۇقتەدىر بىئەمرۇللاھ ئاباسى غا تەقدىم قىلغان.

ئوتتۇرا زامانلىرىدا تۈركىستاندا تۈرك تىلىغا يات كەلىمىلەر، بولۇپمۇ، ئەرەبچە ۋە پارسچە كەلىمىلەر بەك كۆپ كىرگەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە زامانىمىزغىچە ئۆتكەن مۇئەللىپ، مۇھەررىر ۋە شائىرلىرىمىز ئۆز ئەسەرلىرىدە قەستەن يات كەلىمىلەرنى بەك تولا ئىشلەتكەن. مانا بۇ سەۋەبتىن تۈركىستاندا كۆپ نەرسىلەرنىڭ تۈركچىسى ئۇنتۇلۇپ كەتكەن. بۇ ئۇنتۇلغان گۈزەل تۈركچە سۆزلەرنى دىۋانى لۇغاتىت تۈركتە تاپالايمىز.

يۇقىرىقى ھەرئىككى كىتاب تۈركىيە ۋە بىرقانچە ياۋرۇپا دۆلەتلىرىدە باستۇرۇلدى. تۈرك تىلى ۋە ئەدەبىياتىنى تەدقىق قىلىدىغان ئالىملار ئىلمىي تەدقىقات ئىشلىرىدا مانا بۇ ئىككى كىتابقا مۇراجىئەت

قىلدۇ. بۇ ئىككى ئەسەر ھازىرقى تۈرك تىلىمىزنىڭ ئىسلاھ خىزمىتىدە مۇھىم رول ئوينۇغۇسى.

## قاراخانىلار دۆلىتىنىڭ زامانداش باشقا دۆلەتلەر ئارىسىدىكى سىياسى ئورنى

قاراخانىلار بىلەن ئاباسى خەلىپىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەر توغرىسىدا مەلۇماتىمىز يوق. ئۇ چاغلاردا خەلىپىلىك مەركىزىنىڭ سىياسى نۇپۇزى يوقالغانلىقى مەلۇم. ئەمما، قاراخانىلارنىڭ دەسلەپكى دەۋرلىرىدە غەربىي تۈركىستان، ئافغانىستان ۋە ئىرانغا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان سامانى دۆلىتى بىلەن قاراخانىلارنىڭ مۇناسىۋىتى باشتا دوستانە ئىدى. سامانى دۆلىتى مۇنقەرىز بولۇش ئالدىدا، ھارۇن بۇغراقاراخان مۇناسىۋەتنى بۇزۇپ، دۆلەتنى يىقىتىپ، ئورنىغا دەسسىگەنلىكىنى يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتتۇم. ئۇندىن كېيىن، قاراخانىلار ئاسىيا دۆلەتلىرىنىڭ ئەڭ ئەسلى ۋە مەنىۋى نۇپۇزىغا ئىگە يىگانە خاندانى دەپ تونۇلدى. ئۇ زاماننىڭ ئەڭ قۇدرەتلىك ئىسلام ھۆكۈمدارى بولغان سۇلتان مەھمۇد غەزنىۋىنىڭ ئوغلى سۇلتان مەسئۇد، قاراخانىلارنى ئۆزلىرىدىن ئېسىل ۋە ئۈستۈن مەرتىۋىدە كۆرۈپ، كۆپ ھۆرمەتلەيتتى. قاراخانىلار بىلەن دوستانە ئۆتۈشكە ناھايىتى ئەھمىيەت بېرەتتى. سەلچۇق سۇلتانلىرىمۇ، قاراخانىلارنى ئومۇمىي تۈرك تۇپلىمىنىڭ «ئىمپېراتورى» ئورنىدا كۆرۈپ بەك ھۆرمەت قىلاتتى. شەرقتىكى تاڭغۇت خانلىرى ۋە خىتاي خانلىرى[57] رەسمى قاراخانىلارغا تەۋە بولمىسىمۇ، مەرتىۋىدە ئۆزلىرىنى بىردەرىجە تۆۋەن ھېساپلاپ، قاراخانىلىقىقا داۋاملىق سوغا- سالام تەقدىم قىلىپ تۇرۇش بىلەن دوستلۇق مۇناسىۋىتىنى ساقلاپ، نۇپۇزى تەسىرى ئاستىدا قېلىشنى قولغا كەلتۈرۈپ قاراخانىلارنىڭ بېسىۋېلىشىدىن ساقلىنىشقا تىرىشاتتى.

«دىۋانى لۇغاتىت تۈرك» تە يېزىلغىنىغا قارىغاندا قاراخانىلار چىن ئىمپېراتورلىرىغا خەت يازسا ئۇيغۇرچە(ئۇيغۇر ھەرپلىرى بىلەن) يازاتتى. چىن ئىمپېراتورلىرىمۇ قاراخانىلارغا ئۇيغۇرھەرپلىرى بىلەن خەت يازاتتى. مانا بۇ رىۋايەت، قاراخانىلارنىڭ چىن ئىمپېراتورلىرى ئۈستىدە بىرمەنىۋىي نۇپۇزغا ئىگە بولغانلىقىنى، سىياسى جەھەتتىنمۇ يۇقىرى ئورۇندا بولغانلىقلىرىنى ئىسپاتلايدۇ. قاراخانىلارنىڭ زامانداش باشقا دۆلەتلەر ئارىسىدىكى بۇ ئۈستۈنلىكىنىڭ ئاساسى، قاراخانىلار دۆلىتىنىڭ ئەسكىرىي ، ئىقتىسادىي جەھەتتە باشقا دۆلەتلەردىن كۈچلۈك ۋە سىياسى ئېتىبار جەھەتتە بۇ دۆلەتلەردىن ئۈستۈن بولغانلىقى مەلۇم. ئەپسۇسكى، قاراخانىلارنىڭ بۇنداق كۈچلۈك سىياسى ئورۇنغا ئىگە بولغانلىقىدىكى ۋەقەلىكلەرنىڭ تەپسىلى ئەھۋالىنى تولۇق بىلمەيمىز.

[57] بۇ يەردە مۇئەللىپنىڭ «خىتاي» «قىتان» دېگىنى قەبىلىسىنى كۆرسىتىدۇ. چىنلىقلار ئەمەس (ن. ش. ھ.).

## قاراخانلار ۋە بۇلاردىن بۇرۇنقى بۈيۈك تۈرك دۆلەتلىرىنىڭ يىقىلىشلىرىدىكى سەۋەپلەر توغرىسىدا بىر كۆز قاراش

هۇنلار، جۇجانلار، يەفتىللەر، كۆكتۈركلەر، تۈركەشلەر، ئۇيغۇرلار ۋە قاراخانلارغا ئوخشاش تۈرك دۇنياسىدا چوڭ دۆلەتلەر قۇرغان خانىدانلارنىڭ ئەڭ ئۇزۇن 300 يىلدىن ئۇزاقتا قالماي يىقىلغانلىقى تارىختىن مەلۇم بولماقتا. بۇدۆلەتلەرنىڭ يىقىلىشىدا ئەلبەتتە، ئوخشىمىغان بەزى سەۋەپلەرنىڭ بولۇشى تەبىئىي. لېكىن، بەزى ھازىرقى زامان تارىخچىلىرىنىڭ چۈشەنچىلىرىگە قارىغاندا، بۇ دۆلەتلەرنىڭ يىقىلىشىدا ئەڭ مۇھىم مۇنداق بىر ئوخشاش سەۋەپ بار:

قەدىمكى زاماندىن تارتىپ، تۈرك توپلۇمىدىكى ھەربىر كىشىنىڭ نەزىرىدە مۇستەقىللىق ھەرقانداق نەرسىدىن ئەزىز(ئۈستۈن تۇرىدىغان) ھەققى ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەڭ ئالىي ھۆكۈمدار بولغان زات، ھەرقايسى ئۆلكىلەردىكى يەرلىك خانلارنىڭ ۋە بەگلەرنىڭ مۇستەقىللىقىغا ھۆرمەت قىلىشقا ۋە پەقەت، يات دۈشمەنگە قارشى ئاتلانغاندا پۈتۈن تۈرك قوۋملىرىنىڭ بىر بايراق ئاستىدا بىرلىشىپ، كۈرەش قىلىشىغا قانائەت قىلىشقا مەجبۇرئىدى. يەرلىك خان ۋە بەگلەر بولسا ئەڭ ئالىي ھۆكۈمران بولغان كىشىنى«تۈرك قوۋملىرىنىڭ ئىتتىپاقى ۋە مەۋجۇد بولۇپ تۇرۇشىنىڭ ھامىسى» دەپ قاراپ، ھۆرمەتلەپ ئىتائەت قىلاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، مەملىكەتنىڭ مەركەزدىن ئۇزاق قىسىملىرىغا مەسئۇل ھۆكۈمران جەمەتىدىن بولغان نائىپ (مۇئاۋىن) ئۆز يېرىدە تولۇق ھوقۇقلۇق مۇستەقىل بىر ھۆكۈمداردەك سەلتەنەت سۈرەتتى. ئىچكى، تاشقى، ئەسكىرىي ۋە مالىيە ئىشلىرىنىڭ ھەممىسى بۇ نائىبلارنىڭ ئىختىيارى ۋە سالاھىيىتىگە باغلىق ئىدى. بۇخانلىق ۋە نائىبلىق مەنسەپلىرى دادىسىدىن بالىسىغا مىراس قالاتتى. قەدىمدىن تارتىپ تۈرك دۆلەتلىرىنىڭ دۆلەت باشقۇرۇش ئەنئەنىسى شۇنداق بولۇپ كەلگەن ۋە ھەركىم بۇ ئەنئەنىگە رىئايە قىلىشنى ئىنسانىي بۇرچى ۋە مەجبۇرىيىتى دەپ ئېتىقاد قىلغان. بىردۆلەت قۇرۇلۇپ، ئارىدىن بىر زامان ئۆتكەندىن كېيىن نائىبلار ياكى يەرلىك خانلاردىن بەزىلىرى ھەسەتخور ۋە شەخسىيەتچى بولۇپ چىقىپ، چوڭ ھۆكۈمدارغا ئاسىلىق قىلاتتى. ئۆزجايلىرىدا ئەزەلدىن مۇستەقىل بولۇپ، ئەسكىرىي ۋە مالىيە ۋە باشقا ئىشلارنىڭ ئىختىيارى ئۆز قولىدا بولغان بۇ ئاسىيلارنىڭ ئىسيانى ئوڭايلا مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشەتتى. يەنە بىرتەرەپتىن تۈركلەر ئىچىدە پاراكەندىچىلىك پەيدا بولۇش پۇرسىتىنى كۈتۈپ تۇرغان قوشنا دۆلەتلەرنىڭ بۇ ئىسيانچىلارغا ياردەم بېرىپ، دۆلەتنى ئاجىزلىتىشى ئۈچۈن ھېچبىر قىيىنچىلىق يوقتى. قىسقىسى، بۇخىل ئىدارە قىلىش ئەنئەنىسى، ئىچكى ئۇرۇشقا مەيدان ھازىرلاش ۋە تاشقى دۈشمەننىڭ ھۇجۇمىغا يول ئېچىپ بېرىشنىڭ مۇھىم سەۋەبى بولۇپ، بۇنىڭ بىلەن دۆلەت مەركىزى ئاجىزلاپ، دۆلەتنىڭ مۇنقەرىز بولۇشى تەبىئىي ئەھۋالغا ئايلىنىپ قالاتتى. بۇ كىتابدا ۋەقەلىكلىرى بايان قىلىنغان تۈرك دۆلەتلىرىنىڭ تارقىلىپ كېتىشى

ۋە يىقىلىشىدىكى ھادىسىلەرنى تەھلىل قىلىدىغان بولساق ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ يىقىلىشىدىكى ئەڭ مۇھىم سەۋەپنىڭ يۇقىرىدىكى سەۋەپ ئىكەنلىكىنى ئاشكارا كۆرۈۋالالايمىز.

2 ـ پەسىل

## غەربىي ۋە شەرقىي تۈركىستاندا قاراختاي دۆلىتى

(ھىجرى528 ـ 608، مىلادى 1134ـ1211ـ يىللىرى)

مانجۇرىيەنىڭ جەنوبى قىسمىدا ئولتۇراقلاشقان «قىتاي» ئىسىملىك كۆچلۈك بىر تۈرك قەبىلىسى بارئىدى. بۇلارنى تۈركىستانلىقلار«ختاي» دەپ ئاتايتتى. چىن تارىخلىرىدا بۇلارنى «لياۋ» دەپ ئاتاشلىرىنىڭ سەۋىبى، بۇلار ھۆكۈمەت قۇرۇپ خانىدانىغا «لياۋ سۇلالىسى» دەپ نام بەرگەنلىكىدىندۇر. بۇلارنىڭ ئەسلى يۇرتلىرىنى ھازىرمۇ«لياۋنىڭ» دەپ ئاتايدۇ. ختاي قەبىلىسى قەدىمدىن تارتىپ تىرىلغۇ ۋە تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، تىنچ ياشاپ كەلگەن بىر قوۋم ئىدى.

كۆكتۈرك قاغانلىقى دەۋرىدە بۇ قاغانلىققا تەۋە ئىدى. كېيىنكى قۇتلۇق كۆكتۈركلەر دەۋرىدە قىتايلار قاتتىق قالايمىقانچىلىق تۇغدۇرۇپ ئىسيان چىقاردى. قاپاغان قاغان بۇلارنىڭ ئىسيانىنى خىيلى تەسلىكتە بېسىقتۇرغان. كۆكتۈرك دۆلىتىنىڭ 2 ـ قېتىم يىقىلغاندىن كېيىن، قىتايلار ئاستا ـ ئاستا كۆچلىنىپ يۇرسەت كەلگىنىچە يۇرتلىرىنى كېڭەيتىشكە تىرىشتى. شەرقىي ئۇيغۇرلارنى مەغلۇپ قىلىپ، موغۇلىستاندا ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان قىرغىزلار بىلەن داۋاملىق تىركىشىپ تۇراتتى. ئاخىردا قىتايلار يۇللى (يېلۈي) خان [58] ئىسىملىك خاننىڭ رەھبەرلىكىدە قىرغىزلارنى مەغلۇپ قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئورخۇن بويىدىكى پايتەختىنى ئىشغال قىلىپ، قىرغىزلارنى ئەسلى يۇرتىنى بولغان يەنىسەيگە قوغلىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن قىتايلار ئورخۇن بويىدىكى بىرشەھەرنى پا يتەخت قىلىپ، پۈتۈن موغۇلىستان ۋە مانجۇرىيەنىڭ جەنۇب قىسمىنى ئۆز ھاكىمىيىتى ئاستىغا ئالدى. ھىجرى 258 ـ ( مىلادى 871 ـ) يىلى يېلۈي خان 3000 ئاتلىق ئەسكىرى بىلەن شىمالىي چىنغا ھۇجۇم قىلىپ، پىچىلى ۋىلايىتىنى ئېلىپ بېجىڭ شەھىرىنى پايتەخت قىلدى. يېلۈي خان ئۆز دۆلىتىنى، ئۇ دەۋردە چىننىڭ ھۆكۈمدارى بولغان سۇڭ سۇلالىسى ئىمپېراتورلۇقىدىن مۇۋەپپەقىيەتلىك بىلەن مۇداپىئە قىلىپ تۇرغاندى. يېلۈي خان ئۆلگەندىن كېيىن ئوغلى خان بولدى ۋە ئۆزىنى شىمالىي چىن ۋە شەرق تۈركلىرىنىڭ ئىمپېراتورى دەپ ئېلان قىلدى.

ھىجرى 381 ـ (مىلادى ـ 991) ـ يىلى قىتايلار مانجۇرىيەنىڭ ئوتتۇراقىسمىدا ياشاۋاتقان تۇڭگۇس

58 بەزى مەنبەلەردە بۇ ئىسمىنى نۇسى خان، يېلۈي تاشى، يېلۈي داشى، يېلۈي تاشىن، يەللىغ تاشىن، يېلۈي دىگۇاڭ دەپ يازىلدۇ. ت. ئالماس، 570 ـ 571 ـ بەتلەر( ن. ش. ھ. ).

تۈركلەرنىڭ جۇرجىن قەبىلىسىنى ئۆزىگە بويسۇندۇردى.(ئىسلام تارىخلىرىدا جۇرجىنلەرنى «جۇرجىت» دەپ يازىدۇ). ھىجرى 383 ـ (مىلادى 993 ـ) يىلى قىتاي ئىمپىراتورى كورىيەنى ئىشغال قىلدى. مانا بۇ قىتاي دۆلىتىنىڭ ئەڭ كېڭەيگەن دەۋرى ھېساپلىنىدۇ(15 ـ خەرىتىگە قاراڭ). ھىجرى 395 ـ (مىلادى 1004ـ) يىلى قىتانلار چىنگە ھۇجۇم قىلىپ، شۇچاغدىكى پايتەختى بولغان كەيفېڭنى مۇھاسىرىگە ئالدى. چىن ئىمپىراتورى قىتاي خانىغا ھەر يىلى بىرمىقدار باج بېرىش شەرتى بىلەن سۈلھى قىلىپ، ئۆزىنى ۋە دۆلىتىنى يوقىلىشتىن ساقلاپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن چىن دۆلىتىمۇ قىتاي دۆلىتىنىڭ نۇپۇزى ئاستىغا كىردى.

بۇيەردىن باشلاپ «قىتاي» نى ئۆز مىللىي رىۋايەتلەرىمىزگە ئاساسەن خىتاي دەپ يازىمىز. خىتاي دۆلىتىنىڭ تېررىتورىيىسى غەربدە قاراخانلار دۆلىتىنىڭ چېگراسىغا تۇتاش ئىدى. بۇ سەۋەپتىن ھىجرى 408 ـ (مىلادى 1018 ـ) يىلى خىتايلار100,000گە يېقىن ئەسكىرى بىلەن شەرقىي تۈركىستانغا كىردى. ئالتايغا قاراپ ئىلگىرىلىگەن بۇ قوشۇن ئىككى ئۆگۈز( ھازىرقى ئالتاي) ۋە ئىمىل(چۆچەك) نى ئالدى ۋە تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ مىڭلاقنى ئالدى. بۇنىڭغا قارشى شىمالىي ئىلىكخانى I. تۇغانخان خىتايلارغا قاتتىق زەربە بېرىپ، ئېغىر ھالدا مەغلۇبىيەتكە ئۇچراتتى ۋە چېگرالىرىغىچە قوغلاپ كۆپ قىسمىنى ئۆلتۈردى ۋە 10,000 غا يېقىننى ئەسىرگە ئالدى. بۇ مەغلۇبىيەت نەتىجىسىدە خىتاي خانى قاراخانلارغا باج تۆلەشكە مەجبۇر بولۇپ خېلى ئۇزۇن بىر مۇددەتكىچە قاراخانلىقنىڭ نۇپۇزى ئاستىدا قالدى. شۇنىڭدىن تارتىپ خىتاي دۆلىتى بۇرۇنقىدەك كۈچكە ئىگە بولالمىدى.

خىتاي دۆلىتىگە تەۋە بولغان جۇرجىنلەر ھىجرى 515 ـ ( مىلادى 1120 ـ) يىلى ئىسيان چىقاردى ۋە بەش يىل داۋام قىلغان بۇ ئىچكىي ئۇرۇش نەتىجىسىدە مىلادى 1125 ـ يىلى جۇرجىنلەر خىتايلارنىڭ پايتەختى بېيجىڭنى ئىشغال قىلدى ۋە شۇنىڭ بىلەن خىتاي دۆلىتى يىقىلدى. خىتايلارنىڭ بىرقىسمى جۇرجىنلەرگە بويسۇندى ۋە بىرقىسمى قېچىپ، يەنىسەي دەرياسى بويلىرى(قىرغىزلار يۇرتى) غا كېلىپ يەرلەشتى. لېكىن قىرغىزلار خىتايلارنى بۇجايدا ئارامىدا قويمىدى ۋە ئۇلار باشقا يەرگە كۆچۈپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى. خىتايلار جەنۇب تەرەپكە مېڭىپ، قاراخانلاردىن يەر تىلىدى. شىمال ئىلىكخانى ئۇلارغا ئىمىل ئۆلكىسىدە يەر كۆرسىتىپ بەردى. خىتايلار ئىمىل ئۆلكىسىگە يەرلەشكەن چاغدا، قاراخانلار دۆلىتى تازا ئاجىزلاشقان چاغ ئىدى. بۇ ۋەزىيەتتىن پايدىلانغان خىتايلار ئىمىل ئۆلكىسىدە بىرخانلىق قۇرۇپ چىقىپ، ئىمىل شەھىرىنى پايتەخت قىلدى. ئەسلىدە كىچىك بىر شەھەر بولغان بۇ جاي، ئاز بىر مۇددەت ئىچىدە 40000 نۇپۇسلۇق چوڭ بىرشەھەرگە ئايلاندى. بۇشەھەرنىڭ خارابىلىرى ھازىرمۇ مەۋجۇد. مانا شەرقىي تۈركىستانغا كۆچۈپ ئىمىل ئۆلكىسىگە يەرلەشكەن بۇخىتايلارنى تۈركلەر «قاراخىتاي» لار دەپ ئاتايدۇ. چىن تارىخلىرىدا «شى لياۋ» دەپ يازىدۇ. ھەر ئىككى سۆزنىڭ مەنىسى ئوخشاش، يەنى، غەربىي خىتاي دېگەنلىكتۇر.

## قاراختايلارنىڭ شەرقىي ۋە غەربىي تۈركىستاننى ئىستىلا قىلغانلىقى

قاراخانىلار دۆلىتى بارغانسىرى ئاجىزلىشىپ ناھايىتى كۆچسىز ۋە نۇپۇزسىز بىرھالەتكە كېلىپ قالغان ۋە غەرب تاۋغاچ قاراخانىلىقى، سەلجۇق سۇلتانى سەنجەرنىڭ ھىمايىسى ئاستىغا كىرگەنىدى. شىمال ئىلىكخانىلىقىدىكى قەبىلىلەر ئارقا ـ ئارقىدىن ئىسيان چىقارماقتا ئىدى. قاراخان ھۆكۈمدارلىرى ئەيش ـ ئىشرەت بىلەن بولۇپ كەتكەن ۋە دۆلەت چۆكۈش دەۋرىنى ياشىماقتا ئىدى.

تەخمىنەن ھىجرى 525 ـ (مىلادى1130 ـ) يىلىدا شىمال ئىلىكخانى ئىملىدىكى قارا ختايلارنىڭ بېگى «نۇسى» (يېلۈي داشى) نى بالاساغۇنغا چاقىرىپ، ئۇنى ئىسيان كۆتەرگەن قەبىلىلەر ئۈستىگە يوللىدى. نۇسى ئىسيانچىلارنى مەغلۇپ قىلىپ، ئۇلارنى ئىلىكخانغا بويسۇندۇردى. ئىلىكخان بۇ خىزمىتىگە مۇكاپات ئۈچۈن، يېلۈي داشىنى ئەسكەر بېشىلىق مەنسىپگە تەيىنلىدى ۋە بالاساغۇندا تۇرۇشقا بۇيرۇدى. يېلۈيداشى كۆرۈنۈشتە ناھايىتى ساداقەتلىك بىلەن خىزمەت قىلغاندەك قىلىپ، ئاستا ـ ئاستا ئىملىدىكى ئادەملىرىنى بالاساغۇنغا ئېلىپ كېلىپ، ئۈچ يىل ئىچىدە يېنىغا خېلى كۆچلۈك بىر قۇۋۋەت توپلىدى ۋە پۈتۈن ئىشنى قولغا ئېلىۋالدى. ھىجرى 528 ـ(مىلادى 1134ـ) يىلى تۇيۇقسىز بىرھۇجۇم بىلەن ئىلىكخاننى ۋە پۈتۈن خانىدانىنى قولغا ئالدى ۋە3 ـ4 ئاي ئىچىدە شىمال ئىلىكخانلىقىغا تەۋە پۈتۈن جايلارنى ئىشغال قىلدى. ھىجرى 530 ـ (مىلادى 1136 ـ) يىلى قەشقەرگە ھۇجۇم قىلدى ۋە قاراخاننى مەغلۇپ قىلىپ، قەشقەرنى ئالدى. يەركەن، خوتەن، كۇچا ۋە ئۈچ قاتارلىق جايلارنىمۇ قىسقا بىر زامان ئىچىدە بويسۇندۇردى. شۇنىڭ بىلەن قاراخانىلار دۆلىتى پۈتۈنلەي يىقىلدى. بۇ غالىبىيەتتىن كېيىن يېلۈيداشى ئۆزىنى « گۇرخان» (چوڭ خان) دەپ ئېلان قىلدى. يېلۈي گۇرخان، قاراخانىلارنىڭ ئىدارى باشقۇرۇش ئەنئەنىسىگە رىئايە قىلىپ، بويسۇنغان يەرلىك خانلارغا ئىچكى جەھەتتە مۇستەقىللىق بەردى. خوتەن خانلىرىدىن قىلىچ خان، ئۇيغۇر خانلىرىدىن ئىدىقۇت، قارلۇق خانلىرىدىن يابغۇلار بۇخانلاردىن تارىختا مەشھۇر بولغانلىرىدۇر.

ھىجرى 531 ـ (مىلادى 1137ـ) يىلى گۇرخان غەرب تاۋغاچ قاراخانىلىقىنى بويسۇندۇرۇش ئۈچۈن، پەرغانىگە ھۇجۇم قىلىپ، ئۆزكەنت ۋە كاسان قاتارلىق جايلارنى ئىشغال قىلدى. بۇنى ئاڭلىغان قىلىچ تاۋغاچ بۇغرا قاراخان سەمەرقەنتتىن يۈرۈش قىلدى. خوجەند شەھىرى يېقىنلىرىدا قاتتىق ئۇرۇش بولدى. بۇ ئۇرۇشتا قىلىچ خان مەغلۇب بولۇپ سەمەرقەنتكە چېكىندى. گۇرخان ئارقىسىدىن قوغلاپ سەمەرقەنتكە يېقىنلاشقاندا قىلىچ تاۋغاچ بۇغرا قاراخان سۈلھى قىلىشنى تەلەپ قىلدى. گۇرخان باج ـ سېلىق تۆلەش بىلەن ئىچكى جەھەتتە مۇستەقىل بولۇش شەرتى ئاستىدا سۈلھى قىلىشنى قوبۇل قىلدى. سۈلھى بولغاندىن كېيىن گۇرخان قىلىچ بۇغراخاننى غەربىي تۈركىستاننىڭ ھۆكۈمدارى دەپ ئېتىراپ

قىلىپ،گۈرخاننىڭ بىر ئالىي دەرىجىلىك ئەمەلدارىنى ۋە بىرنەچچە يۈز ئەسكەرلىرىنى قويۇپ، ئۆزى بالاساغۇنغا قايتتى. شۇنىڭ بىلەن غەربىي تۈركىستان قاراخىتايلارنىڭ ھاكىمىيىتى ئاستىدا قالدى. (15-خەرىتىگە قاراڭ) بەزى تارىخ كىتابلىرىدا غەربىي تۈركىستانغا قاراخىتايلار ئىستىلاسى رۇكنىددىن مەھمۇدخان زامانىسىدا يۈز بەرگەن دەپ يازىدۇ. بۇ توغرا ئەمەس، چۈنكى، بۇ كىشى شىمال ئىلىكخانلىرىدىندۇر.

سەلجۇق سۇلتانى سەنجەر، ئۆز ھىمايىسىدىكى غەربىي تاۋغاچ قاراخانىلىقىنىڭ گۈرخان تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنىشى بىلەن غەربىي ۋە شەرقىي تۈركىستاندىن ئىبارەت بۇ ئىككى چوڭ ئىسلام مەملىكىتىنىڭ بىر بۇتپەرەس ھۆكۈمدارنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتكەنلىكىدىن قاتتىق ئازاپلانغان. ھىجرى 536 - (مىلادى 1141 -) يىلى سۇلتان سەنجەر جىھاد يۈرۈشى باشلاپ يولغا چىقىپ، ئامۇ دەرياسىدىن ئۆتۈپ بۇخارانى پەتھى قىلدى ۋە سەمەرقەنتكە قاراپ ئىلگىرىلىدى. قارشى تەرەپتىن گۈرخان پۈتۈن كۈچىنى يىغىپ، سەمەرقەنتكە كەلدى. بۇخارا ۋە سەمەرقەنت ئوتتۇرىسىدىكى قەتۋان چۆلىدە قاتتىق ئۇرۇش باشلىنىپ، نەتىجىدە سولتان سەنجەر ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى. ئەسكەرلىرى ناھايىتى پەرىشان ھالدا قاچتى. سۇلتان سەنجەر ئەسكەرلىرىنى ھېچ يەردە يىغالماي پايتەختى مەرۋگە چېكىندى. بۇ ئۇرۇشتاسەنجەرنىڭ داڭلىق قوماندانلىرىدىن ئەمىر تاجىددىن نۇرغۇن ئەسكەرلىرى بىلەن گۈرخاننىڭ قولىغا ئەسىر چۈشتى. گۈرخان بۇلارنى بالاساغۇنغا ئېلىپ كەتتى. ھىجرى 538 - يىلى گۈرخان بۇ ئەسىرلەرنى ئازات قىلىپ قايتۇرۇپ بەردى.

سۇلتان سەنجەر تەرىپىدىن خارەزىمگە، ئاتالىرىدىن مىراس قالغان ۋالىيلىققا «خارەزمشاھ» ئۇنۋانى بىلەن ھۆكۈمدار قىلىپ، تەيىنلەنگەن ئاتسىزخارەزىمشاھ ھىجرى 530 - يىلدىن باشلاپ، سۇلتان سەنجەرگە بەزىدە ئاسىيلىق قىلىپ، بەزىدە بويسۇنۇپ تۇرغان. سەنجەر بىلەن گۈرخان ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇش مەزگىلىدە خارەزىمشاھ تۈركىستان چېگرالىرىدە پاراكەندىچىلىك تۇغدۇرغىلى باشلىغان. شۇنىڭ ئۈچۈن گۈرخان ئارىز ئىسىملىك قوماندانىنى نۇرغۇن ئەسكەر بىلەن خارەزىمشاھنىڭ ئۈستىگە يوللىدى. ئارىز خارەزىمشاھنى مەغلۇپ قىلىپ، نۇرغۇن يەرلىرىنى ئىشغال قىلدى. ئاخىرى خارەزىمشاھ مۇداپىئەگە ئاجىز كېلىپ، سۈلھى قىلىشنى تەلەپ قىلدى. ھەر يىلى گۈرخانغا 30 مىڭ تىللاخىراج تۆلەش ۋەگورخاننىڭ بىرچوڭ مەنسەپدارى بىلەن بىرلىكتە گۈرخاننىڭ ئالىي ھاكىمىيىتىنى يۈرگۈزۈش شەرتى بىلەن سۈلھى قىلدى ۋە ئارىز ئەسكەرلىرىنى ئېلىپ قايتىپ كەتتى.

شۇنىڭ بىلەن خارەزىمشاھلار ھىجرى 606 - يىلىغىچە يەنى، تەخمىنەن 70 يىل قاراخىتايلارنىڭ نوپۇزى ئاستىدا قالدى. بۇئارىدا، بەزىدە بۇ نوپۇز دىن قۇتۇلغان زامانلىرىمۇ بولدى. بۇلارنى تۆۋەندە بايان قىلىمەن.

## گوبىڭ،گوياڭ قاتۇن ۋە تىرگىخانلارنىڭ گۇرخان بولغانلىقى[59]

ھىجرى 537 ـ (مىلادى 1142ـ) يىلى بىرىنچى گۇرخان ئۆلدى. ئورنىغا ئوغلى گوبىڭ(يېلۈ يىلى) گۇرخان بولدى. ئۇ تېخى كىچىك ياشتا بولغانلىقى ئۈچۈن دۆلەت ئىشلىرىنى ئانىسى ئىدارە قىلدى. ھىجرى 545 ـ (مىلادى 1150 ـ) يىلىغا كەلگەندە گوبىڭ دەۆلەتنى ئىدارە قىلىشنى قولىغا ئالدى. بۇ ئارىدا ئاتسىز خارەزىمشاھ بۇرۇنقىدەك گۇرخانغا ئىتائەت قىلىپ كەلگەندى. ئاتسىز ھىجرى 551 ـ(مىلادى 1156ـ) يىلى ۋاپات قىلىپ ئورنىغا ئوغلى ئىل‌ئارسلان خارەزىمشاھ بولدى. ئىنىسى سۇلەيمان شاھنى خارەزىمشاھ قىلىش تەرەپتارى بولغان بەزى بەگلەرنى ئۆلتۈردى. بەزىلىرى قېچىپ قىلىچ تاۋغاچ بۇغراقاراخاننىڭ قېشىدا پانا تاپتى. ئىل‌ئارسلان بۇ بەگلەرنى قايتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلغاندا، قىلىچ تاۋغاچ بۇغرا قاراخان بۇ تەلەپنى رەد قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئىل ئارسلان نۇرغۇن ئەسكەر بىلەن سەمەرقەنتكە يۈرۈش قىلدى. بۇنى ئاڭلىغان گۇرخان ئىلكتۇركمەن ئىسىملىك قوماندانىنىڭ رەھبەرلىكىدە 10 مىڭ كىشىلىك بىر قوشۇننى قىلىچ تاۋغاچ بۇغرا قاراخاننىڭ ياردىمىگە ئەۋەتتى. سەمەرقەنت دەرياسى بويىدا ئۇرۇش بولدى ۋە ئۇرۇشتا ئىل‌ئارسلان مەغلۇپ بولۇپ خارەزىمگە چېكىندى. بۇمەغلۇبىيەت نەتىجىسىدە ئىل ئارسلان دادىسىدىنمۇ كۆپرەك باج ـ سېلىق تۆلەشكە مەجبۇربولدى.

ھىجرى 558 دە قىلىچ تاۋغاچ بۇغرا قاراخان ۋاپات بولۇپ، ئورنىغا ئەبۇئەلى ھەسەن تاۋغاچ بۇغرا قاراخاننىڭ ئوغلى جالالىددىن ئەلى كۇرگان تەختكە چىقتى. بۇزات قاراخان ئۇنۋانىنى تاشلاپ «سۇلتان» ئۇنۋانىنى ئالدى. ئۇندىن كېيىن ئورنىغا چىققانلارمۇ سۇلتان ئۇنۋانى بىلەن ئاتالدى.

ھىجرى 559 ـ (مىلادى 1163 ـ) يىلى ئىل ئارسلان خارەزىمشاھ گۇرخانغا باج ـ سېلىق تۆلەشنى توختىتىپ، گۇرخاننىڭ ئالىي ئەمەلدارىنى ھەيدەپ چىقاردى.گۇرخان دەرھال نۇرغۇن ئەسكەر بىلەن خارەزىمگە يۈرۈش قىلدى. خارەزىمشاھمۇ مۇداپىئەگە ھازىرلىنىپ قوماندانى ئەييار بەگ باشچىلىقىدا بىرقوشۇن يوللىدى. ئۇرۇش نەتىجىسىدە ئەيياربەگ مەغلۇپ بولۇپ،گۇرخانغا ئەسىر چۈشتى ۋە ئەسكەرلىرى پاراكەندە بولۇپ چېچىلىپ كەتتى. بۇھالەتتەگۇرخان بىردىن قاتتىق كېسەل بولۇپ قېلىپ بالاساغۇنغا قايتىشقا مەجبۇر بولدى ۋە شۇنىڭ بىلەن خارەزىمشاھ بىربالادىن قۇتۇلۇپ قالدى.

گۇرخان گوبىڭ خارەزىمدىن ئېغىر كېسەللىك ھالىتىدە قايتىپ كېلىپ، ھىجرى 559 ـ (مىلادى

[59] ھازىرقى ئۇيغۇرچەئەسەرلەردە، I ـ گۇرخان نوسىنى «يېلۈداشى، گوبىڭ نى «يېلۈ يىلى»، I گۇرخاننىڭ خاتۇنىنى «تابۇيان»، گۇرخاننىڭ قىزى گوياڭ خاتۇننى«پۇساۋەن» ۋە بۇنىڭ ئوغلى تىرگوخانى«يېلۈ جىلىگۇ» دەپ ئالدۇ.ت. ئالماس، 570 ـ571 ـ بەت (ن. ش. ھ.).

1163) ـ يىلى ئۆلدى. ئورنىغا سىڭلىسى گوياڭ قاتۇن گۇرخان بولدى. گوياڭ قاتۇن ناھايىتى تەدبىرلىك ۋە سىياسەتچى بىر ئايال ئىدى. بۇنىڭ دەۋرىدە، ئىل ئارسلان ۋاپات بولۇپ، ئوغلى سۇلتانشاھ تەختكە چىقتى. ئىنىسى تېكىش تەخت تالىشىپ، ئۇرۇش قوزغىدى[60]. نەتىجىدە، تېكىش مەغلۇب بولۇپ قېچىپ،گۇرخان گوياڭ قاتۇننىڭ قېشىغا بېرىپ پانا تىلەپ ياردەم سورىدى.گوياڭ قاتۇن ئېرى قارمابەگنىڭ قوماندانلىقىدا نۇرغۇن ئەسكەر بىلەن تېكىشنى خارەزىمگە يوللىدى. تېكىش بۇ ياردەم بىلەن خارەزىم تەختىنى قولغا كەلتۈردى. ئاكىسى سۇلتانشاھ قېچىپ نىشاپۇر ھۆكۈمدارى مەلىك مۇئەييىد نىڭ قېشىغا بېرىپ پانا تىلىدى.

تېكىش خارەزىمشاھ بولغاندىن كېيىن گۇرخان گوياڭ قاتۇنغا كۆپ مىقداردا باج ـ سېلىق تۆلەپ گۇرخاننىڭ ھامىيلىقىدا تۇرغان. بارغانسىرى كۈچ ـ قۇۋۋەت تاپقان تېكىش بۇ قۇۋۋەتكە ئىشىنىپ، ھىجرى 570 ـ يىلى گۇرخاننىڭ ئالىي ئەمەلدارىنى ئۆلتۈرۈپ، مۇناسىۋەتنى ئۈزدى ۋە دۈشمەنلىشىش باشلاندى. بۇ پۇرسەتتىن پايدىلانغان سۇلتانشاھ گۇرخان گوياڭ قاتۇننىڭ ھوزۇرىغا بېرىپ ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ تېكىشكە قارشى ياردەم قىلىشنى تەلەپ قىلدى. گۇرخان ئېرى قارما بەگ باشچىلىقىدا چوڭ بىر قوشۇن بىلەن تېكىشنىڭ ئۈستىگە يوللىدى. قارما بەگ خارەزىمگە يېقىنلاشقاندا تېكىش قورقۇپ كېتىپ، گۇرخاندىن ئەپۇ سوراپ بۇرۇنقىدىنمۇ كۆپرەك باج ـ سېلىق تۆلەشنى ۋە يېنىدا گۇرخاننىڭ ئالىي ۋەكىلىنى تۇرغۇزۇشنى قوبۇل قىلىپ، سۈلھى تەلەپ قىلدى. قارمابەگ بۇ شەرتلەر ئاستىدا بىتىمنامە تۈزۈپ بالاساغۇنغا قايتتى.

ھىجرى 574 ـ يىلى 2 ـ گۇرخان گوبىگىنىڭ ئوغلى ئىرگو، گوياڭ قاتۇننى ئۆلتۈرۈپ، ئۆزى گۇرخانلىق تەختىگە چىقتى. ئۇنىڭغا قارشى چىققان ئىنىسىنىمۇ ئۆلتۈردى. 3 ـ گۇرخان ئىرگوغا باج ـ سېلىق تۆلەپ تەۋە بولۇپ تۇرغان خارەزىمشاھ تېكىش، ھىجرى 589 ـ يىلى خوراسان ۋە ئىسپاھان قاتارلىق چوڭ بىرمەملىكەتنى بېسىۋالدى ۋە تېرىتورىيىسىنى كېڭەيتىپ كۈچ ـ قۇۋۋىتىنى ئاشۇرۇدى. گۇرخاننىڭ نۇپۇزىدىن چىقىپ كېتەلىگىدەك كۈچكە ئىگە بولغان بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا گۇرخانغا قارشى ھېچبىر ھەرىكەتتە بولماي دوستلۇقنى ساقلاپ قالدى. چۈنكى، بۇئارىدا موغۇلىستاندا چىڭگىزخان چوڭ بىر كۈچكە ئىگە بولۇپ ئەتراپتىكى تۈرك خانلىرىنى ئارقا ـ ئارقىدىن يوقىتىپ، يۇرتلىرىنى ئىشغال قىلماقتا ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن خارەزىمشاھ تېكىش، ئۇ ھەيۋەتلىك كۈچ ئالدىدا گۇرخان بىلەن بىرلىشىپ تۇرۇشنىڭ لازىملىقىنى كۆرگەنىدى. ھىجرى 596 ـ(مىلادى 1199 ـ) يىلى خارەزىمشاھ تېكىش ئالەمدىن ئۆتتى. ۋاپاتىدىن ئىلگىرى ۋەلىئەھدى قۇتبىددىن مۇھەممەدگە« گۇرخان بىلەن مادارا قىل، ئۇنىڭغا مەن بەرگەندەك خىراج بېرىپ تۇرغىن. چۈنكى گۇرخان قۇدرەتلىك بىرپادىشاھ . ئۇنىڭ مەملىكىتىنىڭ شەرقىدە قۇۋۋەتلىك بىردۈشمەن بار.گۇرخان بىزنى ئۇنىڭدىن

[60] «تېكىش» بەزى مەنبەلەردە «تەكەش» دەپ ئېلىنغان. ئە. بايتۇر، 730 ـ بەت (ن. ش. ھ.).

مۇداپىئە قىلدۇ. مانا بۇنىڭ ئۈچۈن گۇرخان بىلەن بولغان دوستلۇق مەملىكىتىمىزنىڭ تىنچلىقى ئۈچۈن كېرەك» دەپ ۋەسىيەت قىلغان. تېگىشىنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن مەھەممەد خارەزىمشاھ بۇ ۋەسىيەتكە ئاز بىر زامان ئەمەل قىلىپ كېيىن بۇنى چۆرۈۋەتتى. نەتىجىدە، ھەر ئىككى مەملىكەت پالاكەتكە ئۇچرىدى. مەھەممەد خارەزىمشاھ ئافغانىستان پادىشاسى سۇلتان شاھابىددىن غۇرى بىلەن بىرقانچە قېتىم ئۇرۇشۇپ مەغلۇپ بولدى. سۇلتان شاھابىددىن غۇرى بەلخ ۋە ئاندىخوي قاتارلىق جايلىرىنى بېسىۋالدى. بۇنىڭ بىلەن قالماي تېخىمۇ ئىلگىرلەپ خوراسانغا يۈرۈش قىلدى. خارەزىمشاھ 80 مىڭ كىشىلىك قوشۇنغا ئىگە بولسىمۇ، شاھابىددىن غۇرىغا تەڭ كېلەلمەيمەن دەپ قورقۇپ، گۇرخاندىن ياردەم تەلەپ قىلدى ۋە مەرۋ شەھرىگە ئەسكەرلىرىنى يىغىپ مۇداپىئەدە تۇردى. سۇلتان شاھابىددىن غۇرىمۇ كېلىپ مەرۋىگە يېقىن بىرجايدا لەشكەرگاھ قۇردى. دەل ئۇرۇش باشلىنىش ئالدىدا گۇرخاننىڭ خارەزىمشاھنىڭ ياردىمىگە يوللىغان ئەسكەرلىرىنىڭ ئافغانىستان چېگراسىغا يېقىنلاشقانلىق خەۋىرى كەلدى. سۇلتان شاھابىددىن غورى ئۆز مەملىكىتىنىڭ غېمىگە چۈشۈپ خارەزىمشاھقا تۇيغۇزماستىن بىر كېچىدە قاچقاندەك يۈرۈپ قايتىپ كەتتى. گۇرخان ئەۋەتكەن ئەسكەرلەرخېلى كۆپ ئىدى . ئۇنىڭ ئۈستىگە سەمەرقەنتتىكى قاراخان سۇلتانى ئوسمانمۇ گۇرخاننىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن ئۆز ئەسكەرلىرىنى ئېلىپ، بۇ ياردەم قوشۇنىغا قېتىلغانىدى.گۇرخان ۋە سۇلتان ئوسماننىڭ بىرلەشكەن قوشۇنى ئامۇ دەرياسىدىن ئۆتۈپ، ئاندخوي ئۆلكىسىگە كىردى. سۇلتان شاھابىددىنمۇ يېتىپ كېلىپ سوقۇش باشلاندى. نەتىجىدە، سۇلتان شاھابىددىن ئېغىرچىقىمغا ئۇچراپ ، ئۆزى ئازغىنە ئەسكىرى بىلەن بىرقەلئە ئىچىگە قامىلىپ قالدى. سۇلتان ئوسمان قاراختايلار بىلەن سۇلتان شاھابىددىننىڭ ئوتتۇرىسىدا ۋاستىچىلىك قىلىپ، شاھابىددىن پۈتۈن خەزىنىسىنى ۋە ماللىرىنى قاراختاي ئەسكەرلىرىگە بېرىپ، ئۆزى، ۋە ئادەملىرى جانلىرىنىلا ئېلىپ چىقىپ كېتىش شەرتى بىلەن پۈتۈشۈپ شاھابىددىننىڭ جېنىنى قۇتقۇزۇپ قويدى. مەھەممەد خارەزىمشاھ، سۇلتان شاھابىددىننىڭ بۇمەغلۇبىيىتىدىن پايدىلىنىپ ئۇنىڭغا ئارام بەرمەي ئۇرۇشۇپ يۈرۈپ، ئافغانىستان ۋە ئىراننى تارتىۋالدى ۋە ئۆزى چوڭ بىر دۆلەتكە ئىگە بولدى. بارغانسېرى كۈچ قۇدرەتى ئاشقان خارەزىمشاھ گۇرخانغا باج ـ سېلىق بېرىشتىن قۇتۇلۇشنىڭ كويىغا چۈشۈپ، غەربىي تۈركىستان خانى سۇلتان ئوسماننى ئۆزىگە تارتىپ ئۇنىڭ بىلەن مەخپىي ھالدا ئىتتىپاق تۈزدى. ئۇندىن كېيىن مەھەممەد خارەزىمشاھ بىر باھانە تېپىپ گۇرخاننىڭ ئالىي ئەمەلدارىنى ئۆلتۈردى.

گۇرخان بۇھادىسىنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن ۋەزىرى مەھمۇد باينى خارەزىمگە ئەۋەتتى. خارەزىمشاھ مەھمۇد باينى ياخشى كۈتۈۋالماي ئۇنى ھاقارەتلىدى. بۇنىڭ بىلەن ئارىدىكى مۇناسىۋەت تېخىمۇ يامانلاشتى. ئۇندىن باشقا خارەزىمشاھ ئۆزىنىڭ ئىستىلا مەقسىدىنى ئاسانلاشتۇرۇش ئۈچۈن «مۇسۇلمانلارنى كاپىر قاراختايلارنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن في سەبىلىللاھ جىھاد قىلىمەن»

دەپ كەڭ مىقياستا تەشۋىق تارقىتىپ، غەربىي تۈركىستان خەلقىنى ئۆزىگە مايىل قىلدى.

ھىجرى 604 ـ ( مىلادى 1207ـ) يىلى نۇرغۇن ئەسكەر بىلەن ئامۇ دەرياسىدىن ئۆتۈپ سەمەرقەنتكە قاراپ يۈرۈش قىلدى. بۇئارىدا سۇلتان ئوسمانشاھمۇ خارەزىمشاھقا تەۋە بولغانلىقىنى ئېلان قىلدى ۋە ئۆزىنىڭ ئىسمىدا خۇتبە ئوقۇتتى ۋە ئۆزىنىڭ ئىسمىدا پۇل چىقاردى. شۇنىڭ بىلەن غەربىي تۈركىستان گۈرخاننىڭ ھامىيلىقىدىن چىقىپ، خارەزىمشاھنىڭ ھامىيلىقىغا كىردى.گۈرخان، مەھەممەد خارەزىمشاھ ۋە سۇلتان ئوسمانشاھنىڭ ئۈستىگە تالاس ۋالىيسى نىكۇبەگنىڭ قوماندانلىقىدا بىرقوشۇن يوللىدى. سەمەرقەنت يېقىنلىرىدا شىددەتلىك ئۇرۇش بولدى. نەتىجىدە نىكۇبەگ يارىدار بولۇپ ئەسىرگە ئېلىندى. ئەسكەرلىرى پاراكەندە بولۇپ قېچىپ كەتتى. خارەزىمشاھ قاچقانلارنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ، سىردەريادىن ئۆتۈپ، گۈرخاننىڭ 2 ـ پايتەختى دەپ ئاتالغان «ئوترار» شەھرىنى ئىشغال قىلىپ، شەھەرنىڭ ھاكىمنى بالا- چاقالىرى بىلەن ئەسىرئېلىپ قايتتى. خارەزىمگە كېلىپ نىكۇبەگنى سۇدا بوغۇپ ئۆلتۈرۈۋەتتى.

قارا خىتايلارنىڭ مەغلۇبىيىتىدىن كېيىن خارەزىمشاھ بىلەن سۇلتان ئوسمان ئارىسىدىكى دوستلۇق تېخىمۇ كۈچلەندى. خارەزىمشاھ قىزىنى سۇلتان شاھقا بەرمەكچى بولدى. بۇ ئارىدا خارەزىمشاھ گۈرخاننىڭ يېنىدا پانا تېپىپ تىرىكلىك قىلىۋاتقان نايمان قەبىلىسىنىڭ خانى كۈچلۈك نى مەخپىي ھالدا گۈرخانغا قارشى كۈشكۈرتۈپ، ئۇنى بۇ ئىشقا تەييارلىغاندى. بۇ سەۋەپتىن خارەزىمشاھ ۋە سۇلتان ئوسمان گۈرخاننىڭ خارەزىمگە ھۇجۇم قىلىشىدىن خاتىرجەم ئىدى. سۇلتان ئوسمانشاھ خارەزىمگە كېلىپ توي ھازىرلىقلىرىغا كىرىشىپ كەتتى. ئۇ بىر تەرەپتە گۈرخان كۈچلۈكنىڭ ئىسيان كۆتۈرۈشىدىن خەۋەرسىز، ھىجرى 605 ـ(مىلادى 1208 ـ) يىلى گۈرخان غەربىي تۈركىستانغا ھۇجۇم قىلدى. يول ئۈستىدىكى پۈتۈن شەھەرلەرنى ئېلىپ سەمەرقەنتنى مۇھاسىرىگە ئالدى. شەھەر پەتھى بولاي دەپ قالغان بىر پەيىتە كۈچلۈكنىڭ ئىسيان كۆتەرگەن خەۋەرى كېلىپ، گۈرخان سەمەرقەنتلىكلەر بىلەن سۈلھى قىلىپ بالاساغۇنغا قايتىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى. بىر رىۋايەتكە قارىغاندا سۇلتان ئوسمان گۈرخاننىڭ ھۇجۇمىدىن قېچىپ خارەزىمگە كەلگەن.

ھىجرى 606 ـ (مىلادى 1209 ـ) يىلى گۈرخان سەمەرقەنتتىن چېكىنىپ كەتكەندىن كېيىن خارەزىمشاھ سەمەرقەنتكە كېلىپ،كۈچلۈك بىلەن گۈرخاننىڭ ئۇرۇشۇۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدى ۋە دەرھال شەرقىي تۈركىستانغا يۈرۈش قىلدى. لېكىن گۈرخان ئاللاقاچان كۈچلۈكنى مەغلۇپ قىلىپ، قوغلىۋەتكەن ۋە خارەزىمشاھنىڭ ھۇجۇمىغا مۇداپىئە ئۈچۈن تەييارلانغان ئىدى. خارەزىمشاھنىڭ يۈرۈشنى ئاڭلىغان گۈرخان دەرھال تالاسنىڭ غەربىدە خارەزىمشاھ نىڭ ئالدىنى توسۇپ قاتتىق ئېلىشتى. نەتىجىدە خارەزىمشاھ ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ ئەسكەرلىرى ئىنتايىن پەرىشان ھالدا قاچتى. خارەزىمشاھ بىرقانچە خاس ئادەملىرى بىلەن گۈرخاننىڭ ئەسكەرلىرى ئارىسىدا قالدى. لېكىن

خارەزىمشاھ قاراختايچە كىيىنۋالغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى ھېچكىم تونۇماي بىرنەچچە كۈن گۈرخاننىڭ ئەسكەرلىرى ئارىسىدا يۈرۈپ، كېيىنچە پۇرسەت تېپىپ قاچتى ۋە سىردەرياسى بويىدىكى ئەسكەرلىرىنىڭ ئارقىسىدىن يېتىشتى.

## ئىدىقۇت ۋە قىلىچخانلارنىڭ چىڭگىزخانغا تەۋە بولغانلىقى

ئۇيغۇر ئىدىقۇتى گۈرخاننىڭ بەشبالىقتا تۇرۇشلۇق ئالىي ئەمەلدارىنىڭ تەكەببۇرلۇقى ۋە زورلۇق - زومبۇلۇقىدىن داۋاملىق نارازىلىق بىلدۈرەتتى. بۇ سەۋەپتىن گۈرخاننىڭ ھاكىمىيىتىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن پۇرسەت ئىزدەپ يۈرەتتى. بۇئارىدا خارەزىمشاھ ۋە گۈرخان ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇش نەتىجىسىدە يۈز بەرگەن بوھراندىن پايدىلىنىپ، ئىدىقۇت ھىجرى 605 - يىلى گۈرخاننىڭ ئىدىقۇت ئوردىسىدا تۇرۇشلۇق ئالىي ئەمەلدارى شادكامنى ئۆلتۈرۈپ، مۇستەقىللىق ئېلان قىلدى ۋە دەرھال چىڭگىزخانغا نۇرغۇن سوغات بىلەن ئەلچى ئەۋەتىپ، ئوتتۇرىدا دوستلۇق ئىزھارقىلدى. چىڭگىزخانمۇ دەرباي ئىسىملىك ئەلچىسىنى ئىدىقۇتقا ئەۋەتىپ، ئوتتۇرىدا دوستلۇق كېلىشىمى ئىمزالىدى. بۇنىڭ بىلەنلا قالماي، چىڭگىزخان ئىدىقۇتنىڭ قىزى بىلەن ئۆيلەندى ۋە ئىدىقۇتقا ئىنىسىنىڭ قىزىنى بەردى. چىڭگىزخاننىڭ تەلەپ قىلىشى بىلەن ئىدىقۇت يۈزلەرچە ئوقۇتقۇچى ۋە كاتىپلەرنى چىڭگىزخانغا ئەۋەتىپ بەردى ۋە بىرقىسىم قورال - ياراق بىلەنمۇ تەمىنلىدى. بۇ سۈرەتتە ئىدىقۇت خانلىقى چىڭگىزخان بىلەن ئىككى يىل سەمىمىي دوست بولۇپ تولۇق مۇستەقىل ياشىدى. ھىجرى 606 - (ملادى 1209 -) يىلى گۈرخاننىڭ خارەزىمشاھنى مەغلۇپ قىلغانلىقىنى كۆرۈپ قورقۇپ كېتىپ ئۆزى موغۇلستانغا بېرىپ، چىڭگىزخاننى زىيارەت قىلىپ، ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ چىڭگىزخاننىڭ ھامىيلىقىغا كىردى. شەرقىي تۈركىستان مۇسۇلمانلىرى بۇتپەرەس قاراختايلارنىڭ ھاكىمىيىتىگە دايىم نەپرەت كۆزى بىلەن قارايتتى. لېكىن،گۈرخاننىڭ كۈچىگە تەڭ كەلگىدەك قۇۋۋەتلىرى يوقتى. خوتەن خانى قىلىچخان گۈرخاننىڭ ھىجرى 605 - يىلىدىكى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان ۋەزىيىتىدىن پايدىلىنىپ، گۈرخاننىڭ خوتەندە تۇرۇشلۇق ئالىي ئەمەلدارىنى ئۆلتۈرۈپ مۇستەقىللىق ئېلان قىلدى. بۇ ئارىدا چىڭگىزخاننىڭ دۈشمىنى بولغان تاڭغۇت شاھزادىسى خوتەنگە قېچىپ كەلگەنىدى. چىڭگىزخان بۇ شاھزادىنى تەلەپ قىلدى ۋە قىلىچخان چىڭگىزخاننىڭ دوستلۇقىنى قولغا كەلتۈرۈشكە مەجبۇر بولغانلىقى ئۈچۈن تاڭغۇت شاھزادىسىنى چىڭگىزخانغا ئەۋەتىپ بەردى. نەتىجىدە، چىڭگىزخان بىلەن دوستلۇق كېلىشىمى ئىمزالىدى. ئەمما، بۇ دوستلۇق ئۇزۇنغا بارمىدى. ھىجرى 608 -( ملادى 1211 -) يىلى گۈرخان مەغلۇپ بولۇپ، كۈچلۈك خان بىر بالايى ئاپەت بولۇپ ئوتتۇرىغا چىققاندا قىلىچخان چىڭگىزخاننىڭ ھامىيلىقىغا ئۆتتى.

## قاراختاي دۆلىتىنىڭ يىقىلىشى

خوتەن، قۇجۇ، بەشبالىق، قۇمۇل ۋە بارىكۆل قاتارلىق جايلار قاراختاي دۆلىتىدىن بىر - بىرلەپ ئاجراپ، بۇ دۆلەتنىڭ نوپۇزى ۋەكۈچى ناھايىتى ئاجىزلاشتى. خارەزىمشاھ بۇ ۋەزىيەتتىن پايدىلىنىپ كۈچلۈكنى شەرق تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىشقا دەۋەت قىلدى. لېكىن، ئۇچاغدا كۈچلۈكنىڭ بۇنىڭغا كۈچى يەتمەيتتى. ئاخىرى ھىجرى 607 - يىلى خارەزىمشاھ شەرقىي تۈركىستان چېگراسىغا تاجاۋۇز قىلىشقا باشلىدى. ئوترار ۋە تاشكەنتنى ئىشغال قىلدى.گۇرخان بۇنى ئاڭلاپ، پۈتۈن كۈچى بىلەن خارەزىمشاھقا قارشى يۈرۈش قىلدى. تالاسقا يېقىن بىرجايدا قاتتىق ئۇرۇش بولدى. نەتىجىدە، گۇرخان ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ چېكىندى.

بۇنىڭ بىلەن بالاساغۇندا «خارەزىمشاھ گۇرخاننى مەغلۇپ قىلىپ، ئارقىسىدىن قوغلاپ كېلىۋاتىدۇ» دېگەن سۆز تارقالدى ۋە بالاساغۇن خەلقى « مانا، ئەندى بىز مۇسۇلمانلارنىڭ بۇتپەرەس كاپىر قاراختايلاردىن قۇتۇلىدىغان ۋاقتىمىز كەلدى» دەپ ھەممىسى قوراللىنىپ، شەھەردىكى قاراختايلارنى ئۆلتۈرۈپ، شەھەرنىڭ سېپىلىنى تاقاپ تۇرۇشتى. شۇ ھالەتتە گۇرخان ئەسكەرلىرى بىلەن كەلدى خەلق ئۇنى شەھەرگە كىرگۈزمەي قاتتىق مۇداپىئە قىلدى. گۇرخان شەھەرنى 18 كۈن مۇھاسىرە قىلدى. خارەزىمشاھنىڭ گۇرخاننىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ كېلىۋاتقان خەۋىرىمۇ يالغان چىقىپ ئۇنىڭ سىردەريا بويىدىكى فاراب شەھىرىنى ئېلىپ، ئالغا ئىلگىرىلىيەلمەي قايتىپ كەتكەنلىكى مەلۇم بولدى. گۇرخان شەھەرخەلقىنى مەغلۇپ قىلىپ، شەھەرگە بېسىپ كىرىپ مۇسۇلمانلارنى قەتلىئام قىلدى. رەۋزەتۇسساپانىڭ رىۋايىتىگە قارىغاندا بۇ قەتلىئامدا 47000 مۇسۇلمان شېھىت بولغان.

بۇ ئۇرۇشلار نەتىجىسىدەگۇرخاننىڭ خەزىنىسى پۈتۈنلەي تۈگەپ قۇرۇپ كەتتى خەلقنىڭ قولىدىمۇ بىرنەرسە قالمىدى ۋە دۆلەت ئېغىر بىرئىقتىسادىي بۆھرانغا دۇچار بولدى. ئەمما. ئەسكىرىي سىنىپنىڭ قولىدا پۇل ـ مال كۆپ ئىدى. گۇرخان بۇ مالى بوھرانغا چارە تېپىش ئۈچۈن، ئەسكەرلەرنىڭ قولىدىكى پۇل ـ مالنى زورلۇق بىلەن خەزىنىگە ئالغىلى باشلىدى. بۇنىڭغا نارازى بولغان ئەسكەرلەرنىڭ تولىسى ئىسيان چىقاردى. بۇ ئارىدا ئىمىل شەھىرى ئەتراپىدا خېلى كۆپ كۈچكە ئىگە بولۇپ قالغان ۋە مۇنداق بىر پۇرسەتنى ماراپ ياتقان كۈچلۈك، ھىجرى608 ـ (مىلادى 1211 ـ) يىلى بالاساغۇنغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ، بېسىپ كىردى. گۇرخان پۈتۈن كۈچى بىلەن قارشى تۇرغان بولسىمۇ مەغلۇپ بولۇپ، تەسلىم بولدى. كۈچلۈك گۇرخاننى نازارەت ئاستىغا ئېلىپ ئۆزىنى گۇرخان ئېلان قىلدى. 34 يىل ھۆكۈم سۈرگەن 3 ـ گۇرخان تىرگوخان ئەسىرلىكتە ئىككى يىل ياشاپ ھىجرى 610 ـ يىلى ئۆلدى. گۇرخاننىڭ تەسلىم بولۇشى بىلەن 80 يىل داۋام قىلغان قاراختاي دۆلىتى يىقىلدى.

## كۈچلۈك كىم ۋە ئۇنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا كېلىش سەۋەبى

موغۇلىستانىنىڭ غەربىدە ئۇزۇن زاماندىن تارتىپ مۇستەقىل خانلىق ئىدارىسىدە ياشاپ كەلگەن «نايمان» ئىسىملىك بىرقەبىلە بارئىدى. شۇ تارىخلاردا داڭلىق موغۇل دۆلىتىنى قۇرغان چىڭگىزخان ھىجرى 603 ـ( مىلادى 1206 ـ) يىلى نايمانلارغا ھۇجۇم قىلىپ، نايمان خانى تايان خانىنى ئۆلتۈرۈپ قەبىلىسىنى پاراكەندە قىلىۋەتتى. تايان خانىنىڭ ئوغلى كۈچلۈك خان بىرقانچە ئادەملىرى بىلەن شەرقىي تۈركىستانغا قېچىپ گۇرخانىنىڭ يېنىدا باش پانا تاپتى. گۇرخان ئۇنىڭغا ياخشى مۇئامىلە قىلىپ ھىمايىسىگە ئالغانىدى. بەزى رىۋايەتلەرگە قارىغاندا گۇرخان كۈچلۈككە قىزىنى بېرىپ ئۇنى كۈيئوغۇل قىلىۋالغانمىش.

ھىجرى 604 ـ يىلى چىڭگىزخان تاڭغۇت خانى بىلەن ئۇرۇشۇپ، موغۇلىستاندىكى ئەسكىرى ئاز قالغانىدى. كۈچلۈك بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ چىڭگىزخاندىن ئىنتىقام ئېلىش ئۈچۈن، گۇرخانىنىڭ رۇخسىتى بىلەن ئىمىل ۋە ئالتاي تاغلىرىدا سەرگەردان ھالدا ياشاۋاتقان نايمانلارنى توپلاپ موغۇلىستانغا ئۇيەر ـ بۇيەردىن ھۇجۇم قىلىپ، ئۆزىگە خېلى كۆپ كۈچ توپلىدى. خارەزىمشاھ ئۇنىڭ بۇ ۋەزىيىتىنى ئاڭلاپ، مەخپىي ئادەم ئەۋەتىپ، ئۇنى گۇرخانغا قارشى ئىسيانغا كۈشكۈرتكىلى باشلىدى. ئەگەر،كۈچلۈك بۇ ئىسياندا مۇۋەپپەقىيەت قازانغان تەقدىردە خارەزىمشاھ سىر دەرياسىنىڭ شەرقىدىكى پۈتۈن ئۆلكىلەر(پۈتۈن شەرقىي تۈركىستان) دە ئۇنىڭ گورخان ئۇنۋانى بىلەن مۇستەقىل ھاكىمىيىتىنى ئېتىراپ قىلىدىغانلىقىغا ۋەدە قىلدى. كوچلۈك بۇ ۋەدىگە ئىشىنىپ، پۇرسەت كۈتۈپ تۇرغىنىدا يۇقىرىدا سۆزلەنگەندەك، گۇرخانىنىڭ سەمەرقەنتكە يۈرۈش قىلىپ، بالاساغۇندىكى كۈچىنىڭ ئازقالغانلىقىنى ئاڭلاپ كۈچلۈك بالاساغۇنغا ھۇجۇم قىلدى. بالاساغۇندىكى گۇرخانىنىڭ ئەسكەرلىرى شەھەرگەكىرىۋېلىپ قاتتىق تۇرۇپ ئېلىشتى. شۇ ھالدا گۇرخان سەمەرقەنتتىن قايتىپ كېلىپ، كۈچلۈكنى ئېغىر ھالدا مەغلۇپ قىلدى. كۈچلۈكنىڭ ئادەملىرىدىن كۆپ كىشى ئۆلدى ئۆزى بولسا ئازراق يېقىنلىرى بىلەن قېچىپ، ئىمىل ئەتراپىدا يۈرۈپ، قاراقچىلىق قىلىشقا باشلىدى.

## كۈچلۈكنىڭ شەرقىي تۈركىستان ئىستىلاسى ۋە زۇلمى

تىرگوگۇرخان تەسلىم بولغاندىن كېيىن كۈچلۈكخان ئۆزىنى گۇرخان دەپ ئېلان قىلدى. ئۇنىڭ بىرىنچى بولۇپ قىلغان ئىشى خەلقنى ئىسلامدىن ياندۇرۇپ، شامان دىنىغا كىرىشكە تەشەببۇس قىلىشتىن ئىبارەت بولدى. ئۇنىڭ بۇ ھەرىكىتى تۈركىستان مۇسۇلمانلىرى ئىچىدە ئومۇمىيۈزلۈك نەپرەت

ھسسىنى قوزغىدى. ئىلىنىڭ باش تەرىپىدىكى ئالمىلىق (ئىلى بالىق) خەلقى ئۆز ئىچىدىن بىركىشنى خان قىلىپ كۇچلۇك بىلەن ئۇرۇشقىلى تەييارلاندى. قارلۇق خانى ئارسلان يابغۇ چىڭگىزخانىنىڭ ھامىيلىقىغا كىردى. قەشقەر، ئۇچ ۋەكۇچا خەلقى كۇچلۇكنىڭ ھاكىمىيىتىنى قوبۇل قىلماي ئۇنىڭغا قارشى چىقتى. كۇچلۇك ئالدى بىلەن ئالمىلىق خانى بىلەن ئېلىشىپ، بىرقانچە قېتىملىق ئۇرۇشتىن كېيىن ئالمىلىق خانى شېھىت بولدى ۋە ئالمىلىق كۇچلۇكنىڭ قولىغا ئۆتتى ۋە بۇ ئۆلكىدىكى پۈتۈن شەھەرلەرنى ۋەيران قىلىۋەتتى. ئۇندىن كېيىن كۇچلۇك قەشقەر ۋە ئۇچ ئۆلكىلىرىگە تاجاۋۇز قىلدى. خەلق ناھايىتى قەھرىمانلىق بىلەن يۇرتىنى مۇداپىئە قىلغانلىقى ئۈچۈن، كۇچلۇك بۇ يۇرتلارنىڭ شەھەرلىرىگە كىرەلمىدى. ئاخىرى كۇچلۇك بۇ شەھەر ئەتراپىدىكى يېزىلارغا قاراقچىلارنى ئەۋەتىپ دېھقان چارۋىچىلارنى بولاپ تالىدى، ئۆلتۈردى. زىرائەتلىرىگە، يايلاقلىرىغا ۋە ئۆي جايلىرىغا ئوت قويۇپ ۋەيران قىلىۋەتتى. بۇنىڭ بىلەن 2 يىل ئىچىدە قەشقەر ۋە ئۇچ شەھەرلىرىدە ئاچارچىلىق باشلىدى ۋە خەلق شەھەرنى مۇداپىئەقىلىشتا ئاجىزقالدى. كۇچلۇك ھىجرى 610 ـ (مىلادى 1213 ـ) يىلى قەشقەرنى ئىشغال قىلىپ شەھەرگە ئوت قويۇپ پۈتۈنلەي ۋەيران قىلىۋەتتى. شەھەر ئەتراپىدىكى خەلقلەرنى ئۆيلىرىدىن ھەيدەپ چىقىرىپ ئۆز ئادەملىرىنى يەرلەشتۈردى.

ھىجرى 611 ـ يىلى كۇچلۇك خوتەنگە ھۇجۇم قىلدى. ئۇرۇشتا قىلىچخان شېھىت بولدى ۋە شەھەرگە كىرگەن كۇچلۇك قەتلئام قىلىپ ۋە ئوت قويۇپ خوتەننى ۋەيران قىلىۋەتتى. ئۇندىن كېيىن خوتەن خەلقىنى ئىسلام دىنىدىن چىقىرىپ، شامان دىنىغا كىرگۈزۈش ئۈچۈن ھەرخىل زۇلۇم سالغىلى باشلىدى. لېكىن، خەلق ئىسلام دىنىدا چىڭ تۇرغانلىقتىن بۇنىڭدا مۇۋەپپەق بولالمىدى. كۇچلۇك بۇنىڭ سەۋەبى خوتەندە ئىسلام دىنى ئالىملىرىنىڭ كۆپ بولغانلىقىدىن دەپ تونۇپ، بۇدىنىي زاتلارنى يوقىتىشنىڭ كويىغا چۈشتى ۋە بىركۈنى « پۈتۈن ئالىملار يىغىلسۇن، دىن ھەققىدە بەس ـ مۇنازىرىلىشىمىز، بۇ مۇنازىرە دەكىمنىڭ توغراچىقسا شۇنىڭغا قوشۇلىمىز» دەپ ئېلان قىلدى. ئەرتىسى بىر مەيدانغا 3000 دەك ئالىم يىغىلدى. كۇچلۇك ئەسكەرلىرى بىلەن ھازىر بولدى ۋە مۇنازىرە باشلاندى. خوتەن ئالىملىرىدىن ئىمام ئالائىددىن ئىسلامنىڭ ھەقىقىتىنى، ئىسلامنىڭ ھەق (راست) دىن ئىكەنلىكىنى ۋە بۇتپەرەسلىكنىڭ باتىل (يالغان) ۋە ئاساسسىزلىقىنى ئىنتايىن كۇچلۇك دەلىللەر بىلەن ئىسپاتلىدى. بۇ دەلىللەرگە قارشى كۇچلۇك بىرنەرسە دېيەلمەي مات بولۇپ، ئىسلامغا ۋە پەيغەمبىرىمىز ئەلەيھىسسالامغا ھاقارەت قىلغىلى باشلىدى. ئىمام ئالائىددىن بۇقېتىم مىسلىسىز غەيرەت بىلەن ۋە تەمكىنلىك بىلەن جاۋاپ بېرىپ،كۇچلۇكنى تېخىمۇ مات قىلدى. بۇ ۋەزىيەتنى ئالىملارنى يوقىتىشنىڭ باھانىسى قىلىپ،كۇچلۇك ئەسكەرلىرىگەبىردىن بۇيرۇق قىلىپ توپلانغان ئالىملارنىڭ ھەممىسىنى قىلىچ بىلەن شېھىت قىلدى. شۇكۈندىن تارتىپ ئەزان ئوقۇش، جامائەت يىغىلىپ ناماز ئوقۇش قاتارلىق ئىسلام ئىبادەتلىرى پۈتۈنلەي مەنئى قىلىندى. مەسجىت ۋە مەدرىسىلەر ۋەيران

قىلىندى،كىتابلار كۆيدۈرۈلدى ۋە مۇسۇلمانچىلىقنى ئىزھارقىلغان كىشى مىڭبىر قىيىن - قىستاقلار بىلەن ئۆلتۈرۈلدى. كۈچلۈك بۇ زالىملىق بىلەن تۆت يىل ھۆكۈم سۈردى. بۇمۇددەت ئىچىدە مۇتەئەسسىپ «تويىن» ۋە «قام» لارنىڭ يول كۆرسىتىشى بىلەن شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە سالمىغان زۇلمى قالمىدى. ئىلىم ۋە مەدەنىيەتكە تولغان بۇمەملىكەتنى بىرخارابىگە ئايلاندۇرۇۋەتتى. خەلق داۋاملىق كۈچلۈككە قارشى چىققانلىقى ئۈچۈن قانلىق باستۇرۇلۇپ تۆلىسى شېھىت بولدى. قالغانلىرى قېچىپ كەتتى ۋە يۇرت ئاھالىسى بارغانسىرى ئازقالدى.

ھىجرى 615- (مىلادى 1218 -) يىلى چىڭگىزخاننىڭ ئەسكەرلىرى شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ياردىمىگە يېتىشتى. كۈچلۈكنى ئۆلتۈرۈپ، خەلقنى ئۇنىڭ زۇلمىدىن قۇتقازدى، دىندە ۋە ھەر ئىشتا خەلقنىڭ ئەركىنلىكىنى ئېلان قىلدى.

## بىرتارىخىي ئويدۇرما توغرىسىدا

خرىستىيان پاپا مەنبەلىرىدىن ئېلىنغان تۆۋەندىكى رىۋايەتلەر ھازىرقى زاماندىكى بەزى تارىخ كىتابلىرىدا يېزىلماقتا. مىنىڭ تەدقىق قىلىپ كۆرۈشىمچە بۇ رىۋايەتلەر ئاساسىز بولۇپ، ئۆز غەرەزلىرى ئۈچۈن خرىستىيان مىسسىئونېرلىرى تەرىپىدىن توقۇلغان ئويدۇرما ھىكايىلاردىن ئىبارەت[61]. مەسىلەن:

1 - كۈچلۈكخاننىڭ قەبىلىسى بولغان نايمانلارنىڭ دىنى خرىستىيان دىنى ئىدى . كۈچلۈكمۇخرىستىيان بولۇپ، دادىسىنىڭ ئىسمى «يۇھەننا» ئىدى. شەرقىي تۈركىستاننى ئالغاندىن كېيىن خوتۇنى (گۈرخاننىڭ قىزى) نىڭ تەسىرى بىلەن شامان دىنىغا كىرگەن.

2 - «يۇھەننا» ئىسىملىك تۈرك خانى گىرايىت (كىرايىت) قەبىلىسىنىڭ خانى بولۇپ، چىڭگىزخاندىن بۇرۇنقى تارىختا ئۆتكەن ياكى چىڭگىزخاننىڭ ئەۋلادلىرىدىن بىرىنىڭ زامانىسىدا ئۆتكەن كىشى. يۇھەننا خرىستىيان دىنىنىڭ چوڭ ئالىملىرىدىن ياكى ئەۋلىيالىرىدىن بىرى.

3 - يۇھەننا نىڭ قەبىلىسى بولغان كىرايىت قەبىلىسى كۇكۇ(كۆكنۇر) ۋە ئۇدۇن (خوتەن) ئۆلكىلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدا، يەنى، ھازىرقى چەرچەن ۋە چارقىلىقتا ئولتۇراقلاشقان.

مانا بۇ بىر- بىرىگە ئوخشىمايدىغان رىۋايەتلەرنى تارىخچى ئەبۇلفەرج جۇرجىس«مۇختەسىرىلدەۋل» ئاتلىق كىتابىدا يازىدۇ. بۇ، زامانى ۋە ماكانىنىڭ تايىنى يوق «يۇھەننا» ئەپسانىسى كېيىنكى دەۋرلەردە روسلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغان تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ تارىخىنى بۇئەپسانە بىلەن بوياپ كۆرسىتىپ، ئۇلارنى خرىستىيانلاشتۇرۇش ئۈچۈن، بەزى خرىستىيان پاپالىرى تەرىپىدىن ئويدۇرۇلغان ئاساسىزھېكايە ئىكەنلىكىنى ياۋروپا تارىخچىلىرى ئوتتۇرىغا چىقاردى. مانا بۇ رىۋايەتلەرنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن يۇھەننا ھەققىدە بىر - بىرىنى ئىنكارقىلىدىغان ئاجايىپ قىسسەلەر بار. (بۇقىسسەلەر«تەلفىق ئەلئەخبار» دېگەن تارىخىي ئەسەردە بايان قىلىنغان)

61 خرىستىيان پاپاسى - خرىستىيانلارنىڭ روھانىي داھىسى. مىسسىئونېر- خرىستىيان دىنىنى تارقاتقۇچى(ن. ش. ھ.).

يۇقىرىقى رىۋايەتلەر ۋە قىسسەلەرنى موغۇلىستاننىڭ مۇھىتىگە ئۇيغۇن دېيىلگەندىمۇ يالغانلىقى ئاشكارا كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. چۈنكى، چىڭگىزخاندىن بۇرۇنقى زاماندا نايمان بولسۇن ياكى كرايىت ياكى باشقا موغۇل قەبىلىلىرى بولسۇن ئۇلارنىڭ ئەجنەبىي(يات) لاردىن خۇسۇسەن خرىستىيان دۇنياسى بىلەن ھېچ مۇناسىۋىتى يوقلىقى ۋە بۇلارنىڭ پۈتۈنلەي كۆچمەن، دىن ۋە مەزھەپ بىلەن جىددى بىرئالاقىسى بولمىغان قوۋم ئىكەنلىكى مەلۇمدۇر.كرايىت قەبىلىسى بولسا موغۇلىستاننىڭ شەرقىي شىمالىدىكى مەشھۇر ۋە قۇۋۋەتلىك بىرقەبىلە بولۇپ ئىستىقلالى چىڭگىزخان تەرەپىدىن يوقىتىلغانلىقى تارىختىن مەلۇم.

چەرچەن ۋە ئەتراپىدا بىرقانچە يۈزيىلدىن بېرى سىرىق ئۇيغۇرلاردىن باشقا بىرتۈرك قوۋمى يوقلىقىغا تارىخ گوۋالىق بەرمەكتە. يەنە، تۈرك ۋە موغۇل تارىخلىرىنى پۈتۈن تەپسىلاتلىرى بىلەن يازغان يۈزلەرچە ئىسلام ۋە چىن تارىخچىلىرىدىن ھېچبىرى زىكىر قىلمىغان رىۋايەتلەرنى شامىنىڭ «كەشىش» لىرىدىن بولغان مالتالىق ئەبۇلپەرەج جورجىس نىڭ يۇقىرىقىدەك بىر- بىرىگە زىت ئىبارىلەر بىلەن بايان قىلغانلىقى بۇ رىۋايەتلەرنىڭ توقۇما سۆزلەر ئىكەنلىكىگە يېتەرلىك دەلىلدۇر[62].

ئۇنداقتا، نايمان ياكى كرايىتلارغا خرىستىيانلىق نەدىن كەلگەن دېگەنگە جاۋاپ تېپىش ئۈچۈن «ئۇيغۇرلاردىن كەلگەن» دېگەننى ئىسپاتلايمىز دەپ، ياۋروپاندا ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك قېزىشلارجەريانىدا بەزەكلىكتىن خرىستىيانلىققا ئائىت ئەسەرلەر تېپىلدى، دېگەن سۆزنى تارقاتماقتا. ئۇيغۇرلاردا دەسلەپتە بۇددا ۋە مانى دىنى بارئىدى. كېيىنچە مانى دىنى يوقىلىپ، يالغۇز بۇددا دىنىلا قالغانلىقىنى تارىخ بىردەك ئىسپاتلايدۇ ۋە ئارخېئولوگىيىلىك قېزىشلاردا تېپىلغان ئەسەرلەر بىلەنمۇ ئىسپاتلانغان. ياۋروپاندا ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك قېزىشلارجەريانىدا بەزەكلىكتىن ۋە باشقا جايلاردىن چىققان ئەسەرلەر بېرلىن ئېتنوگرافىيا مۇزېيىدا ۋە لوندون بېرىتىش مۇزېيىدا كۆرگەزمە قىلىنماقتا بولۇپ بۇلاردا خرىستىيانلىقنىڭ ئەسەرى بار يوقلۇقى مەيداندا تۇرۇپتۇ.

ھازىر چىن ھۆكۈمىتىنىڭ رۇخسەت قىلىشى بىلەن شەرقىي تۈركىستاننىڭ بەزى شەھەرلىرىدە خرىستىئانلىقنى تەبلىغ قىلىش ئۈچۈن مەخسۇس تەشكىلئورگانلار قۇرۇلۇپ چىققان بولسىمۇ بۇ ئىشتا مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمىغان شۋېتسارىيىلىك مىسسىئونېرلىرنىڭ بەزىلىرى «چىڭگىزخاندىن كېيىن شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمدارى بولغان ئوغلى چاغاتايخان خرىستىيان ئىدى ۋە ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدە ئوتتۇرا ئاسىيادا خرىستىيانلىق راۋاج تاپقانىدى. قەشقەردە چوڭ بىر پاپا ئولتۇراتتى. چىنگە بارغان مەشھۇر ساياھەتچى ماركوپولو يەركەندە ئىككى چىركاۋ كۆرگەنلىكىنى ئېيتقان» دەپ يازىدۇ.

چاغاتاي خاننىڭ خرىستيان بولۇپ بولمىغانلىقى ھەققىدە تارىخچىلار تەتقىقات ئېلىپ بارغان. بولار بىزنىڭ مەۋزۇيىمىزنىڭ تېشىدىكى بىر مەسىلە. شەرقىي تۈركىستاندا موغۇل دەۋرىدىن ئۈچ ئەسىر

[62] خرىستىئانلىقتا مۇرىت ياكى سوپى «كەشىش» دەپ ئاتىلىدۇ.( ن. ش. ھ.).

بۇرۇن ئىسلام دىنىنىڭ ناھايىتى مۇستەھكەم يىلدىز تارتقانلىقى، بولۇپمۇ قەشقەر ۋە يەركەندە قاراخانىلار زامانىسىدا مۇسۇلماندىن باشقا توپلۇم قالمىغانلىقىنى تارىخ شەك ـ شۈبھىسىز ئوتتۇرىغا قويىدۇ. قاراخىتايلار شامان دىنىدا بولسىمۇ، مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىغا ھېچبىر مۇداخىلە قىلمىغان ۋە ئۇلارنىڭ دەۋرىدىمۇ ئالتە شەھەردە ئىسلامدىن باشقا بىردىنىنىڭ يوقلىقى ھەممىگە مەلۇم. چىڭگىزخان ئوغۇللىرىنىڭ دىن بىلەن جىددى بىرئالاقىسى بولمىغانلىقى، يەنى، ھېچبىر دىننى راۋاجلاندۇرمىغان ياكى دۈشمەنلىك قىلمىغانلىقى ئازغىنە تارىخ بىلگەن كىشىگە ئايدىڭ بولغان بىرمەسىلە.

ماركوپولونىڭ ساياھەتنامىسىدا بولمىغان سۆزلەرنى، ئىسلام ۋە شەرق تارىخلىرىدا ھېچ كۆرۈلمىگەن بو توقۇلما يالغانلارنى ئويدۇرۇپ چىققان ئۇ مىسسىئونېرلارنىڭ مەخسىدى خەلقنى بولۇپمۇ بىرقىسىم جاھىل( ئىلمىسىز) كىشلەرنى بۇسۆزلىرى بىلەن قايمۇقتۇرۇپ « قاراكۇلار! پادىشاھىكۇلار، ئاتا ـ بوۋاكۇلار خرىستىيان ئىدى. سىلەر ئاتا ـ بوۋاكۇلارنىڭ بۇ يولىنى تاشلاپ ئازدىكۇلار» دەپ، ئۆزلىرىنىڭ خرىستىيانلىقنى تارقىتىش ۋەزىپىلىرىگە دەسمايە قىلىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. خرىستىيان مىسسىئونېرلىرىنىڭ بۇنداق ھىيلە ـ ئەپسۇنلىرى توغرىسىدىكى مىساللار مىسىر، شام، تۈركىيە، تۇنىس ۋە ماراكەش قاتارلىق ئوتتۇرا شەرق ۋە شىمالىي ئافرىقا تارىخچىلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدە كۆپ ئۇچرايدۇ. موغۇل دۆلىتى زامانىسىدا رىم پاپاسى موغۇلىستانغا بىرقانچە قېتىم مىسسىئونېرلار ئەۋەتىپ، چىڭگىزخاننىڭ ئەۋلادلىرىنى ۋە تۈرك قەبىلىلىرىنى خرىستىيانلىققا كىرگۈزۈش ئۈچۈن تىرىشقان بولسىمۇ نەتىجىسىز قالغانلىقىنى ياۋروپا تارىخچىلىرى بىردەك قوشۇلۇپ ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ماركو پولومۇ رىم پاپاسى تەرىپىدىن موغۇلىستانغا ئەۋەتىلگەن بىرئىتالىيەلىك «كەشىش» ئىدى. بۇئادەم موغۇلىستان ۋە چىنگە بېرىپ، بىرچاغدا قۇبىلاي خاننىڭ قېشىدا مەنسەپكىمۇ چىققان، 25 يىل چىن ۋە موغۇلىستاندا خرىستىيانلىقنى تارقىتىشقا تىرىشقان بولسىمۇ ھېچ نەتىجە ئالالماي ئاخىردا ساياھەتنامە يېزىپ قايتىپ كەتكەن. ھەرقانداق بىر ياۋروپالىقنىڭ سۆزىنى ھەقىقەت دەپ تونۇيدىغان بەزى زامانىۋى شەرق يازغۇچىلىرى يۇقىرىقى سۆزلەرنى ھېچ تەدقىق قىلماستىن تارىخىي ۋەقەلەر قاتارىدا كىتابلىرىدا يازغان. ۋاھالەنكى بۇرۇنقى خرىستىيان مۇئەللىپلارنىڭ ۋە زامانىمىزدىكى مىسسىئونېر تەشۋىقاتچىلىرىنىڭ تۈرك ۋە ئىسلام جامىئەسى ھەققىدىكى بۆھتانلىرىنى «ھەئە» دەپ، ئەستىقلايدىغان زامان ئۆتۈپ كەتتى. ھازىرقى ياشاۋاتقان ئەسرىمىز بولسا تەدقىق ۋە تەكشۈرۈش ئېلىپ بارىدىغان ئەسرىدۇر.

موغۇل ھۆكۈمىتى دەۋرىدىكى خرىستىيان پاپالىرىنىڭ تەشەببۇسلىرى ھەققىدە «تۈرك تارىخ تەدقىق جەمئىيىتى» تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «ئومۇمىي تارىخ» تا يېزىلغان بىر ئابزاسنى مۆھتەرەم كىتابخانلارغا سۇنۇمەن:

« چىڭگىز ياساسى(قانۇنى) غا بەك رىئايە قىلىدىغان ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى، تەۋەسىدىكىلەرنىڭ

ۋىجدانىي ئازاتلىقىغا ھېچ دەخلى قىلمايتتى. يانلىرىدا مۇسۇلمان، خرىستىيان، بۇددىست، شامان ۋە باشقا مەزھەپلەرگە مەنسۇپ كىشىلەر بار ئىدى ۋە ئۇلارغا پەرقسىز مۇئامىلە قىلىپ، ئوخشاش خىزمەتتە قوياتتى. بىر زامانلار رىم پاپالىرى ئارقا ـ ئارقىدىن مىسسىئونېرلەر ئەۋەتىپ، موغۇل دۆلىتى خانىدانىنى خرىستىيان قىلىش ئۈچۈن تىرىشتى ۋە بۇنىڭدىن سەلىب ئۇرۇشلىرىدا[63] يېتەلمىگەن مەقسەتلىرىگە، يەنى، مۇسۇلمانلارنى مەغلۇب قىلىپ ئىزىش مەقسەتلىرىگە، موغۇل ھۆكۈمدارخاندانى ئەزالىرىنى خرىستىيان قىلىپ، بۇلارنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئېرىشىشنى خىيال قىلدى. پەقەت، چىڭگىز نەۋرىلىرىدىن بىرقانچە شاھزادە ۋە ئۇلارنىڭ خوتۇنلىرىنى خرىستىيان قىلغان بولسىمۇ ئاخىرىدا بۇ تەشەببۇسلىرى بىكار بولدى. چۈنكى، چىڭگىزخاندانى ئىمپېراتورلىرى پاپا ۋە ئۇنىڭ راھىبلىرى قولىدا ئويۇنچاق بولۇشنى خىياللىرىغىمۇ كەلتۈرمەيتتى. موغۇل دۆلىتىگە تەۋە ئۆلكىلەردىن چىندىن باشقا جايلارنىڭ ھەممىسىدە ئىسلام دىنىنىڭ تەسىرى باشقا ھەرقانداق تەسىرگە غالىب كەلدى. ئالتۇن ئوردا خانلىرى، چاغاتاي خاندانى ۋە ئىلخانلار ھەممىسى مۇسۇلمان بولدى ۋە بۇنىڭ نەتىجىسىدە تېخىچە مۇسۇلمان بولمىغان باشقا نۇرغۇن تۈرك قوۋملىرى ئىسلامغا كىردى».

## قاراختايلارنىڭ دۆلەت تەشكىلاتى

قاراختايلار ئۇزۇن بىرزامان چىندە ئولتۇراقلاشقانلىقلىرى ئۈچۈن رەسمى دۆلەت ئىشلىرىدا چىن تىلىنى قوللىناتتى ۋە دۆلەت تەشكىلاتىغا ئائىت كۆپلىگەن ئاتالغۇلار چىنچە ئىدى. پەقەت ھۆكۈمدارلىرىنىڭ ئۇنۋانلىرىدا «گۈرخان » دېگەن تۈرك كەلىمىسىنى قوللانغان.

ھەربىي ئىشلار توغرىدىن توغراگۈرخانغا قارايتتى. قوماندانلارنىڭ قول ئاستىدىكى ئەسكەرلەرنىڭ سانى 100دىن ئاشمايتتى.گۈرخاننىڭ ھامىيلىقىدىكى يەرلىك خانلارنىڭ ئىچكىي مۇستەقىللىقىغا ھۆرمەت قىلىپ، بىز يۇقىرىدا تەكرار- تەكرار سۆزلەپ كېلىۋاتقان تۈرك دۆلىتى ئەنئەنىسىگە رىئايەقىلىنغانىدى. مالىيە تۈزۈمدە چىندە يولغا قويۇلغان ئۇسۇل بويىچە ئۆي بېشىدىن ھېساپلاپ سېلىق ئېلىش، يەنى، يىلدا ھەرئۆي بېشىدىن دۆلەتكە بىرتىللا بېرىش مەجبۇرىيىتى بار ئىدى. بۇ ئۇسۇل ئوتتۇرا ئاسىيادا تېخى يېقىنقى زامانلارغىچە داۋام قىلىپ كەلگەن. خەلق دىنى ۋە ئىجتىمائىي ئىشلىرىدا ئەركىن بولۇپ بۇنىڭغا دۆلەت ئارىلاشمايتتى. پۈتۈن دىنلەر ئەركىن ئىدى. غەربىي تۈركىستان ۋە شەرقىي تۈركىستاندا( قوچۇ، بەشبالىق، قۇمۇل ۋە كىنگىتتىكى بۇددىست ئۇيغۇرلار ۋە تېرىم، چەرچەن ئۆلكىلىرىدىكى بۇددىست سېرىق ئۇيغۇرلاردىن باشقا) مۇسۇلمانلار ياشايتتى. پەقەت ئارال كۆلى بويىدىكى ئازراق بىرقەبىلە خرىستىيانلىقنىڭ نەستورىي مەزھەبىدە ئىدى. بۇ يەردە ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغانلارنىڭ سانى كۆپچىلىكنى تەشكىل قىلاتتى. ئىسلام ئىلىملىرى ۋە مەدەنىيىتىدىكى تەرەققىيات

[63] «سەلىب» خرىستىئانلىقنىڭ ئالامىتى. سەلىب ئورۇشى «ئىسلام ۋە خرىستىيانلىق ئۇرۇشى. (ن. ش. ھ .).

قاراخىتاي دەۋرىدىمۇ قاراخانلار دەۋرىدىكى سەۋىيەسىنى ساقلىيالىغانىدى. بالاساغۇن، قەشقەر، خوتەن، بارسغان، تالاس، ئىلىبالىق ۋە غەربىي تۈركىستاندا چوڭ ـ چوڭ ئالىملار يېتىشىپ چىققان ۋە غايەت مەشھۇر بولغان كىتابلار يېزىلىپ چىققانىدى. ئەرەبچە ئەدەبىيات ئىلمىنى ئۆزئىچىگە ئالغان «مۇپتاھ ئەلئۇلۇم» نىڭ مۇئەللىپى ئىمام ياقۇب يۇسۇپ ئەلسەكاكى بالاساغۇن ئالىملىرىدىن ئىدى. ھەنىپى مەزھەبىنىڭ ئەڭ مۆتىۋەر كىتابلىرىدىن « ھدايە» نىڭ مۇئەللىپىمۇ ئەبۇلھەسەن بۇرھانىددىن مەرغىنانلىق ئالىملاردىن بولۇپ، ئەڭ توغرا پەتىۋاكىتابىنى يازغان ئىمام قازىخانمۇ ئۆزكەنتلىك ئىدى. بۇ ئىككى زات قاراخىتايلار زامانىسىدا يېتىشىپ چىققان ئىسلام ئالىملىرىدۇر. قاراخىتايلار دەۋرىدە شەرقىي تۈركىستاندا مۇسۇلمانلار ساندا بولغانلىرىدەك مەدەنىيەت جەھەتتىمۇ باشقىلاردىن ئۈستۈن ئىدى. مانا بۇنىڭ نەتىجىسىدە شەرقىي تۈركىستاندا مەيلى قاراخىتايلار دەۋرىدە بولسۇن مەيلى موغۇل دەۋرىدە بولسۇن ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ باشقا دىن ۋە مەدەنىيەتلەرگە ئۈستۈن كەلگەنلىكىنى تارىخ سەھىپىلىرىدە كۆرمەكتىمىز. بەزى ياۋروپا تارىخچىلىرى قاراخىتايلار موغۇللارغا مەدەنىيەت جەھەتتە چوڭ تەسىر كۆرسەتكەن دەپ، يازىدۇ. بۇ ئۇنداق ئەمەس. چۈنكى، موغۇللارغا مەدەنىيەت جەھەتتە ئەڭ زور تەسىر كۆرسەتكەنلەر بىرىنچىدىن مۇسۇلمان تۈركلەر، ئىككىنچىدىن بۇددىست ئۇيغۇرلاردۇر. موغۇل دۆلىتىدە ئىدارىي تەشكىلىنىڭ ئاساسى تەركىبى مۇسۇلمان تۈركلەر، بۇددىست ئۇيغۇرلار، قاراخىتايلار، تاڭغۇت ۋە مانجۇرلاردىن مەيدانغا كەلگەنلىكى مەلۇمدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن موغۇل مەدەنىيىتىدە بۇتۈرك قوۋملىرىنىڭ مەدەنىيەتلىرىنىڭ تەسىرى كۆرۈلمەكتە.

خىتايلار توغرىسىدىكى بايانىمىزنىڭ ئاخىرىدا، چىنلىقلارنى خىتاي دېيىشنىڭ توغرى ئەمەسلىكىنى ئەسلىتىپ ئۆتۈش كېرەك دەپ ھېساپلايمەن. قاراخانلار دەۋرىدىن تاكى چىڭگىزخان دەۋرىگىچە شىمال ۋە غەرب شىمال چىندە ھاكىمىيەت خىتايلارنىڭ قولىدا ئىدى. بۇ سەۋەپتىن موغۇلىستان ۋە شەرقىي تۈركىستاندا ئۇلارنىڭ شۆھرىتى زىيادە بولۇپ، موغۇلىستان ۋە شەرقىي تۈركىستان خەلقى چىندا ئولتۇراقلاشقان خەلقلەرنىڭ ھەممىسىنى«خىتاي» دەپ ئاتايتتى. ھازىرقى زاماندا چىنلىقلارنى خىتاي دېيىش شۇ چاغدىن قالغان بىرخاتا چۈشەنچىدىن كېلىپ چىققان ئادەتتۇر. ئەمما، ئەمىلىيەتتە خىتايلار چىنلىق بولماستىن، بىر تۈرك قەبىلىسىدۇر. چىنلىقلارنى خىتاي دېمەستىن «چىنلىق» دېيىش لازىمكى، بۇشانلىق تۈرك قوۋمىنىڭ تارىخى چىن تارىخى ئىچىگە كىرىپ كۆمۈلۈپ كەتمىسۇن.

## شەرقىي تۈركىستاندا چىڭگىزخان ئىستىلاسى

چىڭگىز خاننىڭ ئەسلى، دۆلەت قۇرغانلىقى، سوقۇشلىرى، ياسا(قانۇن) لىرى ۋە باشقا ۋەقەلەر ھەققىدە تارىخ كىتابلىرىدا غايەت تەپسىلى مەلۇماتلاربار. بۇ كىتابىمىزدا يالغۇز شەرقىي تۈركىستانغا

ئائىت وەقەلىرىنىلا بايان قىلىمەن.

چىڭگىزخان موغۇلىستان ۋە شىمالىي چىندا ئىمپېراتورلۇقنى قۇرۇپ چىققاندىن كېيىن ئەشەددى دۈشمىنى كۈچلۈك خاننى يوقىتىش ۋە شەرقىي تۈركىستاننى ئۆز ئىمپېراتورلۇقىغا قوشۇۋېلىشنىڭ كويىغا چۈشتى.

ھىجرى 614 (مىلادى 1217ـ) يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدا چىڭگىزخان چەتە(جەبە) نويان ئىسىملىك قوماندانىنى 20,000 ئاتلىق ئەسكەربىلەن شەرقىي تۈركىستانغا يوللىدى. جەبە نويانغا ئۇيغۇر ۋە قارلۇق قاتارلىق تۈرك قوۋملىرىدىن تۈرغۇن ئەسكەر قوشۇلۇپ كەلمەكتە ئىدى. كۈچلۈكمۇ پۈتۈن كۈچىنى ئېلىپ خوتەندىن يولغا چىقىپ، ئىسسىقكۆلنىڭ يېنىدا توختىدى. ئۇتەرەپتىن نويان يېتىپ كېلىپ ئۇرۇش باشلاندى. نەتىجىدە، كۈچلۈك ئېغىرھالدا مەغلۇپ بولۇپ پۈتۈن قوشۇنى تارمار بولدى. ئۆزى ئازغىنە ئادەملىرى بىلەن قېچىپ، قەشقەرگە كەلدى. قەشقەرخەلقى بۇ زالىمنى ئوتتۇرىغا ئېلىپ تازا ئىنتىقام ئالدى. كۈچلۈك ئۈچ ئادىمى بىلەن قېچىپ، قەشقەرنىڭ جەنۇبىدىكى تاغلارغا چىقىۋالدى. چەتە نويانىنىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، بەدەخشان تەرەپكە قاچتى ۋە سىرىق قولغا كەلدى.ا ئۇ يەردىكى بۇرۇن كۈچلۈكنىڭ زۇلمىدىن قېچىپ كېلىپ، ئوۋچىلىق بىلەن ھايات كەچۈرۈۋاتقان تۈركىستانلىقلار ئۇنى تۇتۇۋېلىپ، نويانىنىڭ ئەسكەرلىرىگە بەردى. چەتەنويان ئۇنىڭ بېشىنى كېسىپ، چىڭگىزخانغا ئەۋەتتى.

چەتە(جەبە) نويان ئۇندىن كېيىن يەركەن، خوتەن ۋە كۇچانى ئۇرۇشمايلا قولغا چۈشۈردى ۋە بۇ جايلاردىكى ئىشغالىيەت تاماملانغاندىن كېيىن چېڭگىزخان بېكىتكەن قانۇنغا ئاساسەن دىن مەزھەپ، تىجارەت، تېرىلغۇ ۋە باشقا تۇرمۇش ئىشلىرىدا خەلقنىڭ ئەركىن ئىكەنلىكىنى ئېلان قىلدى. مانا بۇ سۈرەت بىلەن باشقا يۇرتلارنىڭ بېشىغا بالا بولغان چىڭگىزخان شەرقىي تۈركىستان ئۈچۈن بىرقۇتقازغۇچى بولدى.

ھىجرى 615 ـ ( مىلادى 1218 ـ) يىلى چېڭگىزخان ئۇيغۇر، قارلۇق ۋە سىرىق ئۇيغۇرلاردىكى يەرلىك خانلىقلارغا ئۆز خانلىرىنىڭ ئىدارىسى ئاستىدا ئىچكى مۇستەقىللىق بەردى. ئالتى شەھەر مەنتىقىسىنىڭ يەرلىك ھۆكۈمدارى يوقتى. شۇنىڭ ئۈچۈن چېڭگىزخاننىڭ ئالدىدا چوڭ ئىناۋەتكە ئىگە بولغان يۇرت كاتتىلىرىدىن ماڭلاي سۇيە[64] ئىسىملىك كىشىنى ئالتى شەھەرگە يەرلىك خانلاردەك ھوقۇقلۇق ۋالى قىلىپ ئەۋەتتى. ماڭلاي سۇيەنىڭ بىر پۈتى ئاقساق بولغانلىقى ئۈچۈن چىڭگىزخان ئۇنى «دوغلات» دەپ ئاتايتتى («دوغلات» موغۇلچە «ئاقساق» دېمەكتۇر) شۇنىڭ ئۈچۈن ھىجرى 921ـ (مىلادى 1515ـ) يىلىغىچە ئالتى شەھەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلغان ماڭلاي سۇيە خاندانى تارىخ كىتابلىرىدا «دوغلات» خاندانى دەپ يېزىلىدۇ.

64 «تارىخى رەشىدى» نىڭ مىكروفىلىمگە ئېلىنغان نۇسخىسى 13ـ بەتتە، «ماڭلاي سۇيە» نىڭ مەنىسى «ئايتاپرۇي» (ن . ش . ھ).

## شەرقىي تۈركىستاننىڭ چىڭگىزخان زامانىسىدىكى ئەھۋالى

شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ قەدىمدىن تارتىپ تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەنلىكى مەلۇم. قاراخىتايلارنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدىكى كۈچلۈكخان زامانىسىدا يۈزبەرگەن قالايمىقانچىلىقلار سەۋەبى بىلەن خەلق تىجارەتنى تاشلاشقا مەجبۇر بولغانىدى. چىڭگىزخان ئىستىلاسىدىن كېيىن تىنچلىق ئەكسىگە كېلىپ، خەلق يەنە تىجارەتكە يۈزلەنگىلى تۇردى. ئۇچاغلاردا شەرقىي تۈركىستاننىڭ تاشقىي تىجارىتى ئاساسەن غەربىي تۈركىستان بىلەن ئىدى. چىڭگىزخان بۇ يولنى ئېچىش ئۈچۈن، مەھمۇد يالۋاچ ئىسىملىك مۇسۇلمان ۋەزىرىنى خارەزىمشاھنىڭ قېشىغا ئەۋەتىپ، بىرتىجارەت كېلىشىمى ئىمزالاتتى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە ھىجرى 616 ـ (مىلادى 1219 ـ) يىلىدىن باشلاپ شەرقىي تۈركىستان تىجارەتچىلىرى پەرغانە، بۇخارا، خارەزىم ۋە بەلخكە بېرىش ـ كېلىشكە باشلىدى. لېكىن بۇ تىجارەت ئاران بىريىل داۋام قىلىپ، 400 شەرقىي تۈركىستانلىق تىجارەتچىنى ئوترار شەھىرىدە ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىك ۋەقەسىنىڭ يۈز بېرىشى بىلەن توختىدى. بۇ ۋەقەنىڭ جەريانى مۇنداق: ھىجرى 617 ـ يىلى 400 كىشىلىك چوڭ بىركارۋان شەرقىي تۈركىستاندىن نۇرغۇن مال بىلەن خارەزىمگە قاراپ يولغا چىقىپ، سىر دەريا بويىدىكى ئوترار شەھىرىگە كەلگەندە شەھەرنىڭ ھاكىمى كارۋان ئىچىدىكى بىرئادەم بىلەن شەخسىي ئاداۋىتى بولغانلىقى ئۈچۈن، پۈتۈن كارۋاننى توختىتىپ قويىدى ۋە خارەزىمشاھقا «چىڭگىزخاننىڭ 400 نەپەر جاسۇسى سودىگەر قىياپىتىدە كەلدى. بۇلارنى نېمە قىلىمەن؟» دەپ خەت يازدى. خارەزىمشاھ ھېچ ئويلاپ تۇرماستىن «ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆلتۈرۈپ ماللىرىنى ئال ۋە بۇخاراغا ئەۋەت» دەپ بۇيرۇدى. شۇنىڭ بىلەن ھاكىم 400 شەرقىي تۈركىستانلىق بىگۇناھ مۇسۇلماننى ناھەق ئۆلتۈرۈۋەتتى ۋە ماللىرىنى ئالدى. مانا شۇنىڭ بىلەن شەرقىي ۋە غەربىي تۈركىستان ئوتتۇرىسىدىكى تىجارەت توختىدى. بۇ ۋەقە چىڭگىزخاننىڭ غەربىي تۈركىستانغا ۋە باشقا ئىسلام مەملىكەتلىرىگە يۈرۈش قىلىش ئۈچۈن، يول ئېچىپ بەردى . شۇنىڭ بىلەن مەشھۇر«موغۇل ئىستىلاسى پاجىئەسى» مەيدانغا چىقتى. نەتىجىدە مىليونلارچە مۇسۇلمان جېنىدىن ۋە مېلىدىن ئايرىلدى (تەپسىلىي مەلۇمات ئۈچۈن موغۇل ۋە ئىسلام تارىخلىرىغا قاراڭ).

## چىڭگىزخان ئۆلگەندىن كېيىنكى شەرقىي تۈركىستان

چىڭگىزخان ئۆزى ھايات چېغىدا قول ئاستىدىكى پۈتۈن جايلارنى 4 ئوغلىغا تەقسىم قىلىپ بەرگەنىدى. بۇ تەقسىماتتا پۈتۈن غەربىي تۈركىستان ۋە شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئالتاي ۋە ئېمىلدىن باشقا جايلىرى چىڭگىزخاننىڭ ئىككىنچى ئوغلى چاغاتاي خاننىڭ ھەسسىسى ئىدى. ئالتاي ۋە ئېمىلنى

ئۈچىنچى ئوغلى ئوكتاي خانغا بەرگەن (16 ـ خەرىتىگە قاراڭ).

چىڭگىزخان هايات ۋاقتىدا چاغاتاي خان ئاز بىر زامان ئالمىلىق شەھىرى (هازىرقى قورغاس) نى پايتەخت قىلىپ، ئالمىلىق ۋە بالاساغۇن ئارىسىدا يۇرۇپ ھاكىمىيەت سۈرگەنىدى. چىڭگىزخان ئۆلگەندىن كېيىن( ھىجرى 624 ـ مىلادى 1227 ـ يىلى) چاغاتاي خان داۋاملىق قارا قورۇمدا تۇرۇپ چىڭگىزخاننىڭ ئورنىغا قاغان بولغان تۇلۇخانغا مەسلىھەتچى بولۇپ تۇرغانىدى. ئۇندىن كېيىن چوڭ خان بولغان يەنە بىرئىنىسى ئوكتاي خان زامانىسىدىمۇ ئۇنىڭغا مەسلىھەتچى بولدى. ئۇدەۋردە تۈركىستان «چاغاتاي ئۇلۇسى» دەپ ئاتالسىمۇ، ئۇجايلار ئەمىلىيەتتە چاغاتاينىڭ بىۋاستە باشقۇرۇشىدا ئەمەستى.

غەربىي تۈركىستان مەھمۇد يالۋاچ ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن ئوغلى مەسئۇد يالۋاچنىڭ باشقۇرۇشىدا، سىر دەرىيادىن ئىملىغچە تەگرى تاغلىرىنىڭ شىمالى يەرلىك بەگلەر ئىدارىسىدە، ئالتى شەھەر بولسا ماگلاي سۈيە دۇغلاتىنىڭ قارىمىغىدا ئىدى. قۇچۇ، بەشبالىق، قۇمۇل ۋە بارىكۆلنى ئۇيغۇر ئىدىقۇتى ئىدارە قىلاتتى. بۇ يەرلىك ھۆكۈمدارلار ئىچكىي مۇستەقىللىقىغا ئىگە بولۇپ، ئۆز ئۆلكىلىرىنى چاغاتاي خان نامىدا ئەمەس، بەلكى، قاغاننىڭ نامىدا ئىدارە قىلاتتى. دېمەككى، بۇ ئۆلكىلەرنى چاغاتاي ئۇلۇسى دېيىش، پەقەت ئىسىم ئېتىبارى بىلەنلا ئىدى. شەرقىي تۈركىستان خەلقى بۇ دەۋردە تېچ ياشاپ ئىقتىسادىي ۋە ئىلمىي جەھەتلەردە خېلى ياخشى تەرەققى قىلغانىدى.

## شەرقىي ۋە غەربىي تۈركىستاندا چاغاتاي خاندانى دۆلىتى

چاغاتاي خان، ھىجرى 639 ـ (مىلادى 1241 ـ) يىلى ئۆلدى . تۈركىستاندىن ئىبارەت چاغاتاي ئۇلۇسى بۇرۇنقىدەك يەرلىك خانلارنىڭ «قاغان» نامىدا ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان ھاكىمىيەت شەكلىدە ئىدى. ھىجرى 644 ـ (مىلادى 1124 ـ) يىلى چوڭ قاغانلىق تەختىگە چىققان كۈيۈكخان، چاغاتاي خاننىڭ هايات چېغىدا بىرئۇرۇشتا ئۆلگەن ئوغلى مۇتۇگەننىڭ ئوغلى قارا ھۇلاكۇنى چاغاتاي ئۇلۇسىغا خان قىلىپ تەيىنلىدى. شۇنىڭدىن باشلاپ، تۈركىستان بىۋاستە چاغاتاي خاندانىنىڭ ھاكىمىيىتى ئاستىغا كىردى. قارا ھۇلاكۇ ئالمىلىقنى پايتەخت قىلدى. كۈيۈك قاغان چاغاتاي خاننىڭ ئوغلى يېسۇمۆڭگۈنى قارا ھۇلاكۇنىڭ ۋەلىئەھدى قىلىپ تەيىنلىگەنىدى. ھىجرى 646 ـ (مىلادى1249ـ) يىلى يېسۇمۆڭگۈ قارا ھۇلاكۇبىلەن ئۇرۇشۇپ مەغلۇپ قىلىپ، ئۆزى خان بولۇۋالغان بولسىمۇ بىرىيلدىن كېيىن ئۆلدى. ئورنىغا خان بولغان ئوغلى مۇبارەكشاھ كىچىك بولغانلىقى ئۈچۈن ئانىسى ئەرگىنە

خاتۇن خانلىقنى ئىدارە قىلاتتى. لېكىن، شۇ يىلىنىڭ ئايىغىدا چاغاتاي خانىنىڭ يەنەبىر نەۋرىسى ئالغۇ، ئەرگىنە خاتۇننى ئۆلتۈرۈپ تەختنى تارتىۋالدى[65]. قارا ھۇلاكۇنىڭ تەختكەچىقىشى بىلەن ئالغۇنىڭ تەختكە چىقىشى ئارىلىقىدىكى 6 يىل ئىچىدە چاغاتاي خاندانى ئىچىدە داۋاملىق جېدەل ـ ماجىرا بولۇپ تۇرغانلىقتىن شىمالىي تۈركىستانىڭ كۆپلىگەن شەھەرلىرى ۋەيران بولدى. ئالغۇ بۇ قالايمىقانچىلىقنى تۈگىتىپ، يۇرتنى تىنچىتتى ۋە پۈتۈن تۈركىستاننى ئۆزئىدارىسى ئاستىغا ئالدى. يالغۇز ئالتە شەھەردىكى دۇغلات خاندانى ۋە بەشبالىقتىكى ئىدىقۇتنى ئۆزىگە تەۋە جايلىرىدا خانىنىڭ ئورۇنباسارى سۈپىتى بىلەن ئىش ئېلىپ بېرىشقا تەيىنلىدى. خارەزىم ۋە ئافغانىستاننىمۇ بويسۇندۇرۇپ، چاغاتاي دۆلىتىگە قاتتى. ھىجرى 655 ـ يىلى قۇبىلاي قاغانىنىڭ قاغانلىق مەركىزىنى قارا قۇرۇمدىن بېجىڭغا يۆتكەپ، تۈركىستاندىن بەك ئۈزاقلىشىپ كەتكەنلىكىدىن پايدىلىنىپ، ئالغۇ مۇستەقىللىق ئېلان قىلدى. شۇنىڭ بىلەن شەرقىي ۋە غەربىي تۈركىستان، خارەزىم ۋە ئافغانىستان قوشۇلغان ھالدا بىرچاغاتاي ئىمپېراتورلۇقنى قۇرۇپ، پايتەختنى ئالمىلىقتىن سەمەرقەنتكە يۆتكىدى.

ھىجرى 664ـ (مىلادى 1265ـ) يىلى ئالغۇ ئۆلدى ۋە ئورنىغا قارا ھۇلاكۇنىڭ ئوغلى مۇبارەكشاھ يەنە تەختكە چىقتى. مۇبارەكشاھ چاغاتاي ئەۋلادىدىن تۇنجى مۇسۇلمان بولغان خاقان بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. مۇبارەكشاھنىڭ زامانىسىدا چاغاتاي خانلىقىدا يالغۇز غەربىي تۈركىستان ۋە ئافغانىستاننىڭ ئاز بىرقىسمىلا قېلىپ، شەرقىي تۈركىستاننى ئۆكتاي خاندانى ئىگەللىدى.

## شەرقىي تۈركىستاندا ئۆكتاي ھاكىمىيتى

ئۆكتاي خاندانىدىن غەربىي موغۇلىستان، ئالتاي ۋە ئېمىل ئۆلكىلىرىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىپ، زارغالانتۇ(ھازىرقى قۇبدۇ) دا تۇرۇۋاتقان قايدۇخان، ئالغۇخان ئۆلگەندىن كېيىن ئىلى، ئالتە شەھەردىكى دۇغلات بەگلىكى، قۇچۇ ۋە بەشبالىقتىكى ئۇيغۇر ئىدىقۇتلۇقى بىلەن ئۇرۇشۇپ، ئۇلارنى بويسۇندۇرۇپ ئۆزىگە تەۋە قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ھىجرى 665 ـ يىلى شەرقىي تۈركىستان قايدۇخانىنىڭ ھاكىمىيتى ئاستىغا كىردى. قايدۇخانىنىڭ ئۆلۈمىگە قەدەر بۇ ھاكىمىيەت مەۋجۇد بولۇپ تۇرغان. قايدۇخان ھىجرى 702 ـ يىلى ئۆلدى ۋە ئورنىغا ئوغلى چاپارخان تەختكە چىقتى. بۇچاغداغەربىي تۈركىستاندا چاغاتاي خاندانىدىن دۇۋاي چىچەن خان ھۆكۈمرانلىق قىلماقتائىدى[66]. ئۇشەرقىي تۈركىستاننى چاغاتاي دۆلىتىگە قوشۇۋېلىش ئۈچۈن چاپارخانغا قارشى ئۇرۇش باشلىدى ۋە بىرتەرەپتىن

[65] بەزى مەنبەلەردە مۆتۈگەن خاننى «مۆڭكەخان» ۋە چىڭگىزخانىنىڭ نەۋرىسى ھۇلاگۇنى«ھۇلاكۇ»، «ھىلاكۇ» يېسۇمۇڭگۇنى«يېسۇمۆڭكە» ۋە ئەرگىنەخاتۇننى«ئورخاناخاتۇن» دەپ ئالغان. ئە. بايتۇر 791ـ 801 ـ بەتلەر (ن. ش. ھ ).

[66] ھازىرقى ئۇيغۇرچەمەنبەلەردە دۇۋاي چىچەنخان «داۋايخان» ياكى «داۋاخان» يېزىلىدۇ. ئە. بايتۇر 817ـ بەت (ن. ش. ھ.)

دۇغلات خانى بايدارخاننى يېنىغا تارتتى. غەربىدىن دۇۋاي چىچەن خان ۋە جەنۇبىدىن بايدارخان ھۇجۇم قىلىپ، ئاخىرى چاپارخاننى مەغلۇپ قىلىپ قوغلىۋېتىپ شەرقىي تۈركىستاندا40 يىل ھۆكۈم سۈرگەن ئۆكتاي ھاكىمىيتىنى يىقتتى.

## شەرقىي تۈركىستاننىڭ يەنە چاغاتاي خاندانى ھاكىمىيتى ئاستىغا كىرگەنلىكى

دۇۋايخان ھىجرى 706ـ(مىلادى 1306ـ) يىلى پۈتۈن شەرقىي تۈركىستاننى ئىشغال قىلدى. بەش يىل داۋام قىلغان بۇ ئۇرۇش جەريانىدا بىرجەڭ مەيدانىغا ئايلانغان ئىلى، يەتتەسۇ ۋە ئىسسىقكۆل ئەتراپىدىكى شەھەرلەر ۋەيران بولدى، خەلقلەر قەتلىئام قىلىندى. دۇۋاي چىچەنخان بۇئىشغالىيەت جەريانىدا ياردەم قىلغانلىقى ئۈچۈن بايدارخاننى مۇكاپاتلاپ ئىسسىقكۆل ئەتراپىنى، شىمالدا توخماقنى، ئالمائاتا ۋە شەرقتە يەتتەسۇ قاتارلىق جايلارنى ئالتى شەھەردىكى دۇغلات ھۆكۈمىتىگە قوشۇپ بەردى. بۇنىڭ بىلەن دۇغلات ھۆكۈمىتى خېلى كەڭ ۋە مۇنبەت زىمىنگە ئىگە مەملىكەت بولۇپ كۈچلىنىپ قالدى. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن دۇغلات خاندانىنىڭ ھاكىمىيتىنىڭ كۈچلىنىشى ۋە شۆھرەت تېپىشى بايدارخان زامانىسىدىن تارتىپ باشلانغان. بۇلارنى دۇغلات تارىخچىسى پەسلىدە بايان قىلىمەن. چىڭگىزخان ۋە ئۆكتاي قاغان زامانىسىدا خېلى ياخشى بولغان شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى ئۇلاردىن كېيىن، موغۇل شاھزادىلىرىنىڭ ئۇززۇنغا سوزۇلغان جېدەل ـ ماجىرا ۋە ھەسەتخورلۇقلىرى نەتىجىسىدە پۈتۈنلەي بۇزۇلغانىدى. يەنە بىرسەۋەبى چاغاتاي ئۇلۇسى دەپ ئاتالغان تۈركىستان ئۆلكىلىرىنىڭ ھېچبىرى دېڭىزغا تۇتاش ئەمەس ۋە تۆت ئەتراپى بىر ـ بىرىگە دۈشمەن موغۇل ھۆكۈمەتلىرىنىڭ زېمىنلىرى بىلەن ئورالغانلىقى ئىدى. بۇ ۋەزىيەتتە تۈركىستان ئاھالىسىنىڭ سىرتقا چىقىپ تىجارەت قىلىش ئىمكانى بولمىغانلىقتىن ئىقتىسادىي ئەھۋالى ناچارلاشتى. دۇۋايخان بۇ مەسىلىگە چارە تېپىش ئۈچۈن پۈتۈن چىڭگىز ئوغۇللىرى ئوتتۇرىسىدا بىر ئومۇمىي سۇلھى تۈزۈشكە تىرىشقان بولسىمۇ ئۆمرى ۋاپا قىلماي ھىجرى707ـ يىلى ئۆلدى. ئورنىغا ئوغلى كانجۇكخان تەختكە چىقتى. ئۇ مۇبىر يىلدىن كېيىن ئۆلدى ۋە ئورنىغا چاغاتاي خاندانىدىن تالغۇ خانلىق تەختىگە چىقتى. تالغۇ ئۆلگەندىن كېيىن دۇۋايخاننىڭ ئىككىنچى ئوغلى كېپەك خان بىلەن ئىنىسى ئېسەن بوغاخان[67] تەخت تالىشىپ، ئېسەن بوغاخان غالىپ كەلدى ۋە ھىجرى 710ـ يىلى خانلىق تەختىگە چىقتى.

ئېسەن بوغاخان تۈركىستاننى بىرمەزگىل تىنچتقان بولسىمۇ ئۇنىڭ دەۋرىدە تۈركىستاننىڭ بېشىغا بۇچاغىچە كۆرۈلۈپ باقمىغان پالاكەتلەر كەلدى. قۇبىلاي خان ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى چىندە تۇرۇپ

67 چاغاتايچە بوغا ئۇيغۇرچىدىكى كالىنىڭ «بوقا» سى،كېپىكنىڭ «بوغا» سى ئەمەس. «تارىخى رەشىدى» فارسچە نۇسخىسى 13 ـ بەتتە «بوغاخان» دەپ يېزىلغان. ئۇيغۇرچە ئەسەرلەردە «بوقاخان» دەپ ئالىدۇ .(ن. ش. ھ .).

ئۆزلىرىنى«پۈتۈن چىڭگىز ئەۋلادىنىڭ قاغانى» ھېساپلىسىمۇ، تۈركىستاندىكى چاغاتاي خاندانى، قىپچاق ئۆلكىسىدىكى ئالتۇن ئوردا(جۇجى) خاندانى خانلىرى ئۇ قاغانلارغا ھېچ بويسۇنماستىن ئۆزئالدىغا مۇستەقىل ياشىدى. ئىراندىكى ئىلخانلار(ھۇلاكۇخاندانى) يالغۇز ئېغىزدا قاغانغا ھۆرمەت قىلاتتى. مانا بۇ سەۋەپلەردىن قاغانلار ھەر زامان چاغاتاي خاندانىنى ۋە ئالتۇن ئوردا خانلىرىنى بويسۇندۇرۇش پۇرسىتىنى كۈتەتتى. ئېسەن بوغاخان تەختكە چىققان يىلى قۇبىلاي خانىنىڭ نەۋرىسى«بويانتۇقاغان» موغۇل ۋە چىن ئەسكەرلىرىدىن تەركىپ تاپقان غايەت زور بىرقوشۇن بىلەن تۈركىستانغا يۈرۈش قىلدى. ئېسەن بوغاخان بىلەن ئالتۇن ئوردا خانى توقتاي خان ئارىسىدا دۈشمەنلىك بارئىدى. بۇ سەۋەپتىن ئالتۇن ئورداخانى قاغان تەرىپىگە ئۆتۈپ، 100 مىڭ كىشىلىك بىرقوشۇن بىلەن ياردەم قىلدى. ئېسەن بوغاخان قاتتىق مۇداپىئەدە تۇرۇپ، ئۇرۇشقان بولسىمۇ ئاخىرى مەغلۇپ بولدى ۋە بىرقىسىم ئەسكەرلىرى بىلەن مۇستەھكەم تاغلىق رايونغا چېكىنىپ، ئۆزىنى ۋە ئەسكەرلىرىنى خەتەردىن ساقلاپ قالدى. بويانتۇقاغان تۈركىستاندا 2 يىلچە تۇردى ۋە بۇ مەزگىل ئىچىدە قەتلىئام يۈرگۈزۈپ، شەھەرلەرنى ۋەيران قىلدى. تۈركىستاندا ناھايىتى ئېغىر ئاچارچىلىق يۈز بېرىپ قەتلىئامدىن ساق قالغان خەلقمۇ ھەرتەرەپكە قېچىپ كەتتى. نەتىجىدە قاغانىنىڭ ئەسكەرلىرىمۇئاچلىقتىن ئۆلگىلى باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن قاغان چىنگە قايتىشقا مەجبۇربولدى. قاغانىنىڭ چىنگە قايتقانلىقىنى ئاڭلىغان ئېسەن بوغاخان قاچقان يېرىدىن ئەسكەرلىرى بىلەن قايتىپ كېلىپ، يۇرتنى قولغا ئالدى ۋە ھىجرى 718 - يىلى ئالەمدىن ئۆتتى. ئورنىغا ئاكىسى كېپەكخان ئىككىنچى قېتىم خان بولدى. كېپەكخان ھىجرى 721 - يىلى ئۆلدى ۋە ئورنىغا ئىنىسى ئىلچىكداي خان ئالتە ئاي خانلىق قىلغاندىن كېيىن ئۆلدى. ئۇنىڭ ئورنىغا ئىنىسى دۇۋاي تۆمۈرخان خان بولدى ۋە بىرىيلدىن كېيىن (ھىجرى 722) ئۆلدى ۋە ئورنىغا ئىنىسى تارماشىرخان تەختكە چىقتى[68].

تارماشىرخان تەختكە چىققاندىن كېيىن ئىسلام بىلەن مۇشەررەف بولدى ۋە ئۆزىگە ئالائىددىن دېگەن لەقەمنى ئالدى. چىڭگىزخانىنىڭ ياساسى(قانۇنى) نى تاشلاپ، ئىسلام شەرىئىتى بىلەن ئىش ئېلىپ بېرىپ تەۋەلىكىدىكى باشقا پۈتۈن چاغاتاي خاندانىغا مەنسۇپ شاھزادىلارنى، خان ۋە بەگلەرنى ئىسلامغا كىرگۈزۈشكە تىرىشقىلى باشلىدى. بۇنىڭ بىلەن تېخى شەرقىي تۈركىستاندا مۇسۇلمان بولمىغان دۇغلات خاندانى، ئۇيغۇر ئىدىقۇتى ۋە باشقا چاغاتاي ئەۋلادلىرى نارازى بولۇپ تارماشىرخانغا ئىتائەت قىلىشتىن باش تارتقىلى تۇردى. تارماشىرخان بۇ ئىسيانلارنى بېسىقتۇرۇش ئۈچۈن جىددى بىرھەرىكەت قىلمىدى. ئاخىرى چاغاتاي دۆلىتى ئىككىگە ئايرىلىپ كەتتى.

68 بەزى مەنبەلەردە ئىلچىكداينى، «ئىلچىگىداي» ۋە تارماشىرخانىنى «تارماشىرىخان» دەپ ئالغان. ئە. بايتۇر، 839. بەت (ن. ش. ھ.).

## مۇستەقىل چاغاتاي دۆلىتىنىڭ قۇرۇلغانلىقى

تارماشىرخان ۋاپات قىلغىچە شەرقىي تۈركىستاندىكى يەرلىك ھۆكۈمدارلار مۇستەقىل ياشىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى كىچىك بىرساھادا ئايرىم - ئايرىم ھۆكۈمرانلىق قىلغانلىقتىن بىرلىك يوقتى. تاشقى دۈشمەنىنىڭ تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشى بىلەن ھەر زامان يوقىلىپ كېتىش خەۋپى بار ئىدى. ئۇلارنىڭمۇ بىرچاغاتاي ھۆكۈمدارىنىڭ رەھبەرلىكى ئاستىدا بىرلىشىش ئارزۇلىرى بارئىدى.

تارماشىرخان ھىجرى 730 -(مىلادى1330 -) يىلى جىيەنى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن غەربىي تۈركىستاندا بىرئېغىرئىچكىي قالايمىقانچىلىق پەيدا بولدى. شەرقىي تۈركىستاندىكى يەرلىك ھۆكۈمدارلارنىڭ ئەڭ كۈچلۈكى بولغان دۇغلات ھۆكۈمدارى پۇلاچى بەگ بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، تارماشىرخاننىڭ تېخى مۇسۇلمان بولمىغان ئىنىلىرىدىن ئىمال خوجا نى بۇخارادىن قاچۇرۇپ، شەرقىي تۈركىستانغا ئېلىپ كەلدى. چاغاتاي خاندانى ۋە دۇغلات خاندانىغا مەنسۇپ كاتتا كىشىلەر، قەدىمكى تۈرك مۇراسىمى بويىچە ئالمىلىق شەھرىدە بىريەرگە يىغىلىپ، ئىمال غۇجىنى بىر ئاق كىگىزدە ئولتۇرغۇزۇپ، ئۇنىڭغا بەيئەت قىلدى ۋە «ئېسەن بوغاخان» دېگەن نامنى بەردى. بۇچاغاتاي خاندانىدىن ئېسەن بوغاخان ئىسىملىك 2 - ھۆكۈمداردۇر[69]. II - ئېسەن بوغاخان ئالمىلىقتا تەختكە چىقىپ، ئۇزۇنغا قالماي شەرقىي تۈركىستاندىكى يەرلىك ھۆكۈمدارلارنى ۋە قەبىلە بەگلىرىنى ئۆزىگە تەۋە قىلدى. تەختكە چىقىشىدا ئەڭ چوڭ ياردەم قىلغان پۇلاچى بەگنى «بەگلەربېگى» دېگەن ئۇنۋان بىلەن ئۆزىگە ۋەزىر قىلدى ۋە ھۆكۈمەتنىڭ پۈتۈن ئىختىيارىنى ئۇنىڭغا تاپشۇردى.

II - ئېسەن بوغاخان ئاستا - ئاستا ئەسكىرىي كۈچىنى ئاشۇرۇپ، غەربىي تۈركىستاندىكى چاغاتاي ھۆكۈمىتى ئۈستىدىمۇ سىياسىي نوپۇزىنى ئىگىلىۋالدى ۋە ئۆزىنى پۈتۈن چاغاتاي ئۇلۇسىنىڭ چوڭ خانى دەپ ئېلان قىلدۇردى. كۆرۈنۈشتە غەربىي تۈركىستاندىكى چاغاتاي ھاكىمىيىتى ۋە II - ئېسەن بوغاخاندىن ئىبارەت ئىككى ھاكىمىيەت بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە II - ئېسەن بوغاخاننىڭ ھاكىمىيىتى مەركىزى ۋە ئاساسلىق ھۆكۈمەت ئىدى. II - ئېسەن بوغاخان ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە بۇ ئورنىنى ساقلاپ ھىجرى 741- (مىلادى 1310-) يىلى ئالەمدىن ئۆتتى. ئورنىغا چىققۇدەك ئوغلى يوقتى. كىچىك خوتۇنىدىن بولغان تۇغلۇق تۆمۈر دېگەن ئوغلىنى گۆدەك چېغىدا چوڭ خوتۇنى موغۇلىستانغا ھەيدىۋەتكەنىدى. بۇئوغلى، II - ئېسەن بوغاخان ۋاپات بولغاندا سەككىز ياشقا كىرگەنلىكتىن تەختكە چىقىدىغان ۋەلىئەھد يوق، تەخت بوش قالدى. نەتىجىدە يەرلىك ھۆكۈمدار لار ئۆزجايلىرىدا مۇستەقىل بولۇۋېلىپ، بىر - بىرلىرى بىلەن ئۇرۇشقىلى باشلىدى. بۇ ھەسەتخورلۇق ۋە ئىچكىي جېدەل - ماجىرا سەككىز يىل داۋام قىلدى. بۇ مۇددەت ئىچىدە پۇلاچى بەگ ئېسەن بوغاخاننىڭ نارىسىدە

[69] بەيئەت، ئىسلامدا مۇراسىم بىلەن ھۆكۈمدارغا ئىتائەت قىلىدىغانلىقىغا ئەھدى بايان قىلىش(ن. ش. ھ. ).

ئوغلىنى موغۇلىستاندىن ئېلىپ كېلىپ، تەختكە چىقىرىشنىڭ غېمىدە ئىدى. باشقا يەرلىك ھۆكۈمدارلار بۇنىڭغا قارشى ئىدى. بىرمۇنچە چاغاتاي شاھزادىلىرى تەختكە چىقىشنى تەمە قىلىپمۇ بۇ ئىشقا قارشى چىقىپ، ئۆزلىرىگە تەرەپتار پەيدا قىلىش ئۈچۈن، ھەريەردە جېدەل ـ ماجىرا چىقىرىپ تۇرغانىدى. بۇ سەككىز يىل ئىچىدە غەربىي تۈركىستان ۋە ئۆكتاي خانىدانى ئوتتۇرىسىدا توختىماستىن قانلىق ئۇرۇشلار بولۇپ تۇردى. ئاخىرى غەربىي تۈركىستان تەختىنى قولغا ئالغان غازان خان (چاغاتاي) شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىچكىي زىددىيەتتىن پايدىلىنىپ، بۇ يەرنىمۇ ئىشغال قىلىش كويىغا چۈشتى. شەرقىي تۈركىستاننىڭ يەرلىك ھۆكۈمدارلىرى ۋە بىرقىسىم شاھزادىلار غازانخان شەرقىي تۈركىستاننى ئىستىلا قىلىۋالسا شۇنىڭ بىلەن ئۆزلىرىنىڭمۇ يوقىلىپ تۈگىشىدىغانلىقىدىن ئىبارەت ئېغىرخەتەرنى سەزدى ۋە پۇلاچى بەگ بىلەن بىرلىشىپ، بۇ خەتەرنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا قارارقىلدى ۋە پۇلاچى بەگنىڭ ئەتراپىغا توپلاندى.

پولاچى بەگ، تۇغلۇق تۆمۈرنى خانلىق تەختىگە چىقىرىپ شەرقىي تۈركىستاندا كۈچلۈك بىرھۆكۈمەت قۇرۇپ چىقماستىن تۇرۇپ، ھەرقانداق ئىچكىي ۋە تاشقىي خەتەردىن ساقلانغىلى بولمايدىغانلىقىنى بۇ يەرلىك ھۆكۈمدار ۋە شاھزادىلارغا چۈشەندۈرۈپ ئۇلارنى قايىل قىلدى. تۇغلۇقتۆمۈرنى ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن موغۇلىستانغا ئادەم ئەۋەتتى. ئۇ كىشى بىرىيل بويى موغۇلىستاننى ئايلىنىپ يۈرۈپ ئاخىرى بىرىيلدىن كېيىن تۇغلۇق تۆمۈرنى تېپىپ ئالمىلىققا ئېلىپ كەلدى. تۇغلۇق تۆمۈرنى تەختكە چىقىرىشقا تەرەپلەر بىردەك قارار قىلىشتى.

## تۇغلۇق تۆمۈرنىڭ خان بولغانلىقى

ھىجرى 748 ـ مىلادى1347ـ) يىلى تۇغلۇق تۆمۈرخاننى ئاق كىگىزدە ئولتۇرغۇزۇپ، ئۇنىڭغا بەيئەت قىلىش مۇراسىمىنى ئۆتكۈزۈپ، خانلىق تەختىگەچىقاردى. ئۇچاغدا تۇغلۇق تۆمۈرخان 18 ياشقا كىرگەنىدى. تۇغلۇقتۆمۈرخان پۇلاچى بەگنى «بەگلەربېگى» ئۇنۋانى بىلەن پۈتۈن دۆلەت كاتتالىرىنىڭ ئەڭ ئۈستىدىكى ۋەزىرلىك مەنسەپكە تەيىن قىلىپ، ئالتى شەھەر ۋە ئىسسىقكۆلدىن ئىبارەت دۇغلات خانلىقىنى بەردى. پۇلاچى بەگ بۇ جايلارنى ئىنىلىرى قەمەرىددىن بەگ، شەمسىددىن بەگ ۋە شەيخ دۆلەت بەگنى ۋالىي قىلىپ بەلگىلەپ ئىدارە قىلدى. تۇغلۇق تۆمۈرخان ھاكىمىيتىنىڭ 4 ـ يىلى يەنى، ھىجرى 752ـ يىلى مەۋلانا ئەرشىدىن ئىسىملىك بىرئالىمنىڭ دەۋەت قىلىشى بىلەن ئىسلامنى قوبۇل قىلدى. تۇغلۇق تۆمۈرخان مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن، پۇلاچى بەگ باشلىق پۈتۈن دۆلەت كاتتالىرىنى ۋە باشقا مۇسۇلمان بولمىغانلارنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىشقا باشلىدى. نەتىجىدە، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىسلام بىلەن شەرەپلەندى. تۇغلۇق تۆمۈرخان نۇرغۇن ئالىملارنى ئالمىلىققا ئېلىپ كېلىپ، خەلققە ئىسلام ئەھكاملىرىدىن تەلىم بەرگۈزدى. مەۋلانا ئەرشىدىن كېيىنچە تۇغلۇق تۆمۈرخاندىن

ئىجازەت ئېلىپ، كوچاغا يەرلەشتى ۋە شۇيەردە ۋاپات بولدى. بۇ كىشىنىڭ توپراق بېشى ھازىر كوچانىڭ تەبەررۈك مازارلىرىدىن بىرى بولۇپ، بۈگۈنگىچە كوچادا ئۆتكەن دىنى زاتلارنىڭ كۆپىنچىسى شۇ كىشىنىڭ ئەۋلادلىرىدىندۇر. ھىجرى 762 ـ يىلى پۇلاچى بەگ ئالەمدىن ئۆتتى ۋە تۇغلۇق تۆمۈرخان ئۇنىڭ مەنسىپىنى ۋە دۇغلات ھوكۇمدارلىق ۋەزىپىسىنى ئۇنىڭ يەتتە ياشقا كىرگەن ئوغلى خۇدادادخانغا بەردى. خۇدادادخاننىڭ تاغىسى قەمەرىددىن بەگ ئۇنىڭغا ۋاكالىتەن بەگلىكنى باشقۇردى. تۇغلۇق تۆمۈرخان ئىنتايىن پائال ۋە ئەسكىرىي جەھەتتە قابىلىيەتلىك بىرىگىت ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن كۆندىن كۆنگە ئەسكىرىي قۇۋۋىتىنى ئاشۇردى ۋە پۈتۈن شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى تولۇق ئىتائەتكە كىرگۈزدى. شۇنىڭ بىلەن تۇغلۇق تۆمۈرخان يۇرتتا تىنچلىق ۋە ئامانلىقنى مۇكەممەل يولغا قويدى ۋە پۈتۈن چاغاتاي ئۇلۇسىنى ئۆزبايرىقى ئاستىغا ئېلىشقا تەييارلاندى.

## تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ غەربىي تۈركىستاننى ئالغانلىقى

ھىجرى737ـ (مىلادى 1336 ـ) يىلىدىن باشلاپ، غەربىي تۈركىستاندا چىڭگىزخان نەسلىدىن بولمىغان، بارلاس دېگەن بىر تۈرك قەبىلىسىنىڭ بېگى بولغان ئەمىر قازانخان كۈچلىنىپ، ھۆكۈمەتنىڭ ھوقۇقىنى قولىغا ئېلىۋالغاندى. كۆررۈنۈشتە چاغاتاي خانداندىن بىرىنى تەختكە چىقىرىپ قويۇپ، ئۇنىڭغا قارشى چىققان خاننى دەرھال يوقىتىپ، ئورنىغا باشقا بىرسىنى خان قىلىپ تىكلەيتتى. ئاخىرى ئەمىر قازان ئۆلتۈرۈلدى نەتىجىدە، غەربىي تۈركىستاندا ناھايىتى ئېغىر قالايمىقانچىلىق ۋە باشباشتاقلىق يۈز بېرىپ ئىچكى ئۇرۇش باشلىنىپ كەتتى.

تۇغلۇق تۆمۈرخان بۇ ۋەزىيەتنى ئۆزىنىڭ مەنپەئىتىگە بەكمۇ ئۇيغۇن دەپ كۆرۈپ، ھىجرى 760 ـ يىلى چوڭ ۋە غايەت مۇنتىزىم بىر قوشۇن بىلەن غەربىي تۈركىستانغا يۈرۈش قىلدى. غەربىي تۈركىستاندىكى بىر ـ بىرلىرى بىلەن ئۇرۇشۇۋاتقان بەگلەر بۇنى ئاڭلاپ ئالاقزادە بولۇپ كېتىشتى. بارلاس قەبىلىسىنىڭ باشلىقى ئەمىر ھاجى بارلاس باشلىق بىرقىسىم بەگلەر ئۆز تەۋەسىدىكىلىرىنى ۋە مال مۈلۈكلىرىنى ئېلىپ ھېرات ۋەكابۇل تەرەپلىرىگە قاچتى. جالايىر قەبىلىسىنىڭ بىگى ، پەرغانە ھۆكۈمدارى بەيازىدبەگ ۋە بارلاس ئېسىلزادىلىرىدىن كېش(يېشىل) شەھىرىنىڭ ھاكىمى تۆمۈربەگ (داڭلىق دۇنيا فاتىھى ئەمىرتۆمۈر[70]) قاتارلىق بىرقانچە بەگلەر تۇغلۇق تۆمۈرخانغا بويسۇنىدىغانلىقنى بىلدۈردى. خان بۇلارغا چوڭ ئىلتىپاتلارنى قىلىپ، ئۆزجايلىرىنى ئۆزلىرىگە بەردى. شۇنداق قىلىپ، تۇغلۇق تۆمۈرخان غەربىي تۈركىستاننى ھېچ ئۇرۇش قىلماستىن قولغا كىرگۈزدى. لېكىن غەربىي تۈركىستاندا چوڭقۇر يىلتىزتارتىپ كەتكەن پىتنە ـ پاسات ۋە ئىنتىزامسىزلىق نەتىجىسىدە يۇرتتا باشباشتاقلىق ۋەجەمئىيەتتە ئېغىرھالدا تىنچسىزلىق ھۆكۈم سۈرمەكتە ئىدى. بۇلارنى بىرتەرەپ قىلىش

70 تارىختىكى داڭلىق ھۆكۈمدار تۆمۈر لەڭ يەنى «ئاقساق تۆمۈر» (ن. ش. ھ.).

ئاسان ئەمەستى. شۇنىڭ ئۈچۈن تۇغلۇق تۆمۈرخان غەربىي تۈركىستاندا ئىككى يىل تۇرۇپ، بۇئىشلارنى تۈزەتىشكە تىرىشتى. بۇ مەزگىلدە تۆمۈربەگ سەمەرقەنتتىكە كېلىپ، تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ قېشىدا تۇرغانىدى. تۆمۈربەگ 23 ياشقا كىرگەن ناھايىتى ئەقىللىق ۋە تەدبىرلىك بىريگىت بولغانلىقى ئۈچۈن تۇغلۇق تۆمۈرخان ئۇنى يېنىغا ئېلىپ ئۆزىگە سەممىمىي بىرخادىم قىلىپ يېتىشتۈرۈپ، ئۇنىڭ ۋاستىسى بىلەن غەربىي تۈركىستاننى ئىدارە قىلىشقا قارار قىلدى. شۇنىڭ بىلەن تۆمۈربەگكە يېشىل شەھىرىنىڭ ھاكىملىقىنىڭ ئۈستىگە تۈمەن بەگ(تۈمەنلىك ئەسكەرگە قوماندان) لىك مەنسىۋىنى بەردى. ئۇندىن باشقا بارلاس قەبىلىسىنىڭ بەگلىكىنىمۇبېرىپ، ئالتۇن تامغۇلۇق مەنشۇرنامە(يارلىق نامە) ۋە بىرتامغا بەردى. بۇنىڭ بىلەن تۆمۈربەگ غەربىي تۈركىستاندىكى يەرلىك بەگلەرئىچىدە ئەڭ ئۈستۈن ئىمتىيازغا ئىگەكىشى بولدى.

تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ غەربىي تۈركىستاندا ئىككى يىل تۇرۇشى، ئۇيەردىكى ئىسلاھاتلارنى تاماملىشىغا يەتمىدى ۋە ئالىملىق ئەترىپىدا چوڭ بىرئىسيان يۈز بەرگەنلىكتىن غەربىي تۈركىستاننى ئىدارە قىلىش ئىشىنى تۆمۈربەگ ۋە بەيازىدبەگلەرگە تاپشۇرۇپ، ئۆزى شەرقىي تۈركىستانغا قايتتى.

ئىسياننىڭ جەريانى مۇنداق: تۇغلۇق تۆمۈرخان بىرىنچى قېتىم سەمەرقەنتكە يۈرۈش قىلغان كۈنلىرىدە ئىككى مەنسەپتارخەلقنى بۇلاپ ـ تالاپ، نۇرغۇن ئالتۇن ـ كۆمۈش يىغىۋالغانىدى. خان بۇنى ئاڭلاپ ئۇلارنى جازالىماقچى بولغاندا ئۇئىككى مەنسەپتار ئۆزئادەملىرى بىلەن قېچىپ كەتكەن ۋە ئىلى ئەتراپىدىكى بەزى قەبىلىلەر بىلەن بىرلىشىپ بۇلاڭچىلىق قىلغىلى باشلىغانىدى. دەسلەپتە خان بۇلارنى ئاددى بۇلاڭچىلاردەپ كۆرۈپ، ئانچە ئەھمىيەت بەرمىدى. چۈنكى، ئۇلارنىڭ خانلىققا قارشى بىرئىسيان كۆتەرگىدەك ھالى يوقتى. لېكىن، خاننىڭ ئورنىدا ئورۇنباسارخانلىق سۈپىتى بىلەن پايتەختتە تۇرۇپ ھۆكۈمەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇۋاتقان بەگلەربىگى پولاچى بەگنىڭ ھىجرى 762 ـ يىلى ۋاپات قىلىشى بىلەن بۇ بۇلاڭچىلار ناھايىتى كۈچلىنىپ، بىر ئىسيانچىلارگورۇھى بولۇپ ئوتتۇرىغا چىقتى ۋە ھەريەردە پاراكەندىچىلىك سېلىپ، بارغانسىرى پايتەخت ئالمىلىققا تەھدىت سالغىلى باشلىدى. مانا بۇسەۋەپتىن خان غەربىي تۈركىستاندىكى ئىسلاھات ئىشلىرىنى چالا قويۇپ قايتىپ كەلگەنىدى. بىرىيىل داۋام قىلغان شىددەتلىك قوغلاپ يۈرۈپ يوقىتىش ئۇرۇشى نەتىجىسىدە ئىسيانچىلارنى يوقاتتى.

تۇغلۇق تۆمۈرخان شەرقىي تۈركىستاندا ئىسيانچىلارنىڭ ئەدىۋىنى بېرىشكە مەشغۇل بولىۋاتقان كۈنلەردە ھاجى بارلاس بەگ ۋە باشقا قېچىپ كەتكەن بەگلەر بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، غەربىي تۈركىستانغا كەلدى ۋە ھاجى بارلاس سەمەرقەنتنى ئىشغال قىلىۋالدى. جالايىر قەبىلىسىنىڭ بېگى بەيازىد بەگمۇخاندىن يۈزئۆرۈپ، باشتارتىپ چىقتى. ئەمما، تۆمۈربەگ خاننىڭ بىر ۋاپادارخادىمى سۈپىتى بىلەن ھاجى بارلاس ۋە بەيازىد بەگلەرگە قارشى كۈرەش قىلدى. ھاجى بارلاس تۆمۈربەگنى يوقىتىش ئۈچۈن بىرھىلە بىلەن سۈيىقەست ئېلىپ بارغان بولسىمۇ مۇۋەپپەق بولالمىدى. بەيازىد بەگ

بۇمۇۋەپپەقىيەتسىزلىكتىن كېيىن ھاجى بارلاستىن ئايرىلىپ كەتتى. ئاخىرى بارلاس بەگ پۈتۈن كۈچى بىلەن تۆمۈربەگنى يوقىتىش ئۈچۈن، يېشىل شەھەرگە ھۇجۇم قىلدى. تۆمۈربەگ «مەن تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ ئادىمى، قولۇمدا ئۇنىڭ ماڭا بەرگەن يارلىقنامىسى بار. ھاجى بارلاسقا بويۇن سۇنمايمەن» دەپ قاتتىق تۇرۇپ ئۇرۇشۇپ ئاخىرى ھاجى بارلاسنى مەغلۇپ قىلىپ، سەمەرقەنتكە قاچۇردى. تۆمۈربەگ قوغلاپ سەمەرقەنت يېقىنلىرىغا بارغىنىدا ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى بارلاس قەبىلىسىدىكىلەر يۈز ئۆرۈپ ھاجى بارلاس تەرەپكە ئۆتتۇۋالدى. نەتىجىدە، تۆمۈربەگنىڭ كۈچى ئاجىزلىدى ۋە بالاچاقالىرىنى ئېلىپ كابۇلدىكى قېيىن ئاتىسى ئەمىر ھۈسەيىننىڭ يېنىغا قېچىپ كەتتى. ئەمىرھۈسەيىن بىلەن بىرلىشىپ كابۇل ئەتراپىدىكى ئافغان قەبىلىلىرىدىن ۋە باشقا تۈرك قەبىلىلەردىن ئەسكەر يىغىپ غەربىي تۈركىستانغا يۈرۈش قىلدى ۋە ھاجى بارلاسنى مەغلۇپ قىلىپ، تۆمۈربەگ يېشىل شەھەرنى ئەمىرھۈسەيىن سەمەرقەنتنى ئىگەللەپ ئولتۇردى. شۇنىڭ بىلەن تۆمۈربەگ بىلەن ئەمىرھۇسەيىن بىرتەرەپ، ھاجى بارلاس بىلەن بەيازىد بەگ بىرتەرەپ بولۇپ ئوتتۇردا دەھشەتلىك بىرئىچكىي ئۇرۇش باشلىنىپ كەتتى. بۇجېدەل تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ «بىرمۇنچە قوشلارنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئاسماندىن تۇيۇقسىز بىرتاش چۈشكەندەك» قىلغان ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇمىغا قەدەر داۋام قىلغان. ھىجرى 764- (مىلادى 1363-) يىلى توغلۇق تۆمۈرخان زور بىر ئەسكىرى قوشۇن بىلەن غەربىي تۈركىستانغا يۈرۈش قىلدى. خان بۇقېتىمقى يۈرۈشتە، ئىسيانچىلارنى پۈتۈنلەي يوقىتىپ غەربىي تۈركىستاننىڭ ھاكىمىيىتىنى تامامەن ئۆز قولىغا ئېلىپ، ئۇ يەردە يىللاردىن بىرى داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان پىتنە ـ پاسات ۋە قان تۆكۈلۈشلەرنى قەتئىي تۈگىتىشنى مەقسەت قىلغان جىددى بىر پىلان بىلەن كەلگەندى. خان خۇجەندگە كېلەر- كەلمەس بەيازىد بەگنى ئالدىنقى قېتىم باشباشتاقلىق قىلىپ ھاجى بارلاس بىلەن بىرلەشكەنلىكى ئۈچۈن ئەيىپلاپ ئۆلتۈردى. ھاجى بارلاس ۋە ئەمىرھۇسەيىن خاننىڭ قاراۋۇل قىسىملىرى بىلەن ئازراق توقۇنۇشۇپ قاچتى ۋە شۇ قاچقىنىچە كابۇلغا بېرىپ تۇختىدى. تۆمۈربەگ بولسا بۇرۇنقىدەك ئىتائەتكارلىق مەيداندا تۇرۇپ، خاننى قارشى ئالدى.

توغلۇق تۆمۈرخان دەسلەپتە تۆمۈربەگنى سەمەرقەنتكە ۋالىي تەيىن قىلىپ، كېيىنچە ۋالىلىقتىن ئېلىپ تاشلىدى. باشقا پۈتۈن مۇخالىپلىرىنى ھېچبىرىنى قويماي يوقاتتى. بويسۇنۇپ ئىتائەت قىلغانلارغىمۇ بۇرۇنقىدەك ھوقۇقنى بەرمەي ھەرئىشنى مەركەزگە تەۋە ھاكىم ياكى بىر ھەربىي قوماندانغا باغلىدى. تۆمۈربەگ بۇقېتىم خاندىن چوڭ بىرمەنسەپ تەمەقىلغانىدى. لېكىن، تۇغلۇق تۆمۈرخان ئۇنىڭغا بۇرۇنقى مەنسەپلىرىدىن يېشىل شەھىرنىڭ ھاكىملىقى ۋە بارلاس قەبىلىسى ئۈستىدە تۈمەن بەگلىكتىن باشقا مەنسەپ بەرمىدى. تۆمۈربەگنىڭ كېيىنچە تۇغلۇق تۆمۈرخانغا قارشى ئىسيان كۆتۈرۈپ چىقىشىنىڭ مۇھىم سەۋەپلىرىدىن بىرى بۇ بولدى.

تۇغلۇق تۆمۈرخان ئوغلى ئىلياس خوجا ئوغلاننى غەربىي تۈركىستانغا ئومۇمىي ۋالىي تەيىنلەپ

كىچىك بەگ ئىسمىلىك بىرقوماندانىنى يېتەرلىك دەرىجىدە ئەسكەربىلەن سەمەرقەندتە قويدى. پۈتۈن چېگرا ۋە شەھەرلەرگە ھاكىم بەلگىلەپ، ئۆزى ھىجرى 765- (مىلادى 1363-) يىلى ئالمىلىققا قايتتى.

## تۆمۈربەگنىڭ ئىسيانى

تۇغلۇق تۆمۈرخان كەتكەندىن كېيىن تۆمۈربەگ ئىسيان كۆتۈرۈش ئۈچۈن، پۇرسەت كۈتمەكتە ئىدى. ئىلياس خوجا ئوغلان ۋە كىچىك بەگ باشلىق ئەسكىرىي ۋە مەمۇرىي كىشىلەر موغۇللارنىڭ ئادىتىنى قىلىپ، كۆپىنچىسى تۈرك ۋە مۇسۇلمان بولغان ئۇرۇش ئەسىرلىرىنى قۇل قىلىپ ساتقىلى باشلىدى. غەربىي تۈركىستان خەلقى بۇ مۇسۇلمان ئەسىرلەرنى قۇل قىلىش ئىسلام شەرىئىتىگە خىلاپ بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ ئىشقا قاتتىق نارازى بولغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە كىچىك بەگ بەك زالىم بىرئادەم ئىدى ۋە ئەسكەرلىرىنىڭ خەلققە زۇلۇم قىلىشىنى توسمايتتى. ئىلياس خوجا ئوغلان ياش ۋە مەغرۇر بىرشاھزادە بولۇپ، داۋاملىق ئوۋ ئوۋلاش بىلەن مەشغۇل ئىدى. بۇسەۋەپلەردىن غەربىي تۈركىستان ئاھالىسى ئىچىدە ئىلياس خوجائوغلان بىلەن كىچىك بەگكە بولغان نەپرەت ئارتماقتا ئىدى.

تۆمۈربەگ بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، دوست ۋە يېقىن يۇرۇقلىرىنى مەخپىي ھالدا ئىسيانغا تەشۋىق قىلغىلى باشلىدى ۋە يەنە بىرتەرەپتىن خەلقنى ئۆزىگە جەلپ قىلىشقا تىرىشتى. ھىجرى 765 - يىلى تۆمۈربەگ يېشىل شەھەر ئەتراپىدىكى ئەسكەرلەرگە ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنىڭ قولىدىكى ئەسىرلەرنى زوربىلەن تارتىۋېلىپ ئازات قىلغىلى باشلىدى. بۇنى ئاڭلىغان ئىلياس خوجا ئوغلان خانغا خەت يېزىپ تۆمۈربەگنىڭ بۇ ھەرىكىتىنى «خەلقنى ئىسيانغا تەشۋىق قىلىۋاتىدۇ» دەپ مەلۇم قىلدى. خان تۆمۈربەگنى يوقىتىشقا ئەمىر قىلدى. تۆمۈربەگ بۇ بۇيرۇقتىن خەۋەردار بولۇپ، بىر كېچىدە ئاللىقاچان ۋە 25 كىشىنىڭ ھەمراھلىرىنى ئېلىپ قاچتى. ئامۇدەرياسىدىن ئۆتۈپ مىڭبىر مۇشەققەت بىلەن قېيىن ئاتىسى ئەمىر ھۈسەيىن بىلەن بىرلەشتى. ئافغانىستان ۋە بەلخ ئارىسىدا يۈرۈپ، ئۆزىگە تەرەپتار توپلاپ [illegible] مىڭ كىشىلىك بىر قوۋۋەت يىغدى. بۇ كۈچ بىلەن ئەمىرھۈسەيىن ۋە تۆمۈربەك ئامۇ دەرياسىغا يېقىن بەلخ ئەتراپىدا بىرىيەرگە يەرلەشتى. تۆمۈربەگ بۇ كۈچ بىلەن غەربىي تۈركىستانغا ھۇجۇم قىلىش مۇمكىن ئەمەسلىكىنى بىلەتتى. ئۇنىڭ مەقسىدى بۇ كۈچ بىلەن ئاستا - ئاستا غەربىي تۈركىستاندىكى تەرەپتارلىرىنى كۆپەيتىپ ۋە يېنىغا توپلاپ، يېتەرلىك مىقتاردا قوۋۋەتكە ئىگە بولغاندىن كېيىن ئاندىن غەربىي تۈركىستانغا يۈرۈش قىلىش ئىدى. لېكىن، ئەمىرھۈسەيىن تۆمۈربەگكە مەسلىھەت سالماستىن ئامۇدەرياسىدىن ئۆتۈپ، ئىلياس خوجا ئوغلاننىڭ چېگرا قىسىملىرىغا ھۇجۇم قىلدى ۋە ئېغىر ھالدا مەغلۇپ بولۇپ، قېچىپ ئاران تۆمۈربەگنىڭ قېشىغا كېلىۋالدى. ئەمىرھۈسەيىننىڭ بۇ ۋاقىتسىز ھۇجۇمى ۋە مەغلۇبىيىتى تۆمۈربەگنىڭ پىلانلىرىغا چوڭ زەربە بولدى. يەنە ئۇ تەرەپتىن ئىلياس خوجائوغلاننى ئويغىتىپ قويدى ۋە ئۇ ئامۇدەرياسىنىڭ

ئۈتەرەپىدە كۈچلۈك بىردۈشمەن بارلىقىنى بىلىپ، دەرھال كىچىك بەگ قوماندانلىقىدا دەريا بويىغا 20000 كىشىلىك بىر كۈچ يوللىدى.

## تاشكۆۋرۈك ئۇرۇشى

ئەمىرھۇسەيىننىڭ ئېغىر مەغلۇبىيىتى تۆمۈربەگ ئۈچۈن ئۈمىتسىزلىك كەلتۈرىدىغان بىرھادىسە ئىدى. لېكىن، جاھانگىرلىك تەبىئىتى بىلەن يارىتىلغان تۆمۈربەگ بۇ ھادىسىدىن ھېچ تەسىرلەنمىدى ۋە دەرھال ھەرىكەتلىنىپ، پاراكەندە بولۇپ چېچىلىپ كەتكەن ئەسكەرلەرنى مۇمكىنقەدەر توپلىدى. ئۇندىن باشقا غەربىي تۈركىستاندىكى ۋە باشقا يەرلەردىكى تەرەپتارلىرىنى بىرئامال قىلىپ، يېنىغا تارتىشقا تىرىشتى. شۇنداق قىلىپ، قىسقا بىرۋاقىت ئىچىدە خېلى كۈچ توپلىدى. تۆمۈربەگ بۇ قوۋۋەت بىلەن بىر ئاز ئىلگىرلەپ ئامۇ دەرياسىنىڭ تاشكۆۋرۈك دېگەن كېچىگىنىڭ ئوتتۇرىسىغا كېلىپ، يەرلەشتى. ئۇ تەرەپتىن كىچىكبەگ پۈتۈن يول ئېغىزلاردا ئەسكەر قويۇپ، ئۆزى ئاساسى قىسمىنى ئېلىپ، تاشكۆۋرۈكنىڭ ئۇ تەرەپىگە كەلدى ۋە تۆمۈربەگنىڭ كۈچى ئۆزىنىڭ كۈچىگە قارىغاندا ئازئىكەنلىكىنى سېزىپ دەريادىن ئۆتۈپ ھۇجۇم قىلىشنى لازىم كۆرمەي تۇردى.

تۆمۈربەگ شۇ ھالەتتە بىرئايىنى ئۆتكۈزۈۋېتىپ ئەمىرمۇسا دېگەن قوماندانىنى 500 ئەسكەر بىلەن تاشكۆۋرۈكتە قويۇپ ئۆزى پۈتۈن ئەسكىرىنى ئېلىپ، بىركېچىدە مەخپىي ھالدا ئاياغ تەرەپتىن ئامۇدەرياسىدىن ئۆتۈپ، كىچىكبەگنىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ ئارقىسىغا ئۆتتى ۋە ھەممە ئىگىزلىكلەرنى ئىگىلىۋالدى. كىچىكبەگ ئەرتىسى ئۆزىنىڭ دۈشمەن قورشاۋى ئىچىدە قالغانلىقىنى كۆردى. لېكىن بۇنىڭغا ھودۇقۇپ قالماستىن كەچكىچە شىددەت بىلەن ئۇرۇش قىلىپ، ئۆز سېپىنى ساقلاپ قالدى . كېچىسى تۆمۈربەگنىڭ چارچاپ كەتكەن ئەسكەرلىرىنىڭ دەم ئېلىۋاتقانلىقىدىن پايدىلىنىپ، قورشاۋنى يېرىپ چىقىپ كەتتى. شۇ ھالەتتە ئەمىر ھۇسەيىن نۇرغۇن ئافغان ۋە تۈرك ئەسكەرلىرىنى ئېلىپ، تۆمۈربەگنىڭ ياردىمىگە يېتىپ كەلدى. ئۇندىن باشقا غەربىي تۈركىستاندىن بىرقىسىم قەبىلىلەر ھەتتا قولىغا ياراغ ئالالىغۇچىلىكىمۇ بولمىغان ئەر- ئاياللاردىن بىرقانچە مىڭ كىشى ياردەمگە يېتىشتى. بۇنىڭ بىلەن تۆمۈربەگنىڭ كۈچى كىچىكبەگنىڭ كۈچىدىن ئېشىپ كەتتى ۋە بۇكۈچ بىلەن تۆمۈربەگ كىچىكبەگنىڭ ئارقىسىدىن قوغلىغىلى باشلىدى. ئارقىسىدىن قوغلاپ كېلىۋاتقان تۆمۈربەگنىڭ مۇنتىزىم ئەسكەرلىرىنىڭ ۋە ياندىن ئۇرۇۋاتقان غەربىي تۈركىستانلىق ئىنتىزامسىز پىدايىلارنىڭ زەربىسىدىن گاڭگىراپ كەتكەن كىچىكبەگ قېچىشنىڭ يولىنى تۇتتى. تۆمۈربەگنىڭ كۈندىن كۈنگە ئېشىۋاتقان كۈچىنى كۆرگەن ئىلياس خوجا ئوغلان ئۆزىنى ۋە ئەسكەرلىرىنى خەتەردىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن غەربىي تۈركىستانىنى بوشىتىپ چىقىپ كەتتى ۋە سىردەريادىن ئۆتۈپ، پۈتۈن كۈچىنى توپلاپ مۇداپىئەدە تۇردى. تۆمۈربەگ بىلەن ئەمىرھۇسەيىنمۇ كېلىپ، دەريا بويىغا چۈشتى.

بىر رىۋايەتكە كۆرە بىر كۈنى ئىلياس خوجا ئوغلان دەريا بويىدا ئاتلىق يۈرۈۋاتقانىكەن تۆمۈربەگ بىلەن ئەمىرھۇسەيىن دەريا بويىغا كېلىپ، ئاتلىرىدىن چۈشكەن ھالدا قارشى قىرغاقتا تۇرۇپلا تازىم بىلەن سالام بېرىپ، ئېھتىرام مۇراسىمىنى بەجاكەلتۈرگەن.

## ئىلياس خوجائوغلاننىڭ خان بولغانلىقى

ھىجرى767-(مىلادى 1365-) يىلى تۇغلۇق تۆمۈرخان ۋاپات بولدى. ئۇ تېخى ياش، ناھايىتى ئەقىللىق، ئادىل ۋە سىياسەتتە بىرداھى ئىدى. ئۇ دەۋردە چىڭگىزخاندانى ۋە ئالتۇن ئوردا خانلىقىدىن باشقىلىرى مۇنقەرىزلىككە يۈز تۇتۇپ، چۆكۈش دەۋرىنى ياشىماقتا بولۇپ، ئەھمىيىتىنى يوقاتقانىدى. تۇغلۇق تۆمۈرخان دۆلەتنى يېڭىدىن جانلاندۇرۇشقا تىرىشماقتا ئىدى. ئۇنىڭ بۈيۈك جاھانگىرلىك پىلانلىرى بار ئىدى. لېكىن، 36 يېشىدا ۋاپات بولۇپ، بۇ مەقسەتلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرالمىدى. ئاخىردا بۇمەقسەتلەرنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۇنىڭ دۈشمىنى تۆمۈربەگكە نېسىپ بولدى.

تۇغلۇقتۆمۈرخان ۋاپات بولغىچە ئىلياس خوجائوغلان بىلەن تۆمۈربەگ ئارىسىدا ئۇرۇش بولمىدى. خاننىڭ ئۆلۈم خەۋەرى كەلگەن زامان ئىلياس خوجا ئوغلان كىچىكبەگ ۋە باشقا 2 قوماندانىنى يېتەرلىك مىقتاردا ئەسكەر بىلەن قويۇپ ئۆزى ئالمىلىققا قايتىپ ئۇ يەردە مۇراسىم ئۆتكۈزۈپ خانلىق تەختىگە چىقتى. بۇئارىدا تۆمۈربەگ بىلەن كىچىكبەگ ۋە ئەمىرھۇسەيىن ئوتتۇرىسىدا قاتتىق ئۇرۇش باشلىنىپ، ئاخىرى خاننىڭ ئەسكەرلىرى مەغلۇپ بولدى. كىچىكبەگ ۋە باشقا قوماندانلار باشلىق نۇرغۇن ئەسكەرلەر تۆمۈربەگنىڭ ئەسكەرلىرىگە ئەسىرچۈشتى. تۆمۈربەگ بۇلارغا ئۇرۇشتا كۆرسەتكەن قەھرىمانلىقلىرى ۋە خاننىڭ تۇزىغا بولغان ۋاپادارلىقلىرى ئۈچۈن ناھايىتى كاتتا بىر زىياپەت ئۆتكۈزۈپ كۈتۈۋالدى. زىياپەتتە تۆمۈربەگ، كىچىكبەگدىن «سىلىگە قانداق مۇئامىلە قىلىشىمىزنى ئۈمىت قىلىسىلار؟» دەپ سورىغىنىدا، كىچىكبەگ ھېچ ھاياجانلانماي پەرۋاسىزتۇرقى بىلەن «بىزگەقانداق مۇئامىلە قىلىش سىزنىڭ ئىختىيارىڭىزدىكى ئىش. ئۆلتۈرسەڭ، ئىنتىقام ئالغان بولىسەن. قويۇۋەتسەڭ، ئۆز پايداڭنى كۆزلىگەن بولىسەن. ئەمما، بىز ئۈچۈن، ھەرئىككىسىنىڭ پەرقى يوق. چۈنكى، بىز بېلىمىزگە قىلىچ ئاسقان كۈندىن باشلاپ، ئۆلۈمگە ئۆزىمىزنى تىككەن ئىدۇق» دەپ جاۋاپ بەرگەن. تۆمۈربەگ بۇنداق جاسارەتلىك جاۋابتىن تەسىرلىنىپ ئۇلارنىڭ ياراغلىرىنى ۋە ئاتلىرىنى بېرىپ ئازات قىلىپ، ئالمىلىققا ئەۋەتىۋەتكەنىكەن. ئۇنىدىن كېيىن تۆمۈربەگ بىلەن ئەمىرھۇسەيىنمۇ سەمەرقەنتكە قايتتى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىككىسى پۈتۈن غەربىي تۈركىستاننى، ئافغانىستاننىڭ كابۇلغىچە ۋە غەزنىنىڭ يېرىمىنى ئىشغال قىلىپ، ئورتاق ھۆكۈمرانلىقلىرى ئاستىغا ئالدى. ئىلياس خوجا ئوغلانخان تەختكەچىققان كۈنىدىن باشلاپ كۈچلۈك، مۇنتىزىم ۋە تولۇق قوراللانغان بىرئەسكىرىي قوۋۋەت تەييارلاپ، تۆمۈربەگ ۋە ئەمىرھۇسەيىننى قەتئىي سۇرەتتە مەغلۇپ قىلىپ،

غەربىي تۈركىستاننى چوقۇم قولغا كەلتۈرۈشنى ئەڭ مۇھىم مەقسەدى قىلدى. تۆمۈربەگ ۋە ئەمىرھۇسەيىنمۇ يېگىدىن قوزۇپ چىققان بۇ دۆلەتنى ئۇچۇن ھەر زامان ئەڭ كۈچلۈك ۋە دائىمىي بىرخەۋپ دەپ ھېساپلاپ ئىلياس خوجا ئوغلانخانغا ھېچ ئارام بەرمەي داۋاملىق قاتتىق ھۇجۇم قىلىپ، ئاجىزلاشتۇرۇشقا تىرىشماقتا ئىدى. بۇنىڭ ئۇچۇن ئۇلار غەربىي تۈركىستان خەلقى ۋە ئافغانىستاندىكى ئافغان ۋە غورىي قەبىلىرىدىن تەشكىللەنگەن غايەت زور ئەسكىرىي كۈچ بىلەن ھىجرى 767 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا يۈرۈش قىلىپ، سىردەريا بويىغا كەلدى ۋە دەريادىن ئۆتۈپ خاننىڭ ئەسكەرلىرىنى مەغلۇب قىلىپ ئىگىرلىگىلى باشلىدى. ئۇتەرەپتىن ئىلياس خوجائوغلانخان مۇنتىزىم ۋە تولۇق قوراللانغان غايەت چوڭ بىرقوشۇن بىلەن ئالمىلىقتىن يولغاچىقىپ ھەرئىككى قوشۇن تاشكەنت يېقىنلىرىدا ئۇچراشتى ۋە ئۇرۇشقا تەييارلاندى.

بۇئىككى بۈيۈك ئەسكىرىي قوۋۋەتنىڭ ھەربىي جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكلىرى توغرىسىدا بەزى تارىخ كىتابلىرىدا يېزىلغان مۇلاھىزىلارنى ھۆرمەتلىك كىتابخانلارغا بايان قىلىپ ئۆتىمەن:

تۆمۈربەگنىڭ ئەسكەرلىرى سان جەھەتتە ئىلياس خوجا ئوغلانخاننىڭكىدىن خېلى كۆپ ئىدى. لېكىن، ھەربىي سۈپەتى جەھەتتە ئىلياس خوجائوغلانخاننىڭ ئەسكەرلىرى بەك ئۈستۈن تۇراتتى. چۈنكى خاننىڭ ئەسكەرلىرىدە ياخشى بىرتەرتىپ - ئىنتىزام قائىدىسى يولغا قويۇلغان بولۇپ،كۈچلۈك ھەربىي تەلىم - تەربىيە ئارقىلىق ھەربىي تەجرىبىلىرى مۇكەممەل، تولۇق قوراللانغان، قوماندانلىرىغا ئىتائەتكار، مىللىتىگە ۋەتىنىگە سادىق بىرمىللەتنىڭ ئەۋلادلىرى ئىدى. ئەمما، تۆمۈربەگنىڭ ئەسكەرلىرىدە بۇ سۈپەتلەر بەك ئاز ئىدى. تۆمۈربەگنىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ ئاساسى قىسمى ئۇنىڭغا ئەگىشىپ يۈرىدىغان بىرقىسىم ماشايىخلارنىڭ تەشۋىقاتى بىلەن كېلىپ قوشۇلغان «ئەلئامان» چى پىدائىلار، ئۇرۇشنى ئۇزاقتىن ئىشتىكەن، ئەمما، ھېچ ئۇرۇش كۆرمىگەن ئافغان ۋە غورىي قەبىلىسىدىن تەركىپ تاپقان ھەربىي سالاھىيىتى يوق كىشىلەر ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ تۆمۈربەگنىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ سان جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكلىرى ۋە بەزى رۇھانىي مەدەتكارلىرىغا ئىشىنىپ غەلىبە قىلىدىغانلىقلىرىدىن شۈبھى قىلمايتتى. ئەمما، تۆمۈربەگ بىلىملىك ۋە تەجرىبىلىك بىرھەربىي كىشى بولغانلىقىدىن يۇقىرىقى پەرقنى بىلەتتى. ئاز بولسىمۇ ئەسكەرلىرى ئىچىدىكى بىرقىسىم ھەربىي سالاھىيتى باربولغان ئەسكەرلەرنى توپلاپ، ئەسكىرى مانېۋىر بىلەن غەلىبە قىلىدىغانلىقىنى ئۈمىت قىلاتتى.

ئۇرۇش باشلار - باشلىماس بىردىن ھاۋا بۇزۇلدى ۋەگۈلدۈرماما بىلەن چاقماق چېقىلىپ شىددەتلىك بوران چىقىپ، ئالەم قاراڭغۇلىشىپ قاتتىق يامغۇر يېغىش بىلەن قورقۇنچ بىر ۋەزىيەت بارلىققاكەلدى ۋە بىردەمنىڭ ئىچىدىلا مەيدانلەر پاتقاق دېڭىزىغا ئايلىنىپ، ئادەم ۋە ئاتلار ماگالماي قالدى. بۇھالەتتە ئۇرۇش داۋام قىلىپ كەچكە يېقىن ئالدى بىلەن ئەمىر ھۇسەيىن ئېغىرمەغلۇبىيەتكە

ئۇچراپ مەيداندىن قاچتى ۋە ئۇنىڭ ئارقىسىدىن تۆمۈربەگمۇ مەغلۇپ بولۇپ چېكىندى. ئەتىسى تۆمۈربەگ ئەسكەرلىرىنى توپلاپ، قايتارما ھۇجۇمغا تەييارلاندى. يامغۇر تۈنۈگۈنكىدەك توختىماستىن يېغىپ تۇراتتى. شۇنداق بىر پەيتتە ئىلىياس خوجائوغلانخاننىڭ ئەسكەرلىرى تۆمۈربەگنىڭ ئەسكەرلىرىنى ئارىغا ئېلىۋېلىپ دەھشەتلىك بىر قىلچۋازلىق ئۇرۇشى باشلىنىپ كەتتى. ئاخىرى تۆمۈربەگنىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ تولىسى قىرىلىپ تۈگىدى، تۆمۈربەگ قاچتى ۋە شۇ قاچقانچە سەمەرقەنتكە بېرىپ توختىدى.

تۆمۈربەگنىڭ تۈزنى يىگەن ۋەقەنۋىسلەر ۋە ئۇلارغا تەۋە بەزى تارىخچىلار بۇمەغلۇبىيەتنىڭ مۇنداق ئىككى خىل سەۋەپتىن بولغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويماقتا: (1) موغۇل سېھىرگەرلىرى يادا قىلىپ يامغۇر ياغدۇرغان.[71] (2) ئەمىرھۇسەيىن غەيرەتسىزلىك قىلىپ قېچىپ كەتكەن.

تۆمۈربەگ سەمەرقەنتىمۇ ئەسكەرلىرىنى توپلىيالمىدى. خەلقنى مۇداپىئەگە تەشۋىق قىلىپ «پات يېقىندا كۆچ توپلاپ قايتىمەن» دەپ ۋەدە قىلىپ يېشىل شەھەرگە كەتتى. ئىلىياس خوجا ئوغلانخان ئارقىسىدىن قوغلاپ كېلىپ، سەمەرقەنتنى مۇھاسىرىگە ئالدى. بۇنى ئاڭلىغان تۆمۈربەگ خاندىن مۇداپىئە قىلىشقا كۆچى يەتمەسلىكنى چاغلاپ، يېشىل شەھەرنى تاشلاپ، ئادەملىرى بىلەن قاچتى ۋە ئامۇدەرياسىدىن ئۆتۈپ بەلخكە يېقىن بىرجايدا توختىدى. خان سەمەرقەنتتىن باشقا غەربىي تۈركىستاننىڭ پۈتۈن شەھەرلىرىنى ئالدى. سەمەرقەنت قەلئەسى بەك مۇستەھكەم بولغانلىقى ۋە خەلقنىڭ قوراللانغانلىقى ئۈچۈن قاتتىق تۇرۇپ مۇداپىئەقىلدى. شۇنداق بىر پەيتتە شەرقىي تۈركىستاندا چوڭ بىرئىسيان كۆتۈرۈلۈپ، خان سەمەرقەنت ئەتراپىدا ۋە باشقا جايلاردا يېتەرلىك ئەسكەرقويۇپ ھىجرى 768 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا شەرقىي تۈركىستانغا قايتتى.

## شەرقىي تۈركىستاندا ئىسيان

ئىلىياس خوجا ئوغلان خان ئەسكىرى ئىنتىزام ۋە ھەربىي پەن جەھەتتە خېلى ماھىربولسىمۇ يېشى كىچىك، مەغرۇر ۋە سىياسىي جەھەتتە تەجرىبىسىز بىرىگىت ئىدى. ئۇدۆلەت ئىشلىرىدا ياش يىگىتلارغا ئېتىبار بېرىپ، يۇرتنىڭ نۇپۇزلۇق ۋە تەجرىبىلىك پىشقەدەملىرىنى چەتكە قاقتى ۋە ئۇلارنىڭ نارازىلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. بۇلاردىن مۇھىم بولغانلىرىدىن بىرىنى مىسال قىلىپ ئۆتىمەن:

تۇغلۇق تۆمۈرخان زامانىسىدا دۆلەتنىڭ ئەڭ چوڭ ئادەملىرىدىن ۋە ئەڭ تەدبىرلىك كىشىلىرىدىن بولغان دۇغلات قەمەرىدىن بەگ، دۇغلات شەمسىددىن بەگ ۋە دۇغلات شەيخدۆلەت بەگلەرنى ئىشتىن چىقىرىۋەتتى. بۇلارنىڭ ئورنىغا بۇرادەرزادىلىرىدىن ئەمدى 20 ياشقا كىرگەن خۇدا دادىخاننى

[71] يادا قىلىش ـ سېھىرجادۇ قىلىش (ن. ش. ھ.).

بەگلەربېگى ھەم دۇغلات بېگى قىلىپ تەيىنلىدى. بۇلارغا ئوخشاش بىرقانچە ئىدارىي ۋە سىياسى خاتالىقلار ئۆتكۈزۈپ، يۇرتنىڭ كاتتالىرىدىن تولىسىنى نارازى قىلدى. ئىش بېشىغا چىققان ياش ئادەملەرنىڭ تەجرىبىسىزلىكىدىن دۆلەت ئىشلىرى قالايمىقانلىشىپ مەملىكەتنىڭ ئىچكىي ئىنتىزامى بۇزۇلدى. شۇنىڭ بىلەن،ئىلياس خوجائوغلانخاننىڭ ھۆكۈمىتىدىن زىرىككەن كىشىلەر بارغانسېرى كۆپەيدى.

ئىلياس خوجائوغلانخان يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتۈلگىنىدەك، تاشكەنت ئۇرۇشى بىلەن پۈتۈن ئەسكەرلىرىنى ئېلىپ كېتىپ تەخمىنەن بىرىيىل مەركەزدىن ئۇزاقلاشقانىدى. بۇ پۇرسەتتىن پايدىلانغان قەمەرىددىن بەگ باشلىق خانغا نارازى بولغان بەگلەر بىرلىشىپ كۆچ توپلاپ، ئىسيان چىقاردى. شىمالدىكى جەڭگىۋار قەبىلىلەرنىڭ كۆپىنچىسى قەمەرىددىن بەگكە قوشۇلدى ۋە ھىجرى 768 - يىللىرى ئالمىلىقتا ھۇجۇم قىلغىلى باشلىدى. ئىلياس خوجا ئوغلانخان بۇخەۋەرنى ئاڭلاپ سەمەرقەنتنى پەتھى قىلىشنى قويۇپ ئالمىلىققا كەلدى ۋە ئىسيانچىلار بىلەن ئۇرۇشقا كىرىشىپ كەتتى. غەربىي تۈركىستاندا قالدۇرۇپ قويغان ئەسكەرلەرنىڭ كۆپ قىسمى ئىسيانچى قەبىلىلەرگە مەنسۇپ كىشىلەر بولغانلىقتىن بۇلار قېچىپ كەلگىلى تۇردى. يەنە بىرتەرەپتىن غەربىي تۈركىستاندا ئات ۋاباسى تارقىلىپ ئەسكەرلەرنىڭ ئاتلىرى ئۆلگىلى باشلىدى. بۇنىڭ بىلەن ئاتسىز قالغان ئەسكەرلەر پىيادە ئۇرۇش قىلىشنى ئىمكانسىز كۆرۈپ، غەربىي تۈركىستاننى تاشلاپ ھەممىسى قايتتى. نەتىجىدە غەربىي تۈركىستاندا ئەسكەرقالمىغاندىن كېيىن ئەمىرھۇسەيىن كېلىپ، سەمەرقەنت ۋە بۇخارانى ئىگىلەپ ئۆزىنى ھۆكۈمدار ئېلان قىلدى، تۆمۈربەگ ئۇنىڭغا تەۋە بولۇپ قالدى.

ئىلياس خوجائوغلانخان بىلەن ئىسيانچىلار ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇش خېلى ئۇزۇن بىرمۇددەت داۋام قىلىپ ئاخىرى قەمەرىددىن بەگ غالىپ كېلىپ، ئىلياس خوجا ئوغلانخان ۋە خانداندىن 18 شاھزادە ئۆلتۈرۈلدى. شۇنىڭدىن باشلاپ قەمەرىددىن بەگ قەشقەر، ئۈچ، يەركەن،خوتەن، ئىسسىقكۆل ئەتراپى، ئىلى ۋادىسى ۋە يەتتەسۇقاتارلىق ئۆلكىلەرنىڭ مۇستەقىل ھۆكۈمدارى بولدى ۋە قەشقەرنى پايتەخت قىلدى. ئىسسىقكۆل ئەتراپىغا ئاكىسى شەمسىددىن بەگنى ۋە يەتتەسۇغا ئىنىسى شەيخدۆلەت بەگنى ۋالىي قىلدى. ئىلىدا يەرلىك بەگلەر قەمەرىددىن بەگكە ۋاكالىتەن ھۆكۈمەتنى باشقۇردى. بەگلەربېگى خۇدادادخان باشلىق ئىلياس خوجا ئوغلان تەرەپتارلىرىنىڭ ھەممىسى ئېغىرھالدا مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى ۋە ئىلياس خوجائوغلانخاننىڭ ئىنىسى خىزىرخوجائوغلانخاننى بىرگە ئېلىپ كۇچاغا قېچىپ كەتتى. خۇدادادخان كۇچاغا كېلىپ، چالىشنىمۇ ئىشغال قىلدى ۋە ئىستىقلال ئېلان قىلدى. (موغۇلچە قاراشەھەرنى«چالىش» ۋەكۇچانى«كۇسەن» دەپ ئاتايتتى). بۇئارادا ئۇيغۇرئىدىقۇتمۇ مۇستەقىل بولدى. بۇ پارچىلىنىشلار نەتىجىسىدە ھىجرى771- يىلىغا كەلگەندە قېيىناتىسى ئەمىرھۇسەيىن بىلەن تىركىشۋاتقان تۆمۈربەگنىڭ ھۇجۇملىرىدىنمۇ قۇتۇلۇپ، ئىچكىي

ئۇرۇش ئاياغلاشتى. تۆمۈربەگ ھىجرى 771 ـ يىلى ئەمىر ھۈسەيىننى يوقىتىپ، پۈتۈن غەربىي تۈركىستاننى ۋە شىمالىي ئافغانىستاننى ئىگەللەپ، داغدۇغىلىق بىرمۇراسىم ئۆتكۈزۈپ، ئۆزىنى ھۆكۈمدار ئېلان قىلدى. بۇيەردە شۇنى ئەسكەرتىشنى خالايمەنكى، تۆمۈربەگ ئۆزىگە ھېچقاچان بىرئۇنۋان قوبۇل قىلمىغان. «ئەمىر» تۆمۈربەگنىڭ ئۇنۋانى ئەمەس، بەلكى، تۈركچە«بەگ» دېگەن ئاتالغۇنىڭ ئەرەپچىسى بولۇپ، تولاراق ئىرانلىق تارىخچىلار قوللانغان. شۇنىڭ ئۈچۈن، مەن بوكىتابىمدا تۆمۈر بەگ دەپ يازدىم. تۆمۈربەگنىڭ «كورگان» يەنى ھۆكۈمدارنىڭ كۈيئوغلى دېگەن ئۇنۋانى بارلىقى رىۋايەت قىلىندۇ.

بۇتارىخلاردا شەرق دۇنياسىدا، غەربىي ۋە شەرقىي تۈركىستاندىكى يۇقىرىقى تارىخىي ھادىسىلەردىن باشقا يەنە ناھايىتى مۇھىم ۋەقەلەر يۈزبەرگەن. ھىجرى 772 ـ(مىلادى1370ـ) يىلى چىندە موغۇل قاغانلىقى يىقىلىپ، چىن «مىڭ» سۇلالىسى ئىمپېراتورلۇقى قۇرۇلدى ۋە بىر يىل ئۆتكەندىن كېيىن چىن ئىمپىراتورلۇقى ئۆزۈندىن بېرى ئۇيغۇرلارنىڭ بىر ۋىلايىتى بولۇپ كەلگەن ئۈچ ئىل (بۇگۈنكى سۇجۇ ۋە دۇڭخۇاڭ)، قۇمۇل ۋە باركۆلنى ئىدىقۇتتىن تارتىۋالدى. ھىجرى 800 ـ يىلىغىچە قۇمۇل ۋە باركۆل چىن ئىشغالىيىتىدە قالدى.

## شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمدارلىرى ۋە تۆمۈربەگ ئوتتۇرىسىدا 10 يىل داۋام قىلغان ئۇرۇش

تۆمۈربەگ ھۆكۈمداربولغاندىن كېيىن شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمدارلىرىنىڭ كۈچىنى ئۆز دۆلىتى ئۈچۈن ئەڭ چوڭ خەۋپ دەپ تونۇماقتا ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇكۈچلەرنى ئاجىزلاشتۇرۇش ۋە ياكى ھېچ بولمىغاندا بۇلارنى غەربىي تۈركىستان چېگرالىرىدىن ئۇزاقلاشتۇرۇش ئۇنىڭ بىردىن ـ بىرمەقسىدى ئىدى. بۇمەقسەدنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئۇ تۆۋەندىكى ئىككى خىل يولنى تۇتتى:
1 ـ غەربىي ۋە شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ مىللىي بىرلىكىنى، دىنىي ۋە مەزھەپ ئىتتىپاقى ۋە باغلىنىشلىرىنى بۇزۇش ئۈچۈن، شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە «چەتەموغۇل» يەنى، ئىسيانكار ياكى يولدىن ئازغان موغۇل دېگەن نامنى ئىجاد قىلىپ چىقىپ، ئۇلارنى دىنسىز ياكى ئىسلامنىڭ يولىدىن ئۇزاقلىشىپ كەتتى دەپ يالغان تەشۋىق تارقىتىپ، ئۇلارنىڭ ئۈستىگە غازات قىلىشنى پەرزدەپ ئېلان قىلدى. 2 ـ سىردەريا بويىغىچە سوزۇلغان قەمەرىددىن بەگنىڭ مەملىكىتىگە ھەرداىىم ھۇجۇم قىلىپ پاراكەندىچىلىك سالماقتا ئىدى. قەمەرىددىن بەگنىڭ قاتتىق تۇرۇپ، مۇداپىئە قىلىشى نەتىجىسىدە بەزىدە تۆمۈربەگ بەزىدە قەمەرىددىن بەگ غالىپ كېلىپ ئۇرۇش تەخمىنەن 10 يىل داۋام قىلغانىدى.
مەسىلەن: ھىجرى 771 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا تۆمۈربەگنىڭ ئەسكەرلىرى سىردەريانىڭ شەرقىي قىرغىقىدىكى قەمەرىددىن بەگنىڭ چېگراسىغا ھۇجۇم قىلغىلى باشلىدى. قەمەرىددىن بەگ ئىلى

ۋادىسىدىكى قەبىلەبەگلىرىدىن كېيەك تۆمۈربەگ، شىرئاۋۋەل بەگ ۋە ھاجىبەگلەر بىلەن بىرلىشىپ، خېلى كۈچلۈك بىرقوشۇن بىلەن سىردەريا بويىغا يۈرۈش قىلدى. تاشكەنتكە بارغاندا ھاجىبەگ بىلەن ئارىلىرىدا ئىختىلاپ پەيدا بولغانلىقتىن ئىتتىپاقلىرى بۇزۇلۇپ پارچىلىنىپ كېتىپ، قايتىشقا مەجبۇر بولدى. ئۇلار كەتكەندىن كېيىن تۆمۈربەگ كېلىپ تاشكەنت ۋە ئۇرەتۆپە قاتارلىق جايلارنى ئىشغال قىلىپ تېخىمۇ ئىلگىرىلىدى. ئىسسىقكۆلنىڭ غەربىي تەرىپىگە كەلگەندە قەمەرىددىن بەگ زورىبىرقوشۇن بىلەن قەشقەردىن يۈرۈش قىلىپ يېتىپ كەلدى. شىددەتلىك ئۇرۇشتىن كېيىن تۆمۈربەگ مەغلۇپ بولۇپ چېكىندى. قەمەرىددىن بەگ ئارقىسىدىن قوغلاپ مېڭىپ تاشكەنتكىچە بېرىپ، تۆمۈربەگ ئىشغال قىلىۋالغان جايلارنىڭ ھەممىسىنى قايتۇرۇۋالدى. ھىجرى 772-(مىلادى1370-) يىلى تۆمۈربەگ بىرئوغلىنى نۇرغۇن ئەسكەربىلەن ئۆزكەنت يولى ئارقىلىق نارىن ئۆلكىسىگە يوللىدى. نارىن خەلقى قاتتىق ئۇرۇپ مۇداپىئە قىلىپ، تۆمۈربەگنىڭ ئوغلىنى ئېغىرمەغلۇبىيەتكە ئۇچراتتى. بىرىيىل ئۆتكەندىن كېيىن تۆمۈربەگ شەيخ ئەلى باھادۇر ۋە سەيفۇلمۇلك ئىسىملىك قوماندانلىرى باشچىلىقىدا نارىنغا ھۇجۇم قىلىپ ئىشغال قىلدى ۋە دەھشەتلىك قەتلىئام ئېلىپ بېرىپ خەلقنى ئۆلتۈرۈپ مال مۈلكلىرىنى ئۇلجا ئېلىپ، بالاچاقالىرىنى ئەسىر ئالدى. قەمرىددىن بەگ بۇ ھادىسىنى ئاڭلاپ «كۆتۆپاتقاق» دېگەن يايلاقتىن قېچىپ، فەرغانىگە كەتتى. ھىجرى 773 - يىلى يەنە بىر رىۋايەتكە قارىغاندا 775- يىلى تۆمۈربەگ ساربۇغا، ئادىلشاھ جالايىر، ختاي باھادۇر ۋە ئەلچى بوغا ئىسىملىك تۆت قوماندانلىرنى باشچىلىقىدا نۇرغۇن ئەسكەرنى ئۆزكەنت يولى بىلەن قەمەرىددىن بەگنىڭ ئۈستىگە يوللىدى. يولدا ساربوغا بىلەن ئادىلشاھ جالايىر تۆمۈربەگدىن يۈزئۆرۈدى ۋە ختاي باھادۇر ۋە ئەلچى بوغانى ئەسىر ئېلىپ، ئەسكەرلىرى بىلەن قەمەرىددىن بەگ تەرەپىگە ئۆتۈۋالدى. تۆمۈربەگ بۇ ۋەقەلەردىن ساۋاق ئېلىپ قەمەرىددىن بەگنى يوقىتىش ئۈچۈن، بۇنداق كىچىك كۆلەملىك ھەربىي ھەرىكەتلەرنەتىجە بەرمەيدىغانلىقىنى بىلىپ، پۈتۈن قۇۋۋىتى بىلەن شەرقىي تۈركىستانغا ھۇجۇم قىلىشقا قارارقىلدى ۋە ھىجرى 777-(مىلادى1375-) يىلى پۈتۈن قۇۋۋىتىنى ئېلىپ، شەرقىي تۈركىستانغا يۈرۈش قىلدى. ئىسسىقكۆل يېقىنلىرىدا قەمەرىددىن بەگ بىلەن توقۇنۇشتى. قاتتىق ئۇرۇشتىن كېيىن قەمەرىددىن بەگ مەغلۇپ بولۇپ چېكىندى. تۆمۈربەگ ئارتباشغىچە ئىلگىرلەپ باردى ۋە جاھانگىر مىرزانى ئالمىلىق تەرەپكە يوللىدى. جاھانگىرمىرزا ئالدىنى توسقان ۋەتەنپەرۋەرلەرنى مەغلۇپ قىلىپ، ئالمىلىققا يېتىپ كەلدى. شەھەرنى كۆيدۈرۈپ ۋەيران قىلىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن جاھانگىرمىرزا دۈشمەنلىرىنى جەنۇبقا(ئالتى شەھەرگە) قاچۇردى. شىمال تەرەپتىكى پۈتۈن شەھەر ۋە ئاۋات جايلارنىڭ ھەممىسىگە ئوت قويۇپ ۋەيران قىلدى، بايلىقنى بۇلاپ سەمەرقەنتكە قايتىپ كەلدى. بۇ ئۇرۇشتا قەمەرىددىن بەگنىڭ ئاكىسى شەمسىددىن بەگ دۇغلاتنىڭ خوتۇنى ۋە قىزىنى تۆمۈربەگ ئەسىر ئالغان. «رەۋزۇتتۇسسافا» ۋە «تەلفىقىل ئەخبار»نىڭ رىۋايىتىگە كۆرە بۇتۆمۈربەگنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا

قىلغان 5 ـ ھۇجۇمى ئىمىش. تۆمۈربەگ بۇ ھۇجۇمى بىلەن شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئۆزىگە قارشى ھۇجۇم قىلىش كۈچىنى پۈتۈنلەي يوقاتتىم دەپ ھېساپلىغان. ئەمما، كېيىنچە ئۇنىڭ بۇھېسابى دېگەن يېرىدىن چىقمىدى.

ھىجرى 778 ـ(مىلادى1376ـ) يىلى قەمەرىددىن بەگ مۇنتىزىم بىر ئەسكىرىي قوۋۋەت بىلەن نارىنغا كېلىپ ئۇيەردىن پەرغانىگە يۈردى. تۆمۈربەگنىڭ 2 ـ ئوغلى ئۆمەرشەيخ مىرزانى ئېغىرھالدا مەغلۇپ قىلىپ ئۆزكەنتتىن خوجەنتكىچە بولغان پۈتۈن پەرغانىنى ئىشغال قىلدى. پەرغانە خەلقى قەمرىددىن بەگنى قوللاپ كۆپ ياردەم قىلدى. تۆمۈر بەگ ئۇرۇشقا تەييارلىنىپ «قەمەرىددىن بەگكە قارشى ئۇرۇشقا قاتناشمىغانلارنى ئۆلتۈرىمەن» دەپ جاكالاپ خەلقنى قورقۇتۇپ، قولىغا ياراغ ئالالايدىغان ھەممەكىشنى ئەسكەرلىككە ئالدى ۋە فەرغانىگە يۈرۈش قىلدى. بىرقانچە قېتىملىق ئۇرۇشلاردىن كېيىن قەمەرىددىن بەگ مەغلۇپ بولۇپ فەرغانىنى بوشىتىپ، قەشقەرگە قايتىپ كەلدى. تۆمۈربەگ قەمەرىددىن بەگكە ياردەم قىلغان فەرغانىلىقلەرنى ئۆلتۈردى ئەسرئالدى.

ھىجرى 779ـ (مىلادى1377ـ) يىلى قەمەرىددىن بەگ فەرغانىگە يەنە ھۇجۇم قىلدى. لېكىن، بۇقېتىم تۆمۈربەگ فەرغانە چېگراسىغا ئوغلى ئۆمەرشەيخ مىرزا، ئاق بوغا ۋە ختاي باھادۇر قاتارلىقلارنىڭ قوماندانلىقىداكۆپ ساندا ئەسكەر يەرلەشتۈرگەندى. بۇ قوۋۋەت قەمەرىددىن بەگنىڭ قوۋۋىتىدىن ئارتۇق ئىدى. بۇسەۋەپ بىلەن قەمەرىددىن بەگ چېگرادىن ئۆتەلمەي قايتىپ كەلدى. بۇ يۈرۈشتىن كېيىن قەمەرىددىن بەگ تۆمۈربەگنىڭ چېگراسىغا ھۇجۇم قىلماي مۇداپىئە ۋەزىيىتىدە تۇردى. ھىجرى 781 ـ يىللىرىغا قەدەر تۆمۈربەگ ئارىلاپ قەمەرىددىن بەگنىڭ چېگراسىغا ھۇجۇم قىلىپ تۇرغان بولسىمۇ قەمەرىددىن بەگ مۇداپىئەدە قاتتىق تۇرۇپ، چۇدەريا، ئالاس تاغلىرى ۋە فەرغانەنىڭ شەرق شىمالىدىكى قاپاق ئارت چېگرالىرىنى چىڭ قوغداپ، تۆمۈربەگنىڭ ئەسكەرلىرىنى قەتئىي ئۆتكەزمىدى. ھىجرى 781 ۋە 789 ـ يىللىرى ئارىسىدا تۆمۈربەگ ۋە قەمەرىددىن بەگ ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش بولغانلىقىدىن رىۋايەت قىلىنمايدۇ. سۈلھى بولغان ياكى بولمىغانلىقىمۇ مەلۇم ئەمەس. قەمەرىددىن بەگ تۆمۈربەگنىڭ شىددەتلىك ھۇجۇملىرىدىن دائىم ئەندىشە قىلاتتى ۋە بۇھۇجۇملارنى توسۇش ئۈچۈن غايەت كۈچلۈك بىرقوۋۋەت لازىم ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. بۇنىڭ بىردىن بىر چارىسى شەرقىي تۈركىستاندىكى پۈتۈن ھۆكۈمدارلارنىڭ بىربايىراق ئاستىدا بىرلىشىپ، قوۋۋەتلىرىنى بىرقوماندانىنىڭ يېتەكچىلىگىدە توپلاشتىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى سەزگەنىدى. ئۇندىن باشقا چەتتىن بۇلارنى ھىمايەقىلىپ ياردەم بېرىدىغانلار قوۋۋەتلىك دوستلار نىڭمۇبولۇشى كېرەك ئىدى. تۆمۈربەگ بۇچاغدا قەمەرىددىن بەگنىڭ ھۇجۇمىدىن خاتىرجەم بولۇپ، ئالدىدا ئاياقتىكى ئاشتەك تۇرغان ئىران ۋە ئىراقنى ئىشغال قىلىشنى غەنىمەت بىلىپ، شەرقىي تۈركىستانغا ھۇجۇم قىلىشنى ئارقىغا سوزدى ۋە ئۇ تەرەپتىكى چېگرا مۇداپىئەسىنى كۈچلەندۈردى.

## خىزىرخوجا ئوغلاننىڭ خان بولغانلىقى ۋە شەرقىي تۈركىستاندا بىرلىك

ھىجرى776ـ (مىلادى 1374 ـ) يىلىدا خۇدادادىخان ئىلى ۋادىسىدىكى بەگلەربىلەن بىرلىشىپ، تۇغلۇقتۆمۈرخاننىڭ كىچىك ئوغلى خىزىرخوجا ئوغلاننى خانلىق تەختىگە چىقاردى. خىزىرخوجا ئوغلانخان ئالمىلىق شەھىرىنى پىكمباشتىن ياساپ پايتەخت قىلدى ۋەخۇدادادىخاننى بەگلەر بېگى قىلدى. ئۇندىن كېيىن خىزىرخوجا ئوغلان ئاستا ـ ئاستا ۋەزىيەتكە قاراپ دۆلەتنى كۆچلەندۈردى، تەرەپتارلىرىغا ياخشى مۇئامىلەقىلىپ ئۇلارغا مەركەزىيەتچىلىكنىڭ ئەۋزەللىكىنى تونۇتتى. شۇنداق قىلىپ ھىجرى789ـ(مىلادى1387ـ) يىللىرىغا كەلگەندە ئۇنىڭ كۆچى قەمەرىددىن بەگنىڭكىدىن ئېشىپ كەتتى. قەمەرىددىن بەگ دەسلەپتە خىزىرخوجا ئوغلانخاننى تونۇماي دۈشمەنلىكمۇ قىلماي ئۆزئالدىغا يالغۇز تۆمۈر بەگ بىلەن كۆرەش قىلىش بىلەن مەشغۇل بولدى. لېكىن، ھىجرى 782 ـ يىلى يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتۈلگىنىدەك شەرقىي تۈركىستان كۆچلىرىنىڭ تۆمۈربەگكە قارشى بىرلىشىش زۆرۈرىيىتى ئوتتۇرىغا چىققاندىن كېيىن قەمەرىددىن بەگ خىزىرخوجا ئوغلانخانغا بويسۇندى. خىزىرخوجا ئوغلانخانمۇ قەمەرىددىن بەگنىڭ ھەربىي ماھارىتىنى ۋە ئەسكىرىي قىممىتىنى بىلەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن خىزىرخوجا ئوغلانخان قەمەرىددىن خاننى پۈتۈن شەرقىي تۈركىستان ئەسكىرىي قوۋۋەتلىرىنىڭ باش قوماندانى قىلدى. شۇنىڭ بىلەن شەرقىي تۈركىستان چاغاتاي دۆلىتى كۈندىن كۈنگە كۆچلەندى.

## قەمەرىددىن بەگ ۋە توختامىشخان ئوتتۇرىسىدىكى ئىتتىپاق

تۆمۈربەگ ئىران، ئىراق ۋە باشقا ئىسلام مەملىكەتلىرىنى پەتھى قىلىپ غايەت زور بىر كۆچكە ئىگە بولۇپ، نەگە يۈرۈش قىلسا شۇيەردە غەلىبە قىلغىلى باشلىدى. ئاسىيادىكى ھەممە دۆلەتلەر تۆمۈربەگنى مۇستەقىللىقلىرى ئۈچۈن دەھشەتلىك بىرخەۋپ دەپ ھېس قىلاتتى. شەرقىي تۈركىستان بۇ خەۋپكە ھەممىدىن يېقىنىراق ئىدى. مانا بۇ ۋەزىيەت ئاستىدا شەرقىي تۈركىستان دۆلەت رەھبەرلىرى بۇخەتەردىن ساقلىنىش ئۈچۈن قوللىرىدىن كەلگىنىچە ئۆز كۈچىنى ئاشۇرۇشقا تىرىشتى.

ھىجرى787 ـ يىلى تۆمۈربەگ بىلەن ئالتۇن ئورداخانى توختامىش خاننىڭ دوستلۇق مۇناسىۋىتى بۇزۇلدى. قەمەرىددىن بەگ بۇنى ئاڭلاپ، دەرھال توختامىش بەگكە ئەلچى ئەۋەتىپ تۆمۈربەگكە قارشى بىرئىتتىپاق ئەھدىنامىسى ئىمزالاشنى تەكلىپ قىلدى، توختامىش بەگ بۇنى قوبۇل قىلىپ، تۆمۈربەگنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى بىربىرلىرىگە ياردەم قىلىش ئەھدىنامىسىغا ئىمزا قويدى. شۇنىڭ بىلەن خىزىرخوجا ئوغلانخان ۋە توختامىشخانلار بۇ ئەھدىنامە بىلەن چاغاتاي دۆلىتى ۋە ئالتۇن ئوردا دۆلىتى

قوشۇنلىرىنى تۆمۈربەگكە قارشى بىرلەشتۈرۈپ، ئىنتايىن قۇدرەتلىك بىر فرونت تەشكىل قىلدى. ئەگەر بۇفرونت مۇداپىئە فرونتى بولۇپ تۇرغاندا، تۆمۈربەگ بۇلاربىلەن چىقىشىپ تۇرۇپ، دوستلۇق مۇناسىۋىتى باغلاشقا مەجبۇر بولۇشىدا شۈبھى يوقتى. لېكىن، توختامىشخان مەغرۇرلىنىپ، كېتىپ بۇ فرونتنى ھۇجۇم قىلىش بازىسىغا ئايلاندۇردى. نەتىجىدە، ئۇنىڭ تەلىيى چىقماي قالدى ۋە ئىتتىپاقنىڭ پايدىسى بولمىدى.

توختامىشخان شەرقىي تۈركىستانغا ئەلچى ئەۋەتىپ، شىمالدىن توختامىشخاننىڭ قوشۇنلىرى، شەرقتىن خىزىرخوجائوغلانخاننىڭ قوشۇنلىرى بىرلا ۋاقىتتا غەربىي تۈركىستانغا ھۇجۇم قىلىپ، تۆمۈربەگنى يوقىتىشنى تەكلىپ قىلدى. بۇ ئەمەلگە ئاشقان تەقدىردە ھەرئىككى دۆلەتنىڭ تۆمۈربەگدىن قۇتۇلۇشى كۆزگە كۆرۈنۈپ تۇراتتى، شۇنىڭ ئۈچۈن خىزىرخوجاخان بۇتەكلىپنى قوبۇل قىلىپ ھۇجۇم قىلىشنىڭ ۋاقتىنى بەلگىلىدى. ھىجرى789 ـ(مىلادى1387ـ) يىلى توختامىشخان غەربىي تۈركىستانغا ئىككى يولدىن ئەسكەر يوللىدى. بىرى ئارال كۆلىدىن خارەزىمگە ئۆتۈپ ئۇيەردىن توغرا بۇخاراغا، ۋە يەنە بىرى ئارال كۆلىنىڭ شىمال ۋە شەرق تەرەپلىرىدىن ئۆتۈپ، شەرقىي تۈركىستان قىسىملىرى بىلەن بىرلەشكەندىن كېيىن، تاشكەنت ۋە ئەتراپىنى ئېلىپ سەمەرقەنتكە بارماقچى ئىدى. شەرقىي تۈركىستانمۇ ئىككى قولدىن ئەسكەر ماڭغۇزدى. بۇلاردىن بىرى قەمەرىددىننىڭ باشچىلىقىدا تالاس يولى بىلەن مېڭىپ، توختامىشخاننىڭ 2 ـ قول ئەسكەرلىرى بىلەن بىرلەشمەكچى ئىدى. يەنە بىرى مەرھۇم ھاجىبەگنىڭ جىيەنى ئاڭاتۆربەگنىڭ باشچىلىقىدا قەشقەريولى بىلەن فەرغانىگە ھۇجۇم قىلماقچى ئىدى. بۇچەرياندا تۆمۈربەگ ئىراندىكى مۇزەپپەرشاھ جالايىر بىلەن ئۇرۇشۇۋاتاتتى. ئوغلى ئۆمەرشەيخ مىرزا بولسا نۇرغۇن كۈچ بىلەن ئەندىجاندا تۇراتتى. سەمەرقەنتتە ئەمىرسۇلەيمانشاھ، ئەمىرلەئل، ئەمىر ئابباس ۋەشەيخ تۆمۈر ۋە ئەمىرتاغاي بوغا بىلەن ئەمىر ئېلتمىش قوچىن نۇرغۇن كۈچ بىلەن بۇخارا دا ئىدى.

ئالدى بىلەن قەمەرىددىن بەگ تالاسنى ئىشغال قىلدى ۋە ئۇيەردىن ئىلگىرلەپ ساغناق شەھرىنىڭ يېقىنلىرىدا توختامىشخاننىڭ 2 ـ قول ئەسكەرلىرى بىلەن بىرلىشىپ، ساغناقنى ئىشغال قىلدى ۋە ئۇيەردىن يۈرۈپ ئۇچاغلاردا چوڭ بىرشەھەربولغان ساۋران (ئىسپىجاب) نى قورشاۋغا ئالدى. ئىسپىجاپتا تۆمۈرخوجا دېگەن بىرقوماندانىنىڭ باشچىلىقىدا تۆمۈربەگنىڭ نۇرغۇن ئەسكەرلىرى بار ئىدى. بۇ تاجاۋۇز خەۋەرىنى ئاڭلاپ، ئۆمەرشەيخ مىرزا ۋە سەمەرقەنتتىكى باشقا قوماندانلار پۈتۈن كۈچلىرى بىلەن يۈرۈش قىلدى ۋە تاشكەنتتە بىرلىشىپ شىمالغا ماڭدى. بۇنى ئاڭلىغان قەمەرىددىن بەگ ۋە توختامىشخاننىڭ ئەسكەرلىرى ئىسپىجاپتىكى قورشاۋنى قويۇپ جەنۇبقا ماڭدى. بۇ ئىككى دۈشمەن قوشۇنلىرى ئوترار شەھرىنىڭ شەرق شىمالىدىكى «جەۋلەك» دېگەن جايدا ئۇچرىشىپ ئۇرۇش باشلىنىپ كەتتى. ئەتتىگەندىن كەچكىچە ناھايىتى قاتتىق ئۇرۇش بولدى. كەچتە ئۆمەرشەيخ مىرزانىڭ

ئەسكەرلىرى يامان مەغلۇپ بولۇپ پاراكەندە ھالدا سەمەرقەنتكە قاچتى. بۇئارىدا ئاكاتۇربەگ فەرغانىگە ھۇجۇم قىلىپ ئېلىپ فەرغانىنىڭ مەركىزى بولغان ئەندىجان شەھىرىنى مۇھاسىرە قىلغان ئىدى. يولدا ئۆمەرشەيخ بۇخەۋەرنى ئاڭلاپ، باشقا قوماندانلارنى سەمەرقەنتكە ئەۋەتىۋېتىپ ئۆزى يالغۇز ئەندىجانغا يۈرۈدى. ئەمما، ئاكاتۇربەگ بىلەن ئۇرۇشۇپ ئېغىر ھالدا مەغلۇپ بولدى. ساق قالغان ئازغىنە ئەسكەرلىرى بىلەن قېچىپ، ئەندىجان تاغلىرىغا چىقىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن ئاكاتۇربەگ پۈتۈن فەرغانىنى ئىشغال قىلدى.

قەمەرىددىن بەگ ۋە توختامىش بەگلەر چەۋلەك ئۇرۇشىدىن كېيىن ئىسپىجاپ، ئوترار ۋە تاشكەنت ئۆلكىلىرىنى ئالدى ۋە بۇخاراغا يۈرۈش قىلدى. ئۇيەردە توختامىشخاننىڭ 1 ـ قول ئەسكەرلىرى بىلەن بىرلىشىپ، بۇخارانى مۇھاسىرە قىلدى. بۇخارا قەلئەسى بەك مۇستەھكەم بولۇپ كۆپ مىقتاردا ئەسكىرىي كۈچ بولغانلىقتىن مۇھاسىرە ئۇزۇنغا سوزۇلدى. بۇئارىدا ئالتۇن ئوردا ۋە چاغاتاي دۆلىتى قىسىملىرىنىڭ ئوزۇق ـ تۈلۈكى تۈگەپ قالدى.

تۆمۈربەگ ئىراندا بۇ ھادىسىلەرنى ئاڭلاپ دەرھال مۇزەپپەرشاھ بىلەن سۈلھى قىلىپ قويۇپ تېزلىك بىلەن غەربىي تۈركىستانغا يېقىنلاشتى. بۇخەۋەرنى ئاڭلاپ، ئالتۇن ئوردا ۋە چاغاتاي قوشۇنلىرى مۇستەھكەم بىرمەركەز ۋە يېتەرلىك ئوزۇققا ئىگەبولۇشقا ئالدىراپ سەمەرقەنتكە ھۇجۇم قىلدى. لېكىن سەمەرقەنتنىڭ ئىستىھكامى ۋە ئەسكىرىي كۈچى ئۇلارنىڭ خىيال قىلغىنىدىن كۆپ ئىدى. بىرتەرەپتىن ئاچلىق يەنە بىرتەرەپتىن تۆمۈربەگنىڭ غايەت زور بىر كۈچ بىلەن دەھشەتلىك ئىلگىرلەپ ئامۇدەريا بويىغا يېتىپ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، توختامىش خاننىڭ ئەسكەرلىرى غەربىي تۈركىستاننى بوشىتىپ خارەزىمگە قايتتى. قەمەرىددىن بەگ بىلەن ئاكاتۇربەگ يالغۇز ئۆزئالدىلىرىغا تۆمۈربەگكە تەڭ كېلەلمەسلىكلىرىنى چاغلاپ، ئۆلارمۇ ئەسكەرلىرىنى ئېلىپ مۇنتىزىم ھالدا شەرقىي تۈركىستانغا چېكىندى.

## شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمدارلىرى ئوتتۇرىسدا پىكىر ئىختىلاپى ۋە قەمەرىددىن بەگنىڭ ۋاپاتى

بۇكېيىنكى ئۇرۇشتىن كېيىن شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە تۆمۈربەگنىڭ غايەت زور دەرىجىدە دەھشەتلىك بىركۈچكە ئىگە ئىكەنلىكى ئۇچۇق مەلۇم بولدى ۋە دۆلەت كاتتىلىرى تۆمۈربەگ بىلەن دۈشمەنلىشىش شەرقىي تۈركىستاننى بەربات قىلىشقا ئېلىپ بارىدۇ، ئۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋەتنى ياخشىلاپ، دوستلۇقنى قولغاكەلتۈرۈش بىلەن يۇرتنى خەۋپلىك ئەھۋالدىن ساقلىشىمىز كېرەك دېگەن پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا باشلىدى. لېكىن، تەجرىبىلىك ۋە دانىشمەن قەمەرىددىن بەگ بۇ پىكىرلەرگە قەتئىي قارشى ئىدى. ئۇ« تۆمۈر بەگنىڭ مەقسىدى ئىستىلادۇر، ئىستىلاچىلىق ۋە

ئاچكۆزلۈكنى دوستلۇق ۋە خوشامەتچىلىك توسوپ قالالمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇنىڭغا دائىم قۇۋۋەت بىلەن تاقابىل تۇرۇش بىلەن ئاداققىچە كۈرەش قىلىش يۇرت ۋە خەلقنىڭ تىنچ - ئامانلىقىنى ساقلاشنىڭ بىردىن بىرچارىسىدۇر» دەيتتى. ئەمما، ئۇنىڭ پىكرىگە قارشى تۇرغۇچىلارمۇ كۆپتى ۋە خەلق ئۇزۇنغا سوزۇلغان ئۇرۇشلاردىن زېرىكىپ تىنچلىق ۋە سۈلھى قىلىش تەرەپتارى ئىدى. شۇنىڭ بىلەن قەمەرىددىن بەگنىڭ نەسىھەتىنى تىڭشايدىغانلار بارغانسىرى ئاز قالغانىدى.

قەمەرىددىن بەگ ھىجرى 790- (مىلادى1388-) يىلى ئىستىسقا كېسىلىگەگىرىپتاربولۇپ ۋاپات بولدى. ئۇنىڭ يۇرتىنى خىزىرخوجا ئوغلانخان تەقسىم قىلىپ خوتەن، يەركەن، قەشقەر ۋە ئۈچ ۋىلايەتلىرىنى بەگلەر بېگى خۇدادادىخانغا بەردى. ئىسسىقكۆل ئەتراپىنى قەمەرىددىن خاننىڭ ئوغلى جاھانشاھ مىرزاغا بەردى. ستانلىنپول خىزىرخوجا ئوغلانخاننى ھىجرى 791 - يىلى خان بولغان دەپ يازىدۇ. مېنىڭچە بۇ توغرا ئەمەس.

## تۆمۈربەگنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا تاجاۋۇزى

يۇقىرىقى ھادىسىلەردىن كېيىن تۆمۈربەگ توختامىشخان بىلەن ئىككى يىل داۋام قىلغان ئۇرۇشلاردىن كېيىن ئۇنى مەغلۇپ قىلىپ، خارەزىمدىن ھەيدەپ چىقاردى ۋە ئۇنىڭ قايتارما ھۇجۇم قىلىشىدىن خاتىرجەم بولدى. ئۇندىن كېيىن شەرقىي تۈركىستان خەلقىدىن ئىنتىقام ئېلىش ئۈچۈن، ھىجرى 791-(مىلادى 1388-) يىلى تۆمۈربەگ پۈتۈن كۈچى بىلەن شەرقىي تۈركىستانغا يۈرۈش قىلدى. خىزىرخوجائوغلانخانمۇ كۈچىنى توپلاپ ئالمىلىقتىن يولغاچىقتى. بۇ ئىككى قوشۇن ئىسسىقكۆل يېقىنلىرىدا ئۇچرىشىپ قاتتىق ئۇرۇش بولدى ۋە نەتىجىدە خىزىرخوجاخان مەغلۇپ بولۇپ ئالمىلىققا چېكىندى. تۆمۈربەگ ئارقىسىدىن قوغلاپ كېلىپ، ئالمىلىق ئەتراپىدا ئۇرۇشتى.خىزىرخوجاخان يەنە مەغلۇپ بولۇپ، ئالمىلىقنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى يۇلدۇز ياپلاقلىرىغا قاراپ قاچتى. تۆمۈربەگ ئالمىلىق شەھەرىگە ئوت قويۇپ ۋەيران قىلغاندىن كېيىن يۇلدۇزغا ماڭدى. خىزىرخوجاخان ئۇيەردىمۇ مەغلۇپ بولدى ۋە تەگرىتاغلىرىنى ئېشىپ، كۇچاغا كەلدى. تۆمۈربەگ يولدۇزدا بىرقانچە كۈن تۇرۇپ ئارقىسىغا قايتتى ۋە ئىلىدىن تارتىپ تاكى سىردەرياسىغىچە بولغان جايلاردا بىرمۇ شەھەر ياكى ئاۋات يەرنى ساق قويماي كۆيدۈرۈپ، يېقىپ ۋەيران قىلىپ تاشلىدى. خەلق پەرىشان ھالدا ھەرتەرەپكە قاچتى. سەمەرقەنتكە كېلىپ، ئوغلى ئۆمەرشەيخ مىرزانى بىرقىسىم ئەسكەرلىرى بىلەن قاراقول (ھازىرقى تورۇغ ئارت[72]) يولى بىلەن قەشقەرگە يوللىدى. قەشقەر ۋالىيسى كويلۇك بەگ قاتتىق تۇرۇپ، مۇداپىئە قىلغان بولسىمۇ ئاخىرى مەغلۇپ بولدى. ئۆمەرشەيخ مىرزا قەشقەرنى ئىشغال

[72] تورۇغ ئارت، يەنى، تورغات (ن. ش. ھ.).

قىلغاندىن كېيىن شەھەرگە ئوت قويۇپ تامامەن كۆيدۈرۈپ ۋەيران قىلىۋېتىپ ئەنجانغا قايتىپ كەتتى. بۇ ھۇجۇملاردىن كېيىن تۆمۈربەگ يەنە بىرقانچە ھۇجۇم بىلەن شەرقىي تۈركىستاننى ئاسانلا قولغا چۈشۈرەلىشى مۇمكىن بولۇپ قالغانىدى. تۆمۈربەگمۇ يۇلدۇز ئۇرۇشىدىن كېيىنلا ئالتى شەھەرگە ھۇجۇم قىلىشنى پىلانلىغان. لېكىن، يولدۇزدا توختامىشخاننىڭ ئەسكەر يىغىۋاتقان خەۋىرى كېلىپ قالدى . بۇنداق ۋەزىيەتتە مەركەزدە ئۇرۇشنى لازىم دەپ ئويلاپ تۆمۈر بەگ ناھايىتى تېزلىك بىلەن قايتىپ، سەمەرقەنتكە بېرىپلا دەرھال توختامىشخان بىلەن ئۇرۇشقا كىرىشىپ كەتتى. بۇ ئۇزۇرۇشلار نەتىجىسىدە شەرقىي تۈركىستان چاغاتاي دۆلىتىنىڭ ئۈزۈنغىچە تۆمۈربەگنىڭ چېگرالىرىغا ھۇجۇم قىلالىغۇدەك كۈچى قالمىدى.

## خىزىرخوجاخاننىڭ ئىجرا قىلغان ئىشلىرى

يۇقىرىقى مەغلۇبىيەتلەردىن كېيىن خىزىرخوجا ئوغلان خان ھازىرچە ئالمىلىقنى ياكى شىمالدىكى باشقا بىرجايىنى پايتەخت قىلىش شەرقىي تۈركىستاننىڭ خەۋپسىزلىكى ئۈچۈن خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى چۈشەنگەنىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەربىي جەھەتتە يەرلىشىشى ئۇيغۇن ۋە مۇستەھكەم «شەرقىي تۈركىستاننىڭ تۆت تام ئارىسىدىكى» شەھىرى چالىش، يەنى، قاراشەھەرنى پايتەخت قىلىپ يەرلەشتى. پۈتۈن يۇرتنىڭ ئىدارى تەشكىلاتىنى باشقىدىن تەشكىللەپ چىقتى. مەسىلەن:

ئالتى شەھەرنى بەگلەربېگى خۇدادادىخاننىڭ باشقۇرىشىغا بەردى، قەشقەردە بېتەرلىك مىقتاردا ئەسكىرىي قۇۋۋەت تۇرغۇزۇپ، دۇغلات خانىدانىدىن بىرىنى قوماندان قىلىپ تەيىنلىدى، ئىسسىقكۆلنىڭ جەنۇبىدا فەرغانە چېگراسىدا ئەمىرجاھانشاھ دۇغلاتنى يېتەرلىك ئەسكەرىي كۈچ بىلەن تەيىنلىدى ۋە ئىسسىقكۆلنىڭ شىمالى، يەنى، كۆكچە دېڭىزى (بالقاش كۆلى) ۋە چۇدەريا بىلەن ئىلى دەرياسى ئارىسىدىكى ساھەگە ئاتاتۇربەگنى ئەڭ قۇۋۋەتلىك ئەسكەرلىرى بىلەن يەرلەشتۇردى.

قەشقەردىن تارتىپ بالقاش كۆلىگىچە سوزۇلغان شەرقىي تۈركىستان چېگرىسىدىكى يۇقىرىقى ئەسكىرىي پائالىيەتلەر تۆمۈربەگنىڭ دىققەت ئېتىۋارىنى قوزغىماي قالمىدى. بولۇپمۇ ئاتاتۇر بەگنىڭ قۇۋۋەتلىرىدىن بەك ئەندىشە قىلماقتا ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، تۆمۈربەگ توختامىش بەگ بىلەن بولغان ئۇرۇشتىن قايتىپ كېلىپلا ھىجرى 792-(مىلادى1390 -) يىلى ئەمىرسۇلەيمانشاھ ۋە خۇدادھۇسەيىن قوماندانلىقىدا 20000 كىشىلىك بىرقوشۇننى ئاتاتۇربەگ تۇرغان سەپكە ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتتى. ئاتاتۇربەگ سوقاشماقتىن ئېھتىيات قىلىپ، چېگرىدىن ئارقىغا چېكىنىپ، بالقاش كۆلىنىڭ جەنۇبىدىكى قاراتالغا بېرىپ توختىدى. تۆمۈربەگنىڭ ئەسكەرلىرىمۇ قاراتال چېگرىسىغىچە بېرىپ، قايتىپ كەلدى. تۆمۈربەگ بۇتاجاۋۇزنىڭ نەتىجىسىدىن شەرقىي تۈركىستان چاغاتاي دۆلىتىنىڭ غەربىي تۈركىستانغا تاجاۋۇز قىلالىغۇدەك كۈچى يوقكەن دېگەن خۇلاسىغا كەلدى.

ئۇندىن كېيىن تۆمۈربەگ ئالتۇن ئوردا، ئىراق، ھىندىستان، شام ۋە ئانادولۇ(تۈركىيە) قاتارلىق دۆلەتلەردىكى پەتھلىرى بىلەن مەشغۇل بولدى ۋە شەرقىي تۈركىستانغا تاجاۋۇز قىلمىدى. بۇ ئارىدا 13 يىللىق زامان تىنچلىق بىردەۋر ئىچىدە ئۆتتى. بۇ مەزگىلدە سۈلھى ياكى ئەھدىنامە ئىمزالانغانمۇ؟ بۇنى بىلمەيمىز. لېكىن، بىرقانچە قېتىم ئەلچىلەرنىڭ بېرىپ ـ كېلىپ تۇرغانلىقى ۋە ئۆز ئارا ھۆرمەت بىلەن مۇئامىلە قىلىشقانلىقلىرى مەلۇم.

بۇ تىنچلىق دەۋرى ئىچىدە خىزىرخوجا ئوغلانخان ۋە باشقا دۆلەت كاتتىلىرى بىكار تۇرماي يۇرتنىڭ ئىسلاھات ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللاندى. تۆمۈر بەگنىڭ يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئۇرۇشلارجەريانىدا ۋەيران قىلىۋەتكەن شەھەرلەرنىڭ تۆلىسىنى يېڭىدىن ئاۋات قىلدى، ئەسكىرىي كۆچنى يەنە ۋۇجۇدقا كەلتۈردى. ئۇيغۇرلارتېخىچە ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلماي بۇددا دىنىدا چىڭ تۇرماقتا ئىدى. ئىلياس خوجا ئوغلان خان شېھىت بولغاندىن كېيىنكى پاراكەندىچىلىكتىن پايدىلانغان ئىدىقۇت تولۇق مۇستەقىل بولۇۋالغانىدى. ھىجرى 795ـ (مىلادى1393ـ) يىلى خىزىرخوجاخان ئالدى بىلەن ئۇيغۇرئىدىقۇتلۇقى ئۈستىگەبىرقانچە غازات يۈرۈشلىرى ئېلىپ باردى ۋە ئاخىرى ئىدىقۇتنى ئۆلتۈردى. ھىجرى 800 ـ يىلى ئەتراپىدا پۈتۈن ئۇيغۇرلارخالار ـ خالىماس مۇسۇلمان بولدى. قەدىمدىن تارتىپ، بىرئۇيغۇرئۆلكىسى بولۇپ كەلگەن، ھىجرى 773 ـ(مىلادى 1371ـ) يىلدىن باشلاپ چىن ئىستىلاسى ئاستىدا قالغان قۇمۇل ۋە بارىكۆلگە ھىجرى 800 ـ (مىلادى 1398 ـ) يىلى ئەسكەر ئەۋەتىپ ئۇ جايلاردىكى چىن ئەسكەرلىرىنى قوغلاپ چىقاردى. خىزىرخوجاخان بۇجايلارنى ئالغاندىن كېيىن بۇ ئۆلكىلەرنى «تۇرپان» يەنى، موغۇلچە «مۇەللك باغ» دەپ نام بەردى. ھازىرقى تۇرپان شەھىرىنى بىنا قىلىپ، ئۆلكىنىڭ مەركىزى قىلدى. خىزىرخوجاخان تۇرپاننى ئالاھىدە ئىمتىيازلىق ۋىلايەت قىلىپ خانلىق خانىدانىدىن بىرشاھزادىنى ئۇيەرگە ۋالىي تەيىن قىلىش ئەنئەنىسى قالماق ئىستىلاسىغىچە داۋام قىلدى.

ھىجرى 799 ـ (مىلادى 1397ـ) يىلى تۆمۈربەگ، غىياسىددىن تەرخان باشچىلىقىدا بىر ئەلچى ھەيئىتىنى شاھانە سوغاسالاملار بىلەن خىزىرخوجاخاننىڭ ھۇزۇرىغا ئەۋەتىپ، نەۋرىسى ئىسكەندەرمىرزا(تۆمەرشەيخ مىرزانىڭ ئوغلى) غا خاننىڭ قىزى تەكىل خانىم ئۈچۈن سۆز ئاچتى، خان بۇنى قوبۇل قىلىپ، ھەشەمەتلىك بىرتوي مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپ تەكىل خانىمنى سەمەرقەنتكە ئۇزاتتى. بۇ تويدىكى دەبدەبىلىك مۇراسىم ۋە زىياپەت «تارىخ رەشىدى» ۋە «رەۋزۇتۇسسەفا» دا ئۇزۇن بايانلار بىلەن زىكىرقىلىنىدۇ. تۆمۈربەگ تەكىل خانىمنى ئۆزى ئالدىغا چىقىپ، چوڭ بىرقارشى ئېلىش مۇراسىمى بىلەن كۈتۈۋالغان ۋە تەنتەنىلىك توي مۇراسىمى بىلەن نىكاھ تويىنى قىلغان. ھىجرى 800 ـ يىلى خىزىرخوجاخان، تۆمۈربەگكە ئەلچى ئەۋەتىپ، دوستلۇق ۋە ئۆز ئارا تاجاۋۇزقىلىشماسلىق ئەھدىنامىسى ئىمزالاشقا دەۋەت قىلغاندا تۆمۈربەگ بۇنىڭغا ئوچۇق جاۋاب بەرمىگەن. شۇنىڭدىن

باشلاپ، ھەر ئىككى دۆلەت ئۆزچېگرالىرىنى چىڭ ساقلايدىغان بولدى. شەرقىي تۈركستان چېگراسىنى ئاگاتۆربەگ قوۋۋەتلىك ئەسكىرىي كۈچ بىلەن مۇھاپىزەت قىلاتتى، غەربىي تۈركستان چېگراسىنى تۆمۈربەگنىڭ نەۋرىسى مەھەممەد مىرزا(جاھانگىرمىرزانىڭ ئوغلى) ساقلايتتى.

## تۆمۈربەگنىڭ ئۆلۈمى

تۆمۈربەگ ھىجرى 807 ـ (مىلادى 1404ـ) يىلى ئانادولۇنى پەتھى قىلىپ، سەمەرقەندتكە قايتىپ كەلدى. پەقەت 3 ئايلا دەم ئېلىپ، ئەندى شەرق دۇنياسىنى پەتھى قىلماقچى بولۇپ 200,000 ئەسكىرى بىلەن يولغا چىقتى. يول ئۈستىدە سوغاقتىن ناھايىتى نۇرغۇن ئادەم ۋە ئات ـ ئۇلاغ زايا بولدى. بۇلارغا قارىماستىن يۈرۈپ، سىردەرىيادىن مۇز ئۈستىدىن ئۆتۈپ ئوترارشەھىرىگەكەلدى. ئوترارنىڭ شەرق تەرەپىدە قاتتىق قاردا قىلىپ، يول مېڭىش مۇمكىن بولماي ئوترداردا ئەرتە يازغىچە تۇرۇشقا مەجبۇر بولدى. تۆمۈربەگنىڭ بۇ يۈرۈشتىكى پىلانى مۇنداق ئىدى: تۆمۈربەگ ئۆزى200,000 ئەسكىرى بىلەن چىڭگىزخاننىڭ يۈرۈش يولى بولغان يەتتەسۇ ۋە ئالتاي يولى بىلەن موغۇلستانغا ئۆتۈپ، ئۇ يەردىن چىنگە يۈرۈش، نەۋرىسى ئۇلۇغبەگ مىرزا شەرقىي تۈركستاننىڭ شەرقىي شىمال يەنى ئىسسىقكۆل ئەتراپى، ئىلى، بەشبالىق ۋە تۇرپان ئۆلكىلىرىنى چىن چېگراسىغىچە ئىشغال قىلىش ۋە يەنەبىر نەۋرىسى ئىبراھىم مىرزا ئالتى شەھەر ۋە چالىش ئۆلكىلىرىنى ئىشغال قىلىش.

خىزىرخوجاخاننىڭ بۇنىڭغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن قانداق چارە ـ تەدبىر كۆرگەنلىكى توغرىسىدا، ئەپسۇسكى مەلۇماتىمىز يوق. لېكىن، خۇدانىڭ قاھىر ئىرادىسى بۇچوڭ پىلاننى پۈتۈنلەي بەربات قىلدى. تۆمۈربەگ ئوترار شەھىرىدە ھىجرى 807 ـ يىلى شابان ئايىنىڭ 17 ـ كۈنى (مىلادى 1408 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى) ۋاپات بولدى. ئەۋلادلىرى ئوتتۇرىسىدا سەلتەنەت تالىشىپ، قانلىق ئۇرۇشلار باشلىنىپ كەتتى ۋە بۇقىرىدىكى سانسىز ئەسكىرىي كۈچنىڭ ھەممىسى پاراكەندە بولۇپ توزۇپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن 35 يىلدىن بېرى ھەردائىم تۆمۈر بەگنىڭ تەھدىتى ئاستىدا ياشىغان شەرقىي تۈركستان خەلقى راھەت بىرنەپەس ئالدى.

## خىزىرخوجائوغلانخاننىڭ ۋاپاتى

خىزىرخوجا ئوغلانخان ھىجرى810ـ (مىلادى1408ـ) يىلى ۋاپات بولۇپ ئورنىغا چوڭ ئوغلى مەھەممەدخان تەختكە چىقتى. مەھەممەدخان ئەسكىرىي قوۋۋەتنى كۈچەيتىپ شەرقىي تۈركستاننى ھەرقانداق دۈشمەنگە قارشى ئۆزىنى مۇداپىئە قىلالىغۇدەك دەرىجىگە يەتكۈزدى. خان يازكۈنلىرى تەڭرىتاغلىرىدىن ئۆتۈپ ئارتباشتا يازلايتتى. ئارتباشنى ياخشى ئاۋات قىلىپ يېتەرلىك ئەسكەر تۇرغۇزۇپ، ئۇيەرنى ئىككىنچى پايتەخت قىلدى. مەھەممەدخاننىڭ زامانىسدا تۆمۈربەگنىڭ ئوغلى

شاھرۇخ مىرزا غەربىي تۈركىستان، ئافغانىستان ۋە ئىرانىنىڭ بىرقىسمىنىڭ پادىشاسى ئىدى. چېگرىدا مەھەممەدخانغا قارشى ئوغلى ئۇلۇغبەگ مىرزانىڭ قوماندانلىقىدا كۈچلۈك بىرئەسكىرىي قىسمى بارئىدى. مەھەممەدخان بىلەن شاھرۇخنىڭ ئارىسى ياخشى ئەمەستى. مەھەممەدخان ھەردائىم مەملىكىتىنى كېڭەيتىپ سىردەريانىڭ شەرقىدىكى تاشكەنت، ئوترار ۋە تالاس ۋىلايەتلىرىنى تۆمۈربەگنىڭ ئەۋلادلىرىدىن تارتىۋېلىشنىڭ كويىدا ئىدى. ھەتتا بۇمەقسىدىگە يېتىش ئۈچۈن، سىياسىي كۆشكۈرتمىچىلىك قىلىشتىنمۇ يانمايتتى. بۇخىل پائالىيەتلىرى نەتىجىسىدە ھىجرى 811- يىلى ئوترار ۋالىيسى ئەمىرشەيخ نۇرىددىن شىددەتلىك بىرئىسيان چىقاردى، مەھەممەدخان ئۇنىڭغا ياردەم قىلىش ئۈچۈن ئىنىسى شەمئى جاھاننى نۇرغۇن ئەسكەربىلەن ئوترارغا يوللىدى. لېكىن شەمئى جاھان ئوترارغا يېتىپ كەلگۈچە شاھرۇخ مىرزا بۇئىسيانىنى تولۇق باستۇرۇپ بولغانىدى. شەمئى جاھان تالاس يېقىنلىرىدىنلا قايتىپ كەلدى. مەھەممەدخان بۇ پائالىيەتلىرى بىلەن تالاس ئۆلكىسىنى ئۇرۇشماستىنلا شەرقىي تۈركىستانغا قوشۇۋالدى. خان شەرقىي تۈركىستاننى ھەرساھەدە تەرەققى قىلدۇردى، ئالتى شەھەردە نۇرغۇن مەدرەسە ۋە جامە بىنا قىلدى. قاغىلىق شەھرىدىكى يېشىل مەدرەسە بۇگۈنمۇ مەھەممەدخاننىڭ نامى بىلەن ئاتىلىپ، ساقلىنىپ كەلمەكتە. مەھەممەد خان ھىجرى 818 -(مىلادى 1415-) يىلى ۋاپات بولدى.

## شەمئى جاھانخاننىڭ خان بولغانلىقى

مەھەممەدخاننىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئىنىسى شەمئى جاھانخان خانلىق تەختىگە چىقتى. بۇكىشى ئىچكى سىياسەت جەھەتتە ئىسلاھات ۋە مەركەزىيەتچىلىكنى كۈچلەندۈرۈشنى ئاساس قىلىپ، يۇرتتىكى شاھزادىلارنىڭ، بەرلىك بەگ ۋە ۋالىلارنىڭ ھەددىدىن ئارتۇق تۆپۈزلىرىنى يوقىتىش ئۈچۈن ئىرىشتى. نەتىجىدە، پەۋقۇلئاددە تۆپۈز ۋە قۇۋۋەتكە ئىگە بولغان بەگلەر بېگى خۇدادادىخان، چەكلىك ھوقۇققا ئىگە بىرۋالىي دەرىجىسىگە چۈشۈپ قالدى. مەرھۇم مەھەممەدخاننىڭ شاھزادىلىرىمۇ پۈتۈنلەي شەمئى جاھانخاننىڭ ئەمرى ئاستىدا بولۇپ قالدى. بۇ سىياسەت ئۈزۈندىن بېرى يۇرتتا مۇستەبىدلىك ۋە ئالاھىدە تۆپۈزغا ئىگە بولۇپ كەلگەن شاھزادە ۋە بەگلەرگە ئېغىر كەلدى. ئاخىرى ھىجرى 821 - (مىلادى 1418-) يىلى مەھەممەدخاننىڭ نەۋرىسى ئۇۋەيس ئوغلان(شىرئەلى ئوغلاننىڭ ئوغلى) ۋە خۇدادادىخانلار بىرلىشىپ، مەھەممەدخانغا قارشى ئىسيان چىقاردى. نەتىجىدە شەمئى جاھانخان ئۆلتۈرۈلدى.

شەمئى جاھان خان ھايات چېغىدا چوڭ ئوغلى نەقشى جاھانخاننى تۇرپانغا ۋالىي قىلىپ چالىش (قاراشەھەر) نىمۇ تۇرپانغا قوشۇپ بەرگەنىدى. بۇنىڭ ۋالىي بولغان ۋە ۋاپات بولغان يىللىرى ئېنىق ئەمەس. پروفېسۇر بارتولد نەقشى جاھانخاننىمۇ چوڭ خانلارقاتارىدا كۆرسەتكەن. لېكىن، ھەقىقەتتە

شەمشى جاھانخان شېھىت بولغاندىن كېيىن، تۇرپان ۋە قاراشەھەر ۋىلايەتلىرىنى نەقشى جاھان قولىدىن بەرمەي چىڭ تۇتۇپ، ئۇ مەنتىقىدە مۇستەقىللىق ئېلان قىلغان، ئۆز ئىسمىدا پۇل باستۇرۇپ «خان» ئۇنۋانى بىلەن يارلىق تارقاتقان. بارتولىد بۇ پۇل ۋە ۋەسىقىلەرگە قاراپ نەقشىجاھانخاننى خان دەپ گۇمان قىلغان بولۇشى مۇمكىن.

## شىرمەھەممەد خاننىڭ خان بولغانلىقى

شەمشى جاھان خان شېھىت بولغاندىن كېيىن ئوغلى شىرمەھەممەدخان ئۇۋەيس ئوغلان بىلەن قاتتىق ئۇرۇشقا كىرىشتى. ئۈچ يىل داۋام قىلغان بۇ ئۇرۇش نەتىجىسىدە ئۇۋەيس ئوغلان قەتئىي مەغلۇپ بولۇپ، ھىجرى 823 ـ يىلى مەھەممەد خان تەختكە چىقتى. شەرقىي تۈركىستاندىكى بۇ قالايمىقانچىلىقتىن پايدىلانغان ئۇلۇغبەگ مىرزا چېگراغا يېقىن بولغان تالاس ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىن بىرقىسىم جايلارنى ئىشغال قىلغاندى. شىرمەھەممەدخان تەختكە چىققان ھامان بەگلەر بېگى خۇدادادىخان دۇغلات ۋە سەدرىئىسلاملارنىڭ باشچىلىقىدا چېگرىغا ئەسكەر ئەۋەتىپ، ئۇلۇغبەگنىڭ ئەسكەرلىرىنى چېكىندۇرۇپ بىرقىسىم جايلارنى قايتۇرۇۋالدى.

ھىجرى 824 ـ (مىلادى 1421ـ) يىلى ئۇلۇغبەگ مىرزا نۇرغۇن ئەسكەربىلەن شەرقى تۈركىستانغا يۈرۈش قىلىپ، سىردەيادىن ئۆتتى. شىرمەھەممەدخانمۇ پۈتۈن كۈچىنى سەپەرۋەر قىلىپ، چېگراغا كەلدى ۋە ئۇلۇغبەگنىڭ ئەسكەرگاھىنىڭ ئوتتۇرىسىغا كېلىپ، توختاپ ئۇلوغبەگكە سۈلھى قىلىش ئۈچۈن ئەلچى ئەۋەتتى. ئۇلۇغبەگ بۇنى قوبۇل قىلىپ سۈلھى شەرتلىرىنى بىۋاستە شىرمەھەممەد خان بىلەن كۆرۈشۈپ مۇزاكىرە قىلىشنى تەلەپ قىلدى. شىرمەھەممەدخان سەدرىئىسلامنى بىرگە ئېلىپ ئۇلۇغبەگنىڭ ئەسكەرگاھىغا كەلدى. ئۇلۇغبەگ بۇلارنى ناھايىتى ئېھتىرام ۋە دەبدەبە بىلەن قارشى ئېلىپ مۇزاكىرە باشلاندى. مۇزاكىرە تۈگۈمىگەنلىكتىن شىرمەھەممەدخاننىڭ ئۇيەردە قونۇپ قىلىشقا توغراكەلدى. لېكىن، كېچىسى بىرسۇيىقەست قىلىنىشىدىن ئەندىشەقىلغان شىرمەھەممەدخان بىرباھانا بىلەن ئۆز ئەسكەرگاھىغا قايتىپ كەلدى ۋە ئۇرۇشقا تەييارلاندى. ئەرتىسى ئۇلۇغبەگ مىرزا ئۆززرە ئېيتىپ شىرمەھەممەد خانغا ئەلچى ئەۋەتتى، سۈلھى قىلىشقا دەۋەت قىلدى. ئاخىرى ھەرئىككى تەرەپ بىر ـ بىرىنىڭ چېگراسىغا تاجاۋۇز قىلماسلىق ئەھدىنامىسىنى ئىمزالىدى ۋە ئەسكەرلىرىنى ئېلىپ ئۆز مەملىكەتلىرىگە قايتتى.

## شىرمەھەممەدخان ۋە ئۇلۇغبەگ مىرزا ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇش

شىرمەھەممەدخان بىلەن ئۇلۇغبەگ مىرزا كېلىشىمگە تەخمىنەن ئۈچ يىل ئەمەل قىلىشقان بولسىمۇ تۆۋەندىكى ۋەقەنىڭ يۈز بېرىشى بىلەن بۇ كېلىشىم بۇزۇلدى
ئۇلۇغبەگنىڭ چوڭ قوماندانلىرىدىن ئەلى تەكرىتىنىڭ ئوغلى ئۇلۇغبەگدىن يۈزئۆرۈپ، شىرمەھەممەدخاننىڭ قېشىغا قېچىپ پاناھ تىلىدى. ئۇلۇغبەگ مىرزا بۇئادەمنى قايتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلىپ ئارسلان بەگ ئىسىملىك بىرسىنى ئەلچى قىلىپ ئەۋەتتى، شىرمەھەممەدخان بۇتەلەپنى قوبۇل قىلمىدى ۋە ئەلچىنى قامىدى. ئۇلۇغبەگ ئىككىنچى قېتىم يەنەبىر كىشىنى ئەلچى قىلىپ، قاچقان قوماندان ۋە قامالغان ئەلچىسى قايتۇرۇلمىغان تەقدىردە ئۇرۇش باشلايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. خان، ئەرتىيازدا جاۋاپ بېرەي دەپ، ئەلچىنى قايتۇردى. ئۇلۇغبەگ بۇجاۋاپنى ئالغان ھامان تەھدىت قىلىپ سەمەرقەنتتىن سىردەريابويىغا ۋە ئەنجانغا نۆرغۇن ئەسكەر يىغدى. شىرمەھەممەدخان بۇنىڭغا قارشى ئىسسىقكۆلنىڭ غەربىگە ئىنىسى خىزىرخوجا ئوغلان، ئەمىرشاھجاھانشاھ، بەگلەربېگى خۇدادادىخان، سەدرىئىسلام ۋە مەلىكىل ئىسلام قاتارلىق قوماندانلىرى باشچىلىقىدا ئارقا ـ ئارقىدىن ئەسكەر ئەۋەتتى. ئۇلۇغبەگ مىرزا بۇنىڭغا قارىتا پۈتۈن كۈچى بىلەن تاشكەنتكە يۈرۈش قىلدى. دادىسى شاھرۇخ مىرزا ئۇلۇغبەگنى ئۇرۇشتىن توسوپ تەكرار ـ تەكرار يارلىق نامە ئەۋەتسىمۇ قۇلاق سالماستىن يۈرۈشنى داۋام قىلىپ، ھىجرى 828 ـ يىلى رەبىئۇئەۋۋەلنىڭ 27 ـ كۈنى تاشكەنتكە كەلدى. شىرمەھەممەدخانمۇ ئالمىلىقتىن يۈرۈش قىلىپ ئىسسىقكۆلنىڭ غەرب جەنۇبىدىكى ئارتېيشى دېگەن يەرنىڭ شىمالىدىكى «تېكەسەكرر» دەرياسى (سىردەريا نىڭ بېشى) بويىدا كېش يايلاقنى ھەربىي بازا قىلىپ يەرلەشتى. ئەمىرجاھانشاھنى تالاس ۋە ئىسسىقكۆل ئوتتۇرىسىغا، سەدرىئىسلام ۋە مەلىكۇل ئىسلامنى تالاسنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى ئورتاكۆل بويىغا يەرلەشتۇرۇپ، ئۇلۇغبەگ مىرزانىڭ ھۇجۇمىغا قارشى مەستەھكەم فرونتلەر تەشكىل قىلدى. ئۇلۇغبەگ تاشكەنتتىن يۈرۈپ، تالاس چېگرىسىغا كەلگەندە ئەمىرجاھانشاھ يېتىپ كەلدى ۋە شىددەتلىك ئۇرۇش باشلاندى. ھەرئىككى تەرەپتىن مىڭلارچە كىشى چىقىم بولغاندىن كېيىن ئەمىرجاھانشاھ ئەسكەرلىرىنى جەنۇبقا چېكىندۈرۈپ، تالاس تاغلىرىغا ئورۇنلاشتى. ئۇلۇغبەگ جاھانشاھنى قېچىپ خىزىرخوجائوغلان ۋە خۇدادادىخانلار بىلەن بىرلەشتى دەپ خىيال قىلىپ، بىرقىسىم ئەسكەرلىرىنى ئالدىدا ماڭغۇزۇپ ئۆزى ئاساسى قىسىم بىلەن ئارقىدىن ماڭدى. ئالدىدا ماڭغان ئەسكەرلەرخەۋەرسىز ياتقان خىزىرخوجا ئوغلاننىڭ ئەسكەرگاھىغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلدى. شىددەتلىك ئۇرۇشتىن كېيىن خىزىرخوجائوغلان ئەسىرئېلىندى ۋە دەرھال سەمەرقەنتكە ئەۋەتىلدى. ئۇندىن كېيىن ئۇلۇغبەگ پۈتۈن قىسىملىرى بىلەن بىرلىشىپ، ئېرىقسۇ(ھازىرقى ئاقسۇ) يولى

بىلەن شەرققە ئىلگىرلەپ خۇدادادىخان بىلەن ئۇرۇشماقچى بولدى. چۇ دەريا بويىدا خۇدادادىخاننىڭ بوكتۇرمىدا ياتقان ئەسكەرلىرىنىڭ تۇيۇقسىز زەربىسىگە ئۇچراپ ئېغىر چىقىم تارتتى. ئۇلۇغبەگ ئۇيەردىن مېگىپ قوش بولاققاكەلدى. بۇيەر خۇدادادىخاننىڭ ئەسكەرگاھىغا يېقىن ئىدى. ئۇلۇغبەگ بۇيەردە خۇدادادخاننى ئارىغا ئېلىۋېلىشقا مۇۋەپپەق بولدى، قاتتىق ئۇرۇشلاردىن كېيىن تەسلىم بولدى ۋە سەمەرقەنتكە ئەۋەتىلدى. لېكىن، شىرمەھەممەدخان ئۆزىنىڭ مانېۋىرلىرىنى ئۇلۇغبەگنىڭ چارلاش قىسىملىرىدىن مۇۋەپپەقىيەتلىك بىلەن ساقلاپ قالالغاندى. چۈنكى، چارلاش قىسىم كېلىپ ئەھۋالنى ئۇلۇغبەگكە مەلۇم قىلىپ تېخى سۆزى تۈگىمەي تۇرۇپلا شىرمەھەممەدخاننىڭ ئەسكەرلىرى بېسىپ كېلىپ، ئۇلۇغبەگنىڭ ئەسكەرلىرىگە پۇرسەت بەرمەي يېرىم ھالقا شەكلىدە ئارىغا ئېلىۋالدى. ئۇلۇغبەگ بىر كېچە ـ كۈندۈز قورشاۋدا قېلىپ كۆپلىگەن ئەسكەرلىرى قىرىلىپ كەتتى. ئاخىرى ئۇلۇغبەگ ئۈمىتسىز بىر قىلىچۋازلىق ئۇرۇشى بىلەن قورشاۋنى يېرىپ چىقىپ قېچىشقا مۇۋەپپەق بولدى. ئەمما، ئەمىرجاھانشاھنىڭ ئۇنىڭ قېچىش يوللىرىنىڭ ھەممىسىنى توسقانلىقى مەلۇم بولدى. ئۇلۇغبەگ ناھايىتى ھودۇقۇپ كەتتى ۋە ھېچ نەرسىگە قارىماي ئارقىسىغا قېچىشتىن باشقا چارە تاپالمىدى، دەرھال ئارقىسىغا يېنىپ ئەسكەرلىرىنى ئۇچكەبۆلۈپ ئۈچ يول بىلەن تاشكەنت تەرەپكە قاراپ ئېھتىيات ۋە تېزلىك بىلەن چېكىندى. يولدا ئەمىر جاھانشاھ ئۇلۇغبەگنىڭ شىمال يولدىكى ئەسكەرلىرىگە ھۇجۇم قىلىپ بۇلارنىڭ ھەممىسىنى قىلىچتىن ئۆتكەزدى. بۇلاردىن يالغۇز مەھەممەد بارلاس ۋە ئىسكەندەربەگ دېگەن ئىككى قوماندانى ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ ئۇلۇغبەگنىڭ قېشىغا قېچىپ بارالىدى. قىسقىسى، ئۇلۇغبەگنىڭ ئاساسى قىسىملىرىنىڭ ھەممىسى تۈگەپ، دەھشەتلىك مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ، ھىجرى 868 ـ يىلى شابان ئېيىنىڭ 10 ـ كۈنى (مىلادى 1463ـ يىلى7ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى) ئاران سەمەرقەنتكە يېتىۋالدى.

ئۇلۇغبەگنىڭ بۇ پائالىيەتلىرىدىن دادىسى شاھرۇخ مىرزانىڭ مەنتى قىلغانلىقىنى يۇقىرىدا بايان قىلغان ئىدىم. ئەمدى ئۇنىڭ بۇ ھەرىكەتلىرى ئېغىرمەغلۇبىيەت بىلەن ئاياغلاشقانلىقىدىن دادىسى ناھايىتى غەزەپلىنىپ، ئۇنى جازالاپ پايتەخت (ھىرات) تىن سەمەرقەنتكە سۈرگۈن قىلدى. كېيىنچە پۈتۈن كورگان جەمەتىنىڭ ئۇلۇغبەگنىڭ گۇناھىدىن ئۆتۈشى بىلەن دادىسى ئۇنى ئەپۇ قىلدى. ئۇلۇغبەگ ئەسىرقىلىپ ئەۋەتكەن خىزىرخوجا ئوغلان ۋە خۇدادادىخاننى كۆپ ئېھتىرام بىلەن ئازات قىلىپ قايتۇردى. خىزىرخوجائوغلان شەرقىي تۈركىستانغا قايتىپ كەلدى، خۇدادادىخان قېرىغان ۋاقتىدا ھەج قىلىپ ئاندىن ۋەتەنىمگە قايتىمەن دەپ، مەككىگە بېرىپ ھەجنى ئادا قىلىپ بولۇپ، 70 يېشىدا مەككە مۇكەررىمدە ۋاپات بولدى.

## شىرمەھەممەد خاننىڭ ۋاپاتى ۋە ئۇۋەيس ئوغلاننىڭ خان بولغانلىقى

شىرمەھەممەدخان يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئۇرۇشتا ئۇلۇغبەگ مىرزانى مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن تا ۋاپاتىغىچە بولغان ئارىلىقتا يۈزبەرگەن ۋەقەلەر ھەققىدە ئېنىقچىلىك مەلۇمات يوق. شىرمەھەممەدخان ھىجرى 828 ـ (مىلادى 1425ـ) يىلى ۋاپات بولۇپ ئورنىغا دۈشمىنى ئۇۋەيس ئوغلان خان بولدى. ئۇۋەيس ئوغلانخاننىڭ 10 يىللىق سەلتەنەت دەۋرى توغرىسىدىمۇ تولۇق مەلۇماتىمىز يوق. ئۇۋەيس خاننىڭ كورگان خاندانى(تۆمۈربەگنىڭ جەمەتى) بىلەن مۇناسىۋىتى ياخشى ئىدى. بىرقىزىنى ئۇلۇغبەگ مىرزانىڭ ئوغلى ئابدۇلەتىزمىرزا غا بېرىپ، توغقانلىق مۇناسىۋىتىنى مۇستەھكەملىگەندى.

ھىجرى 831 ـ يىلى بىرئىسيان چىقىپ (كىمنىڭ چىقارغىنى مەلۇم ئەمەس) شىددەتلىك ئۇرۇشلار بىلەن 8 يىل داۋام قىلىپ ئاخىرى ئۇۋەيسخان ئۆلتۈرۈلدى. كىم تەرەپىدىن ئۆلتۈرۈلگەنلىكى تازا ئېنىق بولمىسىمۇ تارىخى رەشىدى ۋە بابۇر تۈزۈكىنىڭ بەزى ئىشارەتلىرىگە قارىغاندا ئۆز ئوغلى يۇنۇس خاننىڭ قولىدا شېھىت بولغانلىقى مەلۇم[73].

## III ـ ئېسەن بوغاخاننىڭ خان بولغانلىقى

ئۇۋەيسخاننىڭ ئىككى ئوغلى ئېسەن بوغاخان ۋە يۇنۇس خان تەخت تالىشىپ ئۇرۇشقىلى باشلىدى. تولا ئۇرۇشلاردىن كېيىن دۆلەت كاتتالىرى ۋە كۆپچىلىك خەلق ئېسەن بوغاخان تەرەپتارى بولغانلىقىدىن يۇنۇس خان مەغلۇپ بولدى، تەرەپتارى بولغان نارىن تۈمەنبېگى ئەبەرزەنبەگ ۋە تالاس تۈمەنبېگى مىرەك تۈركمەن باشلىق تەخمىنەن 3000 ئۆيلۈك ئادىمى بىلەن قېچىپ، فەرغانىغا ئۆتتى ۋە ئۇلۇغبەگ مىرزانىڭ قېشىدا پاناھ تېپىپ ئۆزىنىڭدىن ئاكىسىغا قارشى ياردەم قىلىشنى تەلەپ قىلدى. ئۇلۇغبەگ مىرزا يۇنۇس خاننى ئادەملىرىدىن ئايرىپ، يالغۇزخوتۇن بالاچاقالىرى بىلەن ئىراق تەرەپكە سۈرگۈن قىلدى. ئادەملىرىنى ھەرقايسى ۋىلايەتلەرگە تارقىتىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئېسەن بوغاخان دۈشمەندىن قۇتۇلۇپ، ئۆزىنى خان ئېلان قىلدى. بۇكىشى چاغاتاي خاندانىدىن تەختتە ئولتۇرغانلاردىن ئېسەن بوغاخان ئاتلىق 3 ـ خاندۇر. ئېسەن بوغاخان توپلاڭ نەتىجىسىدە ۋەيران بولغان يۇرتنى ئاۋات قىلىش ئۈچۈن نۇرغۇن پائالىيەتلەرنى ئېلىپ باردى،كورگان خاندانى ھۆكۈمرانلىرى بىلەن مۇناسىۋەتنى ياخشىلىدى ۋە ئەسكىرىي كۈچىنى تەرەققى قىلدۇردى. ئۇ چاغدا ئالتاي، ئىمىل، زارغالانتۇ(قوبدۇ)، زىغالانتۇ(ئۇلۇستاي) ئۆلكىلىرى كۈچلىنىپ، مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرۈۋالغانىدى. ئىلى، يەتتەسۇ، بارىكۆل تەرەپلىرىگە ھۇجۇم قىلىپ، پاراكەندىچىلىك سېلىۋاتقان قالماق قەبىلىسى بىلەن ئۇرۇشۇپ،

[73] بابۇر تۈزۈكى ـ پادىشا بابۇر مىرزا نىڭ تارىخىي ئەسەرى «بابۇرنامە» نى كۆرسىتىدۇ( ن . ش. ھ.).

ئۇلارنى مەغلۇپ قىلدى ۋە باج - خىراج تۆلەش شەرتى بىلەن بويسۇندۇردى. يەنە شۇچاغلاردا ئارالكۆلى، تۇبول، ئىرتىش دەريالىرى ئارىسىدا يېڭى بىر دۆلەت قۇرۇپ چىققان ئۆزبەكلەرنى مەغلۇپ قىلىپ تۈركىستانغا ھۇجۇم قىلىشلىرىنى توستى. ئۆزبەك خانى ئۇبۇلخەير بىلەن ئۇرۇشۇپ، مەغلۇپ بولۇپ قېچىپ كەلگەن قازاق خانلىرى جانىبەگ ۋە ئەھمەد خانلار ۋە ئۇلارنىڭ تەۋەسىدىكىلەرنى ئېسەن بوغاخان سىردەر يانىڭ ئاياغ تەرەپىدىن جاي بېرىپ ئۆز پاناھىغا ئالدى. ئېسەن بوغاخان ئۆزتەرەپتارلىرى بولغان موغۇل بەگ ۋە ئەسكەرلەرگەكۆپ ئەركىنلىك ۋە ھوقۇق بېرىۋەتكەنلىكىدىن ئۇلارخەلققە ئېغىر زۇلۇم ۋەكۈلپەت سېلىپ خەلقنىڭ نارازىلىقلىرىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى .

### III - ئېسەن بوغاخاننىڭ فەرغانىنى ئالغانلىقى

كورگانىلاردىن شاھرۇخ مىرزانىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن كورگان خاندانى ئارىسىدا ئىچكى كۆرەش باشلىنىپ كەتتى. بۇ پۇرسەتتىن ئېسەن بوغاخان پايدىلىنىپ چېگرىغا يېقىن بولغان بىرقىسىم يەرلەرنى ئۇرۇش قىلمايلا قولغا چۈشۈرۋالدى. ھىجرى 853 - يىلى ئۇلۇغبەگ مىرزا بىلەن ئوغلى ئابدۇللىتىپ مىرزا ئوتتۇرىسىدا يۈزبەرگەن مەشھۇرفاجىئەلىك ۋەقەدىن كېيىن ئېسەن بوغاخان يۈرۈش قىلىپ ئۆزكەنتتىن خوجەنتكىچە بولغان پۈتۈن فەرغانىنى ئىشغال قىلدى. لېكىن، ئۇلۇغبەگ مىرزا زامانىسىدىكى ئادىل - ئىنساپلىق ھۆكۈمەتكە ئادەتلىنىپ قالغان فەرغانەخەلقى، ئېسەن بوغاخاننىڭ قوماندانلىرىنىڭ زۇلۇملىرىغا چىدىيالماي دائىم ئىسيان چىقىرىپ تۇراتتى. نەتىجىدە، ئېسەن بوغاخان ئەنجان خەلقىدىن تولا ئەسىرئېلىپ ئۇلارنى شەرقىي تۈركىستانغا سۈرگۈن قىلاتتى. ئەگەر ئەنجان خەلقى بۇنداق ئىسيانلار بىلەن ئېسەن بوغاخاننى مەشغۇل قىلىپ تۇرمىسا ئىدى، ئۇنىڭ ئاللاقاچان پۈتۈن غەربىي تۈركىستاننى ئىشغال قىلىشقا قولاي شارائىت مەۋجۇد ئىدى. ئېسەن بوغاخان بۇ ئىسيانلارنى بېسىقتۇرۇش بىلەن بولۇۋاتقاندا كورگان خاندانىدىن ئەبۇسەئىدمىرزا باشقا رەقىپلىرىنى مەغلۇپ قىلىپ، ئىچكى كۆرەشنى تۈگىتىپ، ھاكىمىيەتنى قولغائېلىشقا مۇۋەپپەق بولدى ۋەكورگان خاندانى ئەنئەنىسىنى تاشلاپ، ئۆزىگە «سۇلتان» ئۇنۋانىنى ئالدى . سۇلتان ئەبۇسەئىد مىرزا ھىجرى 855 - (مىلادى 1451-) يىلىدا ئېسەن بوغاخاندىن فەرغانىنى تارتىۋېلىش ئۈچۈن ئۇرۇش باشلاپ ھىجرى 856 - يىلى ئەشفەرە(مەرغىنانىنىڭ غەرب تەرەپىدىكى بىرشەھەر) يېقىنلىرىدىكى بىر ئۇرۇشتا فەرغانە خەلقىنىڭ ياردىمى بىلەن ئېسەن بوغاخاننى مەغلۇپ قىلدى. ھىجرى857 - يىلى ئەنجان يېقىنلىرىدىكى بىرئۇرۇشتا ئېسەن بوغاخان يەنە مەغلۇپ بولۇپ فەرغانىنى بوشىتىپ چىقىپ كەتتى.

ئېسەن بوغاخان ھىجرى 866 - (مىلادى 1461-) يىلى ئوغلى دوست مەھەممەد نى تۇرپانغا ۋالى قىلدى. ئاقسۇ ۋە كۇچا ۋىلايەتلىرىنى دۇغلات ھۆكۈمدارى ھەيدەرمىرزادىن تارتىۋېلىپ، ئۇنىمۇ دوست مەھەممەدكە بەردى، ھەيدەرمىرزا دوست مەھەممەدنىڭ قول ئاستىدا بولۇپ دوست مەھەممەد ئومۇمىي ۋالىلىق سۈپىتىگە ئىگە بولدى.

## يۇنۇس خاننىڭ خان بولغانلىقى

سۇلتان ئەبۇسەئىد مىرزا ئىسەن بوغاخاننىڭ غەربىي تۈركىستانغا ھۇجۇم قىلىشىدىن دائىم قورقۇپ تۇراتتى ۋە بۇخەۋپنىڭ ئالدىنى ئېلىشنىڭ ئەڭ ياخشى چارىسى شەرقىي تۈركىستاندا ئىچكى جەھەتتە بىرئىسيانىڭ چىقىشى دەپ چۈشۈنەتتى. بۇنداق بىر ئىسيانىڭ چىقىشى ئۈچۈن سۇلتان ئەبۇسەئىد مىرزا قولىدىن كېلىشىچە تىرىشىپ، ھاجىبەگ باشلىق بىرقانچە تۆمەنبەگلىرىنى كۈشكۈرتۈپ ئىسەن بوغاخانغا قارشى ئىسيان چىقاردى. ئەمما، بۇنداق كىچىك كۆلەمدىكى توپىلاڭلار ئىسەن بوغاخاننىڭ كۈچىنى ئاجىزلاشتۇرالمىدى. ھىجرى 866 ـ يىلى ئەتراپىدا سۇلتان ئەبۇسەئىد مىرزا بۇ مەقسىتى ئۈچۈن، ئىشقا ياراىدىغان بىرسىنى تاپتى. بۇكىشى شەرقىي تۈركىستاندىن ھەيدىلىپ، 20 يىلدىن بېرى ئىراندا سەرگەندا بولۇپ يۈرگەن ئىسەن بوغاخاننىڭ ئىنىسى يۇنۇس خان ئىدى. سۇلتان ئەبۇسەئىد مىرزا يۇنۇس خاننى ئىراندىن تېپىپ كېلىپ، سەمەرقەنتتە ناھايىتى ھۆرمەت بىلەن قارشى ئالدى ۋە مۇنداق دەپ تەكلىپ بەردى: «چاغاتاي ۋەكورگان خاندانى ئوتتۇرىسىدا ئۆتمۈشتىن قالغان دۈشمەنلىك داۋام قىلىپ، نۇرغۇن قان تۆكۈلدى. بىز ئەمدى بۇدۈشمەنلىكنى ئاياغلاشتۇرۇشنى خالايمىز، ئۆزلىرىنى چاغاتاي دۆلىتىنىڭ خانى دەپ تونۇپ، ئارىمىزدا سەمىمىي دوستلۇق ئورنۇتۇشنى تىلەيمىز، خانلىق تەختىنى قولىرىغا ئېلىشقا ياردەم قىلىشقا تەييارمىز». يۇنۇس خان بۇ تەكلىپنى خوشاللىق بىلەن قوبۇل قىلدى ۋە قەسەمياد قىلىپ دوستلۇق كېلىشىمىنى ئىمزالىدى. ئۇندىن كېيىن، سۇلتان ئەبۇسەئىد مىرزا بىرنەچچە مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن يۇنۇس خاننى ئۆزكەنت يولى بىلەن شەرقىي تۈركىستانغا ئەۋەتتى. بۇئارىدا يۇنۇس خاننىڭ قېيىن ئاتىسى ھاجىبەگ باشلىق ئىسيانچى تۆمەنبەگلىرى ئىسەن بوغاخاندىن مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن قېچىپ، فەرغانە چېگرىسىدا ئەسكەرلىرى بىلەن يۇنۇس خاننى كۈتۈپ تۇراتتى. يۇنۇس خان يېتىپ كەلگەندىن كېيىن ئۇلار تۈرك ئەنئەنىسىگە مۇۋاپىق بىرقۇرۇلتاي ئاچتى، يۇنۇس خاننى ئاق كىگىزگە ئولتۇرغۇزۇپ ئۇنىڭغا بەيئەت قىلىش مۇراسىمى ئۆتكەزدى ۋە ئۇنى پۈتۈن شەرقىي تۈركىستاننىڭ خانى دەپ ئېلان قىلدى.

شۇنىڭ بىلەن يۇنۇس خان ۋە ئىسەن بوغاخان ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش باشلىنىپ، قان تۆكۈلۈشكە باشلىدى. ھىجرى 768 ـ يىلى يۇنۇس خان مەغلۇپ بولۇپ سەمەرقەنتكە قېچىپ كەلدى. سۇلتان بۇ قېتىم تېخىمۇ كۆپ ئەسكەر بىلەن ياردەم قىلىپ، قايتىدىن شەرقىي تۈركىستانغا يوللىدى. نەتىجىدە، ئاكا ـ ئۇكا ئوتتۇرىسىدا يەنە ناھايىتى شىددەتلىك ئۇرۇشلار بولدى. ئاخىرى ھىجرى 870 ۋە 871 ـ (مىلادى 1465 ۋە 1466 ـ) يىللىرى يۇنۇس خان قەتئىي غالىپ بولۇپ تەڭرى تاغنىڭ شىمالىنى پۈتۈنلەي ئىشغال قىلدى ۋە دۆلەتنىڭ مەركىزى ئالمالىق شەھرىنىمۇ قولغا چۈشۈردى. ئىسەن بوغا خاننىڭ ئاقىبىتى ھەققىدە مەلۇماتىمىز يوق. تۇرپان، كۇچا ۋە ئۈچنىڭ ئومۇمىي ۋالىيسى دوست مەھەممەد ۋە

دۇغلات ھۆكۈمدارى مەھەممەد ھەيدەر مىرزا لار يۇنۇس خانغا بويسۇندى. شۇنىڭ بىلەن پۈتۈن شەرقىي تۈركىستان يۇنۇس خاننىڭ ھاكىمىيتى ئاستىغا كىردى. يۇنۇس خان شۇچاغلاردىكى كورگان ھۆكۈمدارلىرىنى دوراپ ئۆزىگە «سۇلتان» ئۇنۋانىنى بەردى. ھىجرى 872 ـ يىلى ئابابەكرى مىرزا دۇغلات يەركەن ۋە خوتەننى ئىشغال قىلىپ، مۇستەقىللىق ئېلان قىلدى.

سۇلتان ئەبۇسەئىدخان ۋە سۇلتان يۇنۇس خان ئارىسىدىكى دوستلۇق كېلىشىمى بۇرۇنقىدەكلا كۈچلىنىپ، داۋام قىلدى. كېيىنچە بۇ موناسىۋەتنى تېخىمۇ مۇستەھكەملەش ئۈچۈن سۇلتان يۇنۇسنىڭ ئۈچ ئوغلىغا سۇلتان ئەبۇسەئىدنىڭ ئۈچ قىزى تۈي نىكاھلاندۇرۇلدى. (مېھرىنىگارخانىم ئەھمەدمىرزاغا، قۇتلۇق نىگارخانىم ئۆمەرشەيخ مىرزاغا ۋە سۇلتان نىگارخانىم مەھمۇد مىرزا غا نىكاھ قىلىندى). بۇنىڭ بىلەن بۇ ئىككى ھۆكۈمدار ئارىسىدىكى دوستلۇق توغقانلىق رىشتىسى بىلەن تېخىمۇ كۈچلەندى. ھىجرى 883 يىلى تۇرپان ۋە ئۈچىنىڭ ئومۇمىي ۋالىيسى دوست موھەممەد خان ۋاپات بولۇپ، ئورنىغا ئىنىسى كېپەك سۇلتان ئومۇمىي ۋالى بولدى.

سۇلتان ئەبۇسەئىدنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن مەملىكىتى پارچىلاندى، چوڭ ئوغلى ئەھمەد مىرزا سەمەرقەنت ۋە بۇخارادا، ئوتتۇرانچى ئوغلى ئۆمەرشېيخ مىرزا فەرغانىدا ۋە كىچىك ئوغلى مەھمۇد مىرزا بەلخ ۋە تاخارىستاندا مۇستەقىللىق ئېلان قىلىشتى. بۇلارنىڭ بىر ـ بىرلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىرى ياخشى بولمىغىنىدەك، قېيىن ئاتىسى سۇلتان يۇنۇس خانغىمۇ دادىلىرى بار چاغدىكىدەك ياخشى مۇئامىلە قىلمىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن سۇلتان يۇنۇس خان بۇلارنى دىققەت بىلەن كۆزىتىش ئۈچۈن يېتەرلىك ئەسكىرىي قۇۋۋەت بىلەن ئىسسىقكۆل ئەتراپىدا تۇردى. كېپەك سۇلتانمۇ ئۆز قۇۋۋەتلىرى بىلەن قالماقلارنىڭ ھۇجۇملىرىدىن مۇداپىئە قىلماقتا ئىدى. قەشقەر مەھەممەد ھەيدەر مىرزا دۇغلاتنىڭ ھاكىمىيتى ئاستىدا بولۇپ، خوتەن ۋە يەركەننى ئابابەكرى مىرزا دۇغلات مۇستەقىل ئىدارە قىلاتتى.

## فەرغانە، يەركەن ۋە قالماق سوقۇشلىرى

ھىجرى 878ـ (مىلادى 1473ـ) يىلى فەرغانە ھۆكۈمدارى ئۆمەرشېيخ مىرزا شەرقىي تۈركىستاننىڭ يېرى بولغان نارىنغا ھۇجۇم قىلدى. بۇنى ئاڭلىغان سۇلتان يۇنۇس خان نۇرغۇن ئەسكەر بىلەن نارىنغا يۈرۈش قىلدى. نارىننىڭ غەربىدە فەرغانە چېگرىسىدىكى تېكەسەكرەر دەريا بويىدا قاتتىق ئۇرۇش بولۇپ، ئاخىرى ئۆمەر شەيخ مىرزا مەغلۇپ بولۇپ ئەسىرگە ئېلىندى. سۇلتان يۇنۇس خان كۈيئوغلىغا ھۆرمەت قىلىپ، ياخشى مۇئامىلە بىلەن نەسىھەت قىلدى، ئوتتۇرىدا تاجاۋۇز قىلىشماسلىق ئەھدىنامىسىغا قول قويۇشۇپ، ئۆمەرشەيخ مىرزانى فەرغانىغا ئۇزۇتۇپ ئۆزى ئالمىلىققا قايتتى. ئۇندىن كېيىن سۇلتان يۇنۇس خان بىلەن ئۆمەرشەيخ مىرزانىڭ مۇناسىۋەتلىرى كۈندىن كۈنگە تېخىمۇ ياخشىلاندى ۋە سۇلتان يۇنۇس خان غەربىي چېگراسىدىن خاتىرجەم بولۇپ، يۇرتىنىڭ باشقا تەرەپلىرىدىكى ئەسكىرىي

پائالىيەتلەرگە كىرىشىپ كەتتى.

ھىجرى 879 ـ يىلى سۇلتان يۇنۇس خان30,000 ئەسكىرى بىلەن ئۈچ (ئاقسۇ) غا كەلدى. قەشقەر ھۆكۈمدارى مەھەممەد ھەيدەر مىرزا ئۈچقا بېرىپ خاننى زىيارەت قىلدى ۋە ئابابەكرى مىرزاغا ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن ياردەم تەلەپ قىلدى. خان ئۇنى قەشقەرگە قايتىپ ئەسكەر توپلاشقا بۇيرۇپ ئۆزى ئارقىسىدىن كەلدى ۋە قەشقەردە يىغىلغان 20,000 ئەسكەرنى ئېلىپ، جەمئىي 50,000 كىشىلىك زور بىرقوشۇن بىلەن يەركەنگە قاراپ يۈرۈش قىلدى. بۇنىڭغا قارشى ئابابەكرى مىرزانىڭ 2.000 ئەسكەرلىك ئازغىنە بىرقوشۇنى ئىدى. لېكىن، ھەربىي سالاھىيەت جەھەتتىن ئابابەكرى مىرزانىڭ قىسىملىرى ئۈستۈن تۇراتتى. چۈنكى، سۇلتان يۇنۇس خاننىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ تولىسى جەڭگىۋارلىق قابىلىيىتى بولمىغان قەدىمدىن تارتىپ بولاڭ ـ تالاڭغا ئادەتلىنىپ كەتكەن موغۇل ۋە قىرغىزلاردىن ئىبارەت ئىدى. ئابابەكرى مىرزانىڭ ئەسكەرلىرى بولسا، ھەربىي جەھەتتە ياخشى تەربىيەلەنگەن تەرتىپ ـ ئىنتىزاملىق يەرلىك (يەركەنلىك ۋە خوتەنلىك) ياشلاردىن تەشكىللەنگەن، تولۇق قوراللانغان جەڭچىلەر ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئابابەكرى مىرزا ئاللاقاچان يەركەن شەھىرىدىن 18 مىل غەربىدىكى «كۆك رۇبات» دېگەن جايدا ناھايىتى قوۋۋەتلىك بىر ئىستىھكام تەييارلاپ قويغانىدى. خان كۆك رۇباتقا كېلەر ـ كەلمەس شىددەتلىك ئۇرۇش باشلىنىپ، خاننىڭ ئەسكەرلىرى ئېغىرھالدا مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ پاراكەندە بولۇپ قاچتى. نەتىجىدە، خان قەشقەرگە چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى، ئۇ يەردىمۇ ئەسكەرلىرىنى توپلىيالماي ئۈچقا بېرىپ توختىدى. مەھەممەد ھەيدەر مىرزامۇ قەشقەرنى ۋەيران قىلىپ، قېچىپ خاننىڭ ئارقىسىدىن يەتتى. شۇنىڭ بىلەن قەشقەر ئابابەكرى مىرزاغا قالدى. ئابابەكرى مىرزا توغرىسىدىكى باشقا ۋەقەلەرنى«دوغلات تارىخچىسى» دېگەن بۆلۈمدە تەپسىلىي بايان قىلىمەن. تا سۇلتان يۇنۇس خاننىڭ ۋاپاتىغىچە ئابابەكرى مىرزا بىلەن ئۇرۇشۇشقا ۋاقتى بولمىدى. چۈنكى، ئۇئارىدا ئۆزبەك ۋە قازاق خانلىرى كۈندىن ـ كۈنگەكۈچلىنىپ قالغانىدى. ئۆزبەكلەر سىردەريا ۋە چۇ دەرياسىنىڭ ئاياقلىرىدىكى جايلارنى، قازاقلار بولسا بالقاش كۆلىنىڭ شىمالىدىكى جايلار(بۈگۈنكى سىمپلاتىنسكى) نى ئىشغال قىلىپ شەرقىي تۈركىستاننىڭ شىمالىي قىسىملىرىغا تەھدىت سېلىۋاتقانلىقتىن خان ئەسكىرىي كۈچىنىڭ بۈيۈك بىرقىسمىنى شىمالدا تۇرغۇزۇشقا مەجبۇر ئىدى.

ئالتاي ۋە ئىمىل ئۆلكىلىرىنى قالماقلار ئىستىلا قىلىپ ئىلى، يەتتەسۇ ۋە باركۆل چېگرالىرىغا پات ـ پات ھۇجۇم قىلىپ، پاراكەندىچىلىك تۇغدۇرۇپ تۇراتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن خان كۈچلىرىدىن مۇھىم بىرقىسمىنى تۇرپان ئومۇمىي ۋالىسى كېپەك سۇلتاننىڭ رەھبەرلىكىدە قالماقلارنىڭ ئۈستىگە يوللىدى. ھىجرى 885 ـ(مىلادى 1480ـ) يىلى ئەتراپىدا كېپەك سۇلتان قالماقلارنى مەغلۇپ قىلىپ ھەيدىۋەتتى.

## سۇلتان يۇنۇس خاننىڭ تاشكەنتنى پايتەخت قىلغانلىقى

سۇلتان يۇنۇس خان ۋە كۈيئوغلى ئۆمەرشەيخ مىرزا ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت ياخشىلاشقاندىن كېيىن بۇلارنىڭ ئارىسىدا بىرىش ـ كېلىش كۆپەيدى. بۇ ئارىدا ئۆمەرشەيخ مىرزا ۋە ئاكىسى سۇلتان ئەھمەد مىرزا سىر دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى تاشكەنت ۋە شاھىرخىيە(شاھرۇخىيە) دېگەن ئىككى شەھەرنى تالىشىپ قالغان. (شاھرۇخىيە ئەسلىدە «فىناكىت» دەپ ئاتالغان سىردەريانىڭ شىمال ياقىسىغا يېقىن خوجەنت شەھىرىنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان چوڭ بىرشەھەر ئىدى. ھازىر بۇ شەھەر يوق) بۇئىككى شەھەر ئۆمەرشەيخ مىرزانىڭ قولىدائىدى. ھىجرى 888 ـ(مىلادى 1483 ـ) يىلى سۇلتان يۇنۇس خاننىڭ ئۆمەرشەيخ مىرزا نىكاھىدىكى قىزى قۇتلۇق نىگارخانىم بىرئوغۇل تۇغدى. ئۆمەرشەيخ مىرزا بۇ ئوغلىنىڭ ئات تۆيىغا سۇلتان يۇنۇس خاننى دەۋەت قىلىپ، دەبدەبىلىك بىر مۇراسىم بىلەن بالىغا «بابۇر» دەپ ئات قويىدى. شۇ دەۋرنىڭ تەرىقەت مۇرشىدلىرىدىن خوجا ئەبەيدۇللائەھرارى بۇنىڭغا «زۇھۇرىددىن مۇھەممەد» دەپ ئىسىم قويىدى[74]. (مانا بۇ پۈتۈن ھىندىستاننى پەتھى قىلغان مەشھۇر بابۇر پادىشا دۇر) بۇ مۇراسىمدىن كېيىن ئۆمەرشەيخ مىرزا ئاكا ـ ئۇكا ئوتتۇرىسىدا تالاشقا چۈشۈپ قالغان 2 شەھەر(تاشكەنت ۋە شاھرۇخىيە) نى سۇلتان يۇنۇس خانغا ھەدىيە قىلدى. سۇلتان بۇ ئىككى شەھەرنى قولىغا ئالدى ۋە تاشكەنتنى پايتەخت قىلىپ ئولتۇردى. ھىجرى 890 ـ (مىلادى1485 ـ) يىلى تۇرپان، بەشبالىق، چالىش، كۇچا ۋە ئۈچ ۋىلايەتلىرىنىڭ ئومۇمىي ۋالىسى كېيەك سۇلتان ۋاپات بولۇپ ئورنىغا خاننىڭ ئىككىنچى ئوغلى ئەھمەدخاننى ۋالى قىلدى. ئەھمەدخان قالماقلار بىلەن ئۇزۇن ئۇرۇشۇپ، ئۇلارنى ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچراتتى ۋە ھەر يىل بەلگىلەنگەن مىقداردا باج ـ سېلىق تۆلەش شەرتى بىلەن ئۆزىگە تەۋە قىلدى. ئەھمەدخاننى قالماقلار ئۆزىنىڭ جان دۈشمىنى دەپ تونۇغانلىقلىرى ئۈچۈن، ئۇنى «ئالاچىي» (قالماقچىدا ئۇزۇن بويلۇق ئادەم دېگەن مەنىدە) دەپ ئاتايتتى. ئەھمەدخان بۇ لەقەمنى ياخشى كۆرەتتى، كېيىنچە ئۇ بۇ لەقەم بىلەن ئەھمەد ئالاچىخان دەپ مەشھۇر بولدى. زامان ئۆتكەنسىرى تۈركىستان خەلقى ئىچىدە بۇنام تەلەپپۇزى بۇزۇلۇپ «ئالچەخان» بولۇپ قالدى.

## سۇلتان يۇنۇس خاننىڭ مەدەنىيەت ئۈچۈن قىلغان ئىككى مۇھىم خىزمىتى

ئۇچاغلاردا شەرقىي ۋە غەربىي تۈركىستاندا دۆلەتلەر ۋە قەبىلىلەر بىر ـ بىرلىرى بىلەن ئۇرۇشۇپ ئەسىرگە ئالغان ئادەملەرنى قۇل قىلىپ، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا ئاپىرىپ ساتىدىغان ئادەتلىرى بار ئىدى. سۇلتان يۇنۇس خان شەرقىي تۈركىستاندا بۇئىشنى قەتئىي مەنئى قىلىپ، ئىنسانىنى سېتىش ياكى سېتىۋېلىشنى يوقاتتى. غەربىي تۈركىستان، ئافغانىستان ۋە ئىران قاتارلىق مەملىكەتلەردىكى كورگان

74 تەرىقەت مۇرشىدى ــ تەرىقەت مەزھىبىنىڭ يولباشچىسى، داھىسى.(ن . ش. ھ..).

ھۆكۈمدارلىرىغا شۇ دەۋرنىڭ تەرىقەت مۇرشىدى بولغان خوجا ئەبەيدۇللائەھرارنىڭ تەشۋىقى ۋە تەسدىقى(پەتۋاسى) نى قوشۇپ ئۇختۇرۇش قىلىپ، مۇسۇلمانلاردىن قۇل بولۇپ قالغانلارنى ئازات قىلىشنى بىلدۈرگەن. نەتىجىدە، مىڭلارچە قۇل ئازات قىلىنغان.

ئىلى جىلغىسى، يەتتە سۇ، چۇ دەريا بويى، تالاس ۋە ئىسسىقكۆل ئەتراپىدىكى قەدىمدىن تارتىپ پەۋقۇلئاددە ئاۋات ۋە كۆركەم 100گە يېقىن شەھىرى بولغان بۇ يەرلەر چىڭگىزخان ئەۋلادلىرىنىڭ ھەربىي يۈرۈشلىرىدە بېسىپ ئۆتكەن يول ئۈستىدە بولغانلىقتىن ۋە چاغاتاي خاندانى بىلەن تۆمۈربەگ ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى زامانىسىدىكى ئىچكىي ۋە تاشقى ئۇرۇشلىرىدا جەڭ مەيدانى بولغانلىقتىن پۈتۈنلەي دېگۈدەك خارابىلىققا ئايلىنىپ بىرمۇ شەھەرساق قالمىغانىدى. خەلق يۇرتلىرىنى تاشلاپ كۆچمەنلىك ۋە بۇلاڭ ـ تالاڭچىلىققا ئادەتلىنىپ كەتكەنلىكتىن بۇ مەملىكەتلەرنى ئاۋات قىلىش، شەھەر ـ كەنتلەر قۇرۇپ چىقىش ئىمكانسىز بىرھالغا كېلىپ قالغانىدى.

سۇلتان يۇنۇس خان بۇ ئۆلكىلەرنى ئاۋات قىلىش ۋە ئاھالىسىنى مەدەنىيەتكە باشلاش ئۈچۈن كۆپ تىرىشقان بولسىمۇ مۇۋەپپەق بولالمىدى. ئاخىرى سۇلتان يۇنۇس خان ئالدى بىلەن بۇلاردىن بىرقىسمىنى زورلاپ شەھەر ھاياتىغا ۋە مەدەنىيەتكە ئادەتلەندۈرۈپ، ئۇندىن كېيىن بۇلارنىڭ كۆچى بىلەن ئاستا ـ ئاستا شەھەر ۋە كەنتلەر ۋۇجۇدقا چىقىرىش لازىم دېگەن پىكىرگە كېلىپ، ئۇ مەملىكەتلەردە ياشاۋاتقان خەلقلەردىن بىرقانچە مىڭ كىشىنى زورلاپ كۆچۈرۈپ كېلىپ، تاشكەنت شەھرىگە يەرلەشتۈردى. بۇلاردىن بىرقىسمى يولدا بىرقىسمى تاشكەنتكە كەلگەندىن كېيىن قېچىپ كەتكەن بولسىمۇ كۆپچىلىگى تاشكەنتتە بىرقانچە يىل تۇرۇپ قالدى ۋە شەھەر ھاياتىغا كۆندى. سۇلتان يۇنۇس خان بىرمەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن بۇلارنى ئۆز يۇرتلىرىغا قايتۇرغىنىدا بۇلار يۇرتلىرىدا ئۆزقوللىرى بىلەن يېزا ـ كەنتلەرنى، شەھىرلەرنى ۋۇجۇدقا چىقاردى. ئالمائاتا، توخماق ۋە قاراقول شەھەرلىرى بۇلاردىن بىرقانچىسى.

## مەھمۇد خاننىڭ خان بولغانلىقى

سۇلتان يۇنۇس خان ھىجرى 892ـ (مىلادى 1487ـ) يىلى ۋاپات قىلىپ، ئورنىغا ۋەلىئەھدى، يەنى تەخت ۋارىسى بولغان چوڭ ئوغلى مەھمۇدخان خانلىق تەختىگە چىقتى. سۇلتان مەھمۇد خانلىق تەختىگە چىققان چاغدا سىياسەت ۋە ھەربىي ئىشلاردا قابىلىيىتى بار بىر پادىشا ئۈچۈن، سەلتەنىتىنى تېخىمۇ مۇستەھكەملەشكە، تېرىتورىيەسىنى كېڭەيتىپ شەرقىي تۈركىستان ۋە غەربىي تۈركىستان بىرلەشتۈرۈلگەن بۈيۈك بىرتۈرك ئىمپېراتورلۇقى قۇرۇپ چىقىشقا تامامەن ئىمكانىيەت بار ئىدى. چۈنكى، ئۇچاغدا شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئازغىنە بىرقىسمى(خوتەن ۋە يەركەن) دىكى ئابابەكرى مىرزانىڭ كىچىك بىرئەسكىرىي قىسىملىرىدىن باشقا سۇلتانغا قارشى چىقالىغۇدەك بىركۈچمۇ يوق ۋە

پۈتۈن خەلق دۆلەتكە ئىتائەت قىلىپ، تىنچ ـ ئامانلىق ئىچىدە ياشىماقتا ئىدى. مەملىكەت مىقياسىدىن كۆپ ساندا ئەسكەر يىغىپ زۇر ۋە كۈچلۈك بىرھەربىي قۇۋۋەتكە ئىگە بولۇش ئاسان مەسىلە ئىدى. غەربىي تۈركىستانداكورگان خانىدانىغا مەنسۇپ شاھزادىلار ۋىلايەت ـ ۋىلايەتتە، ھەتتا، بىر شەھەردە موستەقىل بولۇۋېلىپ بىر بىرىگە دۈشمەن ئىدى. بۆلۈنمىچىلىك ۋە فېئودالىلىق شەكلى بىلەن مۇنقەرىز بولۇش دەۋرىنى ياشاماقتا ئىدى. ئەمما، سۇلتان مەھمۇدخان بۇنداق بىر پۇرسەتتىن پايدىلىنالايدىغان قابىلىيەتكە ئىگەكىشى ئەمەستى. بۇ ئەھۋالنى پادىشاھ بابۇر(«بابۇر تۈزۈكى» دېگەن ئەسىرىدە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «خان دادام (سۇلتان مەھمۇدنى دېمەكچى) جەڭگى ئادەم ئەمەس ئىدى. ئەسكەرلىكتىن تامامەن خەۋەرسىز ئىدى» تارىخى رەشىدى نىڭ مۇئەللىپى ھەيدەر مىرزا «سۇلتان مەھمۇدخان قابىلىيەتسىز بىرشاھزادە، تەييار پادىشالىقىغا ئىگە بولۇپ ئۇنىڭ قەدرىگە يەتمىگەن بىر زات ئىدى. دادىسىنىڭ ئىشەنچلىك ئەمىرلىرىنى ئىشتىن بوشىتىپ، ئورنىغا ئۆزىنىڭ ياش ۋە تەجرىبىسىز ئاغىنىلىرىنى قويدى. بۇخاتا تەدبىرلەر ۋە ناچار ئىدارىلىرى تۈپەيلىدىن ئىش بىلىدىغانلارنىڭ ھەممىسى سۇلتاندىن يۈزئۆرۈپ، ھەرتەرەپكە تارقىلىپ كەتتى. سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ راھەتپەرەستلىكى ۋە تەدبىرسىزلىكى نەتىجىسىدە يۈزبەرگەن پاجىئەلىك ۋەقەلەر ناھايىتى تولا. سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ سەلتەنىتىنىڭ يىقىلىشى ۋە ئۆزىنىڭ دۈشمەنلەرتەرىپىدىن شېھىت قىلىنىشى مانا شۇ پاجىئەلەردىن بىرى» دەپ يازىدۇ.

ئۆزبېك ھۆكۈمدارى ئۇبۇلخەيرنىڭ نەۋرىسى مەھەممەد شىبانى خان (شاھبەگ ۋە شاھبەخت دەپمۇ ئاتىلىدۇ[75]) يۇرتىدا مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ قېچىپ، چىقىپ سۇلتان ئەھمەد مىرزا تەرىپىدىن بۇخارا ۋالىيلىقىغا تەيىنلەنگەن ئابدۇلەئەلى تارخاننىڭ خىزمىتىگە گىرگەنىدى. كېيىنچە يېنىغا بىرقانچە ئۆزبېكلەرنى يىغىۋېلىپ، ئابدۇلئەلى تەرخانىغا تۇزكورلۇق قىلىپ قېچىپ سۇلتان مەھمۇدنىڭ قېشىغا كېلىۋالدى. چىڭگىزخان ئەۋلادى دەپ سۇلتان مەھمۇدخان ئۇنى ھۆرمەتلەپ يېنىغا ئالدى ۋە يېقىنلىق كۆرستىپ سۆھبەتلىرىگە قاتناشتۇردى. مەھەممەد شىبانى خان گەپكە ئۇستا، ھەربىي ۋە سىياسەت ئىشلىرىدا خېلى ماھارەتلىك ئادەم ئىدى. سۇلتان بىلەن بولغان سۆھبەتلىرىنىڭ بىرىدە، كورگان خانىدانىنىڭ بەك ئاجىزلىشىپ قالغانلىقىدىن سۆز ئېچىپ، «ئەگەر سۇلتان ماڭا بۇيرۇق بەرسە ۋە بىرئاز ئەسكەر بەرسە كورگانىلارنىڭ شەھەرلىرىدىن مۇمكىن بولغانلىرىنى ئالسام ۋە شۇنىڭ بىلەن كورگانىلارنىڭ كەڭرى مەملىكەتلىرى سۇلتانغا تەۋە بولسا» دېگەن. سۇلتان مەھمۇدخان بۇ پىكىرنى قوبۇل قىلىپ، ھىجرى 893ـ(مىلادى1488ـ) يىلى ئەتراپىدا شىبانى خانغا بىرقىسىم ئەسكەر، پۇل ۋە لاۋازىمەت بېرىپ تاشكەنتنىڭ شىمالىدىكى ئوترار، ساۋران ۋە تۈركىستان قاتارلىق شەھەرلەرنى ئېلىشقا ئەۋەتتى. بۇ شەھەرلەر ئوچاغدا سۇلتان ئەھمەد مىرزانىڭ ھاكىمىيىتى ئاستىدا بولۇپ

75 ھازىرقى ئۇيغۇرچە ئەسەرلەردە، شىبانى خاننى «شايبان خان» دەپ ئالىدۇ، ئە. بايتۇر 1119ـ بەت (ن. ش. ھ.).

مەھەممەد فەرىد تارخان ۋالىي ئىدى. مەھەممەد شىبانى خان مەھەممەد فەرىد تارخان بىلەن ئۇرۇشۇپ ئۇنى مەغلۇپ قىلىپ يۇرتىنى ئىشغال قىلدى. سۇلتان مەھمۇد خان تۈركىستان شەھىرىنى مەھەممەد شىبانى خانغا ۋە ساۋران شەھىرىنى ئۇنىڭ ئىنىسى مەھمۇد شىبانغا بەردى.

ھىجرى 895 ـ (مىلادى 1490ـ) يىلى قازاق خانى باراندۇقخان تۈركىستان شەھىرىگە ھۇجۇم قىلىپ، تارتىۋالدى. سۇلتان مەھمۇدخان دەرھال ئەسكەرئەۋەتىپ باراندۇقخاننى قوغلاپ چىقىرىپ، شەھەرنى يەنە مەھەممەد شىبانى خانغا بەردى. ئۇندىن كېيىن شىبانى خان ئۆز يۇرتلىرىدىن قېچىپ كەلگەن ئۆزبېكلەرنى يېنىغا توپلاپ، كۈندىن ـ كۈنگە كۈچىنى ئاشۇرۇپ، ئەتراپتىكى يۇرتلارغا كىچىك كۆلەملىك يۈرۈشلەر باشلىدى ۋە بۇشەكىلدە سۇلتان مەھمۇدخان تەرەپىدىن تۈركىستان شەھىرىنىڭ ھاكىمى ۋە ئەسكىرىي قوماندانى سۈپىتى بىلەن 10 يىلدىن ئۇشۇقراق تۇردى. بۇندىن كېيىنكى ۋەقەلەرنى تۆۋەندە نۆۋىتى كەلگەندە تەپسىلى بايان قىلىمەن.

## سۇلتان مەھمۇد خاننىڭ كورگانىلار بىلەن قىلغان ئۇرۇشلىرى

ھىجرى 896ـ(مىلادى 1490ـ) يىلى سۇلتان ئەھمەد مىرزا سىردەريادىن ئۆتۈپ، تاشكەنتنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى جايلارغا ھۇجۇم قىلدى. سۇلتان مەھمۇد بۇنى ئاڭلاپ دەرھال ئاتلىنىپ كېلىپ چەرچىق دەريا بويىدا سۇلتان ئەھمەد مىرزا بىلەن ئېلىشىپ، ئۇنى مەغلۇپ قىلدى. سۇلتان ئەھمەد ـ مىرزانىڭ دەرۋىش بەگ دېگەن قوماندانى ئەسكەرلىرى بىلەن دەريادا غەرق بولۇپ ئۆلدى. شۇنىڭ بىلەن ئېغىرمەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغان سۇلتان ئەھمەد مىرزا قايتىپ كەتتى.

فەرغانەھۆكۈمدارى ئۆمەرشەيخ مىرزا، بەزىدە ئاكىسى سۇلتان ئەھمەد مىرزاغا تەۋە جايلارغا بەزىدە قېيىن ئاغىسى سۇلتان مەھمۇدخانغا تەۋە يەرلەرگە تاجاۋۇز قىلىپ پاراكەندىچىلىك تۇغدۇرۇپ تۇراتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ھىجرى 899 ـ يىلى سۇلتان مەھمودخان ۋە سۇلتان ئەھمەد مىرزا لار بىرلىشىپ ئۆمەرشەيخ مىرزانى ئوتتۇرىدىن يوقىتىپ، فەرغانە ئۆلكىسىنى سىر دەرياسى چېگرا قىلىپ ئىككىسى، تەقسىم قىلىۋېلىشقا قارار قىلدى. شۇنىڭ بىلەن سۇلتان مەھمۇدخان شىمالدىن سۇلتان ئەھمەد مىرزا غەربتىن فەرغانىگە يۈرۈش قىلدى. بۇ ئىككىسى فەرغانىگە كىرگەن چاغدا ئۆمەر شەيخ مىرزا ئۆگزىدىن يىقىلىپ چۈشۈپ ئۆلدى. ئۇرنىغا 12 ياشقا كىرگەن ئوغلى بابۇر(تۆۋەندە بابۇرمىرزا دەپ يېزىلىدۇ) ئەنجان شەھىرىدە فەرغانە ھۆكۈمدارى ئېلان قىلىندى. تاجاۋۇزچىلارنىڭ بىرسى بۇ كىچىك ھۆكۈمدار دادىسىنىڭ يەنە بىرى ئانىسىنىڭ قېرىندىشى بولغانلىقتىن بابۇر ئۇلارغا يالۋۇرۇپ ئەلچى ئەۋەتسىمۇ، ئۇلار قوبۇل قىلمىدى. سۇلتان ئەھمەد مىرزا ئۆرەتېپە، خوجەنت ۋە مەرغىنان شەھەرلىرىنى ئېلىپ، ئەنجانغا قاراپ ئىلگىرلىدى. سۇلتان مەھمۇد كاسان شەھىرىنى ئىشغال قىلىپ،

شەھەرلىرىنى ئېلىپ، ئەنجانغا قاراپ ئىلگىرىلىدى. سۇلتان مەھمۇد كاسان شەھىرىنى ئىشغال قىلىپ، ئۆمەرشەيخ مىرزانىڭ پايتەختى ئەخسى(نەمەنگان) شەھىرىنى مۇھاسىرە قىلدى.

ئەسلىدە تۇغما ئەسكىرىي ماھارەتكە ۋە فاتىھلىك قابىلىيەتكە ئىگە بابۇر مىرزا ئۆزىنىڭ ياشتا كىچىكلىكىگە ۋە كۈچىنىڭ ئازلىقىغا قارىماي بۇئىككى چوڭ دۈشمەنگە جاسارەت بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىشنى قارار قىلدى، ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى بەگلەر ۋە ئەسكەرلىرى پەۋقۇلئاددە ۋاپادارلىق كۆرسەتتى. بابۇرمىرزا ئەنجانغا قاراپ ئىلگىرلەپ كېلىۋاتقان سۇلتان ئەھمەد مىرزانى شەھەر تېشىدىكى قارا دەريا بويىدا توساپ قاتتىق مۇداپىئە قىلىپ، ئۇنى ئارقىغا چېكىنىشكە مەجبۇرقىلدى. نۇرغۇن ئەسكىرى، ئات ۋە تۆگىلىرى دەريادا غەرق بولۇپ كېتىپ سۇلتان ئېغىر زىيان تارتتى. نەتىجىدە، سۇلتان ئەھمەد مىرزا، بابۇر مىرزاغا ئەلچى ئەۋەتىپ سۈلھى قىلىپ قايتىپ كەتتى.

بابۇر مىرزانىڭ ئاخسىدىكى ئەسكەرلىرى سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ ھۇجۇمىغا قارشى قاتتىق تۇرۇپ مۇداپىئە قىلماقتا ئىدى. قارادەريا ئۇرۇشىدىن كېيىن بابۇر مىرزا ياردەمگە ئەسكەر يوللىدى نەتىجىدە سۇلتان مەھمۇدخان چېكىنىپ كاسانغا قايتىپ كەتتى. كاساندا ئېغىر كېسەل بولۇپ، ئۇيەردىن دەرھال تاشكەنتكە كەتتى.سۇلتان ئەھمەد مىرزا ئەنجان ئۇرۇشىدىن قايتىپ سەمەرقەنتكە كېلەر- كەلمەس ۋاپات بولدى، ئورنىغا ئوغلى باي سەنقىر مىرزا ھۆكۈمداربولدى. ھىجرى 900 ـ يىلى سۇلتان مەھمۇدخان باي سەنقىرمىرزا دىن سەمەرقەنت ۋە بۇخارانى تارتىۋېلىش ئۈچۈن يۈرۈش قىلدى. باي سەنقىر مىرزا مۇ پۈتۈن قۇۋۋىتى بىلەن چىقىپ، سەمەرقەنت يېقىنلىرىدا شىددەتلىك ئۇرۇش قىلدى. نەتىجىدە، سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ ئالدىنقى سەپ قىسىملىرىنىڭ قوماندانى ھەيدەركۆكىلداش مىڭغا يېقىن ئەسكىرى بىلەن ئۆلتۈرۈلدى. بۇئېغىر مەغلۇبىيەت بىلەن جاسارىتىنى يوقاتقان سۇلتان مەھمۇد جەڭ مەيدانىدىن ئەسكەرلىرىنى تەرتىپ بىلەن چېكىندۈرۈپ شاھرۇخىيە شەھىرىگە كەلدى. ئۇچاغدا باي سەنقىر مىرزىغا تەۋە بولغان ئۆرەتىپە شەھىرى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى جايلارنى ئىشغال قىلىپ ئۇيەرگە قەشقەرنىڭ بۇرۇنقى ھۆكۈمدارى ھەيدەر مىرزا نىڭ ئوغلى مەھەممەد ھۇسەيىن مىرزادوغلاتنى ۋالىي قىلىپ تەيىنلىدى. سۇلتان مەھمۇد شاھرۇخىيىدە يەنە ئەسكەر توپلاپ، ھەرىكەت قىلغىلى باشلىدى. بابۇر مىرزانىڭ يازغانلىرىغا قارىغاندا، سۇلتان مەھمۇدنىڭ فەرغانىنى ئىشغال قىلىش نىيىتى بار ئىكەن. بابۇر مىرزا سۇلتاننىڭ بۇ نىيىتىنى ئۇقمىغان بولۇپ «خان دادامنى زىيارەت قىلمىمەن» دەپ ئازغىنە ئادەملىرى بىلەن شاھرۇخىيىگەكېلىپ، سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ يېنىدا ئىككى كۈن مېھمان بولغان. بۇ ئىككى كۈن ئىچىدە بابۇرمىرزا سۇلتان مەھمۇدخانىنى سۆز بىلەن قايىل قىلىپ، ئۇنى دۈشمەندىن دوستقا ئۆزگەرتكەن. شۇنىڭ بىلەن بابۇرمىرزا فەرغانىنىڭ ھۆكۈمدارلىقىدا قېلىپ، سۇلتان مەھمۇدخان تاشكەنتكە قايتىپ كەتتى.

ھىجرى 902ـ (مىلادى 1496 ـ) يىلى بابۇرمىرزا سەمەرقەنتنى ئالغاندا ئۇنىڭ بەگلىرىدىن ئەھمەد

تەنبەل ۋە ھەسەن قاراقويلۇق دېگەنلەر يۈزئۆرۈپ سەمەرقەنتتىن فەرغانىغا قېچىپ كېلىپ، ئىسيان چىقاردى ۋە بابۇر مىرزانىڭ ئىنىسى جاھانگىر مىرزانى ھۆكۈمدار دەپ ئېلان قىلدى. بابۇر مىرزا بۇ ئاسىيلارنىڭ ئەدىۋىنى بېرىش ئۈچۈن سەمەرقەنتتىن يولغا چىقىپ خوجەنتكە كېلەر ـ كەلمەس سەمەرقەنتنى بۇرۇنقى ھۆكۈمدارى ئىشغال قىلىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن بابۇر مىرزا ئىككى دۈشمەننىڭ ئوتتۇرىسىدا قېلىپ ھېچبىر تەرەپكە ماڭالماي قالغان.

بابۇر مىرزاخوجەنتتە تۇرۇپ سۇلتان مەھمۇدخاندىن تەنبەل بەگكە قارشى ياردەم تەلەپ قىلدى. سۇلتان مەھمۇدخان 6 ـ 7 مىڭ ئەسكەر بىلەن خوجەنتكە كېلىپ بابۇرمىرزا بىلەن بىرلىكتە ئەخسى شەھرىنى تارتىۋالغاندىن كېيىن ئىسيانچىلار سۇلتان مەھمۇددىن سۈلھى تەلەپ قىلدى. سۇلتان مەھمۇد بابۇر مىرزا بىلەن مەسلىھەتلەشمەستىن بۇسۈلھىنى قوبۇل قىلدى ۋە ئۇنىڭغا «مەن ساڭا سەمەرقەنت بىلەن بۇخارانى ئېلىپ بېرەي، فەرغانە ئىنىڭ جاھانگىرمىرزا نىڭ بولسۇن» دەپ تەسەللى بېرىپ تاشكەنتكە قايتىپ كەتتى. بابۇر مىرزانىڭ ئۆز ئەسەرىدە يازغانلىرىغا قارىغاندا، ئەسلىدە سۇلتان مەھمودخاننىڭ نىيىتى فەرغانىنى ئۆزى ئېلىش ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن بابۇر مىرزا يەنە خوجەنتتە قالدى. شۇ يىلى رامازان ئېيىنىڭ ئاخىرىدا بابۇر مىرزا سەمەرقەنتنى ئالىمەن دەپ سۇلتان مەھمۇدخاندىن ياردەم تەلەپ قىلىپ ئادەم ئەۋەتتى. سۇلتان مەھمۇد 5 ـ6 مىڭ كىشىلىك بىر قوشۇن بىلەن ئوغلى مەھەممەد سۇلتان («سۇلتانىم» دېگەن لەقەم بىلەن مەشھۇر) نى ئۇدۇل خوجەنتكە ئەۋەتىپ ئۆزى، بىرقىسىم ئەسكەرلىرى بىلەن ئۆرەتېپىگە كەلدى.

بابۇر مىرزىنى سەمەرقەنتكە ماڭغۇزۇپ ئۆزى ئۇنىڭ ئارقىسىدىن مېڭىشقا تەييارلىنىپ تۇرغىنىدا مەھەممەد شىبانى خاننىڭ سۇلتاندىن يۈز ئۆرۈپ ئىسيان چىقارغانلىق خەۋىرى كېلىپ، دەرھال تاشكەنتكە قايتىشقا مەجبۇر بولدى. سۇلتانىمنىمۇ قايتۇردى، بابۇر مىرزامۇ خوجەنتكە قايتىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى.

## مەھەممەد شىبانى خاننىڭ سۇلتان مەھمۇدخانغا خىيانەت قىلغانلىقى

مەھەممەد شىبانى خان خېلى كۈچلىنىپ بىر يىلدىن بېرى بۇخارا ۋە سەمەرقەنت ئەتراپلىرىغا ئۇنچە ـ مۇنچە تىگىپ قويغىلى باشلىغاندى، سۇلتان مەھمۇد بۇرۇنقىدەك ساداقەتلىك كۆرسىتىپ تۇرغانلىقىدىن شىبانى خاندىن ھېچ ئەندىشە قىلمايتتى.

سۇلتان مەھمۇدخان ۋە ئوغلى سۇلتانىم سەمەرقەنت يۈرۈشىگە كېتىپ تاشكەنتتە ئانچە كۆپ ئەسكەر قالمىغانلىقىنى ئاڭلاپ، مەھەممەد شىبانى ئۆزى تاشكەنتكە ۋە ئىنىسى مەھمۇد شىبانى سايرامغا يۈرۈش قىلدى. سۇلتان مەھمۇدخان ئۆرەتۆپىدىن سەمەرقەنتكە يۈرۈش ئالدىدا بۇخەۋەرنى ئاڭلاپ

دەرھال يولىنى ئالماشتۇرۇپ، تاشكەنتكە يۈردى ۋە شىبانى خاندىن بۇرۇن شەھەرگە كىرىپ ئۇنىڭ جاجىسىنى بېرىش ئۈچۈن تەدبىر ئالدى. سۇلتانىممۇ سەمەرقەنتكە يېقىن قالغاندا كەينىگە قايتىپ دادىسىنىڭ ئارقىسىدىن كەلدى. بۇخەۋەرنى ئاڭلىغان مەھەممەد شىبانى خان دەرھال ئارقىغا چېكىنىپ سۇلتانغا گۇناھىدىن يامانراق بىر ئۆزرەنامە يېزىپ ئەۋەتتى. «تارىخى رەشىدى» نىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا بۇ ئۆزرەنامىنىڭ مەزمۇنى مۇنداق: «خان ھەزرەتلىرىنىڭ ئاسىي قۇللار بېشىغا ئىنانىي دۆلەتلىرىنى مەئتۇف قىلغانلىرىنى ئاڭلاپ تاشكەند شەھىرى ۋەخەلقىنىڭ ئەمۋال ۋە ئەھلى ئاياللىرىنى مۇھاپىزە قىلماق خىزمىتىنى ئادا ئەيلىمەك ئۈچۈن يۈرۈپ ئىدىم، ھەزرەتلىرىنىڭ مۇقەررىرى سەلتەنەتدە نۇزۇل بۇيرۇغانلىرىنى ئاڭلاپ مائمۇرلۇق يېرىم بولغان تۈركىستانغا ياندىم[76]». بۇنىڭ بىلەن تەڭ ئىنىسى مەھمۇدشىبانىغا بىرخەت يېزىپ، « خان يولدىن قايتىپ كەپتۇ. سەن ھېچبىر يەرگە چىقىلماستىن دەرھال قايت» دەپ بىلدۈرگەن بولىسىمۇ ئۇنىڭ بۇخېتى يېتىپ كەلگۈچە مەھمۇد شىبانىي سايرامغا بېسىپ كىرىپ، ئۇ يەرنىڭ ھاكىمى ئەھمەد بەگنى تۇتۇپ ئۆلتۈرگەنىدى. سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ سايرامغا ئەۋەتكەن ئەسكەرلىرى يېتىپ كېلىپ، مەھمۇد شىبانىنى تۇتۇپ سۇلتان مەھمۇدنىڭ ھۇزۇرىغا ئېلىپ كەلدى. سۇلتان بۇلارنىڭ خىيانىتى ۋە نىيىتىنى بىلىپ بۇخەتەرلىك ئۇنسۇرلارنى دەرھال يوقىتىشنى قارار قىلدى. لېكىن، خان ئوردىسىدا شىبانى خاننىڭ مەخپىي دوستلىرى بار ئىدى، ئۇلارنىڭ تېرىشچانلىرى ۋە شىپائەت قىلىشلىرى نەتىجىسىدە سۇلتان ئۇنىڭ گۇناھىنى ئەپۇ قىلدى ۋە ئىنىسىنىمۇ ئەپۇ قىلىپ ئاكىسىنىڭ قېشىغا ئەۋەتتى.

## سۇلتان مەھمۇد بىلەن بابۇرمىرزا نىڭ

## مۇناسىۋىتى

ھىجرى 903- (مىلادى 1498-) يىلى بابۇر تاشكەنتكە كېلىپ، فەرغانىنى ئېلىشتا سۇلتان مەھمۇد خاندىن ياردەم تەلەپ قىلدى. سۇلتان مەھمۇدخان سىيد مەھەممەد مىرزا دۇغلات ۋە ئەييۇب بەگ باشچىلىقىدا 800 كىشىلىك بىرقوشۇن بىلەن بابۇر مىرزانى يولغا سالدى. بابۇر مىرزا بۇ ئازغىنە ئەسكەر بىلەن خوجەنتكە كېلىپ، مەرغىناننىڭ ئۇ يېرى - بۇيېرىگە ھۇجۇم قىلىپ باققان بولسىمۇ بىر ئىش قىلالماي سۇلتان ياردەم قىلغان ئەسكەرلىرىگە رۇخسەت قىلىپ قايتۇرۇۋەتتى. ئۇندىن كېيىن بابۇر مىرزا

76 ھازىرقى زامان ئۇيغۇرچە يەشمىسى مۇنداق: «خان ھەزرەتلىرىنىڭ ئۇلۇغ دۆلەت تىزگىنىنى ئىسسىيانچى قۇللار باشلىقىنىڭ قولىغا ئۆتتۈپ كەتتى دەپ ئاڭلاپ، تاشكەنت شەھىرىنى ۋە خەلقىنىڭ مال - مۈلكىنى ۋە بالاچاقىلىرىنى قوغداش ۋەزىپىمنى ئادا قىلىش ئۈچۈن ماڭغانىدىم، ھەزرەتلىرىنىڭ سەلتەنەت پايتەختىگە شان - شەۋكەتلىرى بىلەن كېلىپ ئولتۇرغانلىقلىرىنى ئاڭلاپ خىزمەت ئورنۇم بولغان تۈركىستانغا ياندىم» . (ن. ش. ھ.).

سۇلتان مەھمۇد نىڭ ياردىمى بىلەن مەقسىدىگە يېتەلمەيدىغانلىقىنى چۈشەندى ۋە بىرتەرەپتىن فەرغانە خەلقىنى ئۆزىگە تارتىش ئۈچۈن ئىشەنچلىك ئادەملىرىنى يوشۇرۇنچە فەرغانىغا ئەۋەتىپ، بىر تەرەپتىن سۇلتانىدىنمۇ ياردەم تەلەپ قىلدى. بابۇر مىرزىنىڭ تەشۋىقاتلىرى ئەھمەدبەگ تەنبەلنىڭ زۇلمىدىن زېرىكىپ كەتكەن فەرغانە خەلقىگە ھەتتا ئۇنىڭ ئۆزئادەملىرىگە ياخشى تەسىرقىلدى. نەتىجىدە، بابۇرمىرزا، تەنبەلنىڭ مەرغىنانىدىكى ھاكىمنى ئۆز تەرىپىگە تارتتى. ھىجرى 903 ـ يىلى بۇ ھاكىمنىڭ ياردەم قىلىشى بىلەن ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىپ مەرغىنانىنى ئىشغال قىلدى. بۇھالەتتە سۇلتان مەھمۇدخان ياردەمگە يوللىغان بەندەئەلى، ھەيدەركۆكۇلداش ۋە ھاجى بەگلەر قوماندانلىقىدىكى ئەسكەرلەر يېتىپ كېلىپ، بابۇرمىرزانىڭ قوۋۋەتلىرى بىلەن بىرلىشىپ، دەرھال ئەنجانغا يۈرۈدى. ئوش ۋە ئۆزكەنتتىن باشقا پۈتۈن فەرغانە شەھەرلىرى بابۇرنىڭ قولىغا ئۆتتى. بۇ غەلىبىلىك جەڭ ئەسناسىدا يۇقىرىدىكى سۇلتانىنىڭ ياردەم ئۈچۈن كەلگەن ئەسكەرلىرى ئولجىنىڭ تولاراقىنى ئېلىۋالغانىدى. بۇ ئىشتىن نارازى بولغان بەگلىرىنىڭ تەشۋىقى بىلەن بابۇر بۇلارنىڭ قولىدىن ئۇ ئولجىلارنى تارتىۋالدى. بۇنىڭ بىلەن ياردەمگە كەلگەن ئەسكەرلەر نارازى بولۇپ، تاشكەنتكە قايتىپ كەتتى. بۇنى ئاڭلىغان سۇلتان مەھمۇد بابۇر مىرزىدىن خېلى ئاغرىندى.

سۇلتان مەھمۇدخانىنىڭ ياردەمگە كەلگەن ئەسكەرلىرى قايتىپ كەتكەندىن كېيىن، بابۇر مىرزا تەنبەل بەگنى تولۇق مەغلۇپ قىلالمىدى، ئوش ۋە ئۆزكەنت شەھىرلىرى تەنبەلنىڭ قولىدا قالدى. ئاخىرى تەنبەل بەگ سولتان مەھمۇدخانىنىڭ يېنىدا «ئىشىك ئاغاسى» مەنسىپىدە تۇرۇۋاتقان ئاكىسى بەگ تەلبەنىڭ ۋاستىسى بىلەن سۇلتان مەھمۇتقا بويسۇندى ۋە بابۇرمىرزا غا قارشى سۇلتانىدىن ياردەم تىلىدى. ھىجرى 905 ـ يىلى سۇلتان مەھمۇد خان ئوغلى سۇلتانىم (مەھەممەد سۇلتان) نى 6000 ئەسكەر بىلەن تەنبەلگە ياردەم قىلىشقا يوللىدى. سۇلتانىم كېلىپ بابۇرمىرزانىڭ ئەسكەرلىرى بىلەن ئۇرۇشۇپ كاسان شەھىرىنى تارتىۋالدى، كېيىن بابۇرمىرزانىڭ جىددى سۈرەتتە مۇداپىئەگە ھازىرلانغانلىقىنى ئاڭلاپ سۇلتانىم كاسان شەھرىنى بوشىتىپ قايتىپ كەتتى.

## قەشقەرئۇرۇشى ۋە ئابابەكرى مىرزانىڭ ئۈچىنى ئىشغال قىلغانلىقى

يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتتۈلگىنىدەك، سۇلتان مەھمۇدخان غەربىي تۈركىستاندىكى ئىشلارغا بەزىدە قولىنىڭ ئۈچىدا ئازراقلا ئارىلىشىپ قويۇپ، باشقا چاغلاردا سارايىدا ئەيش ـ ئىشرەت بىلەن ئۆتمەكتە ئىدى. ئىنىسى ئەھمەد ئالاچەخان داۋاملىق قالماقلار بىلەن ئۇرۇشۇپ، ئۇلارنى بويسۇندۇرۇش بىلەن مەشغۇل ئىدى. ئۇ ئاخىرى قالماقلارنى تامامەن ئېزىپ خاتىرجەم بولدى. ئەندى ئۇزۇندىن بېرى دۆلەتكە بويسۇنماي ئۆزئالدىغا مۇستەقىل ياشاۋاتقان ئابابەكرى مىرزا دۇغلاتنىڭ ئۈستىگە يۈرۈش قىلىپ

قەشقەر، يەركەن ۋە خوتەننى خانلىق مەركىزىگە تەۋە قىلىشنىڭ نۆۋىتى كەلگەنىدى. مانا بۇ مەقسەت بىلەن ھىجرى 905 ـ يىلى ئەھمەد ئالاچەخان قەشقەرگە يۈرۈش قىلدى، بىرقانچە قېتىملىق ئۇرۇشلاردىن كېيىن، ئالاچەخان مەغلۇپ بولۇپ تۇرپانغا قايتىپ كەتتى. بۇ ئۇرۇشلاردا تېخى يېڭى ئاۋات بولغان قەشقەر شەھىرى بىر ۋەيرانىلىككە ئايلاندى. ئابابەكرى مىرزا ئالاچەخاننىڭ ئارقىسىدىن يۈرۈپ كېلىپ، ئۈچىنى ئىشغال قىلدى.

## سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ شىبانى خانغا قارشى ئېلىپ بارغان پائالىيەتلىرى

مەھەممەد شىبانى خان بارغانسىرى كۈچلىنىپ سۇلتان مەھمۇدخانغا قارشى ئاشكارە دۈشمەنلىك ھەركەتلىرىنى باشلاپ، ئەتراپتىكى يۇرتلارنى ئىشغال قىلىشقا باشلىغانىدى. ھىجرى 905ـ يىلى شىبانى خان تۇيۇقسىز بۇخاراغا ھۇجۇم قىلىپ، ئىشغال قىلدى. بۇ ئەھۋال ئاستىدا شىبانى خاننىڭ تېخىمۇ كۈچلىنىپ پۈتۈن تۈركىستاننىڭ بېشىغا دەھشەتلىك بىر بالا بولىدىغانلىقىغا ھېچ شەك قالمىغانىدى. سۇلتان مەھمۇدخان بۇ خەتەرنى بىلسىمۇ ئۇنى يوقىتىش ئۈچۈن جىددىي ۋە ئاساسلىق چارە كۆرمىدى، پەقەت تۆۋەندىكىچە بەزى كىچىك كۆلەملىك ھەرىكەتلەر بىلەن چەكلەندى:

شىبانى خان سەمەرقەنتنى بېسىۋېلىشقا كىرىشىشتىن ئىلگىرى، سۇلتان مەھمۇدخان ئۇيەرنى ئۆزى قولغا چۈشۈرۈش نىيىتى بىلەن مەھەممەد ھۇسەيىن مىرزا دۇغلات ۋە خان مىرزا دېگەن قوماندانلىرى باشچىلىقىدا بىرقانچە مىڭ ئەسكەرنى سەمەرقەنتكە يوللىغانىدى. بابۇر مىرزىنى« سەمەرقەنتنى ئېلىپ بولۇپ بۇخارانى ئېلىپ ئۇنى ساڭا بېرىمەن» دېگەن ۋەدە بىلەن ئۇنى بۇ يۈرۈشكە شېرىك قىلدى. بابۇرمىرزا دەرھال 1ـ 2 مىڭ كىشىلىك ئەسكەر بىلەن سەمەرقەنتكە يۈردى. بۇ قوشۇنلار سەمەرقەنتكە يېقىنلاشقاندا سەمەرقەنت ھۆكۈمدارى ئەلى مىرزا، شىبانى خاندىن ياردەم تىلىدى، شىبانى خان دەرھال بۇخارادىن سەمەرقەنتكە كېلىپ، ئەلى مىرزانى تۇتۇپ قاماققا ئالدى ۋە سەمەرقەنتنى ھېچ جاپا تارتماستىن ئىشغال قىلدى. نەتىجىدە، بابۇر مىرزا ۋە مەھەممەد ھۇسەيىن مىرزالار سەمەرقەنتكە ھۇجۇم قىلالماي كەش(يېشىل) شەھىرىگە يېنىپ كېلىشتى. سۇلتان مەھمۇدخاندىن ياردەم كېلىدۇ دەپ ئۈمىد قىلىپ 5 ـ 6 ئاي ساقلىغان بولسىمۇ ئۈمىدلىرى بىكارغا كەتتى. ئۆزۈق ـ تۈلۈك جەھەتتىن قىسىلىپ قېلىپ، مەھەممەد ھۇسەيىن مىرزا ۋە خان مىرزالار ئەسكەرلىرىنى ئېلىپ قايتىپ كەتتى. بابۇرنىڭ ئەسكەر لىرىدىنمۇ تولىسى قېچىپ كېتىپ، يېنىدا ئاران 240 ئەسكىرى قالدى. بۇنى ئاڭلىغان شىبانى خان خاتىرجەم بولۇپ، سەمەرقەنتتە 5 ـ6 يۈزكىشىلىك بىر قىسىم قالدۇرۇپ ئۆزى بۇخاراغا يېنىپ كەتتى. بۇئارىدا بابۇر مىرزا بۇخارا خەلقى بىلەن مەخپىي ئالاقە باغلاپ، بۇ ئازغىنە كۈچى ۋە بۇخارا خەلقىنىڭ ياردىمى بىلەن بىر كېچە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ سەمەرقەنتنى قولغا چۈشۈرگەن بولسىمۇ

شەھەرئىچىدە مۇھاسىرىدە قالغاندەك بىرۋەزىيەتتە قالدى ۋە سۇلتان مەھمۇد خاندىن ياردەم تەلەپ قىلدى. سۇلتان سىيد مۇھەممەد مىرزا دۇغلاتنىڭ قوماندانلىقىدا 500 كىشىلىك بىر قوشۇن ئەۋەتتى. بابۇر مىرزا بۇلار بىلەن بىرلىشىپ، شەھەرنىڭ تېشىغا چىقىپ، شىبانى خاننىڭ ئەسكەرلىرى بىلەن ئۇرۇشتى. ئەمما، قاتتىق زەربە يەپ مەغلۇپ بولدى، سۇلتان ئەۋەتكەن ياردەم قوشۇنىمۇ پاراكەندە بولۇپ قاچتى. بابۇر مىرزا چېكىنىپ شەھەرئىچىگە كىرىۋالدى ۋە بۇقېتىم ھەقىقىي سۈرەتتە مۇھاسىرە ئىچىدە قالدى. ئىككى ئاي مۇداپىئە قىلىپ تۇرغاندىن كېيىن، بىر كېچىدە شەھەردىن قېچىپ، مىڭ مۇشەققەت بىلەن ئۆرەتۆپىگە كەلدى. بۇئارادا ئەھمەد تەنبەل بەگ پۈتۈن فەرغانىنى ئىگەللەپ شىبانى خان بىلەن بىرلەشكەندى.

بابۇر مىرزا تاشكەنتكە كەلدى ۋە سۇلتان مەھمۇدخان ئۇنى ئۆرە تۆپىگە ۋالىي قىلىپ تەيىن قىلغان بولسىمۇ ئۆرەتۆپىنىڭ سابىق ۋالىيسى مەھەممەد مىرزا دۇغلات ئۆرەتۆپىنى بابۇرمىرزا غا بوشتىپ بېرىشنى رەت قىلدى، بابۇر مىرزا يەنە تاشكەنتكە قايتتى. ئۇزۇن ئۆتمەي ئەھمەد تەنبەل بەگ ئۆرەتۆپىنى ئىشغال قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئەھمەد تەنبەل بەگ ۋە شىبانى خانلار مەھمۇدخاننىڭ ئىككى دۈشمىنى بولۇپ مەيدانغا چىقتى ۋە ئىككىسى بىرلەشتى.

## شىبانى خاننىڭ تاشكەنتنى بېسىۋېلىشى

شىبانى خان بىلەن ئەھمەد تەنبەل بەگ ئىككىسى بىرلىشىپ، سۇلتان مەھمۇدخانغا قارشى ئاشكارە دۈشمەنلىك پائالىيەتلىرىنى باشلىغان خەۋىرىنى ئاڭلاپ ئەھمەد ئالاچەخان تۇرپاندا چوڭ ئوغلى مەنسۇرخاننى ئۆز ئورنىدا قويۇپ، ھىجرى 908 - (مىلادى 1502ـ) يىلى ئەتراپىدا تاشكەنتكە باردى ۋە قانداق قىلىپ، بۇئىككى دۈشمەننى يوقىتىش ھەققىدە پىكىرلەشتى. ئالدى بىلەن فەرغانىغا يۈرۈش قىلىپ تەنبەلنى يوقاتقاندىن كېيىن سەمەرقەنتكە يۈرۈش قىلىپ، شىبانى خاننى يوقىتىپ تۈركىستاننى ئۆزبەك تەھلىكىسىدىن قۇتقۇزۇش پىلانى بويىچە، 30 مىڭ كىشىلىك بىرقوشۇن بىلەن سۇلتان مەھمۇدخان ئالاچەخان ۋە بابۇرمىرزالار فەرغانىغا قاراپ ماڭدى. تەنبەلنىڭ ئەسكەرلىرىنى ئۇچرىغان ھەريەردە مەغلۇپ قىلىپ، ئەنجان ۋە باشقا پۈتۈن شەھىرلەرنى ئېلىپ، تەنبەلنى يېقىنلىرى بىلەن ئەنجان شەھرىدە مۇھاسىرىگە ئالدى. سۇلتان فەرغانىغا يۈرۈش باشلىغاندا تەنبەل شىبانى خاندىن ياردەم سورىغانىدى. سۇلتان، ئالاچەخان ۋە بابۇر مىرزالار ئەنجاننى مۇھاسىرىگە ئېلىپ، شەھەرنى ئالىمىزدەپ تۇرغانلىرىدا شىبانى خاننىڭ ئۆرەتۆپىگە كەلگەن خەۋىرى كەلدى ۋە ئۇلار ئەنجاننى ئېلىشنى قويۇپ شىبانى، خان بىلەن ئۇرۇشقىلى مەرغىنانغا ۋە ئۇيەردىن خوجەنتكە كەلدى. بىركۈنى ئۇشتۇمتۇت غەربىدىن شىبانى خان ۋە شەرقتىن تەنبەلنىڭ خوجەنتكە يۈرۈش قىلىپ يېقىنلىشىپ قالغانلىق خەۋىرى كەلدى. خانلار بۇ ئىككى دۈشمەن ئوتتۇرىسىدا قامالغا چۈشۈپ قېلىشتىن قورقۇپ

خوجەنتنى بوشىتىپ، سىردەرىيادىن ئۆتتى ۋە شاھرۇخىيە ۋە ئاخسى شەھەرلىرىنى مەركەز قىلىشنى پىلانلاپ شاھرۇخىيىگە كەلدى. بىرقىسىم ئەسكەر بىلەن بابۇر مىرزانى ئاخسى شەھىرىگە ئەۋەتتى. شىبانى خان ئەسكىرىي تاكتىكا ۋە ھەربىي مانېۋىرچەھەتتە خانلاردىن ماھىرراق ئىدى. ئۇ تەنبەل بىلەن بىركېچىدە شاھرۇخىيە ۋە ئاخسى شەھەرلىرىگە تۇيۇقسىز باسقۇن قىلىپ، شەھەر تېشىدىكى بىر باغدا غەپلەتتە ئۇخلاۋاتقان سۇلتان مەھمۇدخان ۋە ئالاچەخاننى ئوغۇللىرى بىلەن ئەسىرئالدى. بابۇرمىرزا تەنبەلنىڭ ئاخسىغا قىلغان ھۇجۇمىغا بىركېچە- كۈندۈز قاتتىق تۇرۇپ قارشىلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇخانلارنىڭ ئەسىر ئېلىنغانلىقىنى ئاڭلىغان ئەسكەرلىرى پاراكەندە بولۇپ قاچتى. بابۇر مىرزا مۇ قېچىپ قۇتۇلدى. سۇلتان مەھمودخان ۋە ئالاچەخاننىڭ ئەسكەر لىرىمۇ ناھايىتى پاراكەندە ھالدا ھەرتەرەپكە قېچىپ توزۇپ كەتتى. شىبانى خان ئەسىرئالغان خانلارنى ئېلىپ، دەرھال تاشكەنتكە ماڭدى. سۇلتان مەھمۇدخان تاشكەنتتەئۆز ئورنىدا قويۇپ كەلگەن ئوغلى مەھەممەد سۇلتان بۇ دەھشەتلىك خەۋەرنى ئاڭلىغان ھامان پۈتۈن خانداننى ۋە خەزىنىلىرىنى ئېلىپ، شەرقىي تۈركىستانغا قاچتى ۋە ئىسسىقكۆل ئەتراپىغا كېلىپ توختىدى. بابۇر مىرزا ئاخسىدىن قاچقاندىن كېيىن چېچىلىپ كەتكەن 2 ـ 3 يۈزدەك ئەسكىرىنى يېنىغا توپلاپ، فەرغانىنىڭ جەنۇبىدىكى ئەسفەرە تاغلىرىدا بىريىلغىچە جاپا مۇشەققەتلىك كۈنلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ، ئاخىرى قارا تېگىن يولى بىلەن كابۇلغا كەتتى.

## خانلارنىڭ ئەسىرلىكتىن قۇتۇلغانلىقى، ئالاچە خاننىڭ ۋاپاتى ۋە شەرقىي تۈركىستاندا ئىنقىلاپ

شىبانى خان تاشكەنت ۋە فەرغانىنى ئىشغال قىلىپ بولغاندىن كېيىن سۇلتان مەھمۇدخان ۋە ئالاچەخانلارغا: «مەن سىلەرنى ئەسىرئالدىم، ئەمما، سىلەرنىڭ ياردەملىرىڭىزلار نەتىجىسىدە كەڭرى بىرمەملىكەتكە ئىگە بولدۇم. بەرگەن تۇزۇڭلارنى ئۇنۇتماي سىلەنى ئۆلتۈرمىدىم. ئەمدى خالىغان يەرگە كېتىڭلا» دەپ ئۇلارنى قويۇپ بەردى. خانلار ئەسىرلىكتىن قۇتۇلۇپ، شەرقىي تۈركىستانغا كېلىپ، دەسلەپتە ئىسسىقكۆل بويىدا يەرلەشكەن بولسىمۇ تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدا تۇرۇۋشنى ئۆزلىرى ئۈچۈن خەتەرلىك ھىس قىلىپ، ئالتى شەھەرتەرەپكە ئۆتۈپ كېتىشكە قارارقىلدى. ئۈچ (ئاقسۇ) ئاھالىسىنى ئابابەكرى مىرزا غا قارشى قوزغاپ، ئىسيان چىقاردى ۋەخەلقىنىڭ ياردىمى بىلەن ئاقسۇغا كېلىپ يەرلىشىپ ئۇيەرنى پايتەخت قىلدى. ئالاچەخان كېسەل بولۇپ قېلىپ، ھىجرى 909 ـ يىلى ئاقسۇدا ۋاپات بولدى. ئالاچەخاننىڭ، قول ئاستىدىكى چاكىرىنىڭ قولىدا ئەسىر بولۇپ دۆلىتىدىن، پايتەختىدىن ئايرىلىپ خار- زارلىقتا قالغانلىقىنىڭ ئەلىمىگە چىدىماي كېسەل بولۇپ ئۆلۈپ كەتكەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ. ئالاچەخان ۋاپات بولغاندىن كېيىن، سۇلتان مەھمۇدخان ئۇنىڭ

ئومۇمىي ۋالىيلىق مەنسىپىنى ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى مەنسۇرخانغا ، بېرىپ، ئۆزى ئىسسىقكۆل ئەتراپى، ئىلى ۋە يەتتەسۇنىڭ شىبانى خاننىڭ ئۇيۇزى ئاستىغا كىرىپ قىلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئەسكەرلىرىنى ۋە خانداننى ئېلىپ شىمالغا كەتتى. بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئابابەكرى مىرزا دەرھال يۈرۈش قىلىپ ئۈچىنى ئىشغال قىلدى. سۇلتان مەھمۇدخان شىمالغا بارغاندىن كېيىن، يەتتەسۇ ئۆلكىسىگە ئالاچەخاننىڭ كىچىك ئوغلى خەلىل سۇلتاننى ۋالىي قىلدى. ئۆزى بۇرۇنقىدەك ئەيش ـ ئەشرەت بىلەن راھەتكە بېرىلىپ، يايلاقمۇ- يايلاق يۈرۈپ، ئوۋ ئوۋلاش بىلەن ئويۇن تاماشاغا بېرىلىپ كەتتى. يۇرتنى ئىدارە قىلىش ئىشنى قېشىدىكى لاياقەتسىز ، رەزىل يېقىنلىرىغا تاشلاپ قويدى. بۇ كىشىلەرنىڭ ناچار ئىدارە قىلىشلىرى سەۋەبىدىن نارازى بولغان مەنسۇرخان سۇلتان مەھمۇتتىن يۈزئۆرۈپ مۇستەقىللىق ئېلان قىلدى. بۇنىڭ بىلەن شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئاۋات شەھەرلىرى ۋە مۇنبەت تۇپراقلىق زېمىنلىرى بولغان ئالتە شەھەر ، تۇرپان ۋە بەشبالىق ئۆلكىلىرى سۇلتان مەھمۇدنىڭ ھاكىمىيىتىدىن چىقىپ كېتىپ، يالغۇز تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدىكى ئۇيۇسى يوق دېگۈدەك ئاز ، ئونۇمسىزئازغىنە بىر يايلاق رايۇنلا قولىدا قالدى.

ھىجرى 913 ـ(مىلادى1507ـ) يىلى يەتتەسۇ ۋالىيسى خەلىل سۇلتان ۋە ئاكىسى سەئىدخانلار يەتتەسۇدا مۇستەقىللىق ئېلان قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ھەرقايسى جايلاردىكى قەبىلە بەگلىرى ۋە تۇمەنبەگلىرى يۈز ئۆرۈپ ئىسيان چىقارغىلى باشلىدى. سۇلتان مەھمۇدخان بۇ ئىسيانلارنى باستۇرۇش ئۈچۈن بىر يىل تېرىشقان بولسىمۇ ئۆزىنىڭ غەيرەتسىزلىكى سەۋەبىدىن ۋە يېنىدا ئىشقا يارىغۇدەك ئادەملىرىنىڭ يوق ھېساۋىدا بولغانلىقىدىن ئاخىرى سەئىدخان تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىندى.

## سۇلتان مەھمۇدخان شېھىت بولغاندىن كېيىنكى ۋەقەلەر

ئەگەر، سۇلتان مەھمۇد خاندا يۇرتنى جىددى ئىدارە قىلىش قابىلىيىتى بولغان بولسا، بۇئىچكى ئىسيانلارنى بېسىقتۇرۇپ، دۆلەتنى خەتەردىن قۇتقۇزۇپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى. لېكىن، ئۇ بۇئىسيانلار نەتىجىسىدە ئۆزىنىڭ راھەت ۋە ئەيش ـ ئەشرەتلىرىنىڭ كۆڭدىن كۆڭگە ئازىيىپ كېتىشىدىن غەم قىلىپ يۇرتنى تاشلاپ چىقىپ كېتىش خىيالىغا چۈشتى. يەنە بىرتەرەپتىن، سۇلتاننىڭ يېنىدىكى رەزىل ۋە يامان نىيەتلىك ئادەملىرى بۇ بۇزۇقچىلىق، تۈگىمەس ـ پۈتمەس جېدەل ـ ماجىرا ۋە ئىسيانلاردىن زېرىكىپ، ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈنمۇ سۇلتان مەھمۇد نى، «شىبانى خاننىڭ قېشىغا بېرىپ باشپاناھلىق تىلەپ، ئۇنىڭ يېنىدا ھۆرمەتكە سازاۋار بولۇپ راھەت ۋە ئەيش ـ ئەشرەت بىلەن ھايات كەچۈرۈش» كە كۈشكۈرتكىلى تۇردى. ھىجرى 914 ـ يىلى سۇلتان مەھمۇدخان شەرقىي تۈركىستاننى ئۆزھالىغا تاشلاپ، شىبانى خاننىڭ يېنىغا كېتىشكە قارار قىلدى. چوڭ ئوغلى سۇلتانىم دادىسىنى بۇ پىكرىدىن ياندۇرۇشقا تېرىشىپ، شىبانى خاننىڭ قانخور بىر زالىم ئىكەنلىكنى ئاڭلاتقان بولسىمۇ كار قىلمىدى،

سۇلتان مەھمۇد بەش ئوغلى ۋە مىرزا مەھەممەت ھۈسەيىن باشلىق يېقىنلىرىنى ئېلىپ فەرغانىغا كەتتى. بىر باشپاناھلىق تىلەپ ئىلتىجا قىلغۇچى سۈپىتى بىلەن خوجەنتكە كىردى. شىبانى خان بۇنى ئاڭلاپ سۇلتان مەھمۇدخان ۋە ئوغۇللىرىنى تۇتقان يەردىلا دەرھال ئۆلتۈرۈشنى ئەمر قىلىپ ئادەم ئەۋەتتى. ئۇلار سۇلتان مەھمۇدخان ۋە بەش ئوغلىنى خوجەنتتە سىردەريا بويىغا ئېلىپ چىقىپ شېھىت قىلدى.

سۇلتان مەھمۇدخان شەرقىي تۈركىستاندىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ئورنىدا قالغان ئوغلى سۇلتانىم، سەئىدخان ۋە خەلىل سۇلتانلار بىلەن بىرقانچەكۈن ئۇرۇشۇپ، ئاخىرى مەغلۇپ بولۇپ قېچىشقا مەجبۇر بولدى. دادىسىنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكى ھەققىدە خەۋىرى يوقتى. ھەتتا «شىبانى خان سۇلتان مەھمۇدخان ۋە ئوغۇللىرىنى كاتتا ئېھتىرام بىلەن كۈتىۋاپتۇ» دېگەن سۆزلەرمۇ تارقالدى. شۇنىڭ بىلەن سۇلتانىممۇ دادامنىڭ يېنىغا بارىمەن دەپ، يۇرتىنى تاشلاپ تاشكەنتكە يۈردى، بارا - بارماس شىبانى خان ئۇنىمۇ ئۆلتۈرۈۋەتتى.

سۇلتان مەھمۇدخان ۋە ئوغۇللىرىنىڭ مۇنداق خار - زارلىقتا ئۆلتۈرۈلۈشىنىڭ ئاساسى سەۋەبى سەئىدخان ۋەخەلىل سۇلتانلارنىڭ ئىسيان چىقىرىپ، سۇلتان مەھمۇد خاننى بىسىم ئاستىغا ئالغانلىقلىرى ئىدى. مەنسۇرخان بۇ پاجىئەنى تۇرپاندا ئاڭلاپ، ناھايىتى غەزەپلىنىپ مەرھۇم سۇلتاننىڭ ئىنتىقامىنى ئۆز ئىنىلىرى بولغان سەئىدخان ۋە خەلىل سۇلتانلاردىن ئېلىش ئۈچۈن، بەشبالىق يولى بىلەن يەتتە سۇغا يۈرۈش قىلدى: قاتتىق ئۇرۇشلاردىن كېيىن ئۇلارنى يەتتەسۇدىن سۈرۈپ ئالماتاتا غىچە قوغلاپ دەھشەتلىك ئۇرۇشلاردىن كېيىن سەئىدخان ۋە خەلىل سۇلتانلارنى ئۇزۇل - كېسىل مەغلۇپ قىلدى. سەئىدخان ئازغىنە ئەسكەرلىرى بىلەن جەنۇبقا قېچىپ بىرجاڭگاللىققا يوشۇرۇنۇۋالدى (بۇلارنى «سولتان سەئىدخان» دېگەن بۆلۈمدە تەپسىلى بايان قىلىمىز).

خەلىل سۇلتان قېچىپ كېتىۋېتىپ شىبانى خاننىڭ ئادەملىرىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالدى، ئۇلارخەلىل سۇلتاننى سىردەرياغا تىرىك تاشلاپ سۇدا بوغۇپ ئۆلتۈردى. بۇ ۋەقەلەردىن كېيىن، مەنسۇر سۇلتان ئىسسىقكۆل ۋە يەتتە سۇ ئەتراپىنى ئۆز ھالىغا تاشلاپ قويۇپ تۇرپانغا كەتتى. نەتىجىدە، بۇ ئۆلكىلەر ھۆكۈمدارسىز قېلىپ قەبىلىلەر ئارىسىدا باشباشتاقلىق ۋە ئەنسىزلىك باشلىدى. بۇئارىدا قىرغىزلاردىن قاچقان قازاق خانلىرى بۇيەردىكى قەبىلىلەرنى مەغلۇپ قىلىپ يەرلىرىنى ئىشغال قىلدى. بولۇپمۇ ئېسسىقكۆل ئەتراپىغا كۆپرەك كېلىپ يەرلىشىپ، يەرلىك خەلقنى بولاڭ - تالاڭ قىلىپ ئېغىر زىيان كەشلىك قىلدى.

## شەرقىي تۈركىستاندىكى چاغاتاي دۆلىتىنىڭ يىقىلىشى

سۇلتان مەھمۇدخانغىچە ئۆتكەن چاغاتاي ھۆكۈمدارلىرىنىڭ 300 يىل داۋام قىلغان دۆلىتى موغۇل دۆلىتى دەپ ئاتىلدۇ. چۈنكى، بۇ ھۆكۈمدارلارچاغاتاي جەمەتىدىن بولغانلىقلىرىدىن باشقا، ئۇلارنىڭ

ئىدارىي تەشكىلاتى ۋە رەسمىي مۇراسىملىرى پۈتۈنلەي موغۇل ئەنئەنىسى بويىچە بېجىرىلەتتى. دۆلەتنىڭ يۇقىرى مەنسەپدارلىرى ۋە ئەسكەرلەرنىڭ كۆپچىلىكىنى موغۇللار تەشكىل تاپقان بولۇپ بۇھۆكۈمدارلار مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىنمۇ بۇ ۋەزىيەت داۋام قىلغان. ئەمما، سۇلتان مەھمۇدخان شېھىت بولۇپ سەككىز يىل ئۆتكەندىن كېيىنكى سۇلتان سەئىدخان قۇرغان دۆلەتتە يالغۇز ھۆكۈمدارلار چاغاتاي خانىدانىدىن بولۇپ، دۆلەت ئادەملىرى ۋە ئەسكەرلەرخاس شەرقىي تۈركىستانلىقلاردىن تەركىپ تاپقان. ئىدارى تەشكىلاتى، رەسمىي مۇراسىملار، ئومۇمىي تۇرمۇش شەكلى، مائارىپ ۋە باشقا ئىجتىمائىي ئىشلارجەھەتىن شەرقىي تۈركىستاننىڭ مەدەنىي ئاھالىسىنىڭ روھىي ھالىتى ۋە ئىسلام مەدەنىيىتىگە ئۇيغۇن ، بۇرۇنقى چاغاتاي دۆلىتى دەۋرىدىكىدىن پۈتۈنلەي باشقا شەكىلدە ئىدى ۋە موغۇل ئەنئەنىلىرىدىن ئۇزاق ئىدى.

مانا بۇ سەۋەپتىن، سۇلتان مەھمۇد خاننىڭ شېھىت بولۇشىنى چاغاتاي موغۇل دۆلىتىنىڭ يىقىلىشى دېمەك لازىم. سۇلتان سەئىدخاندىن باشلاپ، ئاپپاق خوجا يېغىسى ۋە قالماق ئىستىلاسىغىچە داۋام قىلغان دۆلەتنى شەرقىي تۈركىستاننىڭ مىللى دۆلىتى ۋە ياكى بىرلىك دۆلىتى دەپ ئاتاش ئۇيغۇن بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن چاغاتاي دۆلىتى دەۋرىدىكى شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئىلمىي، ئىجتىمائىي ۋە سياسىي ئەھۋالى توغرىسىدىكى مەلۇمات ۋە كۆز قاراشلارنى تۆۋەندە سۆزلەپ ئۆتىمەن.

## چاغاتاي دۆلىتى دەۋرىدە شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئىجتىمائىي ۋە ئىدارى تەشكىلاتى

چىڭگىزخان ئىستىلاسى دەسلەپكى كۆرۈنۈشتە شەرقىي تۈركىستانىنى كۈچلۈكنىڭ زۇلمى ۋە بۇزۇپ چېقىشلىرىدىن قۇتقازغانلىقى ئۈچۈن بۇ يۇرتنى دەھشەتلىك بىر بالا- قازا ساقلاپ قالغاندەك كۆرۈنىدۇ. ھەقىقەتتە بولسا شەرقىي تۈركىستاننىڭ بۇ دەۋردە داۋامسىز بىر بۇھراندىن مۇزمىن(داۋاملىق) بىر ئىللەتكە گىرىپتار بولغانلىقىنى ئۇچۇق كۆرىمىز. چۈنكى، كۈچلۈك ئۆزى بىر ئەشەددى زالىم، ئىشغال قىلغان يەرلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۇرۇپ - چېقىپ، ئوت قويۇپ، ۋەيرانىگە ئايلاندۇرۇۋېتىدىغان بىر ۋەھشى بولسىمۇ ئۇنىڭ ئارقىسىدا قۇۋۋەتلىك بىر ئەسكىرى كۈچى يوقتى. مىللەتنىڭ ھەقىقىي بىر ئىنقىلابى ھەرىكىتى ئۇنى پۈتۈنلەي يوقىتالىشى مۇمكىن ئىدى. ئەمما، چىڭگىز ئىستىلاسىدىن چاغاتاي دۆلىتى يىقىلغىچە بولغان 300 يىل ئىچىدە شەرقىي تۈركىستان خەلقى قارشىلىق كۆرسىتىشى مۇمكىن بولمايدىغان دەھشەتلىك بىرقۇۋۋەتنىڭ ئېزىشى ئاستىدا قالدى. شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ تارتقان زۇلۇم، جاپا- مۇشەققەتلىرى ۋە بۇمىللەتنىڭ مەدەنىيىتى ئۇچرىغان زىياننىڭ ئالدىدا، چاغاتاي دۆلىتىنىڭ بۇمىللەتكە قىلغان پايدىلىق ۋە پاراۋانلىق ئىشلىرىنىڭ قىممىتى يوق ھېساپتا قالىدۇ. تەڭرى تېغىنىڭ شىمالىدىكى ئىسسىقكۆل ئەتراپى، تالاس، ئىلى، يەتتەسۇ، ئىمىل، ئالتاي

بۆلگىلىرى داۋاملىق ھەربىي يۈرۈش يولى ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ جايلار چاغاتاي خاندانىنىڭ ئىچكى كۈرەشلىرىنىڭ قانلىق جەڭ مەيدانىغا ئايلانغان. تۆمۈربەگ ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادى دەۋرىدىكى ئۇرۇشلاردا بۇجايلار ھۇجۇمنىڭ ئالدىنقى سېپى بولغان. مانا، بۇ سەۋەپتىن بۇئۆلكىلەرنىڭ 100 دىن ئارتۇق شەھەرلىرىدىن بىرسىمۇ ساق قالماي ۋەيرانىلىقتا، كۆچمەن موغۇللارنىڭ ياكى باشقا قەبىلىلەرنىڭ مال باقىدىغان يايلىقىغا ئايلىنىپ قالدى. بايلىقنى ۋە مەدەنىيىتى يوقالدى. مۇغۇل دۆلىتى دەۋرىدە ئەڭ ئېغىر پالاكەتكە ئۇچرىغان يەرلەر مانا يۇقىرىقى جايلار دۇر. جەنۇب ئۆلكىلىرى، يەنى ئالتى شەھەر، تۇرپان ۋە بەشبالىق ئۆلكىلىرى بولسا نىسبەتەن تىنچ ئۆتكەن جايلار بولۇپ، شەھەرلىرى ئانچە ۋەيران بولمىغان ۋە خەلقىمۇ قەتلىئامغا ئۇچرىمىغانىدى. لېكىن، ئېغىر باج - سېلىق دەستىدىن قاتتىق ئېزىلگەن، بۇ سەۋەپتىن قاراخانىلار ۋە قاراختايلار دەۋرىدە قولغا كەلتۈرگەن مەدەنىيەت ۋە ئىقتىسادىي نېمەتلىرى ۋە پاراۋانلىقلىرى يوقالغانىدى.

بۇ ئەھۋال موغۇل ھۆكۈمدارلىرىنىڭ مەدەنىيەت دۈشمەنلىكىدىن ۋە ياكى قابىلىيەتسىزلىكىدىن كېلىپ چىققان ئەمەس. چۈنكى، موغۇل ھۆكۈمدارلىرىنىڭ ياساغ (قانۇن) لىرى ۋە ئىدارىي تەشكىلاتلىرى مەدەنىيەت ئۇسۇللىرىغا ئۇيغۇن، خەلقنىڭ خەۋپسىزلىكىنى ۋە پاراۋانلىقىنى كۆزدە تۇتىدىغان ئادالەتپەرۋەر بىرتەرتىپ ئىنتىزام ئىدى. دەۋلەتنىڭ تىنچ دەۋرلىرىدە خەلق مەنپەئەتى ۋە مەدەنىيەت ئۈچۈن قىلغان ياخشى ئىشلىرىمۇ بار[77]. ئەمما، شەرقىي تۈركىستاننىڭ بېشىغا كەلگەن مۇسىبەت ۋە پالاكەتلەرنىڭ سەۋەبى: موغۇل خاندانى ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ئۆزئىچىدىكى ئىچكى ئىختىلاپلاردىن تۇغۇلغان تۈگىمەس - پۈتمەس جېدەل - ماجىرالار ۋە قانلىق ئۇرۇشلار ئىدى. تۆۋەندە مانا شۇ دەۋردە جەنۇبىي شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ مەدەنىي، ئىجتىمائىي ئەھۋالىنى ۋە چاغاتاي دۆلىتىنىڭ ئىدارىي تەشكىلاتىنى بايان قىلىمىز.

## ئىجتىمائىي ئەھۋالى

چىڭگىزخان ۋە ئۇنىڭ ئەۋلاتلىرى يۈرگۈزگەن سىياسەتتە، مەغلۇپ بولغان مىللەتلەرنىڭ ئىلمىي، دىنىي ۋە ئىجتىمائىي ئىشلىرىدا ئۇلارغا ئەركىنلىك بېرىلگەن بولسىمۇ بۇ ئىشلارنىڭ تەرەققى قىلىشى ئۈچۈن ياردەم قىلىش ھەققىدە بەلگىلىمە يوقتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، شەرقىي تۈركىستاندا كۈچلۈكخان زامانىسىدا ۋەيران بولغان ئىلمىي ۋە ئەدەبىي ئىشلار موغۇللار دەۋرىدە، پەقەت، شەرقىي تۈركىستان مىللىتى تەرىپىدىن يېڭىباشتىن گۈللەندۈرۈلدى. ئەگەر دۆلەت كۆڭۈل بۆلمىسە، ھوقۇقسىز ۋە پۇلسىز قالغان بىرمىللەتنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن ئىلگىرىلىشىنىڭ بەك ئاستا بولىدىغانلىقى تەبىئىي. شەرقىي تۈركىستان خەلقى ئەزەلدىن ئىلىم ۋە مەدەنىي ھاياتقا ئادەتلەنگەن بىر خەلق بولغانلىقىدىن، ئاتا -

77 چىڭگىزخاننىڭ ياساغ (قانۇن) لىرى موغۇل تارىخلىرىدا ۋە ئومۇمىي تارىخلاردا تەپسىلىي بايان قىلىنىدۇ (مۇئەللىپتىن).

بۇۋىلىرىنىڭ ئىلمىي ئەدەبىي ئەسەرلىرىنى ۋە مۇئەسسىسلىرىدىن قەپقالغانلىرىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن قولىدىن كېلىشىچە تىرىشقان، مەۋجۇت مەدرىسە ۋە مەكتەپلەردە تەلىم - تەربىيەئىشلىرىنى داۋام قىلدۇرغان. كېيىنچە بەزى ھىممەتلىك ئالىملار ۋە ۋەتەنپەرۋەر بايلار تەرىپىدىن يېڭى مەكتەپ ۋە مەدرىسلەر بىنا قىلىندى.

تۇغلۇق تۆمۈرخان مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن، ھۆكۈمەت كاتتىلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئىسلامغا كىرگۈزۈش بىلەن شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئىلمىي ھاياتىغا زوركۈچ قوشۇلدى. ھۆكۈمران خانلار ۋەيەرلىك كىچىك ھۆكۈمدارلار كۆپلىگەن مەدرىسلەرنى ئېچىپ، پۈتۈن كەنتلەردە بۇ مەدرىسلەر ئۈچۈن يەر ۋەخپى قىلدى. دۇنيا نىڭ ھەرتەرىپىدىن چوڭ - چوڭ ئالىملارنى ئېلىپ كېلىپ، بۇمەدرىسلەردە ئۇقۇتۇش ۋەزىپىلىرىگە تەيىنلىدى. ئۇزۇنغا قالماي، شەرقىي تۈركىستاندىنمۇ كاتتا ئالىملار يېتىشىپ چىقتى ۋە دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىغا ئۇستاز بولۇپ تارالدى. مەشھۇرموللا ئابدۇراھمان جامى ۋە ئەلى شىربەگ ناۋايى قاتارلىقلارنىڭ شۇچاغلاردا قەشقەر مەدرىسلىرىدىن چىققان مەۋلانا سەئىددىدىن قەشقەرىنىڭ شاگىرتلىرى ئىكەنلىكلىرى ئۇلارنىڭ يازغان ئەسەرلىرىدىن بىلىنمەكتە. قەشقەر، خوتەن ۋەكۇچا شەھەرلىرى شۇ زامانىنىڭ مۇھىم ئىلمىي مەركەزلىرىدىن ھېساپلىناتتى. غەربىي تۈركىستاننىڭ تۆمۈربەگ ۋە ئۇغۇللىرى دەۋرىدە ئىلىم ۋە مەرىپەتتە بەك تەرەققى قىلغانلىقى ھەممىگە مەلۇم. ئۇچاغلاردا، بۇ ئىككى يۇرتىنىڭ ھۆكۈمرانلىرى ئارىسىدا تولاراق سىياسي دۈشمەنلىك كېلىپ چىققان بولسىمۇ خەلقنىڭ ئىلمىي ۋە ئىجتىمائىي ئىشلاردا بىر - بىرلىرىدىن پايدىلىنىشلىرىدا ھېچ تۇسقۇنلۇق يوقتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىلمىي ۋە مەدەنىيەت سەۋىيە جەھەتتە شەرقىي تۈركىستان بىلەن غەربىي تۈركىستان پەرقلىنىپ كەتمەيتتى.

ئۇچاغدا، پۈتۈن ئىسلام مەملىكەتلىرىدە ئەدەبىي تىل ئەرەبچە بولغىنىدەك شەرقىي تۈركىستاندىمۇ ئەرەبچە ئىدى. ئەدەبىياتتا تۈركچە ۋە پارسچە تەخمىنەن تەڭ دەرىجىدە بولۇپ، شائىرلار شئىرلىرىنى بۇ ئىككى تىلدا يازغان. شۇچاغدا يېزىلغان كىتابلار ۋە شائىرلارنىڭ دىۋانلىرىدىن زامانىمىزغىچە يېتىپ كەلگەنلىرى بەك ئاز. پارسچە «سۇراھۇللوغات»، تۈركچە «سىرەتۇننەبى»، ئەرەبچە «شەمشۇلبازغانىڭ ھاشىيىسى» (ھەزرىتى مۇللام قەشقەرىنىڭ ئەسىرى) ۋە پارسچە «تارىخى - رەشىدى» قاتارلىق كىتابلار شەرقىي تۈركىستان ئالىملىرىنىڭ چاغاتاي دەۋرىدە يېزىپ چىققان ئەسەرلىرىنىڭ نەمۇنىلىرىدىن ئىبارەتتۇر.

ئەپسۇسكى، ئۇچاغدا ئۆتكەن شائىرلارنىڭ دىۋانلىرىنى كۆرۈش ماڭا نېسىپ بولمىدى. شەرقىي تۈركىستانلىق ئەھمەد بەگ ئىسىملىك بىر شائىرنى بابۇر مىرزا بەك ماختاپ «بۈكىشى ئەلشىر ناۋايى بىلەن تەڭ دەرىجىدە شائىر ئىدى» دەپ يازغان. چاغاتاي خانلىرىنىڭ ئاخىرقىسى بولغان سۇلتان مەھمۇدخانىڭمۇ شائىرئىكەنلىكى ئېنىق.

شەرقىي تۈركىستاننىڭ قەدىمدىن تارتىپ مەدەنىيەت ۋە تەرەققىيات جەھەتتە تۈرك دۇنياسىنىڭ ئەڭ ئالدىنقى قاتاردىكى سەركەردىلەردىن بىرى بولۇپ كەلگەنلىكىنى تارىختىن ئۆچۈرۈۋالالايمىز. موغۇل ھۆكۈمدارلىرى دىن ۋە مەدەنىيەت ئىشلىرىدا ھاسىيلىقىدىكى خەلقلەرگە يول قويۇش بىلەن بىللە شەرقىي تۈركىستاندىكى موغۇل ھۆكۈمدارلىرى قىسقا بىر زامان ئىچىدە يەرلىك خەلقنىڭ مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلغانىدى. ئۇلار تىنچ دەۋردە شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ تېرىلغۇ، سانائەت ۋە تىجارەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ياردەم قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئۆز تەجرىبە ۋە سىپلىقلىرىغا ئۇيغۇن ھالدا تەرەققىي قىلىشىغا ياردەم قىلغانىدى. لېكىن، بۇ تىنچ دەۋرلەر ئۇزۇنغا بارمىدى ۋە بۇ ئىلگىرىلەشلەر ماختىغۇدەك بىر پەللىگە يەتمەي تۇرۇپ، توختاپ قالغان ھەتتا ئارقىغا چېكىنىپ كەتكەن.

تىنچ دەۋرلەر نىسبەتەن ئۇزۇن مۇددەت داۋام قىلالىغان جەنۇب (ئالتە شەھەر ۋە تۇرپان) ئۆلكىلىرىدە قول سانائەت تازا تەرەققىي قىلغانىدى. چۈنكى، شىمالدىكى ئۆلكىلەردە تولاراق ھۆكۈمەتنىڭ ئەسكىرىي قىسىملىرى تۇرغان ۋە ئۇچايلار غا يەرلەشكەن موغۇل، قىرغىز ۋە باشقا كۆچمەن قەبىلە خەلقلىرىدە سانائەت يوقتى. ئۇلار جەنۇبدىكى خەلقلەرنىڭ ھەرخىل قول سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئەڭ ياخشى خېرىدارلىرى ئىدى. مانا بۇ سەۋەپتىن ھۈنەرۋەنلەر كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ ئىشلەپ، ھەرخىل يىپەك، بۆز ۋە يۇڭ رەخ، گىلەم، ھەرخىل زىننەت بۇيۇملىرى، قورال - ياراغ، قەغەز ۋە باشقا كۈندىلىك بۇيۇملارنى ئىشلەپ چىقىرىپ، سودىگەرلەر ۋاستىسى بىلەن شىمالغا ئاپىرىپ ساتاتتى. تاشقى تىجارەت بولسا، ئىچكى جەھەتتە تىنچلىق بولغان ۋە خوشنا مەملىكەتلەردىمۇ تىنچلىق بولغان زاماندا راۋاج تاپقان. چىن ۋە غەربىي تۈركىستانغا تىجارەت كارۋانلىرى بېرىپ - كېلىپ تۇرغان بولسىمۇ تىنچسىزلىق تۇپەيلىدىن تاشقى تىجارەت تۇرۇپ - تۇرۇپ ئۈزۈلۈپ قالاتتى. شۇنداقتىمۇ ئاسىيانىڭ شەرقىي ۋە غەربىي ئوتتۇرىسىدىكى تىجارەتنىڭ قاتناش مەركىزىدە بولغان شەرقىي تۈركىستان تىجارەتچىلىرى بۇ خىل تىجارەتتىن كۆپ پايدا ئالاتتى. غەربىي تىبەت ۋە پامىر ھېچبىر ھۆكۈمەتنىڭ تەۋەلىكىدە بولمىغاچقا، يول ئامانلىقى يوقتى ۋە بۇ يۇرتلارغا قاتناش ۋە تىجارەت قىلىش ئىمكانسىز ئىدى. ئەمما، ئىچكى جەھەتتە بەزى بىر تىنچسىزلىق دەۋرلەرنى ھېساپقا ئالمىغاندا، يۇرتنىڭ جەنۇپ ۋە شىمال قىسىملىرى ئوتتۇرىسىدا تىجارەت ھەر زامان ياخشى ئېقىپ تۇراتتى.

## ئىدارىي تەشكىلاتى

چاغاتاي ھۆكۈمدارلىرى قول ئاستىدىكى خەلقلەرنى تۆۋەندىكىدەك تۆت سىنىپقا ئايرىپ ھەرسىنىپقا باشقا - باشقا ۋەزىپە يۈكلەپ ئىدارە قىلغان: (1) تۈمەن. بۇ باج سېلىق تۆلەيدىغان پۇقرالاردىن 10 مىڭ نوپۇستىن تەركىپ تاپقان بىرجەمئىيەت دېمەكتۇر. ھەر- بىر تۈمەنگە خان تەرىپىدىن بىر«تۈمەنبېگى» تەيىنلەنگەن بولۇپ، بۇلار تەۋەلىكىدە ئولتۇرۇشلۇق ھەربىر ئادەم بېشىغا

بىرمىقتار ئالۋاڭ يىغىپ، ھەر يىلى خاننىڭ خەزىنىسىگە تاپشۇرۇشقا مەسئۇل ئىدى. (2) قوچىن (شەرقىي تۈركىستان شىۋىسىدە قوشۇن) ـ ئەسكەرلىككە تىزىملانغان كۆپىنچە موغۇللار ۋە دۆلەت ئادەملىرىگە تەۋە بولغان قەبىلىدىكى كىشىلەر. بۇلاردىن ئادەم بېشىغا ئالۋاڭ ـ سېلىق ئېلىنمايتتى. ھۆكۈمەت خالىغان چاغدا ئۇلارنى چاقىرىپ مەجبۇرەن ئەسكەرلىككە ئالاتتى. بۇلارنى ئەسكەرلىككە چاقىرىش ياكى ئائىلىسىگە تارقىتىش خىزمىتىگە جەنۇپتا تۇمەن بېگى شىمالدا قەبىلە بەگلىرى مەسئۇل ئىدى. (3) ئويماق (شەرقىي تۈركىستان شىۋىسىدە ئايماق) ـ دەۋلەت ئالدىدا ئابرويلۇق، ئېسىلزادە ۋە ئىمتىيازلىق كىشىلەردىن تەركىپ تاپقان بىر قەبىلە، كەنت ياكى مەھەللە ئادەملىرىدىن ئىبارەت بىر توپلۇم. بۇلار ھۆكۈمەتنىڭ ئادەم بېشىغا ئالىدىغان ئالۋاڭ ـ سېلىقىدىن ۋە ئەسكەرلىكتىن كەچۈرۈم قىلىنغان، پەقەت بىرمىقتار ئاشلىق ۋە كىيىم ـ كېچەك ئالۋاڭى تۆلەيتتى، «ئايماق باشلىقى» بۇ ئالۋاڭنى يىغىپ، خەزىنىگە تاپشۇرۇشقا مەسئۇل ئىدى.

(4) شەرىئەت مەنسەپدارلىرى، ۋەخپى مۇتەۋەللىلىرى، مۇدەررىسلەر ۋە خاتىپلەر. بۇلارنىڭ تولاراقى سالاھىيىتى تۆۋەن بولسىمۇ، دۆلەت ئادەملىرىنىڭ تۇغقانلىرى ياكى دوستلىرى، يۇرتنىڭ ئېسىلزادىلىرىدىن تەيىن قىلىنغان كىشىلەردىن ئىبارەت ئىدى. ئالاھىدە شۆھرەت تاپقان باشقا كىشىلەرمۇ بۇ ئورۇنلارغا تەيىنلىنەتتى.





قاراخانىلارنىڭ ئالامىتى بولغان بۇغرا(ئەركەك تۆگە) نىڭ شەكلى چۈشۈرۈلگەن ئاپتۇۋا(7 ـ ياكى 8 ـ ئەسىرگە ئائىت). ۋە قاراخانىلاردىن مەھەممەد ئارسلان خان بۇخارادا ياساتقان خانىقا نىڭ ھازىرقى كۆرۈنۈشى(1124 ـ 1137).

يوقىرىقى ئىدارە شەكلى بىۋاستە چاغاتاي ھۆكۈمدارلىرىغا تەۋە بولغان جايلارغا خاس ئىدى. ئىچكى مۇستەقىللىققا ئىگە يەرلىك خانلىقلاردا يالغۇز تۈمەن سىنىپىنىڭ ئالۋاڭ ـ سېلىقى يەرلىك ھۆكۈمدارلار ۋاستىسى بىلەن خانىنىڭ خەزىنىسىگە تاپشۇرۇلۇپ، قالغان سىنىپلار يەرلىك ھۆكۈمدارنىڭ ئىختىيارىدا بولاتتى. ئىچكى مۇستەقىللىققا ئىگە ھەر قايسى ئۆلكىلەردە بۇسىنىپلارنىڭ تەشكىلى باشقىچە ئىدى.

3 ـ پەسىل

## ئالتە شەھەر دۇغلات ھۆكۈمدارلىرىنىڭ تارىخچىسى

«چىڭگىزخانىنىڭ شەرقىي تۈركىستانىنى ئىستىلا قىلىشى» دېگەن بۆلۈمدە سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك، دوغلات خاندانىنىڭ تۇنجى ھۆكۈمدارى چىڭگىزخانىنىڭ ئەڭ يېقىن ئادەملىرىدىن بولغان ئۇيغۇر ماڭلايسۇيە دوغلات ئىدى. دوغلات خاندانىنى «موغۇل قەبىلىسىگە مەنسۇپ قەبىلىدىن» دەيدىغان كۆز قاراش ئېتىبار بېرىشكە ئەرزىمەيدىغان بىرگۇماندىن ئىبارەت. ماڭلاي سۇيە، ھىجرى 615 ـ (مىلادى 1218ـ) يىلى ئالتە شەھەرگە ھۆكۈمدار بولدى. بۇھۆكۈمرانلىق ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىدا ئۈزۈلمەي، ھىجرى 921 ـ يىلىغىچە داۋام قىلدى (17 ـ خەرىتىگە قاراڭ). ئەپسۇسكى، ماڭلاي سۇيە دىن كېيىن، ھىجرى 700ـ (مىلادى1300) ـ يىللىرى ئەتراپىدا دوغلات ھۆكۈمدارى بولغان بايدارخانغىچە ئۆتكەن دوغلات ھۆكۈمدارلىرى ھەققىدە مەلۇماتىمىز يوق. دوغلات ھۆكۈمدارلىرى دەسلەپتە كۇچا نى،كېيىنچە قەشقەرنى پايتەخت قىلغان. تارىختا نام قازانغان ئالدىنقى قاتاردىكى دوغلات ھۆكۈمدارى بايدارخان ئىدى. ئەسلىدە ئۆكتاي خاندانىدىن شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمدارى «قايدۇخان» غا تەۋە بولغان بايدارخان، ھىجرى ـ 607 (مىلادى 1210) ـ يىلى قايدۇخانىنىڭ ئوغلى چاپارخانغا قارشى ئۆرۈش ئېلان قىلدى. ئۇنىڭ بۇ ھەرىكىتى چاغاتاي خاندانىدىن بولغان دۇۋاي چېچەنخانىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئىككىنچى قېتىم چاغاتاي ھاكىمىيىتىنى تىكلىشىگە ياردەم قىلدى. دۇۋاي چېچەنخان بۇ ياردىمى ئۈچۈن ئىسسىقكۆل ئەتراپى ۋە يەتتەسۇ ئۆلكىلىرىنى بايدارخانغا مۇكاپات سۈپىتىدە بەردى. بۇنىڭ بىلەن دوغلات ھۆكۈمىتىنىڭ دائىرىسى ئىككى ھەسسە كېڭەيدى. بايدارخان ۋاپات بولغاندىن كېيىن، چوڭ ئوغلى تۇلەكبەگ ھۆكۈمدار بولدى (بايدارخانىنىڭ ۋاپات تارىخى ۋە تۇلەكبەگ توغرىسىدا مەلۇماتىمىز يوق).

تۇلەك بەگدىن كېيىن ئىنىسى پولاچى بەگ ھۆكۈمدار بولدى. بۇنىڭ زامانىسىدىن باشلاپ دوغلات ھۆكۈمدارلىرىنىڭ ئىقتىدارى ۋە نوپۇزى ئەڭ يۇقىرى دەرىجىگە چىقتى. چاغاتاي خانلىرىنى تەختكە چىقىرىش، دىتلىرىگە ياقمىغان خاننى ئۆلتۈرۈش، يوقىتىش، ئۇرۇش ئېلان قىلىش، سۈلھى

قىلىش قاتارلىق شەرقىي تۈركىستاننىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەيدىغان چوڭ ئىشلار بۇلارنىڭ قولىغا ئۆتتى. پولاچى بەگ شەرقىي تۈركىستاندا مۇستەقىل چاغاتاي دۆلىتى قۇرۇپ چىقىش ۋە غەربىي تۈركىستاندىكى جېدەل ـ ماجىرا ۋە قان ئېقىشلاردىن ئۇزاق تۇرۇش تەرەپتارى ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ھىجرى 730ـ (مىلادى 1329)ـ يىلى II ـ ئېسەن بوغا خاننى ئالملىق شەھرىدە تەختكە چىقىرىشتا ئەڭ كۆچلۈك تايانچ كۈچ پولاچى بەگ بولدى. ھىجرى 748ـ (مىلادى 1347) ـ يىلى تۇغلۇق تۆمۈرخاننى تەختكە چىقىرىشتا بىردىن بىر ھەل قىلغۇچى ئامىل يەنە پولاچى بەگ بولغانلىقى، ئۇنىڭ بەگلەربېگى بولغانلىقى، ھىجرى 752ـ (مىلادى 1351) ـ يىلى مۇسۇلمان بولغانلىقى ۋە ۋاپاتى قاتارلىق ۋەقەلەر تۇغلۇق تۆمۈرخان بايانىدا سۆزلەپ ئۆتۈلدى.

پولاچىبەگ ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئوغلى خۇدا دادىخاننىڭ بەگلەربېگى بولغانلىقى ۋە قەمەرىددىن بەگ ۋەقەلىرىمۇ يۇقىرىدا بايان قىلىندى. قەمەرىددىن، شەيخ دۆلەت دېگەن ئىسىملار بۇلارنىڭ ئەسلى ئىسىملىرى ئەمەس، مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن قويغان ئىسلامچە ئىسىملىرىدۇر.

قەمەرىددىن بەگ «شەرقىي تۈركىستان يەنىلا چىڭگىز ئەۋلاتلىرىنىڭ ھاكىمىيىتى ئاستىدا قېلىشى كېرەك» دەيدىغان كونا كۆز قاراشتىكى كىشىلەرگە قارشى ئىدى. ئۇنىڭچە بۇلارنىڭ ھېچ ھاجىتى يوق، بەلكى، مۇستەقىل بىرمىللىي ھۆكۈمەت قۇرۇشنىڭ ۋاقتى كەلگەنىدى.

قەمەرىددىن بەگ ھىجرى 768ـ (مىلادى 1366) ـ يىلى ئىلياس خوجاخانغا قارشى ئۇرۇش ئېلان قىلىپ، ئۇنى يوقاتتى. شەرقىي تۈركىستاننىڭ كۆپ قىسمىنى قولغا كىرگۈزۈشكە مۇۋەپپەق بولدى. لېكىن، ئىچكى جەھەتتە خۇدا دادىخاننىڭ قارشى چىقىشى ۋە تۆمۈربەگنىڭ ئارقاـ ئارقىدىن قىلغان ھۇجۇملىرى نەتىجىسىدە مەقسىدىگە تولۇق يېتەلمىدى. شۇنداق بولسىمۇ تۆمۈربەگدەك دۇنيا نى باش ئەگدۈرىمەن دەپ ئوتتۇرىغا چىققان بىرسىگە ئۆلگىچە قارشى تۇرۇپ مۇداپىئە قىلدى ۋە شەرقىي تۈركىستان تارىخىدا بۈيۈك بىر قەھرىمان بولۇپ نام قازاندى. بۇلارنى يۇقىرىدا تەپسىلى بايان قىلدۇق.

قەمەرىددىن بەگنىڭ پايتەختى قەشقەردە بولۇپ، يەركەن، خوتەن، ئۈچ، ئىسسىقكۆل ئەتراپى ۋە يەتتە سۇ ئۆلكىلىرى پۈتۈنلەي قەمەرىددىن بەگنىڭ ھاكىمىيىتى ئاستىدا ئىدى. ئىسسىقكۆل ئەتراپىغا ئاكىسى شەمسىددىن بەگنى ۋە يەتتە سۇغا ئىنىسى شەيخ دۆلەت بەگنى ۋالىي قىلىپ تەيىنلىگەن. خۇدادادىخان بولسا يالغۇز كوچا ۋە ئەتراپىغا ھۆكۈمدارلىق قىلاتتى. ئۇنىڭ دوغلات خانىدانى ئۈستىدە قەمەرىددىن بەگ ھايات ۋاقتىدا ھېچبىر نوپۇزى يوقتى. يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك، قەمەرىددىن بەگنىڭ ھىجرى 791ـ يىلى ۋاپات بولىشى بىلەن خىزىرخوجاخان پۈتۈن ئالتە شەھەرنى خۇدا دادىخانغا بەردى ۋە ئۇ دوغلات خانىدانىنىڭ ئەڭ چوڭ ھۆكۈمدارى بولۇپ قالدى. خۇدا دادىخان ھىجرى 828 ـ (مىلادى 1424 ـ) يىلىغىچە بەگلەر بېگى ئۇنۋانى بىلەن پۈتۈن ئالتە شەھەردىكى ھاكىمىيىتنى ساقلاپ كەلگەن بولسىمۇ، شۇ يىلى ئۇلۇغبەگ مىرزىنىڭ قولىغا ئەسىر چۈشتى، غەربىي

تۈركىستاندىن ھەجگە كېتىپ ھىجرى 830ـ (مىلادى 1426) ـ يىلى مەككە مۇكەررەمىدە ۋاپات بولدى.

خۇدا دادىخاننىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن دوغلات ھۆكۈمىتى ئىككىگە بۆلۈنۈپ كەتتى. بىرى ئۇچ، كۇچا ۋە قاراشەھەر دەرياسى بويىغىچە بولۇپ، خۇدا دادىخاننىڭ چوڭ ئوغلى مۇھەممەدشاھقا قاراشلىق ئىدى. ئىككىنچىسى قەشقەر، يەركەن ۋە خوتەن ۋىلايەتلىرى بولۇپ، يەنە بىرئوغلى سىيد ئەھمەد خانغا تەۋە ئىدى. سىيد ئەھمەد خاننىڭ ئانىسى «سىيد» لەردىن بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ زات ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى «سىيد» ئۇنۋانى بىلەن ئاتالغان[81]. سىيد ئەھمەد خاننىڭ ۋاپات تارىخى مەلۇم ئەمەس لېكىن، ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنىڭ 2 ـ3 يىل داۋام قىلغانلىقى مەلۇم. سىيد ئەھمەد خاننىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئورنىغا ئوغلى سىيدئەلى مىرزا قەشقەر، يەركەن ۋە خوتەنگە ھۆكۈمدار بولدى. دەل شۇچاغدا ئۆۋەيسخانغا قارشى ئېلىپ بېرىلغان «9 يىللىق ئىچكى قوزغۇلاڭ» باشلانغان ئىدى. سىيد ئەلى مىرزا بۇ قالايمىقانچىلىقتىن پايدىلىنىپ ئەسكەر يىغدى، ئۇچ ۋە كۇچاغا يۈرۈش قىلىپ بۇجايلارنى تاغىسى مۇھەممەدشاھتىن تارتىۋالدى. پۈتۈن ئالتى شەھەرنى ئۆزھاكىمىيىتى ئاستىغا ئېلىپ مۇستەقىل بىرھۆكۈمەت قۇردى، ئۆزىگە «ئەمىرى كەبىر» يەنى، بۈيۈك ئەمىر دېگەن ئۇنۋاننى ئالدى.

ئەمىرى كەبىر(بۈيۈك ئەمىر) سىيد ئەلى، بۇمۇستەقىللىق دەۋرىدە ئالتى شەھەر ئاھالىسىنىڭ تىنچلىقى ۋە تۇرمۇش ـ پاراۋانلىقىنى تولۇق ئەمەلگە ئاشۇردى. نەتىجىدە، ئالتى شەھەرخەلقى ئىلمىي ۋە ئىجتىمائىي ساھەدە يەۋقۇلئاددە تەرەققىي قىلغانىدى. قەشقەر، خوتەن ۋە ئۇچ شەھەرلىرىدە چوڭ ـ چوڭ مەدرىسىلەر بىنا قىلىنىدى، نۇرغۇن چوڭ ـ چوڭ ئالىي ئىمارەتلەر ۋە باغلار ۋۇجۇدقا كەلدى. يۇرتنىڭ تولا يەرلىرىدە ئېرىق ـ ئۆستەڭلار قېزىلدى، تېرىلغۇ يەركۆلىمى كۆپ كېڭەيتىلدى. ئەلھاسىل، ئالتى شەھەر يېڭى بىرگۈللىنىش دەۋرىگە ئۇلاشتى.

ئەمىرى كەبىر سىيد ئەلى قەشقەر شەھىرىنى يېڭىباشتىن تەرتىپكە سېلىپ، تۈمەن دەرياسىنىڭ ئىككى ياقىسىغا كېڭەيتتى. تۈمەننىڭ سۈيى شەھەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئاقىدىغان بولدى. نەتىجىدە، قەشقەرشەھىرى زاماننىڭ ئەڭ چوڭ ۋە ئەڭ چىرايلىق شەھىرى بولۇپ قالدى. ئەمىرى كەبىر سىيدئەلى ھىجرى 848ـ (مىلادى 1444) ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتتى. «دۆلىل ئىسلامىيە» دېگەن ئەسەردەكۆرسىتىلگەن بۇ تارىخ ھىجرى 862 دەپ يېزىلغان. بۇنىڭدا بىرخاتالىق بولسا كېرەك. ئەمىرى كەبىرسىيد ئەلىنىڭ سانىسىز مىرزا ۋە مۇھەممەدھەيدەر مىرزا ئىسىملىك ئىككى ئوغۇلىدىن سانىسزمىرزا دادىسىنىڭ ئورنىغا ھۆكۈمدار بولدى، ئۇمۇ ئەمىرى كەبىر ئۇنۋانى بىلەن ئاتالدى. سانىسز مىرزا ھاياتىنىڭ ئاخىرىغىچە پۈتۈن ئالتى شەھەرنىڭ ھۆكۈمدارى بولۇپ تۇرغان. بۇنىڭ ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل ھالدا ياكى ئېسەن بوغاخاننىڭ ھامىيلىقىدا بولغانلىقى ئېنىق ئەمەس. سانىسز مىرزا يەتتە يىل ھۆكۈمرانلىق قىلىپ ھىجرى

81 سىيد ـ پەيغەمبەر نەسلىدىن بولغانلار نىڭ ئۇنۋانى ( ن. ش. ھ.)

855 ـ يىلى ۋاپات بولدى. «دۆلىل ئىسلامىيە» دە بۇ تارىخنى ھىجرى 869 دەپ كۆرسەتكەنلىكمۇ توغرا ئەمەس.

سانىسز مىرزىنىڭ قوشكىزەك تۇغۇلغان ئۆمەر ۋە ئابابەكرى ئىسملىك ئوغۇللىرى تېخى ئون ياشتا بولغانلىقلىرى ئۈچۈن سانىسزمىرزىنىڭ ئىنىسى مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا ھۆكۈمدار بولدى، تۈرك ئەنئەنىسىگە كۆرە سانىسز مىرزىنىڭ خاتۇنىنى (ئابابەكرى مىرزىنىڭ ئانىسىنى) نىكاھىغا ئالدى. مۇھەممەدھەيدەر مىرزا ھۆكۈمدارلىق قابىلىيىتى يوق، يۇمشاق كۆڭۈل سوپى بىركىشى بولۇپ سىياسەت ۋە ئەسكىرىي ئىشلەردىن خەۋىرى يوقتى.

ئېسەن بوغا خان بۇ ۋەزىيەتتىن پايدىلىنىپ، ئالتى شەھەردە تەسىرداشىرىسىنى كېڭەيتتى ۋە مۇستەھكەملىدى، پۈتۈن يورتقا موغۇللاردىن تۈمەن بېگى ۋە باشقا مەنسەپتارلار تەيىنلىدى. ھىجرى 866 ـ (مىلادى 1461) ـ يىلى كۇچا ۋە ئۈچ ۋىلايەتلىرىنى مۇھەممەدھەيدەرمىرزادىن ئېلىپ تۇرپان ۋالىسى بولغان ئوغلى دوست مۇھەممەدخانغا بەردى. بۇنىڭ بىلەن مۇھەممەدھەيدەرمىرزا مەھەممەدخاننىڭ قول ئاستىغا چۈشۈپ قالدى. دوست مۇھەممەدكۆرۈنۈشتە ساياھەت قىلغان بولۇپ، قەشقەرگە كېلىپ، بىرمەزگىل تۇردى ۋە قەشقەردىكى ھۆكۈمەتنى ئۆزى خالىغىنىچە ئۆزگەرتتى، قەشقەر، يەركەن ۋە خوتەندىكى ھۆكۈمەتنىڭ مەسئول ئورۇنلىرىغا موغۇللاردىن كىشى تەيىنلەپ قويۇپ قايتتى. نەتىجىدە، دوغلات ھۆكۈمتى ئەمەلىيەتتە دوست مۇھەممەدخاننىڭ نوپۇزى ئاستىدىكى بىر ۋىلايەت ھالىغا كېلىپ قالدى. ئەمىرى كەبىرسىيد ئەلىنىڭ زامانىسىدىن تارتىپ ھېچقانداق زۇلۇم كۆرمەي تىنچ ۋە پاراۋانلىق ئىچىدە ياشاپ كەلگەن ئالتى شەھەرخەلقى دوست مەھەممەدخان قويۇپ كەتكەن موغۇل تۈمەن بەگلىرى ۋە باشقا مەنسەپتارلارنىڭ ئېغىر زۇلمى ئاستىدا قالدى. ھىجرى 866 ـ 871 ـ يىللىرى ئارىسىدا ئېسەن بوغاخان ۋە يۇنۇس خانلار ئوتتۇرىسىدىكى جېدەل ـ ماجىرا كۈنلىرىدە بۇ موغۇل مەنسەپتارلىرىنىڭ زۇلمى ئۈچىغا چىقىپ ۋەھشىلەرچە بوزۇپ ـ چېقىش، يوقتىش ۋە ۋەيران قىلىش شەكلىنى ئالدى، ئالتى شەھەرخەلقى ئېغىر زىيانكەشلىككە ئۇچرىدى. مۇھەممەدھەيدەر مىرزا بۇ زۇلۇمغا ھېچبىر چارە قىلالمىدى. ئەمما، ئۇنىڭ جىيەنى ھەم ئوگەي ئوغلى ئابابەكرى مىرزا بۇزۇلۇم ۋە ھەقسىزلىقلاردىن خەلقنى قۇتقۇزۇشنىڭ چارىسىنى ئىزدەشكە كىرىشتى، چارە پەقەت جاسارەت ۋە پىداكارلىقتىن ئىبارەت ئىدى.

## سۇلتان ئابابەكرى مىرزىنىڭ ئالتى شەھەردە مۇستەقىل دۆلەت قۇرغانلىقى

ئەمىرى كەبىر سانىسزمىرزىنىڭ كىچىك ياشتىكى ئوغلى ئابابەكرى مىرزا، تاغىسى مۇھەممەدھەيدەرمىرزىنىڭ تەربىيىسىدە چوڭ بولدى. ئابابەكرى مىرزا كىچىكلىكىدىن تارتىپ ناھايىتى

ئەقىللىق ۋە ھەممەتلىك بىرئىپسلزادە ئىدى، چوڭ بولغانسىرى ئەخلاقلىق ۋە ناھايىتى ساخاۋەتلىك بىر يىگىت بولۇپ يېتىشتى. ياخشى ئەخلاقى ۋە ساخاۋەتلىكلىكى بىلەن ئەتراپىدىكى ياش ئىپسلزادىلارنى ئۆزىگە قاراتتى. ئابابەكرى مىرزىنىڭ ياشلىق دەۋرىدىكى ئەخلاق ۋە پەزىلەتلىرىنى ئۇنىڭ دۈشمىنى بولغان جىيەنى ھەيدەر مىرزا كورگان «تارىخى رەشدى» دە تەپسىلى بايان قىلدۇ.

دوست مەھەممەدخان قەشقەرگە كەلگەن چېغىدا ئابابەكرى مىرزىنىڭ ياخشى ئەخلاقى ۋە ئۈستۈن جاسارىتىدىن ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قالدى، قايتىشتا تۇرپانغا بىرگە ئېلىپ كەتتى. 2 ـ 3 يىل يېنىدا تۇرغۇزدى ۋە سىڭلىسىنى نىكاھلاپ بىرىپ، قەشقەرگە قايتىشىغا ئىجازەت قىلدى.

ئابابەكرى مىرزا خەلقىنى موغۇل زۇلمىدىن قۇتقۇزۇش ۋە يۇرتنى ۋەيران بولۇپ كېتىشتىن ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن خەلق بىلەن بىرلىشىپ، بىرئەسكىرىي كۈچ تەشكىللەش مەقسىدى بىلەن تۇرپاندىن قەشقەرگە كەلگەنىدى. ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ دوست ۋە ئىشەنچلىك ئادەملىرى ئارىسىدا بۇپىكرىنى تارقىتىپ، ئۆزىگە بىرئاز تەرەپتار توپلىدى. لېكىن، ئابابەكرى مىرزىنىڭ بۇ پىلاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇشى ئۈچۈن ئۆگەي دادىسى مۇھەممەدھەيدەرمىرزا ئەڭ چوڭ توسالغۇلاردىن بىرى ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە قەشقەردىكى موغۇللارنىڭ سانىمۇخېلى كۆپ بولغانلىقتىن ئابابەكرى مىرزىنىڭ قەشقەردە بۇنداق بىرھەرىكەت باشلىشى ئىمكانسىز ئىدى.

ھىجرى 872ـ (مىلادى 1467) ـ يىلى ئابابەكرى مىرزا ئۆز تەرەپتارلىرى بىلەن قەشقەردىن قېچىپ يەركەنگەكەلدى. ئۇ چاغدا يەركەن تېخى كىچىك ۋە پاراكەندە بىر شەھەر بولۇپ، بۇ يەردە ھۆكۈمەتنىڭ ھېچقانداق قۇۋۋىتى يوقتى. ئابابەكرى مىرزا دەرھال يەركەننى ئىشغال قىلىپ، بىرقىسىم قورال ليق ئادەملەرنى يېنىغا يىغىپ، مۇستەقىللىق ئېلان قىلدى.

مۇھەممەدھەيدەرمىرزا ئابابەكرى مىرزانى يوقىتىش ئۈچۈن 300000 ئەسكىرى بىلەن يەركەنگە يۈرۈش قىلدى. ئابابەكرى مىرزا يول ئۈستىدە يوشۇرۇنۇپ تۇرۇپ تۇيۇقسىز باستۇرۇش ئۇرۇپ قېچىش قاتارلىق تاكتىكىلىرى بىلەن مۇھەممەدھەيدەرمىرزانى بىرقانچە قېتىملىق ئۇرۇشلاردا قاتتىق مەغلۇپ قىلدى. مۇھەممەدھەيدەرمىرزا چېكىنىپ قەشقەرگە قايتتى.

ئابابەكرى مىرزا بۇ غەلىبىدىن كېيىن خوتەننىمۇ ئېلىپ كۈچىنى تېخىمۇ زورايتتى، يەركەن شەھرىنى يېڭىدىن ياساپ چىقىپ، ئەتراپىنى مۇستەھكەم سېپىل بىلەن چۆرىدەپ ناھايىتى مۇستەھكەم چوڭ بىرشەھەر ھالىغا كەلتۈردى. بۈگۈنكى يەركەن كونا شەھەرنىڭ سېپىلى شۇچاغدا سېلىنغان ئىدى. تارىخ رەشدى دە ئابابەكرى مىرزىنىڭ يېڭىدىن بىنا قىلغان يەركەن شەھرىنىڭ گۈزەللىكى، ياساتقان «ئەرك» يەنى، ئوردا، ھەشەمەتلىك چوڭ ئىمارەتلىرى ۋە باغلىرىنىڭ كۆپلىكى تەپسىلى بايان قىلىنىدۇ. ئابابەكرى مىرزا يەركەن ۋە خوتەندە خەلقنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن مۇنتىزىم قانۇن چىقىرىپ بارلىق ھۆكۈمەت خادىملىرىنى بۇ قانۇنلارغا قەتئىي رىئايە قىلىشقا مەجبۇرقىلغان. يەنە بىرتەرەپتىن سۇلتان

يۇنۇس خان ۋە مۇھەممەدھەيدەر مىرزا لارنىڭ ھۇجۇملىرىغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن خوتەن ۋە يەركەن ياشلىرىدىن ئەسكەر يىغدى. بۇ لارنى تولۇق قوراللانغان بىرمۇنتىزىم ئەسكىرىي قوۋۋەت ھالىغا كەلتۈرۈپ داۋاملىق مۇداپىئە قىلىشقا تەييار تۇردى. بۇ ۋەزىيەت يەركەن ۋە خوتەن خەلقىنىڭ باشقا جايلارغا بېرىش - كېلىشنى قىيىنلاشتۇرىۋەتتى . نەتىجىدە، تىجارەت ئىشلىرى پۈتۈنلەي توختاپ ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق مەيدانغا چىقتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئابابەكرى مىرزا يۇرتقا بىر تىجارەت يولى ئېچىشقا كىرىشتى ۋە غەربىي تىبەت (لاداخ ۋە بالتىستان) نى قولغا چۈشۈرۈشكە قارارقىلدى. ھىجرى 877 - (مىلادى 1472) - يىلى غەربىي تىبەتكە نۇرغۇن ئەسكەر يوللىدى. بۇ ئەسكەرلەر مەشھۇر«لاداخ يولى» بىلەن يۈرۈپ نۇبرا، مارىيول ( ھازىرقى لاداخ) ۋە بالتىستان قاتارلىق جايلارنى ئېلىپ، كەشمىر چېگرىسىغا بېرىپ توختىدى. كەشمىرنىڭ شۇچاغدىكى پادىشاسى سۇلتان زەيىن - ئابىدىن بالتىستاننى ئۆزىنىڭ تەۋەلىكىدىكى جاي دەپ دەۋا قىلىپ، ئابابەكرى مىرزانى بالتىستاندىن چىقىرىش ئۈچۈن ئەسكەر يوللىغان بولسىمۇ كەشمىر ئەسكەرلىرى مەغلۇپ بولدى. ئابابەكرى مىرزا ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ سىرى نەگەر شەھىرىنىڭ يېقىنلىرىغىچە يېتىپ باردى. سۇلتان زەيىن ئابىدىن پۈتۈن كۈچى بىلەن شەھەردىن چىقىپ مۇداپىئە قىلدى. بىر قانچە كۈن داۋام قىلغان ئۇرۇشتىن كېيىن تۈرك ئەسكەرلىرى چېكىنىپ بالتىستانغا قايتىپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن بالتىستان، نوبرا ۋە مارىيول (لاداخ) ئۆلكىلىرى ئابابەكرى مىرزانىڭ ۋاپاتىغا قەدەر ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا قالدى. نەتىجىدە، خوتەن ۋە يەركەنلىك تىجارەتچىلەرنىڭ بۇ يول بىلەن ھىندىستانغا بېرىش - كېلىشلىرى باشلاندى، سودا-تىجارەت ئىشلىرى تازا راۋاجلىنىپ بۇ تىجارەتتىن قولغاكەلگەن پايدا بىلەن يۇرتنىڭ ئىقتىسادىي ۋەزىيىتى ئۆزۈندىن بېرى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە تەرەققى قىلدى. ھىجرى 879 - (مىلادى 1474-) يىلى سۇلتان يۇنۇس خان بىلەن مۇھەممەدھەيدەر مىرزا 50 مىڭ كىشىلىك بىرقوشۇن بىلەن ئابابەكرى مىرزاغا ھۇجۇم قىلدى. لېكىن، قاتتىق مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ چېكىندى. بۇمەغلۇبىيەتتىن كېيىن مۇھەممەدھەيدەر مىرزا ھۆكۈمدارلىقنى تاشلاپ قەشقەر شەھىرىنى ۋەيران قىلىپ قاچتى. ئابابەكرى مىرزا ئارقىسىدىن قوغلاپ كېلىپ قەشقەرنى ئۇرۇش قىلماستىن ئىشغال قىلدى. خارابىلىققا ئايلانغان قەشقەر شەھىرىنى يېڭىدىن تۈمەن دەرياسىنىڭ غەرب تەرەپىگە بىنا قىلىپ ئەتراپىغا مۇستەھكەم سېپىل سالدى. بۇگۈنكى قەشقەركوناشەھەر ۋە سېپىلى مانا شۇچاغدا بىنا قىلىنغاندى.

ئابابەكرى مىرزا قەشقەرنى ئالغاندىن كېيىن شۇ زامانىدىكى ئىسلام ھۆكۈمدارلىرىنى دوراپ «سۇلتان» دېگەن ئۇنۋاننى قوللاندى. سۇلتان ئابابەكرى مىرزا ئەمدى سۇلتان يۇنۇس خاننىڭ تاجاۋۇزىدىنمۇخاتىرجەم ئىدى. چۈنكى، سۇلتان يۇنۇس خان كۈچىنى زايا قىلماي شىمالدا تۇرۇشقا مەجبۇر ئىدى. سۇلتان ئابابەكرى مىرزا ھىجرى 881 -(مىلادى 1476) - يىللىرى ئەتراپىدا تاغدۇباش (سېرىق قول) يولى بىلەن بەدەخشان تەرەپكە ئەسكەر يوللىدى، سېرىق چوپان (ھازىرقى ۋاخان) نى

ئىشغال قىلدى. ئۇ يەردىن بەدەخشانغا يۈرۈش قىلىپ، بەدەخشانىنىڭ يەرلىك ھۆكۈمدارىنى بويسۇندۇردى ۋە ئۇنى ھەريىلى بەلگىلەنگەن مىقداردا باج تۆلەشكە مەجبۇرقىلدى. بەدەخشان ھۆكۈمدارى ھىجرى 910 ـ (مىلادى 1504) ـ يىلىغىچە سۇلتان ئابابەكرى مىرزاغا تەۋە بولغان بولسىمۇ شۇ يىلى بابۇر پادىشاھنىڭ ھامىيلىقىغا كىردى.

ھىجرى 899ـ (مىلادى 1494) ـ يىلى سۇلتان ئابابەكرى مىرزا پەرغانە تەختىگە 12 ياشتىكى بابۇر مىرزانىڭ چىققانلىقىنى ئاڭلاپ، فەرغانىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن يۈرۈش قىلدى ۋە ئۆزكەنت شەھىرىنى مۇھاسىرە قىلدى. ئۇكۈنلەردە بابۇر مىرزا خېلى كۈچلىنىپ قالغانلىقتىن قاتتىق تۇرۇپ شەھەرنى مۇداپىئە قىلدى، سۇلتان ئابابەكرى مىرزا مەقسىدىگە يېتەلمەي سۈلھى قىلىپ قايتىپ كەتتى. يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك، ھىجرى 905 ـ يىلى ئەھمەد ئالاچەخان قەشقەرگە ھۇجۇم قىلدى ۋە مەغلۇپ بولۇپ تۇرپانغا چېكىندى. سۇلتان ئابابەكرى مىرزا ئارقىسىدىن قوغلاپ كېلىپ ئۈچ (ئاقسۇ) ۋىلايىتىنى ئىشغال قىلدى. ئاقسۇنىڭ شەرقىدىكى باي شەھىرىنى ئېلىپ، باينىڭ جەنۇب ۋە شىمال تەرەپلىرىدىكى يول ئۆستەڭلىرىگە مۇستەھكەم سېپىل ۋە ئىستىھكاملارنى سالدى. تەڭرىتاغلىرىنىڭ ئىچكى قىسمىنىڭ شىمالى تەرەپ يوللىرى ئۆستىگىمۇ ناھايىتى مۇستەھكەم ئىستىھكاملارنى قۇردى ۋە بۇ يەردە يېتەرلىك ساندا ئەسكەر تۇرغۇزۇپ ئالاچەخان ۋە سۇلتان مەھمودخانلارنىڭ تاجاۋۇزىدىن خاتىرجەم بولدى.

ھىجرى 909 ـ (مىلادى 1503ـ) يىلى سۇلتان مەھمۇدخان ۋە ئالاچەخانلار ئاقسۇدا سۇلتان ئابابەكرى مىرزاغا قارشى ئىسيان چىقاردى ۋە ئاقسۇ ۋالىيسىنى ئۆلتۈرۈپ، پاجىئەلىك ۋەقەلەر مەيدانغا كەلتۈردى. ئالاچەخان ۋاپات بولۇپ، سۇلتان مەھمۇدخان شىمالغا قايتىپ كەتكەندىن كېيىن سۇلتان ئابابەكرى مىرزا' ئاقسۇنى قايتا ئىشغال قىلدى. ئىسيانچىلارنى جازالاپ ئاقسۇ ئاھالىسىنىڭ كۆپ قىسمىنى كۆچۈرۈپ قەشقەر، يەركەن ۋە خوتەنگە تارقىتىۋەتتى.

سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى ۋە سەئىدخاننىڭ قېچىپ كېتىشى بىلەن شىمالدىكى ئۆلكىلەر ھۆكۈمەتسىز ۋە ئەسكەرسىز قالغان ئۇكۈنلەردە سىبىرىيە ئەتراپىدا ئولتۇرۇشلۇق قىرغىزلار ئۆزبېك ۋە قازاقلاردىن قېچىپ شەرقىي تۈركىستاننىڭ شىمالى قىسمى بولغان ئىسسىقكۆل ئەتراپىغا يەرلەشتى. بولۇپمۇ ئىسسىقكۆلنىڭ جەنۇبىغا يەرلەشكەن قىرغىزلار قەشقەر ۋە ئۈچنىڭ شىمالىدىكى يايلاقلارغا بېسىپ كىرىپ پاراكەندىچىلىك سالغىلى تۇردى. بۇنىڭدىن يەرلىك خەلق كۆپ زىيانغا ئۇچرىدى. سۇلتان ئابابەكرى مىرزا بۇ قىرغىزلارنى يوقىتىش ئۈچۈن ئارقا ـ ئارقىدىن ئەسكەر ئەۋەتىپ، ئۇلارنى بۇ يەرلەردىن قوغلىدى. قىرغىزلار شەرققە قېچىپ بېرىپ، مەنسۇرخاندىن يەر تىلىدى. مەنسۇرخان ئۇلارغا ئىلى ۋە كۇچانىڭ تاغلىرىدا يەركۆرسىتىپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇھىم قىسمىلىرىدىن بولغان ئىسسىقكۆلنىڭ غەرب ۋە جەنۇب تەرەپلىرىدىكى يەرلەر غەربىدە پەرغانە

چېگرىسىغىچە سۇلتان ئابابەكرى مىرزىنىڭ تېرىتورىيىسىگە قوشۇلدى.

ھىجرى 916. (مىلادى 1510.) يىلى مۇھەممەدشىبانى خان ئىران پادىشاسى تەرىپىدىن مەرو ئۇرۇشىدا ئۆلتۈرۈلدى. نەتىجىدە، ئۆزبېكلەر ئارىسىدا پاراكەندىچىلىك تۇغۇلدى. سۇلتان ئابابەكرى مىرزا بۇ پاراكەندىچىلىكتىن پايدىلىنىپ، فەرغانىنى ئىشغال قىلىش ئۈچۈن ئارتىېشى يولى بىلەن يۈرۈش قىلدى ۋە ئۆزكەنتتە جانىبەگنى مەغلۇپ قىلىپ، ئۆزكەنت ۋە ئوشنى ئىشغال قىلدى. بۇ ئارىدا فەرغانىدىكى چاغاتاي ۋەكورگان تەرەپتارلىرى، جانىبەگنىڭ قالدۇق كۈچلىرىنى مەغلۇپ قىلىپ فەرغانىدىن ھەيدەپ چىقاردى. يەنە بىرتەرەپتىن بابۇرشاھ بۇخاراغا ھۇجۇم قىلىپ ئالاچەخاننىڭ ئوغلى سەئىدخاننى بىرقىسىم ئەسكەر بىلەن پەرغانەلىكلەرنىڭ ياردىمىگە ئەۋەتكەندى. سەئىدخان پۈتۈنپەرغانە ئىنقلابچىلىرىنى توپلاپ مۇھىم بىرقۇۋۋەت بىلەن ئەنجانغاكېلىپ تۇردى. شۇنىڭ بىلەن سۇلتان ئابابەكرى مىرزىنىڭ فەرغانىنى ئىشغال قىلىشىغا مانا ئەمدى ئۆزبېكلەردىن باشقا سەئىدخاننىڭ قۇۋۋەتلىرىدىن ئىبارەت باشقا بىرتوسالغۇ پەيدا بولغانىدى.

سۇلتان ئابابەكرى مىرزا فەرغانىغا قاراپ يۈرۈش قىلدى ۋە ئەنجاننىڭ شەرق تەرىپىدىكى «تۈتلۈك» دېگەن جايدا سەئىدخان بىلەن ئۈچرىشىپ قاتتىق ئۇرۇش قىلدى. ئاخىرى سۇلتان ئابابەكرى مىرزىنىڭ بەزى قوماندانلىرىنىڭ خىيانەت قىلىشى نەتىجىسىدە ئېغىر زىيانكەشلىككەئۈچرىدى. 4 ـ5 مىڭغا يېقىن ئەسكەرلىرى ئۆلتۈرۈلدى ۋە ئەسىر ئېلىندى. سۇلتان ئابابەكرى مىرزىنىڭ ئەسكەرلىرى مەغلۇپ بولۇپ پاراكەندە ھالدا قاچتى. سۇلتان ئابابەكرى مىرزا، ھىجرى 917. (مىلادى 1513.) يىلى يەركەنگە قايتىپ كەلدى.

## سۇلتان ئابابەكرى مىرزىنىڭ ئەقلىي نورمالسىزلىقى

تۈتلۈك ئۇرۇشىدىكى پاجىئەلىك مەغلۇبىيەت سۇلتان ئابابەكرى مىرزىنىڭ مېڭىسىگە قاتتىق تەسىر قىلىپ ئەقلىدىن ئېزىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن ئەسەبىيلىشىپ، تەبىئىتى ئۆزگىرىپ، زالىملىق بىلەن ناھەق قان تۆككىلى باشلىدى. ئۆزىنىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك ئادەملىرىدىن تولىسىنى «ماڭا سۇيىقەست قىلدى» دېگەن بوھتان بىلەن قاتتىق قىيىن ـ قىستاقا ئېلىپ ئۆلتۈردى. ھەتتا، ئۇلارنىڭ يېقىنلىرىنىمۇ ئۆلتۈردى ياكى پۈتۈن مال مۈلكىنى مۇسادىرە قىلدى. ئۆز سىڭلىسى خانسۇلتان خانىمنى ئاچ قويۇپ ئۆلتۈردى. بىر ئىنىسى مەھەممەت شاھنى كۆكسىدىن تامغا مىخلاپ قويۇپ ئۆلتۈردى. تۈتلۈك ئۇرۇشىدىن قايتىشىدا ئۆزكەنت خەلقىنى سۇيىقەست ھازىرلىدى دېگەن گۇمان بىلەن قىرغىن قىلدى. بۇ قىرغىندا 300 مىڭدىن ئۇشۇقراق مۇسۇلماننىڭ شېھىت بولغانلىقى رىۋايەت قىلىندۇ. ئۇندىن باشقا

ئۆزىنىڭ ئىككى ئوغلىنى سۇيىقەست قىلماقچى بولدى دەپ قارا چاپلاپ ئۆلتۈرىۋەتتى. قەشقەر ۋە پەرغانە چېگراسىدىكى يايلاقلاردا ئولتۇرۇشلۇق قەبىلە خەلقلىرىنى سەئىدخان تەرىپىگە ئۆتۈپ كەتتى دەپ ھەممىسىنى قىرىپ تاشلىدى. ئەڭ چوڭ قوماندانلىرىدىن مىرۋەلىبەگ ۋە خەزىنىچىسى شاھدانە كۆلداشنى «تۇتلۇك ئۇرۇشى ئەسناسىدا دۈشمەن بىلەن ئالاقە قىلغان» ، دېگەن بوھتان بىلەن ئەمەلدىن ئېلىپ تاشلاپ، پۈتۈن مال ـ مۈلكىنى مۇسادىرە قىلدى. قىسقىسى، بۇخىل ساراڭدەك قىلىقلىرى ۋە ۋەھشىلەرچە زۇلۇملىرى تۈپەيلىدىن ئەتراپىدا ياخشى ۋە سادىق ئادەملىرى قالمىغان، خەلقنىمۇ تويغۇزىۋەتكەنىدى. نەتىجىدە، سولتان ئابابەكرى مىرزىنىڭ كۈچى ئىنتايىن زەئىپلىشىپ، ھەرقانداق دۈشمەن ئالدىدا ئاسانلا مەغلۇپ بولىدىغان ھالەتكە كېلىپ قالغانىدى.

## شەرقىي تۈركىستان دوغلات دۆلىتىنىڭ يىقىلىشى

سەئىدخان فەرغانىنى ئىشغال قىلدى ۋە ئۆزىنى «سۇلتان» دەپ ئېلان قىلىپ، تۆت يىلغىچە ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزدى. ھىجرى 920 ـ (مىلادى 1514) ـ يىلى ئۆزبېكلەر بىلەن بولغان ئۇرۇشلاردا ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ، فەرغانىدىن چېكىنىپ، ئەسكەرلىرىنى ئېلىپ ئىسسىقكۆلنىڭ غەربىي ـ جەنۇبىغا كەلدى. شىمالدىكى جايلارنىمۇ ئىگەللەپ بۇيەردە ئورۇنلىشىپ ياشاش كۈيىغا چۈشتى. بۇرۇن سۇلتان ئابابەكرى مىرزادىن قېچىپ چىقىپ كەتكەن سابىق قەشقەر ھۆكۈمدارى مەھەممەد ھەيدەر مىرزىنىڭ نەۋرىسى ھەيدەرمىرزا(تارىخى رەشىدىنىڭ يازغۇچىسى) سەئىدخاننىڭ قىممەتلىك ئادەملىرىدىن بىرى ئىدى. بۇلار داۋاملىق سۇلتان ئابابەكرى مىرزادىن ئىنتىقام ئېلىشنى كۈتۈپ تۇرغان كىشىلەر بولۇپ، سولتان ئابابەكرى مىرزىنىڭ يۇقىرىقىدەك ئاجىز ۋەزىيىتىنى كۆرۈپ، ھەدەپ سەئىدخاننى ئالتى شەھەرگە يۈرۈش قىلىشقا كۈشكۈرتكىلى تۇردى. سۇلتان ئابابەكرى مىرزىنىڭ يېشى يەتمىشتىن ئاشقان، ئەقلى جايىدا ئەمەس، ئەسكىرىي كۈچى ئاجىز، ئەتراپىدا ئىشقا يارايدىغان سادىق ئادەملىرىنىڭ قالمىغانلىقى ۋە دۆلەتنىڭ ئاساسىنىڭ ئىنتايىن زەئىپلىشىپ كەتكەنلىكى ھەممىگە مەلۇم ئىدى. بۇ ئەھۋال ئاستىدا غەلىبە قىلىشقا ئۈمىدلەنگەن سەئىدخان ھىجرى921 ـ (مىلادى 1515ـ) يىلى ئارتباشى (ئاتباشى) يولى بىلەن قەشقەرگە يۈرۈش قىلدى.

بۇخەۋەرنى ئاڭلىغان سۇلتان ئابابەكرى مىرزا دەرھال يەركەندىن قەشقەرگە كېلىپ، سېپىلنى مۇستەھكەملەپ، يۇسۇپ بەگ، مىرۋەلىبەگ ۋە شاھدانە كۆكۈلداشنى 100 مىڭ ئاتلىق، 14 مىڭ پىيادە ئەسكەر، يېتەرلىك ئوزۇق ـ تۈلۈك ۋە باشقا ئەسكىرىي تەمىناتلار بىلەن يەرلەشتۈردى. يېڭىسارغا بېرىپ ئىستېھكاملارنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، ئىمىن داروغا ۋە ئوغلى لەئلەبەگنى بىرقىسىم ئەسكەرلەر بىلەن مۇداپىئەگە تەيىنلەپ، ئۆزى يەركەنگە قايتىپ ئۇ يەردىمۇ ھازىرلىققا كىرىشتى. بىر تەرەپتىن

سەئىدخان، ئارتۇچ (ئاتۇش) نى ئىشغال قىلدى. ئارتۇچتىن 4000 دىن ئۇشۇقراق ئەسكەر ئېلىپ قەشقەرگە قاراپ يۈردى. «ئۈچ پۈرخان تۆپىسى» دېگەن جايدا سۇلتان ئابابەكرى مىرزىنىڭ ئەسكەرلىرى سەئىدخاننىڭ ئېەسكەرلىرىنىڭ ئالدىنى تۆسقان بولسىمۇ شىددەتلىك ھۇجۇمغا بەرداشلىق بېرەلمەي مەغلۇپ بولۇپ قاچتى[82]. سەئىدخان ئۈچ پۈرخاندىن ئۆتۈپ شەھەرگە يېقىن تۇمەن دەرياسىنىڭ سەمەن كېچىكىدىن ئۆتۈپ، ساغانتوق دېگەن يەردە سۇلتان ئابابەكرى مىرزا سالدۇرغان باققا چۈشتى. بۇنى ئاڭلىغان يۇسۇپ بەگ ئەسكەرلىرى بىلەن شەھەردىن چىقىپ ئۇرۇش باشلاتتى. ئاخىرى سەئىدخان مەغلۇپ، بولۇپ توققۇزاق تەرەپكە قاچتى. ئۇ يەردە بىرقانچە كۈن تۇرۇپ يېڭىسارغا ھۇجۇم قىلدى. ئىمىن داروغا ۋە لەئلى بەگلەر سېپىل ئىچىگە كىرىۋېلىپ قاتتىق مۇداپىئە قىلىپ تۇردى. سەئىدخان يېڭىسارنى ئىككى ئايدىن ئۇزۇنراق مۇھاسىرە قىلدى، يەركەن ۋە قەشقەر دىن ياردەم كەلمەي سېپىل ئىچىدىكىلەر ئاجىز ۋەزىيەتتە قالدى. سەئىدخان سېپىل ئەتراپىغا سۇ قويۇپ بېرىپ، سېپىلنى بىرقانچە يەردىن يىقىشقا مۇۋەپپەق بولدى. نەتىجىدە، ئىمىن داروغا تەسلىم بولدى. رەجەپ ئېپىنىڭ بىرىنجى كۈنى يېڭىسار سەئىدخاننىڭ قولىغا ئۆتتى.

بۇ ئارىدا سۇلتان ئابابەكرى مىرزا يەركەن ۋە خوتەندە ئەسكەر توپلاپ، ئۇرۇشقا ھازىرلىق قىلىۋاتاتتى. ئەمما، بۇ ئەسكەرلەر ھېچ ئۇرۇش كۆرمىگەن دېھقانلار ۋە ھۈنەرۋەنلەردىن ئىبارەت ئىدى. سۇلتان ئابابەكرى مىرزا بۇ ئەسكەرلىرىنى ئېلىپ، يەركەندىن يولغا چىققان كۈنى يېڭىسارنىڭ قولدىن كەتكەن خەۋىرى كەلدى. بۇخەۋەر ئەسلىدە ئىنتىزامسىز ھالەتتىكى بۇ ئەسكەرلەرنىڭ رۇھىي ھالىتىگە يامان تەسىر قىلىپ، قاتتىق قورقۇ ۋە ئالاقزادىلىك پەيدا قىلدى. سۇلتان ئابابەكرى مىرزا بۇ ۋەزىيەتتىكى ئەسكەرلەر بىلەن ئۇرۇش قىلىشنى مۇناسىپ كۆرمەي يەركەنگە قايتتى. يېڭىسارنىڭ قولدىن كەتكەنلىكى ۋە سۇلتاننىڭ يولدىن يەكەنگە قايتىپ كەتكەنلىك خەۋىرى قەشقەرگە كېلىشى بىلەن قەشقەردىكى ئەسكەرلەرنىڭ روھى چۈشۈپ ، كۈچىئاجىزلاشتى.

ئۇنىڭ ئۈستىگە 3 ـ 4 ئايدىن بېرى مۇھاسىرە ئىچىدە قالغان شەھەرخەلقى ئىچىدە ئاچارچىلىق باشلىندى. سەئىدخان بۇ ۋەزىيەتتىن خەۋەر تېپىپ، رەجەب ئېپىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا قەشقەرگە يۈرۈش قىلدى. قەشقەردە كۈچسىز ۋە مەجبۇر لاش ھالىتىگە چۈشۈپ قالغان قوماندانلار يۇسۇپبەگ، مىرۋەلىبەگ ۋە شاھدانەكۆكۈلداشلار ئۇرۇشماستىنلا قەشقەر نى سەئىدخانغا تاپشۇرۇپ قىلىپ بەردى.

سەئىدخان قەشقەرنى ئالغاندىن كېيىن دەرھال يەركەنگە يۈرۈش قىلدى. بۇنى ئاڭلىغان سۇلتان ـ ئابابەكرى مىرزا ھۆكۈمدارلىقنى تاشلاپ خەزىنىنى ئېلىپ ئۇرنىغا ئوغلى جاھانگىر مىرزىنى قويۇپ، خوتەنگە كەتتى. جاھانگىر مىرزا مۇداپىئەگە ھازىرلىنىپ تۇرغان بولسىمۇ سەئىدخاننىڭ يېقىنلاپ

[82] ئۈچ پۈرخان ـ (ئۈچ بۇرھان) قەدىمكى بىر بۇتخانىنىڭ خارابىسى. ھازىرقى ئىسمى ئۈچ مەرۋان (مۇئەللىپتىن).

كېلىشۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغان خەلق ۋە ئەسكەرلەر ئىچىدە ئەندىشە ۋە پاراكەندىچىلىك باشلاندى. بۇھالەتتە جاھانگىر مىرزا پۈت تېرەپ تۇرالمايدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، خەزىنە ۋە ئاشلىق ئامبارلىرىدىن ئۆزى كۆتۈرەلىگىنىچە ئالدى قالغىنىنى خەلقنىڭ تالان قىلىشىغا تاشلاپ بېرىپ، يەركەندىن سانجۇنىڭ تاغلىق جايلىرىغا قېچىپ كەتتى ۋە سانجۇدا ئىستىھكام قۇرۇپ يەرلەشتى. نەتىجىدە، سەئىدخان يەركەننىمۇ ئۇرۇشماستىن قولغا چۈشۈردى ۋە سۇلتان ئابابەكرى مىرزىنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ هاجى مىرزا، دايىم ئەلى بەگ، بەگ مەھەممەد، سۇلتان ئەلى مىرزا، قاراقولاق مىرزا، نەزەرمىرزا، قەمبەر مىرزا ۋە ئەلى تاغاي قاتارلىق سەككىز قوماندانني نۆرغۇن ئەسكەر بىلەن خوتەنگە يوللىدى. بۇلار خوتەنگە يېقىنلاشقاندا سۇلتان ئابابەكرى مىرزا خوتەننى تاشلاپ، قاراڭغۇ تاغقا قاچتى. خوتەن خەلقى سەئىدخاننىڭ قوماندانلىرىنى قىزغىن قارشى ئالدى. دايىم ئەلى بەگ ۋە بەگ مۇھەممەد ئەسكەرلىرى بىلەن خوتەندە قالدى. قالغان ئالتە قوماندان ئابابەكرى مىرزىنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ قاراڭغۇتاغقا يۈرۈش قىلدى. ئابابەكرى مىرزا بۇنى ئاڭلاپ پۈتۈن ئېغىر يۈك - تاقلىرىنى كۆيدۈرۈپ، يۈزلەرچە خورجۇن ئالتۇن - كۈمۈش ۋە قىممەتلىك گوھەر تاشلارنى قاراڭغۇتاغدىكى مەشھۇر «كۆلا كۆرۈك» تىن دەرياغا تۆكۈۋېتىپ، ئورنىغا ئاشلىق يۈكلەپ تىبەت تەرەپكە قاچتى. «ئارپا - بوغداي ئاش ئىكەن، ئۈنچى - ماجان تاش ئىكەن» دېگەن مەشھۇرخەلق قوشقى سۇلتان ئابابەكرى مىرزىنىڭ شۇچاغدا ئېيتقان سۆزى دەپ رىۋايەت قىلىندۇ.

سۇلتان ئابابەكرى مىرزىنىڭ تىبەتكە قېچىپ كېلىشى بىلەن تەڭ تىبەتلىكلەر ھەرتەرەپتىن ئىسيان چىقىرىپ، هېچ ئارام بەرمىدى. نەتىجىدە، ئۇنىڭ تىبەتتە تۇرۇشىمۇ ياكى هىندىستانغا ئۆتۈپ كېتىشىمۇ مۇمكىن بولمىغاچ ئاخىرى «نېمە بولسام ئۆز يۇرتومدا بولاي» دەپ، يەركەنگە قايتىپ سەئىدخانغا تەسلىم بولۇشقا قارار قىلدى. بۇنى ئاڭلىغان سەئىدخان سولتان ئابابەكرى مىرزىنىڭ قايتىپ كېلىشىنى قارشى ئېلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ هۆرمىتىنى قىلىپ، ئالاھىدە قارشى ئېلىش هەيئىتى يوللىدى. سولتان ئابابەكرى مىرزىنىڭ باشقا ئانىدىن بولغان ئىنىسى سيد مۇھەممەدمىرزا «مەنمۇ ئاكامنى قارشى ئېلىش ئۈچۈن ئۆز نامىمدىن بىرقانچە كىشىلىك هەيئەت ئەۋەتسەم» دەپ، سەئىد خاندىن ئىجازەت ئالدى ۋە بىرقانچە ئادىمىنى قوشتى. سيد مۇھەممەد مىرزا بۇ ئادەملىرىگە پۇرسەت تېپىپ، سولتان ئابابەكرى مىرزانى مەخپىي ئۆلتۈرۈۋېتىشنى تاپشۇرغانلىقى مەلۇم.قارشى ئېلىش هەيئىتى ئوتتۇرا يولدا سۇلتان ئابابەكرى مىرزا بىلەن ئۇچرىشىپ، قارشى ئېلىش مۇراسىمىنى بىجا كەلتۈرۈپ سەئىدخاننىڭ ئىشەنچ مەكتۇبىنى تاپشۇردى. سۇلتان ئابابەكرى مىرزا بونىڭدىن ئىنتايىن خۇرسەن بولدى ۋە يولنى داۋام قىلدى. بىر قانچە كۈن يول يۈرۈپ، قونالغۇغا كېلىپ دەم ئالدى. بىر كېچىسى پۈتۈن قاپىلەدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇخلاۋاتقان پەيتتىن پايدىلىنىپ، سيد مۇھەممەد مىرزىنىڭ ئادەملىرى ئابابەكرى مىرزىنىڭ چېدىرىغا كىرىپ، ئۇنى ياتقان يېرىدە بوغۇزلاپ شېھىد قىلدى. بۇ ھادىسە هىجرى

921- (مىلادى 1515) - يىلى يۈزبەرگەن. شۇنىڭ بىلەن، بەزىدە پۈتۈنلەي مۇستەقىل ھالدا، بەزىدە بىر بېقىندى دۆلەت شەكلىدە، جەمئىي 306 يىل ھۆكۈم سۈرگەن ئالتە شەھەر دوغلات دۆلىتى يىقىلدى.

سۇلتان ئابابەكرى مىرزىنىڭ ئوغلى جاھانگىر مىرزا بىرقىسىم ئەسكەرلىرى بىلەن سانجۇدا چىڭ تۇرۇپ قارشىلىق كۆرسەتكەندى. داداسى ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن سەئىدخان ئۇنىڭغا تەسلىم بول، دەپ ئەلچى ئەۋەتتى. جاھانگىر مىرزا ئاتا تەرەپىدىن سەئىدخان بىلەن تۇغقان ئىدى، تۇغقانلىقنى ئىشىنىپ تەسلىم بولدى. سەئىدخان ئۇنىڭغا ياخشى مۇئامىلە قىلدى ۋە ئىززەت بىلەن ئورۇن بەردى. كېيىنچە جاھانگىر مىرزا سەئىدخاننىڭ ئەڭ يېقىن كىشىلىرىدىن بىرى بولۇپ قالدى. ئەمما، بىر زامان ئۆتكەندىن كېيىن مەجھۇل كىشىلەر تەرىپىدىن سۈيىقەست بىلەن ئۆلتۈرۈلدى. بۇسۇيىقەست سەئىدخاننىڭ ئەمرى بىلەن بولغان دەپ گۇمان قىلىنىدۇ. سۇلتان ئابابەكرى مىرزىنىڭ تۇرانگىز مىرزا ۋە باستانگىر مىرزا ئىسىملىك ئىككى ئوغلى قالغان، بۇلاردىن تۇرانگىرمىرزا نى دەرياغا چۆشۈپ كېتىپ ئۆلدى دېگەن سۆز تارالغان بولسىمۇ بۇنى ئەمەلىيەتتە سەئىدخان ئۆلتۈرۈۋەتكەن. باستانگىرمىرزا بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ يەركەندىن قاچتى ۋە تاشكەنتكە بېرىپ سۈنجىك خان ئۆزبېكتىن باشپاناھلىق تىلىدى.[83]

## سۇلتان ئابابەكرى مىرزىنىڭ ئىدارە تەشكىلاتى

سۇلتان ئابابەكرى مىرزىنىڭ دۆلەت تۈزۈمى ۋە ئىدارە تەشكىلاتى چاغاتاي دۆلىتىنىڭكىدىن باشقىچەرەك بولۇپ ناھايىتى مۇنتىزىم ئىدى. ئەدلىيەئىشلىرى دىنىي ئۆلۇماالارنىڭ پەتىۋالىرى بويىچە ئىجرا قىلىناتتى. پۈتۈن ئىچكى سىياسەت ۋە ئىدارە باشقۇرۇش ئىشلىرىدا سۇلتان ئابابەكرى مىرزىنىڭ بېكىتكەن قانۇنى قەتئىي ئىجرا قىلىناتتى. بۇقانۇنغا رىئايە قىلمىغانلارغا تېگىشلىك جازا بېرىلەتتى. دۆلەت ئىشلىرىنىڭ ھەرقايسى بۆلۈملىرىگە ئايرىم - ئايرىم ئىدارە ۋە مەئمۇرلار(مەسئۇل كىشىلەر) تەيىن قىلىنغانىدى. يەنى، بۈگۈنكىدەك مىنىستىرلىكلەرگە ئوخشاش بولۇپ بۇلارسۇلتان ئالدىدا جاۋاپكار ئىدى. ھەرقايسى شەھەر، ناھىيە ياكى كەنتنىڭ ھاكىمنى سۇلتان ئۆزى تەيىن قىلاتتى. ئەسكەرلەر مەمۇرىي ئىشلارغا ئارىلاشمايتتى. بۇنىڭ بىلەن چاغاتاي زامانىسىدىكى ھەربىي ھۆكۈمەت دەۋرى يوقىلىپ، خەلق ئەركىن ۋە پاراۋانلىق ئىچىدە ياشىدى. جىنايەتچىلار ۋە ئەسىرلارنى مۇناسىپ ئىشلارغا سالدى. ئۇلارنىڭ يېمەك - ئىچمەك ۋە كىيىم - كېچەكلىرى دۆلەت خەزىنىسىدىن تەمىنلىنەتتى. ئەرلەرنى ئومۇمەن قەدىمكى شەھەرخارابىلىرىنى قېزىش،كان كولاش، ئىمارەت ۋە بىناكارلىق ئىشلىرىدا

[83] سۈنجىك خان، ھازىرقى ئۆزبېكلەرچە ئەسەرلەردە سۈيۈنچ دەپ، ئېلىنغان. ئە. بايتۇر 938 - بەت ( ن. ش. ھ.) .

ئىشلەتكەن بولسا، ئايال جىنايەتچىلەرنى يىپ ئىگىرىش ۋە كىيىم تىكىش ئىشلىرىغا سالدى.

سۇلتان ئابابەكرى مىرزا قەشقەردە «قارىق» دېگەن بىرقەدىمكى شەھەرنىڭ خارابىسىنى قېزىپ نۇرغۇن ئالتۇن ـ كۈمۈش ۋە جاۋاھىرات تاپقان. يەنە خوتەندە بىر قەدىمكى شەھەرخارابىسىدىن ھېساپسىزبايلىققا تولغان بىرخەزىنە تاپقان. بۇخەزىنىلەردىن تارىخ سەھىپىسىنى زىنەتلىگەن بىرقىسمىنى زىكىرقىلىمىز.

«تارىخى رەشىدى» نىڭ يازغۇچىسى ھەيدەر مىرزا بۇلارنى ئۆزكۆزى بىلەن كۆرگەنلىكىنى ئېيتىپ مۇنداق دەپ يازىدۇ: «مەزكۇرشەھەردىن جەمئى 27 دانە كوزا چىقتى، ھەربىركوزا، ئىچىگە بىرئادەم كىرسەكۆرۈنمىگۇدەك دەرىجىدە چوڭ. ھەربىر كوزىنىڭ ئىچىدە، ئۆزۈنلىقى بىر يېرىم گەز كېلىدىغان بىردانە دىن مىس ئاپتۇۋا بار. بۇ ئاپتۇۋا لار ئاغزىغىچە خام ئالتۇن بىلەن تولدۇرۇلغان بولۇپ، ئاپتۇۋالارنىڭ ئەتراپىي ھەربىرى 500 مىسقال كېلىدىغان كۈمۈش بامبۇلار بىلەن كوزىنىڭ ئاغزىغىچە تولدۇرۇلغان. ھەربىرئاپتۇۋاغا، قۇمارخاتۇننىڭ ئوغلىنىڭ تويىي ئۈچۈن، دېگەن ئىبارىلەر يېزىلغانىدى.» قۇمار خاتۇننىڭ كىم ئىكەنلىكى قايسى تارىختا ئۆتكەنلىكى مەلۇم ئەمەس.

سۇلتان ئابابەكرى مىرزا بۇ خەزىنىلەرنى ھېچ بۇزماي ساقلىغانىدى. ئەمما، سەئىدخاننىڭ ھۇجۇمى نەتىجىسىدە بۇلار پۈتۈنلەي يوق بولۇپ كەتتى. سۇلتان ئابابەكرى مىرزا يۇرتىنىڭ ئىمارەت ـ بىناكارلىق ۋە زىرائەت ئىشلىرىنى ياخشىلاش ئۈچۈن كۆپ كۈچ چىقارغانىدى. ھەيدەر مىرزا بۇھەقتە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «سۇلتان ئابابەكرى مىرزا ئۆز مەملىكىتىدە 12.000 دىن ئارتۇق ئىمارەت ۋە باغ بىنا قىلدۇردى، بۇلارنىڭ تولاراقى يەركەندە ئىدى. مەملىكەتنىڭ ھەر تەرىپىدە نۇرغۇن ئېرىق ـ ئۆستەڭ قازدۇرۇپ يەرسۇغۇرۇش ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇردى.» ئۇندىن باشقا يەركەن ۋە قەشقەرنىڭ زامانىمىزغىچە يېتىپ كەلگەن كونا شەھىرى ۋە بۇلارنىڭ سېپىللىرى سۇلتان ئابابەكرى مىرزىنىڭ ئەسەرلىرىدۇر. ھەيدەر مىرزا بۇشەھەرنى ۋە سېپىل ئىمارەتلىرىنى تەپسىلى ھالدا تونۇشتۇرۇپ، شەھەرسېپىلىنىڭ ناھايىتى قېلىن، مۇستەھكەم ۋە ئېگىز سېلىنغانلىقىنى، يەركەننىڭ «ئەرگى» يەنى، ئوردىسىنىڭ 100 تاناپلىق بىرساھە ئىچىگە بىنا قىلىنغان، ناھايىتى چوڭ ھەشەمەتلىك بىر بىنا ئىكەنلىكىنى ئۇزۇن تەپسىلاتى بىلەن بايان قىلىدۇ.

سۇلتان ئابابەكرى مىرزا يۇرتىنىڭ بىخەتەرلىكى ئۈچۈن ئالاھىدە دىققەت قىلاتتى. بولۇپمۇ ئۇ چاغلاردىكى ئۆزىنى ھېچكىمگە تەڭ قىلمايدىغان شۆھرەتپەرەست چاغاتاي ۋە كورگان خاندانىغا مەنسۇپ كىشىلەر سۇلتان ئابابەكرى مىرزىنىڭ مەملىكىتىگە كىرسە، ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن دائىم كۆزىتىپ تۇرۇشقا ئادەم قوياتتى. يۇرتتىن چىققىلى قويماي ئەگەر، ئۇلاردىن گۇمانلانسا، دەرھال ئۆلۈمگە ئالاتتى ياكى ئۆلتۈرۈۋېتەتتى. مانا بۇخىل ئېھتىيات چارە ـ تەدبىرلىرى نەتىجىسىدە سۇلتان ئابابەكرى مىرزىنىڭ 45 يىللىق ھۆكۈمرانلىقى جەريانىدا بىرقېتىممۇ ئىچكى ئىسيان چىقمىغانىدى.

### 4 - پەسىل

## ئۆزبېك ۋە قازاق ئاتالغۇلىرىنىڭ كېلىپ چىقىشى

ھازىر ئۆزبېك (ئۆزبەك) ۋە قازاق دېگەن نام بىلەن ئاتىلىۋاتقان تۈرك قوۋملىرى،گەرچە بۈگۈنكى شەرقىي تۈركىستاننىڭ چېگراسى ئىچىدىكى ئاھالىدىن بولماي غەربىي تۈركىستان ۋە تەڭرى تاغلىرىنىڭ شىمالىدا ئولتۇراقلاشقانلىقتىن ئۇلارنىڭ مەسىلىلىرى بىزنىڭ مۇزاكىرە ۋە بايانلىرىمىزدا ئانچە مۇھىم بولمىسىمۇ شەرقىي تۈركىستاننىڭ غەربىي ۋە شىمالىدىكى قوشنىلىرىمىز ۋە تۇغقانلىرىمىز بولغانلىقلىرى مۇناسىۋىتى بىلەن تارىخىمىز ئورتاق دەرىجىدە ئارىلىشىپ كەتكەن. بۇ كىتابىمىزدىمۇ بولار ھەققىدە كۆپ بايانلار ئۇچرايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، مۇھىم بىر تارىخىي ھەقىقەت مۆھتەرەم كىتابخانلارنىڭ مەلۇماتى تېشىدا قالمىسۇن دېگەن مەقسەت بىلەن، بۇ ئىككى نامنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە بۇ ئىسىم بىلەن تونىلىۋاتقان تۈركلەرنىڭ تارىخچىسىنى بايان قىلىپ ئۆتۈشنى لازىم كۆردۈم.

### ئۆزبېك

بەزى ياۋروپالىق يازغۇچىلار ۋە ئۆزبەكلەرنىڭ تارىخى ھەققىدە سۆز ئاچقان بىرقىسىم شەرق تارىخچىلىرى «ئۆزبېك» سۆزىنى ئېتنوگرافىك بىرسۆز دەپ گۇمان قىلىپ، غەربىي تۈركىستان تۈركلىرىنى قەدىمدىن تارتىپ، ئۆزبېك دېگەن نام بىلەن ئاتىلىپ كەلگەن قەبىلە دەپ كۆرسىتىدۇ[84]. شۇنىڭدەك يېقىنقى زامانغىچە پەرغانە، بۇخارا ۋە خىۋە قاتارلىق ئۆلكىلەردە ھۆكۈمرانلىق سۈرگەن ئۆزبېك خاندانىنى بۇ ئۆلكىلەرنىڭ ئەسلى ئاھالىسىدىن دەپ گۇمان قىلىشىدۇ. بۇيۇرتنىڭ ئاھالىسى ئارىسىدىمۇ بۇ ئىسىم توغرىسىدا ھەرخىل ئاساسسىز تەھلىللەر مەۋجۇد بولۇپ كەلمەكتە. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولمىغان تەخمىن ۋەگۇمانلاردىن ئىبارەتتۇر.

ئۆزبېك دېگەن سۆز ئېتنوگرافىك بىر كەلىمە ئەمەس، يەنى، بىرتۈرك قەبىلىسىنىڭ نامى ئەمەس. شۇنداقلا غەربىي تۈركستان ئاھالىسىنىڭ قەدىمكى ئىسمى ياكى لەقىمىمۇ ئەمەس. چۈنكى ، تارىخ دەۋرىنىڭ ئەڭ قەدىمكى چاغلىرىدىن تارتىپ موغۇل ئىستىلاسىغىچە شەرقىي ۋە غەربىي تۈركستان خەلقى پەقەت «تۈرك» دېگەن ئىسىم بىلەن تونۇلۇپ كەلگەنلىكى، «ئۆزبېك» ياكى«قازاق» دېگەن قەبىلە ياكى بىر قوۋم ئىسمىنىڭ يوقلىقى قەدىمكى تارىخىي ۋە ئەدەبىي ئەسەرلەردىن شۈبھىسىز سۈرەتتە مەلۇم بولماقتا. بۇخارا ۋە سەمەرقەنت ئاھالىسى بولغان تۈركلەر ئىسلامدىن ئىلگىرى ۋە كېيىنكى تارىخىي دەۋرلەردە سوغداق ياكى سوغوت (ئەرەبلەر صغد دەپ ئالىدۇ) دېگەن ئىسىم بىلەن مەشھۇر

[84] ئېتنو گرافىيە ـ نەسەپ شۇناسلىق ئىلمى. ئېتنو گرافىك ـ نەسەبكە ئائىت (مۇئەللىپنىڭ ئىزاھاتى).

ئىدى. بۇ ئىسمىمۇ بىرەر قەبىلىنىڭ ئىسمى بولماستىن، بۇخارا ۋە سەمەرقەنتنى سۇغۇرىدىغان زەرەپشان دەرياسىنىڭ قەدىمكى ئىسمى سوغوت (سوغد) بولغانلىقىدىن، بۇ ئۆلكىلەر مۇ شۇئىسىم بىلەن ئاتالغان. قەدىمكى زامانلاردا شەرقىي ۋە غەربىي تۈركىستان خەلقلىرىنىڭ ئۆزلىرى ياشاۋاتقان جاينىڭ ئىسمى بىلەن ئاتىلىپ كەلگەنلىكى بىزگە ئايان ۋە هازىرمۇ شۇنداق.

ئۆزبېك ئىسمى يېقىنقى تارىختا ۋاقىتلىق بىرۋاستە بىلەن غەربىي تۈركىستان ئاھالىسىغا ئۆزلىشىپ قالغان بىرلەشمىدىن ئىبارەت. چىڭگىزخاننىڭ ئىككىنچى ئوغلى چاغاتاي ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ هۆكۈمرانلىق تەۋەسىدىكى شەرقىي ۋە غەربىي تۈركىستان خەلقلىرى «چاغاتاي ئۇلۇسى» دەپ ئاتالغىنىدەك، چىڭگىزخاننىڭ چوڭ ئوغلى جوجىخاننىڭ هۆكۈمرانلىقىدىكى قىپچاق دەشتى ۋە روس يۇرتلىرىدا ئولتۇراقلاشقان هەرخىل تۈرك قوۋملىرى بىردەك «جوجى ئۇلۇسى» دەپ ئاتالدى. كېيىنچە جوجى خاندانىغا مەنسۇپ، ئالتۇن ئوردا خانلىقىدا مۇهىم ئورۇنغا چىققان خانلارنىڭ نامى بىلەن ئاتالدى. مەسىلەن، باتۇخان زامانىدا (مىلادى 1224 ـ 1255) ئۇلار «باتۇ ئۇلۇسى»، بەركەخان زامانىدا(مىلادى 1255 ـ 1266) «بەركە ئۇلۇسى» ۋە ئۆزبېك خان دەۋرىدە(مىلادى 1312 ـ 1340) «ئۆزبېك ئۇلۇسى» دەپ شۆهرەت تاپتى. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ لەقەم ئۆزگەرمىدى ۋە بۇ تۈركلەرنى ئۆزبېك ئۇلۇسى دەپ ئاتاش داۋام قىلىپ كەلدى. تۆمۈربەگ دەۋرىدىن تارتىپ غەربىي ۋە شەرقىي تۈركىستان دۆلەتلىرى ۋە ئالتۇن ئوردا دۆلەتلىرى ئوتتۇرىسىدا سىياسىي ۋە هەربىي توقۇنۇشلار داۋاملىق يۈز بېرىپ تۇردى. ئاخىرى روس دۆلىتى كۈچلىنىپ، ئالتۇن ئوردا دۆلىتىنى مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن، ئۇجايلاردىن چېكىنىپ چىققان ئالتۇن ئوردا مەنسۇپلىرى تۈركىستانغا يېقىن ئۆلكىلەرگە كېلىپ يەرلىشىپ دۆلەت قۇردى. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن شەرقىي ۋە غەربىي تۈركىستان دۆلەتلىرى ئارىسىدا ئۇرۇش ۋە سۈلهى تېخىمۇ كۆپ بولدى. «ئۆزبېكلەر بىلەن ئۇرۇش باشلاندى»، «ئۆزبېك ئەلچىسى كەلدى» ۋە «ئۆزبېكلەرگە ئەلچى كەتتى» دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەر تولا سۆزلىنىدىغان بولدى. يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك، هىجرى 906 (مىلادى 1500) ـ يىلى مۇهەممەدشىبانى خان غەربىي تۈركىستاننى ئىشغال قىلىشقا باشلاپ، ئاخىرى بۇجايلارنى پۈتۈنلەي ئىگەللەپ، مەشهۇر ئۆزبېك دۆلىتىنى قۇردى. كېيىنچە، بۇ دۆلەت پارچىلىنىپ كەتتى. بۇخارا، خىۋە ۋە پەرغانەدىكى قالدۇقلىرى زامانىمىزدىكى روس ئىستىلاسىغىچە داۋام قىلدى. قىسقىسى، هۆكۈمدارلىرىنىڭ لەقىمى بولغان «ئۆزبېك» كەلىمىسى، موغۇل ئەنئەنىسى بويىچە، ئۇلارنىڭ هاكىمىيىتى ئاستىدىكى غەربىي تۈركىستان خەلقىگە نام بولۇپ، ئۇلار شۇ نام بىلەن ئاتىلىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ قەدىمكى تۈرك ئۇنۋانلىرى ۋە موغۇل هاكىمىيىتىدىن، كورگان خاندانى يىقىلغۇچە داۋام قىلغان، «چاغاتاي» تۈركلىرى دېگەن ناملىرى ئۇنتۇلۇپ، تاشقىرىدىن كەلگەن ئۆزبېك لەقىمى بىلەن زامانىمىزغىچە كەلدى.

## قازاق

بۇمۇ ئېتنوگرافىك بىر كەلىمە ئەمەس. ھازىر«قازاق» دەپ ئاتالغان كۆچمەن مۇسۇلمان تۈركلەرمۇ ئەسلىدە بۇ نام بىلەن ئاتالغان بىرقەبىلە ئەمەس. بۇ ئاتالغۇ ھازىر قازاق دەپ ئاتىلىۋاتقان كۆچمەن تۈرك قەبىلىگە يەنى، قەدىمكى زاماندىن ئېتىبارەن قىپچاق دەشتى (دەشتى قىپچاق) دەپ ئاتالغان شەرقىي ياۋروپادا، سىبىرىيىدە، خەزەر(ھازەر) ۋە ئارال دېڭىزلىرى بويلىرىدا، توبۇل ۋە ئېرتىش دەريالىرى ئوتتۇرىسىدىكى يايلاقلاردا ۋە شەرقىي تۈركىستاننىڭ شىمالىي قىسمىدا ياشىغان يۈزلەرچە تۈرك بوي(قەبىلە) لىرىغا، بۇ لاردىن بولمىغان ھۆكۈمدارلىرى تەرىپىدىن يېقىنقى زامانلاردا تېڭىلغان بىرلەقەمدىن ئىبارەت. دېمەككى، بۇ قەبىلىلەرگە ئومۇملاشتۇرۇلغان، «قازاق» ئىسمى غەربىي تۈركىستان خەلقىگە قوللانغان، ئۆزبېك ئىسمىدەك تېڭىلغان بىرلەقەمدىن ئىبارەت.

ئاسىم نەجىب ئەفەندىنىڭ «تۈرك تارىخى»، ھاجى ئابدۇلغاپپار قىرىملىقنىڭ «عمدة التواريخ» ، شاھابىددىن مەرجانىنىڭ «مستفاد الاخبار» ۋە مۇراد رەمزى ئەفەندىنىڭ «تلفيق الاخبار» قاتارلىق تاتار- تۈرك تارىخ يازغۇچىلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدە بىردەك بايان قىلىنغان قىممەتلىك مەلۇماتلىرىنىڭ كۆرسىتىشىگە قارىغاندا، يۇقىرىدىكى يۇرتلاردا ئولتۇرۇشلۇق نايمان، گىرايىت، قوڭغرات ، ئۇيىرات، پېچېنەك (پەچەنەك)، ئالاچ (ئالان)، ئارغۇن، چاپا، قاپا، باشقىر(باشقىرت) چۇۋاش، چىگىل، چىرىش، باسمىل، قارلۇق ۋە بۇلاردىن باشقا يۈزلەرچە تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ «قازاق» لەقىمى بىلەن ئاتىلىپ قىلىشىنىڭ سەۋەبى مۇنداق:

ئالتۇن ئوردا دۆلىتى ئاجىزلىشىپ، جۇجى خاندانى ئىچىدە ئىختىلاپ پەيدا بولغان چاغلاردا نۇرغۇن شاھزادىلار خاندىن يۈز ئۆرۈپ قېچىپ كەتكەن ۋە مەركەزدىن ئۇزاق بولغان دەشتى قىپچاق ۋە سىبىرىيە قاتارلىق جايلارغا بېرىۋېلىپ، مۇستەقىللىق ئېلان قىلغىلى باشلىغان. بۇئىسيانچىلارنى دۆلەت مەركىزىدىكىلەر«قازاق» دەپ ئاتايتتى. مۇراد رەمزى ئەفەندى، «تلفيق الاخبار» دېگەن ئەسىرىدە، «قازاق» دېگەن سۆز «قاچاق، قاچقان» سۆزىنىڭ بۇزۇلۇپ تەلەپپۇز قىلىنىشىدىن كېلىپ چىققان ، دەپ يازىدۇ. بۇ ئىسيانچىلار بارغانسېرى كۆپەيگەن ۋە «قازاق» دەپ ئاتىلىدىغانلارمۇ كۆپىيىپ كەتكەن.كېيىنچە، بۇئىسيانچى شاھزادىلار قۇرۇپ چىققان ھۆكۈمەتكە تەۋە خەلقلەرنىمۇ، قازاق، دەپ ئاتاش ئادەت بولۇپ قالدى. بۇ ئادەت داۋام قىلىپ، ئىسيانچى شاھزادىلارغا تەۋە بولسۇن- بولمىسۇن شەرقىي ياۋروپادىن ياما(يەنسەي) دەرياسىغىچە سوزۇلغان يايلاقلاردا ياشايدىغان پۈتۈن كۆچمەن مۇسۇلمان تۈرك قەبىلىلىرىنى «قازاق» دەپ ئاتاش ئادەت بولۇپ قالدى. ھىجرى 900- (مىلادى 1504-) يىلى ئەتراپىدا، جۇجىخاننىڭ ئوغلى توقاي تۆمۈرنىڭ ئەۋلادىدىن ئەھمەد كىدايخان، بارۇندۇقخان ۋە قاسىم خان دېگەن شاھزادىلار دەشتى قىپچاق ۋە سىبىرىيىدىكى تۈرك قەبىلىلىرىنى

بىرلەشتۈرۈپ، بىر كۆچمەن دۆلىتى قۇرۇپ چىققان. بۇخانىدانىنىڭ دۆلىتى ھىجرى 1142- (مىلادى 1729-) يىلى رۇس ئىشغالى نەتىجىسىدە يىقىلدى. بۇدۆلەت تۈركىستان تارىخىدا «قازاق دۆلىتى»، ياۋروپا تارىخلىرىدا «نىيۇمىن چارلىقى» ئىسمى بىلەن مەشھۇردۇر.

## شەرقىي تۈركىستاندا سەئىدىيە دۆلىتى

سۇلتان مەھمۇدخان شېھىت بولغاندىن كېيىن، چاغاتاي خانىدانىدىن شەرقىي تۈركىستاندا ئالى ھۆكۈمدار سۈپىتى بىلەن دۆلەت باشقۇرىدىغان كىشى قالمىدى. ئالتى شەھەرنىڭ غەرب ۋە جەنۇب قىسىملىرىغا سۇلتان ئابابەكرى دوغلات ھۆكۈمرانلىق قىلاتتى. كۇچا، قۇمۇل، بەشبالىق، يۇقىرىقى ئىلى (ھازىرقى غولجا) شەھەرلىرىدا ئالاچەخاننىڭ چوڭ ئوغلى مەنسۇرخان ئومۇمىي ۋالىي سۈپىتى بىلەن مۇستەقىل ھۆكۈمدار ئىدى. ئىسسىقكۆل ئەتراپى ۋە يەتتەسۇدا كۆچمەن قەبىلىلەر ھۆكۈمەتسىز ھالدا باشباشتاق ياشىماقتا ئىدى. بۇ ۋەزىيەت سەككىز يىل داۋام قىلدى.

يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتۈلگىنىدەك، ھىجرى 921 (مىلادى 1515) - يىلى سەئىدخان سۇلتان ئابابەكرى مىرزىنى قاچۇرۇپ، يەركەننى ئىشغال قىلدى ۋە قەدىمكى تۈرك ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، قول ئاستىدىكى بەگلەر، ئەسكەرلەر ۋە خەلقلەردىن تەركىپ تاپقان بىرسورۇن (قۇرۇلتاي) چاقىردى. قۇرۇلتايدا ئاق كىگىزدە ئولتۇرۇپ، ئۆزىنى پۈتۈن شەرقىي تۈركىستاننىڭ چوڭ خانى ئېلان قىلدى. سەئىدخاننىڭ يېڭى قۇرغان بۇ دۆلىتى يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن سەۋەپتىن ھەقىقىي مەنادا شەرقىي تۈركىستاننىڭ مىللىي ۋە بىرلىككە كەلگەن دۆلىتى ماھىيىتىدە ئىدى. تارىختا بۇ «چاغاتاي دۆلىتى» ئەمەس بەلكى، «سەئىدىيە دۆلىتى» دەپ ئاتالدى. سەئىدخان بۇ مۇراسىمدىن كېيىن يەركەننى پايتەخت قىلىپ، تەختكە چىقتى ۋە «سۇلتان» ئۇنۋانىنى ئالدى.

## سۇلتان سەئىدخاننىڭ تەرجىمەھالى

سۇلتان سەئىدخان شەرقىي تۈركىستاندا 170 يىل داۋام قىلغان بىرمىللىي دۆلەتنىڭ قۇرغۇچىسى بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ زاتنىڭ تەرجىمەھالى ۋە باشقا ئەھۋاللىرى توغرىسىدا مۆھتەرەم كىتابخانلارغا مەلۇمات بېرىشنى لازىم كۆردۈم. بۇھەقتە سەئىدخاننىڭ زاماندىشى ۋە يېقىن ئادىمى بولغان ھەيدەرمىرزا كورگاننىڭ ئەسىرى «تارىخى رەشىدى» دە يازغان تەپسىلى مەلۇماتنى قىسقارتىپ تەقدىم قىلىمەن.

سەئىدخان، ئەھمەد ئالاچەخاننىڭ 3 - ئوغلى يۇنۇسخاننىڭ نەۋرىسى بولۇپ، ھىجرى 892- (مىلادى1487-) يىلى تۇغۇلغان. 16 يېشىغىچە دادىسىنىڭ تەربىيىسىدە بولدى. ھىجرى 908- (مىلادى

1502) ـ يىلى ئالاچەخان تاشكەنتكە بارغاندا سەئىدخاننى بىرگە ئېلىپ بارغانىدى. شۇ يىلى شىبانى خان بىلەن بولغان ئۇرۇشتا بابۇرمىرزا بىلەن بىرسەپتە تۇرۇپ، ئەخسى ئۇرۇشىغا قاتناشتى. ئۇرۇشتا قاتتىق يارىلىنىپ، ئەھمەد تەنبەلبەگ تەرىپىدىن ئەسىرگە ئېلىنىدى ۋە بىر يىل ئەخسى تۈرمىسىدا ئېغىر جاپالىق كۈنلەرنى بېشىدىن كەچۈردى. ئىككىنچى يىلى فەرغانىغا جانىبەگ خان ئۆزبېك ۋالىي بولۇپ كەلگەندە ئۇنى زىنداندىن چىقىرىپ، نەزەربەند قىلىپ ساقلىدى. سەئىدخان بۇ نەزەربەنتلىك كۈنلىرىدە شەرقىي تۈركىستانغا قېچىپ كېتىش ئۈچۈن پىلان تۈزۈپ، مەخپىي سۇرەتتە 18 قوراللىق ۋە ئاتلىق ئادەم يىغدى ۋە بىر پۇرسەت تېپىپ فەرغانىدىن قېچىپ نارىنغا كەلدى. نارىندىن يولغا چىقىپ ئىسسىقكۆل بويىغا ــ سۇلتان مەھمۇد خاننىڭ قېشىغا كەلدى. بۇ يەردە بىرمەزگىل تۇرۇپ، سۇلتانغا ساداقەتلىك بىلەن خىزمەت قىلدى. ئەمما، سۇلتاننىڭ ئەيش ـ ئىشرەتلىك تۇرمۇشى ۋە يۇرتنىڭ خاراپ ئەھۋالىنى كۆرۈپ، قايغۇرۇپ بۇنىڭدىن قۇتۇلۇشنىڭ غېمىغا چۈشتى. ئاخىرى، سۇلتان مەھمۇدخاننى تەختتىن يىقىتماي، دۆلەتنى بىكىدىن ئىسلاھ قىلىشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى چۈشەندى ۋە سۇلتان مەھمۇدخاندىن ئايرىلىپ ئۇزاق بىرجايغا بېرىپ، ئۇ يەردە بىرتەشكىلات قۇرۇشقا قارار قىلدى. خاندىن يەتتەسۇغا بېرىپ كەلسەم دەپ ئىجازەت سورىغان بولسىمۇ، خان رۇخسەت قىلمىدى. سەئىدخان مەخپىي ھالدا بىرتەشكىلات قۇرۇپ، 200 دىن كۆپرەك قوراللىق ئادەم توپلىدى ۋە بىر پۇرسەت تېپىپ ئادەملىرى بىلەن قاچتى. سۇلتان مەھمۇدخان ئۇنى تۇتۇش ئۈچۈن ئارقىسىدىن ئەسكەر يوللىدى. سەئىدخان بۇئىسكەرلەر بىلەن بولغان ئۇرۇش جەريانىدا يارىلىنىپ، ئەسىر ئېلىندى ۋە خان ئۇنى نەزەربەند قىلىپ قويدى. ئىككى يىللىق نەزەربەندلىك مەزگىلىدە سەئىدخان سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ غاپىل ۋە بىپەرۋالىقىدىن پايدىلىنىپ، مەخپىي پائالىيەتلىرىنى داۋاملاشتۇردى ۋە ئەتراپىغا خېلى كۈچلۈك تەرەپتارلار توپلىدى. ھىجرى 913ـ (مىلادى 1507ـ) يىلى تەرەپتارلىرى بىلەن قېچىپ، يەتتەسۇدىكى ئىنىسى (يەتتەسۇنىڭ ۋالىيسى) خەلىل سۇلتاننىڭ قېشىغا كېلىۋالدى. شۇ يىلى سەئىدخان ئۆزىنى خان ئېلان قىلدى ۋە سۇلتان مەھمۇدخاننى يىقىتىش ئۈچۈن ھەربىي ھەرىكەتلەر ئېلىپ بېرىشقا باشلىدى.

يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك، سۇلتان مەھمۇدخان مەغلۇپ بولدى ۋە فەرغانىغا بېرىشىدا ھىجرى 914 ـ (مىلادى 1508ـ) يىلى شېھىد بولدى. شۇنىڭ بىلەن تەڭرى تاغلىرىنىڭ شىمالىدىكى يەتتەسۇ ۋە ئىسسىقكۆل ئەتراپى سەئىدخاننىڭ خانلىقىغا تەۋە بولدى. لېكىن، بۇ ۋەزىيەت ئۇزۇن داۋام قىلمىدى، ئاكىسى مەنسۇرخاننىڭ ھۇجۇم قىلىشى بىلەن، يەتتەسۇ، ئالمائاتا ئۇرۇشلىرىدا ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ ئادەملىرىدىنمۇ ئايرىلدى ۋە نارىننىڭ جاڭگاللىرىغا يوشۇرۇنۇۋالدى. ئۇيەردىمۇ تۇرالماي ئازغىنە ئادەملىرى بىلەن ئالتەشەھەر تەرىپىگە ئۆتۈپ، تارىم دەرياسى بويىدىكى دولان (سېرىق ئۇيغۇر) لارنىڭ ئارىسىغا كەلدى. ئۇنىڭ مەقسىدى بۇ يەردىكى سېرىق ئۇيغۇرلاردىن ئەسكەر ئېلىپ

ئىشنى داۋاملاشتۇرۇش ئىدى. ئەمما، دولانلار ئۇنىڭغا ياردەم قىلىش ئۇياقتا تۇرسۇن ئۇنىڭغا سۇيىقەست قىلىپ ئادەملىرىدىن بەزىلىرىنى ئۆلتۈردى ۋە بەزىلىرىنى ئەسىرگە ئالدى. سەئىدخان يالغۇز بىر ئات ـ قامچا قېچىپ، جېنىنى قۇتقۇزۇپ، يەنە نارىنغا كەلدى. نارىندا ئاۋارە هالدا قېچىپ يۈرگەن 40 ـ 50 ئادەمى ۋە ئائىلى بىلەن ئۇچرىشىپ، بىر يايلاقتا يەرلەشتى. بۇ يەردە سۇلتان ئابابەكرى مىرزىنىڭ ئەسكەرلىرىگە ئۇچراپ قېلىپ، ئۇرۇشۇپ، ئاران قۇتۇلدى. يېنىدا 5 ـ 6 دىن ئۇشۇق ئادىمى قالمىدى. شەرقتىن مەنسۇرخان، جەنۇبىدىن سۇلتان ئابابەكرى مىرزا ۋە غەربىدىن ئۆزبېكلەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ قېلىشتەك ئېچىنىشلىق ئۆلۈم ئاقىۋىتى قورقۇنچىسى ئىچىدە، بۇ كەڭرى دۇنيا تارلىق قىلماقتا ئىدى. ئاخىرى مەخپىي هالدا فەرغانىدىن ئۆتۈپ، ئافغانىستانغا بېرىۋېلىپ بابۇرشاھدىن باشپاناھلىق تىلەش قارارىغا كەلدى ۋە فەرغانىغا قاراپ ماڭدى. لېكىن، ئەنجانغاكەلگەندە تۇنۇلۇپ قېلىپ، ھەمرالىرى بىلەن قامالدى. ئۆزبېكلەرتەرىپىدىن ئەنجانغا تەيىنلەنگەن ھاكىم ئەسلىدە سەئىدخاننى ياخشى كۆرىدىغان بىركىشى ئىدى. بىرقانچەكۈندىن كېيىن بىرھىيلە ئىشلىتىپ، سەئىدخاننى ۋە ھەمرالىرىنى تۈرمىدىن قاچۇرۇۋەتتى. سەئىدخان شۇ قاچقانچە ھېچ يەردە توختىماي بەدەخشانغا كېلىپ، بەدەخشان ھۆكۈمدارى مىرزاخاننىڭ پاناھىغا سىغىندى. بەدەخشاندا بىرقانچەكۈن تۇرغاندىن كېيىن مىرزاخاندىن ئىجازەت ئېلىپ، ھىجرى 915 ـ (مىلادى 1509ـ) يىلى شابان ئېيىدا كابۇلغا بابۇرشاھنىڭ قېشىغا كەتتى. بابۇرشاھ ئۇنى ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن كۈتۈۋالدى ۋە ياخشى مېھمان قىلدى.

سەئىدخان كابۇلدائىككى يىل تۇردى. بۇ مەزگىل ئىچىدە فەرغانىدىكى يېقىن تونۇش ـ بىلىشلىرىدىن بولغان چاغاتاي ۋە كورگان خانىدانىغا مەنسۇپ كىشىلەر بىلەن داۋاملىق خەت ئالاقىلىشىپ ئۆزىگە تەرەپتار توپلاپ پۇرسەت كۈتتى. ھىجرى 916 ـ (مىلادى 1510ـ) يىلى شىبانى خان مەرۋە شەھىرىدىكى ئۇرۇشتا ئىران شاھى ئىسمائىل سەفەۋى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن ئۆزبېكلەر ئىچىدە چوڭ قالايمىقانچىلىق كېلىپ چىقتى. بابۇرشاھ بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، غەربىي تۈركىستانغا يۈرۈش قىلدى. سەئىدخان بابۇرشاھ بىلەن قۇندۇز شەھىرىگەكەلگەندە فەرغانىدىكى سەئىدخان تەرەپتارلىرىنىڭ ئۆزبېكلەرنى مەغلۇپ قىلغان خەۋىرى بىلەن بىللە ئۇلارنىڭ بابۇر شاھدىن ياردەم تەلەپ قىلىپ، ئەۋەتكەن ئەلچىسىمۇ كەلدى. بۇ ۋەزىيەتتە بابۇرشاھ بىرقىسىم ئەسكەر بىلەن سەئىدخاننى فەرغانىغا يوللىدى. سەئىدخان مەشھۇر«تۈتلۈك» ئۇرۇشىدا سۇلتان ئابابەكرى مىرزىنى ئېغىرمەغلۇبىيەتكە ئۇچرىتىپ، فەرغانىنى ئالدى. ئۇنىدىن كېيىن، سەئىدخان فەرغانىدىن بابۇرشاھ سەمەرقەنتتىن ئىلگىرىلەپ، غەربىي تۈركىستاندىن ئۆزبېكلەرنى ھەيدەپ چىقىرىش ئۈچۈن ئۆزبېكلەرگە ھۇجۇم باشلىدى. ھىجرى 918 ـ (مىلادى 1512ـ) يىلىغىچە داۋام قىلغان بۇ ئۇرۇشتا ئۇلارخېلى زور غەلىبىلەر قولغا كەلتۈرگەن بولسىمۇ، ئۆزبېكلەرنى مەغلۇپ قىلىپ، غەربىي تۈركىستاندىن چىقىرىشقا مۇۋەپپەق بولالمىدى. سەئىدخان تاشكەنتتىكى ئۇرۇشتا ئۆزبېك سۈيۈنچ خاندىن ئېغىر زەربە يەپ، فەرغانىغا

يېتىپ كەلدى. بۇ ئارىدا بابۇرشاھمۇ ئۆزبېك خانى ئەبەيدىخاندىن مەغلۇپ بولۇپ، غەربىي تۈركىستاندىن چېكىنىپ، ئافغانىستانغا قايتتى. نەتىجىدە، ئۆزبېكلەرگە قارشى سەئىدخان يالغۇز قالدى. بۇۋەزىيەت ئاستىدا سۈيۈنىچ خان فەرغانىغا ھۇجۇم قىلدى. سەئىدخان ئۇنىڭغا قارشى جىددى مۇداپىئە ئۇرۇشى قىلىپ، سۈيۈنىچ خاننىڭ ئارقا چېكىنىش يوللىرىنى كېسىپ تاشلاپ، ئۇنى مەغلۇپ قىلىپ قاچۇردى. ئۇندىن كېيىن، ئۆزبېكلەر ئۆز ئىچىدىكى ئىختىلاپلارنى تاشلاپ، ئەبەيدىخاننىڭ رەھبەرلىكىدە بىرلىشىپ كۈچلەندى ۋە ھەر قانداق دۈشمەنگە تاقابىل تورالىغۇدەك ھالغا كەلدى.

سەئىدخاننىڭ ئۆزبېكلەرگە تاقابىل تۇرالمايدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، ئۇلارنىڭ شىمالىدىكى دۈشمىنى قازاق خانى قاسىمخان بىلەن بىرلىشىپ ئۆزبېكلەرگە قارشى ھەربىي كېلىشىم تۈزۈشنى قارار قىلدى. سەئىدخان ھىجرى 919 ـ (مىلادى 1513ـ) يىلى كۈزدە دەشتى قىپچاققا بېرىپ، قاسىمخان بىلەن كۆرۈشۈپ بىرئىتتىپاق كېلىشىمى ئىمزالىدى ۋە ئەتىيازدا ئىككى تەرەپ بىردىن ئۆزبېكلەر ئۈستىگە ھۇجۇم قىلىشقا قارار قىلىشىپ، سەئىدخان قايتىپ كەلدى. لېكىن، ئەتىيازدا دەشتى قىپچاقنىڭ غەربىدە ئىسيان چىقىپ قاسىمخان ئۇتەرەپكە يۈرۈش قىلىشقا مەجبۇر بولۇپ قېلىپ، غەربىي تۈركىستانغا كېلەلمىدى.سۈيۈنىچ خان بۇنى ئاڭلاپ، ھىجرى 920ـ (مىلادى 1514 ـ) يىلى كۈچلۈك بىر ئەسكىرى قۇۋۋەت بىلەن فەرغانىغا ھۇجۇم قىلدى. سەئىدخان ۋە بەگلىرى سۈيۈنىچ خان بىلەن بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولۇپ قالىدىغانلىقلىرىنى ۋە پۈتۈن ھەربىي كۈچىدىن ئايرىلىپ قالىدىغانلىقلىرىنى سېزىپ قالدى ۋە فەرغانىنى بوشىتىپ ، ئۆزكەنت يولى بىلەن شەرقىي تۈركىستانغا قاراپ مېڭىپ، فەرغانىدىكى چاغاتاي ۋە كورگان جەمەتىگە مەنسۇپ پۈتۈن كىشىلەر(تەخمىنەن 10000كىشى) نى ئۆزلىرى بىلەن بىرگە ئېلىپ، ھىجرى 920ـ يىلى رەبىئۇلئەۋۋەل ئاي(مىلادى 1514ـ يىلى 4ـ ئاي) دا نارىنغا كەلدى. يۇقىرىدا سۇلتان ئابابەكرى مىرزىنىڭ بايانىدا سۆزلەپ ئۆتۈلگىنىدەك جامادىئەلئەۋۋەل (7ـ ئاي) دا قەشقەرگە ھۇجۇم قىلىپ، ئالدى بىلەن يېڭىسار بىلەن قەشقەرنى كېيىنچە يەركەننى ئىشغال قىلدى.

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، سەئىدخاننىڭ ھىجرى 908 ۋە 920 ـ (مىلادى 1502 ۋە 1514) يىللىرى ئارىسىدا بېشىغا كەلگەن بۇ ھادىسىلەر ھەر زامان بۈيۈك بىرئىنقىلاپچى ياكى بىر دۆلەت قۇرغۇچىسىنىڭ بېشىغا كېلىدىغان ۋەقەلەر ۋە ھادىسىلەرنىڭ ئەينىسىدۇر. شۇنداقلا بۇ ھادىسىلەرگە قارشى تۇرۇشتا ھارماي ـ تالماي كۆرسەتكەن سەۋىرچانلىقى ۋە مۇستەھكەم ئىرادىسى، جەڭگىۋار روھى، دۇنيا تارىخىدىكى مەشھۇر قەھرىمانلار ۋە داھىلارنىڭ كۆرسەتكەن سەۋىرچانلىق ۋە جەڭگىۋار روھىدۇر. سەئىدخان يەركەننى ئىشغال قىلىپ، 7ـ كۈنى، يەنى، ھىجرى 920 ـ يىلى رەجەپنىڭ 30 ـ كۈنى (مىلادى 1514ـ يىلى 8ـ ئاي) دا ئېچىلغان چوڭ قۇرۇلتايدا شەرقىي تۈركىستان خانى دەپ جاكالاندى. يەركەننى پايتەخت قىلدى ۋە ئەڭ يېقىن ياردەمچىسى سىيد مۇھەممەد مىرزا دوغلاتنى «ئەمىر كەبىر» ئۇنۋانى بىلەن ۋەزىر ۋە قەشقەر ۋالىيسى قىلىپ تەيىنلىدى. شۇنىڭ بىلەن يەكەن،

قەشقەر، خوتەن، ئۇچ، ئىسسىقكۆل ئەتراپى ۋە يەتتەسۇ ۋىلايەتلىرى رەسمىي سۇلتان سەئىدخاننىڭ ھاكىمىيىتى ئاستىغا كىردى، ھەرقايسى ۋىلايەتلەرگە ۋالىي، ھەربىي قوماندان ۋە باشقا مەنسەپدارلار تەيىنلەندى. كۇچادىن قۇمۇل، بەشبالىق ۋە غولجىغىچە بولغان جايلار سۇلتان سەئىدخاننىڭ ئاكىسى مەنسۇرخاننىڭ قولىدا ئىدى. مەنسۇرخان سۇلتان سەئىدخاننىڭ ھاكىمىيىتىنى ئېتىراپ قىلماي قارشى چىقتى. ئەمما، سۇلتان سەئىدخان مەنسۇرخاننى بويسۇندۇرۇش ئۈچۈن قورال كۈچى ئىشلەتمەي سىياسىي ۋە سۈلھى ـ تىنچلىق بىلەن قوشۇۋېلىش يولىنى تاللىدى. سۇلتان سەئىدخان يۇرتنىڭ تىنچ ـ ئامانلىقى ۋە خەلقنىڭ پاراۋانلىقىنى كۆزئالدىدىكى ئەڭ مۇھىم مەسىلە دەپ تونۇپ، سىياسەتلىرىنىمۇ بۇنىڭغا قاراپ بەلگىلىگەن. سۈلھى ۋە تىنچلىقنى ئۇرۇشتىن ئەلا كۆرگەن. دۆلەت قۇرۇشتا ھەمسەت بىلەن كېڭەيمىچىلىك قىلىشنى مەقسەت قىلماي، ئەسىرلەردىن بېرى راھەت كۆرمىگەن خەلقنى ئامان ۋە پاراۋان ياشاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشنى نىشان قىلغان. سەئىدخاننىڭ بۇ مەقسەت ۋە سىياسەتلىرىنى دائىم خەلققە بىلدۈرۈپ خەۋەردار قىلىپ تۇرغانلىقى رىۋايەت قىلىندۇ.

## مەنسۇرخاننىڭ سۇلتان سەئىدخانغا بويسۇنغانلىقى

سۇلتان سەئىدخان سۇلتانلىق تەختىگە چىققاندىن كېيىن، مەنسۇرخان ئىنىسى ئىمىن غوجا سۇلتاننى كۆپرەك ئەسكەرلىرى بىلەن كۇچادا قويۇپ، سۇلتان سەئىدخاننىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى تۇرۇشقا بۇيرۇدى. سۇلتان سەئىدخان ھىجرى 921ـ (مىلادى 1515ـ) يىلىنىڭ ئاخىرلىرىغىچە مەنسۇرخان ۋە ئىمىن غوجا سەلتانلار بىلەن قارشىلاشمىدى ۋە سۈلھىمۇ قىلمىدى. لېكىن، ئىنىسى ئىمىن غوجا سۇلتاننى مەخپىي سۈرەتتە تۇرپىگە قارتىشقا تىرىشتى. ئىمىن غوجا سۇلتان ھەرئىككىلا ئاكىسىغا يېقىنلىق كۆرسىتىپ تۇرۇپ، بىر ئارا بىرقانچە بەگلىرى بىلەن يەركەنگە سۇلتان سەئىدخاننى زىيارەت قىلىشقا كەلدى. ئۇنى ئالىي ھۆكۈمداردەپ تونۇپ، رەسمىي بويسۇندى. سۇلتان سەئىدخان ئۇنى ئۆزىگە ۋاكالىتەن ئۇچ ۋەكۇچاغا ۋالىي قىلىپ تەيىنلەپ، نۇرغۇن ئىنئام ۋە سوغاتلار بىلەن يولغا سالدى. ئۇنىڭ يېنىدىكى بەگلەرگە يۇقىرى مەنسەپ ۋە ئىنئاملار بېرىپ، ئۇلارنىمۇ تامامەن ئۆزىگە قارىتىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن مەنسۇرخاننىڭ مۇھىم كۈچى سەئىدخان تەرەپكە ئۆتۈپ كەتتى.

سۇلتان سەئىدخان بۇ مۇۋەپپەقىيەتتىن كېيىن مەنسۇرخانغا ئەلچى ئەۋەتىپ، ئۇنى سۈلھى تۈزۈش ۋە ئىتتىپاقلىششقا دەۋەت قىلدى. ئوتتۇردا بىرقانچە قېتىم ئەلچىلەر بېرىپ كېلىشكەندىن كېيىن سۇلتان سەئىدخان بىلەن مەنسۇرخان ئۆزلىرى بىريەرگە كېلىپ، كۆرۈشۈشنى قارارقىلىشتى ۋە ئۇچ بىلەن باي ئارىسىدا بىر يەردە ئۇچرىششقا پۈتۈشتى. بۇ قارارغا ئاساسەن سۇلتان سەئىدخان دۆلەت كاتتىلىرى ۋە

نۇرغۇن ئەسكەرلىرى بىلەن يۈرۈپ، ھىجرى 922 - (مىلادى 1516) - يىلى مۇھەررەم ئېيىدا ئۇچقا كەلدى. لېكىن، مەنسۇرخان ئاكىسىنى يەتتەسۇ ۋە ئالماتاتا ئۇرۇشلىرىدىكى مەغلۇبىيىتىنىڭ ئىنتىقامىنى ئالارمىكىن دەپ تازا ئىشەنچ قىلالماي ئالدى بىلەن ھەرئىككى تەرەپتىن بىر - بىرلىرىگە بىرقىسىم كىشىلەرنى گۆرۈ سۈپىتىدە يوللاشنى شەرت قىلىپ، ئەلچى ئەۋەتتى. سۇلتان سەئىدخان بۇشەرتنى قوبۇل قىلىپ، كۆيئوغلى ھەيدەرمىرزا كورگان باشلىق سۇلتان جەمەتىدىن بولغان بىر قانچە ئەر ۋە خاتۇن[85] كىشىلەرنى مەنسۇرخاننىڭ ئالدىغا ئەۋەتتى. مەنسۇرخانمۇ ۋەزىرى جاپپار بەگ باشلىق ئۆزخاندانىغا مەنسۇپ بىرقانچە ئەر ۋە خاتۇن كىشىلەردىن تەركىپ تاپقان ھەيئەتنى سەئىدخاننىڭ ئالدىغا ئەۋەتتى. ئۇلار جام ۋە ئاۋاتنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى سايدا چېدىر تىكىپ، بۇ چېدىردىن تەڭ ئارىلىقلاردىكى كۆزگە كۆرۈنگىدەك يەردە، ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ئەسكەرلىرى سەپ تارتىپ، ھەرئېھتىمالغا قارشى ھازىر تۇرۇش، ھەرئىككى خان ئۆز ئادەملىرىدىن 30 كىشى بىلەن مۇزاكىرە يېرىگە كېلىشنى قارارقىلىشتى. سۇلتان سەئىدخان مۇزاكىرە يېرىگە ناھايىتى ھەشەمەتلىك بىرچېدىر تىكلەپ ئىككى تەختنى جابدۇپ تەييارلىغاندى. بەلگىلەنگەن كۈنى مەنسۇرخان بايدىن مېڭىپ قارا باغ يولى بىلەن ئاۋاتقا ۋە ئۇيەردىن چېدىرغا كەلدى. بىر سائەتتىن كېيىن سۇلتان سەئىدخان كەلدى. شۇچاغنىڭ ئادىتى بويىچە تازىم مۇراسىمى بىلەن ئاكا - ئۇكا سۇلتانلار كۆرۈشتى ۋە تەختلىرىگە چىقىپ ئولتۇرۇشتى. سۇلتان سەئىدخان سۆز باشلاپ مۇنداق دېدى: «ئىسيانلار ۋە ئىختىلاپلار تۈپەيلىدىن تارتقان ئاچچىق دەرت - ئەلەملىرىمىزنى بۇ ئىتتىپاق ۋە مۇھەببىتىمىز يوقىتىدۇ» مەنسۇرخان بۇنىڭغا جاۋاب بېرىپ، «گەرچە، ياشتا مەن سىزدىن چوڭ بولساممۇ. مەرتىۋىدە سىز مېنىڭ ئاتامنىڭ ئورنىدا» دېدى. مانا بۇ قىسقا، ئەمما مەنىسى چوڭقۇر ئىككى جۈملە سۆز بىلەن باشلانغان مەجلىستە ناھايىتى سەمىمىي ۋە بىر - بىرلىرىگە ھۆرمەت قىلغان ھالدا مۇزاكىرە ئېلىپ بېرىلدى. نەتىجىدە، مـــەنسۇرخان، سۇلتان سەئىدخاننى پۈتۈن شەرقىي تۈركىستاننىڭ بۈيۈك - خانى دەپ تونىدى. سىياسەت جەھەتتە ئۆزىنىڭ ۋە ئەۋلادلىرىنىڭ سەلتەنەت مەركىزىگە بويسۇنۇپ دائىم ۋاپادار بولىدىغانلىقىغا قەسەم قىلدى. سۇلتان سەئىدخان مەنسورخاننى پەۋقۇلئاددە ئىمتىيازلىق بىرئومۇمىي ۋالىيلىق سۈپىتى بىلەن كۇچا، قۇمۇل، بەشبالىق ۋە غولجىدىن ئىبارەت شەرق - ئۆلكىلىرىنىڭ ھۆكۈمدارى دەپ ئېتىراپ قىلدى. شۇنداقلا، بۇ ھۆكۈمدارلىق مەنسۇرخاننىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ ھەققى ئىكەنلىكى، بۇلارنى ئەزلى قىلىش ياكى تەيىن قىلىش ئىشلىرىغا سۇلتان سەئىدخان ياكى ئەۋلادلىرىنىڭ قەتئىي ئارىلاشمايدىغانلىقى، ئۆلكىلەرنىڭ پۈتۈن ئەسكىرىي، مالىي ۋە ئىدارىي ئىشلىرىدا مەنسۇرخان ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ تولۇق مۇستەقىل بولىدىغانلىقىغا ئوخشاش شەرتلەرنى سۇلتان سەئىدخان قوبۇل قىلىپ كېلىشىم ئىمزالىدى. كەچتە ھەر ئىككى تەرەپ خوشلىشىپ، ئۆز قارارگاھلىرىغا ياندى، ئەرتىسى

85خاتۇن - سارايدا ئۇنۇۋانى بار، ئېسىلزادە خانىملارنى كۆرسىتىدۇ(ن. ش. ھ. ).

سۇلتان سەئىدخان ئاقسۇغا مەنسۇرخان تۇرپانغا قاراپ ماڭدى. شۇنىڭ بىلەن مەنسۇرخان ھەقىقەتتە مۇستەقىل ئەمما، سۆزدە سۇلتان سەئىدخانغا تەۋە سۈپىتى بىلەن غەربدە پامىر، پەرغانە چېگراسى، ۋە جۇ دەرياسى، شىمالدا كۆكچە دېڭىزى (بالقاش كۆلى) ۋە تاردۇتاي تاغلىرى شەرقتە موغۇلىستان ۋە چىن چېگرىسى ئارىسىدىكى ئۆلكىلەر سۇلتان سەئىدخان ھاكىمىيىتى ئاستىدىكى بىرمەملىكەت ھالىغا كەلدى. (18 ـ خەرىتىگە قاراڭ)

## ھىجرى 923 ـ يىلىدىن 926 ـ يىلىغىچە(1517 ـ1520) بولغان ۋەقەلەر

ھىجرىنىڭ 923 ـ يىلى ئەتىيازدا سۇلتان سەئىدخان تەڭرىتاغلىرىنى ئېشىپ ئىسسىقكۆل بويىدا يازلىدى. ئەگەر، ئۆزبېكلەرنىڭ كۈچى ئاجىز بولسا پەرغانىغا يۈرۈش قىلىشنى نىيەت قىلىپ، نۇرغۇن ئەسكەر بىلەن شىمالغا كەلدى. ئىسسىقكۆل ئەتراپىدا ئۇۋ ئوۋلاپ ساياھەت قىلىپ يۈرۈپ، پەرغانە چېگرىسىگە باردى ۋە ئۆزبېكلەرنىڭ ۋەزىيىتىدىن خەۋەردار بولدى. ئۆزبېكلەرنىڭ ھەر ئېھتىمالغا قارشى پەرغانىدا كۆپ مىقداردا ئەسكەر توپلىغانلىقى مەلۇم بولدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، پەرغانىغا ھۇجۇم قىلمىدى، بەزى ئىسلاھات خىزمەتلىرىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ كۈزدە يەركەنگە قايتتى.

ھىجرى 924 ـ (مىلادى 1518ـ) يىلى ئەتىيازدا سۇلتان سەئىدخان خوتەنگە كەلدى. ئۇچاغدا چەرچەن، چارقىلىق ۋە تېرىم (تارىم) ئاھالىسى بولغان سېرىق ئۇيغۇرلار بۇگۈنكى ئەۋلادلىرىغا ئوخشاش، يېرىم كۆچمەن ۋە مالدار بىرخەلق بولۇپ، تېخىچە ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلماي بۇددا دىنىغا ئېتىقات قىلاتتى. ئۇلارخانلىق مەكىزىگىمۇ بوسۇنمىدى. سۇلتان سەئىدخان خوتەنگە كېلىپ، بىرقىسىم ئەسكەر لىرىنى، بۇ سېرىق ئۇيغۇرلارنى ئىسلامغا كىرگۈزۈش ئۈچۈن، غازات قىلىشقا چەرچەنگە يوللىدى. بۇئەسكەرلەر يېتىپ بارغىچە سېرىق ئۇيغۇرلار ماللىرىنى ئېلىپ، ئۇزاق تاغ ـ جاڭگاللارغا قېچىپ كەتتى، ئەسكەرلەر سېرىق ئۇيغۇرلارنى تاپالماي بىرئاز ئولجا ئېلىپ قايتىپ كەلدى. سۇلتان سەئىدخان، تەڭرىتاغلىرىنىڭ شىمالىدىكى نارىن ۋە بارسغان (ھازىرقى ئىسسىقكۆلنىڭ شەرقىدىكى قاراقول) يايلاقلىرىغا يەرلەشكەن قىرغىزلارغا، ئۇلارنىڭ قەبىلە بېگى بولغان مۇھەممەدقىرغىزنى ۋالىي قىلىپ تەيىنلىگەندى. سۇلتان سەئىدخان خوتەنگە كەلگەن كۈنلىرىدە ئۇنىڭ ئۆزبېكلەر بىلەن دوستلۇق ئورناتقانلىقىنى ئاڭلاپ قالدى. بۇ ئەھۋالغا جىددى ئەھمىيەت بېرىپ، كۆز پەسلى بولۇشغا قارىماي ئۇچقا كەلدى ۋە ئۇ يەردىن بىدەل ـ ئارت يولى بىلەن تەڭرى تاغلىرىدىن ئۆتۈپ بارسغانغا كەلدى. مۇھەممەدقىرغىزنى ۋە بىرقانچە باشلىقلىرىنى تۇتتى، ماللىرىنى مۇسادىرە قىلدى. شۇنىڭ بىلەن يەنە بىر قېتىم ئىتائەتسىزلىك قىلالمىغۇدەك دەرىجىدە قىرغىزلارنى ئەدەپلەپ، مۇھەممەدقىرغىزنى ئەسىر

سۇرىتىدە بىرگە ئېلىپ، يەركەنگە يېتىپ كەلدى. سۇلتان ئابابەكرى مىرزا زامانىسىدا پامىر، سېرىق چوپان (ۋاخان) ۋە شىغنان ئۆلكىلىرى شەرقىي ـ تۈركىستانغا قارايتتى. سۇلتان ئابابەكرى مىرزىنىڭ دۆلىتى يىقىلغاندا، بەدەخشان ھۆكۈمدارى مىرزاخان بۇ جايلارنى ئىشغال قىلىۋالغانىدى. كېيىنچە سۇلتان سەئىدخان، بۇجايلارنى شەرقىي ـ تۈركىستانغا قايتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان بولسىمۇ مىرزاخان رەد قىلغان. سۇلتان سەئىدخان ھىجرى 925 ـ (مىلادى 1519ـ) يىلى نۇرغۇن ئەسكەر بىلەن بەدەخشانغا يۈرۈش قىلدى، سېرىق چوپانغا يېقىنلاشقاندا مىرزاخان ئەلچى ئەۋەتىپ، بۇ ئۆلكىلەرنى سۇلتان سەئىدخانغا تەسلىم قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. سۇلتان سەئىدخان بۇ جايلارغا ئۆز ئادەملىرىدىن ئەمەلدارلار تەيىنلەپ قايتىپ كەلدى. ھىجرى 926 ـ يىلى سۇلتان سەئىدخان ئۈچ (ئاقسۇ) غا كېلىپ، مەنسۇرخاننى كۆرۈشۈپ كېتىشكە تەكلىپ قىلدى. مەنسۇرخان ئۈچقا كېلىپ كۆرۈشۈپ، ئەتراپلىق مۇزاكىرلىشىپ يەنە تۇرپانغا قايتىپ كەتتى. سولتان سەئىدخان ھەرقايسى ۋىلايەتلەرنىڭ خىزمەتلىرىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ ئاندىن قايتتى.

## ھىجرىنىڭ 927ـ يىلىدىن 931 ـ يىلىغىچە يۈز بەرگەن ۋەقەلەر

سولتان سەئىدخان تەختكە چىققاندىن كېيىن، ئىسسىقكۆل ئەتراپى، يەتتەسۇ ۋە ئىلى ئۆلكىلىرىدە كۆچمەن قەبىلىلەرنى باشقۇرۇش ئۈچۈن، بىر قىسىم جايلارغا مەركەزدىن ھاكىم تەيىن قىلغان بولسىمۇ كۆپرەك جايلارغا ئۆزبېكلەردىن ھاكىم تەيىن قىلغانىدى. كۆچمەن قەبىلىلەرنىڭ بەگلىرى تولا باشباشتاق بولۇۋېلىپ، بەزىدە ئۆزبېك ۋە قازاق بەگلىرىنىڭ قۇتراتقۇلۇق قىلىشلىرىغا ۋاستە بولغان، دۆلەتكە زىيانكەشلىك قىلغان. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ بەگلەرنى ئىدارە قىلىش ۋە ئۇلارنى تولۇق ئىتائەتكە كىرگۈزۈش ئۈچۈن، يېتەرلىك ساندا ئەسكىرىي كۈچ بىلەن بىر ئومۇمىي ۋالىي تەيىن قىلىش لازىم ئىدى. سۇلتان سەئىدخان چوڭ ئوغلى ئابدۇرېشىت سۇلتاننى ئومۇمىي ۋالىي، ئەمرئەلى تاغايىنى «ئۇلۇس بېگى» يەنى، خەلق ئىشلىرىغا مەسئۇل ياردەمچى قىلىپ نۇرغۇن ئەسكەر بىلەن يوللىدى. مۇھەممەدقىرغىزنى ئەپۇ قىلدى ۋە ئۇنى قىرغىزلارغا 2 ـ بەگ تەيىن قىلىپ ئەۋەتتى. سۇلتان ئابدىرېشت خان ئىسسىقكۆلنىڭ غەربىدىكى قوچقار بېشى دېگەن كەنتنى مەركەز قىلىپ يەرلەشتى.

سۇلتان مەھمۇدخان دەۋرىدە، ئىمىل ۋە ئالتايدىكى قالماقلار چاغاتاي دۆلىتىگە تەۋە بولۇپ باج تۆلەپ تۇرغان. سۇلتان مەھمۇدخان ۋاپات بولغاندىن كېيىن مۇستەقىل بولۇۋالدى. سۇلتان سەئىدخان ھىجرى 929ـ (مىلادى 1523ـ) يىلى ئابدۇرېشىت سۇلتاننى قالماقلارنىڭ ئۈستىگە يۈرۈش قىلىپ «غازات» قىلىشقا بۇيرۇق قىلدى. ئابدۇرېشت سۇلتان قالماقلارنى مەغلۇپ قىلىپ، دەۋلەتكە باج تۆلەپ بويسۇنۇشقا مەجبۇر قىلدى.

سۇلتان سەئىدخان ھەرىيلى دېگۇدەك يازدا تورغاتقا بېرىپ، چادىركۆل بويىدا دەم ئالاتتى. بۇئادىتى بويىچە ھىجرى 931 ـ (مىلادى 1524) ـ يىلى تورغاتقا كېلىپ، ئۇۋ ئوۋلاپ ئىسسىقكۆل بويىغا كەلگەندە ئىملىدىكى قالماقلارنىڭ ئىسيان كۆتۈرۈپ ئىسسىقكۆلنىڭ شىمالىغا ھۇجۇم باشلىغان خەۋىرى كەلدى. سۇلتان ئۆزى باش بولۇپ ئەسكەرلىرى بىلەن يەتتەسۇغا يۈرۈش قىلدى. يەتتە سۇنىڭ شىمالىدىكى قالماقلارنى مەغلۇپ قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ ئېرتىش دەريا بويىغىچە باردى. بۇ ۋاقىتتا سۈيۈنچ خان ئۆزبېكنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن، ئۇنىڭ تەختىنى تالىشىپ، ئۆزبېكلەر ئارىسىدا ئىچكى ئۇرۇش باشلانغان خەۋىرى كەلدى. سۇلتان دەرھال ئارقىسىغا يېنىپ، قارا قولغا كەلدى ۋە يەركەندىكى ئۇرۇنباسارى ئەمىركەبىر سىيد مۇھەممەد مىرزاغا پۈتۈن كۈچىنى ئېلىپ، ئۇشقا ھۇجۇم قىلىشقا بۇيرۇق قىلدى. ئۆزى قوچقار بېشىغا كېلىپ، ئۇ يەردىكى ئەسكەر لىرىنى توپلاپ ئۆزكەنتكە ھۇجۇم قىلدى. ئۆزكەنتنى ئىشغال قىلىپ، ئوشقا كەلدى ۋە سىيد مۇھەممەد مىرزا بىلەن بىرلەشتى. ئوش ۋە ئەنجان ئوتتۇرىسىدىكى مادۇ قەلئەسىگىچە ئىلگىرىلەپ باردى ۋە قەلئەنى ئالدى. سۇلتان سەئىدخاننىڭ بۇئىلگىرلىشى، ئۆزبېكلەر ئۆچۈن ئورتاق بىرخەۋپ ئىدى. بۇنى سەزگەن ئۆزبېكلەر دەرھال ئىچكى ئىختىلاپلىرىنى تاشلاپ، ھەممىسى سۇلتان سەئىدخاندىن مۇداپىئە قىلىش ئۈچۈن بىرلەشتى ۋە 100000 كىشىلىك قوۋۋەت بىلەن ئەنجانغا يىغىلىپ، سولتانىغا قارشى سەپ تارتتى. بۇھەيۋەتلىك كۈچقا قارشى سۇلتان سەئىدخان 25000 ئەسكىرى بىلەن تاقابىل تۇرالماسلىقنى چاغلاپ، ئىشغال قىلغان يەرلىرىنى تاشلاپ بېرىپ، شەرقىي تۈركىستانغا يېنىپ كەلدى.

## شەرقىي تۈركىستاننىڭ شىمالىي قىسىملىرىنىڭ قولدىن كېتىشى

قازاق خانى تاھىرخان ئۆز قارمىقىدىكى مەنغىست[86] قەبىلىسىنىڭ ئىسيانى نەتىجىسىدە مەغلۇپ بولۇپ، بىرقانچە مىڭ ئۆيلۈك قازاقلار بىلەن قېچىپ، قىشتا قوچقار بېشىغا كەلدى ۋە سۇلتاندىن باشپاناھلىق تىلەپ مەنغىستلەرگە قارشى ياردەم قىلىشنى تەلەپ قىلدى . سۇلتان ئابدۇرىشىت ئۇلارنى ناھايىتى ئىھتىرام بىلەن قارشى ئېلىپ يەر ۋە يايلاق بەردى، ئامما ، ئەسكىرىي ياردەم تەلىپىنى قوبۇل قىلمىدى. بۇچاغدا تاھىرخان، دۆلەتتىن بىرقانچە قېتىم ئەدىپىنى يىگەن قىرغىزلار بىلەن مەخپىي دوستلۇق ئۇرنىتىپ ئۇلار بىلەن بىرلەشتى. سۇلتان ئابدۇرىشىت بۇ ئىشلاردىن پۈتۈنلەي خەۋەرسىز ئىدى. ھىجرى 933 ـ (مىلادى 1526ـ) يىلى تاھىرخان ۋە قىرغىزلار بىرلىشىپ قوچقار بېشىغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ ئابدۇرىشىت سۇلتاننى ئېغىر ھالدا مەغلۇپ قىلدى. سۇلتان ئابدۇرىشىت جېنىنى ئاران قۇتقۇزۇپ ئارتبېشىغا قېچىپ كېلىۋالدى. بۇنى ئاڭلاپ، سۇلتان سەئىدخان دەرھال يەركەندىن يۈرۈش

[86] ھازىرقى ئۇيغۇرچە ئەسەرلەردە تاھىرخان، تائىرخان دەپ ۋە مەنغىست، مانغىست دەپ يېزىلىدۇ. ئە. بايتۇر. بەت1117ـ(ن. ش. ھ.)

قىلىپ ئارتىپىشىغا كەلدى. سۇلتاننىڭ بۇھەرىكىتىدىن خەۋەر تاپقان تاھىرخان ۋە قىرغىزلار بىرلىكتە قوچقار بېشىنى تاشلاپ قېچىپ، ئىلىنىڭ شەرق تەرىپىدىكى كۆنگەس يايلاقلىرىغا كەلدى. سۇلتان بۇلارنىڭ ئارقىسىدىن كۆنگەسكە ئەسكەر يوللاپ، تاھىرخاننى ۋە قىرغىزلارنى ئېغىر هالدا مەغلۇپ قىلىپ قوغلىدى. 100000 دىن ئۇشۇقراق چارۋا مالنى ئولجا ئېلىپ قايتتى. كېيىنچە سۇلتان سەئىدخان ئىلى ۋە ئىسسىقكۆل ئەتراپىدىكى پۈتۈن قىرغىزلارنى ئارتىپىشىدا بىريەرگە يىغىپ يەرلەشتۈردى. سەئىدخان دۆلەت قۇرغاندىن تارتىپ شىمالدىكى بۇ ئۆلكىلەردە خېلى كۆپ مىقداردا ئەسكەر تۇرغۇزۇشقا مەجبۇر ئىدى. چۈنكى، بۇجايلاردىكى كۆچمەن قەبىلىلەرنى قۇدرەتلىك بىرئەسكىرىي كۈچ بولمىسا باشقۇرۇش مۇمكىن ئەمەستى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ يەرلەر، شىمالدا قازاق ۋە غەربدە ئۆزبېك خانلىقلىرىدىن ئىبارەت رەقىبلىرى بىلەن چېگرىداش بولۇپ، ئەسكىرىي قۇۋۋەتنىڭ ئەڭ مۇھىم قىسمىنى بۇجايلاردا تۇرغۇزۇش لازىم ئىدى. بۇجايلارنىڭ كۆپ قىسمىدا قەدىمكى شەھەرلەر، ئاۋات يېزا ـ كەنتلەر، تېرىلغۇ ئېتىزلىرى پۈتۈنلەي خاراپ، بولۇپ نۇرغۇن يەرلىرى قۇملۇق چۆلگە ئايلىنىپ كەتكەنىدى. قالغان بىرقىسىم جايلار، كۆچمەن ۋە ئولتۇراق قەبىلىلەرنىڭ يايلاقلىرى بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇجايلاردىن دۆلەت خەزىنىسىگە ھېچقانداق كىرىم ياكى باشقا پايدا كىرمەيتتى. بۇجايلاردا تۇرۇشلۇق ئەسكەرلەرنىڭ پۈتۈن تەمىناتى ئالتە شەھەردىن كەلتۈرۈلەتتى. مانا، ئەمدى بۇ يەرلەر دىكى خەلقىنىڭ كۆپچىلىكىنى تەشكىل قىلغان قازاق ۋە قىرغىزلار بىرلىشىپ، دۆلەتنىڭ ئەڭ خەتەرلىك دۈشمەنلىرى بولۇپ قالغانىدى. سۇلتان سەئىدخان 11 يىللىق تەجرىبىسىگە ئاساسەن، دۆلەتكە پايدىسى يوق، بەلكى، ئىقتىسادىي جەھەتتە زىيىنى كۆپ بولغان بۇجايلارنى تاشلىۋېتىش قارارىغا كەلدى ۋە پۈتۈن ھەربىي ۋە مەمۇرىي ئادەملىرىنى ئېلىپ، يەركەنگە يېنىپ كەلدى. شۇكۈندىن باشلاپ، شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇھىم بىرپارچىسى بولغان ئىسسىقكۆل ئەتراپى ۋە يەتتەسۇ رايۇنى شەرقىي تۈركىستان دۆلىتىدىن ئاجراپ كەتتى. ئۇندىن كېيىن، تاھىرخان ئارتىپىشىغا كېلىپ، ئۇ يەردە قالغان قىرغىزلارنى باشلاپ،كۆنگەسكە كەتتى. مانا بۇ، شىمال ئۆلكىلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىن ئايرىلىپ كېتىش ۋەقەسىدۇر. شۇنداقلا، بۇ ۋاقىتىن باشلاپ، قازاق ۋە قىرغىزلەر مۇقىم ھالدا شىمالغا يەرلەشتى. قىرغىزلار نىڭ تۈركىستان يايلاقلىرىغا ئاستا ـ ئاستا يېيىلىپ پامىر ۋە سېرىق قولغىچە كېلىشلىرى بولسا كېيىنكى ۋاقىتلاردا باشلانغان.

## بىللۇرستان ۋە بەدەخشانغا يۈرۈش

هازىرقى كانجۇت،گىلگىت ۋە چەترال دالاسى ئۇچاغدا بىللۇرىستان دەپ ئاتىلاتتى. بۇ جايلاردىكى خەلقلەرنىڭ ھەممىسى بۇتپەرەست ئىدى. سۇلتان سەئىدخان بىللۇرىستانغا ھىجرى 934 ـ

(مىلادى 1527) يىلى ئوغلى ئابدۇرىشىت سۇلتان ۋە كۈيئوغولى ھەيدەرمىرزا كورگان باشچىلىقىدا نۇرغۇن ئەسكەر يوللاپ «غازات» يۈرۈشى باشلىدى. بۇلار 5 ـ 6 ئاي بىللۇرىستان دالالىرىدا غازات ئېلىپ باردى ۋە 50000كىشىنى ئەسىر ئېلىپ، سىرىق چوپان (ۋاخان) يولى بىلەن يەركەنگە قايتتى. بۇ ئەسىرلەر نىڭ ھەممىسى قۇل قىلىنىپ خەلققە سېتىلدى. بەدەخشان ھۆكۈمدارى ئۆزۈندىن بېرى ئۆزبېكلەرنىڭ تاجاۋۇزىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن بابۇرشاھنىڭ ھامىيلىقىدا ياشماقتا ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بابۇرشاھ  بەدەخشاندا، ئىنىسى ناسىر مىرزىنىڭ قوماندانلىقىدا،كېيىنچە،كورگان خانىدانىدىن بىرسىنىڭ قوماندانلىقىدا نۇرغۇن ئەسكەر تۇرغۇزغانىدى. ھىجرى 934 ـ يىلى بابۇرشاھ بۇ ئەسكەرلىرىنى ھىندىستانغا قايتۇرۇپ ئېلىپ كېتىپ، بەدەخشاندا ھېچقانداق ئەسكىرىي كۈچ قالمىدى. بابۇرشاھنىڭ ھىمايىسىدىن قۇرۇق قالغان مىرزاخان، سۇلتان سەئىدخاندىن  ھامىي بولۇشنى تىلىدى. بۇ پۇرسەتنى كۆتۈپ تۇرغان سۇلتان سەئىدخان، يەركەندە ئوغلى ئابدۇرىشىت سۇلتاننى ئورنىدا قويۇپ ئۆزى كۆچلۈك بىر ئەسكىرىي قۇۋۋەت بىلەن بەدەخشانغا يۈرۈش قىلدى. سۇلتان سەئىدخاننىڭ سىرىق چوپانغا يېتىپ كەلگەنلىكىنى ئاڭلىغان بابۇرشاھ ئوغلى ھىندال مىرزانى بەدەخشانىنى قوغداشقا ئەۋەتتى. بۇخەۋەرنى ئاڭلاپ سۇلتان سەئىدخان كەلگەنلىكىگە پۇشايمان قىلىپ قالدى. لېكىن، قىش كىرىپ قالغانلىقتىن ئارقىسىغا قايتىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. سىرىق چوپان ناھايىتى قۇرۇق ۋە كىچىك بىر يەر بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇيەردە قىشلاپ قېلىشمۇ تەس ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن سۇلتان سەئىدخان، قىشنى بەدەخشاندا چىقىرىپ ئەتىياز بولۇشى بىلەن شەرقىي تۈركىستانغا قايتىپ كېتىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ ھىندال مىرزىغا ئەلچى ئەۋەتتى. لېكىن، ھىندال مىرزا بۇتەلەپنى بىرھىيلە دەپ گۇمان قىلىپ قوبۇل قىلمىدى. بۇنىڭغا قارىماي سۇلتان سەئىدخان  بەدەخشانغا باردى. ھىندال مىرزا قەلئەزەپەر(بۇگۈنكى رەستاق) دە ئەسكەرلىرىنى توپلاپ تۇرغانلىقتىن سۇلتان سەئىدخان قەلئەنىڭ تېشىغا كېلىپ يەرلەشتى، قىش چىققۇچە سۇلتان سەئىدخان قەلئەنىڭ تېشىدا، ھىندال مىرزا قەلئەنىڭ ئىچىدە تۇردى.

ئەرتىيازدا، سۇلتان سەئىدخان بابۇرشاھنىڭ ھۇزۇرىغا بىرئەلچى ئەۋەتىپ بۇ ھەرىكىتىنىڭ بىردۈشمەنلىك ئەمەسلىكىنى بىلدۈرۈپ ئۆزرە بايان قىلدى ۋە ئۆزى يەركەنگە قايتتى. بابۇرشاھ ئوغلىنى بەدەخشاندىن چاقىرتىپ ئورنىغا چاغاتاي خانىدانىدىن سۇلەيمانشاھ مىرزىنى تەيىن قىلدى.  ئۆز ئارا ھۆرمەتلىشىپ قىلىنغان بۇ مۇئامىلىلەر نەتىجىسىدە بەدەخشان ئورتاق ھامىيلىق ئاستىدىكى بىر رايون بولۇپ قالدى.

## ئابدۇرىشىت سۇلتاننىڭ ۋەلىئەھد بولغانلىقى
## ۋە كەشمىرنىڭ پەتھى

ھىجرى 936 ـ ( مىلادى 1529ـ) يىلى سۇلتان سەئىدخان چوڭ ئوغلى ئابدۇرىشىت سۇلتاننى ئۆزىنىڭ ۋەلىئەھدى (تەخت ۋارىسى) قىلدى ۋە شۇيىلى ئىنىسى ئىمىن غوجاسۇلتاننى ئۈچ ۋالىيلىقىدىن

ئېلىپ، ئورنىغا ئابدۇرىشىت سۇلتاننى ۋالىي تەيىن قىلىپ ئەۋەتتى.

غەربىي تىبەت (ھازىرقى لاداخ ۋە بالتىستان) سۇلتان ئابابەكرى مىرزا زامانىسىدا شەرقىي ـ تۈركىستانغا تەۋە ئىدى. ئابابەكرى مىرزىدىن كېيىن، بەگلەر ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل بولىۋالغانىدى. كەشمىردە نامى بار، ئۆزى يوق بىر پادىشالىق بارئىدى. «ۋەچەك» دېگەن خانىدانغا مەنسۇپ بەگلەر ھەر يەردە ئۆز ئالدىغا بىر مۇستەقىل ھۆكۈمدار بولىۋالغانىدى. ھەتتا، سىرىنەگەر شەھىرىدە بىرقانچە ھۆكۈمدار ھۆكۈم سۈرمەكتە ئىدى. ئەمىرى كەبىر سىيد مۇھەممەدمىرزا ۋە ھەيدەر مىرزا ـ كورگانلار سۇلتانغا غەربىي تىبەت ۋە كەشمىرنى ئېلىپ، شەرقىي تۈركىستانغا قوشۇۋېلىشقا دەۋەت قىلدى. ئەمما، ئابدۇرىشىت سۇلتان ۋە ئەمىر تاغاي، يول خەتەرلىك ۋە بۇجايلاردىن بىزگە تېگىدىغان پايدا بەك ئاز دەپ قارشى چىقىپ، سۇلتاننى بۇ يۈرۈشتىن قاتتىق توسماقتا ئىدى. لېكىن، داۋاملىق سۇلتان بىلەن بىرگە تۇرىدىغان سىيد مۇھەممەدمىرزا ۋە ھەيدەرمىرزا لار ئاخىرى سۇلتاننى ئۆز پىكرلىرىگە كۆندۈردى. ھىجرى 938 ـ (مىلادى 1532ـ) يىلى زۇلھەججى ئېيىدا ھەيدەرمىرزا ۋە سۇلتاننىڭ كىچىك ئوغلى ئىسكەندەر سۇلتان 2000 كىشىلىك بىر قوۋۋەت بىلەن سانجۇ يولى ئارقىلىق نوبرا ۋە ماريول (ھازىرقى لاداخ) غا يۈرۈش قىلدى. سۇلتان ئۆزى 3000 كىشىلىك قوشۇنى بىلەن خوتەنگە كېلىپ، ئۇ يەردىن پولۇ تېغىغا كەلدى. ئۇنىڭ مەقسىدى پولۇ يولى بىلەن دۇلبە(ھازىر شىمالىي تىبەتنىڭ چاكتاك دېگەن شەھىرى) گە يۈرۈش قىلىش ئىدى. ئىسكەندەر سۇلتان ۋە ھەيدەرمىرزا لار توغرا نوبرا جىلغىسىغا ھۇجۇم قىلىپ، ئىشغال قىلدى، ماريول خەلقى ئۇرۇشمايلا تەسلىم بولدى. ئۇ تەرەپتىن سۇلتان سەئىدخان پولۇنىڭ خەتەرلىك يوللىرى بىلەن چاكتاكغا ئەسكەر ئېلىپ بېرىشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى كۆرۈپ خوتەنگە يېنىپ سانجۇ يولى بىلەن ئالدىدا يۈرۈپ كەتكەن ئەسكەرلىرىگە يېتىشىۋېلىشنى كۆزلەپ ماڭدى. يولدا ئىسلاپ (تۇتەكتە[87]) قېلىپ سالامەتلىكى قاتتىق بۇزۇلدى. نوبراغا بارغاندا خېلى ياخشىلىنىپ قالدى ۋە ماريولدىكى ئىسكەندەر سۇلتان ۋە ھەيدەرمىرزا باشلىق بەگلىرىنى چاقىرتىپ مەجلىس ئاچتى. مۇزاكىرىلەر نەتىجىسىدە، بىرقىسىم ئەسكەر لەرنى ئىس ۋە ئېگىز داۋانلىرى بولمىغان نوبرا يولى بىلەن بالتىستانغا يوللاپ بۇ يەرلەرنى قولغا كەلتۈرگەندىن كېيىن،كەشمىرگە يۈرۈش قىلىش قارار قىلىندى. بۇنىڭ بىلەن تەڭ، ئىسكەندەرسۇلتان ۋە ھەيدەرمىرزا لار ھازىرقى مەشھۇر لاداخ ـ كەشمىر يولى بىلەن يۈرۈپ توپتوغرا كەشمىرگە ھۇجۇم قىلىدىغان بولدى. ئىسكەندەر سۇلتان ۋە ھەيدەرمىرزا نى 4000 كىشىلىك قوشۇن بىلەن كەشمىرگە يوللاپ سۇلتان سەئىدخان ئۆزى بالتىستانغا يۈردى، كۈز مەۋسىمدە بالتىستانغا يېتىپ بېرىپ ئىككى ئاي ئىچىدە پۈتۈن ئۆلكىنى ئىشغال قىلدى.

ئىسكەندەرسۇلتان ۋە ھەيدەرمىرزالار يول ئۈستىدىكى تىبەت ۋە بالتى(بالتۇ) شەھەرلىرىنى پەتھى

[87] بۇ ئىس ئادەتتىكى تۇمان ئەمەس، ئېگىزلىكتىكى ئوكسىگېن ئاز، شالاڭ ھاۋا بوشلۇقىدىن ئىبارەت ( ن. ش ھ.)

قىلىپ، ھېچبىر توسالغۇسىز كەشمىر داۋانىدىن ئاشتى. كەشمىر ھۆكۈمدارلىرى ئاتلىق بوغاز دېگەن جايدا ئەسكەر توپلاپ مۇداپىئەگە ھازىرلانغان ئىدى. تۈرك ئەسكەرلىرى بۇيەردە تۆختىدى ۋە بىر كېچىسى ئىككى قىسىمغا ئايرىلىپ «تۈمەن باھادۇر» دېگەن كەشمىرلىك قوماندان باشچىلىقىدىكى دۈشمەن ئەسكەرلىرى ئۈستىگە تۇيۇقسىز ھۇجۇم بىلەن ئېغىر ھالدا مەغلۇپ قىلدى ۋە بوغاز دىن چېكىندۈردى. يەنە بىر تەرەپتىن ھەيدەر مىرزا بىر قىسىم ئەسكەرلىرى بىلەن دۈشمەن ئارقا تەرىپىگە ئۆتۈپ قېچىش يوللىرىنى كەستى. قاچقان كەشمىر ئەسكەرلىرى بۇ ئىككى قۇۋۋەت ئوتتۇرىسىدا قېلىپ يوقۇتۇلۇپ قىرىلىپ كەتتى. تۈرك ئەسكەرلىرى تېزلىك بىلەن يۈرۈپ بىر كۈن ئىچىدىلا كەشمىرنىڭ مەركىزى بولغان سىرىنەگەر شەھرىگە يېتىپ كەلدى. كەشمىر ھۆكۈمدارلىرى ۋە بىر قىسىم خەلق قېچىپ تاغ - جاڭگاللارغا، دەريا ئوتتۇرىسىدىكى كىچىك ئاراللارغا بېرىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن ئىسكەندەر سۇلتان ئەسكەرلىرى بىلەن ھىجرى 939 - يىلى جامادىئىل ئاخىردا(مىلادى 1532- يىلى 12 - ئايدا) كەشمىر شەھرىگە ئۇرۇشماستىن كىردى ۋە راجادان (راجا ئوردىسى) غا چۈشتى.

كەشمىرنىڭ پايتەختى پەتھى قىلىنغان بولسىمۇ، ھۆكۈمدارلىرى ۋە بىر قىسىم خەلق بويسۇنماي تاغلاردا مۇستەھكەم يەرلەرنى ئىگىلەپ قارشىلىق كۆرسەتمەكتە ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ پەتھى تولۇق پەتھى دەپ ھېسابلانمايتتى. كەشمىرلىكلەرنى مۇستەھكەم يەرلىرىدىن مەيدانغا چىقىرىپ ئۇرۇشماق ئۈچۈن بىر ھىيلە ئىشلىتىش كېرەك ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسكەندەر سۇلتان، ئەسكەرلىرى بىلەن كەشمىردىن چىقىپ كامراج دېگەن جايدا تۇردى ۋە ئەسكەرلىرىنى ئاز- ئازدىن بۆلەپ كەشمىرلىكلەرگە ئۇيەردىن - بۇيەردىن تېگىپ قويۇپ، قارشىلىق كۆرسە چېكىنىپ يەنە ئۆزجايلىرىغا قايتىپ كېلىپ تۇردى. بۇ ۋەزىيەت بىرئاي داۋام قىلغاندىن كېيىن، كەشمىرلىكلەر «تۈركلەر بىزدىن قورقىدىكەن» دېگەن تونۇشقا كەلدى ۋە يەرلىرىدىن چىقىپ تۈرك ئەسكەرلىرىگە ھۇجۇم قىلغىلى باشلىدى. تۈركلەر بۇھۇجۇملارغا قارشى زەئىپلىك كۆرسىتىپ تۇردى. بۇنىڭغا ئالدانغان كەشمىرلىكلەر يۈرەكلىنىپ ھەممىسى مۇستەھكەم يەرلىرىدىن تاشقىرىغا چىقىپ باغى بون دېگەن جايدا توپلاندى ۋە تۈركلەرنىڭ ئۈستىگە باسقۇن قىلىش پىلانلىرىنى تۈزگىلى باشلىدى. بۇچاغدا، تۈركلەر تۇيۇقسىز باستۇرۇپ كېلىپ كەشمىرلىكلەرنى 4 تەرەپتىن قورشاپ ئۆلتۈرگىلى باشلىدى. كەشمىرلىكلەرنىڭ مەلىك ئەلى باشلىق ھۆكۈمدارلىرى ۋە بىرنەچچە مىڭ ئەسكەرى ئۆلتۈرۈلدى. «تاۋارىخى كەشمىر» دېگەن ئەسەردە، بۇئۇرۇشتا مىڭدىن كۆپرەك كىشىنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى يازغان. كەشمىرلىكلەر ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغان بولسىمۇ، تۈركلەر كۆزلىگەن مەقسەدگە يېتەلمىدى. چۈنكى، ئۆلۈمدىن ئېشىپ قالغان كەشمىرلىكلەر قېچىپ يەنە ئىستىھكاملىرىغا كىرىۋالدى.

بۇ ۋەزىيەتتە ئەرتىيازغىچە، شەھەر - كەنتلەر تۈركلەرنىڭ قولىدا، تاغ ۋەجاڭگاللىق

كەشمىرلىكلەرنىڭ قولىدا تۇردى. ئەتىياز بولۇشى بىلەن ئۇرۇش يەنە باشلاندى. ھەرقېتىمقى ئۇرۇشتا كەشمىرلىكلەر مەغلۇپ بولسىمۇ، مەۋقەلىرى مۇستەھكەم بولغانلىقىدىن پاراكەندە بولۇپ كەتمىدى. ئاخىرى، تۈركلەر كەشمىرلىكلەرنىڭ ئىستىھكام مەۋقەلىرىگە ھۇجۇم باشلىدى. بۇنىڭدا تۈركلەر ئېغىر زىيانغا ئۇچراپ، قوماندانلار ئىچىدە ھۇجۇمنى داۋاملاشتۇرۇش ياكى سۈلھى يوللىرىنى ئىزدەش دېگەن مەسىلىدە ئىختىلاپ تۇغۇلدى. كۆپچىلىك سۈلھى قىلىش تەرەپتارى ئىدى. شۇنداق بىرپەيتتە، كەشمىر ھۆكۈمدارلىرى سۈلھى تەلەپ قىلىپ ئەلچى ئەۋەتتى ۋە تۆۋەندىكى شەرتلەرگە ئاساسەن تىنچلىق كېلىشىمى ئىمزالاندى:

1 ـ كەشمىرنىڭ ھۆكمرانلىقى بۇرۇنقىدەك كەشمىرلىكلەرنىڭ قولىدا بولىدۇ. 2 ـ خۇتبىدا سۇلتاننىڭ ئىسمى ئوقۇلىدۇ ۋە پۇل سۇلتاننىڭ ئىسمىداچىقىرىلىدۇ. 3 ـ كەشمىرنىڭ يىللىق كىرىمىنىڭ يېرىمى ھەريىلى يەركەن خەزىنىسىگە يوللاپ بېرىلىدۇ. 4 ـ كەشمىر پادىشاھى مۇھەممەدشاھ قىزىنى ئىسكەندەر سۇلتانغا نىكاھلاپ بېرىدۇ. كېلىشىم ئىمزالىنىپ بولغاندىن كېيىن، مۇھەممەدشاھ باشلىق كەشمىر ھۆكۈمدارلىرى كېلىپ ئىسكەندەر سۇلتاننى زىيارەت قىلدى، ئىسكەندەر سۇلتانمۇ بەگلىرى بىلەن مۇھەممەدشاھنى زىيارەت قىلدى. بۇ زىيارەت جەريانىدا ھۆكۈمدارلار بىر ـ بىرلىرىگە شاھانە ھەدىيەلەر تەقدىم قىلىشتى. سۇلتان سەئىدخان بالتىستاننى پەتھى قىلىپ بولغىچە، قاتتىق قار يېغىپ بالتىستان بىلەن كەشمىر ئوتتۇرىسىدىكى يولدا ئەسكەرلەرنىڭ يۈرۈشى قىيىنلاشقانلىقتىن سۇلتان بالتىستاندا قىشلاپ قالدى. ئەرتىيازدا، يۇقىرىدىكى كەشمىر تىنچلىق كېلىشىمنى تەستىقلىدى ۋە ئىسكەندەر سۇلتاننى پۈتۈن ئەسكەر ۋە بەگلىرىنى ئېلىپ تىبەتكە قايتىشنى ئەمر قىلىپ، ئۆزىمۇ كەشمىرگە بارماستىن لاداخقا قايتتى. ئىسكەندەر سۇلتان ئەسكەرلىرى بىلەن كەشمىردىن قايتتى. ئوتتۇرىدا تېخى پەتھى قىلىنماي قالغان جايلارنى پەتھى قىلغاچ شۇچاغلاردا لاداخنىڭ مەركىزى بولغان باشكا(بازگۇ) قەلئەسىدە سۇلتاننىڭ ئارقىسىدىن يېتىشتى.

## سۇلتان سەئىدخاننىڭ ۋاپاتى

سۇلتان سەئىدخان، تىبەت ۋە بالتىستاننىڭ پۈتۈن يەرلىرىگە ھاكىملارنى تەيىن قىلدى ۋە يېتەرلىك ساندا ئەسكەر تۇرغۇزدى. پۈتۈن بۇددا دىنىدىكىلەرنىڭ قىبلىگاھى بولغان ئۇرسەڭ (ھازىرقى لاسا)، دۇلبە(چاڭتاڭ) ۋە كۆكنۇر(ھازىرقى چىڭخەي)، ئۆلكىلىرىنى پەتھى قىلىش ئۇچۇن ئىسكەندەرسۇلتان ۋە ھەيدەرمىرزىنى 2000 ئاتلىق ئەسكەر بىلەن شەرقىي تىبەتكە يوللىدى. ئۆزى باسكا قەلئەسىدىن مېڭىپ نۇبرانىڭ مەركىزى بولغان ھۇندراس قەلئەسىدە قۇربان ھېيت نامازىنى ئوقۇپ يەركەنگە قاراپ

ماڭدى. قاراقورام داۋانىنىڭ دەپسەڭ چوقىسىغا كەلگەندە قاتتىق ئىسلاپ كەتتى[88] ۋە ساقىيالماي ھىجرى 939 ـ (مىلادى1532ـ) يىلى زۇلھەججىنىڭ 16ـ كۈنى يولدا، ۋاپات بولدى. جەسەدىنى بەگلىرى يەركەنگە ئېلىپ كېلىپ ئەرك (خانلىق ئوردا) بېغىدا يەرلىككە قويدى. ھازىرقى ئالتۇن مازار. سۇلتان سەئىدخان ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ مازىرى. شەرقىي تۈركىستاندا قەدىمدىن تارتىپ پادىشالارنىڭ مازىرىدۇر «ئالتۇن مازار» دەپ ئاتىلدۇ.

«تارىخى رەشىدى» دە، سۇلتان سەئىدخاننىڭ سۈپىتى ۋە تەرىپى تەپسىلى بايان قىلىندۇ. قىسقىسى، سۇلتان سەئىدخان، رەھىمدىل، داھى، سىياسەتچى، دىندار، ئالىملارنى دوست تۇتىدىغان، ئادىل بىر زات ئىدى. راھەتپەرەستلىك ۋە ئەيشى ـ ئەشرەتنى ياخشى كۆرمەيتتى. ئوۋ ئوۋلاشنى، ساياھەت قىلىشنى ۋە غازات يۈرۈشلىرىگە قاتنىشىشنى ياخشى كۆرەتتى. چېقىمچىنىڭ سۆزىگە ئىشەنمەيتتى. قان تۆكۈشتىن نەپرەتلىنەتتى .

ئىسكەندەر سۇلتان ۋە ھەيدەرمىرزاسۇلتاننى باسكادىن ئۇززۇتۇپ قويۇپ ئىككى قولغا ئايرىلىپ، لاساغا قاراپ يۈرۈش قىلدى. ئالدىغا ئۇچرىغان تىبەتلىكلەرنى مەغلۇپ قىلىپ ئىلگىرىلىدى. ھىندىستاندىن بۇددا دىنىنىڭ مۇقەددەس قىبلىگاھىنى مۇداپىئە قىلىشقا كەلگەن بىرقانچە مىڭ ھىندۇ بىلەن ئۇرۇشۇپ ئۇلارنى مەغلۇپ قىلدى. سەتلەج دەرياسىنىڭ بېشىغا كەلگەندە ئىسكەندەر سۇلتان ئەسكەرلىرىنىڭ يېرىمى بىلەن شۇ يەردە قېلىپ، ھەيدەر مىرزا 900 ئەسكىرى بىلەن لاساغا يۈردى. لېكىن، يولدا ئاتلار ۋە ئەسكەرلەر ئىسلاپ، ماڭالماي قالدى. لاساغا سەككىز كۈنلۈك يول قالغاندا ئاتلارنىڭ يېرىمى ئۆلدى، ئەسكەرلەر پىيادە مېڭىشقا مەجبۇر بولدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە لاسادا دۈشمەننىڭ ناھايىتى كۆپ ئەسكىرى بارلىقى مەلۇم بولدى. ھەيدەر مىرزا بۇنى ئاڭلاپ، لاسا غا بارماي، ئەتراپتىكى تىبەت كەنتلىرىگە باسقۇن قىلىپ، 100000 تۇياق قوي، 20000 قوتاز، بىرقانچە يۈز توتى(تىبەتنىڭ داڭلىق كىچىك ئاتلىرى) ۋە يۈزلەرچە خەلقنى ئەسىر ئېلىپ، ھىجرى 940 ـ (مىلادى 1533ـ) يىلى يازدا، لاداختا ئىسكەندەر سۇلتاننىڭ ئارقىسىدىن يېتىشتى.

## ئابدۇرىشت خاننىڭ سۇلتان بولغانلىقى

سۇلتان سەئىدخان دەپنى قىلىنغان كۈنلەردە، ۋەلىئەھدى ئابدۇرىشت سۇلتان ئۇچ (ئاقسۇ) دا ئىدى. سۇلتان دەپنى قىلىنىپ بولغاندىن كېيىن، ئەمرى كەبىر سىيد مۇھەممەدمىرزا، قەشقەردىن كېلىپ تەزىيەت مۇراسىمىنى بەجا كەلتۈردى ۋە پۈتۈن خان جەمەتى ۋە بەگلەرنى يىغىپ، ئۆزىنى «ئەڭ ئالىي ئەمىر» دەپ تەستىقلاتتى. شۇنىڭ بىلەن ئابدۇرىشت سۇلتاننى قورچاق سۇلتان قىلىپ، پۈتۈن ھەربىي

[88] ئىسلاپ كېتىش ـ ئېگىزلىكتىكى شالاڭ ھاۋا بوشلۇقىدا ئۇكسىگېن يېتىشمەسلىك كېسەلى ( ن . ش. ھ . ).

ۋە مەمۇرىي ھوقۇقنى ئۆزى ئىگىلەشنىڭ كويىغا چۈشتى. سىيد مۇھەممەدمىرزىنىڭ بۇ ئىشلىرىنى بەزى بەگلەر ۋە خان جەمەتىدىكىلەرمەخپىي سۈرەتتە ئابدۇرىشىت سۇلتانغا مەلۇم قىلدى. بۇئارىدا ئابدۇرىشت سۇلتان يەركەنگە كەلدى، سىيد مۇھەممەدمىرزا باشلىق شەھەرخەلقى چوڭ ـ كىچىك ھەممەكىشى ئۇنى قارشى ئېلىشقا شەھەر سىرتىغا چىقتى. ئابدۇرىشىت سۇلتان، سىيد مۇھەممەدمىرزانى قارشى ئېلىشقا چىققان يەردە بىر پۇرسەت تېپىپ ئۆلتۈرۈۋېتىشكە ئادەم تەيىنلىگەنىدى. سىيد مۇھەممەدمىرزا ئابدۇرىشت سۇلتاننى كۆرۈپ دەرھال ئاتتىن چۈشتى ۋە تازىم قىلىپ سالام بەرگەن پەيتتە، ئابدۇرىشت سۇلتاننىڭ ئادەملىرى ئۇنى ۋە ياردەمچىسى سىيد ئەلىنى قىلىچ بىلەن قىيما ـ چىيما قىلىۋەتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن، ئابدۇرىشت سولتان ئۇ يەردىن ئۇدۇل سۇلتان سەئىدخاننىڭ مازىرىغا بېرىپ زىيارەت قىلدى ۋە قايتىپ ئوردىغا كەلدى. تەزىيە ۋە ماتەم مۇراسىملىرىنى ئادا قىلدى. ھىجرى 940ـ يىلى مۇھەررەم ئاينىڭ 1ـ كۈنى (مىلادى 1533ـ يىلى 7ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى) ئەنئەنىۋىي مۇراسىم بىلەن ئاق كىگىزدە ئولتۇرۇپ، پۈتۈن بەگ ۋە خەلقلەرنىڭ بەيئىتىنى ئېلىپ ئۆزىنى شەرقىي تۈركىستان ۋە تىبەتنىڭ بۈيۈك خانى ئېلان قىلدى.

سىيد مۇھەممەدمىرزىنىڭ پۈتۈن مال ـ مۈلكى مۇسادىرە قىلىنىپ، ئوغۇللىرى تۈرمىگە ئېلىندى. ئەمىرئەلى تاغايىغا ئەمىركەبىر ئۇنۋانى بېرىلدى ۋە قەشقەرگە ۋالىي بولۇپ تەيىنلەندى. مەنسۇرخان بۇرۇنقىدەك، خانغا تەۋە بولۇپ تۇرپاننىڭ ئومۇمىي ۋالىيلىقىدا تۇردى. تىبەتكە، ئىسكەندەر سۇلتان ۋالىي بولدى، ئۇيەردىكى ئەسكەرلەرنىڭ ئۇرنىغا يېڭى ئەسكەرلەر ئەۋەتىلدى. تىبەتلىكلەر، بۇرۇنقى ئەسكەرلەرنىڭ قايتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ھەممە يەردە ئىسيان باشلاتتى. ئىسكەندەر سۇلتاننىڭ بۇ ئىسيانلارغا كۈچى يەتمەي تىبەتتىن چېكىنىشكە مەجبۇربولدى ۋە ئەسكەرلىرىنى ئېلىپ يەركەنگە قايتىپ كەلدى. ھەيدەر مىرزا، سۇلتان ئابدۇرىشتتىن قورقۇپ يەركەنگە كەلمىدى، راسكام تاغ ئېغىزى ئارقىلىق بەدەخشانغا ئۆتتى. بەدەخشاندىن بابۇرشاھنىڭ ئوغلى ھۇمايۇننىڭ يېنىغا كەتتى. شۇنداق قىلىپ، سۇلتان سەئىدخاننىڭ بېشىنى يىگەن تىبەت ۋە كەشمىر ھاكىمىيتى بىر يىلدىن ئارتۇق داۋام قىلالمىدى.

**مۆھتەرەم كىتابخانلارغا ئۆزرىمىز:**

شەرقىي تۈركىستان تارىخىنىڭ ئەڭ مۇھىم پارچىسى بولغان سەئىدىيە دۆلىتىگە مۆناسىۋەتلىك مەلۇماتىمىزنىڭ يىگانە مەنبەسى «تارىخى رەشىدى» دىن ئىبارەتتۇر. سۇلتان ئابدۇرىشىت خاننىڭ تەختكە چىققان ۋاقتىدىن تارتىپ، تاكى چىن ئىستىلاسىغىچە ئۆتكەن ۋەقەلەر توغرىسىدا، «تارىخى رەشىدىنىڭ» ئاپىغىدا بىرقانچە جايدا قوشۇمچە قىلىنغان «زەيلى» لىرىدىن باشقا مەنبە تېپىلمىدى. بۇسەۋەپتىن، سۇلتان ئابدۇرىشىت خاندىن ئابدۇللاخاننىڭ تەختكە چىققان ۋاقتىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى ۋەقەلەرنى ناھايىتى قىسقا سۆزلەپ ئۆتۈشكە مەجبۇر بولدۇم. ئىنشائاللاھ، ئىشەنچلىك

مەنبەلەر تېپىلىپ، بۇ بوشلۇق تولۇقلانغۇسىدۇر.

ئابدۇللاخاننىڭ تەختكە چىققان ۋاقتىدىن باشلاپ، ھازىرغىچە يەنى، ھىجرى 1048- 1359- (مىلادى 1638 دىن 1940-) يىللىرىغا قەدەر يۈز بەرگەن ۋەقەلەرنى كۆڭۈلدىكىدەك تەپسىلى يېزىشىم ئۈچۈن قولۇمدىكى مەلۇماتلار يېتەرلىك ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ ۋەقەلەردىن، توغرا ئىكەنلىكىگە قانائەت ھاسىل قىلغانلىرىمنى بەزىدە تەپسىلى ۋە بەزىدە قىسقا ھالدا بايان قىلىشقا مەجبۇر بولدۇم. بۇ چارىسىز يېتەرسىزلىكلىرىم ئۈچۈن مۆھتەرەم كىتابخانلاردىن كەچۈرۈم سورايمەن.

## ھىجرى 940 — 1048 - (مىلادى 1533 — 1638-) يىللىرى ئارىسىدا يۈزبەرگەن ۋەقەلەر

سۇلتان ئابدۇرىشىت خان تەختكە چىققاندىن كېيىن، ئالتاي ۋە ئىمىلدىن باشقا ھازىرقى شەرقىي - تۈركىستان ئۆلكىلىرى سەئىدىيە دۆلىتىگە تەۋە يۇرتلار بولۇپ، خەلق ناھايىتى تىنچ ۋە باياشات تۇرمۇش كەچۈرمەكتە ئىدى.

ھىجرى 950 - (مىلادى 1543-) يىلى تۇرپان ئومۇمىي ۋالىيسى مەنسۇرخان ۋاپات بولۇپ، ئورنىغا ئوغلى شاھخان ئومۇمىي ۋالىي بولدى.

ھىجرى 978 - مىلادى (1570 -) يىلى سۇلتان ئابدۇرىشىتخان ۋاپات بولۇپ، ئورنىغا ئوغلى شوجائىددىن - ئەھمەدخان تەختكە چىقتى. شۇيىلى تۇرپان ئومۇمىي ۋالىيسى شاھخان ۋاپات بولدى

شۇجائىددىن ئەھمەدخاندىن كېيىن، ئابدۇلكېرىمخان ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن. مەھەممەدخان ۋە ئابدۇللىتىپ خانلار خانلىق تەختىگە چىقتى. بۇ تۆت كىشىنىڭ 59 يىللىق ھۆكۈمرانلىق دەۋرى ھەققىدە كۆپ مەلۇماتىمىز يوق. بۇلارنىڭ تەختكە چىقىش ۋە ۋاپات بولۇش يىللىرىمۇ ئېنىق ئەمەس. سۇلتان ئابدۇللىتىپ خان ھىجرى 1037- مىلادى (1627-) يىلى ۋاپات بولدى. بۇئارىدا، سۇلتان ئابدۇرىشىتخاننىڭ ئەۋلادىدىن ئابدېرىھىم خان تۇرپاننىڭ ئومۇمىي ۋالىيسى ئىدى، ئۇ مۇستەقىللىق ئېلان قىلىپ سەئىدىيە دۆلىتىنى ئىككىگە بۆلۈۋەتتى.

سۇلتان ئابدۇللىتىپ خان ئۆلگەندىن كېيىن، شاھزادىلار ئوتتۇرىسىدا تەخت تالىشىش ئۇرۇشى باشلاندى. بۇ قانلىق ئۇرۇشلارئون يىل داۋام قىلىپ ئاخىرى تۇرپان ئومۇمىي ۋالىيسى ئابدېرىھىم خاننىڭ ئوغلى ئابدوللاخان، ھەممىگە غالىپ كېلىپ جېدەلنى بېسىقتۇردى ۋە يەركەن تەختىنى ئىگەللىدى.

## ئابدۇللاخاننىڭ خانلىق دەۋرى

ئابدۇللاخان ھىجرى 1048- (مىلادى 1638-) يىلى يەركەن تەختىگە چىقىپ، ئۆزىنى خان ئېلان قىلدى. شۇچاغدىكى سەئىدىيە دۆلىتىگە قاراشلىق ئۆلكىلەردىن ئالتى شەھەر، تۇرپان، بەشبالىق ۋە غولجىنى ئابدۇللاخان بىۋاستە ئۆز ئىدارىسىگە ئالدى. نەتىجىدە، بۇ يەرلەردە ئىچكى جەھەتتە مۇستەقىللىقنى ئىگە ھېچبىر ھۆكۈمەت قالمىدى. بۇ سۈرەتتە شەرقىي تۈركىستاننىڭ پۈتۈن ھەربىي، مەمۇرىي ۋە مالىيە ئىشلىرى بىر يەرگە باغلانغانلىقى ئۈچۈن دۆلەت كۈچلەندى، يۇرتنىڭ تىنچلىقى ساقلاندى، ئەسكىرىي كۈچ كۆپ تەرەققى قىلدى. غەربتىكى كىچىك خانلىقلارنى ئۆزىگە تەۋە قىلىش ئۈچۈن، قەشقەر ۋە ئۈچ ۋىلايەتلىرىگە ئەسكەر يىغىپ، پەرغانىغا ئەسكەر يوللاش تەييارلىقىنى باشلىدى. بۇنى ئاڭلىغان تاشكەنت ۋە قوقەنت خانلىرى ئابدۇللاخانغا بويسۇنىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئابدۇللاخان بۇلارنى، ھەريىلى كىرىمىنىڭ بەلگىلەنگەن بىرمىقدارىنى يەركەن خەزىنىسىگە يوللاش ۋە خۇتبىنى ئابدۇللاخاننىڭ نامىدا ئوقۇش شەرتلىرى بىلەن ئۆز ھامىيلىقىغا قوبۇل قىلدى. شۇنىڭ بىلەن غەربىي تۈركىستاننىڭ بۈيۈك بىر قىسمى شەرقىي تۈركىستان دۆلىتىگە تەۋە بولدى. ئابدۇللاخان. ئۇرۇشلاردا ۋەيران بولغان شەھەرلەرنى، جامە - مەدرىسەلەرنى، كارۋان يوللىرىنى، يول ئۈستىدىكى لەڭگەر (دەڭ) لەرنى ۋە قۇدۇقلارنى يېڭىدىن ياساپ چىقتى. قەشقەر، يەركەن ۋە خوتەندە بىردىن بۈيۈك مەدرىسە سالدى. بۇ مەدرىسلەرگە ئۇرغۇن يەرلەرنى ھەتتا كەنتلەرنى ۋەخپى قىلدى. «خانلىق مەدرىسە» دەپ ئاتالغان بۇمەشھۇر مەدرىسلەر ۋە ۋەخپىلەر ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلمەكتە. ئابدۇللاخان، يۇرتنى ئاۋات قىلىش ۋە زىرائەت ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن كۆپ تىرىشتى. ئۇرغۇن ئېرىق - ئۆستەڭ قازدۇرۇپ، توغان ياساپ سۇغۇرۇش ئىشلىرىنى ياخشىلىدى. ھازىرمۇ مەۋجۇد بولۇپ تۇرغان، خوتەن ۋە كىرىيە ئوتتۇرىسىدىكى چىرىيە شەھرىنىڭ تۆت چوڭ ئۆستىڭى ۋە «تورما» (ئېتىزلارغا نۆۋەت بىلەن سۇ ئېلىش تۈزۈمى) ئابدۇللاخاننىڭ تارىخى تۆھپىلىرىدىن بىرىدۇر.

ھىجرى 1075- (مىلادى 1664-) يىللىرى ئەتراپىدا كىرىيە ۋە چەرچەننىڭ تاغلىق قىسىملىرىدا ئولتۇرۇشلۇق مۇسۇلمان بولمىغان سېرىق ئۇيغۇرلار ئىسيان چىقاردى ۋە كىرىيە شەھرىگە ھۇجۇم قىلىپ خەلقنى قەتلىئام قىلدى. ئابدۇللاخان بۇنى ئاڭلاپ، يەركەندىن كېرىيىگە يۈرۈش قىلىپ سېرىق ئۇيغۇرلارنى مەغلۇپ قىلدى. سېرىق ئۇيغۇرلارتاغلارغا قاچتى. ئابدۇللاخان ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ئەسكەر يوللاپ، قوغلاپ يەتكەن يەردە ئۆلتۈرۈپ، ئۇلارنى تامامەن يوقىتىشقا بۇيرۇق قىلدى. نەتىجىدە ،كېرىيە ۋە چەرچەن تاغلىرىدىكى سېرىق ئويغۇرلاردىن بىرسىنىمۇ ساق قويماي يوق قىلدى.

ئابدۇللاخاننىڭ زامانىسىدا قالماقلار ناھايىتى كۈچلىنىپ، قازاقلارنى مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن، ھىجرى 1070-(مىلادى 1659 -) يىلى ئەتراپىدا غولجا ۋە بەشبالىققا ھۇجۇم قىلىپ، ئابدۇللاخاننىڭ

ئەسكەرلىرىنى ئېغىر ھالدا مەغلۇپ قىلدى ۋە بۇ جايلارنى ئىشغال قىلىۋالدى. ئىككى تەرەپ ئارىسىدا دەھشەتلىك ئۇرۇشلار بولدى، قۇمۇل ۋە شەھەرلىرىمۇ قالماقلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتتى. (بۇ ئۇرۇشلارھەققىدە باشقا تەپسىلى مەلۇماتىمىز يوق) نەتىجىدە، شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئىنتايىن مۇھىم قىسمى سەئىدىيە دۆلىتىدىن ئايرىلىپ كېتىپ، يالغۇز ئالتە شەھەر قالدى. شۇنىڭ بىلەن ئابدۇللاخاننىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئەسكىرىي كۈچى بەك ئاجىزلىشىپ كەتتى.

ئابدۇللاخان دەۋرىدە، غەربىي تۈركىستاندىكى پارچە - پارچە بولۇپ كەتكەن ئۆزبېك خانلىرى دائىم بىر- بىرلىرى بىلەن ئۇرۇشۇپ يۇرتنى ۋەيران قىلماقتا ئىدى. بۇ ئەنسىز ۋەزىيەتتىن قاچقان خەلق شەرقىي تۈركىستانغا ئېقىن ئېتىپ كۆچۈپ كەلگىلى باشلىدى. ئابدۇللاخان بۇ كۆچمەنلەرگە كۆپ رەھىم - شەپقەت قىلىپ ياخشى كۈتۈۋالدى، يەر كۆرسىتىپ بەردى، تۇرمۇشىدىنمۇ ياخشى خەۋەر ئېلىپ ئورۇنلاشتۇردى. بۇ كۆچمەنلەر ئارىسىدا «سىيىد» لىق داۋاسى قىلىدىغان بەزى «خوجا» لار بار ئىدى. ئۇ زامانلاردا، «مەن تەرىقەت مۇرشىدى» ياكى «مەن سىيىد» دېگەن كىشىنىڭ ئىسلام دۇنياسىدا بازىرى ئىتتىك ئىكەنلىكى تارىخ ئوقۇغان ھەممەكىشىگە ئايان.

ئابدۇللاخان بۇخوجاالارغا ھەددىدىن زىيادە ھۆرمەت قىلىپ، ھەر ئىشنى ئۇلارنىڭ ئىستىخارىلىرى ۋە مەسلىھەتلىرى بويىچە قىلىدىغان، ھەر نەرسىنى ئۇلارنىڭ ئارزۇلىرىغا پىدا قىلىدىغان بولدى. ئۆزى باشچىلىق قىلىپ، پۈتۈن خانلىق خاندانىدىكى كىشىلەرنى ۋە دۆلەت كاتتىلىرىنى بۇخوجىلارغا مۇرىت قىلدى. بارا - بارا خەلق ئاممىسى، بۇخوجىلارنى تەسەۋۋۇرنىڭ ئۈستىدە يۈكسەك بىر مەرتىۋىگە ئىگە كىشىلەردەپ ئېتىقاد قىلىشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن بۇخوجىلارنىڭ نوپۇزى، باشقا ھەرقانداق بىر نوپۇزلۇق كىشىدىن ئۈستۈن ھالغا كەلدى [89].

ئابدۇللاخاندىن كېيىن، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ تارىختا كۆرۈلمىگەن پالاكەتلەرگە گىرىپتار بولۇشىغا مانا، بۇخوجىلارنىڭ ھەسەتخورلۇقى ۋە تۇزكورلۇقى سەۋەپ بولدى. بۇلارنى نۆۋىتى كەلگەندە تەپسىلى بايان قىلىمەن.

## ئابدۇللاخاننىڭ خانلىقتىن يىقىلىشى

ئابدۇللاخان، ئوغۇللىرىدىن يولبارسخاننى قەشقەرگە ۋالىي قىلغانىدى. يولبارسخان بەك زالىم ۋە مۇستەبىت بىر ئادەم بولغانلىقى ئۈچۈن ئابدۇللاخان ئۇنى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاشقا ھەتتا يوقىتىشقا قارار قىلدى. يولبارسخان دادىسىنىڭ بۇ نىيىتىدىن خەۋەردار بولۇپ، دەرھال ئىسيان كۆتۈردى. ئابدۇللاخان ئۇنىڭ ئەدىۋىنى بېرىش ئۈچۈن ئەسكەر يوللىدى، بۇئەسكەرلەر مەغلۇپ بولدى.

[89] نوپۇز - يۈز ئابروي، ھوقوق ۋە ياكى تەسىر دائىرىسى دېگەن مەنىدە(ن. ش. ھ.).

ئىككىنچى قېتىم دادا ـ بالا ئوتتۇرىسىدا شىددەتلىك ئۇرۇشلار بولدى ۋە ھىجرى 1078 ـ (مىلادى1667ـ) يىلى ئابدۇللاخاننىڭ ئەسكەرلىرى ئۇزۇل ـ كېسىل مەغلۇپ بولدى.

ئابدۇللاخان، ئۆز ئوغلى تەرىپىدىن كۆرگەن بۇ يامانلىققا چىدىيالماي، تەختتىن تاشلاپ يۇرتتىن چىقىپ كېتىشكە قارار قىلدى. ئورنىغا كىچىك ئوغلى ئابدۇلمۆمىن خاننى تەختكە چىقىرىپ، ئۆزى بىرقىسىم يېقىن ئادەملىرىنى، ئېلىپ ھىندىستانغا چىقىپ كەتتى. ئەۋرەڭزىپ ئالەمگىر(ھىندىستان پادىشاھى) بۇخەۋەرنى ئاڭلاپ كەشمىر ۋالىيسى مۇبارىزخانغا، ئابدۇللاخاننى پادىشاھقا لايىق ئىززەت ۋە ئىكرام بىلەن قارشى ئېلىپ، دېھلىگە يولغا سېلىشنى بۇيرۇدى. مۇبارىزخان، ئابدۇللاخاننى زور ئېھتىرام بىلەن كۆتۈۋالدى ۋە بىرقانچە كۈن دەم ئالدۇرۇپ دېھلىگە يولغا سالدى. ئەۋرەڭزىپ ئالەمگىر ئابدۇللاخاننى ھەشەمەتلىك مۇراسىم بىلەن قارشى ئېلىپ ناھايىتى ھۆرمەت قىلدى. ئابدۇللاخان دېھلىدىن مەككىگە بېرىپ، ھەج قىلىپ يەنە ھىندىستانغا قايتىپ كەلدى. ئەۋرەڭزىپ ئالەمگىر ئابدۇللاخانغا ، «ئوغوللىرىڭنىڭ سىلىگە قىلغان ئەدەپسىزلىكىدىن قاتتىق بىئارام بولدۇم، ئەمدى ۋەتەنلىرىگە قايتمىسۇنلار. مىنى ئۆز ئوغۇللىرى ئورنىدا كۆرۈپ ھىندىستاندا تۇرۇپ قالسۇنلار. ۋاپادار بىر ئوغۇللىرىدەك خىزمەتلىرىنى قىلىمەن» دېگەن. ئابدۇللاخان بۇ ئىلتىپاتلىق مۇئامىلىدىن ناھايىتى خۇرسەن بولۇپ، ھىندىستاندا قالدى. يازنى ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن، ھىجرى 1080ـ(مىلادى 1669ـ) يىلى كەشمىرگەكەلگەندە شۇ يەردە ۋاپات بولدى. ئابدۇللاخان يۇرتتىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، يولبارسخان ئابدۇلمۆمىن خاننى مەغلۇپ قىلىپ ئۆزى خان بولدى. ئىككى يىل ناھايىتى زۇلۇم ۋە ئىستىبداتلىق بىلەن ھۆكۈم سۈرۈپ ھىجرى 1081 ـ يىلى ئۆلتۈرۈلدى. «تارىخى رەشىدى» دە يولبارسخاننىڭ زالىملىقىنى تەسۋىرلەپ، « شۇنداق بىر زالىم ئىدىكى، ئۇنىڭ ئالدىدا ھۇججاج زالىم خىجىل بولاتتى، زوھاك ماران يامانلاپ كېتەتتى» دەپ يېزىلغان.

## ئىسمائىل خاننىڭ خان بولغانلىقى ۋە ئاپاق خوجىنىڭ
## تۈز كورلۇقى

يولبارسخاننىڭ زۇلمىغا تاقەت قىلالمىغان خەلق ئۇنىڭغا قارشى بىرئومۇمىي ئىنقىلاب قوزغىدى، يولبارسخان ئۆلتۈرۈلدى. خانلىق تەختىگە ئابدۇللاخاننىڭ ئىنىسى ئىسمائىل خان چىقىپ، يۇرتنى تىنچىتتى. ئىسمائىل خاننىڭ زامانىسىدا، يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتۈلگەن كۆچمەن «خوجا» لاردىن ھىدايىتۇللا خوجا دېگەن بىرسى، بەك نۇپۇز تېپىپ كەتكەندى. ئۇ بۇ نۇپۇزىغا قانائەت قىلماي، خانلىق تەختىگە كۆز تىكىشكە باشلىدى. ھىجرى1087 ـ(مىلاى 1676ـ) يىلى جاھىل مۇرىتلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن ئاشكارا ئاسىلىق قىلىپ، ئۇنىڭغا ئاش ـ نان بەرگەن، ئىززەت ئابروي بەرگەن دۆلەتنىڭ خانى ئىسمائىل

خانغا قارشى ئۇرۇش ئېلان قىلدى. يەركەننى مۇھاسىرىگە ئالدى. شەھەر ئىچىدىكى مۇرىتلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن شەھەرنى قولغا چۈشۈردى. ئىسمائىل خاننى ئەسىر ئېلىپ، ئۆزىنى پادىشاھ ئېلان قىلدى.

ھىدايىتۇللاخوجىنىڭ بۇ ئىستىلاسى ئۇزۇنغا بارمىدى. 3 ـ 4 ئاي ئۆتمەي خانلىق جەمەتىدىن مۇھەممەدئىمىن خان ئۇرغۇن قوۋۋەت توپلاپ، ھىدايىتۇللا خوجىنى ئاغدۇرۇۋەتتى. ھىدايىتۇللاخوجا ئەسىر ئالغان ئىسمائىل خان ۋە بالاچاقىلىرىنى بىرگە ئېلىپ، ئىلىغا قېچىپ بېرىپ قالماق خانى «گالدان قونتاجى» دىن باشپاناھلىق ۋە مۇھەممەدئىمىن خانغا قارشى ياردەم تىلىدى[90].

## سەئىدىيە مىللىي دۆلىتىنىڭ يىقىلىشى

ھىدايىتوللا غۇجىنىڭ ياردەم تىلەپ كېلىشى گالدان (غالدان) نىڭ ئارزۇسىغا تازا ئۇيغۇن كەلدى. چۈنكى، غالدانىنىڭ ئۇزۇندىن بېرى ئارزۇسى ئالتى شەھەرنى قولغاكەلتۈرۈش ئىدى. ئەمما، ئالتى شەھەر مۇسۇلمانلىرىنىڭ قاتتىق مۇداپىئەسى، ۋە ئەگەر ئىشغال قىلغاندىمۇ ئۇيەردە پۇت ـ تىرەپ تۇرالىشىنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى بىلەتتى. ھىدايىتۇللاخوجا بولسا ئالتى شەھەر مۇسۇلمانلىرىنىڭ پىرى ۋە پېشىۋاسى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئەمدى ئۇ يەردىكى مۇسۇلمانلارنىڭ تولاراقى ئۇنىڭغا ياردەم قىلىپ، ئىتائەت قىلىشى چوقۇم ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، غالدان ھىدايىتۇللاخوجىنى ناھايىتى ئېھتىرام بىلەن كۈتىۋالدى ۋە ئۇنىڭغا قالماقلارنىڭ شەرەپ ئۇنۋانى «ئاباق» دېگەن ئۇنۋاننى بەردى. كېيىنچە، بۇنى مۇرىتلىرى ئۆزىچە بۇزۇپ «ئاپاق»، «ئاپئاق» ۋە يا «ئاپپاق» دەپ ئاتىۋالغان.

ھىجرى 1090ـ (مىلادى 1679ـ) يىلى غالدان، ھىدايىتۇللاغوجىنى ئالدىغا سېلىپ، 60000 ئەسكىرى بىلەن ئالتى شەھەرگە يۈرۈش قىلدى. مۇھەممەدئىمىن خان قاتتىق قارشىلىق كۆرسىتىپ مۇداپىئە قىلىپ، غالداننى ئاقسۇدىن ئۆتكۈزمەي تۇستى. لېكىن، ئاپاق (ئاباق) غوجىنىڭ تەشۋىقى بىلەن ئۇنىڭ قەشقەر ۋە يەركەندىكى مۆرىتلىرى توپىلاڭ چىقارغانلىقتىن، مۇھەممەد ئىمىن خان يەركەنگە قايتىشقا مەجبۇر بولدى.غالدان قەشقەر ۋە ئاقسۇنى توسالغۇسىز ئىشغال قىلدى. بۇ يەردىكى ھۆكۈمەت تەرەپتارلىرىنى ئۆلتۈردى. ئۇندىن كېيىن، يەركەنگە يۈرۈش قىلدى. مۇھەممەد ئىمىن خان شەھەرگە كىرىۋېلىپ، قاتتىق مۇداپىئە قىلدى. غالدان يەركەندىن ئۈمىدىنى ئۈزۈپ تۇرغان بىرپەيتتە، ئاپاق خوجىنىڭ شەھەر ئىچىدىكى مۇرىتلىرى ئىسيان كۆتۈرۈپ چىقتى ۋە بۇخائىن مۇرىتلەر «غوجامغا دەرۋازىنى ئاچتۇق» دەپ قالماقلارغا سېپىلنىڭ دەرۋازىسىنى ئېچىپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن شەھەرگە كىرگەن قالماق ئەسكەرلىرى، ئىنتايىن دەھشەتلىك قەتلىئام ۋە بولاڭ ـ تالاڭ يۈرگۈزدى. مۇھەممەد ئىمىن خان. ئۇرۇشتا شېھىت بولدى. نەتىجىدە 170 يىللىق بىر مىللىي ۋە ئىسلام دۆلىتى يىقىلدى.

90 گالدان قونتاجىنى ھازىرقى ئۇيغۇرچە ئەسەرلەردە «غالدان قۇنتەيجى» دەپ ئالماقتا ئە. بايتۇر 1214ـ بەت (ن. ش. ھ.).

## سەئىدىيە دۆلىتىنىڭ ئىدارىي تەشكىلاتى ۋە ئەسكىرىي ئىشلىرى

سەئىدىيە دۆلىتى، ئۆز زامانىسىدا ئوتتۇرا ئاسىيادا ئەڭ چوڭ دۆلەت ھېساپلىناتتى. چۈنكى، بۇ دەۋردە، غەربىي تۈركىستان ۋە شىمالىي ئۆلكىلەر پارچىلىنىپ، كىچىك - كىچىك خانلىقلارغا يەنى، ئۆزبېك خانلىقى، قازاق خانلىقى ۋە قالماق خانلىقى دېگەندەك خانلىق ۋە بەگلىكلەرگە بۆلۈنۈپ كەتكەنىدى. ۋاھالەنكى، بۇ چاغدىكى شەرقىي تۈركىستانىنىڭ ئالتاي ۋە ئىمىل ئۆلكىلىرىدىن باشقا پۈتۈن قىسمى سەئىدىيە دۆلىتىنىڭ باشقۇرۇشى ئاستىدا ئىدى.

سەئىدىيە دۆلىتى چوڭ بىرخانلىق دۆلىتى بولۇپ، رەسمىي پايتەختى يەركەن ئىدى. لېكىن، ئىچكىي جەھەتتىكى باشقۇرۇش ئىككى مۇستەقىل ئىدارىي تەشكىل بىلەن ئېلىپ بېرىلغان. بۇ ئىدارىي تەشكىللەرنىڭ، بىرسى يەركەندىكى خانلىق ئوردىسىدا بولۇپ، كۇچادىن باشقا پۈتۈن ئالتى شەھەر ۋىلايەتلىرى بىۋاستە بۇ ئورۇنغا قاراشلىق ئىدى. بۇ ئۆلكىلەرگە ۋالىي، ھاكىم تەيىنلەش ياكى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاش بۇمەركەز تەرىپىدىن ئېلىپ بېرىلاتتى. پۈتۈن مالىي كىرىم خانىنىڭ خەزىنىسىگە كىرەتتى. يەنە بىر ئىدارە تۇرپان ئومۇمىي ۋالىي ئىدارىسى بولۇپ، كۇچا دىن تارتىپ قۇمۇل، بەشبالىق ۋە غولجىغىچە سوزۇلغان ئۆلكىلەرنىڭ پۈتۈن ئىچكى ئىشلىرى ۋە مالىيەسى بۇ ئىدارىنىڭ باشقۇرۇشىدا ئىدى. بۇ ھەر ئىككى ئىدارىي تۈزۈمدە ئوخشاش بىرخىل قانۇن يۈرگۈزۈلەتتى. ئەدلىيە ۋە جازا ئىشلىرى شەرئەت قازىلىرىنىڭ ئىلگىدە بولۇپ. ھەر بىرشەھەر ۋە كەنتتە مۇنتىزىم مەھكىمە شەرئى ۋە تۈرمە بار ئىدى. ساقچىلىق ۋەزىپىسى ئۈچۈن ئايرىم ئىدارە تەشكىل قىلىنغان بولۇپ، بولارغا غەربىي تۈركىستاندىكىگە ئوخشاش«كوتۋال» ياكى «شەھنەلىك» دەپ نام بېرىلگەنىدى. ساقچى ئىدارىسى ئەڭ ئىنتىزاملىق ئورۇن بولۇپ ساقچى باشلىقىنى «مىرشەب» دەپ ئاتايتتى[91].

مالىيەكىرىم جەھەتتە، ھەربىر تاناپ تېرىلغۇ زېمىن ئۈچۈن مەلۇم مىقداردا ئالۋاڭ، چارۋا ماللار ئۈچۈن ئوت ئۈچى ئېلىناتتى. تىجارەتچىلەرماللىرىدىن زاكات، دېھقانلار يەردىن ئېلىنغان مەھسۇلاتقا ئۆشرە تۆلەيتتى. بۇلارنى خەلقتىن يىغىۋېلىش ۋە خەزىنىگە تاپشۇرۇشقا ھاكىملار مەسئۇل ئىدى. چاغاتاي دۆلىتى دەۋرىدىكى خەلقنى سىنىپلارغا ئايرىپ ئىدارە قىلىش تۈزۈمى سەئىدىيە دۆلىتىدە ئەمەلدىن قالدۇرۇلغانىدى.

دۆلەت بېشىدىكى خانلارنىڭ كۆپىنچىسى، ھەر يىلى يۇرتنىڭ بىرقىسمىغا ساياھەت قىلىپ، خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈرۈشنى، خەلقنىڭ دەردىنى ئاڭلاپ، ئومۇمنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن

91 كۇتوال - پارسچىدە، ساقچى ئىدارىسى، مىرشەپ - كوزەتچى (ساقچى) باشلىقى دېگەنلىكتۇر (ن. ش. ھ).

كېرەكلىك خىزمەتلەرنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن تىگىشلىك ئۈرۈنلارغا بۇيرۇق بېرىشنى، ئۆزلىرىنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسى دەپ قارايتتى.

سەئىدىيە دۆلىتى ئەسكىرىي ئىشلارغا، بۇرۇنقى تۈرك دۆلەتلىرىدەك كۆپ ئەھمىيەت بېرىپ كەتمىگەن. چۈنكى، بۇدۆلەتنىڭ سىياستى كېڭەيمىچىلىك قىلىش بولماي، بەلكى، ئىچكى ۋە تاشقى جەھەتتە تىنچلىقنى ئاساس قىلىش ئىدى. خوشنا دۆلەتلەر شەرقىي تۈركىستانغا تاجاۋۇز قىلالىغۇدەك كۈچلۈك دۆلەتلەر ئەمەستى، ھەممىسى بۆلۈنگەن ئۇششاق بەگلىكلەردىن ئىبارەت ئىدى.

شەرقتە، ئۇچاغدىكى چىندە ھۆكۈم سۈرىۋاتقان مىڭ ئىمپېراتورلۇقى ئاجىز بىر ۋەزىيەتتە بولۇپ، ئۇنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا تاجاۋۇز قىلىش ئېھتىمالى يوقتى. مانا بۇ سەۋەپتىن سەئىدىيە دۆلىتى ئىچكى جەھەتتىكى تىنچلىقنى قوغداشقا يەتكۈدەكلا ئەسكىرى كۈچ ساقلىغان. بۇ ئەسكەرلەرمۇ ئىككى ئىدارى مەركەزگە تارقىتىلغانىدى. يەركەندە خاننىڭ باشچىلىقىدا بىر قانچە مىڭ ئەسكەر تۇراتتى. ۋالىيلىق مەركەزلىرىدىمۇ ۋالىي باشچىلىقىدا بىرمىقدار ئەسكەر تۇرغۇزۇلغانىدى. توپۇلاڭ چىقىپ قالغاندا، ئۇ يەرلەرگە يەركەندىن ئەسكەر يوللاپ بېسىقتۇرۇلغان. تۇرپان ئومۇمىي ۋالىيلىقىنىڭ قول ئاستىدا بىر قانچە ئەسكەر بولۇپ، شىمالدىن قالماقلارنىڭ، جەنۇبدىن كۆكۆ ئۆلكىسىدىكى قەبىلىلەرنىڭ ھۇجۇمىدىن قوغداش ۋەزىپىسى بۇلارغا بېرىلگەن. پەقەت ئابدۇللاخان زامانىسىدا قالماقلار بەك كۈچلىنىپ كېتىپ، شەرقىي تۈركىستانغا خەۋپ سالغىلى باشلىغاندىلا، ئەسكىرىي ئىشلارغا ئەھمىيەت بېرىلىپ خېلى كۆپ، ۋە كۈچلۈك بىرقوشۇن تەييارلانغان ۋە بۇنىڭغا تايىنىپ، تاشكەنت ۋە قوقەنتلەرنى ھامىيلىقىغا ئالغان. كېينچە، قالماقلار زەربىسى بىلەن بۇ قوشۇن ئاجىزلىشىپ كەتكەن. نەتىجىدە، ئابدۇللاخان ئۆز ئوغلى تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىندى. شۇنداقلا بۇ دۆلەتنىڭ يىقىلىشىغا ئەسكىرىي كۈچنىڭ ئاجىزلىقى سەۋەپ بولدى.

## ئىقتىسادىي ئەھۋالى

قاراخانلار دەۋرىگە سېلىشتۇرغاندا، سەئىدىيە دۆلىتى دەۋرىدە يۇرتنىڭ ئومۇمىي تىنچلىق ۋەزىيىتى سايىسىدا، ئىقتىسادىي ئەھۋالى يۇقىرى دەرىجىگە يەتكەن. بۇنىڭ بىلەن، شەرقىي تۈركىستاننىڭ بايلىقى زوردەرىجىدە ئاشقان. ئىچ تىجارەتنىڭ راۋاجلىنىشى تېز ۋە نەتىجىلىك بولۇشى بىلەن شەھەرلەر ۋە بازارلار روناق تېپىپ، ئاۋاتلىشىپ كەتكەن. تاشقى سودا - سېتىق ۋە تىجارەت ئىشلىرىدا، ئەڭ مۇھىم تىجارەت شەرقىي تۈركىستانلىق سودىگەرلەرنىڭ قولىدا ئىدى. چۈنكى، ئۇ دەۋردە سەنئەت ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتە دۇنيادا ئەڭ ئۈستۈن سەۋىيىدە تۇرۇۋاتقان چىن ۋە ھىندىستانغا، شەرقىي تۈركىستاننىڭ تىجارەت كارۋانلىرى ئۈزۈلمەي بېرىپ - كېلىپ تۇراتتى. شەرقىي تۈركىستانلىق تىجارەتچىلەر چىنگە ئالتۇن، قاشتېشى، جاۋاھىرات، خام (ماتا)، چەكمەن، يۇڭ، تېرە ۋە

زىلچە(گىلەم) قاتارلىق ماللارنى ئاپىرىپ سېتىپ، چىنىدىن فار - فۇر بۇيۇملىرى، يىپەك رەخ ۋە چىنە- قاچا ئېلىپ كېلەتتى. ھىندىستانغا كىگىز، خام، چەكمەن، ئالتۇن ۋە چىن ماللىرىنى ئاپىرىپ سېتىپ ئۇ يەردىن دورا، ئەتىر، قارامۇچ، دارچىن قاتارلىق دورا- دەرمەكلەر ۋەكەشمىر شالى قاتارلىقلارنى ئېلىپ كېلەتتى. غەربىي تۈركىستان ۋە ئافغانىستانغا بولسا خام، چەكمەن، گىلەم، تۆمۈر، باقىر(مىس ) ئات ۋە چىن ماللىرىنى ئاپىرىپ سېتىپ، ئۇيەردىن بۇ تەرەپكە توغرا كېلىدىغان ماللارنى ئېلىپ كېلەتتى.

تېرىلغۇ ئىشلىرىنىڭ كۆپ تەرەققىي قىلغانلىقىنى، بۇدەۋردە يېڭىدىن ئاۋاتلاشقان يۇرتلارنىڭ كۆپلىكى ۋە يېڭىدىن ياسالغان ئېرىق - ئۆستەڭ ۋە كارىزلارنىڭ كۆپلىكى ئېنىق ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. ئالتە شەھەردە، قۇملۇق چۆللەرگە ئېقىپ سىڭىپ كېتىدىغان كەلكۈن سۇيىنى، قوللۇنۇشقا ئەپسىز دەريا ۋە جىلغا سۇلىرىنى پۇتۇنلەي تىزگىنلەپ، ئۆستەڭ چېپىپ، سۇنى ئېتىزغا باشلاپ تېرىلغۇ يەرلەرنى سوغۇرۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىنغان. مەسىلەن: خوتەن بىلەن كېرىيە ئوتتۇرىسىدا، ھاگگى، چىرا،گۇلاخما، قاراقىر ۋە بۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى يۈز لەرچەكەنتلەر؛ گوما ۋە قارغىلىق ئوتتۇرىسىدىكى قۇملۇق چۆل بولىلىرىدىكى بېزا - كەنتلەر؛ مەكىت، مارالبېشى، كەلپىن، ئۈچتۇرپان، ئاقسۇدىكى باي، كۇچادىكى يېڭىسار، شايار، قەشقەردىكى پەيزئاۋات قاتارلىقلار ۋە ئۇندىن باشقا چەكسىز تېرىلغۇ يەرلىرىنىڭ ھەممىسى سەئدىيە دۆلىتى دەۋرىدە ۋۇجۇدقا كەلگەن ياكى بۇرۇن خاراپ بولغانلىرى بۇ دۆلەتنىڭ يوقىرىقىدەك پائالىيەتلىرى نەتىجىسىدە يېڭىدىن ئاۋات قىلىنغان .

شەرقىي تۈركىستان خەلقى قەدىمدىن تارتىپ سانائەت (قول سانائەت) ساھەسىدە تەرەققىي قىلغان خەلق بولغانلىقىدىن، سەئدىيە دۆلىتى دەۋرىدىكى تىنچ ۋەزىيەتتە بۇ سانائەت تەرەققىياتى تېخىمۇ جۇش ئۇرۇپ راۋاجلانغان. ئۇ دەۋرنىڭ مىمارلىق ئەسەرلىرىدىن قالماقلار، خوجالار، كانجۇتلار ۋە چىنلىقلارنىڭ بوزۇپ - چېقىشلىرىدىن ساق قېلىپ، بۈگۈنگىچە ساقلىنىپ قالغانلىرى بەك ئاز. بۇ ئەسەرلەرگە كۆز ئاتقىنىمىزدا ئۇنىڭدىكى بىناكارلىق سەنئىتى، نەققاشلىق،گېئومېترىك ۋە باشقا جەھەتلەردىكى يۈكسەك ماھارەتنىڭ ئۆز زامانىسىدىكى باشقا ھەر قانداق بىناكارلىق سەنئىتىدىن كېيىن قالمىغانلىقى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. پەقەت، بىر كەمچىلىكى، بۇ ئىمارەتلەردە تاش ئىشلەتمەي پىششىق كېسەك قوللىنىلغانلىقىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ، يوقىرىدا تىلغا ئېلىنغان تاجاۋۇزچىلار ئۇ دەۋردىكى ئىمارەتلەرنى ئوڭايلا ۋەيران قىلىۋېتەلىگەن. بۇلاردىن زامانىمىزغىچە، بىر قانچە مەسجىد، جامە ۋە مازارگۇمبەزلىرى ساق قالغان.

سەئدىيە دۆلىتى دەۋرىدە تۆمۈر، مىس ۋە كۈمۈشتىن ياسالغان ئۆي سەرەمجانلىرى ۋە باشقا سەنئەت ئەسەرلىرىدىن، بۈگۈنمۇ خەلقىمىزنىڭ قولىدا كۆپ ئۇچرايدۇ. بۇلارنىڭ ياسىلىشىدىكى گۈزەل سەنئەت ھۈنىرى ۋە ئۇستىلىقى، ھازىرقىسىدىن ھېچ قېلىشمايدۇ.

ھۆكۈمەت، كانچىلىق ۋە مېتالچىلىق ئىشلىرىغا ئالاھىدە ئېتىبار بېرىپ، دۆلەت نازارىتى ئاستىدا

ناھايىتى تەرەققىي قىلدۇرغان. يىپەكسارەيدىكى تۆمۈركانىدىن، كوچا ئەتراپىدىكى مىس كانىدىن، ۋە خوتەن، كىرىيە ۋە چەرچەن كانلىرىدىن چىقىرىلغان تۆمۈر ۋە ئالتۇن، يۇرتنىڭ ئۆز ئېھتىياجىدىن ئېشىپ، تاشقى دۆلەتلەرگىمۇ خېلى زور مىقداردا سېتىلغان.

بۇلاردىن باشقا قول سانائەت مەھسۇلاتلىرى، بولۇپمۇ زەرگەرچىلىك، مىسكەرچىلىك، توقۇمىچىلىق، خالۋاپلىق(گىلەم توقۇش)، يىپەكچىلىك ۋەكىگىزچىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىشى ناھايىتى تەرەققىي قىلغانىدى. بۇلار ئىچكى بازار ئېھتىياجىدىن ئېشىپ، تاشقىرىغىمۇ چىقىرىلاتتى. چەتتىن بولۇپمۇ كەشمىر ۋە ھىندىستاندىن نۇرغۇن ئۇستىلار كېلىپ، شەرقىي تۈركىستاندا ئۆز يۇرتلىرىنىڭ قول سانائىتىنى يايغان ۋە راۋاجلاندۇرغانىدى.

## مائارىپ ۋە ئەدەبىيات

مائارىپ ۋە تەلىم ـ تەربىيە ئىشلىرىنىڭ شۇ زاماننىڭ ئۆلچەملىرىگە ئۇيغۇن ھالدا مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە راۋاجلانغانلىقى مەلۇم. مەكتەپلەردە تۈركچە، دىنىي ۋە ئەدەبىي كىتابلار ۋە بىر ئاز پارسچە كىتابلار ئوقۇتۇلاتتى. مەدرىسلەردە، ئەرەبچىگە بىرىنچى دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىلىپ، پەقەت سەرف ۋە نەھۋى، فىقھە ۋە ئۇسۇلى فىقھە، ئىلمى كالام ، ھەدىس، تەفسىر ۋە پەلسەپە بىلىملىرىدە تامامەن ئەرەپچە كىتابلاردىن دەرس بېرىلەتتى[92]. ئەخلاق ۋە ئەدەبىياتتا بولسا پارسچە كىتابلاردىن دەرس بېرىلەتتى. دېمەك، شەرقىي تۈركىستاندا ئۆز ئانا تىلى بولغان تۈركچىنى ئىلىم ساھەسىدىن يىراقلاشتۇرۇش، سەئىدىيە دۆلىتى ئۆتكۈزگەن چوڭ بىرخاتالىق ئىدى.

خانلار، بەگلەر ۋە يۇرت كاتتىلىرى شەھەرلەردە، ناھىيىلەردە، يېزا ـ كەنتلەردە ھەتتا مەھەللىلەردە، سالدۇرغان مەكتەپ ۋە مەدرىسلەر، ھەيران قالغىدەك كۆپ ئىدى. مانا، بۇلار شۇ زاماندىكى مائارىپنىڭ ئەھمىيىتى ۋە تەرەققىياتىنىڭ پەۋقۇلئاددە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. سەئىدىيە دۆلىتى دەۋرىدە، شەرقىي تۈركىستان مەدرىسلىرىدە نۇرغۇن ئالىملار يېتىشىپ چىققانىدى. بۇلار«تارىخى رەشىدى» نىڭ زەيلىدە تەپسىلى بايان قىلىندۇ.

ئەدەبىياتقا كەلسەك، گەرچە، مەدرىسلەردە ئەرەبچە ۋە پارسچە تىللىرىغا باشقىچە ئەھمىيەت بېرىلىپ، بۇتىللاردا شېئىر يازىدىغان شائىرلارخېلى كۆپ سانىنى ئىگەللىگەن بولسىمۇ تۈركچە ئەدەبىياتنىڭمۇ راۋاجلىنىشىنىڭ قوغداپ قېلىنلغانلىقى مەلۇم. شۇ دەۋرنىڭ مەشھۇر شائىرلىرىدىن بولغان خوتەنلىك «نوبىتى» نىڭ دىۋانىنىڭ قولىيازمىسى ھازىرمۇ خەلقىمىزنىڭ قولىدا ساقلانماقتا. «تارىخى رەشىدى» يەنە نۇرغۇن شائىرلارنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئالغان. ئەپسۇسكى، ماڭا نوبىتىدىن باشقا

[92] **سەرف** ـ سىنتاكسىس. **نەھۋى** ـ مورفولوگىيە. **فىقھى** ـ ئىسلام ھوقۇقى. **ئۇسۇلى فىقھى** ـ ھوقوق مېتودولوگىيىسى **ئىلمى كالام** ـ ئىسلام ئەقىدىسىنى تەتقىق قىلىش ئىلمى(ن. ش. ھ.).

شائىرلىرىمىزنىڭ دىۋانلىرىنى كۆرۈش نېسىپ بولمىدى. نۇبىتىنىڭ دىۋانىنى ئوقۇساق، ئۇنىڭ فۇزۇلى ۋە ناۋايى دەك ئۇچۇق پىكىرلىك ۋە ھەقىقىي بىر مۇتەسەۋۋۇف ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. سەئىدىيە دۆلىتى دەۋرىدىن زامانىمىزغىچە يېتىپ كەلگەن قولىيازما كىتابلار بەك تولا. قۇرئان، ھەدىس كىتابلىرى، كالام ئىلمى، ئەرەبچە ۋە پارسچە دىۋانلار بولۇپ، شەرقىي تۈركىستان كاتىپلىرىنىڭ قەلىمى بىلەن يېزىلغانلىرى ناھايىتى كۆپ. بۇئەسەرلەرنىڭ ھۆسنى ـ كىتابىتى(چىرايلىق يېزىلىشى) ۋە باش سەھىپىلىرىنىڭ كىمىس (ئالتۇن ھەل) ۋە رەڭگا ـ رەڭ نەقىشلىرىدىكى ئۇستىلىق، شۇ دەۋردە شەرقىي تۈركىستاننىڭ كاتىپلىق سەنئىتىدە دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدىن ھېچ ئارقىدا ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

## ئىجتىمائىي ئەھۋالى ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ روھىي ھالىتى

ئوتتۇرا ئەسىردە پۈتۈن ئىسلام دۇنياسىدا، تەسەۋۋۇپچىلىك (ئىشانلىق ـ سوپىلىق) كەسپىنىڭ راۋاج تاپقانلىقى ۋە تەسەۋۋۇپ شەيخلىرىنىڭ ئومۇمىي خەلق ئۈستىدىكى تەسىرى، تارىختىن خەۋىرى بار ھەرقانداق كىشىگە مەلۇم بولغان بىرمەسىلىدۇر. شەرقىي تۈركىستاندا، بۇ تەسىر تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز دەرىجىدە كۈچلۈك ئىدى. چۈنكى، ھۆكۈمدار خانلار باشلىق پۈتۈن دۆلەت كاتتىلىرى ۋە خەلق بۇ تەسەۋۋۇپ مۇرشىد(شەيخ) لىرىغا مۇرىت ئىدى. بۇ مۇرشىد لارنىڭ، خالىس ۋە خەلقىقە ئىسلامىيەتنىڭ ئاساسى پرىنسىپىنى ئۆگىتىدىغانلىرى بەك ئاز ئىدى. بۇلارنىڭ تولىسى، خەلق ئاممىسىنى ئۆزىگە رام قىلىش ئۈچۈن، دىنسىزلىك، مەسلەكسىزلىك، يالغان كارامەتچىلىك ۋە خانىقا ساختىپەزلىكىنى ئۆزىگە كەسىپ قىلىۋالغان دەججاللاردىن ئىبارەت ئىدى. بۇ يول بىلەن خەلقنى ئەۋھام پەرەستلىككە مۇپتىلا قىلىپ، ئۆز غەرەز لىرىگە ۋە دىنى مەقسەتلىرىگە يېتىش ئۈچۈن دەستەك قىلىۋالغان ئىدى. نەتىجىدە، خەلقنىڭ كۆپچىلىكىنى تەشكىل قىلغان ساۋاتسىز ۋە جاھىل كىشىلەر، بىرتەرەپتىن ئىسلام يولىنى ئۇنۇتۇپ ئىلهاد دىنسىزلىك يولىغا چۈشتى[93]. يەنى، دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ سائادىتىنى، بۇشەيخلەرنىڭ ئىختىيارىدا دەپ ئېتىقاد قىلىپ، خۇدا ۋە رەسۇلۇللاھنى ئۇنۇتۇپ، خۇدا ۋە رەسۇلىنىڭ ئەمرىنى تەرك ئېتىپ، شەيخلىرىنىڭ ئارزۇسى ئۈچۈن ھەرنەرسىنى پىدا قىلىشتەك دەرىجىدە ئېزىپ كەتتى. يەنە بىرتەرەپتىن، تۈركلۈك خاسىيەتلىرى بولغان ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە مىللىي پىداكارلىق روھنى يوقىتىپ، روھسىز ـ ئۆلۈك ئىنسانلار قاتارىغا كىرىپ قالدى. بۇ دەججال مۇرشىد( شەيخ) لەر بىر ـ بىرلىرى بىلەن مەنپەئەت تالىشىشتىن كېلىپ چىققان ئىتتىپاقسىزلىق، ھەسەتخورلۇق، ۋە

93 رام قىلىش ـ ئۆزىگە باغلاش. ئەۋھام ـ ئەندىشە، قورقۇ. الحاد ـ دىن يولىدىن ئېزىقتۇرۇش(ن. ش. ھ.)

ئۆچمەنلىكتىن ئىبارەت يامان ئىللەتلىرىنى، مۇرىتلىرى بولغان نادان خەلققە يۇقتۇرۇپ، مىللىي ۋە دىنىي بىرلىكنى يوقاتتى. بۇنىڭ بىلەن خەلق ئىچىدە ئىتتىپاقسىزلىق ۋە ئاداۋەت كەڭ كۆلەمدە تارقىلىشقا باشلىدى. بۇنىڭ ئاقىۋىتى، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئۆزىنى ئۇزۇن مۇددەت مۇستەملىكىچىلەرنىڭ قولىغا تۇتۇپ بېرىشتەك پاجىئەنى ھازىرلىماقتا ئىدى !

## شەرقىي تۈركىستانغا قالماق تاجاۋۇزى

مۇھەممەدئىمىن خان شېھىت بولغاندىن كېيىن، پۈتۈن شەرقىي تۈركىستان قالماقلارنىڭ تاجاۋۇزىغا ئۇچرىدى. غالدان قۇنتەيجى، پۈتۈن خەلقى مۇسۇلمان بولغان ئالتى شەھەرنى، قالماق ھاكىملىرى بىلەن باشقۇرۇشنىڭ قىيىن ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ، ئاپاق (ئاباق) خوجىنى ئالتى شەھەرگە ئومۇمىي ۋالىي قىلىپ تەيىنلەپ، قەشقەردە ئولتۇرغۇزۇپ قويدى. باشقا شەھەر لەرگىمۇ ئاپاق خوجىنىڭ تۇغقانلىرىنى ھاكىم قىلدى. ئاپاق خوجىنىڭ قېشىدا بىرقانچە قالماق مەنسەپدارلىرى ۋە مىڭدەك قالماق ئەسكىرى تۇراتتى. باشقا ھاكىملار يېنىدىمۇ بىرقانچە قالماق ئەمەلدارلار ۋە بىر ئاز ئەسكەر تۇرغۇزۇلغان. غالدان بۇ ئىشلىرىنى پۈتتۈرۈپ ئىلىغا قايتىپ كەتتى. مانا، بۇ شارائىتتا ئالتى شەھەر خەلقى قالماقلار ۋە خوجىلارنىڭ ئورتاق باشقۇرۇشىدا، تارىختا كۆرۈلمىگەن بىر زۇلۇم ۋە ئىستىبدات ئاستىدا ئېزىلىپ، پالاكەتلىك بىرتەقدىرگە گىرىپتاربولدى.

ئاپاق خوجا باشچىلىقىدىكى خوجىلار، نامدا ۋالىي ۋە ھاكىملار بولۇپ، ھوقۇق قالماقلارنىڭ قولىدا ئىدى. پۈتۈن ئىشلار قالماقلارنىڭ خاھىشى بويىچە ئىجرا قىلىناتتى. بۇ قارا يۈز خوجىلارنىڭ سەئىدىيە دۆلىتى زامانىسىدىكى ئىززەت ـ ئابرويى ۋە نوپۇزى قالمىدى. ئۇلار قالماقلار قولىدىكى بىرئىستىلا ۋاستىسى ئويۇنچاق بولۇپ قالدى. ئۇلار ئۆز ئورنىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، قالماقلارغا كۆچۈكلىنىشتىن باشقا ئىشنى بىلمەيتتى. بۇ ۋەزىيەت، ئاپاق خوجىنىڭ ئۆلۈمىگىچە يەنى، ھىجرى 1102 ـ يىلىغىچە داۋام قىلدى.

## قالماقلارنىڭ قىسقىچە تارىخى

شەرقىي تۈركىستاندا «قالماق» دەپ ئاتىلىدىغان تۈرك قەبىلىسى[94]، ئالتاي تاغلىرىدا ئولتۇرۇشلۇق «ئويىرات» دېگەن چوڭ بىر قەبىلىگە مەنسۇپ. بۇلارنى چىن مەنبەلىرىدە «ئەيلۇت» دەپ يازىدۇ. ياۋروپا تارىخچىلىرى بولسا «قالمۇق» دەپ ئاتايدۇ. شەرقىي تۈركىستاندا بۇلارنىڭ «قالماق» دەپ

94 بەزى مەنبەلەردە قالماقلارنى «جوڭغار» دېگەن نام بىلەن، غەيرى تۈرك دەپ، كۆرسىتىدۇ. ئە. بايتۇر، 1198- بەت (ن.ش.ھ.).

ئاتىلىشىنىڭ سەۋەبى مەلۇم ئەمەس. مانا مۇشۇنداق تۆت خىل ئىسمى بولغان بۇ قەبىلىنىڭ قەدىمكى تارىخى ھەققىدە مەلۇماتىمىز يوق. پەقەت، چىڭگىزخاننىڭ زامانىسىدىن باشلاپ، تارىخ سەھنىسىدە بۇلارنىڭ ئىسمى كۆرۈنۈشكە باشلىغان. دەسلەپتە، بۇلار چىڭگىزخانغا تەۋە بولۇپ، ئۇنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن، ئۆكتاي خاندانىغا، ئۇندىن كېيىن، قۇبىلاي خانغا ۋە ئاخىردا چىندىن ھەيدىلىپ چىقىپ، موغۇلىستاندا بىرقاغانلىق (خاقانلىق) بولۇپ ئوتتۇرىغا چىققان خاقانلىققا تەۋە بولدى. تەخمىنەن ھىجرى 860 - (مىلادى 1397-) يىلى قالماقلار موغۇل خاقانلىقىدىن ئايرىلىپ چىقىپ، ئەتراپىدىكى جايلارغا تاجاۋۇز قىلىپ، بۈگۈنكى «موغۇلىستان» دەپ ئاتالغان يەرلەرنى ئىشغال قىلدى. كېيىنچە، شەرقىي تۈركىستان چېگرالىرىغا، بەزىدە چىن چېگرالىرىغىمۇ تاجاۋۇز قىلغىلى باشلىدى. شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئىككى ئوگۇز(ھازىرقى ئالتاي) ۋە ئىمىل ( ھازىرقى چۆچەك) قاتارلىق جايلىرىنى ئىشغال قىلدى.

ھىجرى 854- (مىلادى 1450 -) يىلى قالماقلار، چىن ئىمپېراتورى بىلەن ئۇرۇشۇپ، ئۇنى ئەسىر ئالدى ۋە بېيجىڭنى مۇھاسىرىگە ئالدى. كېيىن، كۆپ باج تۆلەش شەرتى بىلەن ئىمپېراتورنى قويۇپ بېرىپ چىندىن قايتىپ چىقىپ كەتتى.

ھىجرى 860 - (مىلادى1455 -) يىلى قالماق خانى ئېسەن خان، موغۇلىستاننى پۈتۈنلەي ئىشغال قىلىپ ئۆزىنى «خاقان» ئېلان قىلدى. لېكىن، بىرىيلدىن كېيىن، موغۇللار ئۇنى ئېغىر ھالدا مەغلۇپ قىلىپ ئۆلتۈردى. شۇنىڭ بىلەن قالماقلارنىڭ قۇۋۋىتى قالمىدى، ئىشغال قىلغان پۈتۈن جايلىرى قولدىن كەتتى. پەقەت، ئۆز يەرلىرىلا قولىدا قالدى.

ھىجرى 885 - (مىلادى 1480 -) يىلىغا كەلگەندە، تۇرپان ئومۇمىي ۋالىيسى، كېپەك سۇلتان قالماقلارغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنى قاتتىق مەغلۇپ قىلدى ۋە ئىككى ئوگۇز ۋە ئىمىلدىن ھەيدەپ چىقىرىۋەتتى.

ھىجرى 888 - (مىلادى 1483-) يىلى قالماقلار مۇستەقىللىقنى تاشلاپ، موغۇلىستان خاقانى دايانخانغا ئىتائەت قىلىشقا مەجبۇر بولدى.

يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتۈلگىنىدەك قالماقلار، شەرقىي تۈركىستان چېگرالىرىغا پات - پات پاراكەندىچىلىك سېلىپ تۇراتتى. ھىجرى 900- (مىلادى 1494 -) يىللىرى، ئەھمەد ئالاچەخان قالماقلارنى ئۇزۇل - كېسىل مەغلۇپ قىلىپ، شەرقىي تۈركىستانغا خىراج بېرىپ، بويسۇنۇشقا مەجبۇر قىلغان. موغۇلىستان خاقانلىقى مۇنقەرىز بولۇپ، بۆلۈنمە خانلىقلار شەكلىدىكى ھۆكۈمرانلىققا ئايلىنىپ كەتكەندىن كېيىن، قالماقلارمۇ ئۇلاردىن ئايرىلىپ مۇستەقىل بىرخانلىق قۇرۇۋالدى. ھىجرى 1000- يىلىغا كەلگەندە، ئىنتايىن كۈچلىنىپ كەتتى.

ھىجرى 1069- (مىلادى 1658 -) يىلى غەربكە ئىلگىرىلەپ كەلگەن قازاقلار بىلەن ئۇرۇشۇپ،

ئۇلارنى مەغلۇپ قىلدى ۋە ئېرتىش بىلەن تۇبۇل دەريالىرى ئارىسىدىكى قازاق يۇرتلىرىنى تارتىۋالدى. لېكىن، ئۇزاق ئۆتمەي قازاقلار ئىلگىرىلەپ كېلىپ، قالماقلارنى بۇجايلاردىن ھەيدەپ چىقاردى.

ھىجرى 1070ـ (مىلادى 1659ـ) يىلىغا كەلگەندە، قالماقلار شەرقىي تۈركىستانغا ھۇجۇم قىلىشقا باشلىدى. يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئابدۇللا خاننى ئېغىر ھالدا مەغلۇپ قىلىپ، ئىلى، بەشبالىق ۋە تۇرپاننى ئىشغال قىلدى. بۇچاغدا تىبەت بۇددىستلىرىنىڭ تەبلىغچىلىرى (دىنىي تەشۋىق قىلىپ تارانقۇچىلار) قالماق ۋە موغۇللارنىڭ يۇرتلىرىغا كېلىپ، كەڭ كۆلەمدە دىنىي تەشۋىقلىرىنى ئېلىپ بارغان. نەتىجىدە، قالماقلار كونا دىنى بولغان شامان دىنىنى تاشلاپ بۇددا دىنىنى قوبۇل قىلغانىدى. قالماق خانلىق جەمەتىدىن «غالدان» ئىسىملىك ئۆسمۈر ياشتىكى بىرسى، لاساغا بېرىپ، ئۇ يەردىكى بىر ـ بىرلىرى بىلەن تىركىشىۋاتقان، «قىزىل كۇلاھلىق» ۋە «سېرىق كۇلاھلىق» دېگەن ئىككى تەرەپ لامالاردىن، سېرىق كۇلاھلىقلارنىڭ قېشىدا تەربىيە ئالدى. ئاخىرى سېرىق كۇلاھلىق لاما لارنىڭ مەزھىپىگە كىردى.

غالدان، لاسادىن ئوقۇشنى تۈگىتىپ يۇرتىغا كېلىپ، پۈتۈن قالماقلارنى «سېرىق كۇلاھلىق لاما» لار مەزھىپىگە كىرگۈزگەن. دېمەك، غالدان ئەسلىدە قالماق خاندانىغا مەنسۇپ بىرشاھزادە بولۇش بىلەن بىللە، قالماقلارنىڭ دىنىي ۋە مەزھەبىي پېشىۋاسىمۇ بولغانىدى.

غالدان ھىجرى 1087ـ (مىلادى 1675 ـ) يىلى خان بولدى ۋە ئۆزىگە قۇنتاجى (قۇنتەيجى) دېگەن ئۇنۋاننى ئالدى. دۆلىتىنى كۈچلەندۈردى ۋە تېررىتورىيەسىنى كېڭەيتىپ، ئىككى ئۆگۈز، ئىمىل، ئىلى ۋە ئالتايغىچە بولغان پۈتۈن جايلارنى ئىشغال قىلدى. غولجىدا ئالمالىقنا يېقىن جايدا بىر شەھەر ياساپ ئۇنىڭغا «كۈرە» يەنى، ئىبادەتخانە دەپ، نام بېرىپ، پايتەخت قىلدى. ئۇندىن كېيىن، غالدان، تىبەتنى ئۆز تەسىر دائىرىسى ئىچىگە كىرگۈزدى ۋە سېرىق كۇلاھلىق لامالارنىڭ باشلىقىنى ئۆز ھامىيلىقىغا ئېلىپ ئۇنىڭغا « دالاي لاما» دېگەن ئۇنۋاننى بەردى. ھازىرغىچە تىبەت دالاي لامانىڭ ھاكىمىيىتى ئاستىدا تۇرماقتا.

يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك، غالدان قۇنتەيجى ھىجرى 1090ـ (مىلادى 1679 ـ) يىلى ئالتە شەھەرگە ھۇجۇم قىلىپ، ئاپاق خوجا ۋە ئۇنىڭ مۇرىتلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن ئالتە شەھەرنى ئىشغال قىلغان ۋە ئاپاق خوجىنى ئالتە شەھەرگە ئومۇمىي ۋالىي قىلىپ تەيىنلىگەنىدى. غالدان ھىجرى 1100 ـ (مىلادى 1688ـ) يىلىغا كەلگەندە پۈتۈن موغۇلىستاننى بېسىۋالدى.( 19 ـ خەرىتىگە قاراڭ) ئۇندىن كېيىن، غالدان چىن ئىمپېراتورى كاڭشى بىلەن ئۇرۇشتى، نەتىجىدە، غالدان ئېغىرھالدا مەغلۇپ بولۇپ ھىجرى 1109 ـ (مىلادى 1687ـ) يىلى پۈتۈن موغۇلىستان، قۇمۇل ۋە بارىكۆلگىچە بولغان جايلارنى چىنلىقلار بېسىۋالدى . شۇيىلى غالدان ئۆلدى ۋە ئورنىغا نەۋرىسى «رابدان» خان بولدى[95]. رابدان خان

95 بەزى مەنبەلەردە «رابدان» نى «ئاراپتان» دەپ ئالىدۇ. ئە. بايتۇر، 1228ـ بەت ( ن. ش. ھ .).

چىن ئىمپېراتورلۇقىغا سېلىق تۆلەش شەرتى بىلەن تەۋە بولۇپ، تۇرپان، ئىلى، ئىمىل ۋە ئالتاي قاتارلىق جايلاردىكى ھاكىمىيىتىنى ساقلاپ قالدى. ئالتى شەھەرمۇ قالماقلارنىڭ قول ئاستىدىن چىقىپ، كانجۇتلارنىڭ ھامىيلىقىغا كىرىۋالغان «قاراتاغلىق» خوجىلارنىڭ ھاكىمىيىتى ئاستىغا كىردى. بۇلارنى تۆۋەندىكى بۆلۈملەردە تەپسىلىي بايان قىلىمىز. ھىجرى 1120- (مىلادى 1708 -) يىلى رابدان قۇنتەيجى، قۇدرەت تېپىپ چىنگە ھۇجۇم قىلدى ۋە چىن تارتىۋالغان جايلىرىنىڭ ھەممىسىنى قايتۇرۇۋالدى. ئۇنىڭدىن كېيىن، ھىجرى 1130- (مىلادى 1718-) يىلى تىبەتكە يۈرۈش قىلىپ، ئۇيەردىكى چىن ئەسكەرلىرىنى مەغلۇپ قىلىپ، تىبەتنى قولىغا ئالدى. چىنلىقلارنىڭ ياردىمى بىلەن تىبەت ئىبادەتخانىسىنىڭ لامالىق ئورنىنى قولىغا ئېلىۋالغان، قىزىل كۆلاھلىق لاما (تاشى لاما) نى ئەسىرگە ئېلىپ، دالاي لامانى ئىككىنچى قېتىم تىبەت ئىبادەتخانىسىغا لاما قىلىپ ئولتۇرغۇزۇپ قويدى. لېكىن، چىندىن زور بىرئەسكىرىي قوشۇن كېلىپ رابداننى مەغلۇپ قىلىپ، تىبەتنى تارتىۋالدى. رابدان دۆلىتىنى ۋە ئەسكەرلىرىنى چىنلىقلاردىن قوغداش ئۈچۈن، ئۇرۇشۇپ ئۆلدى. رابداندىن كېيىن، ئوغلى تەختكە چىقتى. ئۇ چىنغا قارشى ئۇرۇش ئېلان قىلىپ، ئىمپېراتور يوڭچېڭنى مەغلۇپ قىلدى ۋە ئۇنى باج تۆلەشكە مەجبۇر قىلدى.

رابداننىڭ ئوغلى ئۆلگەندىن كېيىن، خانلىق جەمەتى ئارىسىدا تەخت تالىشىش جېدەللىرى باشلاندى. شاھزادىلاردىن داۋانىسى بەگ بىلەن ئامۇرسانا بەگلەر بىر- بىرلىرى بىلەن ئۇرۇشۇپ ئاخىرى داۋانىسى بەگ غالىپ كېلىپ، تەختكە چىقتى. ئامۇرسانا قېچىپ چىن ئىمپېراتورى چىيەنلۇڭدىن ياردەم تىلىدى. چىيەنلۇڭنىڭ نۇرغۇن ئەسكەرىي ياردىمى بىلەن ئامۇرسانا داۋانىسنى يوقىتىپ، ئۆزى خانلىق تەختىگە چىقتى.

چىننىڭ ياردەمگە كەلگەن ئەسكەرلىرى ياردەم ئىشى تۈگىگەن بولسىمۇ، ئۇلار قايتىپ كەتمەستىن يۇرتنى بېسىۋېلىش ھەرىكەتلىرىنى باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئامۇرسانا بەگ چىن ئەسكەرلىرىنى مەملىكىتىدىن چىقىرىش ئۈچۈن ھىجرى 1171- ( مىلادى 1757) - يىلى چىنگە قارشى ئۇرۇش ئېلان قىلدى. چىنلىقلارنى ئۆزۈل - كېسىل مەغلۇپ قىلدى، پۈتۈن چىن ئەسكەرلىرى ئۆلتۈرۈلدى. يالغۇزجاۋخۇ(جاۋخۇي) ئىسىملىك قوماندانى قېچىپ قۇتۇلدى ۋە ئىمپېراتورغا بولغان ۋەقەنى ئاڭلاتتى. ئىمپېراتور، جاۋخۇينى نۇرغۇن ئەسكەربىلەن يەنە ئىلىغا يوللىدى ۋە ئۇنىڭغا، قالماق يۇرتى(ئىلى، ئىمىل ئالتاي ۋە غەربىي موغۇلىستان) دىكى پۈتۈن خەلقنى يوق قىلىشنى بۇيرۇدى. ئامۇرسانابەگ مەغلۇپ بولۇپ، سىبىرىيەگە قاچتى.

جاۋخۇي بۇيەرلەردە قىرغىنچىلىق ئېلىپ بېرىپ، بىگۇناخەلقنى ئۆلتۈردى، ساق قالغانلارنى ئەسىرگە ئېلىپ، چىنگە سۈرگۈن قىلدى. پۈتۈن شەھەر لەرنى ۋەيران قىلدى. نەتىجىدە، بۇجايلار تامامەن ئىنسانسىز بىرچۆل ھالىغا كېلىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن، ھىجرى 1172- (مىلادى 1758-) يىلى قالماق

دۆلىتى يىقىلدى. شۇ تارىختىن تارتىپ قالماقلار چىن ھاكىمىيىتى ئاستىدا ياشىماقتا. غالدان قۇنتەيجىنىڭ زامانىسىدىن باشلاپ، قالماقلار شەرقىي تۈركىستاننىڭ تاغلىق رايونلىرىغا ئىچكىرىلەپ ھالداكۆچۈپ كېلىشكە باشلىغانىدى. بۇلار ئەتراپىقا يېيىلىپ قارا شەھەر، بەشبالىق، تۇرپان، قۇمۇل، بارىكۆل ۋە ئىلى تاغلىرىدىكى خەلقنىڭ يايلاقلىرىنى تارتىۋېلىپ يەرلەشتى. ھازىرمۇ بۇ جايلاردىكى خەلقلەرنىڭ كۆپچىلىكى قالماقلاردىن ئىبارەت.

## ئاپاق خوجىنىڭ ئەۋلاتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشلەر

ئاپاق خوجا ئۆلگەندىن كېيىن، غالدان قۇنتەيجى ئۇنىڭ ئوغۇللىرىدىن بىرىنى ئومۇمىي ۋالىيلىققا تەيىنلىدى. قالماقلارنىڭ باشقۇرۇشى بۇرۇنقىغا ئوخشاش داۋام قىلدى. يەنى، خوجىلار ئۆز كەسپلىرى بولغان دۇئاگويلۇق ۋە يالغان كارامەت سېتىش بىلەن خەلقنى زۇلمەت قاراڭغۇلۇقىغا باشلىماقتا ئىدى. يۇرتنى ئىدارە قىلىش ئىشى تامامەن مەدەنىيەتسىز قالماق ئەمەلدارلىرى ۋە ئەسكىرىي ئىدارىنىڭ قولىدا بولۇپ، ئالتى شەھەرخەلقى ئېغىر زىيانكەشلىك ۋە زۇلۇم ئاستىدا ئېزىلدى. بۇ چىدىغۇسىز زۇلۇملارغا قارشى خەلق پات ـ پات ئىسيان چىقىرىپ تۇرسىمۇ خوجىلارنىڭ خائىنلىقى ۋە قالماقلارنىڭ مۇستەبىت كۈچى ئالدىدا بۇ ئىسيانلار مۇۋەپپەقىيەتسىزلىككە ئۇچرىغان. نەتىجىدە، بۇ ئىسيانلارنىڭ يولباشچىلىرى بولغان ئۆلىمالار ۋە يۇرت چوڭلىرى ۋەھشىلەرچە ئۆلتۈرۈلگەن. بۇئوتتۇرىدا ئىسمائىل خاننىڭ ئوغلى ئارسلانخان ھىندىستانغا قېچىپ بېرىپ ھىندىستان پادىشاھى ئەۋرەڭزىپ، ئالەمگىردىن خوجىلارغا قارشى ياردەم تەلەپ قىلغان. لېكىن، ئەۋرەڭزىپ بۇ تەلەپنى قوبۇل قىلمىدى.

غالداننىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن، قالماق دۆلىتى ئاجىزلاشتى. بۇنى كۆرگەن خوجىلاردىن بەزىلىرى قالماقلاردىن يۈز ئۆرۈپ ئۆزلىرىنى «خان» دەپ ئېلان قىلدى، يەنە بەزىلىرى قالماقلار بىلەن بىرلىشىپ، ئۇ«خان» نى ئۆلتۈرۈشكە تىرىشتى. مۇشۇنداق خوجىلاردىن بىرسى قېچىپ، پامىرتاغلىرىدا ئولتۇرۇشلۇق ئەسلى تىبەتلىك بولغان كانجۇت قەبىلىسىدىن ياردەم تەلەپ قىلدى ۋە ئۇلارنىڭ ياردىمى بىلەن قەشقەرنى ئالدى.

شۇنىڭ بىلەن كانجۇتتىن ياردەم ئالغان خوجىلار ۋە ئۇلارنىڭ تەرەپتارلىرى قارا تاغلىقلار بىلەن ئۇلارغا قارشى، قالماقلار تەرىپىدە قالغان خوجىلار ۋە ئۇنىڭ تەرەپتارلىرى ئاق تاغلىقلار دېگەن ئىككى گۇرۇھ خوجىلار مەيدانغا كەلدى. بۇ ئىككى گۇرۇھ خوجىلارنىڭ بىر- بىرلىرىگە قارشى ئېلىپ بارىدىغان تەشۋىقاتلىرى شۇنچىلىك كۈچلۈك ئىدىكى، بۇلارنىڭ جاھىل مۇرىتلىرى ئۇچۇن ئەڭ ساۋاپلىق ۋە ئۇلۇغ ۋەزىپە، قارشى تەرەپتىكى خوجىنىڭ بىرمۇرىتىنى ئۆلتۈرۈشتىن ئىبارەت ئىدى. قارا تاغلىق بىر مۇرىت ئۆزىنىڭ توغقىنى بولغان بىرئاق تاغلىقنى ئالللاھ ئۇچۇن جىھاد قىلدىم دەپ،

ئۆلتۈرۈۋېتىشتە قىلچىمۇ ئىككىلەنمەيتتى. ئاق تاغلىقلاردىمۇ ئەھۋال شۇنداق ئىدى. شۇنىڭ بىلەن، ئالتە شەھەردە ئاق تاغلىقلار غالىپ كەلسە، خەلق قالماقلارنىڭ دەھشەتلىك زۇلمىغا دۇچار بولاتتى. قاراتاغلىقلار غالىپ كەلسە، ئۇچاغدا خەلق كانجۇتلارنىڭ بولاڭ - تالىڭىغا قېلىپ، ۋەيرانچىلىققا ئۇچرايتتى. بەزى مۇستەقىل خوجىلارمۇ ئاق ياكى قارا تاغلىقلارنىڭ بىرىنىڭ ئىشغالىيىتى ئاستىدا قالاتتى. بۇلار يەنە ئۆز ئارىسىدىمۇ داۋاملىق ئۇرۇشۇپ قان تۆكۈپ تۇراتتى. ھەتتا، خوتەندە، ياقۇپ خان دېگەن قاراتاغلىق خوجا بىلەن يۇنۇس خوجا دېگەن ئاق تاغلىق خوجا بىرلا ۋاقىتتا ھۆكۈمدارلىق قىلغانىكەن. بۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسىدىكى ئۇرۇشلاردا خوتەن خەلقىنىڭ بىرقانچە قېتىم قىرغىن قىلىنغانلىقى مەشھۇر دۇر.

ھىجرى 1114 - (مىلادى 1702 -) يىللىرىدىن باشلاپ، قارا تاغلىقلار كۈچلىنىپ، ئالتە شەھەرنىڭ ھەممىسىنى ئىشغال قىلدى. قىلىچتىن ئېشىپ قالغان ئاق تاغلىقلار دانىيال خوجىنىڭ باشچىلىقىدا ئىلىغا قېچىپ بېرىپ رابدان قۇنتەيجىنىڭ قېشىدا پاناھ تاپتى. قاراتاغلىقلار كانجۇتلارنىڭ ھىمايىسى ئاستىدا ھۆكۈمرانلىقلىرىنى داۋام قىلدى. بۇ ئارىدا، كانجۇتلار سېرىق قول ۋە راكسات تاغ ئېغىزلىرىدىن ھەدەپ يەركەن ۋە قاغىلىق ۋە ھەتتا سانجۇغىچە بولغان تاغ - يايلاقلارنى خەلقتىن تارتىۋېلىپ يەرلەشكىلى باشلىدى. بۇ يەرلەردە كانجۇتلارنىڭ شۇچاغلاردا ياسىغان قەلئەلىرىنىڭ خارابىلىرى ھازىرمۇ كۆپ ئۇچرايدۇ. كانجۇتلار بۇ قەلئەلەرنى بازا قىلىپ، پات - پات يەركەن، قاغىلىق، گۇما ۋە خوتەنگە بېسىپ كىرىپ، خەلقنى بولاپ - تالاپ چىقىپ كېتەتتى.

رابدان قۇنتەيچى كۈچلىنىپ، دانىيال خوجىنىڭ ئوغلى بۇرھان خوجىنى نۇرغۇن قالماق ئەسكەرلىرى بىلەن يوللاپ، كۇچانى ئىشغال قىلدى. شۇنىڭ بىلەن تەخمىنەن ھىجرى 1135- (مىلادى 1722-) يىلى بىرئاق تاغلىقلار ھۆكۈمىتى قۇرۇلدى. قەشقەر، يەركەن ۋە خوتەن قاراتاغلىقلارنىڭ قولىدا ئىدى، بۇ ئىككى گۇرۇھ ئوتتۇرىسىدا داۋاملىق ئۇرۇش بولۇپ تۇراتتى. ئاخىرى، ھىجرى 1164 - (مىلادى 1750 -) يىلىغا كەلگەندە ئاق تاغلىقلار غالىپ بولۇپ، قاراتاغلىقلارنى يوقىتىپ، پۈتۈن ئالتە شەھەرنى ئىگەللىدى. لېكىن، رابداننىڭ ئوغلى كېلىپ،كوچانى قالماقلارغا ساداقەتلىك بىلەن خىزمەت قىلغان كوچالىق خوجىسى بەگكە بېرىپ، بۇرھان خوجىنى خوتەنگە ۋە ئىنىسىنى قەشقەرگە ۋالىي قىلىپ قويدى. بۇرھان خوجا ھېچ ئىسلام تەربىيىسى كۆرمىگەن، پەقەت قالماق تەربىيىسىدە چوڭ بولغان بىلىمسىز بىر ئادەم ئىدى. چىن ئىمپېراتورىنى دوراپ، خەلقنى ئۆزىگە سەجدە قىلىشقا زورلىغىلى باشلىدى. بۇنىڭغا قارشى چىققان خەلق ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. بۇرھان خوجىنىڭ بۇنىڭدىن باشقا ئىنسانىنىڭ ئەقلىگە سىغمايدىغان بۇيرۇقلىرى بار بولۇپ خوتەن خەلقى بۇرھان خوجىغا «ساراڭ خوجا» دەپ نام بەرگەنىدى.

## ئاپاق خوجا ئەۋلادلىرى دەۋرىدە
## شەرقىي تۈركىستان

ئاپاق خوجىنىڭ ئەۋلادلىرى دەۋرىدە شەرقىي تۈركىستان (ئالتى شەھەر) خەلقىنىڭ بېشىغا كەلگەن پالاكەتلىك كۈنلەرنىڭ تەپسىلاتىنى يېزىپ چىقىش ئۈچۈن، ئالاھىدە بىر كىتاپ يېزىش كېرەك. بۇ قىسقە كىتابىمدا، پەقەت بۇ ۋەقەلىكنىڭ خۇلاسىسىنى يازىمەن.

ئاپاق خوجىنىڭ زامانىسىدا، ئالتى شەھەرنىڭ باشقۇرۇش ئىشلىرى تامامەن قالماقلارنىڭ قولىدا ئىدى. ئاپاق خوجا ۋە ئۇنىڭ تەرىپىدىن شەھەرلەرگە تەيىن قىلىنغان ھاكىملارنىڭ ھېچبىر ھوقۇقى يوقتى. قالماقلار، ئۇرۇشقاق ۋە كۆچمەن بىرقوۋم بولۇپ، مەدەنىيەت سەۋىيەسى نۆلگە تەڭ ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، شۇ زامانىنىڭ ئۈستۈن مەدەنىيىتىگە ئىگە بولغان ۋە تىنچ شارائىتقا كۆنۈپ ئۇرۇشقاقلىقنى ئونۇتقان ۋە ئىچكى ئىتتىپاقلىقى بوزۇلغان شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى ئىدارە قىلىش ئۈچۈن، ھۆكۈمدارلار قاتتىق زۇلۇم ۋە ئېزىش تەدبىرلىرىنى قوللانغانىدى.

ئۇنىڭ ئۈستىگە، قالماقلار بۇددا دىنىنىڭ ئەڭ مۇتەئەسسىپ بىرمەزھىپىگە مەنسۇپ بولۇپ، مۇسۇلمانلارغا ناھايىتى كۈچلۈك دۈشمەنلىكى بار ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، قالماقلار شەرقىي تۈركىستان مۇسۇلمانلىرىغا قولىدىن كېلىدىغان ھەرقانداق زۇلۇمنى ئاياپ قويمىدى. مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىي ۋە ئىلمىي تەشكىلاتلىرىنى يوقىتىش، ۋەيران قىلىش، ئۇلارنىڭ بىر دىنىي ۋەزىپىسى ئىدى. خالىغان كىشىنى ئۆلتۈرۈش، خالىغان كىشىنىڭ ئىپپەت ـ نامۇسىغا تاجاۋۇزقىلىش ۋە خالىغان كىشىنىڭ مال مۈلكىنى تارتىۋېلىش قالماقلارنىڭ تەبئىي ئادەتلىرى ئىدى.

ئاپاق خوجىنىڭ بۇ زۇلۇملار بىلەن ھېچ كارى بولمىدى. ئۇنىڭ پۈتۈن قىلىدىغان ئىشى، خەلقنىڭ قالماقلارنىڭ بولاڭ ـ تالىڭىدىن ئېشىپ قالغان مال ـ مۈلكىنى يالغان كارامەت ۋە كۆز بويامىا تەسەۋۋۇپ ھىيلىلىرى بىلەن «دۇئا قىلىپ» ئېلىۋېلىشتىن ئىبارەت ئىدى. يەنە بىرتەرەپتىن، خەلقنى مەنىسىز. مەنتىقسىز قۇرقۇنچ ۋە شۈبھىچىلىك ۋەزلىرى بىلەن ئۆزىگە قەتئىي بويسۇندۇرۇشقا تىرىشسا، يەنە بىرتەرەپتىن ئۆزىنىڭ تەختى ـ بەختىنى قوغداپ قېلىش ئۈچۈن قالماقلارغا يالۋۇرۇپ كۆچۈكلىنەتتى. قىسقىسى، بۇ ئادەم، مىليونلارچە مۇسۇلماننىڭ مۇقەددىراتىنى (تەقدىرىنى) ئۆز شەخسى مەنپەئىتىگە قۇربان قىلىدىغان چوڭ بىرخائىن ئىدى. ئاپاق خوجىدىن كېيىن، ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى دەۋرىدە ھۆكۈمەت بېشىغا چىققان خوجىلارمۇ ئاپاق خوجىنىڭ يۇقىرىدا سۆزلەنگەن مەسلىكىنى داۋام قىلدۇرۇشتىن باشقا، بىر ـ بىرلىرىگە ئەشەددى دۈشمەن ئىككى گۇرۇھقا ئايرىلىپ، خەلقنى ئۆزمەنپەئەتلىرى يولىدا بىر. بىرىگە دۈشمەن ئىككى تەبىقىگە ئايرىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن بۇ تارىخىي بىرمىللەت ئىككىگە بۆلۈنۈپ، ئۇرۇشۇشقا باشلىغان. دۇنيادا بۇنىڭدىنمۇ چوڭ بىر خىيانەت

بولمىساكېرەك.

بۇنىڭدىن تاشقىرى، بۇ ئىككى گۇرۇھ خوجىلىرىغا تاشقىرىدىن ياردەم قىلىدىغان قالماق ۋە كانجۇتلار مەدەنىيەتسىز ۋە پۈتۈن مۇسۇلمانلارغا چىش - تىرنىقىغىچە دۈشمەن ۋە مۇسۇلمانلارنى ئۆلتۈرۈش، مېلىنى بۇلاپ - تالاشقا ناھايىتى ھېرىسمەن بىر قوۋم ئىدى. خوجىلار، بۇ ياردەمچىلىرىنى پەقەت ئۆزىنىڭ شەخسى مەنپەئەتلىرىنى دەپ، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ بويىنىغا مىنگۈزدى.

ئاپاق خوجا ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى، ئۆلىما ۋە مۇنەۋۋەر ۋەتەنپەرۋەرلەرنى ئۆزىنىڭ ئەشەددى دۈشمىنى دەپ ھېساپلىغان. ئۆزلىرى بىۋاستە ياكى ياردەمچىلىرى قالماق ياكى كانجۇتلار ۋاستىسى بىلەن ئۇلارنى يوقاتقان. چۈنكى، خوجىلارنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ئارقا تېرىگى بولغان قالماق ۋە كانجۇت باسقۇنچىلىرىغا قارشى خەلقنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ ئىسيان چىقىرىش، ساۋاتسىز ۋە نادانلىقتا قالغان خەلقىگە ھەقىقەتنى ئاڭلىتىش، ياخشى يامانني بىلدۈرۈپ خوجىلارنىڭ مىللەتكە خائىن ۋە دەججال ئۇنسۇرلەر ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈشكە تېرىشىش ئۆلىما ۋە مۇنەۋۋەر سىنىپنىڭ قولىدىن كېلىدىغان ئىش ئىدى.

شۇنىڭ ئۈچۈن، خوجىلارنىڭ تەسىرىنى يوقىتىدىغان ئەڭ چوڭ دۈشمەنلىرى، ئۇلار ئىدى. مانا، بۇخوجىلارنىڭ خىيانىتى ۋە ئۇلارنىڭ ئارقا تېرەكلىرىنىڭ ۋەھشىلىكى ۋە زۇلمى سەۋەبىدىن سەئىدىيە دۆلىتى دەۋرىدىكى مىسلىسىز ئاۋاتچىلىق، تىنىچ - باياشاتلىق ۋە يۈكسەك مەدەنىيەت بىلەن مائارىپ، ئۇتقا چۈشكەن پاختىدەك يوق بولۇپ كەتتى ! مىللەت ناھايىتى ئېغىر يوقسۇزلوقىغا، ۋەتەن دەھشەتلىك پالاكەتكە مۇپتىلا بولدى. جاھالەت ۋە بىلىمسىزلىك شۇدەرىجىگە يەتتىكى، خوجىلار دەۋرىدە، «مۇبەييەن » دېگەن كىتاپتىن دەرس بەرگەن كىشى ئەڭ چوڭ ئالىم ھېساپلىناتتى .

ئاپاق خوجا ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ھۆكۈم سۈرگەن دەھشەتلىك 82 يىل، يىقىپ - كۆيدۈرۈپ، ۋەيران قىلىشتەك زۇلۇم ۋە ئىزىش بىلەن داۋام قىلدى. بۇ دەۋر ئىچىدە، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ بېشىغا كەلگەن پالاكەتلەر، تارىختا باشقا بىرمىسالى بولمىغان بەختسىزلىك ئىدى. بۇ پالاكەتلەرنى يوقىتىپ، مىللەتنى بۇ بالادىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن، خەلق خوجىلارغا ۋە ئۇلارنىڭ خوجايىنلىرىغا قارشى ھەردائىم ئىسيان كۆتۈرۈپ چىقاتتى. لېكىن، خەلق ئىچىدە كۆپچىلىكنى تەشكىل قىلىدىغان جاھىل مۇرىتلەر، خوجىلىرىنىڭ تەسىرى بىلەن، بۇ خىل ھەرىكەتلەرگە قارشى چىقاتتى. قالماقلار ۋە كانجۇتلارمۇ بۇخىل ھەرىكەتلەرنى دەرھال ۋە ناھايىتى قاتتىق تەدبىر لەر بىلەن ئومۇمىي قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈپ بېسىقتۇراتتى. نەتىجىدە، ۋەتەنپەرۋەرلەر ئېغىر زىيانغا ئۇچرىغان.

ئۈچىنچى باب

# چىنىنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا تاجاۋۇز قىلىشى ۋە مىللىي ئىنقىلاب دەۋرى

## بىرىنچى بۆلۈم

## بىرىنچى قېتىملىق چىن تاجاۋۇزى

ھىجرى 134ـ (مىلادى 752ـ) يىلى چىن ئىشغالىيىتىدىن قۇتۇلۇپ، بىرمىڭ ئوتتۇز سەككىز يىل چىن تاجاۋۇزىدىن خاتىرجەم ياشىغان شەرقىي تۈركىستان خەلقى، ھىجرى 1172ـ (مىلادى 1758 ـ) يىلىدىن باشلاپ، يەنەچىن تاجاۋۇزىغا ئۇچرىغىلى باشلىدى. تۆۋەندە، چىنلىقلارنىڭ قىلغان تاجاۋۇزىنى ۋە 174 يىل ئىچىدە، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ چىن تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى ئېلىپ بارغان تۆت قېتىملىق ئومۇمىي ئىنقىلابىنى بايان قىلىمەن.

يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ، كانجۇت، قالماق ۋە خوجىلارنىڭ زۇلمىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان مىللىي قوغدىنىشلىرى ۋە قوزغۇلاڭلىرى نەتىجىسىز قالغان بولۇپ، خەلق بۇ بالايى ـ ئاپەتتىن قۇتۇلۇشنىڭ يولىنى ئىزدىمەكتە ئىدى. بۇ زۇلۇم ۋە بالايى ـ ئاپەتتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، باشقا بىر دۆلەتنىڭ ياردىمىنى ئالماقتىن باشقا چارە يوق دەپ قارايدىغانلارمۇ ئاز ئەمەستى. بۇرھان خوجىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدە، قالماقلار ۋە خوجىلار يۇرتنىڭ بايلىرىنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ مال ـ مۈلكىنى بۇلىغىلى باشلىدى. يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك، بۇ ۋاقىتتا چىن ئىمپېراتورى چيەنلۇڭ، قالماقلارنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلاشقىلى باشلىغانىدى. ھەر يۇرتتىن بىر ئىككى يۇرت كاتتىلىرى ۋە بايلىرى، بۇرھان خوجىنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلۇپ، چىن چېگرىسىغا قېچىپ باردى. بۇلاردىن ئونغا يېقىن كىشى بىرلىشىپ، چىننىڭ چېگرا ئەمەلدارلىرىغا، قالماقلار ۋە خوجىلارغا قارشى ياردەم تەلەپ قىلىپ، چىنگە بارىدىغانلىقلىرىنى بىلدۈردى. شۇنداق قىلىپ بۇ كىشلەر، بېيجىڭغا يېتىپ بارغان ۋە ئۇلارنى ئىمپېراتور چيەنلۇڭ قوبۇل قىلغان. ئىمپېراتور، قالماقلار، خوجىلار ۋە شەرقىي تۈركىستان خەلقى توغرىسىدا بۇ كىشلەردىن مەلۇمات ئېلىپ، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى قالماقلار ۋە خوجىلارنىڭ زۇلمىدىن قۇتقۇزىدىغانلىقىغا ۋەدە قىلغان. ئۇلارنى ياخشى كۈتۈپ، ئىنئاملار بېرىپ مېھمان قىلغان. بۇ كىشلەر 3 ـ 4 يىل بېيجىڭدە تۇرۇپ قالغان.

ھىجرى 1171ـ (مىلادى 1757ـ) يىلى ئىمپېراتور چيەنلۇڭ، قالماق خانى ئامۇر سانا بەگكە قارشى قوماندانى جاۋخۇيىنى يوللىغاندا، شەرقىي تۈركىستانلىق ھېلىقى كىشلەرنىمۇ جاۋخۇيغا قوشۇپ يوللىغان. جاۋخۇي ئىلىنى بېسىۋېلىپ، قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈۋاتقاندا، بۇ كىشلەر ئالتى شەھەر ۋە تۇرپانغا مەخپىي ھالدا ئادەم ئەۋەتىپ، چىن ھۆكۈمىتىنىڭ «ئادالەتلىك ـ ئىنساپى» نى ھەدەپ ماختاپ كۆككە كۆتۈرۈپ «چىن ئەسكەرلىرى شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە خالىسانە ياردەم قىلىش ئۈچۈن كەلدى دەپ، تەشۋىق تارقاتتى. بۇ تەشۋىق خەلق ئىچىدە زور تەسىر قوزغىدى. نەتىجىدە، بۇرۇن خوجىلارغا ۋە قالماقلارغا چوڭ خىزمەت كۆرسىتىپ، كوچانىڭ ھاكىملىقىنى قولغا كەلتۈرگەن

«خوجىسى بەگ» بىر كىچىدىلا تۇيۇقسىز باسقۇن قىلىپ،كوچادىكى خوجىلارنى ۋە قالماقلارنى تۈتۈپ، جاۋخۇيىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى. شۇنداق قىلىپ، كوچا ۋە تۇرپان خەلقلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن، چىن ئەسكەرلىرى بۇ جايلارنى ئۇرۇشماستىن قولغا چۈشۈردى.

ھىجرى 1172ـ (مىلادى 1758) ـ يىلى جاۋخۇي، قەشقەرگە يېقىنلاپ كېلىپ، قەشقەر ۋە يەركەندىكى خوجىلارنى ۋە ئۇلارنىڭ «ئاق تاغلىق» مۇرىتلىرىنى ئېغىر ھالدا مەغلۇپ قىلدى. بۇلارنىڭ تولىسى ئۆلتۈرۈلدى. ئاز بىرقىسىم خوجىلار ۋە ئاق تاغلىقلار پەرغانىغا قاچتى. بۇرھان خوجا باشلىق توققۇز خوجا سىرىق قول يولى بىلەن بەدەخشانغا قاچتى. شۇنىڭ بىلەن، جاۋخۇي يەركەن ۋە خوتەننىمۇ ئۇرۇشمايلا ئالدى.

جاۋخۇي، كۇچالىق خوجىسى بەگ ۋە چىنگە بارغان كىشىلەردىن خوتەنلىك خوش كىپەك بەگ باشلىق بىرقانچە يۇرت كاتتىلىرىنى بەدەخشان ھۆكۈمدارىنىڭ ئالدىغا ئەۋەتىپ، قېچىپ بېرىۋالغان خوجىلارنى قايتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى ۋە بەدەخشان چېگرىسىغا (سىرىق قولغا) نۇرغۇن ئەسكەر يۆتكىدى. بۇنى ئاڭلىغان بەدەخشان ھۆكۈمدارى، خوجىلارنى خوجىسى بەگ ۋە خوش كىپەك بەگكە تاپشۇرۇپ بەردى. ئۇلارخوجىلارنى ئۆلتۈرۈپ، باشلىرىنى كېسىپ، جاۋخۇيغا تەقدىم قىلدى. جاۋخۇي بۇ ئىشلارنى تۈگىتىپ، ئىلىغا قايتىپ، ئۇ يەرنى مەركەز قىلدى. ئىمپېراتور ئۇنى شەرقىي تۈركىستانغا ئومۇمىي ۋالىي قىلىپ تەيىنلىدى. بۇ قېتىمقى تاجاۋۇزدا ئىلنى پايتەخت قىلغان چىنلىقلار ئىلىنى، «ئىلى ۋادىسى» ياكى «ئىلى دەرياسى» دېگەن مەنىدە «ئىلى خو» دەپ ئاتىدى.

1 . پەسىل

## چىننىڭ تاجاۋۇز قىلىپ بېسىۋېلىشىدىن باشلاپ، ھىجرى 1232ـ (مىلادى 1816) ـ يىلىغىچە بولغان دەۋىر ئىچىدە، شەرقىي تۈركىستان خەلقىگەقىلىنغان زۇلۇملار

شەرقىي تۈركىستاننىڭ چىن ئاسارىتىگە گىرىپتار بولۇشى خۇددى، « ئۇرغۇچىدىن قېچىپ، ئۆلتۈرگۈچىگە يولۇقۇپتۇ» دېگەن خەلق ماقالىغا ئوخشاش، بالادىن قۇتۇلۇپ، داۋاسىز ئىللەتكە گىرىپتار بولغاندەك بىر ھادىسە بولغانىدى.

يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك، چىنلىقلار شەرقىي تۈركىستاننى ئىشغال قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئىمپېراتور چيەنلۇڭ، جاۋخۇينى شەرقىي تۈركىستانغا تولۇق ۋە چەكسىز ھوقۇقلۇق ئومۇمىي

ۋالىي قىلىپ، ئۇنىڭغا «جاڭجۇڭ» دېگەن ئۇنۋاننى بەردى.جاۋخۇي شەرقىي تۈركىستاننى 36 قىسىمغا بۆلۈپ، ھەر بىر قىسىمغا بىر ئامبان[96] (ھاكىم) تەيىن قىلدى. شۇنىڭ بىلەن شەرقىي تۈركىستاننىڭ چوڭ - كىچىك پۈتۈن ئىشلىرى توپ - توغرا چىنلىقلارنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتتى. ھەر قايسى شەھەرلەردە يېتەرلىك ساندا چىن ئەسكەرلىرى تۇرغۇزۇلدى.جاۋخۇي، بۇرۇن قالماقلار پايتەخت قىلغان كۈرە شەھىرىنىڭ جەنۇبىدا بىر شەھەر قۇرۇپ، ئۇنى ئۆزىنىڭ جاڭجۇڭلۇق مەركىزى قىلىپ جايلاشتى. بۇ شەھەرنى چىنلىقلارنىڭ نېمە دەپ ئاتىغانلىقىنى بىلمەيمىز. ئەمما، تۈركلەر بۇ شەھەرنى «چىنفىن» دەپ ئاتايتتى. ھازىر، كۆرە ۋە غولجا ئوتتۇرىسىدا بۇ شەھەرنىڭ خارابىلىرى مەۋجۇد. ئۇچاغدا، شەرقىي تۈركىستاننىڭ يەركۆلىمى ھازىرقىدىن چوڭ بولۇپ، ئىلى رايۇنى، تا بالقاش كۆلىگىچە. ۋە ئىسسىقكۆلنىڭ شەرقىغىچە بولغان يەتتەسۇ رايۇنىمۇ شەرقىي تۈركىستانغا تەۋە ئىدى (20 - خەرىتىگە قاراڭ).

چىنلىقلار، ھۆكۈمەت بىنالىرىنى چىن ئۇسۇلىدا سېلىش، بۇتخانە ۋە باجخانىلارنى سېلىش ئۈچۈن، يۇرتنىڭ تارىخىي بىنالىرىنى، بۇرۇنقى ھۆكۈمەت ئىمارەتلىرىنى، مازار ۋە گۇمبەزلىرىنى، مەسجىد، مەدرىسە ۋە ھاممام قاتارلىق دىنى ۋە مىللىي ئۇسلۇپدىكى پۈتۈن بىنالارنى چېقىپ، ئۇلارنىڭ ياغاچ - تاش ۋە كېسەكلىرىنى ئىشلەتتى. كۆپلىگەن جامە ۋە مەسجىدلەرنى بۇزۇپ، ئورنىغا بۇتخانە سالدى. خەلقنىڭ ئازادە ۋە پۇختا سېلىنغان ئۆيلىرىنى تارتىۋېلىپ، ئەسكەر قارارگاھى قىلدى ۋە چىن كۆچمەنلىرىگە تەقسىم قىلىپ بەردى. يۇرتنىڭ باي ۋە نوپۇزلۇق ئادەملىرىنى ھەرخىل بۆھتان چاپلاپ ئۆلتۈرۈش ۋە مال - مۈلكلىرىنى تارتىۋېلىش، جاۋخۇينىڭ داۋاملىق ئېلىپ بارىدىغان ئەڭ قەبىھ زالىملىقلىرى ئىدى. بۇ سەۋەپتىن كىشىلەر پەرغانە، بەدەخشان ۋە ھىندىستانغا قېچىپ كەتتى.

خەلقتىن ئېلىنىدىغان ئالۋاڭ - سېلىق ۋە باج ناھايىتى ئېغىر ئىدى. ئادەم بېشىغا يىلدا بىرقېتىم باج ئېلىناتتى، بۇنىڭغا خەلق «چوقا پۇلى» دەپ ئات قويغان. يەر ئېگىلىرىدىن، يەرلىرىنى تېرىغان - تېرىمىغانلىقىغا قارىماستىن بەلگىلەنگەن مىقداردا پۇل، ئاشلىق، سامان ۋە ئوتۇن باج دەپ، ئېلىناتتى. چارۋا ماللار ئۈچۈن، تۇياق بېشىغا يىلدا بىرقېتىم پۇل ئېلىناتتى. يايلاق ئۈچۈن ئايرىم ئالۋاڭ بار ئىدى. ھەرخىل ئېلىم - سېتىم ئىشلىرىدا ساتقان نەرسىدىن %50 دىن %30گە قەدەر باج ئېلىناتتى. تىجارەت پۈتۈنلەي چىنلىقلارنىڭ قولىدا بولۇپ، خەلق تىجارەتتىن مەھرۇم قىلىنغانىدى. بىر كۈنلۈك بولسىمۇ سەپەرگە چىقىدىغان كىشى، ھۆكۈمەتكە پۇل تۆلەپ «يول خېتى» ئېلىشقا مەجبۇر ئىدى. بۇلارمۇستەملىكىنىڭ باشلانغۇچى بولۇپ، بارغانسېرى ئېغىرلىشىدىغان زۇلۇمنىڭ خەۋەرچىسى ئىدى. ئىشغال قىلىش تاماملىنىپ بولغاندىن كېيىن، ئىمپېراتۇر، بۇرۇن چىنگە بارغان ۋە بۇ جەرياندا چىنگە خىزمەت كۆرسەتكەن بىرقانچە كىشىنى بېيجىڭغا چاقىرتىپ، قوبۇل قىلدى . ئۇلارنىڭ

[96] ئەسلىدە «ئامبان» بولغان بۇ ئاتالغۇ كېيىنچە ئۆزگىرىپ، خەلق ئىچىدە «ئامبال» بولۇپ قالغان(ن. ش. ھ.).

كۆرسەتكەن خىزمىتى ۋە يۇرتتىكى نوپۇزىغا قاراپ، مەرتىۋە ۋە ئۇنۋان بەردى. مەسىلەن، بىرىنچى مەرتىۋىدىكىگە، «ئەر ۋاڭ»، ئىككىنچى مەرتىۋىدىكىگە، «چىڭ ۋاڭ»، ئۈچىنچى مەرتىۋىدىكىگە، «گوڭ» ئۇنۋانى بىلەن تامغا بەردى. بۇ ئۇنۋانلار، مانچۇخانىدانى دەۋرىدىكى ئەڭ ئۈستۈن شەرەپ ئۇنۋانلىرى بولۇپ، «شاھزادە» دېگەن مەنانى ئىپادىلەيدۇ. بۇلار، ياۋروپا دىكى «گراند دۆك»، «ئارش دۆك» دېگەن ئۇنۋانلارغا تەڭ. بۇخىل شەرەپ ئۇنۋانىغا ئىگە بولغان (بەگ) لار، بىۋاستە ئىمپېراتورنىڭ قول ئاستىدا ھېساپلىنىپ، بۇلارغا ۋالىي ۋە ھاكىملارنىڭ ھۆكۈمى ئۆتمەيتتى. 2 ـ 3 يىلدا بىرقېتىم ئىمپېراتورنىڭ زىيارىتىغا بېرىپ كېلەتتى. ئۇلارغا ۋە ئائىلە تەۋەلىرىگە داۋاملىق مائاش بېرىلەتتى، مەرتىۋە ۋە ئۇنۋانلىرى بالىلىرىغا مىراس قالاتتى. ئۆزلىرىگە ۋەلىئەھدى تەيىنلەش ھوقۇقىغا ئىگە بولۇپ، بۇ ۋەلىئەھدىلەر« تەيجى» دەپ ئاتالغاندى. بۇلارنىڭ ھەربىرىگە، بىر يۇرت يا بىركەنت مۈلۈك قىلىپ بېرىلگەندى. بۇ يۇرتنىڭ ۋە كەنتنىڭ خەلقىمۇ، بۇ بەگلەرنىڭ قۇلى ھېساپلىناتتى. بۇخەلق ئىچىدە «جەلدۇلۇق مەنسەپ» يەنى، «ئىمتىيازلىق مەرتىۋە» دەپ ئاتالغان.

ئىمپېراتورنىڭ بۇيرۇقى بىلەن، شەرقىي تۈركىستاننىڭ شەرق دەرۋازىسى بولغان ئۇششاق تالغا بىربۇتخانە سېلىنغان ۋە بۇنىڭغا بۇ بەگلەرنىڭ ھەيكەللىرى قويۇلغانىدى. يولدىن ئۆتكەن ـ كەچكەنلەر بۇ بۇتخانىغا كىرىپ، ھەيكەللەر ئالدىدا باش ئېگىشكە مەجبۇرلانغان. بۇ بەگلەرنىڭ يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئىمتىيازلىرىدىن باشقا، ھۆكۈمەت ئىشلىرىغا ئارىلىشىش ھەققى يوقتى. ئۇلارغا بېرىلگەن بۇ ئىمتىيازلار، بىرتەرەپتىن ئۇلارنىڭ كۆرسەتكەن خىزمەتلىرى ئۈچۈن مۇكاپاتتەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى، « ئولۇغلار» (ئارىستوكىرات ـ ئاقسۆڭەكلەر) سىنىپى ۋە ئۇششاقلار(تۆۋەن قاتلامدىكىلار) سىنىپى دەپ ئىككىگە ئايرىشتا مۇھىم رول ئوينىغان، بۇنىڭ بىلەن چىن ئىشغالىيىتىنى مۇستەھكەملەشنى مەقسەت قىلغان. چىنلىقلاربۇ مەقسدىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا مۇۋەپپەق بولغان.

بېيجىڭدىن يۇقىرىقىدەك مەرتىۋە ۋە ئىمتىيازلىرىنى ئېلىپ قايتقان بۇ بەگلەرنى كۆرگەن بىر قىسىم ۋىژدانسىز كىشىلەر، چىنلىقلارغا ئىخلاس بىلەن خىزمەت قىلغىلى باشلىدى. بۇنىڭغا قاراپ چىن ھۆكۈمىتى ئۇلارغىمۇ بىرقىسىم ئىمتىياز ۋە مەنسەپ بېرىپ، پۈتۈن بىر كەنتنى بىر بەگكە دېھقانلىرى بىلەن قوشۇپ بەرگىلى باشلىدى. بۇ سۈرەتتە، جەلدۇلۇق مەنسىپىدىكىلەر بارغانسېرى كۆپەيىپ كەتتى. پۈتۈن تېرىلغۇ يەرلەر، چارۋىماللارنىڭ تولىسى چىنگە سادىق بەگلەرنىڭ مۈلكىگە ئايلىنىپ، دېھقان ۋە چارۋىچىلار ئۇلارنىڭ قۇللىرىغا ئايلىنىپ قالدى. نەتىجىدە، بۇ بەگلەرگە تەۋە بولمىغانلار نىڭ ئالۋاڭ ـ سېلىقلىرى قاتمۇ ـ قات ئېشىپ كېتىپ، مەھسۇلات ئالۋاڭ ـ سېلىقلارنى تۆلەشكە يەتمىدى. چىن زۇلمى ۋە ئاچارچىلىققا دۇچار بولغان ئاۋام خەلق، يەرلىرىنى، چارۋىماللىرىنى ۋە ئۆي ـ ۋاقىلىرىنى تاشلاپ كېتىشكە ياكى ھەممە نەرسىسىنى بەگلەرگە ھەقسىز ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، ئۆزلىرى ئۇلارنىڭ خىزمەتكارى بولۇپ جان بېقىشقا مەجبۇر بولدى. شۇنداق قىلىپ ، شەرقىي تۈركىستاندا پۈتۈن

تېرىلغۇ يەر، يايلاق ۋە چارۋا ماللارنىڭ ھەممىسى، چىنگە خىزمەت قىلىپ، ئالاھىدە ئىمتىيازغا ئېرىشكەنلەرنىڭ ياكى ئۇلارنىڭ تۇغقانلىرىنىڭ، دوستلىرىنىڭ مۈلكىگە ئايلىنىپ كەتتى. دېھقان چارۋىچىلار بولسا، ئۇلارنىڭ خىزمەتكارلىرى بولۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن، شەرقىي تۈركىستان خەلقى، «جەلدۇلۇق» مەرتىۋە، يەنى، ئالاھىدە ئىمتىياز ۋە مەرتىۋىگە ئىگە بولغانلار ۋە ئۇلارنىڭ قول ئاستىدىكى «ئۇششاق» لاردەپ نام بېرىلگەن خەلقلەردىن ئىبارەت ئىككى سىنىپقا بۆلۈندى. ئۇششاقلارسىنىپى ھەرقانداق ھەقتىن مەھرۇم ئىدى. جەلدۇلۇق مەرتىۋىدىكىلەردۆلەتكە ھېچقانداق ئالۋاڭ سېلىق تاپشۇرمىغانلىقى ئۈستىگە دۆلەتتىن داۋاملىق مائاش ئالاتتى. يەنە بىرقىسملىرى، جەلدۇلۇق مەرتىۋىسى يوق، ئامما، يۇرتىنىڭ پۈتۈن باج ۋە ئالۋاڭ - سېلىقىنى دۆلەتتىن كۆتۈرە ئېلىپ، ئۆزى خالىغىنىچە ئۇششاقلار سىنىپىدىكى خەلقلەردىن يىغىپ، دۆلەتكە تاپشۇرۇشقا مەسئۇل ئىدى. ئالاھىدە ئىمتىيازغا ئىگە بولغانلار، ئۆزتەۋەسىدىكى خەلقنى ئۆزى خالىغىنىچە ئىشلىتىپ، يەر، يايلاق ۋە چارۋا ماللىرىنى خالىغانچە سېتىپ، ئۇ يەرنىڭ دېھقان ۋە چارۋىچىلىرىنىمۇ بىرگە قوشۇپ ساتاتتى. ئۇلار، چىن باسقۇنچىلىرىنىڭ ئۆزلىرىگە بەرگەن بۇخىل ئىمتىياز ۋە ئالاھىدە ھوقۇقىنى بىر ئىلتىپات دەپ تونۇپ، چىنلىقلارغا ناھايىتى ئىخلاس ۋە ۋاپادارلىق بىلەن خىزمەت قىلاتتى. كۆرۈنۈشتە ئۇششاقلار ئۇلارنىڭ قۇلى بولسا، ھەقىقەتتە بەگلەر، چىنلىقلارنىڭ قۇلى ئىدى. بۇ سۈرەت بىلەن، چىنلىقلار، مىللەتنى قاتمۇ - قات قۇللۇق زەنجىرىگە باغلىدى.

چىن ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىشغالىيىتىنى داۋاملىق ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن قىلغان يەنە بىر ئىشى، شەرقىي تۈركىستانغا كۆچمەن كۆچۈرۈپ، يەرلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت بولدى. شەرق ئۇيغۇرلىرىنىڭ، ھىجرى 126، 225 - (مىلادى 744 - 839.) يىللىرى موغۇلىستاندا قۇرغان دۆلىتى مۇنقەرز بولغاندىن كېيىن، بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ بىرقىسمى، شىمالىي گەنسۇدا سەددىچىننىڭ ئىچى ۋە سىرتىدىكى جايلارغا كېلىپ يەرلەشكەنىدى. بۇلار زامان ئۆتكەنسىرى ئۆزىنىڭ مەدەنىيىتىنى ۋە تۈركلىكىنى يوقىتىپ، چىنلىشىپ كەتكەن. چىن مەنبەلىرىدە بۇلارنى، « ۋەھشى ئۇيغۇرلار[97]» دەپ يازغان. شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ بۇلارنى «چىنفىن» دەپ ئاتىغانلىقى مەلۇم . چىن ھوكۈمىتى بۇلاردىن يۈزمىڭ ئۆيلۈك كىشىنى كۆچۈرۈپ شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا بولۇپمۇ، ئىلى ۋە يەتتەسۇنىڭ ئاھالىدىن بوشاپ، نوپۇسى ئاز قالغان جايلىرىغا يەرلەشتۈردى. چىن ھۆكۈمىتى بۇلارغا ناھايىتى كەڭ ھوقۇق ۋە ئىمتىياز بېرىپ، ھەرجەھەتتىن كۆپ ياردەم قىلاتتى. مۇسۇلمانلارغا قىلغان ھەرقانداق يولسىزلىقى ئۈچۈن، ھۆكۈمەت ئۇلارنى جازاغا تارتمايتتى. چىننىڭ ئەڭ قۇرغاق جايلىرىدا، ئاچلىق ۋە ئېغىر يوقسۇللۇق ئىچىدە ياشاپ كەلگەن چىنفىنلەر، شەرقىي تۈركىستاندىكى باي - باياشات ۋە راھەت تۇرمۇشنى ئاڭلاپ، ماكانلىرىنى تاشلاپ، ئېقىن ئاقماندەك شەرقىي

97 بەزى مەنبەلەردە «چۆل تۈركلىرى»، «چۇمۇللەر» ياكى«چىي - فىي» دەپ ئالغان، ت . ئالماس، ئە. بايتۇر 286 - بەت (ن. ش. ھ. )

تۈركىستانغا كۆچۈپ كەلگىلى باشلىدى. بۇنى كۆرگەن چىنلىقلارمۇ ھەدەپ كۆچۈپ كەلگىلى تۇردى. بۇنىڭ بىلەن، چىندىن شەرقىي تۈركىستانغا ناھايىتى زور بىرئاققۇنلار تويپى سەلدەك ئېقىپ كەلدى. بۇنىڭغا ئەگىشىپ، چىننىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى كۈچىمۇ زورايدى.

ئىلى، يەتتەسۇ ۋە بەئشبالىق ئۆلكىلىرىنى ئاۋاتلاشتۇرۇش ئۈچۈن كۆچۈرۈپ كېلىنگەن چىنلىقلار ۋە چىنفىنلەر يېتىشمەي، جاۋخۇي جاڭجۇڭ، ئالتى شەھەر ۋە تۇرپاندىن يۈزمىڭ ئۆيلۈك كىشىنى كۆچۈرۈپ، ئىلى ۋە يەتتە سۇغا يەرلەشتۈردى. بۇلارنى يۈز ئۆيلۈكتىن - يۈز ئۆيلۈكتىن قىلىپ ئايرىپ، ھەر يۈز ئۆيلۈك گۇرۇپپىنى ئايرىم بىر رايون شەكلىدە ئورۇنلاشتۇردى ۋە ئاھالىلار ئولتۇراقلاشقان يەرلەرنى كۆپەيتتى. بۇ مۆھاجىرلار تارانچىلار دەپ ئاتىلاتتى. «دىۋانىي لۇغات تتۈركتە»، تارانچى قەدىمكى تۈرك شىۋىسىدە، «دېھقان» دېگەن مەنىدە دەپ، كۆرستىلگەن. تۈركشۇناس رادلوف، تارانچىلارنى ئايرىم بىرتۈرك قەبىلىسى دەپ قارايدۇ. بۇ توغرا ئەمەس. بەلكى، بۇ كۆز قاراش روسلارنىڭ، تۈرك مىللىتىنى پارچىلاش سىياسىتىدىن تۇغۇلغان ئويدۇرما نەزەرىيە بولسا كېرەك. ھازىرمۇ غۇلجىدا، تارانچىلار يەرلەشكەن جايلار ئۆز ناملىرى بىلەن ئاتالماقتا. مەسىلەن: تۇرپان يۈزى، جىلىل يۈزى، كېپەك يۈزى دېگەنلەرگە ئوخشاش.

چىن ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىشغالىيىتىنى داۋاملىق ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن قىلغان يەنە بىر ئىشى، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى چىنلەشتۈرۈشقا تىرىشىشتىن ئىبارەت بولدى. لېكىن، بۇئىشتا مۇۋەپپەق بولالمىدى. چىن ھۆكۈمىتى ئالدى بىلەن، ۋاڭ ۋە گۇڭ بەگلەر باشلىق ئالاھىدە ئىمتىيازلىق مەرتىۋىدىكىلەرنى چىنچە كىيىنىپ، ئۇزۇن چاچ قويۇپ، چىن قىياپىتىگە كىرىشكە زورلىدى. بەگلەر، ئىمتىياز مەرتىۋىلىرىدىن ئايرىلىپ قېلىشتىن قورقۇپ چىنچە كىيىنىپ، ئۇزۇن چاچ قويدى ۋە داۋاملىق بۇ قىياپەتتە يۈردى. ئۇندىن كېيىن، چىن ھۆكۈمىتى بۇ بەگلەرنى ھېيت نامىزى، جۈمە نامىزى ۋە بەش ۋاقت نامازنى جامائەت بىلەن ئوقۇشنى ۋە ئىسلامنىڭ باشقا ئىبادەتلىرىگە ئەمەل قىلىشنى مەنئى قىلدى [98]. مەكتەپ ۋە مەدرىسىلەردە دىنى ئىلىملەرنى ئوقۇتۇشنى چەكلىدى ۋە مۇسۇلمانلارنى بۇتقا سەجدە قىلىشقا زورلىدى. باللىرىنى چىنچە مەكتەپلەردە ئوقۇتۇش ۋە چىنچە تەربىيىلەشكە مەجبۇر قىلىپ، ھاراق - شاراپ ئىچىشكە، ئەپيۇن چېكىشكە ۋە توڭغۇزگۆشى يېيىشكە ئادەتلەندۈرۈشنى تەشەببۇس قىلىشقا باشلىدى. لېكىن، مەيلى يۇقىرى تەبىقىدىكى ئىمتىيازلىق سىنىپ مەنسۇپلىرى بولسۇن، مەيلى تۆۋەن قاتلامدىكى ئۇششاقلار بولسۇن ھەر قانداق زۇلۇم ۋە ئېزىشكە چىداپ، بۇ تەشەببۇسلارغا قارشى چىقتى، تۈركلۈك ۋە مۇسۇلمانلىقلىرىنى ساقلاپ قالدى. چىن ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستانلىقلارنى زورلۇق بىلەن چىنلاشتۇرۇش تەشەببۇسلىرى ۋە مىللەتنىڭ بۇنىڭغا قارشى كۆرەشلىرى، خەلقنىڭ بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ ھەرقايسى يەرلەردە ئومۇميۈزلۈك

[98] بۇ بۆلۈمدە سۆزلىنىۋاتقان چىن ھۆكۈمىتى مانجۇلار قۇرغان «چىڭ» خاندانىنى كۆرستىدۇ(ن. ش. ھ.).

قوزغىلىشى نەتىجىسىدە، چىن ھۆكۈمىتىنىڭ بېشى ھېچ ساقايمىدى. بۇ تاكى ئىمپىراتورچىيەنلۇڭنىڭ تەختتىن چۈشۈشىگە قەدەر داۋام قىلدى. چىيەنلۇڭنىڭ 60 يىل داۋام قىلغان ئىمپېراتورلۇق دەۋرى، چىننىڭ كۈچلەنگەن دەۋرلىرىدىن بىرى بولۇپ، شەرقىي تۈركىستانغىمۇ ئوبدان يىلتىز تارتتۇالدى.

ھىجرى 1212- (مىلادى 1797-) يىلى ئىمپېراتۇرچىيەنلۇڭ تەختنى ئۇغلى جىياچىڭغا ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، بىر يىل ئۆتكەندىن كېيىن، ئۆلدى. بۇجەرياندا چىننىڭ چىلى ۋىلايىتىدە مانجۇ خاندانىغا قارشى «تەيپىڭ» قوزغىلىڭى پارتلىدى ۋە قىسقا بىر ۋاقىت ئىچىدە بۇ قوزغىلاڭ، شەندۇڭ، خۇنەن ۋە جىياڭسۇ قاتارلىق ۋىلايەتلەرگە يېيىلدى. بۇ قوزغىلاڭلار سەۋەبىدىن، شەرقىي تۈركىستاندىكى چىن ئەسكەرلىرى ئازالدى. شۇنداقلا، يۇقىرىقىدەك، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى چىنلەشتۇرۇش ئۇرۇنۇشلىرى تامامەن توختاپ قالدى. لېكىن، شەرقىي تۈركىستان خەلقى، چىڭ سۇلالىسىنىڭ بۇخىل ئاجىز ۋەزىيىتىدىن پايدىلىنالمىدى. چۈنكى، يۇرتنىڭ ھوقۇقىنى قولىدا تۇتۇپ تۇرۇۋاتقان يۇقىرى قاتلامدىكى ئىمتىيازلىق كىشىلەر، چىنگە بولغان سادىقلىقىدىن، خەلقنىڭ ھەر قانداق ئىنقىلابىنى توساشقا تەييار تۇراتتى.

ئىمپېراتۇر جىياچىڭ، چىندىكى ئىنقىلابنى بىر ئاز بولسىمۇ بېسىقتۇرۇشقا مۇۋەپپەق بولغانىدى. ئەمما، چىن ھۆكۈمىتىنىڭ خەزىنىسى بوشاپ قېلىپ، ئىقتىسادىي بۆھران يۈز بەردى. بۇنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، ئىمپېراتۇر ھۆكۈمەتكە تەۋە پۈتۈن مۈلۈكلەرنى، يەر ۋە ئۆي - ئىمارەتلەرنى سېتىشقا بۇيرۇق قىلدى. بۇ بۇيرۇققا بىنائەن، شەرقىي تۈركىستاندا، چىن ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن مۇسادىرە قىلىنغان، مەسجىد، مەدرىسىلەر ۋە ھاممام قاتارلىق ۋەخپىلەرنى ساتماقچى بولدى. بۇلاردىن بىر قىسمىنى بەزى يۇقىرى قاتلامدىكى كىشىلەر سېتىۋېلىپ، ئەسلىدىكى مەسجىد، مەدرىسە ۋە ھاممام ھالىغا كەلتۈردى ۋە بۇلارنىڭ ۋەخپىلىرىگىمۇ ئۆز ناملىرىدا تۆلىي (يەرخېتى) ئالدى. يەنە بىرقىسمىنى چىنلىقلار ۋە چىنغىنلەر سېتىۋالدى. قەدىمكى مىللىي دۆلەتلىرىمىز زامانىسىدىن قالغان، جامە، مەدرىسە، مەسجىد قاتارلىق باشقا خەير ئىشلار مۇئەسسەسەلىرىنىڭ، ھازىرمۇ شۇ دەۋردىكى يۇرتنىڭ بەزى ئىمتىيازلىق كىشىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئەۋلاتلىرىنىڭ نامىدا بولۇشىنىڭ سەۋەبى، مانا شۇ ۋەقە بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

چىن ئىمپېراتورى، چىندىكى ئىسياننىڭ تامامەن بېسىقۇرۇلمىغانلىقى ۋە دۆلەتنىڭ ئاجىزلىشىۋاتقانلىقىنى، شەرقىي تۈركىستانلىقلاردىن قاتتىق يوشۇرۇۋاتقان بولسىمۇ، خەلق، چىندىكى ۋەزىيەتنى سېزىپ قالغانىدى. بولۇپمۇ، ئۇششاقلار يەنى، تۆۋەن قاتلام خەلقلىرىنىڭ ئۆزلىرىنى ئازاتلىققا چىقىرىش ئۈمىدلىرى كۈندىن - كۈنگە ئارتماقتا ۋە تەبىئىي ھالدا بىرئومۇمىي ئىنقىلاب شارائىتى ھازىرلانماقتا ئىدى.

2 ـ پەسىل

## شەرقىي تۈركىستاندا چىنگە قارشى تۈنجى قېتىملىق ئومۇمىي ئىنقىلاب

ھىجرى 1230ـ (مىلادى 1815ـ) يىلى شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھەرتەرىپىدە چىنگە قارشى ئىنقىلاب قوزغالدى. قوزغالغان «ئۈششاق» لار ئۆز يۇرتلىرىدىكى چىنلىقلارنى، چىنفىنلەرنى ۋە بەزى جايلاردا چىن ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئالاھىدە ئىمتىياز بېرىلگەن، «ئۇلۇغ» لارنى ئۆلتۈرۈپ؛ ئۆزئالدىلىرىغا مۇستەقىللىق ئېلان قىلىشتى. ئەپسۇسكى، بۇئىنقىلابچىلار، تەشكىلات ئاستىدا بىرلىشەلمىدى. قالايمىقانچىلىق چىقىپ، بەزىلىرى ھەتتا ئۆز ئىچىدە بىر- بىرلىرى بىلەن ئۇرۇشماقتا ئىدى. بۇ ۋەزىيەتتىن، پەرغانە خانى ئۆمەرخان پايدىلىنىپ، شەرقىي تۈركىستاننىڭ بىرقىسمىنى قولغا كەلتۈرىۋېلىشنىڭ كويىغا چۈشتى. ھىجرى 1232ـ (مىلادى 1816ـ) يىلى ئۆمەرخان، ئاپاق خوجىنىڭ ئەۋلادىدىن فەرغانىدا ياشاۋاتقان جاھانگىرخوجىنى بىر قىسىم ئەسكەر بىلەن قەشقەرگە يوللىدى. جاھانگىرخوجا قەشقەرگە كېلىپ، قەشقەر ۋە يەركەن ئىنقىلابچىلىرى بىلەن بىرلىشىپ، كۈچىنى ئاشۇردى. كېيىن، ئاستا ـ ئاستا ئىنقىلاپ رەھبەرلىرىنى يوقىتىپ، ئۆزىنى پادىشا ئېلان قىلدى. ھىجرى 1233 ـ يىلى ئاقسۇنى ئالدى. قالغان جايلار بولسا شۇجاينىڭ خەلقلىرىنىڭ قولىدا ئىدى. پەقەت، ئىلى ۋە بەشبالىقتا چىنلىقلار ۋە چىنفىنلەر كۆپ ساندا بولغانلىقتىن ھاكىمىيەت ئۇلارنىڭ قولىدا ئىدى. قارا شەھەردە قالماقلار كۆپ بولۇپ، چىن تەرەپتارى ئىدى. مانا بۇ سەۋەپتىن، بۇجايلاردىكى ئىنقىلابنى چىنلىقلار ئوڭايلا بېسىقتۇرۇپ، نۇرغۇن مۇسۇلمانلارنى قىرىپ تاشلىدى.

ھىجرى 1236ـ (مىلادى 1820ـ) يىلى ئىمپېراتور جىياچىڭ ئۆلۈپ، ئورنىغا ئوغلى داۋگۇاڭ چىقتى. ئۇ شەرقىي تۈركىستانغا نۇرغۇن ئەسكەر يوللىدى ۋە كۈچاغىچە بولغان جايلارنى ئىشغال قىلدى. جاھانگىر خوجا بىلەن كۆپ قېتىم ئۇرۇشتى. ئاخىرى، ھىجرى 1240ـ (مىلادى 1824 ـ) يىلى چىن ئەسكەرلىرى جاھانگىر خوجىنى ئەسىر ئېلىپ، بېيجىڭغا ئەۋەتىپ بەردى. بىر يىلدىن كېيىن، جاھانگىرخوجا چىنلىقلار تەرىپىدىن شېھىت قىلىندى. جاھانگىرخوجىنىڭ ئورنىغا ئوغلى پادىشا بولدى. بۇ قېتىم چىن ئەسكەرلىرى ئىلگىرلىيەلمىدى. چۈنكى، خەلق قەتئىي قارشى تۇرۇپ مۇداپىئە قىلىپ، مۇستەقىللىقنى ساقلاپ قالدى.

ئىمپېراتۇر، چىندىكى توپىلاڭنى بېسىقتۇرالمىغانلىقتىن؛ شەرقىي تۈركىستانغا تېخىمۇ كۆپ ئەسكىرىي ياردەم ئەۋەتەلمىدى. قەشقەر، يەركەن ۋە ئاقسۇ جاھانگىرخوجىنىڭ ئوغلىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا ئىدى. خوتەننى ئابدۇراھمان ئىسىملىك بىر زات ئىدارە قىلاتتى. چىندىكى

توپلاڭلار داۋام قىلىۋاتقان بىرچاغدا، ھىجرى 1255ـ (مىلادى 1839ـ) يىلى ئەنگلىيە ۋە چىن ئوتتۇرىسىدا «ئەپيۇن ئۇرۇشى» پارتلىدى. بۇنىڭ بىلەن، شەرقىي تۈركىستاندىكى چىن ئەسكەرلىرى تېخىمۇ ئاز قالدى. بۇ پۇرسەتنى غەنىمەت دەپ بىلگەن شەرقىي تۈركىستان خەلقى يۇرت ـ يۇرتتا قوزغىلىپ چىقىپ، ئىلى ۋە ئۈرۈمچىدىن باشقا پۈتۈن جايلارنى چىن ئىشغالىدىن تازىلىدى. ئەپسۇسكى، شەرقىي تۈركىستان يەنە پۈتۈنلەي بىرلىشىپ كېتەلمىدى.

چىندە ئەپيۇن ئۇرۇشى ئاياقلىشىپ، ئەنگلىيە ۋە چىن ئوتتۇرىسىدا كېلىشىم ئىمزالانغاندىن كېيىن، ھىجرى 1264ـ (مىلادى 1846ـ) يىلى چىن ئىمپېراتورى شەرقىي تۈركىستانغا يەنە يۈزمىڭغا يېقىن ئەسكەردىن تەركىب تاپقان زور قوشۇن يوللىدى. بۇلار تۇرپان ۋە قارا شەھەرنى ئېلىپ، ئىلى ۋە ئۈرۈمچىدىكى چىنلىلەرنى ۋە قاراشەھەر تاغلىرىدىكى قالماقلارنى ئەسكەرلىككە ئېلىپ، ئالتە شەھەرگە يۈرۈش قىلدى.

3 ـ پەسىل

## شەرقىي تۈركىستانغا ئىككىنچى قېتىملىق چىن تاجاۋۇزى

قەشقەر ھۆكۈمدارى بولغان خوجا، چىن ئەسكەرلىرىنىڭ ئاقسۇغا يېقىنلاشقانلىقىنى ئاڭلاپ، بىر كېچىدە پۈتۈن خەزىنە ۋە ياراقلىرىنى ئېلىپ، بىرقانچە مىڭ ئادەمى بىلەن پەرغانىغا قېچىپ كەتتى. بۇنىڭ بىلەن يۇرت ئىچىدە پاتپاراقچىلىق پەيدا بولۇپ، قېچىشقاكۆچى يەتكەن كىشىلەرنىڭ ھەممىسى پەرغانە، ھىندىستان ياكى ئافغانىستانغا قېچىپ كەتتى. نەتىجىدە، قەشقەر، يەركەن ۋە ئاقسۇدا چىن ئەسكەرلىرىگە قارشى تۇرالىغۇدەك ھېچ قانداق كۈچ قالمىدى. چىن ئەسكەرلىرى بۇجايلارنى ئۇرۇشماستىنلا ئالدى. ئۇندىن كېيىن، چىن ئەسكەرلىرى خوتەنگە قاراپ ماڭدى. خوتەن خەلقى ئابدراھمان پاشا رەھبەرلىكىدە قاتتىق ئۇرۇپ مۇداپىئە قىلغان بولسىمۇ، ئابدراھمان پاشا ئۇرۇشتا شېھىت بولدى ۋە خوتەننى چىنلىقلار ئىشغال قىلدى. دېمەك، ئاقسۇدىن خوتەنگىچە بولغان شەرقىي تۈركىستان زېمىنى 36 يىلدىن كېيىن، ئىككىنچى قېتىم چىن تاجاۋۇزىغا ئۇچرىدى.

چىنلىقلار، ئىككىنچى قېتىملىق تاجاۋۇز ھەرىكىتىنى تاماملاپ بولغاندىن كېيىن، يەنە بۇرۇنقى سىياسەتلىرىنى يۈرگۈزۈپ، ۋاڭ ۋە گۇڭلارنىڭ ئەۋلاتلىرىنى تېپىپ، ئۇلارغا ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ جەلدۇلۇق مەنسەپ ( ئالاھىدە ئىمتىيازلىق مەرتىۋە) لىرىنى بەردى. شۇنداقلا، بۇقېتىمقى ئىستىلا جەريانىدا خىزمەت كۆرسەتكەن باشقا كىشىلەرگىمۇ مەنسەپ ۋە ئۇنۋان بېرىلدى. خەلق ئىچىدە، يەنە بۇرۇنقىدەك ئىككى سىنىپ شەكىللەندۈرۈش ئىشى باشلاندى. لېكىن، بۇ قېتىم چىن ئىستىلاچىلىرى شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ كۆڭلىنى ئېلىش تاكتىكىسىنى قوللىنىپ، دىنغا تاجاۋۇز قىلمىدى، «چوقا

پۇلى» ئېلىنمىدى ۋە 5 ـ 6 شەھەرگە بىردىن خان ئامبان، يەنى، ۋالىي تەيىن قىلىپ، بۇلارغا قاراشلىق شەھەر ۋە ناھىيىلەرگە يۇقىرى قاتلامدىكى ئىمتىيازلىق كىشىلەرنى ۋە ئۇلارنىڭ دوست ۋە تۇغقانلىرىدىن ھاكىم تەيىن قىلدى. يۇقىرى قاتلامدىكى كىشىلەر ئىچىدىن قازى ۋە مۇپتى بەلگىلەپ، ئەدلىيە ساھەسىدىكى بىرقىسىم ھوقۇقنى ئۇلارغا بەردى. ئامما، چىن ھاكىمىيتىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، شەرقىي تۈركىستاندا زور بىر ئەسكىرىي قوشۇن تۇرغۇزدى.

يۇقىرىدا سۆزلەنگەن يەرلىك مەنسەپدارلار، چىنلىقلاردىن كۆپ خۇرسەن ئىدى ۋە چىنلىقلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن جان ـ دىلى بىلەن خىزمەت قىلىپ، خەلقنىڭ چىنلىقلارغا قارشى ھەرىكەتلىرىگە قارىتا ماراغچىلىق قىلاتتى. بۇ قېتىمقى تاجاۋۇزچىلىقنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش جەريانىدا قالماقلار چىنلىقلارغا ئەسكىرىي جەھەتتە ياردەم قىلغانىدى . شۇنىڭ ئۈچۈن ئىمپېراتور، قالماقلارنىڭ ھەربىر قەبىلە باشلىقىغا «ۋاڭ» دېگەن ئۇنۋان بەردى. بۇلارنىڭ سانى شەرقىي تۈركىستان بويىچە 20 گە يېقىن ئىدى.

ھىجرى 1268ـ (مىلادى 1851ـ) يىلى ئىمپېراتور داۋگۇاڭ ئۆلۈپ، ئورنىغا ئوغلى يېچۇ (شىگفۇڭ) تەختكە چىقتى. ھىجرى 1269ـ (مىلادى 1852ـ) يىلى چىننىڭ خۇنەن ۋە ئەنخۇي ئۆلكىلىرىدە مەشھۇر تەيپىڭ ئىنقىلابى قوزغالدى. نەتىجىدە، شەرقىي تۈركىستاندىكى چىن ئەسكىرىي كۈچى يەنە ئاجىزلاشتى. بۇ پۇرسەتتىن پايدىلانغان شەرقىي تۈركىستان خەلقى، پۈتۈن يۇرتتا چىنغا قارشى قوزغالدى. بۇ قېتىمقى چىن ھۆكۈمرانلىقى، ئاران ئالتە يىل داۋام قىلالىدى.

4 ـ پەسىل

## شەرقىي تۈركىستاندا ئىككىنچى ئومۇمىي ئىنقىلاب

ھىجرى 1270ـ (مىلادى 1853ـ) يىلى پۈتۈن شەرقىي تۈركىستان مىقياسىدا ئىنقىلاب قوزغالدى. تۆت يىل داۋام قىلغان ئۇرۇشتىن كېيىن، ئاخىرى شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلابچىلىرى غەلىبە قىلىپ، خوتەندىن تۇرپانغىچە بولغان جايلارنى چىنلىقلاردىن تازىلىدى. ئەمما، بۇ قېتىممۇ ئىنقىلابچىلار بىرتەشكىلات ئاستىدا بىرلىشەلمىدى. بۇچاغدا پەرغانە خانى شىرئەلى خان بۇ ئىنقىلابتىن پايدىلىنىش نىيىتىدە، ئالدى بىلەن جاھانگىرخوجا ئەۋلادىدىن ۋەلىخان تۆرىنى بىرقىسىم ئەسكەر بىلەن قەشقەرگە يوللاپ، ئارقىسىدىن ئۆزى 6000 كىشىلىك قوشۇننى باشلاپ قەشقەرگە كەلدى. بۇچاغدا چىنلىقلار تېخى قەشقەر يېڭى شەھەر سېپىلىدە مۇھاسىرە ئىچىدە ئىدى. شىرئەلى خان ئىنقىلابچىلارغا ياردەم قىلىش ئورنىغا، «چىنلىقلارغا ياردەم قىلدىڭ» دەپ بوھتان چاپلاپ، قەشقەرنىڭ بايلىرىنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ پۇل ـ ماللىرىنى مۇسادىرە قىلىش ۋە ئىنقىلابچىلار قولىدىكى ئولجىلارنى تارتىۋېلىشقا

باشلىدى. بۇنىڭ بىلەن قەشقەرخەلقىنىڭ نارازىلىقىغا ئۇچراپ، ئالتە ئايدىن كېيىن فەرغانىغا قايتىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى. ۋەلىخان تۆرە قەشقەردە قالدى ۋە ئۆزىنى «پادىشا» دەپ ئېلان قىلدى. يېڭى شەھەردىكى مۇھاسىرىدە قالغان چىنلىقلار، جانلىرى ساق قېلىش شەرتى بىلەن ئىنقىلابچىلارغا تەسلىم بولدى. لېكىن، ۋەلىخان تۆرە سۆزىدە تۇرماي، تەسلىم بولغان چىنلىقلارنى بالا ـ چاقلىرىنى قوشۇپ ھەممىسىنى ئۆلتۈرۈۋەتتى.

بۇ قېتىمقى ئىنقىلابمۇ، بىرلىك ـ ئىتتىپاقلىق بولمىغان، تەشكىلاتسىز ۋە تېخىمۇ ئىنتىزامسىز بىرئىنقىلاب بولدى. دۈشمەن تەھدىدى ئۇزۇل ـ كېسىل بىرتەرەپ قىلىنمىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، دۈشمەن بەش يىلغا قالمايلا يەنە ھۇجۇم قىلدى.

ھىجرى 1275ـ ( مىلادى 1858ـ) يىلى چىڭ سۇلالىسى ئىمپېراتورى، شەرقىي تۈركىستانغا نۇرغۇن ئەسكەر يوللىدى. بۇ ئەسكەرلەر شەرقىي تۈركىستان شەھەرلىرىنى بىر ـ بىرلەپ ئىشغال قىلىپ، قەشقەرگە يېقىنلاشقاندا ۋەلى خان تۆرە، خەلقتىن يىغقۇالغان ئالتۇن ـ كۈمۈشنى ئېلىپ، ئادەملىرى بىلەن پەرغانىغا قاچتى. چىن ئەسكەرلىرى قەشقەرگە كىرىپ، ئىككى كۈن قەتلئام يۈرگۈزدى ۋە بىر قانچە مىڭ ئەرـ ئاياللىنى ئەسىرگە ئېلىپ، چىنگە سۈرگۈن قىلدى. ئۇندىن كېيىن. يەركەنىنىمۇ ئىشغال قىلدى.

خوتەننى ئالغان چىن ئەسكەرلىرى، خوتەن خەلقى چىنلىقلارنى ۋە چىن تەرەپتارى بولغان مەنسەپتارلارنى ئۆلتۈرمەي ياخشى مۇئامىلىدە بولدى دەپ، بۇ قېتىم خەلقنى قىرغىن ۋە بولاڭ ـ تالاڭ قىلمىدى. چىنلىقلار بۇقېتىممۇ دىنگە تاجاۋۇز قىلمىدى، ئالۋاڭ ـ سېلىقنى بىرئاز ئازايتتى. خىزمەت قىلغان بەگلەرنى يەنە ھاكىملىققا تەيىن قىلدى.

قەشقەر خەلقىدىن بىرقانچە مىڭ ئۆيلۈك مۇسۇلمان چىن ئەسكەرلىرى تەرىپىدىن ئەسىر ئېلىنىپ، چىنگە سۈرگۈن قىلىنغانىدى. ئۇلارنىڭ چىنلىقلارغا قۇل بولۇپ، ئىسلام دىنىدىن چىقىرىلىپ كەتكەنلىكىگە، پەرغانە خانى شىرئەلىخان ۋە ۋەلىخان تۆرىلەرنىڭ ئۇرۇنسىز قان تۆكۈپ، تەسلىم بولغان چىنلىقلارنىمۇ ئۆلتۈرگەنلىكى سەۋەپ بولغانىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، شىرئەلىخان ۋىژدان ئازابى چېكىپ، ھىجرى 1278ـ (مىلادى 1861ـ) يىلى مانجۇ ئىمپېراتورىنىڭ ئالدىغا نۇرغۇن سوغا ـ سالاملار بىلەن بىر ھەيئەت ئەۋەتىپ، بۇ ئەسىرلەرنى ئازات قىلىپ. يۇرتلىرىغا قايتۇرۇۋېتىشنى ئىلتىماس قىلدى. ئىمپېراتۇر شىكۇفوڭ بۇ ئىلتىماسنى قوبۇل قىلىپ، پۈتۈن ئەسىرلەرنى قەشقەرگە قايتۇرۇۋەتكەن.

ھىجرى 1277ـ (مىلادى 1860ـ) يىلى چىن، ئەنگلىيە ۋە فرانسىيە ئوتتۇرىسىدا ئىككىنچى قېتىملىق «ئەپيۇن ئۇرۇشى» پارتلىدى. بۇنىڭ تەسىرى شەرقىي تۈركىستاندىكى مانجۇ كۈچىگىمۇ تەسىرقىلىپ، ھەربىي جەھەتتىن ئاجىزلاشتى. ئەپيۇن ئۇرۇشى توختىشى بىلەنلا، تەيپىڭ ئىنقىلابى يەنە باشلىنىپ، بېجىڭ شەھىرىنىڭ يېقىنىدىكى تيەنجىن شەھىرى ئىنقىلابچىلارنىڭ قولىغا ئۆتتى. يەنە بىرتەرەپتىن،

يۈنەن ئۆلكىسىدە تاۋۇنسۇ ئىسىملىك بىر توڭگان چوڭ بىرقوزغىلاڭ قوزغاپ مەزكۇر ئۆلكىنى قولىغا ئالدى. تاۋۇنسۇ ئۆزىنى «سۇلتان سۇلەيمان» دەپ ئاتاپ، مۇستەقىللىق ئېلان قىلدى.

بۇ قوزغىلاڭلارتۇ پەيلىدىن شەرقىي تۈركىستاندىكى چىن ئەسكىرىي كۈچى، يوق دېگۈدەك ھېساپتا ئاز قالدى. يۇرتنى چىقىنلەر، چىن كۆچمەنلىرى ۋە چىنگە سادىق ئەمەلدارلار، ئۆز كۈچلىرىگە تايىنىپ باشقۇرۇۋاتقان بولىسىمۇ، ئۇلارغا چىندىن ئەسكىرىي ياردەمنىڭ كېلىشى مۇمكىن ئەمەسلىكى شەرقىي تۈركىستانلىقلارغا ئايان ئىدى. مانا، بۇلار تۆۋەندە بايان قىلىنىدىغان ئومۇمىي ئىنقىلابنىڭ مۇھىم سەۋەپلىرىدىن بىرىنى تەشكىل قىلاتتى.

5 ـ پەسىل

## مىلادى نىڭ 1815 ـ 1863 ـ يىللىرى ئارىسىداشەرقىي تۈركىستاننىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

گەرچە، ئەللىك يىلغا يېقىن بىر مەزگىل ئىچىدە يۈز بەرگەن يۇقىرىدىكى ئىنقىلابلار ئارقىلىق شەرقىي تۈركىستان خەلقى چىن ئاسارىتىدىن مەڭگۈ قۇتۇلۇپ، دۇنيادىكى باشقا مىللەتلەردەك، ئەركىنلىك ئىچىدە، غۇرۇرىبلەن ياشاشنى مەقسەت قىلغان بولسىمۇ، ئەپسۇسكى، ئىنقىلابچىلاردا توغرا بىرتەشكىلات ۋە كۈچلۈك ئىتتىپاقلىق بولمىغانلىقتىن مەقسەدلىرىگە يېتەلمەي ئەسىرلىك پالاكىتىگە دۇچار بولدى. شۇنداقتىمۇ، بىرىنچى ۋە ئىككىنچى قېتىملىق ئىنقىلابلارنى تامامەن پايدىسىز دېگىلىمۇ بولمايدۇ، چۈنكى، ماددىي ۋە مەنىۋىي جەھەتتە خېلى كۆپ پايدىسى بولدى.

ماددىي جەھەتتىن: چىن ھۆكۈمرانلىرى، خەلقنى ئىككى سىنىپقا بۆلىۋەتكەنلىكى ئۈچۈن، ئۇششاقلار، دەپ ئاتالغان يوقسۇل خەلق، دەھشەتلىك ئېزىلىش ۋە قۇل قىلىنىش نەتىجىسىدە، دايىم باشقىلار ئۈچۈن ئىشلىگەنلىكلىرىدىن يۇرتنىڭ ئاۋات يەرلىرىنىڭ تولىسى ۋەيران بولۇپ كەتكەنىدى. سودا ـ تىجارەتنىڭ ھەممىسى دېگىدەك چىنلىقلارنىڭ قولىدا بولۇپ، چىننىڭ يىپەك ماللىرى، فار ـ فۇر ۋە چاي قاتارلىق تاۋارلىرى شەرقىي تۈركىستانغا ئېلىپ كېلىنىپ، ئالتۇن ـ كۈمۈش ۋە قىممەت باھالىق تاشلارغا ئايلاندۇرۇلۇپ ئېلىپ كېتىلگەنلىكتىن، شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئىقتىسادىي ئېغىر زىيانغا ئۇچراپ، خەلق ناھايىتى نامراتلىشىپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، چىنلىق كۆچمەنلەر پۈتۈن شەھەرلەردە، ھەتتا، كىچىك كەنتلەر دىمۇ جازانەخورلۇق دۇكان ئېچىپ، جازانىگە(ئۆسۈمگە) قەرز پۇل تارقاتتى. چىن ھۆكۈمىتى قويغان ئالۋاڭ ـ سېلىق ئۈچۈن دېھقانچىلىق ياكى باشقا كەسىپى مەھسۇلاتلىرىمۇ يېتىشمىگەن بىچارە خەلق، بۇ جازانىخورلاردىن پۇل قەرز ئېلىپ، ئالۋاڭنى ئۆتەيتتى. قەرز ئالغان پۇلنى ۋاقتىدا بېرەلمىسە ،چىنلىق جازانىخورلار، قەرزدارنىڭ يەر ـ زېمىنى ۋە مال

مۈلكلىرىنى ھېساپلاپ ئېلىۋالاتتى. شۇنىڭ بىلەن خەلق بار يوقىدىن ئايرىلىپ، بەك سەرسان بولۇپ كېتەتتى. دەسلەپكى ئىشغالىيەت دەۋرىدە، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى چىنلاشتۇرۇش سىياستى، كۆپلەپ چىنلىق كۆچۈرۈپ كېلىش شەكلىدە ناھايىتى قاتتىق ئىجرا قىلىندى. ئالدى بىلەن چىنگە چېگرىداش قۇمۇل، بارىكۆل، تۇرپان ۋە ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلارغا چىنلىقلارنى يەرلەشتۇرۇپ، بۇلارغا يەرلىك خەلقنىڭ ئۆي ـ جايلىرىنى، تېرىلغۇ يەر ۋە ھايۋانلىرىنى زورلۇق بىلەن ئېلىپ بەردى. شەرقىي تۈركىستانلىقلارنى قورال كۈچى بىلەن ئاسسىمىلاتسىيە قىلىش ۋە يۇرتلىرىدىن چىقىرىۋېتىشقا ئۇرۇندى. ئۇزۇنغا قالماي، قۇمۇل، تۇرپان ۋە بارىكۆلدىن باشقا ئاھالىسى ئاز بولغان جايلارنىڭ ھەممىسى چىنلىقلار ۋە مۇسۇلمان چىنلىقلار(تۇڭگانلار) نىڭ يۇرتىغا ئايلىنىپ قالدى. ئاھالىسى كۆپرەك بولغان قۇمۇل ۋە تۇرپانغا ئوخشاش شەھەرلەردە، تۈركلەر ئاھالىنىڭ 40% نى تەشكىل قىلدى. چىنلىقلار كۆپ سانىنى ئىگەللەپ كەتتى. باشقا شەھەرلەردىمۇ چىن ۋە چىنغىن نوپۇسى كۈندىن ـ كۈنگە ئاشماقتا ئىدى. شۇنداق قىلىپ، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى زورلۇق بىلەن ۋە ھىيلە ـ مىكىر بىلەن چىنلاشتۇرۇش پىلانى ئەمەلگە ئاشۇرۇلماقتا ئىدى.

بىرىنچى ئومۇمىي ئىنقىلابتا، خەلق ئىچىدىكى«ئۇلۇغ» لار ۋە«ئۇششاق» لاردىكەن پەرق يوقىتىلدى. ئۇلۇغلار، يەنى، ئالاھىدە ئىمتىيازغا ئىگە يۇقىرى تەبىقىدىكىلەر نىڭ تولىسى ئۆلتۈرۈلدى ياكى قېچىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ يەر زېمىنلىرى، ھايۋان ۋە چارۋامالىرىنىڭ ھەممىسى، ئۇششاقلار، يەنى، يوقسۇللارغا تەقسىم قىلىپ بېرىلدى. نەتىجىدە، ھەركىشى، يەرگە ۋە مال مولوككە ئىگە بولدى. كىشىلەر بىر ـ بىرىنى قول قىلىدىغان، ھەقسىز ئىشلىتىپ، زۇلۇم سالىدىغان ئىشلار يوقالدى ۋە ئۇششاقلار پۈتۈنلەي ئازات بولدى. تىجارەت، چىنلىقلارنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىن چىقتى، پۇلى بار ھەرقانداق كىشى ئەركىن ھالدا تىجارەت قىلالايدىغان بولدى. جازانىخور چىنلىقلار يوقىتىلىپ، خەلق ئىگىلىكى ۋەيران بولۇشتىن قۇتۇلدى. پۈتۈن شەرقىي تۈركىستان مىقياسىدا كۆپ سانغا قاراپ تەرەققىي قىلىپ، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ مەۋجۇد بولۇپ تۇرۇشىغا تەھدىت سېلىپ تۇرۇۋاتقان چىن كۆچمەنلىرى ۋە چىنغىنلەر ئىنقىلاب جەريانىدا ئۆلتۈرۈلدى ياكى قېچىپ كېتىپ ناھايىتى ئاز قالدى. شۇنىڭ بىلەن ئاسسىمىلاتسىيە بولۇپ كېتىش خەۋپى تامامەن يوقالدى. ھەركىشى ئۆز مەنپەئەتى ئۈچۈنمۇ دۆلەت مەنپەئەتى ئۈچۈنمۇ تىرىشىپ ئىشلىدى. شۇنداقلا مەملىكەت باي ۋە يۇرت ئاۋات بولدى. شەرقىي تۈركىستان چىننىڭ بىر ئۆلكىسى بولۇپ قېلىش خەۋپىدىن قۇتۇلدى ۋە تۈرك بولغان مىللىتى چىنلىشىپ كېتىشتىن ۋە ئىسلام دىنىدىن ئايرىلىپ، ھالاك بولۇپ كېتىشتىن قۇتۇلۇپ، ئۆز مەۋجۇدىيىتىنى مۇستەھكەملىدى.

مەنىۋىي جەھەتتىكى پايدىسى: چىن ئىشغالىيىتى دەۋرىدە مەيلى دىنىي ئىلىملەر بولسۇن، مەيلى ئەدەبىي ياكى پەلسەپە ئىلىملىرى بولسۇن يوق دېگۈدەك ھالەتكە چۈشۈپ قالغانىدى. ئىنقىلاب غەلىبە

قىلغاندىن كېيىن، ئىنقىلابچىلارنىڭ بىرىنچى ئەھمىيەت بەرگەن ئىشى، باشقا ئىسلام مەملىكەتلىرىدىن ئالىملارنى تەكلىپ قىلىپ، مەكتەپ ۋە مەدرىسە ئېچىپ، ئىلىم تارقىتىشتىن ئىبارەت بولدى. بۇنىڭ ئۈچۈن، بۇخارا، پەرغانە، ئافغانىستان ۋە ھىندىستاندىن كۆپلىگەن ئالىملار ئېلىپ كېلىندى. بۇلارنىڭ ئىچىدە مەشھۇر ئالىملاردىن «كۇللابلىق» موللا ئابدۇللاھ (كولابى ئاخۇنۇم) مەكتەپ ۋە مەدرىسىلەر دىكى دەرس پروگراممالىرىنى تەرتىپكە سالغان ۋە قارى ئابدۇللا قۇرئان تەلىمىدە تەجۋىد ئۇسۇلىنى يولغا قويۇپ، بۇ ھەقدە تۈركچە بىر ئەسەر يېزىپ چىققان. شۇنىڭ بىلەن قىسقا بىر مۇددەت ئىچىدە دىن ۋە پەلسەپە ئالىملىرى، تۈركچە، پارسچە ۋە ئەرەبچە ئەدەبىياتى ساھەسىدە نۇرغۇن ماھارەتلىك تالانت ئىگىلىرى يېتىشىپ چىقتى. يەركەن، قەشقەر ۋە خوتەن شەھەرلىرى ئىلىم مەركىزىگە ئايلاندى. بۇرۇن ئۇقۇش ـ يېزىشنى بىلىدىغان ساۋاتلىق كىشىلەر مىڭدە بىر نىسبەتتىنمۇ توۋەن دەرىجىدە بولغان، جاھالەتنىڭ قاراڭغۇلىقىدا قالغان شەرقىي تۈركىستاندا ئۇلۇغ ئالىملار، ئۆتكۈر شائىرلار يېتىشىپ چىقتى ۋە ئەڭ بۇلۇڭ ـ پۇچقاقتىكى يەرلەردىمۇ ساۋاتلىق كىشىلەر كۆپەيدى. خەلق ئىچىدىن يېتىشىپ چىققان مەشھۇر يازغۇچىلاردىن تۇرسۇن بەگنىڭ ئەسەرلىرى تا ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلمەكتە. مەريەم ئاخۇن ئاغىچا دەك بىر قانچە ئايال مۇددەررىس ۋە شائىرلىرىمىز، خوتەندىن قاراڭغۇتاغلىق ۋە قارقاشلىق «ئۈچ موللانىياز ئاخۇنلار» دەك مەشھۇر مىللىي شائىرلىرىمىز يېتىشىپ چىققان. بۇلارنىڭ ئەسەرلىرى خەلقىمىزنىڭ قولىدا بۈگۈنگىچە ساقلىنىپ كەلمەكتە. دېمەك، بۇ ئىنقىلابلار نەتىجىسىدە، ئەسلى مەقسەت قىلىنغان مۇستەقىللىق قولغا كەلمىگەن بولسىمۇ، مۇستەقىللىق سائادىتى ئېلىپ كېلەلەيدىغان يۇقىرىقىدەك بىرقانچە قىممەتلىك كۆرەش مۇئەللىرىنىڭ ھاسىل بولغانلىقىنى كۆرىمىز.

6 ـ پەسىل

## شەرقىي تۈركىستاندا ئۈچىنچى ئومۇمىي ئىنقىلاب

ھىجرى 1278ـ (مىلادى 1861ـ) يىلى چىنىدىكى تەيپىڭ ئىنقىلابى ۋە يۇننەن ئىنقىلابى كەڭ كۆلەمدە كۈچىيىپ، ئىمپېراتورنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا قارىغىدەك ھالى قالمىدى. بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، شەرقىي تۈركىستانلىقلار يەنە ئارقا ـ ئارقىدىن مەملىكەتنىڭ بەش يېرىدە چىنگە قارشى كەڭ كۆلەمدە قوزغالدى.

ھىجرى 1279ـ (مىلادى 1863ـ) يىلى ئىلى ۋە يەتتە سۇ رايونلىرىدا، تارانچىلار ۋە تۇڭگانلار بىرلىشىپ، زور بىر ئىنقىلاب قوزغىدى. ئىلىدىكى جاڭجۇڭ باشلىق چىنلىقلار ۋە پۈتۈن چىنفىلەرنى يوقىتىپ، مۇستەقىللىق ئېلان قىلدى.

ھىجرى 1280ـ (مىلادى1863ـ) يىلى كۇچادىكى تۈركلەر ۋە تۇڭگانلار، ئۇلۇغ دىنىي پېشۋاسى راشىددىن خاننىڭ رەھبەرلىكىدە قوزغالدى. بىرقانچە قېتىملىق ئۇرۇشتىن كېيىن، كۇچا، ئاقسۇ ۋە كورلا شەھەرلىرىنى ئالدى ۋە تېخىمۇ ئىلگىرلەپ، قاراشەھەر، تۇرپان، ئۈرۈمچى، قۇمۇل ۋە بارىكۆلنىمۇ ئىگەللەپ، چىن چېگرىسىغىچە بولغان پۈتۈن جايلارنى قولغا چۈشۈردى.

شۇ يىلى، خوتەننىڭ مەشھۇر دىنىي پېشۋاسى مۇپتى ھەبىبۇللا ھاجىمنىڭ ئوغۇللىرىدىن ئابدۇراھمان ئاخۇن ۋە ئىبراھىم خانلارنىڭ رەھبەرلىكىدە، خوتەن خەلقى قوزغالدى ۋە قوزغالغان كۈنى چىنلىقلارنى سېپىل ئىچىدە مۇھاسىرىگە ئالدى. بىرقانچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، مۇھاسىرىدىكى چىنلىقلار خەزىنە ۋە قورالىرىنى تاپشۇرۇپ بېرىپ، شەھەردىن چىقىپ كېتىپ، جانلىرىنى قۇتقۇزۇپ قالدى. خوتەن خەلقى، مۇپتى ھەبىبۇللا ھاجىمنى ئاق كىگىزدە ئولتۇرغۇزۇپ، پادىشا دەپ ئېلان قىلىپ بەيئەت قىلدى. ئۇندىن كېيىن، غەربدە گۇما، شەرقتە كېرىيە ۋە چەرچەنگىچە بولغان جايلارنى ئېلىپ، خوتەن ھۆكۈمىتىنىڭ تېرىتورىيەسىنى كېڭەيتتى. يەنە شۇ يىلى قەشقەرخەلقى سىدىق بەگنىڭ رەھبەرلىكىدە قوزغۇلۇپ، چىنلىقلارنى مەغلۇپ قىلدى. قەشقەر كونا شەھەر، يېڭىسار ۋە پەيزى ئاۋات شەھەرلىرىنى قولغا كىرگۈزۈپ چىنلىقلارنى يېڭى شەھەر سېپىلىدە قورشاۋغا ئالدى. يەركەندىكى قورالىق تۇڭگانلار، بۇ ئومۇمىي ئىنقىلاب دولقۇنى ئىچىدە جانلىرىنى ساقلاپ قېلىش مەقستى بىلەن چىنلىقلاردىن ئايرىلىپ، چىنلىقلارغا قارشى جىھاد قىلدۇق دەپ، ئىسيان قۇزغىدى. بۇ جىھاتقا پۈتۈن يەركەن خەلقى قېتىلدى. يەركەن ئالتى شەھەرنىڭ جەنۇپ قىسمىنىڭ مەركىزى ۋالىسى (خان ئامبان) تۇرىدىغان جاي بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ يەردە چىننىڭ كۈچى خېلى كۆپ ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، شەھەر ئىككى يېرىم ئاي مۇھاسىرىدىن كېيىن، قانتىق بىرھۇجۇم ئارقىلىق پەتھى بولدى. خان ئامبان باشلىق چىنلىقلار ئۆلتۈرۈلدى. پوسكام ۋە قارغىلىقلارنىمۇ ئېلىپ، يەركەن خەلقىنىڭ تەرىقەت پېشۋاسى ئابدىراھمان ھەزرەتنى پاشا قىلىپ تىكلىدى. مانا، بۇ ئىنقىلابلار بەش مەركەزدە قوزغالدى ۋە بەش مۇستەقىل ھۆكۈمەت قۇرۇلدى. بۇلارنىڭ ئارىسىدا ئالاقە مۇناسىۋىتى يوقتى، بىربىرى بىلەن ھەمكارلىق ۋە ئىتتىپاقلىق تېخىمۇ يوقتى(21 ـ خەرىتىگە قاراڭ). بۇ ئىنقىلابلار تامامەن ئايرىم ھالدا مەيدانغا كېلىپ، ئازات قىلىنغان يەرلەردە ئۆزئالدىغا مۇستەقىللىق ئېلان قىلىندى. نەتىجىدە، شەرقىي تۈركىستاننىڭ بەش يېرىدە، بەش مۇستەقىل مىللىي ھۆكۈمەت قۇرۇلدى. لېكىن، بۇ ھۆكۈمەتلەرئۆزئارا سەممىمي بىرلىك ۋۇجۇتقا كەلتۈرەلمىدى. بۇنىڭ سەۋەبى: بۇ ئىنقىلابلارنىڭ قانداق باشلانغانلىقى، ئەسكىرىي كۈچى، ئىنقىلابنىڭ نىشانىسى، ئىنقىلابقا قاتناشقانلار ۋە ئىدارىي تەشكىلاتلىرىنىڭ بىر-بىرلىرىدىن خەۋەرسىز ۋە ماسلىشالمىغانلىقىدا ئىدى. تۆۋەندە، ھەرقايسى ئىنقىلابنىڭ باشلىنىشىدىكى ئامىلى، ئىنقىلابنىڭ مەقسىدى، ئىنقىلابقا ئارىلاشقان چەت ئەللىكلەر، ئىنقىلابنىڭ تەشكىلى ئەھۋالى ۋە ئىنقىلاب رەھبەرلىرى بىلەن ئۇلارنىڭ مەسىلەكلىرى ھەققىدە ئالاھىدە توختىلىمىز. ئاخىرىدا، ئىنقىلاب

ۋە ئىنقىلاپچىلارنىڭ ئاقىۋىتىنى بايان قىلىپ ئۆتىمىز.

## ئىلى ۋە يەتتەسۇ ئىنقىلابى

ئىلى ۋە يەتتەسۇدا، شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كۆچۈپ كېلىپ يەرلەشكەن تۈرك (تارانچى) لەر، چىن ھۆكۈمىتى چىندىن كۆچۈرۈپ ئېلىپ كېلىپ يەرلەشتۈرگەن چىنفىنلەر ۋە چىندىن سۈرگۈن قىلىپ ھەيدەلگەن تۇڭگانلاربولۇپ ئۈچ خىل خەلق مەۋجۇد ئىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە % 70 تارانچى، % 10 تۇڭگان ۋە قالغىنى چىنلىقلار ۋە چىنفىنلەر ئىدى. چەنفەنلەر كۆپ ئىمتىيازغا ئىگە بولۇپ، چىلڭ سۇلالىسى بۇلارغا ناھايىتى ئىشەنچ قىلاتتى. بۇلارنىڭ ھەممىسى قوراللىق بولۇپ، ھۆكۈمەتنىڭ يەرلىك ئەسكەرلىرى ئىدى. تارانچىلار تۈرك ۋە مۇسۇلمان بولغانلىقلىرى ئۈچۈن چىنلىقلار بۇلارنى خىزمەتكار قاتارىدا كۆرەتتى، ھەرخىل زۇلۇم ۋە جاپا بۇلارنىڭ بېشىغا كېلەتتى.

تۇڭگانلارچىنلىق بولسىمۇ، مۇسۇلمان بولغانلىقلىرى ۋە ئىسيان چىقارغانلىقلىرى ئۈچۈن سۈرگۈن قىلىنىپ، چىنفىنلەرنىڭ نازارىتى ئاستىدا، دايىم ئۇلارنىڭ زۇلۇمى ۋەكەمسىتىشلىرى ئاستىدا ياشاپ كەلگەنىدى. بۇ سەۋەپتىن تۇڭگانلار، چىنلىقلارنى ۋە چىنفىنلەرنى ئۆزىگە دۈشمەن دەپ قارايتتى. تۈرك خەلقى بىلەن ياخشى مۇناسىۋەتتە ئىدى. ئىلى ۋە يەتتەسۇدىكى ئومۇمى نوپۇسىنىڭ 80% نى تەشكىل قىلغان تارانچىلار ۋە تۇڭگانلار بىرلىشىپ، ھىجرى 1279-. (مىلادى 1872-) يىلى ئىنقىلاب قوزغىدى. باشتا، تاغ ئارىسىدىكى مۇستەھكەم جايلارغا يەرلىشىۋېلىپ، پارتىزانلىق ئۇرۇش تاكتىكىسى بىلەن چىن ئەسكەرلىرىگە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ ئېغىر زەربە بەردى. ئۇلارنىڭ قورال - ياراقلىرىنى ئولجا ئېلىپ، ياخشى قوراللاندى ۋە شەھەرگە ھۇجۇم قىلغىلى باشلىدى. تەخمىنەن، بىر يىلغا قەدەر داۋام قىلغان ئۇرۇشلاردىن كېيىن، ئىنقىلاپچىلار قەتئىي غەلىبە قىلىپ، جاڭجوڭلۇق مەركىزى بولغان چىنفىن شەھرىنى[99] ئىشغال قىلدى ۋە شەھەرنى پۈتۈنلەي ۋەيران قىلىۋەتتى. جاڭجۇڭ باشلىق پۈتۈن چىنلىقلار ۋە چىنفىنلەرنى قىرغىن قىلدى. يالغۇز بىرچىنفىن شەھرىدە، 80000 چىنلىق ۋە چىنفىننىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكى رىۋايەت قىلىندۇ.

شۇنىڭ بىلەن پۈتۈن ئىلى ۋە يەتتەسۇ ئازات بولۇپ، ئىنقىلاپچىلار غەلىبىگە ئېرىشتى. ئىلى ۋە يەتتەسۇ ئىنقىلابچىلىرى، چىننىڭ كۈچى ئەڭ كۆپ بولغان، ھەمدە ئومۇمىي ۋالىيلىق مەركىزى بولغان بۇجايدا، ناھايىتى زور مۇۋەپپەقىيەت قازانغانلىقى ئۈچۈن، باشقا ئىنقىلاپچىلارغا قارىغاندا كۆپرەك ئەھمىيەتكە ئىگە. لېكىن، بۇ ئىنقىلاب تارىختا بىر- بىرلىرى بىلەن كېلىشەلمىگەن، تۇڭگان ۋە تۈركلەرنىڭ ئورتاقلىشىشى بىلەن ئېلىپ بېرىلغانلىقى ئۈچۈن بۇ ئەھمىيىتى، ئۇرۇش ئاياغلاشقاندىن

[99] بۇ شەھەرنىڭ خارابىسى بۈگۈنمۇ غولجا ۋە كۈرەنىڭ ئارىسىدا مەۋجۇد ( مۇئەللىپنىڭ ئىزاھاتى).

كېيىنلا يۈزبەرگەن ئىچكى ئىختىلاپلار نەتىجىسىدە يوقالدى.

غەلىبە قازانغاندىن كېيىن، تۇڭگانلار ئىنساپسىزلىق قىلىپ، چىنلىقلاردىن ئېلىنغان ھېساپسىز ئولجىنى يالغۇز ئۆزلىرىلا ئېلىشىنىڭ كويىغا چۈشتى. تارانچىلارنىڭ رازىلىقىنى ئالماستىن، بىرتۇڭگانىنى ھۆكۈمدارلىققا تەيىن قىلدى ۋە ھۆكۈمەتنىڭ تەشكىلى ئورگانىنى پۈتۈنلەي چىن ئۇسۇلى بويىچە تۈزۈپ چىقتى. دېمەك، تۇڭگانلار، يۇرتنىڭ ئەسلى ئىگىلىرى بولغان، سان جەھەتتىنمۇ مۇتلەق كۆپچىلىكنى تەشكىل قىلىدىغان ۋە ئىنقىلابنىڭ ئاساسى تايانچ كۈچى بولغان تارانچىلارنى، ھەر جەھەتتەبىر يانغا قايرىپ قويۇپ، مەملىكەتنى بىرتۈرك يۇرتى قىلىشنىڭ ئورنىغا يەنە چىن مۇستەملىكىسى قىلىشنى مەقسەت قىلغان. تارانچىلار بۇ ئىنساپسىزلىققا رازى بولمىدى ۋە «يۇرت بىزنىڭ، ئىنقىلابنى بىز قوزغاپ چىقتۇق ۋە بىز سان جەھەتتىمۇ كۆپچىلىك ئورۇندا تۇرىمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن، ھۆكۈمدار بىزدىن بولىدۇ، ئولجا ۋە غەنىمەتلەر بىزنىڭ ھەققىمىز. ھۆكۈمەتنىڭ تەشكىل تۈزۈملىرىنى چىنچە ئەمەس، ئىسلام ئۇسۇلىغا ئۇيغۇن قۇرۇپ چىقىمىز. تۇڭگانلارغا قىلغان خىزمەتلىرىگە يارىشا مۇكاپات ۋە ئىمتىياز بېرىمىز» دەپ، تۇڭگانلاردىن ئايرىلىپ چىقىپ، ئۆزئىچىدىن بىرىنى خان دەپ ئېلان قىلدى. ھۆكۈمەتنى ئىسلام ۋە تۈرك ئەنئەنىلىرىگە ئۇيغۇن بىرشەكىلدە قۇرۇپ چىقتى. نەتىجىدە، بۇ ئىككى مىللەت ئوتتۇرىسىدا ئۇزۇنغا سوزۇلغان قانلىق ئۇرۇشلار باشلىنىپ، ھەر ئىككى تەرەپ تازا ئاجىزلاشتى. ئاخىرىدا، غولجا ۋىلايىتى تۇڭگانلارنىڭ قولىدا، ئىلى ۋە يەتتەسۇ ۋىلايەتلىرى تارانچىلارنىڭ بولىدىغانلىقى قارارلاشتۇرۇلدى. بۇ ئىختىلاپلار نەتىجىسىدە، ئىنقىلاب ھېچ ئالغا باسالمىدى.

ھىجرى 1286- (مىلادى 1869-) يىلىغا كەلگەندە، ياقۇپ بەگ غولجىغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇ يەردە تۇڭگانلارنىڭ قول ئاستىدا قالغان تارانچىلارنىڭ ياردىمى بىلەن تۇڭگانلارنى مەغلۇپ قىلىپ غولجىنى ئالدى. ئاياق ئىلى ۋە يەتتەسۇدىكى تارانچى ھۆكۈمىتى، ياقۇپ بەگكە رەسمىي ئىتائەت قىلىپ، مەلۇم مىقدارخىراج تۆلەشنى ئۈستىگە ئېلىپ پۈتۈشتى. ھىجرى 1288- (مىلادى 1871-) يىلى تۇڭگانلار غولجىنى يەنە بېسىۋالدى. تارانچى ھۆكۈمىتى ياقۇپ بەگدىن قۇتۇلۇپ مۇستەقىل بولدى. كېيىنچە غولجا تارانچىلارنىڭ قولىغا ئۆتتى، ۋە ھىجرى 1294- (مىلادى 1877-) يىلى چىنلىقلارغا قارشى ئۆزلىرىنى غەلىبىلىك بىلەن قوغداپ، مۇستەقىللىقىنى ساقلاپ قالدى. ھىجرى 1297 - (مىلادى 1880-) يىلى روسلارنىڭ يەتتە سۇنى ئىشغال قىلىشى بىلەن بۇمىللىي ئىستىقلال يىقىلدى.

## كۇچا ئىنقىلابى

ھىجرى 1280- (مىلادى 1863-) يىلى كۇچادا، بىر قانچە ئېسىلزادىلار بىرلىشىپ، بىر يوشۇرۇن تەشكىلات قۇردى. بۇ كىشىلەر، تۇغلۇق تۆمۈرخان توغرىسىدىكى باياننىمىزدا تىلغا ئېلىنغان، مەۋلانا

ئەرشىددىننىڭ ئەۋلاتلىرىدىن بولۇپ، كوچانىڭ تەرىقەت مۇرشىد(ئىشان) لىرى خانىدانىغا مەنسۇپ كىشىلەر ئىدى. كوچادا، بىرقانچە مىڭ ئۆيلۈك كۆچمەن تۇڭگان بارئىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى قوراللىق بولۇپ، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ سادىق ئادەملىرى ئىدى. بۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇلار بىرتەرەپتىن يۇقىرىدىكى تەرىقەت مۇرشىدلىرىگە مۇرىت بولغانلار ئىدى. تەشكىلاتىنىڭ قورالىي بولمىغانلىقتىن تۇڭگانلاربىلەن بولغان بۇ مۇناسىۋەت ئارقىلىق قوراللىق تۇڭگانلارنى ئىشانلار، ئاستا ـ ئاستا ئۆز تەرىپىگە تارتتى. كۇچادىكى تۈركلەر ۋە تۇڭگانلار بىرلىشىپ، بىركېچىدە قوزغىلىپ چىقىپ، چىنلىقلارنىڭ شەھەرئىچىدىكى پۈتۈن ئىستىھكاملىرىنى ئىشغال قىلدى. ئۇلار سېپىل ئىچىگە كىرىۋالدى، ئىنقىلاپچىلار سېپىلنى قورشاۋغا ئالدى. ئەتىسى، پۈتۈن ئىنقىلاپچىلار بىر پىكىرگە كېلىپ، كۇچانىڭ ئەڭ چوڭ مۇرشىدى بولغان ئەرشىددىن خان خوجىنى ئاق كىگىزدە ئولتۇرغۇزۇپ، ئۇنىڭغا بەيئەت قىلدى ۋە خان خوجا دەپ ئېلان قىلدى. بۇكىشى ئەسلىدە، پۈتۈن ئۆمرىنى ئىبتىكاپتا تەرىقەتنىڭ پىرى بولۇپ ئۆتكۈزگەن، سىياسەت ۋە ئەسكىريي ئىشلەردىن خەۋەرسىز، سادەكۆڭۈل ۋە تەجرىبىسىز بىرسى ئىدى. ئامما، ئىنقىلاپچىلار ئۇنىڭ خەلق ئىچىدىكى يۇقىرى ئىناۋىتىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۇنى خان قىلىپ سايلاپ چىقتى.

بۇ مۇراسىمدىن كېيىن، كوچا ئىنقىلاپچىلىرى سېپىلدىكى چىنلىقلارغا ھۇجۇم باشلىدى. بىرقانچە كۈنلۈك ئۇرۇشلاردىن كېيىن، سېپىلنى قولغا چۈشۈرۈپ چىنلىقلارنى يوقاتتى. كۇچا ۋە ئەتراپىنى تامامەن ئېلىپ بولغاندىن كېيىن خان خوجا، ئىنىسى جامالىددىن خوجىنى بىرنەچچە مىڭ ئەسكەر بىلەن ئاقسۇغا يوللىدى. جامالىددىن خوجا، ئاقسۇ، باي ۋە ئۇچ تۇرپاننى پەتھى قىلدى. جىيەنى ئىسھاق خوجىنى 2500 كىشىلىك قوشۇن بىلەن شەرق تەرەپكە يوللاپ، كورلا ۋە قارا شەھەرگە يۈرۈش قىلدى. ئىسھاق خوجا يېتىپ كەلگىچە، قاراشەھەر ۋە ئېرىم (لوپنۇر) دىن نۇرغۇن چىنلىقلار كورلىغا يىغىلغان بولۇپ، بۇجايدا بەش مىڭدىن ئارتۇق ئادەم توپلىنىپ قالغانىدى. ئىسھاق خوجا ئۆزىنىڭ كۈچىگە قارىغاندا، دۈشمەن كۈچىنىڭ كۆپلىكى ۋە قورال ـ ياراقلىرىنىڭ تولۇقلىقىغا قارىماي كورلىغا ھۇجۇم قىلىپ، چىنلىقلارنى مۇھاسىرىگە ئالدى. بۇ ئەسنادا بۇگۇر يېڭىسار ۋە كورلا ئەتراپىدىن ئۈچ مىڭغا يېقىن ئىنقىلاپچى ئىسھاق خوجىنىڭ ياردىمىگە كەلدى. ئېرىمدىن، ئىسلام خەلپە باشچىلىقىدا يەتتە يۈز ئۇۋچى قوراللىرى بىلەن كېلىپ قېتىلدى. نەتىجىدە، ئىسھاق خوجا ئالتە مىڭغا يېقىن ئەسكەرگە ئىگە بولۇپ، قاتتىق بىر مۇھاسىرەدىن كېيىن ھۇجۇم قىلىپ،كورلىنى ئالدى. ئىسھاق خوجا بۇغەلىبىدىن كېيىن، ھەرتەرەپتىن ياردەمگە كېلىپ قوشۇلغان مۇجاھىدلار بىلەن قوشۇلۇپ، ئون مىڭدىن ئۇشۇقراق ئەسكەر بىلەن قارا شەھەرگە يۈرۈش قىلدى. قارا شەھەردىكى چىن ئەسكەرلىرى 5 ـ 6 مىڭغا يېقىن بولۇپ، ئۇلاردا خېلى كۆپ توپ بار ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە قارا شەھەر دەرياسى چوڭ بىر توسالغۇ ئىدى. ئىسھاق خوجا دەريا بويىدا تۇرۇپ ئوق ئېتىپ، بىر قانچە كۈن ئېرىشىپ باققان

بولسىمۇ، بىرنەتىجە چىقمىدى. چىنلىقلارنىڭ دەريا بويىدىكى مۇداپىئەسى كۈچلۈك بولغانلىقى ئۈچۈن دەريا دىن ئەسكەر ئۆتكۈزۈش مۇمكىن بولمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە قارا شەھەر، ئۈرۈمچى ۋە تۇرپاندىن دۈشمەنگە ئارقا ـ ئارقىدىن ياردەمچى قوشۇن كېلىۋاتقانلىق خەۋىرى تارقالدى. ئىسھاق خوجا، بۇ ۋەزىيەتتە بىردىن ـ بىر چارىنىڭ قارا شەھەرنىڭ شەرق تەرىپىگە ئۆتۈپ، ئۈرۈمچىدىن كېلىۋاتقان ياردەمنى ئۈزۈپ تاشلاشتىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ، بىرقىسىم ئەسكەرلىرىنى قاراشەھەر دەرياسى بويىدا قويۇپ، ئۆزى ئاساسى قوشۇننى ئېلىپ ئارقىغا قايتىپ، باغراش كۆلىنىڭ غەربى ـ جەنۇب ۋە شەرق قىرغىقىنى بويلاپ ئالتەكۈن يول مېڭىپ، قارا شەھەرنىڭ 40 مىل شەرقىدىكى ئۇششاق تالغا يېقىنلاشتى. ئىسھاق خوجا، ئوششاق تالدا، ئۈرۈمچىدىن ياردەمگە كەلگەن. چىنلىقلار ۋە قالماقلاردىن تەركىپ تاپقان ئۇنىمىڭ كىشىلىك بىرقوشۇننىڭ ھېچ نەرسىدىن خەۋەرسىز ھالدا تۇرۇۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تاپتى ۋە بۇ دۈشمەن ئۈستىگە ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىپ، ئېغىرھالدا مەغلۇپ قىلدى. چىنلىق باش قوماندان ئۆلتۈرۈلدى ۋە ئۇنىڭ پۈتۈن خەت ـ چەك ۋە ئالاقە ھۆججەتلىرى ئىسھاق خوجىنىڭ قولىغا چۈشتى. دۈشمەن ئەسكەرلىرىنىڭ تولىسى ئۆلتۈرۈلدى. ساق قالغان ئازغىنە ئەسكەر پاراكەندە ھالدا قارا شەھەرگە قاراپ قاچتى. دۈشمەننىڭ نۇرغۇن قورال ـ ياراق ۋە ئوق ـ دورا قاتارلىق ئەسكىرىي لاۋازىمەتلىرى مۇجاھىتلارغانىمەت چۈشتى. ئۆلتۈرۈلگەن باشقۇماندانىنىڭ يېنىدىن چىققان بىرخەتتە، ئۈرۈمچىدىن ياردەمگە كېلىۋاتقان، ئۈچ بۆلۈك قوشۇننىڭ، ئۇششاق تالغا كېلىش ۋاقتى ـ سائەتلىرى يېزىلغانىدى. ئىسھاق خوجا بۇنىڭغا ئاساسەن، ئۇششاق تالدا ئازساندا ئەسكەر قويۇپ، ئۆزى قوشۇننى ئېلىپ، دەرھال قارا قىزىل جىلغىسىنىڭ ئىككى ياقىسىغا جايلىشىپ، يوشۇرۇنۇپ تۇردى. دۈشمەن ئەسكەرلىرى بۇلىدىغانلاردىن خەۋەرسىز ھالدا جىلغىغا كىرگەن ھامان ئىككى ياقىدىن ئۇشتۇمتۇت ئوققا تۇتۇلدى ۋە 4 ـ 5 كۈن ئىچىدە، ئارقا ـ ئارقىدىن كەلگەن دۈشمەن ئەسكەرلىرىنىڭ ھەممىسى يوقىتىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئىسھاق خوجا، ئۈرۈمچىدىن كېلىدىغان دۈشمەنلەرنى تامامەن يوقىتىپلا قالماي، ناھايىتى كۆپ ئەسكىرىي لاۋازىمەت ۋە باشقا غەنىمەتلەرنى قولىغا چۈشۈرۈپ خاتىرجەم ھالدا قارا شەھەرگە يۈرۈش قىلدى. قارا شەھەردىكى چىنلىقلار شەھەردىن چىقىپ، ئۇششاق تالنىڭ 10 مىل غەربىدىكى چوقۇر دېگەن جايدا نۇرغۇن ئەسكەر توپلاپ، ئىستىھكام ياساپ تۇرغانىكەن. ئىسھاق خوجىنىڭ چوقۇرغا يېتىپ كېلىشى بىلەن ئۇرۇش باشلىنىپ كەتتى. دۈشمەن كۈچلۈك توپلىرىنى ئىشقا سېلىپ، ئىنقىلاپچىلارغا ئېغىر زىيان يەتكۈزدى. بىرەر مىڭدەك مۇجاھىد شېھىت بولدى ۋە ئەسكەرلەر چېكىنىشكە باشلىغان بىر پەيتتە، ئىسھاق خوجىنىڭ ئەمرى بىلەن يۈز ئاتلىق مۇجاھىت بىردىن ئات سېلىپ، دۈشمەننىڭ توپچى قىسمىنىڭ ئۈستىگە بېسىپ كەلدى. ئۆلگەنلىرى ئۆلۈپ، ساق قالغانلىرى دۈشمەن توپچىلىرىنىڭ ئارىسىغا كىرىپ، ھەممىسىنى، قىلىچتىن ئۆتكۈزدى. توپ ئوقى ۋە مىلتىق دورىسى يۈكلەنگەن

هارۋىلارغا ئوت قويۇپ، دۈشمەننىڭ توپچىلىرى بىلەن قوشۇپ پارتلىتىپ هاۋاغا ئۇچۇرىۋەتتى. بۇنىڭ بىلەن، دۈشمەن ئەسكەرلىرى ئىچىدە قاتتىق ئالاقزادىلىك پەيدا بولدى. ئارقىغا چېكىنىۋاتقان مۇسۇلمان ئەسكەرلەر بۇنى كۆرۈپ، جاسارەتلەندى، پۈتۈن قوشۇن بىردەك هۇجۇمغا ئۆتتى. دۈشمەن بۇ شىددەتلىك هۇجۇمغا بەرداشلىق بېرەلمەي، قارا شەهەرگە قاراپ قاچتى. دۈشمەننىڭ پۈتۈن توپ ئوقلىرى، ئات، تۆگە ۋە هارۋىلىرى مۇجاهىدلار تەرىپىدىن ئولجا ئېلىندى.

ئىسهاق خوجا دۈشمەننىڭ ئارقىسىدىن قوغلىغان پېتى قاراشەهەرگە كىرىپ، مۇهاسىرىگە ئالدى. بۇچاغدا، كوچادىن ئىسهاق خوجىنىڭ ياردىمىگە كەلگەن مىڭلارچە مۇجاهىد قارا شەهەر دەرياسى بويىغا توپلانغانىدى. ئىسهاق خوجا، بۇلارنىمۇ شەهەرگە كىرىشكە بۇيرۇدى. ئون ئىككى كۈن مۇهاسىرىدىن كېيىن، مۇجاهىدلار سېپىل دەرۋازىسىغا ئوت قويۇپ، سېپىلنىڭ تېمىنى بىرقانچە يەردىن دورا كومۇپ پارتلىتىپ شەهەرگە هۇجۇم قىلدى. چىنلىقلارنىڭ كۆپىنچىسى ئۆلتۈرۈلدى، ساق قالغانلىرى ئەسىر ئېلىندى. قارا شەهەردە، مۇجاهىدلارنىڭ قولىغا چۈشكەن ئولجىنىڭ كۆپلىكىنى، قىممىتىنى، موساخۇن « تارىخىي ئەمنىيە» دېگەن ئەسەرىدە تەپسىلى بايان قىلىپ ئۆتكەن[100].

قاراشەهەرنىڭ ئىستىراتېگىلىك ئورنى، شەرقىي تۈركىستان بويىچە ئەڭ مۇهىم ئورۇندا ئىدى. ئىسهاق خوجىنىڭ بۇ غالىبىيىتى، تۇرپان ۋە ئۈرۈمچىنىڭ ئېلىنىشىنى ئاسانلاشتۇرۇشى مۇمكىن ئىدى. نەتىجىدىمۇ شۇنداق بولدى، تۇرپان ۋە ئۈرۈمچىنىڭ ئېلىنىشى قارا شەهەرگە قارىغاندا، % 50 ئاسانغا چۈشتى.

هىجرى 1281- (مىلادى 1864-) يىلى ئىسهاق خوجا، زور بىرقوشۇن بىلەن شەرققە يۈرۈش قىلىپ، تۇرپان خەلقىنىڭ ياردىمى بىلەن تۇرپان شەهىرىنى ئۇڭايلا قولغا چۈشۈردى. ئەمدى، نۆۋەت چىنلىقلار ئەڭ كۆپ ۋە مۇستەهكەم ئورۇنلاشقان يېرى ئۈرۈمچىگە كەلگەنىدى. ئىسهاق خوجا ئۈرۈمچىنى ئىككى ئاي مۇهاسىرە قىلغاندىن كېيىن، پۈتۈنلەي ئىگەللىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن، گۇچىنىڭ، جىمسار، قۇتۇبى، ماناس ۋە شىخو قاتارلىق شەهەرلەرنى ناهايىتى قاتتىق ئۇرۇشلاردىن كېيىن قولغا چۈشۈردى. بۇ ئۇرۇشلاردا تۇڭگانلار ئىسهاق خوجىغا كۆپ ياردەم قىلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىسهاق خوجا ئۈرۈمچى ۋىلايىتىگە تۇڭگانلارنىڭ چوڭ موللىسى «يۈسۈپ لاۋ رىنجا» نى ۋالىي قىلدى ۋە باشقا شەهەرلەرگىمۇ تۇڭگانلاردىن هاكىم ۋە ئەسكىرىي مەنسەپتار تەيىن قىلدى.

ئىسهاق خوجا، بۇ جايلارنى ئىگەللەپ بولغاندىن كېيىن، چىنگە چېگرىداش بولغان ئىككى مۇهىم جاينى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، ئەسكەرلىرىنى ئىككىگە ئايرىپ، بىرقىسمىنى بارىكۆلگە يوللىدى. بىر قىسمىنى ئۆزى باشلاپ، قۇمۇلغا يۈرۈش قىلدى. بارىكۆل بىرقانچە كۈنلۈك مۇهاسىرىدىن كېيىن

[100] مۇئەللىپ بۇ يەردە موللامۇسا سايرامىنىڭ خەلق ئىچىدە مەشهۇر بولغان ئىسمى بىلەن ئاتىغان(ن. ش. ھ.).

ئېلىندى. ئەمما، قۇمۇلنىڭ پۈتۈن شەھەر ۋە كەنتلىرى گەنسۇ چېگرىسىغىچە قولغا كەلتۈرۈلگەن بولسىمۇ، يېڭى شەھەر(چىنلىقلارنىڭ قەلئەسى) دۈشمەن تەرىپىدىن ناھايىتى قاتتىق مۇداپىئە قىلىنغانلىقتىن ئالالمىدى. چۈنكى، سىپىل ئىچىدىكى دۈشمەنلەرنىڭ سانى كۆپ ۋە قورال - ياراقلىرى تولۇق ئىدى. سىپىل ئەتراپىدىكى ئىستىھكاملارمۇ بەك مۇستەھكەم ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن شەھەرنىڭ مۇھاسىرىسى ئۇزۇنغا سوزۇلدى. يەنە بىرتەرەپتىن، كۆرۈنۈشتە، ئىسھاق خوجىغا سادىقتەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە چىنلىقلار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈۋالغان قۇمۇل چىڭۋاڭى سىپىل ئىچىدىكى دۈشمەنگە مەخپىي سۈرەتتە ياردەم قىلماقتا ئىدى. مۇشۇنداق بىر پەيتتە ئىسھاق خوجا كۇچاغا چاقىرىپ كېتىلدى. قۇمۇلدا قالغان ئەسكەرلىرى يېڭى شەھەرنى ئالالمىدى ۋە كېيىنچە، چىڭۋاڭنىڭ ياردىمى بىلەن چىنلىقلار پۈتۈن قۇمۇلنى بېسىۋالدى.

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، كۇچا ئىنقىلابچىلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستانىنىڭ غەربىي چېگرىسىدىن تارتىپ، شەرقىي چېگرىسىغىچە بولغان جايلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئىگەللىشى بىلەن ئۇلارنىڭ قول ئاستىدىكى جايلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەسكىرىي كۈچى باشقا ئىنقىلابچىلارنىڭكىدىن خېلى كۆپەيدى. بۇنىڭ بىلەن كوچا ئىنقىلابىنىڭ ئەھمىيىتىمۇخېلى زور بولدى. بۇلارغا قاراپ، كىشىلەرنىڭ، پۈتۈن شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلابچىلىرىنىڭ كوچا ھۆكۈمىتىنىڭ بايرىقى ئاستىدا بىرلىشىدىغانلىقىغا ھېچ شۈبھىلىرى يوقتى. لېكىن، كوچا ھۆكۈمىتىنىڭ مەغرۇرانە خاتا سىياستى، بۇ ئارزۇنى يوققا چىقىرىپ، ناھايىتى پاجىئەلىك ئاقىۋەتنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

ھىجرى 1281ـ (مىلادى 1864 ـ) يىلى خان خوجا، قەشقەر، يەركەن ۋە خوتەن ئىنقىلاپچىلىرىغا خەت يېزىپ، ئۇلارنىڭ دەرھال، شەرتسىز كوچا ھۆكۈمىتىگە بويسۇنۇشلىرىنى، پۈتۈن قورال - ياراق ۋە خەزىنىلىرىنى تاپشۇرۇشلىرىنى ئۇختۇرۇپ بۇيرۇق قىلدى. ئەگەر، بۇ بۇيرۇققا ئەمەل قىلمىسا، بۇلارنىڭ ئۈستىگە ئەسكەر يوللاپ، جازالايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. خان خوجىنىڭ يازغان بوخېتى، ۋەتەن ۋە مىللەتنىڭ ئازاتلىقى ئۈچۈن، جېنىنى ۋە مېلىنى پىدا قىلغان مىللىي ئىنقىلابچىلارغا ھۆرمەت قىلىپ، قوللاشنىڭ ئورنىغا، ئۇلارنىڭ ھوقۇق ۋە ئابرويىنى ئاياق - ئاستى قىلىپ، ئۇلارنى ئىسيانكارلار قاتارىدا كۆرۈپ بۇيرۇق قىلىپ، تەھدىت سېلىشتىن باشقا نەرسە ئەمەستى. بوخىل مۇئامىلە، قارشى تەرەپنىڭ غۇرۇرىغا قاتتىق تېگىشى ھەتتا، نەپرەت ھېسسىنى قوزغاپ قويۇشى تەبئىي بىر ئەھۋال. ئىنقىلاب غەلىبە قىلغان دەسلەپكى كۈنلەردە بىر باشلانغۇچ سىياسى مۇناسىۋەت ئورنىتىشنىڭ ئورنىغا ئەكسىچە قىلىنغان بۇقوپال مۇئامىلە، خان خوجىنىڭ ئېغىر بىرسىياسى خاتالىقى ئىدى. بۇخەتكە، خوتەن ھۆكۈمدارى ھاجى پاشا ۋە قەشقەر ئىنقىلابچىلىرىنىڭ رەھبىرى سىدىق بەگلەرنىڭ بەرگەن جاۋابىدا: خان خوجىنىڭ تۇڭگانلارنى ۋە بۇرۇن چىنگە سادىق بولۇپ خىزمەت قىلغان بەگلەرنى ھۆكۈمەت ئىشلىرىدىن ۋە ئەسكىرىي ئورۇنلاردىن قەتئىي تازىلاپ چىقىشىنى ۋە ئۆزلىرى كۈرەش قىلىپ قۇرۇپ

چىققان دۆلەتلىرىنىڭ ئىچكىي مۇستەقىللىقىنى ئېتىراپ قىلىشنى تەلەپ قىلىدىغانلىقلىرى، ئەگەر بۇ تەلەپلىرى قوبۇل قىلىنسا، خان خوجىغا ئىتائەت قىلىشقا تەييار ئىكەنلىكلىرىنى بىلدۈرۈلگەنىدى. يەركەن ھۆكۈمدارى ئابدۇراھمان ھەزرەتنىڭ نېمە دەپ جاۋاپ بەرگەنلىكى مەلۇم ئەمەس، ئەمما، دەرھال بويسۇنمىغانلىقى مەلۇم. شۇنداق قىلىپ، يۇقىرىقى ۋەقەلەر تۈپەيلىدىن مىللىي ئىنقىلابچىلار ئوتتۇرىسىدا ئىختىلاپ مەيدانغا چىقتى.

## راشىددىن خوجىنىڭ، قەشقەر، يەركەن ۋە خوتەن ئىنقىلابچىلىرى بىلەن ئۇرۇشقانلىقى

خان خوجا راشىددىن خان، قەشقەر، يەركەن ۋە خوتەن مۇجاھىدلىرىدىن يۇقىرىقىدەك مەنپى ئۇچۇرنى ئالغاندىن كېيىن، مەسىلىھەتچىسى بولغان تۆگىگان ۋە بەگلەرنىڭ يول كۆرسىتىشى بىلەن يەنە بىرخاتالىق ئۆتكۈزدى. ئىنىسى جامالىددىن خوجىنى تۆرغۇن ئەسكەر بىلەن قەشقەرگە يوللىدى. سىدىق بەگ بۇخەۋەرنى ئاڭلاپ، پەرغانە ھۆكۈمدارى سەئىدخاندىن ياردەم تىلىدى. يەنە بىرخىل ئېيتىشقا قارىغاندا، خۇدايارخاندىن ياردەم تەلەپ قىلغانىكەن. فەرغانىدىن ياردەم كەلگىچە، جامالىددىن خوجا يېتىپ كەلدى. سىدىق بەگ ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرالماي، قەشقەرنى بوشىتىپ، تاشمىلىققا چىقىپ تۇردى. شۇنىڭ بىلەن جامالىددىن خوجا قەشقەرنى ئۇرۇشماستىن ئالدى. لېكىن، ئۇززۇنغا قالماي، فەرغانىلىكلەرنىڭ تۆرغۇن ئەسكەر بىلەن يۈرۈش قىلىپ، قەشقەرگە يېقىنلاشقانلىقى ھەققىدە خەۋەر كەلدى. ئەسلىدە، بۇ ئەسكەرلەر سان جەھەتتىن ئانچە كۆپ ئەمەستى. جامالىددىن خوجا بۇلارنىڭ ئەھۋالىنى سۈرۈشتۈرمەيلا قورقۇپ كېتىپ، كوچاغا قېچىپ كەتتى. بۇنىڭ بىلەن سىدىق بەگ كىرىپ قەشقەرنى ئىگەللىدى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن فەرغانىلىكلەر كېلىپ قەشقەرنى ئىشغال قىلدى.

خان خوجا يەنە دەرھال، جامالىددىن ۋە ھامىددىن خوجىلارنى تۆرت مىڭدىن كۆپرەك ئەسكەر بىلەن ئۇدۇل يەركەنگە يوللىدى ۋە يەركەننى ئېلىپ بولۇپ، خوتەنگە يۈرۈش قىلىشقا بۇيرۇدى. جامالىددىن خوجا يەركەنگە كەلگىچە، قەشقەردىكى فەرغانىلىكلەرنىڭ ئەسكىرىي قوماندانى ياقۇپ بەگ، 400 كىشىلىك قوشۇن بىلەن كېلىپ، يەركەننىڭ تېشىدا تۇرۇپ ھىيلە ـ مىكىر بىلەن شەھەرنى قولغا چۈشۈرۈشنىڭ پىلانىنى تۈزمەكتە ئىدى. جامالىددىن خوجا ئاز بىرقىسىم ئەسكەرنى قەشقەر چېگرىسىغا يوللاپ، ئۆزى تۆرغۇن ئەسكەر بىلەن يەركەنگە يېقىنلاشتى. بۇنى ئاڭلىغان ياقۇپ بەگ، يەركەن ھۆكۈمىتى بىلەن پۈتۈشۈپ قەشقەرگە قايتتى. بىر رىۋايەتكە قارىغاندا، يەركەن ھۆكۈمىتى فەرغانىلىكلەردىن ياردەم سوراپ ئادەم يوللىغانلىقتىن جامالىددىن خوجا قەشقەرگە ئەسكەر ئەۋەتكەنمىش. بۇخەۋەرنى ئاڭلىغان ياقۇپ بەگ،گەرچە يەركەنگە كەلگەن بولسىمۇ، يۇقىرىقى ۋەزىيەتنى كۆرۈپ، قەشقەرگە قايتىپ كەتكەنمىش. جامالىدىن خوجا بۇ ۋەقەنى باھانە قىلىپ، يەركەن

ھۆكۈمدارى ئابدىراھمان ھەزرەتنى تۇتۇپ قاماققا ئالغان. لېكىن، شۇ زامانىنىڭ ۋەقەلىرىنى يازغۇچى موسا ئاخۇن، «ئىستىلا قىلىش مەقستى بىلەن ياقۇپ بەگ يەركەنگە ئۆزى كەلگەندى» دەپ يازىدۇ.

جامالىددىن خوجا، تۇڭگانلار ۋە نىياز بەگدەك بەزى مۇناپىقلارنىڭ ياردىمى بىلەن يەركەن شەھرىنى ئالدى. يەركەن ھۆكۈمدارى، ئابدۇراھمان ھەزرەت ۋە ئوغوللىرىنى ئەسىرگە ئېلىپ كۇچاغا يوللىدى. لېكىن، يەركەندىكى تۇڭگانلارنىڭ شىپائىتى بىلەن، يولدىن قايتۇرۇپ كېلىپ، يەركەندە ئېھتىرام بىلەن نەزەربەنت قىلدى. يەركەن،كۇچا ھۆكۈمىتىگە تەۋە بولغاندىن كېيىن، جامالىددىن خوجا، بۇرۇن چىنلىقلارنىڭ خىزمىتىدە بولغان بىر بەگنىڭ باشچىلىقىدا، تولىسى كوچا ۋە يەركەندىكى تۇڭگانلاردىن تەركىپ تاپقان 4000 ئەسكەرنى خوتەنگە يوللىدى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان خوتەن ھۆكۈمدارى ھاجى پاشا، ئوغلى ۋە باش ۋەزىرى بولغان ئابدۇراھمان پاشانى نۇرغۇن ئەسكەر بىلەن خوتەن شەھرىدىن 44 مىل غەربتىكى پىيالما يېزىسىغا ئەۋەتتى. بىركېچە - كۈندۈز داۋام قىلغان قاتتىق ئۇرۇشتا ئابدۇراھمان پاشا شېھىت بولدى. خوتەن مۇجاھىدلىرى قۇماندانلىرىنىڭ شېھىت بولىشى بىلەن پاراكەندە بولۇپ كەتمىدى بەلكى، ئىنتىقام ھېسسىياتى ئۇرغۇپ، تۇڭگانلار ئۈستىگە شىددەت بىلەن ھۇجۇم قىلدى. نەتىجىدە، تۇڭگانلارنىڭ كۆپ قىسمى يوقىتىلدى ۋە كۇچا ئەسكەرلىرى ئېغىر ھالدا مەغلۇپ بولۇپ، ئالاقزادىلىك ئىچىدە قاچتى. خوتەن مۇجاھىدلىرى ئۇلار نىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ، گۇمىدىنمۇ ئۆتكۈزۈپ ھەيدىۋەتتى. خوتەنگە يۈرۈش قىلغان كوچا ئەسكەرلىرى ئېغىر زەربىگە ئۇچراپ، قېچىپ قۇتۇلغانلىرى پاراكەندە ھالدا يەركەنگە يېتىپ كەلدى. بۇ ئېغىر مەغلۇبىيەتتىن كېيىن، جامالىددىن خوجىنىڭ قەشقەرگە يۈرۈش قىلىش جاسارىتى تامامەن يوقالدى.

خان خوجا، بۇ مەغلۇبىيەتتىن ناھايىتى خاپا بولدى ۋە ئىنىلىرى جامالىددىن ۋە ھامىددىن خوجالارنى لاياقەتسىز ۋە غەيرەتسىز دەپ ئەيىپلەپ كايىدى. يەنە بىرتەرەپتىن قەشقەردىكى فەرغانىلىكلەرنىڭ كۈندىن كۈنگە كۈچلىنىپ كېتىۋاتقانلىقىدىن قورقۇشقا باشلىغاندى. شۇنىڭ ئۈچۈن، كۇچا ھۆكۈمىتى ئەڭ قەھرىمان قوماندانى ئىسھاق خوجىنى قۇمۇلدىن چاقىرتتى. ئىسھاق خوجا، « قۇمۇل يېڭى شەھەرنى پۈتۈنلەي قولغا ئالماي تۇرۇپ، كوچا غا قايتىش، قۇمۇلنى چىنلىقلارغا تەسلىم قىلىش دېمەكتۇر ! شۇنىڭ بىلەن، پۈتۈن يۇرت چىن ئىستىلاسى خەۋپىدە قالىدۇ. فەرغانىلىكلەر ياكى خوتەنلىكلەر كۇچاغا تاجاۋۇز قىلالمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، قۇمۇل يېڭى شەھەرنى ئالماي تۇرۇپ قايتمايمەن » دەپ ھەقىقىي ئەھۋالنى مەلۇم قىلسىمۇ خان خوجا ئۇنىڭ سۆزىنى قوبۇل قىلمىدى ۋە «دەرھال قايتىپ كەل ! » دەپ بۇيرۇق قىلدى. ئىسھاق خوجا، بىرقىسىم ئەسكەر بىلەن ئىنىسىنى قۇمۇلدا قويۇپ، ئۆزى كۇچاغا كەلدى.

ئىسھاق خوجا تەخمىنەن ئونمىڭ كىشىلىك بىر قوشۇن بىلەن قەشقەرگە يۈرۈش قىلدى. قەشقەر ھۆكۈمدارى، بۇزرۇك خان بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، قەشقەرنى بوشتىپ فەرغانىغا قېچىشقا تەييارلاندى.

لېكىن، قوماندانى ياقۇپ بەگ، ئىسھاق خوجا بىلەن ئۇرۇشۇش، مەغلۇب بولغان تەقدىردە ئاندىن فەرغانىغا قېچىشنى قارار قىلىپ، تۆرت يۈز كىشىدىن ئىبارەت ئەسكىرىنى ئېلىپ، قەشقەردىن 37 مىل شەرقتىكى خانئېرىق دېگەن جايغا بېرىپ، ئۇرۇشقا تەييارلاندى. بىركۈن داۋام قىلغان ئۇرۇشتا كەچتە پەرغانىلىكلەر مەغلۇپ بولۇپ قاچتى. ياقۇپ بەگ، بىرقىسىم ئەسكەرلىرىنى توپلاپ، ئارقىسىغا قايتىپ كېلىپ،كېچىسى خەۋەرسىز ئۇخلاۋاتقان كۇچا ئەسكەرلىرىنىڭ ئۈستىگە ئۈشتۈمتۇت باسقۇن قىلدى. تۇيۇقسىز زەربىدىن ئالاقزادە بولۇپ كەتكەن كوچا ئەسكەرلىرىدىن مىڭدەك كىشى ئۆلدى ۋە ئەسىرئېلىندى. قالغانلىرى پاراكەندە هالدا قاچتى. ئىسھاق خوجا، ئەسكەرلىرىنى يىغىۋالالماي مارالبېشىغا چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى. ئۇ يەردىمۇ تۇرالماي، كۇچاغا كەتتى.

خانئېرىق ئۇرۇشىدىكى مەغلۇبىيەت، كۇچا هۆكۈمىتىنىڭ هەيۋىتىنى پۈتۈنلەي يوقاتتى. يەركەن ئىنقىلابچىلىرى، كۇچا هۆكۈمىتىنىڭ ئەمەلدارلىرىنى قوغلاپ چىقىرىپ، ئابدۇراهمان هەزرەتنى يەنە پاشا قىلىپ مۇستەقىل بولىۋالدى. خانئېرىق ئۇرۇشىنىڭ مەغلۇبىيەت بىلەن ئاياغلىشىشى، كۇچا هۆكۈمىتىنىڭ پالاكەتكە يۈزلىنىشىنىڭ باشلىنىشى بولدى. ئىسھاق خوجا، بۇرۇنقى مىسلىز غالىبىيەتلىرى بىلەن شەرقىي تۈركىستاندا بۈيۈك بىر قەھرىمان بولۇپ شۆھرەت قازىنىپ مىللەتنىڭ ئىززەت، هۆرمەت ۋە سۆيگۈسىنى قازانغانىدى. بۇنىڭغا، خان خوجىنىڭ ئوغۇللىرى ۋە ئىنىلىرى چىدىيالماي هەسەت قىلاتتى. ئۇنى بىر ئامال قىلىپ، مەرتىۋىسىدىن يىقىتىشنىڭ كويىدا ئىدى. خانئېرىق مەغلۇبىيىتىنى بۇ هەسەتخورلار پۇرسەت دەپ بىلىپ، ئىسھاق خوجاغا هەرخىل يالغان بوھتانلارنى چاپلاپ خان خوجىغا چاقىقلى باشلىدى. ساددا كۆكۈل بۇ ئادەم ئۇلارنىڭ يالغان سۆزلىرىگە ئىشىنىپ، ئىسھاق خوجىنى پۈتۈن مەنسەپلىرىدىن ئېلىپ تاشلىدى ۋە ئۇنى كوچادىن ئۇزاقلاشتۇرۇپ، ئاقسۇدا تۇرۇشقا بۇيرۇدى. بىچارە ئىسھاق خوجا شۇنچە ئۇلۇغ خىزمەت قىلىپ، ئاخىرىدا ئاقسۇ يېقىنلىرىدىكى بىر يېزىدا پەقىرانە هايات كەچۈرۈشكە مەجبۇر بولدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، هەستخورلارنىڭ سۈيقەست قىلىپ، ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىشىدىن هەر زامان قورقۇپ ياشىدى.

قەشقەردىكى فەرغانىلىكلەرنىڭ قوماندانى ياقۇپ بەگ، ئىسھاق خوجىنىڭ بۇنداق هالەتكە چۈشۈپ قالغانلىقىنى ئاڭلاپ، كۇچا هۆكۈمىتىنىڭ بىردىن بىر قەهرىمان قوماندانى ۋە قابىلىيەتلىك دۆلەت ئادەمىدىن قەتئىي ئايرىۋېتىشىنىڭ پۇرستى كەلدى دەپ بىلىپ، دەرهال مەخپىي هالدا ئىسھاق خوجاغا خەت يېزىپ، ئادەم ئەۋەتتى ۋە ئۇنى قەشقەرگە كېلىشكە تەكلىپ قىلدى. ناهايىتى قىين شارائىتتا، قاتتىق قورقۇ ۋە ئەندىشە ئىچىدە تۇرۇۋاتقان ئىسھاق خوجا، جېنىنى ساقلاپ قېلىش ئۈمىدى بىلەن بۇ تەكلىپنى قوبۇل قىلىپ، ئاقسۇدىن قەشقەرگە قېچىپ كەلدى. ياقۇپ بەگ ئۇنى كۆپ ئېهتىرام بىلەن قوبۇل قىلىپ، قەشقەردە باغ - هويلىلىق ئۆي بەردى ۋە مائاش تۇختۇتۇپ بەردى. ئىسھاق خوجىنىڭ ۋەتەن ۋە مىللەتكە خىزمەت قىلالمايدىغان دەرىجىگە چۈشۈپ قېلىشىغا سەۋەپ بولغان

ھەسەتخورلار، جامالىددىن خوجا، ھامىددىن خوجا ۋە باشقىلىرى، ئىسھاق خوجا قىلغان ئىشنىڭ يۈزدىن بىرىمۇ قولىلىرىدىن كەلمەيدىغان لاياقەتسىز، ئەيش پەرەست، غاپىل ۋە قورقۇنچاق كىشىلەر ئىدى. داۋاملىق راھەتپەرەستلىككە بېرىلىپ كەتكەن بولۇپ، كەلگۈسى ھەققىدە ئويلاپمۇ قويمايتتى. مانا، بۇ سەۋەپتىن، قەشقەر، يەركەن ۋە خوتەننى بويسۇندۇرۇش ئۈمىدىتا تۇرسۇن، ئۇ تەرەپلەر قاچان كۇچارغا ھۇجۇم قىلارىكىن دېگەن ئەندىشىدىن قۇتۇلالمايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھېچبىر مۇداپئە تەدبىرلىرىمۇ يوقتى. شۇنىڭ بىلەن كۇچا ھۆكۈمىتىنىڭ بۇرۇنقى ئەسكىرىي ۋە مەنىۋىي كۈچى ۋە ھەيۋىتى قالمىدى. تۇرپان ۋە ئۈرۈمچىدە تۇڭگانلار مۇستەقىل بولدى. قومۇلنى چىنلىقلار ئىشغال قىلىپ، ئۇ يەردە بىر ھەربىي بازا قۇرۇۋالدى. بۇئارىدا ئىسھاق خوجىنىڭ ئىنىسىمۇ قومۇلدىن قايتىپ كەلدى.

## كۇچا ئىنقىلابچىلىرىنىڭ ئاقىۋىتى

كۇچا ھۆكۈمىتى ئاجىزلىشىپ، بارغانسېرى مۇنقەرىزلىككە قاراپ يۈز تۇتماقتا ئىدى. بۇ ۋەزىيەت ياقۇپ بەگ ئىستىلاسىغىچە داۋام قىلدى.

ھىجرى 1284ـ (مىلادى1867ـ) يىلى ياقۇپ بەگ كۇچا غا يۈرۈش قىلدى («ياقۇپ بەگ» دېگەن بابتا تەپسىلى بايان قىلىندۇ). كۇچانى ئىشغال قىلىپ، راشىددىن خان خوجىنى ئوغوللىرى بىلەن قوشۇپ شېھىت قىلدى. باشقا ئىنىلىرى ۋە ھۆكۈمەت ئادەملىرىنى تۇتۇپ، قەشقەرگە ئەۋەتتى ۋە ئۇ يەردە دەھشەتلىك قىيىن ـ قىستاق ئاستىدا ئۆلتۈرۈۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن كۇچا ھۆكۈمىتى يىقىلدى ۋە كورلىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى جايلار ياقۇپ بەگنىڭ قولىغا ئۆتتى. تۇرپان ۋە قاراشەھەرنى تۇڭگانلار ئىشغال قىلدى.

## كۇچا ھۆكۈمىتىنىڭ ماھىيىتى

كۇچا ھۆكۈمدارى راشىددىن خان خوجا، ئىنقىلابتىن ئىلگىرى كۇچانىڭ چوڭ بىرتەرىقەت مۇرشىدى ئىدى. كۇچا ۋە ئەتراپىدىكى تۇڭگانلار بىلەن تۈركلەر بۇنىڭ مۇرىتلىرى ۋە ئىخلاسمەنلىرىدىن ئىدى. راشىددىن خان خوجا، تۇڭگانلارنىڭ ئەسلىدە چىنلىقلاردىن بولۇپ، مىللىي ئىنقىلابىمىزغا يات ئۇنسۇرلار ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يەتمەي، پەقەت ئۇلارنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقىنىلا كۆزدە تۇتقاندى. ئۇلارنىڭ قولىلىرىدىكى قورال-لاردىن پايدىلىنىش مەقسىتىدە ئۇلار بىلەن بىرلەشتى. ئىنقىلاب يېڭى باشلانغاندا، قورالىق كۈچلەر يالغۇز تۇڭگانلاردىنلا ئىبارەت بولسىمۇ، كېيىنچە، ئىنقىلاپ تەرەققى قىلىپ، مۇجاھىدلار قوراللاندى. ئەسكىرىي قۇۋۋەتنىڭ كۆپچىلىكىنى تۈركلەر تەشكىل قىلغاندىمۇ، خان خوجا يەنە، مەيلى ئەسكىرىي مەيلى مەمۇرىدا بولسۇن، يۈكسەك ئورۇنلارغا تۇڭگانلارنى ئارىلاشتۇردى. ھەر ئىشنى ئۇلارنىڭ مەسلىھەتى بىلەن ئېلىپ باردى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۆتمۈشتە چىنلىقلارغا خىزمەت قىلىپ پۈتۈن خەلقنىڭ نەپرىتىگە ئۇچرىغان بەگلەرنىڭ

مۇناپىقلارچە قىلغان ئىتائەتنى قوبۇل قىلىپ، چوڭ مەنسەپلەرگە قويدى. نەتىجىدە، ئەسكىرىي ۋە مەمۇرىي ئىدارە ئورگانلىرىدىكى پۈتۈن ھوقۇق تۇڭگانلار ۋە كونا بەگلەرنىڭ قولىدا بولغانلىقى ئۈچۈن، باشقۇرۇش ۋە بېجىرىش ئىشلىرىنىڭ ھەممىسى، ئىسلام ۋە تۈرك روھىغا خىلاپ ھالدا، مۇستەبىتلىك ئاساسىكى چىن ئۇسۇلى بويىچە ئېلىپ بېرىلدى.

ھۆكۈمەتتە رەسمىي بىرقانۇن ـ ئىنتىزام يوقتى. راشىددىن خان خوجا، سىياسەتتىن خەۋىرى يوق، ساددا كۆڭۈل بىركىشى بولۇپ، باشقىلارنىڭ سۆزىگە دەرھال ئىشىنىپ كېتەتتى. ئۇنىڭ سۆزىدىن يېنىۋېلىشمۇ ئوڭاي ئىدى. ئوردىسىنىڭ تېشىدىكى ئىشلاردىن خەۋەرسىز ئىدى. ھەممە ئىشنى ئۇنىڭ ئوغۇللىرى ۋە مەسلىھەتچىلىرى بولغان تۇڭگانلار ۋە بەگلەر ئۆزئىختىيارىچە بېجىرەتتى.

ئىنقىلابىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا، پۈتۈن شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلابچىلىرى، كۇچا ھۆكۈمىتى ھەممىسىدىن كۈچلۈك بولغانلىقى ئۈچۈن، پۈتۈن مەملىكەتنى بىر بايراق ۋە بىر ھاكىمىيەت ئاستىدا بىرلەشتۈرسە، توغرا قىلغان بولىدۇ دەپ ھېساپلىغانىدى. لېكىن، ئۇزۇنغا قالماي كۇچا ھۆكۈمدارى ۋە ھۆكۈمىتىنىڭ يۈقىرىقىدەك ئەھۋالىنى كۆرگەن باشقا ئىنقىلابچىلار، كوچا ھۆكۈمىتىگە ئىتائەت قىلىشتا ئىككىلىنىپ قالدى. بۇنى سەزگەن راشىددىن خان خوجا، بۇ ئىنقىلابچىلارنىڭ كۆزقاراشلىرىنى ۋە تەلەپلىرىنى زىرەكلىك ۋە ئىنساپ بىلەن تەتقىق قىلىپ، ئۇلار بىلەن دوستلۇق ئاساسىدا ئولتۇرۇپ مۇزاكىرىلەشمىدى. ۋەتەن ۋە مىللەتنىڭ تەقدىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك چوڭ ئىشلاردا، باشقىلارنىڭمۇ ئىنقىلابچى روھىغا ھۆرمەت قىلىپ، ئۇلار بىلەن بىرلىكتە ئىش ئېلىپ بارغان بولسا ئىدى، بۇ ئەڭ ئاقىلانە ۋە توغرا سىياسەت بولغان بولاتتى. بۇ يول بىلەن باشقا ئىنقىلابچىلارنى ئۆزىگە قوشۇۋېلىپ، پۈتۈن شەرقىي تۈركىستاننى بىر بايراق ئاستىدا ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، ياقۇپ بەگنىڭ قانلىق بالا- ئاپىتىدىن ۋە چىننىڭ ئىستىلا پالاكىتىدىن ۋەتەننى ساقلاپ قېلىشى، تامامەن مومكىن بولاتتى. چۈنكى، باشقا ئىنقىلابچىلارنىڭ بىر دىن بىر ئارزۇسىمۇ شۇ ئىدى. لېكىن، بۇ ساددا كۆڭۈل ئادەم، بۇنداق قىلىشنىڭ ئورنىغا، ئەتراپىدىكى تۇڭگانلار ۋە بەگلەرنىڭ كۈشكۈرتىشى بىلەن ئىنقىلابچىلارغا تەھدىت قىلىپ خەت يازدى. ئۇندىن كېيىن، ئۇرۇش ئېلان قىلىپ، ئىككىلىنىپ تۇرۇۋاتقان ئىنقىلابچىلارنىڭ ئاشكارا نەپرىتىگە ئۇچرىدى. شۇنىڭ بىلەن ئىچكى ئۇرۇشلار باشلىنىپ، كۈچلىرى ئاجىزلاشتى، مىللىي ھۆكۈمەتلەر بىر ـ بىرلەپ يىقىلدى. شۇچاغدىن قالغان تۆۋەندىكى شېئىر، بۇ ئېچىنىشلىك ھادىسىنىڭ پاجىئەلىك ئاقىۋىتىنى ئەكس ئەتتۈرمەكتە:

مەن سەن ئولسام، سەن مەن ئولساك[101]      ھەم مەن ئولسام، ھەم سەن ئولساك
مەن مەن ئولدۇم، سەن سەن ئولدۇك      نى مەن ئولدۇم، نى سەن ئولدۇك

[101] بۇ شېئىر دىكى «ئولماق» دېگەن پېئىل، ھازىر ئۇيغۇرچىدا «بولماق» دەپ ئېلىنىدۇ(ن . ش. ھ.).

## خوتەن ئىنقىلابى

مۇپتى ھەبىبۇللا ھاجىم، خوتەننىڭ ئېسىلزادە خاندانىغا مەنسۇپ، كاتتا ئالىم ۋە خوتەننىڭ مۇپتىسى بولۇپ، خوتەننىڭ دىنىي ۋە ئەدلىيە ئىشلىرىدا يۇقىرى مەرتىۋىگە ئىگە ئىدى. ئۇ 70 ياشتىن ئاشقان چاغدا، ئوغۇللىرى ئابدۇراھمان ئاخۇن ۋە ئىبراھىم خانلار چىنلىقلارغا قارشى ئىنقىلاب قوزغاش پىكرىنى دادىلىرىغا بىلدۇردى. مۇپتى ھەبىبۇللاھاجىم ناھايىتى خوشال بولۇپ، ئوغۇللىرىنى قوللاپ قۇۋۋەتلىدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار قاراقاشنىڭ 27 كىلومېتر شىمالىدىكى بۇلاق دېگەن يېزىدا بىرمەخپى تەشكىلات قۇرۇپ چىقتى. قىسقا ۋاقىت ئىچىدە، ئاز بىرمىقدار قورال بىلەن ئىككى يۈز كىشىلىك بىرقوشۇنغا ئېرىشكەندىن كېيىن، ھىجرى 1280- (مىلادى 1863-) يىلى زاۋا يېزىسىدىكى چىن ئەسكەرلىرىگە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنى تامامەن يوقاتتى. دۈشمەندىن غەنىمەت ئالغان قوراللار بىلەن قوراللىنىپ خوتەن ئىلچىگە يۈرۈش قىلدى. بۇنى ئاڭلىغان خەلق تەرەپ تەرەپتىن قولىغا پالتا، كەتمەن ۋە چوماق ئالغان ھالدا كېلىپ، ئىنقىلاب سېپىگە قاتنىشىپ. 30 - 40 مىڭ كىشىلىك زور قوشۇن بىلەن شەھەرگە ھۇجۇم قىلدى. مۇداپىئە ئۈچۈن شەھەر سىرتىغا چىققان چىن ئەسكەرلىرىنى يوقىتىپ شەھەرنى پەتھى قىلدى. چىنلىقلار سېپىل ئىچىدە مۇھاسىرىگە ئېلىندى. بىركۈنلۈك مۇھاسىرىدىن كېيىن، چىنلىقلار مۇداپىئەگە ئاجىز كېلىپ، تەسلىم بولدى. تۆرت مىڭدىن ئۇشۇقراق چىنلىق مۇسۇلمان بولدى. خوتەن خەلقى يىغىلىپ، ھەبىبۇللاھاجىمنى تۈرك ئەنئەنىسى بويىچە ئاق كىگىزگە ئولتۇرغۇزدى، ئىسلام ئۇسۇلىغا مۇۋاپىق بەيئەت قىلىپ، پادىشا قىلدى ۋە ئۇنىڭغا «ھاجى پاشا» دېگەن ئۇنۋان بېرىلدى. غەربدەگوما ۋە شەرقتە چارقىلىققىچە بولغان جايلارچىنلىقلاردىن تازىلاندى. ھاجى پاشا، ئوغلى ئابدۇراھمان ئاخۇننى ۋەزىر قىلىپ، ئۇنىڭغا «سەدرىسسۇدۇر[102]» دېگەن ئۇنۋانىنى بەردى. كېيىنچە ھاجى پاشانىڭ بۇ ئوغلىئابدۇراھمان پاشا دېگەن نام بىلەن مەشھۇر بولدى.

ئىنقىلاپقا قېتىلماي ئۆيىدە ياتقان بەزى ئېسىلزادىلار، ئىنقىلاب غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، ھاجى پاشاغا ھەسەت قىلىپ، توپىلاڭ چىقاردى. لېكىن، ھاجى پاشا بۇلارنى دەرھال بېسىقتۇرۇپ، بەزىلىرىنى ئۆلتۈردى، بەزىلىرى قېچىپ يەركەنگە بېرىۋالدى. يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك، ھىجرى 1281- (مىلادى 1864-) يىلى كۇچا ھۆكۈمدارى خان خوجا، خوتەن ھۆكۈمىتىگە تەھدىت خېتى يېزىپ ئەلچى ئەۋەتتى. ھاجى پاشا بۇنىڭغا، تۇڭگانلارنى ۋە بۇرۇن خىتايغا خىزمەت قىلىپ، مۇسۇلمانلارنى

[102] سەدرىسسۇدۇر، شۇچاغدىكى باش مىنىستىر دەرىجىلىك ئۇنۋان. بۇ تارىخىي ھادىسىلەر، ھازىرمۇ خوتەندە، خەلق قوشاقچىلىرى تەرەپىدىن ناھايىتى تەسىرلىك مىسرالار بىلەن ئاڭلىتىلىدۇ. قوشاقلاردا، سەدرىسسۇدۇر« سۇدۇرخان غوجام» دەپ ئېلىنىدۇ(ن. ش. ھ.).

ئەزگەن بەگلەرنى ھۆكۈمەت ئىشلىرىغا ئارىلاشتۇرماسلىق ۋە خوتەن ھۆكۈمىتىنىڭ ئىچكى مۇستەقىللىقىنى ئېتىراپ قىلىش شەرتى بىلەن كۇچارھۆكۈمىتىگە بويسۇندىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ جاۋاپ يازدى. خان خوجا بۇ ئۇچۇرنى ئالغاندىن كېيىن، شۇ يىلىنىڭ ئاخىرىدا(مىلادى 1865) خوتەنگە ئەسكەر يوللىدى ۋە يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتىلگىنىدەك، پىيالما ئۇرۇشىدا ئابدۇراھمان پاشا شېھىت بولدى. لېكىن، كۇچا ئەسكەرلىرى قاتتىق مەغلۇپ بولۇپ قاچتى. ئۇندىن كېيىن، ھاجى پاشا گۇمىغا ئەسكەر ئەۋەتىپ يەركەندىن كېلىدىغان يول ئۈستىدىكى ئىستىھكاملارنى چىگىتتى ۋە ئابدۇراھمان پاشا نىڭ ئورنىغا يەنە بىرئوغلى ئىبراھىم خاننى ۋەزىر(سەدرىسسۇدۇر) لىققا تەيىن قىلدى.

ھىجرى 1281- (مىلادى 1864-) يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدا ھاجى پاشا، پەرغانىغا ئىبراھىم خان باشچىلىقىدا ئەلچىلىك ھەيئىتى ئەۋەتىپ، پەرغانە خانى خۇدايارخان بىلەن بىر دوستلۇق كېلىشىمى ئىمزالىدى. شۇنىڭ بىلەن خۇدايارخان، ئۇچاغدا ئۆزىگە تەۋە بولغان قەشقەر نىڭ ھۆكۈمدارى بۇزرۇگخان تۆرە ۋە قوماندانى ياقۇپ بەگلەرگە خوتەن ھۆكۈمىتى بىلەن دوستانە مۇناسىۋەتتە بولۇشنى تەۋسىيە قىلىپ بۇيرۇق چۈشۈرگەندى.

ھاجى پاشا شۇ ۋاقىتتا كۇچا ھۆكۈمىتىگىمۇ ئەلچى ئەۋەتىپ، خان خوجىغا بىرخەت يازدى. خەتنىڭ مەزمۇنى مۇنداق ئىدى: « جىھاد قىلىشىمىزدىن مەقسىتىمىز، پۈتۈن يۇرتنى كاپىرلارنىڭ ئاسارىتىدىن مەڭگۈ قۇتۇلدۇرماقتۇر. بۇنىڭ يىگانە شەرتى، ھەممىمىزنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ، ئىختىلاپ ۋە ئۆچمەنلىكنى يوقىتىشتىن ئىبارەت. لېكىن، سىز ھۆكۈمەت ئىشلىرىنى ۋە ئىسلام ئەسكەرلىرىنى تۇڭگانلارغا ۋە بۇرۇن چىنگە خىزمەت قىلغان بەگلەرگە تۇتقۇزدىڭىز. تۇڭگانلار بولسا، چىنلىق ۋە بىزگە تەبىئىي ھالدا قارشى بولغان بىرخەلقتۇر ۋە بەگلەر بولسا ئۆزمىللىتىگە خىيانەت قىلغان مۇناپىقلاردۇر. بېشىمىزغا بىر ئىش كەلگەندە، بۇلار بىزگە ئىچىمىزدىكى دۈشمەن بولۇپ ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. مەن بۇندىن ئىلگىرى سىزگە سەمىمىي كۆڭلۈم بىلەن ھەقىقەتنى بىلدۈرۈپ خەت يازسام سىز بۇنىڭ جاۋابى سۈپىتىدە ئۈستۈمگە مەزكۇر مۇناپىقلارنىڭ پىتنە- ئىغۋاسى بىلەن بىر خىتاي يېتىمئوغلىقى[103] باشچىلىقىدا بەش مىڭ تۇڭگانىي يوللىدىڭىز. نەتىجىدە، بىرنەچچە مىڭ مۇسۇلمان زايا بولدى. بۇنىڭ ۋابالى پەقەت سىزنىڭ بويىنىڭىزغا.... خەير، ئۆتكەن ئىشلار ئۆتۈپ كەتتى. مەن يەنە ئىتتىپاقلىششقا ۋە ئىسلامنىڭ قۇدرەت تېپىشى ئۈچۈن تىرىشىمەن. ئەگەر، سىز پۈتۈن يۇرتقا پادىشا بولۇشنى مەقسەت قىلىدىغان بولسىڭىز، بۇ ئىككى زىيانلىق تائىپىنى تامامەن ئىشتىن چىقىرىڭ، ھۆكۈمەت ئىشلىرىنى شەرىئەتكە مۇۋاپىق ھالدا ئادالەت بىلەن ئىجرا قىلىڭ. مانا، بۇ شەرتلەر بىلەن مەن سىزگە بەيئەت قىلىشقا ھازىر. ئەگەر سىز مېنىڭ بۇ شەرتلىرىمنى قوبۇل قىلمىسىڭىزمۇ، مەن يەنىلا سىز بىلەن دوست بولۇشنى ۋە ئورتاق دۈشمەنگە قارشى كۈچ بىرلىكى ئىچىدەبولۇشنى ئارزۇ قىلىمەن،

[103] خىتاي يېتىمئوغلىقى ــ خوتەن خەلقى چىنپەرەست بەگلەرگەبەرگەن نام(مۇئەللىپنىڭ ئىزاھاتى).

ۋەسسەلام.» خان خوجا بۇخەتتىكى، يىراقنى كۆزلەپ يازغان چوڭقۇرمەنىلىك سۆزلەرنى ئەتقىق قىلىپ كۆرمەستىن، خەتنى ئېلىپ كەلگەن ئەلچىلەرنى قاتتىق ھاقارەتلەپ، قولغا ئالدى ۋە سايرام يېزىسىدا ئۆمۈر بويى قاماقتا ھۆكۈم قىلدى. پەقەت راشىددىن خان خوجا ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىنلا بۇ كىشىلەر قۇتۇلۇپ خوتەنگە قايتىپ كەلدى.

ھىجرى 1282- ( مىلادى 1865-) يىلى يەركەن ئىككىنچى قېتىم مۇستەقىل بولغان كۈنلەردە، خوتەندە ئابدۇراھمان ھەزرەتنىڭ توققانلىرىدىن ئابدۇللا ھەزرەت دېگەن كىشى ھاجى پاشاغا قارشى ئىسيان چىقىرىپ، خوتەننى يەركەنگە قوشماقچى بولغىنىدا، بۇ ھەرىكەت پاش بولۇپ قېلىپ، ئابدۇللا ھەزرەت قولغا ئېلىنىدى ۋە مال - مۈلكلىرى مۇسادىرە قىلىندى.

## خوتەن ئىنقىلابچىلىرىنىڭ

## ئاقىبىتى

ھىجرى 1282- (مىلادى 1866-) يىلىنىڭ ئاخىرىدا، ياقۇپ بەگ يەركەننى ئېلىپ، قەشقەر ھۆكۈمدارى بۇزرۇگخاننى تەختتىن چۈشۈرۈپ، ئۆزى ھۆكۈمدار بولدى ۋە «ئاتلىق غازى» دېگەن ئۇنۋاننى ئالدى. ئۇندىن كېيىن، خوتەنگە بىر ھەيئەت يوللاپ دوستلۇق كېلىشىمى ئىمزالاشنى ۋە بىر - بىرىنىڭ مۇستەقىللىقىنى ئېتىراپ قىلىشنى تەكلىپ قىلدى. ھاجى پاشا بۇنى ئىسلامىي بىرلىك دەپ ئىشەنچ قىلىپ، ناھايىتى خوش بولدى ۋە بۇ دوستلۇق كېلىشىمگە ئىمزا قويدى. شۇنىڭ بىلەن ئىككى ئوتتۇرىدا كۆرۈنۈشتە ياخشى بىر دوستلۇق مەيدانغا كەلگەندەك بولدى. لېكىن، بۇ دوستلۇق كېلىشىمى ياقۇپ بەگنىڭ خوتەننى ئىشغال قىلىش ئۈچۈن پىلانلىغان ھىيلە - نەيرەڭلىرىنىڭ باشلانغۇچى ئىدى. چۈنكى، ھاجى پاشانىڭ ئادالىتى نەتىجىسىدە، پۈتۈن خوتەن خەلقى ئۇنى ناھايىتى ئىخلاس ۋە مۇھەببەت بىلەن ھىمايە قىلىدىغانلىقىنى بىلەتتى ۋە خوتەننى ئۇرۇشۇپ قولغا كەلتۈرگىلى بولمايدىغانلىقىنمۇ ياخشى بىلەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، خوتەننى ھىيلە ۋە خىيانەت يولى بىلەن ئېلىشنى قارار قىلغانىدى. دوستلۇق كېلىشىمىدىن كېيىن، ئوتتورىدا خەت ئالاقە ۋە يۇرت كاتتىلىرىنىڭ بېرىش - كېلىشلىرى كۆپەيدى. ھىجرى 1283- (مىلادى 1867-) يىلى ياقۇپ بەگ، «خوتەندىكى ئۇلۇغلارنىڭ مازارلىرىنى ۋە ھاجى پاشا ئاتامنى زىيارەت قىلىپ، ئۆزۈم شەخسەن كۆرۈشۈپ دوستلىقىمىزنى تېخىمۇ كۈچلەندۈرىمەن» دېگەن سۆزنى تارقىتىپ، مىڭ ئەسكەرنى ئۆزى بىلەن ئېلىپ ماڭدى. ئارقىسىدىن ئون ئىككى مىڭدىن كۆپرەك ئەسكەرنى بىرقانچە قىسىمغا بۆلۈپ، ئەگەشتۈرگەن ھالدا خوتەنگە قاراپ يولغا چىقتى. ياقۇپ بەگنىڭ زىيارەت ئۈچۈن خوتەنگە بارىمەن دەپ، يازغان خېتىنى ئالغاندىن كېيىن، ھاجى پاشا شۈبھىلىنىپ ئوغلى سەدرىسسۇدۇر ئىبراھىم خاننى، كۆرۈنۈشتە ياقۇپ بەگنى قارشى ئېلىشقا بارغاندەك قىلىپ، ئەمەلىيەتتە، ئەگەر ياقۇپ بەگنىڭ بىر يامان نىيىتى بولسا ئالدىنى ئېلىش

ئۈچۈن، بىرقانچە مىڭ ئەسكىرى بىلەن پىيالمىغا ئەۋەتتى. ياقۇپ بەگ پىيالمىدا ئىبراھىم خان بىلەن كۆرۈشۈپ، باشقا ھېچبىر يامان نىيىتىنىڭ يوقلىقى، ھاجى پاشادەك ئۇلۇغ بىر زاتنى زىيارەت قىلىپ، ئارىلىرىدىكى دوستلۇقنى مۇستەھكەملەش ئارزۇسى بىلەن كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ، قۇرئان تۇتۇپ پەسكەشلىك بىلەن يالغان قەسەم ئىچتى ۋە ھىيلىگەرلىك بىلەن، «ئەگەر ھاجى پاشا مىنىڭ خوتەنگە كىرىشىمنى توغرا كۆرمىسە، زاۋادا تۇرۇپ، بىر كۆرۈشۈۋېلىپ يانساممۇ بۇنى ئۆزۈم ئۈچۈن بىر غەنىمەت دەپ بىلىمەن» دېدى ۋە ئىبراھىم خانغا ھېساپسىز سوغا ـ سالام ھەدىيە قىلىپ، قاتمۇ ـ قات كىمخاپ تون ياپتى.

ئىبراھىم خان ياقۇپ بەگنىڭ بۇ سۆزلىرىگە تامامەن ئىشەندى ۋە ئەسكەرلىرىنى ئېلىپ، خوتەنگە قايتىپ، دادىسىغا ئەھۋالنى مەلۇم قىلدى. ھاجى پاشا بۇلارغىمۇ ئىشەنگۈسى كەلمەي ئىككىلىنىپ تۇرغىنىدا، ئوغلى ۋە يېنىدىكى ئادەملىرىنىڭ زورلىشى بىلەن، زاۋاغا ياقۇپ بەگنىڭ ئالدىغا بارىدىغان بولدى. ئەتىسى، ھاجى پاشا، ئىبراھىم خاننى ئاز بىرقىسىم ئەسكەر بىلەن شەھەردە قويۇپ، ئۆزى كۆپرەك ئەسكەر بىلەن زاۋاغا ماڭدى. ھاجى پاشانىڭ پىلانى، ياقۇپ بەگنىڭ مەقسىدى مەيلى ياخشى مەيلى يامان بولسۇن، ئۇنى زاۋادىلا قايتۇرۇۋېتىش ئىدى. ياقۇپ بەگ زاۋاغا ھاجى پاشا دىن بۇرۇنراق كېلىپ، چېدىرلىرىنى تىكىپ ئورۇنلىشىپ بولغانىدى. ھاجى پاشانىڭ يېقىنلىشىپ كېلىۋاتقانلىقىنىئاڭلاپ، بىرقانچە مۇھىم كىشىلىرى بىلەن دەرھال ئاتلىنىپ ھاجى پاشا نىڭ ئالدىغا ماڭدى. ياقۇپ بەگ، ھاجى پاشانى كۆرگەن ھامان دەرھال ئېتىدىن چۈشۈپ، يۈگرەپ بېرىپ ھاجى پاشا نىڭ ئۈزەڭگۈسىدىن سۆيگىلى تۇردى. ھاجى پاشا، ياقۇپ بەگنىڭ بۇ ھەرىكىتىگە قاراپ، ئۇنىڭ بىر يامان نىيىتى يوقكەن دەپ ئىشەندى ۋە ئاتتىن چۈشۈپ قائىدە بويىچە ياقۇپ بەگ بىلەن كۆرۈشتى ۋە ياقۇپ بەگنىڭ چېدىرىغا كەلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن، ياقۇپ بەگ، ھاجى پاشانى ئەسكەرگاھىغا بېرىپ، ھادۇق سۇراش مۇراسىمىغا قاتنىشىپ بېرىش ئۈچۈن، ئىككى يۈزدەك ئادىمى بىلەن ئېلىپ ماڭدى. ياقۇپ بەگ ئەسكەرلىرىنى ئالدىنئالا ھەرئېھتىمالغا قارشى تەييار تۇرۇشقا بۇيرۇغانىدى. ياقۇپ بەگنىڭ ئەسكەرلىرى چۈشكەن يەرگە كەلگەندە، ھاجى پاشانى ئۆزىنىڭ چېدىرىغا ئەكىردى ۋە بىرگە كەلگەن كىشىلەرنى، يېرىمىز تار دېگەننى بانا قىلىپ، 8 ـ 10 دىن ئايرىپ، باشقا ـ باشقا چېدىرلارغا باشلىدى. يېمەك يېيىشكە باشلىغان ۋاقىتتا، ھاجى پاشا ۋە ئادەملىرىنى تۇيۇقسىز تۇتۇپ باغلاپ ئەسىر ئالدى. ئۇنىڭدىن كېيىن، ياقۇپ بەگ، ھاجى پاشانىڭ ئەسكەرلىرىگە، «سىلە دەرھال شەھەرگە قايتىڭلار، مەن بۇرادىرىم ئاتلىق غازىنى باشلاپ، ئەرتە شەھەرگە كىرىمەن. ئىبراھىم خان ۋە يۇرت كاتتىلىرى قارشى ئېلىشقا چىقسۇن ۋە شەھەر جابدۇلسۇن» دېگەن مەزمۇندا ھاجى پاشانىڭ تىلىدىن بىر يارلىقنامە يازدۇرۇپ، ھاجى پاشانىڭ خاس تامغىسىنى بېسىپ چىقاردى. بۇ بۇيرۇقنى كۆرگەن ئەسكەرلەر شەھەرگە قايتتى. كېچىسى ياقۇپ بەگ، ھاجى پاشانى قاتتىق ھاقارەت

قىلىپ، قول پۇتلىرىغا كىشەن سېلىپ، بىساتسىز بىر ياغاچ هارۋىغا ئولتۇرغۇزۇپ قەشقەرگە ماڭغۇزدى. ياقۇپ بەگنىڭ ئارقىسىدىن كېلىۋاتقان ئاساسىي قىسىم ئەسكەرلىرىنىڭ ھەممىسى بىر كېچە ئىچىدە زاۋاغا يىغىلدى ۋە ئەتىسى ئەتىگەن ياقۇپ بەگ ئەلچى شەھىرىگە يۈرۈش قىلدى. ئىبراھىم خان باشلىق يۇرت كاتتىلىرى ھېچ نەرسىدىن خەۋەرسىز، ياقۇپ بەگنى قارشى ئېلىش ئۈچۈن مۇراسىم ھازىرلاپ ئالدىغا چىقتى. ياقۇپ بەگ بىلەن ئۇچراشتى ئەمما، ھاجى پاشانى كۆرەلمىگەنلىكلىرى ئۈچۈن ھەيران بولۇشتى. بۇنى سەزگەن ياقۇپ بەگ، ئىبراھىم خانغا، « ھاجى ئاتام ئارقىمىزدا كېلىۋاتىدۇ. ئۆزلىرى خاتىرجەم بولۇش ئۈچۈن، بېرىپ كۆرۈشۈپ قانداق بۇيرۇقلىرى بار ئاڭلاپ كەلسىلە» دېدى. ئىبراھىم خان دادىسىغا سالام بېرىش ئۈچۈن ئارقىغا ئۆتتى. ئىبراھىم خان ۋە ھەمراھلىرى خەلقنىڭ كۆزىدىن ئۇزاقلاشقاندىن كېيىن، ياقۇپ بەگنىڭ ئەسكەرلىرى ئۇلارنى دەرھال قورالسىزلاندۇرۇپ، باغلاپ ئەسىرگە ئالدى. شۇنىڭ بىلەن ياقۇپ بەگ ئون ئىككى مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن بىر قوماندانىنى ئالدىدا ماڭغۇزۇپ، ئۆزى ئارقىسىدىن خوتەنگە قاراپ ئىلگىرىلىدى. شەھەرگە يېقىن بىرجايدا توپ - توپ بولۇپ، بۇلارنى قارشى ئېلىشقا چىققان خەلق، ھاجى پاشا ۋە ئىبراھىم خانلارنىڭ ئالدىدا كەلمەي، ياقۇپ بەگ ۋە ئەسكەرلىرىنىڭ ئالدىدا كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ھەيرانلىقتا بىر - بىرلىرىدىن ھاجى پاشا نەدە قالغاندۇ؟ دەپ سورىغىلى باشلىدى. ھاجى پاشا ۋە ئىبراھىم خانلارنىڭ ئەسىرگە ئېلىنغانلىقىدىن ھېچكىمنىڭ خەۋىرى يوقتى، ھەم بۇنداق بىرھادىسىنىڭ بولۇشى ھېچكىمنىڭ خىيالىغىمۇ كەلمەيتتى. چۈنكى، خوتەن خەلقى، مۇقەددەس قۇرئاننى تۇتۇپ، ئۇلۇغ خۇدانىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلغان بىر مۇسۇلماننىڭ، بۇنداق بىرخىيانەت قىلىشى مۇمكىن ئەمەس دەپ چۈشۈنەتتى. ياقۇپ بەگنىڭ ئەسكەرلىرى شەھەرگە كىردى ۋە ئارقىدىنلا بولاڭ - تالاڭنى باشلىۋەتتى. خوتەن ئەسكەرلىرىنى قورالسىزلاندۇردى. مانا شۇنىڭدىن كېيىنلا خوتەن خەلقى ياقۇپ بەگنىڭ خائىنلىق قىلغانلىقىنى چۈشەندى. خەلق ۋە ئەسكەرلەر بىرلىشىپ، ياقۇپ بەگنىڭ ئەسكەرلىرىگە ھۇجۇم باشلىدى. ئالدىغا ئۇچرىغان فەرغانىلىقنى ئۇرۇپ، ئۆلتۈرۈپ « ھاجى پاشانى نېمە قىلدىڭ ئوغرىلار» دەپ توۋلاپ شەھەر ئىچىدە نامايىش قىلدى. خەلقنىڭ بىر قانچە كۈن داۋام قىلغان بۇ كۈرىشى ياقۇپ بەگنىڭ يۈرگۈزگەن قىرغىنچىلىقى نەتىجىسىدە بېسىقتۇرۇلدى ۋە ناھايىتى كۆپ قان تۆكۈلدى. (بۇلارنى ياقۇپ بەگ توغرىسىدىكى بايانىمىزدا تەپسىلى سۆزلەپ ئۆتىمىز) خۇلاسە قىلىپ ئېيتقاندا، ياقۇپ بەگ خوتەننى، ھىيلە- مىكىر ئىشلىتىپ، ئىنسانلىقنى ۋە مۇسۇلمانلىقنى سېتىۋېتىش بەدىلىگە ئالدى. ھاجى پاشانى قەشقەرگە بارا - بارماس شېھىت قىلدى. خوتەندە، ھاجى پاشانىڭ ئوغۇللىرى ۋە پۈتۈن جەمەتى بىلەن 40.000 دىن كۆپرەك ۋەتەنپەرۋەر ياقۇپ بەگنىڭ خائىنلىقى نەتىجىسىدە قۇربان بولدى. خوتەننىڭ مۇستەقىل ھاكىمىيىتى يىقىلىپ، ياقۇپ بەگنىڭ زۇلۇم ۋە خىيانەتكارلىقى ئۈستىگە قۇرۇۋالغان بىر ۋىلايەتكە ئايلىنىپ قالدى.

## ھاجى پاشانىڭ ئىدارى تەشكىلاتى ۋە ئىجرا قىلغان بەزى ئىشلىرى

ھاجى پاشانىڭ ھۆكۈمىتى، ئىسلام شەرىئەتى ئۈستىگە قۇرۇلغان بولۇپ، سىياسەتتە « شەرقىي تۈركىستان شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ» دېگەن كۆزقاراشتا چىڭ تۇرغاندى. تاشقىرىدىن كەلگەن، تۇڭگان ۋە فەرغانىلىقلارنى مۇسۇلمان دەپ قوبۇل قىلغان بولسىمۇ، ھۆكۈمەت ئىشلىرىغا ھەرگىز ئارىلاشتۇرمىغان. ھاجى پاشا، بۇلارنى ھۆكۈمەت ئىشلىرىگە ئارىلاشتۇرۇش، يۇرتنىڭ ئىستىقبالى ئۈچۈن خەتەرلىك دەپ قارىغان. بۇ ھەقتىكى مەسىلىلەردە راشىدىن خان خوجا بىلەن بولغان ۋەقەلەر يوقىرىدا سۆزلەپ ئۆتۈلدى. قەشقەر ئىنقىلابچىلىرىنىڭ، پەرغانە ھۆكۈمىتىدىن ياردەم تەلەپ قىلىپ، ئەسكەر چاقىرغانلىقىنى، ھاجى پاشا شەرقىي تۈركىستان ئۈچۈن بەك خەتەرلىك دەپ تونۇپ، بۇ ھەقتىكى ئەندىشىلىرىنى ھەردايىم ئوتتۇرىغا قويغاندى. ھاجى پاشانىڭ بۇ كۆز قارىشىنىڭ توغرىلىقى، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ بېشىغا كەلگەنلىرى بىلەن تولۇق ئىسپاتلاندى.

ئىچكى سىياسەت جەھەتتە، ئىدارە ئىشلىرىدا بىرقاتار قانۇنلار بېكىتىلگەن بولۇپ، شۇ زاماندا شەرق دۇنياسىدا ئەۋج ئالغان، زۇلۇم، بۇلاڭ ـ تالاڭ ۋە رۇشۋەت (پارا) دىن ئىبارەت پاساتنى ئۆز يۇرتىدىن يوقىتىشنى بىرىنجى مەقسەت قىلغاندى . يۇرتتىكى ھاكىم، ئەسكىرىي ياكى مەمۇرىي خادىملار قانۇنغا خىلاپلىق قىلسا، ھاجى پاشا ئالدىدا جاۋاپكارلىققا تارتىلىپ جازالاندۇرۇلاتتى. مەملىكەت ئىچىدىكى چوڭ ـ كىچىك ئىشلاردىن ھاجى پاشانىڭ دائىم خەۋىرى بولۇپ تۇراتتى. ھېچبىر مەنسەپتار ئۆز ئىختىيارى بويىچە ئىش قىلالمايتتى. ھۆكۈمەتنىڭ كىرىمى بەك ئاز بولغانلىقتىن چىقىمنى ئالتۇن كانلىرىدىن كەلگەن كىرىم بىلەن قامدىغاندى. يۇرتتىكى پۈتۈن ئالتۇن كانلىرى ھۆكۈمەتنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا ئىدى. تېرىلغۇ يەرلىرىدىن ئۇشرە، تىجارەت ماللىرىدىن زاكات ئېلىناتتى. ئېلىنغان زاكات ۋە ئۇشرىنىڭ ھەممىسى يوقسۇللارغا تارقىتىلاتتى. ھەر شەھەردە «قەلەندەرخانە» دەپ ئاتالغان بىرمەھەللە قۇرۇلغان بولۇپ، پۈتۈن تىلەمچىلەر شۇ مەھەللىگە يەرلەشتۈرۈلگەندى. «ھۇرۇن خانە» دەپ ئاتالغان «دارىلئاجىز» لارنى سېلىپ، ياشانغان، باققۇچىسى يوق، يېتىم ۋە مېيىپ كىشىلەرنى يىغىپ، شو يەرلەرەد باققاندى. بۇلارنىڭ پۈتۈن راسخۇتلىرى زاكات ۋە ئۇشرەدىن ھەل قىلىنىپ، ئايلىق مائاش، يىلدا ئىككى قۇردىن كىيىم ـ كېچەك ۋە قىش كۈنلىرى چوقۇم بىر ۋاق ئىسسىق يېمەك بېرىش كاپاتلەندۇرۇلگەندى. غەزىنىنىڭ كىرىمى ئاز بولغانلىقى ئۈچۈن، ھۆكۈمەت خادىملىرىنىڭ سانى ئاز ئىدى. ئۇلارغا بېرىلىدىغان مائاشمۇ ئانچە كۆپ ئەمەستى. ئەسكەرلەرگە پەقەت يېمەك ـ ئىچمەك ۋە كىيىم ـ كېچەكلا بېرىلەتتى. دايىمىي ئەسكەرلەرنىڭ سانىمۇ ئاز ئىدى. ئەدلىيە ۋە دىنىي ئىشلارنىڭ شەرىئەت بويىچە بېجىرىلىشىگە ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىلەتتى.كۆرۈنۈشتە بىدئەت بولغان

تەرىقەت مەزھەپلىرىگە قەتئىي يول قويۇلمىغان ۋە ئۇلارنىڭ خانىقالىرى قالدۇرۇلغانىدى.[104]

جىنايەت ئىشلىرى ئالاھىدە قانۇن بىلەن بىتەرەپ قىلىنىپ، ئومۇمىي خەۋپسىزلىككە بۇزغۇنچىلىق قىلغانلارغا ئۆلۈم جازاسى بېرىلەتتى. چىن ھۆكۈمىتى دەۋرىدە بەك ئەۋجىگە چىققان، بولاڭچىلىق ۋە ئوغرىلىق ئاپەتلىرى پۈتۈنلەي يوقىتىلغان. بۇلاڭچى ۋە ئوغرىلارنى تۇتۇپ ئۇنىڭ ئاغزىغا باغلاپ ياكى دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرۈش جازاسى بېرىلەتتى. بۇ چارە- تەدبىرلەر سايىسىدا، خوتەن تەۋەسىدىكى ئامانلىق ۋە تىنچلىق، تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە ياخشىلاندى. ھاجى پاشا ھۆكۈمەت كىرىمىدىن ئىقتىسات قىلىپ، مەلۇم مىقدار مەبلەغ بىلەن ھەربىي قورال - ياراق تەييارلىغان. خوتەنلىك ھۈنەرۋەنلەرنى يىغىپ، قۇرۇپ چىققان بىر ئىشخانىدا، 8 - 10 دانە چوڭ توپ، 30 - 40 دانە كىچىك توپ (تەيپو) ۋە بىرقانچە مىڭ مىلتىق ياساتقان. لېكىن، بۇلار يۇرت مۇداپىئەسى ئۈچۈن يېتەرلىك ئەمەستى. ھاجى پاشا، خەلق ئىقتىسادىغا ئېغىر زىيان يەتكۈزىدىغان جازانىخورلۇققا قارشى بولۇپ، ئۇلارغا ئېغىر ماددى جازا بېرىپ جازالايتتى. لېكىن، ھاجى پاشانىڭ ئىككى ئېغىر كەمچىلىكى بار ئىدى. بىرىنچى كەمچىلىكى، ھەربىي ئىشلارغا ئەھمىيەت بەرمەيتتى. ئۇنىڭچە، « ھۆكۈمەت قۇرۇشتىكى مەقسەت، خەلقنىڭ تىنچ - ئامانلىقىنى ۋە پاراۋان تۇرمۇشىنى قوغداشتىن ئىبارەت. ئەگەر، بۇلارغا كاپالەتلىك قىلىنىپ، خەلق راھەت ئىچىدە ياشاپ، ھۆكۈمەتتىن رازى بولىدىغان بولسا، ئۇرۇش چىققاندا ھۆكۈمەت ھە دېسىلا، خەلقنىڭ ھەممىسى پىدائىي ئەسكەر بولۇپ ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. ئەسكەر تۇپلاپ ئۇلارنى تەربىيەلەشكە پۇل كېتىدۇ. ئۇ پۇلنى خەلقتىن ئالماي چارە يوق. نەتىجىدە، بۇنىڭ ئۈچۈن، خەلققە مۇۋاپىق بولمىغان ئېغىر ئالۋاڭ - ياساق قويۇش ۋە بۇنى زورلۇق ۋە زۇلۇم بىلەن ئېلىشقا توغرى كېلىدۇ» دەپ قارايتتى. بۇ كۆزقارىشى بويىچە، پۈتۈن ياشلارنى ئەسكەرلىككە تىزىملاپ قويۇپ، ئۇلارنىڭ ئۆيىدە بىردىن نەيزە، بىردىن چوماق ياكى قىلىچ ساقلاشنى بۇيرۇدى ۋە ئۆز شەخسىي ئىشلىرىدا ئەركىن قويۇپ بەردى. ئىچكى جەھەتتىكى ئامانلىقنى ساقلاش ئۈچۈن 3 - 4 مىڭ كىشىلىك مۇنتىزىم ئەسكىرى بار ئىدى. ھاجى پاشانىڭ بۇ كەمچىلىكى ئۇنىڭ تەجرىبىسىزلىكىدىن كېلىپ چىققانىدى. ئۇنىڭ ئىككىنچى كەمچىلىكى، ناھايىتى ئىتتىك مىجەز بولغانلىقى ئىدى. يەنى، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشى يېتەرسىز ئىدى. جىنايەتچىلەرنى جازالاشتا بەك سۈرۈشتە قىلىپ ئولتۇرمايتتى. ئۆلۈم جازاسى كۆپ بېرىلەتتى. ھۆكۈمەت ئادەملىرىنى ھەددىدىن ئارتۇق قورقۇتۇپ، ئازراقلا بىرخاتالىق ئۆتكۈزگەننىڭ جازاسى، بەزىدە ئۆلۈم بولاتتى. بۇ سەۋەپتىن، يېنىدا ئىشقا يارايدىغان كىشىلىرى ئاز ئىدى.

[104] بىدئەت - ئەسلىدە ئىسلام دىنىدا بولمىغان ئىبادەت شەكلىدۇر. تەرىقەت - ئىشانلىق، سوپىچىلىقتۇر(ن. ش. ھ.).

## قەشقەر ئىنقىلابى ۋە ئاقىۋىتى

سىدىق بەگ، قەشقەرنىڭ يېڭىسار ناھىيىسىنىڭ ئاقتۇ دېگەن يېرىدىن بولۇپ، خەلق ئىچىدە چوڭ ئابرويلۇق كىشى ئىدى. ئەسلىدە قىپچاق قەبىلىسىدىن ئىكەنلىكىمۇ رىۋايەت قىلىنىدۇ. ھىجرى 1280-(مىلادى 1863-) يىلى سىدىق بەگ، ئاقتۇ، يېڭىسار ۋە تاشمىلىق قاتارلىق جايلاردىكى ئۇۋچىلارنى تەشكىللەپ، ئىنقىلاپ قوزغاپ، قەشقەرگە ھۇجۇم قىلدى. بۇنى ئاڭلىغان خەلق تەرەپ - تەرەپتىن كېلىپ، ئۇنىڭغا قېتىلدى ۋە قىسقا بىر ۋاقىت ئىچىدە خېلى زور كۈچكە ئىگە بولۇپ قالدى. قەشقەر كونا شەھەرنى، يېڭىسار ۋە پەيزىئاۋاتنى، بىرقانچە قېتىملىق ئۇرۇشلاردىن كېيىن، ئىگەللىدى. لېكىن، چىنلىقلار يېڭى شەھەر سېپىلى ئىچىگە كىرىۋېلىپ قارشىلىق كۆرسەتتى. چىنلىقلارنىڭ سانى خېلى كۆپ، قورال - ياراق ۋە ئوزۇق - تۈلۈك كىلىرى تولۇق بولغانلىقتىن موجاھىدلار يېڭى شەھەرنى ئالالمىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، قەشەر يېڭى شەھەر مۇھاسىرىسى بىر يىلدەك داۋام قىلدى. بۇ ئارىدا، يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتۈلگىنىدەك، كۇچا ھۆكۈمىتى قەشقەرگە يۈرۈش قىلدى. سىدىق بەگ بۇلارغا قارشى تۇرالماي، شەھەرنى بوشىتىپ، پۈتۈن ئادەملىرىنى ئېلىپ تاشمىلىققا چېكىپ كەتتى. كۇچا ئەسكەرلىرى قەشقەرنى ئۇرۇش قىلمايلا ئالدى. سىدىق بەگ، پەرغانە خانى سەئىد سۇلتاندىن ۋە بىر رىۋايەتكە قارىغاندا، خۇدايارخاندىن ياردەم تەلەپ قىلىپ، ھەيئەت ئەۋەتكەن ئىكەن. بەزىلەر سىدىق بەگنىڭ خۇدا يارخانغا بەيئەت قىلىپ خەت يازغانلىقىنى بايان قىلىدۇ. پەرغانە خانى، قەشقەرنى ئېلىپ مەملىكىتىنى تېخىمۇ كېڭەيتىشنىڭ خىيالىغا چۈشۈپ، مەرھۇم جاھانگىرخوجىنىڭ ئوغۇللىرىدىن بۇزرۇگخان تۆرە نى 400 ئەسكەر بىلەن قەشقەرگە يوللىدى. خۇدايارخاننىڭ ياقۇپ بەگ ئىسىملىك قوماندانى، خاتالىق ئۆتكۈزگەنلىكىدىن قاماقتا ئىدى ۋە ئۆلۈم جازاسى بېرىلىش خەۋپىمۇ بارئىدى. ياقۇپ بەگ بىلەن بۇزرۇگخاننىڭ بۇرۇندىن دوستلۇقى بار بولۇپ، ياقۇپ بەگ ئۇنىڭ قەشقەرگە ئەۋەتىلمەكچى بولغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ خۇدايار خاندىن گۇناھىنى تىلەپ، قەشقەرگە بىللە ئېلىپ كېتىپ خىزمىتىگە سېلىشى ئۈچۈن يالۋۇرغان. بۇزرۇگخاننىڭ ئىلتىماسى بىلەن ياقۇپ بەگ تۈرمىدىن چىقىرىلىپ، بۇزرۇگخاننىڭ خىزمىتىدە ئۇنىڭ بىلەن قەشقەرگە كەتكەنىدى.

سىدىق بەگ، پەرغانىدىن ئۇنىڭغا ناھايىتى زور بىر قوشۇن ياردەمگە كېلىۋاتىدۇ دەپ، ھەر تەرەپكە تەشۋىق قىلغان. نەتىجىدە، كوچا ئەسكەرلىرى بىرتەرەپتىن پەرغانىلىكلەر ۋە يەنە بىرتەرەپتىن سىدىق بەگنىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدا قالىدىغان بولدۇق دەپ، قەشقەرنى بوشىتىپ، كۇچاغا قايتىپ كەتتى. بۇنىڭ بىلەن سىدىق بەگ دەرھال قەشقەرگە كىرىپ شەھەرنى قولىغا ئالدى ۋە پەرغانىدىن كېلىدىغانلارنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن، ھازىرلىققا كىرىشىپ كەتتى.

بۇزرۇگخان بىلەن ياقۇپ بەگ، قەشقەرگە كېلەر. كەلمەس سىدىق بەگنىڭ ئەسكەرلىرىنى قورالسىزلاندۇردى. ئۇندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ قولىدىكى ئولجا ۋە غەنىمەتلەرنى ۋە مال ـ مۈلكلىرىنى تارتىۋالغىلى تۇردى. سىدىق بەگ، پەرغانىلىكلەرنىڭ ياردەم ئۈچۈن ئەمەس، ئىستىلا ئۈچۈن كەلگەنلىكلىرىنى ئۇقتى ۋە بىر كېچىدە ئەسكەرلىرى بىلەن ئاقتۇغا چىقىۋېلىپ، پەرغانىلىكلەرنى قوغلاپ چىقىرىش ئۈچۈن ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلغىلى باشلىدى. ياقۇپ بەگ، سىدىق بەگنىڭ بىرقىسىم ئادەملىرىنى پۇلغا سېتىۋالدى ۋە سۇيىقەست پىلانلاپ ئۇنى ئۆلتۈرتىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن سىدىق بەگنىڭ ئەسكەرلىرى تارقىلىپ كېتىپ، قەشقەر، يېڭىسار ۋە پەيزئاۋات بۇزرۇگخان تۆرىنىڭ قولىغا ئۆتتى. بۇزرۇگخان تۆرە ئۆزىنى، خۇدايارخان نامىدا قەشقەر ھۆكۈمدارى دەپ ئېلان قىلدى.

## يەركەن ئىنقىلابى ۋە ئاقىۋىتى

چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى، بىرقانچە مىڭ ئۆيلۈك تۇڭگانىنى چىندىن كۆچۈرۈپ، يەركەنگە يەرلەشتۇرگەندى. بۇلار ئەسلىدە چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ خىزمىتىدە بولغانلىقى ئۈچۈن تولىسى قوراللىق كىشىلەر ئىدى. شەرقىي تۈركىستاننىڭ باشقا جايلىرىدا مىللىي ئىنقىلاب قوزغۇلۇپ، ئىنقىلاب ئۇچقۇنىنىڭ يەركەنگىمۇ كېلىشى جەزمەن بولۇپ قالغانلىقىنى كۆرگەن بۇ تۇڭگانلار، جان ساقلاش ئۈچۈن، ئىنقىلابقا شېرىك بولۇشتىن باشقا يول يوقلىقىنى چۈشەنگەندى. شۇنىڭ بىلەن تۇڭگانلار يەركەن خەلقى ئىچىدىكى يېقىن كىشىلىرى بىلەن بىرلىشىپ، «خان ئامبان»[105] غا قارشى قوزغالدى. بۇ ئىنقىلاب، «خاس ئاللاھ ئۈچۈن جىھاد» دەپ باشلانغانلىقتىن، پۈتۈن يەركەن خەلقى تەرەپ ـ تەرەپتىن كېلىپ قېتىلدى ۋە يەركەن شەھىرى پەتھى قىلىندى. خان ئامبان ۋە بىرقانچە مىڭ چىنلىق يېڭى شەھەر ئىچىدە قېلىپ، قارشىلىق كۆرسىتىشكە باشلىدى. ئىككى ئاي داۋام قىلغان قورشاۋدىن كېيىن، ئىنقىلابچىلار شەھەردىن سېپىل تېگىگىچە ۋە ھۆكۈمەت بىنالىرىنىڭ ئاستىغىچە يەر ئاستى لەخمە كولاپ كىرىپ، مىلتىق دورىسى كومۇپ پارتلىتىپ، ھاۋاغا ئۇچۇرۇۋەتتى. سېپىل بىر قانچە يەردىن يىقىلدى، خان ئامبان بالا ـ چاقىلىرى ۋە نۇرغۇن چىنلىقلار يىقىلغان بىنالارنىڭ تېگىدە قېلىپ ئۆلدى. مۇجاھىدلار شەھەرنى ئالدى. بۇنىڭدىن بۇرۇن مۇجاھىدلار، پوسكام ۋە قارغىلىق شەھەرلىرىنى ئېلىپ بولغانىدى. يېڭى شەھەر پەتھى بولغاندىن كېيىن، تۇڭگانلارنىڭ قولىدا قورال كۆپ بولىسىمۇ، ئۇلار سان جەھەتتىن ئاز سانلىق ئورۇندا ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ھۆكۈمەتنىڭ تۈركلەر قولىدا بولۇشىنى ماقۇل كۆرۈپ، يەركەندىكى پۈتۈن تەرىقەت مەزھىپىگە مەنسۇپ تۇڭگانلار ۋە كۆپ ساندىكى يەركەنلىكلەرنىڭ پىرى ـ مۇرشىدى بولغان ئابدۇراھمان ھەزرەتنى ھۆكۈمدار قىلىپ سايلىدى. چوڭ بىر

[105] خان ئامبان (ئامبال) ـ قەشقەردىن خوتەنگىچە بولغان يەرلەردىكى چىننىڭ ئومۇمىي باش ۋالىيسى (ن. ش. ھ .).

بەيئەت قىلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپ، ئابدۇراھمان ھەزرەتنى پادىشا دەپ ئېلان قىلدى. ھەربىي ئىشلارغا تۇڭگانلار كۆپرەك ئارىلاشتۇرۇلغان بولسىمۇ، مەمۇرىي ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئابدۇراھمان ھەزرەتنىڭ قولىدا بولدى.

يەركەنىنىڭ مۇستەقىللىقى بىر يىلدىن ئازراق مۇددەت داۋام قىلىپ، يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك، كۇچا ھۆكۈمىتىنىڭ ھۇجۇم قىلىشى بىلەن يىقىلدى. چۈنكى، يەركەندە، قورال ئاساسەن تۇڭگانلارنىڭ قولىدا بولۇپ،كۇچا ھۆكۈمىتىنىڭ ئەسكىرىي كۈچىنىڭ كۆپ قىسمىنى تۇڭگانلار تەشكىل قىلاتتى. تۇڭگانلار، نۇقول مىللەتچى ۋە ھەددىدىن ئارتۇق مۇتەئەسسىپ بىر قوۋم بولغانلىقىدىن، يەركەندىكى تۇڭگانلار، كۇچادىن كەلگەن تۇڭگانلار بىلەن دەرھال بىرلىشىپ كەتتى. ئابدۇراھمان ھەزرەت قاتتىق تۇرۇپ مۇداپىئە قىلغان بولسىمۇ، تۇڭگانلارنىڭ خىيانەت قىلىشى بىلەن شەھەرنى كۇچالىقلارغا تەسلىم قىلىشقا مەجبۇر بولدى. كۇچا ئەسكەرلىرىنىڭ قوماندانى جامالىددىن خوجا، ئابدۇراھمان ھەزرەت ۋە ئوغۇللىرىنى ئەسىر ئېلىپ كۇچاغا ئەۋەتتى. لېكىن تۇڭگانلارنىڭ ئىلتىماس قىلىشى بىلەن يولدىن قايتۇرۇپ كېلىپ يەركەندە نەزەربەند قىلدى. بۇ ۋەقەلەردىن كېيىن، كۇچا ئەسكەرلىرى پىيالما ۋە خانئېرىق ئۇرۇشلىرىدا ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ، يەركەندىكى كۈچىمۇ ئاجىزلاشتى. ئابدۇراھمان ھەزرەت ۋە ئۇنىڭ تەرەپتارلىرى بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، كوچا ئەسكەرلىرىنى يەركەندىن قوغلاپ چىقىرىپ، يەنە مۇستەقىللىق ئېلان قىلدى. بۇ مۇستەقىللىق سەككىز ئاي داۋام قىلدى.

ھىجرى 1282ـ (مىلادى 1866ـ) يىلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا قەشقەردىكى پەرغانىلىك ھۆكۈمدار بۇزرۇگخان تۆرە ۋە باش قوماندانى ياقۇپبەگ، پۈتۈن قوشۇنى بىلەن يەركەنگە يۈرۈش قىلدى. ئابدۇراھمان ھەزرەت ۋە تۇڭگان ئەسكەرلىرى قاتتىق تۇرۇپ قارشىلىق كۆرسەتتى. ئۇلار كونا شەھەر ۋە يېڭى شەھەردىكى ئىستىھكاملاردا چىڭ تۇرۇپ، كۈندۈزى مۇداپىئە قىلسا، كېچىلىرى تۇيۇقسىز چىقىپ، پەرغانىلىكلەرگە ئېغىر زەربە بېرەتتى. ئاخىرى، ياقۇپبەگنىڭ يەركەننى ئېلىشقا كۆزى يەتمىدى ۋە قەشقەرگە قايتىپ كېتىشكە تەييارلاندى.دەل مۇشۇنداق بىر پەيتتە، ياقۇپبەگ يەركەن ھۆكۈمىتى ئىچىدىكى بەزى خائىنلارنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىپ قالدى. بۇ ياردەم بىلەن ياقۇپ بەگ غەلىبە قىلىپ يەركەننى ئالدى. ۋەقەنىڭ جەريانى مۇنداق:

يەركەندە ئىنقىلابتىن بۇرۇن خان ئامبانىنىڭ «ئىشىك ئاغا» سى بولغان، نىيازبەگ ۋە يەنە مۇھىم مەنسەپتە بولغان ھۇشۇر بەگ دېگەنلەر ئىنقىلابتىن كېيىن، تۇڭگانلارغا تىلماچ بولۇپ خىزمەت قىلماقتا ئىدى. بۇ بەگلەر، ھەددىدىن ئۇشۇق خوشامەتچىلىكى ۋە تىلماچلىقتىكى قابىلىيىتى سايىسىدا، ئابدۇراھمان ھەزرەت ۋە تۇڭگانلارنىڭ ئالدىدا خېلى چوڭ ئابرۇيغا ئىگە بولۇپ قالغانىدى. ھۆكۈمەتنىڭ مەخپىي ئىشلىرىدىنمۇ خەۋەرلىرى بار ئىدى. مانا بۇ بەگلەر، كۆرۈنۈشتە ئابدۇراھمان

ھەزرەتنىڭ خىزمىتىدە شەھەر ئىچىدە بولسىمۇ، تېخىمۇ كاتتاراق مەنسەپ تاما قىلىپ، شەھەر ئىچىدىكى پۈتۈن ئەھۋال ۋە مەخپىيەتلىكنى ياقۇپبەگكە مەلۇم قىلىپ تۇرغانىدى. يەركەن مۇجاھىدلىرى پۈتۈن كۈچىنى ئىشقا سېلىپ، بىركېچىدىلا، پەرغانىلىكلەرنىڭ ئۈستىگە ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىپ ئۆلارنى تامامەن يوقىتىشنى قارار قىلغانىدى. بۇقارارنى يۇقىرىدىكى بەگلەر دەرھال ياقۇپبەگكە مەلۇم قىلغانىدى. ياقۇپبەگ، ھۇجۇم باشلىنىدىغان كېچىسى، پۈتۈن ئەسكەرلىرىنى تۈيغۇزماستىن چېدىرلاردىن چىقىپ، بىرئاز يىراق يەردە يوشۇرۇنۇپ تۇرۇشقا بۇيرۇق قىلدى. شۇنداقلا، چېدىر ئىچىدىكى سەرەمجانلارنىڭ ئۆزجايىدا قېلىشىنى، چىراقلار ۋە چېدىر ئالدىدا يېقىلغان گۈلخانلارنى ئۆچۈرۈۋەتمەسلىكنى ئالاھىدە ئۇختۇردى. بىلان بويىچە، يەركەن قىسىملىرى پۈتۈن ئەسكىرىي كۈچىنى توپلاپ پەرغانىلىك ئەسكەرلەر تۇرغان چېدىرلارغا باستۇرۇپ كىردى. چېدىر ئىچىدە ۋە ئەتراپتا دۈشمەندىن ھېچ ئەسەريوقلىقنى كۆرگەن يەركەن ئەسكەرلىرى ھاڭ ـ تاڭ بولۇپ، گاڭگىراپ قالغان بىر پەيتتە، ھەر تەرەپتىن پەرغانىلىكلەر بېسىپ كېلىپ، يەركەن ئەسكەرلىرىنى ئارىغا ئېلىپ ئوق ئاتقىلى تۇردى. يەركەن ئەسكەرلىرىنىڭ شەھەرگە كىرىش يولىنى كېسىپ قويىدى ۋە بىر قىسىم پەرغانىلىكلەرئۇدۇل شەھەرگە بېسىپ كىردى. نەتىجىدە، يەركەننى مۇداپىئە قىلىۋاتقان مۇجاھىدلارنىڭ ھەممىسى شېھىت بولدى. ياقۇپ بەگ شەھەرنى ئېلىپ، ساق قالغان تۇڭگانلارنى ۋە قالغان ئەسكەرلەرنى قىرغىن قىلدى. ئابدۇراھمان ھەزرەت ۋە ئائىلىسىنى ئۆلتۈرمەي ئۆز ئۆيىدە نەزەربەند قىلىپ قويىدى. شۇنىڭ بىلەن يەركەننىڭ مۇستەقىللىقى يىقىلدى ۋە پەرغانىلىكلەرنىڭ ئىستىلاسى ئاستىدا قالدى.

## روسلارنىڭ شەرقىي تۈركىستان چېگرىسىدىكى تۈرك يۇرتلىرىنى بېسىۋالغانلىقى

روسلار، ھىجرى 1056ـ (مىلادى 1646ـ) يىلىدىن باشلاپ، غەربىدە ئورال تاغلىرىدىن يەنسەي دەرياسىغىچە، جەنۇبىدا ئارال، بالقاش كۆللىرى ۋە تارۇتاي تاغلىرىغىچە سوزۇلغان جەنۇبىي سىبىرىيەدىكى قازاق خانلىق دۆلىتىگە تاجاۋۇز قىلىشقا باشلىغانىدى. قازاق خانلىرى، مۇستەقىللىقلىرىنى قەھرىمانلارچە مۇداپىئە قىلىپ قوغدىغان بولسىمۇ، بۇلار بۆلۈنمە خاراكتېرلىق خانلىقلار بولغانلىقلىرى ئۈچۈن، ئاخىرىغىچە مۇۋەپپەق بولالمىدى. دەسلەپتە، ئورال ۋە توبۇل تەرەپلىرىنىڭ ھۆكۈمدارى بولغان ئوبۇلخەيرىخان، روسلارنىڭ ھامىيلىقىنى قوبۇل قىلدى. شەرق ۋە جەنۇبىدىكى خانلار ئۆزلىرىنى مۇداپىئە قىلىپ روسلار بىلەن قاتتىق تۇرۇپ ئۇرۇشۇپ مۇستەقىللىقلىرىنى، ھىجرى 1212ـ (مىلادى 1797ـ) يىلىغىچە ساقلاپ قالالىغان بولسىمۇ، روسلارنىڭ داۋاملىق ھۇجۇمى ۋە ھىيلە ـ نەيرەڭلىرى

نەتىجىسىدە، بىرلىككە كېلەلمەي ئاخىرى، روسلارنىڭ ھامىيلىقىنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر بولدى. مانا، بۇ بىلەن روسلارنىڭ سىياسى تەسىر دائىرىسى، شەرقىي تۈركىستاننىڭ شۇ چاغدىكى شىمال چېگرىسى بولغان تارۋتاي تاغلىرى، بالقاش ۋە ئارال كۆللىرى ساھىللىرىغىچە يېيىلدى. لېكىن، روسلارنىڭ بۇ سىياسىي نۇپۇزى بىرمەزگىل ئۇ قەدەر كۈچلۈك بولالمىدى. چۈنكى، قازاق خانلىرى، ھە دىسىلا روسلارغا قارشى ئىسيان قىلىپ، سوقۇشۇپ تۇراتتى. بۇ ۋەزىيەت، ھىجرى 1281 ـ (مىلادى 1864ـ) يىلىغىچە داۋام قىلغانىدى. روس تارىخچىلىرىنىڭ ياۋروپا ئومۇمىي تارىخلىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكەن، « مىلادى 1796 ـ يىلى، روسلار جەنۇبىي سىبىرىيەدىكى «ئىشومىن چارلىق» نى ھاكىمىيەت ئاستىغا ئالغان» دېگەن سۆزلىرىنىڭ ئەسلى ماھىيىتى يۇقىرىقىلاردىن ئىبارەت.

يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك، روسلار، جەنۇبىي سىبىرىيەدىكى قازاق خانلىرىنى ئېغىزدا ھامىيلىقى ئاستىغا ئالغان بولسىمۇ قازاقلار روسلارنىڭ خوجايىنلىقىنى قوبۇل قىلماي، دائىم «ئۇر ـ قاچ» تاكتىكىسى بىلەن ئۇرۇشۇپ، روس ئەسكەرلىرىنى كۆپ زىيانغا ئۇچراتقانىدى. نەتىجىدە، روسلار بۇ ئۆلكىلەردىن پايدا ئالالمىدى. لېكىن، روسلار، ھەر زامان ئاچكۆزلۈك بىلەن ماراپ، پۇرسەت كۈتۈپ غەربىي ـ تۈركىستاننى بېسىۋېلىشنىڭ كويىدا ئىدى. ئاخىرى، رۇسلار، سىبىرىيەدىكى جەڭگىۋار قازاق قەبىللىرى بىلەن غەربىي تۈركىستاندىكى قېرىنداش تۈركلەر نىڭ ئارىسىنى ئۈزۈپ تاشلاپ، بۇلارنىڭ بىرلىشىشىنى ۋە بىر ـ بىرلىرىگە ياردەم قىلىش ئىمكانىيىتىنى يوقىتىش قارارىغا كەلدى. ئۇندىن كېيىن، غەربىي تۈركىستاندىكى بىر ـ بىرلىرى بىلەن چىقىشالمايدىغان ئۈچ تۈرك دۆلىتى (خىۋە خانلىقى، بۇخارا ئەمىرلىكى ۋە پەرغانەخانلىقى) نى بىر ـ بىرلەپ يوقىتىشنى پىلانلىدى. روس ھۆكۈمىتى بۇ پىلاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ھىجرى 1273ـ (مىلادى 1856) ـ يىلى سىر دەريا ۋە بالقاش كۆلى ئارىسىدىكى ئاق موللا ۋە تۈركىستاننىڭ ھۆكۈمدارى كىنەسارى خانغا قارشى ئۇرۇش ئېلان قىلدى. بۇ ئۇرۇش توققۇز يىل داۋام قىلدى. بۇ مەزگىلدە، كىنەسارى خان ۋاپات بولدى ۋە ئوغۇللىرى تايچاق تۆرە، سىدىق تۆرە ۋە جەپەر(چەپرەك) تۆرەلەر روسلارغا قارشى مۇداپىئە ئۇرۇشىنى داۋام قىلدى. ھىجرى 1281ـ (مىلادى 1864) ـ يىلى تايچاق تۆرە شېھىت بولدى، جەپەر تۆرە ئەسىرچۈشتى ۋە سىدىق تۆرە مەغلۇب بولۇپ، چىمكەنتكە چېكىندى. نەتىجىدە، روسلار ئاق مۇللا ۋە تۈركىستاننى ئىشغال قىلدى. سىدىق تۆرە چىمكەنتتە بىر يىلغىچە روسلار بىلەن ئېلىشتى، ئاخىرى ھىجرى 1282ـ (مىلادى 1865) ـ يىلى مەغلۇب بولۇپ، غەربىي تۈركىستانغا قاچتى. ئۇ يەردىن پامىر يولى بىلەن شەرقىي تۈركىستانغا كېلىپ، ياقۇپ بەگكە قېتىلدى. شۇنىڭ بىلەن روسلار، سىر دەريا ۋە چۇ دەريا ئارىسىدىكى مەملىكەتلەردىن تاشكەنت ۋە تالاستىن باشقا پۈتۈن شەھەرلىرىنى ئىشغال قىلدى. تېخىمۇ ئىلگىرلەپ، ئىسسىقكۆلنىڭ جەنۇبى ۋە شەرقىي شىمالىنى تەڭرىتاغلىرىغىچە كېلىپ، شەرقىي تۈركىستاننىڭ غەربىي شىمال چېگرىسىغىچە بولغان كەڭرى زېمىننى ئىشغال قىلدى. ئۇندىن كېيىن،

روسلار پەرغانە خانى بىلەن ئۇرۇشۇپ، ھىجرى 1283ـ (مىلادى1866) ـ يىلى تالاس ۋە تاشكەنتنى، ھىجرى 1284ـ (مىلادى 1867) ـ يىلى بوخارا ھۆكۈمىتىنى مەغلۇپ قىلىپ، سەمەرقەنتنى ئالدى. ھىجرى 1286ـ (مىلادى 1868) ـ يىلى پەرغانە ھۆكۈمىتىنى يوقىتىپ، پەرغانىنى ئىشغال قىلدى. شۇنىڭ بىلەن شەرقىي تۈركىستان چېگرىسىدىكى پۈتۈن تۈرك يۇرتلىرى روس ئىستىلاسى ئاستىدا قالدى

8 ـ پەسىل

## ياقۇپ بەگ

شەرقىي تۈركىستاندا «بەدەۋلەت» لەقىمى بىلەن تونۇلغان ۋە«ئاتالىق غازى» دەپمۇ ئاتالغان ياقۇپ بەگ دەۋرىدىكى ۋەقەلەرنى ئۇزاقتىن كۆزىتىپ تەتقىق قىلغان چەت ئەل تارىخچىلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدە، ياقۇپ بەگنى، خاتا تەخمىن قىلىپ، ئۇنى شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلابچىسى ۋە مىللىي ھۆكۈمدارى دەپ كۆرسىتىدۇ. ياقۇپ بەگ ئەسلىدە پەرغانىلىك بولۇپ، قوقەنت خانى خۇدايارخاننىڭ قوش بېگى (ۋەزىرى ۋە ياكى قوماندانى) ئىدى. خانغا خىيانەت قىلغانلىقى ئۈچۈن جازالىنىپ، تۈرمىگە تاشلانغانىدى. بۇزرۇگخان تۆرە بىلەن كونا بىر دوستلۇق مۇناسىۋىتى يۈزىسىدىن، بۇزرۇگخان تۆرە خانغا ئىلتىماس قىلىپ، ئۇنى تۈرمىدىن چىقىرىپ، خىزمەتكە تەيىنلەپ، بىللە قەشقەرگە ئېلىپ كەلگەن.

ياقۇپ بەگ سىياسەت ۋە تاكتىكا جەھەتتە تەجرىبىلىك ئادەم ئىدى. بۇزرۇگخان تۆرە بولسا، بۇنداق سۈپەتلەردىن پۈتۈنلەي مەھرۇم ۋە نادان بىرسى ئىدى. ياقۇپ بەگ، يولدا كېلىۋېتىپ، بۇزرۇگخانغا بەزى سىياسى تەدبىرلەر ھەققىدە مەسلىھەت بېرىپ، ئۇنىڭ ئىشەنچىسىگە ئىگە بولغانىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇزرۇگخان تۆرە دائىم ئۇنىڭ سۆزلىرىگە ئەمەل قىلاتتى ۋە قەشقەرگە كېلىپلا ئۇنى ئەسكەرلىرىگە باش قىلدى. ياقۇپبەگنىڭ كۆرسەتكەن تەدبىرلىرى بىلەن سىدىق خاننى يوقىتىپ، ئۆزى قەشقەر ھۆكۈمدارى بولدى. بۇزرۇگخان لىياقەتسىز، ئەيشپەرەس ۋە ئەخمەق ئادەم ئىدى. خۇدايارخان، قەشقەرخەلقى ئاپاق خوجىنىڭ ئەۋلادلىرىنى يەنە بۇرۇنقىدەكلا ياخشى كۆرىدۇ دەپ ئىشىنىپ، بۇزرۇگخان ئارقىلىق قەشقەرخەلقىنى پەرغانە خانلىقىغا تەۋە قىلىمەن دېگەن خىيال بىلەن ئۇنى قورچاق ۋاستە سۈپىتىدە قەشقەرگە ئەۋەتكەنىدى. ئەگەر، ياقۇپ بەگ بىرلىكتە كەلمىگەن بولسا، بۇزرۇگخان ھېچ ئىشنى بېجىرەلمەي، بىرئايغا قالماستىن، قېچىپ كەتكەن بولاتتى. بۇزرۇگخان قەشقەرگە ھۆكۈمدار بولغاندىن كېيىن، پۈتۈن ئىشلارنى ياقۇپبەگكە تاشلاپ بېرىپ، ئۆزى ئوردىدىن چىقماي، هاراق ـ شاراپ ئىچىپ، ئەيش ـ ئەشرەتكە بېرىلىپ كەتتى. ياقۇپ بەگ قەشقەرگە كەلگەن كۈندىن تارتىپ، پۈتۈن ئەسكەر ۋە ھۆكۈمەت خادىملىرىنى ئۆزىگە تارتىش ئۈچۈن ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىشقا باشلىدى. بۇلاردىن بۇزرۇگخاننىڭ ھېچ خەۋىرى بولمىدى. بارا ـ بارا بۇزرۇگخاننىڭ ھۆكۈمدارلىقى قۇرۇق بىر رەسمىيەتتىن ئىبارەتلابولۇپ قېلىپ، ئەمەلىيەتتە ياقۇپ

بەگ ھۆكۈمدار بولدى. ھىجرى 1281ـ (مىلادى 1864ـ) يىلىنىڭ ئاخىرىدا، ئىسھاق بەگنى مەغلۇب قىلىپ بولۇپ، مارالبېشىغا ئەسكەر ئەۋەتتى ۋە ئۈيەردىكى ئىستىھكاملارنى قولغا چۈشۈردى. بۇنىڭ بىلەن ئاقسۇ، قەشقەر ۋە يەركەنگە بارىدىغان چوڭ يول ئېغىزىنى قولغا كەلتۈرۈپ،كۇچا ھۆكۈمىتىنىڭ ھەربىي ئىستراتېگىيىلىك يولىنى تىزگىنلىدى. ئىككىنچى يىلى، يەنى، ھىجرى 1282ـ (مىلادى 1865ـ) يىلى يەركەننى ئالدى.

## ياقۇپ بەگنىڭ ھۆكۈمدار بولغانلىقى

ياقۇپبەگ يەركەننى ئېلىپ، قەشقەرگە كېلەر ـ كەلمەس بۇزرۇگخاننى تەختتىن چۈشۈردى ۋە قولىغا مىلك تىللابېرىپ، ھىندىستانغا ھەيدىۋەتتى. ئۆزىنى قەشقەر ۋە يەركەننىڭ خانى دەپ ئېلان قىلىپ، «ئاتىلىق غازى» دېگەن ئۇنۋاننى ئالدى. خۇدايارخانغا نۇرغۇن سوغا ـ سالام بىلەن ئۇنىڭغا بەيئەت قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، خەت ئەۋەتتى. قەشقەرلىكلەر نامىدىن بۇزرۇگخانغا نۇرغۇن جىنايەتنى يۈكلەپ، مەلۇمات يوللىدى. خۇدايارخان، ياقۇپبەگنىڭ بەيئىتىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنى قوقەنت خانلىقى نامىدىن قەشقەر ۋە يەركەننى باشقۇرۇشقا رەسمىي تەيىنلىدى ۋە «ئاتىلىق غازى» ئۇنۋانىنى تەستىقلاپ تامغا ئەۋەتتى، ئۇنىڭغا ئالاھىدە ئىلتىپات كۆرسەتتى. ياقۇپ بەگ ھۆكۈمدارلىقنى قولىغا ئالغاندىن كېيىن، خوتەن ۋە كوچانى ئېلىشنىڭ خىيالىغا چۈشتى. شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئەڭ باي يېرى بولغان خوتەننى ئىشغال قىلىش، ياقۇپبەگنىڭ بىرىنچى دەرىجىدىكى پىلانى ئىدى. لېكىن، خوتەن خەلقىنىڭ جەسۇرلىقىدىن ۋە ھۆكۈمدارى ھاجى پاشاغا بولغان پەۋقۇلئاددە مۇھەببىتى ۋە ۋاپادارلىقىدىن خەۋىرى بار ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ھاجى پاشانى بىر ھىيلەـ مىكىر بىلەن تۇزاققا چۈشۈرۈپ، ئاندىن كېيىن، خوتەن خەلقىنى بىر ئامال بىلەن بېخۇتلاشتۇرۇش، ئۇلارنى خەۋەرسىز ھالدا ئۇۋۇلاشنىڭ پىلانىنى تۈزۈپ چىقتى. يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك، ياقۇپ بەگنىڭ، ھاجى پاشا بىلەن ئىمزالاشقان دوستلۇق كېلىشىمىدىن، ھاجى پاشا، ياقۇپبەگدىن بىردۈشمەنلىك كەلمەيدىغانلىقىغا ئىشەنگەنىدى. مانا، بۇ ئەھۋال ياقۇپبەگنىڭ ھاجى پاشانى تۇزاققا چۈشۈرۈشتە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىنى ئوڭايلاشتۇردى.

## ياقۇپ بەگنىڭ خوتەنگە قىلغان يۈرۈشى

ھىجرى 1283ـ (مىلادى 1886ـ) يىلى ياقۇپ بەگ ساياھەت قىلىشنى باھانە قىلىپ، يەركەنگە كەلدى. ھەرخىل سەۋەپ كۆرسىتىپ، ئەسكەرلىرىنىڭ كۆپ قىسمىنى يەركەنگە يۆتكەپ كەلدى. ئۇندىن كېيىن، « خوتەنگە بېرىپ ھاجى پاشا ئاتامنى زىيارەت قىلىپ كېلىمەن» دېگەن ئۇيدۇرما سۆزنى

تارقاتتى. يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتۈلگىنىدەك، ياقۇپبەگ، ھىيلە ـ نەيرەڭ ئىشلىتىش، قۇرئان تۇتۇپ يالغان قەسەم بېرىشتەك خائىنلارچە ۋە ئەڭ پەسكەش يول بىلەن ھاجى پاشا ۋە ئوغلىنى تۇزاققا چۈشۈرۈپ ئەسىرئالدى. خەلقى بۇ ھادىسىلەردىن خەۋەرسىز قالغان ئىلچى شەھىرىنى ئىشغال قىلدى. گەرچە پۈتۈن خوتەن خەلق ۋە ئەسكەر قوزغۇلۇپ، پەرغانىلىكلەرنى ئۇچرىغان يەردە ئۆلتۈرۈپ، ياقۇپ بەگنىڭ ئوردىسىغا بېسىپ كىرگەن ۋە ياقۇپبەگنى قورقىنىدىن نېمە قىلىشنى بىلەلمەيقالغىنىدەك ئالاقزادە قىلىۋەتكەن بولسىمۇ بىركېچە ـ كۈندۈز داۋام قىلغان تەرتىپسىز ئۇرۇشتىن كېيىن، رەھبەرسىز قالغان خەلق مەغلۇپ بولدى. ياقۇپ بەگنىڭ بۇيرۇقى بىلەن شەھەردە قىرغىنچىلىق باشلاندى. پەرغانىلىكلەر، خوتەن خەلقىنى ئۆيىدىن سۆرەپ ئېلىپ، چىقىپ ئۆلتۈرگىلى باشلىدى. ياش ـ قېرى، ئەر ـ ئايال، چوڭ كىچىك، بوۋاق دېمەستىن ھەممىسىنى ئۆلتۈردى. بۇ قىرغىندا، خوتەندە ئون مىڭدىن ئۇشۇقراق مۇسۇلمان شېھىت بولدى. ياقۇپ بەگ، جەسەتلەرنى قودۇققا تاشلاپ كومدۇرىۋتتى. ھەتتا ياريدار بولغانلارنىمۇ تىرىك قۇدۇققا تاشلاپ كومدۇرىۋەتتى.

ياقۇپ بەگ، خوتەننى ئېلىپ، ئىككىنچى كۈنى، يوقىرىدا ئىسمى سۆزلەپ ئۆتۈلگەن يەركەنلىك مەشھۇر خائىن نىياز بەگنى بەش، ئالتە يۈز ئەسكەر بىلەن قاراقاشقا ھاكىم قىلىپ، ئەۋەتتى. نىياز بەگ قاراقاشقا كىرىشتە ھېچقانداق توسالغۇغا ئۇچرىماي، ھۆكۈمەت بىناسىغا چۈشتى.كېچىسى قاراقاش خەلقى بېسىپ كىرىپ، پەرغانىلىكلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆلتۈرۈپ، نىيازبەگنى تۇتۇۋالدى. ئامما، نىياز بەگ، بىرھىيلە ئىشلىتىپ، قېچىپ كەتتى. قاراقاشنى قولغا ئالغان خەلق، ئەرتىسى خوتەندىكى قېرىنداشلىرىنىڭ ۋەھشىلەرچە قىرغىن قىلىنىشىغا قاتتىق غەزەپلىنىپ، خوتەنگە يۈرۈش قىلدى. خوتەنگە يېقىن «بالاماس» قۇملىقىدا ياقۇپبەگنىڭ ئەسكەرلىرى بىلەن ئۇچراشتى ۋە قاتتىق جەڭ بولدى. قارا قاشلىقلار قورال ۋە كۈچ جەھەتتىن دۈشمەنگە قارىغاندا ئاجىز بولسىمۇ، پەرغانىلىكلەرنى ئېغىر زىيانغا ئۇچراتتى. بۇپەيتتە، ئىلچىدىن پەغانىلىكلەرگە چوڭ بىر ياردەم قوشۇنى كېلىپ، قاراقاشلىقلارنى مەغلۇب قىلدى. ياقۇپ بەگ قاراقاش خەلقىنى بىر كېچە ـ كۈندۈز قىرغىن قىلىشقا بۇيرۇدى. قاراقاشتا پەرغانىلىكلەرگە بىر ـ ئىككى مىقدارى پۇل بەرگەن كىشى، ئۆلۈمدىن قوتۇلۇپ قالدى. پۇل بېرەلمىگەن، بىگۇنا خەلق ۋەھشىلەرچە قىناپ ئۆلتۈرۈلدى. خەلق شەھەرنى تاشلاپ قېچىشقا مەجبۇر بولدى. باسقۇنچىلار شەھەرنى بولاپ ـ تالاپ ئۆت قويۇپ تامامەن ۋەيران قىلىۋەتتى.

قاراقاش قەتلئامىدىن كېيىن، خوتەننىڭ يۇرۇڭقاش، سامپۇلا، لوپ ۋە چىرىيە قاتارلىق جايلىرىدىن 20.000 دىن كۆپرەك پىدائىي خەلق، قولىدا چوماق ۋە نەيزە بىلەن ئىلچىگە بېسىب، كىرىپ ياقۇپبەگنى شەھەردىن قوغلاپ چىقاردى. ئەمما، ياقۇپ بەگ شەھەر تېشىدا ئەسكەرلىرىنى توپلاشقا مۇۋەپپەق بولدى ۋە شەھەرنى مۇھاسىرىگە ئالدى. قولىدا، يالغۇز چوماق ۋە نەيزىدىن باشقا قورال بولمىغان خەلق، ياقۇپبەگنىڭ توپ ـ زەمبىرەك بىلەن قىلغان ھۇجۇمى نەتىجىسىدە مەغلۇپ بولدى.

پىدائىلارنىڭ بىرقىسمى قېچىپ قۇتۇلغان بولسىمۇ، 10000 كىشى ئەسىرگە ئېلىنىدى. ياقۇپ بەگ بولارنى ھەرخىل قىيىن - قىستاققائېلىپ ئازاپلاپ ئۆلتۈرۈپ خەندەكلەرگە كۆمدۈرۈۋەتتى. بۇ پاجىئىنىڭ كۆلەمىنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ، بۇ كۈنگىچە ياشاپ كەلگەن، ياشانغان كىشىلىرىمىزنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلىشىمىزچە، ياقۇپبەگنىڭ خوتەن تەۋەسىدىكى قىرغىنچىلىقى جەريانىدا 40.000 دىن كۆپرەك ۋەتەنپەرۋەرشېھىت بولغانمىش. بۇلاردىن كېيىنمۇ، خوتەننىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا كىچىك كۆلەملىك قوزغىلاڭلارچىقىپ تۇردى. ياقۇپ بەگ، ئىنقىلاپ چىققان جايدىكى خەلقلەرنى، ئىنقىلابقا قاتناشقان ياكى قاتناشمىغانلىقىنى سۈرۈشتۈرمەيلا ھەممىسىنى رەھىمسىز ھالدا ئۆلتۈرەتتى. شۇنداق قىلىپ، ياقۇپبەگ خوتەننى تولۇق تىنجىتىش مەقسىتىدە، خوتەندە بەش ئاي تۇرۇشقا مەجبۇر بولدى. بۇ بەش ئاي ئىچىدە، خوتەن خەلقىدىن ئازراق ۋەتەنپەرۋەرلىك ھېسسى باردەپ گۇمان قىلغان كىشىلەردىن بىرىنىمۇ تىرىك قويماي يوقاتتى. نەتىجىدە، ھەر تەرەپتە قان ۋە ئۆلۈم دەھشىتىدىن باشقا نەرسە كۆرۈنمىگەن خوتەن خەلقى، قارشىلىق كۆرسىتىش جاسارىتىدىن ۋە ھېسسىدىن مەھرۇم بىرھالەتكە چۈشۈپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن ياقۇپ بەگ خاتىرجەم بولۇپ، ئادەملىرىدىن ئەڭ زالىمى ۋە مىللەتكە خائىنلىق قىلىشتا ئۆچىغا چىققان مۇناپىق نىياز بەگنى خوتەنگە ۋالىي قىلىپ، بىرنەچچە مىڭ پەرغانىلىك ئەسكەرنى قالدۇرۇپ، ئۆزى خوتەن خەزىنىسىدىكى ئالتۇن - كۈمۈشنىڭ ھەممىسىنى ئېلىپ، قەشقەرگە قايتتى.

## ياقۇپ بەگنىڭ كۇچاغا قىلغان يۈرۈشى

ياقۇپ بەگ خوتەننى ئېلىپ بولۇپ، قەشقەرگەكەلدى ۋە كۇچانى ئېلىش ئۈچۈن، تۆۋەندىكىدەك ھىيلە- نەيرەڭدىن يەنە بىرىنى تۈزۈپ چىقتى:

چىن ئەسكەرلىرى قۇمۇلنى ئىشغال قىلغانىدى. چىنلىقلارنىڭ قۇمۇلنى چوڭ بىر ئەسكىرىي بازا قىلىپ تۇرۇپ، ئەسكەر يۆتكەپ كېلىپ، خالىغان چاغدا شەرقىي تۈركىستانغا ھۇجۇم قىلىش ئېھتىمالىنىڭ بارلىقىنى ھەركىم ھېس قىلماقتا ئىدى. ياقۇپبەگ بۇ ۋەزىيەتنى باھانە قىلىپ كۇچانى ئېلىش مەقسىدىگە يەتمەكچى بولدى ۋە كۇچا ھۆكۈمدارى، راشىدىن خان خوجىنىڭ ئالدىغا بىرئەلچى ھەيئىتى ئەۋەتىپ، «قۇمۇلنى چىن ئىستىلاسىدىن قۇتقۇزۇپ، مەملىكەتكە بۇندىن كېيىن كېلىدىغان خەتەرنىڭ ئالدىنى ئېلىشىمىز لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن ئىككىمىز بىرلىكتە كۈرەش قىلىشىمىز كېرەك: ئەگەر جانابلىرى ئەسكەرچىقارمىسىلىمۇ، بىزگە يول بېرىشلىرىنى ئۈمىد قىلىمەن» دېگەن مەزمۇندا خەت يازدى. ئەلچىلارنىڭ كەينىدىنلا ئۆزى نۇرغۇن ئەسكەرى بىلەن يولغا چىقتى.

راشىددىن خان خوجا، ياقۇپ بەگنىڭ ئەلچىلىرى كېلەر - كەلمەي ئۇنىڭ يامان نىيىتىنى بىلىپ

قالدى ۋە دەرھال پۈتۈن كۈچىنى ئاقسۇ دەرياسى بويىغا يەرلەشتۈرۈپ، ياقۇپبەگ كەلسە، دەريادىن ئۆتكۈزمەسلىكنى بۇيرۇدى. ياقۇپ بەگنىڭ دەريا بويىغا كېلىشى بىلەن تەڭ، كوچا ئەسكەرلىرى توپ ئېتىپ، دەريادىن ئۆتكۈزمىدى.

ياقۇپ پەگ، كۇچا ئەسكەرلىرىنى ئالداپ « مەن خان خوجامنىڭ رۇخسىتى بىلەن كەلدىم. قومۇلغا غازات ئۈچۈن كېتىپ بارىمەن. كۇچا ھۆكۈمىتىگە قارىتا ھېچقانداق يامان نىيىتىم يوق» دەپ مىڭ يەردىن قەسەم قىلىپ، ئادەم ئەۋەتتى. ئەمما، كۇچالىكلار بۇنىڭغا ئالدانماي چىڭ تۇرۇپ مۇداپىئە قىلىشنى داۋام قىلدى. ئاخىرى، ياقۇپ بەگ بىر كېچىدە بىر قانچە مىڭ ئەسكەرلىرىنى دەريانىڭ ئاياق تەرىپىدىكى كېچىكتىن ئۆتكۈزۈپ، كۇچا ئەسكەرلىرىنى تۇيۇقسىز قورشاۋغا ئالدى. كۇچا ئەسكەرلىرى قاتتىق ئۇرۇشۇپ، قورشاۋنى يېرىپ، ئاقسۇ شەھەر ئىچىگە چېكىندى. ياقۇپ بەگ ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ كېلىپ، كۇچا ئەسكەرلىرىنى شەھەر تېشىغا چېكىندۈردى. خان خوجا بۇ ھادىسىنى ئاڭلاپ ئاقسۇغا ياردەم ئۈچۈن، نۇرغۇن ئەسكەر يوللىدى ۋە پۈتۈن قۇۋۋىتىنى بايغا توپلىدى. ياقۇپ بەگ ئاقسۇغا كىرىپ بولۇپ، خان خوجىغا ئەلچى ئەۋەتىپ، « مېنىڭ،كۇچا ھۆكۈمىتىنىڭ بىرغېرىش يېرىنىمۇ تارتىۋېلىش نىيىتىم يوق. پەقەت، ئورتاق دۈشمىنىمىز بولغان چىنلىقلارنى قومۇلدىن ھەيدەپ چىقىرىشقا ياردەم بەرسە، يېتەر. بۇندىن باشقا ھېچ قانداق مەقسىدىم يوق» دېگەن مەزمۇندا خەت يېزىپ، قاتتىق قەسەم قىلىپ، ۋەدىنامە ئەۋەتتى. ئەگەر، ياقۇپ بەگنىڭ بۇ تەكلىۋى قوبۇل قىلىنمىغاندا، قاتتىق ئۇرۇش بولىدىغانلىقى چوقۇم ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، خان ـ خوجىنىڭ، بۇ ئۇرۇشتا غەلىبە قىلىشى ئۈچۈن يېتەرلىك ئەسكىرىي كۈچى يوقتى.

شۇنىڭ ئۈچۈن، ياقۇپ بەگنىڭ، كۇچا شەھەر ئىچىگە كىرمەي ئۆتۈپ كېتىشىگە ماقۇل بولدى ۋە بايدىكى ئەسكەرلىرىنى كۇچاغا قايتۇرۇپ، شەھەر ئەتراپىدىكى مۇداپىئە ئىستىھكاملىرىنى كۈچەيتتى. ياقۇپبەگ كۇچادىن بىرمىل ئۇزاقلىقتىكى دۆلەتباغ مەھەللىسى دېگەن جايغا كېلىپ چۈشتى. خان خوجا، ياقۇپبەگكە كاتتا زىياپەت قىلىپ، ئەسكەرلىرىگە ئۈچ كۈن يەتكۈدەك يېمەك ـ ئىچمەك چىقاردى. ياقۇپ بەگ، ئۈچ ـ تۆت يۈز قوراللىق ئادەملىرىگە كۇچالىقلارنىڭ كىيمىنى كىيدۈرۈپ، بۇ نەرسىلەرنى ئېلىپ چىققان ۋە تاماشا ئۈچۈن دۆلەتباغقا يىغىلغان مىڭلارچە كۇچالىقلارنىڭ ئارىسىغا ئارىلاشتۇرۇۋەتتى. ئاخشىمى بۇ ئادەملار ھېچ كىم تونۇماستىن، تاماشاغا چىققان شەھەرخەلقى ئارىسىغا قوشۇلۇپ، شەھەرگەكىرىپ كەتتى. كېچىسى ياقۇپ بەگ پۈتۈن كۈچى بىلەن شەھەرگە ھۇجۇم قىلدى.

ياقۇپ بەگنىڭ، بىركۈن بۇرۇنقى ئاخشىمى شەھەرگە كىرىۋالغان ئادەملىرى شەھەر دەرۋازىسىنى ئېچىپ، ياقۇپ بەگ ھېچ قىينالمايلا شەھەرگەكىردى. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن كۇچا ئەسكەرلىرى قورقۇپ ئالاقزادىلىك ئىچىدە ھەرتەرەپكە قېچىپ، پاراكەندە بولۇپ كەتتى. خان خوجا بۇلارنى

كۆرۈپ، نۇمۇسسىزلىق بىلەن تەسلىم بولۇشنىڭ ئورنىغا، دۈشمەن بىلەن ئۇرۇشۇپ، شەرەپ بىلەن ئۆلۈشكە قارارقىلدى. يۈزدەك پىداكار ئادەملىرىنى ئېلىپ، سەلدەك كېلىۋاتقان پەرغانەلىكلەرنىڭ ئۈستىگە ئېتىلدى. خان خوجا، يۈز لەرچە دۈشمەننى ئۆلتۈرۈپ، ئوغۇللىرى ۋە يۈزدەك يېقىنلىرى بىلەن بىللە شېھىت بولدى.

## ياقۇپ بەگنىڭ كۈچلىنىشى

ياقۇپ بەگ، شەرقىي تۈركىستانلىق مۇسۇلمانلارنى ئۆلتۈرۈپ، ئۆزىنى «غازى» دەپ ئاتاش بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتقان بۇچاغدا، يەنى، ھىجرى 1283ـ (مىلادى1866ـ) يىلى، روس قوماندانى گېنىرال چېرنىيېف، خۇدايارخاننى مەغلۇپ قىلىپ، تاشكەنتنى ئىشغال قىلدى. نەتىجىدە، تاشكەنت ۋە پەرغانىدىن، خەلق بالا ـ چاقىلىرىنى ئېلىپ، شەرقىي تۈركىستانغا سەلدەك ئېقىپ، قېچىپ كېلىشكە باشلىدى. ھىجرى 1284 ـ (مىلادى1867ـ) يىلى بۇخارا ئەمىرى، سېيىد مۇزەپپەرىدىن گېنرال چېرنىيېف تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىندى ۋە سەمەرقەنتمۇ روسلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتتى. بۇ سەۋەپلەردىن، بۇخارا ۋە سەمەرقەنتتىن، شەرقىي تۈركىستانغا قېچىپ كېلىۋاتقان مۇھاجىرلارنىڭ سانى تېخىمۇ كۆپەيدى. بۇ مۇھاجىرلارنىڭ تولىسى قوراللىق ئىدى. شۇڭا ياقۇپ بەگ، بۇلارنى يېنىغا تارتتى ۋە بۇلارنىڭ يولباشچىلىرىغا خىزمەت بېرىپ، ۋالىي، ھاكىم ۋە ئەسكىرىي قوماندانلىق ۋەزىپىلىرىگە تەيىن قىلدى. دىنىي ئالىملارنى يۇرتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا، قازى ۋە مۆپتى قىلدى. مۇھاجىر ياشلارنىڭ ھەممىسىنى ئەسكەرلىككە ئالدى. خوتەن ۋالىيسى نىياز بەگدىن باشقا پۈتۈن ۋىلايەتنىڭ ۋالىيلىقىغا مۇھاجىرلاردىن تەيىن قىلىندى. بۇنىڭ بىلەن ياقۇپ بەگنىڭ بىركۈچى ئون بولدى. بۇنىڭ ئۈستىگە، ياقۇپبەگ شەرقىي تۈركىستانلىق ياشلاردىنمۇ مەجبۇرى ئەسكەرلىككە ئېلىپ، 80,000 كىشىلىك بىر قوشۇن تەييارلىدى ۋە تۇرپان، ئۈرۈمچى، ئىلىنى ئېلىش ھازىرلىقىغا كىرىشتى. ياقۇپ بەگ، ئۆكۈنلەردە تېخى ئۆزىنى ئېغىزدا، قوقەنت خانىغا تەۋە دەپ يۈرەتتى.

## ياقۇپ بەگنىڭ، ئۈرومچى ۋە تۇرپاننى ئالغانلىقى

ھىجرى 1285ـ (مىلادى 1868ـ) يىلى تۇرپاندىكى تۇڭگانلار،كورلىنى ئىشغال قىلدى ۋە كۇچاغا ھۇجۇم قىلىپ، خەلقنى بۇلاپ ـ تالاپ يۈزدەك ئەر ئايالنى ئەسىر ئېلىپ، كورلىغا قايتىپ كەتتى. بۇ ھادىسە ياقۇپ بەگ، بىلەن تۇڭگانلارئوتتۇرىسىدا تۈزۈلگەن كېلىشىمنىڭ تۇڭگانلارلار تەرىپىدىن بوزۇلغانلىقى بولۇپ، بۇ ياقۇپ بەگ ئۈچۈن، تۇرپان ۋە ئۈرۈمچىگە يۈرۈش قىلىش ئۈچۈن تازا ئوبدان بىر باھانە بولۇپ بەردى. كۇچاغا يۈرۈش قىلىپ، ئۇيەردە توختىماستىن كورلىنى ئېلىپ بەش ـ

تۈت ئاي تۇرۇپ پۈتۈن كۈچىنى بۇ يەرگە يىغدى. ھىجرى 1286ـ (مىلادى 1869ـ) يىلى قاراشەھەرگە ھۇجۇم قىلىپ، ئۇ يەردىكى تۇڭگانلارنى ئۆلتۈرۈپ تۈگىتىپ، تۇرپانغا ماڭدى.

تۇرپاندىن كەلگەن تۇڭگانلارنىڭ زور بىر قوشۇنى بىلەن ئۇششاق تالدا ئۇچرىشىپ، قاتتىق ئۇرۇش قىلدى. ئاخىرى ياقۇپ بەگنىڭ ئەسكەرلىرى سەھەر ۋاقتىدا شىددەتلىك بىرھۇجۇم بىلەن تۇڭگانلارنى ئۈچ تەرەپتىن ئوتتۇرىغا ئېلىۋالدى. نەتىجىدە، تۇڭگان ئەسكەرلىرىنىڭ تولىسى قىرىلىپ تۈگەشتى. بىرقىسمى قېچىپ قۇتۇلغان بولسىمۇ، ئوتتۇرىدىكى ئۈچ كۈنلۈك سۇسىز چۆلدە ئۆلۈپ، ئازراق بىرقىسمى تۇرپانغا قېچىپ باralدى.

تۇرپاندىكى تۇڭگانلار بۇدەھشەتلىك مەغلۇبىيەتتىن ناھايىتى قورقۇپ كېتىپ، تۇرپاننى تاشلاپ ئۈرۈمچىگە قاچتى. ياقۇپبەگ، تۇرپاننى ئۇرۇش قىلمايلا ئالدى. قالغان تۇڭگانلارنىڭ بىرنىمۇ قويماي ئۆلتۈردى. تۇرپاندىن ئۈرۈمچىگە يۈرۈش قىلىپ، بىرقانچە قېتىملىق ئۇرۇشتىن كېيىن، تۇڭگانلارنى مەغلۇپ قىلىپ، ئۈرۈمچىنىمۇ ئالدى. تۇڭگانلار مەركىزىنى ماناسقا يۆتكىگەندى. ياقۇپبەگ، ماناس ۋە شىخۇ قاتارلىق جايلارنىمۇ ئېلىپ، بارغان يەرلەردە تۇڭگانلارنى قويماي قىرغىن قىلدى. قىلىچتىن ئېشىپ قالغان تۇڭگانلار، گۇچىڭ ۋە جىمسار تەرەپكە قاچتى. شۇنىڭ بىلەن ئۈرۈمچى ۋىلايىتى تەۋەسىدە تۇڭگانلارنىڭ كۈچى تامامەن يوقىتىلدى.

ياقۇپ بەگ، قۇمۇل ۋە ئىلى چېگرىسىغىچە بولغان جايلارنى ئىشغال قىلدى. ئۇندىن كېيىن، ئىلىغا يۈرۈش قىلدى. باش ئىلى(ھازىرقى غولجا شەھىرى) دىكى تارانچىلار، تۇڭگانلارنىڭ زۇلمىغا تاقەت قىلالماي ئىسيان كۆتۈرۈپ چىققانىدى. ياقۇپ بەگ، بۇلارنىڭ ياردىمى بىلەن ئىلىنى ئوڭايلا ئالدى.

يەتتەسۇ ۋە ئاياق ئىلىدىكى تارانچى ھۆكۈمىتى، ياقۇپ بەگكە ئەلچى ئەۋەتىپ، ئۇنىڭغا، تەۋە بولىدىغانلىقلىرىنى بىلدۈردى ۋە ئىقتىسادىدىن ھەر يىلى بەلگىلەنگەن مىقداردا ياقۇپ بەگكە يوللاپ تۇرىدىغانلىقلىرىنى مەلۇم قىلىپ، ئىچكى مۇستەقىللىقىنىڭ قوللىرىدا قېلىشىنى تەلەپ قىلدى. ياقۇپ بەگ، بۇنى غەنىمەت دەپ بىلىپ، بۇجەڭگىۋار خەلق بىلەن ئۇرۇشۇشتىن، ئۇلار بىلەن سۈلھى تۈزۈشنىڭ ئەۋزەللىرەك بولىدىغانلىقىنى چۈشىنىپ، كېلىشىم ئىمزالاپ، قەشقەرگە قايتتى. ياقۇبەگ، چىن ھۆكۈمىتى بىلەن سۈلھى تۈزۈش نىيىتىدە بولغانلىقى ئۈچۈن قۇمۇلغا چىقىلمىدى.

شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۈرۈمچىنىڭ شەرقىدىكى تۇڭگانلارنى يوقاتمىغانىدى. لېكىن، ياقۇپ بەگنىڭ بۇ خاتا چۈشەنچىسى، كېيىنچە چىنلىقلارنىڭ، شەرقىي تۈركىستاننى بېسىۋېلىشىغا ياردەم قىلدى. شۇنىڭ بىلەن غەربىدە پامىر ۋە ئالاي يايلاقلىرى، ئىلى تەرىپىدە ئىسسىقكۆل ۋە ئالمائاتا، شىمالدا بالقاش كۆلى، تارۇناي، ئالتاينىڭ جەنۇبىدىكى يايلاقلار، شەرقتە بارىكۆل تاغلىرى، ئۈرۈمچى قۇمۇل ئارىسىدىكى چۆل ۋە جەنۇبىدا قاراڭغۇتاغ (كۇئىنلۇن) ۋە قاراقۇرۇم تىزمىلىرىدىن ئىبارەت جايلارنىڭ ھەممىسى

ياقۇپبەگ ھاكىمىيتىنىڭ تېررىتورىيەسى ئېنچىكە كىردى. بۈگۈنكى شەرقىي تۈركىستان مەملىكىتىنىڭ چېگرىسى ئىچىدىكى ئالتاي ۋە چۆچەك ۋىلايەتلىرى ئۇچاغدا موغۇلىستان تېررىتورىيىسى ئىچىدە ئىدى. قۇمۇل ۋە بارىكۆلمۇ چىنلىقلارنىڭ قولىدا ئىدى. ھازىر روس ئىشغالىيىتى ئاستىدا بولغان ئىلى ۋە يەتتەسۇ بولسا، ياقۇپبەگكە تەۋە بولدى (21 - خەرىتىگە قاراڭ).

## ياقۇپبەگنىڭ مۇستەقىللىق ئېلان قىلىپ، «بەدەۋلەت» ئۇنۋانىنى ئالغانلىقى

ئەمەلىيەتتە، ياقۇپبەگ ھۆكۈمدار بولغان كۈندىن باشلاپ مۇستەقىل ئىدى. ئۇ پۈتۈن ئىشلارنى پەرغانە خانىدىن سورماي ئۆز ئالدىغا ئېلىپ باراتتى ۋە خان ئالدىدا ھېچ قانداق مەسئۇلىيىتىمۇ يوقتى. شۇنداق بولسىمۇ، ئېغىزدا ئۆزىنى پەرغانە خانلىقىغا تەۋە دەپ خانغا ھۆرمەت كۆرسىتەتتى. ياقۇپ بەگ، ئىلىنى ئېلىشقا تىرىشىۋاتقان كۈنلەردە پەرغانە خانلىقى بەك ئاجىزلىشىپ، روسلارنىڭ ھامىيلىقىنى قوبۇل قىلغانىدى. ياقۇپبەگ ئىلىدىن قايتىپ كېلىپلا، پەرغانە خانلىقىنىڭ تەۋەلىكىدىن ئايرىلغانلىقىنى جاكالاپ، شەرقىي تۈركىستاننى ئۆزئالدىغا مۇستەقىل بىردۆلەت دەپ ئېلان قىلدى. ۋە تەۋە بولغانلىقىنىڭ ئالامىتى بولغان «ئاتىلىق غازى» دېگەن ئۇنۋانىنى تاشلاپ، «بەدەۋلەت» دېگەن ئۇنۋانىنى ئالدى. قەشقەرگە، ئەسلى ھىندىستانلىق بولغان مىرئەھمەد جامادار دېگەن ئادەمنى ۋالىي قىلىپ، ئۆزى ئاقسۇنى پايتەخت قىلدى. ياقۇپ بەگ، ئۇنىدىن كېيىن، پۈتۈن دىققىتىنى ھەربىي كۈچىنى كۈچەيتىشكە قارىتىپ، قورال - ياراق ۋە مىلتىق دورىسى ئىشلەپچىقىرىدىغان ئىشخانىلارنى قۇرۇپ چىقىپ، كۆپ مىقداردا توپ، مىلتىق ۋە مىلتىق دورىسى تەييارلىغىلى باشلىدى. يۇرت ئىچىدىن خەلقنى مەجبۇرى ئەسكەرلىككە ئېلىپ، ئەسكەر سانىنى ئاشۇردى. چېگرا موھاپىزەت قىسىملىرى، يۇرت ئىچى ئامانلىقىنى ساقلاش قىسىملىرىدىن باشقا پەقەت ئۇرۇش ئۈچۈن، «سەكسەن مىڭ كىشىلىك» قوشۇننى تەشكىل قىلىپ، شۇ زامانىنىڭ يېڭى ئۇسۇلىغا مۇۋاپىق (خەلق ئىچىدە بۇ ئۇسۇلغا «پەرەڭچە» دەپ نام بېرىلگەنىدى) ھەربىي تەلىم - تەربىيە بىلەن تەربىيىلەپ چىقتى. ئىچكى جەھەتتە ئۆزىنىڭ نۇپۇزىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن پۈتۈن مەمۇرىي خادىملارنى، لىياقىتى بولسۇن، بولمىسۇن، غەربىي تۈركىستانلىق مۇھاجىرلاردىن تەيىن قىلدى. ئەسكىرىي قىسىملىرىنىڭ ۋە مۇھاجىرلارنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلاش ئۈچۈن، ھەرخىل باج ۋە ئالۋاڭ سېلىق ئېلىشنى يولغا قويدى. مەسىلەن: يەر بېجى، تىجارەت بېجى، چارۋا مال بېجى ۋە باشقا ھەرخىل ئىسىملار بىلەن خەلقتىن ئالىدىغان باج ۋە ئالۋاڭ - سېلىقلار، خەلق كۆتىرەلمەيدىغان دەرىجىدە ئېغىرلاشتى. دېھقانلار يەرلىرىنى تاشلاپ، تەرەپ - تەرەپكە قېچىپ كەتتى. بازاركاساتلىشىپ تىجارەت ئازالدى. خەلق قىممەتچىلىك ۋە ئاچارچىلىق ئاپەتلىرىگە دۇچار بولدى.

## ياقۇپ بەگنىڭ چەت دۆلەتلەر بىلەن مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقى

ھىجرى1287 ـ (مىلادى 1870ـ) يىلى ياقۇپ بەگ تۈركىيە سۇلتانى ۋە شۇ چاغدىكى ئىسلام خەلىپىسى سۇلتان ئابدۇلئەزىزخاننىڭ ئالدىغا ھەيئەت ئەۋەتىپ، ئۆزىنىڭ ئىسلام خەلىپىلىكىگە تەۋە بولىدىغانلىقىنى مەلۇم قىلىپ، شەرقىي تۈركىستاننى مۇستەقىل ئىسلام دۆلىتى دەپ ئېتىراپ قىلىشنى ئىلتىماس قىلدى. سۇلتان ئابدۇلئەزىز، بۇ ھەيئەت بىلەن كۆرۈشتى ۋە ياقۇپ بەگنىڭ ئىلتىماسىنى خوشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭغا «ئەمىرئىلمۇئسلمىن» يەنى، مۇسۇلمانلار ئەمىرى دېگەن ئۇنۋانىنى بەردى. خۇتبىنى مۇسۇلمانلارنىڭ خەلىپىسى نامىدا ئوقۇلىشى ۋە پۇلغا خەلىپىنىڭ ئىسمىنى چوشۇرۇشنى بۇيرۇدى. ياقۇپبەگ، بۇيرۇقنى ئىجرا قىلىپ، خۇتبىنى سۇلتان ئابدۇلئەزىز نامىدا ئوقۇتتى ۋە قۇيدۇرغان كۈمۈش تەڭگىگە خەلىپىنىڭ ئىسمىنى چوشۇردى. ئۈستىدە «سۇلتان ئابدۇلئەزىز» ئىبارىسى چوشۇرۇلگەن كۈمۈش تەڭگىلەر ھازىرمۇ خەلقنىڭ قولىدا مەۋجۇد.

ئۇندىن كېيىن ياقۇپ بەگ، ھىندىستان ۋە روسىيەگە بىردىن ئەلچى ئەۋەتتى. ئەنگلىيە ۋە روسىيە شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىقىنى تونۇدى. ھىندىستان ھۆكۈمىتى بىلەن تىجارەت كېلىشىمى ئىمزالاندى. ئىككىنچى يىلى، روسىيە ۋە ھىندىستاندىن ياقۇپ بەگكە رەسمىي ئەلچى كەلدى. ھىندىستاندىن، تۆت مىڭدىن كۆپرەك كارتوشلۇق ۋە يىگىرمە مىڭ پىستانلىق مىلتىق ۋە باشقا نۇرغۇن مىقداردا ھەربىي لاۋازىمات سېتىۋېلىندى. چىن ھۆكۈمىتى ئۆزىنىڭ تەبئىي سىياسىتىدە تۇرۇپ، شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىقىنى تونۇمىدى.

لېكىن، گۇدەك ياشتىكى ئىمپېراتور تۇڭشىغا ۋاكالىتەن ئىش بېجىرىۋاتقان كۇڭ، ئوسمانلى ئىمپېراتورلۇقى، ئەنگلىيە ۋە روسىيە نىڭ ئېتىراپ قىلغانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، شەرقىي تۈركىستانغا ئەسكەر يوللىمايدىغانلىقىنى رەسمىي ئېلان قىلدى. ئۇچاغدا، چىندىكى ئىچكىي ئىنقىلاب ۋە ئەنسىزلىك سەۋەبىدىن ۋە چەت ئەللەرنىڭ بېسىمى سەۋەبىدىنمۇ چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى، بۇنىڭغا مەجبۇر ئىدى. چىن ھۆكۈمەتلىرىنىڭ بۇنداق قېيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان چاغلىرىدا، ئىككى يۈزلىمىچە سىياسەت قوللىنىدىغانلىقىدىن ياقۇپ بەگ خەۋەرسىز ئىدى. دۇنيانىڭ ئۈچ چوڭ دۆلىتى مۇستەقىللىقىمىزنى ئېتىراپ قىلدى، چىن دۆلىتىنىڭمۇ تونۇماقتىن باشقا چارىسى يوق دېگەن چۈشەنچە بىلەن بىپەرۋالىق قىلماقتا ئىدى.

## ئۈرۈمچى ۋە غۇلجىنىڭ، تۇڭگانلار تەرىپىدىن ئىككىنچى قېتىم ئىشغال قىلىنغانلىقى

بۇرۇن ياقۇپ بەگدىن مەغلۇپ بولۇپ، ئۈرۈمچىنىڭ شەرقىغە ۋە دۇڭخۇاڭغا قېچىپ كەتكەن تۇڭگانلار، مىلادى 1871 ـ يىلى بىرلىشىپ ئۈرۈمچىگە ھۇجۇم قىلىپ، ئىشغال قىلدى. نەتىجىدە، ئالتە شەھەر بىلەن غۇلجا ئارىسىدىكى ھەربىي ھەرىكەت يولى كېسىلدى ۋە غۇلجىدىكى تۇڭگانلار، ئۈرۈمچى تۇڭگانلىرى بىلەن بىرلىشىپ، غۇلجىنى يەنە بېسىۋالدى. بۇنىڭ بىلەن ئۈرۈمچى، ئىلى ۋە يەتتەسۇ ۋىلايەتلىرى ياقۇپ بەگنىڭ ھاكىمىيىتىدىن چىقىپ كەتتى. ياقۇپ بەگ دەرھال چوڭ ئوغلى بەگقۇلى بەگنى نۇرغۇن ئەسكەر بىلەن ئۈرۈمچىگە يوللىدى. بەگقۇلى بەگ دەسلەپتە ئۈرۈمچىنى ئالغان بولسىمۇ، كېيىندىنلا تۇڭگانلار يەنە تارتىۋالدى. بۇنى ئاڭلىغان ياقۇپبەگ مەشھۇر «سەكسەنمىڭ كىشىلىك قوشۇن» دەپ ئاتالغان مەركىزى قوشۇننى ئېلىپ، ھىجرى 1290 ـ (مىلادى 1873 ـ) يىلى تۇرپانغا كەلدى. ياقۇپ بەگ تۇرپانغا كېلەر ـ كەلمەيلا، تۇڭگانلار سۈلھى قىلىشنى تەلەپ قىلدى ۋە تۇڭگانلارنىڭ باشلىقى «يۇسۇپ لاۋرىنجا» ئۆزى تۇرپانغا كېلىپ، ياقۇپبەگكە ئىتائەت قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئۈرۈمچىدە، تۇڭگانلارغا ياقۇپ بەگنىڭ قول ئاستىدا بىرئىچكى مۇستەقىللىق بېرىش ۋە تۇڭگانلار ھەر يىلى ياقۇپبەگكە بەلگىلەنگەن مىقداردا باج تۆلەش شەرتى بىلەن كېلىشىم ئىمزالاندى. ياقۇپ بەگ بۇ كېلىشىمنى ئىمزالاپ بولۇپ قايتتى. ئۇندىن كېيىن، ياقۇپ بەگ تۇرپانغا ئۆزبېك مۇھاجىرلاردىن ھېكىمخان تۆرەنى ۋالىي قىلىپ، ئوغلى بەگقۇلى بەگنى نۇرغۇن ئەسكەر بىلەن تۇرپانغا ئورۇنلاشتۇردى.

## چىڭ سۇلالىسىنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا تاجاۋۇز قىلغانلىقى

چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى يۇننەن ئىنقىلابچىلىرى بىلەن ئۇرۇشۇپ، ئۇلارنى مەغلۇپ قىلدى ۋە ئۇلارنىڭ باشلىقى سۇلتان سۇلايمان (تاۋۋىنسۇ) ئۆلتۈرۈلدى. بۇ مەغلۇبىيەت نەتىجىسىدە، تۇڭگانلار پاراكەندە ھالدا لەنجۇ، « داخىۋ» (چوڭ يولۋاس) بولغان قوماندانىنىڭ يېتەكچىلىكىدە 4 ـ 5 مىڭ تۇڭگان قېچىپ گەنسۇغا كەلدى. ئۇ يەردىكى تۇڭگانلار بىلەن بىرلىشىپ، زور كۈچ توپلاپ گەنسۇدا يەنە چوڭ بىرئىنقىلاپ قوزغىدى. ئىككى يىل داۋام قىلغان شىددەتلىك ئۇرۇش نەتىجىسىدە، نۇرغۇن شەھەر ۋەيران بولدى.

ھىجرى 1290ـ (مىلادى 1873ـ) يىلى چىڭ سۇلالىسى ئىمپېراتورى توڭجى، بالاغەتكە يېتىپ، ھۆكۈمەت ئىشىنى قولىغا ئالدى ۋە شۇ يىلى گەنسۇغا 400000 كىشىلىك بىرقوشۇن يوللىدى. داخىۋ مەغلۇپ بولۇپ، شەرقىي تۈركىستانغا قاچتى. چىن ئەسكەرلىرى ئارقىسىدىن قوغلاپ قۇمۇلغا كەلدى.

بۇنى ئاڭلىغان ياقۇپ بەگ، ھېكىمخان تۆرىنى تۇرپاندىن چاقىرىپ كېلىپ، ئۆز ئورنىدا ئاقسۇدا قويۇپ ئۆزى پۈتۈن قوشۇنىنى ئېلىپ كورلىغا كەلدى. ئوغلى بەگقۇلى بەگنى تۇرپاندىن ئەسكەرلىرى بىلەن داۋانچىڭ ئېغىزىغا كېلىپ، ئىستىھكام قۇرۇپ، تۇرۇشقا بۇيرۇدى. بۇ ھالەتتە داخۇڭ، ئۈرۈمچىگە كېلىپ، ياقۇپبەگدىن باشپاناھلىق تەلەپ قىلدى. ياقۇپبەگ ئۇنىڭ تەلىپىنى قوبۇل قىلدى. داخۇڭ يېنىدا قالغان 5 ـ 4 يۈز ئادىمى بىلەن ئاقسۇغا كېلىپ، ياقۇپبەگ بىلەن كۆرۈشتى، ياقۇپ بەگ ئۇنى ئاقسۇدا تۇرۇشقا بۇيرۇدى.

ئاز ۋاقىت ئۆتمەيلا، تۇڭگانلار ئۆزىنىڭ ئەسلى چىن نەسلىدىن بولغانلىقلىرىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ، ياقۇپ بەگدىن يۈز ئۆرۈپ، چىڭ سۇلالىسى قوماندانى زوزۇڭتاڭغا ئىتائەت قىلىدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى. شۇنىڭ بىلەن زوزۇڭتاڭ ئۈرۈمچىگە ھېچ قانداق توسالغۇسىز كىردى ۋە ياقۇپبەگكە ئەلچى ئەۋەتىپ، داخۇڭنى تەلەپ قىلىپ، «ئەگەر داخۇڭنى قايتۇرۇپ بەرسەڭلار، شەرقىي تۈركىستانغا دەخلى قىلمايمىز، بۇ ھەقتە ئىمپېراتورنىڭ يولىيورىقى بار» دەپ خەت يازدى. ياقۇپ بەگ داخۇڭنى قايتۇرۇپ بەرمەي، چىن بىلەن ئەتراپلىق دوستلۇق كېلىشىم تۈزۈشنى ئوتتۇرىغا قويدى. زوزۇڭتاڭ بۇنى قوبۇل قىلمىدى ۋە ئۇرۇش ئېلان قىلىپ، داۋانچىڭغا كەلدى. ياقۇپ بەگ ئوغلىغا ئۇرۇشماستىن چېكىنىپ، تۇرپانغا قايتىشنى بۇيرۇدى.

بەگقۇلى بەگ، داۋانچىڭدىكى ئىستىھكاملىرىنى تاشلاپ، تۇرپانغا قايتتى. چىن ئەسكەرلىرى تۇرپانغا يۈرۈش قىلدى. ياقۇپبەگ، ئوغلىنى يەنە ئۇرۇشماستىن تۇرپاننى بوشىتىپ، كورلىغا قايتۇرۇپ كەلدى. ياقۇپ بەگنىڭ چىن سۇلالىسى ئەسكەرلىرى بىلەن ئۇرۇشماسلىقىدىكى سەۋەب، ئۇ كۈنلەردە پەرغانىنى ئېلىپ بولۇپ، شەرقىي تۈركىستانغا كۆز تىكىپ تۇرۇۋاتقان روسىيەنىڭ بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، شەرقىي تۈركىستانغا ھۇجۇم قىلىشىدىن قورقماقتا ئىدى. ئەگەر، بۇ ئەندىشە بولمىسا ياقۇپ بەگ، چىن ئەسكەرلىرىگە ھېچ پەرۋا قىلمىغان بولاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ چىنلىقلار بىلەن كېلىشىم تۈزۈشنى لازىم كۆرۈپ، زوزۇڭتاڭغا يەنە بىر ئەلچى ئەۋەتتى ۋە چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى بىلەن دوستلۇق كېلىشىمى تۈزۈپ، روسلارغا قارشى ئىتتىپاقلىشىشنى تەكلىپ قىلدى. ئەگەر بۇ تەكلىپ قوبۇل قىلىنمىسا، جىددىي سۇرەتتە ئۇرۇش باشلىنىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. زوزۇڭتاڭ بۇ پىكرنى قوبۇل قىلدى ۋە ياقۇپ بەگ تەرىپىدىن چىڭ ئىمپېراتورىغا ئەلچى ئەۋەتىپ، ئەلچىلەر كېلىشىمنى ئىمزالاپ قايتىپ كەلگىچە، ئۇرۇشماي تۇرۇشقا قارار قىلدى.

## ياقۇپ بەگنىڭ ئۆلۈمى ۋە شەرقىي تۈركىستاندا ئىچكى قالايمىقانچىلىقلار

بۇ ئارىدا، ياقۇپبەگنىڭ يېنىدىكى ئادەملىرىدىن، خوتەن ۋالىيسى نىياز بەگ ۋە خەزىنىچىسى ئۇشۇر بەگلەر، بۇ ۋەزىيەت ئاستىدا چىڭ سۇلالىسى چوقۇم غالىپ كېلىدۇ دەپ ئىشىنىپ، مەخپىي

سۇرەتتە زۇززۇڭتاڭ بىلەن تىل بىرىكتۈرگەن ۋە ھەر قانداق خىزمەت بولسا، تەييار ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەندى. ئۇلارنىڭ ھەرىكەتلىرىدىن ياقۇپ بەگمۇ گۇمانلىنىپ قالغاندى. ياقۇپ بەگ بىلەن زوزۇڭتاڭ ئوتتۇرىسىدا كېلىشىم تۈزۈلگەندىن كېيىن، بۇخائىنلارنىڭ ئەپت ـ بەشىرىسىنىڭ ئاشكارا بولۇپ، جىنىدىن ئايرىلىپ قالىدىغانلىقىنى سېزىپ قالدى. ھىجرى 1293ـ (مىلادى 1876ـ) يىلىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا خائىن نىياز بەگ، ياقۇپبەگنىڭ ئاشپىزىغا نۇرغۇن پۇل بېرىپ، ئۇنىڭ ۋاستىسى بىلەن ياقۇپبەگنىڭ يېمىكىگە زەھەر سېلىپ بەردى. ياقۇپبەگ زەھەرنىڭ تەسىرى بىلەن بىر سائەت ئىچىدە ئۆلدى.

ياقۇپبەگنىڭ ۋەلىئەھدى(تەخت ۋارىسى) يوقتى. يېنىدا بولغان چوڭ ئوغلى ئۆزىنى دادىسىنىڭ ئورنىغا ھۆكۈمدار ئېلان قىلدى. بۇنداق بىر ھالقىلىق ۋاقىتتا ھېكىمخان تۆرىمۇ ئۈيلىماستىن تۇرۇپ، مەن ياقۇپبەگنىڭ ئۇرۇنباسارى دەپ ئۆزىنى پادىشا ئېلان قىلدى ۋە بەگقۇلى بەگ بىلەن تىركىشىشكە باشلادى. قەشقەرنىڭ ۋالىيسى بولغان ياقۇپ بەگنىڭ كىچىك ئوغلى ھەققۇلى بەگ، قەشقەردە مۇستەقىللىق ئېلان قىلدى. نىياز بەگ[104]، ھىيلە ـ نەيرەڭ ئىشلىتىپ خوتەنگە قېچىپ كېتىپ، ئۇمۇ مۇستەقىل بولۇۋالدى. مانا، شۇنداق جىددىي ۋاقىتتا، ياقۇپ بەگنىڭ ئۆلۈپ، مەملىكەتنىڭ پارچىلىنىپ كېتىشىدەك بۇ پۇرسەتتىن تۇرپاندىكى چىڭ سۇلالىسى ئەسكەرلىرىنىڭ پايدىلىنىپ، شەرقىي تۈركىستاننى بېسىۋېلىشى كۆزگە كۆرۈنۈپ تۇرغان بىر ئىش ئىدى. بەگقۇلى بەگ بۇ ۋەزىيەتنى توغرا مۆلچەرلىيەلمەي، چىن خەۋپىنى نەزەرگە ئالمىدى. دادىسىنىڭ تەختىگە ئۇكىچە ئۆزى ئىگە بولۇش ھەۋىسى بىلەن، كورلىنى تاشلاپ، دادىسىنىڭ جەسىدىنى ئېلىپ، باشقا رەقىپلىرى بىلەن ئۇرۇشۇش ئۈچۈن ئاقسۇغا كەتتى. ھۇشۇر بەگ، بەگقۇلى بەگ كورلىدىن ماڭغاندا، خەزىنىنىڭ بىرقىسىم ئالتۇن كۈمۈشلىرىنى ئېلىپ، چىڭ سۇلالىسى ئەسكەرلىرى تەرىپىگە قاچتى. بەگقۇلى بەگ كۇچاغا كېلىپ، كۇچا ۋالىيسى ئامىل تۆرە خاننى چىنلىقلار كەلسە، كۇچانى مۇداپىئە قىلىشقا تەيىنلەپ، بىرقىسىم ئەسكەرلىرىنى قالدۇرۇپ ئۆزى ئاقسۇغا ماڭدى. بۇنى ئاڭلىغان ھېكىم خان تۆرە، پەرغانىغا قېچىپ روسلارغا سىغىندى. بەگقۇلى بەگ ئاقسۇدىن قەشقەرگە كەلدى. قەشقەر يېقىنلىرىدا ئاكا ـ ئۇكا ئوتتۇرىسىدا بولغان ئۇرۇشتا ھەققۇلى بەگ ئۆلتۈرۈلدى، ئەسكەرلىرى پاراكەندە بولۇپ قاچتى. بەگقۇلى بەگ، قەشقەرگە كىرىپ دادىسىنىڭ جەسىدىنى مۇراسىم بىلەن قەشقەر قەبرىستانلىقىدا دەپنە قىلدى. ئۇندىن كېيىن، بەگقۇلى بەگ خوتەنگە يۈرۈش قىلدى. نىيازبەگ، كورلىدىن قېچىپ خوتەنگە كېلىۋالغاندىن كېيىن، خوتەندىكى پەرغانىلىقلارنىڭ كاتتىلىرىنى ھەممىسىنى، ئۆلتۈرىۋەتتى. خوتەن خەلقىدىن نۇرغۇن ئەسكەر ئېلىپ، بەگقۇلى بەگ بىلەن ئۇرۇشۇشقا ھازىرلاندى. بەگقۇلى بەگ خوتەنگە يۈرۈش قىلىپ، زاۋاغا كەلگەندە، نىيازبەگ ئەسكەرلىرىنى ئېلىپ زاۋادا مۇداپىئە ئۈچۈن

[104] نىياز بەگنى، ئابدۇراھمان پاشاھ توغرىسىدىكى خوتەن خەلق قوشاقلىرىدا «نىزىكىم بەگ» دەپ ئاتىلىدۇ(ن. ش. ھ.).

سەپ تارتىپ جايلاشتى. بەگقۇلى بەگ، پىيالمىغا كەلگەندە نىياز بەگ، بىر كېچىسى ھېچكىمگە تۇيغۇزماستىن ئىككى يۈزدەك قوراللىق ئادىمىنى ئېلىپ ئىلچى شەھەر ئىچىگە كېلىپ، ئۇردا ۋە شەھەر ئەتراپىدىكى باغلارغا ئوغرىلىقچە كۆمۈپ ساقلىغان مىڭلارچە زىخ ئالتۇن ۋە مىڭلارچە كۈمۈش يامبۇنى ئىچىپ ئېلىپ، ئاتلارغا يۈكلەپ كېرىيە تەرىپىگە قاراپ قاچتى. ئەرتىسى بەگقۇلى بەگ زاۋاغا كەلدى. نىياز بەگنىڭ ئەسكەرلىرى ئۇنىڭ قېچىپ كەتكەنلىكىدىن خەۋەرسىز بولغانلىقلىرى ئۈچۈن، قاتتىق ئۇرۇپ ئۇرۇشتى. كېيىن، نىياز بەگنىڭ قاچقانلىقى مەلۇم بولۇپ، ئۇنىڭ ئەسكەر لىرىنىڭ بىرقىسمى بەگقۇلى بەگكە تەسلىم بولدى، بىرقىسمى قېچىپ ئۆيلىرىگە كەتتى. شۇنىڭ بىلەن بەگقۇلى بەگ، خوتەننى ئۇرۇش قىلمايلا ئالدى. نىياز بەگ شۇ قاچقانچە كېرىيىدىن ئۆتۈپ، چەرچەن ۋە چاقىلىق شەھەرلىرىگىمۇ كىرمەي، چۆل يولى بىلەن مېڭىپ كورلىغا كەلدى. چىڭ سۇلالىسى ئەسكەرلىرىنىڭ ئىككىنچى قوماندانى لىيۇجىنتاڭ تېخى يېڭىلا كەلگەندى. نىياز بەگ لىيۇجىڭتاڭنى زىيارەت قىلىپ خوتەندىن ئەپقېچىپ كەلگەن ئالتۇن ـ كۈمۈشنىڭ ھەممىسىنى لىيۇجىڭتاڭنىڭ ئالدىغا قويدى ۋە ئۆزىنىڭ بۇرۇندىن تارتىپ، چىنگە يېقىن بىرسى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن، بۇ ئالتۇن ـ كۈمۈشلەرنى چىن ھۆكۈمىتىگە ساقلىغانلىقىنى ئېيتتى.

## شەرقىي تۈركىستان ئىستىقلالىنىڭ يىقىلىشى

يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك، ياقۇپ بەگنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن ، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى شەرقىي تۈركىستاننى مۇستەملىكە قىلىش نىيىتى بىلەن، بۇ يۇرتتا يۈز بېرىۋاتقان ئىچكى كۈرەشلەرنى دىققەت بىلەن كۆزەتمەكتە ئىدى. بۇ ئىچكى ئۇرۇشلار نەتىجىسىدە، ھېكىمخان تۆرە ۋە ھەقۇلى بەگ تەرەپتارى بولغان پەرغانىلىقلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك، قوراللىرى بىلەن پەرغانىغا قاچتى. يەرلىك ئەسكەرلەرنىڭ كۆپچىلىكى ئۆلدى ياكى تەرەپ ـ تەرەپكە قېچىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن بەگقۇلى بەگنىڭ كۈچى ناھايىتى ئاجىزلىشىپ كەتتى.

زوزۇڭتاڭ، بۇ ۋەزىيەتتىن خەۋەر تېپىپ، پۈتۈن شەرقىي تۈركىستاننى ئىستىلا قىلىشنىڭ كويىغا چۈشتى. ھىجرى 1293ـ (ملادى 1876ـ) يىلىنىڭ ئاخىرىدا، چىڭ سۇلالىسى ئىمپېراتورى تۇڭجى ئۆلدى ۋە ئورنىغا گۇدەك ياشتىكى ئوغلى گۇاڭشى ئىمپېراتور بولدى. ئانىسى ئىمپېراتورنىڭ ۋەكىلى سۈپىتى بىلەن ھۆكۈمەت ئىشىنى قولىغا ئالدى. بۇ سەۋەپتىن، زوزۇڭتاڭنىڭ ئالتى شەھەرگە ھۇجۇم قىلىشى بىر ئاز كېيىنگە قالدى. ھىجرى 1294ـ (ملادى 1877ـ) يىلى زوزۇڭتاڭ بىرقىسىم ئەسكەرلىرىنى تۇرپاندا ئېلىپ قېلىپ، يەنە بىرقىسىم ئەسكەرلىرىنى لىيۇجىنتاڭ ئىسىملىك قوماندان باشچىلىقىدا ئالتى شەھەرگە يوللىدى. بەگقۇلى بەگ بۇلاردىن خەۋەرسىز خوتەنگە يۈرۈش قىلغانىدى. خوتەننى ئېلىپ ئۇ يەردىكى

تەرتىپ - ئىنتىزامنى يولغا قويۇۋاتقان بىر ۋاقىتتا، لىيۇجىنتاڭنىڭ قارا شەھەرگە يېتىپ كەلگەن خەۋىرى كەلدى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، بەگقۇلى بەگ دەرھال قەشقەرگە قايتتى. ئۇ قەشقەرگە كەلگەندە، لىيۇجىنتاڭ، كورلىنى ئىشغال قىلغانىدى. بۇ ئارىدا نىيازبەگ، ھۇشۇربەگ، خوتەنلىك ئەھمەد بەگ، قەشقەرلىك ماھمۇت بەگ، كوچا ۋاڭىنىڭ ئوغلى، چىنگە خىزمەت قىلىپ كەلگەن باشقا بىرقانچە مىللەت خائىنلىرى ۋە شەخسى مەنپەئەت پىدايىلىرى بىر - بىرلەپ قېچىپ، لىيۇجىنتاڭنىڭ قېشىغا يىغىلدى. ئۇلار لىيۇجىنتاڭنى ئالتە شەھەرنى پاتراق ئىشغال قىلىشقا ئالدىراتقىلى تۇردى. لىيۇجىنتاڭ، كورلىدىن كۇچاغا كەلدى. كۇچا ۋالىيسى ئامىل خان تۆرە، بىر پايمۇ ئوق ئاتماي كۇچانى تاشلاپ، قوراللىرىنى ۋە ئادەملىرىنى ئېلىپ، ئۇدۇل پەرغانىغا قاچتى. لىيۇجىنتاڭ، كۇچا ۋە ئاقسۇنى ھېچ توسالغۇسىز ئېلىپ قەشقەرگە قاراپ ماڭدى.

بەگقۇلى بەگ، قەشقەرگە يېقىن بىرجايغا كېلىپ، ئىستېھكام ياساپ مۇداپىئەدە تۇردى. لىيۇجىنتاڭ يېتىپ كېلىشى بىلەنلا ئۇرۇش باشلاندى. ئۇرۇش داۋام قىلىۋاتقان بىركېچىدە بەگقۇلى بەگ، يېقىن ئادەملىرىدىن بىرقانچە قوراللىق كىشىلەر بىلەن، قولغا چىققان خەزىنىنى ۋە قوراللارنى ئېلىپ پەرغانىغا قاچتى. فرونتتىكى ئەسكەرلەر ھېچ نەرسىدىن خەۋىرى يوق ئۇرۇشماقتا ئىدى. بۇرۇن قەشقەرنى ئالغان چاغدا مۇسۇلمان بولغان 5 - 4 مىڭ چىنلىقنى ياقۇپبەگ، ئايرىم بىرمەھەللىگە يەرلەشتۈرگەنىدى. بۇ چىنلىقلار بەگقۇلى بەگنىڭ قاچقانلىقىنى ئاڭلاپ، يوشۇرۇپ قويغان قوراللىرىنى ئېلىپ، قوزغۇلۇپ چىقتى ۋە شەھەردە بولاڭ - تالاڭ قىلىشقا باشلىدى. شەھەر دەرۋازىسىنى ساقلاۋاتقان ئەسكەرلەرگە ھۇجۇم قىلدى. بۇ ھادىسىنى ئاڭلىغان فرونتتىكى ئەسكەرلەر قاتتىق ئالاقزادىلىك ئىچىدە ھەرتەرەپكە قاچقىلى تۇردى. نۇرغۇنلىرى دۈشمەن تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى ۋەيا ئەسىر ئېلىندى. لىيۇجىنتاڭ قەشقەرنى ئىشغال قىلدى. ئۇندىن كېيىن، يەركەن ۋە خوتەن ۋىلايەتلىرىنى ھېچ قىينچىلىق تارتمايلا ئىشغال قىلدى. شۇنىڭ بىلەن،كىشىنىڭ ئەقلى يەتمەيدىغان، ئاجايىپ غارايىپ ۋەقەلەرنىڭ ئارقا - ئارقىدىن مەيدانغا چىقىشى بىلەن ھىجرى 1294- (مىلادى 1877-) يىلى، شەرقىي تۈركىستان، مۇستەقىللىقى يىقىلىپ، چىن ئىشغالىيىتى ئاستىدا قالدى.

## ياقۇپ بەگنىڭ مۇستەبىتلىكى

ياقۇپ بەگ ھۆكۈمران بولغان كۈندىن تارتىپ، دۆلەتنىڭ پۈتۈن ھوقۇقىنى ئۆز قولىغا ئالغانىدى. ھېچبىر مەسلىھەتچىسى ياكى ۋەزىرى يوقتى. ھۆكۈمەت ئىشلىرىغا تېگىشلىك پۈتۈن سىياسەت، پىكىر ۋە تەلەپلەرنىڭ ھەممىسىنى ياقۇپ بەگ ئۆزى بەلگىلەپ چىقاتتى. مۇھىم ئىشلاردا كېڭەش ياكى مۇزاكىرە قىلىش ئۈچۈن مەجلىس ئېچىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئۇ باشقىلارنىڭ مەسلىھەتى بىلەن ئىش قىلىش ھۆكۈمدار بولغان كىشىنىڭ لاياقەتسىزلىكى ۋە قابىلىيەتسىزلىكىنىڭ دەلىلى دەپ ھېساپلايتتى. ياقۇپ

بەگ بىرمەجلىستە مۇنداق دېگەن: «خۇدا بىر كىشىنى بەندىلىرىنىڭ ئۈستىگە ھۆكۈمدار قىلسا، ھۆكۈمەتنىڭ پۈتۈن ئىشلىرىدىكى ھوقۇق، شۇ كىشىنىڭ ئىختىيارىدا بولۇشى كېرەك، بۇ خۇدانىڭ خاس ئۆكىشىگە بەرگەن ھەققىدۇر». ياقۇپ بەگنىڭ، بۇسۆزنى يەنە بىر قانچە يەردە تەكرارلىغانلىقى رىۋايەت قىلىندۇ. دېمەككى، ياقۇپبەگ تارىخ ۋە ھەقىقىي سىياسەتتىن خەۋىرى يوق، ئىسلامنىڭ ئاساسى پرىنسىپلىرىنى ھېچ بىلمەيدىغان، بەكمۇ جاھىل ۋە ئۆچىغا چىققان شەخسىيەتچى كىشى ئىدى.

ياقۇپ بەگنىڭ يېقىن ئادەملىرى، ھۆكۈمەتنىڭ ئەڭ مۇھىم ئىشلىرىدىن، پەقەت ياقۇپ بەگ بۇيرۇق چىقارغاندىلا ئاندىن ۋاقىپ بولاتتى. ياقۇپ بەگنىڭ نەزىرىدە، ئەڭ ياخشى ۋالىي ياكى ئەڭ ياخشى دۆلەت خادىمى ئۇنىڭ بۇيرۇقىنى ئىككىلەنمەستىن قەتئىي ئىجرا قىلىدىغان كىشى ئىدى. ئۇنىڭ بۇيرۇقلىرىنى ۋە قىلغان ئىشلىرىنى ياخشى نىيەت بىلەن تەنقىت قىلغان ياكى تۈزۈتۈش پىكرى بەرگەن، قوقەنتلىك زىيائىدىن قازى كالان، ئەكمەلخان تۆرە ۋە خوتەنلىك ئىبراھىم قازىدەك ئەقىللىق ۋە دۆلەتكە كۆيۈنىدىغان كىشىلەرنى ياقۇپبەگ بەك يامان كۆرەتتى. ئۇنداق كىشىلەرنى ھەرخىل يول بىلەن يوقاتقانىدى. ئەمما، يوقىرىدا ئىسمىلىرى ئېيتىپ ئۆتۈلگەن ئۈچ كىشى، خەلق ئىچىدە ناھايىتى مۆتىۋەر كىشىلەر بولغانلىقلىرى ئۈچۈن، تىرىك قالغان. لېكىن، ياقۇپ بەگ بۇلارنى يامان كۆرۈپ «بۇزۇق ئۇنسۇر» دەپ قارايتتى. قىسقىسى، ياقۇپ بەگ، ئۆزىنىڭ ئۆيلىغىنىنى دەل ھەقىقەت دەپ تونۇيدىغان، باشقىلارنىڭ ئۇنىڭ دىتىگە ياقمايدىغان پىكىردە بولۇشىغا رازى بولمايدىغان، ئۆچىغا چىققان بىر مۇستەبىت ئىدى.

## ئىداري تەشكىلاتى

ياقۇپبەگ، دۆلەت قۇرۇلۇشىنىڭ ئاساسىدا، شەرقىي ۋە غەربىي تۈركىستان خەلقىنى بىرمىللەت دەپ تونۇمايتتى. ھۆكۈمىتىنى، شەرقىي تۈركىستاننىڭ مىللىي ھۆكۈمىتى دەپ ھېساپلىمايتتى. شەرقىي تۈركىستاننى ئۆزىنىڭ بىرمۇستەملىكىسى دەپ قاراش ۋە شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى ھەر ھوقۇقتىن مەھرۇم ۋە ئەسىر مىللەت دەپ قاراش، ئۇنىڭ ئىداريي تەشكىلاتىنىڭ ئاساسى پرىنسىپى ئىدى. ۋالىيلىق، ھاكىملىق ۋە ھۆكۈمەت خىزمىتىگە ئاساسەن غەربىي تۈركىستانلىقلارنى قويىدى. پەقەت، نىياز بەگ، ھۇشۇر بەگلەرگە ئوخشاش ئۆز مىللىتىگە خائىنلىق قىلىپ، ياقۇپ بەگكە پەۋقۇلئاددە خىزمەت كۆرسەتكەن يەرلىكلەرنى، مۇكاپاتلاش ئۈچۈن ئىشقا سالاتتى. ياقۇپ بەگنىڭ ۋالىي ۋە ھاكىملىرى چەكسىز ھوقۇققا ئىگە زالىملار بولۇپ، خەلقنى ئىزىشتا ئەركىن ئىدى. غەربىي تۈركىستانلىق مۇھاجىرلار ئالاھىدە چوڭ ھوقۇققا ئىگە ئىدى. ئۇلاردىن تىجارەت بېجى، يەر بېجى ئېلىنمايتتى. ئەدلىيىدە ئۇلارنىڭ سۆزى ھۆججەت ئورنىدا قوبۇل قىلىناتتى. ئەمما، يەرلىك خەلق پۈتۈن ھەقتىن مەھرۇم بولۇپ، زالىملارچە ئېزىلمەكتە ئىدى. بۇلارنى يېرى كەلگەندە تەپسىلى بايان قىلىمەن.

ھۆكۈمەتنىڭ ئىداريي تەشكىلىدە، شۇ چاغدىكى غەربىي تۈركىستاننىڭ ئۆزبېك دۆلەتلىرىنىڭ

شەكلى تەقلىد قىلىنغان بولۇپ، مۇنتىزىم، خاس بىرقانۇن يوقتى. قەشقەر، يەركەن، خوتەن، ئاقسۇ، كۇچا، تۇرپان ۋە كورلا ۋىلايەتلىرى بىۋاستە ياقۇپ بەگكە قاراشلىق بولۇپ، بۇ جايلارغا مۇھاجىر غەربىي تۈركىستانلىقتىن ياكى نىياز بەگدەك يالاقچىلارغا ئوخشاش كىشىلەردىن بىرەر ۋالىي تەيىن قىلىنغانىدى. ۋالىي «دادىخاھ» دەپ ئاتىلاتتى[105]. بۇ دادىخاھلار خېلى زور ھوقۇققا ئىگە بولۇپ، بۇلار ئۆز تەۋەسىدە بەزى ئىشلاردا مۇستەقىل ئىدى. ئۆزىگە قاراشلىق مەمۇرىي خادىملارنى تەيىن قىلىش ياكى ئىشتىن ئېلىپ تاشلاش ھەقلىرى بار ئىدى. لېكىن، ياقۇپ بەگ ئەگەر بىرسىنى ھاكىم، ئەسكىرىي ئەمەلدار ۋە يا قازى قىلىپ ئەۋەتسە، ئۇنىڭغا ياق دېيىشكە ھەققى يوقتى. ئۆلۈم جازاسى بېرىش ۋە باشقا جازالاش ئىشلىرى ۋالىينىڭ ئىختىيارىدا ئىدى. ئەدلىيە ئىشلىرىدا، كۆرۈنۈشتە قازىلار مەسئۇل بولىسمۇ، ئەمەلىيەتتە: قازىلار ياقۇپ بەگ ۋە ۋالىيلارنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنۇشقا مەجبۇر ئىدى. دېمەك، قازىلار، ئۇلارنىڭ مەنپەئىتىگە تۇقۇنمايدىغان ئادەتتىكى كىچىك ئىشلارنىلا، شەرىئەت بويىچە بېجىرەتتى.

ياقۇپ بەگنىڭ ئاساسى ئىشى بايلىق توپلاش ئىدى. يەر بېجى ئېلىش ئۇسۇلى، غەربىي تۈركىستانغا ئوخشاش، ھەر تاناپ تېرىلغۇ يەرگە تېرىلغان زىرائەتنىڭ تۈرىگە قاراپ ھېساپلىنىدىغان بولسىمۇ، بۇنىڭ ئۆلچىمى ياقۇپ بەگ تەرىپىدىن بەلگىلەپ بېرىلمەيتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن يەر بېجىنى ئاز ئېلىش ياكى كۆپ ئېلىش، ۋالىينىڭ ئىختىيارىدا ئىدى. ھەر قايسى ۋىلايەتنىڭ مالىيە ئەھۋالىدىن ياقۇپبەگنىڭ ھېچ خەۋىرى يوقتى ۋە ئۇلارنىڭ خەزىنىسىدە نېمە بار، نېمە يوق ئۇنىڭدىنمۇخەۋىرى يوقتى. ياقۇپ بەگ، ۋالىيغا «شۇ قەدەر ئالتۇن كۈمۈش، ئاشلىق ياكى باشقا بىرنەرسىدىن شۇنچىلىك مىقداردا پالان كۈنى خەزىنىگە ئەۋەت!» دەپ بۇيرۇق چۈشۈرەتتى. ۋالىي، ئۇ نەرسىلەرنى ئۆزى خالىغان يول بىلەن يىغىپ، بەلگىلەنگەن ۋاقت ئىچىدە يوللاشقا مەجبۇر ئىدى. بۇلاردىن باشقا يەنە، ۋالىيلار بەزىدە يىلدا بىرقېتىم، بەزىدە ئالتى ئايدا ياكى ئۈچ ئايدا بىر قېتىم «تارتىق» دېگەن نام بىلەن ياقۇپ بەگكە بىر مىقدار ئالتۇن كۈمۈش ۋە قىممەت باھالىق نەرسىلەرنى ئۆزى ئاپىرىپ تەقدىم قىلاتتى. بەزىدە ياردەمچىسىدىن ئەۋەتىپ بېرەتتى. بۇ خىل تارتىقلارنى كۆپ يوللىغان ۋالىيلار، ياقۇپبەگ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان كىشىلەر ئىدى. ياقۇپبەگ ئالدىدا ئۇلارنىڭ ئابرۇيى ئۈستۈن ۋە ھوقۇقىمۇ كۆپ بولاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ۋالىيلار مەنسەپ تاما قىلىپ، ياقۇپ بەگنى خوش قىلىش ئۈچۈن، تارتىق يوللاشتا بىر- بىرلىرى بىلەن مۇسابىقىلىشاتتى. بۇ تارتىقلارنىڭ ئېغىر يۈكى، بىچارە خەلقنىڭ بويىنىغا ئارتىلىپ، يەردىن چىققان مەھسۇلات يەرنىڭ بېجىغىمۇ يەتمەيدىغان بولۇپ قالغانىدى. خەلق يەرلىرىنى تاشلاپ قېچىپ كېتىشكە باشلىغانىدى. نەتىجىدە، ۋالىيلار يەردىن ئۆزلىرىگە يېتەرلىك مىقداردا باج توپلىيالماي قالدى. بۇنىڭغا چارە تېپىش ئۈچۈن، ۋالىيلار تاغدىكى كىشىلەرنىڭ ئورتاق

105 دادىخاھ، فارسچا سۆز ،كىشىنىڭ دەردىگە يېتىدىغان، دەردىگە دەرمان بولىدىغان، دېگەن مەنىدە(ن. ش. ھ.).

يايلاقلىرىنى زورلۇق بىلەن ساتتى. خوتەن ۋالىيسى بۇ يايلاقلارنى ئۈچ قات ئارتۇق باھادا ساتقان. تىجارەت بىجىنىمۇ قات ـ قات ئاشۇرۇۋەتكەن. نەتىجىدە، تىجارەتچىلەر تىجارەتنى تاشلىغان. بازارلاردا، باج تۆلىمەيدىغان غەربىي تۈركىستانلىقلار ئانچە مۇنچە تىجارەت قىلىپ تۇراتتى. بىرسى ئۆلسە ئۇنىڭ پۈتۈن مال ـ مۈلكى ھۆكۈمەت تەرىپىدىن تىزىملىنىپ، بۇنىڭ يېرىمىنى ياكى ئۈچتىن بىرىنى «تەركانە» دېگەن نام بىلەن ھۆكۈمەت ئالاتتى. ۋالىيلار، ياقۇپ بەگكە ئىنائەت قىلىشتا سۇسلۇق قىلسا، ياقۇپ بەگ تەلەپ قىلغان تارتىق، ئەسكەر ۋە باشقا نەرسىلەرنى ئۆز ۋاقتىدا يەتكۈزۈپ بەرمىسە، ياقۇپ بەگ تەرىپىدىن جازاغا تارتىلاتتى. خەلققە ھەرقانچە زۇلۇم قىلسىمۇ ئۇنى ھېچكىم جاۋاپكارلىققا تارتمايتتى. خەلقنىڭ شىكايىتىنى ئاڭلىغان، خالىس نىيەت بىلەن بېرىلگەن پىكىرلەرگە قولاق سالغان ئىشلار، ياقۇپبەگنىڭ زامانىدا يۈز بىرىپ باقمىغانىدى.

بۇلاردىن باشقا ياقۇپ بەگ ۋە ئۇنىڭ ۋالىيلىرى، ئۆزلىرى ئۈچۈن بىرەر خاتىرە تىكلەش مەقسىتى بىلەن، بىرقىسىم يالغان ۋە ئۇيدۇرما مازارلارغا ناھايىتى ھەشەمەتلىك بىنالار، مەدرىسىلەر ۋەمەسجىدلەر ياسىغان. بۇلارنىڭ چىقىمى ئۈچۈن ھۆكۈمەت خەزىنىسىدىن ياكى ئۆز يېنىدىن بىرتىيىنمۇچىقارماي، بۇنى زورلۇق بىلەن خەلقنىڭ بويىنىغا ئارتقان. بۇ ئىمارەتلەرنىڭ قۇرۇلۇشى ئۈچۈن، خەلقتىن ئۆي بېشىغا، نەخ پول، ياغاچ ـ تاش، كېسەك، گەج، ئاھاك ۋە باشقا ماتېرىياللارنى ئالۋاڭ قويۇپ ئالغان. بۇلاردىن باشقا بۇ ماتېرىياللارنى توشۇش ۋە قۇرۇلۇشتا ئىشلەش ئۈچۈن، ھەر ئۆيگە ئادەم كۈچى ئالۋىڭى قويۇپ، ئۇلارنى زورلۇق بىلەن تاياق ئاستىدا ئىشلەتكەن.

ئەگەر، بۇنداق زۇلۇم بىلەن سېلىنغان قۇرۇلۇشلار، يول، مەكتەپ ـ مەدرىسە، ھاممام،كۆۋرۈك قاتارلىق ئومۇمغا پايدىلىق بولغان نەرسىلەر بولسا ئىدى، خەلقنىڭ تارتقان مېھنەت ۋە مۇشەققىتى بىكارغا كەتمىگەن بولاتتى. لېكىن، بۇ قۇرۇلۇشلارنىڭ تولىسى مازارلار ۋە ۋالىي ھاكىملارنىڭ شەخسى ئۆي ـ ئىمارەت ۋە باغلىرىدىن ئىبارەت بولۇپ، بۇلارنىڭ بەزىلىرىنى چىنلىقلار ۋەيران قىلدى، بەزىلىرى ھازىرغا قەدەر كېرەكسىز ھالەتتە تۇرماقتا.

ياقۇپ بەگ، ئىلىمگە، پەن ـ ساناەتكە ھېچ كۆڭۈل بۆلمىگەنىدى. بۇرۇندىن قالغان مەكتەپ ۋە مەدرىسىلەردە ئوقۇش يوقتىن ياخشى كېتىپ باراتتى. ئەمما، ياقۇپ بەگنىڭ ياكى ئۇنىڭ ۋالىيلىرىنىڭ يۇرت تەرەققىياتى ئۈچۈن، تىلغا ئالغۇدەك بىرەرخىزمىتى يوق.

## ياقۇپبەگنىڭ تارىخ سەھپىسىدىكى ئورنى

ياقۇپبەگ، شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھېچبىر دۈشمىنى بىلەن ئۇرۇشمىدى. ئۇنىڭ ئېلىپ بارغان پۈتۈن ئۇرۇشلىرى، شەرقىي تۈركىستاننىڭ مىللىي مۇجاھىدلىرىگە قارشى ئۇرۇش ئىدى. بۇ ئۇرۇشلارمۇ ۋەتەنپەرۋەرلىك مەيدانىدا تۇرۇپ قىلغان ئۇرۇش بولماستىن، پەقەت، ئۆزىنىڭ ھىرس ۋە

ھۆكۈمدارلىق ئارزۇسى بويىچە ئۆز مىللەتداشلىرىنى ۋە دىنداشلىرىنى ھەددىدىن زىيادە ئۆچمەنلىك ۋە ئەڭ دەھشەتلىك زۇلۇم بىلەن ئۆلتۈرۈشتىن ئىبارەت بولغانلىقى، يۇقىرىقى بۆلۈملەردە سۆزلەپ ئۆتكەنلىرىمىزدىن مەلۇم بولىدۇ.

ئەمما، شۇنىسى ئېنىقكى، ياقۇپبەگنىڭ بۇ پائالىيەتلىرى نەتىجىسىدە، شەرقىي تۈركىستاندىكى بۆلۈنمە ھالەتتىكى بەش مۇستەقىل ئىنقىلابچىلارنىڭ ئىچكى ئىختىلاپلىرى تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان ئاجىزلىق خەۋپى ئوتتۇرىدىن كۆتۈرۈلۈپ، شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇھىم قىسىملىرى ياقۇپ بەگنىڭ ئىدارىسى ئاستىدا بىرلىشىپ، بىردۆلەت شەكلىگە كىردى. كۈچلۈك بىر ئەسكىرىي قۇۋۋەتكە ئىگە بولدى. ئىچكى ۋە تاشقى جەھەتتە شەرقىي تۈركىستان دۆلىتىنىڭ ھەيۋىتى ۋە ئېتىبارى كۆتۈرۈلدى. نەتىجىدە، تاشقى سىياسەتتە چوڭ بىر مۇۋەپپەقىيەت قولغا كېلىپ، دۇنيا بۈيۈك دۆلەتلىرى شەرقىي تۈركىستان دۆلىتىنىڭ مۇستەقىللىقىنى ئېتىراپ قىلدى.

سىياسەت نۇقتىئىنەزىرىدىن قارىغاندا بۇ نەتىجىلەر، ياقۇپ بەگنىڭ تارىخ سەھىپىسىدىكى قانلىق پائالىيەتلىرى سەۋەبىدىن ئۇنىڭغا قارىتا سۆزلەنگەن ئەيىپلاشلارنى بىراز بولسىمۇ ئازايتىدۇ. ئەگەر ياقۇپبەگنىڭ ئىچكى سىياستى ياخشى بولۇپ، ئىدارىي ئىشلىرى توغرا يۈرۈتۈلگەن بولسا ئىدى، ئۆزى مۇستەبىت بولسىمۇ، قول ئاستىدىكى كىشىلەرنى مۇنتىزىم بىر قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىپ، ئۇلارنىڭ پائالىيەتلىرىنى ئۆز ۋاقتىدا تەكشۈرۈپ تۇرۇش تۈزۈملىرىنى بېكىتكەن بولسا، يەرلىك خەلقنى يات ۋە ئەسىر قاتارىدا كۆرمەي، ئۆز مىللىتىم دەپ تونۇغان بولسا، ئۇلارمۇ ياقۇپ بەگدىن رازى بولغان بولاتتى. نەتىجىدە، خەلقنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ھېسسىياتى ئۇرغۇپ، دۆلىتىنىڭ ئاساسى مۇستەھكەملىنىپ، مىللەتنى ۋە مۇستەقىللىقنى قوغداشتا پىداكارلىق كۆرسىتىشى تەبئىي ئىدى. شۇنىڭ بىلەن، ياقۇپبەگ بىرمىللەتنىڭ مۇستەقىللىقىنى قولغا كەلتۈرگەن بىر قەھرىمان بولۇپ، ئۇنىڭ ياخشى ئىسمى تارىخ سەھىپىسىدە مەڭگۈ قالغان بولاتتى. لېكىن، ياقۇپ بەگ، مۇستەبىتلىكتە چىڭ تۇرۇپ، ئىچكى جەھەتتە قانۇنسىزلىققا يول قويۇپ، يەرلىك خەلقنى مەھكۇم مىللەت دەپ قارىغانلىقىدىن، ئۆنىڭ قۇرۇپ چىققان دۆلىتى «چۆرۈك ئاساس» ئۈستىگە قۇرۇلغان دۆلەت بولۇپ چىقتى. ئەزەلدىن مىللەت ۋە ۋەتەنگە دۈشمەن بولغان، ئەمما، ئۆز شەخسى مەنپەئەتىنى دەپ، غالىپ كەلگەن ھەر قانداق بىر تەرەپكە دەرھال كۈچۈكلىنىپ، ئۆتۈپ كېتىدىغان يامان ئادەملەرنى بىلىپ تۇرۇپ، پەقەت ئۇلارنىڭ ياقۇپبەگكە كۆرسەتكەن خىزمىتىنىڭ مۇكاپاتى ئۈچۈن ياكى ئۇنىڭ غەربىي تۈركىستانلىق بولغانلىقى ئۈچۈنلا ئەتىۋارلاپ ئىشلەتتى. ئۇلارغا چەكسىز ھوقۇق بېرىپ، مىللەتنىڭ بېشىغا چىقىرىپ قويۇپ، ئۇلارنى ھەر ئىشتا ئەركىن قويۇۋەتتى. خەلققە سالغان جەۋر ـ زۇلۇملىرىنى سۈرۈشتۈرمىدى. ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ خەلقنى رەھىمسىزلەرچە ئېزىشىگە ھەيدەكچىلىك قىلدى، يول قويدى. نەتىجىدە، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى دۆلەتتىن زېرىكتۈرۈپ قويدى. بۇ ھەقسىزلىق، قانخورلۇق، رەھىمسىزلىق

ۋە باشباشتاقلىق، خەلقنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ھېسسىياتىغا زەربە بەردى ۋە تەبىئىي ھالدا ئۇنى ھىمايە قىلماسلىق دەرىجىسىگە يېتىپ باردى. شۇنىڭ بىلەن دۆلەت ئۇستقۇرۇلمىسى ئاجىزلىشىپ، داۋام قىلالمايدىغان ھالەتكە كېلىپ قالدى.

ئىشنىڭ تېخىمۇ يامان تەرىپى، شەرقىي تۈركىستانغا رەسمىي سۈرەتتە ھۇجۇم قىلىشقا قادىر بولمىسىمۇ، پەقەت پوپوزا قىلىپ، سناپ بېقىش مەقسىتى بىلەن چېگراغا يىغىلغان چىڭ سۇلالىسى ئەسكەرلىرىنىڭ ئاجىز بىرھۇجۇمىغا قارشى تۇرۇش كۈچى بار تۇرۇپ، چېكىنگەنىدى. ئەگەر ياقۇپبەگ چىڭ سۇلالىسىنىڭ بۇ ھۇجۇمىغا قارشى ئۇرۇش قىلسا ئىدى، شەرقىي تۈركىستاننىڭ چىن تاجاۋۇزىدىن ئەبەدىي قۇتۇلۇشىدا ھېچ شۈبھە يوقتى.

ئەمما، ياقۇپبەگ، ئۆزىنىڭ خىيالىي بىر ۋەسۋەسىدىن ئىبارەت قۇرۇق نەزەرىيىسىدە چىڭ تۇرۇپ، چىن ئەسكەرلىرىنى ۋەتەن تۇپرىقىدىن قوغلاپ چىقىرىش «قاچىدىكى ئاشتەك» پىشىپ تەييار بولۇپ قالغان بىرئىمكانىيەت بولسىمۇ، چىڭ تۇرۇپ ئۇرۇشۇشنى ئىلتىماس قىلغان ئوغلى بەگقۇلى بەگ ۋە قوماندانى مىرئەھمەد جامادارنىڭ پىكرىگە قولاق سالماي، «مەن چىن بىلەن سۈلھى قىلىمەن» دەپ، ئۇلارنى فرونتتىن قايتۇرۇپ كەلدى ۋە چىڭ سۇلالىسى ئەسكەرلىرىنى شەرقىي تۈركىستاندا بىر يىل تۇرۇش ئىمكانىيتىگە ئىگە قىلدى. ئۇلار بۇيۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، شەرقىي تۈركىستاندىكى مۇناپىقلار بىلەن تىل بىرىكتۈردى.

ياقۇپبەگ، بۇخائىنچە ئىتىپاق نەتىجىسىدە زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈلدى. باش ئۇچىدا ماراپ تۇرغان دۈشمەن، شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىچكى ئۇرۇشتىن پايدىلىنىپ، ھېچ ئۈمىد قىلمىغان يەردىن بۈيۈك بىر مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىپ، شەرقىي تۈركىستاننى ئىشغال قىلدى. شۇنىڭ بىلەن، دۇنيانىڭ چوڭ - چوڭ دۆلەتلىرى تەرىپىدىن تونۇلغان مۇستەقىل بىر دۆلەتنى ياقۇپبەگنىڭ كاج مۇستەبىتلىكى بەربات قىلدى.

يۇقىرىقى ئەھۋاللار كۆزدىن كەچۈرۈلسە، ياقۇپ بەگكە تارىخ سەھىپىسىدىن ھېچ ياخشى ئۇرۇن تەگمەيدۇ. چۈنكى، ئۇ ئىچكى جەھەتتە چىقىشالمىغان ۋە ئىتتىپاقلىشالمىغان بولسىمۇ، چەتتىن كەلگەن دۈشمەنگە قارشى بىرلىشەلەيدىغان، مۇستەقىللىقلىرىنى قوغداپ قېلىش ئۈچۈن كۈچ چىقىرىدىغان جاسارەتلىك باشقا پۈتۈن مىللىي ئىنقىلابچىلارنى قانلىق باستۇرۇپ، يوقاتتى. مىللەتنى زۇلۇم ۋە مۇستەبىتلىك بىلەن ئېزىپ كۈچسىز، نامرات، قورالسىز ۋە ئىتتىپاقسىز ھالىغا كەلتۈرۈپ، مۇستەقىللىقىنى قوغداپ قالالايدىغان كۈچ ۋە جاسارەتتىن مەھرۇم قىلغانلىقى ئۈچۈن، تارىخ سەھىپىسىدىكى ئورنىنى ھېچ ياخشى دېگىلى بولمايدۇ.

## ئىككىنچى بۆلۈم
## شەرقىي تۈركىستانغا تۆتىنچى قېتىملىق چىن ئىستىلاسى

يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك، چىندىكى چىڭ سۇلالىسىنىڭ قوماندانى زوزۇڭتاڭ، ھىجرى 1294ـ (مىلادى1877ـ) يىلى، ئالتە شەھەر، تۇرپان ۋە ئۈرۈمچىنى ئىشغال قىلدى. بۇ ئىشغالىيەت تاماملانغاندىن كېيىن، چىنلىقلار شەرقىي تۈركىستانغا چىنچە «يېڭى ئاباد»[106] يەنى، «يېڭى مۇستەملىكە» دېگەن مەنىدىكى «شىنجاڭ» ئىسمىنى قويدى. ياۋروپالىقلار تەلەپپۇزنى، بوزۇپ «سىڭكياڭ» دەيدۇ.

چىننىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى تۆتىنچى قېتىملىق ئىشغالىيىتى، مىلادى 1877 ـ يىلىدىكى زوزۇڭتاڭنىڭ تاجاۋۇزىدىن باشلاپ، مىلادى 1932ـ يىلى پارتلىغان ئومۇمىي خەلق ئىنقىلابىغىچە داۋام قىلدۇ. بۇ دەۋر، مانجۇ ئىمپىراتورلۇقىنىڭ ئاخىرقى يىللىرى، ۋە جۇمھۇرىيەت دەۋرىنىڭ باشلىنىش يىللىرىدىن ئىبارەت ئىككى دەۋرگە بۆلىنىدۇ. بۇ دەۋرلەردە شەرقىي تۈركىستاندا يۈرگۈزۈلگەن چىن سىياستى ئارىسىدا بەزى جەھەتلەردە پەرق بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ دەۋردىكى ۋەقەلەرنى ئىككى ئايرىم بۆلۈمدە سۆزلەپ ئۆتىمەن.

### چىن(چىڭ سۇلالىسى) ئىمپىراتورلۇقىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدە شەرقىي تۈركىستان

چىڭ سۇلالىسى ئەسكەرلىرى شەرقىي تۈركىستاننى تامامەن ئىشغال قىلىپ بولغاندىن كېيىن، مىللىي ئىنقىلاب رەھبەرلىرىدىن تىرىك قالغانلىرىنى ۋە شېھىت بولغان مۇجاھىدلارنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ ھەممىسىنى تۇتۇپ قامىغان، پۈتۈن مال ـ مۈلكلىرى مۇسادىرە قىلىنغانىدى. ئۇلارنى 2 ـ 3 يىلغىچە قاتتىق قىيىن ـ قىستاق ئاستىدا قىينىغان، بۇلاردىن تولىسى شېھىت بولغان. ساق قالغانلىرى،كېيىنچە قويۇپ بېرىلگەن. ئىنقىلابقا قاتناشمىغان، لېكىن، مۇجاھىدلارغا ياكى ياقۇپبەگكە يېقىن بولغان كىشىلەرمۇ قاماققا ئېلىنىپ مال ـ مۈلكى مۇسادىرە قىلىنغان. قەدىمكى جامە ۋە مەدرىسىلەرنى ھۆكۈمەت ئىگىدارچىلىقىغا ئۆتكۈزۈۋالغان. چىن ھۆكۈمىتىنىڭ ئىقتىسادى ناھايىتى ناچارلىشىپ كەتكەنلىكتىن، مۇسادىرە قىلغان مال ـ مۈلكنى جامە ۋە مەرىسىلەرنى بىر يىلدىن كېيىن، خەلققە زورلاپ سېتىپ، كىرگەن كىرىمنى ئەسكەرلەر ۋە ھۆكۈمەت خادىملىرىغا چىقىم قىلغان. بىر رىۋايەتكە قارىغاندا بۇ مال ـ دۇنيانى چىنگە ئېلىپ كەتكەن. چىنلىقلار بۇرۇنقى مىللىي ئىنقىلاب ھۆكۈمىتى سالدۇرغان ئىمارەتلەرنى ۋە سېپىللەرنىڭ تولىسىنى چېقىپ ۋەيران قىلىۋەتكەن. ساق قالغانلىرىنى خەلققە زورلاپ سېتىپ، خەلقنىڭ ياخشى ئۆي ـ جايلىرىنى مەجبۇرەن تارتىۋېلىپ، بۇنى چىنلىق ئەسكەر ۋە مەمۇرىي

[106] ئاباد ــ پارسچەسۆز بولۇپ، ھازىر تىلىمىزدا «ئاۋات» دەپ تەلەپپۇز قىلىنماقتا (ن. ش. ھ. ).

خادىملارغا بەرگەن. ئىشغالىيەتنىڭ ئۈچىنچى يىلىدىن باشلاپ، چىن ھاكىملىرى، ئەتراپنى سېپىل بىلەن ئوراپ، ئىچىگە لەشكەرگاھ ۋە چىنچە ئوي ـ ئىمارەتلەرسېلىنغان شەھەر بىنا قىلغىلى باشلىغان. بۇ سېپىل ۋە ئىمارەتلەرنى سېلىشتا ھۆكۈمەت بېرتىين چىقىم قىلماستىن كېرەكلىك ماتېرىياللارنىڭ ھەممىسىنى خەلقتىن زورلۇق بىلەن ئالغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھاكىملار، بۇ ماتېرىياللارنى خەلقتىن كېرەكلىك مىقداردىن بىرقانچە ھەسسە ئارتۇق يىغىۋېلىپ، ئېشىپ قالغاننى ئۆزى سېتىپ، پۇلىنى يانچۇقىغا سېلىپ ناھايىتى باي بولۇپ كەتكەن. بۇ قۇرۇلۇشلارغا لازىملىق پۈتۈن نەرسە ـ كېرەكلەرنى خەلقتىن ئېلىشتىن باشقا، ياغاچچى، سۇۋاغچى قاتارلىق ئۇستىلارنى ئالۋاڭ بىلەن تۇتۇپ كېلىپ، تاياق ئاستىدا ئىشلەتكەن. بۇ قۇرلۇشلاردا ئادەتتىكى ئىشلاردا ئىشلىتىش ئۈچۈن، تېرىلغۇ يەرمىقدارىغا قاراپ ياكى ئۆي بېشىدىن ئادەم يىغىپ ھاشا ئىشلەتكەن. ئەسكەرلەرنىڭ تەمىناتى ئۈچۈنمۇخەلقتىن «چۇشكۇن» دېگەن نام بىلەن ئۇن، گۈرۈچ، قوناق، ئارپا، سامان، پىچان وە ئوتۇن قاتارلىقلارنى يىغىۋالغان. بۇنى چىنچە «سەيسە» دەپ ئاتايتتى. سەيسىنى ۋاقتىدا تاپشۇرمىغانلارغا تاياق. جەرىمانە(چىنچە فالىي) ۋە قاماق جازالىرى بېرىلەتتى. بۇ ئالۋاڭ ـ سەيسە يىلدا 5ـ 6 قېتىم ئېلىناتتى. خەلق، بۇلاردىن باشقا يەنە ھەر يىلى، «يىللىق باج» تۆلەيتتى. بۇ يىللىق باج بەك ئېغىرئىدى.

بۇ ۋەزىيەت تۆت يىل داۋام قىلدى. ئالتە شەھەر، تۇرپان ۋە ئۈرۈمچى خەلقى، بۇخىل ھەربىي ئىدارە قىلىش تۈزۈمى ئاستىدا ئېزىلىپ، ياقۇپبەگ دەۋرىدىكىدىنمۇ يامان ئازاپ ئىچىدە! قالدى. جاڭجۇڭ، ئىلى ۋە يەتتە سۇنى ئالالمىغانلىقتىن، ئۈرۈمچى شەھرىنى پايتەخت قىلغانىدى. تارانچىلار ۋە تۇڭگانلار بىرلىشىپ، ئىلى ۋە يەتتە سۇنى چىن تاجاۋۇزىدىن قەھرىمانلارچە مۇداپىئە قىلىپ. مۇستەقىللىقلىرىنى ساقلاپ قالدى. ھىجرى 1297ـ (مىلادى 1879ـ) يىلى، روسىيە، ئىلى ۋە يەتتە سۇغا ئەسكەر كىرگۈزۈپ، مۇجاھىدلارنى مەغلۇپ قىلدى. نەتىجىدە، ئاجىز بىر ھالەتتە قالغان مۇجاھىدلار روسلارغا بوي سۇنۇشقا مەجبۇر بولدى. بۇلارنى تۆۋەندە تەپسىلى بايان قىلىمىز.

2 ـ پەسىل

## روسلارنىڭ، ئىلى ۋە يەتتەسۇنى بېسىۋالغانلىقى

ھىجرى 1297ـ (مىلادى 1879ـ) يىلى ئىنگلىيە ھۆكۈمىتى، چىننىڭ سىچۇەن ۋە گەنسۇ ئۆلكىرىدىن ئۆتۈپ، تىبەتكە ئەسكەر يوللاش ئۈچۈن رۇخسەت ئالدى. روس ھۆكۈمىتى بۇنى باھانە قىلىپ ئىلى ۋە يەتتەسۇغا ئەسكەر كىرگۈزدى.

تارانچىلار دەسلەپتە، قاتتىق تۇرۇپ مۇداپىئە قىلغان بولسىمۇ، روسلارنىڭ ئۈستۈن ھەربىي قۇۋۋىتى ئالدىدا مەغلۇپ بولدى. روس ھۆكۈمىتى، چىڭ سۇلالىسىنىڭ سان پېتىربۇرگدىكى ئەلچىسىگە بىرسۆزلەشمە ئىمزالاتتى. بۇسۆزلەشمىنىڭ مەزمۇنىچە، ئىلى ۋە يەتتەسۇ روسىيەگە

بېرىلگەنىدى. شۇنىڭ بىلەن روسىيە، ھىجرى 1298- (مىلادى 1880-) يىلى، ئىلى ۋە يەتتەسۇنى دىپلوماتىيە يولى بىلەن ئىشغال قىلغانلىقىنى ئېلان قىلدى. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى بۇنىڭغا نارازىلىق بىلدۈرۈپ، سان پېتىربۇرگدىكى ئەلچىسىنى چاقىرتىپ ئېلىپ كېلىپ، ھۆكۈمىتىدىن رۇخسەتسىز، روسىيە بىلەن يۇقىرىقى سۆزلەشمىگە ئىمزا قويغانلىق جىنايىتى ئۈچۈن ئۆلۈم جازاسى بەردى. ئىككى يىلغا يېقىن چىن ۋە روس ھۆكۈمەتلىرى ئارىسىدا دىپلوماتىك كۆرەش داۋام قىلدى. لېكىن، روسىيە ھۆكۈمىتى بۇلارغا پەرۋا قىلماستىن بۇ جايلاردا زامانىۋىي ئىمارەتلەر ۋە يوللار ياسىغىلى باشلىدى . تېلېگراف سىملىرى تارتىلدى. ھازىرمۇ غولجىدا بۇتېلېگراف، يول ۋە ئىمارەتلەرنىڭ ئىزلىرىنى كۆرگىلى بولىدۇ . بىرمۇددەت داۋام قىلغان دىپلوماتىك كۆرەش نەتىجىسىدە، ھىجرى 1300- (مىلادى 1882-) يىلى روسلار ئىشغال قىلىۋالغان تۇپراقنىڭ 1/4 گە تەڭ بولغان باش ئىلى(غولجا) نىلا چىڭ سۇلالىسىگە قايتۇرۇپ بەردى. ئاياق ئىلى ۋە يەتتەسۇ روسلارنىڭ قولىدا قېلىپ، بىر روس مۇستەملىكىسى بولۇپ قالدى. روسلار ھازىر ئۇجايلارنى «سىمىرچىنسكى» دەپ ئاتايدۇ . غولجا، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگە قايتۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇ يەردىكى تارانچىلار قاتتىق ئالاقزادە بولۇپ كېتىشتى. چۈنكى، ئۇلارچىن ھۆكۈمىتى بىزدىن مىللىي ئىنقىلاب مەزگىلىدە ئۆلتۈرۈلگەن چىنلىقلار ۋە چيەنفەنلەرنىڭ ئىنتىقامىنى ئالىدۇ دەپ قورقاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن بىرقىسىم تارانچىلار يەتتەسۇ تەرىپىگە كۆچۈپ كەتتى. بىرقىسمى قورالىنىپ، چىنغا قارشى ئۇرۇشقا ئاتلاندى. كېيىنچە، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى، تارانچىلار بىلەن تىنچ بىرگە ئۆتۈش يولىنى تۇتۇپ، ئۇلارغا بەزى ھوقۇقلارنى بېرىشكە مەجبۇر بولدى. مەسىلەن: تارانچىلار ئۆزلىرىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ئۈچۈن، ئۆز ئىچىدىن بىرھاكىم تەيىن قىلىش، ئىچكى ئىشلىرىدا مۇستەقىل بولۇش، دىنى ۋە ئەدلىيە ئىشلىرىنى بېجىرىدىغانلار يەرلىك خەلقتىن بولۇش، چىنلىقلارنىڭ، تارانچى ياكى باشقا يەرلىك مۇسۇلمانلار بىلەن تۇرمۇش قۇرۇشىغا رۇخسەت قىلماسلىق، غولجىغا چىندىن كۆچمەن كەلتۈرمەسلىك ۋە چىڭ - سۇلالىسى ھۆكۈمىتى غولجىدىن يەر بېجى ۋە تىجارەت بېجىدىن باشقا باج - سېلىق ئالماسلىق قاتارلىق ھەقلەرنى چىن ھۆكۈمىتى رەسمىي ئېتىراپ قىلغاندى. بىرمەزگىلدىن كېيىن، چىنلىقلار بۇ ھەقلەرنى يوقىتىشقا ئۇرۇنغان بولسىمۇ ، تارانچىلارنىڭ بىرلىكتە جاسارەت بىلەن كۆرەش قىلىشى نەتىجىسىدە بۇنىڭغا مۇۋەپپەق بولالمىدى. ئاخىرقى ئىنقىلابغىچە مىللىي ھاكىملار ئۆزئۆزرۇنلىرىدا قالغاندى. غولجا چىنلىقلارنىڭ قولىغا ئۆتكەندىن كېيىن، بۇرۇنقى ئەنئەنە بويىچە، غولجا پايتەخت بولدى. قەدىمكى قالماقلارنىڭ پايتەختى بولغان كۆرە شەھىرىنىڭ ئورنىغا يېڭى بىر شەھەر بىنا قىلىندى. قالماقلارنىڭ قەدىمكى بىر ئىبادەتخانىسى بولغان «دا كۆرە»گە تۇتاش ئەتراپى ئىگىز ۋە مۇستەھكەم سېپىل بىلەن ئورالغان كاتتا بىرھۆكۈمەت بىناسى سېلىندى. شەھەر پۈتۈپ بولغاندىن كېيىن، ئۇمۇمىي ۋالىي بولغان «جاڭجۇڭ» بۇ شەھەرنى پايتەخت قىلدى.

3 ـ پەسىل

## چىنغە ئىمپېراتورلۇق تۈزۈمىنىڭ مۇنقەرىزبولۇش ئالدىدىكى شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

ھىجرى 1300ـ (مىلادى 1882ـ 1883ـ) يىلىدىن باشلاپ چىندىكى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى شەرقىي تۈركىستاندىكى ھەربىي ئىدارە تۈزۈمىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئاستا ـ ئاستا مەمۇرىي ئىدارە تۈزۈمىنى يولغا قويغىلى باشلىدى. يەر(دېھقانچىلىق) بېجى، تىجارەت بېجى قاتارلىق بىرقىسىم ئادەتتىكى باجدىن باشقا پەۋقۇلئاددە ئېغىر ئالۋاڭ ـ سېلىقلار كۈندىن كۈنگە ئازالدى. دىن ۋە تىجارەت ئىشلىرىدا خەلققە ئەركىنلىك بېرىلدى. ئەمما، باجلار باشقا يۇرتلارغا قارىغاندا بەك ئېغىرئىدى. ياقۇپ بەگ دەۋرى ۋە چىن ئىشغالىيىتى ئالدىكى تۆت يىللىق ئېغىر قالايمىقانچىلىق مەزگىللىدىكى ئىنتىزامسىز ۋە قانۇنسىز ھالدا ئۇشتۇمتۇت كېلىدىغان ئالۋاڭ ـ سەيسىدىن قۇتۇلغانلىقى ئۈچۈن، خەلققە بۇ قېتىمقى باجلار ئانچە ئېغىركەلمىدى. ئۇزۇن يىللاردىن بېرى قاتمۇ ـ قات زۇلۇم ئاستىدا قالغان خەلق بىرئاز بولسىمۇ ئۆزىنى راھەتتە ھېس قىلدى.

ھۆكۈمەتنىڭ دىن ئىشلىرىدا ئەركىنلىك بەرگەنلىكىدىن پايدىلىنىپ، خەلق ياردىمى بىلەن مىللىي مەكتەپ ۋە مەدرىسىلەر كۆپ ئېچىلدى ۋە مائارىپ بورۇنقىغا قارىغاندا خېلى راۋاج تاپتى. چىنلىقلار، قەدىمكى ئۇسۇلدا ۋە دىنىي ئىلىمنى ئاساس قىلغان بۇخىل مائارىپنىڭ راۋاجلىنىشىدا ئۆزىنىڭ مۇستەملىكىچىلىك تۈزۈمى ئۈچۈن بىرخەۋپ ھېس قىلمىغانلىقلىرى ئۈچۈن، بۇنىڭغا تۇسقۇنلۇق قىلمىدى. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ پوزىتسىيەسىدىن خەلقمۇ رازى بولدى. ئەدلىيە ئىشلىرىدا ئىلگىرىكى ئىسلام ھۆكۈمەتلىرى دەۋرىدىكى قازى ۋە مۇپتىنى ئۆز ئورۇنلىرىدا قويۇپ، بەزى داۋا لارنى شەرىئەت ھۆكمى بويىچە سوراشقا رۇخسەت قىلدى. لېكىن، ئەدلىيە ئىشلىرىدا قانۇنى ھوقۇق يەنىلا چىنلىق سوتچىلىرىنىڭ قولىدا بولۇپ، قازىلارنىڭ رولى پەقەت ئادۋوكاتلىققا ئوخشاش بىرئىشتىن ئىبارەت ئىدى. يەنى، قازىنىڭ بەرگەن ھۆكۈمىنى، چىنلىق سوتچى خالىسا ئەمەلدىن قالدۇرالايتتى. دېمەك، «شەرىئەت ھۆكمى» دېگەن يالغۇز بىرمىللىي ئاتالغۇ شەكلىدە بولۇپ، ئەسلى ھۆكۈم سورۇۋاتقىنى چىن قانۇنى يەنى، «لى» ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، قازى ۋە مۇپتىلارنى ئۆز ئورۇنلىرىدا قويۇپ بەزى داۋالارنى «شەرىئەت ھۆكمى» بىلەن بىرتەرەپ قىلىشتىمۇ، چىنلىقلار ئۆز سىياسىتىگە زىيىنى يوق دەپ تونۇغان. بەلكى، بۇنىڭدا خەلقنى «بىكارغا» رازى قىلىشنى كۆزلىگەنىدى. يەنى، قازى ـ مۇپتى ھۆكۈمەتتىن بىرتىيىن مائاش ئالماي ھەتتا، چىنلىق سوتچىغا پارە بېرىپ، بىكارغا خىزمەت قىلىپ بېرەتتى. بۇلارنى چىن ھۆكۈمەت رەسمىي ھالدا خەلقنىڭ دىنى ۋە مىللىي كاتتا كىشىلىرى دەپ تونۇيتتى.

تىجارەتچىلەردىن تىجارەت بېجىدىن باشقا بىرنەرسە ئالماي ئۇلارنى ئەركىن قويۇۋەتكەنلىكتىن، ئىچكى ۋە تاشقى تىجارەت تەرەققىي قىلىپ، سودىگەرلەر غەربىي تۈركىستان، ھىندىستان ۋە چىن تەرەپلىرىگە بېرىپ تىجارەت قىلغىلى باشلىغانىدى. يۇرت ئىچىدىمۇ سودا سانائەت راۋاجلىنىپ، خەلق ئىقتىسادى بېكىدىن جانلاندى. چىڭ ئىمپېراتورى كىچىك ياشتا بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا ۋەكىللىك قىلىۋاتقان ئانىسى،كۇنا ئەنئەنىلەرگە رىئايە قىلىپ، بۇرۇنقى «گوڭ» ۋە «ۋاڭ» لارنىڭ ئەۋلاتلىرىنى تېپىپ، ئۇلارغا ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ ئۇنۋان ۋە مائاشىنى بېرىشكە بۇيرۇق قىلغان. ئۇلار بېيجىڭغا بېرىپ ئىمپېراتور بىلەن كۆرۈشكەن ۋە ئۇنۋانلىرى بىلەن مائاشلىرىنى ئېلىپ كەلگەن. نەتىجىدە بۇ بەگلەر چىڭ خانىدانىنىڭ سەمىمىي دوستلىرى بولۇپ قالدى. چىنلىق ھاكىم (ئامبان) لارنىڭ قول ئاستىدىكى كىچىك ئەمەلدارلار، يەنى، «بەگ»، «دوغبەگ» (چىنچە شاگيۇي)، مىراپ (سۇ بېشى)، يۈزبېشى قاتارلىقلار بۇلاردىن تەيىن قىلىندى. قازى ۋە مۇپتى بولغان كىشىلەرمۇ يۇرتنىڭ ھەقىقىي دىندار ۋە ئالىم كىشىلىرىدىن بولماستىن بېشىغا يوغان سەللە يۆگىۋالىدىغان تولاراق مەنسەپپەرەست ۋە ئابرۇيپەرەست كىشىلەر ئىدى.

يۇقىرىقى بەگلەر، ئەمەلدار، قازى مۇپتىلار ۋە سودىگەرلەر سىنىپى، چىنلىقلارنى ھەقىقەتەن دوست دەپ تونۇمىسىمۇ، شەخسىي مەنپەئەت، تىجارەت ۋە مەنسەپلىرىنى دەپ، تىنچلىقنى ياقلايدىغان كىشىلەر ئىدى. چىنگە قارشى بىر قوزغىلاڭنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، پۈتۈن كۈچى بىلەن تىرىشاتتى. خەلق ئاممىسى ئارىسىدا، يۇقىرىقى كىشىلەرنىڭ دىنىي ۋە ئىقتىسادىي نۇپۇزى ۋە تەسىرى كۈچلۈك بولغانلىقتىن ھېچبىر ئىنقىلابىي تەشكىلات ۋۇجۇدقا كەلمەي ئىنقىلاب قوزغالمىدى. بۇنىڭدا ياقۇپبەگ زامانىسىدىكى زۇلۇم ۋە دەھشەتلىك قىرغىنچىلىقنىڭمۇ مۇھىم تەسىرى بار ئىدى. شۇنداق قىلىپ، چىندە جۇمھۇرىيەت ئېلان قىلىنغىچە شەرقىي تۈركىستاندا تىنچلىق داۋام قىلدى. لېكىن، يۇقىرىدىكى ئۇنسۇرلاردىن باشقا ئاۋام خەلق، چىن ئاسارىتى ئاستىدا ياشاشقا رازى ئەمەستى. چىنلىقلاردىن بەك نەپرەتلىنەتتى. ئەمما، چارىسىزلىك ۋە ئىستىپاقسىزلىقلىرى تۈپەيلىدىن «قازاغا رىزا ـ بالاغا سەۋرى» دېمەكتىن باشقا چارىلىرى يوقتى.گەرچە، قۇمۇل، تۇرپان ئىلى ۋەكۇچادا ئوخشاش بولمىغان ۋاقىتتا بىرقانچە قېتىم قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلگەن، ئىنقىلاب بولغان بولسىمۇ، بۇلار تېزلا باستۇرۇلدى. ئەپسۇسكى، بۇلار ھەققىدە تەپسىلى مەلۇماتىم يوق.

## چىڭ سۇلالىسى ئىمپېراتورلۇقىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا يۈرگۈزگەن ئىستىبداتلىق پىلانى

چىننىڭ، بۇ قېتىم شەرقىي تۈركىستاندا يۈرگۈزگەن مۇستەملىكىچىلىك سىياستى، بۇرۇنقىلىرىغا قارىغاندا نىسبەتەن يۇمشاق ئىدى. بۇچىن ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە

قانداقتۇر«شەپقەت» ۋە «مېھرىبانلىق» قىلىش نىيىتىنىڭ بارلىقىدىن دەپ خىيال قىلىنمىسۇن. چۈنكى، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ قېتىمقى ئىستىلادىكى نىيىتى، بۇرۇنقى ئىستىلالاردىكىدىن يامانراق ئىدى. بۇ يامان نىيىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرالمىغانلىقىنىڭ سەۋەبى، چىن مەنبەلىرىدىكى ھۆججەتلەردىن مەلۇم بولغىنىدەك، شەرقىي تۈركىستاندا يەنە بىر كەڭ كۆلەملىك ئومۇمىي خەلق ئىنقىلابى پارتلىمىسۇن دەپ؛ ۋاقىتلىق يۇمشاق سىياسەت يۈرگۈزگەنلىكىدىن بولغانىدى. مۆھتەرەم كىتابخانلارغا تۆۋەندە چىڭ سۇلالىسىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئەمەلگە ئاشۇرماقچى بولغان ئىستىبداتلىق سىياسىتىنى ۋە بۇ سىياسەتنى ئۇ دەۋردە ئەمەلگە ئاشۇرالمىغانلىقىنىڭ سەۋەپلىرىنى بايان قىلىمەن:

شەرقىي تۈركىستاندا چىنلىقلارنى كۆپ سانلىق دەرىجىسىگە يەتكۈزۈش ئۈچۈن، مۇمكىن بولىدىغان پۈتۈن چارىلارنى قوللىنىپ، چىندىن كۆچمەن كۆچۈرۈپ، شەرقىي تۈركىستاندا يەرلەشتۈرۈش ۋە شەرقىي تۈركىستان تۈركلىرىنى مۇمكىن قەدەر چىنگە كۆچۈرۈپ، ئۇلارنى چىنلەشتۈرۈش؛ تۈركلەرنىڭ باللىرىنى چىنچە ئوقۇتۇپ، چىنچە تەربىيەلەش؛ پۈتۈن رەسمىي تىل - يېزىق چىنچە بولۇش ۋە تۈركچە تىل - يېزىقنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش؛ مەكتەپ ۋە مەدرىسلەردىكى مىللىي ۋە ئىسلامىي مائارىپنى يوقىتىپ، بۇ ئورۇنلارنى چىنچە ئوقۇتىدىغان مەكتەپلەرگە ئايلاندۇرۇش؛ خەلقنى چىنچە تەربىيلەش؛ شەرقىي تۈركىستان ئاھالىسىنىڭ چىندىن باشقا مەملىكەتلەرگە ساياھەت قىلىشىنى مەنئى قىلىپ، ئۇلارنىڭ چىن ئاھالىسىدىن باشقا دۇنيا مىللەتلىرى بىلەن قىلىدىغان مىللىي، دىنىي ۋە ئىقتىسادىي ئالاقىسىنى ئۈزۈپ تاشلاش؛ تېرىلغۇ يەر، كان ۋە سانائەت چىنلىقلارنىڭ ياكى چىنلەشكەنلارنىڭ ئىلگىدە بولۇش.

ھەممىگە ئايانكى، قۇدرەتلىك ۋە زالىم بىر دۆلەتنىڭ، كۈچسىز ۋە ئارقىدا قالغان بىردۆلەتنى يۇقىرىقىدەك ئىستىبداتلىق پىلان بىلەن يوقاتقانلىقى، تارىختا ناھايىتى ئازكۆرۈلگەن ئىشتۇر. ئەمما، چىنلىقلار يۇقىرىقى پىلاننى تۈزۈپ چىقىپ، شەرقىي تۈركىستان مىللىتىنى دۇنيا يۈزىدىن تامامەن يوقىتىپ، پۈتۈن يۇرتنى چىننىڭ بىر ئۆلكىسى قىلىۋېلىش نىيىتىدە بولغان. بۇنىڭدىن چىننىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە قانچىلىك يامانلىق قىلىشنى پىلانلىغانلىقى ئاشكارا كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ ئالدىدا تۆۋەندىكى بىرقىسىم توسقۇنلۇقلاربولمىغان تەقدىردىمۇ، بۇ پىلاننى ئەمەلگە ئاشۇرالمايتتى، ئەمما، چىن ۋەسىقىلىرىدە تىلغا ئېلىنغان بۇ ئامىللار مۇھىم تارىخى ۋەقە بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇلارنى تۆۋەندە بايان قىلىمەن:

ئەپيۇن ئۇرۇشىدىن كېيىن، چىندە ياۋروپا دۆلەتلىرىنىڭ نۇپۇزى كۈندىن كۈنگە كۈچلەنمەكتە ئىدى. ئىنگلىزلەر شاڭگاڭ پورتىنى، پورتۇگالىيەلىكلەر ئاۋمىن پورتىنى زورلۇق بىلەن چىندىن تارتىۋالدى. ئىنگلىيە، فرانسىيە، گېرمانىيە، ئىتالىيە، ئامېرىكا ۋە ياپونىيە قاتارلىق دۆلەتلەرچىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىدىن شاڭخەي، تيەنجىن، فۇجۇ، خاڭجۇ ۋە نەنجىڭ قاتارلىق چوڭ دېڭىز

تىجارەت پورتلىرىدىن ئۆزلىرىگە مەخسۇس «ئىمتىيازلىق رايون» ئاجرىتىپ بېرىشكە زورلىدى. ھىجرى 1304ـ (مىلادى 1885ـ) يىلى فرانسىيە ھىندچىننى تارتىۋالدى ۋە يەنە بىرتەرەپتىن، ياپونىيە كورىيىنى ئالاشقىلى باشلىدى. بۇ تالاش ـ تارتىشلارسەۋەبى بىلەن ھىجرى 1311ـ (مىلادى 1893 ـ) يىلى چىن ـ ياپون ئۇرۇشى باشلىنىپ، چىڭ سۇلالىسى قاتتىق مەغلۇپ بولدى. كورىيە، ياپونىيىنىڭ نۇپۇزى ئاستىدىكى رايون بولۇپ قالدى. شۇ يىلى روسلار لۈشۈن پورتىنى (پورت ئارتۇرنى) ۋە لياۋدۇڭ ئارىلىنى ئىشغال قىلىۋالدى. يەنە، شۇ يىلى، گېرمانىيە سىڭتاۋ پورتىنى، ئىنگلىيە ۋەيخەي پورتىنى تارتىۋالدى. ھىجرى 1316ـ (مىلادى 1898ـ) يىلى روسلار يەنە، مانجۇرىيەگە تۆمۈر يول سېلىپ، تۆمۈر يولنى مۇھاپىزەت قىلىمىز دەپ، مانجۇرىيەگە نۇرغۇن ئەسكەر كىرگۈزدى ۋە بۇ باھانە بىلەن ئۇ يەرنىمۇ ئۆز تېرىتورىيىسى ئاستىغا كىرگۈزۈۋالدى. شۇنىڭ بىلەن چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ باشقۇرۇلۇشى مەزكۇرچەت دۆلەتلەرنىڭ ئورتاق نۇپۇزى ئاستىغا كىرىپ قالدى. بۇ تاجاۋۇزچىلىققا قارشى ئىمپېراتورگۇاڭشۈنىڭ بويۇنسۇنماقتىن باشقا چارىسى يوقتى. بۇنىڭ ئۈستىگە ھىجرى، 1319ـ (مىلادى 1900ـ) يىلى چىندە، مانجۇ خاندانىغا مەنسۇپ «تۈەن» ئىسىملىك شاھزادىنىڭ رەھبەرلىكىدە زور بىرئىنقىلاب قوزغالدى. بۇ ئىنقىلابنى ياۋروپا تارىخچىلىرى «بوكسور قوزغىلىڭى» دەپ ئاتايدۇ. ئىمپېراتور بۇ ئىنقىلابنى بېسىقتۇرۇشتا ئاجىزلىق قىلدى. نەتىجىدە ئىنقىلابچىلار بېيجىڭ شەھىرىنى ۋە ئۇ يەردىكى چەتئەل ئەلچىخانىلىرىنى قورشاۋغا ئالدى. ھىجرى 1320ـ (مىلادى 1901ـ) يىلى، ياۋروپا دۆلەتلىرى ئۆز مەنپەئەتلىرىنى قوغدىغۇش ئۈچۈن گېرمانىيەلىك قوماندان فون ۋالدەرسى قوماندانلىقىدا چىنگە نۇرغۇن ئەسكەر يۆتكەپ، ئىنقىلابنى بېسىقتۇردى. بۇنىڭ بىلەن بۇچەت دۆلەتلەر چىنگە تېخىمۇ چىشىنى پاتۇرۇۋالدى. شۇ يىلى روسلار مانجۇرىيەنى ئىشغال قىلدى. ھىجرى 1324ـ (مىلادى 1904ـ) يىلى ياپونىيە بىلەن روسىيە، كورىيەنى تالىشىپ ئۇرۇشتى. نەتىجىدە ياپونىيە غەلىبە قىلىپ، روسلارنى بۇيەردىن ھەيدىۋەتتى. ياۋرۇپا دۆلەتلىرى ۋە ئامېرىكانىڭ بېسىمى بىلەن روسلار مانجۇرىيەنى چىنگە قايتۇرۇپ بەرگەن بولسىمۇ بۇ يەر يەنىلا ياپون نۇپۇزى ئاستىدا قالدى. ئىمپېراتورگۇاڭشى ئىچكى ۋە تاشقى جەھەتتە ناھايىتى قىيىن ۋەزىيەتتە تۇرۇۋاتقان بىر پەيتتە، ھىجرى 1309ـ (مىلادى 1891 ـ) يىلى جەنۇبىي چىندە دوكتۇر سوڭ جۇڭسەن باشچىلىقىدا «ياش چىن» دېگەن سىياسىي پارتىيە قۇرۇلدى. بۇ پارتىيە ئىمپېراتورلۇق تۈزۈمىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، جۇمھۇرىيەت قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن پائالىيەتلىرىنى كۈندىن ـ كۈنگە كۈچەيتتى. شۇنىڭ بىلەن چىن ئىمپېراتورلۇق تۈزۈمى تېخىمۇ ئاجىزلاشتى. چىن ھۆكۈمىتىنىڭ بېشىغا يۇقىرىقىدەك پالاكەتلەر ۋە كۆتۈرەلىگۈسىز بالاـ قازالار ئارقا ـ ئارقىدىن كەلمەكتە ئىدى. شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە زورلۇق ۋە زۇلۇم بىلەن يۈرگۈزمەكچى بولغان قورقۇنچلۇق ئاسىملاتسىيە پىلانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقىمۇ كۈچ ـ قۇدرىتى قالمىغانىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، شەرقىي تۈركىستان خەلقى بىر ئاز بولسىمۇ تىنچ ۋە خاتىرجەم ياشىدى.

مانا، بۇلارچىن تارىخچىلىرىنىڭ يازغانلىرىدۇر. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ بېشىغا كەلگەن يۇقىرىقىدەك پالاكەتلەردىن شەرقىي تۈركىستان خەلقى خەۋەر سىز ئىدى. شەرقىي تۈركىستاندىكى چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئومۇمىي ۋالىيسى(جاڭجۈڭ)، قومۇل ۋە ئۈرۈمچىگە چىندىن كۆچۈپ كېلىپ يەرلەشكەن ۋە بۇ جايدىكى ئاھالىنىڭ كۆپچىلىك سانىنى تەشكىل قىلغان چىنلىقلاردىن كۆپ ساندا ئەسكەرلىككە ئېلىپ، بۇ يەرلەردە زور بىر ئەسكىرىي قوشۇن تۇرغۇزۇپ،كۈچ كۆرسەتمەكتە ئىدى. ئارىدا بىر يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتۈلگەن ئىستىبدات پىلانىنى ئەمەلگە ئاشۇرىمەن دەپ، خەلققە زۇلۇم سېلىپ تۇراتتى. ئەمما، شەرقىي تۈركىستان خەلقى، ئۆزىنىڭ دىنى ۋە مىللىي ھەقلىرىنى قوغداش يولىدا قاتتىق تۇرۇپ كۆرەش قىلىشى نەتىجىسىدە، بەزىدە بىرئاز يۇمشاق سىياسەت قوللۇنۇشقا مەجبۇر بولاتتى. بۇ دۈشمەننىڭ يۇمشاق سىياسەت يۈرگۈزۈشىدىكى بىرسەۋەپ بولسا، ئەسلى سەۋەپ. بۈرۈنقى مىللىي ئىنقىلاب جەريانىدا مۇستەملىكىچىلەرنىڭ ئىنقىلابچىلارتەرىپىدىن قاتتىق جازالاندۇرۇلغانلىقى ئىدى.

## مانجۇ ئىمپېراتورلۇقىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىقتىسادىي سىياسىتى

ھىجرى 1326ـ (مىلادى 1908ـ) يىلى ئىمپېراتورگۇاڭشى ئۆلۈپ، ئورنىغا ئۈچ ياشتىكى نەۋرىسى خەنتۇڭ پۇيى ئىمپېراتور بولدى (بۇكىشى ھازىر[107] ياپونىيە ھامىيلىقىدىكى مانجۇرىيەنىڭ ئىمپېراتورى). ئىمپېراتورنىڭ يېشى كىچىك بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا ۋاكالىتەن باش مىنىستىر يۇۋەنشىكەي ھۆكۈمەتنى ئىدارە قىلماقتا ئىدى. يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتۈلگەن ۋەقەلەر تۈپەيلىدىن دۆلەت ئىقتىسادىي جەھەتتە ناھايىتى قىيىن ھالەتكە چۈشۈپ قالغانىدى. يۇۋەنشىكەي، بۇ ۋەزىيەتتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، كۆپ مىقداردا قەغەز پۇل چىقاردى. بۇ قەغەز پۇلنى شەرقىي تۈركىستاندا ئاققۇزۇش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان زورلۇق ـ زومبۇلۇقنىڭ دۇنيادا يەنە باشقا بىرمىسالى يوقتۇر. چۈنكى، بۇ پۇل پۈتۈن دۇنيادىكى قەغەز پۇللارغا ئوخشاش خەزىنە ياكى بانكىنىڭ كاپالىتى ئاساسىدىكى ھۆججەت ماھىيىتىدە ئەمەستى. بۇ قەغەز پۇلنىڭ قوللىنىلىشى پەقەت، ھۆكۈمەتنىڭ زورلۇق بىلەن بۇيرۇق چۈشۈرىشى بىلەن بولغانىدى. بۇنى قوبۇل قىلمىغان كىشىگە ئۆلۈم جازاسى، ئېغىر قاماق جازاسى بېرىلەتتى ياكى ئېغىرجەرىمانە قويۇلاتتى. ھۆكۈمەت خەزىنىلىرىدە بۇ قەغەز پۇلنى، تىللا، كۈمۈش تەڭگە ياكى مىس پۇلغا تېگىشىپ بېرىدىغان ئىش يوقتى. بۇ پۇل پەقەت يېڭى بولۇش شەرتى بىلەن باج تۆلەشكىلا ئۆتەتتى. ھۆكۈمەت بۇ قەغەز پۇلنى، شەرقىي تۈركىستاندا ئىشلىتىلىۋاتقان بىرسەر(ئون مىسقال) كۈمۈش تەڭگە پۇل بىلەن تەڭ قىممەتكە ئىگە دەپ ئېلان قىلغانىدى. چىڭ ـ

[107] مۇئەللىپنىڭ «ھازىر» دېگىنى، 1939 ـ 1940 ـ يىللىرىنى كۆرسىتىدۇ(ن. ش. ھ.).

سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا كىرگۈزگەن قەغەز پۇلىنىڭ ھەقىقىي سانى ئېنىق مەلۇم بولمىسىمۇ، شەرقىي تۈركىستان ئاھالىسىنىڭ قولىدىكى ئالتۇن كۈمۈشىنىڭ ھەممىسىنى سېتىۋالغىدەك مىقداردا كۆپ ئىدى.

بۇ قەغەزلەر شەرقىي تۈركىستانغا كېلىشى بىلەن، ھۆكۈمەت بۇ قەغەزنى ئىشلىتىش ـ ئالماشتۇرۇش بۇيرۇقى چىقاردى ۋە بۇنىڭ بەدىلىگە يىغىۋېلىنغان ئالتۇن كۈمۈشنى چىنگە توشۇغىلى باشلىدى. يەنە باشقا تەرەپتىن شەرقىي تۈركىستاندىكى پۈتۈن ئالتۇن كانلىرى ھۆكۈمەت نازارىتى ئاستىغا ئېلىندى ۋە كانچىلارنى ھەرئايدا مەجبۇرى مەلۇم مىقداردا ئالتۇن چىقىرىپ، بۇنى ھۆكۈمەت بەلگىلىگەن باھادا قەغەز پۇلغا دۆلەتكە سېتىپ بېرىشكە بۇيرۇق قىلدى. كانچىلار، بۇيىنغا ۋەزىپە قىلىپ مەجبۇرىي تېگىلگەن ئالتۇننى كاندىن چىقىرالىسۇن ياكى چىقىرالمىسۇن، نېمە قىلسا قىلىپ، ھۆكۈمەتكە ئالتۇن تاپشۇرۇشى شەرت ئىدى. ھۆكۈمەت، خەلقنىڭ ئالتۇن سېتىۋېلىشىنى قەتئىي مەنئى قىلدى. ئەگەر بىرسىنىڭ ئالتۇن سېتىۋالغانلىقى سېزىلسە، ئۇنىڭ ئالتۇنى مۇسادىرە قىلىنىپ، ئۆزى جازاغا تارتىلاتتى. شۇنىڭ بىلەن شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ قولىدىكى بايلىق، بىرتۇتام كونا قەغەز پارچىسىغا ئايلىنىپ قالدى. مەملىكەتنىڭ ئەڭ ھەرىكەتچان ئىقتىسادى جان ـ تومۇرى بولغان ئالتۇن كانلىرى ۋە كانچىلىق بەربات بولدى. كانچىلار ئىشسىز يوقسۇللارغا ئايلاندى. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەزكۇر قەغەز پۇل چىقىپ، ئۈچ يىل ئۆتكەندىن كېيىن، چىندە جۇمھۇرىيەت ئېلان قىلىندى ۋە ئۇ قەغەز پۇللار ئۆتمەس بولۇپ قالدى. بۇنىڭ بىلەن شەرقىي تۈركىستان ئىقتىسادى ئېغىر زىيانغا ئۇچرىدى. تىجارەتچىلەرنىڭ كۆپىنچىسى دەسمايىسىدىن ئايرىلدى. زىيان تارتمىغان ھېچكىم قالمىدى.

## شەرقىي تۈركىستاندا تۇنجى قېتىملىق
## نوپۇس ئىنقىلاش

ھىجرى 1326ـ (مىلادى 1908ـ) يىلى يۇەنشىكەي، چىڭ ئىمپېراتورلۇقى تەۋەسىدە ئومۇمىي نوپۇس تىزىملاپ ئىنقىلاش خىزمىتى ئېلىپ بېرىش ھەققىدە پۈتۈن ۋالىيلارغا بۇيرۇق چۈشۈردى. چىننىڭ ئۆزىدە نوپۇس ئىنقىلاش قانداق ئېلىپ بېرىلغانلىقىنى بىلمەيمىز. ئەمما، شەرقىي تۈركىستاندا بۇ مۇھىم ئىش ئاجايىپ بىر تەرىقىدە ئېلىپ بېرىلدى. يەنى، شەرقىي تۈركىستان نوپۇسىنىڭ ئاران ئوندىن بىرى تىزىملىنىپ سانغا ئېلىنغاندى. بۇ نوپۇس ئىنقىلاش ئۇسۇلى خەلقئارادىكى نوپۇس ئىنقىلاش ئۇسۇلىغا توغرا كەلمەيتتى، ئەلۋەتتە. نوپۇس تىزىملاش ئىشى باشلىنىشتىن 5 ـ 6 ئاي بۇرۇن بۇنىڭ خەۋىرى ھەريەرگە تارقىلىپ كەتتى. خەلق ئىچىدە بۇتوغرۇلۇق ھەرخىل گەپ ـ سۆزلەر تارقالدى. بۇنىڭدىن ئىلگىرى، چىن ھۆكۈمىتىنىڭ ھەربىر ئىشى خەلقنىڭ زىيىنىغا بولغانلىقى ئۈچۈن كۆنۈپ كەتكەن خەلق، نوپۇس ئىنقىلاشنىڭ پايدا ـ زىيىنىنى تېخى بىلمىگەنلىكتىن، بۇ ئىشنى ئاڭلاپ، قورقۇپ كەتتى.

بۇ ئىشتا چىنلىقلارنىڭ چوقۇم بىر يامان نىيىتى بار دەپ گۇمان قىلىپ، ئەندىشىگە چۈشتى. بۇرۇندىن تارتىپ چىن ھۆكۈمەتلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئېلىپ بارغان ھەر بىر ھەرىكىتىدە، پەقەت چىن مەنپەئەتىنىلا كۆزدە تۇتۇپ، بۇنى زورلۇق ـ زومبۇلۇق بىلەن ئىجرا قىلىپ، خەلقنىڭ پايدا ـ زىيىنىغا ھېچ ئەھمىيەت بەرمىگەنلىكتىن نوپۇس ئېنىقلاش ئىشىدىنمۇ خەلقنىڭ قورقۇپ،گۇمانلىنىشى تەبىئىي ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە شەرقىي تۈركىستاندىكى ھۆكۈمەت خادىملىرى، مەيلى چىنلىق ياكى يەرلىك بولسۇن، ھەممىسى پۇرسەت تاپسىلا خەلقنى قورقۇتۇپ پارە ئېلىشقا ئادەتلىنىپ كەتكەن بولغاچقا، نوپۇس ئېنىقلاش ۋەزىپىسى كەلگەندىن كېيىن، ھۆكۈمەت خادىملىرى خەلقنىڭ قورقۇپ قالغانلىقىنى ئۆز شەخسىي مەنپەئەتلىرى ئۈچۈن ياخشى بىر پۇرسەت دەپ بىلىپ، «نوپۇسنى تىزىملاپ ئېنىقلاش ئىشىدا ھۆكۈمەتنىڭ يامان بىر پىلانى بار» دەپ پىتنە ـ ئىغۋا تارقاتقىلى باشلىغان. «پۈتۈن خەلقنى دەپتەرگە تىزىملاپ بولغاندىن كېيىن، ياشلارنىڭ ھەممىسىنى ئەسكەرلىككە ئېلىپ، ئىچكىرىگە (چىنگە) ئېلىپ كېتىدۇ. تىزىملانغان كىچىك باللارنى چىنچە مەكتەپكە ئېلىپ، پۈتۈن مىللىي ۋە دىنى مەكتەپلەرنى تاقايدۇ. تىزىمغا قاراپ ئادەم بېشىغا باج قويۇپ چوقا پۇلى ئالىدۇ» دەپ، خەلق ئىچىدە ئەندىشە ۋە ئەنسىزلىك تارقاتقان. بۇ سۆزلەر ئېغىزدىن ئېغىزغا تارقىلىپ، ھەرخىل يامان سۆزلەر قوشۇلۇپ، خەلق بۇ ئىشنى ئۆزى ئۈچۈن، ناھايىتى خەتەر دەپ چۈشىنىپ، ئۇنىڭغا نەپرەت كۆزى بىلەن قاراشقا باشلىغاندى.

شۇنداق قىلىپ، ھەقىقىي بىر نوپۇس ساناش ئىشى ئېلىپ بېرىشقا مۇمكىن بولمايدىغان ۋەزىيەت ئىچىدە بۇ ئىش باشلاندى. ھەركىشى ساناقتىن قېچىپ ئۆزىنى ۋە ئائىلىسىنى دەپتەرگە يازدۇرماسلىق يەنى، تىزىمگە ئالدۇرماسلىقنىڭ چارىسىنى ئىزدەشكە باشلىدى. بۇنىڭ ئەڭ ياخشى چارىسى، نوپۇسنى ساناشقا كەلگەن ھۆكۈمەت خادىمىغا پارە بېرىپ، كەتكۈزىۋېتىش ئىدى. شۇنىڭ بىلەن خەلق، بۇلارغا پارە بېرىپ، بەزىلەر پۈتۈن ئائىلىسىنى، بەزىلەر ئائىلىدىكى بىرنەچچە كىشىنى دەپتەرگە تىزىملىنىش «خەتىرىدىن» دىن ئوڭايلا قۇتقۇزۇۋۇپ قالدى. بۇنىڭ بىرمىسالى: مەن شۇچاغدا توققۇز ياشتا بولۇپ، باشلانغۇچ مەكتەپنى تۈگەتكەندىم. ئوقۇش ـ يېزىش ساۋادىم بارئىدى. رەھمەتلىك دادام پۈتۈن ئائىلىمىزنى دەپتەرگە يازدۇرماسلىققا تىرىشتى. ئەمما، يۇرت ئىچىدە تونۇلغان بىر كىشى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئەڭ ئاز 3 ـ 4 كىشىنى يازدۇرماي بولمىدى. شۇنىڭ بىلەن بىزنىڭ ئۆيىمىزگە نوپۇس تىزىملاش ئۈچۈن كەلگەن قادىر بەگ، ئائىلىمىزدىكى جەمى ئۆن ئىككى جاندىن، دادام ۋە يەنە ئىككى كىشىنىلا ئىسمىنى ۋە يېشىنى دەپتەرگە يېزىپ كەتتى. يەنى، ئائىلىمىزدىكى ئون ئىككى كىشىدىن (مەن ۋە باشقا تۆت قېرىنداشىممۇ بۇنىڭ ئىچىدە) تۇققۇزى سانالمىدى. يەنە، توغقانلىرىمىزدىن بىرھۆيلا ئىچىدىكى ئەللىك كىشى ئازغىنە پارا بېرىپلا ھەممىسى تىزىملانماي قۇتۇلدى. بۇنىڭغا ئوخشاش مىساللار ناھايىتى كۆپ بولغانلىقى ئېسىمدە تۇرۇپتۇ. ئۇندىن باشقا، شەرقىي تۈركىستاندىكى نوپۇس

ساناش ئىشى ئالتە ئاي داۋام قىلغان. ھالبۇكى دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدىكى نوپۇس ئىنىقلاش قانۇنىغا ئاساسلانغاندا، شەرقىي تۈركىستاندەك بىر يۇرتنىڭ نوپۇس ئېنىقلاش ئىشى 2 ـ 3 كۈندىن ئۇشۇق داۋام قىلماسلىقى كېرەك.

يۇقىرىقىدەك، ئۆزەمنىڭ كۆرگەن بىلگەنلىرىمگە ئاساسەن مەن، بۇ نوپۇس ئىنىقلاشتا شەرقىي تۈركىستان نوپۇسىنىڭ 90% ى سانالمىغان دەپ ئېيتالايمەن. ئەمما، بەزى جايلاردا پەرقلىق بولۇشى مۇمكىن. قىسقىسى، شەرقىي تۈركىستان ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ 80% نىڭ تىزىم دەپتىرىگە يېزىلمىغانلىقىدا شەك يوق. ھىجرى 1327ـ (مىلادى 1909ـ) يىلى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى نوپۇس ئىنىقلاش نەتىجىسىدە، شەرقىي تۈركىستان نوپۇسىنى بىر يېرىم مىليون دەپ ئېلان قىلدى.

لېكىن 30 يىلدىن بېرى شەرقىي تۈركىستانغا ساياھەت قىلغان ياۋرۇپالىق ئالىم ۋە مۇتەخەسسىلەر تەخمىن قىلغان سانى بۇ ئېلاندىكىدىن كۆپ پەرقلىنىدۇ. بۇلارنىڭ بەزىلىرى شەرقىي تۈركىستاننىڭ نوپۇسىنى 13 مىليون، بەزىلىرى 15 مىليون دەپ تەخمىن قىلسا، يەنە بەزىلىرى 20 مىليون دەپ تەخمىن قىلىشماقتا.

## چىن مانجۇ ئىمپېراتورلۇقى دەۋرىدە، شەرقىي تۈركىستاندا ھۆكۈمەت تەشكىلاتى

چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە شەرقىي تۈركىستانغا ئومۇمىي ۋالىي بولغان كىشى، ئىمپېراتورنىڭ ۋەكىلى ۋە ئۇرۇنباسارى ھېسابلىناتتى. يەنى، جاڭجۇڭ ( باش قوماندان) ئۇنۋانى بىلەن چەكسىز ھوقۇققا ئىگە ھاكىممۇتلەق بولۇپ، ھېچكىمنىڭ ئالدىدا جاۋابكار ئەمەستى. جاڭجۇڭ، شەرقىي تۈركىستاننى يەتتە ۋىلايەتكە بۆلۈپ ئىدارە قىلاتتى. ۋىلايەت «تاۋ» دەپ ئاتىلىپ، قەشقەر بىلەن خوتەن بىر ۋىلايەت بولغانىدى. ۋىلايەت ۋالىيسى «دوتەي» ۋە ئۇلارنىڭ قول ئاستىدا ھاكىملاربار بولۇپ، بۇلارنىڭ بىرىنچى دەرىجىدىكىلىرى «شەن خۇۋ»، ئىككىنچى دەرىجىدىكىلىرى «شەن» ۋە ئۈچىنچى دەرىجىدىكىلىرى «جىسا» دەپ ئاتىلاتتى. ھەر بىر ۋىلايەت ۋە ناھىيە مەركىزىدە«لىيمۇڭ» ئۇنۋانلىق ساقچى ئىدارە باشلىقى بار ئىدى. يۇرتنىڭ پۈتۈن مەمۇرىي ۋە ئەدلىيە ئىشلىرىدا ھوقۇق تامامەن دوتەي ۋە ھاكىملارنىڭ قولىدا ئىدى.

ئەسكىرىي جەھەتتە، جاڭجۇڭنىڭ قول ئاستىدىكى ياردەمچىسىنى فۇتەي، ئارمىيە قوماندانىنى تىتەي، پولك قوماندانىنى جىڭتەي، مىڭبېشىنى شېتەي دەپ، ئاتايتتى. بۇنىڭدىن تۆۋەن دەرىجىدىكى ھەربىي ئەمەلدارلار« تۇڭلۇڭ» دەپ ئاتىلاتتى. بۇلارنىڭ قول ئاستىدىكى ئۇششاق ئەسكىرىي خادىملار«فوگەن»، «سۇڭگەن» دەپ، ئاتىلاتتى.

يوقىرىدا كۆرسىتىلگەن مەمۇرىي ۋە ئەسكىرىي مەنسەپدارلارنىڭ ھەممىسى بۇتپەرەست

چىنلىقلاردىن تەيىن قىلىناتتى. يەرلىك مۇسۇلمان تۈركلەر ۋە چىنلىق مۇسۇلمان «تۇڭگان» لار بۇ مەنسەپلەرگە قەتئىي تەيىنلەنمەيتتى. شەھەرنىڭ تېشىدىكى يېزا ـ كەنتلەرنىڭ بېگى ۋە مىراپلىرىغىچە يەرلىك تۈركلەردىن ئىدى. بۇلاردىن باشقا يەنە، خەلق ئىچىدە مۆتىۋەر دىنىي پېشىۋا سۈپىتىدىكى مۇپتى ۋە قازىلار بار ئىدى. قانۇنىي جەھەتتە بۇلارنىڭ بىر ھوقۇقى يوقتى. مەيلى مەمۇرىي ياكى ھەربىي مەنسەپدارلار بولسۇن، ھەممىسى بېسىم ئىشلىتىپ خەلقنى ئېزىش ۋە ئالۋاڭ ـ سېلىق توپلاشنىلا بىلەتتى. بۇلارنىڭ خەلققە قىلغان زۇلۇم ۋە ھەقسىزلىقلىرىنى ھېچكىم سورمايتتى. بۇلارنىڭ ئۈستىدىن شىكايەت قىلىپ، جاڭجۇڭغا ئەرز بەرگەن كىشىگە، ئۆلگىچە تاياق ياكى تۈرمە جازاسى بېرىلەتتى.

4 ـ پەسىل

## چىن جۇمھۇرىيىتى دەۋرىدە شەرقىي تۈركىستان

ھىجرى 1330ـ ( مىلادى 1911ـ) يىلى«باش چىن» پارتىيىسى غەلىبە قىلىپ، چىندە ئىمپېراتورلۇق تۈزۈمى يىقىلدى ۋە جۇمھۇرىيەت ھۆكۈمىتى قۇرۇلدى. جۇمھۇرىيەتنىڭ چىنگە پايدىسى بولغانلىقىدا شۈبھە يوق. ئەمما، بۇنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا زىياندىن باشقا بىرنەرسە ئېلىپ كەلمىگەنلىكى ھەممىگە ئاياندۇر. جۇمھۇرىيەتنىڭ داھىسى سۇڭ جۇڭشەننىڭ شەرقىي تۈركىستان توغرىسىدا قوللانغان سىياستى، ئىمپېراتورلۇق دەۋرىدىكىدىن پەرقسىز بىر يامان نىيەت ئۈستىگە قۇرۇلغانىدى. يەنە بىرتەرەپتىن، جۇمھۇرىيەت ئېلان قىلىنىپ، ئىككى يىل ئۆتمەستىن، چىن جۇمھۇرىيىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا تۇرۇشلۇق ئومۇمىي ۋالىيسى(جاڭجۇڭى) مەركىزى ھۆكۈمەتتىن يۈز ئۆرىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ مۇستەبىدلىكى شەرقىي تۈركىستاندا ھۆكۈم سۈرگەن بۇرۇنقى ھەرقانداق زالىم ھۆكۈمرانلارنىڭ مۇستەبىدلىكىدىن يامانراق بولدى. شەرقىي تۈركىستان خەلقى ئۈچۈن، بېشىدىكى ھۆكۈمەت تۈزۈمىنىڭ يەڭگۈشلەنگەنلىكىدە، ھېس قىلغۇدەك بىر پەرق بولمىدى. پەقەت، بىرقانچە ئاتالغۇلار، ئىسىملار ۋە رەسىملەر يەڭگۈشلەندى، خالاس. بۇلارنى نۆۋەتى كەلگەندە تەپسىلى سۆزلەپ ئۆتىمەن. چىن جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاتىسى سۇڭ جۇڭشەننىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئىجرا قىلماقچى بولغان سىياسى پىلانى ۋە بۇنى ئىجرا قىلالماسلىقىدىكى سەۋەپلەر ھەققىدە، چىندىن خۇسۇسى يول بىلەن ئالغان مەلۇماتىمىزغا قارىغاندا تۆۋەندىكىلەرنى كۆرستىپ ئۆتۈشكە بولىدۇ.

(1) ـ چىندىن قايسى يول بىلەن بولمىسۇن كۆپ ساندا كۆچمەن كۆچۈرۈپ كېلىپ، شەرقىي تۈركىستاننىڭ پۈتۈن ۋىلايەتلىرىگە يەرلەشتۈرۈش.

(2) ئومۇمەن، شەرقىي تۈركىستاندا مەكتەپ يېشىدىكى باللارنىڭ ھەممىسىنى مەجبۇرەن چىنچە مەكتەپلەرگە ئېلىپ، ئۇلارنى چىنچە تەربىيەلەش. پۈتۈن مىللىي مەكتەپ ۋە مەدرىسىلەرنى ھۆكۈمەت

قولىغا ئېلىپ، چىنچە مەكتەپكە ئۆزگەرتىش. شەرقىي تۈركىستاندىكى پۈتۈن ۋەخپىلەرنى ھۆكۈمەت مۇسادىرە قىلىپ، بۇ ۋەخپىلەرنىڭ كىرىمىنى، چىنچە مەكتەپلەرگە خىراجەت قىلىش.
(3) بۇرۇنقى، «تىل - يېزىق رەسمىي چىنچە بولىدۇ» دېگەن قانۇنغا، مائارىپ تىل - يېزىقمۇ پۈتۈنلەي چىنچە بولىدۇ، دېگەن ماددىنى قوشۇش.
(4) جۇمھۇرىيەت قانۇنىغا ئۇيغۇن ئۇسۇل بىلەن شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھەربىر ۋىلايىتى بىردىن ۋەكىلنى چىن پارلامېنتىغا ئەۋەتىش. ئۈرۈمچىدە بىر ۋىلايەت مەجلىسى تەشكىلى قۇرۇپ چىقىپ، بۇنىڭغا ھەر بىر ناھىيىدىن بىردىن ۋەكىل سايلاپ ئەۋەتىش. ھەر ئىككى ئورۇن ئۈچۈن سايلىنىدىغان ۋەكىللەرنىڭ چىنچە ئوقۇش ۋە يېزىشنى بىلىشنى شەرت قىلىش.

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، بۇ پىلاندا شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ھوقۇقى ۋە مەنپەئەتىنىڭ پۇرىقىمۇ يوق. بۇ پىلاندىن مەقسەد، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى چىنلىلەشتۈرۈش، بۇمەملىكەتنى چىننىڭ بىرمۇستەملىكىسىگە ئايلاندۇرۇشتىن ئىبارەت ئىكەنلىكى ئايان ئىدى. بۇ پىلاننىڭ ئىجرا قىلىنىشى ئۈچۈن، چىن جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتىنىڭ ئىمتىيازى كۈچلىنىپ، يەرلىك خەلق بۇنىڭغا قارشى چىقمىغان تەقدىردىلا مۇمكىن بولاتتى. لېكىن، ئىككى يىل ئىچىدە جۇمھۇرىيەت ھۆكۈمتى شەرقىي تۈركىستاندا ئانچە ئىمتىيازغا ئىگە بولالمىدى ۋە خەلقمۇخېلى قاتتىق قارشىلىق كۆرسەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، جاڭجۇڭ مەركەزنى ئېتىراپ قىلماي شەرقىي تۈركىستاننى مۇستەقىل ئىدارە قىلىشقا باشلىغانىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ پىلاننىڭ بىرقىسمى ئىجرا قىلىنىشقا باشلار - باشلىمايلا سۇغا چىلاشتى. بىرقىسمى كۆرۈنۈشتە ئىجرا قىلىنغاندەك تۇرسىمۇ، ئەمەلىيەتتە يوق ھېساپتا ئىدى.

چىن ھۆكۈمىتى بۇ پىلاننىڭ بىرىنچى ماددىسىنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن، مىڭگو(جۇمھۇرىيەت) نىڭ 1- يىلى،گەنسۇنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا ئىسيان چىقارغان بىرنەچچە يۈز ئۆيلۈك تۇڭگانلارنى مەجبۇرىي كۆچۈرۈپ كېلىپ، قاراشەھەر ئەتراپىغا ۋە شەرققە يەرلەشتۈرۈپ، ئۇ جايلاردىكى قالماقلارنىڭ كەڭ يەر - زېمىن ۋە ئۆي ۋاقلىرىنى مۇسادىرە قىلىپ، بۇ كۆچمەنلەرگە تەقسىم قىلىپ بەرگەن. لېكىن،كېيىنچە ھۆكۈمەتنىڭ كۈچى يېتىشمىگەنلىكتىن بۇخىل كەڭ كۆلەمدىكى كۆچمەن كۆچۈرۈپ چىقىش ئىشلىرى توختىغان.

جۇمھۇرىيەتنىڭ 2 - يىلى مەزكۇر پىلاننىڭ 2 - ماددىسىنى ئىجرا قىلىپ، شەھەر ۋە يېزا - كەنتلەردە چىن ئۇسۇلى بويىچە مەكتەپ سېلىش ئۈچۈن، ھەرقايسى جايلارغا مەخسۇس ئەمەلدارلار ئەۋەتىلگەن. بۇلار ھاكىم، ئامبانلارنىڭ ياردىمى بىلەن يەرلىك خەلققە ئالۋاڭ سېلىپ، ياغاچ - تاش يىغىپ مەكتەپ سالدى ۋە خەلققە، بالىلىرىنى بۇمەكتەپلەرگە ئەۋەتىشنى تەشەببۇس قىلغىلى باشلىدى. بۇنى ئاڭلىغان خەلق ئىچىدە ناھايىتى قاتتىق قارشىلىق ۋە نەپرەت قوزغالدى. ھۆكۈمەت خەلقنىڭ بالىلىرىنى ئۈچرىغان يەردە زورلۇق بىلەن مەكتەپكە تۇتقىلى باشلىدى. بەگ، قازى - مۇپتى ۋە يۈز بېشىلارنىڭ

ھەربىرسىگە ئۈندىن يۇزگىچە بالىنى مەكتەپكە تۇتۇپ بېرىش ۋەزىپە قىلىنغان. بۇ ۋەزىپىنى ئورۇندىمىغانلار ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلانغان. بەزىلىرى تورمىغا تاشلانغان ۋە يا ئېغىر جەرىمانە قويۇلغان. دەسلەپتە، بۇ كىشىلەر مەنسەپلىرىدىن ئاجراپ كېتىش ياكى جازاغا ئۇچراشتىن قورقۇپ. بۇيرۇقنى ئىجرا قىلىشقا بىرئاز كىرىشكەن بولسىمۇ، خەلقنىڭ جىددى قارشىلىق كۆرسىتىشى بىلەن ئامالسىز قالغان. ئاخىرى خەلق بۇنىڭغا ياخشى بىرچارە تاپقان. ئەمەلدارلارغا پارە بېرىپ، بالىلىرىنى مەكتەپتىن قۇتقۇزۇشقا باشلىغان. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىش بىر سودا ئىشىغا ئايلىنىپ، ئەمەلدارلارغا پۇل بەرگەنلەرنىڭ بالىلىرىنى قويۇۋەتكەن. پۇل بەرمىگەنلەرنىڭ بالىلىرىنى مەكتەپكە تۇتۇپ بېرىپ، شەھەرلەردە 5 ـ4 تىن، يېزىلاردا بىردىن مەكتەپنى بالا بىلەن تۇشقۇزالىغان. ئەمما، ئازساندىكى بۇ مەكتەپلەرنى باشقۇرۇشتا ھۆكۈمەت ئىككى زور قىيىنچىلىققا ئۇچرىدى. بىرىنچىسى، مەكتەپلەرنىڭ چىقىملىرى دەسلەپتە، ۋەخپىلەردىن تەمىن قىلىنغان بولسىمۇ، كېيىنچە خەلقنىڭ قارشى چىقىشى بىلەن بۇ ئىش قىيىنلاشتى. ئىككىنچىسى، يېتەرلىك ساندا ئوقۇتقۇچى يوقتى. يۇقىرىقى سەۋەپلەر بىلەن ھۆكۈمەتنىڭ بۇ پىلانىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا مۇمكىن بولمىغان. شۇنداق قىلىپ، بۇ مەكتەپلەرنىڭ كۆپ قىسمى تاقىلىپ، ئازراق بىرقىسمىلا قالغان. بۇ مەكتەپلەردە بىر ھەرىپ چاغلىق ئىلىم ئۆگىتىلمىگەن. چۈنكى، بۇمەكتەپلەرنىڭ دەرس پروگراممىسى، پەقەت، ئوقۇغۇچىلارغا چىنچە تىل ـ يېزىقنى ئۆگىتىش ۋە ئۇلارنى چىن تەبئەتلىك قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىقىشتىن ئىبارەت ئىدى. كېيىنچە، بۇ مەكتەپلەر تاقىلىپ، شەھەرلەردە 1 ـ 2 دىن چىنچە مەكتەپ قالدى. بۇلارغا سەككىز يىللىق مۇددەت بىلەن 20 ـ 30 ئوقۇغۇچى ئېلىپ، چىنچە تىل ۋە يېزىق ئۆگىتىپ، تىلماچ ۋەكاتىپ يېتىشتۈرىدىغان بولدى.

ھۆكۈمەتنىڭ، چىن پارلامېنتىغا ۋەكىل سايلاپ ئەۋەتىش توغرىسىدىكى بۇيرۇقى ۋاقتىدا ئىجرا قىلىنماي، جۇمھۇرىيەتنىڭ 5 ـ يىلىغا كەلگەندە ۋەكىل ئەۋەتىلدى. ئۇرۇمچىدىمۇ شۇ يىلى، بىر مەجلىس تەشكىلى قۇرۇلدى. بۇنى، «شەرقىي تۈركىستاندا ۋەكىل سايلىمى» دېگەن بۆلۈمدە بايان قىلىمەن.

## شەرقىي تۈركىستاندا «ئىككى يېرىم» ھۆكۈمەت

چىننىڭ ئىمپېراتورلۇق دەۋرىنىڭ ئاخىرىدا ۋە جۇمھۇرىيەت دەۋرىدىكى، ياۋروپا دۆلەتلىرىنىڭ چىندىكى ئىمتىياز ۋە ھوقۇقلىرى دۇنياغا ئايان بولغان بىرھەقىقەتتۇر. لېكىن، شەرقىي تۈركىستاندا، جۇمھۇرىيەت ئېلان قىلىنىشتىن بىر قانچە يىل ئىلگىرىدىن باشلاپ، روس ۋە ئىنگلىز كونسۇللىرى ۋە ئۇلارنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى پۇقرالىرى ئىگە بولغان ئىمتىياز كىشىنى ھەيران قالدۇرغىدەك

دەرىجىدە ئالاھىدە ئىدى[108]. ھەتتا بۇ دۆلەتلەرنىڭ ھامىيلىقىدىكى مەملىكەتلەردىمۇ بۇلار مىسلى كۆرۈلمىگەن ئىمتىيازلارغا ئىگە ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ ئىمتىياز دەۋرنى شەرقىي تۈركىستاننىڭ بەزى زىيالىلىرى «ئىككى يېرىم ھۆكۈمەت دەۋرى» دەپ ئاتىغان. يەنى، بىرھۆكۈمەت روس كونسۇلوسلۇقىنى كۆرسەتسە، ئىككىنچى ھۆكۈمەت، ئوخشاش دەرىجىدە ھوقۇق ۋە ئىمتىيازغا ئىگە بولغان ئەنگلىز مۇئاۋىن كونسۇلۇسلۇقىنى ۋە يېرىم ھۆكۈمەت - چىنىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئومۇمىي ۋالىيسىنىڭ چارىسىز ھۆكۈمىتىنى كۆرسىتىدۇ. گەرچە، بۇ بىرئاز مۇبالىغە قىلىنغاندەك كۆرۈنسىمۇ، شەرقىي تۈركىستاندا بۇ ئىككى چەت دۆلەت ئەلچىسىگە بېرىلگەن ئىمتىياز ھەقىقەتەن تەسەۋۋۇردىن تاشقىرى بولغانلىقتىن ئەمەلىيەتكە يېقىن دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ.

بۇ كونسۇللار، چىن قانۇنلىرىغا رىئايە قىلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، خەلقئارا قانۇنىنىمۇ دەپسەندە قىلىپ، ئۆز ئىختىيارى بىلەن ھەرىكەت قىلاتتى. روس كونسۇلخانىسى يېنىدا، روسلارنىڭ قوراللىق پىيادە ئەسكەرلىرى ۋە توپچى قىسمى با ر ئىدى. ئەنگلىز كونسۇلخانىسىدا ئەسكەر بولمىسىمۇ، ئادەملىرى كۆپ ۋە ھوقۇقى روس كونسۇلى بىلەن تەڭ دەرىجىدە ئىدى. بۇ كونسۇللارنىڭ سۆزىنى، جاڭجۈڭ ۋە دوتەي (ۋالىي) لەر رەت قىلالمايتتى. لېكىن، بۇنىڭ ئەكسىچە،كونسۇللار ئۇلارنىڭ سۆزىنى خالىغان ۋاقىتتا رەت قىلاتتى. ھەرقايسى شەھەرلەردە بۇكونسۇللەرنىڭ ۋاكالەتەن ئىش بېجىرىدىغان، «ئاقساقال» ئۇنۋانىدىكى تولۇق ھوقۇقلۇق كىشىلىرى بارئىدى. بۇ ئاقساقاللار ئۆز تەۋەسىدىكى شەھەر ئامبانلىرىدىنمۇ ئۈستۈن نوپۇزغا ئىگە ئىدى.كونسۇللەر ۋە ئاقساقاللەر، شەرقىي تۈركىستانلىق كىشىلەردىن خالىغىنىنى ئۆز پۇقرالىقىغا ئېلىپ، پۇقرالىق گۇۋاھنامىسى بېرىش ھوقۇقىغا ئىگە ئىدى. روس ۋە ئەنگلىز پۇقرالىرىنىڭ داۋالىرىنى ئۆزكونسۇل ۋە ئاقساقاللىرى سوراپ، ھەل قىلاتتى. چىن ئەدلىيە ئورۇنلىرى بۇلارنىڭ داۋاسىغا ئارىلىشالمايتتى. ئەگەر، بىرشەرقىي تۈركىستانلىق بىلەن روس ياكى ئەنگلىز پۇقراسى داۋالىشىپ قالسا، بۇنى كونسۇل ياكى ئاقساقال سوراپ، ئۆز پۇقراسىنىڭ تەرىپىنى تۇتۇپ ھۆكۈم قىلاتتى. ئەگەر، بۇنداق بىر داۋا، ئامبان ياكى قازىنىڭ ئالدىغا كېلىپ قالسا، چەت ئەللىكنىڭ تەرەپىنى تۇتۇپ، بۇلارنى بىرتەرەپ قىلىش ئۈچۈن،كونسۇل ياكى ئاقساقالنىڭ ئالدىغا ئەۋەتىپ بېرىشكە مەجبۇر ئىدى.

روس ۋە ئەنگلىز پۇقرالىرى تىجارەت بېجى تۆلىمەيتتى ياكى يېرىم باج تۆلەيتتى. دوتەي ۋە ئامبانلار ،كونسۇل ۋە ئاقساقاللارنىڭ تەلىپىنى دەرھال قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر ئىدى. ئەگەر، قارشىلىق كۆرسەتسە، ئۇلارنىڭ ئاھانىتىگە ئۇچرايتتى ۋە يۇقىرىغا شىكايەت قىلىپ، مەنسىپىدىن ئېلىپ تاشلايتتى. روس ۋە ئەنگلىز پۇقرالىرى زېمىن ۋە ئىمارەت سېتىۋېلىشتا ئەركىن ئىدى. يەرلىك خەلققە زىيان يەتكۈزسىمۇ، بۇنى ھېچكىم سورىمايتتى. يېزىدا بولسا روس ۋە ئەنگلىز پۇقرالىرى دېھقانچىلىق

[108] خەلق، روس پۇقراسىنى «گارازدان»، ئەنگلىز پۇقراسىنى «پەرەڭ پۇقراسى» دەپ ئاتايتتى(ن. ش. ھ.).

بېجىدىن باشقا ئالۋاڭ ـ سېلىق تۆلىمەيتتى. خەلقنىڭ زىرائەتلىرى سۇسىزلىقتىن قۇرۇپ كەتسىمۇ، ئالدى بىلەن ئۇلارنىڭ زىرائەتلىرىگە ۋە باغلىرىغا سۇ بېرىلەتتى. روس ۋە ئىنگلىز پۇقرالىرى يەرلىك خەلقنى ئېزىش، ھاقارەت قىلىش ۋە ئۇرۇپ ـ تىللاشتىمۇ ئەركىن ئىدى. خەلقنىڭ داد ـ پەريادىنى ئاڭلايدىغان كىشى يوقتى. ھۆكۈمەتكە باج تۆلەشنى ئېغىر كۆرگەن، قانۇنغا خىلاپلىق قىلىپ، جازادىن قۇتۇلۇشنى ئىزدىگەن، زىرائىتى سۇسىز قىلىپ، چارىسىز قالغان ياكى بىر يۇرتدىشىدىن ئىنتىقام ئېلىشنى قەست قىلغان كىشى، دەرھال روس ۋە ئىنگلىز ئاقساقىلىغا بىرئاز پۇل بەرسە، پۇقرالىق گۇۋاھنامىسى ئالالەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ كىشى خالىغان ئىمتىيازغا ئىگە بولاتتى.

روس ۋە ئىنگلىز كونسۇللىرىنىڭ بۇنداق چەكسىز ھوقۇق ۋە ھەقسىز ئىمتىيازلىرى بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ ئاخىرىغىچە داۋام قىلدى. ئۇرۇشتىن كېيىن، روس ئىمپېراتورلۇقى يىقىلدى ۋە شەرقىي تۈركىستاندىكى روس كونسۇلخانىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. روسىيەدە بولشېۋىك ھۆكۈمىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، شەرقىي تۈركىستاندىكى روس گارازدانلىقىغا ئۆتكەنلەر، دوتەي ۋە ئامبانلارغا پارە بېرىپ، قايتا چىن پوقرالىقىغا ئۆتتى. ئۇندىن كېيىن، ھۆكۈمەت، شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىنگلىز كونسۇلخانىسىنىڭ خەلقئارا قانۇندىن تاشقىرى باشقا ئىمتىيازلىرىنى ئاستا ـ ئاستا قالدۇرۇپ، ئۆز پوقرالىرىنىڭ داۋالىرىنىلا بىرتەرەپ قىلىشىغا يول قويدى. ئاقساقاللارنىڭ ھوقۇق دائىرىسى كىچىكلەپ، ئۇلار كونسۇلخانىنىڭ ئادەتتىكى خەۋەرچى خادىملىرى دەرىجىسىگە چۈشۈپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن «ئىككى يېرىم ھۆكۈمەت» نىڭ «ئىككىسى» يىقىلىپ، «يېرىمى» پۈتۈنلەندى.

## قاراسپەچلىكلەر جەمئىيىتى(گېلاۋخوي)

چىندە جۇمھۇرىيەت قۇرۇلغاندىن كېيىن، ھۆكۈمەت شەرقىي تۈركىستاندىكى ئەسكەرلىرىنى زامانىۋى ئۇسۇل بىلەن تەربىيىلەپ، ئىنتىزامغا كىرگۈزۈش ئۈچۈن، بۇخۇسۇستا تەلىم ئالغان «ياڭ» فامىلىلىك بىر ئوفىتسېرنى مەكېپشىلىق ئۇنۋان بىلەن شەرقىي تۈركىستانغا ئەۋەتتى. ياڭ، ئىلىغا كېلىپ بىر يىل ئىچىدە كۈرەدىكى مەركەزدە ئەسكەرلەرنى تەربىيىلەپ، يېڭى نىزامغا كىرگۈزدى ۋە يېڭى قورال ئەكەلدۇرۇپ، ئۇلارنى تولۇق قوراللاندۇردى.كېيىنچە ئۆز ۋەزىپىسىدىن باشقا مەمۇرىي ئىشلارغا ئارىلاشقىلى تۇردى ۋەجاڭجۇڭنى ئىشقا باشلاپ، خېلى تەسىر پەيدا قىلدى. ھەممە يەردە «ياڭ تۇڭلوڭ» نىڭ گەپ ـ سۆزى قىلىنىدىغان بولدى. مۇشۇنداق بىر پەيتتە، شەرقىي تۈركىستانغا يۈەن داخۇ ئىسىملىك يېڭى بىرجاڭجۈڭ كەلدى.گەرچە يۈەن داخۇ جۇمھۇرىيەت ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن كەلگەن كىشى بولسىمۇ، شەرقىي تۈركىستانغا كېلىپلا جۇمھۇرىيەت قانۇنلىرىنى بىر تەرەپكە قايرىپ قويۇپ، چىڭ ئىمپېراتورلۇقى دەۋرىدىكى شەكىلدە ھۆكۈمرانلىق قىلغىلى باشلىدى.كونىلىق تەرەپتارلىرىنى يىنىغا توپلاپ، ئۇلارنى ئەسكىرىي ۋە مەمۇرىي ئورۇنلاردا ئىشقا قويدى. ئاغزىدا مەركەزگە تەۋە دىسىمۇ،

ئەمەلىيەتتە مۇستەقىل بولۇۋېلىپ، ھەرقانداق يېڭىلىققا قارشى چىققىلى تۇردى. شۇنىڭ بىلەن ياڭ تۈڭلۈڭ ۋە يۈەن داخۇ ئارىسىدا دۈشمەنلىك پەيدا بولدى. ياڭ تۈڭلۈڭ بىر كېچىدە جاڭجۈڭ يامۇن (ئوردا) غا ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىپ، ئۇ يەردىكى ئەسكەرلەرنى مەغلۇپ قىلدى.جاڭجۈڭ يۈەن داخۇ بىرقىسىم ئەسكەرلىرى بىلەن قۇمۇل ئارقىلىق قاچقانچە چىنگە كەتتى. شەرقىي تۈركىستاندىكى چىن ھۆكۈمىتى ئىچىدىكىلەرنىڭ كۆپچىلىكى كونىلىق تەرەپتارلىرى بولغانلىقى ئۈچۈن، ياڭ تۈڭلۈڭغا قارشى چىقتى. غۇلجا ۋىلايىتىدىن باشقا ۋىلايەتتىكىلەر ئۈرۈمچىدىكى فۇتەي (شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىشغالىيەتچى چىن ئەسكەرلىرىنىڭ باش قوماندانى) بىلەن بىرلىشىپ، ياڭ تۈڭلۈڭغا قارشى ئۇرۇش باشلىدى. ئۈرۈمچى بىلەن ئىلى ئوتتۇرىسىدىكى جىڭ دېگەن يەردە ئالتە ئاي ئۇرۇش بولدى. نەتىجىدە، ياڭ تۈڭلۈڭ مەغلۇپ بولۇپ بىرقىسىم ئەسكەر بىلەن مۇزات ئارقىلىق قەشقەرگە قاچتى. بۇ ئارىدا ياڭ تۈڭلۈڭ، كونىلىق تەرەپتارلىرىغا قارشى تەشۋىقات ئېلىپ بېرىپ، شەرقىي تۈركىستاندىكى چىنلىقلاردىن ئۆزىگە خېلى كۆپ تەرەپتار پەيدا قىلغاندى. بۇلار بىلەن بەزى شەھەرلەردە مەخپىي ۋە بەزى شەھەرلەردە ئاشكارە ھالدا تەشكىلات قۇرۇپ چىققاندى. بۇ جەمئىيەتكە گېلاۋخۇي (ئىلغار قېرىنداشلار جەمئىيىتى) دەپ نام بېرىلگەن. بۇجەمئىيەتنىڭ ئالامىتى، ئەزا بولغانلار بېشىغا قارا بۆز يۆگۈۋالاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، شەرقىي تۈركىستان خەلقى بۇلارنى « قاراسېپەچىلىكلەر» يەنى، قارا سەللىلىكلەر دەپ ئاتايتتى. قاراسېپەچىلىكلەر بارغانسېرى كۈچلىنىپ، ئالتە شەھەردىكى بەزى شەھەرلەرنى ئىشغال قىلدى ۋە بەزى شەھەرلەردىكى دوتەي ۋە ئامبانلار بىلەن تىركىشىشكە باشلىدى. ئەسلىدە بۇ تەشكىلاتنىڭ مەقسىدى شەرقىي تۈركىستاندا جۇمھۇرىيەت قانۇنلىرىنى ھەقىقىي رەۋىشتە يولغا قويۇش ۋە كونىلىق تەرەپتارلىرىنى ھۆكۈمەت بېشىدىن يىراقلاشتۇرۇش ئىدى. لېكىن، ئالتە شەھەردىكى قاراسېپەچىلىكلەر بۇ تەشكىلاتنى يامان غەرەزلىرى ئۈچۈن قوللاندى. جەمئىيەتتىكى ئوغرى - قىمارۋاز لارنى يېنىغا يىغىۋېلىپ، ھۆكۈمەت بىلەن ئالاقىسى يوق، بىتەرەپ بايلارنىڭمۇ مال - مۈلكىنى بولاپ - تالاپ، يۇرتنىڭ ئامانلىقىنى بۇزدى. دائىم قورال كۆتۈرۈپ يۈرۈپ خەلقنى قورقۇتتى. شۇنىڭ بىلەن خەلق بۇ تەشكىلاتقا يېقىن كەلمەي بۇنىڭغا بۇلاڭچىلار تەشكىلاتى دەپ، نەپرەت كۆزى بىلەن قارىغاندى. ھىجرى 1333- (مىلادى 1914-) يىلى، يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك، گېلاۋخۇينىڭ باشلىقى ياڭ تۈڭلۈڭ مەغلۇپ بولدى ۋە ئىلىدىن قېچىپ قەشقەرگە كەلدى. ئۇ قەشقەرنى مەركەز قىلىپ، تەرەپتار توپلاپ، ھەرىكەت ئېلىپ بېرىشقا تىرىشقان بولسىمۇ، ئۈرۈمچىدىن ئۇنى قوغلاپ كەلگەن ئەسكەرلەرگە تاقابىل تۇرالماي، پەرغانىغا قېچىپ كەتتى. ئۈرۈمچىدىن كەلگەن ئەسكەرلەر شەھەردىكى قاراسېپەچىلىكلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆلتۈرۈپ تۈگەتتى. شۇنىڭ بىلەن شەرقىي تۈركىستان يەنە، كونىلىق تەرەپتارى بولغان چىنلىق مۇستەبىتلەرنىڭ قولىدا قالدى.

## شەرقىي تۈركىستاندا مىللىي ئويغىنىش

ئوتتۇرا ئەسىردە ئىسلام دۇنياسىغا يېيىلغان غەپلەت، شەرقىي تۈركىستاندىمۇ ھىجرىيىنىڭ 1321ـ (مىلادى 1903ـ) يىللىرىغىچە خېلى ئېغىر ھالدا داۋام قىلماقتا ئىدى. مەكتەپ ۋە مەدرىسىلەردە تەلىم ـ تەربىيە كونا ئەنئەنە بويىچە ئېلىپ بېرىلاتتى. زاماننىڭ تەقەززاسى بىلەن ۋۇجۇدقا كېلىشى لازىم بولغان ئىسلاھاتلاردىن ئەسەرمۇ يوقتى. ئۆلىمالار ۋە باشقا سىنىپتىكىلەر كونا ئەنئەنىنى، مۇقەددەس ۋە ئۆزگەرتكىلى بولمايدىغان بىرمەزھەپ دەپ قاراپ كەلگەنىدى. ئىسلامنىڭ باشلانغۇچىدىن تارتىپ زامانىمىزغىچە، تەلىم ـ تەربىيە ئۇسۇلىدا مىڭلارچە ئىسلاھات ۋە ئۆزگۆرۈشلەر يۈز بەرگەن تارىخ ۋە سەۋەپلەرنى ئەسلەيدىغانلار بەك ئاز ئىدى. دۇنيادا باشقا مۇسۇلمان ۋە غەيرى مۇسۇلمان مىللەتلەرنىڭ ئىلىمدە، سەنئەتتە ۋە باشقا ساھەلەردە ئىنتايىن زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەنلىكىنى شەرقىي تۈركىستان خەلقى ھەيرانلىق بىلەن ئاڭلىماقتا ئىدى. بەزى كاج ئادەملەر، شەرقىي تۈركىستاندا بۇخىل تەرەققىياتنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس دەپ قارايتتى. ئەمەلىيەتتىمۇ، ھەر قانداق بىركونىلىقنى مۇقەددەس دەپ بىلىپ، ئۇنىڭدىن ئايرىلىشنى ئىماندىن ئايرىلىش دەپ قارايدىغان، ھەرقانداق بىر يېڭىلىقتىن نەپرەتلىنىپ، ئۇنى ئىسلامغا خىلاپ ۋە ئىنسانىيەتكە زىيانلىق دەپ قارايدىغان. ئىلىمسىزلىكنى، چارىسىزلىكنى، ھۇرۇنلۇق ۋە زىللەتنى كامال دەپ تونۇيدىغان بىرمىللەتنىڭ تەرەققى قىلىشى ۋە سائادەتكە ئېرىششى مۇمكىن ئەمەس. ئەمما، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ھەممىسىنى مۇنداق دەپ قاراشقا بولمايدۇ. ئۆلىمالار ۋە باشقا تەبىقىدىكىلەر ئىچىدە ئالىجاناپ، ئۇستۇن قابىلىيەتلىك مۇنەۋۋەركىشىلەرمۇ ئاز ـ تولا بار ئىدى. بۇلار شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ دۇنيا مىللەتلىرىدىن ھەر ئىشتا ئارقىدا قېلىۋاتقانلىقىنى ۋە بۇمىللەتنىڭ كۈندىن كۈنگە بەختسىزلىككە قاراپ كېتىپ بېرىۋاتقانلىقىدىن ئېچىنماقتا ۋە دەرتلىرىنى يۇشۇرماي، بۇ خەتەرلىك ۋەزىيەتتىن قۇرتۇلۇشنىڭ يولىنى ئىزدىمەكتە ئىدى.

ئاخىرى بۇ مۇنەۋۋەرلىرىمىزدىن قەشقەرلىك شېھىد ئابدۇلقادىر داموللام، ھىجرى 1325ـ (مىلادى 1907ـ) يىلى ئەتراپىدا تۈركىيە، مىسىر ۋە شام قاتارلىق مەملىكەتلەردە بىرتەتقىقات ساياھىتى ئېلىپ بېرىپ، زامانىۋىي مائارىپ ئىسلاھاتىنى ئۆزكۆزى بىلەن كۆرگەن. ئىسلاھاتنىڭ ئۇسۇللىرىنى ياخشى ئۆگىنىپ كېلىپ، قەشقەردە باشلانغۇچ مەكتەپلەر ئۇچۇن، تۈرك (ئۇيغۇر) تىلىدا كىتاپ ھازىرلىغان. ئۇنىڭدىن كېيىن، يۇرتتىكى چەت ئەللىنى كۆرۈپ كەلگەن ۋە يېڭىچە ماائارىپقا كۆڭۈل بەرگەن سودىگەرلەرگە تەشۋىق قىلىپ، ئۇلارنىڭ ياردىمى بىلەن كىتاپ باستۇرۇپ، قەشقەر شەھەر ئىچىدە «مەتلەئىل ھىدايەت» دېگەن ئىسىم بىلەن بىر مەكتەپ ئاچقان. بۇ مەكتەپنىڭ باشقۇرۇشنى ئابدۇلقادىر داموللام ئۆز ئۈستىگە ئالغان. شۇنىڭدىن كېيىن، ئاتۇش، خوتەن، كۇچا ۋە تۇرپاندا ئارقا ـ ئارقىدىن

بىردىن زامانىۋىي دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپى ئېچىلدى. بۇ مەكتەپلەرنىڭ بەزىسىدە تۈركىيەدىن تەكلىپ قىلىنغان ئەھمەد كامال(ئىلقۇل) بەگ ۋە ئىسمائىل ھەققى بەگ قاتارلىق مۇئەللىملەر دەرس بەرگەن. بۇ مەكتەپلەرنىڭ ئېچىلىشىنى خەلق قوللاپ ـ قۇۋۋەتلەپ، بالىلىرىنى ئىنتايىن قىزغىنلىق بىلەن بۇ مەكتەپلەرگە بەردى. خەلق ئىچىدىن بۇخىل زامانىۋىي مەكتەپلەرنىڭ ئېچىلىشىغا ھېچبىر قارشىلىق چىقمىدى. ئەڭ مۇتەئەسسىپ ئەنئەنىچىلەرمۇ دەسلەپتە، بۇنىڭغا رازى بولۇشتى. مانا شۇنىڭ بىلەن شەرقىي تۈركىستان بالىلىرى توغرا يولدا تەربىيىلىنىشكە باشلىدى. بۇ يېڭى تەربىيە ئۇسۇلىدىن مەكتەب بالىلىرى پايدىلىنىپلا قالماستىن، بەزى ئىلغار ئىدىيەدىكى چوڭلارمۇ پايدىلانغان. ئۇلار، تۈركىيەدىن كەلگەن مۇئەللىملەر بىلەن يېقىن مۇناسىۋەت باغلاپ، ۋەتەن ۋە مىللەتكە پايدىلىق ئىشلاردىن مەلۇمات ئېلىپ بىلىم دائىرىسىنى كېڭەيتكەن. بۇ مەكتەپلەرنىڭ تۈرتكىسى بىلەن كەمتۈك بولمىسىمۇ، كىشىلەرنىڭ مېڭىسىدە بىر ئويغىنىش ۋە يېڭىچە پىكىرقىلىش ھەرىكىتى تۇغۇلدى. ھەر يەردە ئىلمىي ۋە ئىجتىمائىي ئۇسۇللار توغرىسىدا بەس ـ مۇنازىرە قىلىنىدىغان بولدى. چىن ھۆكۈمىتىنىڭ، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى ساۋادەتتىن مەھرۇم قىلىۋاتقانلىقىغا قارشى سادالار يۈكسەلگىلى باشلىدى. يۇرتتىكى نوپۇزلۇق كىشىلەرنىڭ ۋە ھوقۇقدارلارنىڭ، خەلقنى ئىسلاھاتتىن يىراقلاشتۇرۇشقا تىرىشىۋاتقانلىقىغا نارازىلىقلار پەيدا بولۇشقا باشلىدى. ئىسلاھات تەرەپتارلىرى مەكتەپلەرنى كۆپەيتىش ۋە نەشرىيات ئىشلىرىنى يولغا قويۇش ئۈچۈن غەيرەت بىلەن ئىشلەپ، قەشقەر ۋە غولجا شەھىرىدە بىردىن مەتبە قۇرۇپ چىقتى. بۇنىڭ بىلەن مىللىي جەمئىيەتلەر قۇرۇش ئۈچۈن تەشۋىقات ھەرىكىتىمۇ باشلىدى. بۇ ئىسلاھات ھەرىكىتىنىڭ بەزى ۋەقەلىرىنى ئەھمەد كامال ئىلقۇل «چىن ۋە تۈركىستان يوللىرىدىكى ئۇنۇتۇلماس خاتىرە» دېگەن ئەسىرىدە تەپسىلىي يازىدۇ[109]. شۇنىڭ بىلەن شەرقىي تۈركىستاندىكى بۇ يېڭىلىق ھەرىكەتلىرى جۇمھۇرىيەتنىڭ ئۈچىنچى يىلىغا قەدەر چىن ھۆكۈمىتىنىڭ ھېچقانداق توسالغۇسىغا ئۇچرىماي داۋام قىلدى. چۈنكى، ئۇ چاغلاردا ھۆكۈمەت گېلاۋخۇيغا (قاراسىپەچىلىكلەرگە) قارشى كۆرەش بىلەن مەشغۇل ئىدى. لېكىن، چىنلىقلار بۇ مىللىي ھەرىكەتكە يامان كۆزى بىلەن قاراپ، بۇنى ئۆزلىرى ئۈچۈن خەۋپلىك دەپ گۇمان قىلاتتى. يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتۈلگىنىدەك قاراسىپەچىلىكلەر قوزغىلىڭى بېسىقتۇرۇلۇپ، كونىلىق تەرەپتارى چىنلىقلار ھوقۇقنى قولىغا ئالغاندى. بۇ چىنلىقلار شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ مىللىي ھەرىكىتىنى باشلانغۇچ ھالىتىدە يوقىتىشنى پىلانلىدى. يۇرت ئىچىدىكى بەزى ئۆلىما ۋە سودىگەرلەر، يېڭى پىكىر ۋە ئويغىنىشنىڭ مەيدانغا كېلىشىدىن قورقۇپ، كونا ئەنئەنىنى ياقلاپ، ھۆكۈمەتنىڭ بۇ پىلانىدىن بەك خۇش بولۇپ

109 ئەھمەد كامال ئىلقۇلنىڭ بۇ ئەسەرىنى، دوكتۇر يۈسۈپ گىدىكلى ئوسمانلى تۈركچىسىدىكى قولىيازمىسىغا ئاساسەن رەتلەپ، 1997 ـ يىلى ئىستانبۇلدا نەشرقىلدى (ن. ش. ھ.)
("Tűrkistan ve Çin Yollarında Unutulmayan Hatıralar"1997İstanbul. Ötűken Neşriyat A.Ş )

كېتىشتى ۋە ھۆكۈمەتنىڭ بۇ ھەرىكەتنى ھىمايە قىلىدىغانلىقلىرىنى بىلدۈرۈشتى. ئىككىلىنىپ تۇرۇۋاتقان چىن ھۆكۈمىتى بۇنىڭدىن جاسارەتلىنىپ، ھىجرى 1333- (مىلادى 1914-) يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدا، يېڭى مەكتەپلەرنىڭ ھەممىسىنى يوقاتتى، تۈركىيىدىن كەلگەن مۇئەللىملەرنى ھەيدەپ چىقاردى. ئۇ مەكتەبلەردە تەربىيىلىنىۋاتقان پاكىزە روھلۇق بالىلارنىڭ تولىسىنى زورلۇق بىلەن چىنچە مەكتەبلەرگە كىرگۈزۈپ، ئۇلارنى روھىي جەھەتتىن ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراتتى. يېڭى ئىسلاھات ھەرىكىتىگە قاتناشقان ياكى ھىمايە قىلغان كىشىلەرنى قاماققا ئالدى ۋە ھەرخىل جازاغا تارتتى. مەتبەلەرنىڭ بەزىلىرىنى چېقىپ، بۇزۇۋەتتى بەزىلىرىنى مۇسادىرە قىلدى. شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ بۇ يېڭى قەدەم تاشلىغان ئويغىنىشى ۋە ئىسلاھات ھەرىكىتى چىن ھۆكۈمىتىنىڭ ياۋۇزلارچە زىيانكەشلىك قىلىشى بىلەن توختىتىلدى ۋەكۆزگە كۆرۈنۈپ تۇرغان بىرساائادەت يولىدىن مەھرۇم قىلىندى. لېكىن، « ئويغانغاننى زورلاپ ئۇخلاتقىلى بولماس» دېگەن سۆز بار .گەرچە، چىنلىقلار زامانىۋىي مەكتەبلىرىمىزنى ۋە مەتبەلىرىمىزنى يوقىتىپ، ئاغزىمىزنى ئېتىپ قويۇش ئۇچۇن قوللىرىدىن كەلگەن پۈتۈن زورلۇقلارنى ئىشلەتكەن بولسىمۇ، ئويغىنىش ھېسسىياتىمىزنى ۋە تەپەككۇرىمىزنى ھېچ يوقىتالمىدى. مانا، شۇنىڭ بىلەن شەرقىي تۈركىستاننىڭ چىن ئاسارىتىدىن قۇتۇلماي تۇرۇپ، ساائادەتكە ئېرىشەلمەيدىغانلىقىغا ئىمان كەلتۈردۇق! نەتىجىدە، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ يۈرىكىدە چىنگە يۇشۇرۇن، ئەمما، كۈچلۈك بىردۇشمەنلىك ھېسسى ۋە نەپرەت ئۇرۇنلاشتى. ئەپسۇسكى، چىن ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ مۇستەبىتلىكى ۋە زالىملىقى تۈپەيلىدىن شەرقىي تۈركىستان خەلقى داۋاملىق ئارقىدا قالماقتا.

ئىنساپ ۋە ئادالەت بىلەن ئويلاپ قارايدىغان بولساق، شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئارقىدا قېلىشىنىڭ سەۋەبىنى يالغۇز چىننىڭ ئىستىبداتى ۋە زۇلمىدىن دەپ باھا بەرگىلىمۇ بولمايدۇ. چۈنكى، چىن شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ 3000 يىللىق دۈشمىنى. شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھالاكىتىگە ئۇنىڭ ھېچ پەرۋاقىلماسلىقى تەبىئىي، ئەلۋەتتە. شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى يوقىتىش ئۇچۇن، چىن ھۆكۈمىتىنىڭ ئېلىپ بارغان قىلمىشلىرىنى يۇقىرىدا تەكرارلاپ ئۆتتۇق. چىن، بۇ قىلمىشلىرىنى ھازىرمۇ بۇرۇنقىدەكلا داۋاملاشتۇرۇۋاتىدۇ،كەلگۈسىدىمۇ داۋاملاشتۇرۇدۇ. بۇنىڭغا بىرئاز ئەقلى بار كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئىشىنىدۇ. مۇمكىن بولمايدىغان بىرنەشنى «مۇمكىن» دەپ پەرەز قىلىپ، «چىن ھۆكۈمىتى بىزنىڭ دوستىمىز» دېسەكمۇ بۇ ئېغىزدىكى گەپ، خالاس. چۈنكى، چىن ئۆزى دۇنيادا ئارقىدا قالغان بىرمىللەت . ئۇنىڭ تەرەققىيات ۋە ئىسلاھاتقا ئېھتىياجى بار. لېكىن، بۇنىڭغا كۈچ - قۇدرىتى يەتمەيدۇ. مۇشۇ ھالەتتىكى چىن، شەرقىي تۈركىستانغا قانداق ياخشىلىق قىلالىسۇن؟ بەلكى، شەرقىي تۈركىستاننىڭ بۇكۈنلەرگە قېلىشىدىكى ئاساسلىق مەسئۇلىيەت شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە ئائىتتۇر. چۈنكى، بىر مىللەتنىڭ تەرەققى قىلىشى ۋە بەخت - ساائادەتكە ئېرىشىشى، ئۇ مىللەتنىڭ تەبىئىي

ئېھتىياجى بولۇپ، بۇنىڭغا ئېرىشىش ئۈچۈن، مىللەتنىڭ ئۆزى زور تىرىشچانلىق ۋە پىداكارلىق كۆرسىتىشى لازىم. بۇ تەبىئىي ئېھتىياج ۋە ھاياتنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدىكى بارلىق قىينچىلىقلارنى يېڭىش ئۈچۈن، ھەردائىم تەييار تۇرۇش كېرەك. ھەرقانداق بالا ـ مۇسىبەت ئالدىدا بىرلىك ـ بەراۋەرلىك ۋە ھەمكارلىق كۆرسىتىپ، قىينچىلىقلارنى يېڭىش، مىللەتنىڭ بويىنىدىكى مۇقەددەس بىر پەرزدۇر.

## مۇھاكىمە

شەرقىي تۈركىستان خەلقى، بۇ مۇقەددەس ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن غەيرەت قىلدىمۇ؟ ئەپسۇسكى، ياق! گەرچە، ئاز ساندىكى كىشىلەر ئۆزىنىڭ تۇرمۇشىنى ۋە پاراۋانلىقىنى دەپ بولسىمۇ بىرقىسىم باشلانغۇچ خاراكتېردىكى بەزى كۈرەشلەرنى قىلىپ باققان بولسىمۇ، ئازراق بىر توسقۇنلۇققا دۇچ كەلگەندە كۈرەشنى تاشلاپ قويۇپ، كۆكۈلدە ئېچىنىپ ئازاپلانسىمۇ باشقا ئەمەلىي ھەرىكەتتە بولمىدى!

شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ بۇ بىپەرۋاسىزلىكىنىڭ سەۋەبى: شەرقىي تۈركىستان خەلقى ئۇزۇندىن بېرى چىن ئىشغالىيەتچىلىرى قولىدا سىياسى جەھەتتىن ئەسىرلىكتە قالدى. ئۇندىن باشقا ئۆز ئىچىدىمۇ پىكىر ۋە ۋىجدان ئەسىرلىكىدە ياشىدى. مۇشۇنداق بىرقاتار تارىخىي سەۋەپلەر تۈپەيلىدىن ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە مىللەتپەرۋەرلىك ھەتتا، ھەقىقىي مۇسۇلمانلىق خۇسۇسىيەتلىرىدىن ئايرىلىپ قالغان بىر مىللەت ھالىغا كېلىپ قالغانىدى. قەدىمكى ئاتا ـ بوۋىلىرىدىن قالغان تۈركلۈك ئەنئەنىسى يوقىلىپ، ئۇلۇغ ئىسلام دىنىنىڭ تەلىماتى بولغان ۋەتەن، مىللەت ۋە ئىسلام ئۈچۈن، جېنىنى مېلىنى پىدا قىلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، مىللەتنىڭ قۇرقۇنچاق ۋە ئاجىز نۇپۇزلۇق رەھبەرلىرى خەلقنى كۈرەش قىلىشتىن مەنئى قىلماقتا ئىدى. شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر ھېچبىر پىداكارلىق كۆرسەتمەي، مېھنەتسىز، جاپاسىز، مۇت قولغا كېلىدىغان دۇنيا ۋە ئاخىرەت سائادەتنى كۈتۈپ يېتىشقا ئادەتلىنىپ كەتتى. دېمەك، شەرقىي تۈركىستان خەلقى بۇ قاراڭغۇ زۇلمەت ئىچىدە بېشىغا كەلگەن ھەر پالاكەتكە «قازاغا رىزا، بالاغا سەبرى» دەپ، بۇيۇن ئىگىشتەك ئاجىزچۇشەنچە بىلەن ياشىدى. ئەجەبا، بۇنداق بىرمىللەت ئىچىدىن چىققان تەجرىبىسىز ۋە ياردەمچىسىز ئاز ساندىكى ۋەتەنپەرۋەر مۇنەۋۋەرلەرنىڭ، مىللەتنىڭ بەخت ـ سائادىتىنى قولغا كەلتۈرەلىگىدەك بىر پائالىيەت كۆرسىتەلىشى مۇمكىن مىدى؟ تېخى بىر تەرتىپ ـ ئىنتىزامغا كىرمىگەن، باشلانغۇچ ھالەتتىكى ئويغۇنۇش ھەرىكىتى مىللەتنى قۇتقۇزۇشتا يېتەرلىك مىدى؟ ئازغىنە بېسىم ۋە زۇلۇمنى كۆرۈپ، پۈتۈن ئەمەلىي پائالىيەتلىرىنى تاشلاپ، دۈشمەنگە بوي ئەگكەنلەرنىڭ ئاجىز ئوزرىخالىقلىرى ئەقىل ئالدىدا ماقۇل كۆرۈلەتتىمۇ؟!

مىنىڭ بىلىشىمچە، شەرقىي تۈركىستاندا ئۆزىنى ۋەتەنپەرۋەر ۋە مىللەتپەرۋەر دەپ ئاتىۋالغان

بىرقىسىم ئىلغار زاتلارنىڭ، ھەممىدە تولاراقىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىكى يالغۇز ئاغزىنىڭ ئۇچىدىلا دەپ قويغان قۇرۇق شۇئار، خالاس. دېمەك، شەرقىي تۈركىستاندا ھەقىقىي ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىغا ئىگە زاتلار بارماق بىلەن سانىغۇدەك ئاز ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇلارنىڭ خەلق ئىچىدە مىللىي ياكى دىنىي جەھەتتە ئانچە تەسىرى ۋە يۈلىمۇ يوقتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇلار مەقسەتلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا ئاجىز قالدى. ئەكسىچە، بۇلارغا قارشى بولغان سەپتە، ھۆكۈمەت قولالايدىغان ۋە دىنىي نۇيۇزى كۈچلۈك، ئىقتىسادىي كۈچى خېلى كۈچلۈك قالاق ئۇنسۇرلار بار ئىدى. 1600000 كۋادرات كىلومېتىرلىق كەڭرى زېمىنغا ۋە 15000000 دىن ئۇشۇق نوپۇسقا ئىگە بىرمەملىكەت خەلقىنىڭ ھايات ـ ماماتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بىرھەرىكەتنى ئازساندىكى زاتلارنىڭ ئۈستىگە ئېلىپ خەلقنى يېتەكلەپ، ھۆكۈمەت ۋە مىللەت ئىچىدىكى نۇيۇزلۇقلاردىن ئىبارەت دۈشمەن كۈچلىرى بىلەن كۆرەش قىلىپ، غەلىبە قىلىشى مۇمكىن ئەمەستى. ئەمما، شەرقىي تۈركىستاندىكى« مەن ۋەتەنپەرۋەر» دېگەن زاتلار ھەقىقىي ۋەتەنپەرۋەرلىك مەيدانىدا تۇرۇپ، پىكىر ۋە كۈچ جەھەتتە ئىتتىپاقلىشىپ، خالىس نىيەت ۋە پىداكارلىق روھى بىلەن بۇ يولدا ئاخىرغىچە كۆرەش قىلىدىغانلا بولسا ـ قارشىدىكى دۈشمەنلەرنى يېڭىشى مۇمكىن ئىدى. ئەگەر، مىسىر، سۈرىيە ۋە پەلەستىن ۋەتەنپەرۋەرلىرىدىكى مىللىي كۆرەش روھى، تېرىشچانلىق ۋە بىرلىكنىڭ ئوندىن بىرى شەرقىي تۈركىستان خەلقىدە بولسا ئىدى، يوقىرىدا ئېيتقان مىللىي ئويغۇنۇش كۈنلىرىدە شەرقىي تۈركىستان بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشكەن بولاتتى! چۈنكى، ئۇچاغدا ئۆزىنى ئىدارە قىلالماي ئاجىزلىشىپ قالغان چىن، شەرقىي تۈركىستاندىكى بىرھەقىقىي بىر مىللىي كۆرەش ۋە بىرلىككە تەڭ كېلەلمەيتتى. لېكىن، يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك، شەرقىي تۈركىستان خەلقى بۇ ھالقىلىق پەيتتە ناھايىتى ئېغىر ئىتتىپاقسىزلىق ئىچىدە قالغانىدى. يۇرت كاتتىلىرى ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىرىمىز دۈشمەنىنىڭ زورلۇق ۋە تەھدىدى ئالدىدا، غەپلەت ئۇيقۇسىغا چۆمۈپ بىخۇتلىشىپ كەتكەنىدى. ۋاھالەنكى، بۇ زورلۇق ۋە تەھدىتلەر، ئەنگلىيە ۋە فرانسىيىنىڭ پەلەستىن خەلقىگە قىلغان زورلۇق ۋە تەھدىتلىرىنىڭ مىليوندىن بىرىگىمۇ تەڭ كەلمەيدۇ. شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ بېشىغا كەلگەن ھازىرقى پالاكەت ۋە مۇسىبەتنىڭ يېگانە سەۋەبى مىللەتنىڭ ئىتىپاقسىزلىقى. غەيرەتسىزلىكى ۋە غاپىللىقىدۇر.

ئەي ئەزىز مىللەت! ئۆتمۈشلەردىن ئىبرەت ئېلىڭلار ۋە باشقا مىللەتلەرنىڭ غەيرەت ۋە پىداكارلىقىغا قاراڭلار. ئۇ ئاجىزلىق، ئۈمىدسىزلىق، غاپىللىق، ئىتتىپاقسىزلىق ۋە غەيرەتسىزلىق ئەيىپلىرىڭلارنى تاشلاڭلار! سىلەرمۇ باشقىلارغا ئوخشاشلا ئىنسان ئەمەسمۇ؟ ئىنساندەك ياشاشقا تېرىشىڭلار!

## شەرقىي تۈركىستاندا چىن جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتىنىڭ نۇپۇزىنىڭ يوقىلىشى

قارا سىپەچىلىكلەر قوزغىلىڭى بېسىقتۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۈرۈمچى ۋە ئىلىدىكى چىڭ سۇلالىسى ئەمەلدارلىرى «جاڭجۇڭلۇق» تالىشىپ، بىر-بىرلىرى بىلەن ئۇرۇشقىلى باشلىدى. بىرقانچە داۋام ئاي قىلغان تىركىشىشلەردىن كېيىن، ياڭزېڭشىن ئىسىملىك بىر ئەسكىرىي ئەمەلدار تۇڭگانلارنىڭ ياردىمى بىلەن غەلىبە قىلدى ۋە ئۆزىنى جاڭجۈڭ ئېلان قىلدى. ياڭزېڭشىننىڭ تەرەپتارلىرىنىڭ كۆپچىلىكى ئۈرۈمچىدە بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ ئۈرۈمچىنى پايتەخت قىلدى.

ئۇ كۈنلەردە چىندە كۆپ ئىسيان چىقىپ، چىن ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا قارىغىدەك ھالى قالمىغانىدى. ياڭزېڭشىن بۇ ۋەزىيەتتىن پايدىلىنىپ، چىن مەركىزى ھۆكۈمىتىدىن جاڭجۇڭلۇقىنى تەستىقلاشنى تەلەپ قىلدى ۋە بۇ شەرت بىلەن شەرقىي تۈركىستاننى چىن جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتى نامىدا ئىدارە قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. چىن ھۆكۈمىتى ئۆزىنىڭ ئابرويىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، ياڭزېڭشىننىڭ جاڭجۇڭلۇقىنى شەرتسىز تەستىقلىدى. ئىلىدىكى چىنلىقلار ياڭزېڭشىنغا قارشى بىرقانچە قېتىم توپىلاڭ چىقاردى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ياڭزېڭشىن ئۆزىنىڭ ئەڭ يېقىن ئادەملىرىدىن بىر چىنلىقنى ھەربىي باشلىق تەيىنلەپ، ئەسكەرلەرنىڭ كۆپ قىسمىنى ئىلىنىڭ مەركىزى بولغان كۈرەدە تۇرغۇزدى.

بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە، (مىلادى 1914- 1918- يىللىرى) چىننىڭ ئۇرۇشقا قاتنىششى ۋە گومىنداڭ پارتىيەسى بىلەن جۇمھۇرىيەتچى پارتىيەسى ئوتتۇرىسىدا قانلىق كۈرەش باشلىنىشى نەتىجىسىدە چىن ھۆكۈمىتى تېخىمۇ ئاجىزلاشتى. ياڭزېڭشىن بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، چىن ھۆكۈمىتىنىڭ ھېچبىر بۇيرۇقىغا بويسۇنماي شەرقىي تۈركىستاننى پۈتۈنلەي ئىمپېراتورلۇق دەۋرىدىكى مۇستەبىتلىك تۈزۈمى بىلەن ئىدارە قىلغىلى باشلىدى. كېيىنچە، ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسى بىلەن ئىدارىي باشقۇرۇش شەكلىدە بەزى ئۆزگىرىشلەرنى قىلغان بولسىمۇ بۇلاركۆز بوياشتىن باشقا بىر نەرسە ئەمەستى. بۇ ۋەزىيەت ياڭزېڭشىن ئۆلتۈرۈلگىچە داۋام قىلدى. ياڭزېڭشىن ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئۇرنىغا ئۇنىڭدىن يامانراق مۇستەبىت ۋە ئۇچىچىغا چىققان خائىن، جىن شۇرېن ھۆكۈمدار بولدى. بۇ ۋەزىيەت 1931 - يىلدىكى ئومۇمىي ئىنقىلابقىچە داۋام قىلدى.

## ياڭزېڭشىننىڭ سىياستى

ياڭزېڭشىن، ئىمپېراتورلۇق دەۋرىدە چىن ۋە شەرقىي تۈركىستاندا ھاكىم ۋە ۋالىيلىق مەنسەپلەردە بولغان ناھايىتى مۇستەبىت ۋە ئاچكۆز بىرئادەم ئىدى. ئۇ شەرقىي تۈركىستاندا زالىملىق بىلەن ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزۈپ، يۇرتىنىڭ ئىقتىسادىنى بولاپ - تالاپ، مىلادى 1911- يىلدىن 1928 - يىلغىچە

ھاكىمىيەت بېشىدا تۇردى. تۆۋەندە ئۇنىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى ئىدارە قىلىش شەكلى ۋە مەركەز بىلەن بولغان سىياسىي مۇناسىۋەتلىرىنى بايان قىلىپ ئۆتىمەن.

ياڭزېڭشىن، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ دۇنيادىكى باشقا مۇسۇلمان ۋە غەيرى مۇسۇلمان مەدەنىي مىللەتلەر بىلەن سىياسىي ياكى ئىجتىمائىي ئالاقىسىنىڭ يوقلىقىنى ۋە يېڭى پىكىردىكى كىشىلەرنىڭمۇ بەك ئازلىقىنى بىلىپ، بۇمىللەتكە يالغۇز دىنىي ۋە تىجارەت ئىشلىرىدا ئەركىنلىك بېرىپ، بەزى جەھەتلەردە بىرئاز يول قويىسلارازى بولىدىغانلىقىنى، بۇنىڭ بىلەن پەردە ئارقىسىدا خەلقنى ئۆزى خالىغىنىچە ئىدارە قىلىپ كېتەلىشىنىڭ مۇمكىن ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغانىدى.

شۇنىڭ ئۈچۈن، ياڭزېڭشىن دەسلەپتە، خەلقنى پۈتۈن دىنىي ئىشلىرىدا ئەركىن قويىۋېتكەن. يەنى، پۈتۈن دىنىي مەكتەپلەر، مەدرىسىلەر، مەسجىد خانىقالار ۋە ۋەخپىلەرنىڭ ئىشلىرىغا ھېچ ئارىلاشماسلىق، كونا ئۇسۇلدىكى ئوقۇتۇش تۈزۈمىنى ئۆزگەرتىش بىلەنمۇ كارى بولماسلىق ۋە بۇلارنىڭ ھەممىسىنى خەلقنىڭ ئۆز ئىختىيارىغا قويىۋېتىش سىياسىتىنى يۈرگۈزدى. قازى ۋە مۇپتىلارنى يۇرتنىڭ مۆتىۋەرلىرى دەپ، رەسمەن ئېتىراپ قىلىپ، ئۇلارنى خەلقنىڭ ئەرز - داتلىرىنى شەرىئەت ھۆكمى بويىچە سوراپ بىرتەرەپ قىلىدۇ دەپ، بۇيرۇق چىقاردى. شۇنىڭ بىلەن ئامبان ۋە دوتەي قازىنىڭ چىقارغان ھۆكمىنى بۇزالمايدىغان بولدى. يەنە بىرتەرەپتىن تىجارەتنى ئەركىن قويىۋەتتى. ھەركىم بەلگىلەنگەن باجنى تۆلىسىلا، نەگە بېرىپ، قانداق تىجارەت بىلەن شۇغۇللانسا رۇخسەت قىلىناتتى. ئۇندىن باشقا ياڭزېڭشىن، بەزىدە «يۇرت بولسا مۇسۇلمان تۈركلەرنىڭ يۇرتى، ئازسانلىق چىنلىقلارنىڭ ئىمتىيازلىق ھوقۇقى يوق» دېگەن قۇرۇق شۇئارنىمۇچىقىرىپ قوياتتى. ئەمما، ھۆكۈمەتنىڭ مۇھىم ئورگانلىرىغا تۈركلەرنى ھەرگىز يېقىن يولاتمىغانىدى. پەقەت. مەدەنىي ۋە ئىجتىمائىي ھوقۇقتا يەرلىك ۋە چىنلىقلار بەراۋەر بولۇش سىياسىتىنى قوللانغانىدى. ياڭزېڭشىن، جۇمھۇرىيەت ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن ئەمەلدىن قالغان «ۋاڭ» ۋە «گۇڭ» لۇق مەنسەپلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ئۇنۋان ۋە دەرىجىلىرىنى رەسمەن ئېلان قىلدى. ئۇلارنى بەزى مەمۇرىي ۋە ھەربىي خىزمەتكە تەيىنلەش بىلەن قالغان مۇئاشلىرىنىمۇ بېرىپ، ئۇلارنى ئۆزىگە يېقىنلاشتۇردى. چىنچە مەكتەپتە ئوقۇپ، تىل ۋە يېزىق ئۆگەنگەنلەرنى تۆۋەن دەرىجىدىكى مەمۇرىي كادىر ھېساۋىدا ئازراق مۇئاش بېرىپ ئىشلەتتى.

يۇرتنىڭ نوپۇزلۇق ئاخۇنلىرى، باي ۋە بەگلىرى ياڭزېڭشىننىڭ بۇ سىياسىتىدىن بەك رازى بولۇشتى. چىن ھۆكۈمرانلىرىدىن، بوچاققىچە بۇنداق «كەڭچىلىك» نى كۆرمىگەن بۇ كىشىلەر، ئۇنى سەممىي بىر ئىسلام ھىمايىچىسى ۋە ئىنساپلىق ھۆكۈمدار دەپ قارىدى. ئەمما، بىرقىسىم زىيالىلار ياڭزېڭشىننىڭ بۇ سىياسىتىنىڭ، پەقەت ئۆزىنىڭ كەلگۈسىدىكى مەنپەئىتىنى كۆزلىگەنلىكى، مىللەت ئۈچۈن، ئاقىبەتتە چوڭ بىرخەۋپ ئىكەنلىكىنى سەزگەن ۋە بۇنىڭدىن قۇتۇلۇشنىڭ يولىنى ئىزدەشكە

كىرىشكەنىدى. لېكىن، بۇ زىيالىلار سان جەھەتتە ئاز، ماددىي ۋە مەنىۋىي كۈچى يېتەرسىز بولغانلىقىدىن ئۆز پىكىرلىرىنى خەلققە ئاڭلىتىشتا ئاجىزلىق قىلاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ھۆكۈمەت ۋە يۇرتىنىڭ نۇپۇزلۇق مەنپەئەتپەرەسلىرى داۋاملىق ئۇلارنى كۆزىتىپ تۇرغانلىقتىن، ئۇنداق پىكىرنى ئېغىزدىن چىقىرىش ئۆلۈم بىلەن تەڭ ئىدى. ئاۋام خەلق ئېغىرئالغۇلۇق - سېلىقتىن ۋە ھۆكۈمەت خىزمەتچىلىرى ۋە بەگلەرنىڭ كۆتۈرەلىگۈسىز زۇلۇم ۋە ئېزىشلىرىدىن قاتتىق ئازاپ - ئوقۇبەت ئىچىدە قالغان بولسىمۇ، شىكايەت قىلىش ھەقلىرى يوقتى. دېمەك، ياڭزېڭشىن، شەرقىي تۈركىستاندا خەلقنى ئۆزىگە ئىتائەت قىلدۇرۇش ئۈچۈن، «چىقىشىپ تۇرۇش» تاكتىكىسىنى قوللانغانىدى.

ياڭزېڭشىن، چىن جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتىنىڭ مەنىۋىي ياردىمىنى قولغاكەلتۈرۈش ئۈچۈن، ئېغىزدا بويسۇندى. مەركەزنىڭ بۇيرۇقلىرىدىن ئۆز ھەۋەس ۋە ئارزۇلىرىغا زىت كەلمەيدىغانلىرىنى قوبۇل قىلدى ۋە بەزىدە جۇمھۇرىيەت مۇراسىملىرىنىمۇ ئىجرا قىلىپ تۇردى. چۈنكى، چىن جۇمھۇرىيىتىگە تەۋە بولغانلىقىنى قوبۇل قىلمىسا، ئۇچاغدا رەسمەن مۇستەقىللىق ئېلان قىلىشقا توغرى كېلەتتى ۋە مۇستەقىللىقنى قوغداش ئۈچۈن، ئەسكىرىي كۈچ كېرەك ئىدى. شەرقىي تۈركىستاندىكى چىنلىق ياشلارنىڭ سانى يېتەرلىك بىر ئەسكىرىي كۈچ توپلاشقا يەتمەيتتى. تۈركلەردىن كۆپ ساندا ئەسكەرلىككە ئېلىش خەۋپلىك ئىدى. چۈنكى، تۈركلەرنىڭ قولىغا قورال چىققان ھامان، ئۇلارنىڭ قورالنى ياڭزېڭشىنغا قارشى ئىشلىتىپ، چىن بويۇنتۇرۇقىنى پاچاقلاپ تاشلىشىدا شۈبھىسى يوقتى. ياڭزېڭشىننىڭ مەقسىدى، شەرقىي تۈركىستاننىڭ بايلىقى بىلەن يانچۇقىنى توشقۇزۇشتىن ئىبارەت ئىدى. شۇڭا كۆپ ئەسكەر ئېلىپ، چىقىمنى كۆپەيتىش ئۇنىڭ پىلانلىرىغا ئۇيغۇن كەلمەيتتى.

شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ، ياڭزېڭشىن مەركەزدىن كەلگەن مىڭلارچە بۇيرۇقتىن ئاران شۇ ئۈچ بۇيرۇقنى ئىجرا قىلدى. (1) چىن پارلامېنتىگە ۋەكىل ئەۋەتىش. (2) شەرقىي تۈركىستاندا بىر كېڭەش مەجلىسى ئېچىش.(3) سىمسىز تېلېگراف ئاپاراتى ۋە فابرىكا قۇرۇش. ئەمما، بۇ ئۈچ ئىشنىڭ ھەممىسى يەنە ياڭزېڭشىننىڭ پايدىسىغا خىزمەت قىلىش ماھىيىتىدە بولغانلىقىنى تۆۋەندە كۆرسىتىپ ئۆتىمەن. چىن جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتىمۇ ياڭزېڭشىننىڭ كۆرۈنۈشتە بولسىمۇ شۇنچىلىك ئىتائەت قىلىپ تۇرغانلىقىغا رازى ئىدى. ئەملىيەتتە ياڭزېڭشىننىڭ مۇستەقىل ۋە جۇمھۇرىيەت تۈزۈمىدىن تامامەن ئۇزاقلاشقان دېكتاتور بولۇپ، جۇمھۇرىيەتكە قارشى ئىكەنلىكى ئاشكارا بىلىنىپ تۇرسىمۇ، چىن دۆلىتىنىڭ ئېتىبارىنى ساقلاپ قېلىش يەنى، قانداق بولسا بولسۇن، شەرقىي تۈركىستاننى بىر چىن مۇستەملىكىسى ماھىيىتىدە تۇتۇپ تۇرۇش ئۈچۈن، ياڭزېڭشىننىڭ دېكتاتورلۇقىنى ۋە مەركەزگە بويۇن ئەگمىگەنلىكىنى كۆرمەسلىككە سالماقتا ئىدى. قىسقىسى، ياڭزېڭشىننىڭ ئاچكۆزلۈكىگە ۋە چىن ھۆكۈمىتىنىڭ قۇرۇق ئابرويپەرەست سىياسىتىگە پۈتۈن شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ تەقدىرى قۇربان قىلىنماقتا ئىدى.

## شەرقىي تۈركىستاندا سايلام

چىن جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتى، جۇمھۇرىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويۇش ئۈچۈن، ياگزىنگشىنغا ھەر ۋىلايەتتىن بىردىن ۋەكىل سايلاپ، چىن پارلامېنتىغا ئەۋەتىش ۋە ھەربىر ناھىيەدىن بىردىن ۋەكىل سايلاپ، ئۈرۈمچىگە ئۆلكىلىك كېڭەش مەجلىسگە ئەۋەتىشنى ئۇقتۇرۇپ، بۇيرۇق چۈشۈردى. تۆۋەندە، پارلامېنت ۋە كېڭەش مەجلىسىنىڭ ماھىيىتى توغرىسىدا مۆھتەرەم كىتابخانلارغا بىرئاز مەلۇمات بىرىپ ئۆتىمەن:

شەرقىي تۈركىستاندەك مۇستەملىكە بولغان بىر مەملىكەتتىن چىنىنىڭ مەركىزىدىكى پارلامېنتىغا (گومىنداخۇيىغا) ئەۋەتىلىدىغان يەتتە ۋىلايەت ۋەكىللىرى، پۈتۈن ئۆلكىدىكى سايلاش ۋە سايلىنىش ھوقۇقىغا ئىگە خەلقلەر تەرىپىدىن ئەركىن ھالدا سايلاپ چىقىلىدۇ. بۇنىڭغا جاڭجۇڭ ياكى باشقا ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىنىڭ ئارىلىشىش ھەققى يوق. سايلىنىپ چىققان كىشىنى جاڭجۇڭ، مەركەزگە تونۇشتۇرۇپ، ئەۋەتىدۇ. شەرقىي تۈركىستاننىڭ چىن پارلامېنتىدىكى ۋەكىللىرى پۈتۈن شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئىشلەپ، مىللەتنىڭ تىلەكلىرىنى پارلامېنتقا سۇنىدۇ. شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ مەنپەئەتىگە زىيان كەلتۈرىدىغان ھەرقانداق سىياسەت ۋە پائالىيەتكە قارشى تۇرۇپ، ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرماسلىقنى ياكى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى ھۆكۈمەتتىن تەلەپ قىلىدۇ. ئۆلكىلىك كېڭەش مەجلىسىنىڭ ئەزالىرىنى سايلاشمۇ يوقىرىقىدەك. بۇ مەجلىسنىڭ ۋەزىپىسى: شەرقىي تۈركىستاننىڭ سىياسىي، ئىدارىي، مالىيە ۋە ئىجتىمائىي ئىشلىرى ئۈچۈن قانۇن تۈزۈپ چىقىش ۋەجاڭجۇڭنىڭ بۇ قانۇن بويىچە ئىش قىلغانلىقىنى ياكى خىلاپلىق قىلغانلىقىنى كۆزىتىپ تۇرۇشتىن ئىبارەت.جاڭجۇڭ بۇ قانۇنلارغا خىلاپ ئىش ئىلىپ بارغان بولسا، ئۇنى كېڭەش مەجلىسى تۈزۈپ چىققان قانۇنلارغا رىئايە قىلىشقا مەجبۇرلاش ياكى مەركەزگە شىكايەت قىلىپ، ئۇنى مەنسۇپىدىن ئىلىپ تاشلاش. بۇلارجۇمھۇرىيەت قۇرۇشنىڭ مەقسىدى بولغان دېموكراتىيە( خەلق ئىرادىسى) يولغا قويۇلغان مەملىكەتلەردە مۇستەملىكە قىلىنغان مەملىكەت خەلقىنىڭ ھەق ۋە ھوقۇقلىرىغا ھۆرمەت قىلىش ئۈچۈن تۈزۈپ چىقىلغان قانۇن بولۇپ، پارلامېنت ۋە كېڭەش مەجلىسلىرىنىڭ پايدىسى يۇقىرىقىلاردىن ئىبارەتتۇر.

ئەمما، شەرقىي تۈركىستاندىن چىن پارلامېنتىغا ۋەكىل سايلاپ ئەۋەتىش ۋە ئۈرۈمچىدە كېڭەش مەجلىسىنى چاقىرىشتا، مەيلى چىن مەركىزى ھۆكۈمىتى بولسۇن ياكى ياگزىنگشىن بولسۇن، مەقسەتلىرى، شەرقىي تۈركىستاندا يوقىرىقىدەك خەلقئارادىكى دېموكراتىك پارلامېنت تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقىغا ئىگە قىلىش بولماي، بەلكى، خەلقئارادىكى دۆلەتلەرنىڭ ئالدىدا كۆرنۈشتە بولسىمۇ، شەرقىي تۈركىستاندىكى ھۆكۈمەتنى

جۇمھۇرىيەت تۈزۈمى ئىچىدە چىن جۇمھۇرىيەت ھۆكۈمىتىگە تەۋە دەپ كۆرسىتىشتىن ئىبارەت ئىدى. ياڭزىڭشىن بۇنىڭدا ئۆزىگە زىيانلىق بىرتەرىپىنى كۆرمىدى ۋە مەركەزنىڭ بۇ يولىيۇرۇقىنى ئۆزىگە پايدىلىق شەكىلدە ئىجرا قىلدى.

مانا بۇ، مەسىلىنىڭ ئىچكى يۈزى. مەركىزى ھۆكۈمەت، ياڭزىڭشىنىنىڭ بۇ يولىيورۇقىنى ماقۇللىشنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، ئىجرا قىلىشتىكى پۈتۈن ئىشلارنى ياڭزىڭشىنىڭ ئىختىيارىغا قويىدى. سايلامنى كۆزىتىش ئۈچۈن مەركەزدىن ھەيئەتمۇ ئەۋەتمىدى.

بۇمەسىلىنىڭ ئەھمىيىتىدىن خەۋىرى بولمىغان مىللىتىمىزگە، سايلام قانۇنى، ۋەكىللىكنىڭ شەرتلىرى ۋە ۋەزىپىلىرى بىلدۈرۈلمىدى. خەلقىنىڭ بۇ ھەقتىكى ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىنمىدى. شۇنىڭ بىلەن ياڭزىڭشىن، چىننى ياخشى كۆرۈش بىلەن نامى چىققان، مەنسەپ ۋە مەنپەئەت ئۈچۈن ۋەتەنىنىڭ ۋە پۈتۈن مىللەتنىڭ تەقدىرىنى ساتىدىغان كىشىلەرنى ئۆزى تاللاپ چىقىپ، يۇرتنىڭ بىرقىسىم بايلىرى ۋە بەگلىرگە ئىمزا قويدۇرۇپ، ئۆزى قۇراشتۇرۇپ چىققان بىر تىزىملىكنى ئوتتۇرىغا چىقاردى. بۇتىزىملىكتە ئىسمى بار« ۋەكىل» لەرگە پۈتۈن خىزمەتلىرىدە ئۇنىڭ ئارزۇسى بويىچە ئىش قىلىشنى جاكىلىدى. «مەركەزدە مىنىڭ كۆرسەتمەم بويىچە ئىش قىلساڭلا، قايتىپ كەلگەندە چوڭ مەنسەپ بىرىمەن» دەپ، ئۇلارنى چىنگە يوللىدى. خەلق ئۇلارنى ھىچ تونۇمايتتى، چۈنكى، ئۇلار ئەمەلىيەتتە خەلقىنىڭ ئەمەس ياڭزىڭشىنىڭ ۋەكىللىرى ئىدى ۋە مەركەز دىمۇ ياڭزىڭشىن ئۈچۈن ئىشلىدى. چىن پارلامىنتىغا بارغان بۇ ۋەكىللەردىن ئاقسۇ ۋەكىلى كۇچالىق ئابدۇللابەگ بىلەن 1930- يىلى كۇچادا كۆرۈشۈپ، ۋەكىللەرنىڭ چىن پارلا مىنتىدا قىلغان خىزمەتلىرى توغرىسىدا سۆھبەتلەشكەندىم. تۆۋەندە بۇ سۆھبەتنى ئۇنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلىتىمەن.

ئابدۇللابەگنىڭ ئۇ كۈنلەردە، ئۈرۈمچى ھۆكۈمىتىدىن كۆڭلى سوۋۇپ قالغانىكەن، شۇڭا ماڭا توغرىسىنى سۆزلەپ بەردى. ئۇ مۇنداق دىگەندى: شەرقىي تۈركىستاندىن چىنگە بارغان ۋەكىللەر ئۆز ۋەتىنى ۋە خەلقىغە قىلچىمۇ پايدا يەتكۈزەلمەيدۇ. چۈنكى، ياڭزىڭشىنىڭ بىزگە بەرگەن تەلىماتى، پارلامىنتتا ياڭزىڭشىنىڭ يۇرتنى ئىدارە قىلىش تۈزۈمىنى ماختاپ، « ياڭزىڭشىندىن خەلقىمىز بەكمۇرازى» دەپ، ئۇنىڭ پايدىسى ئۈچۈن تەشۋىق ئىلىپ بىرىش ۋە مەركەز نىڭ شەرقىي تۈركىستان توغرىسىدىكى ھەر قانداق تەشەببۇس ۋە پىلانىنى ۋاختىدا ياڭزىڭشىنغا مەلۇم قىلىپ تۇرۇش ۋە ياڭزىڭشىنىڭ ئارزۇسىغا ئۇيغۇن بولمىغان پىلان ۋە لايىھىنى رەت قىلىشتىن ئىبارەت ئىدى. بىرقىتىم چىن ھۆكۈمىتى پارلامىنتتا شەرقىي تۈركىستانغا تۆمۈر يولى سىلىش لايىھىسىنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى. بۇ پىلانىنى ياڭزىڭشىن ئۆز ھاكىمىيىتىگە خەۋىپلىك دەپ ھىساپلىغانلىقتىن، بىزئۇنى خىلى تەسلىكتە رەت قىلدۇق. يەنە بىرقىتىمدا، شەرقىي تۈركىستاننىڭ مەمۇرىي، ئىقتىسادىي ۋە بەزى ھەربىي ئورۇنلىرىدا تۈركلەرگە ۋەزىپە بىرىش توغرىسىدا بىر قانۇن تەكلىپى بىرىلگەنىدى. بۇنىڭدىن چىن ھۆكۈمىتىنىڭ

مەقسىدى، ياڭزىڭشىن بىلەن شەرقىي تۈركىستان خەلقى ئارىسىدا ماجىرا پەيدا قىلىپ، ئۇنىڭ ئىناۋىتىنى چۈشۈرۈپ، شەرقىي تۈركىستاننى مەركىزى ھۆكۈمەتنىڭ كونتروللى ئاستىغا ئېلىشتىن ئىبارەت ئىدى. پارلامېنتتىكى، بىز شەرقىي تۈركىستان ۋەكىللىرى بۇ تەكلىپكە قارشى چىقىپ، «شەرقىي تۈركىستانلىق خەلق ئىچىدە يۇرتنىڭ مەمۇرىي، ئىقتىسادىي ۋە ئەسكىرىي ئىشلىرنى باشقۇرۇش قابىلىيىتى بار كىشىلەر يوق، ھەمدە، خەلق مۇختارىيەتنى خالىمايدۇ. ياڭزىڭشىن ۋە ئۇنىڭ خادىملىرىنىڭ يۇرتنى ئادىللىق بىلەن ئىدارە قىلىشىدىن، تىنچ ۋە باياشات تۇرمۇشقا ئېرىشكەن خەلقىمىز بەكمۇ رازى» دېگەن پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويدۇق. بۇنى ئاڭلىغان باشقا پارلامېنت ئەزالىرى ۋە مەجلىسكە قاتنىشۋاتقان ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى، قاقاخلىشىپ كۈلۈشتى ۋە مەسخىرە قىلىپ چاۋاك چالدى.

مانا بۇلار، چىن پارلامېنتىدىكى شەرقىي تۈركىستاننىڭ سېتىلما «ۋەكىل» لىرىنىڭ ۋەزىپىلىرى ۋە ئىشلىگەن خىزمەتلىرى ئىدى. ئۈرۈمچىدىكى ئۆلكىلىك كېڭەش مەجلىسىدىكى ۋەكىللەرنىمۇ ھېچبىر زامان مىللەت سايلاپ چىقماستىن، ياڭزېڭشىننىڭ بۇيرۇقى بىلەن دوتەي ۋە ئامبانلار ئۆز تەۋەلىكىدىن بىردىن كىشىنى بەلگىلەپ، يۇرتنىڭ بەزى سودىگەرلىرىنى، بەگلەرنى ۋە كىشىلەرنى يامۇن (ھۆكۈمەت ئىدارىسى) غا چاقىرىپ، تىزىملىكنى تەڭلەپ، « بۇلار ۋەكىل سايلاندى، ئىمزا قويۇڭلار» دەپ ئىمزا قۇيغۇزغان. بۇكىشىلەر تولاراق تىجارەت ياكى باشقا ئىشلار بىلەن ئۈرۈمچىدە تۇرىدىغان كىشىلەردىن تاللىناتتى. بۇ ئادەملەرنىڭ، ھۆكۈمەت بېشىدىكى جاڭجۇڭنىڭ خىزمىتىنى نازارەت قىلىش ۋەزىپىلىرىدىن خەۋىرى يوقتى. خەلقئارا پارلامېنت تۈزۈمىنى ۋە دېمۇكراتىك يول بىلەن قانۇن چىقىرىشنى بىلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، بۇخىل ئاتالغۇلارنى ئاڭلاپمۇ باقمىغان كىشىلەرئىدى. گەرچە، بۇنى ئۇلارغا بىلدۈرۈش ھۆكۈمەتنىڭ ۋەزىپىسى بولسىمۇ ھۆكۈمەت ئۇلارغا بۇلاردىن سۆز ئېچىپمۇ قويمىغانىدى. قىسقىسى، بۇ ۋەكىللەرنىڭ ھېچقانداق ۋەزىپىسى يوقتى، پەقەت ياڭزىڭشىن بۇلارنى ئىككى ئايدا بىرقېتىم چاقىرتىپ مەنىسىز ۋە مەنتىقسىز نۇتۇقلىرىنى ئاڭلىتىپ، ئۆزىنى ئالقىشلىغىلى سالاتتى ۋە ئۆزى ئويدۇرۇپ چىققان « مەركەزگە يوللىنىدىغان دوكلات» لارغا ئىمزا قويدۇراتتى. بۇ خەلقئارادا ئېتىراپ قىلىنغان «دېموكراتىيەلىك كېڭەش» تىن ئەسەر بولمىغان بىر مۇراسىمدىن ئىبارەت بولۇپ، ياڭزېڭشىنىڭ ئۇيۇنچىقىغا ئايلىنىپ قالغانىدى.

## شەرقىي تۈركىستاندا فابرىكا ۋە سىمسىز تېلېگراف

چىن جۇمھۇرىيەتى ھۆكۈمتى، دۆلەت ئىقتىسادىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن، مىللىي تىجارىي شىركەتلىرى ۋە زامانىۋىي سانائەت قۇرۇلۇشلىرى ئېلىپ بېرىشقا باشلىغاندا، ياڭزىڭشىنغا، شەرقىي تۈركىستاندىمۇ مىللىي تىجارىي شىركەتلىرى ۋە زامانىۋىي سانائەت فابرىكىلىرى قۇرۇش ھەققىدە بىر

قانچە قېتىم يولىيۇرۇق بەرگەن بولسىمۇ، ياڭزېڭشىن بۇلارنى ئەمەلگە ئاشۇرمىغانىدى. شەرقىي تۈركىستان خەلقى زامانىۋىي خەۋەرلىشىش ۋە ساناڭەتنىڭ يوقلىقىدىن نارازى ئىدى. ياڭزېڭشىن مەركەزنىڭ تەكرارسوئىلىشى ۋە جامائەت پىكرى ئالدىدا ئامالسىز قېلىپ، 1925- يىلى بىر تىجارەت شىركىتى قۇردى ۋە يۇرتىكى پۇتۇن تىجارەتچىلەرنىڭ بۇ شىركەتكە دەسمايە سېلىشىنى تەلەپ قىلدى. بۇ شىركەت بىر مىللىي شىركەت بولماستىن ياڭزېڭشىننىڭ بىۋاستە باشقۇرۇشى ئاستىدىكى بىرخۇسۇسى شىركەت بولۇپ قۇرۇلدى. شۇڭا، بەزى كاپىتال ئىگىلىرى دەسمايىلىرىنىڭ ئۇندىن بىرىنى ئالۋاڭغا بەرگەندەك بىرىپ، شىرىك بولدى. تىجارەتچىلارنىڭ كۆپ قىسمى دەسمايىلىرىنىڭ كېيىنچە ياڭزېڭشىن ۋە باشقا چىنلىقلارنىڭ يانچۇقىغا كىرىپ كېتىشىدىن قورقۇپ، دەسمايە قوشۇشتىن قاچتى. بۇنى سەزگەن ياڭزېڭشىن، ھاكىملارغا بۇيرۇق قىلىپ، پۈتۈن تىجارەتچىلەرنىڭ دەسمايىسىنىڭ ھەممىسىنى، بەزىلەردىن يېرىمىنى زورلۇق بىلەن ئېلىپ، شىركەتكە قاتتى. بۇ مەبلەغ بىلەن ئۈرۈمچىدە 80 ئۇرچۇقلۇق بىر توقۇمىچىلىق فابرىكىسى قۇردى. بۇ فابرىكا چىنلىق ئەسكەرلەرنىڭ كىيىم - كېچەكلىرى ئۈچۈن ئەستەرلىك خام خەسە ئىشلەپ چىقاردى. بۇ فابرىكا بىۋاستە ھۆكۈمەتنىڭ قارمىقىدا بولغانلىقى ئۈچۈن، ئىشلەپ چىققان مەھسۇلاتنىمۇ ھۆكۈمەت ئىشلەتكەنلىكتىن، شىركەتكە پاي قوشقان تىجارەتچىلەرنىڭ دەسمايىسى، ئۇلارنىڭ ئەندىشە قىلغىنىدەك يوق بولۇپ كەتتى.

مەركىزىي ھۆكۈمەت، شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھەممە ۋىلايەتلىرىدە بىردىن سىمسىز تېلېگراف ئىستانسىسى قۇرۇپ چىقىشنى بۇيرۇغانىدى. بۇنىڭ بىلەن شەرقىي تۈركىستاننىڭ چىن ۋە پۈتۈن دۇنيا بىلەن زامانىۋىي خەۋەرلىشىش ۋاستىسى ۋۇجۇتقا كېلەتتى. لېكىن، ياڭزېڭشىن بۇنىڭغا ھەرخىل باھانە - سەۋەپ كۆرسىتىپ، قوبۇل قىلمىدى. چۈنكى، شەرقىي تۈركىستان خەزىنىسىدىن بۇئىشقا كۆپ مىقداردا ئىقتىسادىي چىقىمنىڭ چىقىپ كېتىشى ئۇنىڭ دىتىگە ياقمايتتى. ئاخىرى، مەركىزىي ھۆكۈمەت، 1926 - يىلى بۇ ئىش ئۈچۈن يېتەرلىك پۇل، ئەسۋاپ ئۈسكۈنە ۋە تېخنىك خادىملىرىنى بىرىپ، ئۈرۈمچى ۋە قەشقەر دىن ئىبارەت ئىككى يەردە سىمسىز تېلېگراف ئىستانسىسى قۇردى.

## ياڭزېڭشىننىڭ شەرقىي تۈركىستاننىڭ بايلىقىغا ۋە مەدەنىيىتىگە قىلغان خىيانەتلىرى

ياڭزېڭشىن، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ يېڭىچە مەدەنىيەتكە ئىنتىلىشىنى، شەرقىي تۈركىستاننىڭ چىن قولىدىن چىقىپ كېتىشىنىڭ مۇھىم بىر ئاملى دەپ قارايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆزى ئۈچىغا چىققان مۇتەئەسسىپ ۋە كونىلىقنى ياقلايدىغان بىرسى بولغانلىقى ئۈچۈنمۇ، ھەرقانداق مەدەنىيەت ھەرىكىتى، ئۇسۇلى ۋە يېڭى تېخنىكا مەھسۇلاتلىرىغا قارشى چىقىپ، ئۇنى قولىدىن كەلگىنىچە قارىلاپ، يامان كۆرسىتىپ، كۈچىنىڭ بىرىچە توسقۇنلۇق قىلغانىدى. ئۇ ھۆكۈمدار

بولۇشىدىن بۇرۇن شەرقىي تۈركىستاندا يېڭىدىن ئېچىلغان مەكتەپلەرنى تاقىۋەتكەنلىكى ۋە مەتبەئەلەرنى چېقىۋەتكەنلىكى يوقىرىدا سۆزلەپ ئۆتۈلدى. ياڭزېڭشىننىڭ بۇ قىلمىشلىرى، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئارقىدا قېلىشىغا سەۋەپ بولغان دەپ، پىكىر بەرگەنلەرنى «كوممۇنىست» دەپ بۆھتان چاپلاپ، ئۆلتۈرگەن ياكى مۇددەتسىز قاماققا ئالغان. شەرقىي تۈركىستاندا گېزىت چىقىرىشنى مەنئى قىلىپلا قالماستىن چەت ئەلدىن ھەرقانداق گېزىت ـ ژۇرنالنىڭ كىرىشىنى چەكلىگەن. يۇرت ئىچىدىكى ياكى چەت ئەلدىن پوچتا ئارقىلىق كەلگەن خەت ـ چەكلەرنى داۋاملىق سانسۇر قىلغان. ياشلارنى ئوقۇش ئۈچۈن، چەتكە ئەۋەتىشنى « دۆلەتكە خىيانەت قىلىش» دەپ قارىغان. يوشۇرۇنچە بېرىپ كەلگەنلەرنى قاتتىق جازالىغان. چەت ئەلدە زامانىۋىي پەن ۋە مەدەنىيەت ئۆگىنىپ كەلگەن مىللىي زىيالىلىرىمىزنىڭ ياڭزېڭشىن تەرىپىدىن زىيانكەشلىككە ئۇچراپ ئۆلتۈرۈلگەنلىكى، قامالغانلىقى ياكى تەقىپ ئاستىغا ئېلىنغانلىقى ھەممىگە ئايان. شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئۆزخەلقى تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان، مەدەنىيەت ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات تەشەببۇسلىرىنى ياڭزېڭشىن مانا مۇشۇنداق يوللار بىلەن بوغۇپ تاشلىغان.

چىن جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن، شەرقىي تۈركىستاندا، جۇمھۇرىيەت تۈزۈمىگە ئۇيغۇن ئىدارە شەكلىنى يولغا قويۇش، مائارىپنى مىللىيلەشتۈرۈش، ئىجتىمائىي جەمئىيەتلەر قۇرۇش. تاش يول ياساش، كۆۋرۈك ياساش ۋە تۆمۈريول سېلىش قاتارلىق يۇرت ۋە خەلقىنىڭ ئالغا بېسىشىغا پايدىلىق بۇيرۇقلىرىنى ھېچ ئورۇندىمىدى. بۇ ئىشلار يولغا قويۇلسا، ياڭزېڭشىننىڭ ھاكىمىيىتى ئۈچۈن خەتەرلىك ۋە يانچۇقىنى توشقۇزۇش ئۈچۈن زىيانلىق بولغانلىقى ئۈچۈن، مەركەزگە مۇنداق دەپ يازغان: «خەلق بىلمىسىز بولغانلىقتىن يېڭىلىققا قارشى چىقتى. بۇ ئىشلارنى زورلۇق بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرىمىز دېسەك، خەلقىنىڭ قوزغىلاڭ چىقىرىشىغا سەۋەپ بولىدۇ» ۋە « بۇ بۇيرۇقنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن يۇرتنىڭ ئىقتىسادى يېتىشمەيدۇ». قىسقىسى، ياڭ زېڭشىن، پەقەت، ئۆزىنىڭ ھۆكۈمدارلىق ھېرسمەنلىكى، مۇتەئەسسىپ ۋەكونىلىقنى ياقلايدىغان مەپكۇرىسى بىلەن، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى. زامانىۋىي مەدەنىيەت گۈللەپ ياشنىغان بۇ ئەسىرنىڭ ئەڭ تۆۋەن ۋە ئەڭ ئەقەللىي مەدەنىيەت بەلگىسى بولغان مەكتەپ ۋە مەتبەدىن مەھرۇم قىلىپ، ھېچقانداق بىر مەدەنىي ھەقتىن بەھرىمەن بولۇشقا يول قويماي، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى دۇنيا مىللەتلىرىنىڭ ئەڭ ئارقا قاتارىغا ئىتتىرىپ قويىدى. شەرقىي تۈركىستاننىڭ پۈتۈن بايلىقىنى ھىيلە ـ مىكىر بىلەن ۋە زورلۇق ـ زومبۇلۇق بىلەن يىغقۇالغان ياڭزېڭشىن (بۇلارنى تۆۋەندە تەپسىلى بايان قىلىمەن)، خەلق ئۈچۈن مەدەنىيەت ئەسىرىدە ئەڭ مۇھىم بولغان قاتناش يولى، كۆۋرۈك، تېلېفون، مەكتەپ، دوختۇرخانە قاتارلىقلارنىڭ بىرەرسىنىمۇ ۋۇجۇتقا چىقىرىش ئۈچۈن بولسىمۇ بىر يارماق پۇل سەرپ قىلمىدى. يەر يۈزىنىڭ ئەڭ بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلىرىدىمۇ ۋە ئەھمىيەتسىز نوقتىلىرىدىكى جايلاردىمۇ مەۋجۇد بولغان بۇ مەدەنىيەت نېمەتلىرىدىن شەرقىي تۈركىستان

بىر زالىم دىكتاتۇر تەرىپىدىن پۈتۈنلەي مەھرۇم قىلىنغانىدى. بىرمىللەتنى قۇللۇق ئاستىدا تۇتقاننى ئاز دەپ ئۇنى، بۇنداق بەختسىزلىك قاراڭغۇلۇقىغا تاشلاشتىنمۇ يامانراق خىيانەت بولامدۇ؟

ياڭزېڭشىن، شەرقىي تۈركستاندا «كاپالىتى» بولمىغان بىرخىل قەغەز پۇل چىقاردى. بۇ قەغەز پۇل دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدىكىدەك، دۆلەت خەزىنىسىنىڭ ياكى دۆلەت بانكىسىنىڭ «كاپالەت ـ ھۆججىتى» ماھىيىتىدە ئەمەستى. بۇ پەقەت، خەلقنىڭ قولىدىكى ئالتۇن ـ كۈمۈش ۋە قىممەتلىك تاشلاردىن ئىبارەت ئىقتىسادىي بايلىقنى ياڭزېڭشىننىڭ يانچۇقىغا توپلاش ۋاستىسى ماھىيىتىدە ئىدى. بۇ قەغەز پۇلنى مەجبۇرى بۇيرۇق بىلەن ئىلىم ـ سېتىمدا خەجلەتتى. بۇقەغەزنى ئالمايمەن، كۈمۈش تەڭگە ئالىمەن دېگەنلەرگە ئۆلۈم جازاسى بېرىلىدۇ دەپ قورقۇتتى. ھۆكۈمەت بۇ قەغەز پۇلنى يېڭى بولۇش شەرتى بىلەن باج ـ سېلىق ئۈچۈنلا ئالاتتى. ئەمما، قەغەز پۇلنى ھۆكۈمەت بانكىسىدىن تىللا ياكى كۈمۈش تەڭگىگە ئالماشتۇرۇپ بەرمەيتتى. ھەتتا، كونىسىنى يېڭىسىغا يەڭگۈشلەپ بېرىشمۇ يوقتى. بۇ قەغەز پۇلنىڭ ئۈستىگە بېسىلغان ھۆكۈمەت ئۇقتۇرۇشىغا قاراپ، بۇنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئۇچۇق بىلگىلى بولىدۇ. بۇئۇقتۇرۇشتا مۇنداق دەپ يېزىلغان. «شىنجاڭ (شەرقىي تۈركستان) سىڭجاڭ (ئومۇمىي ۋالىيسى) سەيجىڭ تىڭ (مالىيە نازارىتى) لارنىڭ ھۆكمى، ئۇشبۇ خىنە(ھۆكۈمەت) چىقارغان تىزە(قەغەز پۇل) نىڭ ھەر بىرىنى تۆت يۈز داچەن (يارماق)، بىرسەر شاگىن(قويۇلغان) كۈمۈشكە پۇقرالار ئىچىدە خەجلەيدۇ ۋە باج سېلىققا تەخىر قىلماستىن ئالىدۇ. مۇبادا يالغان تىزە چىقارسا ئۆلۈم جازاسى بېرىمەن، دەپ، چىقارغان ھۆكۈم. مىڭگوي (جۇمھۇرىيەت) نىڭ .... نچى يىلى .... نچى ئاينىڭ ..... كۈنى»

مانا، بۇ يول بىلەن ياڭزېڭشىن، يوقسۇل خەلقنىڭ ئىقتىسادىي مەنبەسىنى كەستى. قەغەز پۇل چىققاندىن باشلاپ، ياڭزېڭشىن خەلقنىڭ قولىدىكى ئالتۇن، كۈمۈش ۋە قىممەتلىك تاشلارنى قەغەز پۇلغا سېتىۋالغىلى باشلىدى. خەلق ئېھتىيات قىلىپ، ساتمىغان ئالتۇنلىرىنى بازارغا چىقىرىش ئۈچۈن ھەرخىل ھىيلە ئىشلەتتى. مەسىلەن، ياڭزېڭشىن ئۆز خەزىنىسىدىن بىر مىقدار ئالتۇن چىقىرىپ ساتقان. بۇنى كۆرگەن خەلق ئالتۇن باھاسى چۈشۈپ كېتىدىغان ئوخشايدۇ دەپ، ئالتۇن ساتقىلى باشلىغان. بازاردا ئالتۇن كۆپەيگەن زامان ياڭزېڭشىن، شەھەر ـ شەھەرلەردە ئادەم قويۇپ ئالتۇن سېتىۋالغان؛ نەتىجىدە، ئۆزى چىقىرىپ ساتقان ئالتۇندىن نەچچە يۈز ھەسسە كۆپ ئالتۇن يىغىۋالغان. بۇ ئەھۋال بىرقانچە قېتىم تەكرارلانغاندىن كېيىن، خەلق بۇھىيلىگە ئالدانمايدىغان بولغان ۋە ئالتۇن سېتىپ بېرىش ئازالغان. ياڭزېڭشىن ئالتۇن ـ كۈمۈشنىڭ نەرقىنى ئاشۇرۇپ، نۇرغۇن ئالتۇن ـ كۈمۈش سېتىۋالغانلىقىدىن قەغەز پۇل پاخاللاشتى. دەسلەپتە، بىردانىسى بىرسەر كۈمۈش قىممىتىدە چىقىرىلغان مەزكۇر قەغەز پۇل بارغانسېرى پاخاللىشىپ، تۆت دانىسى بىرسەر كۈمۈشكە چۈشۈپ قالدى. شۇنداق قىلىپ، خەلقنىڭ بايلىق دەسمايىسى بولغان ئالتۇن ـ كۈمۈشنىڭ 90% ى ياڭزېڭشىننىڭ قولىغا ئۆتتى ۋە خەلقنىڭ قولىدا بىر دۆۋە يىرتىق قەغەز قالدى.

بۇلاردىن باشقا ياڭزىڭشىن خەلقنىڭ تىجارەتتىن تاپقان پايدىلىرىدىنمۇ يانچۇقىنى توشقۇزۇش ئۈچۈن يەنە بىر خىيانەت يولىنى كەشپ قىلدى. بۇنىڭدىن بۇرۇن چىقارغان قەغەز پۇل شەرقىي تۈركىستاننىڭ پۈتۈن ۋىلايەتلىرىدە ئوخشاش ئۆتەتتى. خوتەن ۋە قەشقەرنىڭ قول سانائەت مەھسۇلاتلىرىنى ۋە ھىندىستان ماللىرىنى سودىگەرلەر ئاقسۇ، كۇچا، تۇرپان، ئىلى، ئۈرۈمچى، چۆچەك ۋە ئالتاي ۋىلايەتلىرىگە ئاپىرىپ ساتقانىدى. بۇ شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئەڭ مۇھىم تىجارىتى ھېساپلىناتتى. ئۇ تەرەپلەردىن خوتەن ۋە قەشقەرنىڭ ئېھتىياجىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان مال تۇرلىرى بەك ئاز بولغانلىقتىن سودىگەرلەر مال ساتقان تىزە پۇللىرىنى ئېلىپ كېلىپ، بۇنىڭغا مال ئېلىپ، يەنە باشقا جايلارغا قاتنايتتى. ياڭزىڭشىن، قەشقەر ۋە خوتەندە ئۆتىدىغان باشقا قەغەز پۇل چىقىرىپ، بۇرۇن چىقىرىلغان پۇلنى بۇ ئىككى ۋىلايەتتە ئۆتمەس قىلىپ قويدى. بۇنىڭ بىلەن شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ تىجارىتىگە قاتتىق زەربە بەردى. بۇ ئىككى ۋىلايەت ئۈچۈن مەخسۇس چىقىرىلغان قەغەز پۇلمۇ بىرسەر كۆمۈش تەڭگىگە تەڭ ئىدى. ئەمما، سودىگەرلەر شەرق ۋىلايەتلىرىدە ماللىرىنى شۇ ۋىلايەتلەرنىڭ پۇلىغا سېتىشقا مەجبۇر ئىدى. لېكىن، بۇ پۇل قەشقەر ۋە خوتەندە ئۆتمىگەنلىكتىن ئۇ پۇل بىلەن بۇ يەردىن مال سېتىۋېلىش مۇمكىن ئەمەستى. سودىگەرلەر قەغەز پۇلنىڭ ھەممە ۋىلايەتلەردە ئوخشاش ئۆتۈشىنى تەلەپ قىلدى. ياڭزىڭشىن بۇ تەلەپنى قوبۇل قىلمىدى ۋە سودىگەرلەرگە، قولىلىرىدىكى شەرق ۋىلايەتلىرىدە ئۆتىدىغان پۇللىرىنى ئۈرۈمچى خەزىنىسىگە ئۆتكۈزۈپ، بۇنىڭغا قەشقەر ۋە خوتەن خەزىنىسىدىن شۇ يەردە ئۆتىدىغان پۇل ئېلىشنى بۇيرۇدى. سودىگەرلەر بۇ ھىلىنىڭ تېگىگە يېتەلمەي، ئۇزۇن يولدا تاغالاپ تىزە پۇلنى كۆتۈرۈپ مېڭىشتىن قۇرتۇلىدىغان بولدۇق دەپ خوش بولۇپ كېتىشتى. كېيىنچە بۇ «خۇيىچەن» يەنى، پۇل ھاۋالە(پېرېۋوت) قىلىش بىر تىجارەت شەكلىنى ئېلىپ، ئۈرۈمچىدە پۇلنى خەزىنىگە ئۆتكۈزۈپ، قەشقەر ۋە خوتەندىن ئالىدىغانلاردىن، ياڭزىڭشىن 20% ھاۋالە ھەققى ئېلىشنى يولغا قويدى ۋە بۇنى ھەر يىلى ئاشۇرۇپ، 80% گە چىقاردى. يەنى، ئۈرۈمچىدە ئوخشاش قىممەتكە ئىگە يۈز قەغەز پۇل خەزىنىگە ئۆتكۈزۈپ، قەشقەر ياكى خوتەن خەزىنىسىدىن ئالغان كىشىنىڭ قولىغا ئاران يىگىرمە قەغەز پۇل تېگەتتى. ئۇتتۇرىدىكى ھەددى ـ ھېساپسىز تاپاۋەتنىڭ ھەممىسى ياڭزىڭشىننىڭ خۇسۇسى بايلىقى ھېساۋىغا قوشۇلاتتى. سودىگەرلەر بۇسەۋەپ بىلەن تارتقان زىيانلىرىنى مالنىڭ نەرقىغا قوندۇرۇپ ساتىسمۇ يەنە 50% ـ 60% زىيان تارتقان. نەتىجىدە، ئەسلى زىيان تارتقۇچى خېرىدارلار، ئاۋام خەلق بولدى. خوتەن، چەرچەن ۋە ئالتايدىكى ئالتۇن كانلىرىنى ئۆزى دەسمايە سېلىپ ئىشلىتىۋاتقان يەرلىك كانچىلارنىڭ ھەممىسىگە ياڭزىڭشىن، ۋەزىپە تاپشۇرۇپ، ھەر ئايدا مەلۇم مىقداردا ئالتۇننى بازار نەرقىدىن كۆپ تۆۋەن باھادا قەغەز پۇلغا ھۆكۈمەتكە سېتىپ بېرىشنى بەلگىلىگەن. كاندىن ھەر ئايدا دېگەن مىقدار ئالتۇن چىقسۇن ياكى چىقمىسۇن، بەگلەر زورلۇق بىلەن (تاياق ۋە قاماقتا ئېلىش يولى

بىلەن) كانچىدىن ئېلىپ، ياڭزىڭشىنغا تاپشۇراتتى. كۆپلىگەن كانچىلار بۇ سەۋەپتىن پۈتۈن دەسمايىسىدىن ھەتتا ئۆي - ۋاقىلىرىدىن ئايرىلىپ كەتكەن. كانچىلار زىيان تارتىپ، كانچىلىقنى تاشلىۋەتمەكچى بولغان بولسىمۇ رۇخسەت قىلماي، كاندا مەجبۇرى ئىشلەتكەن. نەتىجىدە، ئالتۇن كانچىلىق كەسپى تامامەن بىر ئىزدا توختاپ قالغان. چىن ھۆكۈمىتىنىڭ دېھقانچىلىق بېجى، تىجارەت بېجى، قولسانائەت مەھسۇلاتى بېجى ۋە ئىچكى - تاشقى تىجارەت باجلىرى دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىغا قارىغاندا ناھايىتى كۆپ ۋە ئېغىر بولسىمۇ، ياڭزىڭشىن بۇلارنى شەرقىي تۈركىستاندا ھەر يىلى ئۆستۈرۈپ تۇراتتى. بۇ ئۇتتۇرىدىكى ئۆستۈرۈلگەن مىقدار مەركەزگە مەلۇم قىلىنماي ھەممىسى ياڭزىڭشىننىڭ خۇسۇسى بايلىقىغا قوشۇلاتتى.

ئۇنىڭ ئۈستىگە، شەرقىي تۈركىستانىنىڭ  دىيھقانچىلىق، سانائەت ۋە تىجارىتى پۈتۈنلەي كونا ئۇسۇل بىلەن ئېلىپ بېرىلغانلىقتىن، مىللەتنىڭ دېھقىنى، قولسنائەتچىسى، تىجارەتچىسى مىسلىسىز مېھنەت - مۇشەققەت ۋە جىقىم  بىلەن قولغا كەلتۈرگەن ئازراق پايدىسى يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك، مىگبىر ھىيلە - مىكىر ۋە زۇلۇم بىلەن تارتىۋېلىندى. ياڭزىڭشىن شەرقىي تۈركىستاندىن توپلىغان ئالتۇن - كۈمۈشنى ئوغۇرلۇقچە چىندىكى چەت ئەل بانكالىرىغا يۆتكىگەن. چىندە ئىمارەت ۋە زېمىن ئېلىپ، دۇنيانىڭ ئەڭ باي «مىليونېر» لىرى قاتارىغا ئۆتكەن.

## ياڭزىڭشىننىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكى

ياڭزىڭشىن، ھىجرى 1348- (مىلادى 1928-) يىلى تاشقى ئىشلار نازىرى  پەن ياۋنەن  تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. چەتئەللىك مۇخبىرلار ياڭزىڭشىن، يېڭى مەدەنىيەت ۋە تەرەققىيات تەرەپتارلىرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى دەپ يازغان. بۇ توغرا ئەمەس. پەن ياۋنەن ناھايىتى مۇتەئەسسىپ ۋە كونىلىقنى ياقلايدىغان ياڭزىڭشىننىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك ئادىمى بولغانلىقتىن ئۇنى تاشقى ئىشلار نازىرى ۋە ئۆزىگە خۇسۇسى مەسلىھەتچى قىلغانىدى. شۇنداقلا، پەن ياۋنەن، ئەشەددى تۈرك ۋە مۇسۇلمان دۈشمىنى ئىدى. ئۇ ياڭزىڭشىننىڭ مۇسۇلمانلارغا قىلغان زۇلمىنى ئاز كۆرەتتى ۋە يەرلىك خەلق بىلەن جىنلىقلارنى بىرقىسىم مەدەنىي قانۇن ھوقۇقتا بەراۋەر كۆرگەنلىكىگە قاتتىق نارازى ئىدى.

شۇنىڭ ئۈچۈن، پەن ياۋنەن ئۆزى بىلەن ئوخشاش پىكىردىكى بىرقىسىم جىنلىقلار بىلەن بىرلىشىپ، بىر مەخپى تەشكىلات قۇردى ۋە ياڭزىڭشىننى ئۆلتۈرۈشكە قارار قىلدى. پەن ياۋنەن، ياڭزىڭشىننى پۈتۈن ۋەزىرلىرى بىلەن تاشقى ئىشلار نازارىتىگە زىياپەتكە چاقىردى. ئۇلار تازا يېمەك يەۋاتقاندا ھەممىسىنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. پەن ياۋنەن، ئۆز ئادەملىرىنى ئېلىپ، جاڭجۇڭ يامۇنىنى قولغا ئېلىشقا بارغان يەردە، جاڭجۇڭ يامۇنىنىڭ باش كاتىپى بولغان جىن شۇرىن، يامۇندىكى ئەسكەرلەرنى قوزغاپ، پەن ياۋنەننى تۇتۇپ ئۆلتۈردى ۋە ئۆزى جاڭجۇڭ بولدى.

7 ـ پەسىل

## جىن شۇرېننىڭ ھۆكۈمەت دەۋرى

«جىن دالۇيى» ئىسىملىك بۇ ئادەم، بۇرۇن بەزى جايلارغا ھاكىم بولغانىدى. ياڭزېڭشىن تېخى يېقىندىلا ئۇنى جاڭجۇڭ يامۇنىغا كاتىپ قىلىپ ئېلىپ كەلگەن. ياڭزېڭشىن ئۆلتۈرۈلگەن زىياپەتتە ئۇمۇ بار ئىدى. ھادىسىدىن بىر سائەت بۇرۇن بىر باھانە بىلەن زىياپەتتىن چىقىپ كېتىپ، جاڭجۇڭ يامۇنىغا كېلىپ تۇرغان. جىن دالۇيىنىڭ، پەن ياۋنەن تەشكىلاتى ئىچىدە بولۇپ، سۇيىقەستتىن خەۋىرى بارلىكەنلىكىنى مەن، بۇ ھادىسە يۈز بېرىپ ئىككى يىل ئۆتكەندىن كېيىن، ئۈرۈمچىگە قىلغان ساياھىتىم ئەسناسىدا ئۈرۈمچىدىكى ئىشەنچلىك كىشىلەردىن كۆپ ئاڭلىدىم.

پەن ياۋنەن، ياڭزېڭشىننى ئۆلتۈرۈپ، يېنىدىكى قوراللىق ئادەملىرى بىلەن جاڭجۇڭ يامۇنىغا بېسىپ كىردى. يامۇننىڭ مۇھاپىزەتچى ئەسكەرلىرى پەن ياۋنەننىڭ ئادەملىرىنى چېكىندۈردى. جىن شۇرېن بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، دەرھال باشسىز قالغان مۇھاپىزەتچى قىسىم ئەسكەرلىرىنىڭ رەھبەرلىكىنى قولىغا ئالدى ۋە پەن ياۋنەننى تۇتۇشقا بۇيرۇدى. بىرسائەت داۋام قىلغان توقۇنۇشتىن كېيىن. پەن ياۋنەننىڭ پۈتۈن ئادەملىرى ئۆلتۈرۈلدى. پەن ياۋنەن تىرىك قولغا چۈشتى. ئۈرۈمچىدىكى كاتتىلارنىڭ تولىسى زىياپەتتە ياڭزېڭشىن بىلەن بىرگە ئۆلتۈرۈلگەن. باشقىلىرى يامۇننىڭ سىرتىدا قالغانلىقتىن، جاڭجۇڭ يامۇنىدىكى ئەسكەرلەرنىڭ قۇماندانلىقى تۆۋەن دەرىجىلىك مەنسەپتار بولغان جىن دالۇيىغا قالدى. شۇنىڭ بىلەن جىن دالۇيى ھەم قۇماندان ھەم ھۆكۈمدار بولۇۋېلىپ، يامۇندىكى پۈتۈن قورال ۋە خەزىنىنى قولىغا ئالدى. يامۇندىكى پۈتۈن ئەسكەرلەرگە كەڭ ـ كەڭرى ئىنئاملار تارقىتىپ، ئۆزىگە تەرەپتار قىلىۋالدى. ئۈرۈمچىدىكى ئەڭ كۈچلۈك ئەسكىرىي قىسىم جاڭجۇڭ يامۇندىكى ئەسكەرلەر ئىدى. پۈتۈن قورال ياراق ۋە خەزىنىمۇ بۇ يەردە ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، جىن دالۇيى، بىر كېچە كۈندۈز ئىچىدە ئاساسىي ھوقۇقنى ئىگەللىدى. ئۈرۈمچىنىڭ چىنلىقلار ئولتۇراقلاشقان قىسمى(ئىچكى شەھەر) نىڭ ھەممە دەرۋازىلىرىنى ئەتتى ۋە ئەرتىسى شەھەر سىرتىدا قالغان ھەربىي ۋە مەمۇرىي ئەمەلدارلارنى چاقىرىپ، جاڭجۇڭ سايلاپ چىقىشنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۈستۈن دەرىجىلىك ئەسكىرىي مەنسەپتارلار جىن دالۇيىدەك تۆۋەن دەرىجىلىك بىرسىنى جاڭجۇڭ سايلاشنى خىياللىرىغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدى. لېكىن، جىن دالۇيىنىڭ تەرەپتارلىرى باشقىلارغا قورال تەڭلەپ، تەھدىت بىلەن ئۇنى جاڭجۇڭ سايلاتتى. بۇ ئەھۋال چىن جۇمھۇرىيەت ھۆكۈمىتىنىڭ مەركىزى يەنى، نەنجىڭغا مەلۇم قىلىندى ۋە جىن نىڭ جاڭجۇڭلۇقىنى ئەستىقلاش تەلەپ قىلىندى. نەنجىڭ ھۆكۈمىتى شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئومۇمىي ۋالىيسى تەيىن قىلىنغانلىقىنى ئېلان قىلىپ، ئۇنىڭغا جۇمھۇرىيەت ھۆكۈمىتى«جۇشى» يەنى، «رەئىس» دېگەن ئۇنۋانىنى بەردى؛ شۇنىڭدىن باشلاپ «جاڭجۇڭ» ئۇنۋانى

قالدۇرۇلدى. جىن جۇشنى ئۇنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى دۈشمەنلىرى پەس كۆرۈپ «جىنشورىن» دەپ ئاتايتتى. يېقىنلىرى ئۇنىڭغا دۇبەن (دىكتاتۇر) دەپ نام بەرگەن. بىز تۆۋەندە ئۇنى «جىن شۇرىن» دەپ ئاتايمىز.

جىن شۇرىن، ياڭزېڭشىننىڭ يولى بىلەن ماڭدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى. لېكىن، بۇئادەم زالىملىق ۋە مۇستەبىتلىكتە ياڭزېڭشىننىڭ ئىزىدىن ماڭغان بولسىمۇ، سىياسىي ۋە ئىدارىي جەھەتتە ئۇنىڭچىلىك «ئۇستىلىق» كۆرسىتەلمىدى. دوستلىرىمۇ جىن شۇرىننىڭ لاياقەتسىزلىكىنى ئېتىراپ قىلدۇ.
جىن شۇرىننىڭ مەمۇرىي باشقۇرۇش تۈزۈمى ياڭزېڭشىن بىلەن ئوخشاش بولدى. ئەسكىرىي ۋە مەمۇرىي مەنسەپدارلارنىڭ ئىمپېراتورلۇق دەۋرىدىكى ئۇنۋانلىرىنى قالدۇرۇپ، جۇمھۇرىيەت ھۆكۈمىتى ئۇنۋانلىرىنى قوبۇل قىلدى. مەسىلەن: ئىمپېراتورلۇق دەۋرىدىكى «جاڭجۈڭ» (ئۇمۇمىي ۋالىي) «جۇشى» دەپ ئۆزگەرتىلدى. شۇنىڭغا ئوخشاش دوتەي، «شىن جىنجاڭ»؛ ھەربىي قۇماندانلارنىڭ «تىتەي» دېگەن ئۇنۋانى «سىجاڭ»، «شىتەي» دېگىنى«لۈجاڭ» قىلىپ ئۆزگەرتىلدى.

جىن شۇرىن ھاكىمىيەت بېشىغا چىققان كۈندىن باشلاپ، بىرىنچى قىلغان ئىشى، ئۆزىگە بايلىق توپلاش بولدى. بۇ ئىشتا ياڭزېڭشىننىڭ يولىدىن ماڭغاندىن باشقا تاشقى تىجارەتكە «تۇڭشۇي» دەپ يەنە بىر باج قويدى. ئادەتتىكى 18% ـ20% بولغان باجنى 28% ـ 30% غا چىقاردى. بۇلاردىن باشقا يەنە ھەرخىل ئىسىملار بىلەن باج ۋە ئالۋاڭ ـ سېلىق ئالدى. خەلقنىڭ قولىدىكى ئالتۇن، كۈمۈشنى يىغىۋالدى. دەسلەپتە پۇلغا سېتىۋالغان بولسىمۇ كېيىنچە مۇسادىرە قىلىش يولى بىلەن بولىۋالدى. ھەتتا، ئاياللارنىڭ زىننەت بۇيۇملىرىنىمۇ زورلاپ تارتىۋالغانلىقى مەلۇم.

جىن شۇرىن زامانىسىدا چىن جۇمھۇرىيەت ھۆكۈمىتى گومىنداڭ پارتىيەسىنىڭ قولىغا ئۆتكەندى. دىكتاتور جاڭجېشى، مەركىزى ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى نوپۇزىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن. زامانىۋى ئىلىملەردە تەربىيە كۆرگەن بىرقىسىم ياش چىنلىقلارنى ھەرخىل ئۇنۋانلار بىلەن شەرقىي تۈركىستانغا ئەۋەتكىلى باشلىدى. ئۇنىڭ مەقسىدى بۇ ياشلارنى شەرقىي تۈركىستاندا ھۆكۈمەت ئىشلىرىغا ئارىلاشتۇرۇپ، شەرقىي تۈركىستاننى مەركەزگە باغلاش ئىدى. جىن شۇرىن. گومىنداڭنىڭ كۈچىدىن قورقۇپ، بۇلارنىڭ ھەرقايسى ۋىلايەتلەرگە بېرىپ. خەلققە جۇمھۇرىيەتنىڭ ئەۋزەللىكى ھەققىدە تەشۋىقات ئېلىپ بېرىشقا رۇخسەت قىلدى. لېكىن. ئۆزۈنىغا قالماي جىن شۇرىن بۇ ياشلارنى ۋىلايەتلەردىن ئۈرۈمچىگە قايتۇرۇپ كەلدى ۋە ھېچقانداق ئىشقا ئارىلاشتۇرمىدى. چۈنكى. خەلق بۇ ياشلارنى ياقتۇرمىغانىدى. بۇ جىن شۇرىن ئۈچۈن. ياخشى بىر باھانە بولۇپ بەردى. جاڭ جېشىنىڭ بۇ پىلانى ئەمەلگە ئاشماي قالدى. بۇندىن كېيىن نېمە بۇلار؟ دەپ ھەركىم ئەندىشە قىلىپ تۇرغان بىر پەيتتە، قۇمۇل ئىنقىلابى قوزغۇلۇپ، ئۈرۈمچى بىلەن چىن ئوتتۇرىسىدىكى يول ئېتىلىپ، بېرىش ـ كېلىش تۇختىدى. بۇسەۋەپ بىلەن جاڭجېشىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى پائالىيىتى توختاپ قالدى.

تۆتىنچى باب

# شەرقىي تۈركىستاندا
# تۆتىنچى قېتىملىق
# ئومۇمىي ئىنقىلاب

## بىرىنچى بۆلۈم

## شەرقىي تۈركىستاندا (تۆتىنچى) ئومۇمىي ئىنقىلاب

شەرقىي تۈركىستاننىڭ، مىلادى 1931 - يىلىدىن باشلاپ، ھازىرغىچە داۋام قىلىۋاتقان مىللىي ئىنقىلابى شەرقىي تۈركىستان تارىخىدىكى ناھايىتى مۇھىم بىر ۋەقە بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. بۇ ئىنقىلاب، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ يېڭىدىن ئويغىنىشى ۋە سائادەت دەۋرىنىڭ باشلىنىشى بولدى. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن بۇ كىتاپتا مەزكۇر ئىنقىلاب ۋەقەلىرىنى بايان قىلىش. بۇ كىتابنىڭ ئەھمىيىتىنىڭ تېخىمۇ ئېشىشىغا ھەسسە قوشىدۇ. لېكىن، بۇ كىتابنى مەن يازغانلىقىم ئۈچۈن. بۇ ئىنقىلاب ۋەقەلىرىنى يېزىشىمدا تۆۋەندىكى سەۋەبلەر مېنى تۆسىدى: [110]

(1) مەن بۇ ئىنقىلابنىڭ مۇھىم ئەزالىرىدىن بىرى بولۇش شەرىپىگە ئىگە بولغانلىقىم ئۈچۈن. باشقا بىر تەرەپسىز كىشى تەرىپىدىن يېزىلسا تېخىمۇ ئۇيغۇن بولاتتى. ئىنقىلاب جەريانىدا ئۆززۈمدىن ئۆتكەن خاتالىق ۋە كەمچىلىكلىرىمنى ئىقرار قىلىش، مەسىلە كىداشلىرىم بولغان باشقا زاتلارنىڭ خاتالىق ۋە كەمچىلىكلىرىنى يوشۇرماي يېزىش تارىخچىلىق ۋەزىپىسىنىڭ ئەڭ مۇھىم شەرتى. بۇ ئىشنىڭ ماڭا قولاي بولمايدىغانلىقى تەبىئىي. چۈنكى، ئۆز خاتالىقلىرىمنى تەكرار سۆزلەش، ۋىجدان ئازابىمنى ئاشۇرىدۇ، مەسىلە كىداشلىرىمنىڭ خاتالىقلىرىنى يازسام، ئۇلار مەندىن ئاغرىنىپ قالىدۇ.

(2) مەن ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن ۋەقەلەرنى شەك - شۈبھىسىز بىلىمەن. ئەمما، كۆرمىگەن ۋەقەلەرنى بىرقانچە قېتىم ئاڭلىغان خەۋەر ۋە ماتېرىياللارغا قاراپ يېزىشىم كېرەك. بۇنىڭدا كاملىك ياكى زىيادىلىك ھەتتا خاتالىق بولۇشىمۇ مۇمكىن.

(3) ئىنقىلاب جەريانىدىكى كۆرەشلىرىمىزدە خەلقىمىزنىڭ بۇ يولدا تۆكۈلگەن قانلىرىنىڭ. كۆتكەن ياخشى ئاقىبەت ۋە سائادەت بىلەن نەتىجىلەنمەي، ئەكسىنچە. بۇ گۈنكىدەك پالاكەتكە مۇپتىلا بولۇپ قالغانلىقى كۆز ئالدىمدا تۇرغانلىقتىن، قولۇم تىترەيدۇ.

(4) شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلابى تۈگىدى دىگىلى بولمايدۇ. ئۇ ھازىر بىرقاراڭغۇلۇق دەۋرىدە تۇرماقتا. ئاقىۋەتتە يورۇقلۇققا چىقىدۇ، دەپ ئۈمىد قىلىمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىنقىلابىمىز نەتىجىلىك ئاياغلاشقاندىن كېيىن، پۈتۈن بۇ ۋەقەلەرنى باشتىن - ئاياق ئالاھىدە بىر كىتاب قىلىپ، يېزىپ چىقىشنى خالايتتىم.

مانا مۇشۇنداق سەۋەپلەرتۈپەيلىدىن كىتابىمنى جىن شۇرىننىڭ ھۆكۈمەت دەۋرىدىكى ۋەقەلەر بىلەن

[110] مۇئەللىپ بۇ ئەسىرنى، قولىيازمىسىدا 614. بەتتە(1987 - يىل نەشرى 526 - بەتتە) ئاخىرلاشتۇرغان.كېيىنچە، بۇ بۆلۈمنى كىرىش سۆز شەكلىدە يېزىپ، بۇ بابقا ئىلاۋە قىلغان (ن. ش. ھ.).

ئاياغلاشتۇرغاندىم. لېكىن، بۇ كىتابىم تاماملانغاندىن كېيىن، ھىندىستاندىكى «شەرقىي تۈركىستان مىللىي بىرلىك جەمئىيىتى» نىڭ ئەزالىرى، خەت يېزىپ، مەزكۇر ئىنقىلاب ۋەقەلىرىنىمۇ بۇ كىتابقا يېزىشىمنى تەلەپ قىلدى. مىنىڭ يوقىرىدا كۆرسەتكەن يازماسلىق ھەققىدىكى سەۋەپلىرىمگە قارىتا تۆۋەندىكىچە ماقۇل كېلىدىغان پىكىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويىدى:

(ئا) سەككىز يىلدىن بېرى بۇ ئىنقىلاب ۋەقەلىرىنى ھېچكىم يازمىدى ۋە بۇندىن كېيىنمۇ بولارنى بىتەرەپ مەيداندا تۇرۇپ يازىدىغان كىشى يوق. سىزدەك بىلىپ، يازىدىغان كىشىمۇ يوق. ئەگەر، سىز يازمىسىڭىز بۇ مۇھىم تارىخىي ۋەقەلەر ئۇنتۇلۇپ كېتىدۇ.

(ب) بىر تارىخچىنىڭ ئۆز ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىشقا ھېچقانداق بىرسەۋەپ توسقۇنلۇق قىلالمايدۇ.

(پ) ئىنقىلاب تۈگىمىدى. لېكىن، بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەلىرىمىز ناھايىتى ئىبرەتلىك ۋەقەلەر بولۇپ، كېلەچەكىمىز ئۈچۈن مۇھىم پايدىلىق تەجرىبە دەسمايىمىز ھېساپلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، مەزكۇر ۋەقەلەرنى شەرقىي تۈركىستاننىڭ يېگانە تارىخى بولغان بۇ كىتابىڭىزغا يېزىش سىزنىڭ بۇرچىڭىزدۇر.

ئەزىز ۋەتەنداشلىرىمنىڭ يازغان خېتى ۋە ئوتتۇرىغا قويغان دەلىللىرى توغرا ۋە مەن بۇنىڭغا ياق دىيەلمەيمەن. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۆزۈم مۇمكىن قەدەر بىتەرەپ مەيداندا تۇرۇپ، كۆرگەن ۋەقەلەرنى، ئاڭلىغان ياكى ۋەسىقىلەردە كۆرگەن خەۋەر ۋە مەلۇماتلارنىڭ ئۆز نەزىرىمدە توغرا ۋە راستلىقى ئىسپاتلانغانلىرىنى خولاسە قىلىپ، يېزىپ چىقىشنى ماقۇل كۆردۈم. ئىنقىلاب مەزگىلىدە مەسلەكداشلىرىمنىڭ ۋەتەن ۋە مىللەت ئۈچۈن قىلغان خىزمەت ۋە پىداكارلىقلىرىنى تولۇق ۋە سەمىمىيەت بىلەن يېزىشقا تىرىشىمەن. ئۆزەمدىن ۋە مەسلەكداشلىرىمدىن ئۆتكەن خاتالىق ۋە كەمچىلىكلەرنى ھەققىي رەۋىشتە ئوتتۇرىغا قويۇمەن. چۈنكى، بونداق قىلمىسام تارىخنىڭ ئەسلى مەقسىدى بولغان ئىبرەت غايىسى يوقىلىدۇ ۋە تارىخچىلىق پەرزىنى ئادا قىلمىغان بولىمەن. شۇنىڭ ئۈچۈن، مۆھتەرەم مەسلەكداشلىرىمنىڭ مەندىن رەنجىمەسلىكلىرىنى ۋە مېنى ئەپۇ قىلىشلىرىنى ئۈمىد قىلىمەن. يەنە، مەندىن باشقا مۇجاھىدلارنىڭ ۋەقەلىرىنى كۆزۈم بىلەن كۆرمەي، ئاڭلىغان خەۋەر ۋە ۋەسىقىلەرگە ئاساسلىنىپ، يازغانلىقىم ئۈچۈن، بەزى يەرلەردە ئاز ـ كۆپ خاتالىقلار بولۇشى ۋە ۋەقەلىك تەپسىلى يېزىلماي قالغان بولۇشى مۇمكىن. بەزى مۇجاھىدلاردىن، دوستلىرىمنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئۆز ۋەقەلىرىنى تولۇق يېزىپ بېرىشلىرىنى ئىلتىماس قىلغانىدىم. ئەپسۇسكى، بۇنىڭغا ۋاقىتلىرى يەتمىدى. بۇ سەۋەپلەر بىلەن مەجبۇرەن ئالدىمغا كېلىپ قالغان بۇ يېتەرسىزلىكلىرىم ئۈچۈن، مۆھتەرەم مەسلەكداشلىرىمدىن ئەپۇ سورايمەن. خاتا جايلىرى بولسا ماڭا مەلۇم قىلىپ، توغرىسىنى بىلدۈرۈشلىرىنى ئۈمىد قىلىمەن. ئىنشائاللاھ ئىككىنچى نەشرىدە بۇ كەمچىلىكلەر تولۇقلىنىپ كېتەر.

مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا (ئىمزا)

مىلادى 1940 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى.

## ئىنقىلابىنىڭ سەۋەبلىرى

ئىنقىلاب سەۋەبىنىڭ ھەقسىز ئىستىلائىكەنلىكىنى ھەركىم بىلىدۇ ۋە قوبۇل قىلىدۇ. شەرقىي تۈركىستاننىڭ كېيىنكى ئۇمۇمىي ئىنقىلابىدا بۇلاردىن باشقا، يەنە، بىرقىسىم يان سەۋەپلەرمۇ بار ئىدى. ئاساسەن ھەقسىزتاجاۋۇزچىلىقتىن كېلىپ چىققان بۇ سەۋەبلەرنى تەپسىلىرەك سۆزلەپ ئۆتۈشنىڭ پايدىسى باردەپ قارايمەن. بۇ سەۋەپلەرنى ئىككى قىسىمغا ئايرىپ، تەھلىل قىلىشقا بولىدۇ: بىرىنچىسى، بىرقاراش بىلەن كۆزگە چېلىقىدىغان سەۋەپ. ئىككىنچىسى، چوڭقۇرراق تەھلىل قىلىپ كۆرگىنىمىزدە مەلۇم بولىدىغان سەۋەپ.

بىرىنچى سەۋەپ ؛ جىن شۇرېننىڭ زالىملىقى ئىدى. جىن شورىن، مۇتەئەسسىپ تۈرك دۈشمىنى، لاياقەتسىز ۋە باشقۇرۇش قابىلىيتى يوق بىرئادەم ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇرۇن بەلگىلەنگەن تۈركلەر ۋە چىنلىقلار ئوتتۇرىسىدىكى بەزى ئىجتىمائىي قانۇنلاردىكى بەراۋەرلىك ئاستا ـ ئاستا يوقالدى. دوتەي، ئامبان ۋە ھەتتا تىجارەتچى ۋە جازانىخۇر چىنلىقلار تۈركلەرگە قولىدىن كېلىشىچە زۇلۇم سالغىلى تۇردى. خەلقنىڭ شىكايەت ۋە ئەرز ـ داتلىرىغا جىن شۇرىن ھېچ قولاق سالمىدى. يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، چىن مەركىزىي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن شەرقىي تۈركىستانغا ئەۋەتىلگەن چىنلىق ياشلار شەرقىي تۈركىستاننىڭ مەۋجۇدىيىتىنى يوقىتىدىغان پىلاننى، يەنى، بىز يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكەن سۇنجۇڭشەننىڭ پىلانىنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن كەلگەنلەر ئىدى. بۇلار دىن بەزىلىرى كوممۇنىستلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ شەرقىي تۈركىستاننىڭ تەقدىرىنى روسلارنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ بېرىش پائالىيەتلىرىدە بولغانلىقلىرى مەلۇم بولۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن خەلق بۇلارنىڭ ھەرئىككىسىنىڭ شەرقىي تۈركىستان ئۈچۈن، خەتەرلىك ئۇنسۇرلار ئىكەنلىكىنى بىلىپ قالدى.

شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ تۇرمۇش ۋە رۇھىي ھالىتىنى تەتقىق قىلمىغان كىشىلەر، ئىنقىلابنىڭ سەۋەبىنى يالغۇز بۇ ھەقسىزلىق ۋە زۇلۇملار دەپ قارايدۇ.

ئىككىنچى سەۋەپ: ئەتراپلىق ۋە چوڭقۇرراق تەتقىق قىلغاندا، 56 يىللىق ئاسارەت دەۋرىدە خەلق چىن تاجاۋۇزىغا قارشى تۇرۇپ كەلدى، چىنلىقلارغا ۋە چىن ئەمەلدارلىرىغا نەپرەت كۆزى بىلەن قارىدى. ئۇلارنىڭ خورلاشلىرىدىن قۇتۇلۇشنى تىلىدى. لېكىن، تۆۋەندىكى سەۋەبلەردىن بۇ ئارزۇلىرىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى مۇمكىن بولمىغانىدى:

1 ـ ئالدىنقى ئىنقىلابلاردا تۆكۈلگەن قانلار ۋە ياقۇپ بەگنىڭ دەھشەتلىك زۇلۇمىدەك پالاكەتنىڭ تەكرار يۈز بېرىپ قېلىشىدىن قورقۇش خەلق ئىچىدە ئۇمۇمىي يۈزلۈك مەۋجۇد ئىدى.

2 ـ چىن تەرەپتارى بەگلەر ۋە شەخسىي مەنپەئەتلىرىنى دەپ، تىنچلىقنى تەسەببۇس قىلىدىغان قالاقلارنىڭ جەمئىيەتتىكى نوپۇزى خېلى كۈچلۈك ئىدى.

3 ـ پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدىكى خەلق ئارىسىدا مۇستەھكەم بىرسىياسى ئالاقە ئورنىتىشنىڭ ئىمكانى يوقتى.

4 ـ چىن ھۆكۈمىتى داۋاملىق قورالىلىق پويۇزا قىلىپ، خەلقنىڭ يۇرىكىنى مۇجۇپ قورقۇتۇپ تۇراتتى. خەلق قورالسىز ئىدى. مانا، بۇ سەۋەپلەر شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى چىن ھاكىمىيىتى ئاستىدا ياشاشقا مەجبۇر قىلاتتى.

لېكىن، كېيىنچە، بولۇپمۇ چىندە جۇمھۇرىيەت قۇرۇلغاندىن كېيىن، شەرقىي تۈركىستاندىكى جاڭجۇڭ ۋە چىنلىق ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى بۇيەرنى ئېغىزدا مەركەزگە تەۋە دېسىمۇ، ئەمىلىيەتتە چىن ھۆكۈمىتىنىڭ نۇپۇزىدىن تاشقىرى مۇستەقىل بىر ئىدارىي تەشكىلگە ئايلىنىپ قالغانلىقى ئاستا ـ ئاستا خەلققە مەلۇم بولۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن خەلق، يۇرتىنىڭ پەقەت بۇ كىشىلەرنىڭ قولىغا قالغانلىقىنى چۈشەندى. خەلق ئۆزلىرىنىڭ ئۇ «ھەيۋەتلىك» چىن دۆلىتى ھاكىمىيىتىنىڭ ئەمەس، بەلكى ئازسانلىق بىرئۇچۇم چىنلىق كۆچمەنگە مەھكۇم بولۇپ قالغانلىقىنى بىلگەنسېرى قاتتىق ۋىجدان ئازابى ۋە خىجالەتچىلىك ئىچىدە قالدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئاچكۆز مۇستەبىتلەرنى باشلىرىدىن چۆرۈپ تاشلاشنىڭ مۇۋاپىق يولىنى ئويلاشقا باشلىدى.

ئەپسۇسكى، يەنە ئىتتىپاقسىزلىق، يۇرتتىكى نۇپۇزلۇق «كاتتا» لەرنىڭ غەپلەتتە قېلىشى، كونىلىققا ئېسىلىۋېلىشى ۋە ئۇنى ساقلاپ قېلىش ۋە ئاۋام خەلقنىڭ تەجرىبىسىزلىكى بۇ ئىشنى كېچىكتۈرمەكتە ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە شەرقىي تۈركىستاندىكى جاڭجۇڭ ۋە چىنلىق ئەمەلدارلار بۇ ۋەزىيەتتىن خەۋەردار بولۇپ، بىرقىسىم مەنپەئەتپەرەست «يۇرت كاتتىلىرى» نى يوقىلاڭ بەزى ئىشلار بىلەن خوش قىلىپ، ئۆزىگە تارتىپ تۇرغان. شۇڭا، تاجاۋۇزچى ھۆكۈمرانلار بۇ ئىنساپسىز ئىشغالىيىتىنى قىيامەتكىچە داۋام قىلدۇرۇش خام خىيالىنى قىلماقتا ئىدى. لېكىن، ۋەزىيەتنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە خەتەرلىك بولۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئويلاۋاتقانلارنىڭ سانى يۇشۇرۇنچە كۆپىيىۋاتاتتى. بۇلارنىڭ تولاراقى، بىرئۇچۇم چىنلىق ئەمەلدارلارنىڭ ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، شەرقىي تۈركىستاننىڭ سىياسى مەسىلىسىنى، توغرىدىن ـ توغرا شەرقىي تۈركىستان خەلقى ۋە چىن جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتى ئارىسىداھەل قىلىش لازىم دېگەن كۆز قارىشتا بىرگەكەلگەنىدى. ئەمما، بۇكۆز قاراشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن بۇ زىيالىلارنىڭ بىر تەشكىلات ئىچىدە بىرلىشىشى كېرەك ئىدى. بۇنداق بىر تەشكىلاتنى قۇرۇش ئۈچۈن، خەلق ئىچىدىن تەجرىبىلىك سىياسەتچىلەرنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى لازىم ئىدى. ئەپسۇسكى، ئۇ ۋاقىتلاردا رەھبەرلىك قابىلىيىتىگە ئىگە كىشىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقمىغانلىقى ھەممىگە مەلۇم. شۇنداق بولسىمۇ، خەلق بۇنىڭدىن ئۈمىتسىزلەنمىدى ۋە مەزكۇر كۆزقاراشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، يۇشۇرۇنچە تۆۋەندىكى پائالىيەتلەر ئېلىپ بېرىلدى.

ـ شەرقىي تۈركىستاندىكى چىنلىقلارنىڭ قانچىلىك بىركۈچكە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئىنىقلاش.

ـ خوشنا دۆلەتلەرنىڭ ئىنقىلابىمىزنى پۇرسەت دەپ بىلىپ، شەرقىي تۈركىستانغا ئەسكىرىي مۇداخىلە قىلىش ۋەقىلماسلىقىنى ئېنىقلاش.
ـ خەلقنىڭ روھىي ھالىتىنى تەدقىق قىلىپ، ئىنقىلابقا نىسبەتەن ھازىرلىقىنى كۆزىتىش ۋە ئىنقىلابىي كۈرەشتە ۋەزىپە ئالالىغان قابىلىيەتلىك ۋە جەسۇر كىشىلەرنى تېپىپ چىقىش.
ـ ھەرقايسى جايلاردا ئىنقىلابىي تەشكىلات قۇرۇپ چىقىش ئىمكانىيەتلىرىنى تەكشۈرۈپ چىقىپ. ئىنقىلاب مەركىزىنىڭ قايسى جايدا بولۇشى مۇناسىپ ئىكەنلىكىنى بەلگىلەش.

يوقىرىقى پائالىيەتلەرنىڭ بەزىلىرىگە ھەتتا ھەممىسىگە ئەھمىيەت بېرىپ، ئەمەلىي سۈرەتتە پائالىيەتكە كىرىشكەن كىشىلەردىن بىرقانچىسىنى بىلىمەن. ئەمما، بۇ كىتابتا ئۇلارنىڭ ئىسىملىرىنى زىكىر قىلىشنى ئۇيغۇن كۆرمىدىم. خەلق، بۇ پائالىيەتلەر نەتىجىسىدە بىر تەشكىلات قۇرۇپ چىقىش باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقان چاغدا ئىنقىلاپ قوزغالدى. يەنى، يۇقىرىدا بايان قىلىنغان شەكىلدە بىر تەشكىلات مەيدانغا چىقماستىن بۇرۇن ئىنقىلاب باشلاندى ۋە ئىنتىزام بىكىتىلمەي تىزلا كېڭەيدى. قىسقا بىر زامان ئىچىدە ئومۇملىشىپ، ئەھلى بولمىغان كىشىلەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالدى. ئۇزۇندىن بېرى كۆڭلىگە يەرلەشكەن بۇ ئىنقىلابقا ئومۇمىي خەلق دەرھال قېتىلدى. ئۇ كۈنگىچە، تاجاۋۇزچىلارنىڭ داۋاملىق ئېلىپ بېرىۋاتقان ۋەھشىلەرچە قىرغىنچىلىقى ۋە زۇلۇملىرىغا قارىماستىن شەرقىي تۈركىستان خەلقى ئۈمىد بىلەن ئازاتلىق ئۈچۈن پىداكارلىق كۆرسەتتى. بۇلار تېۋغرا كۆزقاراش، مۇستەھكەم ئىرادە ۋە ۋەتەن مىللەت سۆيگۈسىنىڭ نەتىجىسى ئىدى.

1 ـ پەسىل

## قۇمۇل ئىنقىلابى

شەرقىي تۈركىستاندا مىسلى كۆرۈلمىگەن زۇلۇم ۋە ئىستىبدات بىلەن 17 يىل ھۆكۈم سۈرگەن ياڭزېڭشىن، 1928 ـ يىلى پەن ياۋنەن تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، جىن شۇرېن ئىش بېشىغا چىقتى. جىن شۇرېنمۇ ياڭغا ئوخشاش جاھىللىق بىلەن مۇستەبىتلىك سىياسىتىنى يۈرگۈزدى. قۇمۇل ئىنقىلابى زۇلۇم ۋە ھەقسىزلىققا قارشى كۆتۈرۈلگەن ئىنقىلاب بولۇپ، يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن بىرىنچى خىل سەۋەبلەرگە ئۇيغۇن مىللىي ئىنقىلاپ شەكلىنى ئالغان.

قۇمۇل يۇرتىمىزنىڭ شەرقىي شىمالىدا، تەڭرى تاغلىرىنىڭ ئېتەكلىرىگە جايلاشقان بىر ۋىلايەت. ئاراتۈرك، ئازغان بۇلاق، بارىكۆل، تاراتۇ، تاشبالىق، تۇزكۆل، خوتۇنتام، قوراي، شوپۇل، نوم، نېرىن كىر ۋە قۇمۇل شەھەرلىرى بولۇپ ئون ئىككى جىلغىدىن ئىبارەت. مانجۇ دەۋرىنىڭ باشلانغۇچىدىن تارتىپ، جىن شۇرېن زامانىسىغىچە «ۋاڭ» لار ۋاستىسى بىلەن ئىدارە قىلىنىپ كەلگەن قۇمۇل خەلقى زۇلۇم ۋە ئېغىر ئالۋاڭ ـ سېلىققا ۋە خورلىنىشقا قارشى مىلادى 1911ـ يىلى تۆمۈر خەلپەت

رەھبەرلىكىدە ئىسيان كۆتۈرۈپ چىققان. تاجاۋۇزچىلار بۇ ئىسيانىنى ھىيلە- مىكىر ئىشلىتىپ، قانلىق باستۇرغان. 1928- يىلى ۋاڭلىق ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى ۋە قۇمۇل ئۈچ ناھىيىگە بۆلۈنۈپ چىنلىقلاردىن ھاكىم تەيىنلەپ، بىۋاستە ئىدارە قىلىندى. جىن شۇرېن شۇ يىلى گەنسۇدىكى يەر تەۋرەش ئاپىتىدە ئۆيسىز قالغان نۇرغۇن چىنلىقنى قۇمۇلغا كۆچۈرۈپ كەلدى. ئۇلارنى يەرلىك خەلقتىن تارتىۋالغان ئۆي - جايلارغا يەرلەشتۈردى. قۇمۇل خەلقىگە ئۈستىلەپ ئالۋاڭ قويۇپ، چىنلىقلارنى باقتى. چىنلىق ھاكىملارنىڭ خەلققە سالغان زۇلمى ھەددىن ئاشتى. ھەتتا، ئىپپەت - نومۇسغا تاجاۋۇز قىلىشتىن تارتىنمىدى. بۇنىڭغا ئوخشاش زۇلۇم ۋە ئاستىملاتسىيە ۋەقەلىرى ئىنقىلاب قوزغىشىنىڭ شارائىتىنى ھازىرلىدى. ھىجرى 1350- يىلى (مىلادى 1931 - يىلى 5 - ئاينىڭ 19 - كۈنى شوپۇل جىلغىسىنىڭ بېگى سالى دورغا، يېنىغا 40 - 50 قورالىق ئادەم توپلاپ، بىر كېچىدە تۇيۇقسىز باسقۇن قىلىپ، يامۇنغا ھۇجۇم قىلدى. ھاكىم ۋە بىرقانچە چىنلىق ئەسكىرىنى ئۆلتۈرۈپ بەزىلىرىنى ئەسىر ئالدى. ئۇلارنىڭ مىلتىق ۋە ئوق - دورىلىرىنى ئولجا ئالدى. بۇنى ئاڭلىغان خەلق تەرەپ - تەرەپتىن كېلىپ سالى دورغىغا قېتىلدى. نەتىجىدە، سالى دورغا خېلى كۆپ كۈچ توپلىدى. بۇ ئىسيان بىر مىللىي ئىنقىلابقا ئايلاندى. (23- خەرىتىگە قاراڭ) جىن شۇرېن بۇ ئىنقىلابنى باستۇرۇش ئۈچۈن قۇمۇل تاغلىرىغا ئەسكەر يوللىدى. قۇمۇل تاغلىرىنىڭ تەبىئىي شارائىتى ئىنقىلابچىلار ئۈچۈن تەبىئىي بىر ئىستىھكام ئىدى. ئىنقىلابچىلار ئىچىدىكى مەرگەن ئوۋچىلار ئۇزاقتىن نىشانلاپ ئېتىپ، جىن شۇرېننىڭ ئەسكەرلىرىگە ئېغىر زەربە بەردى. جىن ئەسكەرلىرىنىڭ تولىسى ئۆلۈپ، قالغانلىرى پاراكەندە بولۇپ قۇمۇلغا قاچتى. ئىنقىلابچىلار، بۇ غالىبىيەتلىرى بىلەن جاسارەتلىنىپ، قۇمۇلنىڭ پۈتۈن جىلغىلىرىنى ۋە قۇمۇل شەھەر ئەتراپىنى قولغا ئالدى. جىن شۇرېن، بۇخەۋەر تۈركىستاننىڭ باشقا جايلىرىغا يېتىپ بارماستىن بۇرۇن بۇ ئىنقىلابنى باستۇرۇش ئۈچۈن زور قوشۇن يوللىدى. بۇ قوشۇن، ھەم قۇمۇل ئىنقىلابچىلىرىغا ھەم باركۆل تەرەپتىكى ئىنقىلابچىلارنىڭ ئۈستىگە بىرلا ۋاقىتتا ھۇجۇم باشلىدى. بۇ ھۇجۇم نەتىجىسىدە، سالى دورغا بىرقىسىم ئادەملىرى بىلەن چېكىندى. سالى دورغىغا كېيىنچە كېلىپ قوشۇلغان يەنە بىرجىلغىنىڭ بېگى خوجىنىياز ھاجى، دۈشمەن ئۈستۈنلۈك قازانسا، خەلقنىڭ قىرغىنچىلىققا ئۇچرايدىغانلىقىنى سەزدى ۋە غەيرەت قىلىپ، دەرھال پۈتۈن ئوۋچىلارنى توپلاپ، قايتارما ھۇجۇم بىلەن دۈشمەننى چېكىندۈردى. ئۇنىڭدىن كېيىن، دۈشمەنگە يوشۇرۇنۇپ تۇرۇپ زەربە بېرىش، ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىشتەك پارتىزانلىق تاكتىكا بىلەن جىن ئەسكەرلىرىگە قاتتىق زەربە بېرىپ قاچۇردى. شۇنىڭ بىلەن خوجىنىياز ھاجى، قۇمۇل تاغلىرىنىڭ پۈتۈن جىلغا ئېغىزلىرىنى توساپ مەرگەن ئوۋچىلارنى يەرلەشتۈرۈپ مۇستەھكەم مۇداپىئە بازىسىنى قۇرۇپ چىقتى. ئۆزى بۇ تاغلىق رايۇننىڭ سىرتىغا چىقمىدى. ئىنقىلاب رەھبەرلىكى خوجىنىيازھاجىنىڭ قولىغا ئۆتۈپ، ئىنقىلابنى ياخشى بىر شەكىلدە ئىدارە قىلدى. جىن شۇرېن كۈچىنىڭ يېتىشىچە ئەسكەر چىقىرىپ، داۋاملىق تاغدىكى

ئىنقىلابچىلار بىلەن ئۇرۇشۇپ تۇردى. لېكىن، ھەرقېتىمدا جىن ئەسكەرلىرى ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى. قۇمۇلنىڭ تۆزلەڭ جايلىرى جىن شۇرېننىڭ قولىدا بولۇپ، بۇيەرلەردە تەخمىنەن 20000 ئەسكىرى بار ئىدى . قۇمۇلنىڭ ئەڭ مۇنبەت قىسمى بولغان تاغلىق رايۇننىڭ ھەممىسى خوجىنىياز ھاجىغا تەۋە بولدى. بۇ ۋەزىيەت ئۇن ئاي داۋام قىلدى.

بۇ ئارىدا، سۇجۇ ۋە دۇڭخۇاڭنىڭ ھۆكۈمدارى ماجۇڭيىڭ (گاسىلىڭ) نىڭ قول ئاستىدىكى بەزى تۇڭگانلار، خوجىنىياز ھاجىنىڭ قېشىغا كېلىپ خىزمەت قىلغىلى باشلىغان. خوجىنىيازھاجى بىلەن ماجۇڭيىڭ ئۆز ئارا خەت - ئالاقە قىلىشىپ، دوستلۇق مۇناسىۋىتىمۇ ئورناتقان. ماجۇڭيىڭ، بۇ ۋەزىيەتتىن پايدىلىنىپ، شەرقىي تۈركىستاندىن بىرمىقدار ئولجا ۋە قورال - ياراق قولغا كەلتۈرۈش نىيىتى بىلەن تۆت مىڭغا يېقىن ئەسكىرىنى ئېلىپ، قۇمۇلغا كەلدى. خوجىنىياز ھاجى بىرقىسىم ئەسكەرلىرىنى ماجۇڭيىڭنىڭ ياردىمىگە ئەۋەتكەن بولسىمۇ، ئۆزى ئۇنىڭغا قوشۇلماي ئىستىھكاملىرىدىن چىقماي تۇردى. خوجىنىيازھاجىنىڭ تۇتقان بۇ يولى ناھايىتى پايدىلىق بىر يول ئىدى. چۈنكى، تۇڭگانلارنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا چىقىشتىكى مەقسىدى خوجىنىياز ھاجىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن بولماستىن، ئۇنىڭ ياردىمى بىلەن جىن شۇرېن بىلەن ئۇرۇشۇپ تۇرۇپ، بىرقىسىم قورال - ياراق ئولجا ئېلىۋېلىش ۋە يۇرتنىڭ بەزى جايلىرىدا بولاڭ - تالاڭ قىلىپ، باي بولۇۋېلىپ قايتىپ كېتىشتىن ئىبارەت ئىدى. ماجۇڭيىڭ شەرقىي تۈركىستانغا كېلىۋېتىپ، يولدا مەشھۇر ساياھەتچى شۋېتسارىيەلىك سۋېن ھېدىن ۋە ھەمرا لىرىنى شۇ چاغدا بۇلىغاندى.

ماجۇڭيىڭ، خوجىنىيازھاجى ۋە قۇمۇلدىكى تۇڭگانلارنىڭ ياردىمى بىلەن جىن شۇرېننىڭ قۇمۇلدىكى ئەسكەرلىرىنى مەغلۇپ قىلىپ، سېپىل ئىچىگە مۇھاسىرىگە ئالدى. قۇمۇلنىڭ 114 مىل غەربىگىچە ئىلگىرىلەپ كىرىپ، بۇجايلاردىكى خەلقنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلدى. جىن شۇرېننىڭ ئەسكەرلىرىدىن ئولجىغا ئالغان قوراللارنى ۋە خەلقتىن بۇلىغان ماللارنى 4 - 5 يۈز تۆگىگە يۈكلەپ، سۇجۇغا قايتتى. ماجۇڭيىڭ بۇ غەنىمەتلەردىن خوجىنىياز ھاجىنىڭ ئەسكەرلىرىگە ھېچ نەرسە بەرمىدى. ماجۇڭيىڭنىڭ بولاڭچىلىقى، بىگۇنا خەلقنى بولاپ - تالاپ ئۆلتۈرگەنلىكىگە ئوخشاش قىلمىشلىرىدىن غەزەبلەنگەن خوجىنىيازھاجى ئۇنىڭ بىلەن بولغان دوستلۇقنى ئۈزدى ۋە ئىككىنچى ئۇنىڭ بىلەن ئالاقە قىلماسلىققا قارار قىلىپ، تاغلىق رايۇننى ئوبدان مۇداپىئە قىلىپ، كۈچىنى ئاشۇرۇشقا تىرىشتى. جىن شۇرېن، ماجۇڭيىڭنىڭ قايتىپ كېتىشىنى خوجىنىيازھاجىنى مەغلۇپ قىلىش ئۈچۈن پۇرسەت دەپ بىلىپ، شېڭ ئىسمىلىك بىر ئەمەلدارنىڭ رەھبەرلىكىدە قۇمۇلغا نۇرغۇن ئەسكەر يوللىدى. شېڭ بىرقانچە قېتىملىق ئۇرۇشلاردىن كېيىن، خوجىنىيازھاجىنىڭ مەركىزى بولغان جىلغىغا بارىكۆل تەرىپىدىن كىرىشكە مۇۋەپپەق بولدى.

نەتىجىدە، خوجىنىيازھاجى مەغلۇپ بولۇپ، مەركىزى بازىسىنى تاشلاپ، پۈتۈن كۈچىنى ئېلىپ،

شەرقتىكى قارلىق تاغلارغا چېكىندى. شېڭ، قۇمۇلنىڭ كۆپ قىسمىنى ئىشغال قىلدى. قىشتا خوجىنىياز ھاجىنىڭ ئەسكەرلىرى ئۇشتۇمتۇت باسقۇن قىلىپ، شىڭنى كۆپ چىقىمغا ئۇچراتتى، ئوزۇق - تۈلۈك ۋە باشقا لازىماتلىكلىرىنى ئولجا ئېلىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن شېڭ قۇمۇلنىڭ تاغلىق رايونلىرىدىن چېكىنىپ چىقتى ۋە خوجىنىيازھاجى ئۆز جايىغا قايتىپ كەلدى. ھىجرى 1350- يىلى رامىزان ئايىدا(مىلادى 1931 - يىلى 12 - ئايدا)، باركۆل تاغلىرىدىكى قازاقلار بارىمۇللا ئىسىملىك بېگىنىڭ رەھبەرلىكىدە ئىنقىلاب قوزغاپ، پۈتۈن باركۆلنى قولغا چۈشۈردى. ئەتراپتىكى چىنلىقلارنى يوقىتىپ، ئۆي ۋاقىلىرىنى كۆيدۈرۈپ، ماللىرىنى ئولجا ئالدى. جىن شۇرېن باركۆلگە زور بىر قوشۇن يوللاپ، بارىمۇللىنى مەغلۇپ قىلدى. باركۆلدىكى چىنلىقلارنىڭ زىيىنىنى جىن شۇرېن پۈتۈن شەرقىي تۈركىستان خەلقىدىن زورلۇق بىلەن پۇل يىغىپ تۆلەتتى.كېيىنچە، جىن شۇرېن بىر ھىيلە ئىشلىتىپ بارىمۇللىنى تۇتۇۋالغان بولسىمۇ، قازاقلار تاغدا ئۆز مۇستەقىللىقلىرىنى ساقلاپ قالدى.

شېڭ قۇمۇل تاغلىرىدىن مەغلۇب بولۇپ، قېچىپ كەلگەندىن كېيىن، جىن شۇرېن خوجىنىيازھاجىنىڭ ئۈستىگە ھۇجۇم قىلىشقا جۈرئەت قىلالمىدى. ئەمما، قۇمۇل شەھىرى ئىچىدە ۋە باركۆلدە نۇرغۇن ئەسكەر تۇرغۇزۇپ، مۇداپىئەسىنى كۈچەيتتى. خوجىنىياز ھاجىنىڭ ئەسكەرلىرى پات - پات چىقىپ، جىن شۇرېنىنىڭ ئەسكەرلىرىگە ھۇجۇم قىلىپ، قورال - ياراق ۋە ئوزۇق - تۈلۈك ئولجا ئېلىپ تۇردى. 1932 - يىلىدىن باشلاپ، خوجىنىياز ھاجىنىڭ ھەربىي ۋەزىيەتى كۈچلىنىپ، پۈتۈن قۇمۇل ۋىلايىتى ئۇنىڭ نوپۇزى ئاستىغا كىردى. شۇنىڭ بىلەن جىن شۇرېننى قاتتىق قورقۇ باستى. يەنە بىرتەرەپتىن، خوجىنىيازھاجىنىڭ مۇۋەپپەقىيەت خەۋىرى مۇبالىغىلىرى بىلەن پۈتۈن شەرقىي تۈركىستانغا يېيىلدى ۋە پۈتۈن خەلقنىڭ كۆزى ئۈمىد بىلەن قۇمۇل تەرەپكە تىكىلدى.

جىن شۇرېن، بۇ ۋەزىيەتكە چارە ئىزدەپ، ئاخىرى روسلار بىلەن بىر مەخپىي كېلىشىم ئىمزالىدى. بۇ كېلىشىمنىڭ مەزمۇنىدىن تولۇق ۋاقىپ بولمىساقمۇ، جىن شۇرېن سوۋېتلەرنىڭ ياردىمى بىلەن ئىنقىلابنى بېسىقتۇرۇپ بولۇپ، بۇنىڭ بەدىلىگە سوۋېتلەرگە شەرقىي تۈركىستاندا كەڭرى بىر ئىقتىسادىي ئىمتىياز بېرىشكە ۋەدە قىلغان، دەپ ئېيتالايمىز. چۈنكى، بۇ كېلىشىمگە ئاساسەن سوۋېتلەر جىن شۇرېنغا كېرەكلىك قورال - ياراق ۋە باشقا ئەسكىرىي لاۋازىماتتىن باشقا، ئايرۇپىلانمۇ بەرمەكچى ھەتتا، لازىم بولسا ئەسكەر بېرىشكىمۇ ۋەدە قىلغان. شۇنىڭ بىلەن سوۋېتلەر جىن شۇرېنغا يەتتە ئايرۇپىلان (ئۇچقۇچىلىرى بىلەن)، قورال - ياراق ۋە ئوق - دورائەۋەتتى.

جىن شۇرېن بۇ ئايروپىلانلارنى خوجىنىيازھاجىنىڭ ئۈستىگە ئەۋەتكەن بولسىمۇ تاغلىق رايۇنلاردا

ئايروپىلاننىڭ رولى بولمىدى. بۇ ۋەزىيەت، خوجىنىياز ھاجىنىڭ تۇرپانغا يۈرۈش قىلىشىغىچە داۋام قىلدى.

ئىمىن ۋاھىدى[111] ئۆزىنىڭ «ئىنقىلاب خاتىرىلىرى» دېگەن ئەسىرىدە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «شۇ ئارىدا، موغۇلىستاندىن جاڭ سىلىڭ دورغا دېگەن بىر كىشى بىرقىسىم ئاتلىق ئادەملىرى بىلەن كېلىپ، ھاجىم بىلەن كۆرۈشۈپ، شەرقىي تۈركىستاندا، موغۇلىستانغا ئوخشاش سوۋېت ھىمايىسىدە بىردۆلەت قۇرۇپ، ھاجىمنىڭ رەئىس جۇمھۇر بولۇشىنى تەكلىپ قالغان ۋە ئۆزىنىڭ بۇئىشقا ياردەم قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەنىدى. ھاجىم بۇلار ئىشەنگىدەك بىرەر ھەرىكەتتە بولمىغان .......»

2 ـ پەسىل

## تۇرپان ئىنقىلابى

خوجىنىيازھاجى يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك، قولغا كەلتۈرگەن ئۇستۇنلۈكىدىن ۋە غالىبىيىتىدىن مەغرۇرلىنىپ كەتمىدى. چۈنكى، مۇداپىئە مەركەزلىرىدىن چىقىپ، ئۇرۇش باشلاش ئۈچۈن تېخى يېتەرلىك كۈچكە ئىگە ئەمەسلىكىنى ياخشى بىلەتتى. ھازىرقى تۇرۇۋاتقان يېرى ناھايىتى مۇستەھكەم ئىدى. بۇ يەردە تۇرۇپ كۈچ توپلاپ، يېڭىلمەس بىركۈچ بىلەن يۈرۈش قىلىشنى ئويغۇن دەپ ھېساپلايتتى. ھەقىقەتەنمۇ خوجىنىياز ھاجىنىڭ بۇ پىكرى بەك توغرا بىر پىكىر بولغانىدى.

بۇرۇن ماجۇڭيىڭدىن ئايرىلىپ، ياكى كېيىنچە گەنسۇدىن چىقىپ، خوجىنىيازھاجىنىڭ خىزمىتىگە كىرگەن ماشىمىن، ماپۇيەن ۋە ماجىسا باشچىلىقىدا ئىككى يۈزدەك تۇڭگان بار ئىدى. بۇلار بىر ئاز ھەربىي تەلىم ـ تەربىيە كۆرگەن ئادەملەر بولغانلىقى ئۈچۈن، خوجىنىياز ھاجى بۇلارنى ئەسكەرلىرىگە ھەربىي تەلىم ـ تەربىيە بېرىشكە تەيىنلەپ، خىزمەتكە سالغان. بۇ تۇڭگانلارخۇجىنىيازھاجىنى ھەدەپ تۇرپانغا يۈرۈش قىلىشقا ئۈندىگەن بولسىمۇخۇجىنىيازھاجى بۇلارغا قولاق سالماي ئۆزىنىڭ يۇقىرىدىكى پىكرىدە چىڭ تۇردى. ئەسلىدە، ئىنقىلابچى بولمىغان ۋە داۋاملىق بۇلاڭ ـ تالاڭ بىلەن ئادەتلىنىپ كەلگەن بۇ تۇڭگانلار سەۋرسىزلىنىپ، ھىجرى 1351 ـ يىلى شابان ئېيىدا(مىلادى 1932 ـ يىلى 12 ـ ئايدا)، ئىسيان چىقاردى. خوجىنىياز ھاجى بۇلارنىڭ ئىسيانىنى باستۇردى ۋە ئۇلارنى تاغ جىلغىلىرىدىن ھەيدەپ چىقىرىۋەتتى. بۇ تۇڭگانلار قېچىپ، ئارقا يوللار بىلەن تۇرپاننىڭ ئەڭ شەرقىدىكى «چىقتىم» دېگەن يەرگە كېلىپ، «خۇجىنىيازھاجى پۈتۈن ئەسكىرىنى ئېلىپ، يېتىپ كەلدى» دەپ سۆز تارقاتتى. ماشىمىن، خوجىنىياز ھاجى نامىدىن تۇرپانغا شۇ مەزمۇندا بىرخەت يېزىپ

[111] ئىمىن ۋاھىدى ـ (ئىمىن بەگ ۋاھىدى) مىسىر دىكى جامە ئەزھەردە ئوقۇغان. مەھمۇد سىجاڭنىڭ يېقىن سەپدىشى بولۇپ، ھەم ئۇنىڭغا كاتىپ بولغان. ئىمىن ۋاھىدىنىڭ لاھۇر(ھىندىستان) دا، 1938 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى، يېزىپ تاماملىغان «ئىنقلاب خاتىرىسى» نىڭ ئۆزقولىيازمىسى ھازىر م. ئى. بۇغرا ئارخىپىدا ساقلانماقتا. (ن. ش. ھ. ).

ئەۋەتتى: «ئىمىن باي، مەھمۇد باي (مۇھىتى) ۋە ئىبراھىم دۇرغالارغا مەلۇم بولسۇنكى، بىز نۇرغۇن ئەسكەر بىلەن چېقىتىم دېگەن جايغا كەلدۇق. سىزلارمۇ ھازىرلىق كۆرۈڭلار......»
بۇخەۋەرنى ئاڭلىغان تۇرپان خەلقى ھاياجانلىنىپ، ھەر تەرەپتە قوزغىلىش ھازىرلىقى باشلىنىپ كەتتى. تۇرپاننىڭ شەرقىگە جايلاشقان پىچان شەھىرىنىڭ خەلقى، ئىنقىلاپ قوزغىدى. ماشىمىنلارمۇ قوشۇلۇپ، شەھەرنى ئالدى. بۇ ئەھۋالدا، قۇمۇل بىلەن پىچان ئوتتۇرىسىدىكى كۆچمەن ئاق ئورۇسلاردىن تەركىب تاپقان ئەسكەرلەر ئىنقىلابچىلارنىڭ ئۈستىگە ھۇجۇم قىلدى. شەھەردىكى ئىنقىلابچىلار مەغلۇب بولۇپ چېكىندى. جىن شۇرىننىڭ ئاق ئورۇس ئەسكەرلىرى شەھەرخەلقىنى قورقۇنىچ سۈرەتتە قىرغىن قىلدى ۋە بولاڭ ـ تالاڭ قىلىپ، شەھەرنى ۋەيران قىلىۋەتتى. ماشىمىنلار لۈكچۈننىڭ دىغاي دېگەن يېرىگە چېكىندى.

قۇمۇلدا ئىنقىلاب قوزغالغان كۈندىن باشلاپ، تۇرپاننىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىرىدىن ھەمدۇللا ئەلەم، مەقسۇد مۇھىتى، مۇسىل مۇھىتى، مەھمۇد مۇھىتى ۋە ئابدۇللا دامۇللام قاتارلىق مۇنەۋۋەر كىشىلەر قۇمۇل ئىنقىلابىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن مەسلىھەت قىلىشىپ، پۇرسەت كۈتۈپ تۇراتتى. بۇ ئارىدا، تۇرپان ئاستانە خەلقىمۇ ھەرىكەتكە كېلىپ، ئاستانىنى قولغا چۈشۈرگەن ئىدى. مەقسۇد باي (مەھمۇد مۇھىتىنىڭ ئاكىسى) باشچىلىقىدا تۇرپان مۇنەۋۋەرلىرى «خوجىنىياز ھاجىمنى باشلاپ كېلىمىز» دەپ، ئاستانىدىن لۈكچۈنگە كېلىدۇ. كەلگەنلەرنىڭ ئازسانىدىكى تۆڭگانلار بولۇپ، خوجىنىياز ھاجىنىڭ تېخى ئۆز مەركىزىدىن تاشقىرىغا چىقمىغانلىقى مەلۇم بولىدۇ. ۋاقىتسىز ھەرىكەت باشلىغانلىقلىرىنى ئۇقۇپ، قاتتىق پۇشايمان قىلىدۇ ۋە ماشىمىن قاتارلىق تۆڭگانلارنى خوجىنىياز ھاجىمنىڭ قېشىدىن كەلگەن «ئۇلۇغ مۇجاھىد» لار دەپ، ئۇلارنى ئاستانىغا باشلاپ كېلىدۇ. شۇكۈنى تۇرپاندىن ئاستانىغا ئەۋەتىلگەن ئۈچ يۈزدەك چىن ئەسكىرى ئاستانە ۋە قاراخوجا خەلقى تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنىپ، ئۈچ يۈز دانە مىلتىق ۋە ئوق ـ دورا ئولجا ئېلىنىدۇ. ئەرتىسى، ئاستانە ئەتراپىدىكى لۈكچۈن، قاراخۇجا، لىمۇجىن، مورتۇق ۋە ياڭخى قاتارلىق كەنتلەردىن ئۈچ مىڭدەك كىشى كېلىپ قوشۇلىدى.

شۇنىڭ بىلەن تۇرپان خەلقى تۆڭگانلار بىلەن بىرلىشىپ، تەرەپ ـ تەرەپتىن چىنلىقلارنىڭ ئۈستىگە ھۇجۇم قىلغىلى باشلايدۇ. قاتتىق ئۇرۇشلاردىن كېيىن، 1933ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا تۇرپان ۋىلايىتىگە نەۋە پۈتۈن جايلار ئازات قىلىنىدۇ. تۇرپاندىكى تۆڭگانلارنىڭ ھەممىسى قوراللىنىپ ماشىمىن ۋە ئۇنىڭ ھەمرالىرىغا قېتىلدى. بىر تۆڭگاننى باشلىق قىلىپ، ئۇنىڭغا «ساۋفىي سىلىڭ» دەپ نام بەردى. تۇرپان خەلقى بۇ ئىشقا نارازى بولسىمۇ ئىختىلاپ چىقمىسۇن دەپ مەجبۇرەن ساۋفىي سىلىڭغا ئىتائەت قىلدى.

ئۇرۇمچىدىن بەي زىخۇي (قوماندانلىق شتابىنىڭ رەئىسى) باشچىلىقىدا زۇر بىر قوشۇن ئۇن ئىككى ماشىنىدا توپ ـ زەمبىرەكلەر بىلەن تۇرپانغا ھۇجۇم قىلدى. تۇرپان ئىنقىلابچىلىرى ۋە تۆڭگانلار،

شەھەرنىڭ تېشىدا دۈشمەننى توساپ، قاتتىق زەربە بېرىپ مەغلۇپ قىلدى. بەي زىنخۇي قاچتى.

ئىنقىلابچىلار ئارقىسىدىن قوغلاپ، خوگولۇ جىلغىسىدا ئارقىسىدىن يېتىشىپ، قاتتىق بىرھۇجۇم بىلەن دۈشمەننى پاراكەندە قىلىۋەتتى. ئون ئىككى ماشىنا بىلەن توپ ـ زەمبىرەك ۋە ئوق ـ دورا نىڭ ھەممىسى ئىنقىلابچىلارنىڭ قولىغا چۈشتى. بۇ ئۇرۇشتا ساۋفى سىلگىنى تۇرپان مۇجاھىدلىرىدىن بىرى دۈشمەن دەپ قېلىپ، ئۆلتۈرۈۋەتكەندى. ئۇنىڭ ئورنىغا ماشىمىن ساۋفى سىلىڭ بولدى. بۇ ئۇرۇش نەتىجىسىدە، خوگولۇ جىلغىسى ۋە داۋانچىڭ ئېغىزى ئىنقىلابچىلارنىڭ قولىغا ئۆتۈپ، چوڭ يول بىلەن ئۈرۈمچىگە ئەسكەر كېلىش ئىمكانىيىتى يوق قىلىندى. قۇمۇلدا ئىنقىلاب داۋام قىلىۋاتقان كۈنلەردە توقسۇن خەلقىمۇ ئىنقىلاب ھازىرلىقىغا كىرىشكەندى. توقسۇندىن توختى ئاخۇن (بەگ) باشلىق ئون كىشى تۇرپانغا بېرىپ، ئىنقىلاب رەھبەرلىرىدىن يوليورۇق سورايدۇ. رەھبەرلەر توختى بەگكە ماشىمىننىڭ ئادىمىدىن بىرنى قوشۇپ بېرىپ، توقسۇندا ئىنقىلاب قوزغاشقا ئەۋەتىدۇ. توختى بەگ ئىككى يۈزدەك مۇجاھىدى بىلەن شەھەرگە ھۇجۇم قىلىپ، ئازات قىلىدۇ. توقسۇن ۋە كۆمۈشتىن قېتىلغان 5 ـ 6 يۈزدەك مۇجاھىدنى ئېلىپ توختى بەگ قاراشەھەرگە ھۇجۇم قىلىدۇ. شەھەرخەلقى ۋە شەھەردىكى تۇڭگانلارنىڭ ياردىمى بىلەن قاتتىق ئۇرۇشلاردىن كېيىن، قاراشەھەرنى قولىغا چۈشۈرىدۇ( 23 ـ خەرىتىگە قاراڭ).

شۇنداق قىلىپ، جىن شۇرېننىڭ، چىنلىق ئەسكەرلىرى بىلەن ئىنقىلابنى بېشىقتۇرۇشقا كۈچى يەتمىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۈرۈمچى، غولجا ۋە ئالتايدىكى كۆچمەن ئاق ئورۇسلاردىن بىر قانچە مىڭ كىشىنى ئەسكەرلىككە ئالدى ۋە شېڭ (يۇقىرىدا ئىسمى تىلغا ئېلىندى) نى زىنخۇيلىق ئۇنۋانى بىلەن بۇلارغا قوماندان قىلدى. شۇ كۈنلەردە، تۇرپان، توقسۇن، كورلا ۋە قارا شەھەرنىڭ ئىقلابچىلارنىڭ قولىغا ئۆتكەنلىك خەۋىرى كەلدى. بۇنى ئاڭلىغان جىن شۇرىن قورقۇپ كېتىپ، ئۈرۈمچىنى مۇداپىئە قىلىش ئۈچۈن، قۇمۇلدا تۇرۇۋاتقان شېڭ زىنخۇينى چاقىرىتتى. ئۈرۈمچىگە قايتىش ئۈچۈن يولغا چىققان شېڭ زىنخۇينىڭ ئەسكەرلىرى پىچاندا تۇيۇقسىز ئىنقىلابچىلارنىڭ ئۈستىگە كېلىپ قالىدۇ. توپ ۋە بىروننىڭ ماشىنىلار بىلەن قوراللانغان تۆت مىڭ كىشىلىك بۇ دۈشمەن قوشۇنى پىچانغا ھۇجۇم قىلىپ، دەھشەتلىك قىرغىن ئېلىپ باردى. ئۇندىن كېيىن، لەمجىن ۋە لۈكچۈننى دەسسەپ تۇرپانغا يېقىنلاشتى. چېكىنگەن ئىنقىلابچىلار تۇرپانغا يىغىلىپ، قاتتىق مۇداپىئە قىلغان بولسىمۇ، مەغلۇپ بولدى. بۇ ئۇرۇشتا ئون مىڭدەك مۇجاھىد شېھىت ۋە ياربدار بولدى. 1933 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا، ماشىمىن تۇرپاندىكى قوراللارنى ئېلىپ، قارا شەھەر ئارقىلىق توقسۇنغا قايتىپ كەلدى. مەھمۇد مۇھىتى (ماموت سىجاڭ) مۇ مۇسۇل ھاجىم، تاھىربەگ، باي ئەزىزى ۋە ئىمىن ھاجى داموللاملارنى ئېلىپ، ساق قالغان مۇجاھىدلار بىلەن قاراشەھەرگە كەلدى. ئۇ يەردىن ھەمدۇللا ئەلەم ئاخۇنۇم، مۇسۇل باي باشلىق بىرقىسىم مۇجاھىدلار تاغ يولى بىلەن خوجىنىيازھاجىنىڭ قېشىغا كەتتى. شۇنىڭ بىلەن پۈتۈن

تۇرپان دۈشمەن قولىغا چۈشۈپ كەتتى. تۇرپان خەلقى، شېڭ زىخۇينىڭ چىنلىق ۋە ۋەھشى ئاق ئورۇس ئەسكەرلىرى تەرىپىدىن قىرغىن قىلىندى. بولۇپمۇ پىچاندا ياش - قېرى، ئەر - ئايال ۋە كىچىك بالا دېمەستىن ئۆلتۈرۈپ، نۇرغۇن خەلقنى شېھىت قىلدى.

كورلا ئازات قىلىنغاندىن كېيىن، تۇرپان ئىنقىلابچىلىرىنىڭ مەغلۇپ بولغان ۋە ماشىمىننىڭ قېچىپ كەتكەن خەۋىرى كورلىغا كەلدى. توختى بەگ باشلىق مۇجاھىدلار پىچانغا قايتىپ، دۈشمەن بىلەن ئۇرۇشۇپ، ھەممىسى شېھىت بولدۇ. چەرچەن، چاقلىق ۋە لوپنۇردىنمۇ بىرەر مىڭغا يېقىن مۇجاھىد تۇرپانغا كېلىپ، ئۇۋ مىلتىقلىرى بىلەن دۈشمەن بىلەن ئېلىشىپ قۇربان بولدۇ.

**خوجىنياز ھاجىنىڭ تۇرپاننى ئالغانلىقى.**

خوجىنياز ھاجى، قۇمۇل تاغ ئىچىدىن پات چىقماي تۇرۇشىنىڭ سەۋەبىنى ئۆزى، مۇستەھكەم بازىسى بولغان بۇ تاغ ئىچىدە تۇرۇپ، دۈشمەننى يەڭگەندەك يېتەرلىك كۈچ توپلىغاندىن كېيىن، چىقىپ، مۇنتىزىم ھۇجۇملار بىلەن دۈشمەننى يوقىتىپ، مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرۈش كېرەك دەپ، ئېيتقان ئىكەن. بۇ ھەقتىكى تەپسىلى پىلانىدىن خەۋىرىم يوق.

1933- يىلى تۇرپان ۋىلايىتى جىن شۇرېننىڭ، شېڭشىسەي قوماندانلىقىدىكى قوشۇنى تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنغاندىن كېيىن، ماشىمىن ۋە ئارقىسىدىن مەھمۇد مۇھىتى باشچىلىقىدىكى مۇجاھىدلار قاراشەھەرگە چېكىنگەن ۋە مەقسۇد مۇھىتى بىلەن ئىككى يۈزدەك كىشى خوجىنياز ھاجىنىڭ قېشىغا بېرىپ، تۇرپان پاجىئەسىنى ئاڭلىتىپ، ياردەم تەلەپ قىلغان. خوجىنياز ھاجى، مىللەتنىڭ بېشىغا كەلگەن پالاكەتتىن ناھايىتى قايغۇرۇپ، بۇلارغا ياردەم قىلماي ئولتۇرۇشقا ۋىجدانى چىدىمىغان. يەنە بىر تەرەپتىن، ئۆز قوۋۋەتىنىڭ يېتەرسىزلىكى ۋە خەلقنىڭ قورالسىز ئىكەنلىكىدەك قىيىنچىلىقلار مەۋجۇد ئىدى. خوجىنياز ھاجىنىڭ، خوتەن ۋە باشقا جايلاردا قوزغالغان مىللىي ئىنقىلابلاردىن تېخى خەۋىرى يوقتى.

خوجىنياز ھاجى، 1933- يىلى 2 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا قۇمۇل تېغىدىكى مەركىزىدە ئازراق بىرقىسىم ئەسكىرىنى قويۇپ، قالغان پۈتۈن كۈچى بىلەن قۇربان دورغا، سالى دۇرغا، سوپاخۇنۇم ۋە پازىل ئاخۇنۇملار بىلەن مەھمۇد مۇھىتى ۋە ھەمرالىرىنىمۇ بىرگە ئېلىپ، يۈرۈش قىلىپ قۇمۇلنى قولغا چۈشۈرۈپ لۈكچۈنگە كەلدى. تۇرپان خەلقى ئومۇمىيۈزلۈك پىدائىي بولۇپ، خوجىنياز ھاجىغا قوشۇلدى. ھەمدۇللا ئەلەمئاخۇنۇممۇ كېلىپ، خوجىنياز ھاجى بىلەن كۆرۈشۈپ، كەلگۈسىدىكى ھەرىكەت قىلىش پىلانلىرىنى مۇزاكىرە قىلىشقان.

بۇنى ئاڭلىغان شېڭشىسەي (شېڭ زىخۇي)، ئاق ئورۇس ئەسكەرلىرىنى لۈكچۈنگە يوللايدۇ. ئۈچ كېچە - كۈندۈز داۋام قىلغان قانلىق ئۇرۇشتىن كېيىن، خوجىنياز ھاجى مەغلۇپ بولۇپ، چالقان تاغ

دېگەن جايغا چېكىنىدۇ. ھەمدۇللا ئەلەمئاخۇنۇم، مەقسۇد مۇھىتى ۋە رەقىپ قازىم قاتارلىق تۇرپان ئىنقىلابىنىڭ ئەڭ قىممەتلىك رەھبەرلىرى، بۇ ئۇرۇشتا شېھىت بولغان ئۇن مىڭغا يېقىن قەھرىمانلىرىمىزنىڭ ئارىسىدا ئىدى. شېڭشىسەي، مەقسۇد مۇھىتىنىڭ كېسىلگەن بېشىنى تۇغۇلغان يېرى بولغان ئاستانە ۋە لۇكچۇندە ئېسىپ قويىدى. لۇكچۇن خەلقىنى ئۆلتۈرۈپ، شەھەرگە ئوت قويۇۋەتتى.

ئۇ كۈنلەردە ئۈرۈمچىدە سىياسى ئەنسىزلىك باشلىغانىدى. ئەڭ مۇھىمى، جىن شۇرىن ھېچ دەم ئالغۇزماي ئالتە ئايدىن بېرى داۋاملىق سوقۇشقا سېلىپ كېلىۋاتقان كۆچمەن ئاق ئوروس ئەسكەرلىرى ئىچىدە نارازىلىق كەيپىياتى يۈز بەردى. جىن شۇرىن بۇلارنىڭ ئىنقىلابچىلار تەرىپىگە ئۆتۈۋېلىشىدىن ئەنسىرەپ، ئۈرۈمچىگە چاقىرتىۋالدى. ئۇ يەردە قالغان چىنلىق ئەسكەرلەر ئىنقىلابچىلارغا قارشى تۇرالمىغان. شۇنىڭ بىلەن تۇرپان، پىچان ۋە لۇكچۇندىن ئۈرۈمچىگە قاراپ ماڭغان دۈشمەن ئەسكەرلىرىنى مەھمۇد موھىتى باشچىلىقىدىكى مۇجاھىدلار بەيياڭگودا توساپ زەربە بەرگەن. بۇئارىدا تۇرپانغا كەلگەن خوجىنياز ھاجى، مەھمۇد مۇھىتى بىلەن ئۇچرىشىپ، مۇزاكىرەلەشكەندىن كېيىن،گوچىنىڭ ۋە مۇرىغا قاراپ يۈرۈش قىلىپ، مۇرىدا توختايدۇ.

1933- يىلى 1 ـ ئايدا، ماشىمىن قاراشەھەرگە كېلىپ، ئۇ يەردىكى تۇڭگانلاردىن بىرەرمىڭدەك كىشىنى ئەسكەرلىككە ئېلىپ، كۈچ توپلاپ تۇرغانىدى. ماشىمىن، شەرقىي تۈركىستاندا بىر تۇڭگان دۆلىتى قۇرۇش مۇمكىن ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ، ماجۇڭيىڭنى قىچقىرىپ چىقماقچى بولدى. بۇنىڭ ئۈچۈن، مۇسۇل ھاجى (مەھمۇد مۇھىتىنىڭ ئاكىسى) باشلىق بىر ھەيئەتنى دۇڭخۇاڭ يولى بىلەن گەنسۇغا ماجۇڭيىڭنى تەكلىپ قىلىپ كېلىشكە ئەۋەتىدۇ. بۇ دەۋەتتىن مەھمۇد مۇھىتىنىڭ خەۋىرىنىڭ بار يوقلىقى ھەققىدە بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدىغان رىۋايەتلەر بار. ئەنشىگە بارغاندا بۇ ھەيئەتكە يولۋاس بەگمۇ قېتىلغانىدى. ئۇ كۈنلەردە، مابۇفاڭ بىلەن ئۇرۇشۇۋاتقان ماجۇڭيىڭ، قاچقىلى يەر ئىزدەۋاتاتتى. مەزكۇر ھەيئەتنىڭ تەكلىپىدىن خوشال بولۇپ، ئىككى مىڭ ئاتلىق ۋە ئۈچ مىڭ پىيادە ئەسكەردىن تەركىب تاپقان پۈتۈن قوشۇنىنى ئېلىپ، 1933- يىلى 3- ئاينىڭ ئاخىرىدا گەنسۇدىن يەنە بىرقېتىم شەرقىي تۈركىستانغا چىقىدۇ. قۇمۇلدا چىن ئەسكەرلىرى ئازقالغانىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ماجۇڭيىڭ قۇمۇلنى ئۇڭايلا ئېلىپ، گۇچېنگغا قاراپ ماڭدى. بۇ ۋەزىيەتتە خوجىنياز ھاجى، ئارقىسىغا يېنىپ، ماجۇڭيىڭنى قارشى ئېلىش ئۈچۈن، قۇمۇلغا كەلدى. خوجىنياز ھاجى بىلەن ماجۇڭيىڭ قۇمۇل بىلەن تۇرپان ئوتتۇرىسىدا بىرجايدا ئۇچرىشىپ، مۇزاكىرىلىشىپ كېلىشىم تۈزدى. كېلىشىمنىڭ ھەققىي مەزمۇنىدىن خەۋىرىمىز يوق. خوجىنياز ھاجىنىڭ تەرەپتارلىرىدىن ئالغان مەلۇماتىمىزغا قارىغاندا بۇ كېلىشىم بويىچە، ماجۇڭيىڭ خوجىنياز ھاجىغا، جىن شۇرىندىن شەرقىي تۈركىستاننى تارتىۋېلىشقا ياردەم قىلىدۇ. ئۇرۇشتا قولغا چۈشكەن قورال ـ ياراق ۋە باشقا ئولجىلارنى

ھەر ئىككى تەرەپ تەڭ تەقسىم قىلىنىۋالىدۇ. خوجىنىياز ھاجى، ماجۇڭيىڭنىڭ كۆرسەتكەن پىلانى بويىچە ئىش قىلىدۇ. ئەمما، ھېچبىرى يەنە بىرسىگە تەۋە بولمايدۇ. لېكىن تۇڭگانلار، «خوجىنىياز ھاجى تۇڭگانلارغا شەرتسىز بويسۇنغانىدى» دەپ داۋا قىلىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىككى كۈچ بىرلەشتى ۋە جىن شۇرىننىڭ كۈچى كۆپرەك جايلاشقان گۇچىڭ ۋە جىمسارغا ھۇجۇم قىلىش قارار قىلىندى. ۋەقەنى كۆزى بىلەن كۆرگەن كىشىلەرنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، گۇچىڭنى تۇڭگانلار ۋە جىمسارنى تۈركلەر ئالماقچى بولغانىكەن. ماجۇڭيىڭ، گۇچىڭنى ئون ئىككى كۈن ئۇرۇشۇپ قولغا چۈشۈردى. بۇ شەھەردە تەخمىنەن يىگىرمە مىڭغا يېقىن چىن ئەسكىرى بار ئىدى. بۇ ئۇرۇشتا غەنىمەت ئېلىنغان قورال - ياراق ۋە ئوق دورىنىڭ ھەممىسىنى ماجۇڭيىڭ ئېلىۋالدى. خوجىنىياز ھاجىنىڭ ئەسكىرىنىڭ تولىسىدا مىلتىق يوقتى. خوجىنىياز ھاجى، قورال تەلەپ قىلغان بولسىمۇ ماجۇڭيىڭ بەرمىدى. خوجىنىياز ھاجى، جىمسارغا ھۇجۇم قىلىپ، بىرقانچە كۈن سېپىلنى مۇھاسىرە قىلدى. ئاخىرى، چىنلىقلار قوراللىرىنى تاپشۇرۇپ تەسلىم بولىدىغانلىقلىرىنى بىلدۈردى ۋە ئۇرۇش توختىدى. خوجىنىياز ھاجى ئەرتىسى قوراللارنى تاپشۇرۇپ ئالىدىغان بولۇپ، ماجۇڭيىڭغا خەۋەر قىلىپ، ئۆزى كېچىنى ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن، سېپىلدىن ئۇزاقراق يەرگە كېلىپ ياتقان. كېچىسى، ماجۇڭيىڭ، سېپىل ئىچىدىكىلەر بىلەن خەۋەرلىشىپ، بىرقانچە ماشىنا ئەسكەرنى جىمسارغا ئېلىپ كەلدى. كېچىسى سېپىلدىكى بىرمىڭ سەككىزيۈز مىلتىق ۋە نۇرغۇن ئوق - دورىنى تاپشۇرۇۋېلىپ، خوجىنىياز ھاجىغا تۇيغۇزماستىن گۇچىڭغا ئېلىپ كەتتى. بۇنى ئاڭلىغان خوجىنىياز ھاجى ۋە ھەمراھلىرى قاتتىق خاپا بولۇپ كەتتى. ئەمما، سەۋرى قىلماقتىن باشقا چارىسىرى يوقتى.

ماجۇڭيىڭ، شەرقىي تۈركىستانغا چىققان كەمەردە، جىن شۇرىن ئاغدۇرۇلۇپ، ئورنىغا 1933 - يىلى 4 - ئاينىڭ 16 - كۈنى شېڭشىسەي دۇبەن (ئەسكىرىي ئومۇمىي ۋالىي) بولغان. بۇ ۋەقەلەرنى «ئۈرۈمچى ھادىسىلىرى» دېگەن بۆلۈمدە تەپسىلىي بايان قىلىمەن. ئۈرۈمچى مۇداپىئەسىدە مۇھىم ئورۇندىكى گۇچىڭ ۋە جىمسار ئېلىنغاندىن كېيىن ئەندى، دەرھال ئۈرۈمچىگە ھۇجۇم قىلىشنىڭ ۋاقتى كەلگەنىدى.

ماجۇڭيىڭنىڭ پىلانى بويىچە، خوجىنىياز ھاجىنى ئالدىدا ئۈرۈمچىگە ماڭغۇزۇپ، ئۆزى ئۈرۈمچىنىڭ غەربىدىكى ماناس، قۇتۇبى، سانجى ۋە شىخو شەھەرلىرىگە ھۇجۇم قىلىپ، ئۇيەردىكى قورال ۋە ناھايىتى كۆپ مىقداردىكى ئولجىنى ئۆزى ئېلىۋالماقچى ئىدى. بۇ پىلانغا ئاساسەن خوجىنىياز ھاجىنى، ئۈرۈمچىدىن يىگىرمە مىل شەرقىي شىمالدىكى فۇكاڭ ناھىيىسىنى ئېلىپ، ئۇيەردىن ئۈرۈمچىگە يۈرۈشكە تەكلىپ قىلدى. خوجىنىياز ھاجى، بۇنىڭغا ماقۇل، ئەمما، مەندە قورال يوق دەپ، يېتەرلىك مىقداردا قورال بېرىشنى تەلەپ قىلدى. لېكىن، ماجۇڭيىڭ مىلتىق بەرمەي ئازراق ئوق - دورا بەردى. يەنە بىرتەرەپتىن ماجۇڭيىڭنىڭ ئارتۇق قورال - ياراق ۋە ئوق دورىنى ئوغۇرلۇقچە

گەنسۇگە ئەۋەتىۋەتمەكچى بولغانلىقى مەلۇم بولۇپ قالدى. بۇخىيانەتكارلىق سەۋەبىدىن خوجىنىياز ھاجىنىڭ سەۋرى تاقىتى قالمىغان بولسىمۇ، ئومۇمىي ۋەزىيەتنى كۆزدە تۇتۇپ ئامال يوق، ئىلاجىسىز قۇكاڭغا يۈرۈش قىلىپ ئۇيەرنى قولغا چۈشۈردى. ماجۇڭيىڭ، ماناس، شىخو، قۇتۇبى ۋە سانجى شەھەرلىرىنى ئۇ يەردىكى تۈرك ۋە تۇڭگانلارنىڭ ياردىمى بىلەن قولغا چۈشۈردى.

شۇنىڭ بىلەن ئۈرۈمچى غەرب ۋە شەرق تەرەپتىن مۇھاسىرە ئىچىدە قالدى. بۇئارىدا شېڭشىسەي، يۇقىرىقىدەك كېلىشمەسلىكتىن پايدىلىنىپ، ھېچ بولمىسا خوجىنىيازھاجى بىلەن ماجۇڭيىڭنى بىر-بىرىدىن ئايرىۋېتىشنىڭ يوللىرىنى ئىزدىمەكتە ئىدى. ھەر بىرىگە ئايرىم - ئايرىم ئەلچى ئەۋەتىپ، كېلىشىم تۈزۈش ئۈچۈن، ھەرخىل تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قويماقتا ئىدى. ماجۇڭيىڭنىڭ كېيىنكى خىيانەتكارلىقىدىن خوجىنىياز ھاجىنىڭ بەك ئاغرىنغانلىقىنى ئاڭلىغان شېڭشىسەي، دەرھال خوجىنىيازھاجىغا ئەلچى يوللاپ، ئۇنىڭغا تازا ماقۇل كېلىدىغان شەرتلەر ئاساسىدا كېلىشىم تۈزۈشنى تەكلىپ قىلدى.

مانا، بۇ نوقتا، شەرقىي تۈركىستاننىڭ كېلەچەكتىكى ھايات - ماماتلىق تەقدىرىنى بەلگىلەيدىغان ئىنتايىن ئىنچىكە بىرئىمتىھان نوقتىسى ئىدى! چۈنكى، شېڭشىسەينىڭ مەقسىدى، ھەرقانداق قىلىپ بولسىمۇ بۇ ئىككى دۈشمەننى بىر- بىرىدىن ئايرىۋېتىش ئىدى. بۇ ئايرىلىشنىڭ شەرقىي تۈركىستان ئۈچۈن قورقۇنچ بىر تەھلىكىنىڭ باشلىنىشى بولىدىغانلىقىنى ئەقلى بار ھەر قانداق ئادەم بىلەتتى. خوجىنىياز ھاجى ئۈچۈن، بۇ ۋەزىيەتتە، ماجۇڭيىڭنىڭ ئىنساپسىزلىقى ۋە خىيانەتكارلىقىغا يەنە بىرمۇددەت چىداپ، قاچىدىكى ئاشتەك تەييار كۆزگە كۆرۈنۈپ تۇرغان ئۈرۈمچىنىڭ ئازات بولۇشىنى قولغا كەلتۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، ماجۇڭيىڭ بىلەن ئاندىن ئوچۇق مەيدانغا چۈشۈپ ھېساپلىشىشى، ئەڭ توغرا يول ئىدى. شېڭشىسەينىڭ ھەرقانداق ئىشنىڭ بىر ئالدامچىلىق ئىكەنلىكى ھەركىمگە مەلۇم ئىدى. لېكىن، خوجىنىياز ھاجى بۇنى ئىنچىكىلىك بىلەن تولۇق چۈشۈنۈپ كېتەلمەي، شېڭشىسەي ئوتتۇرىغا قويغان شەرتلەرگە ماقول بولدى ۋەكېلىشىم ئىمزالىدى. كېلىشىمنىڭ مۇھىم ماددىلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

(1) شېڭشىسەي، خوجىنىياز ھاجىغا يىگىرمە مىڭ دانە مىلتىق، بىرقانچە مىليون ئوق ۋە بىرمىليون سەر پۇل بېرىدۇ. قورال - ياراق ۋە پۇلنىڭ ئۈچتىن بىرى نەق، قالغان قىسمى ماجۇڭيىڭنى شەرقىي تۈركىستاندىن ھەيدەپ چىقارغاندىن كېيىن بېرىلىدۇ.

(2) تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇبىدىكى قۇمۇل، تۇرپان ۋە ئالتە شەھەردىن ئىبارەت بولغان جايلارنى نەن جاڭ (جەنۇبىي ئۆلكە) ئىسمى بىلەن خوجىنىيازھاجى، چىن ھۆكۈمىتى نامىدا ئىدارە قىلىدۇ.

(2) بۇلارغا قارشىلىق، خوجىنىياز ھاجى، شېڭشىسەي بىلەن دوست ماجۇڭيىڭ بىلەن دۈشمەن بولۇپ، لازىم كەلگەندە ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشىدۇ. شېڭشىسەي بىلەن ماجۇڭيىڭ ئۇرۇشقاندا، خوجىنىيازھاجى

شېڭشىسەيگە ياردەم قىلدۇ ياكى بىتەرەپ تۇرىدۇ.

خوجىنىياز ھاجى، شېڭشىسەيدىن يوقىرىقى قورال - ياراق ۋە پۇلنى ئېلىپ، شەرقىي تۈركىستاننىڭ يېرىمىگە ھۆكۈمدار بولۇشنى ئۆزىگە چوڭ بىر پايدا دەپ ھېساپلاپ، كېلىشىمنى قوبۇل قىلدى ۋە 1933 - يىلى 6 - ئاينىڭ 8 - كۈنى شېڭشىسەينىڭ ئەلچىلىرى بىلەن شىمىگۇدا كۆرۈشۈپ، كېلىشىمگە ئىمزا قويدى. ئالدىن بېرىدىغان پۇل ۋە قورالنى تاپشۇرۇپ ئالدى ۋە ئۇرۇش مەيدانىدىن چېكىنىپ، تۇرپانغا قايتتى. خوجىنىياز ھاجىنىڭ ئەڭ سەممىي سەپداشلىرىدىن يولۋاس بەگ باشلىق بىرقانچە كىشى ئۇنى تەنقىد قىلىپ، بۇ كېلىشىمگە قارشى چىققان بولسىمۇ خوجىنىياز ھاجى ئۆز پىكرىدىن يانماي كېلىشىمگە قول قويدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، يولۋاس بەگ بىرقانچە يۈز قۇمۇللۇق ئەسكەر بىلەن خوجىنىيازھاجىدىن ئايرىلىپ، ماجۇڭيىڭ بىلەن بىرلەشتى.

خوجىنىياز ھاجى تۇرپانغا كەتكەندىن كېيىن، ماجۇڭيىڭنىڭ ئەسكەرلىرى شېڭشىسەينىڭ ئەسكەرلىرى بىلەن 3 - 4 يەردە ئۇرۇشۇپ، بەزىدە يېڭىلىپ، بەزىدە غەلىبە قىلدى. شۇنداقلا ئۇرۇمچىدىن كەلگەن ئەلچىلار بىلەنمۇ مۇزاكىرىلىشىپ تۇردى. شۇنداق بىر پەيتتە ئىلىدىكى چىن قوشۇنىنىڭ قوماندانى جاڭ بەييۈەن (بۇرۇنقى بەي زىخۇي ۋە شېڭشىسەينىڭ رەقىبى) شېڭشىسەينى ئاغدۇرۇش ئۈچۈن ئىتتىپاق تۈزدى. بۇ ئىككى ئىتتىپاقداشنىڭ ئەسكەرلىرى بىرلىكتە يۈرۈپ ئۇرۇمچىنى مۇھاسىرىگە ئالدى. ھەتتا، شەھەرنىڭ بەزى مەھەللىلىرىنىمۇ بېسىۋالدى. بۇ مۇھاسىرە بىرئايدەك داۋام قىلدى. بۇ ئارىدا شېڭشىسەي، سوۋېت ھۆكۈمىتى بىلەن مەخپىي كېلىشىم تۈزدى ۋە بۇ كېلىشىمگە ئاساسەن شېڭشىسەيگە ياردەم بېرىش ئۈچۈن، سوۋېتنىڭ زامانىۋى قىسىملىرى شەرقىي تۈركىستانغا كىرىپ، ماجۇڭيىڭنى قورقۇنچ ھالدا مەغلۇپ قىلدى.

ماجۇڭيىڭ قېچىپ كېتىۋېتىپ يول ئۈستىدىكى سانجى، قۇتۇبى، ماناس ۋە شىخۇ شەھەرلىرىدە بۇلاڭ - تالاڭ قىلىپ، ئوت قويۇپ گۇچىڭغا كەلدى. ماجۇڭيىڭنىڭ ئەسكەرلىرى گۇچىڭدىكى تۈركلەرنى دەھشەتلىك ھالدا قىرغىن قىلدى. پۈتۈن شەھەرگە ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈۋەتتى. ئەمدى، ماجۇڭيىڭنىڭ يۇرتىغا قايتىش ئىمكانىيىتى قالمىغانىدى. چۈنكى، مابۇفاڭ ئۇنىڭ يۇرتىنى تامامەن ئىشغال قىلىپ بولغانىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ماجۇڭيىڭ ئالتى شەھەرگە ئۆتۈش ئۈچۈن، 1933 - يىلى 8 - ئايلارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا گۇچىڭدىن تۇرپانغا قاراپ يۈرۈش قىلدى ۋە خوجىنىياز ھاجى بىلەن ئۇرۇشقىلى باشلىدى. بۇلارنى نۆۋەتتە كەلگەندە تەپسىلى بايان قىلىمەن.

## 3 - پەسىل
## خوتەن ئىنقىلابى

**ئىنقىلابنىڭ كېلىپ چىقىشى .**

يىگىرمىنچى ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، شەرقىي تۈركىستان ھېچبىر زامانىۋىي قاتناش ۋە خەۋەرلىشىش ۋاستىلىرىغا ئىگە بولالماي تاشلىۋېتىلگەن بىر ھالەتتە مانجۇ ئىمپېراتورلۇقىنىڭ مۇستەملىكىسى ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، مەركەزگە ئېغىزدىلا تەۋە بولغان چىنلىق ئەمەلدارلار شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى زامانىۋىي مائارىپ ۋە تەربىيەدىن مەھرۇم ھالدا تۇتتۇرا ئەسىرنىڭ قاراڭغۇلۇقىدا ياشاتماقتا ئىدى.

ئوڭ ۋە سولنى پەرق ئېتەلىگىدەك بولغان چېغىمدىن تارتىپ، چىنلىق ئەمەلدارلارنىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە قىلىۋاتقان زۇلۇم ۋە ھەقسىزلىقلارنى ۋە خەلقىمىنىڭ خورلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ.كۆپ ئېچىنماقتا ئىدىم. بۇلارنىڭ تەسىرىدىن نۇرغۇن كېچىلەردە ئۇيقۇسىز ۋە ۋەسۋەسىلەر بىلەن تاڭ ئاتقۇزاتتىم. يېشىم كىچىك، ئەقلىم يېتىشمىگەن. تەجرىبىسىز ۋە ماددىي جەھەتتىن يوقسۇل ئىدىم. دەردىمنى ئاڭلىتىدىغان كىشىم يوقتى. قىسقىسى، ئون بەش يېشىمدىن تارتىپ، چىن زۇلمىغا قارشى نەپرەت ھىسسى. مىللىتىم ۋە ۋەتىنىمنىڭ ھالىغا قايغۇرۇش كۆڭلۈمدە چوڭقۇر ئورۇن ئالغانىدى. بۇ ھىسسىياتنىڭ ھەيدەكچىلىكى ئاستىدا. مىللىتىمنىڭ تارىخىنى ئۆگىنىش. دۇنيا مىللەتلىرىنىڭ قەدىمىي ۋە زامانىۋىي تارىخلىرىنى تەتقىق قىلىش زوقى كۆڭلۈمدە كۈندىن كۈنگە قوۋۋەتلەنمەكتە ئىدى. ئەپسۇسكى، مۇھىتىمدا ماڭا بۇ ساھادا تەربىيە بېرىدىغان كىشىلەر يوقتى.[112]

مانا بۇ ھالەتتە . مەدرىسىدىكى ئوقۇشۇمنى داۋام قىلدىم. 22 يېشىمدا ئوقۇشنى تۈگىتىپ. مۇدەررىس بولدۇم. بۇ ۋەزىپەمدە ئاستا - ئاستا تەرەققى قىلدىم، ئوقۇغۇچىلىرىممۇ خېلى كۆپەيدى. شۇنىڭ بىلەن ئوقۇغۇچىلىرىمنىڭ، دوستلىرىمنىڭ ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ مۇھەببىتىنى ۋە ئىخلاسىنى ئۆزەمگە جەلىپ قىلدىغان دىني ۋە ئىجتىمائىي ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىپ، بۇ جەھەتتە خېلى ياخشى نەتىجە قازاندىم. مەدرىسىدىكى تالىپلىرىمدىن خېلى كۆپ كىشىنى تەربىيەلەپ. بۇلارنىڭ ۋەتەن ۋە مىللەت ئۈچۈن بىر ھەرىكەت قىلىش پىكرىمگە قوشۇلىدىغانلىقلىرىنى ئۈمىد قىلالايدىغان ھالغا كەلدىم.

لېكىن، يۇرتىنىڭ ۋەزىيىتى. مىللەتنىڭ روھىي ھالىتى ۋە دۈشمەننىڭ كۈچى ھەققىدە يېتەرلىك مەلۇماتىم يوقتى. بۇ مەلۇماتلارغا ئىگە بولۇش ئۈچۈن، پۈتۈن يۇرتۇمنى ئايلىنىپ چىقىش مەقسىدى بىلەن. 1930 - يىلى. مەشھۇر تاتار ئالىملىرىدىن چۆچەكتە ئولتۇرۇشلۇق شېخ مەھەممەد مۇراد (رەمزى) ئەفەندىنىڭ قېشىغا ھەدىس ۋە تەفسىر بىلىملىرىدىن دەرس ئېلىش ئۈچۈن بارىمەن دەپ خوتەندىن يولغا

[112] مۇئەللىپ «كۆزەش خاتىرىلىرىم» دېگەن ئەسىرىدە، بۇ يەرگە» ئۆزەمنى ئۆزەم تەربىيەلىشىم كېرەك ئىدى» دېگەن بىر جۈملىنى ئىلاۋە قىلغان (ن. ش. ھ.).

چىقتىم. كۇچا، كورلا، تۇرپان، ئۇرۇمچى، چۆچەك، ئىلى، ئاقسۇ ۋە ئارىدىكى شەھەرلەرنى ئالتى ئاي ساياھەت قىلىپ، خوتەنگە قايتىپ كەلدىم. بۇساياھىتىم ئەسناسىدا، يۇرتنىڭ ۋەزىيىتى، مىللەتنىڭ روھىي ھالىتى ۋە دۈشمەننىڭ كۈچى توغرىسىدا قانائەتلەنگىدەك مەلۇماتلارنى قولغا كەلتۈردىم. ئىرادەمىمۇ كۈچلەندى. كۆپ جايلاردا بىلىملىك، ساداقەتلىك، ئاستايىدىل ۋەتەنپەرۋەر ۋە مىللەتپەرۋەر كىشىلەر بىلەن ئۇچراشتىم. ئۇلارنىڭ يۈرەكلىرى دەرت بىلەن تولغان ئىكەن. ئەپسۇسكى، ئەمەلىي بىر ھەرىكەتكە ھازىر بولغان بولمىغانلىقى ياكى بىرمىللىي ئىنقىلابقا رەھبەرلىك قىلالايدىغان بىر كىشىنىڭ بار يوقلۇقىنى ئېنىقلىيالمىغانلىقىم ئۈچۈن بىرەسى بىلەن ئۇچۇق بىر شەكىلدە پىكىر ئالماشتۇرۇشۇم مۇمكىن بولمىدى. پەقەت غولجىدا سابىت داموللا ھاجىمنىڭ بىر مىللىي ئىنقىلاب ئۈچۈن پائالىيەتكە كىرىشىش پىكرىدە ئىكەنلىكىنى بىلدىم. مەنمۇ مەقسىدىمنى سابىت داموللاھاجىمغا ئاچتىم. بىرقانچە كېچە سۆھبەتلەشتۇق. ھازىرقى ئەھۋالدا، يۇرت ۋە خەلقىمىزنىڭ ئازاتلىقى ئۈچۈن، قوراللىق بىرمىللىي ئىنقىلاب قوزغاشتىن باشقا چارە قالمىغانلىقى ھەققىدە بىر پىكىرگە كەلدۇق. ئىنقىلاب خوتەندىن باشلانسا، ئۇيغۇن بولىدۇ دەپ قارار قىلىشتۇق. ئىككىمىزنىڭ پىكرىچە، جىنشۇرىن نىكى چىن مەركىزى ھۆكۈمەتتىن قورقۇشىنىڭ كېرىكى يوقتى. پەقەت، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىنقىلابقا ئارىلىشىپ قېلىشىدىن ئەندىشە قىلىش كېرەك ئىدى. سابىت داموللا ھاجىم، ھەج پەرزىنى ئادا قىلىش، بەزى ئىسلام مەملىكەتلىرىنى ساياھەت قىلىش ۋە بۇ ئارىدا مىللىي ئازاتلىق كۈرىشىمىزگە مۇناسىۋەتلىك خەلقئارالىق سىياسەتنى تەتقىق قىلىش نىيىتى بىلەن 1931 ـ يىلى روسىيە ئارقىلىق يولغا چىقتى. مەن بۇ ساياھىتىم نەتىجىسىدە تۆۋەندىكى ئىككى مەسىلىنى ئېنىقلىۋالدىم:

(1) ھەممىدىن بۇرۇن. مەخسۇس ئەسكىرىي ماھىيەتتە بىرمەخپىي تەشكىلات قۇرۇپ چىقىپ، دۈشمەن خەۋەردار بولۇپ قېلىشتىن ئىلگىرى كۈچ توپلىۋېلىپ. بۇ يول بىلەن پۈتۈن شەرقىي تۈركىستاندا خەلقىمىزنى ئىنقىلابقا ھازىرلاش ئۈچۈن تەشۋىقات ئېلىپ بېرىش.

(2) ئىنقىلابنىڭ مەركىزى خوتەندە بولۇش. چۈنكى، جوغراپىيىلىك ئالاھىدىلىكى ۋە خەلقنىڭ روھىي ھالىتى جەھەتتەبۇ ۋىلايەتنى ھەممىدىن ئۇيغۇنراق كۆردۈم.

لېكىن، ئالدىمدىكى ئەڭ قىيىن مەسىلە، خەلقنىڭ قورالسىز بولۇشى ۋە يۇرتۇمنىڭ جۇغراپىيىلىك ۋەزىيىتىنىڭ قوراللىنىش ئۈچۈن قولاي ئەمەسلىكى ئىدى. بۇ قىيىنچىلىقنى ھەل قىلىشنىڭ ئەڭ ياخشى چارىسى، يۇرتنىڭ ھەر يېرىدە ئىنقىلابنىڭ قوزغۇلۇپ، دۈشمەن كۈچلىرىنىڭ پارچىلىنىشى دەپ ئويلىغانىدىم. بۇنىڭ ئۈچۈن يەنە بىرقېتىم ساياھەتكە چىقىشىم كېرەك ئىدى. بەلكى، يەنە بىر قانچە قېتىملىق ساياھەتنى كۆزئالدىمغا كەلتۈرۈپ خىيال قىلىش بىلەن بىرىپىرىم يىل ئۆتۈپ كەتتى. سىرىم يەنە بۇرۇنقىدەك ئىچىمدە قالدى.

شۇنداق بىرۋەزىيەتتە، قۇمۇل ئىنقىلابى قوزغالدى. ئالتى شەھەر تەرەپلىرىگە ئىنقىلاب خەۋەرلىرى

ئانچە ـ مۇنچە كەلگىلى باشلىدى. 1932 ـ يىلى پۈتۈن دۈشمەن قوشۇنىنىڭ قومۇلغا يىغىلغانلىقى ۋە باشقا جايلارغا يۆتكىگىدەك زاپاس دۈشمەن كۈچى يوقلىقى مەلۇم بولدى. بۇنىڭ بىلەن كۆز ئالدىمىزدىكى يۇقىرىقى قىينچىلىق بىرئاز يەڭگىللەشتى. بۇ ۋەزىيەتتە ئالتە شەھەرنىڭ مۇھىم يەرلىرىدە تەشكىلات قۇرۇپ چىقىش پىتەرلىك بولىدۇ، دەپ، ئويلىدىم. بۇنىڭ ئۈچۈن، ئۆزەم ئويلاپ يۈرگەن ئەسكىرىي ماھىيەتتە بىرتەشكىلات قۇرۇپ چىقىشنى قارار قىلدىم ۋە ھىجرى 1351 ـ يىلى جامادىئىل ئەۋۋەل نىڭ 15ـ كۈنى(مىلادى 1932 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى) كېچىسى بۇ پىكرىمنى ئىنىم نۇر ئەھمەدكە ئېيتتىم. ئۇ پەۋقۇلئاددە ھاياجان بىلەن بۇ پىكرىمنى قوللىدى. تەشكىلاتىمىزنىڭ بىرىنچى ئەزاسى ئىنىم نۇرئەھمەد بولدى. شۇكۈندىن باشلاپ، بىردىن ئىككىدىن ئەزا توپلاشقا باشلىدۇق ۋە بىرئاي ئىچىدە ئەزالىرىمىز ئەللىكتىن ئاشقان بىر مەخپىي تەشكىلات قۇرۇپ چىقتۇق. قىسقا بىر مۇددەت ئىچىدە يېتەرلىك ساندا ئەزاغا ئىگە بولۇشىمىزنىڭ مۇمكىن ئىكەنلىكى مەلۇم بولدى.

قەشقەر ۋە يەركەندىمۇ تەشكىلات قۇرۇش پىكرى تۇغۇلدى. ھەممىدىن قەشقەردە تەشكىلات قۇرۇپ چىقىشىمىز ئوڭاي بولىدۇ دەپ خىيال قىلىپ، ئىنىم نۇر ئەھمەدنى قەشقەرگە ئەۋەتتۇق. كېيىنچە ئەزالىرىمىزدىن قۇربانىللانىمۇ ئەۋەتتۇق. بۇ ئىككىسى بۇرۇن قەشقەردە بىرمەزگىل ئوقۇغانىدى. بۇلارنىڭ قەشقەر مەدرىسلەردىكى تالىپلار بىلەن ئالاقىسى بار، تالىپلاردىن ئەزا توپلاش ئوڭاي دېگەن خىيال بىلەن بۇلارنى تاللىغانىدۇق. بۇلارغا ئۇندىن باشقا يەنە قەشقەردىكى چىن ئەسكەرلىرىنىڭ سانى،كۈچىنى ۋە باشقا مۇناسىۋەتلىك ئەھۋاللەرنى تەكشۈرۈپ كېلىشنىمۇ تاپشۇرغانىدۇق. ئۇلار قەشقەردە تەشكىلات قۇرۇشقا مۇۋەپپەق بولالمىدى. باشقا ۋەزىپىلىرىنى ياخشى ئورۇنداپ، ئىنقىلابقا ئۇلگۇرۇپ خوتەنگە قايتىپ كەلدى.

خوتەندىكى ئەزالارنىڭ ئەڭ مۇھىم پائالىيىتى مۇمكىنقەدەر كۆپرەك قورال ۋە پۇل توپلاش ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا مەخپىي پائالىيەتلىرىمىز تەقدىرگە لايىق دەرىجىدە داۋام قىلماقتا ئىدى. ئالتە ئاي داۋام قىلغان مەخپىي پائالىيەتلىرىمىز نەتىجىسىدە، قاراقاشنىڭ پۈتۈن يېزا۔ كەنتلىرىدە ھەر قاتلام خەلق ئىچىدىن ئەزا توپلاندى ۋە ھەرئەزا ئۆزىگە لايىق ۋەزىپىگە تەيىن قىلىندى. ئىلچى[113] ئەتراپىدىنمۇ خېلى كۆپ كىشىلەر تەشكىلاتىمىزغا قېتىلدى. دۈشمەننىڭ پۈتۈن ھەرىكەت ۋە مەخپىي ئەھۋاللىرىدىنمۇ ھەركۈن خەۋەر ئېلىپ تۇرالايدىغان بولدۇق. بۇ مەزگىل ئىچىدە دۈشمەننىڭ پائالىيەتلىرىمىزدىن ھېچ خەۋىرى بولمىدى. شۇنداق قىلىپ، شەۋۋال ئېيى (10ـ ئاي) غىچە، ئەزالىرىمىزنىڭ سانى ۋە قوراللىرىمىز خوتەن ۋىلايىتىدىكى چىن قوۋۋەتلىرىنىڭكىگە تەڭلەشتى.

شابان (11ـ ئاي) ئايدا، سابىت دامۇللا ھاجىم سەئۇدى ئەرەبىستان، تۈركىيە، مىسىر ۋە ھىندىستان

[113] ئىلچى ـ خوتەن شەھىرىنىڭ نامى ( ن. ش. ھ.).

سایاھەتىدىن قايتىپ، خوتەنگە كەلدى. سایاھەت خاتىرىلىرىنى ۋە تەسىراتلىرىنى ئاڭلاتتى. مىسىر، سەئۇدى ئەرەبىستان ۋە ھىندىستاندا بەزى سىياسى كىشىلەربىلەن كۆرۈشكەنلىكىنى سۆزلەپ بېرىپ، شەرقىي تۈركىستاندا بىرمىللىي ئىنقىلاب قوزغالسا، خوشنا دۆلەتلەرنىڭ مۇداخىلە قىلىش ئېھتىمالىنىڭ ئاز ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. شۇنداقلا، خەلقئارا جامائەتچىلىكى قانۇنلىرىغا قارىغاندا، بىر يۇرتنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلىشىش توغرا ئەمەسلىكىنى سۆزلەپ، غولجىدا كۆرۈشكەن چېغىمىزدىكى مەسلىھەتىمىز بويىچە، خوتەندە بىر مىللىي ئىنقىلاب تەشكىلاتى قۇرۇش مەقسىدى بىلەن ئۇدۇل خوتەنگە كەلگەنلىكىنى ئېيتتى.

ئەرتىسى مەن، سابىت دامۇللا ھاجىمغا، تەشكىلاتىمىز ھەققىدە ۋە مەخپىيەتلىكىمىز ھەققىدە تەپسىلى مەلۇمات بەردىم. دامۇللا ھاجىم بۇلارنى ئاڭلاپ بەك خۇرسەند بولدى ۋە بۇ تەشكىلاتقا ئەزا بولۇشنى تەلەپ قىلدى. مەن تەشكىلاتىمىزنىڭ مەجلىسىنى چاقىردىم ۋە سابىت دامۇللا ھاجىمنىڭ تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدۇم. پۈتۈن ئەزالار سابىت دامۇللا ھاجىمنىڭ خوتەن مىللىي ئىنقىلاب تەشكىلاتىغا ئەزالىققا ئېلىنىشىنى ماقۇللىدى.

سابىت دامۇللا ھاجىم، رامازان ئېيى مۇناسىۋىتى بىلەن قۇرئاندىن دەرس قىلىش ئەسناسىدا، قۇرئاننىڭ جىھاد توغرىسىدىكى ئايەتلىرىنى كەڭ ـ تاشا تەفسىر قىلىپ، ئومۇمىي خەلق ئىچىدە ئىنتايىن چوڭقۇر بىر تەشۋىقات خىزمىتىنى ئۈستىگە ئالدى. بۇ تەشۋىقات خىزمىتىنىڭ خەلق ئىچىدىكى تەسىرى بەك ياخشى بولۇپ، ئەزا توپلاش ۋەزىپىمىزگە چوڭ ياردەمچى بولدى. رامازان ئايىنىڭ ئاخىرىدا تەشكىلاتىمىزغا يەنە بىر مۇھىم كىشى قېتىلدى. بۇ كىشى، خوتەندە ئەڭ چوڭ دىنىي ۋە مىللىي نوپۇزغا ئىگە بولغان مەھەممەد نىياز ئەلەم ئاخۇنۇم ئىدى. بۇنىڭ بىلەن بىرئاي ئىچىدە، ئىقلابى تەشكىلاتىمىزغا قاتناشقانلارنىڭ سانى ناھايىتى تېز كۆپەيدى. ئەزالىرىمىزنىڭ ھەممىسى قوراللىق بولمىسىمۇ، 20% ى مىلتىق قالدىسى قىلىچ ۋە نەيزە بىلەن قوراللاندى.

ھىجرى 1351 ـ يىلى شەۋۋال ئېيىنىڭ 5 ـ كۈنى پەيشەمبە(مىلادى 1933 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 1ـ كۈنى) تەشكىلات ئەزالىرىنىڭ ئون سەككىز كىشىلىك ۋەكىللەر مەجلىسى ئېچىلدى. مەجلىستە مۇھەممەد نىياز ئەلەم ئاخۇنۇمنى ھۆكۈمدار سايلاپ، ھەممىمىز ئۇنىڭغا بەيئەت قىلدۇق. سابىت دامۇللاھاجىم ھۆكۈمدارنىڭ مەسلىھەتچىسى، مائارىپ، ئەدلىيە ۋە دىنىي ئىشلارغا مەسئۇل قىلىندى. مەن ھەربىي ئىشلارغا مەسئۇل بولدۇم. پەيشەمبە كۈنى ئۇرۇش باشلاشقا قارار قىلىندى.

قاراقاش ۋە ئىلچى ھۆكۈمەت ئىدارىلىرى ئىچىدىكى مۇخبىرلىرىمىز دۈشەمبە كۈنى، ھۆكۈمەت بىزنىڭ ھەرىكىتىمىزنى سېزىپ قالغانلىقىنى ۋە بىزنى تۇتۇش ئۈچۈن خوتەندىكى ئەسكەرلەرنى يېتەرلىك ئەمەس دەپ، گۇمادىكى ئەسكەرلەرنى چاقىرغانلىقىنى خەۋەر قىلدى. گۇمىدىن كېلىدىغان ئەسكەرلەرنىڭ پەيشەمبە كۈنى يېتىپ كېلىش ئېھتىمالى بارئىدى. بۇ خەۋەرنى ئېلىپ، يېقىندىكى

ئەزالارغا دەرھال تونۇشتۇرۇپ قويۇشنى تاپشۇرۇپ، پەيشەنبە كۈنى قاراقاشقا ھۇجۇم قىلىش قارارىمىزنى ئۆزگەرتىپ، 17- شەۋۋال 1351- يىلى دۈشەنبە كۈنى (مىلادى 1933 - يىلى 2 - ئاينىڭ 13- كۈنى) شامى سائەت ئوندا (ئەتتىگەن سائەت بەشتە) ھۇجۇم باشلاشقا قارار قىلدۇق.

**قاراقاش ۋە ئىلچىنىڭ ئازات بولۇشى.**

يۇقىرىقى قارارىمىز بويىچە قاراقاشقا ھۇجۇم قىلىش ۋاقتى يېتىپ كەلدى. لېكىن، ھۇجۇم باشلاش سائىتىگە قەدەر ئاران 68 كىشى توپلاندى. قوۋۋەتىمىزنىڭ ئازلىقىغا قاراپ، قارارىمىزنى ئۆزگەرتمەستىن سەھەر سائەت بەشتە ھۇجۇم قىلىشقا بۇيرۇق قىلدىم. دۈشمەن خەۋەرسىز ھالدا ياتقانلىقتىن ئۇرۇش يېرىم سائەت داۋام قىلدى. شەنجاڭ (چىنلىق ھاكىم) باشلىق 36 چىنلىق ئۆلتۈرۈلدى ۋە 12 سى ئىلچىگە قاچتى. قالغانلىرى ئەسىرگە ئېلىندى. شام ۋاقتىغىچە شەھەر تامامەن تىنچىپ بولدى.

قاراقاشنىڭ پەتھى قىلىنغانلىقىنى ئاڭلىغان شەھەرئىچى ۋە ئەتراپتىن قولىغا پالتا، كەتمەن ۋە تاماق كۆتۈرۈشۈپ كەلگەن خەلقنىڭ سانى شۇ كۈنى ئاقشامغىچە ئۈچ مىڭغا يەتتى. كەچ سائەت ئوندا بىرەرمىڭدەك كىشىنى قاراقاش دەريا بويىغا يوللاپ، ئىلچىدىن كېلىدىغان يولنى كۆزىتىشكە باشلىدۇق. يەنە بىرەرمىڭدەك كىشىنى چوڭ ئىنىم ئابدۇللاخۇن ۋە تەشكىلات ئەزالىرىمىزدىن ئىسمائىل داموللام باشچىلىقىدا زاۋاغا يوللاپ، گۇمىدىن كېلىدىغان دۈشمەننىڭ يولىنى توساشقا بۇيرۇدۇم. ئەرتىسى كۈن. قاراقاشنىڭ تەرتىپ ۋە ئىنتىزام ئىشلىرىنى ۋە باشقا ئىشلىرىنى رەتكە سېلىش بىلەن ئۆتتى. ئاقشىمى قاراقاش دەريا بويىدىكى قىسىملارغا ئىلچىگە قاراپ يۈرۈشكە بۇيرۇق قىلدۇق. زاۋادىكى مۇجاھىدلار گۇمىدىن كېلىۋاتقان چىن ئەسكەرلىرىگە خەۋەرسىز ياتقان پەيتتە ھۇجۇم قىلىمىز دەپ. ئىلگىرىلىگەن بولسىمۇ دۈشمەن غاپىل ئەمەستى. كېچىلەپ يۈرۈپ پىيالمىدا يۇشۇرۇنۇپ ياتقان دۈشمەن، خەۋەرسىز يېقىنلاشقان مۇجاھىدلارنى تۇيۇقسىز ئوققا تۇتۇپ، نۇرغۇن كىشىنى شېھىت قىلدى. قوۋۋەتلىرىمىز پاراكەندە بولۇپ، ئارقىغا چېكىندى. دۈشمەن ئارقىدىن قوغلاپ كەلدى. ئونتۆرىدىكى 23 كىلومېتىرلىك چۆلدە يەنە ئىككى يۈزگە يېقىن مۇجاھىد شېھىت بولدى. مۇجاھىدلار قۇم رۇبات ۋە تاربوغا دېگەن جايلارغا چېكىنىپ، مۇداپىئەدە تۇردى. چۈشتىن كېيىن، سائەت تۆت ئەتراپىدا دۈشمەن يېتىپ كېلىپ، قاتتىق ئۇرۇش باشلاندى. بەزى ئىستىھكاملار دۈشمەننىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتتى. لېكىن، كەچتە مۇجاھىدلار قايتارما ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، دۈشمەننى قاتتىق مەغلۇپ قىلىپ قاچۇردى. كېچە قاراڭغۇلۇقىدا ۋە چۆلنىڭ يامان يوللىرىدا دۈشمەننىڭ ئارقىسىدىن قوغلىمىدى. چىن ئەسكەرلىرى شۇ قاچقىنىچە گۇمىغا كەتتى.

پەيشەنبە كۈنى ئىلچىگە يۈرگەن قىسىملىرىمىز شەھەرگە بىرمىل ئۇزاقلىقتىكى ئاقتاشقا بارغاندا شەھەردىن بىر بۆلۈك چىن ئەسكەرلىرى چىقتى ۋە ئۇرۇش بولدى. مۇجاھىدلار مەغلۇپ بولۇپ ئارقىغا چېكىنگەن بولسىمۇ، چىن ئەسكەرلىرى ئۇلارنى قوغلىماي شەھەرگە قايتىپ كىرىپ كەتتى.

شۇنىڭ بىلەن دۈشمەننىڭ كۈچىنى سىناپ خاتىرجەم بولدۇق. ئىلچىنى مۇھاسىرە قىلىش ۋە قەشقەردىن كېلىش ئېھتىمالى بولغان دۈشمەن قىسمىنىڭ ئالدىنى توساش ھازىرلىقىنى باشلىۋەتتۇق. شەۋۋالنىڭ بەشىنچى (سەيشەمبە) كۈنى ئىلچىگە ئىككى قول بىلەن يۈرۈش باشلاندى.

بىز شەھەرگە ھۇجۇم قىلماي، قەشقەردىن كېلىدىغان دۈشمەن قوشۇنىنىڭ ئەھۋالى ئېنىقلىنىپ بولغىچە ئىلچىنى شۇ ۋەزىيەتتە ئۈزاقتىن مۇھاسىرىدە تۇتۇپ تۇرۇشنى قارارقىلدۇق. مەن زاۋاغا چىقىپ قەشقەر دىن كېلىدىغان خەۋەرنى كۈتۈپ، ئۇيەردە ئەسكەر توپلاشقا باشلىدىم. چارشەمبە كۈنى، قەشقەر دىن ئاساسلىق بىر قوشۇن كەلمىگەنلىكى ۋە يەركەننىڭ بۇ تەرىپىدە دۈشمەن ئەسكىرى يوقلىقى مەلۇم بولدى. شۇنىڭ بىلەن چوڭ ئىنىم ئابدۇللا ئاخۇننى ئىلچى ئالدىنقى سەپ قوماندانى قىلىپ، ئىلچى شەھىرىنى مۇھاسىرە قىلىشقا ئەۋەتتۇق. جۇمە كۈنى قىسىملىرىمىز شەھەرنىڭ شىمالىي ۋە غەربىي تەرىپىگە كېلىپ سەپ تارتتى. چۈشتىن كېيىن سائەت بىردە چىن ئەسكەرلىرى سېپىلدىن چىقىپ، ئىككى توپ بىلەن شىمالدىكى سەپكە ھۇجۇم قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇرۇش باشلاندى. ئۈچ سائەت داۋام قىلغان ئۇرۇشتىن كېيىن، مۇجاھىدلار چىنلىق ئەسكەرلارنى قورشاۋالدى. قوماندان باشلىق چىن ئەسكەرلىرىنىڭ كۆپ قىسمى ئۆلدى. قالغان ئاز بىرقىسمى قېچىپ، يېڭى شەھەرگە كىرىۋالدى. توپلار ۋە دۈشمەننىڭ باشقا قوراللىرى مۇجاھىدلار تەرىپىدىن ئولجا ئېلىندى.

مۇجاھىدلار دۈشمەننىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ، كونا شەھەرنى تامامەن قولغا چۈشۈردى. بۇ غەلىبە خەۋىرىنى ئاڭلاپ، ئەرتىسى سەھەردە ئىلچىگە كەلدىم ۋە يېڭى شەھەرنىڭ مۇھاسىرە ئىشىنى قولۇمغا ئالدىم. زاۋا ئالدىنقى سەپكە ئارقا. ئارقىدىن ئىككى كىشىنى قوماندان قىلىپ ئەۋەتكەن بولساقمۇ يېتىشەلمىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، كىچىك ئىنىم نۇرئەھمەد ئاخۇننى زاۋا ئالدىنقى سەپكە قوماندان قىلىپ ئەۋەتتىم. خوتەن يېڭى شەھەر تۆت تەرەپتىن قورشاپ قىلىنغان مۇھاسىرىلەر ئارقىلىق كۈچلەندۈرۈلدى. 13 ـ زۇلقەدىگىچە ئۇرۇش داۋام قىلىپ، ئاخىرى دۈشمەن بىلەن سۇلھى قىلىش توغرىسىدا ئالاقە باشلاندى. 17ـ زۇلقەدە پەرشەمبە كۈنى بىز تەرەپتىن بىر ھەيئەت سېپىل ئىچىگە ئەۋەتىلدى ۋە كېلىشىم ھاسىل قىلىندى.

ئەرتىسى دۈشمەن قوماندانى ئالدىمغا چىقىپ، پۈتۈن قورال ـ ياراق، ئات ۋە ھۆكۈمەت خەزىنىسىنى تاپشۇرۇپ تەسلىم بولۇش شەرتى بىلەن ئۇلارنىڭ جېنى ۋە مېلىغا تەگمەسلىك ۋە خالىغان دۈشمەن مۇسۇلمان بولۇش دېگەن ماددىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كېلىشىمگە ئىمزا قويىدى. ئەرتىسى، قورال ۋە خەزىنە تاپشۇرۇپ ئېلىندى. چىنلىقلار بىرتەرەپتىن ئۆلىمالارنىڭ ئالدىداكېلىپ، مۇسۇلمان بولۇشقا باشلىدى.

بۇۋاقىتتا، بۇرۇنقى خوتەن ۋالىيسى يەن دوتەيىنىڭ باشچىلىقىدا قەشقەر، يەركەن، قاغىلىق گۇمىدىن زور بىر چىن قوشۇنىنىڭ توپلانغانلىقى ۋە گۇمىدىن خوتەنگە قاراپ يولغا چىققانلىقى ھەققىدە خەۋەر

كەلدى. خوتەندە قولغا چۈشۈرۈلگەن مىلتىق ۋە ئوق ـ دورىنى مۇجاھىدلارغا تارقىتىپ، 650 كىشىلىك بىر قوۋۋەتنى مۆلىۋى سۇبھۇتۇللا قوماندانلىقىدا دەرھال زاۋاغا يوللىدۇق. زاۋا ئالدىنقى سەپ قوماندانى نۇرئەھمەد ئاخۇن، ئۇرۇش مەيدانىدا بولۇشۇمنى ئىلتىماس قىلدى.

شۇنىڭ ئۈچۈن مەن ئەرتىسى زاۋاغا كەلدىم. بۇ چاغدا، دۈشمەن قۇم رۇباتتىكى قاراۋۇل قىسىملىرىمىز بىلەن ئۇرۇشقا كىرىشكەنىكەن. مەن دەرھال قۇم رۇباتقا كەلدىم. كەچ سائەت بەشكىچە شىددەتلىك ئۇرۇش داۋام قىلدى ۋە ئاخىرى دۈشمەن قاچقىلى باشلىدى[114]. ئاتلىق قىسىملىرىمىز دۈشمەننىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ ئاق لەڭگەرگىچە بېرىپ، كېچە قاراڭغۇلىقىدا ئىلگىرلىيەلمەي قايتىپ كەلدى. پۈتۈن قىسىملىرىمىزنى تاربۇغا بازىمىزغا توپلىدىم.

شۇنىڭ بىلەن قەشقەردىن كېلىدىغان دۈشمەن ھۇجۇمىدىن خاتىرجەم بولدۇق. ھۇجۇمغا ئۆتۈش نۆۋىتى بىزگە كەلگەنىدى. بۇ ئارىدا خوتەن ۋىلايىتىنىڭ شەرقىي ناھىيىلىرىدىكى خەلق ئۆزلىكىدىن قوزغىلىپ، چىرىيە ۋە كېرىيە شەھەرلىرىنى پەتھى قىلىپ، خوتەن ھۆكۈمىتىگە بەيئەت قىلدى. بىزنىڭ، ئۇ يەرلەرگە ئەسكەر ئەۋەتىشىمىزنىڭ ھاجىتى قالمىدى.

قۇم رۇبات ئۇرۇشىدا مەغلۇپ بولۇپ قاچقان يەن دوتەي بىلەن ئەسكەرلىرى گۇمىغا يېتىپ كېلىشتىن ئىلگىرى، گۇمىدا، «خوتەن ئىنقىلابچىلىرى چىن ئەسكەرلىرىنى پۈتۈنلەي ئۆلتۈرۈپ تۈگىتىپتىمىش» دېگەن سۆز تارقىلىدۇ. بۇخەۋەر بىلەن ھاياجانغا كەلگەن گۇما خەلقى قوزغىلىپ، بىر كېچىدە شەھەرگە ھۇجۇم قىلىپ، شەھەرنى قولغا ئالىدۇ. ئۈچىنچى كۈنى يەن دوتەي ئەسكەرلىرى بىلەن قېچىپ گۇمىغا كەلگەن. بۇنى كۆرگەن خەلق ھېلىقى خەۋەرنىڭ توغرا ئەمەسلىكىنى ئۇقۇپ، شەھەرنى تاشلاپ قاچتى. دۈشمەن، شەھەردە قالغان خەلقنى قىرغىن قىلىپ، يۈز ئەللىك كىشىنى ئۆلتۈرۈپ، بولاڭ ـ تالاڭ قىلدى ۋە شەھەرگە ئوت قويىۋەتتى. شۇ چاغدا، قەشقەر دىن يەن دوتەينىڭ ياردىمىگە ئەۋەتىلگەن قىرغىز توپچى قىسىم ئەسكەرلىرى قاغىلىققا كېلىپ، ئۇ يەردىن گۇمىغا يۈرىدى. بۇقىسىم شەھەردىن كەتكەندىن كېيىن، قاغىلىق خەلقى قوزغىلىپ، شەھەرنى قولغا ئالدى. قىرغىز ئەسكەرلىرىنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ، ئۇلارغا بەشتېرىقتا قاتتىق زەربە بېرىپ، مەغلۇپ قىلدى. ئەسكەرلەر ئەسىر ئېلىندى ۋە پۈتۈن توپ ۋە ئوق دورىلار مۇجاھىدلارنىڭ قولىغا چۈشتى. بۇنى ئاڭلىغان يەن دوتەي قاتتىق ئالاقزادە بولۇپ كەتتى. ئۇنىڭ قېچىشتىن باشقا چارىسى قالمىدى. گۇمىدىكى ئەسكەرلىرىنى ۋە چىنلىقلارنى ئېلىپ، تاغ يولى بىلەن يەركەنگە قاچتى. يول ئۈستىدە خەلق ئۇنىڭ ئالدىنى توساپ، ھۇجۇم قىلىپ، ئېغىر زىيانغا ئۇچراتتى. يەن دوتەيمۇ ئالدىغا

114 مۇئەللىپ بۇئۇرۇشتا ئالدىنقى سەپتە تۇرۇپ مۇجاھىدلارغا قوماندانلىق قىلىۋاتقان چېغىدا دۈشمەننىڭ بىر پاي ئوقى سەللىسىگە تېگىپ، سەللىنى تېشىپ ئۆتۈپ كەتكەن. كېيىن، بۇسەللىنى ئائىلىسىدىكىلەرگە كۆرسىتىپ: «قاراڭلا، بۇئوق بىرئىلىك تۆۋەنگەرەك تەككەن بولسا مەن ئۇ كۈنى شېھىت بولغان بولاتتىم» دېگەن (ن. ش. ھ.).

ئۇچرىغاننى ئۆلتۈرۈپ، كەنتلەرگە ئوت قويۇپ، مىڭ تەسلىكتە يەركەنگە يېتىپ بارالىدى.
گۇما پاجىئەسىنى ئاڭلاپ، 1933- يىلى3 - ئاينىڭ 28 - كۈنى، نۇرئەھمەد ئاخۇن ۋە سۇبىغۇتۇللا مۆلىۋىنى، ئىككى مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن گۇما ۋە قاغىلىقتىكى مۇجاھىدلارنىڭ ياردىمىگە ئەۋەتتۇق. بۇلار يېتىپ بارغىچە، يەن دوتەي يەركەنگە كەلگەنىكەن. قەشقەردىن ئۇنىڭغا ياردەم ئۇچۇن خېلى كۆپ ئەسكەر كېلىپ، يەركەندە زورىبىر دۈشمەن قوشۇنى توپلانغان. قۇۋۋەتلىرىمىز قۇربان ھېيت كۈنى قاغىلىققا باردى. بۇ ئەسنادا پۇسكام خەلقى قوزغۇلۇپ، شەھەرنى پەتھى قىلىپ، قاغىلىق مۇجاھىدلار بىلەن بىرلىكتە يەركەن دەرياسى بويىغا توپلانغانىدى. نۇرئەھمەد ئاخۇن ئۆزى بىرقىسىم ئەسكەرلىرى بىلەن قاغىلىقتا قېلىپ، مۆلىۋى سۇبىغۇتۇللا قوماندانلىقىدا يەركەنگە ئەسكەر يوللىدى. بۇلار يەركەن شەھرىنى ئوڭايلا ئالغان بولىسمۇ، يېڭى شەھەرنى ئېلىش ئۇچۇن قاتىق ئۇرۇش بولدى. بۇ ئۇرۇشتا مۆلىۋى سۇبىغۇتۇللا شېھىت بولدى. لېكىن، مۇجاھىدلار تېخىمۇ غەيرەتكە كېلىپ، دۈشمەننى چېكىندۇردى. مەغلۇپ بولغان دۈشمەن يېڭى شەھەر سېپىلگە كىرىۋالدى. نۇر ئەھمەد ئاخۇن بۇنى ئاڭلاپ، دەرھال قاغىلىقتىن يەركەنگە يۈرۈش قىلىپ، يېڭى شەھەرنى مۇھاسىرىگە ئالدى.
يەركەنگە ياردەم قوشۇنى ئەۋەتىپ بولغاندىن كېيىن، ئىلچى شەھىرىنى پايتەخت قىلىشنى قارار قىلدۇق. ھىجرى 1350- يىلى زۇلھەججىنىڭ 5 - كۈنى، (مىلادى 1933 - يىلى 4 - ئاينىڭ 11- كۈنى) ئىنقىلابى تەشكىلاتنىڭ مەركىزى قارقاشتىن خوتەن ئىلچى شەھىرىگە يۆتكەپ كېلىندى. ئەرتىسى خوتەننىڭ كاتتىلىرى يېڭىباشتىن مەھەممەد نىياز ئەلەم ئاخۇنۇمغا بەيئەت قىلدى ۋە ئۇنى «مېلىك» ئۇنۋانى بىلەن ھۆكۈمدار ئېلان قىلدى. (خەلق ئىچىدە مېلىك ھەزرىتىم دەپ ئاتالدى). شۇنىڭ بىلەن خوتەن ھۆكۈمىتى رەسمىي قۇرۇلدى.
يەركەندىكى چىن قۇۋۋەتلىرى كۆپ ۋە يەركەن يېڭى شەھەر سېپىلى بەك چوڭ ۋە مۇستەھكەم بولغانلىقى ئۇچۇن، يەركەنگە يەنە ياردەمگە قوشۇن ئەۋەتىش لازىم بولدى. زۇلھەججىنىڭ 20 - (4 - ئاينىڭ 26 -)كۈنى، ئابدۇللا ئاخۇننىڭ قوماندانلىقىدا يەركەنگە يەنە بىر مىقدار ئەسكەر ئەۋەتتۇق.

**يەركەننىڭ پەتھى -**

نۇرئەھمەد ئاخۇن يەركەنگە كەلگەندىن كېيىن، يەركەننىڭ يېڭى شەھەر سېپىلىدىن باشقا پۈتۈن شەھەر خوتەن ھۆكۈمىتىگە تەۋە بولغانىدى. ئابدۇللا ئاخۇننىڭ يەركەنگە كېلىشى بىلەن يېڭى شەھەر مۇھاسىرىسى تېخىمۇ كۈچەيتىلدى. مېنىڭ بۇ ئىككى ئىنىمغا خوتەن ھۆكۈمدارى تەرىپىدىن «ئەمىر»

ئۇنۋانى بېرىلدى. خەلق ئارىسىدا ئابدۇللا ئاخۇن «ئەمىرساھىپ» ۋە نۇرئەھمەد ئاخۇن «شاھ مەنسۇر» دېگەن ئۇنۋان بىلەن مەشھۇر بولدى[115]. مەن بۇ كىتابىمدا ئۇلارنى «ئەمىر» ئۇنۋانلىرى بىلەن ئاتايمەن.
ماجىسا مارالبېشىغا كەلگەندە، مارۇلۇك لەنجاك (يۈزبېشى) نى يۈزگە يېقىن تۇڭگان ئەسكىرى بىلەن كۆرۈنۈشتە ياردەم ئۈچۈن، ئەمەلىيەتتە بولسا جاسۇسلۇق قىلىش ۋە يەركەننىڭ ئولجا - غەنىمەتلىرىگە شېرىك بولۇش ئۈچۈن ئەۋەتكەنىدى. ئەمىر ئابدۇللا ۋە ئەمىر نۇرئەھمەد بۇ تۇڭگانلارنى ئۇرۇشقا قاتناشتۇرماي، «مېھمان» سۈپىتىدە كۆزىتىش ئاستىدا تۇتۇپ، بۇلارنى قەشقەرگىمۇ ماگغۇزماي تۇتۇپ تۇردى.
بۇ چاغدا ئەمىر ئابدۇللا، قەشقەرگە بىر ھەيئەت ئەۋەتىپ، تۆمۈر سىجاڭنىڭ غەلىبىسىنى تەبرىكلىگەن. ۋە ئادىمىگەرچىلىك قىلىپ، ھەر ئىشتا ئۆز ئارا ياردەملىشىپ تۇرۇشنى ئېيتقانىكەن. تۆمۈرسىجاڭ بۇنى ياردەم تەلەپ قىلىش دەپ چۈشىنىپ، ھاپىز تەنجاڭنى ئۈچ يۈز ئەسكەر بىلەن ئەۋەتىپتۇ. بۇ ئىشتىن خوتەن ھۆكۈمىتىنىڭ ھېچ خەۋىرى يوقتى.
بىرتەرەپتىن يەركەن مۇھاسىرىسى ئۇزۇنغا سوزۇلۇپ كەتتى ۋە يەنە بىرتەرەپتىن قەشقەر دىكىلەر بىلەن ئارىمىزدا سىياسى بىر ئۇقۇشماسلىق پەيدا بولۇپ قېلىشتىن ئەندىشە قىلماقتا ئىدۇق. شۇنىڭ ئۈچۈن، مېنىڭ ياكى سابىت داموللاھاجىمنىڭ يەركەنگە بېرىشىنى ئۇيغۇن كۆردۇق. چۈنكى، بىز خوتەندە تۇرۇپ، ئەمىر ئابدۇللا(25 ياش) ۋە ئەمىر نۇرئەھمەد (22 ياش) لەرنىڭ ياشلىق سەۋەبىدىن بىر كەمچىلىك ئۆتۈپ قالغانمىكىن دەپ گۇمان قىلغانىدۇق.
مېنىڭ (مەھەممەد نىياز ئەلەم ئاخۇنۇم) نىڭ تەسدىقى بىلەن، خوتەن ھۆكۈمىتى نامىدىن سابىت داموللاھاجىم بۇ ۋەزىپىگە تەيىن قىلىندى. داموللا ھاجىم، سەپەر ئېيىنىڭ 4 - كۈنى(مىلادى 1933 - يىلى 5 - ئاينىڭ 29 - كۈنى) يولغا چىقتى. داموللاھاجىم يەركەنگە بېرىشتىن بىركۈن بۇرۇن يەركەندىكى چىنلىقلار سۈلھى قىلىشنى تەلەپ قىلىپ، خوتەندىكى شەرتلەرگە ئوخشاش شەرتلەر ئاستىدا تەسلىم بولۇشنى قوبۇل قىلىپ، كېلىشىم تۈزۈلگەنىكەن.
سابىت داموللا ھاجىمنىڭ يەركەنگە يېقىنلاشقانلىق خەۋىرىنى ئېلىپ، يەركەننىڭ مۇھاسىرىسىگە مەسئۇل بولغان قوماندانلىرىمىزنىڭ كۆپى داموللا ھاجىمنى مۇراسىم بىلەن قارشى ئېلىش ئۈچۈن، شەھەرسىرتىغا چىقىپتۇ. يەركەندىكى قىسىملىرىمىز قوماندانسىز قاپتۇ. بىز يۇقىرىدا سۆزىنى قىلىپ ئۆتكەن تۇڭگانلار بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، دەرھال ياراغلىنىپ يېڭى شەھەر تەرىپىگە قېچىپتۇ.

115 شەرقىي تۈركىستان مىللىي ئىنقىلابى جەريانىدا بەزى جايلاردا مىللىي رەھبەر ۋە ئەسكىرىي قوماندان ئۇنۋانلىرى چىنچە ئىدى. مەسىلەن: رەئىسنى «جۇشى» قوماندانى «سىلىڭ» دەپ ئاتاشقانىدى. خوتەن ئىنقىلابچىلىرى بۇنىڭ ئەكسىچە ئەرەبچە ياكى پارسچە ئاتالغۇلارنى قوللانغان. مەسىلەن: رەئىس ياكى ھۆكۈمدارنى ئەرەبچە« مېلىك» قوماندانلىرىنى «ئەمىر» دېگەن ئۇنۋان بىلەن ئاتىغان. «ئەمىر ساھىپ»، «شاھ مەنسۇر» دېگەن ھۆرمەتلىك قوماندان، غالىپ قوماندان دېگەن مەنىدە (ن.ش. ھ.).

ئۇلارئالدىنى توسقان ئەسكەرلىرىمىزدىن بىرقانچىسىنى شېھىت قىلىپ، يېڭى شەھەر سېپىل ئىچىدىكى چىنلىقلارنىڭ يېنىغا كىرىۋالدى. سېپىل ئىچىدىكى تەسلىم بولماقچى بولغان چىنلىقلارنى ئازدۇرۇپ، «قەشقەردە ماجىسا تۇرغۇن ئەسكىرى بىلەن تۇرۇۋاتىدۇ، يېقىندا يەركەنگە يېتىپ كەلمەكچى» دەپ، ئۇلارنى سۈلھى قىلىشتىن ۋاز كەچتۈرگەن. شۇنىڭ بىلەن يەنە ئۇرۇش باشلاندى. تۇڭگانلارنىڭ كۈشكۈرتۈشى بىلەن غەربىي دەرۋازىدىكى مۇجاھىدلارنىڭ ئۈستىگە ۋە بىرقېتىم كونا شەھەرگە ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىپ، كۆپ چىقىمغا ئۇچراتتى. لېكىن، بۇ ئىككىلا ھۇجۇمدا دۈشمەن مەغلۇپ بولۇپ، يەنە سېپىلگە قامالدى.

مۇھاسىرە بۇ شەكىلدە ئون بەش كۈن داۋام قىلغاندىن كېيىن، تۇڭگانلارنىڭ سۆزى يالغان چىققانلىقىدىن چىنلىقلار يەنە سۈلھى قىلىشنى تەلەپ قىلدى. چىنلىقلار ۋە تۇڭگانلار پۈتۈن قوراللىرىنى ۋە خەزىنىنى تاپشۇرۇش، پەقەت ئات - قامچى قەشقەرگە كېتىۋېلىشقا رۇخسەت قىلىنىش شەرتى بىلەن كېلىشىم ئىمزالاندى.

شۇنداق قىلىپ، 1933- يىلى 6 - ئاينىڭ 17- كۈنى، يەركەن بىزنىڭ قولىمىزغا ئۆتتى. ئەتىسى، چىنلىقلار ۋە تۇڭگانلارنىڭ بۇ كېلىشىمگە خىيانەت قىلىپ، قورال ۋە خەزىنىنىڭ كۆپرەك قىسمىنى يوشۇرۇۋېلىپ، ئۆزى بىلەن قەشقەرگە ئېلىپ كەتمەكچى بولغانلىقى مەلۇم بولۇپ قالدى. ئەمىر ئابدۇللا، بۇلارنى بىلمەسلىككە سېلىپ، تۇڭگان ۋە چىنلىقلارنىڭ سېپىلدىن چىقىپ قەشقەرگە قاراپ يولغا چىقىشىغا رۇخسەت قىلدى. شۇنداقلا، تۆمۈر سىجاڭغا ئەھۋالدىن خەۋەر بېرىپ، بۇلارنى يولدا يوقىتىدىغانلىقىنى مەلۇم قىلدى. 6 - ئاينىڭ 30 - كۈنى ئىككى مىڭغا يېقىن چىنلىق ۋە تۇڭگان قەشقەرگە قاراپ ماڭدى.

ئارقىسىدىن ئەمىر نۇر ئەھمەت مىڭ كىشى بىلەن قوغلاپ، ئاق رۇبات بىلەن قىزىلنىڭ سېيىدا ئارقىسىدىن يېتىشتى. ئۇرۇش باشلىنىپ، دۈشمەننىڭ كۆپ قىسمى ئۆلتۈرۈلدى ۋە ئەسىرگە ئېلىندى. قالغانلىرى قېچىپ، قىزىلغا بارغاندا تۆمۈر سىجاڭ بۇلارنى توساشقا ئەۋەتكەن تۆت يۈز كىشىلىك قۇۋۋەت يېتىپ كېلىپ، دۈشمەننى ئىككى تەرەپتىن قورشاپ يوقاتقىلى باشلىدى. تۇڭگانلارنىڭ قوماندانى مارۇلۇڭ ئەسىرگە ئېلىندى. بۇيەردىن قېچىپ قۇتۇلغانلارنى يېڭىساردا ئەھمەت خان تەنجاڭ تامامەن يوقاتتى. پەقەت بىر تۇڭگان قېچىپ قۇتۇلۇپ قەشقەردىكى ماجىساغا ۋەقەنى بىلدۈردى. شۇنىڭ بىلەن يەركەن ۋىلايىتى تولۇق پەتھى بولۇپ، رەسمىي خوتەن ھۆكۈمىتىگە تەۋە بولدى.

4ـ پەسىل

## قارا شەھەر، كورلا، كۇچا، ئاقسۇ ۋە قەشقەر ۋەقەلىرى

يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتۈلگىنىدەك، ماشىمىن، قاراشەھەرگە كەلگەندىن كېيىن، كورلىدىكى چىن ئەسكەرلىرى ۋە چارقىلىق بىلەن لوپنۇردىن قېچىپ كەلگەن چىن ئەسكەرلىرى كورلىغا يىغىلىپ، خېلى كۈچلۈك بىر قوشۇن تويلىنىپ تورغانىدى. توختى بەگ، شەۋۋال ئېيىنىڭ ئاخىرىدا كورلىغا ھۇجۇم قىلدى. قاتتىق جەڭدىن كېيىن، شەھەرنى ئېلىپ، چىن ئەسكەرلىرىنى سېپىل ئىچىگە مۇھاسىرە قىلدى. مەغلۇپ بولغان چىن قوماندانى ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالدى. باشلىقسىز قالغان چىن ئەسكەرلىرى ئىنقىلابچىلارغا تەسلىم بولدى. ماشىمىن، 3 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى مالۇجاڭ دېگەن تۇڭگان ۋە تۆمۈربەگ دېگەن كۇچالىق (ئەسلى تۇرپانلىق) تۈرك قوماندانلارنىڭ باشچىلىقىدا كۇچاغا ئەسكەر يوللىدى. بۇلارنىڭ كېلىشى بىلەن كۇچا خەلقى قوزغالدى. ئىككى تەرەپ بىرلىشىپ، چىن ئەسكەرلىرىنى مەغلۇپ قىلىپ، سېپىل ئىچىدە مۇھاسىرىگە ئالدى. 3 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى سېپىلنىمۇ ، ئالدى. ئۇندىن كېيىن، ماشىمىن، ماجىسانىڭ قوماندانلىقىدا بىرەرمىڭ تۇڭگان ئەسكەرنى كۇچاغا ئەۋەتىپ، ئۇ يەردىن ئاقسۇغا يۈرۈش قىلىشنى بۇيرۇدى. ماجىسانى باش قوماندان ۋە ئەسلىدىكى كۇچا ۋاڭىنى ھاكىم قىلدى. بۇ ئارىدا ماشىمىن ۋە مالۇجاڭ خوتەنگە بەزى مەنىسىز تەشۋىق بىلەن خەت ئەۋەتكەنىدى.

بىز ئۇلارنىڭ خەتلىرىگە مۇناسىپ جاۋاپ بەرگەنىدۇق. تۇڭگانلار بىزگە ھەسەت بىلەن مۇئامىلە قىلىسىمۇ ، ۋاڭ بەگ بىزگە يوشۇرۇن ھالدا بەك ياخشى مۇئامىلىدە بولدى. 3 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى ماجىسا ئاقسۇغا يۈرۈش قىلدى. قارا يۇلغۇن دېگەن جايغا كەلگەندە ئاقسۇ دوتىيى ئەسكەر بىلەن كېلىپ، قاتتىق ئۇرۇش بولدى. تۇڭگانلار قېچىشقا ھازىرلىنىپ تۇرغان بىر پەيتتە تۈرك قىسىملىرىنىڭ قوماندانى تۆمۈربەگنىڭ غەيرەت بىلەن قىلغان ھۇجۇمى نەتىجىسىدە چىنلىقلار مەغلۇپ بولۇپ، قاچتى. دوتەي قېچىپ كېتىۋېتىپ، جام كەنتىدە بازارغا كەلگەن بىگۇنا خەلقتىن بىرەر يۈزدەك كىشىنى ئۆلتۈرۈپ، ئاقسۇغا كەلدى. ئۇيەردىمۇ تۇرالماي ئاقسوق شەھرىگە كېلىپ، ئەسكەرلىرىنى تويلاپ تۇردى.

ماجىسا ئاقسۇنى ئۇرۇش قىلمايلا ئالدى ۋە ئىككى كۈندىن كېيىن ئاقسۇقتا ھۇجۇم قىلدى. ئاقسۇ دوتىيى، تاقابىل تۇرالماي قەشقەرگە قاچتى. شەھەردە قالغان چىنلىقلار ئازراقلا قارشىلىق كۆرسىتىپ، تەسلىم بولدى. ئاقسۇخەلقى، يۇرت كاتتىلىرىدىن بىرى بولغان ئىسمائىل باي ئىسىملىك كىشىنىڭ رەھبەرلىكىدە قوراللىنىپ، ئاقسۇق ئۇرۇشىغا قاتناشتى ۋە چوڭ خىزمەت كۆرسەتتى.

ماجىسا ئاقسۇغا كېلەر ـ كەلمەي ياردەمچىسى «جۇفۇگەن» دېگەننى بىرخەت بىلەن خوتەنگە ئەۋەتتى. جۇفۇگەن 4 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى خوتەنگە كەلدى. خەتتە، بىزدىن «خوتەندە قانچىلىك قورال ـ

ياراق بار، خەزىنىدە قانچىلىك بايلىقلار بار؟» دېگەنگە ئوخشاش بىرقانچە خىل مەنىسىز سوئال سورالغانىدى. ماجىسانىڭ ئەسلى مەقسىدى، جۇڭگوغا ئارقىلىق خەۋەر ئىگەللەش ئىكەنلىكى ئۇچۇق بىلىنىپ تۇراتتى. بىزمۇ ئۇنىڭغا يارىشا بىر ئاز ئادىمىگەرچىلىك قىلىپ، جاۋاپ بېرىپ، ئادەتتىكى بىرھەيئەتتىن ئەۋەتىپ، ئۇنەرەپتىكى ئەھۋالنى تىلى ـ تىڭلىدۇق. مانا، خوتەن ھۆكۈمىتىنىڭ تۇڭگانلار بىلەن قىلىشقان ئالاقىسىمۇ شۇنچىلىكلا بولدى.

ماجىسا، 4 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى، تۆمۈربەگنى ۋە بىرقىسىم تۇڭگان ئەسكەرلىرىنى قەشقەرگە يوللىدى. قەشقەر ۋالىيسى ما دوتەي ئەسكەرلىرىنى ئىككىگە ئايرىپ، بىرقىسمىنى يەركەنگە يوللىدى ۋە يەنە بىرقىسمىنى مارالبېشىنىڭ شىمالىدىكى ناھايىتى مۇستەھكەم تەبىئىي ئىستىھكام شاراىتىگە ئىگە «تومشۇق تاغ» ۋە «ئوقۇرمازار تاغ» دېگەن يەرلەرگە ئورۇنلاشتۇردى. ئۇنىدىن باشقا يەنە، قەشقەر تاغلىرىدىكى قىرغىزلاردىن بىرەر مىڭدەك ئەسكەر ئېلىپ، ئۇلارنىمۇ شۇيەردە تۇرغۇزۇپ، ماجىسانىڭ ئالدىنى زور بىر قوشۇن بىلەن توساپ تۇردى. تۆمۈربەگ ۋە تۇڭگانلار تومشۇق تاغقا كەلدى. بىرقانچە قېتىم ئۇرۇش بولدى. يىگىرمە بەش كۈن داۋام قىلغان ئۇرۇشتىن بىر نەتىجە چىقماي، ئاخىرى، ماجىسا، ئىسمائىل بەگنى ئاقسۇغا ۋالىي ۋە مالۇجاڭنى ئەسكەرلەرگە قوماندان قىلىپ تەيىنلەپ قويۇپ، ئۆزى 5 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى پۈتۈن كۈچىنى ئېلىپ تومشۇققا قاراپ يۈرۈش قىلدى. ماجىسا تومشۇق تاققا كەلگىچە، مارالبېشى ۋە سېرىق بۇيا خەلقى قوزغىلىپ، چىن ئەسكەرلىرىنىڭ ئارقا تەرىپىدىن ھۇجۇم قىلدى. ئالاقزادە بولۇپ كەتكەن چىن ئەسكەرلىرى قاچتى. چىن ئەسكەرلىرى ئىچىدىكى قىرغىز ئەسكەرلەر ئوسمان ئەلى بەگ ۋە خوش مەھەممەد بەگلەرنىڭ تەشەببۇسى بىلەن چىنلىقلاردىن ئايرىلىپ چىقتى ۋە قەشقەرگە ماڭدى. بىرھەپتە داۋام قىلغان ئۇرۇشتىن كېيىن، مادوتەينى مەغلۇپ قىلىپ قەشقەر كونا شەھەرنى پەتھى قىلدى.

مارالبېشىدا، ماجىساغا قارشى قاتتىق مۇداپىئە قىلىپ تۇرۇۋاتقان چىن ئەسكەرلىرى يۇقىرىقى خەۋەرنى ئاڭلاپ، پاراكەندە بولۇپ قاچتى. نۇرغۇن چىن ئەسكىرى قوماندانى بىلەن بىللە تۆمۈر بەگكە ئەسىر چۈشتى. شۇنىڭ بىلەن ماجىسا ھېچبىر توسالغۇسىز قەشقەرگە كەلدى. ماجىسا قوۋۋەت جەھەتتە ئۈستۈن بولغانلىقتىن قىرغىزلار ئۇنىڭغا بويسۇندى. نەتىجىدە، قەشقەر تۇڭگانلارنىڭ قولىغا ئۆتتى. قەشقەر يېڭى شەھەر مۇھاسىرىگە ئېلىندى. مەنىۋىي جەھەتتە ئىنتايىن چۈشكۈنلىشىپ كەتكەن چىنلىقلار، قارشى چىقماستىنلا تەسلىم بولدى ۋە ئاخىرى قەشقەر يېڭى شەھەرمۇ ئېلىندى.

5 ـ ئاينىڭ 20 لىرى ئەتراپىدا قەشقەر تامامەن تىنچىدى. بۇ ئارىدا، قەشقەرخەلقى، قىرغىز ۋە مۇھاجىر ئۆزبېكلەردىن بولۇپ، بىرنەچچە مىڭ كىشى ئۆز قىزغىنلىقى بىلەن مۇجاھىدلار سېپىگە قېتىلىپ، تۆمۈر بەگ ۋە ئوسمان ئەلى بەگلەرنىڭ رەھبەرلىكى ئاستىدا بىرلەشتى.

تۇرپان ئىنقىلابىدىن تارتىپ، تۇڭگانلار ئۇرۇشتا ئالدىنقى سەپكە تۈركلەرنى تۇرغۇزۇپ، ئۆزلىرى

سەپىنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ كەلگەنىدى. دۈشمەن تۈركلەر بىلەن ئېلىشىپ، مەغلۇپ بولۇپ قاچقاندىن كېيىن، تۇڭگانلار ئالدىغا ئۆتۈۋېلىپ، ئولجا ۋە دۈشمەننىڭ قورال - ياراقلىرىنى ئۆزلىرى ئالغىلى باشلايتتى. ھۆكۈمدارلىق ۋە ھوقۇقنىڭ ھەممىسى تۇڭگانلارنىڭ قولىدا ئىدى. پۈتۈن پىداكارلىقنى قىلىدىغان تۈركلەرگە ھېچ نېسىۋە بېرىلمەيتتى. بەش مىڭدىن كۆپرەك ئەسكىرى بولغان تۆمۈربەگنىڭ ئەسكىرىي ئۇنۋانى «تۋەنجاڭ» يەنى، تۈركچە «مىڭبېشى» ئىدى. تۆمۈربەگ ۋە قول ئاستىدىكىلىرى تۇڭگانلارنىڭ بۇ ئىنساپسىزلىقىغا ۋەزىيەتنىڭ ئىنچىكىلىكىدىن ئىلاجسىز سەۋرى قىلىپ كەلگەنىدى. قەشقەر ئېلىنغاندىن كېيىن، تۇڭگانلار تۆمۈربەگنى بىرئاز خوش قىلىشنى ھېس قىلىشتى ۋە تۆمۈربەگنى بىردەرىجە ئۆستۈرۈپ «لۇجاڭ» قىلىپ قويىدى. تۆمۈربەگنىڭ ئادەملىرىدىن ھاپىز، ئەھمەد بەگ، ھەمدەم بەگ، كىچىك ئاخۇن، ئوسمان ئەلى ۋە خوش مەھەممەد لەرنىمۇ بىرەر دەرىجىدىن ئۆستۈرۈپ « تۋەنجاڭ» قىلىپ قويىدى. ئەمما، بايلىقى ناھايىتى كۆپ بولغان قەشقەر خەزىنىسىدىن ۋە ئولجا ئېلىنغان قورال - ياراقتىن تۆمۈربەگكە قانائەتلەنگىدەك نېسىۋە بەرمىدى. تۈركلەر ھەرنەرسىدە ئوخشاش ھەققىمىز بار دەپ، داۋا قىلدى ۋە ئوتتۇرىدا توقۇنۇش چىقتى. نەتىجىدە، 5 - ئاينىڭ ئاخىرىدا، تۇڭگانلار مەغلۇپ بولۇپ قېچىپ، يېڭى شەھەر سېپىل ئىچىگە كىرىۋالدى. تۆمۈربەگ سىجاڭ يەنى، «ئارمىيە قوماندانى» ئۇنۋانى بىلەن ئۆزىنى قەشقەر ھۆكۈمدارى ئېلان قىلدى. لېكىن، تۆمۈر سىجاڭ، تۇڭگانلارنى جىددى تۇرۇپ بىرتەرەپ قىلماي، شۇنچىلىكى بىلەن قانائەتلەندى. كېيىنچە تۇڭگانلاردىن ئېلىنغان بىر مەلۇماتقا قارىغاندا، ئەگەر، تۆمۈرسىجاڭ تۇڭگانلارنى قاتتىقراق بىرمۇھاسىرىگە ئالغان بولسا، تۇڭگانلار پۈتۈن قوراللىرىنى تاشلاپ تەسلىم بولۇشقا تەييار بولغانىكەن. تۆمۈر سىجاڭنىڭ بۇ ھەقتە نېمە دەپ ئويلىغانلىقىنى ئېنىق بىلمەيمەن. ئەمما، تۆمۈر سىجاڭغا يېقىن بىر كىشىنىڭ ماڭا ئېيتىپ بەرگىنىگە قارىغاندا، تۆمۈر سىجاڭ، «قارا شەھەردە تۇڭگانلارنىڭ كۈچى كۆپ. بىز تۇڭگانلارنى بۇنىڭدىن بەكرەك ئەزسەك، قارا شەھەردىكى تۇڭگانلار كېلىپ، بېشىمىزغا بالا بولىدۇ» دەپ ئېيتقان. يەنە بىرسىنىڭ سۆزلەپ بەرگىنىگە قارىغاندا، تۆمۈرسىجاڭ، « قىرغىزلار ۋە خوتەنلىكلەر بىلەن ئارىمىز بۇزۇلۇپ قالسا، مەن تۇڭگانلاربىلەن ئەپلىشىپ، ئۇئىككىسىنى مەغلۇپ قىلىمەن» دېگەن. ئۇنىدىن باشقا، خوتەنلىك بىر كىشىگە، «تۇڭگانلار بىلەن ئۇرۇشمەن دەپ، ئەسكەرلىرىمنى زايا قىلىشىمنىڭ ھاجىتى يوق. ئۇلار مۇھاسىرىگە ئېلىندى. ئاچلىق ۋە باشقا قىيىنچىلىققا چىدىيالماي، بىر كۈنى تەسلىم بولماقتىن باشقا چارىلىرى يوق» دەپ، ئېيتىپ بەرگەنىكەن. تۆمۈر سىجاڭنىڭ تۇڭگانلارغا قارىتا تۇتقان سىياسىتىدىكى بۇخاتا ھېساپىنىڭ، ئازاتلىق كۈرىشىمىز ئۈچۈن بەرگەن زەربىسىنى ئۆلچەشنى، شەرقىي تۈركىستان تارىخىنى تەتقىق قىلغۇچىلارغا ھاۋالە قىلىمەن. تۆمۈرسىجاڭنىڭ بۇ ھەرىكىتى نەتىجىسىدە كېلىپ چىققان ھادىسىلەرنى تۆۋەندە، يېرى كەلگەندە سۆزلەپ ئۆتىمەن.

5 - پەسىل

# ئالتاي، چۆچەك ۋە غولجا ئىنقىلابلىرى

شەرىپ خان، ئالتاي قازاقلىرىنىڭ يەرلىك بەگلىرىدىن بولۇپ، كىچىك چېغىدا چىنچە مەكتەپتە ئوقۇغانىدى. ئالتاينىڭ بەزى جايلىرىدا شەنجاڭ (هاكىم) بولغان ۋە قازاقلار ئىچىدە ئىناۋىتى يۇقىرى ئىدى. يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك، بارىكۆل قازاقلىرى ئىنقىلاب قوزغىغاندا، جىن شۇرېن قازاق بەگلىرىدىن گۇمانلىنىپ، بىرقانچە قازاق بەگلىرىنى ئالداپ ئۈرۈمچىگە چاقىرىپ قاماققا ئالغانىدى. شەرىپ خانمۇ شۇ قاماققا ئالغانلار ئىچىدە ئىدى.

3 - 4 ئاي ئۆتكەندىن كېيىن، شەرىپ خان بىر ھىيلە ئىشلىتىپ، تۈرمىدىن قېچىپ، ئالتايغا بېرىپ يېقىنلىرىنى توپلاپ، ئالتاي دوتىيى بىلەن ئۇرۇشتى. ۋىلايەت مەركىزى سارسۇمبىدىن باشقا ئالتاينىڭ پۈتۈن جايلىرىنى ۋە يايلاقلىرىنى تارتىۋالدى. ماجوڭيىڭ ئىككىنچى قېتىم قۇمۇلغا چىققاندا 2 - 3 يۈز تۇڭگان ئەسكىرىنى بارىكۆل يولى بىلەن ئالتايغا ئەۋەتكەن. بۇ ئىش شەرىپ خاننىڭ ماجوڭيىڭدىن ياردەم تەلەپ قىلىشى بىلەن بولغان بولمىغانلىقى مەلۇم ئەمەس. شەرىپ خان ماجوڭيىڭ ئەۋەتكەن ئەسكەرلەر بىلەن بىرلىشىپ، سارسۇمبىغا ھۇجۇم قىلىپ، دوتەيىنى مەغلۇپ قىلىپ، شەھەرنى ئالدى. دوتەي روسىيە تەرىپىگە قېچىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن پۈتۈن ئالتاي شەرىپ خاننىڭ قولىغا ئۆتۈپ، 6 - ئاينىڭ ئاخىرىدا شەرىپ خان مۇستەقىللىق ئېلان قىلدى. ئۇندىن كېيىن، شەرىپ خان، بىرنەچچە يۈز قازاق ۋە ئىككى يۈز تۇڭگاندىن تەركىپ تاپقان بىرقوشۇننى چۆچەك چېگرىسىدا تۇرغۇزدى (23 - خەرىتىگە قاراڭ).

شەرىپ خاننىڭ ئەسكەرلىرى چېگرىغا كەلگەندىن كېيىن، دۇربىلجىن شەھىرى خەلقى ئىچىدە، «شەرىپ خان نۇرغۇن ئەسكەر بىلەن چۆچەك ۋىلايىتىنى پەتھى قىلىش ئۈچۈن كەپتۇ!» دېگەن سۆز تارىلىپ، دوربىلجىن خەلقى بىردىن قوزغالدى ۋە شەرىپ خاننىڭ چېگرىدىكى ئەسكەرلىرىگە ئادەم ئەۋەتىپ، ياردەم تەلەپ قىلدى. ئۇ ئەسكەرلەرمۇ دەرھال كېلىپ، دۇربىلجىنغا ھۇجۇم قىلدى. چىن ئەسكەرلىرى مەغلۇپ بولۇپ، چۆچەككە قاچتى ۋە دۇربىلجىن ئىنقىلابچىلارنىڭ قولىغا ئۆتتى. بۇخەۋەر چۆچەكتە، «شەرىپ خان كېلىپ، دۇربىلجىننى پەتھى قىپتۇ» دەپ تارىلىپ، 1933- يىلى 7 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا چۆچەك خەلقى بىردىن ئىنقىلاب قوزغاپ چىقتى. شەھەردىكى چىن ئەسكەرلىرى مەغلۇپ بولۇپ، شەھەرنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى مۇستەھكەم سېپىلغا كىرىۋالدى. ئىنقىلابچىلار سېپىلنى مۇھاسىرىگە ئالدى. بۇ ھالەتتە نۇرغاندا دۇربىلجىندىكى ئەسكەرلەرمۇ يېتىپ كەلدى. چۆچەك خەلقى بۇلارنىڭ ئىچىدە شەرىپ خان ياكى باشقا، ئۇلار بىلىدىغان ئىنقىلاب رەھبەرلىرىنىڭ يوقلىقىنى،

بۇلارنىڭ باشباشتاق قازاق ۋە تۇڭگان ئەسكەرلىرى ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، كۆپ ئۈمىدسىزلىنىپ پۇشمان قىلدى. ئەمما، پۇشمان قىلىپ ئولتۇرۇشنىڭ پايدىسى يوقتى. ئىنقىلابچىلار بۇئەسكەرلەربىلەن بىرلىشىپ، سىپىلگە ھۇجۇم باشلىدى. 8 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى دوتەي ۋە لۇجاڭ تەسلىم بولۇشقا ماقۇل بولۇپ، كېلىشىم تۈزۈشكە قارار قىلىنغان بىر پەيتتە، ئۈرۈمچىدىن ماشىنىلار بىلەن زور بىر قوشۇن يېتىپ كېلىپ، مۇجاھىد لارنى مەغلۇپ قىلىپ، شەھەرنى تارتىۋالدى.

يۇقىرىدىمۇ سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئۇ كۈنلەردە شېڭشىسەي، ماجۇڭيىڭنى مەغلۇپ قىلىپ، ئۈرۈمچى ۋە چۆچەك ئوتتۇرىسىدىكى توسۇلۇپ قالغان يولنى ئاچقانىدى. چۆچەككە كەلگەن ياردەم قوشۇنى توپ ۋە پىلمۇتلار بىلەن قوراللانغان بولۇپ، چۆچەك ئىنقىلابچىلىرى قاتتىق تۇرۇپ مۇداپىئە قىلغان بولسىمۇ، تاقابىل تۇرالماي ئېغىر ھالدا مەغلۇپ بولدى. دۈشمەن چۆچەك خەلقىنى بىرقانچە كۈن ئۇدا قىرغىن قىلدى. نۇرغۇن خەلق شېھىت بولدى، ساق قالغانلار شەھەرنى تاشلاپ قېچىپ كېتىپ، گۈزەل چۆچەك شەھىرى تامامەن ۋەيران بولدى. شۇنىڭ بىلەن چۆچەك يەنە شېڭشىسەينىڭ قولىغا ئۆتۈپ، ئىنقىلاب نەتىجىسىز قالدى.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغىنىدەك، ماجۇڭيىڭ 6 ـ ئايدا ماناس ۋە شىخونى ئىگەللەپ، ئۈرۈمچى ۋە ئىلى ئوتتۇرىسىدىكى يولنى ئۈزۈپ تاشلىغاندا ئىلىدىكى چىن قوۋۋەتلىرىنىڭ باش قوماندانى جاڭ بەيۈەن (بەي زىخۇي) مۇستەقىللىق ئېلان قىلىپ، جىن شۇرىن تەرەپتارلىرىنى يوقاتقانىدى. ئۇ ئىلىدىكى تارانچى ۋە تۇڭگانلار بىلەن بىرلىشىپ، ئۆزىنى خۇاسىلىڭ ئۇنۋانى بىلەن ئاتاپ، شېڭشىسەي بىلەن ئاشكارا دۈشمەنلىشىشكە باشلىدى. غولجا ئىنقىلابىنىڭ قىسقىچە جەريانى بۇلاردىن ئىبارەت. دېمەك، غولجىدا يۈزبەرگەن بۇ ھەرىكەت بىرمىللىي ئىنقىلاب بولماستىن، غولجا ۋىلايىتىنىڭ بىرچىنلىقنىڭ ھاكىمىيىتى ئاستىدا ئۈرۈمچىدىن ئايرىلىشتىن ئىبارەت بىر ھەربىي ئۆزگىرىش ئىدى.

6 ـ پەسىل

## ئالتى شەھەردە تۇڭگانلارنىڭ يوقىتىلىشى
## ۋە تۆت مۇستەقىل ھۆكۈمەت

خوتەن ھۆكۈمىتى، خاس مىللىي خاراكتېرگە ئىگە ئىنقىلاب نەتىجىسىدە قۇرۇلغانلىقى ئۈچۈن، تۇڭگانلاردىن پۈتۈنلەي پاك ۋە مۇستەقىل شەكىلدە قۇرۇلدى. بۇلار يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتۈلدى. تۆمۈرسىجاڭنىڭمۇ قەشقەردە تۇڭگانلارنىڭ تەسىرىنى يوقىتىپ،مىللىي مۇستەقىل ھۆكۈمەت قۇرغانلىقىنى سۆزلەپ ئۆتكەندۇق. ئاقسۇ، كۇچادا، ئىسمائىل بەگ ۋە ۋاڭ بەگلەر مىللىي ھۆكۈمدار لار بولسىمۇ، ئۇلار تۇڭگانلارنىڭ قول ئاستىدىكى ھاكىم سۈپىتىدە ئىش بېجىرمەكتە ئىدى. قاراشەھەر ۋە كورلا تۇڭگانلارنىڭ قولىدا بولۇپ، لۇپ ۋە چارقىلىقمۇ تۇڭگانلار قولىدا ئىدى.

خوجىنىياز ھاجى، يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتۈلگەن سەۋەبلەرتۈپەيلىدىن، ماجۇڭيىڭ بىلەن دۈشمەنلىشىپ قالغاندىن كېيىن، دەرھال باشقا جايلاردىكى مىللىي ئىنقىلاب رەھبەرلىرىگە خەت يېزىپ، ئۆزىنىڭ تۇڭگانلارنى يوقىتىشقا ئاتلانغانلىقىنى بىلدۈردى. بۇخەتلەردىن خوتەنگە كەلگەن خەتنىڭ قىسقىچە مەزمۇنى مۇنداق: «بىز قومۇلدىن مىللەتنى زۇلۇمدىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن چىقىپ، تۇرپان مۇسۇلمانلىرىنى قەتلىئام بالاسىدىن قۇتقازدۇق. ھازىر ئەڭ يامان دۈشمىنىمىز بولغان تۇڭگانلارنى يوقىتىش بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىمىز. ھازىرچە، ئۇرۇمچى بىلەن تۇڭگانلارنى يوقىتىپ بولغىچە بىرىكىلىشىم تۈزدۈك. سىلەرگە شۇنى بۇيرۇق قىلىمەنكى، تەۋەلىكىڭلاردىكى جايلاردا قورالىق تۇڭگانلار بولسا، ھەممىسىنى يوقىتىڭلار، چۈنكى، بۇلار غايەت ئىنساپسىز، بۇلاڭچى ۋە مىللىتىمىزگە دۈشمەن بىرخەلقتۇر. بىزنىڭ ئۇرۇمچى بىلەن كېلىشىم تۈزگەنلىكىمىزدىن بەدگۇمان بولماڭلار. چۈنكى، بۇ كېلىشىم ۋاقىتلىق بىركېلىشىم. يۇرت ئۆزىمىزنىڭ. ئۇنى ھەرگىزمۇ خىتاينىڭ قولىدا قويمايمىز....»

بۇ يول بىلەن، خوجىنىياز ھاجى، تۇڭگانلارنى يوقىتىشنى تەشەببۇس قىلىپ، ئۆزىنىڭ مىللەتنىڭ تاپا ـ تەنىسىگە ئۇچرايدىغان ئىشتىن، يەنى، ماجۇڭيىڭدىن ياردەم تەلەپ قىلغانلىقىغا پۇشمان بولغانلىقىنى بىلدۈرگەندى. شېڭشىسەي بىلەن پۇتۈشكەنلىكىنى پەدەزلەپ كۆرسەتمەكچى بولغان. باشقىلارغا يازغان خەتنىڭ مەزمۇننى بىلمىسەكمۇ، تۇڭگانلارنى يوقىتىش تەلەپ قىلىنغانلىقى مەلۇم. نەتىجىدە، ئىسمايىل باي ۋە ۋاڭ بەگلەر ئۆز تەۋەلىرىدىكى تۇڭگانلاردىن بەزىلىرىنى ئۆلتۈردى، بەزىلىرىنى قاماققا ئېلىپ، يۇرتلىرىنى تۇڭگانلاردىن تازىلىدى. بولۇپمۇ، ئىسمايىل بەگ بەش مىڭدەك بىر مىللىي قوشۇن توپلاپ، كورلا ۋە قارا شەھەردەرياسى بويىغىچە ئىلگىرىلىدى. قاراشەھەر تاغلىرىدىكى قالماقلار ماشىمىن بىلەن قاتتىق ئۇرۇشتى. نەتىجىدە ماشىمىن ئۆلتۈرۈلگەن بولسىمۇ قالماقلار شەھەرنى ئالالمىدى. قاراشەھەرنىڭ تاغلىق قىسمىلىرى قالماقلارنىڭ قولىدا ۋە شەھەر بولسا يەنە تۇڭگانلارنىڭ قولىدا قالدى. شۇنىڭ بىلەن، ئالتە شەھەردە تۆۋەندىكى تۆت مۇستەقىل ھۆكۈمەت بارلىققا كەلدى:

(1) يەركەندىن چەرچەنگىچە بولغان جايلاردا، خوتەن ھۆكۈمىتى؛

(2) يېڭىساردىن تۇمشۇق تاققىچە بولغان جايلاردا، قەشقەر ھۆكۈمىتى؛

(3) تۇمشۇق تاغدىن بايغىچە بولغان جايلاردا، ئاقسۇ ھۆكۈمىتى؛

(4) بايدىن قارا شەھەر دەرياسى بويىغىچە بولغان جايلاردا، كۇچا ھۆكۈمىتى(23 ـ خەرىتىگە قاراڭ).

بۇتۆت ھۆكۈمەتتىن، كۇچا ھۆكۈمدارى ۋاڭ بەگ ۋە ئاقسۇ ھۆكۈمدارى ئىسمايىل بايلار7ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا خوجىنىياز ھاجىغا ئەلچى ئەۋەتىپ، ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىدىغانلىقلىرىنى بىلدۈردى. تۆمۈرسىجاڭ كۆرۈنۈشتە خوجىنىياز ھاجىنى بىر مىللىي باشلىق دەپ قاراپ كەلگەن بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە، ئۇ باشلىق بولسا مەنمۇ بىر باشلىق دەپ، مەغرۇرلانماقتا ئىدى. خوتەن ھۆكۈمىتى،

خوجىنىياز ھاجىنى ھەممىدىن بۇرۇن قوزغالغان ئىنقىلابنىڭ رەھبىرى ۋە ئەڭ كۈچلۈك دۈشمەنگە قارشى تۇرۇۋاتقان كىشى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا قارىتا بىر سەممىي ھۆرمەت ھىسسىياتى ئىچىدە ئىدى. لېكىن، ئۇنىڭ قىلغان ئىشلىرى، قابىلىيىتى ۋە سىياسى يولى ھەققىدىكى تەپسىلاتىنى بىلمىگەنلىكتىن، خوتەن ھۆكۈمىتىنىڭ، خوجىنىياز ھاجىنى بىر ئومۇمىي ھۆكۈمدار دەپ، تونۇش تونۇماسلىق توغرىسىدا قەتئىي بىرقارارى يوقتى. ئالتاي ھۆكۈمدارى شرىپ خانمۇ ئۆز تەۋەسىدىكى جايلاردا تۇڭگانلارنى يوقاتتى. خوجىنىياز ھاجىغا ئىتائەت قىلغان ياكى قىلمىغانلىقى توغرىسىدا مەلۇماتىمىز يوق.

7 ـ پەسىل

## چىن ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستانىنى ئۈچ قىسىمغا بۆلگەنلىكى

شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلابىنىڭ، چىن مەركىزى ھۆكۈمىتىگە قاتتىق تەسىر قىلغانلىقى ھەققىدە مەلۇمات ئالماقتا ئىدۇق. لېكىن، چىن مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا قوشۇن ئەۋەتىشكە قۇدرىتى يەتمەيتتى. شەرقىي تۈركىستان خەلقى بىرلەشكەن تەقدىردە، ئۇنىڭ مۇستەقىل بولۇشىغا ھېچ نەرسە توسالغۇ بولالمايتتى. شەرقىي تۈركىستان چىن خەرىتىسىدىن چىقىپ كېتىپ، ئۆزىگە مەخسۇس بىر رەڭگە كىرىدىغانلىقىدا ھېچ شۈبھە يوقتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، چىن بۇ ۋەزىيەتنى ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە كۆزەتمەكتە ئىدى.

يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك، خوجىنىياز ھاجىنىڭ، شېڭشىسەي بىلەن كېلىشىم تۈزۈشى نەتىجىسىدە، شەرقىي تۈركىستاندىكى ۋەزىيەت ئىنقىلابچىلارنىڭ زىيىنىغا قاراپ يۈز تۇتتى. بۇنى كۆرگەن چىن مەركىزى ھۆكۈمىتىدە بىر ئاز ئۈمىد پەيدا بولدى ۋە ئىنگلىزلارنىڭ « پارچىلا ۋە ئىستىلا قىل» دېگەن سۆزى بويىچە شەرقىي تۈركىستانىنى پارچىلاپ، بۇ ئۇسۇل بىلەن بۇ يۇرتنى داۋاملىق تۇتۇپ تۇرۇشنى ئويلىدى. شۇنىڭ بىلەن مەركىزى ھۆكۈمەت كۆرۈنۈشتە، خوجىنىياز ھاجىنى، شېڭشىسەينى ۋە جاڭ پەيۇەننى بىر ـ بىرلىرى ئىتىپاقلاشتۇرۇپ، شەرقىي تۈركىستانىنى تىنچىتىش ئۈچۈن خۇاڭ مۇسۇڭ (چىن ھەربىي شتابىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى) باشچىلىقىدا شەرقىي تۈركىستانغا بىر ھەيئەت ئەۋەتتى. بۇ ھەيئەت 1933 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا ئايروپىلان بىلەن ئۈرۈمچىگە كېلىپ، شەرقىي تۈركىستانىنى ئۈچ قىسىمغا بۆلدى. ئۈرۈمچى، چۆچەك ۋە ئالتاي ۋىلايەتلىرىنى بىر ۋىلايەت قىلىپ ئايرىپ، شېڭشىسەينىڭ ئىدارە باشقۇرۇشىغا بەردى. شېڭشىسەي بۇرۇنقىدەك «دوبەن» ئۇنۋانى بىلەن تۇرىدىغان بولدى. تەڭرى تاغلىرىنىڭ جەنۇبىنى «نەن جاڭ» يەنى جەنۇبىي ۋىلايەتلەر دەپ ئاتاپ، خوجىنىياز ھاجىغا بەردى. خوجىنىياز ھاجىنىڭ ئۇنۋانى«نەنجاڭ باۋۋېي زۇڭسىلىڭ»، يەنى، جەنۇبىي ۋىلايەتلەرنىڭ خەۋپسىزلىكىنى ساقلاش باش قوماندانى بولدى. غولجا ۋىلايىتىنى ئالاھىدە بىر

ۋىلايەت قىلىپ ئايرىپ، جاڭ بەيۋەننىڭ ئىدارە قىلىشىغا بەردى. ئۇنىڭغا «خوۋا سىلىڭ ياكى خوسىلىڭ» يەنى، ئىلى خونىڭ قوماندانى دېگەن ئۇنۋان بېرىلدى. چىنلىقلارنىڭ ئىلىنى «ئىلىخو» دەپ ئاتىغانلىقىنى يازغان ئىدۇق.

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، چىن مەركىزى ھۆكۈمىتىنىڭ، شېڭشىسەي ۋە خوجىنىياز ھاجىلارنىڭ ھېچقايسىسىغا «جۇشى» ئۇنۋانى بەرمەي، قوماندان ئۇنۋانى بېرىپ، يۇرتنى ئۈچ قىسمغا ئايرىپ، ئىدارە قىلىشتىكى مەقسىدى، ئۇزۇندىن بېرى مەركەزنىڭ كونتروللىدىن چىقىپ كەتكەن شەرقىي - تۈركىستاننى بىر - بىرلىرىگە رەقىب ئۈچ كىشىنىڭ ئىدارە قىلىشىغا تاپشۇرۇپ، ئۇرۇمچىگە مەركەزلەشكەن تەسىرنى ئاجىزلاشتۇرۇش ئىدى. بۇيەردە مەركەزنىڭ نۇپۇزىنى كۆچلەندۈرۈشتىن ئىبارەت بىرسىياسى ئويۇننىڭ ئوينىلىۋاتقانلىقىنى مۆھتەرەم كىتابخانلار ياخشى چۈشەنگەن بولىسا كېرەك. بۇ تەقسىم قىلىش تاماملانغاندىن كېيىن، ماجۇڭيىڭ «شەرقىي تۈركىستاندا ھېچقانداق ھەققى يوق بىر ئوغرى» دەپ ئېلان قىلىندى ۋە مەزكۇر «ئۈچ ھۆكۈمدار » غا ماجۇڭيىڭنى شەرقىي تۈركىستاندىن قوغلاپ چىقىرىشقا بۇيرۇق قىلىندى. ماجۇڭيىڭ قوغلانسا، خوجىنىياز ھاجىنىمۇ پەيتى كەلگەندە يوقىتىپ، مىللىي ئىنقىلابنى بېسىقتۇرۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا مۇمكىن بولاتتى. شونىڭ ئۈچۈن، خوجىنىياز ھاجىغا چىندىكى بىرقىسىم ئىنقىلاب كاتىۋاشلىرىغا ۋاقتلىق بېرىلىدىغان «قوماندانلىق» ئۇنۋانى بېرىلگەنلىكى مەلۇم.

8 - پەسىل

## خوتەن قوشۇنلىرى بىلەن تۆمۈرسىجاڭ ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ بوزۇلۇشى

قەشقەردە ئەسكىرىي سىياسىي بىلەن تۆۋەندىكى تۆت خىل قوراللىق كىشىلەر بار ئىدى:

1 - تۇڭگانلار، بۇلار باشقا قۇۋۋەتلەر بىلەن ئاشكارە دۈشمەنلىشىش ھالىتىدە ئىدى.

2 - تۆمۈرسىجاڭنىڭ ئۆز ئەسكەرلىرى، يەنى، تۇرپان،كورلا ،كۇچا ۋە قەشقەردىن توپلانغان ئەسكەرلەر.

3 - قىرغىزلاردىن تەركىپ تاپقان ئەسكەرلەر.

4 - مۇھاجىر ئۆزبېكلەردىن تەركىپ تاپقان ئەسكەرلەر.

يۇقىرىدىكىلەرنىڭ تۇڭگانلاردىن باشقىلىرى تۆمۈرسىجاڭنىڭ رەھبەرلىكى ئاستىدا بولسىمۇ، ھەربىرى ئۆز ئالدىغا بولۇپ، ئۆزلىرىدىن بولغان قوماندانلىرىنىڭ باشقۇرۇشىدا ئىدى. بۇلار بىرەر قانۇن ياكى تەرتىپ ئىنتىزامغا باغلىق بولماستىن، بىرقوراللىق گورۇھ شەكلىدىكى ئىنتىزامسىزكىشلەر ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، قەشقەرخەلقى، بىركۈن بۇ قوراللىق گورۇھ ئۆز ئىچىدە ئىختىلاپ تۇغدۇرۇپ

ئۇرۇشىدۇ. نەتىجىدە، قەشقەرخەلقى بۇلارنىڭ بولاڭ - تالڭى ۋە قىرغىنچىلىقىغا دۇچار بولىدۇ دەپ، ئەندىشە قىلاتتى. شۇنداقلا تۆمۈرسىجاڭنىڭ قانۇن - تۈزۈمى بولمىغان تەرتىپ - ئىنتىزامسىز ھۆكۈمىتىدىن بەك نارازى ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، يەركەن پەتھى قىلىنغاندىن كېيىن، قەشقەرخەلقىنىڭ تولىسى خوتەن ھۆكۈمىتى بىلەن بىرلىشىشنى خالىغان. قەشقەر ئالىملىرى ۋە باشقا يۇرت كاتتىلىرى، مەخپىي ھالدا ئادەم ئەۋەتىپ، سابىت داموللا ھاجىمنى ئەسكەرلىرى بىلەن قەشقەرگە كېلىشكە دەۋەت قىلماقتا ئىدى. قەشقەردىكى قىرغىز ئەسكەرلىرىدىن بىرقىسمىنىڭ قوماندانلىرىمۇ بۇ تەكلىپكە قوشۇلىدىغانلىقلىرىنى بىلدۈرۈپ، بىزگە ئاشكارە ئادەم ئەۋەتتى ۋە لازىم كەلگەندە خوتەن ئەسكەرلىرىگە ياردەم قىلىدىغانلىقلىرىنى بىلدۈرگەنىدى.

سابىت دامولالاھاجىم، ئۆزى قەشقەرلىق بولغانلىقى ئۈچۈن، بالدۇرراق قەشقەرگە بېرىپ، يا سۈلھى بىلەن يا ئۇرۇش بىلەن بۇچوڭ ۋە مۇھىم شەھەرنى خەتەردىن قۇتقۇزۇپ، خوتەن ھۆكۈمىتىنىڭ سىياسى ئورنىنى مۇستەھكەملەش پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويىدى. بىرقىسىم قەشقەر چوڭلىرىنىڭ ۋە قىرغىزلارنىڭ تەشۋىقلىرى دامولا ھاجىمنى بەك ئىشەندۈرۈۋەتكەنىدى. مېنىڭ ھەزرىتىم ۋە مەن، بۇئىشقا ئالدىرماسلىق، تۆمۈرسىجاڭ ۋە تۇڭگانلارغا تەڭ كېلەلىگىدەك كۈچىمىزنىڭ تېخى ھازىر بولمىغانلىقىدىن بىر ئاز پۇرسەت كۈتۈپ تۇرۇشنى ياقلاپ، دامولاھاجىمنى توساپ تۇرۇشتا چىڭ تۇردۇق. لېكىن، دامولاھاجىم ئۆز پىكرىدە مەھكەم تۇرۇپ، بىزنى ئىشەندۈرۈشكە تىرىشماقتا ئىدى. مەسىلەن: قەشقەردىكى تەرەپتارلىرى بولغان كىشىلەرنىڭ قەشقەردىكى تۇپۇزلۇق زاتلار ئىكەنلىكىنى، ئەسكىرىي تەرەپتىن قوللايدىغانلارنىڭمۇ خېلى كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى، ھەتتا، ئۇلارنىڭ كۈچىنى ھەددىدىن زىيادە مۇبالىغىلاشتۇرۇپ، بىز تەرەپتىن ئارتۇقچە بىر ئەسكىرىي قۇۋۋەت لازىم ئەمەس دەپ، كۆرسەتتى. شۇنداقلا، ھازىر قەشقەر ئىشى قاچىدىكى ئاشتەك تەييار بولۇپ قالغان، كېچىكىپ قالساق پۇرسەت قولدىن كېتىدۇ دېگەنگە ئوخشاش دەلىللەر بىلەن بىزنى قايىل قىلىشقا تىرىشتى. بۇلاردىن باشقا، دامولا ھاجىم بىلەن قەشقەر ئارىسىدا ئالاقە قىلىۋاتقان بىركىشىدىن بىزگە بەزى ماتېرىياللارنى ئەۋەتتى. بۇكىشى بىزنى قايىل قىلىدىغان بەزى سۆزلارنىمۇ قىلىپ بەردى. بۇ تەشەببۇسلەر بىلەن خوتەن ھۆكۈمىتىنى ئاخىرى ماقول قىلدى. نەتىجىدە، خوتەن ھۆكۈمىتى، قەشقەرگە ئۆزىنىپ، جايىدا بولغان بىر تاپا - تەنىگە قالدى ۋە تارىخ سەھىپىلىرىگە يېزىلغۇسى ناھايىتى ئېغىر بىرخاتالىق ئۆتكۈزدى. چۈنكى، بۇئىش مىللىي ئىنقىلاب تېخى بىر نەتىجىگە ئېرىشمىگەن، مىللىي ئىنقىلابى كۈچلىرىنىڭ قۇۋۋەتلىنىشى ناھايىتى زۆرۈر بولغان بىر زاماندا، ئىككى مىللىي قۇۋۋەتنىڭ ئىختىلاپىغا سەۋەب بولدى. شۇنىڭ بىلەن ناھايىتى ياخشى تەشكىللەنگەن خوتەن كۈچلىرى قاتتىق ئاجىزلاشتى ۋە خېلى كۈچ كۆرسىتىپ تۇرغان تۆمۈر سىجاڭنىڭ ئەسكەرلىرى پاراكەندە بولۇپ، پۈتۈنلەي تۈگەشتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئىچكى كۈرەش بەش ئاي داۋام قىلىپ، دۈشمەنگە ھېچ

كۈتمىگەن يەردىن بىر پۇرسەت تۇغدۇرۇپ بەردى.

شۇنداق قىلىپ، 7- ئاينىڭ 15 - كۈنى سابىت داموللا ھاجىم ۋە ئەمىر ئابدۇللا 2500 كىشىلىك بىر قوشۇننى ئېلىپ، يەركەنگە ماڭدى. ئۇلار تۆمۈرسىجاڭغا، « بىز قەشقەرگە يېڭى شەھەردىكى تۇڭگانلارنى يوقىتىش ئۈچۈن سىزگە ياردەم قىلىشقا بارىمىز. ئالتە شەھەردىن خاتىرجەم بولغاندىن كېيىن، ھازىرلىنىپ، قەشقەردىن دەرھال خوجىنىياز ھاجىمنىڭ ياردىمىگە ئۈرۈمچىگە يولغا چىقىمىز» دەپ خەت يازدى. 7- ئاينىڭ 18- كۈنى يېڭىسارغا يېتىپ كەلدى. بۇ يەردە ئالاھىدە تىلغا ئېلىش لازىم بولغان بىر مەسىلە شۇكى، سابىت داموللاھاجىم، تۆمۈرسىجاڭنىڭ ئەڭ قۇۋۋەتلىك ئادىمى بولغان ھاپىزتەنجاڭنى بەش يۈز كىشىلىك ئاتلىق ئەسكىرى بىلەن ئارقىلىرىدا يەنى، يەركەندە قويۇپ ماڭدى. بۇئىشنىڭ قانچىلىك چوڭ بىر خاتالىق بولغانلىقىنى تۆۋەندە كۆرىمىز. داموللا ھاجىم ۋە ئەمىر ئابدۇللالار يېڭىسارغا كەلگەندىن كېيىن، قەشقەردىن شەھەر كاتتىلىرى ۋە ئۆلىمالار قارشى ئېلىشقا كەلدى. تۆمۈر سىجاڭمۇ يىنىغا ئەسكەر ئالماي ماشىنا بىلەن يېڭىسارغا كەلدى. تۆمۈرسىجاڭ بۇسەپەردىن كۆپ قورقىقان ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇ سابىت داموللامغا قەشقەرگە بارماسلىقنى ئېيتتى. تۇڭگانلارنى يوقىتىشقا ئۆزىنىڭ كۈچى يېتىدىغانلىقىنى سۆزلەپ، بۇ ۋەزىپىنى دەرھال ئورۇنداپدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. خوتەن ھۆكۈمىتى بىلەن قەشقەر ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىسىدا يېڭىسار نىڭ شانىياز ئۆستىڭنى چېگرا قىلىپ بەلگىلەشنى تەكلىپ قىلدى ۋە«چېگرىمىزنى بەلگىلەۋېلىپ، تۇڭگانلارنى يوقىتىپ بولغاندىن كېيىن بىرلىشىش مەسىلىمىزدە ھېچبىر توسالغۇ قالمايدۇ. بۇ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىمەن دەپ، مەن ئۆزەم كەلدىم» دېگەن. ئەمما، سابىت داموللاھاجىم ئۆزىنىڭ قەشقەرگە بېرىش نىيىتىدە مەھكەم تۇرۇپ، بىرقىسىم دەلىللەرنى كۆرسەتكەن. تۆمۈرسىجاڭ داموللاھاجىمنىڭ بۇقەتئىي نىيىتىنى كۆرۈپ، ئەمىر ئابدۇللا قوماندانلىقىدىكى خوتەن قۇۋۋەتلىرىنىڭ قەشقەرگە كىرىشىگە ۋە بىرلىشىپ، يېڭى شەھەرنى پەتھى قىلىشقا ماقۇل بولدى. سابىت داموللاھاجىم ۋە ئەمىرئابدۇللا ئەسكەرلىرى بىلەن 7 - ئاينىڭ 21 - كۈنى قەشقەرگە كىردى. قەشقەر خەلقى بۇلارنى ناھايىتى قىزغىنلىق بىلەن داغدۇغىلوق ھالدا قارشى ئالدى. تۆمۈر سىجاڭمۇ كۆرۈنۈشتە ياخشى قارشى ئېلىپ، ھۆرمەت بىلدۈردى. ئەمما، يېڭى شەھەرگە ھۇجۇم قىلىش ئىشىنى بۇگۈن، ئەتە دەپ ئارقىغا سوزدى. بۇ ئارىدا يەركەندە قالغان ھاپىز تەنجاڭ ۋە قەشقەردىكى سابىت داموللاھاجىمغا ھەسەت قىلىدىغان بىرقىسىم كىشىلەر بىرلىشىپ، تۆمۈرسىجاڭنى سابىت داموللاھاجىمغا قارشى كۈشكۈرتكىلى باشلىدى. يەنە بىر تەرەپتىن سابىت داموللام قەشقەردىكى بەزى ئىشەنچىلىك يۈزلۈك ئادەملەرگە سىرىنى سۆزلەپ قويىدى ۋە بىرقىسىم ئۆزىگە ھېسداشلىق قىلغان ياخشى كىشىلەرنى رەنجىتىپ قويىدى. تۆمۈرسىجاڭ بولسا قول ئاستىدىكىلەرگە كەڭ - تاشا پۇل ۋە مەنسەپ بېرىپ ئۆزىگە سادىق تەرەپتار قىلدى. 1933- يىلى 8- ئاينىڭ 2 - كۈنىدىن باشلاپ، تۆمۈرسىجاڭ سابىت داموللاھاجىم ۋە ئەمىر

ئابدۇللاغا ئاشكارە دۈشمەنلىك قىلغىلى باشلىدى. بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، ئىشنىڭ يامان تەرەپكە كېتىۋاتقانلىقىنى سەزگەن دامولا ھاجىم بۇرۇن ياردەم قىلمىز دەپ، ۋەدە قىلغانلار. يۇرت كاتتىلىرى ۋە قىرغىز قوماندانلارنى ئىزدىگىلى تۇردى. ئەمما، ئۇلار ئاللىقاچان تۆمۆرسىجاڭ تەرەپكە ئۆتۈۋالغانىدى. ئاز بىرقىسىم قىرغىزنىڭلا ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىپ، دامولاھاجىم تەرىپىدە تۇرغانلىقى مەلۇم بولدى.

بۇ ۋەزىيەت ئاستىدا، سابىت دامولا ھاجىم ۋە ئەمىرئابدۇللانىڭ قەشقەردىن يېنىپ. يەركەنگە كېلىۋېلىشى كېرەك ئىدى. لېكىن، ئۇلار تەرەپتارلىرىمىزنى قوغدايمىز دەپ، ئىككى كۈن كېچىكىپ قالدى. 8 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى سەھەردە، تۆمۆرسىجاڭ بىزنى ھىمايە قىلىدىغان قىرغىزلارنى قورالسىزلاندۇرۇش ئۈچۈن، ئۇلارغا ھۇجۇم قىلدى. سابىت دامولا ھاجىم قىرغىزلارغا ياردەم قىلىش ئۈچۈن ئەسكەرلەرگە بۇيرۇق قىلدى ۋە ئۆزىمۇ ئاتلىنىپ ماڭدى لېكىن. تۆمۆرسىجاڭنىڭ تۇيۇقسىز ھۇجۇمىغا ئۇچرىدى. يېڭىسارلىق قەھرىمان قوماندانىمىز بەختىيارخان بىرقىسىم ئەسكەرلىرى بىلەن ئەسىر ئېلىندى. ئۇنىڭ ئۈستىگە كېرىيە قوماندانى يۈزدەك ئەسكىرى بىلەن ۋە خوتەننىڭ چوڭ بىرتەرىقەت مۇرشىدى ئىشاننىڭ ئوغلى ھەمدە، مېنىڭ ئوقۇغۇچىم بولغان غۇلام قادىر ئۈچ يۈز ئەسكىرى بىلەن تۆمۆر سىجاڭ تەرىپىگە ئۆتۈۋالدى. نەتىجىدە، خوتەن ئەسكەرلىرى يېڭىلىپ. لەشكەرگاھلىرىغا چېكىندى. ئەتىسى، تۆمۆرسىجاڭ دامولا ھاجىم ۋە ئەمىر ئابدۇللا نىڭ قوراللىرىنى تاپشۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. ئۇلار بۇ ھەقتە مۇزاكىرىلىشەيلى دەپ. بىر ئىككى كۈن كېچىكتۈرگەن بولسىمۇ دامولا ھاجىمغا ھەسەت قىلىدىغان بىرقىسىم قەشقەرلىق قوماندانلار. دەڭ ۋە سارايلاردا بۆلۈنۈپ تۇرۇۋاتقان خوتەن ئەسكەرلىرىگە ھۇجۇم قىلىپ، قورالسىزلاندۇرۇشقا باشلىدى. ئەمىر ئابدۇللا بىرئامال قىلىپ يەركەنگە قېچىشنى ئويتۇرىغا قويدى. دامولاھاجىم ساق قۇتۇلۇپ چىقىپ كېتەلىشىگە كۆزى يەتمەي، تەسلىم بولۇشقا قارار قىلدى.

8 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى، ئەمىر ئابدۇللا قوراللىرىنى تۆمۆرسىجاڭغا تاپشۇردى. تۆمۆرسىجاڭ سابىت دامولا ھاجىم ۋە ئەمىرئابدۇللا باشلىق بىرقانچە كىشىلەرنى نەزەربەنت قىلدى. قورالسىزلاندۇرۇلغان خوتەن ئەسكەرلىرىنى بولاپ ـ تالاپ، ئات ۋە پۇل ـ ماللىرىنى ھەتتا كىيىم ـ كېچەكلىرىنىچە تارتىۋېلىپ، قەشقەردىن قوغلاپ چىقاردى. بەزىلىرى ئۆلتۈرۈلدى ۋە بەزىلىرى پىيادە مېڭىپ. چۆلدە ئاچلىق ۋە سۇسىزلىقتىن ئۆلدى.

سابىت دامولاھاجىم ۋە ئەمىر ئابدۇللا قەشقەرگە كەتكەندىن كېيىن، يەركەندە بەزى يامان نىيەتلىك كىشىلەر پىتنە. ئىغۋا تارقىتىپ، ئەمىر نۇرئەھمەد بىلەن ھاپىز تەنجاڭ ئوتتۇرىسىدا نىركىشش پەيدا قىلغانىدى. ئەمىر نۇرئەھمەد نىڭ ئەسكەرلىرى بۇنىڭغا سەۋەپچى بولغان پىتنىچىلارنى تۇتۇپ. دارغا ئاستى. بۇ ھادىسە دەل قەشقەردە تۆمۆرسىجاڭنىڭ بىزگە دۈشمەنلىك قىلىشقا باشلىغان زامانى ئىدى.

تۆمۈر سىجاڭ بۇخەۋەرنى ئاڭلاپ، بۇرۇن سابىت داموللاھاجىمنى قەشقەرگە كېلىشكە دەۋەت قىلغانلاردىن ئەڭ مۇھىم زات بولغان ۋە كېيىن، تۆمۈرسىجاڭ تەرىپىگە ئۆتنۆۋالغان «كىچىك ئاخۇن تەنجاڭ» نى 300 ئاتلىق ئەسكەر بىلەن يەركەنگە يوللىدى. كىچىك ئاخۇن يەركەنگە كېلىپلا، ھاپىز- تەنجاڭغا قوشۇلۇپ، ئەمىر نۇرئەھمەد بىلەن ئاشكارە دۈشمەنلىشىشكە باشلىدى. قەشقەر دىن تۆمۈرسىجاڭ ھەدەپ، ئەمىرئابدۇللا نامىدىن تەسلىم بولۇش توغرىسىدا ئەمىر نۇرئەھمەدكە خەت يازغىلى تۇردى. لېكىن، ئەمىر نۇرئەھمەد بۇلارغا قۇلاق سالماي ئۇلارغا پۈتۈن كۈچى بىلەن قارشى تۇرۇشقا قارار قىلدى. ئەمما، ھەر ئېھتىمالغا قارشى يەركەندىكى ئارتۇق ئوق - دورا، توپ ۋە خەزىنىنى قاغىلىق تەرەپكە ئەۋەتىۋەتتى. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن ئەسكەرلىرىمىز ئىچىدە، «يەركەننى تاشلاپ چىقىپ كېتىمىزكەن» دېگەن سۆز تارالدى. بۇنىڭغا ئىشەنگەن يەركەننىڭ چەت جايلىرىدىكى قوماندانلىرىمىز ئەمىرنۇرئەھمەددىن سورىماستىنلا يەركەندىن 5 - 6 يۈز كىشىلىك بىرقۇۋۋەت بىلەن چىقىپ، قاغىلىققا قاراپ يۈرىدى. بۇ ئىش باشقا ئەسكەرلەر ئىچىدە قاتتىق ئالاقزادىلىك پەيدا قىلدى. ھاپىز بۇئەھۋالنى كۆرگەن ھامان ھەرقايسى جايلاردا تۇرۇۋاتقان ئەسكەرلىرىمىزگە ھۇجۇم باشلىدى. بۇ ۋەزىيەت ئاستىدا ئەمىر نۇرئەھمەد ئۈچۈن تەسلىم بولۇشتىن باشقا چارە قالمىغانىدى. شۇنىڭ بىلەن ھاپىز تەنجاڭ بىلەن مۇزاكىرىلىشىپ، قورال ۋە ئاتلارنى تاپشۇرۇش، خوتەن ئەسكەرلىرىنىڭ جېنى ۋە مېلىغا تەگمەسلىك ۋە يەركەن دەرياسىدىن ئۆتمەسلىك قاتارلىق شەرتلەر بىلەن كېلىشىم ئىمزالاندى. كېلىشىمگە ئاساسەن 8 - ئاينىڭ 17 - كۈنى قورال تاپشۇرۇلدى. ئەمما، ھاپىز تەنجاڭ، قورالنى ئېلىپ بولۇپلا،كېلىشىمنى بۇزۇپ، ئەمىرنۇرئەھمەد نى ۋە بىر قانچە ئادىمىنى قامىدى. قورالسىزلاندۇرۇلغان ئەسكەرلىرىمىزنى بۇلاپ - تالاپ ناھايىتى پاراكەندە قىلىۋەتتى. بولاردىن بىرقانچە يۈز ئادىمىمىز قوماندانلىرىنى قاماقتا قويۇپ، خوتەنگە قايتىشقا رازى ئەمەستى. بۇلارنىڭ كۆپ قىسمى كىيىملىرىنى يەڭگۈشلەپ، شەھەرئىچىدە يوشۇرنۇۋالدى ۋە بىرقىسمى ھاپىزغا ئەسكەر بولۇپ، يەركەندە قالدى.

ھاپىز تەنجاڭ، 1933- يىلى8 - ئاينىڭ 21 - كۈنى قارغىلىققا يۈرۈش قىلدى. قارغىلىقتا چېچىلاڭغۇ ھالەتتە تۇرۇۋاتقان ئەسكەرلىرىمىز بۇخەۋەرنى ئاڭلاپ، قارغىلىقنى بوشىتىپ خوتەنگە قاراپ ماڭدى. ئەتىسى ھاپىز كېلىپ، قارغىلىقنى ئىشغال قىلدى. مەن بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، قاراقاشقا ۋە ئۇيەردىن زاۋاغا كېلىپ، ئەسكەرلىرىمىزنى توپلاشقا باشلىدىم. يەركەندىن كەلگەن ئەسكەرلەرنىڭ ئائىلىسىگە كېتىشىگە رۇخسەت قىلدىم. لېكىن، ھاپىز قاغىلىقتا توختىدى. گۇمىغا بىرقىسىم ئەسكەرلىرىنى ۋە بىرھاكىمنى يوللاپ، ئۇيەرنىمۇ ئىشغال قىلدى. يەركەندىن كېلىدىغان ياردەم قۇۋۋەتلىرى كېلىشى بىلەن خوتەنگە يۈرۈش قىلماقچى بولۇپ تەييارلانماقتا ئىدى. مەن گۇمىغا 1500 كىشىلىك بىر قىسىم يوللىدىم. بۇ قىسىم گۇمىدىكى ھاپىز تەنجاڭنىڭ ئەسكىرىنى مەغلۇپ قىلدى ۋە ئۇنىڭ قويغان ھاكىمى باشلىق 18 ئادىمىنى ئەسىرئالدى. قالغانلىرى قاغىلىققا قاچتى. گۇما قايتۇرۇۋېلىندى. بىز ھاپىز تەنجاڭغا

بىر ئەلچىلەر ھەيئىتى ئەۋەتىپ، كېلىشىمگە تەكلىپ قىلدۇق ۋە ئەگەر بۇ تەكلىپنى قوبۇل قىلمىسا ئاخىرغىچە ئۇرۇشىدىغانلىقىمىزنى ئېيتتۇق. بۇ ھەيئەتنى قاغىلىقتا بارماستىن «چولاق لەنگەر» دېگەن جايدا، ھاپىزنىڭ ئەسكەرلىرى، ئەسىر ئالغان ۋە بۇلاپ ـ تالىغان. بۇلاردىن بەزىلىرى قېچىپ كۆمىغا كەلگەن. ئەسىر ئېلىنغانلار ئىچىدە بۇ ھەيئەتنىڭ رەئىسىمۇ بار ئىدى. ئۇ «كۆمىدىكى ئەسكەرلىرىمىزگە ھاپىزنىڭ بۇيەردىكى ئەسكىرى 20000 كىشىدىن ئىبارەت. سىلەر دەرھال كۆمىنى بوشىتىپ، خوتەنگە قايتىڭلا» دېگەن مەزمۇندا بۇيرۇق يېزىپ ئەۋەتكەن. كۆمىدىكى ئەسكەرلىرىمىز بۇنى راست دەپ ئىشىنىپ، 1500 كىشىنىڭ 20000 كىشىگە تەڭ كېلەلمەسلىكىنى چاغلاپ، خوتەنگە قايتىدۇ.

مەن دەرھال زاۋاغا كېلىپ، پۈتۈن ئەسكەرلەرنى توپلاپ، مۇداپىئەگە ھازىرلاندىم. بۇ ئارىدا ھاپىز، بىزگە تەھدىت سېلىپ، بىرقانچە پارچە خەت ئەۋەتتى. ھاپىزنىڭ كۈچى ھەققىدە مەخپىي ئاخبارات خادىملىرىمىزنىڭ بەرگەن مەلۇماتلىرى ئوخشاش ئەمەستى. ھاپىزنىڭ قولىدا ئەسىرلىكتە قالغان ئەلچى ھەيئەت رەئىسى خەتلىرىدە دۈشمەن سانىنى داۋاملىق 20000 دەپ يازاتتى. بىزنىڭ كۈچىمىز ساندا بەش مىڭ كىشى بولسىمۇ، مىلتىقىمىز بەش يۈزدىن ئاشمايتتى. ئوق دورىمىز يوق دېگىدەك ئاز ئىدى. چۈنكى، پۈتۈن مىلتىق ۋە ئوق ـ دورا زاپاسلىرىمىز يەركەن ۋە قەشقەردە يوقالغانىدى. مانا بۇ ھالەتتىكى ئاجىز قوشۇن بىلەن 20000 كىشىلىك قوشۇنغا تاقابىل تۇرالمايدىغانلىقىمىزنى چۈشىنىپ، سۇلھى قىلىش پىكرىگە كەلدۇق ۋە ھاپىز تەنجاڭغا يەنە بىر ھەيئەت يوللىغان بولساقمۇ، ئۇ بۇلارغا قۇلاق سالماي، داۋاملىق ئىلگىرلىدى. ھەتتا، بىزنىڭ ھەيئەت ئەزالىرىمىزدىن بولغان بىر تەرىقەت مۇرشىدى «كاتتا ئىشان»، ھاپىزنى دەرھال خوتەنگە ھۇجۇم قىلىشقا رىغبەتلەندۇرگەن. شۇنىڭ بىلەن ھاپىز، مەزكۇر ئىشاننىڭ قەشقەردە خوتەن ھۆكۈمىتىگە تۈزكورلۇق قىلغان ئوغلى غۇلام قادىر ۋە يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ھەيئەت رەئىسى خائىننى بىرگە قوشۇپ، خوتەنگە ئەسكەر يوللىدى. بۇ ۋەزىيەتتە ئەسكەرلىرىمىزنى زاۋادىن ئىلچىگە قايتۇردۇق. مەن قاراقاشتا قالغاندىم. ئۇ كېچىسى، بىزنىڭ بۇرۇنقى ۋە كېيىنكى ئەلچى ھەيئىتىمىزدىكى كىشىلەردىن بىر قانچىسى ھاپىزنىڭ قولىدىن قوتۇلۇپ، قاراقاشقا كەلدى ۋە ماڭا ھەقىقىي ئەھۋالنى ئېيتىپ بەردى. ئەسلىدە ھاپىز تەنجاڭنىڭ پۈتۈن ئەسكىرى ئۈچ مىڭ كىشىدىن ئاشمايتتى. ھازىر زاۋادىكى كۈچىمۇ مىڭ كىشىدىن ئىبارەت ئىدى. زاۋادىن كەلگەن خەۋەرچىلىرىمىزمۇ بۇنى توغرىلىماقتا ئىدى. مەن بۇ مەلۇماتلارنى ئالغاندىن كېيىن، كونئوشتە قاراقاشتىن چېكىنگەن بولۇپ، ئىلچىگە قايتتىم ۋە ئاخشىمى ئەھۋالنى مىلىك ھەزرىتىگە مەلۇم قىلدىم. دەرھال مۇداپىئە ئۇرۇشىغا كىرىشىشنى قارار قىلدۇق.

كېچىسى پۈتۈن كۈچىمىزنى سەپەرۋەر قىلىپ، زاۋاغا يوللاشقا باشلىدۇق. مەن سەھەر سائەت بەشتە ماڭدىم. كۈن چىقىشى بىلەن تەڭ زاۋادا ھاپىزنىڭ ئەسكەرلىرى ئۈستىگە تويۇقسىز ھۇجۇم قىلدۇق. ئۇرۇش ئۈچ سائەت داۋام قىلدى. ھاپىزنىڭ ئەسكەرلىرىدىن كۆپچىلىكى ئۆلتۈرۈلدى ۋە ئەسىر

ئېلىندى. ئاز بىرقىسمى تاربۇغا دېگەن جايدا توپلانغان بولسىمۇ قوغلاپ زەربە بېرىش نەتىجىسىدە پىيالما كەنتىگە قاراپ قاچتى. بۇ ۋەقەدىن كېيىن، هاپىز پىيالمىدىن ئىلگىرلىيەلمەي قەشقەردىن ياردەم كۈتۈپ تۇردى. ئەندى قورقۇتۇش نۆۋىتى بىزگە كەلگەنىدى. بىز هاپىزنى هەرخىل يول بىلەن قورقۇتۇپ، تەهدىت سېلىپ، ئۇنى مەنىۋى جەھەتتىن يېڭىشكە باشلىدۇق. بۇ بىرهەپتە ئىچىدە قەشقەردىن بىرمىقدار ياردەم كەلگەن بولسىمۇ هاپىز، ئىلگىرلەشكە جۈرئەت قىلالمىدى. 10. ئاينىڭ 3 ـ كۈنى، هاپىز پۈتۈن ئەسكىرىنى ئېلىپ، قەشقەرگە قاچتى. شۇ هالەتتە، قەشقەردىن تۆمۈرسجاڭنىڭ تۇڭگانلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن خەۋىرى كەلدى.

بۇ خەۋەرنى ئالغاندىن كېيىن، بىز دەرهال يەركەنگە يۈرۈش قىلىش هازىرلىقىنى باشلىدۇق. 10. ئاينىڭ 5 ـ كۈنىدىن باشلاپ، ئەسكەرلىرىمىز ئارقا ـ ئارقىدىن يولغا چىقتى. گويا ۋە قاغىلىق شەهەرلىرىنى توسالغۇسىز ئالدى. قاغىلىقتا هاپىزنىڭ تەرەپتارى بولغان يۇرت كاتتىلىرىدىن سابىرخان بىر ئاز قارشىلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، ئۆلتۈرۈلدى. مەن گۇمىغا يېتىپ كەلگەندە قوشۇنىمىز پوسكامغا كىرگەنىدى. ئەمىر نۇرئەھمەد يەركەندە قاماقتا ئىدى. ئەمىر ئابدۇللا بولسا تۆمۈرسجاڭ ئۆلتۈرۈلگەن كېچىسى قەشقەردىن قاچتى ۋە يەركەنگە كېلىپ، تەرەپتارلىرىمىزدىن بىرىنىڭ ئۆيىدە يوشۇرۇنۇپ تۇردى. دۈشمەننىڭ بونىڭدىن خەۋىرى يوقتى. هاپىز تەنجاڭنىڭ يەركەندىكى ئورۇنباسارى، خوتەن قىسملىرىنىڭ پوسكامغا كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، قورقۇپ كېتىپ، ئەمىر نۇرئەھمەد نى دەرهال قاماقتىن چىقاردى ۋە سۈلهى قىلىشنى تەلەپ قىلىپ، بىر ھەيئەت بىلەن پوسكامغا يوللىدى. لېكىن، ئەمىر نۇرئەھمەد ئەسكەرلىرى بىلەن ئۈچرىشىپلادەرهال قوماندانلىقنى قولغا ئېلىپ يەركەنگە يۈرىدى.

ئالدىنقى قېتىمقى مەغلۇبىيەتتە تارقىلىپ، يەركەندە يوشۇرۇنۇپ ياتقان بىرەر يۈزدەك خوتەن ئەسكەرى بۇخەۋەرنى ئاڭلاپ، دەرهال ئوتتۇرىغا چىقتى ۋە قوراللىنىپ هۇجۇمغا ئۆتتى. بىرسائەت ئىچىدە يەركەن كونا شەهەر قولغا ئېلىندى. هاپىزنىڭ ئەسكەرلىرى قېچىپ، يېڭى شەهەرگە كىرىپ، قامالدى. ئەمىر ئابدۇللامۇ يوشۇرۇنۇپ ياتقان يېرىدىن چىقىپ، خوتەندىن كەلگەن قىسمىنىڭ قوماندانلىقنى قولغا ئالدى. 10 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى، يېڭى شەهەر مۇهاسىرىگە ئېلىندى. مەن بۇخەۋەرنى ئاڭلاپ، قارغىلىقتا كەلدىم. ئۇيەردە بىرهەپتە تۇرۇپ، پوسكامغا كەلدىم. بۇ ئۈچ ئاي ئىچىدە ئۆلۈم ۋە قان بىلەن بىللە ياشاپ يەنە ساق ـ سالامەت غەلىبە قازانغان ئىككى ئىنىم بىلەن كۆرۈشتۈم. 10 ـ ئاينىڭ 29 ـ كونى مەن خوتەنگە قايتتىم. ئونبەش كۈنلۈك مۇهاسىرىدىن كېيىن، يەركەن يېڭى شەهەر پەتهى بولدى. هاپىزنىڭ ئەسكەرلىرىگە قوراللىرىنى ئېلىپ، خالىغان تەرەپكە كېتىشكە رۇخسەت قىلىندى ئەمما، هاپىزنىڭ مۇئاۋىنى مەھەممەد نىياز ۋە ئوغلى قولغا ئېلىند ..

9 ـ پەسىل

## خوجىنىيازھاجىنىڭ ماجۇڭيىڭدىن مەغلۇپ بولۇپ، ئالتى شەھەرگە كېلىشى ۋە خوتەن ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇنى شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ رەئىسى دەپ رەسمىي تونۇغانلىقى

7 ـ ئايدىن باشلاپ، تۇرپان تەۋەسىدە خوجىنىياز ھاجى بىلەن ماجۇڭيىڭ ئوتتۇرىسىدا قاتتىق ئۇرۇش باشلىنىپ كەتتى. بىرئاي داۋام قىلغان بۇ ئۇرۇشلاردا خوجىنىياز ھاجى دائىم مەغلۇپ بولدى. ئاخىرى 8ـ ئاينىڭ 8ـ كۈنى خوجىنىياز ھاجى تۇرپاندىكى پۈتۈن ئەسكەرلىرىنى ئېلىپ، قارا شەھەرگە قېچىشقا مەجبۇر بولدى. ئەپسۇسكى بۇ ۋەقەنىڭ تەپسىلاتى ھەققىدە مەلۇماتىم يوق.

خوجىنىياز ھاجى ئەسكەرلىرى بىلەن قاراشەھەرگە يېقىنلىشىپ، ئۇششاقتالغا كەلگەندە قاراشەھەردىكى تۇڭگانلار چىقىپ، قاتتىق ئۇرۇش بولدى. خوجىنىياز ھاجى چېكىنىشكە تەييارلىنىپ تۇرغان بىر پەيتتە، مەھمۇد سىجاڭنىڭ باتۇرلۇق بىلەن قىلغان بىر ھۇجۇمى بىلەن تۇڭگانلار مەغلۇپ بولۇپ قاچتى ۋە شەھەرگە كىرىۋالدى. مەھمۇد سىجاڭ ئارقىدىن قوغلاپ كېلىپ، شەھەردىكى تۇڭگانلارنى مەغلۇپ قىلىپ، قارا شەھەرنى ئالدى. خوجىنىيازھاجى قارا شەھەرنى ئېلىپ، دەرھال كۇچانىڭ ۋاڭ بېگى، ئىسمايىل باي ۋە خوتەن ھۆكۈمىتىگە خەت يېزىپ، ئۇلارنى پۈتۈن ئەسكەرلىرىنى قاراشەھەرگە يوللاشقا دەۋەت قىلدى. ئۇ پۈتۈن كۈچلەر قارا شەھەردە توپلىنىپ، ئۇيەردىن تۇرپانغا يۈرۈپ، ماجۇڭيىڭنى يوقىتىپ بولغاندىن كېيىن. كېچىكتۈرمەستىن شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنى ھەل قىلىدىغانلىقىنى مەلۇم قىلدى.

ۋاڭ بەگ بۇ دەۋەتنى دەرھال قوبۇل قىلىپ. قارا شەھەرگە بەش مىڭ ئەسكىرى بىلەن كەلدى. ئىسمائىل باينىڭ نېمە دەپ جاۋاپ بەرگەنلىكىنى بىلمەيمىز. لېكىن. ئەسكەر يوللىغانلىقى مەلۇم. تۆمۈرسىجاڭ «مەن خوتەننى ئېلىپ بولۇپ، ئاندىن پۈتۈن قوۋۋىتىم بىلەن بارىمەن ھازىر ۋاقتىم يوق» دەپ، جاۋاپ بەرگەن. خوتەن ھۆكۈمىتى، يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك، تۆمۈر سىجاڭنىڭ ھۇجۇملىرىدىن مۇداپىئەلىنىش بىلەن مەشغۇل ئىدى.

ھاپىز تەنجاڭ، پىيالما فرونتىدىن قېچىپ. ئەرتىسى يەنى. 10ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى خوتەن ھۆكۈمىتى خوجىنىياز ھاجىغا بىر ھەيئەت ئەۋەتىپ، ئۇنى پۈتۈن شەرقىي تۈركىستاننىڭ رەئىسى ـ جۇمھۇر(جۇمھۇرىيىتىنىڭ رەئىسى) دەپ تونۇغانلىقىنى رەسمىي بىلدۈردى. ئۇنىڭغا ئەسكىرىي ۋە ئىقتىسادىي ياردەم بېرىش نىيىتىدە ئىكەنلىكىمىزنى مەلۇم قىلىپ، بۇ ھەيئەت قولىدىن 200 سەر(2000 مىسقال) ئالتۇن يوللىدۇق.

بۇ ھەيئەتمىز بىرىشتىن ئىلگىرى خوجىنىيازھاجى، كۇچا ۋاڭىنى پۈتۈن ئەسكەرلىرى بىلەن بىرگە ئېلىپ، تۇرپانغا يۈرۈش قىلغانىدى. ئايغىر بۇلاق ۋە كۇمۇش ئوتتۇرىسىدا ماجۇڭيىڭنىڭ تۇيۇقسىز ھۇجۇمىغا ئۇچراپ، ئېغىر ھالدا مەغلۇپ بولدى. ئۇرۇشتا كۇچا ۋاڭى ئەسكەرلىرىنى تاشلاپ، قېچىپ كەتكەنلىكىدىن بۇمەغلۇبىيەتنىڭ جاۋابكارلىقى ۋاڭغا يۈكلەندى. كۇچا ئەسكەرلىرىنىڭ تولىسى ئۇرۇشتا شېھىت بولدى. قاچقانلىرى چۆلدە سۇسىزلىقتىن ۋە ئاچلىقتىن ئۆلۈپ، بەك ئاز بىرقىسمى كۇچاغا سالامەت كېلەلىدى. بۇ مەغلۇبىيەتتىن كېيىن، خوجىنىيازھاجى قاراشەھەرگە قايتىپ كەلدى. مەھمۇد سىجاڭنى قاراشەھەردە قويۇپ، ئۆزى ئۆيەردىن كورلىغا كەلدى. كۇچانىڭ يۇرت كاتتىلىرى كېلىپ، ئۇنى كۇچاغا تەكلىپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن خوجىنىياز ھاجى 10- ئاينىڭ 19- كۈنى كۇچاغا كەلدى. ۋاڭ بەگنىڭ مال ـ مۈلكىنى مۇسادىرە قىلىپ، ئۆزىنى نەزەربەنت قىلدى. خوتەن ھۆكۈمىتى ئەۋەتكەن ھەيئەت بىلەن كۇچادا كۆرۈشتى. بىرگە يازغان خېتىدە كۇچانى پايتەخت قىلىشقا قارارقىلغانلىقىنى يازغانىدى. شۇنىڭ بىلەن خوجىنىياز ھاجى كۇچادا تۇرۇپ، ئاقسۇ، قەشقەر ۋە خوتەنگە ھەيئەت يوللاپ، بىر ـ بىرىگە زىت كېلىدىغان تەشەببۇسلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، بۇيرۇق چۇشۇرۇشكە باشلىدى.

10 ـ پەسىل

## تۆمۈر سىجاڭنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكى

يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، تۆمۈرسىجاڭ خوتەنگە يۈرۈش قىلغانىدا قول ئاستىدىكى قىرغىز ئەسكەرلەرنى خوتەنگە يۈرۈش قىلىشقا بۇيرۇغانىدى. ئۇلار بۇنى قوبۇل قىلماي قارشى چىقتى. شۇنىڭ بىلەن تۆمۈرسىجاڭ، قىرغىز ئەسكەرلەرنىڭ باشلىقى بولغان ئوسمان ئەلى بەگكە سۇيىقەست قىلىشقا باشلىدى. بۇنى سەزگەن ئوسمان ئەلى بەگ، 1933 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى، پۈتۈن ئەسكەرلىرى بىلەن قېچىپ، ئاقسۇ چىقىۋالدى. تۆمۈرسىجاڭ ئۇلارنى قايتۇرۇپ كېلىشكە كۆپ تىرىشقان بولسىمۇ مۇۋەپپەق بولالمىدى.

9 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى، تۆمۈرسىجاڭ نۇرغۇن ئەسكەرلىرىنى ئوسمان ئەلى بەگنى تۇتۇپ كېلىشكە تاققا يوللىدى ۋە ئۆزى ماشىنىدا ئولتۇرۇپ، قاراۋۇلدىكى باغقا ھاۋا ئېلىش ئۈچۈن چىقىپ كەتتى. يېڭى شەھەردىكى تۇڭگانلار بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ، 50 ـ 60 تۇڭگان پىدايى بولۇپ، يېڭى شەھەر سېپىلىدىن يوشۇرۇنچە چىقتى ۋە تۆمۈرسىجاڭنىڭ ئاخشىمى قايتىشتا ماڭىدىغان يولدا يوشۇرۇنۇپ ياتتى. بۇلاردىن خەۋەرسىز تۆمۈرسىجاڭ ئاخشىمى باغدىن قايتىپ، تۇڭگانلار يوشۇرۇنۇپ ياتقان يەرگە كېلىشى بىلەن ئوقتا تۇتۇلدى. مۇھاپىزەتچىسى ۋە شوپۇرى بىلەن قوشۇلۇپ، شۇ يەردە ئۆلدى.

تۇڭگانلار تۆمۈرسىجاڭنىڭ بېشىنى كېسىپ ئېلىپ، يېڭى شەھەرگە قاچتى. بۇ ھادىسىدىن ئۈچ سائەت ئۆتكەندىن كېيىن، ماجىسا پۈتۈن كۈچى بىلەن كوناشەھەرگە ھۇجۇم قىلدى ۋە تۆمۈر سىجاڭنىڭ ئەسكەرلىرىنى مەغلۇپ قىلىپ، شەھەرنى ئالدى.

تۇڭگانلار بىر كېچە- كۈندۈز شەھەر ئىچى ۋە تېشىدا دەھشەتلىك قىرغىنچىلىق ۋە بۇلاڭ - تالاڭ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن قەشقەر كونا شەھىرى بىرھەپتە ماجىسانىڭ قولىدا قالدى. 1- ئاينىڭ 5 - كۈنى، ئوسمان ئەلى بەگ تاغدىن پۈتۈن قىرغىز قوشۇنلىرى بىلەن كېلىپ، قەشقەر كونا شەھەرگە ھۇجۇم قىلدى. تۇڭگانلار ئېغىر ھالدا مەغلۇپ بولۇپ، يەنە يېڭى شەھەر سېپىل ئىچىگە كىرىۋالدى. ئوسمان ئەلى بەگ، قەشقەر كونا شەھەرنى ئېلىپ، ئۆزىنى تۆمۈرسىجاڭنىڭ ئورنىغا سىجاڭ دەپ، ئېلان قىلدى ۋە قەشقەر ھۆكۈمدارى بولدى. تۆمۈر سىجاڭنىڭ پۈتۈن ئادەملىرىنى ئۆزىگە تەۋە قىلىپ، ئىككى ھەپتىدىن كېيىن، قەشقەر يېڭى شەھەرنى مۇھاسىرە قىلدى. لېكىن، تۇڭگانلار سېپىلدىكى ئىستىھكاملىرىدا قاتتىق تۇرۇپ، مۇداپىئە قىلدى. بۇ ئارىدا تۆمۈر سىجاڭنىڭ قوماندانلىرىدىن ھاپىز، ئەھمەدخان ۋە ھەمدەم بەگ قاتارلىق كىشلەرخوجىنىياز ھاجىنىڭ قېشىغا بارىمىز دەپ، ئەسكەرلىرىنى ئېلىپ، بىردىن - ئىككىدىن ئوسمان ئەلى بەگدىن ئايرىلىپ، كۇچاغا كەتكىلى باشلىدى. نەتىجىدە، ئوسمان ئەلىنىڭ كۈچى ئاز قالدى ۋە يېڭى شەھەرنىڭ مۇھاسىرىسى ئاجىزلاشتى.

ئوسمان ئەلى، سىجاڭ بولغاندىن كېيىن، سابىت داموللاھاجىم يۇشۇرۇنۇپ ياتقان يېرىدىن چىقىپ، ئوسمان ئەلى بىلەن ياخشى مۇناسىۋەت ئورناتتى. بۇنىڭ سايىسىدا، خوتەنلىك ۋە غەربىي تۈركىستانلىق مۇھاجىرلارنى يېنىغا توپلاپ، خوتەن ھۆكۈمىتى بىلەن ئالاقە قىلىش ئورگىنى شەكلىدە «خوتەن ئىدارىسى جەمئىيىتى» نى قۇردى. بۇ جەمئىيەتنىڭ مەقسىدى، قەشقەردە ئاستا - ئاستا خوتەن ھۆكۈمىتىنىڭ تەسىرىنى كۈچەيتىپ، قەشقەر بىلەن خوتەننى بىرلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت ئىدى. خوتەن ھۆكۈمىتىمۇ بۇنى قوللىدى ۋە پۈتۈن چىقىملىرىنى خوتەن غەزنىسىدىن بەردى. قىسقا بىر ۋاقىتتا بۇ جەمئىيەت تەرەققى قىلدى، ھەتتا بىرمىقدار ئەسكىرىي كۈچمۇ توپلىدى. ئوسمان ئەلىنىڭ قول ئاستىدىكى بىرقىسىم قوماندانلىرىمۇ مەخپىي ھالدا خوتەن ئىدارىسى جەمئىيىتىگە قېتىلدى. بۇ جەمئىيەتنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىدىكى مۇھىم ئامىل، بىرىنچىسى، خوتەن ھۆكۈمىتى تەمىنلىگەن خېلى كۆپ ماددىي ياردەم. ئىككىنچىسى، ئوسمان ئەلىنىڭ ئەيش - ئىشرەتكە بېرىلىپ كېتىپ، ئەتراپىدىكى ئىشلاردىن خەۋەرسىز يۈرگەنلىكى ئىدى.

ئوسمان ئەلى غەيرەتلىك ۋە باتۇر يىگىت ئىدى. ئەپسۇسكى، ئۆزى ساۋاتسىز بولۇپ، ئەسكىرىي قوشۇننى يېتەكلەش قابىلىيىتى ۋە تەجرىبىسى يوقتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ھاكىمىيىتى ئىككى ئايدىن ئۇزۇق داۋام قىلالمىدى. ئۇنىڭغا تەۋە بولغان چوڭ قوماندانلاردىن ئۆزبېك سىيتۋالدى جان، يۇسۇپ جان ۋە قىرغىزلاردىن ئوراز بەگ، چىپەك قازى، ئابدۇخالىق ۋە ئادى قاتارلىقلار ئوسمان ئەلىدىن نارازى

بولۇپ، ئۇنىڭغا ئاشكارە دۈشمەنلىك قىلىشقا باشلىدى. ئوسمان ئەلى بۇنى كۆرۈپلا ئۆزىگە سادىق بولغان بىرەر مىڭدەك قىرغىز ئەسكىرىنى توپلاپ، پۈتۈن توپ، ئوق ـ دورا قاتارلىق قوراللارنى ئېلىپ، بىركېچىدە تاققا قاچتى. ئوسمان ئەلى قاچقاندىن كېيىن، قالغان پۈتۈن ئەسكەرلەر ئوراز بەگنىڭ قول ئاستىدا قالدى. ئوراز بەگ دەرھال بىرەر مىڭدەك ئەسكەر بىلەن يۈسۈپ جاننى ئوسمان ئەلىنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ تۇتۇپ كېلىشكە ئەۋەتتى. يۈسۈپ جان، ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىپ، ئوسمان ئەلىنى ۋە ئەڭ ئىشەنچلىك ئادىمى بولغان خوش مەھەممەدنى تۇتۇپ، بىر قىسىم توپ ۋە قوراللارنى ئولجا ئېلىپ قەشقەرگە يېنىپ كەلدى.

شۇ كۈندىن باشلاپ، قەشقەردە، مەمۇرىي ئىشلار سابىت داموللا ھاجىمنىڭ ۋە ئەسكىرىي ئىشلار ئوراز بەگنىڭ مەسئۇلىيىتىدە بىرھۆكۈمەت شەكىللىنىپ، «خوتەن ئىدارىسى جەمئىيىتى» ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. مۇشۇنداق بىر پەيتتە، ھىندىستاندىن ۋە تۈركىيەدىن كەلگەن بەزى «ماجىرا پەرەست» كىشىلەر ئوتتۇرىغا چىقىشتى. بۇلار ئۆزلىرىنى «چوڭ ئىشلار قىلغان»، «كاتتا بىلەرمەن» دەپ كۆرسىتىپ، ھۆكۈمەت ئىشلىرىغا، ھەتتا، ئەسكىرىي ئىشلارغا ئارىلاشقىلى تۇردى. بۇلاردىن بەزىلىرى سابىت داموللا ھاجىمنىڭ ئەڭ يېقىن مەسلىھەتچىلىرى بولدى. سابىت داموللا ھاجىم، خوتەن ھۆكۈمىتىنىڭ ياكى خوجىنىياز ھاجىنىڭ پىكرىنى سورىماستىنلا مىنىستىرلاركابىنېتىنى قۇردى. 1933 ـ يىلى11ـ ئاينىڭ 12ـ كۈنى، ئۆزى باش مىنىستىر ۋە باشقا 16 ئەزا دىن تەركىب تاپقان مىنىستىرلار كابىنېتىنى ۋاقىتلىق « شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتى» دەپ مۇراسىم بىلەن ئېلان قىلدى. بۇ كابىنېتنىڭ ئەزالىرىدىن ئۈچ كىشىدىن باشقىسى مىللىي ئىنقىلاب كومىتېت ئەزالىرىدىن بولماستىن خەلق نەزەرىدە بۇ خىزمەتكە لايىق ئادەملاردىن ئەمەستى. شۇڭا، مەيلى خوتەن ھۆكۈمىتى بولسۇن ياكى خوجىنىياز ھاجى بولسۇن بو ھۆكۈمەتنى ئېتىراپ قىلمىدى. سابىت داموللاھاجىم مەزكۇر كابىنېت نامىدىن پۈتۈن شەرقىي تۈركىستاندابىرتۇتاش قوللىنىدۇ دېگەن ھۆكۈم بىلەن قەغەز پۇل چىقاردى. ئەمما، يۇقىرىقىدەك نارازىلىق سەۋەبىدىن بۇ پۇل قەشقەردىن باشقا يەردە ئاقمىدى. يېرى كەلگەندە بۇ ۋەقەلەرنى تەپسىلى سۆزلەپ ئۆتىمەن.

11ـ پەسىل

## ئۈرۈمچىدىكى ھادىسىلەر

1933 ـ يىلى ئەرتىياز پەسلىدە، جىن شۇرىن ھاكىمىيىتى ئاستىدا پەقەت ئۈرۈمچىلا قالغانىدى.كۆچلۈك تۇڭگانلارنىڭ ۋە جىمسار خوجىنىياز ھاجىنىڭ قولىغا ئۆتكەندىن كېيىن، جىن ـ شۇرىن خەتەرلىك ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى. ئۈرۈمچى ھۆكۈمىتى ئىچىدىكى مۇھىم كىشىلەر

ئارىسىداجىن شۇرېننى ئاغدۇرۇۋېتىش ئۈچۈن يوشۇرۇن ھەرىكەت باشلىنىدۇ.

جىن شۇرېن ئۇزۇن زاماندىن بېرى كۆچمەن ئاق ئورۇسلارنى ئەسكەرلىككە ئېلىشتىن ئېھتىيات قىلىپ كەلگەنىدى. لېكىن، چىنلىق ئەسكەرلەر بىلەن مىللىي ئىنقىلابنى بېسىقتۇرۇپ بولالمىغانلىقتىن، ئۇ مەجبۇرەن ئاق ئورۇسلاردىن ئەسكەرلىككە ئېلىپ، ئۇلارنى ئىنگلىزلاردىن سېتىۋالغان قوراللار بىلەن قوراللاندۇردى. 1933 - يىلىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ، كۆچمەن ئاق ئورۇسلار بىلەن جىن شۇرېن ئارىسىدا بىر ئىشەنچسىزلىك پەيدا بولۇپ، بۇئىشەنچسىزلىك بارغانسېرى كۈچەيدى. ئاق ئورۇسلار بىر تەرەپتىن مىللىي ئىنقىلابنىڭ كېڭىيىپ،كەتكەنلىكىدىن ئەندىشىگە چۈشكەن بولسا، يەنە بىرتەرەپتىن، ئەڭ مۇھىمى جىن شۇرېننىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن مۇناسىۋىتىنى يېقىنلاشتۇرۇشى ئۇلارنىڭ ئاقىۋىتى ئۈچۈن ئەڭ خەۋپلىك بىر ئىش ئىدى. ئاق ئورۇسلار بىلەن جىن شۇرېن ئوتتۇرىسىدىكى ئىشەنچسىزلىكنىڭ ئۇلغىيىپ كېتىشىدە، ئۈرۈمچىدىكى سوۋېت كونسۇلخانىسىنىڭمۇ رولى بار دېگۈچىلەرمۇ ئاز ئەمەس.

1931 - يىلى، جىن - ياپون ئۇرۇشىدا، ياپونلاردىن قېچىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن پاناھلىق تىلىگەن مانجۇرىيەلىك جىن ئەسكەرلىرىدىن بىرقىسمىنى، 1933 - يىلى سوۋېت ھۆكۈمىتى جىن شۇرېنگە ئۆتكۈزۈپ بەردى. بۇئەسكەرلەرگە 1933 - يىلى 1- ۋە 2 - ئايدا، ئەسلى مانجۇرىيەلىك بولغان شېڭشىسەيىنى «شېڭ زىخۇي» دېگەن ئۇنۋان بىلەن قوماندان قىلىپ، قومۇل ۋە تۇرپان ئۇرۇشىغا سالدى. كېيىنچە، ئاق ئورۇسلار ۋە مانجۇرىيەدىن كەلگەن چىنلىق ئەسكەرلەر ئوتتۇرىسىدا جىن شۇرېنگە قارشى بىر ئىتتىپاق مەيدانغا كەلدى. بۇلار مەسلىھەتلىشىپ، 1933- يىلى 4 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ئۈرۈمچى نەنگۇەندە تۇرۇشلۇق 400 ئەسكەر بىلەن بىرلىشىپ، جاڭجۇن يامۇنغا بېسىپ كىردى. جىن شۇرېننى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاشنى تەلەپ قىلدى. جىن شۇرېن بۇ ۋەقەدىن خەۋەردار بولغانلىقى ئۈچۈن، يامۇنغا خېلى كۆپ ئەسكەر توپلىغانىدى. ئىككى قىسىم ئوتتۇرىسىدا قاتتىق ئۇرۇش بولدى. ئاخىرى جىن شۇرېن مەغلۇپ بولدى. ئۇ چېنىدىن ئايرىلىپ كېتىشتىن قورقۇپ قوزغىلاڭچىلارغا مەخپىي ئادەم چىقىرىپ، ئۆزى يالغۇز بالا- چاقىلىرىنى ئېلىپلا ئۈرۈمچىدىن چىقىپ كېتىشنى ئىلتىماس قىلدى. قوزغىلاڭچىلار بۇ تەلەپنى قوبۇل قىلىپ، جىن شۇرېننى بالا- چاقىلىرى بىلەن بىرماشىنىغا سېلىپ، ئارقا دەرۋازىدىن چىقىرىۋەتتى. جىن شۇرېننىڭ ئەسكەرلىرى باشلىقلىرىنىڭ قاچقانلىقىنى ئاڭلاپ، ئاق ئورۇسلارغا تەسلىم بولدى. جىن شۇرېن شۇ قاچقانچە 4 - ئاينىڭ 24 - كۈنى چۆچەك ئارقىلىق سوۋېتكە ئۆتۈپ، ئۇ يەردىن چىنگە كەتتى.

جىن شۇرېن قاچقاندىن كېيىن، «ئۆلكىدە خەۋپسىزلىكنى ساقلاش ئالىي كومىتېتى» دېگەن بىرھەيئەت قۇرۇلدى. ئالىي كومىتېت، 80 ياشقا كىرگەن مائارىپ نازىرى لىيۇەنلۇڭنى رەئىس ۋە مانجۇرىيەدىن كەلگەن ئەسكەرلەرنىڭ باشلىقى دىڭچىڭنى ھەربىي ئىشلارغا باشلىق قىلىپ

تەيىنلىگەنىدى. ئالىي كومىتېت، 1ـ خەلقنىڭ ھاياتىنى، مال ـ مۈلكىنى مۇھاپىزەت قىلىش. 2 ـ جىن شۇرېننىڭ ھاياتىغا ۋە مال ـ مۈلكىگە دەخلى قىلماسلىق. 3 ـ سوۋېت كونسۇلخانىسىنى قوغداش، دېگەن ئۈچ ماددىلىق قارارنى ئېلان قىلدى.

شۇ كۈنلەردە. شېڭشىسەي ئەسكەرلىرىنى ئېلىپ، قۇمۇلدىن ئۈرۈمچىگە كېلىدۇ. بۇ ۋەزىيەتتە، ئالىي كومىتېت شېڭشىسەينى 4 ـ ئاينىڭ 14ـ كۈنى، ھەربىي نازىر ۋە «دۇبەن»، يەنى، ھەربىي ۋالىي ياكى چېگرا مۇداپىئە قوماندانى قىلىپ تەيىنلەشكە مەجبۇر بولىدۇ ۋە 44 كىشىدىن تەركىپ تاپقان «ۋاقىتلىق ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت» قۇرۇلىدۇ. ھۆكۈمەت ئەزالىرى ئىچىدە لىيوۋەنلۇڭ ( رەئىس)، گېمىركىن، پاپانگوت، شېڭشىسەي، نەزەر بەگ (قومۇل ۋاكى)، ھۈسېين باي، ئابدىقادىر، ئاباۋ، تۇگباۋ ۋە جاڭۋەن قاتارلىق كىشىلەر بار ئىدى. ھۆكۈمەتنىڭ ئېلان قىلغان قارارلىرىدا؛ سىياسەت، ئىقتىساد ۋە مائارىپتا ھەر مىللەت ھوقۇقتا باراۋەر بولۇش. ھەرمىللەت كىشىلىرىدىن ئىمتىھان ئېلىش يولى بىلەن ۋە سايلام قانۇنى بويىچە ھۆكۈمەت خىزمىتىگە قاتنىشىش ۋە تاشقى ئىشلار جىن مەركىزى ھۆكۈمىتىنىڭ قولىدا بولۇش قاتارلىق ماددىلار بار ئىدى. بۇچاغدا شەخسىي ياكى سىياسىي كۆز قاراش جەھەتتىن شېڭ شىسەينىڭ دۇبەن بولۇشىغا قارشى چىققانلار بىرلىشىپ، ئۇنى ئاغدۇرۇشنى پىلانلىغان. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان شېڭ، بىرقانچە چىنلىق مەنسەپدارنى ۋە ئاق ئورۇسلاردىن گېمىركىن ۋە پاپانگوتلارنى تۇتۇۋېلىپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن.شېڭ شىسەي ھوقۇقنى قولغا ئالغان ھامان خوجىنىياز ھاجىغا ئادەم ئەۋەتىپ، ئۆزىنىڭ جىن شۇرېن ۋە خوجىنىياز ھاجى ئوتتۇرىسىدا ئىمزا لانغان «شىمگو كېلىشىمى»گە ئەمەل قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. بۇ ئارىدا جىن مەركىزى ھۆكۈمىتى شېڭ شىسەينىڭ پائالىيەتلىرىنى كۆزىتىش ئۈچۈن ۋە بۇ يول بىلەن شەرقىي تۈركىستاندىكى جىن مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ نۇپۇزىنى كۈچەيتىش مەقسىدى بىلەن ئۈرۈمچىدە تۇرغۇزۇشقا بىر سىياسىي ھەيئەت يوللىغان. لېكىن،شېڭ شىسەي بۇ ھەيئەتنى ھېچ بىرئىشقا ئارىلاشتۇرمىغان. ھەيئەت رەئىسىنى ھەرخىل يوللاربىلەن قورقۇتۇپ، چىنگە قايتىپ كېتىشكە مەجبۇرلىدى.

ماجۇڭيىڭ، شۇ كۈنلەردە (1933 ـ يىلىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا) خوجىنىياز ھاجى ۋە مەھمۇد مۇھىتىنى مەغلۇپ قىلىپ، تۇرپان، پىچان، قارا شەھەر ۋە بارىكۆل قاتارلىق جايلارنى ئىگەللىگەن. بۇ جايلاردىكى يەرلىك خەلق ۋە تۇڭگانلاردىن كۆپ ساندا ئەسكەرلىككە ئېلىپ، خېلى كۈچ توپلىغانىدى. بىر بۆلۈم ئەسكەرلىرىنى ماخىيىڭ قوماندانلىقىدا ئالتايغا ئەۋەتىپ، ئۆزى 9 ـ ئاينىڭ 20 كۈنىدىن باشلاپ ئۈرۈمچىگە يۈرۈش قىلدى. بۇ جەرياندىكى ئۇرۇشلاردا شېڭ شىسەي مەغلۇپ بولۇپ، ئۈرۈمچىگە چېكىنگەنىدى.

ماجۇڭيىڭ، جاڭ پەييۈەن بىلەن بىرلىشىپ، ئۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە ئۈرۈمچىگە ھۇجۇم قىلىشقا كېلىشىدۇ. يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك، غولجا ۋىلايىتى ئۈرۈمچىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن، جاڭ

بەيىۇەن ۋىلايەتنى ئۆز ئالدىغا ئىدارە قىلىپ، ئەسكەر توپلىماقتا ئىدى. ئۇ چىنلىق، تۇڭگان، تارانچى، قازاق ۋە قالماقلاردىن 15000غا يېقىن ئەسكەر توپلىدى. سوۋېت تەسىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا كىرىشىنى توساش ئۈچۈن ناھايىتى كۆپ كۈچ سەرپ قىلدى. روسىيە چېگرىسىنى تازا چىڭ تۇتتى. بۇنىڭغا نارازى بولغان سوۋېت ھۆكۈمىتى جاڭ بەيىۇەنگە زەربە بېرىش پۇرسىتىنى كۈتۈپ تۇراتتى.

ماخەيىڭ، ئالتايىنى ئالغاندىن كېيىن، چۆچەك ۋە ماناسنىمۇ قولغا چۈشۈرۈپ، داۋانچىڭدىن ئۈرۈمچىگە ھۇجۇمغا ئۆتكەن ماجۇڭيىڭنىڭ قىسىملىرى بىلەن بىرلىششكە تىرىشتۇ. جاڭ بەيىۇەن ئەسكەرلىرىنى ئېلىپ، ئۈرۈمچىگە قاراپ يۈرۈش قىلدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۈرۈمچى تۆت تەرەپتىن قورشاۋغا ئېلىندۇ.

ماجۇڭيىڭ 1934- يىلى 1- ئاينىڭ 12- كۈنى، ئۈرۈمچىگە بېسىپ كىرىپ، نەنگۇەن بازىرى، ئايرودۇرۇم ۋە رادىئو ئىستانسىسىنى قولغا چۈشۈرىدۇ.شېڭ شىسەي ئەڭ خەۋپلىك ھالدا تۇرۇۋاتقان بۇ پەيتتە، سوۋېت ئىتتىپاقى شەرقىي تۈركىستانغا ئەسكەر كىرگۈزۈپ، ئۇرۇشقا ئارىلاشتى. سانى نامەلۇم بىرسوۋېت قوشۇنى تانكا، توپ - زەمبرەك ۋە ئايروپىلانلار بىلەن چېگرىدىن ئۆتۈپ، جاڭ بەيىۇەننىڭ قىسىملىرىغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنى تار - مار قىلىۋەتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن، ماجۇڭيىڭغا ھۇجۇم قىلدۇ. ئۈرۈمچىگە غەربىي شىمال تەرەپتىن ئۇچۇپ كەلگەن ئايروپىلانلار ماجۇڭيىڭنىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ ئۈستىگە يامغۇردەك بومبا ۋە ئوق ياغدۇرۇپ، تىرە- پىرەڭ قىلىۋېتىدۇ. تۇڭگانلار نۇرغۇن ئەسكەرلىرىدىن ئايرىلىپ، پاراكەندە ھالدا تۇرپانغا قاچىدۇ. ھەتتا، بۇ ئۇرۇشتا ماجۇڭيىڭنىڭ ئۆلگەن خەۋىرى تارقالغانىدى. داۋانچىڭ مەغلۇبىيىتىدىن كېيىن، ماجۇڭيىڭنىڭ ھۇجۇم قىلىش كۈچى ھېچ قالمايدۇ. ئالتى شەھەرگە بېرىشتىن قورقۇپ، كۇچادىكى قوۋۋەتلىرىنىمۇ قايتۇرۇپ كېلىدۇ. قاتتىق ئالاقزادىلىك ئىچىدە قالىدۇ.

جاڭ بەيىۇەننى قېچىپ كېتىۋاتقان چېغىدا تاغدا ئۆز ئادەملىرى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ. (جاڭ بەيىۇەن ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان دېگەن سۆزلەرمۇ بار). بۇچاغدا غولجىدىكى تارانچىلار ۋە تۇڭگانلار بىرلىشىپ، مۇداپىئەگە ھازىرلىنىپ، قاتتىق تۇرۇپ ئۇرۇشقان. ئاخىرى تارانچىلار توردى ئاخۇنباي دېگەن بىرسىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن تەسلىم بولىدۇ. تۇڭگانلار بولسا جەنۇبتىكى تاغلارغا قېچىپ كەتكەن. قازاق ۋە قالماقلارمۇ تارقىلىپ، تاغلاردىكى يايلاقلارغا قېچىپ كەتكەن. قاچقان تۇڭگانلار تەكرى تاغلىرىدىن كۈنەس ۋە يۇلتۇز يولى بىلەن مېڭىپ، رامزان ئېيىدا كوچاغا كەلدى.

مانا، شۇنىڭ بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئاشكارا ئەسكەر كىرگۈزۈپ ياردەم قىلىشى بىلەن شەرقىي تۈركىستانشېڭ شىسەينىڭ مۇتلەق ھاكىمىيىتى ئاستىدا قالدى. تۇردى ئاخۇنباي غولجا ۋىلايىتىگە دوتەي (ۋالىي) بولدى. سوۋېت ئەسكەرلىرى توپ تانكىلىرىنى ئېلىپ، ئۆزچېگرىسىغا كىرىپ كەتتى.

ئۈرۈمچى ھادىسىلىرىغا تېگىشلىك قولۇمىزغا كەلگەن مەلۇماتلار، قىسقىچە يۇقىرىقىدىن ئىبارەت. جىن

شۇرىنىڭ ئاغدۇرۇلۇشى،شىڭ شىسەينىڭ دۈبەن بولۇشى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭشىڭ شىسەينى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئەسكەر كىرگۈزۈشى ۋە ھەتتا ماجۇڭيىڭنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا ئىككىنچى قېتىم يەنە چىقىشى، بۇلارنىڭ ھەممىسى سىرلىق ھادىسىلەردۇر. بۇلارنى قاراڭغۇ سىر پەردىسى ئارقىسىدىن يورۇقلۇققا چىقىرىپ، ھەقىقىي ماھىيىتىنى ئوتتۇرىغا قويۇش، كەلگۈسىدە تارىخىمىزنى تەتقىق قىلىدىغان زىيالىلىرىمىزغا ئامانەت قىلىنغان بىر ۋەزىپىدۇر.

12 ـ پەسىل

## مىللىي ئىنقىلابچىلىرىمىزنىڭ چەتئەللەر بىلەن مۇناسىۋىتى

چەت دۆلەتلەر بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىش مەسىلىسىنىڭ مۇھىملىقى، ھەممىدىن بۇرۇن خوتەن ئىنقىلابچىلىرىنىڭ دىققەت ئېتىبارىنى قوزغىدى. شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلابچىلىرىنىڭ ئومۇمەن ئۇرۇمچى ھۆكۈمىتىگە قارشى چىققانلىقى، چىن مەركىزى ھۆكۈمىتىگە قارشى بىر ۋەزىيەتتە بولمىغانلىقى ئېنىق. لېكىن، چىن بىلەن ئارىمىزدىكى يول بەك يىراق ۋە ئوتتۇرىدا دۈشمەن بار ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە چىن ھۆكۈمىتى ئىنقىلابچىلارغا يامان كۆزى بىلەن قاراپ، پۈتۈن كۈچى بىلەن ئۇرۇمچى ھۆكۈمىتىگە ياردەمدە بولۇۋاتقانلىقىدىن، رەسمىي مۇناسىۋەت باغلاش مۇمكىن ئەمەستى. تۆۋەندە، مىللىي ئىنقىلابچىلارنىڭ قوشنا دۆلەتلەر بىلەن مۇناسىۋەت پەيدا قىلىش يولىدىكى تىرىشچانلىقى ۋە بۇنىڭ جەريانلىرىنى بايان قىلىپ ئۆتىمىز.

خوتەن ھۆكۈمىتى قۇرۇلغان كۈندىن باشلاپ، قوشنا دۆلەتلەرنىڭ شەرقىي تۈركىستان ھەققىدىكى سىياستى توغرىسىدا غەيرى رەسمىي يوللار بىلەن مەلۇمات ئېلىشقا تىرىشتى. بۇمەلۇماتلارغا قارىغاندا ھىندىستان ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلابى مەسىلىسىدە، پۈتۈنلەي بىتەرەپ مەيداندا تۇرۇشقا قارار قىلغانلىقى مەلۇم بولدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ھىندىستان بىلەن ئالاقە قىلىشنىڭ پايدىسى يوقتى. روس ھۆكۈمىتىنىڭ، مىللىي ئىنقىلابچىلارغا كۆرۈنۈشتە ھېسداشلىق قىلىپ، تەلەپ قىلغان ياردەمنى قىلىش بىلەن شەرقىي تۈركىستاندىن كۆزلىگەن مەنپەئەتلىرىنى قولغا كەلتۈرۈش سىياستى يۈرگۈزۈدىغانلىقى مەلۇم بولدى. ئافغانىستان ھۆكۈمىتى، بىزگە كىرەكلىك دەرىجىدە ياردەمدە بولالمىسىمۇ، دىنداشلىق، قوشنىدارچىلىق ۋە بىرئوتتۇرا ئاسىيالىق بولۇش ئېتىبارى بىلەن بىلمىگەنلىرىمىزنى بىلدۈرۈش سۈرىتى بىلەن ھەرجەھەتتە ياردەمدە بولىدۇ، دېگەن ئۈمىدىمىز بار ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، 10ـ ئايدا پوسكامغا بارغان چېغىمدا قۇربانىللا ۋە مىيان ھەسەن خانلارنى ئافغانىستانغا، خوتەن ھۆكۈمىتى نامىدىن بىرغەيرىي رەسمىي ھەيئەت سۈپىتىدە ئەۋەتىپ، ئۆزۈم خوتەنگە قايتتىم.

ئۇلار 11- ئايدا يولغا چىقتى. ئافغانىستان ھۆكۈمىتى بۇ ھەيئەتنى كۆپ ئېھتىرام بىلەن كۈتۈۋالغاندى. لېكىن، ئاردىكى يول ئۇزاق بولغانلىقى ئۈچۈن. مۇسىبەت ياكى مەنپىي بىر نەتىجە قولغان كەلگىچە بىز ۋەتەندىن ئايرىلدۇق، ھەيئەت ئەزالىرىمىز ئافغانىستاندا قالدى.

خوجىنىياز ھاجىغا كەلسەك، ئۇنىڭ يېنىدا بۇرۇن روسىيەدە قىزىل تەشكىلاتقا[116] ئەزا بولغان بەزى ۋەتەن ساتقۇچ شەرقىي تۈركىستانلىقلار بارئىدى. خوجىنىياز ھاجى. بۇلارنىڭ تەشەببۇسى بىلەن پۈتۈن ئۈمىدىنى روسلارغا باغلىغانىدى. خوجىنىياز ھاجى. روسلاربىلەن مۇزاكىرە قىلىپ. بىرمىقدار ملتىق ۋە ئوق - دورا ئېلىش ئۈچۈن پۈتۈشكەندىن كېيىنلا ، ئاندىن بىز ئۇنىڭ بۇ سىياسىتىدىن ۋاقىپ بولدۇق. بىز ئۇنىڭغا، بۇ سىياسىتىنىڭ ۋەتەن ئۈچۈن خەۋپلىك بىرئاقىبەت كەلتۈرۈدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ خەت يازدۇق.

خوجىنىيازھاجى بىزنىڭ بۇخېتىمىزگە« بىزگە توپ. تانكا ۋە ئايروپىلان قاتارلىق ئۇرۇش قوراللىرى كېرەك. بۇنى بىزگە روسلار(سوۋېت ئىتتىپاقى) دىن باشقا قوشنا دۆلەتلەر بەرمەيدۇ . روسلار بىزگە بۇ قوراللارنى بېرىدىغان بولدى. بىزمۇ بۇقوراللارنى ئېلىشىمىز ئۈچۈن روسلارنىڭ قويغان شەرتلىرىنى قوبۇل قىلدۇق. يۇرتنى ئۆز قولىمىزغا ئالغاندىن كېيىن بۇشەرتلەرنى ئۆزگەرتىمىز. خاتىرجەم بولىڭىزلار» دەپ جاۋاپ بەردى. خوجىنىياز ھاجى روسلارغا شۇ ئىمتىيازلارنى بېرىشكە ماقۇل بولغانىدى: (1) شەرقىي تۈركىستاننىڭ پۈتۈن تاشقى سودا تىجارىتى سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولىدۇ . ھىندىستان ۋە ئافغانىستان بىلەن بولغان تاشقى سودا تىجارەت توختىتىلىدۇ . (2) سوۋېت ئىتتىپاقىدىن باشقا دۆلەت بىلەن سىياسى مۇناسىۋەت ئورناتماسلىق. ھەربىي تەلىم - تەربىيە ئۈچۈن كېرەكلىك ئادەملەرنى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن چاقىرتىش. باشقا ھەرقانداق بىر چەتئەللىكنى ئىشقا سالماسلىق.

خوجىنىياز ھاجىنىڭ. روسلارغا بەرگەن ئىمتىيازلىرىدىن بىزگە بىلدۈرگەنلىرى يوقىرىقىلاردىن ئىبارەت. بىزدىن مەخپىي تۇتقان. بۇلاردىنمۇ قورقۇنچلۇق بولغان ماددىلىرىنىمۇ بىلمىز. لېكىن. ئۇلارنى تىلغا ئېلىپ ئولتۇرۇشنى مۇناسىپ كۆرمىدۇق. شۇنداق قىلىپ. خوجىنىيازھاجى، روسلارنىڭ ئازغىنە ۋەدىسىگە ئالدىنىپ. ئۆزىمۇ سەزمەيلا ، شەرقىي تۈركىستاننىڭ پۈتۈن تەقدىرىنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇشقا ماقۇل بولدى. چۈنكى، ئۇ شەيتاننىڭ ھىيلە - مىكىرلىرىگە گول بولۇپ، زور بىرسىياسى ئويۇندىن خەۋەرسىز قالغانىدى.

سابىت داموللا ھاجىم قەشقەردە ھۆكۈمەت قۇرۇپ چىققاندىن كېيىن. سىياسەت ئىشىدا ماھارىتىنى كۆرسىتىپ، ھىندىستان. ئافغانىستان ۋە تۈركىيە بىلەن سىياسى مۇناسىۋەت ئورنۇتۇشنى قارار قىلدى. ئەپسۇسكى، بۇ ئىش ئۈچۈن، « شەرقىي تۈركىستاننىڭ پەۋقۇلئاددە ئەلچىسى» ئۇنۋانى بىلەن تەيىنلىنىپ

[116] مۇئەللىپ بۇ يەردە سوۋېت كوممۇنىست ( بولشېۋىكلار ) پارتىسىنى كۆزدە تۇتسا كېرەك (ن. ش. ھ.).

ئەۋەتىلگەن كىشى، تېخى يېڭىلا تۈركىيەدىن كەلگەن بىر ماجىرا پەرەست ئادەم ئىدى. بۇ ئەلچى ھىندىستانغا بېرىپ، 3 ـ 4 كۈن ئۇياق ـ بۇياققا قاتراپ يۈرۈپ، ھېچ بىر ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقالماي، ئاخىرى پېشىنى قىستۇرۇپ، تۈركىيەگە كەتتى. داموللاھاجىم بەرگەن ئالتۇنلارنى دەسمايە قىلىپ، ئىزمىردە چوڭ بىر دۇكان ئېچىپ ئولتۇردى.

13 ـ پەسىل

## خوجنىياز ھاجى ۋە تۇڭگانلار

ماجۇڭيىڭ، ئۈرۈمچى سوقۇشىدا مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، تۇرپانغا كېلىپ، دەرھال ئالتە شەھەرگە يۈرۈش قىلىش ياكى چارقىلىق يولى بىلەن چىنگە كېتىشنى ئويلىنىپ قالدى. ئاخىرى، قارا شەھەر ۋە كورلىنى ئىشغال قىلىشنى قارار قىلىپ، ئىككى مىڭغا يېقىن ئەسكىرىنى قارا شەھەرگە ئەۋەتتى. تۇڭگانلار ئالدىن، «ماجۇڭيىڭ پۈتۈن كۈچى بىلەن قاراشەھەرگە كېلىۋاتىدۇ» دېگەن سۆزنى تارقاتقانلىقتىن. مەھمۇد سىجاڭ، ماجۇڭيىڭنىڭ پۈتۈن كۈچىگە تاقابىل تۇرالمايدىغانلىقىنى بىلىپ، قاراشەھەر ۋە كورلىنى بوشىتىپ، كۇچاغا كەلدى. بۇنىڭ بىلەن تۇڭگانلار غەيرەتكە كېلىپ، كۇچاغا ھۇجۇم قىلدى.

خوجنىياز ھاجى كۇچا دىنمۇچىكىنىپ، بايغا كەلدى. بۇ يەردە، تۇڭگانلار ئاز بىرقىسىم ئەسكەر بىلەن كەلگەنلىكى، ماجۇڭيىڭنىڭ كەلمىگەنلىكى مەلۇم بولدى. شۇنىڭ بىلەن مەھمۇد سىجاڭ، بايدا توختىدى ۋە خوجنىياز ھاجىمۇ ئاقسۇغا كەلدى.

مەھمۇد سىجاڭ، كۇچاغا ھۇجۇم قىلاي دەپ تۇرغىنىدا، ماجۇڭيىڭنىڭ داۋانچىڭ ئۇرۇشىدا مەغلۇپ بولۇپ قاچقانلىق خەۋىرى كەلدى. بۇنى ئاڭلىغان تۇڭگانلار، ئەندى مەھمۇد سىجاڭ كۇچاغا ھۇجۇم قىلىدۇ دەپ قورقۇپ، بىر كېچىدە كوچانى تاشلاپ قاچتى ۋە شۇ قاچقىنىچە قاراشەھەرگە بېرىپ توختىدى. مەھمۇد سىجاڭ، بۇنى ئاڭلاپ دەرھال كۇچاغا يۈرۈش قىلدى ۋە كورلىنى ئېلىپ، باش ئەرگىم ئېغىزىنى ئىستىھكام قىلىپ ئورۇنلاشتى.

مەھمۇد سىجاڭ بايدىكى ۋاقتىدا، تۆمۈر سىجاڭنىڭ ئادەملىرىدىن ھاپىز باشلىق بىرەر مىڭدەك كىشى قەشقەردىن بايغا كېلىپ، مەھمۇد سىجاڭغا قېتىلغانىدى. ئەينى زاماندا، خوجنىياز ھاجى، قەشقەر ۋە خوتەندىن ئەسكىرىي ياردەم تەلەپ قىلدى. قەشقەر ھۆكۈمىتى تېخى يېڭى قۇرۇلغانلىقتىن ئەسكىرىي ياردەم ئەۋەتكىدەك ئەھۋالدا ئەمەستى. خوتەندىن ئىسمائىل داموللا قوماندانلىقىدا بەش يۈز ئاتلىق ئەسكەرنى خوتەن قېيى يولى بىلەن يوللىدۇق. يەركەندىن ياردەم ئۈچۈن ئاشلىق ئەۋەتىش

هازىرلىقىنىمۇ باشلىدۇق.[117]

بۇ ئارىدا، خوجىنىياز ھاجىغا سوۋېت ئىتتىپاقىدىن مىڭ ئىككى يۈز مىلتىق، بىرمىليون كارتۇس، بىرەر مىڭدەك قول بومبىسى ۋە تاپانچا كەلدى. خوجىنىياز ھاجى، باش ئەرگىمدىكى ئىستېھكامغا تولۇق ئىشەنگەندى.

14 ـ پەسىل

## يەنە خوتەن ۋە قەشقەر ۋەقەلىرى

1933 ـ يىلى 10 ـ ئايدىن باشلاپ، خوتەن ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەزىيىتى تۆۋەندىكى مەزمۇنلارغا مەركەزلەشكەندى:

1ـ خوجىنىياز ھاجىغا، ئەسكىرىي ۋە ماددى ياردەم ئەۋەتىش.

2 ـ قەشقەر يېڭى شەھەردىكى ماجىسا باشچىلىقىدىكى تۇڭگانلارنى يوقىتىش ئۈچۈن قەشقەر ھۆكۈمىتىگە ئەسكىرىي ياردەم ئەۋەتىش.

3 ـ شەرقتىكى چېگرىمىزنى، يەنى، چارقىلىق ۋە لوپ كۆلى ئەتراپىدىكى جايلارنى تۇڭگانلارنىڭ ھۇجۇمىدىن مۇداپىئە قىلىش.

خوجىنىياز ھاجىغا ياردەم ئەۋەتىشكە باشلىغانلىقىمىزنى يوقىرىدا بايان قىلغانىدۇق. خوجىنىيازھاجى تۇڭگانلارنىڭ ھۇجۇمىغا قارشى مۇداپىئەدە بىرئاز غەيرەت كۆرسەتكەن بولسا، مەن ياكى ئىككى ئىنىمنىڭ بىرسى خوتەننىڭ ئاساسلىق ئەسكىرىي كۈچىنى ئېلىپ، ياردىمىگە بارماقچى بولغانىدۇق.

قەشقەر ھۆكۈمەت ئەزالىرى ۋە ئەسكەرلىرى ھەرخىل مۇرەككەپ كىشىلەردىن تەركىپ تاپقانلىقى ئۈچۈن، (بۇلارنى تۆۋەندە نۆۋىتى كەلگەندە سۆزلەپ ئۆتىمەن) تەشكىلى قۇرۇلۇشى كۈچسىز ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، قەشقەر يېڭى شەھەردىكى تۇڭگانلارغا قارشى ئاكتىپ بىر ھەرىكەت ئېلىپ بارماستىن پەقەت، مۇداپىئە ۋەزىيىتىدە تۇرۇۋاتاتتى. بۇ ۋەزىيەتنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، سابىت داموللا ھاجىم خوتەن ھۆكۈمىتىدىن ياردەم تەلەپ قىلىپ، ئارقا ـ ئارقىدىن خەت ۋە ۋەكىل ئەۋەتكىلى تۇردى. بىز دەرھال ئەمىر ئابدۇللا باشچىلىقىدا بىرەرمىڭدەك ئەسكەرنى يېڭىسارغا يوللىدۇق. لېكىن، قەشقەرگە كىرىشكە ئالدىرماسلىقىنى ۋە قەشقەردىكى بىر- بىرىگە زىت قوماندانلار بىلەن سەممىي بىر ئىتتىپاق شەكىللەندۈرگەندىن كېيىنلا كىرىشنى تاپشۇردۇق.

ئەمىر ئابدۇللا بىرلىگەن ۋەزىپە بويىچە يېڭىساردا توختىدى. 1933 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 18ـ كۈنى، سابىت داموللا ھاجىم يېڭىسارغا كەلدى ۋە ئەمىر ئابدۇللا بىلەن تولۇق ئىتتىپاقلىششنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، مۇزاكىرە ئېلىپ باردى. نەتىجىدە، قەشقەر يېڭى شەھەرگە جەنۇب ۋە شەرق تەرەپتىن ئەمىر

[117] خوتەن قىبى، خوتەن دەرياسىنىڭ تەكلىماكان چۆلىدىن ئاقىدىغان قىسمىنى بويلاپ ئاقسۇغا بارىدىغان يول(ن. ش. ھ).

ئابدۇللا، غەرب ۋە شىمال تەرەپتىن قەشقەر ئەسكەرلىرى بىرلا ۋاقىتتا ھۇجۇم قىلىشنى قارارلاشتۇرۇپ، ھۇجۇم قىلش ۋاقىت ـ سائەتىنمو بىكىتىشتى. بۇ مۇزاكىرىدىن كىيىن، داموللاھاجىم قەشقەرگە قايتتى. 1934ـ يىلى 1ـ ئاينىڭ 6ـ كۈنى، بىكىتىلگەن ۋاقىتتا ئابدىغىنى ئاخۇن قوماندانلىقىدا سەككىز يۈز كىشىلىك ئاتلىق قوشۇن، يېڭى شەھەردىن 15 كىلومىتىرئۇزاقلىقتىكى تازغۇن كەنتىگە كەلدى. لېكىن، قەشقەردىكى ئۆزبېك قوماندان يوسۇپجان، بەلگىلەنگەن سائەتتە ھۇجۇم قىلىشنى قوبۇل قىلمىغانلىقتىن قەشقەر ھۆكۈمىتى ئىچىدە ئىچكى ئىختىلاپ تۇغۇلدى. ماجىسا بۇ ۋەقەنى ئاڭلاپ، پۈتۈن كۈچى بىلەن تازغۇنغا ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىپ، ئابدىغىنى ئاخۇن بىلەن بەش يۈز ئەسكىرىنى تۇرۇۋاتقان مەدرىسىدە مۇھاسىرىگە ئېلىۋالدى. باشقا يەردە، ئۈچ يۈزدەك ئەسكەر بىلەن تۇرۇۋاتقان خوتەن قوماندانلىرىدىن مەھەممەد ھاجى ۋە ئىلى قازانلار بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، يېڭىسارغا قاچتى. ئابدىغىنى ئاخۇن ناھايىتى باتۇرلۇق بىلەن ئۇرۇشۇپ، بەش سائەت مۇداپىئە قىلىپ تۇرغان بولسىمۇ، ئوق ـ دورىلىرى تۈگەپ كېتىپ، تەسلىم بولۇشقا مەجبۇر بولدى ۋە ئۈچ يۈزگە يېقىن ئەسكىرى بىلەن ئەسىرگە ئېلىندى.

قەشقەر ھۆكۈمىتى، ماجىسانىڭ ھۇجۇم خەۋپىنى ئاڭلاپ تۇرۇپ، تازغۇنغا ياردەم يوللىمىدى. بۇ ۋەقەدىن كىيىن، ئەمىر ئابدۇللانى يېڭىساردىن يەركەنتكە قايتۇرۇپ كېلىپ، ئورنىغا ئەمىر نۇر ئەھمەدنى مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن ئەۋەتتۇق. ئۇنىڭغا، قەشقەردە ئۆزبەك ۋە قىرغىز ئەسكەرلىرى بولىدىكەن، ياردەم ئۈچۈن ئەسكەر يوللىماسلىقنى ئۇختۇردۇق.

1933ـ يىلى 12ـ ئاينىڭ باشلىرىدا، شەرقتىكى چېگرىغا، كېرىيەدىكى ئەسكەرلىرىمىزنىڭ قوماندانى كامال دامولانى يوللىدۇق. كامال دامولا چارقىلىققا بېرىپ، تۇرپان ۋەگەنسۇ چېگرالىرىنى كۆزىتىپ چىقتى. قارشى تەرەپكە مۇنتىزىم خەۋەرچىلەرنى يوللاپ، ئەھۋال ئىگەللەش خىزمىتىنى ئوبدان ئىشلىدى. لوپ ناھىيىسىنىڭ كۆنچى دېگەن يېرىدىكى خەلق خوتەن ھۆكۈمىتىگە بويسۇنىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، كامال دامولانىڭ قول ئاستىغا كىردى (23 ـ خەرىتىگە قاراڭ).

بۇ ئەسنادا، قەشقەردە يۈز بەرگەن ۋەقەلەر ھەقىقەتەن يۈرەكنى پارە قىلىدىغان ھادىسىلەر ئىدى. يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك، قەشقەر ھۆكۈمەت ئەزالىرى ۋە ئەسكەرلىرى قەشقەرلىقلار، ئۆزبېك مۇھاجىرلار ۋە قىرغىزلاردىن ئىبارەت ناھايىتى مۇرەككەپ ئامىللاردىن تەركىپ تاپقانىدى. بۇلار دائىم، شەخسىي مەنپەئەت ياكى ئۆزلىرىنىڭ لاياقەتسىزلىكى تۈپەيلىدىن بىر ـ بىرلىرى بىلەن ئىختىلاپ تۇغدۇرۇپ، بۆلۈنۈپ كۈچسىز بىرھالەتكە چۈشۈپ قالغانىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئالتە مىڭ كىشىلىك قوراللىق قەشقەر ھۆكۈمىتى قوشۇنىنىڭ، يېڭى شەھەردە مۇھاسىرىگە ئېلىنغان 1500 تۇڭگانغا كۈچى يەتمىدى. ھەتتا تۇڭگانلار كۈندىن كۈنگە كۈچلىنىپ، پات ـ پات يېڭى شەھەرنىڭ تېشىغا چىقىپ، ئەتراپتا بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىپ، ئوزۇق توپلايتتى، كونا شەھەرگىمۇ ھۇجۇم قىلىپ،

پاراكەندىچىلىك سالاتتى. مانا، شۇنىڭ ئۈچۈن سابىت داموللا ھاجىم خوتەن ھۆكۈمىتىدىن ياردەم تەلەپ قىلىشقا مەجبۇر بولغانىدى.

بۇ ئېچىنىشلىق ئەھۋالنىڭ سەۋەبىنى ۋە ۋەقەلەر توغرىسىدا بىر ئاز ئۇچۇرقاق مەلۇمات بېرىشنى پايدىلىق دەپ ھېساپلايمەن. قەشقەر ھۆكۈمەت ئەزالىرىدىن ئاز بىرقىسمى كۆپ قابىلىيەتلىك. قىممەتلىك كىشىلەر بولسىمۇ، بەزىلىرى غەربىي تۈركىستاندىن يېڭى كەلگەن تېگى ـ تەكتى مەجھۇل ۋە گۇمانلىق ئادەملەر ئىدى. بەزىلىرى شەرقىي تۈركىستانلىق بولسىمۇ، ئىنقىلابى تەشكىلات ئەزالىرىدىن ئەمەستى. ئاغزىدىلا ۋەتەنپەرۋەر، بىلىمسىز ۋە جىددى پوزىتسىيىدە بولمىغان كىشىلەر ئىدى. سابىت داموللا ھاجىمنىڭ مەسلىھەتچىلىرى ۋە كاتىپلىرىنىڭ تولىسى مەزكۇر مەجھۇل مۇھاجىر كىشىلەردىن ئىدى. قەشقەر ھۆكۈمىتى ئەسكىرىي قىسمىنىڭ تەركىبىدە قەشقەرخەلقىدىن ئەسكەرلىككە ئېلىنغانلار بەك ئاز بولۇپ، كۆپچىلىكى غەربىي تۈركىستان مۇھاجىرلىرى ۋە قىرغىزلاردىن ئىبارەت ئىدى. گەرچە، بۇلار ھەممىسى تۈرك ۋە مۇسۇلمان بولسىمۇ، تەبىئىي جەھەتتە بىر- بىرلىرىدىن ئالاھىدە پەرقلىق ئىنسانلار بولۇپ، ئۆز- ئارا چىقىشالماسلىق ھادىسىلىرى ئېغىر ئىدى. بۇئىختىلاپنى توغرا باشقۇرۇش ۋە مۇنتىزىم بىر تەشكىل ئارقىلىق ھەل قىلىپ كېتىش مۇمكىن ئىدى. ئەپسۇسكى، ھۆكۈمەت ئەزالىرى بولغان ۋە داموللا ھاجىمنىڭ مەسلىھەتچىلىرى ۋە كاتىپلىرى بولغان مەزكۇر كېلىپ چىقىشى نامەلۇم سىرلىق مۇھاجىر زاتلار، ھۆكۈمەت ۋە ئەسكەرلەر ئىچىدىكى يوقىرىقىدەك ئىختىلاپلارنى تۈزۈتۈش ئورنىغا، ئەكسىچە ئۇلارنىڭ ئارىسىغا پىتنە ـ پاسات ئۇرۇقىنى تېرىپ، ئىتتىپاقسىزلىق پەيدا قىلىشتا ئاكتىپ پائالىيەت كۆرسەتتى. ئۇلار ئالدى بىلەن، قىرغىز قوماندانلىرىدىن ئادى بەگ بىلەن باشقا قوماندانلار ئارىسىدا دۈشمەنلىك پەيدا قىلدى. ئادى بەگنىڭ ھاراق ئىچكەنلىكىنى باھانە قىلىپ، ئۇنىڭغا قارشى ئۆزبېك قوماندانلاردىن يۈسۈپ جان ۋە قىرغىزلاردىن ئابدۇخالىقنى كۈشكۈرتۈپ ئۆلتۈرتۈۋەتتى. ئادى بەگنىڭ بەش يۈز كىشىلىك ئەسكىرىنىڭ قورالىرىنى تارتىۋالدى. ئۇنىڭدىن كېيىن، يۈسۈپ جان بىلەن ئابدۇخالىقنىڭ ئارىسىنى بۇزۇپ، يۇقىرىقىدەك بىر پىتنە ھازىرلىدى. ئابدۇخالىق، ئادى بەگكە ئوخشاش ئاقىۋەتكە دۇچار بولۇپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ، قەشقەردىن قېچىپ، يەركەنگە ئەمىرئابدۇللانىڭ قېشىغا كېلىۋالدى. لېكىن، ھېلىقى پىتنىچىلەرنىڭ كۈشكۈرتىشى بىلەن داموللا ھاجىم، ئەمىر ئابدۇللاغا خەت يېزىپ، ئابدۇخالىقنىڭ بىر ۋەتەن خائىنى ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى. ئۇنى ۋە ئەسكەرلىرىنى دەرھال قورالسىزلاندۇرۇپ، قولغا ئېلىشنى تەۋسىيە قىلدى. ئەمىر ئابدۇللا، داموللا ھاجىمنىڭ بۇسۆزى بىلەن ئابدۇخالىقنىڭ ئۈچ يۈزدەك ئەسكىرىنى قورالسىزلاندۇردى ۋە ئۆزىنى نەزەر بەند ئاستىداخوتەنگە يوللىدى.

ئۇنىڭدىن كېيىن، نۆۋەت يۈسۈپ جان بىلەن ئوراز بەگنىڭ ئارىسىنى بۇزۇشقا كەلگەنىدى. دەل شۇ چاغدا يۇقىرىدا بايان قىلىنغان تازغۇن پاجىئەسى يۈز بەردى. لېكىن، ئوراز بەگ ئۆزى مۇلايىم

بىر كىشى بولغانلىقى ئۈچۈن، يۈسۈپ بەگكە قارىتا يامان ھەرىكەتتە بولمىدى. ئەمما، بۇ ئىككىسى بىر ـ بىرىگە ئىشەنمەيدىغان ئۆز ئىچىدىن دۈشمەنلىشىدىغان ھالەتكە كەلدى.

مانا، بۇ يامان نىيەتلىك كىشىلەرنىڭ يۇقىرىقىدەك سىرلىك پائالىيەتلىرى نەتىجىسىدە، قەشقەردىكى قورال ئېپسىپ يۈرگەنلەر ۋەتەنگە خىزمەت قىلىشىنىڭ ئورنىغا، دائىم بىر بىرلىرى بىلەن تىركىشىپ تۇراتتى ۋە بىر بىرلىرىدىن قورقۇشۇپ خاتىرجەم يۈرەلمەيتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بىر ـ بىرلىرىگەقارشى قوراللىق گۇرۇھ ھالىغا كېلىپ قالدى. بۇزۇق نىيەتلىك بۇ ئادەملەر، سابىت ـ داموللاھاجىمنى ئالداپ، «بىز شەرقىي تۈركىستانغا زىيانلىق بو، تەرتىپ ـ ئىنتىزامسىز ئۆزبېك ۋە قىرغىز ئەسكەرلىرىنى قورالسىزلاندۇرۇپ، مىللەتنىڭ ھەقىقىي پەرزەنت ئەسكەرلىرى بولغان قەشقەرلىك ۋە خوتەنلىك ئەسكەرلەرنى قوراللاندۇرىمىز» دېيىشتى. لېكىن،كېيىنچە بۇلارنىڭ ئەسلى مەقسەتلىرىنىڭ، ئىچكى ئىختىلاپنى كۈچەيتىپ، شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلابىنى بوغۇپ تاشلاش ئىكەنلىكى ئاشكارىلاندى.

15. پەسىل

## خوجىنىيازھاجىنىڭ شەخسىيتى ھەققىدە بەزى كۆز قاراشلار

خوجىنىيازھاجى تېخى قۇمۇلدىكى ۋاقىتىدىلا، ئۇنىڭ ۋەقەلىرى مۇخبىرلار تەرىپىدىن ئالتى شەھەردە مۇبالىغە بىلەن تارقىتىلغانىدى. خەلقنىڭ نەزىرىدە، بۇ كىشى بىرئۇلۇغ مۇجاھىد ۋە ئالىجاناپ سۈپىتى بىلەن سىمۇول ھالىغا كەلگەنىدى. نەتىجىدە، بۇخىيالى ئالىجاناپ كىشىگە، خەلق غايىبانە بىر ئىخلاس بىلەن سەممىي مۇھەببەت باغلىغانىدى. خوجىنىياز ھاجى تۇرپاننى ئالغاندىن كېيىن، ھەممە كىشى ئۇنىڭغا ئۈمىد بىلەن كۆز تىكتى. لېكىن، خوجىنىياز ھاجىنىڭ ماجۇڭيىڭنى شەرقىي تۈركىستانغا ئېلىپ كەلگەنلىكى ۋە ئارقىدىنلا جىن شۇرېن بىلەن كېلىشىم ئىمزالاپ، ماجۇڭيىڭ بىلەن دۈشمەنلىشىپ، پاك مىللىي ئىنقىلابىمىزنى بۇلغىغانلىقى، خەلقنىڭ مۇھەببەت ۋە ئىخلاس ئۈمىدلىرىنى يوققا چىقاردى. ھەركىم ئۇنىڭ بۇخاتالىقىنىڭ ئارقىسىدىكى خەۋپنى سەزمەكتە ئىدى. لېكىن، خەلقنىڭ كۆپچىلىكى، بۇخاتالىقلار ھەقىقىي خاتالىق بولماستىن، ۋەزىيەتنىڭ مەجبۇرلىشى بىلەن ئۇنىڭ ۋاقىتلىق تۇتقان يولى بولسا كېرەك دەپ، ئۆزىگە تەسەللى بەرمەكتە ئىدى. بولۇپمۇ، بىزخوتەن ئىنقىلابچىلىرى بۇكۆزقاراشتا ئىدۇق خوجىنىياز ھاجىغا بولغان ئۈمىدىمىزنى ۋە مۇھەببىتىمىزنى يوقاتمىغانىدۇق. لېكىن، خوجىنىيازھاجى كورلا ۋە كۇچاغا كەلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ بىزگە ئارقا ـ ئارقىدىن يازغان خەتلىرىدىن، ئۇنىڭ خوتەنگە كەلگەن ئادەملىرىدىن ۋە بىزتەرەپتىن ئەۋەتىلگەن ھەيئەتلەر بىلەن مەخسۇس ئاخبارات توپلاش خادىملىرىمىزنىڭ بەرگەن مەلۇماتلىرىدىن خوجىنىيازھاجىنى تېخىمۇ ئوبدان تونۇۋالدۇق.

خوجىنىياز ھاجىنىڭ تۇغرا بىر پىكرى يوق بولۇپ، لايىق بىرچۈشەنچىگە ئىگە بولۇش ئۈچۈن تەبىئىي قابىلىيىتى بولمىغان، خوشامەتچىلەرنىڭ سۆزىنى دەرھال قوبۇل قىلىدىغان بىركىشى ئىدى. ھەقىقەتنى سۆزلەپ، ئۇنى خاتا يولدىن ياندۇرۇشقا تىرىشقان كىشىنى دۈشمەن دەپ قارايتتى. شۇنداقلا، خوجىنىيازھاجىنىڭ، پۈتۈن ئىنقىلابچىلارنى ۋە خەلقنى ئۆزىگە شەرتسىز بويسۇنۇشنى تەلەپ قىلىدىغان كاج تەبىئەتلىك بىركىشى ئىكەنلىكىمۇ ئوتتۇرىغا چىقتى.

ھەممىدىن قىزىقى، ئەسكەرنى زامانىۋى ئۇسۇلدا تەربىيەلەپ، تەرتىپ ئىنتىزامغا كىرگۈزۈشنى قوبۇل قىلمايتتى. ئۇنىڭ پىكرىچە، ئەسكەرلەرنى خەلقنىڭ مال ـ مۈلكىگە تاجاۋۇز قىلىشتىن توسقاندا، ئۇلارنىڭ قىزغىنلىقى ۋە شىجائىتى سۇسلىشىپ قالىدۇ ۋە «بۆھران ئىچىدە تۇرۇۋاتقان چېغىمىزدا، ئەسكەرلەرنى ھەربىي ئىنتىزام ۋە قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىپ تەربىيەلەيمىزدەپ، مەجبۇرلىساق، ئۇلارنىڭ ئەركىنلىكىنى قىسقان بولىمىز. نەتىجىدە، ئەسكەر لەر بىزنىڭ بۇيرۇقىمىزغا بويسۇنمايدۇ» دەيدىغان خاتا نەزەرىيەسىنى ئاشكارە سۆزلەپ يۈرەتتى. خوجىنىياز ھاجىنىڭ شەخسىيەتچىلىكى ۋە خوشامەتچىلىكنى ياخشى كۆرىدىغان ئادىتى سەۋەبىدىن، دۈشمەنگە سېتىلغان بىرقىسىم كىشىلەر ئۇنىڭ يېنىغا سۇقۇنۇپ كىرىۋېلىپ، شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلابىنى بىر پالاكەتلىك ئاقىبەتكە سۆرەپ كېتىۋاتقانلىقى مەلۇم بولغاندى.

خوجىنىيازھاجىنىڭ يوقىرىقىدەك زورخاتالىقلىرى مەلۇم بولغاندىن كېيىن، ئۇنى ئىش بېشىدىن چۈشۈرۈپ، ئۇرنىغا لاياقەتلىك بىرسىنى تىكلەش پىكرى ئوتتۇرىغا چىقتى. خوتەن ۋە قەشقەر ھۆكۈمەتلىرى بۇ پىكىرگە ئەھمىيەت بېرىپ، مۇستەقىل پائالىيەت ئېلىپ بېرىشنى داۋام قىلدى. پەقەت ئىچكى ئىختىلاپدىن ئېھتىيات قىلىپ، خوجىنىيازھاجى بىلەن چىقىشىپ ئۆتۈش ۋە ياردەم قىلىشنى داۋاملاشتۇردۇق.

بۇ پىكرىمىزنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، خوجىنىياز ھاجىنىڭ مۇئاۋىنى بولغان ۋەخەلقىمىز ئىچىدە مۇنەۋۋەر بىرمىللەتپەرۋەر دەپ تونۇلغان مەھمۇد سىجاڭنىڭ بۇ پىكىرگە قوشۇلۇشى كېرەك ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇۋاپىق يوللار ئارقىلىق مەھمۇد سىجاڭنىڭ بۇھەقتىكى پىكرىنى ئېلىشقا تىرىشتۇق. مەھمۇد سىجاڭ بۇ پىكىرگە ئاساسەن قوشۇلغان بولسىمۇ، مۇنداق بىرقانچە كۆز قارىشىنى تەكىتلىدى: «خوجىنىيازھاجى، لاياقەتسىز بىر ئادەم. ئۇنى ئىش بېشىدىن چۈشۈرۈش لازىم. لېكىن، ئۇنىڭ نامى چەت ئەلدە شۆھرەتكە ۋە سىياسى ئورۇنغا ئىگە بولدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇنداق نازۇك بىر ۋەزىيەتتە ئۇنى ئاغدۇرساق، دۇنيا جامەئەتچىلىكى بىزنى يامان كۆرۈپ قالىدۇ. نەتىجىدە، بىزنىڭ چەت ئەللەر بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىشىمىز قىيىنلىشىدۇ شوڭا ئۇنىڭ نامىنى ۋە شۆھرىتىنى قوللىنىپ، ھازىرچە سەۋر قىلىپ تۇرايلى».

مەھمۇد سىجاڭنىڭ بۇ پىكرىدە چىڭ تۇرۇشىنىڭ مەقسىتى نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمىدۇق. ئەمما،

ئۇنىڭ بۇ كۆزقاراشلىرى خوتەن ۋە قەشقەر ھۆكۈمىتىنىڭ مىللىي مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا توسقۇنلۇق قىلدى. شۇنداق قىلىپ، خوجىنىيازھاجىغا يول قويۇلدى ۋە تۈزۈتۈش پۈرسىتى ئۆتۈپ كەتتى.

16 ـ پەسىل

## تۇرپان ۋە ئىلىدىكى تۇڭگانلارنىڭ ئالتى شەھەرگە يىغىلغانلىقى

قاراشەھەر تۇڭگانلارنىڭ قولىدابولۇپ، مەھمۇد سىجاڭ باش ئەگمىنى ئىستىھكام قىلىپ تۇرغانىدى. بۇ ۋەزىيەت 15كۈن داۋام قىلدى. ئاخىرى ماجۇڭيىڭ، 12ـ ئاينىڭ 13ـ كۈنى قاراشەھەردىكى قوشۇنلىرىنى جىنگە ئالتى شەھەر ياكى چارقىلىق ئارقىلىق ئېلىپ كېتىش يولىنى ئېچىش ئۈچۈن باش ئەگمىگە ھۇجۇم قىلىشقا بۇيرۇدى. مەھمۇد سىجاڭ، جىڭ تۇرۇپ تۇڭگانلارنى باش ئەگمىدىن ئۆتكۈزمىدى. 12ـ ئاينىڭ 13ـ كۈنى كېچىسى، تۇڭگانلار چوڭ يولنى تاشلاپ، دەريانىڭ جەنۇبىي قىرغىقىنى ساقلاپ ياتقان ھاپىز تەنجاڭنىڭ ئەسكەرلىرىگە ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىپ، چېكىندۇردى ۋەمەھمۇد سىجاڭنى قورشىغىلى باشلىدى. مەھمۇد سىجاڭ مۇھاسىرىدە قېلىشتىن قورقۇپ، ئىستىھكاملىرىنى تاشلاپ، كورلىغا چېكىندى. تۇڭگانلار ئارقىسىدىن قوغلاپ كەلگەنلىكتىن كورلىنمۇ بوشىتىپ،كۇچاغا كەلدى. تۇڭگانلار توختىماستىن كۇچاغا ھۇجۇم قىلدى. مەھمۇد سىجاڭ مەغلۇپ بولۇپ، كۇچادىن بايغا چېكىندى.

خوجىنىياز ھاجى بىرقىسىم ئەسكەرلىرىنى ۋە خوتەندىن بارغان ياردەم قوشۇنىنى مەھمۇد سىجاڭنىڭ ياردىمىگە يوللىدى. 12 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى، تۇڭگانلار بايغا ھۇجۇم باشلىدى. تۇڭگانلار ھۇجۇم باشلار ـ باشلىماس مەھمۇد سىجاڭنىڭ ئەسكىرى قاچتى. مەھمۇد سىجاڭ ئۆزى بىر قىسىم ئەسكەرى ۋە خوتەن قىسىملىرى بىلەن قاتتىق تۇرۇپ، ئۇرۇشقان بولسىمۇ مەغلۇپ بولۇپ، چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى. بۇ ۋەزىيەتتە خوجىنىياز ھاجى ئاقسۇدىن پۈتۈن كۈچىنى ۋە ئاقسۇ ۋالىيسى ئىسمائىل باينىڭمۇ پۈتۈن ئەسكەرلىرىنى ئېلىپ، ئاقسۇ ۋە باي ئوتتۇرىسىدىكى قارا يولغۇن دېگەن جايغا كېلىپ توختىدى. بايدىن چېكىنىپ كەلگەن مەھمۇد. سىجاڭمۇ كېلىپ، بۇلارغا قوشۇلدى. شۇنىڭ بىلەن خوجىنىياز ھاجى باشچىلىقىدا 12000 كىشىلىك بىرقوشۇن تۇڭگانلار بىلەن مۇداپىئە ئۇرۇشى قىلىشقا ھازىرلاندى.

12ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى، تۇڭگانلار قارايۇلغۇنغا كەلدى.خوجىنىياز ھاجىنىڭ ئىنتىزامسىز ئەسكەرلىرى، يىراقتىن تۇڭگانلارنىڭ قارىسىنى كۆرۈپ پىلا 5 تىن 10 دىن قاچقىلى باشلىدى. خوجىنىياز ھاجى قالغان ئەسكەرلىرى بىلەن تۇڭگانلارغا قارشى تۇردى. بۇ چاغدا ئىسمائىل باينى قول ئاستىدا خىزمەتچى بولغان تۇڭگان ئېتىپ ئۆلتۈرۈۋەتتى. بۇنى كۆرگەن خوجىنىياز ھاجى ئاتلىنىپ قاچتى،

ئارقىسىدىن پۈتۈن ئەسكەرلەر پاراكەندە ھالدا قېچىشقا باشلىدى.

خوتەندىن ياردەمگە بارغان ئەسكەرلەر قارايولغۇندىن توغرا خوتەنگە قايتتى. خوجىنىيازھاجى قارايولغۇندىن ئاقسۇغا كەلدى ۋە پۈتۈن نەرسە كېرەكلىرىنى ئېلىپ، توختىماستىنلا ئۈچ تۇرپانغا كەتتى. شۇنىڭ بىلەن تۇڭگانلار ئاقسۇنى ئۇرۇشمايلا ئالدى. بۇ پاراكەندىچىلىك نەتىجىسىدە خوتەن ۋە ئاقسۇ ئەسكەرلىرىدىن بولۇپ، جەمئى 5000كىشى خوجىنىياز ھاجىدىن ئايرىلدى. خوجىنىيازھاجىنىڭ ئۆز ئەسكەرلىرىدىنمۇ تەخمىنەن 250 كىشى ئايرىلىپ، خوتەنگە قېچىپ كەلدى.

نەتىجىدە، خوجىنىيازھاجىنىڭ يېنىدا قۇمۇل ۋە تۇرپان ئەسكەرلىرىدىن تەركىپ تاپقان، تەرتىپ - ئىنتىزامسىز، دۈشمەننىڭ ئالدىدا بۆرىدىن قاچقان قويدەك قاچىدىغان بىرقىسىم ئادەملەرلا قېلىپ، مۇداپىئە كۈچىنى يوقاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، خوجىنىيازھاجى ئۈچتۇرپاندىمۇ تۇرالماي تاغ يولى بىلەن قەشقەرگە قاراپ ماڭدى. ئۈچتۇرپاننىمۇ تۇڭگانلار ئىشغال قىلدى.

تەخمىنەن 1- ئاينىڭ 6 - كۈنى، ئىلىدىن قاچقان پۈتۈنلەي مىلتىق ۋە پىلىمۇتلار بىلەن قوراللانغان 3000 كىشىلىك، تۇڭگان قوشۇنى كۇچاغا كەلدى. لېكىن، كۇچادىكى تۇڭگانلار ئۇلارغا ئىشەنمەي شەھەرگە كىرگۈزمىدى. ئۇلارنى شەھەردىن 27 كىلومېتىر جەنۇبتا توقسۇننىڭ دۈشەنبە دېگەن يېرىدە توختىتىپ قويدى. مانا، بۇسۇرەتتە تۇرپان ۋە غولجىدىكى تۇڭگانلارشىڭ شىسەيدىن مەغلۇپ بولۇپ، شەرقتىن ۋە شىمالدىن ئالتى شەھەرگە ياغقىلى تۇردى. قاراشەھەر ،كۇچا ۋە ئاقسۇنى ئىشغال قىلىۋالدى. خوجىنىياز ھاجىنىڭ قول ئاستىدا سان جەھەتتىن تۇڭگانلاردىن كۆپ ۋە ياخشى قوراللانغان قوشۇن بار ئىدى. لېكىن، ئۇنىڭ لاياقەتسىز قوماندانلىرى، روھىي جەھەتتە چۈشكۈن ۋە تەرتىپ - ئىنتىزامسىز ئەسكەرلىرى سەۋەبىدىن يوقىرىدىكى جايلارنى مۇداپىئە قىلالماي تۇڭگانلارغا بوشىتىپ بېرىپ، قەشقەرگە چېكىندى.

1933- يىلى 12- ئاينىڭ 18 - كۈنىدىن باشلاپ، شىڭشىسەي تۇرپانغا ئەسكەر ئەۋەتكىلى باشلىدى. 12 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا ئايروپىلاندىن، «تۇرپان شەھىرىنى بومباردىمان قىلمىز، ماجۇڭيىڭنى ھەيدەپ چىقىرىپ، تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبىنى تۈركلەرگە ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، ئەسكەرلىرىمىزنى ئېلىپ چىقىپ، كېتىمىز» دەپ يېزىلغان تەشۋىق ۋەرەقلىرىنى تاشلىدى. ئەسلىدەشىڭ شىسەينىڭ مەقسىتى، بىرتەرەپتىن شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە ياخشى كۆرۈنۈش، يەنە بىرتەرەپتىن تۇڭگانلارنى قورقۇتۇپ قويۇشتىن ئىبارەت ئىدى. ئەمما، ماجۇڭيىڭ چىڭ تۇرۇۋالغانلىقتىن، شەھەر ئەتراپىغا بومبا تاشلاپ ئۇنى شەھەردىن قېچىشقا مەجبۇر قىلدى. ماجۇڭيىڭ، 1934- يىلى 1 - ئاينىڭ 15كۈنىگىچە تۇرپاننىڭ تاغلىق جايلىرىدا قارشىلىق كۆرسىتىپ يۈردى. ئاخىرى، 1- ئاينىڭ ئايىغىدا قاراشەھەرگە كەلدى. ماجۇڭيىڭ ناھايىتى قىيىن ئەھۋالدا قالغان بولۇپ، بەكمۇ ئالاقزادىچىلىك ئىچىدە ئىدى. چۈنكى، ئۇ قەشقەر تەرەپكە قاچسا، ئۇيەردە توپلانغان تۈرك ئەسكەرلىرىنىڭ قولىدا يوق بولۇشتىن قورقاتتى. ئەگەر.

چارقىلىق يولى بىلەن گەنسۇغا قاچسا، ئۇ يەردىكى دۈشمىنى مابۇفاڭنىڭ قولىغا چۈشۈپ قېلىشتىن قورقاتتى. (بۇ ھەقتىكى تەپسىلاتلارنى نۆۋەتتە كەلگەندە بايان قىلىمەن).

ماجۇڭيىڭ داۋانچىڭ ئۇرۇشىدا ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغاندىن كېيىن، قۇمۇل قىسمىنىڭ قوماندانى يولۋاس بەگ ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ چىقتى ۋە ئۆزى قۇمۇلنىڭ تاغلىق جايلىرىكى مۇستەھكەم تەبىئى ئىستېھكاملارغا ئورۇنلاشقاندىن كېيىن، مۇستەقىللىق ئېلان قىلدى.

17. پەسىل

## رامىزاننىڭ 20 سىدىن زۇلقەئىدىنىڭ 10غىچەبولغان ئارىلىقتىكى ۋەقەلەر

(1934. يىلى 1. ئاينىڭ 6 ـ كۈنىدىن، 1934. يىلى 2 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنىگىچە)

خوجىنىياز ھاجى ئۈچتۇرپاندىن چېكىنىپ، رامىزان ئايىدا ئاتۇشقا كەلدى. بۇ ۋاقىتقىچە خوجىنىياز ھاجى قەشقەرنى «بۇلاڭچىلار مەركىزى» دەپ ئاتاپ، قەشقەر ھۆكۈمىتى ئەزالىرىنى ۋە ئەسكىرىي قوماندانلىرىنى «توپىلاڭچىلار» دەپ ئېلان قىلىپ يۈرگەنلىكى ئۈچۈن، توپ ـ توغرا قەشقەرگە كىرىشتىن قورقتى. سابىت داموللا ھاجىمغا خەت يېزىپ كەچۈرۈم سورىدى. چېقىمچىلارنىڭ سۆزىگە ئىشىنىپ، ئۇقۇشماسلىق سەۋەبىدىن يوقىرىقىدەك مۇئامىلىدە بولۇپ قالغانلىقىنى ئىقرار قىلدى. ئەندى ئۆتمۈشتىكى ئىشلارنى ئۇنتۇپ، يېڭىدىن سەممىي ئىتتىپاقلىشىشنى ئوتتۇرىغا قويدى. سابىت داموللاھاجىم دەرھال ئاتۇشقا چىقىپ، خوجىنىياز ھاجى بىلەن كۆرۈشتى. سەممىي بىر شەكىلدە مۇزاكىرىلىشىپ، ئۇنى قەشقەرگە كىرىشكە تەكلىپ قىلدى.

خوجىنىياز ھاجى قەشقەرگە كىرىپلا بىرئومۇمىي ھەربىي مەجلىس تەشكىللەپ چىقتى ۋە يېڭى شەھەرنى مۇھاسىرىگە ئېلىپ، ئۇ يەرنى تېزلىك بىلەن قولغا چۈشۈرۈپ، ماجۇڭيىڭغا قارشى مۇداپىئەگە ھازىرلىنىشنى قارار قىلدى. بۇ قارار بويىچە مەھمۇد سىجاڭ باش قوماندان بولۇپ، پۈتۈن قەشقەر قىسىملىرى ئۇنىڭغا قېتىلدى ۋە يېڭى شەھەر مۇھاسىرە قىلىندى. خوجىنىياز ھاجى، خوتەن ئەسكەرلىرىنىڭمۇ بۇ مۇھاسىرىگە قېتىلىشىنى تەلەپ قىلغانلىقى ئۈچۈن، بىز ئەمىرنۇر ئەھمەدنى 1200كىشىلىك بىر قوشۇن بىلەن يېڭىساردىن قەشقەرگە يوللىدۇق.

يېڭى شەھەردىكى تۇڭگانلار دەسلەپتە سېپىلدىن چىقىپ ئۇرۇشتى. بىراق ئېغىر چىقىمغا ئۇچراپ، بىرقانچە قوماندانى بىلەن نۇرغۇن ئەسكەرى ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، سېپىلدىن چىقماي مۇداپىئەقىلىشقا ئۆتتى. 2 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنىگە كەلگەندە تۇڭگانلارنىڭ يا تەسلىم بولۇش يا قېچىشتىن باشقا يولى قالمىغان بىرھالەتتە تۇرغاندا، ئاقسۇ تەرەپتىن نۇرغۇن تۇڭگان ئەسكەرلىرىنىڭ قەشقەرگە يېقىنلىشىپ كېلىۋاتقانلىق خەۋىرى كەلدى. بۇلارنىڭ ئالدىنى توساش ئۈچۈن، خوجىنىياز ھاجى، ئەمىر نۇرئەھمەد

بىلەن بىرقىسىم ئەسكەرلىرىنى ئېلىپ، قەشقەردىن 27 كىلومېتىر ئۇزاقلىقتىكى «يامانيار» كۆۋرۈكىگە كېلىپ توختىدى. مەھمۇد سىجاڭ، يېڭى شەھەر مۇھاسىرىسى بىلەن مەشغۇل ئىدى.

خوجىنىياز ھاجى، تۇڭگان ئەسكەرلىرىنىڭ قارىسى كۆرۈنەر ـ كۆرۈنمەس بىر پايىمۇ ئوق ئاتماستىن قاچقىلى قوپتى. ئەمىر نۇرئەھمەد بۇنىڭغا قاتتىق نارازىلىق بىلدۈرۈپ، ئالدىنى توستى. خوجىنىياز ھاجى، «سىز تۇڭگانلارنى بىلمەيسىز، مەن بىلىمەن. ئۇلارغا تاقابىل تۇرۇش مۇمكىن ئەمەس» دەپ، ئاتلىنىپ قېچىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئەسكەرلىرىنىڭ ھەممىسى قاچتى. ئەمىر نۇرئەھمەد بىرەر سائەت تۇرۇپ مۇداپىئە قىلغان بولسىمۇ، ئۇنىڭمۇ ئەسكەرلىرىنىڭ كۆپ قىسمى خوجىنىياز ھاجىنىڭ ئەسكەرلىرى بىلەن قوشۇلۇپ قېچىپ كەتكەنلىكتىن، كۈچى يەتمەيدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، چېكىنىپ قەشقەرگە قايتىپ كېلىدۇ.

خوجىنىياز ھاجى قەشقەرگە كېلىپ، چېكىنىپ چىقىپ كېتىشنى بۇيرۇپ، ئۆزى ھەممىنىڭ ئالدىدا قەشقەرنى بوشىتىپ، تاشمىلىققا چىقىپ كېتىدۇ. ئارقىسىدىن مەھمۇد سىجاڭ ۋە سابىت داموللا ـ ھاجىملار كېتىدۇ. قىرغىز ۋە ئۆزبېكلەرمۇ شەھەرنى تاشلاپ تاغ تەرەپكە قاچىدۇ. ھەممىنىڭ ئارقىسىدىن ئەمىرنۇر ئەھمەد ئاقتۇ ئارقىلىق مېڭىپ، يېڭىسارغا كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن قەشقەر شەھىرى پۈتۈنلەي بوشاپ قالىدۇ ۋە 2 ـ ئاينىڭ 7ـ كۈنى تۇڭگانلار شەھەرنى ئىشغال قىلىدۇ. تۇڭگانلار شەھەرنى ئىشغال قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ سانى ئاڭلانغىنىدەك كۆپ بولماي، پەقەت، مافۇيەننىڭ قول ئاستىدىكى مىڭغا يەتمەيدىغان كىچىك بىر قىسىم تۇڭگان ئىكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ.

قەشقەرگە يېقىن بىرتاغنىڭ ئېتىكىدە توختىغان ئۆزبېك ئەسكەرلىرى بۇنى ئاڭلاپ، 2 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى سەھەردە، قەشقەر شەھىرىگە ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىپ، مافۇيەننىڭ ئەسكەرلىرىنى مەغلۇپ قىلدى ۋە شەھەرنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك تارتىۋالدى. ئەپسۇسكى، ئۆزبېكلەرغەلىبىلىرىدىن مەغرۇرلىنىپ كېتىپ، ھەممىسى بىخرامان ئولجا توپلاشقا كىرىشىپ كەتتى. بۇ ھالەتتە، مافۇيەن يېڭىشەھەردىكى تۇڭگانلاردىن ياردەم ئېلىپ، شەھەرگە تۇيۇقسىز باسقۇن قىلدى ۋە غەپلەتتە تۇرغان ئۆزبېكلەرنى قاتتىق مەغلۇبىيەتكە ئۇچراتتى. ئۆزبېكلەردىن تولىسى پاراكەندە بولۇپ قاچتى. تار بىر يەردە موھاسىرىدە قالغان 120 كىشى تۆت سائەت دۈشمەن بىلەن ئېلىشقان بولسىمۇ ئاخىرى ئوقلىرى تۈگەپ تەسلىم بولدى. تۇڭگانلار تەسلىم بولغان بۇ 120 كىشىنى پاجىئەلىك شەكىلدە شېھىت قىلدى.

مافۇيەن، قەشقەر شەھەرخەلقى ئۆزبېكلەرنى قارشى ئالدى دېگەن باھانە بىلەن شەھەرئىچىدە قاتتىق قىرغىنچىلىق باشلىدى. يىگىرمە تۆت سائەت داۋام قىلغان بۇ قەتلئامدا 4000 دىن كۆپرەك بىگۇنا خەلق شېھىت بولدى. تۇڭگانلارشەھەردىكى مەدرىسىلەر، سارايلار ۋە ئۆيلەرنى بولاپ تالىدى ۋە ئوت قويۇپ، ۋەيران قىلىۋەتتى. چەتئەللىكلەرمۇ بۇ قىرغىنچىلىقتىن ساقلىنىپ قالالمىدى. ئافغانىستان كونسۇلى مەھەممەد شرىپ خان ئۆلتۈرۈلدى. ئىنگلىز كونسۇلخانا خىزمەتچىلىرىدىن ئىككى

ھىندىستانلىق ئۆلتۈرۈلدى ۋە كونسۇلنىڭ ئايالى يارىدار بولدى.
بۇ ھادىسىلەردىن كېيىن، خوجىنىياز ھاجى، سابىت داموللام، مەھمۇد سىجاڭ ۋە ئۆزبېك يۈسۈپ جان باشلىق كاتتىلار ۋە قوماندانلار ئەسكەرلىرىنى ئېلىپ، 2 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى ھەممىسى يېڭىسارغا توپلاندى. ئۇلار يېڭىساردا تۇرۇپ، قوشۇنلىرىنى تەرتىپكە سېلىپ، قەشقەرگە ھۇجۇم قىلىشقا قارار قىلىشنى تەلەپ قىلدى. لېكىن، خوجىنىيازھاجى بۇنىڭغا قارشى چىقتى ۋە ئەسكەرلىرىنى ئېلىپ، يەركەنگە ماڭدى. ئەمىرنۇر ئەھمەد، سابىت داموللام ۋە يۈسۈپ جانلار يېڭىساردا قالدى. يېڭىساردا يۈسۈپ جاننىڭ يۈز ئۆرۈپ خائىنلىق قىلىشقا ھازىرلانغانلىقى سېزىلىپ قالدى. سابىت داموللام ئەمىر نۇرئەھمەتكە يۈسۈپ جاننى تۇتۇپ، ئەسكەرلىرىنى قورالسىزلاندۇرۇشقا بۇيرۇق قىلدى. لېكىن بۇ ئەمەلگە ئاشمىدى. يۈسۈپ جان قارشىلىق قىلىپ، ئىككى ئوتتۇرىدا بىرئاز توقۇنۇش كېلىپ چىقتى. ئاخىرى يۈسۈپ جان مەغلۇپ بولۇپ، تاقىقا قېچىپ كەتتى. ئۇندىن كېيىن، سابىت داموللامۇ يەركەنگە كېتىپ، يېڭىساردا ئەمىرنۇرئەھمەد 2000 كىشىلىك ئەسكىرى بىلەن قالدى.

خوجىنىياز ھاجى 2 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى، يەركەنگە كەلدى. ئۇنىڭ مىللەتكە كەلتۈرگەن زىيانلىق ھەرىكەتلىرى ۋە ئەسكەرلىرىنىڭ لاياقەتسىزلىكىنى كۆرۈپ، خوجىنىياز ھاجىنى يىقىتماي تۇرۇپ، مىللىي ئىنقىلابىمىزنىڭ بېشى ئوڭلانمايدىغانلىقىنى تونۇپ يەتتۇق. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇقېتىم قانداق قىلىپ بولمىسۇن ئۇنى، يەركەندىن چىقارماي ئەسكەرلىرىنى قورالسىزلاندۇرۇشقا ۋە بۇ قوراللار بىلەن خوتەن قىسىملىرىنى قوراللاندۇرۇپ، دۈشمەنگە قارشى ھەقىقىي بىر تاقابىل تۇرۇش فرونتى ئېچىشنى قارار قىلدۇق.

بۇئىشنى قان تۆكمەستىن ھەل قىلىش ۋەزىپىسى ئەمىر ئابدۇللاغا بېرىلدى ۋە ئەمىر ئابدۇللا ھازىرلىقىقا كىرىشتى. لېكىن، سابىت داموللام باشلىق بىرقىسىم كىشىلەر، بۇ ئىشتىن كۈتكىنىمىزدەك ياخشى نەتىجە بەرمەي قالارمىكىن دېگەن ئەندىشىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئەمىر ئابدۇللانى بۇ ئىشتىن سوۋۇتۇپ تۇرغان بىر پەيتتە خوجىنىياز ھاجى بۇ ئىشتىن خەۋەردار بولۇپ قالغان. ئۇ دەرھال ئەمىر ئابدۇللانى ئۆزىدىن خۇرسەن قىلىش نىيىتى بىلەن، 1933ـ يىلى 8 ـ ئايدا، بىزنىڭ ئەسكەرلىرىمىزنىڭ قوراللىرىنى تارتىۋېلىپ، خوتەنگە ھۇجۇم قىلغان ھاپىز تەنجاڭنىڭ قوراللىرىنى ئېلىپ، ئەمىرئابدۇللاغا تاپشۇردى. روسلاردىن ئالماقچى بولغان قوراللارنىڭمۇ ھەممىسىنى تەرتىپ ۋە ئىنتىزاملىق بولغان خوتەن قىسىملىرىغا بېرىپ، ئۇلارنى تولۇق قوراللاندۇرىدىغانلىقىغا ۋەدە قىلدى ۋە ئەمىر ئابدۇللانى يۇمشاتتى. بۇ ئەھۋالدا، خوجىنىياز ھاجىنى قورالسىزلاندۇرۇش بىرىنچىكى ئۇرۇشنىڭ باشلىنىشىغا سەۋەپ بولىدىغانلىقى مەلۇم بولۇپ قالدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇنىڭ «ۋەدە» سىنى قوبۇل قىلىشقا توغرا كەلدى.

2 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى، خوجىنىياز ھاجى ئۆز ئەسكىرى ۋە بىرقىسىم خوتەن ئەسكىرىدىن تەركىپ

تاپقان بىرەرمىڭ كىشىلىك قوشۇننى باشلاپ، يەركەندىن يولغا چىقىپ، بەشكەرەم يولى بىلەن ئەركەشتامغا كەتتى. تۇڭگانلار ئۇنى تۇتۇش ئۈچۈن، زور ھەربىي ھەرىكەتلەر ئېلىپ بارغان بولسىمۇ، بەزىدە ئۇرۇشۇپ، بەزىدە قېچىپ دېگەندەك تۇڭگانلاردىن قۇتۇلۇپ ئەركەشتامغا يېتىپ باردى. بىرگە ئېلىپ ماڭغان ئەسكەرلەرنى خەتەرلىك جايلاردىن سالامەت ئۆتۈپ بولغاندىن كېيىن قايتۇرۇۋەتتى. بۇ ئەھۋالدا يېگىسار ۋە يەركەنگە ياردەم ئەۋەتىشكە توغرا كەلدى. بىز مەرھۇم دوختۇر ئابدىغنى ئاخۇننىڭ قوماندانلىقىدا پىيادە ۋە ئاتلىق قوشۇنلىرىمىزدىن ئارقا ـ ئارقىدىن يوللىدۇق. بۇ ئەسكەرلىرىمىز ئۇدۇل يېگىسارغا بېرىپ، ئەمىر نۇرئەھمەدنىڭ قوماندانلىقىغا كىردى.

خوجىنىياز ھاجى، يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئەمىرئابدۇللا بىلەن كېلىشىپ بولغاندىن كېيىن، «روسلاردىن قورالنى ئالتۇنغا سېتىپ ئالىمەن. قولۇمدا بۇنىڭغا يەتكۇدەك ئالتۇن يوق» دەپ، خوتەن ھۆكۈمىتىدىن ئىككى مىڭ سەر(20000 مىسقال[118]) ئالتۇن تەلەپ قىلدى. ئەمىر ئابدۇللا خوجىنىياز ھاجىغا، بۇ تەلىپىنى خوتەن ھۆكۈمىتىگە ئۆزى بىۋاستە بىرھەيئەت يوللاپ بىلدۈرۈشنى ئەپيىتتى. خوجىنىياز ھاجى خوتەنگە بىرھەيئەت ئەۋەتىپ بۇ تەلەپنى بىلدۈردى. بىزچە، روسلارنىڭ بۇ قورال سېتىپ بېرىشىدىن ھېچ ئۈمىد يوقتى. بىراق، خوجىنىياز ھاجىنىڭ بىر غەرەز بىلەن بۇتەلەپنى قويغانلىقىنى ھېس قىلغان بولساقمۇ قورال، سېتىۋېلىش مۇقىملاشقاندىن كېيىنلا بېرىش شەرتى بىلەن ئەمىر ئابدۇللا ئارقىلىق خوجىنىياز ھاجىغا مىڭ سەر ئالتۇن ئەۋەتىپ بېرىشنى ماقۇللىدۇق. قورال سېتىۋېلىنمىغان تەقدىردە ئالتۇننىڭ خوتەنگە قايتۇرۇلۇشنى تاپىلىدۇق. بۇ ئارىدا خوجىنىياز ھاجى ئەركەشتامغا بارمىدى ۋە ئالتۇن ئەمىر ئابدۇللادا قالدى. 2 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى، ماجىسانىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغان ئابدىغنى ئاخۇن قېچىپ يەركەنگە كەلدى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئەسىرگە ئېلىنغان ئەسكەرلىرىمىزمۇ قېچىپ قۇتۇلدى.

18 ـ پەسىل

## ماجۇڭيىڭنىڭ قەشقەرگە كەلگەنلىكى

ماجۇڭيىڭ قاراشەھەرگە كېلىپ، قەشقەر تەرەپكە يۈرۈش قىلىش، ياكى، چارقىلىق بىلەن گەنسۇغا قېچىش ھەققىدە ئىككىلىنىپ تۇرغان چاغدا،كۇچادىكى ئىلىدىن قېچىپ كەلگەن تۇڭگانلار ماجۇڭيىڭغا بويسۇنماي، چارقىلىق يولىدىن گەنسۇغا قايتىشقا تەييارلىنىۋاتقانىدى. بۇئىككىلىنىش ئەسناسىدا ماجۇڭيىڭ، يۇقىرىدا نامى تىلغا ئېلىنغان مافۇيەننى قەشقەردىكى مىللىي ئىنقىلابچىلارنىڭ كۈچىنى سىناپ بېقىش ئۈچۈن، 800 ئاتلىق تۇڭگان ئەسكىرى بىلەن ئەۋەتكەنىدى. ماجۇڭيىڭنىڭ

[118] تەخمىنەن يەتتە كىلو (ن. ش. ھ.).

مەقسىتى، ئەگەر، قەشقەردىكى مىللىي ئىنقىلابچىلارنىڭ كۈچى كۆپ بولۇپ، مافۇيەن مەغلۇپ بولسا، قەشقەرگە بارماي ئۇدۇل چارقىلىق يولى بىلەن گەنسۇغا كېتىش. ئەگەر، خوجىنىياز ھاجى ھەردائىمكى ئادىتى بويىچە مافۇيەننىڭ ئەسكەرلىرىنى كۆرۈر ـ كۆرمەس قېچىپ، يولنى بوشىتىپ بېرىدىغان ئەھۋال بولسا دەرھال قەشقەرگە بېرىش ئىدى. مافۇيەن قەشقەرگە كەلگەندە، خوجىنىياز ھاجى باشلىقلىقىدا پۈتۈن مىللىي قىسملارنىڭ شەھەرنى بوشىتىپ چىقىپ كەتكەنلىك خەۋىرىنى ئاڭلىغان ماجۇڭيىڭ، دۈشمەن كەلگەن ھامان قەشقەرگە قېچىشنى پىلانلىدى ۋە كۇچادىكى ئىلىدىن قېچىپ كەلگەن تۇڭگانلار بىلەن ئالاقىلىشىپ، ئۇلارنىمۇ قەشقەرگە بېرىشقا ۋە بىرلىشىشكە قايىل قىلغانىدى.

شۇڭا شىسەي، 2 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى، روس گېنېرالى بېكتېف قوماندانلىقىدا روس، تاتار، قازاق ۋە چىنلىقلاردىن تەركىب تاپقان 3500 كىشىلىك بىرقوشۇننى چوڭ يول بىلەن قارا شەھەرگە يوللىدى. يەنە چېگرا بويىلاپ، 800 روس ئەسكىرىنىمۇ قارا شەھەرگە ماڭغۇزدى. بۇ قوشۇن قارا شەھەرگە يېقىنلاشقاندا تۆت ئايروپىلان ئۇچۇپ كېلىپ، قارا شەھەرنى بومباردىمان قىلدى. بومباردىماندا زەھەرلىك گاز بومبىلىرىمۇ قوللىنىلغانلىقتىن نۇرغۇن بىگۇنا خەلق ئۆلدى. ماجۇڭيىڭ شۇكۈنى قاراشەھەردىن قېچىپ،كۇچاغا كەلدى ۋە ئۇ يەردىكى تۇڭگانلارنى قەشقەرگە يولغا سالدى. روسلارنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ،كۇچادا 2000 تۇڭگاننى قويۇپ، ئۆزى ئاقسۇغا ماڭدى. ئەرتىسى شىڭنىڭ ئەسكەرلىرى يېتىپ كېلىپ، ئىككى سائەت ئىچىدە تۇڭگانلارنى مەغلۇپ قىلىپ،كۇچاغا قوغلىدى. ماجۇڭيىڭ ئاقسۇدىن قېچىپ، 3 ـ ئاينىڭ11ـ كۈنى، قەشقەرگە كەلدى. شۇنىڭ بىلەن پۈتۈن تۇڭگانلار ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ، قەشقەرگە يىغىلدى.

3 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى، ئەمىر ئابدۇللا تۇڭگانلارنىڭ مارالبېشى ئارقىلىق يەركەنگە كېلىشىنى توساش ئۈچۈن، قوماندانلىرىدىن ئەبەيدۇللا ئاخۇن، قوربانىياز ھاجى ۋە ئابدۇلھېكىم ئاخۇن باشچىلىقىدا مارالبېشىغا ئەسكەر يوللىدى. بۇلار مارالبېشى بىلەن مېڭىپ، يەركەنگە يۈرۈش قىلماقچى بولۇۋاتقان تۇڭگانلاربىلەن «تىقارئۆستەڭ بېشى» دېگەن جايدا ئۇرۇشۇپ، ئۇلارنى چېكىندۇردى. تۇڭگانلار نىڭ يېنىپ. قەشقەرگە قاراپ ماڭغانلىقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇلار يەنە يەركەنگە قايتىپ كەلدى.گېنېرال بېكتېف. ماجۇڭيىڭنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ مېڭىپ،كۇچانى ئالدى. ئۇيەردىن ئاقسۇغا كەلدى ۋە 1934ـ يىلى 7 ـ ئايغىچە شۇ يەردە قالدى. بۇكۈنلەردە ماجۇڭيىڭمۇ قەشقەردە ئىدى.

19ـ پەسىل

## ئىنقىلابنىڭ پاجىئەلىك سەھنىلىرى

1934ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنىدىن باشلاپ، ماجۇڭيىڭ بىزدىن يېڭىسارنى تالاشقىلى تۇردى. بىز يېڭىسارنىڭ ھىندىستان ۋە ئافغانىستانغا بارىدىغان يول ئۈستىدىكى مۇھىم ستراتېگىيىلىك ئورنىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۇنىڭغا رەددىيە بەردۇق ۋە خوتەندىن يېڭىسارغا ياردەم ئۈچۈن ئەسكەر يوللىدۇق.

3 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى، ماجۇڭيىڭ يېڭىسارغا ھۇجۇم باشلىدى. قاتتىق ئۇرۇشلاردىن كېيىن، ئەمىر نۇرئەھمەد شەھەردە مۇھاسىرىدە قالدى. مۇجاھىدلار، تۇڭگانلارنىڭ كېچە ـ كۈندۈز قىلغان قاتتىق ھۇجۇملىرىغا بەرداشلىق بېرىپ، شەھەرنى مۇداپىئە قىلدى ۋە دۈشمەننى ئېغىر چىقىمغا ئۇچراتتى. نەتىجىدە، دۈشمەن يېقىندىن ھۇجۇم قىلىشنى تاشلاپ، ئۇزاقتىن توپ ۋە پىلىمۇتلاردىن ئوق ياغدۇرغىلى باشلىدى. 4 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى، ئەمىر ئابدۇللا يەركەندىن يېڭىسارغا كەلدى. سان ۋە قورال جەھەتتىن خېلى ئۈستۈن بولغان تۇڭگانلارغا شىددەتلىك ھۇجۇم قىلىپ، ئارقىغا چېكىندۈردى. لېكىن، كەچتە تۇڭگانلار ئوت تەرەپتىكى قىسىملىرىمىزنى قورشاۋغا ئېلىۋالدى ۋە سەپ بۇزۇلدى. ئەمىر ئابدۇللا بۇلارنى تەرتىپكە سالىمەن دەپ، ئات سېلىپ كېتىپ بارغاندا ئېتىغا ئوق تېگىپ، يىقىلدى. ئۇنىڭ ئاتتىن يىقىلغان يېرى جەڭ مەيدانىنىڭ ئەڭ خەتەرلىك نۇقتىسى ئىدى. يېنىدىكى ھەمراھلىرىدىن تولىسى شېھىت بولدى ۋە بەزىلىرى قاچتى. شۇنىڭ بىلەن ئەمىر ئابدۇللا كۆرۈنمەي قالدى. يەنى، ئۇنىڭ شېھىت بولغانلىقى ياكى ھايات قالغانلىقىنى بىلگىلى بولمىدى. شۇنداق قىلىپ يەركەندىن كەلگەن ئەسكەرلىرىمىز ئېغىر ھالدا مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ، پاراكەندە ھالدا يەركەنگە قاچتى.

قېچىپ كېتىۋاتقان ئەسكەرلىرىمىزنىڭ كۆپ قىسمىنى سابىت داموللام قىزىلدا توختاتتى. داموللام پۈتۈن خوتەن قىسىملىرى ۋە مەھمۇد سىجاڭنىڭ ئەسكەرلىرىنى توپلاپ، يېڭىسارغا يەنە بىرقېتىم ئومۇميۈزلۈك ھۇجۇم قىلىپ، تۇڭگانلارنى چېكىندۈرۈش، ھېچ بولمىغاندا ئەمىر نۇر ئەھمەد نى مۇھاسىرىدىن قۇتقۇزۇشنى تەلەپ قىلدى. بۇ بىرلەشكەن قوشۇن مەھمۇد سىجاڭنىڭ قوماندانلىقىدا 4 ـ ئاينىڭ 7ـ كۈنى يېڭىسارغا ھۇجۇم قىلدى. تۇڭگانلارنى تۆت ئەتراپتىن قورشاپ ئېلىشقا مۇۋەپپەق بولدى. شۇ ھالەتتە ،مەھمۇد سىجاڭنىڭ قوماندانلىرىدىن ھاپىز تەنجاڭ، ھېچ بىر سەۋەپسىز فرونتنىڭ بىرتەرىپىنى تاشلاپ، ئەسكەرلىرىنى ئېلىپ قاچتى. تۇڭگانلار ئۇتەرەپكە قاراپ، شىددەتلىك بىرھۇجۇم بىلەن سەپنى بۆسۈپ چىقتى. شۇنىڭ بىلەن مەھمۇد سىجاڭنىڭ ئەسكەرلىرى ئالاقزادە بولۇپ قاچتى. شۇنىڭدىن كېيىن تۇڭگانلار توپ ۋە پىلىمۇتلىرىنى خوتەن قىسىملىرى بارتەرەپكە قارىتىپ، ئوق ياغدۇرۇشقا باشلىدى. نەتىجىدە، خوتەن ئەسكەرلىرىمۇ مەغلۇپ بولۇپ قاچتى. پۈتۈن قوشۇن يەنە قىزىلغا توپلاندى. لېكىن، مەھمۇد سىجاڭ، قىزىلدا توختاشنى مۇناسىپ كۆرمەي كۆك رابانتقا كەتتى ۋە خوتەن قىسىملىرىمۇ كۆك راباتقا كەلدى.

خوجىنىيازھاجى ئەركەشتامدىن قورۇق قول قايتىپ كەلدى. كۆك راباتتىكى ئەسكەرلەر گە مەھمۇد سىجاڭنى قوماندان قىلىپ تەيىنلەپ قويۇپ، ئۆزى سابىت داموللام بىلەن يەركەنگە كەلدى. 4 ـئاينىڭ 12 ـ كۈنى، بۇ پاجىئەنىڭ خەۋىرى خوتەنگە يېتىپ كەلدى. مەن شۇ كېچىسى يەركەنگە يۈرۈش قىلدىم . 16ـ كۈنى گۇمىغا كېلىپ، ئارقامدىن كېلىدىغان ئەسكەرلىرىمىزنى ساقلىدىم. ئۇلار

كەلگەندىن كېيىن، ئۇلارنى ئالدىن يولغا سېلىۋېتىپ، ئۆزەم بەش كۈن گۇمىدا تۇردۇم. 4 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى، يولغا چىقىپ، 23 ـ كۈنى قاغىلىققا كەلدىم. ئۇ يەردە بىر كۈن تۇرۇپ، 25 ـ كۈنى پوسكامغا كەلدىم ۋە كېلىپلا يېڭىساردىن تۆۋەندىكى ئىككىنچى بىر پاجىئە خەۋىرىنى ئالدىم. ۋەقە مۇنداق بولغانىدى:

يۇقىرىدىكى مەغلۇبىيەتتىن كېيىن، ئەمىر نۇرئەھمەدكە ياردەم ئەۋەتىش مۇمكىن بولمىغانىدى. تۇڭگانلار قەشقەردىكى پۈتۈن كۈچىنى توپلاپ، شەھەرنى تۆت ئەتراپىدىن مۇھاسىرىگە ئالدى. كېچە ـ كۈندۈز توختىماي توپ ئېتىپ، پىلىمۇت بىلەن ئوققا تۇتۇپ، ئارقا ـ ئارقىدىن ھۇجۇم قىلدى. لېكىن، ئەمىر نۇرئەھمەت ۋە ئەسكەرلىرى ھەرجەھەتتە ئۆزىدىن قاتمۇقات ئۈستۈن دۈشمەنگە مىسلىسىز قەھرىمانلىق بىلەن قارشى تۇرۇپ، تۇڭگانلارنىڭ بۇ ھۇجۇملىرىنى چېكىندۈرىدۇ. بۇ ۋەزىيەت 3 ـ مۇھەررەمگىچە داۋام قىلغان.

ئاخىرى، تۇڭگانلار سېپىلنىڭ بىر تەرىپىنى كولاپ پارتلاتقۇچى كۆمۈپ، پارتلىتىپ، بىرقىسمىنى يىقتتى. يىقىلغان يەردىن بېسىپ كىرگەن تۇڭگانلارنىڭ ھەممىسى مۇجاھىدلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن ۋە ئەسىرئېلىنغان. بۇ شەكىلدە ئۇرۇش يەنە تۆت ـ كېچە كۈندۈز داۋام قىلىپ، 8 ـ مۇھەررەمگە كەلگەندە تۇڭگانلار ھۇجۇملىرىنى توختىتىپ، ئوتتۇرىدا بىر جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرگەن. مۇجاھىدلار ئۇرۇش توختىدى دەپ چۈشۈنۈپ، كېچە، كۈندۈز ئۇرۇشۇپ ھېچ دەم ئالمىغانلىقتىن ۋە ئۇيقۇسىزلىقتىن قالغانلىقتىن بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، بىرئاز ئىستىراھەتكە بېرىلگەن . بۇ ئۇلار ئۈچۈن بىر غەپلەت ئۇيقۇسى بولغانىدى. تۇڭگانلار سەھەردە سېپىلنىڭ ھېلىقى يىقىلغان يېرىدىن ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىپ، سېپىل ئۈستىدىكى ئاز ساندىكى مۇھاپىزەتچىلەرنى شېھىت قىلىپ، شەھەرگە بېسىپ كىرىدۇ . ئىستىراھەت ھالىتىدىكى ئەسكەرلەر يېتىشىپ كەلگىچە، بىرقانچە مىڭ تۇڭگان ئەسكىرى سېپىلنىڭ ئىچىگە كىرىۋالىدۇ . سېپىل ئۈستىدە ۋە شەھەركوچىلىرىدا تۆت سائەت دۈشمەن بىلەن يۈزمۇ ـ يۈز ئېلىشىپ، ئەسكەرلىرىمىزدىن بىرەرمىڭ كىشى شېھىت بولدى 400 گە يېقىنى ئەسىرگە چۈشتى. بۇئارىدا سېپىل ئۈستىدە تۇرۇپ ئۇرۇشقا قوماندانلىق قىلىۋاتقان ئەمىرنۇرئەھمەد بىردىن غايىپ بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن مۇھەررەمنىڭ 8 ـ كۈنى، 1934 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى، ئەسكەرلىرىمىز پاراكەندە بولۇپ قاچىدۇ. بۇلاردىن مىڭ بەش يۈزدەك كىشى يەركەنگە قېچىپ كېلىدۇ.

ئىمىن ۋاھىدى، ئۆزىنىڭ 1938 ـ يىلى 12ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى يازغان، «ئىنقىلاب خاتىرىسى» نىڭ «يېڭىسار ئۇرۇشى» بۆلۈمىدە مۇنداق دەپ يازىدۇ: « ماجۇڭيىڭ پۈتۈن كۈچى بىلەن يېڭىسارغا ھۇجۇم قىلدى. ئەمىر نۇرئەھمەد نىڭ قوشۇنىدا ياخشى قوراللار يوقتى. شۇنداق بولسىمۇ ئۇلار يىگىرمە كۈندەك يېڭىسارنى يېگىتلەرچە مۇداپىئە قىلىپ، تۇڭگانلارنى ئېغىر زىيانغا ئۇچراتتى. بۇجەرياندا،

تۇڭگانلار تەرىپىدىن ئەسكەرلىككە مەجبۇرىي تۇتۇۋېلىنغان تۈرك ياشلىرى، مىلتىقلىرىنى ۋە ئوق - دورىلىرىنى ئەمىر نۇرئەھمەدنىڭ ئەسكەرلىرىگە، سىپىلدىن سۇنۇپ بېرىپ، ئۆزلىرى تۇڭگانلارنىڭ قولىدا شېھىت بولدى».

شۇنىڭ بىلەن تۇڭگانلار يېڭىسارنى ئىشغال قىلدى. شەرقىي تۈركىستاننىڭ ۋەتەنپەرۋەر، قەھرىمان ئەۋلادى بولغان ئىككى ئىنىم غايىپ بولدى. گەرچە، بۇلارنىڭ دۈشمەن قولىغا چۈشۈپ كەتكەنلىكى ياكى شېھىت بولۇپ كەتكەنلىكى ھازىرغىچە مەلۇم ئەمەس. لېكىن، بۇئىككىسىنىڭ ھايات ئىكەنلىكىدىن ھېچقانداق ئۈچۈر ئالالمىغانلىقىمىز ئۈچۈن، ئۇلارنى ۋەتەن ۋە مىللەت يولىدا شېھىتلىك مەرتىۋىسىگە يەتتى، دەپ، ئىشىنىمىز.

تۇڭگانلار ئۆزلىرىنىڭ ۋەھشىيانە ئادىتى بويىچە، ئىككى كېسىلگەن باشنى ئەمىر ئابدۇللا ۋە ئەمىر نۇرئەھمەد نىڭ بېشى دەپ، قەشقەردە ئېسىپ قويىدى. لېكىن، بۇئىككى كېسىلگەن باش مۇجاھىدلار قوشۇنىدىكى ئافغانلاردىن يۈز بېشى ھاشىم شاھى مەردان ۋە بازمەھەممەد خانلارنىڭ بېشى ئىدى.[119]

پوسكامدا يوقىرىقى قورقۇنچلۇق خەۋەرنى ئاڭلاپ، بىرسائەتتىن كېيىن يەنە بىر يامان خەۋەر كەلدى: خوجىنياز ھاجى، ئىككى ئىنىمنىڭ غايىپ بولغانلىقى مۇقىملاشتۇرۇلغاندىن كېيىن، يەركەندىكى مەركىزىمىزنى ئىگەللەپ، ئەمىر ئابدۇللانىڭ ئۈزۈنباسارى شىرئەلىخاننى ھاقارەتلىگەن ۋە بۇلاڭ - تالاڭ قىلىپ پۈتۈن ئۆي سەرامجانلىرىنى، قىممەتلىك نەرسە كېرەك ۋە خەزىنىنى ئېلىۋالغان. بۇرۇن خوتەن ھۆكۈمىتى ئەۋەتكەن 1000 سەر ئالتۇننى، ئامانەت قويغان كىشىنى قورقۇتۇپ، ئۇنىمۇ ئېلىۋالغان. كۆك راباتتا بولسا مەھمۇد سىجاڭ، قاتمۇقات مۇسىبەتكە ئۇچرىغان قوماندان ۋە ئەسكەرلىرىمىزنى چەتكە قېقىپ، ھاقارەتلىگەن . مانا، بۇ ئىككى دەھشەتلىك خەۋەردىن كېيىن، ئالدىمىزدا تۇرغان شۇ ئىككى يولدىن بىرىنى تاللىۋېلىشىم كېرەك ئىدى: (1) دەرھال يەركەنگە بېرىپ، خوجىنياز ھاجى ۋە مەھمۇد سىجاڭ بىلەن بىرلىشىپ، قوشۇننى تەرتىپكە سېلىپ، يېڭى بىر كۈچ تەشكىل قىلىش ۋە قايتارما ھۇجۇمغا جىددىي ھازىرلىق قىلىش. (2) بۇنداق بىرلىشىشكە مۇمكىن بولمىغان تەقدىردە، سابىت داموللام ۋە خوتەن قوماندانلىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، خوتەن

[119] بۇ ھادىسىدىن 13 يىل ئۆتكەندىن كېيىن، مۇئەللىپنىڭ خانىمى ئامىنە بوغرا يېڭىسارغا كەلگەندە، يېڭىسار ئۇرۇشىغا قاتناشقان مۇجاھىد لاردىن پازىل ئىمام ئاخۇنۇم، ئەمىر ئابدۇللا ۋە ئەمىر نۇرئەھمەد نىڭ جەسىدىنى، ئۇلارنى تونىدىغان كىشىلەر كېچىسى ئۇرۇش مەيدانىدىن يۆشۈرۈنچە ئېلىپ چىقىپ، «يېشىل گۈمبەز مازارلىقى» غا دەپنى قىلغانلىقىنى ئېيتىپ بەرگەن. ئامىنە بوغرا بۇلارنىڭ قەۋرىلىرىنى يول بويىغا يۆتكىتىپ قەۋرە قاتۇرۇپ قويغانىدى. 1980 - يىل مازارلىقنى تۈزلەپ ئۇرنىغا تاشيول ئىدارىسى سالماقچى بولغاندا يېڭىسارخەلقى، بۇئىككى قەۋرىنى باشقا بىرجايغا يۆتكەپ قويغان. 1990 يىلى، مەن ۋەتەنگە توققان يوقلاش ئۈچۈن بارغىنىمدا، ئۇ ئىككى قەۋرىنى يېڭىسار - خوتەن تاشيولى بويىدىكى «شېھىتلىقىم» مازارلىقىغا يۆتكەپ، باشقىدىن قەۋرە قاتۇرۇپ قويدۇم (ن. ش. ھ.).

ئەسكەرلىرىنى تەرتىپ ـ ئىنتىزام بىلەن خوتەنگە قايتۇرۇپ كېلىش. مەيلى قايسى يولنى تۇتمايلى مېنىڭ يەركەنگە بېرىشىم كېرەك ئىدى. خوجىنىياز ھاجىغا بىرپارچە خەت يېزىپ، ئەتە يەركەنگە كىرىدىغانلىقىمنى مەلۇم قىلدىم. خوجىنىياز ھاجى مېنىڭ يەركەنگە كىرىدىغانلىقىمنى ئاڭلاپ، بەك قورقۇپ كەتكەن. چۈنكى، ئۇ مېنى ئۆزىنىڭ يۇقىرىقىدەك ئىنسانىيەتسىزلىك قىلمىشلىرىنىڭ ئىنتىقامىنى ئېلىش ئۈچۈن كىرىدۇ دەپ ئويلىغانىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ماڭا ھازىرچە يەركەنگە كىرمەي، ئۇدۇل كۆك راباتقا بېرىپ، ئۇ يەردىكى قوشۇننىڭ قوماندانلىقىنى قولۇمغا ئېلىشىمنى تەكلىپ قىلىپ، خەت چىقاردى. مەن بۇ تەكلىپنى قوبۇل قىلماي، «ئالدى بىلەن يەركەنگە كىرىپ، سىلى بىلەن قىلىشىدىغان ئاساسلىق بىرمۇزاكىرە نەتىجىسىدە، بۇندىن كېيىن قىلىدىغان ئىشلىرىمىزنى تەيىن قىلىشىمىزلازىم» دېگەن مەزمۇندا خەت يېزىپ كېرگۈزىۋېتىپ، ئەرتىسى، مۇھەررەمنىڭ 11- كۈنى ئەتىگەندە يەركەنگە ماڭدىم.

خوجىنىياز ھاجىنىڭ يەركەندىكى مەركىزىمىزدىن بۇلاپ ـ تالىغان نەرسىلەرنى يۈزدەك تۆگىگە يۈكلەپ، يوسكامغا ماڭدۇرغان كارۋىنى ئالدىمىزغا ئۇچرىدى. يېنىمدىكى قوماندان ۋە ئەسكەرلىرىم بۇنى كۆرۈپ جىددىيلىشىپ قالدى. مەن ئۇلارغا چېقىلماستىن تىنچ ئۆتۈپ كېتىشنى ئۇقتۇردۇم. يېرىم يولدا خوجىنىياز ھاجى ئىككى يۈزدەك ئەسكىرى بىلەن ئۇچرىدى. بىز بىر يەردە ئولتۇرۇپ يېرىم سائەتچە سۆزلەشتۇق. سۆزىنىڭ باش ـ ئايىغىنىڭ تايىنى يوق ئىدى. چۈنكى، كۆزى دائىم بىزنىڭ ئەسكەرلىرىمىزدە بولۇپ، قورقۇپ دەھشەت ئىچىدە قالغانلىقىنى يوشۇرالماي قالدى. پاتراق قوپۇپ مېڭىپ كېتىشنىڭ غېمىدە ئىدى. ئاخىرى «بالا- چاقالىرىم يوسكامغا كەلگەنىكەن. ئىككى ئايدىن بېرى ئۇلارنى كۆرمىدىم . ئۆزلىرىنىڭ يەركەنگە بۇگۇن كېلىشلىرىدىن خەۋىرىم يوق ئاتلىنىپ چىقىپتىمەن. مەن ھازىر يوسكامغا بېرىپ، ئەتە يېنىپ كىرىمەن. ئۆزلىرى ئۇچاققىچە يەركەندە تۇرۇپ تۇرسىلا. مەن كىرگەندىن كېيىن مۇزاكىرىلەشەك» دېدى.

مەن خوجىنىياز ھاجىنىڭ قېچىپ چىققانلىقىنى ۋە تا قىيامەتكىچە يەركەنگە قايتا كىرمەيدىغانلىقىنى سېزىپ قالدىم. ئۇنىڭ يەركەندە بولغىنىدىن بولمىغىنى ياخشىراق دەپ ئويلاپ، يەركەنگە ماڭدىم. كېچە سائەت 12 دە يەركەنگە كىرىپ، سابىت داموللا ھاجىم بىلەن كۆرۈشۈپ، قىلىدىغان ئىشلىرىمىز ھەققىدە مۇزاكىرىگە كىرىشتۇق. بىراق، داموللامۇ نېمە قىلىشنى بىلەلمەي گاڭگىراپ قالغان بولۇپ، خىيالىدا جېنىنى قۇتقۇزۇپ چەت ئەلگە قېچىشتىن باشقا نەرسە قالمىغان بىرھالەتتە ئىكەن. مەن يەركەندە 24 سائەت تۇردۇم. مۇھەررەمنىڭ 12- كۈنى (4 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى)، ئىشەنچلىك كىشىلەرماڭا شۇ خەۋەرنى يەتكۈزدى: خوجىنىياز ھاجىنىڭ نىيىتى بۇزۇلغان بولۇپ، سابىت داموللامنى ۋە مېنى ئەسىرگە ئالماقچى ياكى ئۆلتۈرمەكچى ئىكەن.

ئۇندىن كېيىن، خوتەنگە بېرىپ، خوتەن ھۆكۈمدارى مېلىك ھەزرىتىمنى تۇتۇپ خوتەننىڭ

خەزىنىسىنى قولغا چۈشۈرمەكچى؛ ئۇ يەردىن خوتەن قېيىي يولى بىلەن ئاقسۇغا بېرىپ، ئۇ يەردىكىشىڭ شىشىنىڭ روس ۋە چىنلىق قوماندانلىرىغا بۇخىزمىتىنى دوكلات قىلىپ، ئۆزىنى ئۆلۈمدىن قۇتقۇزۇپ قالماقچى؛ شۇڭا قانداقلا قىلىپ بولمىسۇن بۇ پىلاننى بۇگۈن يا ئەتە ئەمەلگە ئاشۇرماقچى بولغانلىقى مەلۇم بولدى.

يېڭى شەھەردىكى خوجىنىياز ھاجىنىڭ قوماندانلىرىنىڭ بەزى ھەرىكەتلىرى يۇقىرىقى خەۋەرنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلىماقتا ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، مەن دەرھال يېڭى شەھەردىكى ئەسكەرلىرىمنى ئېلىپ كونا شەھەرگە يۆتكىلىپ كىردىم. دېگەندەك؛ مېنىڭ يېڭى شەھەردىن ئايرىلغانلىقىمنى ئاڭلاپ، ئۆلارخۇددى چوڭ بىر غەنىمەتنى قوللىرىدىن چىقىرىپ قويغاندەك ئالاقزادىلىشىپ كەتتى. خوجىنىياز ھاجى بۇنى ئاڭلاپ، ماڭا خەت يېزىپ، بىر قانچە كاتتىسۇئاشلىرىنى يوللىدى. خەتنىڭ مەزمۇنى، ئۇنىڭ بىزگە قارىتا ھېچقانداق بىر يامان نىيىتى يوقلىقىنى بىلدۈرۈپ، قەسەم قىلىپ، مېنى ئالداشتىن ئىبارەت ئىدى. مەن ئۇنىڭغا ئەۋەتكەن ئادەملىرى ئارقىلىق ئېغىزدىن مۇناسىپ جاۋاپ بېرىپ، ئەگەر ۋەزىيەتنى ئوڭشاپ ئىشنى ياخشى تەرەپكە باشلاش نىيىتى بولسا، خوجىنىياز ھاجى ئۆزى يەركەنگە كىرسۇن، دەپ، ئېيتتىم.كېچىدە، خەۋەرچىلەرنىڭ بەرگەن مەلۇماتىدىن، خوجىنىياز ھاجىنىڭ ماڭا ۋە سابىت داموللا ھاجىمغا سۇيىقەست قىلماقچى بولغانلىقىدىن ھېچ شۇبھى قالمىدى.

ئەرتىسى مۇھەررەمنىڭ 3 ـ كۈنى، داموللامنى دەرھال كونا شەھەرگە كىرىپ، مېنىڭ قېشىمدا تۇرۇشنى ياكى مەخپىي يول بىلەن خوتەنگە كېتىشنى بىلدۈرۈپ، ئادەم يوللىدىم. چۈنكى، داموللام شەھەرنىڭ تېشىدا بىر باغدا تۇرۇۋاتاتتى. يېنىدا ئەسكەر يوقتى ۋە سۇيىقەست قىلىنسا قوغدىنىشى مۇمكىن ئەمەستى. داموللام، كونا شەھەرگە كىرمەي ئەتە مەخپىي ھالدا خوتەنگە مېڭىپ كېتىدىغانلىقىنى مەلۇم قىلدى. شۇكۈنى مەھمۇد سىجاڭ، پۈتۈن ئەسكەرلىرىنى ئېلىپ، تويبۇقسىزلا كۆك رۇباتتىن يېڭى شەھەرگە يېتىپ كىردى. بىزنىڭ كۆك رۇباتتا قالغان ئەسكەرلىرىمىزمۇ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن كونا شەھەرگە كىردى. قوماندانلىرىمىزمەھمۇد سىجاڭنىڭ يەركەنگەكىرىشىنىڭ سىرلىق ئەھۋال ئىكەنلىكىنى مەلۇم قىلدى. شۇڭا، مەن يېڭى شەھەرگە ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكىلى چىقمىدىم. كېسەللىكىمنى باھانە قىلىپ، بىرقانچەكىشىنى چىقارتىپ كۈتۈۋېلىش مۇراسىمىنى ئادا قىلىپ قويدۇم. ئاقشام سائەت تۆتكە يېقىن مەھمۇد سىجاڭ مەن بىلەن كۆرۈشكىلى ئۆزى كەلدى. يېرىم سائەتتەك ئولتۇرۇپ، ھېچنەرسىنى مۇزاكىرە قىلمايلا چىقىپ كەتتى.

بىرسائەتتىن كېيىن، مەھمۇد سىجاڭنىڭ، ھاپىز تەنجاڭنى بىرقىسىم ئەسكەر بىلەن چىقىرىپ، سابىت داموللاھاجىمنى تۇتۇپ، قوللىرىنى باغلاپ ۋەھشىيانە بىرھەرىكەت بىلەن يېڭى شەھەرگە ئېلىپ كەتكەنلىكى ۋە ئۇ يەردە داموللامنى خەلق ئالدىدا ھاقارەت قىلىپ باغلاپ قويغانلىق خەۋىرى كەلدى. مەن بۇنى ئاڭلاپ، دەرھال مەھمۇد سىجاڭغا نارازىلىق بىلدۈرۈپ، ئېتىرازنامە بىلەن ئادەم

كىرگۈزدۇم ۋە دەرھال سابىت داموللا ھاجىمنى بوشىتىپ، يېنىمغا چىقىرىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدىم. مەھمۇد سىجاڭ بۇنىڭغا، « مەندىن خەۋەرسىز ئادەملىرىم شۇنداق قىلىپتۇ. مەن ئەتە داموللامنى ھۇزۇرلىرىغا چىقىرىپ بېرىمەن» دەپ جاۋاپ بەردى (1934 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى).

شۇ كۈنى كەچتە خەۋەرچىلىرىمىز، مەھمۇد سىجاڭ ۋە قوماندانلىرىنىڭ خوجىنىياز ھاجىنىڭ ئەمرىگە بىنائەن بۇ كېچە قانچىلىك بەدەل كېتىشىدىن قەتئىي نەزەر، مېنى چوقۇم تۇتۇشقا ياكى ئۆلتۈرۈۋېتىشكە قارار قىلغانلىقىنى خەۋەر قىلدى. مەن دەرھال قوماندانلىرىمنى يىغىپ، ئەھۋالنى مۇزاكىرىلەشتىم. ئۇلار مۇنداق دەپ پىكىر بەردى: «مامۇت سىجاڭنىڭ بۇ ھەرىكىتىگە قورال بىلەن جاۋاپ بېرىشتىن باشقا چارە يوق. ئۇرۇشتا غەلىبە قىلىش ياكى مەغلۇپ بولۇش ئېھتىمالى تەڭ نىسبەتتىدۇر. چۈنكى، ئەسكەرلىرىمىز ناھايىتى چارچاپ كەتكەن ۋە روھىي سىنغان بىرھالەتتە. بىز ئۈچۈن، ئەڭ مۇھىمى سىلىنىڭ مەۋجۇد بولۇپ تۇرۇشلىرى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇرۇنلىرىدا بىر كىشىنى قويۇپ، بۇ كېچە يوشۇرۇن ھالدا خوتەنگە مېڭىپ كەتسىلە. ئەگەر، مەھمۇد سىجاڭ بىزگە يامان نىيەتتە بولسا، ئۇنىڭغا لايىقىدا جاۋاپ بېرىمىز». بۇ پىكىرلەرگە ئاساسەن مەن، يېنىمغا ئاتمىش كىشىنى ئېلىپ كېچىسى، شەھەردىن چىقىپ كەتتىم. ئارقا يولدىن يۈرۈپ، 5 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى گۇمىغا كېلىپ توختىدىم.

شۇنىڭ بىلەن خوجىنىياز ھاجىنىڭ مېنى تۇتۇش ۋە خوتەنگە يۈرۈش قىلىش پىلانى سۇغا چىلاشتى. مەھمۇد سىجاڭ ئەتىسى ئاقشامغىچە مېنىڭ كەتكەنلىكىمدىن خەۋەرسىز قالدى. 5 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى بۇخەۋەرنى ئاڭلىغان مەھمۇد سىجاڭ، پىلانىنى ئۆزگەرتىپ، ئورنۇمدا قالغان قوماندانلىرىمىزدىن غاپپار ھاجى، تۇرسۇن باقى خان ۋە مەھەممەت ئەيسا خان قاتارلىقلارنى ئەسكەرلىرى بىلەن بىرلىشىپ بىرلىكتە تۇرۇپ، تۇڭگانلاردىن مۇداپىئە قىلايلى، دېگەن باھانە بىلەن يېڭى شەھەرگە ئېلىپ كىرىشنىڭ كويىغا چۈشتى. بۇنىڭدىكى مەقسىتى، كۆپۈنچىسى پىيادە قىسىملاردىن تەركىپ تاپقان خوتەن قوشۇنىنى تۇڭگانلارغا قارشى ئالدىنقى سەپكە چىقىرىپ قويۇپ، ئۆزى تۇڭگانلارنىڭ ھۇجۇمىدىن خاتىرجەم بولۇپ، خوجىنىياز ھاجىنىڭ ئارقىسىدىن ئاقسۇغا يۈرۈشتىن ئىبارەت ئىدى. قوماندانلىرىمىزمەھمۇد سىجاڭنىڭ نىيىتىنى بىلىپ قالغانلىقتىن بۇنىڭغا قوشۇلمىدى. لېكىن، شەھەر ئەتراپىدىكى بىرقىسىم ئەسكەرلىرىمىزنى زورلۇق بىلەن يېڭى شەھەرگە كىرىشكە مەجبۇرقىلدى. قوماندانلىرىمىزدىن بەزىلىرى ئەسكەرلىرىنى ئېلىپ خوتەنگە يۈرىدى. غاپپار ھاجى باشلىق بىرقانچە قوماندانلىرىمىزمەھمۇد سىجاڭنىڭ تەھدىتلىرىگە پىسەنت قىلماي كوناشەھەردە تۇرىۋەردى.

تۇڭگانلار يەركەنگە يېقىنلىشىپ، 5 ـ ئاينىڭ 11ـ كۈنى، كۆك رۇباتقا كەلدى. مەھمۇد سىجاڭ ئەتىسى يەركەندىكى پۈتۈن ئەسكەرلىرىنى ۋە يېڭى شەھەردىكى خوتەن ئەسكەرلىرىنى ئېلىپ،

شەھەرنى بوشىتىپ، پوسكامنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى بەش كەنت دېگەن جايغا ماڭدى. سەھەردە بىزنىڭ كوناشەھەردىكى ئەسكەرلىرىمىزمۇ شەھەردىن چىقىپ، خوتەنگە قاراپ ماڭدى. شۇنىڭ بىلەن يەركەن شەھىرى تامامەن بوشالدى ۋە 5 ـ ئاينىڭ 12ـ كۈنى تۇڭگانلار يەركەننى ئىشغال قىلدى.

مەھمۇد سىجاڭنىڭ بۇ ھەرىكەتلىرى تارىختا بىرمىللىي ئىنقىلابچى ئۈچۈن يامان بىرئەيىپتۇر. لېكىن بۇ ئەيىپ مەھمۇد سىجاڭغا يۈكلەنمەيدۇ. چۈنكى، ئۇ زات خوجىنىياز ھاجىنىڭ قول ئاستىدا بولۇپ خوجىنىياز ھاجىنىڭ ھەر بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلىشقا مەجبۇر ئىدى. يۇقىرىقى ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى مەھمۇد سىجاڭ ئۆزئىختىيارى بىلەن قىلغان ئىشلار بولماستىن خوجىنىياز ھاجىنىڭ قەتئىي بۇيرۇقى بىلەن قىلغانلىقى مەلۇمدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ تارىخىي ئەيىپ پۈتۈنلەي خوجىنىياز ھاجىغا يۈكلىنىشى كېرەك.

خوجىنىياز ھاجى ۋە مەھمۇد سىجاڭلار بەشكەنتتىن مەكىتكە قاراپ يولغا چىقتى. ئۇلار بىرگە ئېلىپ ماڭغان خوتەن ئەسكەرلىرى يولدا ئۇلاردىن ئايرىلىپ چىقىپ، خوتەنگە كەتكىلى باشلىدى. خوجىنىياز ھاجىلار مەكىتكە بارغاندا تۇڭگانلار ئارقىسىدىن قوغلاپ كەلگەنلىكتىن، دەرھال ئاقسۇغا ماڭدى. ئاقسۇغا يېقىن «شاقۇر» دېگەن جايغا كەلگەندە تۇڭگانلار يېتىشىپ كېلىپ، كېچىسى تۇيۇقسىز باسقۇن قىلدى. ئۇلار ئېغىر زەربىگە ئۇچراپ، پاراكەندە ھالدا قېچىپ، ئاقسۇنىڭ ئاۋات دېگەن يېرىگە بېرىپ توختىدى. ئۇندىن كېيىن، ئاقسۇغا كىرىپ، روس قوماندانى بېكتىف بىلەن كۆرۈشۈپ، قولىدىكى سابىت داموللا ھاجىم ۋە زىرىپ قارى ھاجىم (قەشقەر ھۆكۈمىتىنىڭ ئەدلىيە نازىرى، يەركەندە ئەسىرگە ئالغان) نى ئۇنىڭغا سوغا قىلدى. بېكتىف، خوجىنىياز ھاجىنى كۆرۈنۈشتە ياخشى قارشى ئالغان بولدى.

يەركەندىن يولغا چىققان ئەسكەرلىرىمىزنىڭ گۇمىغا يېتىپ كېلىشىنى كۈتۈپ، مەن گۇمىدا تۇرۇپ قالدىم. كەلگەن ئەسكەرلەرنى ئارقا ـ ئارقىدىن خوتەنگە يولغا سالدىم. ئاخىرىدا. بىرقىسىم ئەسكەرنى گۇمىدا قويۇپ، مۇھەررەمنىڭ 14ـ كۈنى خوتەنگە قايتتىم. گۇمىدىكى ۋاقتىمدا يەركەندىكى تۇڭگانلارغا كۆرۈنۈشتە كېلىشىم تەكلىپ قىلغان بولۇپ، ھەقىقىي نىيىتىنى بىلىپ بېقىش مەقسىتى بىلەن بىر ھەيئەت ئەۋەتتىم. نەتىجىدە، تۇڭگانلارنىڭ خوتەن ھۆكۈمىتى بىلەن كېلىشىش نىيىتىنىڭ يوقلىقى مەلۇم بولدى. شۇنىڭ بىلەن مەن دەرھال خوتەنگە خەت يېزىپ، ھۆكۈمەتنىڭ رەسمىي بىر ھەيئەت تەشكىللەپ، قەشقەرگە ئەۋەتىشنى ئىلتىماس قىلدىم. مەن زاڭگۇيى كەنتىگە كەلگىنىمدە، ئىچكى ئىشلار نازىرى داموللا ئابدۇجېلىل ھاجىم ۋە خوتەننىڭ قازىسى باشلىق ھەيئەتلەر بىلەن ئۇچراشتىم. ئۇلارنى قەشقەرگە ماجۇڭيىڭنىڭ ئالدىغا ماڭغۇزىۋېتىپ، 5 ـ ئاينىڭ 13ـ كۈنى خوتەنگە كەلدىم. خوتەن خەلقى، مۇجاھىدلارنىڭ بېشىغا كەلگەن بۇ ئېغىر مۇسىبەتلەرسەۋەبىدىن ماتامدە ئىكەن. مەن ئەرتىسى خەلق ۋە ئەسكەرلەرنى خوتەننىڭ راۋاق مەيدانىغا توپلاپ، ئۇلارغا سۆز قىلدىم. قەشقەر ۋە

يېگىسار دىكى پاجىئەلەردە ئىككى ئىنىم باشلىق ۋەتەن ئۈچۈن شېھىت بولغانلارنىڭ شاھادىتىنى ئېلان قىلدىم. خەلقنى بۇ مۇسىبەتلەرگە ھازا تۇتماسلىقنى، ھېچ قانداق ماتەم مۇراسىمى ئۆتكۈزمەسلىكنى سۆزلىدىم. ئالدىمىزدىكى خەتەردىن ساقلىنىش ئۈچۈن، تەييارلىنىشىمىز كېرەكلىكىنى بىلدۈرۈپ، سەپەرۋەرلىككە چاقىردىم. شۇكۈندىن باشلاپ، ئەسكەرلىرىمىزنى يېڭىدىن تەرتىپكە سېلىشقا، مۇمكىنقەدەر قورال ۋە ئوق - دورا تەييارلاشقا كىرىشىپ كەتتۇق ۋە تاربۇغازدا ئىستىھكام ياسىدۇق. بىز بۇئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ۋاقىتتا مەھمۇد سىجاڭ ۋە خوجىنىياز ھاجىلار بىزگە ئايرىم - ئايرىم خەت يېزىپ، يەركەنتدىكى قىلمىشلىرى سەۋەبىدىن تارىخ ئالدىدا زىممىسىگە يۈكلىنىدىغان ئەيىبنى يۇشۇرۇش ئۈچۈن، يەركەن مەغلۇبىيىتىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى بىزگە ئارتىپ، يەنە، بىزنى ئۇلارنىڭ تەرىپىگە ئۆتۈشكە يەنى، دۈشمەنگە تەسلىم بولۇشقا دەۋەت قىلغانىدى. بىز بۇ مەنىسىزخەتلەرگە جاۋاپ يېزىشنى لازىم كۆرمىدۇق.

20 - پەسىل

## خوتەن ھۆكۈمىتىنىڭ يىقىلغانلىقى

ماجۇڭيىڭغا ئەۋەتكەن ھەيئىتىمىزنىڭ باشلىقى ئىچكى ئىشلار نازىرىمىز گومىغا بېرىپلا ئىستىپا بېرىپ، شۇيەردە قالدى. ئەمما، قازى باشلىق باشقا ھەيئەت ئەزالىرى قەشقەرگە باردى. ھەيئەتنىڭ بىزگە ئەۋەتكەن خېتىدىن بىزنىڭ كېلىشىم تەكلىپىمىزنىڭ ماجۇڭيىڭنىڭ پىلانىغا ئۇيغۇن كەلمىگەنلىكى مەلۇم بولدى. ماجۇڭيىڭنىڭ پىلانى، دۈشمەن قەشقەرگە ھۇجۇم قىلغان ھامان خوتەنگە قېچىپ بېرىپ، ئۇ يەردىن چارقىلىق يولى بىلەن گەنسۇغا كېتىش ئىكەن. بۇنىڭ ئۈچۈن، مەيلى ئۇرۇشۇپ ياكى سۈلھى قىلىپ خوتەننى ئىشغال قىلىپ، ئاندىن گەنسۇغا ئۆتۈپ كېتىشتىن باشقا يولنى قوبۇل قىلمايدىغانلىقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. بىز بۇ تۇڭگانلارنىڭ يەر يۈزىدىكى ئەڭ زالىم ۋە ئىنتايىن ۋەھشى بىر قوراللىق بۇلاڭچىلار گورۇھى ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەنىدۇق. شۇنىڭ ئۈچۈن، تۇڭگانلارنىڭ خوتەننى ئىشغال قىلىشىنى ئەڭ يامان دۈشمەننىڭ ئىشغالى بىلەن تەڭ دەپ قارىدۇق. بىز كۈچىمىز يەتكەن ئاخىرقى مىنۇتقىچە تىركىشىپ، يۇرتىمىزنى ۋە خەلقىمىزنى قاراپ تۇرۇپ، تۇڭگانلارنىڭ بولاڭ - تالىڭىغا تۇتۇپ بەرمەسلىككە قارار قىلدۇق. 5 - ئاينىڭ 25 - كۈنى، زاۋاغا ئەسكەر توپلاپ مۇداپىئەگە تەييارلاندۇق.

5 - ئاينىڭ 30 - كۈنى، ماجۇڭيىڭ، مارۇلۇگىنىڭ قوماندانلىقىدا ئەڭ يېڭى مىلتىق ۋە پىلمۇتلار بىلەن قوراللانغان بىرئاتلىق قىسمىنى گومىغا يوللىدى. گومىدىكى مۇھاپىزەتچى قىسىملىرىمىز زاۋاغا قايتىپ كەلدى. مارۇلۇڭ 6 - ئاينىڭ 4 - كۈنى پىيالمىغا كەلدى. دۈشمەن بىلەن ئارىمىزدا 35 كىلومېتىرلىك بىرچۆل قالغانىدى. مارۇلۇڭ، تاربۇغازدىكى قۇۋۋىتىمىز ۋە ئىستىھكاملىرىمىزدىن

قورقۇپ، ئىلگىرىلىيەلمەي پىيالمىدا توختاپ، قەشقەردىن ياردەم تەلەپ قىلدى. بىز ئەسكەرلىرىمىزنى قۇم رۇبات ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ئالدىنقى سەپتىن ئىلگىرىلىمەي تۇرۇپ، تۇڭگانلار ھۇجۇم قىلىپ كەلگەندە، ئۇزۇن چۆلدىن چارچاپ كەلگەن دۈشمەننى ئارىغا ئېلىپ، يان ۋە ئارقا تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىشنى قارار قىلدۇق. ئامىل خان ھاجىمنى ئالدىنقى سەپ قىسىملىرىمىزنىڭ باش قوماندانى قىلىپ تەيىنلىدۇق. مەن 6 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى، بەزى موھىم ئىشلارنى ھەل قىلىش ئۈچۈن شەھەرگە كەلدىم.

زاۋادىكى قوماندانلىرىمىز، تۇڭگانلارغا قەشقەردىن ياردەم كېلىشتىن بۇرۇن، ئۇلارنىڭ ئۈستىگە تۇيۇقسىز بىر كېچە باسقۇنى قىلىشنى قارار قىلىپ، 9 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى، كېچىسى پىيالمىغا يۈرگەن. لېكىن، چۆلدىكى كېچە قاراڭغۇلۇقىدا ئەسكەرلەر يولدىن ئېزىپ كەتكەنلىكتىن ئايلىنىپ يۈرۈپ ئوتتۇرا يولغا كەلگەندە تاڭ يورۇپ قالغانلىقتىن ئەسكەرلەر ئارقىغا قايتىشقا مەجبۇر بولغان. ئەسكەرلەر قۇم رۇباتقا ناھايىتى ھارغىن ھالدا كەلگەنلىكتىن قوماندانلار ئالدىنقى سەپتە ئازراق ئەسكەر قويۇپ، قالغانلارنى تاماق يېيىش ۋە ئىستىراھەت قىلىشقا رۇخسەت قىلغانىكەن. ئەسكەرلىرىمىزنىڭ كېچىدە ئېزىقىپ يۈرۈپ ئوتتۇرا يولدىن قايتىپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلىغان مارۇلۇڭ، سەھەر ۋاقتى بىلەن كۆك رۇباتقا ھۇجۇم قىلدۇ. ئىستىراھەت قىلىۋاتقان ئەسكەرلىرىمىز يەرلىرىگە كېلىپ بولغىچە تۇڭگانلار تار بۇغازغىچە بېسىپ كەلگەن. دەرھال ئەسكەرلىرىمىز يېتىشىپ كېلىپ، شىددەتلىك ئۇرۇش باشلانغان ۋە تۇڭگانلارنى ئارقىغا چېكىندۇرگەن. تۆرت سائەت داۋام قىلغان جەڭدە تۇڭگانلار ئىلگىرىلىيەلمىگەن.كەچقۇرۇن تۇڭگانلار ئالدىنقى سەپنىڭ شىمالىدىن ئوڭ تەرىپىنى قورشاۋېلىپ، ئەسكەرلىرىمىزنى ئىككىگە بۆلۈۋېتىپ، پىلمۇتلاردىن يامغۇردەك ئوق ياغدۇرۇپ بېسىپ كېلىشكە باشلىغان. نەتىجىدە، ئەسكەرلىرىمىز چېكىنىشكە باشلىغان. ئەسكەرلىرىمىز زاۋاغا كېلىپ، سەپنى تۈزگەن بولسىمۇ پىيادە قىسىمدىكىلەر بەك پاراكەندە بولۇپ كەتكەنلىكتىن ئۇلارنى سەپكە يىغىش مۇمكىن بولمىغان. شۇنىڭ بىلەن خوتەننىڭ ئەڭ موستەھكەم ئەسكىرىي بازىسى دۈشمەننىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتتى.

كەچ سائەت بەشتە قاچقان ئەسكەر ۋە قوماندانلىرىمىز شەھەرگە كەلگىلى باشلىدى. تۆرت سائەتكىچە ئەسكەرلىرىمىزنىڭ توپلىنىشىنى كۈتتۇم. ئەمما، شەھەرگە ئاران 10%گە يېقىن ئەسكىرىمىز يىغىلغانىدى. قالغان 90% كىشىدىن خەۋەر يوقتى. شۇنىڭ بىلەن شەھەردە مۇھاسىرىدە قېلىپ تۇرۇپ، مۇداپىئە ئۇرۇشى ئېلىپ بېرىش مۇمكىن بولمىدى.

ئاخىرى مەن، زاۋا ئالدىنقى سەپكە بېرىپ، چېچىلىپ كەتكەن ئەسكەرلىرىمىزدىن توپلىيالىغىنىمنى توپلاپ، شەھەرنى مۇداپىئە قىلىش، ئەگەر، بۇ بولمىغاندا تاغ تەرەپكە كېتىپ، ئۇيەردە كۈچ توپلاپ، دۈشمەنگە قايتارما ھۇجۇم قىلىش پىلانى بىلەن سەھەر ۋاقتىدا يۈزدەك كىشى بىلەن يولغا چىقتىم. لېكىن، چېچىلىپ كەتكەن قىسمنى دەرھال يىغىۋېلىشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى چاغلاپ، زاۋاغا

بارماي تاغ تەرەپكە ماڭدىم. تاغقا يېتىپ بارماستىن 300 دەك ئاتلىق ئەسكەر توپلاندى. ئەتىسى تاغدىكى لاگروْكەنتكە بېرىپ توختىدۇق. بۇ يەردە ئەسكىرىمىز 500 ئاتلىق كىشىگە يەتتى. 6 ـ ئاينىڭ 15ـ كۈنى لاگروْنىڭ يۇقىرىسىدىكى پوپۇنا دېگەن كەنتكە يۆتكەلدۇق. ئۇ جاينىڭ مۇستەھكەم تەبىئىي شارائىتىدىن پايدىلىنىپ، بۇجايىنى مەركەز قىلىپ كۈچ توپلاشقا قارار قىلدۇق. مەن 200 ئاتلىق بىلەن پوپۇناغا يۆرۈدۈم. قالغان 300 ئاتلىق ئەسكەر كېچىسى شەھەرگە يېقىنراق جايدا مانېۋىر ئېلىپ بېرىپ، دۈشمەننىڭ دىققىتىنى باشقا تەرەپكە تارتىپ، تاغدىكى مەركىزىمىزنى ساقلاپ قېلىشنى پىلانلاپ، لاگروْدا قالدى. ئۇلار كېچىسى شەھەر ئەتراپىدا ھەرىكەتلىنىپ لاگروْغا قايتىپ كەلگەن. بىر كېچە ئۇيقۇسىز قالغانلىقى ئۈچۈن، كېلىپلا دەم ئېلىشقان. دۈشمەن جاسۇسلىرى ئارقىلىق بۇ پىلانىمىزنى بىلىپ قېلىپ، سەھەردە لاگروْغا ھۇجۇم قىلدى. ئەمما، قاراۋۇللىرىمىز ۋاقتىدا خەۋەر قىلغانلىقتىن، ئۇلار پوپۇنا ئىستىپھكامىغا كېلىپ، دۈشمەننىڭ ئالدىنى توساپ قارشىلىق كۆرسەتكەن. لېكىن، تۇڭگانلار ئېگىزلىكلەرنى بۇرۇن ئىشغال قىلىۋالغانلىقتىن، ئەسكەرلىرىمىز يۇقىرىغا چىقالماي تۆۋەنگە قاراپ ماڭغاندا تۇڭگانلار بۇلارنى ئارقىسىدىن ئوققا تۇتۇشقا باشلىدى. ئۈچ سائەت داۋام قىلغان ئۇرۇش، ئاخىرى بىزنىڭ زىيىنىمىز بىلەن ئاخىرلاشتى. چۈنكى، دۈشمەن چېكىنىش يولىمىزنى كېسىپ تاشلايدۇ. ئەسكەرلىرىمىز قورشاۋدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن دەرياغا ئات سالىدۇ. بەزىلىرى تاغ يوللىرى بىلەن يۈرۈپ مۇھاسىرىدىن قۇتۇلۇپ چىقىدۇ(23 ـ خەرىتىگە قاراڭ).

بۇ ئۇرۇشتا، قىممەتلىك قوماندانلىرىمىزدىن تۇرسۇن باقى خان ۋە ئىسمائىل داموللام ۋە مېنىڭ مۇھاپىزەتچىلىرىمدىن تۆرت كىشى بولۇپ، 200 دەك ئەسكىرىمىز شېھىت بولدى. نەتىجىدە، پوپۇنا دۈشمەننىڭ قولىغا چۈشتى ۋە بىزنىڭ مۇداپىئە كۈچىمىز پۈتۈنلەي ئاجىزلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىز پوپۇنا دەرياسىدىن كېچىپ، 42 كىلومېتىر يول يۈرگەندىن كېيىن، كېچىسى دوئا كەنتىگە كەلدۇق. ئۇيەردىمۇ دۈشمەننىڭ ھۇجۇمىدىن ئەنسىرەپ، ئۇززۇن تۇرالماي ماڭدۇق. كېچىسى يول مېڭىپ، 5 ـ كۈنى سانجۇ داۋانىنىڭ ئېتىكىدە ھىندىستانغا بارىدىغان يولنىڭ ئاغزىغا كېلىپ توختىدۇق.

بۇجاغدا يېنىمدا ئەللىك كىشى قالغانىدى. بۇلاردىن بىرقىسمى رۇخسەت سوراپ، يۇرتىغا كېتىپ ئۆتتۇز كىشى قالدى. بۇيەردە ئون كۈندەك تۇرغاندىن كېيىن، مەن يەنە ئۈمىدسىزلەنمەي، يۇرتقا يېقىن بېرىپ، ئۆزۈم بىر كۈنلۈك ئۇزاقتا قېلىپ، قوماندان ۋە ئەسكەرلەرنى سانجۇغا ئەۋەتتىم. بۇنىڭدىن مەقسىدىم، سانجۇدا تەرەپتارلىرىمىزنى توپلاشقا مۇمكىن بولسا توپلاش ۋە يېڭىدىن كۈرەشكە ئاتلىنىش ئىدى. لېكىن، سانجۇدا دۈشمەن ئەسكەرلىرى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار بۇنىڭغا مۇۋەپپەق بولالماي تاغ يولى بىلەن خوتەن تەرەپكە كەتكەنلىكى مەلۇم بولدى. ئەمدى يېنىمدا 12 كىشىلا قالغانىدى. بۇ ئارىدا تۇڭگانلارنىڭ مەن تۇرغان تەرەپكە يۈرۈش قىلغانلىقى لېكىن، دەريادا سۇ ئۇلۇغ بولغانلىقتىن ئۆتەلمەي قالغانلىقى توغرىسىدا خەۋەر كەلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن 7 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى، سانجۇ داۋىنىدىن

ئۆتتۇپ ئىككى كۈن يول يۈرگەندىن كېيىن سۆگەت قورۇلغا كەلدىم. بۇ يەردە ئالتى كۈن تۇردۇم. ھەرجەھەتتىن ئۈمىدسىز قالغاننى ئاز دەپ، دۈشمەننىڭ تەھدىت خەتلىرى كەلگىلى باشلىدى ۋە دۈشمەننىڭ ھۇجۇم قىلىش ئېھتىمالىمۇ ئارتتى. ئوززۇقىمىز ۋە ئاتلىرىمىزنىڭ يەم ـ خەشكى تۈگەپ قالاي دېگەندى. مانا بۇ سۈرەتتە مەجبۇرى ھالدا، 7 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرالىرىدا ھىندىستانغا قاراپ كەتتۇق.

تۇڭگانلار زاۋانى ئالغاندىن كېيىن، سەھەردە قاراقاشنى ئىشغال قىلدى. خوتەن ھۆكۈمدارى مىلىك شەھەر كاتتىلىرىنى يىغىپ، ھېچ بىر مۇداپىئە كۆچى قالمىغانلىقتىن تۇڭگانلارغا تەسلىم بولۇشقا قارار قىلغانلىقىنى مارۇلتۇڭغا مەلۇم قىلدى. 6 ـ ئاينىڭ 12ـ كۈنى، مارۇلۇڭ ئېلچىگە كېلىپ شەھەرنى ئىشغال قىلدى. تۇڭگانلار خەلقنى ئالداپ، مىلىكنى خوتەنگە دوتەي (ۋالىي) قىلدى. ئەمما، بۇ ھېچقانداق ھوقۇقى بولمىغان قۇرۇق بىر ئۇنۋاندىن ئىبارەت ئىدى. شۇنىڭ بىلەن خوتەن ئىنقىلابى يىقىلدى.

21 ـ پەسىل

## ئىنقىلابنىڭ ئاخىرقى سەھىپىلىرى

خوجىنىيازھاجى ئۆزىنى بېكتىفكە تەسلىم قىلغاندىن كېيىن«شېڭ شىسەي ئۇنى ئۇرۇمچىگە چاقىردى ۋە «فۇجوشى» لىق مەنسىپىنى بېرىپ، قورالىلىق مىللىي ئىنقىلابچىلارنى يوقىتىپ تۈگەتكىچە بولغان مۇددەت ئىچىدە ھۆكۈمەتكە ۋاقىتلىق شېرىك قىلدى. ھۆكۈمەت يارلىقلىرىغا ۋە قەغەز پۇلغا ئۇنىڭ ئىسمىنىمۇ يازدى. مەھمۇد سىجاڭ، 4000 غا يېقىن يەرلىك ئەسكەرلەرگە قوماندان بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۈرۈمچى ھۆكۈمىتىگە نەۋە بولۇپ، ئاقسۇدا قالدى. 1934 ـ يىلى، 7ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا روس ۋە چىنلىقلاردىن تەركىپ تاپقانشېڭ شىسەينىڭ ئاقسۇدىكى ئەسكەرلىرى قەشقەرگە يۈرۈش قىلدى. تۇمشۇق تاغدا تۇڭگانلار بىلەن قاتتىق ئۇرۇش بولدى. دۈشمەن توپ ئېتىپ ۋە ئايروپىلاندىن بومبا تاشلاپ، تۇڭگانلارنى ئېغىرچىقىمغا ئۇچراتتى. نەتىجىدە، تۇڭگانلار مارالبېشىغا چېكىندى.شېڭ شىسەينىڭ ئايروپىلانلىرى بۇ يەرنىمۇ بومباردىمان قىلدى. تۇڭگانلار پاراكەندە بولۇپ قەشقەرگە قاچتى ۋە بىر قىسمى يەركەنگە كەلدى.

بۇمەغلۇبىيەتتىن قاتتىق قورقۇپ كەتكەن ماجۇڭيىڭ،گەنسۇغا كېتىشتىن ئۈمىدىنى ئۈزۈپ، بىرقىسىم ئادەملىرى بىلەن فەرغانىغا قېچىپ بېرىپ روسلاردىن پانالىق تىلىدى. باشقا تۇڭگانلار ئۇنىڭ توغقىنى بولغان ماخوسەننىڭ باشچىلىقىدا قەشقەردىكى بىگۇنا مۇسۇلمانلارنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىپ ئۆيلىرىگە ئوت قويۇۋەتتى ۋە قولىدىن كېلىدىغان پۈتۈن ۋەھشىلىكلەرنى قىلىپ، خوتەنگە قاچتى. بۇلارخوتەنگە كېلىپلاچارقىلىق يولى بىلەن گەنسۇغا كېتىشكە ھازىرلاندى ۋە بىرقىسمى ماڭدى.

بۇچاغدا، شېڭ شىسەي قەشقەردىكى ئەسكەرلىرىنى قىسقارتتى ۋە ئۇلارنى يەركەندە توختاتتى. بۇنىڭ سەۋەبى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شېڭ شىسەيگە قىلغان بۇ ئاشكارە ئەسكىرىي ياردىمىگە قوشنا دۆلەتلەرنىڭ نارازىلىق بىلدۈرگەنلىكى سەۋەب بولۇشى مۇمكىن. شۇنىڭ بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئەسكەرلىرىنى قەشقەرگە كىرگۈزمەستىن قايتۇرۇپ كەتكەن. گەرچە شېڭ شىسەي قەشقەردە بىرقىسىم چىنلىق ئەسكەرلىرىنى قالدۇرغان بولسىمۇ قەشقەرنى ساقلاش ئۈچۈن يېتەرلىك ئەمەستى. بۇ سەۋەپتىنشېڭ شىسەي، مەھمۇد سىجاڭغا يېقىنچىلىق قىلىپ، ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى تۈرك ئەسكەرلىرىنى قەشقەر ۋە يەركەندە تۇرغۇزدى ۋە ئۇنىڭغا «سىجاڭ» لىق مەنسىپنى بەردى.

يۇقىرىقى سەۋەپتىنشېڭ شىسەينىڭ كۈچى ئاجىزلىشىپ، خوتەنگە ھۇجۇم قىلالمىدى. شۇنىڭ بىلەن ماخوسەنمۇ گەنسۇغا كەتمەي خوتەندە قالدى ۋە ھەتتا يەركەندىن تارتىپ چەرچەنگىچە ۋە بەلكى چارقىلىققىچە بولغان يەرلەرنى ئىگەللەپ تۇردى.شېڭ شىسەينىڭ ئالتاي ھۆكۈمدارى شېرىپخان ۋە قۇمۇل ھۆكۈمدارى يولۋاس بەگلەرگە ھازىرچە قورallıق كۈچ بىلەن بويسۇندۇرۇشقا كۈچى يەتمىگەنلىكتىن، ئۇلار بىلەن سىياسى جەھەتتە ئىتتىپاقلىشىپ، ئىچكى جەھەتتە مۇستەقىللىقىنى ئېتىراپ قىلدى. ئۇلارمۇشېڭ شىسەيگە تاقابىل تۇرالىغۇدەك كۈچى بولمىغانلىقتىن ئېغىزدا ئۈرۈمچى ھۆكۈمىتىگە تەۋە بولغانلىقلىرىنى ئېلان قىلدى.

لېكىن،شېڭ شىسەي، ھەرخىل ھىيلە ـ مىكىر ئىشلىتىپ، يوشۇرۇن سۇيىقەست پىلانلاپ، مەھمۇدسىجاڭ، يولۋاس بەگ ۋە شېرىپخانلارنىڭ مىللىي قۇۋۋەتلىرىنى ئاستا ـ ئاستا ئاجىزلاشتۇرۇش ۋە ئۆزىنىڭ تەسىرىنى كۈچەيتىش بىلەن ئۇلارنى يوقىتىش ئارقىلىق شەرقىي تۈركىستانىنىڭ پۈتۈن مىللىي كۈچلىرىنى ئۇجۇقتۇرۇۋېتىش پىلانىنى قۇرۇپ، پائالىيەتلىرىنى باشلىدى. شېڭ شىسەينىڭ مەھمۇد سىجاڭ ئۈچۈن قۇرغان ھىيلە ـ مىكرلىرىدىن بىرئازسۆزلەپ ئۆتىمەن:

شېڭ شىسەي ئالدى بىلەن مەھمۇد سىجاڭنىڭ قول ئاستىدىكى ئەسكىرىي مەنسەپدارلارنى بىردىن ـ ئىككىدىن ئۈرۈمچىگە چاقىردى. ئۇلارغا كۆپ مىقداردا پۇل ۋە يۇقىرى مەنسەپ بېرىشنى ۋەدە قىلىپ، مەھمۇد سىجاڭغا دۈشمەن قىلىشقا باشلىدى. بۇ ۋىجدانسىزلاردىن بىرقىسمى ئۈرۈمچىدىن كېلىپلا مەھمۇد سىجاڭغا سۇيىقەست پىلانلاپ، دۈشمەنلىك قىلىشقا باشلىدى. ئەمما، بەزى ۋەتەنپەرۋەر ھېسىياتى باركىشىلەرشېڭ شىسەيگە ئالدانماي مەھمۇد سىجاڭغا سادىق قالدى. بۇلاردىن باشقاشېڭ شىسەينىڭ يەنە مەھمۇد سىجاڭغا قارىتا ئېلىپ بارغان ئىككى يۈزلىمىلىك ۋە ھىيلىگەرلىك قىلمىشلىرى كۆپ.

مەھمۇد سىجاڭ ھىندىستانغا ھىجرەت قىلىش ئالدىدىكى ئۈچ يىلغا يېقىن بىر زاماندا ئۆز ئورنىنى ساقلاپ قالدى ۋە مۇمكىن قەدەر نۇپۇزىنى ئىشلىتىپ، قەشقەردە مىللىي مائارىپنىڭ راۋاجلىنىشى ۋە كوممۇنىستىك تەشۋىقاتىنىڭ راۋاج تاپماسلىقى ئۈچۈن تەقدىرلەشكە لايىق تارىخىي ئىشلارنى قىلدى.

شىڭ شىسەينىڭ يولۋاس بەگ ۋە شىرىپخانلارغا قارشى تۈزگەن ھىيلە - مىكىر ۋە يوشۇرۇن سۇيىقەستلىرىنىڭ تەپسىلاتلىرىنى بىلمەيمىز. ئەمما، مەھمۇد سىجاڭغا قىلغاندىن نەچچە ھەسسە كۆپ بولغانلىقى مەلۇم. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلارنىڭ ئىگەللەپ تۇرغان جوغراپىيىلىك ئورنىمۇ بۇنى تەستىقلەشكە كۇپايە قىلىدۇ.

ماخوسەن، شىڭشىسەي بىلەن ئاشكارا دۈشمەنلىشىپ تۇرۇۋاتقان بولسىمۇ شىڭ شىسەي ئۇنىڭغىمۇ ئەلچى ئەۋەتىپ، بىرلىشىشكە تەكلىپ قىلغان. دەسلەپتە ماخوسەن بۇ تەكلىپنى رەت قىلغاندى. لېكىن، كېيىنچە، روسلارغا سىغىنغان ماجۇڭيىڭ روسلارنىڭ قىستىشى بىلەن ماخوسەنگە خەت يېزىپ ۋە ئادەم ئەۋەتىپ، ئۇ تەكلىپنى قوبۇل قىلىشقا دەۋەت قىلدى. ماجۇڭيىڭ بۇ ۋاستە بىلەن روسلارنىڭ قولىدىن قوتۇلۇپ چىقىشنى ئۈمىد قىلغان بولسا كېرەك. ئاخىرى، ماخوسەن 1936 - يىلى 5 - يا 6 - ئايلاردا ئۈرۈمچى ھۆكۈمىتىگە بويسۇندىغانلىقىنى ئېلان قىلدى. شۇنىڭ بىلەن شىڭشىسەي، ماخوسەننى 36 - دىۋىزىيەنىڭ قوماندانى قىلىپ تەيىنلەپ، «سىجاڭ» ئۇنۋانى بىلەن خوتەننىڭ ھۆكۈمدارى دەپ تونۇدى.

ئارىدىن ئۈچ ئاي ئۆتكەندىن كېيىن، شىڭشىسەي خوتەنگە بىرچىنلىق كوممۇنىستنى دوتەي قىلىپ ئەۋەتتى. ماخوسەن، ماجۇڭيىڭنىڭ تەلىپى ئۈچۈن، بۇنىمۇ قوبۇل قىلىپ، مىلىك مەھەممەد نىياز ئەلەم ئاخۇنۇمنى دوتەيلىكتىن ئېلىۋېتىپ، مەزكۇر چىنلىقنى دوتەي قىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن، ئاستا- ئاستا روس بولشۇۋىك ھۆكۈمىتىنى تەقلىد قىلىپ، باشقا ۋىلايەتلەردە ئىجرا قىلىنىۋاتقان ئىشلارنى خوتەندىمۇ ئىجرا قىلىشقا باشلىدى. مەسىلەن، گ. پ. ئۇ(چىنچە بولەنجۈي) يەنى خەۋپسىزلىك ئىدارىسى ئىدارىسىنى قۇرۇپ، جاللاتلىق پائالىيەتلىرىنى باشلىدى. خەلقنىڭ بېشىدىكى تۈگىگان زۇلمىنىڭ ئۈستىگە يەنە بۇخىل زۇلۇم ۋە قىيىنچىلىقلار ياغدى. تىجارەت پۈتۈنلەي سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولۇپ، ھىندىستان ۋە ئافغانىستان بىلەن بولغان تىجارەت مەنئى قىلىندى.

ماخوسەن، ئۇن ئايغىچە تىرىشىپ باققان بولسىمۇ ماجۇڭيىڭنى روسلارنىڭ قولىدىن قوتقۇزالمىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ماخوسەن ئاستا - ئاستا شىڭشىسەيگە قىلغان يوقىرىقىدەك خوشامەتچىلىكلىرىنى تاشلاپ، دۈشمەنلىك قىلىشقا باشلىدى.

بۇئارىدا خوجىنىياز ھاجى ۋە شىڭشىسەي، مەھمۇد سىجاڭنى ھەدەپ ئۈرۈمچىگە كەل دەپ قىستاشقا باشلىدى. مەھمۇد سىجاڭ، بۇ چاقىرىشلارنىڭ ئۇنىڭ جېنىغا سۇيىقەست ئىكەنلىكىنى سېزىپ قالدى ۋە ھەرقېتىمدا بىر باھانە كۆرسىتىپ، ئۈرۈمچىگە بېرىشنى كەينىگە تارتىپ تۇردى. 1937 - يىلى ئەرتىيازدىن باشلاپ، قەشقەردە مەھمۇد سىجاڭ ھەرخىل بېسىمغا ئۇچرىغىلى باشلىدى. بۇ ۋەزىيەتتە مەھمۇد سىجاڭنىڭ ئالدىدا شۇ ئىككى يول قالغاندى. بىرى، ماخوسەن بىلەن بىرلىشىش ئىككىنچىسى چەت ئەلگە ھىجرەت قىلىش.

مەھمۇد سىجاڭنىڭ ماخوسەن بىلەن بىرلىشىپ، شىڭشىسەيگە قارشى ئۇرۇش قىلىشى ئۇڭاي ئىدى.

ئىككىسى بىرلىشىپ، شېڭشىسەيىنى مەغلۇب قىلىشمۇ مۇمكىن ئىدى. لېكىن،شېڭ شىسەيىنىڭ ئارقا تىرىكى بولغان كۈچلۈك دۆلەتنىڭ، شېڭشىسەيگە قولىدىن كېلىدىغان ياردەمنى ئايىمايدىغانلىقىنى مەھمۇد سىجاڭ ياخشى بىلەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ماخوسەن بىلەن بىرلىشىشنىڭ، يۇرتقا دەھشەتلىك قىرغىنچىلىق ئېلىپ كېلىدىغانلىقى جەزمەن ئىدى. شۇنىڭ بىلەن، مەھمۇد سىجاڭ ماخوسەن بىلەن بىرلىشىش يولىنى تاللىمىدى. 1937 ـ يىلى 4 ـ ئايدا، قەشقەر ۋە يەكەندىكى ئەسكەرلىرىگە ئەشەنچلىك كىشىلىرىنى تەيىن قىلىپ قويۇپ، دۈشمەنگە تۇيغۇزماستىن، ئۆزى ئازغىنە ئادەملىرى بىلەن يەركەن ـ كۆكيار يولى بىلەن ھىندىستانغا قاراپ ماڭدى.

مەھمۇد سىجاڭ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ قوماندانلىرىدىن ئابدۇنىياز بەگ، ماخۇسەن بىلەن بىرلىشىش كېلىشىمى ئىمزالاپ، 1937 ـ يىلى 4 ـ ئايدا، شېڭشىسەيگە قارشى ئۇرۇش ئېلان قىلىپ، يەركەننى قولغا ئالدى. ئۇندىن كېيىن، قەشقەر كونا شەھەرنى ئېلىپ، دۈشمەننى يېڭى شەھەرگە مۇھاسىرە قىلدى. يېتىپ كېلىۋاتقان كوممۇنىست خەتىرىنى ۋە قانلىق قىرغىنچىلىقلارنى ئۆز كۆزى بىللەن كۆرگەن خەلق بۇ ئۇرۇشقا ناھايىتى قىزغىنلىق ۋە پىداكارلىق بىلەن قاتناشتى. ماخۇسەن ئابدۇنىياز بەگنى تۈرك ئەسكەرلىرى بىلەن مارالبېشىغا يوللاپ، ئۆزى تۇڭگان ئەسكەرلىرى بىلەن يېڭى شەھەرنى مۇھاسىرە قىلدى.

ماخوسەن قاتتىق تۇرۇپ، شىددەت بىلەن مۇھاسىرە قىلغان بولسا يېڭى شەھەرنى ئېلىشى مۇمكىن ئىدى. چۈنكى، قەشقەرگە ۋالىي ۋە قوماندان بولغان چىنلىق ئۇرۇمچىگە قېچىپ كەتكەنىدى. يېڭى شەھەردىكى كۈچمۇ ئاز ئىدى. لېكىن، ئاچكۆز تۇڭگان قوماندانلىرى دۈشمەندىن كۆپ مىقداردا پارا ئېلىپ، ماخوسەننىڭ يېڭى شەھەرنى ئېلىش ئۈچۈن ئېلىپ بارىدىغان پائالىيەتلىرىگە ھەرخىل باھانىلارنى ئۇيدۇرۇپ چىقىپ، توسقۇنلۇق قىلدى. ئەمما، ئابدۇنىياز بەگ بولسا، بارغانلا جايدا دۈشمەننى مەغلۇپ قىلىپ، ئاقسۇ ۋە كۇچانى قولغا ئالدى ۋە قارا شەھەرگە يېتىپ كەلدى.

قەشقەر يېڭى شەھەردە ئۇرۇش داۋام قىلىۋاتقانلىقى، شېڭشىسەينىڭ ئارقا تىرىكى بولغان دۈشمەنگە دەلىل بولۇپ بەردى. ئۇلار« بىزگە چىن ھۆكۈمىتىدىن رۇخسەت كەلدى. قەشقەرنىڭ تېچلىقىنى قوغداشقا ياردەم بېرىمىز» دەپ، 1937 ـ يىلى 8 ـ ئايدا، قاراقول تەرىپىدىن بىدىل داۋىنى ئارقىلىق روس، قازاق ۋە قىرغىزدىن تەركىپ تاپقان 5000 كىشىلىك قوشۇن شەرقىي تۈركىستانغا كىردى. ئۇلار ئۈچتۇرپان ۋە ئاقسۇغا كىرمەستىن يامانسۇغا كېلىپ، باشقا بىر يولدىن مارالبېشىغا كەلدى. ئۇندىن باشقا يەنە ئارتېبىشى يولىدىن 200 ماشىنا بىلەن روس ئەسكەرلىرى ئاتۇشقا كىردى. نەتىجىدە، ماخوسەن بىلەن ئابدۇنىياز بەگنىڭ ئارىسى ئۈزۈلۈپ قالدى. روس ئايروپىلانلىرى قەشقەر ئۈستىدە ئۈچۈپ يۈرۈپ، بەزى يەرلەرگە تەشۋىق ۋەرەقىسى بەزى يەرلەرگە بومبا تاشلىدى. بۇنى كۆرگەن ماخوسەن ئەسكەرلىرى بىلەن ئالاقزادە بولۇپ قېچىپ، يېڭىسارغا كەلدى. ئايروپىلان

يېڭىسارنىمۇ بومباردىمان قىلىپ، خەلق ۋە تۈڭگانلاردىن بىرقانچىسىنى ئۆلتۈردى. ماخوسەن ئۈيەردىن قېچىپ، يەركەنگىمۇ بارالماي تاغ يولى بىلەن ھىندىستانغا قاچتى. ماخوسەن 1937 - يىلى 9 - ئايدا لاداخقا كەلدى ۋە 3 - 4 كۈن كېيىن، مىلىك مەھەممەد نىياز ئەلەم ئاخۇنمۇ لاداخقا كەلدى.

ئابدۇنىياز بەگ كۈچا ئەتراپىدا دۈشمەنگە قارشى شىددەتلىك ئۇرۇشتىن قىلدى. ئاخىرىدا مەغلۇپ بولدى ۋە ئەسكەرلىرى چېچىلىپ كەتتى. بۇمىللىي قەھرىمانىنىڭ ئاقىۋىتى ھەققىدە بۇگۈنگىچە ھېچ بىر خەۋەرچىقمىدى. ماخوسەنگە ئەگىشىپ، ھىندىستانغا قاچقانلاردىن باشقا تۈڭگانلارخوتەنگە قاچتى. 1937 - يىلى، شىڭ شىسەي ئەسكەرلىرى خوتەنگە يۈرۈش قىلىپ، تۈڭگانلارنى ئۇچرىغان يەردە ھاۋادىن بومبا تاشلاپ، يەردىن پىيادە قىسىملىرى قوغلاپ يۈرۈپ، پاچىئەلىك شەكىلدە قىرغىن قىلدى. ئېشىپ قالغان ئاز بىرقىسمى چارقىلىق يولى بىلەن گەنسۇغا قاچتى. ئۇلارمۇ پايانسىز چۆلدە سۇسىزلىقتىن ئۆلدى. بەلكى يۈزدىن بىرسى گەنسۇغا بارالىغان بولۇشى مۇمكىن. شۇنىڭ بىلەن 1937 - يىلى 10 - ئايدا پۈتۈن ئالتە شەھەر شىڭ شىسەينىڭ ئىستىلاسى ئاستىدا قالدى.

ئابدۇنىياز بەگ بىلەن ماخوسەن بىرلىشىپ، شىڭ شىسەيگە قارشى قوزغالغان كۈنلەردە، شىڭ - شىسەي ۋە ئۇنىڭ مۇئاۋىنى (فوجۇشى) خوجىنىيازھاجى ، شەرقىي تۈركىستاندىكى پۈتۈن مىللىي كۈچلەرنى يوقىتىشنى قارار قىلىپ، ئالتايدىكى شېرىپ خان ۋە قۇمۇلدىكى يولۋاس بەگلەرنى ئەسكىرىي كۈچ بىلەن مەغلۇپ قىلىپ، ئالتاي ۋە قۇمۇلنى ئىشغال قىلدى. ئەپسۇسكى، بۇجەرياندىكى ۋەقەلەرنىڭ تەپسىلاتى ھەققىدە مەلۇماتىمىز يوق.

يولۋاس بەگ 5 - ئايدا بىرقىسىم ئادەملىرىنى ئېلىپ، قومۇلنىڭ شەرقىدىكى خوتونتام دېگەن جايغا كەلگەن. 6 - 7- ئايلاردا ئۇيەردىن قېچىپ، چىڭخەيگە بارغان. چىڭخەيدە ئىككى ئاي تۇرۇپ ئۇ يەردىن خاڭكۇغا بېرىپ، چىن باشقۇماندانى جياڭكەيشى بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭ قىرغىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشكەن. يولۋاس بەگ ھازىر چۇڭچىڭدا ئىتىبارلىق ھايات كەچۈرمەكتە. شېرىپ خاننىڭ ئاقىۋىتىدىن خەۋىرىم يوق. ئالتايدىكى مىللىي ئىنقىلابچى قازاق رەھبەرلىرىدىن ئېلىسخان، ئادى بەگ ۋە زايىف بەگلەر 645 ئۆيلۈك ئادىمى بىلەن ئالتايدىن قېچىپ، غەربىي موغۇلىستان بىلەن يۈرۈپ،گەنسۇنىڭ يۇرخۇن تېغىدىكى يايلاقلارغا بېرىپ يەرلەشتى.

22 - پەسىل

## شەرقىي تۈركىستان مىللىي ئىنقىلابچىلىرىنىڭ
## ھەربىي ۋە سىياسى ئەھۋالى

شەرقىي تۈركىستان مىللىي ئىنقىلاب رەھبەرلىرى ۋە ئۇلارنىڭ قول ئاستىدىكى قوماندانلىرى ئىچىدە زامانىۋى ھەربىي تەلىم - تەربىيە كۆرگەن ۋە ئۇرۇش تەجرىبىسى بار كىشىلەر يوقتى.

بۇسەۋەپتىن ئەسكەرلەرنىڭمۇ ئۇرۇش تەلىماتى ياكى تەجرىبىسىدىن خەۋەردار ئەمەسلىكى تەبىئىي ئەھۋال. شۇنداق بولسىمۇ مىللىي ئىنقىلابچىلارنىڭ ھەربىي جەھەتتە بىر- بىرىدىن كۆپ پەرقلىرى بار ئىدى. تۆۋەندە بۇ پەرقلەرنى قىسقىچە سۆزلەپ ئۆتىمەن:

خوجىنىيازھاجى ئەسكەرلىرى ئىچىدە مەيلى بۇرۇن بولسۇن مەيلى كېيىنكى مەزگىلدە بولسۇن ھېچ قانداق قانۇن ۋە تەرتىپ ـ ئىنتىزام يولغا قويىلمىغانىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئەسكەرلىرى ھەربىي تەلىم ئالغان مۇنتىزىم تۇڭگان ئەسكەرلىرى ئالدىدا كۆپىنچە مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى.

خوجىنىياز ھاجى، قۇمۇل تاغلىرىدىكى ۋاقىتدا چىن ئەسكەرلىرى بىلەن مۇۋەپپەقىيەتلىك مۇداپىئە ئۇرۇشى ئېلىپ بېرىپ، شەرقىي تۈركىستاندا شۆھرەت تاپتى. چۈنكى، ئۇ يەردىكى ئەسكەرلەرنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى تاغلىق رايۇننىڭ ئويمان ـ چۇڭقۇرنى ياخشى بىلىدىغان ئوۋچىلاردىن تەركىپ تاپقانىدى. دۈشمەن ئۇجايلارنىڭ يەر شارائىتى ۋە باشقا ئەمەلى ئەھۋالىدىن تامامەن خەۋەرسىز ئىدى. خوجىنىيازھاجى تاغلىق رايوننىڭ تەبىئىي ئىستىھكاملىق شارائىتىدىن پايدىلىنىپ، كەلگەن دۈشمەننى تاغ ۋە ئورمان ئارىسىدىن ئۇشتۇمتۇت ئوقىا تۇتۇپ، تاغ جىلغىلىرىدا ۋە جاڭگال باياۋانلاردا ئېزىقتۇرۇپ يۈرۈپ، غەيرى مۇنتىزىم باسقۇنلار بىلەن مەغلۇپ قىلغانىدى. بۇغەلىبىلەر ئەسكەرلەرنىڭ مەنئۇي كەيپىياتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، دۈشمەنگە دەھشەت سالغانىدى. مانا بۇ روھ بىلەن تۈرپان ۋە جىمسار ئۇرۇشلىرىدا دۈشمەننى مەغلۇپ قىلدى. كېيىنچە، ئەسكەرلەر ئىنتىزامسىزلىقى تۈپەيلىدىن، ھەربىي تەلىم ـ تەربىيە كۆرگەن مۇنتىزىم دۈشمەن قوشۇنلىرى ئالدىدا بۆرىنىڭ ئالدىدىكى قويدەك ئاجىز بولۇپ قالدى. ئەمما، خوجىنىيازھاجى بۇ تەجرىبىلەردىن ساۋاق ئالمىدى ۋە ئەسكەرلەرنى تەرتىپ ئىنتىزام ئاستىغا ئېلىش پىكىرىنى قوبۇل قىلمىدى. ئەگەر، بۇ پىكىرنى قوبۇل قىلىپ، ئەسكەرلىرىنى تەرتىپ ـ ئىنتىزامغا كىرگۈزگەن بولسا ئىدى ئۇلار ھەرقانداق دۈشمەننى مەغلۇپ قىلالىغىدەك ئىمكانىيەتكە ئىگە ئىدى. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئاتلىق بولۇپ، قوللىرىدا زامانىۋىي مىلتىق ۋە بىرقانچە پىلىموت بارئىدى. ئوق ـ دورىلىرىمۇ ئاز ئەمەستى ۋە سان جەھەتتىمۇ دۈشمەنلىرىنىڭكىدىن ئاز ئەمەستى. قارا يۇلغۇن ئۇرۇشىدىن قېچىپ، خوتەنگە كەلگەن خوجىنىياز ھاجىنىڭ قوماندانلىرىدىن بىرسى بۇ ئەھۋالدىن شىكايەت قىلىپ، ماڭا مۇنداق دېگەن: «بىز قارا يۇلغۇن ئۇرۇشىدا تۇڭگانلار بىلەن 18 قېتىم ئۇرۇشتۇق ۋە ھەممىسىدە مەغلۇپ بولۇپ قاچتۇق. پەقەت، قاراشەھەر ئۇششاقتال ئۇرۇشىدا غەلىبە قىلدۇق. بۇغالىبىيەتنىڭ سەۋەبى، ئىككى تەرەپتىن كەلگەن دۈشمەن قورشاۋىدا قېلىپ، بەكرەك غەيرەت قىلىشقا مەجبۇر بولغانلىقىمىز ئىدى».

خوجىنىيازھاجى، ئەسكەرگە، قوماندانلىرىغا ۋە ھۆكۈمەتنىڭ باشقا خادىملىرىغا مۇنتىزىم ئايلىق بەرمەيتتى. پەقەت بەزىدە ئۆلگۈچە بىرمىقدار پۇل بېرەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئەسكەرلەر خەلقتىن ئېلىپ، ياكى قورالىرىنى سېتىپ جان باقاتتى. بۇجىنايىتى ئۈچۈن، ئەسكەرلەرجازالانمايتتى. مانا، بۇ

ئەھۋاللار ئەسكەرلەر ئىچىدىكى ئىنتىزامسىزلىقتىن باشقا ئۇلارنىڭ مەنىۋىي ۋە ئەخلاقىي جەھەتتىن بۇزۇلۇشىغا ۋە خەلقنىڭ بۇ ئەسكەرلەردىن يىراقلىشىشىغا سەۋەپ بولدى.

خوتەن ھۆكۈمىتىنىڭ قوماندانلىرىمۇ خوجىنىياز ھاجىنىڭكىگە ئوخشاش ئەسكىرىي تەلىم - تەربىيە ئالمىغان كىشىلەردىن ئىدى. ئەمما، خوتەن ھۆكۈمىتى ئىنقىلابىنىڭ باشلىنىشىدىن تارتىپ، ئەسكەرلىرىنى مۇمكىنقەدەر توغرا بىر ھەربىي تەرتىپ - ئىنتىزام ئاستىغا ئېلىش ۋە خەلقنىڭ ئاسايىشىغا دەخلى قىلماسلىق ئۈچۈن، ئەسكەر ۋە قوماندانلارنىڭ مۇنتىزىم بىرقانۇنغا رىئايە قىلىشىغا كۆپ ئەھمىيەت بەرگەنىدى. بۇلارنىڭ نەتىجىسىدە خوتەن ئەسكەرلىرى شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئەڭ ئىنتىزامچان، ئىتائەتكار ۋە قانۇن ئىنتىزامغا رىئايە قىلىدىغان ئەسكەرلىرى بولۇپ قالدى. كېيىنچە ھەربىي تەلىم - تەربىيە كۆرگەن بەزى كىشىلەرنى تېپىپ، خوتەن ئەسكەرلىرىنى تەربىيەلەشكە مەسئۇل قىلغانىدۇق. بۇنىڭ بىلەن خوتەن قىسىملىرى ئەسكىرىي تۈزۈم جەھەتتىن خېلى تەرەققىي قىلدى. نەتىجىدە، خوتەن ئەسكەرلىرى ئۇرۇش مەيدانلىرىدا ئەڭ كۆپ پائالىيەت كۆرسىتىدىغان قىسىم بولدى. لېكىن، خوتەن ئەسكەرلىرىنىڭ ئىنتىزام تەربىيىسى جەھەتتە ئارتۇقچىلىقى بولسىمۇ مۇنداق ئىككى ئېغىر يېتەرسىزلىكى بار ئىدى. 1 - قوماندانلىرىنىڭ ھەممىسى زامانغا لايىق ئۇرۇش تەجرىبىسى يوق بولۇپ، پەقەت ئۇرۇشلاردا غەيرەت كۆرسىتىدىغان كىشىلەردىن ئىبارەت ئىدى. 2 - خوتەن ئەسكەرلىرىنىڭ قولىدىكى قورال باشقا مىللىي ئىنقىلابچىلارنىڭكىدىن ناچار ئىدى. 12000 كىشىلىك خوتەن قوشۇنىنىڭ قولىدا ئاران 1000 دانە مىلتىق بار ئىدى. ئوق - دورا ۋە باشقا ئەسكىرىي لاۋازىمانلىرىمۇ يوق دېگۈدەك ئاز ئىدى. مۇتلەق كۆپچىلىك ئەسكەر قىلىچ، نەيزە ۋە چوماق بىلەن قوراللانغانىدى. مانا، مۇشۇنداق، زاماننىڭ ئەڭ ناچار قورالى بىلەن قوراللانغان ئەسكەرلەرنىڭ زامانىمىزدىكى «ئىستىھكام ئۇرۇش» نىغا تاقابىل تۇرۇشقا ئاجىزلىق قىلىشى تەبىئىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، خوتەن ئەسكەرلىرىنىڭ ئېلىپ بارغان ئۇرۇشلىرى دائىم ھۇجۇم ۋە باسقۇن شەكلىدە بولاتتى. قارشىسىدىكى دۈشمەن بولسا، ئەڭ يېڭى مىلتىق، پىلىمۇت ۋە زامانىۋىي توپلار بىلەن قوراللانغانىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، مەيلى غالىبىيەتتە بولسۇن ۋەيا مەغلۇبىيەتتە بولسۇن ئۇرۇشتا دۈشمەندىن زىيادە چىقىمغا ئۇچرايتتى. خوتەن ئەسكەرلىرى پىيادە، ئاتلىق ۋە توپچىدىن ئىبارەت ئۈچ قىسىمدىن تەركىپ تاپقانىدى. بىزنىڭ 20 دانە توپىمىز بار ئىدى. بۇلاردىن ئاران ئىككىسى زامانىۋىي توپ، قالغانلىرى هارۋاچاقلىرىغا بېكىتىلگەن قەدىمكى زاماننىڭ مىس ۋە چويۇن توپلىرىدىن ئىدى.

قىسقىسى، خوتەن ئەسكەرلىرىنىڭ لوپ كۆلى ۋە چىڭخەي چېگرىسىدىن باشلاپ، قەشقەر چېگرىسىغىچە بولغان جايلاردا قولغا كەلتۈرگەن پەتھلىرى ئۇلارنىڭ ئىنتىزامچانلىقى، ئالغان تەربىيىسى ۋە غەيرىتىنىڭ نەتىجىسى بولغىنىدەك، ئۇلارنىڭ مەغلۇبىيىتى قورال يېتەرسىزلىكىدىن، قوماندانلىرىنىڭ تەجرىبىسىز ۋە زامانىۋىي ھەربىي ئىلىمدىن خەۋەرسىز بولغانلىقلىرىدىن كېلىپ چىقتى.

تۆمۈرسىجاڭنىڭ ئەسكەرلىرى، تۇڭگانلاردىن بىر ئاز ئەسكىرىي تەلىم - تەربىيە ئالغان بولسىمۇ، ئىنتىزامسىزلىقتا خوجىنىياز ھاجىنىڭ ئەسكەرلىرى بىلەن ئوخشاش ئىدى. قىرغىز ۋە ئۆزبېك ئەسكەرلىرى دۇنيا ئۇمۇمىي ئۇرۇشىدىن كېيىنكى پەرغانە «باسمىچىلىرى» نىڭ يولىدا بولۇپ، تەرتىپسىز تويۇقسىز ھۇجۇم ۋە «ئۇر - قاچ» تا بىر ئاز ئۇستا بولسىمۇ، مەيدان ئۇرۇشى ۋە مۇھاسىرە ئىشلىرىدا كارغا كەلمەيتتى. ئالتايدىكى قازاق ئىنقىلابچىلىرى، ئەسكەرلىرى ۋە قومۇل ئەسكەرلىرىنىڭ ئەھۋالىدىن مەلۇماتىمىز يوق. ئەمما، ئۇلارنىڭمۇ مەيلى قوماندانلىرى بولسۇن، مەيلى ئەسكەرلىرى بولسۇن، زامانىۋىي ھەربىي تەلىم - تەربىيە كۆرمىگەنلىكتىن ئۇلارنىڭ كۈچىمۇ، دۈشمەن كۈچىدىن تۆۋەن ئىكەنلىكىنى بىلىمىز.

شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلابچىلىرىنىڭ ئەسكىرىي جەھەتتىكى ئەھۋالى مانا، بۇ سۈرەتتە ئىدى. ئەمما، ئۇلارنىڭ دۈشمىنى بولغان چىنلىقلار ۋە تۇڭگانلارنىڭ قوماندانلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك چىندە ھەربىي تەلىم - تەربىيە ئالغان ۋە ئۇرۇش تەجرىبىسى باركىشلەر ئىدى. ئەسكەرلىرىنى قاتتىق ئىنتىزام بىلەن تەربىيلەيتتى. قوراللىرىمۇ پۈتۈن مىللىي ئىنقىلابچىلارنىڭكىدىن مۇكەممەل ئىدى.

## ئىچكى سىياسى ۋەزىيەت

خوجىنىياز ھاجى ۋە مەھمۇد سىجاڭلارنىڭ ئىچكى سىياستى ئىنتايىن خاتا ئاساسقا قورۇلغانىدى. چۈنكى، ئۇلار ئىنقىلابنىڭ ئەسلى مەقستى بولغان خەلقنىڭ ئاسايىشغا ئەھمىيەت بەرمەيتتى. مالىيە، مائارىپ ۋە ئەدلىيە ئىشلىرىنى ئۇرۇنلاشتۇرۇش ئۇسۇللىرىدىن پۈتۈنلەي خەۋەرسىز ئىدى. ئەسكەر لاۋازىماتى، ئوزۇق - تۈلۈك ۋە باشقا نەرسىلەر ئۈچۈن، دۆلەت خەزىنىسىدىن پۇل چىقىرىپ چىقىم قىلىدىغان ئىش يوقتى. بۇلارنىڭ ھەممىسى خەلقتىن ئېلىنغان ئالۋاڭ - سېلىق يولى بىلەن قامدىلاتتى.

خوجىنىياز ھاجىنىڭ ئىچكى سىياستىدىكى ئەڭ يامان تەرىپى، شەرقىي تۈركىستاندىكى ھەر قانداق ئىمتىياز ۋە خىزمەتلەرنىڭ ھەممىسىنى، لايىق بولسۇن بولمىسۇن ھەممىسىنى قۇمۇللۇق ۋە تۇرپانلىقلارغا بېرىش بىلەن باشقا ئىنقىلابچىلارنى ئاستا - ئاستا سىقىپ چىقىرىش يولىنى تۇتقانلىقى ئىدى. خوجىنىيازھاجى بۇ سىياستىنى مۇمكىنقەدەر مەخپىي تۇتۇشقا تىرىشقان بولسىمۇ ئۇنىڭدا داھىلىك سۈپەت بولمىغانلىقتىن بۇسىرىنى دەرھاللا خەلققە بىلدۈرۈپ قويغانىدى. خوجىنىياز ھاجى تەرىپىدىن يۇرتقا تەيىن قىلىنغان ھاكىم ۋە ۋالىلارغا ھېچقانداق خىزمەت نىزامنامىسى ياكى رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك قانۇن يوقتى. ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسى پەقەت، خەلقتىن ئالۋاڭ - سېلىق ۋە ئوزۇق - تۈلۈك يىغىپ، خوجىنىياز ھاجىغا بېرىشتىن ئىبارەت ئىدى. ھەرقايىسى ئۆز ئالدىغا ياكى بۇرۇنقى چىنلىق مەنسەپدارلارنىڭ يولى بىلەن ئىش ئېلىپ باراتتى.

خوتەن ھۆكۈمىتى ئىچكى سىياسەتتە خېلى ياخشى ۋە تەقدىرلەشكە ئەرزىيدىغان يول تۇتقانىدى.

ھەممىدىن بۇرۇن خەلقنىڭ ئاسايىشىغا ئەھمىيەت بېرەتتى. ئەسكەر ۋە مەمۇرىي خادىملىرىغا يېتەرلىك مىقداردا مۇنتىزىم ئايلىق بېرىلەتتى. ئەسكىرىي لاۋازىماتنى ۋە باشقا لازىملىق نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى بازار باھاسىدا سېتىپ ئالاتتى. پەقەت ھۆكۈمەت مەجبۇر بولۇپ قېلىپ، بىر ئىككى قېتىم ئات ـ ئۇلاغنىڭ يەم خەشكىنى خەلقتىن مۇۋاپىق قانۇن ئاساسىدا يىغىۋالغانىدى. خەزىنە ئىقتىسادى يېتىشمەي قالغاندا يۇرتتىكى بايلاردىن قەرز ئېلىپ، بۇ قەرزنى ئۆز ۋاقتىدا تۆلىگەنىدى. يۇرتتىكى مالىيە ئىشلىرى ئادالەتلىك بىلەن يۈرگۈزۈلۈپ، مۇمكىن بولغان ھەر شەھەردە بىردىن مەكتەپ ئېچىپ، مائارىپ ئىشلىرىنىمۇ ئوبدان يولغا قويغانىدى. ئەدلىيە ئىشلىرىنى ئىسلامىي شەرىئەتكە ئۇيغۇن قىلىپ ئېلىپ باردى. ۋالىي ۋە ھاكىملارغا قانۇننامە(قوللانما) تارقىتىپ بېرىلىپ، خىزمەتلىرىدە بۇنىڭغا ئەمەل قىلىش تەلەپ قىلىندى. بۇلارنىڭ خىزمەتلىرىنى ھەردائىم ئاشكارە ۋە مەخپىي ھالدا تەكشۈرۈپ تۇردى. شۇنىڭ ئۈچۈن، باشقا ۋىلايەت خەلقلىرى خوتەنگە تەۋە بولۇش ئارزۇلىرىنى بىلدۈرمەكتە ئىدى. العيازبالله[120] بۇ سۆزلەر، خوتەن ھۆكۈمىتىنى دۇنياغا ياخشى كۆرسىتىش ئۈچۈن قىلىنغان سۆزلەر ئەمەس، بەلكى، ھەقىقەتنى سۆزلەشتىن ئىبارەت تارىخچىلىق ۋەزىپىسىنى ئورۇنلاشتۇر. بۇ ۋەقەلەرنى ۋە شۇچاغدىكى ۋەزىيەتنى بىلىدىغان ۋەتەنداشلار بۈگۈن دۇنيانىڭ ھەر يېرىدە بار. ھەقىقەتنى سۆزلەش ھەر ۋىجدانلىق كىشىنىڭ ئىختىيارىدىكى بىر ئەركىنلىكتۇر.

## تاشقى سىياسى ۋەزىيەت

تاشقى سىياسەت مەسىلىسىدە، مىللىي ئىنقىلابچىلار ئارىسىدا خېلى چوڭ ئىختىلاپ بارئىدى. چۈنكى، خوجىنىيازھاجى ۋە مەھمۇد سىجاڭلار، ئۆزلىرىنى ھەددىدىن ئۇشۇق دەرىجىدە چىن ھۆكۈمىتىگە تەۋە قىلىپ كۆرسەتمەكتە ئىدى. پۈتۈن ئەسكىرىي ۋە مەمۇرىي مەنسەپدارلىرىنىڭ ئىسمى چىنچە ئىدى. ئۇلارنىڭ بايرىقىمۇ چىن بايرىقى ئىدى. يەر بېجى ۋە تىجارەت بېجى قاتارلىق باجلارنىڭ ھەممىسى بۇرۇنقى چىن ئۇسۇلىدا ئېلىناتتى. ئىنقىلاب غەلىبە قىلغان چاغدىمۇ، شەرقىي تۈركىستاننى چىن ھۆكۈمىتىنىڭ مەمۇرلىرى سۈپىتىدە باشقۇرىدىغانلىقلىرىنى ئېلان قىلماقتا ئىدى. خوجىنىياز ھاجى چەت دۆلەتلەردىن پەقەت سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەنلا مۇناسىۋەت ئورنىتىش ۋە ئۇ دۆلەت تەلەپ قىلغان پۈتۈن ئىمتىيازلارنى بېرىپ، ئۇنىڭدىن قورال ۋە باشقا كېرەكلىك نەرسىلەرنى ئېلىش سىياستىنى قوللانغانىدى. باشقا ئىنقىلابچىلار ئۇنىڭ بۇ سىياستىگە قارشى چىققاندا، ئۇ: « بۇ سىياستىمىز ۋاقىتلىق بىرسىياسەت. ھازىرچە قورالغا ئېھتىياجىمىز بار. شوڭا روسلار نېمە دېسە ماقۇل دەپ قوبۇل قىلىمىز. ئىنقىلابىمىزغەلىبە قىلغاندىن كېيىن، روسلارغا بەرگەن ئىمتىيازلارنى ئەمەلدىن قالدۇرىمىز» دېگەنگە ئوخشاش مەنتىقسىز دەلىللەرنى كۆرسەتەتتى.

120 العيازبالله ـ ئەرەبچە «ئاللاھتىن پانا تىلەيمەن» دېگەن سۆز. ئۇيغۇرچىدا «خۇدا ساقلىسۇن!» مەنىسىدە(ن. ش.ھ.).

خوتەن ھۆكۈمىتى، ئىنقىلاب غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، چىن ھۆكۈمىتى بىلەن سىياسىي يول ئارقىلىق شەرقىي تۈركىستاننىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەش تەرەپتارى ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، پۈتۈن ئەسكىرىي ۋە مەمۇرىي ئىدارە تەشكىلاتىنى تولۇق مىللىيلەشتۈرۈپ، يېڭىدىن تەرتىپكە سېلىش پىكرىدە چىڭ تۇرغاندى ۋە مۇمكىن قەدەر بۇ پىكرىنى ئەمەلىيلەشتۈردى. چەت دۆلەتلەردىن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا كۆز تىكىپ تۇرغانلىقى پۈتۈن دۇنياغا مەلۇم بولغان بىر ھەقىقەت ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، خوتەن ھۆكۈمىتى مەزكۇر دۆلەت بىلەن بۇرۇندىن مەۋجۇد بولۇپ كەلگەن تىجارىي مۇناسىۋەتنىلا بۇرۇنقى شەكلى بىلەن تۇتقاندىن باشقا يەنە ئىمتىياز بېرىلگەندە، ئۇ شەرقىي تۈركىستانغا ئىرنىقنى تېخىمۇ چوڭقۇر پاتۇرۇۋالىدۇ، دېگەن كۆز قاراشتا ئىدى.

ئەنگلىيە ۋە ئافغانىستان دۆلەتلىرى شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىدە پۈتۈنلەي بىتەرەپلىك سىياسىتىنى تۇتقان بولسىمۇ بۇ دۆلەتلەرنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىن ھېچبىر تاماسى يوقتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، خوتەن ھۆكۈمىتى بۇ ئىككى دۆلەت بىلەن ياخشى مۇناسىۋەت پەيدا قىلىش ۋە كېيىنچە بولسىمۇ بۇلاردىن پايدىلىنىشنىڭ ھېچبىر زىيىنى يوق دەپ قارايتتى.

خۇلاسە قىلىپ ئېيتقاندا، بىرمەملىكەتتە قوزغالغان مىللىي ئىنقىلابنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى ئۈچۈن زورۇر بولغان ئەڭ مۇھىم ئامىل، ئىنقىلاب يولباشچىلىرىنىڭ ئەسكىرىي ئىشلارنى، ئىچكى ۋە تاشقى سىياسەتلىرىنى توغرا بىرئاساس ئۈستىگە بەرپا قىلىشلىرىدىن ئىبارەت.

شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلابىنىڭ بۇجەھەتتىكى ئەمەلىي ئەھۋالى يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتۈلدى. ھەرقانداق بىر كىشى بىتەرەپ ۋە ھەققانىي مەيداندا تۇرۇپ، شەرقىي تۈركىستان مىللىي ئىنقىلابىنى، ئۇنىڭ يولباشچىلىرىنى ۋە ئىنقىلابنىڭ ئاخىرقى يامان ئاقىبىتىنىڭ سەۋەبلىرى ھەققىدىكى باھا، تەھلىل ۋە كۆزقاراشلىرىنى يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتۈلگەنلەر ئۈستىگە ئورۇنلاشتۇرسا، ئۆزجايىنى تاپقان بولىدۇ.

23 ـ پەسىل

## شېڭشىسەي ھۆكۈمىتىنىڭ

## ماھىيىتى

شېڭ شىسەينىڭ ھازىر شەرقىي تۈركىستاندا يۈرگۈزۈۋاتقان ھۆكۈمىتىنىڭ ماھىيىتى پۈتۈن دۇنياغا مەلۇم. لېكىن، ئۇنىڭ رەسمىي بىرچىن ئەمەلدارى ئىكەنلىكىگە قاراپ ياكى ئۇنىڭ تەشۋىقاتلىرىغا ئالدىنىپ، ئۇنىڭ ھاكىمىيەت ئۇسۇلى ۋە ماھىيىتىنى چۈشەنمىگەن كىشىلەرنىمۇ كۆرۈۋاتىمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇھەقتە بىرئاز توختىلىپ ئۆتۈشنى لازىم كۆردۈم:

شېڭ شىسەي ھۆكۈمەتنى قولغا ئالغان كۈندىن باشلاپ، ئاستا ـ ئاستا پۈتۈن ئىدارىي ئىشلارنى سوۋېت ئۇسۇلى بويىچە يۈرگۈزگىلى باشلىدى. سوۋېتلار ئۇنىڭ بۇخىزمىتى بەدىلىگە ئۇنىڭغا قورال ـ

ياراغ، ئايروپىلان، ئەسكەر ۋە باشقا مۇھىم ئەسكىرىي لاۋازىماتلارنى بەردى. شېڭ شىسەي، بۇ ياردەملەر بىلەن شەرقىي تۈركىستان مىللىي ئىنقىلابچىلىرىنى بېسىقتۇردى ۋە يۇرتنى بېسىۋالدى. مەمۇرىي، ئەسكىرىي ۋە ئىقتىسادىي ئىشلارنى كوممۇنىستىك تۈزۈم بويىچە ئېلىپ بېرىش ۋە بۇنىڭ ۋاستىسى بىلەن شەرقىي تۈركىستاننى بىر روس مۇستەملىكىسىگە ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن نۇرغۇن «مەسلىھەتچى» لەرنى ئېلىپ كەلدى. مىڭلارچە روس ئەسكەرلىرىگە چىنچە ئەسكىرىي كىيىم كىيدۈرۈپ، شەھەرلەرگە ئورۇنلاشتۇردى. خەلقنى ھەرخىل تۆھمەت بىلەن قارىلاپ ئۆلتۈردى ۋە تۈرمىگە سالدى. بۇنىڭ بىلەن خەلقنى روھىي جەھەتتە ۋەيران قىلدى ئىنساننىڭ تەبىئىي ھەققى بولغان دىن ئەركىنلىكى، پىكىر ئەركىنلىكى، تىجارەت ۋە سانائەتتىكى ئەركىنلىكى، ساياھەت ئەركىنلىكى ۋە ئۆلتۈراقلىشىش ئەركىنلىكى قاتارلىق ھەقلىرىنى يوقىتىپ، كوممۇنىزمنىڭ ئاسارەت زەنجىرىگە باغلىدى.

پۈتۈن شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى روس بولشېۋىكلىرىنىڭ تۈركىستان خەلقىنى بۆلۈپ تاشلىغان تۈرك دۈشمەنلىك سىياستى بويىچە «ئون تۆت مىللەت» كە ئايرىشقا كىرىشتى. بۇ ئۇيدۇرما « ئون تۆت مىللەت» دېگىنى، كۆچمەن بۇتپەرەست چىنلىقلار، كۆچمەن مۇسۇلمان چىن( تۇڭگان) لار ۋە روسيە دىن كەلگەن روس كوچمەنلىرىدىن ئىبارەت ئەڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر بىلەن پۈتۈن شەرقىي تۈركىستاندىكى بىرتۈرك مىللىتى بولغان خەلقلەرگە ھېچ تۈنۈش بولمىغان باشقا 11 نام ئۇيدۇرۇپ، قۇراشتۇرۇپ ياساپ چىققان مىللەتلەردىن ئىبارەت. بۇ ئۇيدۇرما « ئون تۆت مىللەت» نىڭ ھەر بىرى ئۈچۈن زورلاپ، سوۋېت ئىتتىپاقىدىكىگە ئوخشاش تاتارچە «ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى» دېگەن تەشكىلاتلارنى قۇرۇپ چىقتى. بۇنىڭدىن مەقستى، شەرقىي تۈركىستاندا قەدىمدىن بىرتوغقان ۋە بىرمىللەت بولۇپ، ناھايىتى ئىناق ۋە بىرلىكتە ياشاپ كەلگەن تۈرك مىللىتىنى باشقا ـ باشقا يول ۋە مەپكۇرەگە باشلاش بىلەن بىرـ بىرىگە دۈشمەن قىلىپ، بۇلارنى ئاسارەت زەنجىرىگە تېخىمۇ مەھكەم باغلاشتىن ئىبارەت. چۈنكى، روسلار غەربىي تۈركىستاندىكى، پۈتۈن شىمالىي ئاسىيادىكى، كاپكازىيەدىكى ۋە شەرقىي ياۋروپادىكى تۈركلەرنى بۇ شەكىلدە پارچىلاپ، ئۇلارنىڭ قېنىنى شوراۋاتقانلىقى كۆز ئالدىمىزدادۇر.

شېڭشىسەي، يەنە بىرتەرەپتىن ئۆز ۋەتەنداشلىرىنى ۋە توغقانلىرىنى روس جاللاتلىرىغا تۇتۇپ بېرىپ، جان باقىقان ۋىجدانسىزلاردىن مىڭلارچىسىنى شەرقىي تۈركىستانغا ئېلىپ كېلىپ، ئۇلارنى كوممۇنىزمنى تەشۋىق قىلىش، تارقىتىش ۋە جاسۇسلۇق خىزمىتىگە سالدى. چۈنكى، شەرقىي تۈركىستاندىن ئۇنداق ۋەتەن ساتقۇچ خائىنلار چىقمىدى. ياش ئۆسمۈرلەرنىڭ سۇزۇك زېھنىنى كوممۇنىزم بىلەن زەھەرلەش ئۈچۈن، مىڭلارچە مەكتەپ ئېچىپ، ئۇلارنى مۇئەللىم قىلدى. شېڭشىسەي بۇ ئىشنى «شەرقىي تۈركىستاننىڭ مائارىپىنى تەرەققى قىلدۇردۇم» دەپ، يۇرت ئىچىدە ۋە

چىندەكەك تەشۋىق قىلدى. ئەمما، ۋەقەنىڭ ماھىيىتىنى بىلگەن كىشى ماتارىپ نەردە، بۇ مەكتەبلەرنەردە، ئوپئوچۇق كۆرەلەيدۇ. چۈنكى، ھازىر شەرقىي تۈركىستاندا زامانىۋى پەن ـ بىلىملەر ئۆچۈن مۇئەللىملەر يوق ۋەكىتابمۇ يوق. پەقەت شېڭ شىسەي ئېلىپ كەلگەن بىرقانچە ۋىجدانسىز تەشۋىقاتچىلارنى مۇئەللىم دەپ مەسۇم بالىلارنىڭ بېشىغا مۇسەللەت قىلغانلىقى بىزگە مەلۇم. بۇنىڭدىن باشقا شېڭ شىسەي شەرقىي تۈركىستاننىڭ پۈتۈن تىجارىتىنى سوۋېتقا باغلىدى. نەتىجىدە يۇرتنىڭ ئىقتىسادى سوۋېتنىڭ قولىغا ئۆتتى.

شېڭشىسەي، ئەينى زاماندا سوۋېت مەمۇرىي خادىمى بولۇپ، ئۇنىڭ ھۆكۈمىتى، روس بولشۇېكلىرىنىڭ غەربىي تۈركىستاندىكى جاللاتلىق، يالغانچىلىق ۋە شەيتانلىق ئۈستىگە قۇرۇلغان ھۆكۈمىتىنىڭ ئۆز ئەينىدۇر. شېڭ شىسەي پەقەت ئاغزىدىلا چىن جۇمھۇرىيەتى ھۆكۈمىتىگە تەۋە. دېمەك شەرقىي تۈركىستان خەرىتىدىكى سىزىقلاردىلا چىنگە تەۋە. چىن مەركىزى ھۆكۈمىتىمۇ قەدىمدىن تارتىپ ئادەتلەنگەن «قۇرۇق ئابرۇيپەرەست» لىكىدىن شېڭ شىسەينى شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھۆكۈمدارى دەپ ئېتىراپ قىلىپ، ئون بەش مىليون خەلقنىڭ ھوقۇقى ۋە تەقدىرى قوربان قىلىنماقتادۇر.

ئۇنىڭ ئۈستىگە، چىن ـ ياپون ئۇرۇشى باشلانغاندىن كېيىن، چىن ھۆكۈمىتى سوۋېت ـ ئىتتىپاقىدىن ئالغان ئۇرۇش لاۋازىماتلىرىنى شەرقىي تۈركىستان ئارقىلىق توشۇشقا مەجبۇر بولغانلىقتىن سوۋېت ئىتتىپاقىغا ۋە شېڭ شىسەيگە تېخىمۇ كۆپ خوشامەت قىلىپ، روسلارنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا تەسىرداىئرىسىنى تېخىمۇ كېڭەيتىشىگە يول قويماقتا. يەنى، « ئۆچكە جان قايغۇسىدا، قاسساپ ياغ قايغۇسىدا».

## شېڭ شىسەي دېگەن كىم؟

شېڭ شىسەي مانجۇرىيەدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن بىرچىنلىق. مانجۇرىيەدىكى چىنچە مەكتەپلەردە ئوقۇغان.كېيىنچە، ياپونىيەدە ھەربىي ئالى مەكتەپنى پۈتتۈرگەن. 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشى تۈگىگەندىن كېيىن، مانجۇرىيە كوممۇنىست پارتىيىسىگە قېتىلغان ۋە مانجۇرىيە ۋەتەن خائىنلىرى بىلەن بىللە ئىشلىگەن. ياپۇنلار مانجۇرىيەنى ئالغاندا نەنجىڭغا قېچىپ كېلىپ، چىن ھۆكۈمىتىنىڭ خىزمىتىگە كىرگەن.

جىن شۇرىن شەرقىي تۈركىستانغا جۇشى بولغاندىن كېيىن، 1928ـ يىلى، جىن شۇرىننىڭ خۇسۇسى كاتىپى بىلەن تونۇشۇپ قىلىپ، بىرگە ئۈرۈمچىگە كەلگەن. ئۈرۈمچىدە ئادەتتىكى بىرئەسكىرىي دەرىجىلىك خىزمەتكە ئورۇنلاشقان. كېيىنچە، باش مەسلىھەتچى ۋە ھەربىي مەكتەپنىڭ مۇدىرى بولدى. شېڭ شىسەينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا قىلغان ئىشلىرى يۇقىرىدا بايان قىلىندى. ئەمدى تۆۋەندە

ياراغ، ئايروپىلان، ئەسكەر ۋە باشقا مۇھىم ئەسكىرىي لاۋازىماتلارنى بەردى. شېڭ شىسەي، بۇ ياردەملەر بىلەن شەرقىي تۈركىستان مىللىي ئىنقىلابچىلىرىنى بېسىقتۇردى ۋە يۇرتنى بېسىۋالدى. مەمۇرىي، ئەسكىرىي ۋە ئىقتىسادىي ئىشلارنى كوممۇنىستىك تۈزۈم بويىچە ئېلىپ بېرىش ۋە بۇنىڭ ۋاستىسى بىلەن شەرقىي تۈركىستاننى بىر روس مۇستەملىكىسىگە ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن، سوۋېت ئىستىپاقىدىن نۇرغۇن «مەسلىھەتچى» لەرنى ئېلىپ كەلدى. مىڭلارچە روس ئەسكەرلىرىگە چىنچە ئەسكىرىي كىيىم كىيدۈرۈپ، شەھەرلەرگە ئورۇنلاشتۇردى. خەلقنى ھەرخىل تۆھمەت بىلەن قارىلاپ ئۆلتۈردى ۋە تۈرمىگە سالدى. بۇنىڭ بىلەن خەلقنى روھىي جەھەتتە ۋەيران قىلدى ئىنساننىڭ تەبىئىي ھەققى بولغان دىن ئەركىنلىكى، پىكىر ئەركىنلىكى، تىجارەت ۋە سانائەتدىكى ئەركىنلىكى، ساياھەت ئەركىنلىكى ۋە ئۆلتۈراقلىشىش ئەركىنلىكى قاتارلىق ھەقلىرىنى يوقىتىپ، كوممۇنىزمنىڭ ئاسارەت زەنجىرىگە باغلىدى.

پۈتۈن شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى روس بولشېۋىكلىرىنىڭ تۈركىستان خەلقىنى بۆلۈپ تاشلىغان تۈرك دۈشمەنلىك سىياستى بويىچە «ئون تۆت مىللەت» كە ئايرىشقا كىرىشتى. بۇ ئۇيدۇرما « ئون تۆت مىللەت» دېگىنى، كۆچمەن بۇتپەرەست چىنلىقلار، كۆچمەن مۇسۇلمان چىن( تۇڭگان) لار ۋە روسىيە دىن كەلگەن روس كوچمەنلىرىدىن ئىبارەت ئەڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر بىلەن پۈتۈن شەرقىي تۈركىستاندىكى بىرتۈرك مىللىتى بولغان خەلقلەرگە ھېچ تونۇش بولمىغان باشقا 11 نام ئۇيدۇرۇپ، قۇراشتۇرۇپ ياساپ چىققان مىللەتلەردىن ئىبارەت. بۇ ئۇيدۇرما « ئون تۆت مىللەت» نىڭ ھەر بىرى ئۈچۈن زورلاپ، سوۋېت ئىستىپاقىدىكىگە ئوخشاش تاتارچە «ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى» دېگەن تەشكىلاتلارنى قۇرۇپ چىقتى. بۇنىڭدىن مەقسىتى، شەرقىي تۈركىستاندا قەدىمدىن بىرتوغقان ۋە بىرمىللەت بولۇپ، ناھايىتى ئىناق ۋە بىرلىكتە ياشاپ كەلگەن تۈرك مىللىتىنى باشقا - باشقا يول ۋە مەپكۇرەگە باشلاش بىلەن بىر- بىرىگە دۈشمەن قىلىپ، بۇلارنى ئاسارەت زەنجىرىگە تېخىمۇ مەھكەم باغلاشتىن ئىبارەت. چۈنكى، روسلار غەربىي تۈركىستاندىكى، پۈتۈن شىمالىي ئاسىيادىكى، كاپكازىيەدىكى ۋە شەرقىي ياۋروپادىكى تۈركلەرنى بۇ شەكىلدە پارچىلاپ، ئۇلارنىڭ قېنىنى شوراۋاتقانلىقى كۆز ئالدىمىزدادۇر.

شېڭشىسەي، يەنە بىرتەرەپتىن ئۆز ۋەتەنداشلىرىنى ۋە توغقانلىرىنى روس جاللاتلىرىغا تۇتۇپ بېرىپ، جان باقىقان ۋىجدانسىزلاردىن مىڭلارچىسىنى شەرقىي تۈركىستانغا ئېلىپ كېلىپ، ئۇلارنى كوممۇنىزمنى تەشۋىق قىلىش، تارقىتىش ۋە جاسۇسلۇق خىزمىتىگە سالدى. چۈنكى، شەرقىي تۈركىستاندىن ئۇنداق ۋەتەن ساتقۇچ خائىنلار چىقمىدى. ياش ئۆسمۈرلەرنىڭ سۈزۈك زېھنىنى كوممۇنىزم بىلەن زەھەرلەش ئۈچۈن، مىڭلارچە مەكتەپ ئېچىپ، ئۇلارنى مۇئەللىم قىلدى. شېڭشىسەي بۇ ئىشنى «شەرقىي تۈركىستاننىڭ مائارىپىنى تەرەققى قىلدۇردۇم» دەپ، يورت ئىچىدە ۋە

ی ماثارىپ نەردە، بۇ
زامانئۆي پەن ـ بىلىملەر
ن بىرقانچە ۋىجدانسىز
بىزگە مەلۇم. بۇنىڭدىن
ى. نەتىجىدە يۇرتىنىڭ

لڭ ھۆكۈمىتى، روس
ىق ئۇستىگە قۇرۇلغان
تى ھۆكۈمىتىگە تەۋە.
ەركىزى ھۆكۈمىتىمۇ
شەرقىي تۈركىستاننىڭ
ن ۋە تەقدىرى قوربان

ن سوۋېت ـ ئىتتىپاقىدىن
بولغانلىقتىن سوۋېت
شەرقىي تۈركىستاندا
يغۇسىدا، قاسساپ ياغ

ن چىنچە مەكتەپلەردە
ئۇرۇشى تۈگۈگەندىن
خائىنلىرى بىلەن بىللە
كۈمىتىنىڭ خىزمىتىگە

ن شۇرىنىنىڭ خوسۇسى



كاتىبى بىلەن تونۇشۇپ قىلىپ، بىرگە ئۇرۇمچىگە كەلگەن. ئۇرۇمچىدە ئادەتتىكى بىرئەسكىرىي دەرىجىلىك خىزمەتكە ئورۇنلاشقان. كېيىنچە، باش مەسلىھەتچى ۋە ھەربىي مەكتەپنىڭ مۇدىرى بولدى. شېڭ شىسەينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا قىلغان ئىشلىرى يۇقىرىدا بايان قىلىندى. ئەمدى تۆۋەندە

ياراغ، ئايروپىلان، ئەسكەر ۋە باشقا مۇھىم ئەسكىرىي لاۋازىماتلارنى بەردى. شېڭ شىسەي، بۇ ياردەملەر بىلەن شەرقىي تۈركىستان مىللىي ئىنقىلابچىلىرىنى بېسىقتۇردى ۋە يۇرتنى بېسىۋالدى. مەمۇرىي، ئەسكىرىي ۋە ئىقتىسادىي ئىشلارنى كوممۇنىستىك تۈزۈم بويىچە ئېلىپ بېرىش ۋە بۇنىڭ ۋاستىسى بىلەن شەرقىي تۈركىستاننى بىر روس مۇستەملىكىسىگە ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن نۇرغۇن «مەسلىھەتچى» لەرنى ئېلىپ كەلدى. مىڭلارچە روس ئەسكەرلىرىگە چىنچە ئەسكىرىي كىيىم كىيدۈرۈپ، شەھەرلەرگە ئورۇنلاشتۇردى. خەلقنى ھەرخىل تۆھمەت بىلەن قارىلاپ ئۆلتۈردى ۋە تۈرمىگە سالدى. بۇنىڭ بىلەن خەلقنى روھىي جەھەتتە ۋەيران قىلدى ئىنساننىڭ تەبىئىي ھەققى بولغان دىن ئەركىنلىكى، پىكىر ئەركىنلىكى، تىجارەت ۋە سانائەتتىكى ئەركىنلىكى، ساياھەت ئەركىنلىكى ۋە ئۆلتۈراقلىشىش ئەركىنلىكى قاتارلىق ھەقلىرىنى يوقىتىپ، كوممۇنىزىمنىڭ ئاسارەت زەنجىرىگە باغلىدى.

پۈتۈن شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى روس بولشۇۋىكلىرىنىڭ تۈركىستان خەلقىنى بۆلۈپ تاشلىغان تۈرك دۈشمەنلىك سىياستى بويىچە «ئون تۆت مىللەت» كە ئايرىشقا كىرىشتى. بۇ ئۈيدۇرما « ئون تۆت مىللەت» دېگىنى، كۆچمەن بۇتپەرەست چىنلىقلار، كۆچمەن مۇسۇلمان چىن( تۇڭگان) لار ۋە روسىيە دىن كەلگەن روس كوچمەنلىرىدىن ئىبارەت ئەڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر بىلەن پۈتۈن شەرقىي تۈركىستاندىكى بىرتۈرك مىللىتى بولغان خەلقلەرگە ھېچ تونۇش بولمىغان باشقا 11 نام ئۈيدۇرۇپ، قۇراشتۇرۇپ ياساپ چىققان مىللەتلەردىن ئىبارەت. بۇ ئۈيدۇرما « ئون تۆت مىللەت» نىڭ ھەر بىرى ئۈچۈن زورلاپ، سوۋېت ئىتتىپاقىدىكىگە ئوخشاش تاتارچە «ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى» دېگەن تەشكىلاتلارنى قۇرۇپ چىقتى. بۇنىڭدىن مەقسىتى، شەرقىي تۈركىستاندا قەدىمدىن بىرتوغقان ۋە بىرمىللەت بولۇپ، ناھايىتى ئىناق ۋە بىرلىكتە ياشاپ كەلگەن تۈرك مىللىتىنى باشقا ـ باشقا يول ۋە مەپكۇرەگە باشلاش بىلەن بىر- بىرىگە دۈشمەن قىلىپ، بۇلارنى ئاسارەت زەنجىرىگە تېخىمۇ مەھكەم باغلاشتىن ئىبارەت. چۈنكى، روسلار غەربىي تۈركىستاندىكى، پۈتۈن شىمالىي ئاسىيادىكى، كاپكازىيەدىكى ۋە شەرقىي ياۋروپادىكى تۈركلەرنى بۇ شەكىلدە پارچىلاپ، ئۇلارنىڭ قېنىنى شوراۋاتقانلىقى كۆز ئالدىمىزدادۇر.

شېڭشىسەي، يەنە بىرتەرەپتىن ئۆز ۋەتەنداشلىرىنى ۋە توغقانلىرىنى روس جاللاتلىرىغا تۇتۇپ بېرىپ، جان باققان ۋىجدانسىزلاردىن مىڭلارچىسىنى شەرقىي تۈركىستانغا ئېلىپ كېلىپ، ئۇلارنى كوممۇنىزىمنى تەشۋىق قىلىش، تارقىتىش ۋە جاسۇسلۇق خىزمىتىگە سالدى. چۈنكى، شەرقىي تۈركىستاندىن ئۇنداق ۋەتەن ساتقۇچ خائىنلار چىقمىدى. ياش ئۆسمۈرلەرنىڭ سۇزۇك زېھنىنى كوممۇنىزىم بىلەن زەھەرلەش ئۈچۈن، مىڭلارچە مەكتەپ ئېچىپ، ئۇلارنى مۇئەللىم قىلدى. شېڭشىسەي بۇ ئىشنى «شەرقىي تۈركىستاننىڭ مائارىپىنى تەرەققى قىلدۇردۇم» دەپ، يورت ئىچىدە ۋە

ی ماتارىپ نەردە، بۇ
امانئوى پەن - بىلىملەر
ن بىرقانچە ۋىجدانسىز
ىزگە مەلۇم. بۇنىڭدىن
ى. نەتىجىدە يۇرتىنىڭ

لك ھۆكۈمىتى، روس
ىق ئۇستىگە قۇرۇلغان
نى ھۆكۈمىتىگە تەۋە.
ەركىزى ھۆكۈمىتىمۇ
شەرقىي تۈركىستاننىڭ
ۋە تەقدىرى قۇربان

سوۋېت - ئىتتىپاقىدىن
بولغانلىقتىن سوۋېت
شەرقىي تۈركىستاندا
بغۇسىدا، قاساپ ياغ

چىنچە مەكتەپلەردە
ۇرۇشى تۈگىگەندىن
ن خائىنلىرى بىلەن بىللە
ن ھۆكۈمىتىنىڭ خىزمىتىگە



19- يىلى، جىن شۇرىننىڭ خۇسۇسىي
كاتىپى بىلەن تونۇشۇپ قىلىپ، بىرگە ئۈرۈمچىگە كەلگەن. ئۈرۈمچىدە ئادەتتىكى بىرئەسكىرىي
دەرىجىلىك خىزمەتكە ئورۇنلاشقان. كېيىنچە، باش مەسلىھەتچى ۋە ھەربىي مەكتەپنىڭ مۇدىرى
بولدى. شېڭ شىسەينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا قىلغان ئىشلىرى يۇقىرىدا بايان قىلىندى. ئەمدى تۆۋەندە

ياراغ، ئايروپىلان، ئەسكەر ۋە باشقا مۇھىم ئەسكىرىي لاۋازىماتلارنى بەردى. شېڭ شىسەي، بۇ ياردەملەر بىلەن شەرقىي تۈركىستان مىللىي ئىنقىلابچىلىرىنى بېسىقتۇردى ۋە يۇرتنى بېسىۋالدى. مەمۇرىي، ئەسكىرىي ۋە ئىقتىسادىي ئىشلارنى كوممۇنىستىك تۈزۈم بويىچە ئېلىپ بېرىش ۋە بۇنىڭ ۋاستىسى بىلەن شەرقىي تۈركىستاننى بىر روس مۇستەملىكىسىگە ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن نۇرغۇن «مەسلىھەتچى» لەرنى ئېلىپ كەلدى. مىڭلارچە روس ئەسكەرلىرىگە چىنچە ئەسكىرىي كىيىم كىيدۈرۈپ، شەھەرلەرگە ئورۇنلاشتۇردى. خەلقنى ھەرخىل تۆھمەت بىلەن قارىلاپ ئۆلتۈردى ۋە تۈرمىگە سالدى. بۇنىڭ بىلەن خەلقنى روھىي جەھەتتە ۋەيران قىلدى ئىنسانىنىڭ تەبىئىي ھەققى بولغان دىن ئەركىنلىكى، پىكىر ئەركىنلىكى، تىجارەت ۋە سانائەتدىكى ئەركىنلىكى. ساياھەت ئەركىنلىكى ۋە ئولتۇراقلىشىش ئەركىنلىكى قاتارلىق ھەقلىرىنى يوقىتىپ، كوممۇنىزمنىڭ ئاسارەت زەنجىرىگە باغلىدى.

پۈتۈن شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى روس بولشۋىكلىرىنىڭ تۈركىستان خەلقىنى بۆلۈپ تاشلىغان تۈرك دۈشمەنلىك سىياستى بويىچە «ئون تۆت مىللەت» كە ئايرىشقا كىرىشتى. بۇ ئۇيىدۇرما « ئون تۆت مىللەت» دېگىنى، كۆچمەن بۇتپەرەست چىنلىقلار، كۆچمەن مۇسۇلمان چىن( تۇڭگان) لار ۋە روسىيە دىن كەلگەن روس كوچمەنلىرىدىن ئىبارەت ئەڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر بىلەن پۈتۈن شەرقىي تۈركىستاندىكى بىرتۈرك مىللىتى بولغان خەلقلەرگە ھېچ تونۇش بولمىغان باشقا 11 نام ئۇيدۇرۇپ، قۇراشتۇرۇپ ياساپ چىققان مىللەتلەردىن ئىبارەت. بۇ ئۇيىدۇرما « ئون تۆت مىللەت» نىڭ ھەر بىرى ئۈچۈن زورلاپ، سوۋېت ئىتتىپاقىدىكىگە ئوخشاش تاتارچە «ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى» دېگەن تەشكىلاتلارنى قۇرۇپ چىقتى. بۇنىڭدىن مەقسىتى، شەرقىي تۈركىستاندا قەدىمدىن بىرتوغقان ۋە بىرمىللەت بولۇپ، ناھايىتى ئىناق ۋە بىرلىكتە ياشاپ كەلگەن تۈرك مىللىتىنى باشقا ـ باشقا يول ۋە مەپكۇرەگە باشلاش بىلەن بىر- بىرىگە دۈشمەن قىلىپ، بۇلارنى ئاسارەت زەنجىرىگە تېخىمۇ مەھكەم باغلاشتىن ئىبارەت. چۈنكى، روسلار غەربىي تۈركىستاندىكى، پۈتۈن شىمالىي ئاسىيادىكى، كاپكازىيەدىكى ۋە شەرقىي ياۋروپادىكى تۈركلەرنى بۇ شەكىلدە پارچىلاپ، ئۇلارنىڭ قېنىنى شوراۋاتقانلىقى كۆز ئالدىمىزدادۇر.

شېڭشىسەي، يەنە بىرتەرەپتىن ئۆز ۋەتەنداشلىرىنى ۋە توغقانلىرىنى روس جاللاتلىرىغا تۇتۇپ بېرىپ، جان باققان ۋىجدانسىزلاردىن مىڭلارچىسىنى شەرقىي تۈركىستانغا ئېلىپ كېلىپ، ئۇلارنى كوممۇنىزىمنى تەشۋىق قىلىش، تارقىتىش ۋە جاسۇسلۇق خىزمىتىگە سالدى. چۈنكى، شەرقىي تۈركىستاندىن ئۇنداق ۋەتەن ساتقۇچ خائىنلار چىقمىدى. ياش ئۆسمۈرلەرنىڭ سۈزۈك زېھنىنى كوممۇنىزىم بىلەن زەھەرلەش ئۈچۈن، مىڭلارچە مەكتەپ ئېچىپ، ئۇلارنى مۇئەللىم قىلدى. شېڭشىسەي بۇ ئىشنى «شەرقىي تۈركىستاننىڭ مائارىپىنى تەرەققى قىلدۇردۇم» دەپ، يۇرت ئىچىدە ۋە

ی ماتارىپ نەردە، بۇ
امانىۋى پەن ـ بىلىملەر
ن بىرقانچە ۋىجدانسىز
ىزگە مەلۇم. بۇنىڭدىن
ى. نەتىجىدە يۇرتىنىڭ

لىڭ ھۆكۈمىتى، روس
ىق ئۇستىگە قۇرۇلغان
نى ھۆكۈمىتىگە تەۋە.
ەركىزى ھۆكۈمىتىمۇ
شەرقىي تۈركىستانىنىڭ
ۋە تەقدىرى قوربان

سوۋېت ـ ئىتتىپاقىدىن
بولغانلىقتىن سوۋېت
شەرقىي تۈركىستاندا
بغۇسىدا، قاسساپ ياغ

چىنچە مەكتەپلەردە
ئۇرۇشى تۈگۈگەندىن
ەن خائىنلىرى بىلەن بىللە
من ھۆكۈمىتىنىڭ خىزمىتىگە



... ـ19ـ يىلى، جىن شۇرىنىنىڭ خۇسۇسى
كاتىبى بىلەن تونۇشۇپ قىلىپ، بىرگە ئۇرۇمچىگە كەلگەن. ئۇرۇمچىدە ئادەتتىكى بىرئەسكىرىي
دەرىجىلىك خىزمەتكە ئورۇنلاشقان. كېيىنچە، باش مەسلىھەتچى ۋە ھەربىي مەكتەپنىڭ مۇدىرى
بولدى. شىڭ شىسەينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا قىلغان ئىشلىرى يۇقىرىدا بايان قىلىندى. ئەمدى تۆۋەندە

ياراغ، ئايروپىلان، ئەسكەر ۋە باشقا مۇھىم ئەسكىرىي لاۋازىماتلارنى بەردى. شېڭ شىسەي، بۇ ياردەملەر بىلەن شەرقىي تۈركىستان مىللىي ئىنقىلابچىلىرىنى بېسىقتۇردى ۋە يۇرتنى بېسىۋالدى. مەمۇرىي، ئەسكىرىي ۋە ئىقتىسادىي ئىشلارنى كوممۇنىستىك تۈزۈم بويىچە ئېلىپ بېرىش ۋە بۇنىڭ ۋاستىسى بىلەن شەرقىي تۈركىستاننى بىر روس مۇستەملىكىسىگە ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن نۇرغۇن «مەسلىھەتچى» لەرنى ئېلىپ كەلدى. مىڭلارچە روس ئەسكەرلىرىگە چىنچە ئەسكىرىي كىيىم كىيدۈرۈپ، شەھەرلەرگە ئورۇنلاشتۇردى. خەلقنى ھەرخىل تۆھمەت بىلەن قارىلاپ ئۆلتۈردى ۋە تۈرمىگە سالدى. بۇنىڭ بىلەن خەلقنى روھىي جەھەتتە ۋەيران قىلدى ئىنسانىنىڭ تەبىئىي ھەققى بولغان دىن ئەركىنلىكى، پىكىر ئەركىنلىكى، تىجارەت ۋە سانائەتدىكى ئەركىنلىكى، ساياھەت ئەركىنلىكى ۋە ئولتۇراقلىشىش ئەركىنلىكى قاتارلىق ھەقلىرىنى يوقىتىپ، كوممۇنىزىمنىڭ ئاسارەت زەنجىرىگە باغلىدى.

پۈتۈن شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى روس بولشېۋىكلىرىنىڭ تۈركىستان خەلقىنى بۆلۈپ تاشلىغان تۈرك دۈشمەنلىك سىياستى بويىچە «ئون تۆت مىللەت» كە ئايرىشقا كىرىشتى. بۇ ئۈيدۇرما « ئون تۆت مىللەت» دېگىنى، كۆچمەن بۇتپەرەست چىنلىقلار، كۆچمەن مۇسۇلمان چىن( تۇڭگان) لار ۋە روسىيە دىن كەلگەن روس كوچمەنلىرىدىن ئىبارەت ئەڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر بىلەن پۈتۈن شەرقىي تۈركىستاندىكى بىرتۈرك مىللتى بولغان خەلقلەرگە ھېچ تونۇش بولمىغان باشقا 11 نام ئۈيدۇرۇپ، قۇراشتۇرۇپ ياساپ چىققان مىللەتلەردىن ئىبارەت. بۇ ئۈيدۇرما « ئون تۆت مىللەت» نىڭ ھەر بىرى ئۈچۈن زورلاپ، سوۋېت ئىتتىپاقىدىكىگە ئوخشاش تاتارچە «ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى» دېگەن تەشكىلاتلارنى قۇرۇپ چىقتى. بۇنىڭدىن مەقستى، شەرقىي تۈركىستاندا قەدىمدىن بىرتوغقان ۋە بىرمىللەت بولۇپ، ناھايىتى ئىناق ۋە بىرلىكتە ياشاپ كەلگەن تۈرك مىللىتىنى باشقا - باشقا يول ۋە مەپكۇرەگە باشلاش بىلەن بىر- بىرىگە دۈشمەن قىلىپ، بۇلارنى ئاسارەت زەنجىرىگە تېخىمۇ مەھكەم باغلاشتىن ئىبارەت. چۈنكى، روسلار غەربىي تۈركىستاندىكى، پۈتۈن شىمالىي ئاسىيادىكى، كاپكازىيەدىكى ۋە شەرقىي ياۋروپادىكى تۈركلەرنى بۇ شەكىلدە پارچىلاپ، ئۇلارنىڭ قېنىنى شوراۋاتقانلىقى كۆز ئالدىمىزدادۇر.

شېڭشىسەي، يەنە بىرتەرەپتىن ئۆز ۋەتەنداشلىرىنى ۋە توغقانلىرىنى روس جالالاتلىرىغا تۇتۇپ بېرىپ، جان باققان ۋىجدانسىزلاردىن مىڭلارچىسىنى شەرقىي تۈركىستانغا ئېلىپ كېلىپ، ئۇلارنى كوممۇنىزىمنى تەشۋىق قىلىش، تارقىتىش ۋە جاسۇسلۇق خىزمىتىگە سالدى. چۈنكى، شەرقىي تۈركىستاندىن ئۇنداق ۋەتەن ساتقۇچ خائىنلار چىقمىدى. ياش ئۆسمۈرلەرنىڭ سۈزۈك زېھنىنى كوممۇنىزىم بىلەن زەھەرلەش ئۈچۈن، مىڭلارچە مەكتەپ ئېچىپ، ئۇلارنى مۇئەللىم قىلدى. شېڭشىسەي بۇ ئىشنى «شەرقىي تۈركىستاننىڭ مائارىپىنى تەرەققىي قىلدۇردۇم» دەپ، يورت ئىچىدە ۋە

ى ماتارىپ نەردە، بۇ
امانىۋى پەن ـ بىلىملەر
، بىرقانچە ۋىجدانسىز
مزگە مەلۇم. بۇنىڭدىن
ى. نەتىجىدە يۇرتىنىڭ

ڭ هۆكۈمىتى، روس
ىق ئۇستىگە قۇرۇلغان
ى هۆكۈمىتىگە تەۋە.
ەركىزى هۆكۈمىتىمۇ
شەرقىي تۈركىستاننىڭ
ى ۋە تەقدىرى قوربان

سوۋېت ـ ئىتتىپاقىدىن
بولغانلىقتىن سوۋېت
شەرقىي تۈركىستاندا
بغۇسدا، قاسساپ ياغ

ى چىنچە مەكتەپلەردە
يا ئۇرۇشى تۈگۈگەندىن
رەتەن خائىنلىرى بىلەن بىللە
چىن هۆكۈمىتىنىڭ خىزمىتىگە

جىن شۇرىن شەرقىي تۈركىستانغا جۇشى بولغاندىن كېيىن، 1928ـ يىلى، جىن شۇرىننىڭ خۇسۇسى كاتىبى بىلەن تونۇشۇپ قىلىپ، بىرگە ئۇرۇمچىگە كەلگەن. ئۇرۇمچىدە ئادەتتىكى بىرئەسكىرىي دەرىجىلىك خىزمەتكە ئورۇنلاشقان. كېيىنچە، باش مەسلىھەتچى ۋە ھەربىي مەكتەپنىڭ مۇدىرى بولدى. شىڭ شىسەينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا قىلغان ئىشلىرى يۇقىرىدا بايان قىلىندى. ئەمدى تۆۋەندە

ئۇنىڭ سىياسەت ۋە تارىختىكى ئۇرنى ھەققىدە بىرئاز توختىلىپ ئۆتىمەن.

شېڭ شىسەينىڭ خوجايىنى روسلار ۋە خوشامەتچىسى بولغان بىرقىسىم چىنلىقلار ئۇنى، «شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىنقىلابنى ئۆزىنىڭ داھىيانە قابىلىيىتى بىلەن بېسىقتۇرۇپ، بۇ يۇرتنى تىنجىتقان؛ ئارقىدا قالغان بۇ يۇرتتا مائارىپ، ئەسكىرىي ۋە ئىقتىسادىي ئىشلارنى تەرەققىي قىلدۇرغان» ۋاھاكازا، دەپ، ماختاپ تەشۋىق قىلماقتا ۋە كۆرسەتكەن بۇخىزمەتلىرىگە ئۇنى«شېڭ شىسەي» يەنى چىنچەدە ئالىم، داھى دېگەن مەنىدىكى ئۇنۋان بىلەن ئاتىماقتا. ئەمما، تارىخ يالغان گۇۋالىقنى قوبۇل قىلمايدىغان ئەڭ ئادالەتلىك سوراقچىدۇر. ئاخىرى بىر كۈن، غەرەزلىك كىشىلەرنىڭ قارىنى ئاق ۋە كېچىنى كۈندۈز دەيدىغان يالغان تەشەببۇسلىرىنى پاش قىلىپ، ئۇلارنى قارا يۈز قىلىدۇ. شېڭشىسەينىڭ ئۆز ۋەتىنى مانجۇرىيەنى روسلارغا سېتىش ئۈچۈن قىلغان ئىشلىرى ئىنكار قىلىشقا بولمايدىغان بىر تارىخى خائىنلىقتۇر. شەرقىي تۈركىستانغاكەلگەندىن تارتىپ، پەقەت ئۆز شەخسى مەنپەئەتىنى دەپ شەرقىي تۈركىستاننى روسلارغا ساتقانلىقى ۋە ئۆزىنىڭ مىللىي دۆلىتى بولغان چىن ھۆكۈمىتىگە خىيانەت قىلغانلىق جىنايەتلىرى ئاشكارە كۆرۈنۈپ تۇرماقتا. زولۇم ۋە ئىستىبداددىن قۇتۇلۇش، ئىنسانىيەتنىڭ مۇقەددەس ھەققى بولغان ئازاتلىق نېمىتىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، ھەققانى بىرئىنقىلاپ قوزغاپ چىققان بىرمىللەتنىڭ ھوقۇقىنى دەپسەندە قىلىپ، پەقەت ئۇمىللەت ئۈستىدە ھۆكۈمران بولۇش مەقسىتى بىلەن، دۇنيادىكى ئەڭ زالىم ۋە قانخور روس بولشېۋىكلىرىدىن ياردەم ئېلىپ، بۇ مىللەتنى ۋە ۋەتىنىنى ناھايىتى ئەرزان باھاغا ساتقانلىقى، ئۆزىنىڭ بىرنەچچە يىللىق مەنسەپ ۋە تەختى - بەختىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، ئۇ مىللەتنى كوممۇنىست جاللاتلىرىنىڭ قولىغا تۇتۇپ بېرىپ، ئوتقا ۋە قانغا پۇچۇلاۋاتقانلىقىنى ھەممىمىز كۆرۈپ تۇرپتىمىز. بۇنىڭغا ئوخشاش بىرخائىن تارىختا بەك ئاز كۆرۈلىدۇ. شۇڭا تارىخ بۇنىڭغا ئۆز لايىقىدا جاۋاپ بەرگۇسى. ھېچ بولمىغاندا، تارىخ ئادالىتى يوقىرىقى ناھەق ئۇنۋانىنىڭ بىر ھەرپىنى يەڭگۇشلەپ، «شېڭ شەزىي» يەنى، «دۇنيائوغرىسى شېڭ» دېگەن ئۇنۋانى بېرىدۇ. مانا، بۇ ئۇنىڭغا ئەڭ لايىق بىر تارىخىي نامدۇر.

## شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلابى تۈگىدىمۇ؟

بۇ سوئالغا، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ روھىي ھالىتىنى تەتقىق قىلمىغان ۋە بۇ ئىنقىلاب نەتىجىسىدە ئومۇمىي خەلقنىڭ يۈرىكىگە ئورۇنلاشقان ھېسسىياتتىن خەۋەرسىز ۋە دۇنيا مىللەتلىرىنىڭ تارىخىنى بىلمىگەن كىشى، «تۈگىدى» دەپ جاۋاب بېرىشى مۇمكىن. چۈنكى، بۇكىشىلەر شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ قولىدا قورال يوقلىقىنى ۋە دۈشمەنىنىڭ ناھايىتى كۈچلۈك ئىكەنلىكىنىلا كۆرمەكتە. بۇ سەۋەپتىن شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ھەرقانداق ھەرىكەتكە چارىسىزھالدا تەقدىرىگە

بويسۇنۇپ تۇرغانلىقىنى، ئىنقىلاپنىڭ تۈگىگەنلىكى دەپ ھېساپلىماقتا.

ھازىرقى باسقۇچتا دۈشمەننىڭ، يالغان تەشۋىقات ۋە قانلىق تەھدىت بىلەن خەلقىنىڭ مەنىۋى دۇنياسىنى زەھەرلىشى، خەلقنىڭ مىللىي قۇدرىتىنى يوقىتىش ئۈچۈن، مىللەتنىڭ ئىجتىمائىي ۋە سىياسى ھەقلىرىنى تەلەپ قىلىشقا ھېچقانداق ئىمكانىيەت بەرمەيۋاتقانلىقىنى بۇنىڭغا دەلىل قىلىپ كۆرسىتىلمەكتە.

ئۇنىڭ ئۈستىگە، شەرقىي تۈركىستاننىڭ تۆت ئەتراپىنىڭ دۇنيانىڭ ئەڭ ئېگىز تاغلىرى بىلەن ۋە ئەڭ يامان چۆللىرى بىلەن ئورالغانلىقى ۋە ھېچبىر تەرىپى دېڭىزغا يېقىن ئەمەسلىكى، قورۇغۇلۇقتىمۇ مەدەنىي مەملىكەتلەردىن بەك يىراقتا ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت بۇجوغراپىيلىك تەلەيسىزلىكى ۋە كۈچلۈك دۈشمەننىڭ ئاچكۆز ۋە تاماخور ئاغزىغا بەك يېقىن بولغانلىقى يۇقىرىقى كۆزقاراشنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

لېكىن، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ رۇھىي ھالىتىنى تەتقىق قىلغان، خەلقنىڭ ئىنقىلاپ دەۋرىدىن بېرى كۈچلىنىپ كېلىۋاتقان مىللەتپەرۋەرلىك ھېسسىياتىنى، ھازىر دۈشمەننىڭ قانلىق زۇلۇمى ۋە قانلىق باستۇرۇشى نەتىجىسىدە تېخىمۇ كۈچەيگەن غەزەپ ۋە نەپرەت ھېسسىياتىنى تارىخ ۋە سىياسەت نۇقتىئىنەزەرىدىن ئويلىغان كىشىلەر، بۇسۇئالغا جىددىيلىك بىلەن، «ھەرگىز تۈگىمىدى ۋە ھەرگىز تۈگىمەيدۇ!» دەپ جاۋاپ بېرىدۇ. ئۇلار بۇنداق دەپ جاۋاپ بېرىشتە ئىنتايىن ھەقلىق. چۈنكى، شەرقىي تۈركىستان خەلقى، يىگىرمە يىلدىن بېرى دۇنيادىكى ئەركىن مىللەتلەرنىڭ ئەزىزلىكىنى، ھەرخىل ھەققە ئىگە ئىكەنلىكىنى، مائارىپ، تىجارەت، دېھقانچىلىق، سانائەت، ئەسكىرىي ۋە باشقا ئىجتىمائىي ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئۇ مىللەتنىڭ پايدىسى ئۈچۈن خىزمەت قىلدىغانلىقىنى بىلىپ كەلمەكتە.

ئاسارەت ئاستىدىكى مىللەتلەرنىڭ، بولۇپمۇ، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ خارلانغان، ھەرقانداق ھەق - ھوقۇقتىن مەھرۇم، ھەرخىل زۇلۇم ۋە قىيىن - قىستاق ئاستىدا ئېزىلىۋاتقانلىقى، ھەر ئىشتا دۇنيا مىللەتلىرىنىڭ ئارقىسىدا قالغانلىقى، مائارىپ، ئىقتىسات ئىشلىرى ۋە تەبىئىي بايلىقىنىڭ ھەممىسى دۈشمەننىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن ئىكەنلىكى ۋە خەلقنىڭ پۈتۈن ئىجتىمائىي مەنپەئەتلەردىن مەھرۇم قىلىنغانلىقىنى شەرقىي تۈركىستان خەلقى ئاشكارا كۆرۈپ يەتمەكتە. شۇنداقلا دۇنيا مىللەتلىرى قاتارىدا ئىززەت - ئابرۇيغا ئىگە بولۇش ئۈچۈن، ئەڭ ئەقەللى ھەقلىرىنى قولغا ئېلىش ئۈچۈن، بەخت - سائادەت ئىچىدە ياشاش ئۈچۈن، باشقا قانخور زالىملار ئالدىدا ھايۋان پادىلىرىغا ئوخشاش ياشاشتىن قۇتۇلۇپ، ئىنسانلىق ھەقلىرىگە ئىگە بولۇش ئۈچۈن - ياتلارنىڭ ھاكىمىيىتىدىن قۇتۇلۇپ، يەرلىك ۋە مىللىي بىر ئىدارىي تەشكىل قۇرۇشتىن باشقا چارە يوقلۇقىغا، شەرقىي تۈركىستان خەلقى چىن كۆڭلىدىن ئىمان كەلتۈرمەكتە.

دۈشمەننىڭ قۇدرەتلىك كۈچى، قانلىق زۇلمى، ئالدامچى تەشۋىقاتلىرى، ئۇيدۇرما نامايىشلىرى بۇ

ئىماننى سۇسلاشتۇرالمايدۇ! بەلكى، بۇئىشلار خەلقىمىزنىڭ بۇ ئىماننى كۈچلەندۈرۈپ، دۈشمەنگە بولغان ئاداۋەت ۋە نەپرەت ھېسسىنى ئاشۇرۇشتا ئەڭ مۇھىم ئامىللاردۇر. بۇ سىياسەت ۋە تارىخ سەھنىلىرىدە ئىسپاتلانغان بىرھەقىقەتتۇر.

دۈشمەننىڭ زورلۇق ـ زۇمبۇلۇق ۋە جاللاتلىق بىلەن خەلقنى قورقۇتۇشى، بىرقىسىم ۋىجدانسىزلار ۋاستىسى بىلەن قورقۇتۇپ، بېسىم ئىشلىتىشلىرى كۆرۈنۈشتە خەلقنى بىرمەزگىل قورۇۋەتكە بويۇن ئېگىشكە مەجبۇر قىلىدۇ. ئەمما، بۇقىرىقى مۇقەددەس كۈچلۈك ئىمان ۋە ھەقىقىي مەنىۋى قۇۋۋەت ئۆچكەن ياناتاغىنىڭ بىرمەزگىللىك جىمجىتلىقىغا ئوخشاش كۆرۈنۈشتە غەپلەت ئۇيقۇسىغا ياتقاندەك قىلىسمۇ، ئەمەلىيەتتە، ئىچ ـ ئىچىدىن قايناپ، ھارارىتىنى دايىم ئاشۇرماقتا. بىر يەرتەۋرەش(سىلكىنىش) ياكى باشقا بىر كىچىككىنە ھەرىكەت نەتىجىسىدە بىردىن يالقۇنلىنىپ تېشىپ، ھەرقانداق توسالغۇنى ۋە ھەرقانداق دۈشمەننى كۆيدۈرۈپ كۈلگە ئايلاندۇرۇۋېتىش قۇدرىتىنى ھەر زامان ئۇلغايتىپ تۇرىدۇ. چۈنكى، مۇنداق بىر مىللەتنىڭ مەڭگۈ ئەسىرلىكتە قالمايدىغانلىقى ۋە دۈشمەننىڭ بېشىغا بىر بالا كەلگەن زامان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، بىردىن ھەرىكەتلىنىپ، مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرۈپ، شەرەپلىك ھاياتقا ئېرىشكەنلىكى، تەجرىبىلەردىن ئۆتكەن بىر ھەقىقەتتۇر. زۇلۇم سىياستىنى ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئاساسى قىلغان دۆلەتلەرنىڭ ئۆزۈنغا قالماي ھالاك بولۇشى ۋە تارىخ سەھىپىسىدە بىرئىبرەت مەنزىرىسى قىلىپ كۆرسىتىدىغانلىقى ئالالاھ تائاللانىڭ ئېنىق بىر ئادىتىدۇر.

دۈشمەننىڭ، زۇلۇم ۋە ئىستىبداد يولى بىلەن خەلقنى ئۆزمىللىتىدىن تاندۇرۇش ئۈچۈن ۋە يالغان تەشۋىقاتلار بىلەن ئۇمىللەتنىڭ تەقدىرىنى ئۆز پايدىسىغا قۇربان قىلىش ئۈچۈن قىلغان تەشەببۇسلىرىنىڭ ئەكسى نەتىجە بېرىدىغانلىقى ئىنسانىيەت تارىخىدا كۆپ ئۇچرايدىغان ئەھۋالدۇر.

شەرقىي تۈركىستاننىڭ جوغراپىيىلىك ۋەزىيىتىدىن كېلىپ چىققان قىيىنچىلىق، بۇ گۈنكى ۋە بۇرۇنقى پالاكەتلەرنىڭ مۇھىم سەۋەبىدۇر. ئەگەر، بۇ پايدىسىز ئامىل بولمىغان بولسا، شەرقىي تۈركىستانغا ھېچقانداق بىرچەت دۆلەتنىڭ تاجاۋۇز قىلىشى مۇمكىن ئەمەستى. غەربىي ئاسىيادىكى تۈرك قېرىنداشلىرىمىزدەك ھەرقانداق دۈشمەننى ئۆز ۋاقتىدا ئۇزاقلاشتۇرۇپ، يېتەرسىزلىكلىرىمىزنى ۋاقتىدا تولۇقلاپ، دائىم مۇستەقىل ياشىغان بولاتتۇق. لېكىن، بۇقىيىنچىلىق يەڭگىلى بولمايدىغان قىيىنچىلىق ئەمەس: ئىمكانىيەت دائىرىسى ئىچىدە بولغان ھەرقانچە قىيىن ئىشنىڭمۇ ئىنسان غەيرىتى ۋە پىداكارلىقى بىلەن يەڭگىلى بولىدىغانلىقى ھەرئەقىل ئىگىسىگە مەلۇمدۇر. ئەگەر، ئىنسان غەيرەت ۋە پىداكارلىقنى تاشلاپ، « قازاغا رىزا، بالاغا سەبرى» دەپ، ئاجىزلىق، ھورۇنلۇق ۋە قورقاقلىق يولىنى تۇتسا، ئۇنداق ئىنسانغا ئاسان ئېشمۇ قىيىن بولۇپ قالىدۇ، ئەلبەتتە.

ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ، تۈركىستاندا دۇنيانى تىترەتكەن خانلىقلارنى قۇرغانلىقى، مۇستەقىللىقلىرىنى ۋە ئىززەتلىرىنى ئەسىرلەرچە ساقلاپ قالغانلىقلىرى تارىختا پۈتۈن دۇنياغا مەلۇم. ئۇلارنىڭ

زامانىسىدىمۇ ھازىرقى جوغراپىيىلىك قىيىنچىلىق بارئىدى. پەقەت، ئۇلارنىڭ غەيرەت ۋە پىداكارلىقى ئۇ قىيىنچىلىقنى يەڭدى ئەمەسمۇ؟ دېمەك، بىرمىللەتتە ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە مىللەتپەرۋەرلىك ھېسسىياتى ئۇرغۇپلا تۇرىدىكەن ئۇ مىللەتنىڭ مۇقەددەس مەقسىتىگە توسالغۇ بولىدىغان سىياسىي، جوغراپىي ۋە باشقا ھەر قانداق قىيىنچىلىق ھەل بولىدۇ، ھەرقانداق دۈشمەننى يېڭىپ كېتەلەيدۇ.

بۇ قىيىنچىلىقلار، ئۇنىڭ مەقسەتلىرىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىنى بىرئاز كېچىكتۈرسىمۇ، پۈتۈن خەلق ئۈمىدسىزلەنمەي، بىرلىك ۋە پىداكارلىق بىلەن تىرىشىپ، پۇرسەتلەردىن ياخشى پايدىلىنىپ، قىيىنچىلىقلارنى يېڭىدىغانلا بولسا، كۆزلىگەن مەقسەت ـ مۇرادىغا چوقۇم يېتەلەيدۇ. بۇلار تارىختا بىلىنگەن ھادىسىلەردۇر.

مانا، شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىگە بۇ نۇقتىئىنەزەر بىلەن قارايدىغان شەرقىي تۈركىستان پەرزەنتلىرى يۇرت ئىچىدە ۋە يۇرت تېشىدا خېلى كۆپ ساننى ئىگىللەيدۇ. بۇلارنىڭ مەۋجۇدلىقى ۋەتەن ۋە مىللەتنىڭ غايەت پارلاق ۋە سائادەتلىك كېلەچەككە ئېرىشىدىغانلىقىنىڭ مۇھىم ئامىلى. بۇلارنىڭ مەيلى يۇرت ئىچىدە بولسۇن ياكى يۇرت تېشىدا بولسۇن مۇمكىنقەدەر توغرا ھەرىكەتتە بولغانلىرى ئومۇمىي خەلقنىڭ يۇقىرىقى مۇستەھكەم ئىمانى ۋە ھېسسىياتى بىلەن بىرلىشىپ، ناھايىتى كەڭ ۋە پايدىلىق بىر ئىنقىلاب ھەرىكىتىنى مەيدانغا كەلتۈرگۈسى!

**كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلابى تۈگىمىدى. مۇستەقىللىق نېمىتى قولغا كەلگىچە بۇ ئىنقىلابنىڭ تۈگىشى مۇمكىن ئەمەس!**

**ئۇلۇغ ۋە قادىر تەڭرىمىزدىن پالاكەتكە**

**ئۇچرىغان بەندىلىرىگە رەھمەت**

**ۋە نۇسرەت، دۈشمەنلىرىگە**

**غەزەپ ۋە مەغلۇبىيەت**

**تىلەيمىز.**

ئامىن!

ھىجرى 1359ـ يىلى، رەبىئۇل ئاۋۋالنىڭ 10 ـ كۈنى، پەيشەنبە(1940 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى)

كابۇل، ئافغانىستان.

مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا

(ئىمزا)

# رەسىملەر



تەڭرىتاغ ئېتەكلىرىدىن تېپىلغان ھەرخىل ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللار. (يۇقىرىدا) ھۇن دەۋرىگەئائىت (ئاستىدا) كۆكتۈرك دەۋرىگەئائىت ھەرخىل جابدۇق ۋە زىننەت ئەشيالىرى.







يۇقىرىدا ـ ئىسسىقكۆل ئەتراپىدىن قېزىۋېلىنغان ساقالار دەۋرىگە ئائىت ئالتۇن قاپتان (ساۋۇت) ۋە بىر قويما لەۋھە رەسىم (موسكۋا ۋە لېنىنگراد مۇزېيلىرىدە ساقلانماقتا). تۆۋەندە ـ ئالتاي قورغىنىدىن تېپىلغان، ئالتۇن ھەل بېرىلگەن، «لاچىن قاناتلىق قالپاق كەيگەن، ئات ئۈستىدەچېپىپ كېتىۋېتىپ، ئارقىسىغا قاراپ ئوق ئېتىۋاتقان چەۋانداز» نىڭ تۇچتىن قويما (لەۋھە) رەسىمى.





7 - ۋە 8 - ئەسرلەردە شەرقىي تۈركىستاندا ئىشلىتىلگەن ياغاچ تاختا ئويما مەتبەسدە بېسىلغان ئۇيغۇرچە تېكىست ۋە رەسىم (بېرلىن مۇزېيىدا ساقلانماقتا).
تۆۋەندە - ئۇيغۇر دۆلىتى دەۋرىدە شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ كىيىم - كېچەك شەكلى




قارلۇقلار ۋە قاراخانلار دەۋرىگە ئائىت تەگرى تاغلىرى ئېتەكلىرىدىن تېپىلغان ساپال قاچا - قومۇچ ۋە
باشقا بۇيۇملەر





يۇقىرىدىكى رەسىم - چىيەنلۇڭ (1763 - 1795). ئاستىدىكى رەسىم زوزۇڭتاڭ (1776 - ؟)



ياقۇپ بەگ، ئاتىلىق غازى (بەدۆلەت)





ئوڭدىكى رەسىمدىكى - جىن شۇرېن. سولدىكى - ياڭ زېڭشىن.



تۈركىيەدىن كەلگەن مۇئەللىم ئەھمەد كامال ئىلقۇل (ئوتتورىدا)،
شەرقىي تۈركىستانلىق ياشلار بىلەن بىللە (1913) - يىلى قەشقەر.



باش وكيل لار باريسا نيكه ساده نور احمد بيك بيله باردم ده بولدى لار
مع يوسف شاه منصور شهيد بولدى. قالمش عسكرلرى تارالدى، نيكه سا
غ تونگانلار قوتى استيلا ايتدى. نور احمد بيك اوغوللار لادك شهيد
بولدى.

خواجه نياز حاجى ايركش تام دن كيلدى. شونگرن لار ده اوروش
ايچى توقى كوچار غه كيليب قالغان ايدى. ماجونكيه قاشقار ده ايدى.
خواجه نياز حاجى لار يارکندغه كيلدى، فقط حكومت صدر اعظم محمد امين داملا
هم يارکندغه كيلگن ايدى. خواجه نياز محمود محيطى لار غه ايكى يول، بيرى
استقلال بيراغى تحتيده توروب جان بيرش، ايكه بيرى چيميا ده
آتباشى استقلال شيمالى نى آلديغه بارش، بولار ايكيسى كه ز اختيار
ايتيدى. باش وكيل نى تونتدى لار، امير محمد امين داملا ختن غه قايتدى،
خواجه نياز حاجى، محمود محيطى لار آقسوغه كيليب شنكتاش تن توتى غه قوشو
لدى لار. باش وكيل نائب عبد الباقى اوغلى نى شنكتاش غه تانچور
ديلار. يوسف جان لار تاشقورغان طرفده قالدى. انور زبيك

50
اتيب تونگانلار بيلان محاربه قيلماي مشوش بولوب تكرار قاشقارغه كيليب
تونگانلار بيلان سوقوشوب بونه موفقيتسزلكى خواجه نياز حاجى ايركش تام
غه چقيب كيتيب، محمود محيطى مشكيت غه كيليب توردى. قاشقارغه تمام
استيلا ايتكن تونگانلار يكيه سار غه كيليب نور احمد بيك بيلان سوقوش
باشلادى. نور احمد بيك اوزى ثبات ليق بر يگيت بولغانى نيكه سانى
بو شاق تمام يگرم كون مقدارى محاربه ايتيدى، ياخشى توتالغلوى ايمس
ليق ايدى. مع هذا ثبات بيلان محاربه قيليب توردى، تونگانلار كوب
تلفات اوچراب توردى. تونگانلار چيده كى مجبورى عسكر بولغان تورك يگيت
لار تلفاتلر بيلان نور احمد بيك عسكرلرى حصار دن سقوب بريب اوزى
تونگانلار قوليده شهيد بولدى لار. كيين كى كونلرده ماجونكيه اوردو
بيلان مغلوب بولوب تاراشهر، كوچار غه كيليب، كوچار ده ايلى دن تونگ
قلماق لار بيلان برابر شيب قبله تولدغه كيلوب قاشقارغه يتيب
كيلگنى يكى محاربه سيغه تصادف كيلگن ايدى. ديمك ماجونكيه تمام قوتى
بيلان يكى ساغه هجوم ايتيدى، بو اراده محمود محيطى، شاه منصور يوسف

كيين كى كونلرده عسكرلرى بيلان انقلابچى لرنى قوشولغان بولوباس بيگ
خواجه نياز حاجى بيلان آراسى بوزولوب باشقه ماجونكيه قاشقه كتدور.
تاغلىق مجاهدلرا ونده افغه سيده دوام ايته دور.
بولوشو تيلق ده ايكى تاش منغولدن جانك سينك دوغه آتليق بر
كنمه بيرنچه ملطف كيم، قول آليب چقيب خواجه نياز حاجى بيلان كورشوب
توركستان نى مظلستانغه ادخشه روس لرحمايه سيده بر حكومت قوروب
خواجه نياز حاجى نى رئيس جمهور قيلماق وبو خصوصدا ياردم اتمك كبى وعده لر
بولوب بر رأى خواجه نياز حاجى قاشيده توراددر خواجه نياز حاجى بو سوزلرنى
رد ايتمه هم اولرا اعتماد اتيكودك حركت ايتمايدور جانك سينك دوغه تابب
كيته دور، قومول انقلابچى لرى، اميدسيز ليناراليك حالغه كلادور.
1932 يل آخيرلرى ايدى تورفان انقلابى باشلاناددور. تورفان خلقى هم
جونك شودين نيدغ قوملده بولسون وباشقه برلرداكه ظلم استبدادلريدن

ئىمىن ۋاھىدىنىڭ «ئىنقىلاب خاتىرىسى» دىن بىرقانچە بەت.(مەھەممەد ئىمىن بۇغرا ئارخىپدىن ئېلىندى، ن . ش . ھ.).





يۇقىرىدىكى رەسىمدىكى ـ خوجىنىيازھاجى. ئاستىدىكى ـ ماجۇڭيىڭ.



خوتەن ھۆكۈمدارى مەھەممەد نىياز ئەلەئاخۇنۇم (مېلىك ھەزرىتىم)



خوتەن ئىنقىلابچىلىرىدىن بىر گۇرۇپ

(ئولتۇرغانلار، سولدىكى 1 ـ مەھەممەد ئىمىن بۇغرا(قاراچاپان بىلەن)، 2 ـ بەدرىدىن خان ئاقساقال. ئۆرەتۇرغانلار سولدىن 1ـ ئابدۇلكرىم هاجىم، 2 ـ قۇربان دەللەك، 3 ـ شىر ئەلىخان هاجىم، 4 ـ تۇرسۇن باقى خان،5 ـ خالىق ساقى،6 ـ قويچى مەنسۇرهاجىم، 7 ـ سىيد ئۆمەرخان ئىشان.



خوتەن مۇجاھىدلىرىنىڭ ئەسكىرىي يىغىلىشىدىن بىر كۆرۈنۈش. سەپنىڭ ئالدىدا تۇرغان كىشى خوتەن ھۆكۈمىتى باش قوماندانى مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا، 1932- يىلى خوتەن ئىلچى شەھەر راۋاق مەيدانى[121].

121 بۇ رەسىمنى ۋە 483 - 488- 489 - 490 - بەتلەردىكى رەسىملارنى ئا. فوربەس، «چىن ئوتتۇرا ئاسىياسىدىكى مۇسۇلمانلار ۋە مىلىتارىستلار ـ سىڭكىياڭ جۇمھۇرىيىتىنىڭ 1911 1949 يىللىرى سىياسى تارىخى» دېگەن ئەسىرىنى نەشىرقىلىش ئالدىدا ئەنقەرەگە، م. ئى. بۇغرا ئائىلىسىنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن كەلگەندە تەقدىم قىلغان (ن .ش . ھ .).



سابىت داموللا ھاجىم قەشقەر ھۆكۈمىتىنىڭ بىرقىسىم ئەزالىرى بىلەن بىرگە



Nr. 218 of 1933
Valid for journey to India
via Gilgit. B. O. Bungle
H. B. M. Consul-General
Kashgar. 28.10.33.

شرقی ترکستان جمهوریت علیهٔ اسلامیه سی

جمهور حضرتلرینک نام عالیسی ایله

Passeport No...... يول خط

| | | | |
|---|---|---|---|
| Identite | Nom | عبدالرحيم | اسم |
| | Nom du père | كريم باي حاجى | آتاسى نك نامى |
| | Résidence | كاشغر | جايى |
| | Profession | تجارت | هنرى |
| | Lieu de naissance | كاشغر | توغولغان جايى |
| | Nationalité | تركستان حكومت اسلامى | تابعيت |
| | Destination | هندوستان دور تاشقورغان ايله | بارادورغان جايى |
| Description | Age | قرق سكز | ياشى |
| | Taille | ميانه | بوى قامتى |
| | Yeux | قرا | كوزى |
| | Barbe et moustache | كم ريش | سقال بوروت |
| | Signes distinctifs | | آيريم علامتى |

Le prèsent passeport procure à son porteur Pandant son voyage et ses arrêts L' aide et la protection des officiers civils et militaires des etats amis ou alliès de La Charqie Torkistan.

اوشبو يول خطدن مقصود يول تورور كه شول جهت بينك توتوب كوز كازغوچى كشيكه يول اوستنده و خواه استقامت قيليب تورغان جايده، شرقى تركستان جمهوريه سينك متحد ودوست حكومتلرى ملكيه — وعسكريه مأمور [منسوبلر]ينك طرفندن حفظ و حمايه بولور:

سنه ۱۳۵ هجريه رجب نينك [ ۹ ] نجى كونيده

كاشغرده كى انقلاب الحكميه رئيسى نينك امضاسى

Fait "

اوشبو يول خطينك ايكه سيدين باشقه كيشى ايشلاتسه جواب كر بولادور. [ شتئم ]:

شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ پاسپورتى

(1933 ـ يىلى 10ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى سابىت داموللا ھاجىمنىڭ ئىمزاسى بىلەن بېرىلگەن بۇ پاسپورتنىڭ فوتوكوپىيىسى مەرھۇم ئابدرېھىم ئاخۇنباي نىڭ خانىمى نۇرنىسا ئاخۇنباينىڭ قولىدىكى ئەسلىدىن ئېلىندى).





يۇقىرىدىكى رەسىم - مەھمۇد مۇھىتى (مامۇت سىجاڭ - 1935 - يىلى قەشقەر).
تۆۋەندىكى - بىرگۇرۇپ مۇجاھىدلار.



ئەمىر نۇرئەھمەد (ئەمىر ساھىپ) 1934 - يىلى يېڭىسار)



ئەمىر ئابدۇللا (شاھ مەنسۇر) 1934 - يىلى قەشقەر



ئەمىر ئابدۇللا ۋە قوماندانلىرىدىن(ئارقىدا- ئوڭ تەرەپتە شىرئەلى خان ھاجىم، سول تەرەپتە ئەستۇللا ھاجىم 1934 - يىلى قەشقەر).



يۇقىرىدىكى رەسىم ـ تۆمۈر سىجاڭ قوماندانلىرى بىلەن بىللە.

تۆۋەندە ـ ئابدۇللا نىياز بەگ 1937 ـ يىلى شېھىد بولغان (بۇ گۇنگىچە رەسمى تېپىلمىدى. بۇ رەسىم يېرىنى ھۆرمەت بىلەن ساقلايمىز)





يۇقىرىدىكى رەسىم ـ شېڭشىسەي. تۆۋەندىكى رەسىم ـ ماخوسەن





ئوڭدىكى رەسىم ـ مانى دىنىغا ئائىت (8 ـ ئەسىردە يېزىلغان) ئۇيغۇرچە قولىيازمىنىڭ بىر ۋارىقى.
سولدىكى رەسىم ـ ساپالدىن ياسالغان ئايال تەڭرىنىڭ ھەيكىلى (قاراشەھەرنىڭ سۇچۇق دېگەن يېرىدىن تېپىلغان) ھازىر بېرلىن مۇزېيىدا.





سولدىكى رەسىم ـ دۇنيادىكى ئەڭ قەدىمكى گىلەم. ئالتاي قورغىنىدىن تېپىلغان. ھازىر لېنىنگراد مۇزېيىدا. ئوڭدىكى رەسىم ـ ئۇيغۇر كاتىتىلىرىدىن بىرىنىڭ رەسىمى چۈشۈرۈلگەن بايراق. تۇرپاندىن تېپىلغان، ھازىر بېرلىن مۇزېيىدا.






ئوڭدىكى رەسىم - ئۇدۇن (هازىرقى خوتەن) خانى ياغلاقالقۇ. دۇڭخۇاڭ مىڭ ئۆي 98 - بۆلۈمدىكى رەڭلىك تام رەسىم. سولدىكى رەسىم - كۇچادىكى مىڭ ئۆيىنىڭ تاملىرىغا سىزىلغان رەڭلىك رەسىملەردىن بىر نەمۇنە.



5 ـ يا 6 ـ ئەسىرگە ئائىت ئوۋچىنىڭ سۈرىتى چۈشۈرگەن باسما گۈللۈك شايى. تۇرپان ئاستانىدىن تېپىلغان (ھازىر ئۈرۈمچى ئارخېئولوگىيە مۇزېيىدا ساقلانماقتا)



15 ـ ئەسىردە قۇتلۇق نىگار سىزغان ئۇيغۇر ئوردىسى مىنىياتۇرى. ھازىر ئىستانبۇل توپ قاپى سارايى مۇزېيىنىڭ ئارخىپ بۆلۈمىدە ساقلانماقتا.

# خەرىتىلەر




ئاۋرو ئاسىيادا شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئورنى



1 ـ خەرىتە، تۈركلەرنىڭ ئانايۇرتى، ئومۇمىي كۆچۈش دەۋرىدىكى كۆچ يوللرى ۋە كۆچكەن يەرلرى.




2 ـ خەرىتە، ئىككى ئۇيغۇر دۆلىتى بىرلەشكەندىن كېيىن بۇ ئىككى دۆلەتنىڭ چېگرىسى.



3 - خەرىتە. بۈيۈك ھۇن دۆلىتى



4 ـ خەرىتە، قۇشخانلار دۆلىتى.



5 ـ خەرىتە، سىيانپى تاتار دۆلتى.



6 ـ خەرىتە، توپا ـ تاتار دۆلىتى



7 ـ خەرىتە، جۇجان ـ تاتار دۆلىتى.



8 ـ خەرىتە، يەفتىل (ئاق ھۇنلار) دۆلىتى.



9 ـ خەرىتە، كۆكتۈرك دۆلىتى.



10 ـ خەرىتە. قۇتلۇق دۆلىتى.



11- خەرىتە. تۈركەش دۆلىتى



12 ـ خەرىتە، قارلۇق دۆلىتى.



13 - خەرىتە، شەرقىي ئۇيغۇرلىرى دۆلىتى.



14 ـ خەرىتە، قاراخانلار دۆلىتى.



15 ـ خەرىتە، قاراختاي دۆلىتى.




16 ـ خەرىتە، چاغاتاي دۆلىتى



17 - خەرىتە. دوغلات خانلىقى



18 ـ خەرىتە، سەئىدىيەخانلىقى.



19 ـ خەرىتە، قالماق دۆلىتى.



20 ـ خەرىتە. 1 ـ 2 ـ ۋە 3 ـ چىن ئىشغالىيىتى ۋە بۇ جەرياندىكى ئىككى قېتىملىق ئومۇمىي ئىنقىلاب دەۋرىدە شەرقىي تۈركىستان چېگرىسى.



21 ـ خەرىتە. ئۈچىنچى ئومۇمىي ئىنقىلاب دەۋرىدە شەرقىي تۈركىستان چېگرىسى.



22 ـ خەرىتە، مىلادى 1822 ـ دىن بۇگۇنگىچە شەرقىي شەرقىي تۈركىستاننىڭ كونا ۋە يېڭى پايىتەختلىرى.



23 ـ خەرىتە، مىللىي ئىنقىلاب باشلىرىدا شەرقىي تۈركىستان.




شەرقىي تۈركستاننىڭ غەربىي - شمال قسمى، شەھەر ۋە يوللىرى




شەرقىي تۈركستاننىڭ جەنۇب قىسمى، شەھەر ۋە يوللىرى




شەرقىي تۈركىستاننىڭ شەرقىي ـ شىمال قىسمى، شەھەر ۋە يوللىرى



ئىنقىلاب جەريانىدا چىن ئەسكەرلىرى ئوت قويۇۋەتكەن قۇمۇل شەھىرىنىڭ كۆرۈنۈشى(1932)

بۇكىتابنى تەلەپ قىلىشنى ئارزۇ قىلغانلارنىڭ تۆۋەندىكى ئادرىسلارگە مۇراجىئەت قىلىشلىرىنى

سورايمىز:

تۈركىيە دە :

(1) Dr. M.Yakub Buğra
Meşrűtiyet Cad. Konur Sok.27/5
06640 Kızılay/ Ankara
TŰRKİYE
Tel.. (312) 4188643    Fax.. (312)4251103

..................................

(2) Abdul Celil TURAN
Yenıdoğan Mah. 41 Sok. 7/3
Zeytinburnu/ İstanbul
TŰRKİYE
Tel . 6790370

..................................

(3) Doğu Tűrkistan Vakfı
Doğu Tűrkistan Araştırma Merkizi
Damat İbrahim Paşa Medresesi Dedeefendi cad,No.4
Şehzadebaşi / İstanbul
Tel. (212) 5263576    5260855  Fax. (212)55348067

..................................

سەئۇدى ئەرەبىستاندا:

سراج الدين عزيزى
المسفلة
مكة المكرمة . المملكة العربيه السعودية
Tel. 5364005, 5347774,4381675

..................................

ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرى:

Казакстан
Алматаиская Областы
Микра Район Дом 6 Кв 21
Г. ЕСИК
Абдулахад Хафиз
Тэл. 275 8 23 487

**III. BÖLÜM: DOĞU TÜRKİSTAN'DA DÖRDÜNCÜ GENEL AYAKLANMA**
- Ayaklanmaların Nedeni Üzerine Müellifin Değerlendirmesi
*1.Fasıl:* Kumul Ayaklanması
*2.Fasıl:* Turfan Ayaklanması
*3.Fasıl:* Hoten Ayaklanması
*4.Fasıl:* Karaşehir, Korla Kuça, Aksu ve Kaşgar Olayları
*5.Fasıl:* Altay, Çöçek ve Gulca Ayaklanmaları
*6.Fasıl:* Altışehir'de Tunganların Sindirilmesi
*7.Fasıl:* Çin Merkezi Hükümeti'nin Doğu Türkistan'ı Üçe Bölme Planı
*8.Fasıl:* Hoten Mücahitleri ile Timur Ali Arasında İhtilaf
*9.Fasıl:* Hoten Hükümetinin Hoca Niyaz'a Bağlılık Bildirimi
*10.Fasıl:* Timur Ali'nin Tunganlarca Öldürülmesi
*11.Fasıl:* Ürünçi Olayları
*12.Fasıl:* Milli Devrimci Kuvvetlerin Dış İlişkileri
*13.Fasıl:* Hoca Niyaz Haci ve Tunganlar
*12.Fasıl:* Hoten ve Kaşgar'da Gelişmeler
*15.Fasıl:* hoca Niyaz Hacı'nın Kişiliği Üzerinde Bazı Düşünceler
*16.Fasıl:* Tunganların turfan ve İli'den Güney'e Akını
*17.Fasıl:* 27 Aralık 1934 -19 Şubat 1935 Arası Olaylar
*18.Fasıl:* Ma Chung Ying'ın Kaşgar'a Gelişi
*19.Fasıl:* Trajik Gelişmeler
*20.Fasıl:* Hoten Ayaklanmasının Sonu
*21.Fasıl:* Doğu Türkistan'da Milli Ayaklanmların Son Safhası
*22.Fasıl:* Milli Kuvvetlerin Askeri ve Siyasi Durumları
*23.Fasıl:* Şin Şi-Tsai Yönetiminin Mahiyeti

*SON SÖZ* : **DOĞU TÜRKİSTAN HÜRRİYET SAVAŞI BİTTİ Mİ?**

**Resimler**
**Haritalar**

**İsteme Adresi:**

(1) *Dr,M.Yakup BUĞRA*
*Meşrutiyet Cad. Konur sokak 27/5*
*Kızılay / ANKARA*
*Tel- 4188643*

*(2) A.Celil TURAN*
*Yenidoğan Mah.41.Sokak7/3*
*Zeytin Burunu / İstanbul*
*Tel: 679037*

*(3) Doğu Türkistan Vakfı*
*Millet Cad. 26/3*
*İSTARBUL*
*Tel- 5216002*

*BASIM YERİ:*
*EMEK OFSET LTD. ŞTİ. MEŞRUTİYET CAD. NO: 41/39 KIZILAY/ANKARA*
*TEL: 0.312. 431 25 87 - 431 34 76 FAX: 0.312. 431 20 66*

Uç'u İşgali Sultan Mahmud'un Şibani Han'a Karşı Tutumu Şibani Han'ın Taşkent'i İşgali - Alaca Han'ın Ölümü ve Doğu Türkistan'da Ayaklanma Sultan Mahmut'un Ölümünden Sonraki Olaylar Doğu Türkistan Çağatay Devletinin Yıkılması - Çağatay Devrinde Doğu Türkistan'da İdari Teşkilat ve Sosyal Durum.

*3.Fasıl:* Doğlat Hükümdarlarının Tarihçesi - Sultan Ababekir Mirza'nın Altışehirde Bağımsız Devlet Kurması - Ababekir Mirza'nın Akli Dengesinin Bozulması Doğu Türkistan Doğlat Devletinin Sonu - Ababekir Mirza'nın İdari Teşkilatı.

*4.Fasıl:* "Özbek" ve "Kazak" Adlandırmasının Menşei.

*5.Fasıl:* Saidiye Devleti Sultan Said Hanın Hayatı- Mansur Han'ın Ölümü 1517-1524 Olayları- Doğu Türkistan'ın Kuzey Kısmının Kaybedilmesi - Biluristan ve Badahşan Harekatı- Tibet ve Keşmir'in Fethi Sultan Said Han'ın Ölümü - Sultan Abdurraşit Han'ın Tahta Çıkışı 1533-1630 Olayları Abdullah Han'ın Saltanat Devri Abdullah Han'ın Tahttan İndirilişi İsmail Han'ın Tahta Çıkışı- Saidiye Devletinin Çöküşü - Saidiye Devleti Döneminde Devlet Teşkilatı, Ekonomik ve Sosyal Durum.

6.Fasıl: Doğu Türkistan'a Kalmak İstilası Kalmakların Tarihçesi Abak Hoca Evladı Arasında İç Savaş - Abak Hoca'nın Evladı Döneminde Doğu Türkistan.

## *III. BAB: ÇİN İSTİLASI DEVRİ*

### I. BÖLÜM: İLK ÇİN SALDIRISI

*1.Fasıl:* Çin İşgali Altında 1816'ya Kadar Doğu Türkistan Halkının Uğradığı Mezalim

*2.Fasıl:* Çin İşgaline Karşı Doğu Türkistan'da İlk Genel Ayaklanma

*3.Fasıl:* İkinci Çin İşgali

*4.Fasıl:* Doğu Türkistan'da İkinci Umumi Ayaklanma

*5.Fasıl:* 1815-1863 Arası Doğu Türkistan'da Genel Durum

*6.Fasıl:* Doğu Türkistan'da Üçüncü Genel Ayaklanma İli ve Yettesu Ayaklanması Kuç Ayaklanması - Raşiddudin Han Hoca'nın Kaşgar, Yarkent Mücahitleri İle Çatışması - Kuça Mücahitlerinin Sonu Kuça Hükümetini Mahiyeti- Hoten Mücahitlerinin Akibeti - Hoca Padişah'ın Yönetimi - Kaşgar Ayaklanması - Yarkent Ayaklanması

*7.Fasıl:* Doğu Türkistan'a Komşu Türk Yurtlarına Rus İstilası

*8.Fasıl:* Yabup Beğ Yakub Beğ'in Hükümdar Oluşu - Hoten Seferi Kuça Seferi Yakub Beğ'in Kuvvet Kazanması Turfan, Ürümçi ve İli'yi Elegeçirmesi İstiklal İlan Etmesi Dış Ülkelerle Münasebeti Ürünçi ve Gulca'nın Tungan İşgali Doğu Türkistan'a Çin Saldırısı Yakub Beğ'in Ölümü ve İç Savaş Doğu türkistan İstiklalinin Yıkılması Yakub Beğ'in İstibdadı İdari Teşkilatı Tarihte Yakub Beğ'in Yeri.

### II. BÖLÜM: DOĞU TÜRKİSTAN'A DÖRDÜNCÜ ÇİN İSTİLASI

*1.Fasıl:* Mançur İmparatorluğu Son Döneminde Doğu Türkistan

*2.Fasıl:* İli ve Yettesu'nun Rus İşgali

*3.Fasıl:* Çin'de İmparatorluk Rejimi Sonbulurken Doğu Türkistan'ın Genel Durumu Çin İmparatorluğu'nun Doğu Türkistan Üzerinde Kötü Emelleri Mançu İmparatorluğu'nun Doğu Türkistan'da Ekonomik Politikası İlk Nüfus Sayımı İdari Teşkilat.

4.Fasıl: Çin Cumhuriyeti Döneminde Doğu türkistan Doğu Türkistan'da İkibuçuk Hükümet-Siyah Sarıklılar Cemiyeti (Gulahuy)

*5.Fasıl:* Doğu Türkistan'da Milli Uyanış - Durum değerlendirmesi

*6.Fasıl:* Doğu Türkistan Üzerinde Çin Cumhuriyet Rejimi Etkisinin Yokoluşu Yang Zing Şin Yönetimi Doğu Türkistan'da İlk Seçimler, Fabrika ve Telsiz Telgraf Doğu Türkistan'ın Kültürüne Ve Ekonomisine Yang'ın Hiyaneti Yang'ın Hiyaneti Yang'ın Öldürülmesi

*7. Fasıl:* Cin Şu Rin Yönetimi

*7.Fasıl:* Haptal (Yeftel) İmparatorluğu - Doğu Türkistan'ın Yeftel İmparatorluğuna Katılması
*8.Fasıl:* Kök Türk Devleti Doğu Türkistan'ın Kök Türk Birleşmesine Katılması Mokan Kağan'ın Komşu Devletlerle Münasebeti Kök Türk Devleti'inin ikiye Bölünüşü Çin İhaneti Yüzünden Çıkan Olaylar - Doğu Kök Türk Devletinin Çin'le Münasebeti Doğu Kök Türk Devletinin Yıkılışı Batı Kök Türk Devletinde Kargaşa ve Çin Saldırısı Batı Kök Türk devletinin İran Şahı Yezdgerd ile Birlikte İslam Arab Kuvvetleriyle Savaşı Batı Kök Türk Devletinin Yeniden Güçlenmesi Batı Kök Türk Devletinin Yıkılışı ve Doğu Türkistan'a Çin İstilası - Doğu Türkistan'ın Güneş İllerine Tibet İstilası.
*9.Fasıl:* Kutluk ve Türkeş Devletleri Kök Türk Devleti'nin Yeniden dirilişi - Doğu'da Kutluk Devleti Batı'da Türkeş Devleti Kutluk ve Türkeş Devletlerinin Birleşmesi ve Türkistan'ın Çin esaretinden Kurtuluşu - Kutluk devleti İle İslam Emirleri Arasında Geçen Olaylar Mehleb b. Ebi Sufre Kuteybe b. Müslim İki Tarihi Gerçek Doğu Türkistan'da İç Hadiseler Kök Türk Devletinde Siyasal, Sosyal ve Kültürel Ortam - Orhun Abideleri ve Eski Türk Yazısı.

**IV. BÖLÜM: KARAHANLAR DEVRİ**

*1.Fasıl:* Karahanlar Devleti - Kuruluşu - Devletin Genişlemesi - Doğu Türkistan'da İslamiyetin Yayılması - Saltuk Buğra Han'ın Savaşları Musa Buğra Han Harun Buğra Han Batı Türkistan'ın Karahanlar Devletine Katılması Karahan Yusuf Kadir Samanilerin Çöküşü İlik Han Ali Tekin ile Samani Muntasır Arasında Savaş Ali Tekin ve Sultan.Mahmut Arasında Savaş- Karahan Yusuf Kadir ile Sultan Mahmut Arasında Savaş ve Uzlaşma Tağan Ali Han'ın Kitay Muharebesi İlik Hanlık Ünvanı Konusunda Bir İnceleme - İlik Hanlarının Karahan'a Başkaldırması - Karahan Yusuf Kadir'in Sultan Mahmut İle Bulaşması Doğu Türkistan'da Ayaklanmalar - Ali Tekin'in İkinci İsyanı Selçukoğullarının Doğu Türkistandaki Tarihçesi Karahan Yusuf Kadir'in ve Ali Tekin'in Vefatları Karahan Devletinin İkiye Bölünmesi İkinci Harun Buğra Han Dönemindeki Olaylar Karahanlar Devrinde İdari ve Askeri Teşkilat ve Medeniyet - Türk Dili ve Edebiyatı - Karahanların Çağdaş Devletler Arasında Konumu - Büyük Türk Devletlerin Yıkılış Nedenleri Üzerine Bir Yorum.
*2.Fasıl:* Karahıtay Devleti Karahıtayların Doğu Türkistanı İstilası Gobing, Goyan ve Tirge'lerin Gorhan Tahtına Çıkışları İdikut ve Kiliç Han'ın Cengiz Han'a Tabi Olmaları Karahıtay Devletinin Küçlük'ün Kimliği ve Doğu Türkistan'a Geliş Nedeni - Küçlük'ün Doğu Türkistanı İstilası - Karahıtay Devlet Teşkilatı.

**V. BÖLÜM : DOĞU TÜRKİSTAN'DA MOĞUL DEVRİ**

*1.Fasıl:* Doğu Türkistan'a Cengiz Han İstilası Cengiz Han döneminde Doğu Türkistan'da Durum - Cengiz Han'ın Ölümünden Sonra Doğu Türkistan'da Durum.
*2.Fasıl:* Çağatay Devleti Doğu Türkistan'da Oktay Hanedanı Doğu Türkistan'da Çağatay Hanedanı Eğemenliği tuğluk Timur Han'ın Batı Türkistanı Elegeçirişi Taşköprü Muharebesi İlyas Hocaoğlan'ın Tahta Çıkışı Doğu Türkistan'da Ayaklanma Doğu Türkistan Hükümdarları ile Timur Arasında On Yıllık Savaş Hızır Hocaoğlan'ın Han Oluşu ve Doğu Türkistan'da Birliğin Tesisi - Kameruddin Bey İle Tohtamiş Han Arasında İttifak Kameruddin Bey'in Ölümü Timur'un Doğu Türkistan'a Saldırısı Hızır Hoca Han'ın İcraatı Timur'un Ölümü Muhammed Han'ın Tahta Çıkışı Şem'i Cehanin Tahta Çıkışı Şir Muhammed'in Tahta Çıkışı Şir Muhammed Han İle Uluğ Bey Arasında Savaş Uveys Han'ın Tahta Çıkışı-Üçüncü Esenboğa Han Esenboğa Han'ın Fergana'yı Elegeçirmesi Yunus Han'ın Tahta Çıkışı ve Savaşları Payitahtın Taşkent'e Taşınması Sultan Yunus Han'ın Medeniyeti İki Önemli Hizmeti Mahmud Han'ın Tahta Çıkışı- Sultan Mahmud'un Korganlarla Savaşları - Muhammed Şibanı Han'ın Sultan Mahmud'a İhaneti Sultan Mahmud'un Babur Mirza İle Münasebeti - Kaşgar Muharebesi ve Ababekir Mirza'nın

# İÇİNDEKİLER

SUNUŞ
TAKRİZ
ÖNSÖZ
KAYNAKÇA

***I.BAB: GENEL TARİH***

**I. BÖLÜM: GENEL TARİHİN BİR ÖZETİ**
*1. Fasıl:* Tarih Biliminin Tanımı.
*2. Fasıl:* İnsan Tarihinin İlk Evreleri

**II. BÖLÜM: GENEL TÜRK TARİHİNİN BİR ÖZETİ**
*1. Fasıl:* Türk Tarihinin Başlangıcı
*2. Fasıl:* Türklerin Modern Devrindeki Medeniyeti
*3. Fasıl:* Türklerin Umumi Göç Devri
*4. Fasıl:* Göç Devrinden Sonraki Türk Anayurdu - Eski Türklerde Yazı - Eski Türklerde Devlet Teşkilatı ve Hukuk - Eski Türklerde Din

***II.BAB: DOĞU TÜRKİSTAN'IN ÖZEL TARİHİ***

**I. BÖLÜM: RİVAYETLER ve EDEBİ ESERLERE GÖRE DOĞU TÜRKİSTAN'IN ESKİ TARİHİ**
- İran Rivayetleri - Asur Rivayetleri - Yunan Rivayetleri - Hindistan Rivayetleri- Bir Değerlendirme - Özet

**II. BÖLÜM: İSKENDER DEVRİNDEN HUN DEVRİNE KADAR DOĞU TÜRKİSTAN**

**III. BÖLÜM: DOĞU TÜRKİSTAN'IN HUN DEVLETİNE KATILMASINDAN İSLAM DEVRİNE KADAR GEÇEN DÖNEM**

*1.Fasıl:* Büyük Hun İmparatoluğu - Hun Devleti'nin Genişlemesi · Çin Savaşları Yavçi Savaşları Oğuz Mete Han'ın Ölümünden Sonraki Olaylar Çin'in Hun Devletine Karşı Siyaseti Hunlara Çin Saldırısı Hun Devletinde İç Kargaşa Hun Tanrıkuti'nin Zaferi Hun Devleti'nin İkiye Bölünmesi Hun Devletinin Niteliği - Hunların Dini ve Kültürü.
*2.Fasıl:* Hun Devleti Döneminde Doğu Türkistan Doğu Türkistan'a İlk Çin Saldırısı ve Yenilgisi Çin Devleti'nin Doğu Türkistan"a İlk İstilası Doğu Türkistan'ın Çin İstilasından Kurtuluşu Doğu Türkistan'ın Çin İstilasından Kurtuluşu Altışehir Hanları Arasında Çatışmalar Doğu Türkistan İle Çin Arasında Otuz Yıl Süren Savaşlar.
*3.Fasıl:* Kuşan (Kuşhan) İmparatorluğu Altışehir'in Kuşhan İmparatorluğuna Katılması Kuşhan'lar Döneminde Doğu Türkistan'da Din ve Medeniyet Doğu Türkistan'ın Kuşhan Nüfuzundan Çıkışı ve Yerel Hanların Bağımsız Oluşu.
*4.Fasıl:* Siyanpi Federasyonu Çin İstilası ile Siyanpi Federasyonuna Katılması Arasında Geçen Dönemde Doğu Türkistan'ın Doğu ve Kuzey Bölgelerinin Durumu- Siyanpi Türklerinin Bağımsızlığı ve Doğu Türkistan Doğu Türkistan Yerel Hanlarının Bağımsızlığı.
*5.Fasıl:* Toba Türkleri- Kucu ve Altışehir Hanlıklarının Toba İmparatorluğuna Katılması Toba Türklerinin Medeniyeti.
*6.Fasıl:* Cucan Tatar İmparatorluğu - Tolun Kağanın Doğu Türkistan'ı Zaptı.

# DOĞU TÜRKİSTAN TARİHİ

***MEHMET EMİN BUĞRA***

***KABİL - 1940***

Günümüz Uygurcası'na Sadeleştirilmiş Baskısı

Hazırlayan : *Dr. M.Yakup BUĞRA*

**(Bedelsizdir)**

**from the library of**

**G. Pahta**

**Gulamettin Pahta**
**1810-17 Front Str**
East Meadow
**New York - 11554 USA**